شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋە مىللىي
تىل-يېزىقتىكى دەرسلىك پىلانى» تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن دەرسلىك

Abdulcelil TURAN
... Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

باش تۈزگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان

غەيرەتجان ئوسمان
غاپپار روزى
ئەمەت دەرۋىش
ئابلاجان مۇھەممەد ئۆمىديار
ئابدۇرېشىت ھېلىمهاجى
ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات
تۈزگۈچىلەر: گۈلجامال مەتىمىن
تۇرسۇن قۇربان تۈركەش
ئەكبەر قادىر
ئەلانۇر يۇسۇپ
مەتروزى مەھمۇت
ئەنۋەر ھوشۇر
تۇرسۇن سادىق
تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
— 2011 —

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلنىسا ھەبىبۇل

ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى

باش تۈزگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان
غەيرەتجان ئوسمان، غاپپار روزى، ئەمەت دەرۋىش، ئابلاجان مۇھەممەد ئۆمىدىيار، ئابدۇرېشىت ھېلىمھاجى،
تۈزگۈچىلەر: ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات، گۈلجامال مەمتىمىن، تۇرسۇن قۇربان تۈركەش، ئەكبەر قادىر، ئەلانۇر يۈسۈپ،
مەتروزى مەھمۇت، ئەنۋەر ھوشۇر، تۇرسۇن سادىق، تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرپىدىن سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى داجىنما مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787 mm × 1092 mm ، 1/16، باسما تاۋىقى: 46.75
2011 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

---

ISBN 978 ـ 7 ـ 5631 ـ 2534 ـ 0 باھاسى: 90.00 يۈەن

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋە مىللىي تىل-يېزىقتىكى دەرسلىك پىلانى» تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن دەرسلىك

# 新疆维吾尔自治区“高等学校地方特色和民文教材建设计划”立项教材

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

## «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»نى تۈزۈشكە قاتناشقانلار

**باش مەسلىھەتچى:** ئابدۇكېرىم راخمان (پىروفېسسور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)

**مەسلىھەتچىلەر:**

مۇھەممەتئىبراھىم سايىت (پىروفېسسور، دوكتور، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى)

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى (پىروفېسسور، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى)

**باش تۈزگۈچى:** غەيرەتجان ئوسمان (پىروفېسسور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)

**تۈزگۈچىلەر:**

غەيرەتجان ئوسمان (پىروفېسسور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)

غاپپار روزى (دوتسېنت، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى)

ئەمەت دەرۋىش (دوتسېنت، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى)

ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىديار (دوتسېنت، ماگىستىر، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى)

ئابدۇرېشىت ھېلىمھاجى (دوتسېنت، دوكتور، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى)

ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات (دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)

گۈلجامال مەمتىمىن (دوتسېنت، ماگىستىر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)

تۇرسۇن قۇربان تۈركەش (دوتسېنت، دوكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)

ئەكبەر قادىر (دوتسېنت، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى)

ئەلانۇر يۈسۈپ (دوتسېنت، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى)

مەتروزى مەھمۇت (دوتسېنت، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى)

ئەنۋەر ھوشۇر (دوتسېنت، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى)

تۇرسۇن سادىق (لېكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)

تۇرسۇن ساۋۇت ئۆدمىش (لېكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)

**كىتابنىڭ باب، پاراگرافلىرىنى يازغۇچىلار:**

غەيرەتجان ئوسمان: سۆز بېشى، مۇقەددىمە، I بۆلۈم، II بۆلۈم 2ـ باب §1، §3، §5، 3ـ باب، 4ـ باب §1، §2، §3، §7، III بۆلۈم 2ـ باب §1، §10، ئاخىرقى سۆز، بىبلىيوگرافىيە، سېلىشتۇرما لۇغەت.

تۇرسۇن ساۋۇت ئۆدمىش: II بۆلۈم 1ـ باب، 2ـ باب §6.

ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات: II بۆلۈم 2ـ باب §2، §4.

ئەلانۇر يۈسۈپ: II بۆلۈم 4ـ باب §4.

ئەكبەر قادىر: II بۆلۈم 4ـ باب §5.

غاپپار روزى: II بۆلۈم 4ـ باب §6.

تۇرسۇن سادىق: II بۆلۈم 5ـ باب §1، §2.

گۈلجامال مەمتىمىن: III بۆلۈم 1ـ باب §1، §2، §3، §4، §6، §7، §8، §9، §10.

ئەمەت دەرۋىش: II بۆلۈم 5ـ باب §3، III بۆلۈم 1ـ باب §5، 2ـ باب §8، §9، §13، §14، §15.

تۇرسۇن قۇربان تۈركەش: III بۆلۈم 1ـ باب §5 2ـ ماۋزۇ.

مەتروزى مەھمۇت: III بۆلۈم 2ـ باب §3، §4.

ئەنۋەر ھوشۇر: III بۆلۈم 2ـ باب §5، §6، §11.

ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىديار: III بۆلۈم 2ـ باب §2، §7، §16.

ئابدۇرېشىت ھېلىمھاجى: III بۆلۈم 2ـ باب §12.

# سۆز بېشى

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى پەرۋىش قىلىش-قوغداش، توپلاش، راۋاجلاندۇرۇش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، نادىر ئۇلگىلىرىنى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە سۆزلەش ۋە تەشۋىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1979-يىلىدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى (ھازىرقى ئۇنىۋېرسىتېت)، لەنجۇدىكى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئاساسلىق دەرسلىك سۈپىتىدە سۆزلىنىپ كېلىنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ دەرسلىك كىتابى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلار تۈزۈلگەن ھەم يېزىپ باستۇرۇلغان ياكى رەسمىي نەشر قىلىنغان.

بۇ قېتىم ئوقۇتۇش ئېھتىياجى ۋە يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق بۇ دەرسلىك تۈزۈپ-يېزىلىپ سىناق شەكلىدىن رەسمىي نەشر قىلىندى. كىتابنى يېزىش-تۈزۈش خىزمىتىگە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى پەنى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن10 يىلدىن ئارتۇق شۇغۇللانغان بىر قەدەر قابىل،تەجرىبىلىك، ئىقتىدارلىق، كەسپىي ۋە سىياسىي ساپاسى يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلار قاتناشتى. يەنە جىددىي ئېھتىياج تۇپەيلىدىن مەلۇم تېما ئۈستىدە ئالاھىدە ئىزدەنگەن ئايرىم كەسپىي خادىملارنىڭ ياردىمى بەلگىلىك دەرىجىدە قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ يازغان ماتېرىياللىرىمۇ بۇ كىتابنىڭ تېگىشلىك جايىدىن ئورۇن ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ۋە نەزەرىيە ساھەسىدە ئىزدەنگەن ئۇستازلارنىڭ، كەسپداشلارنىڭ،مەلىكىلىك خادىملارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە پايدىلىنىلدى ھەم ھاشىيەدە، بىبلىيوگرافىيەدە ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈلدى.

«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»نىڭ ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى سۈپىتىدە يېڭىباشتىن نەشر قىلىنىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم كونكرېت ئەمەلىيلىشىشى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپىنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى يۈكسەلدۇرۇش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش،ئىلمىيلاشتۇرۇش، يېڭى ئەسىردە جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ

دەرسلىك ماتېرىياللىرى قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»دىن ئىبارەت بۇ دەرسلىك كىتابىنى يېزىش-تۈزۈشتە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقى، جەزبىدارلىقى، چەكسىز ھاياتىي كۈچى، ئۇلۇغلۇقى ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى بىلەن بىرگە،ئىلىم-پەنگە، تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، قەدىمكىلەرنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى تاشلاش، كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش، ۋەتەننىڭ شان-شەرىپى ۋە بىرلىكىنى، مىللەتنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ غۇرۇرىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ مىزان-پىرىنسىپىغا قاتتىق رىئايە قىلىندى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، شەكىللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش ۋە جۇڭگونىڭ تۈپ دۆلەت سىياسىتى بويىچە مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىندى.

بۇ دەرسلىك كىتاب 2002-يىلى 8-ئايدا سىناق تەرىقىسىدە نەشر قىلىنغانىدى. بۇ قېتىم يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ئىزدىنىش ۋە يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماسلىشىش، ئۇيغۇنلىشىش، تەرتىپلىشىش ئۈچۈن كىتابنىڭ مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى ۋە بايانىي تىلى، جۈملىلىرى قاتارلىق تەرەپلەرگە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. پەننىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغانلىق قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»دىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھەرگىز بىر ئىزدا توختاپ قالمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرۇلغىنىدا، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈش-يېزىش گۇرۇپپىسىدىكى ئىلمىي خادىملار بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشنى ھەرگىز توختىتىپ قويماستىن، بەلكى يەنە داۋاملىق ئىزدىنىدۇ، مۇھاكىمە سورۇنىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، كېيىنكى قېتىمدىكى تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دەرسلىك كىتابىنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىنى ئەھمىيەتلىك، ئۈتۈقلۇق، ئىلمىي ئەمگىكى بىلەن تەمىنلەشكە ھەر ۋاقىت تەييارلىنىپ تۇرىدۇ. يەنى «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق دەرسلىك كىتابىنىڭ بۇ قېتىملىق نەشر قىلىنىشى ئۇنىڭ يەنە داۋاملىق پىششىقلىنىدىغانلىقىنى، ئىلمىيلىشىدىغانلىقىنى، مۇكەممەللىشىدىغانلىقىنى ۋە سىستېمىلىشىدىغانلىقىنى چەتكە قاقمايدۇ. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»نى تۈزۈش-يېزىش گۇرۇپپىسى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىدا يولۇقۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان مۇئەممالارنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، كېيىنكى قېتىملىق نەشرىنىڭ تېخىمۇ ئۆلچەملىك بولۇشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن:

«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»نى تۈزۈش-يېزىش گۇرۇپپىسى

2008-يىل 11-ئاينىڭ 1-كۈنى

2010-يىل 6-ئاينىڭ 23-كۈنى قايتا يېزىلدى

2011-يىل 3-ئاينىڭ 30-كۈنى ئاخىرقى نۇسخا تەييارلاندى

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................ 1
1. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ........................ 1
2. تىل ۋە يېزىق ........................................ 15

## I بۆلۈم قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى

1- باب قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ........................................ 29
§1. قەدىمكى قوشاقلار ........................................ 29
§2. خەلق ھېكايىلىرى ........................................ 44
§3. ئېپوسلار ........................................ 66
§4. خەلق داستانلىرى ........................................ 77

2- باب تارىم- تۇرپان بوستانلىق رايونىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىيات- سەنئىتى ........................................ 80
§1. ئومۇمىي ئوبزور ........................................ 80
§2. تارىم- تۇرپان بوستانلىق رايونىنىڭ قەدىمكى خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر نەسرىي ئەسەرلەر ........................................ 83
§3. يېزىق ۋەسىقىلىرى ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ........................................ 90
§4. تەرجىمانلار، شەرھشۇناسلار ۋە بەزى ئەدىبلەر ........................................ 91
§5. شېئىرىيەت ........................................ 93
§6. كۇسەن مىڭئۆيى سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن خەلق روھىيىتى ........................................ 99

3- باب ئورقۇن دەۋرى ئەدەبىياتى ........................................ 105
§1. ئومۇمىي ئوبزور ........................................ 105
§2. شېئىرىيەت ........................................ 107
§3. «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى»، «خۇئاستۇ ئانفت»، «ئىرق بىتىگ» ........................................ 116
§4. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ........................................ 122

# II بۆلۈم ئوتتۇرا ئەسر ئەدەبىياتى


1- باب قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات- سەنئەت ........................ 137
§1. ئومۇمىي ئوبزور.......................................... 137
§2. شېئىرىيەت .............................................. 139
§3. نەسرىي ئەسەرلەر.......................................... 162
§4. سەھنە ئەسىرى ............................................ 173

2- باب قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ....................... 186
§1. ئومۇمىي ئوبزور.......................................... 186
§2. ئەبۇ ناسىر فارابى ........................................ 193
§3. يۈسۈپ خاس ھاجىب.......................................... 215
§4. مەھمۇد كاشغەرىي ......................................... 236
§5. ئەھمەد يۈكنەكى .......................................... 265
§6. ئەھمەد يەسەۋى ........................................... 269

3 - باب لياۋ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ...................... 277
§1. قىتان- لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات .......................... 277
§2. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ............................... 281

4 - باب چاغاتاي ۋە تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات.................. 322
§1. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى.......................... 322
§2. تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ............................. 325
§3. ناسىرىددىن رابغۇزى ........................................ 329
§4. ئاتايى .................................................. 338
§5. مەۋلانا سەككاكىي .......................................... 347
§6. مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفىي .................................... 353
§7. ئەلىشىر نەۋايى ........................................... 361

5- باب ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات........................ 404
§1. ئومۇمىي ئوبزور.......................................... 404
§2. مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر ..................................... 409

§3. مۇھەممەد ئىمىن ھىرقەتىي ........................ 431

## III بۆلۈم  يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى

(چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات)

1- باب خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىيات ........................ 452
§1. ئومۇمىي ئوبزور ........................ 452
§2. سەلاھىي ........................ 458
§3. ئەرشىي ........................ 459
§4. فۇتۇھىي ........................ 466
§5. مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي ........................ 469
§6. مۇھەممەد خەراباتىي ........................ 491
§7. نەۋبەتىي ........................ 497
§8. موللا پازىل ........................ 504
§9. مەھزۇن ........................ 506
§10. خوجىلار زامانىسىدىكى تەرجىمە ئەدەبىيات ........................ 511

2- باب چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئەدەبىيات ........................ 515
§1. ئومۇمىي ئوبزور ........................ 515
§2. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ........................ 519
§3. ئەھمەدشاھ قاراقاشىي ........................ 529
§4. قەلەندەر ........................ 534
§5. موللا سالىھ ........................ 541
§6. موللا ھەيدەر ........................ 546
§7. ئابدۇرەھىم نىزارىي ........................ 549
§8. نورۇز ئاخۇن زىيائىي ........................ 575
§9. تۇردى نازىم غەرىبىي ........................ 589
§10. موللا شاكىر ........................ 613
§11. موللا نىياز خوتەنىي ........................ 617
§12. بىلال نازىمىي ........................ 624
§13. سابىر ئاخۇن ناقىس ........................ 643

§14. مۇسا سايرامىي ........ 654
§15. ئابدۇقادىر ئەزىزى ........ 666
§16. ھۇسەيىنخان تەجەللىي ........ 686
**ئاخىرقى سۆز ........ 694**
**بىبلىيوگرافىيە ........ 699**
**دەرسلىكتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى ........ 710**
**قوشۇمچە: قەدىمكى يېزىقلارنىڭ ئېلىپبەلىرى ........ 733**

# مۇقەددىمە

## 1. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى مۇئەييەن دەرىجىدە ئالاھىدىلىك شەكىللەندۇرگەن ئەدەبىيات. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئارقىلىق كۆرۈۋالىمىز:

بىرىنچى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى يىراق دەۋردىن باشلانغان، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئىزچىللىققا ئىگە.

ئەجدادلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىن باشلاپ گۈزەل، يارقىن بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىشقا باشلىغان. بۇ خىل كۆركەم بەدىئىي ئەسەرلەر بىر تەرەپتىن، ئاغزاكى ئەدەبىيات شەكلى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن، قىيا تاش سىزمىلىرى (رەسىملىرى) شەكلى بىلەن تارقالغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئەمگەكچىلەردىن ئىدى. ئۇ چاغدا تېخى يېزىق بارلىققا كەلمىگەن، لېكىن تىل ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئاللىبۇرۇن بارلىققا كەلگەنىدى. «ياۋايىلىق (Savgery) دەۋرىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىلا ئىنسانلارنىڭ ئېسىل خۇسۇسىيىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان... تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار تەرەققىياتىنى مۇشۇنچە دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان ئىقتىدارنىڭ رولى بىلەن چۆچەك، لەتىپە، رىۋايەت قاتارلىق خاتىرىلەنمىگەن ئەدەبىيات شۇ چاغدىن باشلاپ بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. شۇنىڭدەك ئۇ ئىنسانىيەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن»[1]. بۇ ئىپتىدائىي ئەدەبىيات پۈتۈنلەي ئاغزاكى ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئورتاق ياراتقان ، ئۇ ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولۇشتەك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى، كېيىنكى زامانلاردا مەيدانغا كەلگەن يازغۇچىلارنىڭ يېزىق ئەدەبىياتى ۋە داۋاملىق يوسۇندا بارلىققا كېلىپ تۇرغان ئاغزاكى ئەدەبىياتنىڭ ئورتاق مەنبەسى، شۇنداقلا شۇ چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر ئەدەبىياتى ئىدى. ئىپتىدائىي ئەدەبىيات يالغۇز ئاغزاكىلىق جەھەتتىلا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئەنئەنىسىنى بەرپا قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولۇشتەك بۇ تۈپ خاراكتېر جەھەتتىمۇ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئەدەبىيات بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇ سېپى ئۆزىدىن ئەڭ دەسلەپكى خەلق ئەدەبىياتى بولۇپ ھېسابلىنىپ كەلگەن.

قىيا تاش سىزمىلىرى يېرىم يازما ئەدەبىيات خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى، قۇرۇم ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرى، ئورقۇن ـ يېنىسەي (ئېنەساي) دەريا ۋادىلىرىدىكى ۋە چوغاي (يىڭشەن) تاغلىرى قىيالىرىغا، جىلغىلىرىغا ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەنزىرىلىرى، يەنى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، جەڭگى ـ جېدەللەر، ئويۇن، ھەرىكەت ـ قىلىقلار،

---

[1] ك. ماركس: «مورگاننىڭ ‹قەدىمكى جەمئىيەت› دېگەن كىتابىدىن ئۈزۈندىلەر»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1978 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 45 ـ ، 55 ـ بەتلەر.

كىيىنىش پاسونلىرى، تىۋىنىش (چوقۇنۇش) ئادەت ـ يوسۇنلىرى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن رەسىملەر تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ سىزىلغان، ئويۇلغان، مانا بۇلار ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن چاتما رەسىملىك ئەسەرلەر ياكى قىيا تاش ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ قىيا تاش رەسىم كۆرۈنۈشلىرىدىكى بىرمۇنچە ئادەتلەر، مەسىلەن، كىيىك ـ ھايۋان ئېتىقادچىلىقى، كۆك ـ ئاسمان جىسىملىرى (ئاساسلىقى كۈن) ئېتىقادچىلىقى، جىنسىي ئەزالارغا چوقۇنۇش قاتارلىقلار ئاغزاكى ئەدەبىيات ۋە يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە مۇئەييەن سەۋىيەدە تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن. «ئوغۇزنامە»، «توڭا ئالپ ئەر»، «بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرى»، «دەرەخ توتېمى ئەپسانىلىرى»، «ئاسمان جىسىملىرى ئەپسانىلىرى»، «ئۇماي ئەپسانىسى»، «قۇلباق ئەپسانىسى» قاتارلىقلار كېيىنرەك قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى بەكمۇ قەدىمكى دەۋرلەرگە، جۈملىدىن مىلادىيەدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ خىل ئاغزاكى ئەدەبىيات ۋە قىيا تاش رەسىملىرى ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى يازما ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشىنى سۈرۈشتە قىلىشتا، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، خاسلىقى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن ئەپسانىلەرنىڭ مۇئەييەن ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى ئىنسانشۇناسلار خېلى ئىلگىرىلا بايقىغان ۋە ئىلمىي كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەنە شۇنداق قاراشقا ئاساسەن، «قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ خىيالىي، تەرتىپسىز، قالايمىقان ھالىتى ئارقىسىدا ئەپسانىۋى تۈيغۇ بىلەن تويۇنغان تەرتىپ بار، ئەپسانە بىلەن قىيا تاش رەسىملىرى ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردا ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىپادىلىگەن. گەرچە ھەربىر رەسىم بىلەن ھەربىر ئەپسانە ھېكايىسى ئوتتۇرىسىدا قېلىپلىق گىراماتىكا مەۋجۇت بولمىسىمۇ،(شۇنىڭ بىلەن بىرگە) قايسى رەسىمنىڭ قايسى ئەپسانە ھېكايىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ، قىيا تاش رەسىملىرىنى ئەپسانە ھېكايىلىرىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى دەپ بىلىمىز»[①] دەپ قارىلىدۇ.

شىنجاڭدىكى، جۈملىدىن، تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقى ۋادىسىدىكى مىڭئۆي تام سىزمىلىرىدا ئىپادە قىلىنغان ھايات كۆرۈنۈشلىرى ئومۇمىيلىق (ماكرو) جەھەتتە بۇددىزم ئىدىيەسى تەرغىباتى ئۈچۈن سىزىلغان، بۇددا ئېتىقادچىلىرىنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ئىپادە قىلغان دېيىلسىمۇ، لېكىن بىرمۇنچە ئالىملار، بۇ تاش غار تام رەسىملىرىدە قەدىمكى ئىنسانلار ئەنئەنىۋى قىيا تاش سىزمىچىلىقىدىكى كۆرۈنۈش ئالامەتلىرى، مىللىي ۋە مەھەللىۋى تۇرمۇش مەنزىرىسى، ھەرىكەت ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىكى ھەمىشە ئۆز ئەكسىنى تېپىپ تۇرغان دەپ قاراشماقتا. بۇنىڭغا قارىغاندا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ساپ بولغان ئىپتىدائىي قىيا تاش سىزمىچىلىقىنى سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن تەدرىجىي يوسۇندا يېڭىلاپ بارغان ھەم قوشنا خەلقلەر مەدەنىيىتى، دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە تولۇقلىغان. مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنىڭمۇ ئىپادە قىلىنىپ تۇرغانلىقى، ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشكە پايدىسى بار. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ

---

① بۇ فىرانسىيەلىك ئىنسانشۇناس لېۋ ستراۋسىنىڭ قارىشى بولۇپ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىللىق 4 ـ سان، 32 ـ بېتىگە نەقىل قىلىنغان.

ئۆتكەن ئېپتىدائىي قىيا تاش سىزمىلىرى، ئەپسانە-رىۋايەت، ئېپوسلار ۋە مىڭئۆي تام رەسىملىرى كۆرۈنۈشلىرىنى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

تارىم ۋادىسىدا يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە يازما ھۆججەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ مۇھىم بىر ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. تارىم ۋادىسىدا يېزىق تەخمىنەن 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ يەردە قارۇشتى يېزىقى، كۇسەن-ئاگنى يېزىقى، ئۇدۇن يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق نەچچە خىل يېزىق ئىشلىتىلگەن. بۇ يەردە يېزىقلار ئاساسەن قوشنا رايونلار ۋە قوشنا ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن، بۇ يېزىقلاردا يارىتىلغان يېزىق ۋەسىقىلىرىمۇ قوشنا خەلقلەرنىڭ دىنىي دەستۇرلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسى بولغانلىقى سىرتىدا، يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر مەزمۇنلارمۇ بار. تەرجىمە ئەسەرلەر شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە يازما ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان.

مىلادىيە 5-ئەسىردىن9-ئەسىرگىچە بولغان ئۇزۇن بىر تەرەققىيات جەريانىدا، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار ئەدەبىي ئىجادىيەتتە گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى، ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن، ئاگنى، قوچو قاتارلىق جايلاردىن بۇددا سىگا، كۇماراجىۋا، ۋىيسا كۇيچى، سىنكسانادا، خۇيلىن قاتارلىق داڭلىق بۇددا تەرجىمانلىرى، شەرھشۇناسلىرى ۋە ئەدىبلەر يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ئۆز شۆھرىتىنى مەركىزىي جۇڭگو رايونىدا تېخىمۇ كەڭ ياىغان. ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋىساسىلا، ئۇدۇن مەلىكىسى سىمىرا قىزى قاتارلىقلار شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. يۇقىرىقىلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تەرجىمە ئەدەبىيات كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ كەتكەن .

ئورقۇن ۋادىسىدىكى شىمالىي قۇملۇق (غوبى-گوبى چۆللۈكى، دەشتى قۇملۇق، خەنزۇچە 漠北 ‹موبېي› دەپ يېزىلىدۇ ) ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدىن تا 9-ئەسىرگىچە بولغان بىر قانچە ئەسىر جەريانىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدە مۇئەييەن نەتىجە ياراتقاندىن باشقا، مىلادىيە 6-ئەسىرگە كەلگەندە يېزىق بەلگىلىرىنى تۇرمۇشقا تەدرىجىي تەتبىقلىغان ۋە ھۆججەتلەر، جۈملىدىن بەدىئىي ئەسەرلەرنى خاتىرىگە چۈشۈرۈشكە كىرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى ئۇيغۇر تىلىنى ۋاسىتە قىلغان يازما ئەدەبىياتنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچقان. بىلگە تونيوقۇق، كۆلتېگىن، بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرى يازما ھالەتتە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن قەھرىمانلىق داستانلىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياراتقان ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلغان يازما ئەدەبىيات بىلەن تارىم ۋادىسىدا ياشاپ تۇرغان قوۋملار ياراتقان غەيرىي ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما ئەدەبىيات تەدرىجىي يوسۇندا بىرلىشىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر يازما ئەدەبىياتىنىڭ«تەرەققىيات دەۋرى» نى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئاپرىنچور تېگىن، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، پىرتانراكشىت قاتارلىقلار تۇرپان ۋە بەشبالىق(جىمسار)نى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، چۇچۇ، يۇسۇف خاس ھاجىب، مەھمۇد كاشغەرىي، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىقلار قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلغان. مىلادىيە 9-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئۇزۇن تارىخ بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئىزچىل تەرەققىياتىنى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندۇرۇشنىڭ يىلنامىلىق ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلار بىرلىككە كەلسۇن ياكى پارچىلانسۇن، غەربىي يۇرت-شىنجاڭغىلا مەركەزلەشسۇن ياكى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن قوشنا رايون، قوشنا ئەللەر، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-مەركىزىي

جۇڭگو رايونى(ياكى جۇڭيۈەن)، يەتتىسۇ (سىمىرچىنىسكى)، ماۋرائۇننەھر، خۇراسان رايونلىرىدا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانسۇن، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇدۇملۇق ئادەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. سەيدۇللا، گۇەن يۈنشى، ناسىرىددىن رابغۇزى، مەۋلانا لۇتفىي، مەۋلانا سەككاكىي، ئەلىشىر نەۋايى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر، ھىرقەتىي، نەۋبەتىي، مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي، ئابدۇرېھىم نىزارىي، بىلال نازىمىي، موللا نىياز، ئابدۇقادىر ناقىس، ھۆسەيىنخان تەجەللىي قاتارلىق ئەدىبلەر 1000 يىللىق ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ۋە يېتەكچىلىك رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي دىت (ياكى ماھارەت) يېقىدىن بىر-بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، راۋاجلىنىپ كېلىپ، ئۆز جەمئىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يالغۇز ئەرلەرنىڭلار قەلبىنى ئىزھار قىلغۇچى مەنىۋى ۋاستە بولۇپ قالماستىن، بەلكى، ئاياللارنىڭمۇ نازۇك ۋە ئەۋرىشىم ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. سىلىغ تېگىن، شياۋ گۇەنيىن، شياۋسېسې، ئامانىسا، زىلەيخا بېگىم، زۇلفىيە كاشغەرىي، مۇترىبان كاشغەرىي قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ نەپىس ۋە جىلۋىدار شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى بېيىتقان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاپتورلار قوشۇنى ھەر ساھە، ھەر تەبىقە ئادەملىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خان-پادىشاھلار، خاس ھاجىب-ۋەزىرلەر، تېگىن-شاھزادىلەر، سانغۇن-قوماندانلار، بەگ-تۆرىلەر، قازى-مۇپتىلار، خەلپەت-مۇئەللىملەر، دېھقان-چارۋىچىلار، ئوۋچى-مەرگەنلەر، تېۋىپ-ئاتاساغۇنلار، ھۈنەرۋەن-كاسىپلار، جاھانكەزدى-سەيياھلار، نامرات-بەقۇرنلار، ئاجىز-ئەمالار ۋە باشقىلار بار بولغان.

ئىككىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئۆرنەك، خام ماتېرىيال قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى ئۇزۇن يىل ساقلانغان.

رۇس ئەدەبىياتشۇناس ماكسىم گوركىي خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغان:«جاھان ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدىن بىزگە مەلۇمكى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىدىن باشلىنىدۇ. چۈنكى خەلق بارلىق ماددىي بايلىقنى ياراتقۇچىلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى روھىي بايلىقلارنىڭمۇ بىردىنبىر ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس مەنبەسى، دەۋر جەھەتتىنمۇ، گۈزەللىك ۋە ئىجادىي دانالىق جەھەتتىنمۇ بىرىنچى پەيلاسوپ ۋە ھەممە بۈيۈك داستانلارنى، يەر يۈزىدىكى جىمىكى تىراگېدىيەلەرنى، ئەڭ مۇھىمى جاھان مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچىدۇر»[①].

قىيا تاش رەسىملىرى، ئىپتىدائىي ئاغزاكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، مىڭئۆي تام سىزمىلىرىدىكى بەدىئىي كۆرۈنۈش،ئوبرازلار خەلق ئارىسىدا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يادلىنىپ، تەسىرىنى ساقلاپ، كېيىنكى يازما ئەدەبىياتقا كىرىپ، يېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرگىچە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇماي ئىلاھىي ئوبرازى دەسلەپ ئاغزاكى ئەدەبىياتتىكى ئوبراز بولغان. ئۇ ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ۋە «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» تىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردە خىسلەتلىك ۋە ئاق كۆڭۈل ئۇماي ئانىغا دائىر تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ. توڭا ئالپ ئەر(ئالپ ئەر توڭا) قەدىمكى ئەدەبىياتتىكى تەسىرلىك ئوبراز. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك»،

---

① م.گوركىي: «شەخسنىڭ ھالاكىتى»،«(ئەدەبىيات توغرىسىدا)نىڭ داۋامى» 54-بەت، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1979-يىلى خەنزۇچە نەشرى.

«دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»لەردە كۆرۈنەرلىك ئورۇندا سۆزلىنىپلا قالماستىن، بەلكى «تارىخى رەشىدىي» ۋە ئابدۇرېھىم نىزارىي، ئابدۇقادىر داموللام داستانلىرىدا، شۇنداقلا «تارىخى ھەمىدىيە»دىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنە بىر داڭلىق ئوبراز ئوغۇزخان بولسا تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەردە، مەسىلەن، «ئوغۇزنامە»، «جامىئۇتتەۋارىخ»، «تارىخى شەجەرەئى تۈرك»، «چىڭگىزنامە» ھەتتا «تارىخى ھەمىدىيە» قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ ئىزچىل تىلغا ئېلىنىپ كېلىنگەن. يارۇق ـ نۇر مۇتىفىنى سۆزلەيدىغان بولساق، بۇ تېخىمۇ قىزىق، يارۇق ـ نۇردىن پەرزەنت تۇغۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانە ئەسلى «ئوغۇزنامە» ۋە «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى»دە ئەدەبىيات شەكلى سۈپىتىدە تارقىلىشقا باشلاپ، خاس بىر مۇتىف بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۇ كېيىن «تەزكىرەئى بۇغراخان»دىن تارتىپ، «تارىخى ھەمىدىيە»گىچە بولغان ئۇزۇن يىللىق بەدىئىي تارىخقا ئىزچىل يوسۇندا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن[①]. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە ئوبرازلارنى مىسال قىلىپ بايان قىلىشقا بولىدۇ. ئەتراپتىكى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمۇ يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۇزۇن يىللىق خام ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن.

ئۈچىنچى، ئەدىبلەر قوشۇندا ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىش ئاساس قىلىنىش بىلەن بىرگە، كۆپ خىل تىل ـ يېزىقتا ئەسەر يېزىش يانداشما ئىجادىيەت ئىزچىللىقىغا ئىگە قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئەدەبىيات تارىخىدا تىل مىللىي ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەدەبىي شەكلىنىڭ ھەم مۇھىم ئېلېمېنتى، بىرىنچى بەلگىسىلىك رولىنى ئۇنۇملۇك يوسۇندا جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئەدىبلەر، ئەدەبىياتشۇناسلار بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك يوسۇندا بولسۇن ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلىنى تىل دەپ چۈشىنىش بىلەن بىرگە، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى مىللىي تىل دەپ قاراشتىن داجىمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللىي ئەدەبىياتنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە مىللىي تۇرمۇشنى ئەڭ جانلىق، ئەڭ كۆركەم، ئەڭ كۈچلۈك يوسۇندا ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مىللىي خاراكتېرنى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ئاممىباب ۋە ئەڭ تولغۇن قىياپەتتە سۈرەتلەپ بېرىشكە قادىر دېگەن قاراشنىمۇ قەتئىي سۇسلاشتۇرمىغان. قانچىلىك قىيىن شارائىتتا بولمىسۇن، ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋالدا ھارماي ـ تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە مەنسۇپ ھەرقايسى ئەزالار ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان ۋە ئوڭاي ھەزىم قىلالايدىغان بىر خىل مۇئەييەن ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولغان ۋە نىسبەتەن تۇراقلاشقان ھالەتكە ئېلىپ كېلىشكە كۈچ چىقارغان.

تارىخنىڭ تىرەن قاتلاملىرىغا نەزەر سېلىنسا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆز ئانا تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش باشتىن ـ ئاخىر يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكى بىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر تىلى تۈرك تىلى، تۈرك ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تىلى، بۇغراخان تىلى، خان تىلى، كاشغەر تىلى، چاغاتاي تىلى، تۈركىي تىلى دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇخىل ئاتاقلار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئۆزگەرمىگەن. ھەر بىر تارىخىي دەۋردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلەر شۇ دەۋر كىشىلىرى قوللانغان كىتابىي ۋە ئاغزاكى تىللارنى

[①] مەسىلەن، قەدىمكى ئەپسانىۋى شەخس بۆگۈخاننىڭ نۇردىن تۇغۇلۇشى(«بۆگۈخان رىۋايىتى»گە قارالسۇن)، ئوغۇزخاننىڭ نۇر ئىچىدىن چىققان قىزغا ئۆيلىنىشى(«ئوغۇزنامە»گە قارالسۇن)، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى نۇر ئالانۇرخاننىڭ نۇردىن ھامىلىدار بولۇپ، ئارسلانخاننى تۇغۇشى («بۇغراخانلار تەزكىرىسى»گە قارالسۇن)، ئەلئانقۇۋانىڭ نۇردىن ھامىلىدار بولۇشى («تارىخى ھەمىدىيە»گە قارالسۇن) قاتارلىقلار بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

قېتىرقىنىپ پىششىق ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، بىرىكتۈرۈپ، ئىجادىي ئىشلىرىغا تەتبىقلاش بىلەن بىرگە، ئالدىنقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە قوللانغان تىل ـ سۆزلۈكلەرنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغان ھەم ئىجادىيىتىدە ئىپادىلىگەن ياكى ھەر بىر دەۋر ئەدىبلىرى مەيلى ئۆز دەۋرىنىڭ تۇرمۇشىنى يازمىسۇن، مەيلى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، تەسىرلىك تارىخنى يازمىسۇن، ئومۇمەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ كەڭ لۇغەت خەزىنىسىدىن، سۆز ـ جۈملىلىرىدىن، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن چېۋەرلىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئەسەرلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇزۇكسىز ئاشۇرۇپ تۇرغان. مۇتلەق كۆپ ئەدىبلەرنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، گۈزەللىكى، جەزىبدارلىقى، ھەرىكەتچانلىقى، يارقىنلىقى ۋە جانلىقلىقى روشەن ھالدا كۆرۈنۈپ تۇرغان.

دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاش بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى ھەرخىل ئۇرۇق، قەبىلە، قوۋملارنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ مىللىي گەۋدىگە قاتناشقان قوۋملار قەدىمكى زاماندا ئوخشىمىغان تىل، يېزىقلارنى ئىشلەتكەن، ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە ـ ئايماقلارمۇ باشقا مىللەت تىل ـ يېزىقىنى ئىشلەتكەن. بەزىلەر شىنجاڭدا تۇرۇپ قوش تىللىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، بەزىلەر قوشنا رايونلار ۋە مەركىزىي جۇڭگو رايونى(جۇڭيۈەن)غا بېرىپ باشقا تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن «بۇغۇت مەڭگۈ تېشى» سوغدى تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان، «توققۇز ئۇيغۇر خانى مەڭگۈ تېشى» ئۇيغۇر تىلى، سوغدى تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان. كۇماراجىۋا، سەيدۇللا، گۈەن يۈنشى قاتارلىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ خەنزۇ تىلىدا ئىجادىيەت قىلغان. فارابى، مەھمۇد كاشغەرىي ئەرەب ئەللىرىگە بېرىپ ئەرەب تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. ئەلىشىر نەۋايى، مەۋلانا لۇتفىي، مىرزا ھەيدەر، سەئىدىي، ئەرشىي قاتارلىقلار ھەم ئۇيغۇر تىلى، ھەم پارس تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان؛ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاپتورلىرى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ئەسەر يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋايى، ھۈسەيىنخان تەجەللىي قاتارلىقلار پارس تىلىدىن باشقا يەنە ئەرەب تىلى قاتارلىقلاردىمۇ ئەسەر يازغان. شۇڭا ئېيتىمىزكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىدا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلىش يېتەكچى قىلىنغان، باشقا تىللاردا، يەنى كۆپ خىل تىل ـ يېزىقتا ئەسەر يېزىش يانداشما ئىجادىيەت ئىنزچىللىقىغا ئىگە قىلىنغان.

تۆتىنچى، كۆپ خىل ئىجادىيەت مېتودى قوللىنىلغان، ئەدەبىي ئېقىملار ھەرخىل بولغان.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى ئەسەرلەرنى تەكشۈرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ رېئالىزم، رومانتىزم (ياكى سىمۋولىزم)، تەنقىدىي رېئالىزم قاتارلىق ئىجادىيەت مېتودلىرى بويىچە يېزىلغانلىقىنى بايقىيالايمىز. يەنە ئاپتورلارنىڭ كىلاسسىزم، گۇمانىزم، مەرىپەتچىلىك قاتارلىق ئېقىملار تەرەپدارى بولۇپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا دىققەت قىلماي ئۆتەلمەيمىز. بەزى ئەسەرلەر نوقۇل بىرەر ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ يېزىلغان، ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆپچىلىك ئەسەرلەردە رېئالىزم ۋە رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودلىرى ئارىلاش قوللىنىلغان. ئەمما بۇنىڭدا بىرى ھامان يېتەكچى مېتود بولغان، يەنە بەزى ئەسەرلەردە بۇ ئىككى مېتودقا رومانتىزمنىڭ ۋارىيانتى بولغان سىمۋولىزملىق مېتودمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن. لېكىن، رېئالىزم باشتىن ـ ئاخىر ئاساسىي ئىجادىيەت مېتودى بولۇش رولىنى ساقلاپ كەلگەن.

بەشىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مىللىي ئۇسلۇب يولىنى بويلاپ راۋاجلىنىش ئاساس قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئەدەبىي ئىستىل شەكىللەندۈرۈشكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

قەدىمكى زامان ئەدىبلىرى خاسلىقىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر بىر ئىجادىيەتچى ئۆزىنىڭ خاسلىقى ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. مىللىي ئەدەبىياتتا ئۆزگىرىش ھەم تەرەققىيات بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلىگەن. ئۆزگىرىش، تەرەققىيات بىلەن مىللىي خاسلىق، مىللىي ئۇسلۇب، مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئۆزئارا قارىمۇقارشى قىلىپ قويمىغان. مىللىي خاسلىق، مىللىي ئۇسلۇب، مىللىي ئالاھىدىلىكتىن ئايرىلغان ئۆزگىرىش ياكى تەرەققىيات مىللىي ئەدەبىياتنى چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارىدۇ، ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدۇ دەپ ھېسابلىغان. ھەر قانداق ئەدىب ئۆزىنىڭ خاسلىقى، ئۇسلۇبىنىڭ روشەنلىكى، ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى بىلەن ئەسىر قوزغىيالايدىغانلىقى، مۆتىۋەر ئورۇنغا چىقالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان مىللىي ئەدەبىياتنىڭ خەلقلەرئارا ئەدەبىيات سەھنىسىگە چىقالىشىدا شەخسلەردىكى خاسلىق، ئۇسلۇب، ئالاھىدىلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇپ، ئۇيۇلتاشتەك بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن مىللىي ئۇسلۇب ئەندىزىسىنى، مىللىي ئىستىل فورمىسىنى شەكىللەندۈرەلىگەن-شەكىللەندۈرەلمىگەنلىكىگە قارىلىدىغانلىقىغا سەمىمىيەت بىلەن دىققەت قىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا خاس ئەدەبىيات بارلىققا كەلگەندىن باشلاپلا ئەدەبىي ئەسەرلەر رىتىم، قاپىيە، تۇراق، ۋەزىننى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ نەزمىي ئەسەر ۋە نەسرىي ئەسەر تۈرى بويىچە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئەسەردىكى ھېسسىياتنىڭ قويۇق-سۇيۇقلۇقىغا، سۇژىت (ۋەقەلىك)نىڭ بار-يوقلۇقىغا ئاساسەن لىرىك ئەسەر ۋە ئېپىك ئەسەر شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. نەزمىي ئەسەرلەر (شېئىرىيەت) ۋەزىنىنىڭ شوخ (جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ، ئويناق) ياكى سىلىق (ئېغىر-بېسىق، تەمكىن) بولۇشىغا قاراپ بارماق ۋەزىن بىلەن ئارۇز ۋەزىنگە ئايرىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شېئىرىيەت لىرىك شېئىر (قىسقا شېئىر)، ئېپىك شېئىر (ۋەقەلىك شېئىر ياكى داستان) دېگەن. پىروزا نەسر (لىرىك پىروزا) ۋە ھېكايە (ئېپىك پىروزا) دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. مەيلى پىروزا بولسۇن، مەيلى پوئېزىيە بولسۇن ئۆز ئىچىدىن يەنە نۇرغۇن ئۇششاق تۈرلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

مەيلى پىروزا ئەسەرلىرى بولسۇن، مەيلى پوئېزىيە ئەسەرلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە يارىتىلغان ئوبرازلار ۋە بەزىلىرىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىدا، شۇنداقلا ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىك تەپسىلاتلىرىدا بولسۇن مىللىي خاراكتېر، مىللىي سالاپەت ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان، شۇڭا ئوغۇزخان، توڭا ئالىپ ئەر، تۇنيۇقۇق، مويۇنچۇر، قاراخان، ئۆگدۈلمىش، نەۋرۇز، فەرھاد، غېرىب، رابىيە، نوزۇگۇم قاتارلىق ئوبرازلار دەۋرلەر ئۆتكەنسېرى ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي قىممىتى ۋە جەزبىدارلىقىنى يوقاتماي كەلمەكتە. بۇلاردىن باشقا ھەرخىل بەدىئىي ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان ئوۋچىلار، چوپانلار، دېھقانلار، ھۈنەرۋەن-كاسىپلار، سېتىقچى-سودىگەرلەر، بىلگە-دانىشمەنلەر، ئەقىللىق يېتىملەر، ئادىل شاھلار، پاراسەتلىك قىزلار، سادىق دوستلار ئوبرازىدىمۇ روشەن مىللىي خاراكتېر ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تىپىك مۇھىت تەسۋىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ مول، مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئىدىيەۋى ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە ماھىر بولغان. ئۇلار پېرسوناژلارنىڭ مۇئەييەن مۇھىتتىكى ھېسسىيات ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئالەمشۇمۇل، غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەپ بېرىش ئارقىلىق پېرسوناژ ئوبرازىنى مۇكەممەل ھەم ئۆزگىرىشچان قىلىپ سۈرەتلەپ بېرىشكە ئىنتىلگەن. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىنى ئېچىپ بېرىپلا قالماي، باش قەھرىمانىنى خۇددى زۇلمەت كېچىدە بىر نۇرلۇق مەشئەلنى

كۆتۈرگەندەك، تېخىرقاش ئىچىدە ئۇمىدىنى كۆرەلەيدىغان، ئوخشىمىزلىقتا ئۇچرىغاندا ئىشەنچىسىنى ئاشۇرالايدىغان، مەغلۇبىيەتلىك مۇساپىنى ئۈتۈق يولىغا بۇريالايدىغان قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى يورۇق، ئىجابىي تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئەدىبلەر بىلىم زاپىسى، يەنى تۇرمۇش بىلىمى، كىتابىي بىلىم ۋە بەدىئىي ماھارەت مەسىلىلىرىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان روھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەردىن يېتەرلىك ساۋاتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھارماي-تالماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ئادەتتىكى كىشىلەر پەرق ئېتەلمەيدىغان نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولمىغاندا، روھىي پائالىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر قازغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئوتتۇرىغا چىقارغان ئەسەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەلمەيدىغانلىقىنى، جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىز بولىدىغانلىقىنى، ئەدىبلەردە ئەسلىدىن بار بولغان ئىشتىياق-ھەۋەسكە كېيىن ئېرىشىلگەن بىلىم ۋە قېتىلغان قابىلىيەت بىرىكتۈرۈلۈپ، ئاڭلىق ئىقتىدار شەكىللەنگەن بولۇشى، يەنە بىرى، ئاتىسىغا ئەگەشكەن بالىدەك ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان روھقا ۋە ئومۇمىي پەنلەردىن ئاساسىي ساۋاتقا ئىگە بولۇشى لازىملىقىنى بىر مىزان قىلغان.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئادەملەر ئوبرازلىرىدىن باشقا تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ھادىسە، شەيئى ۋە نەرسىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش بىلەن بىرگە، مەھەللىۋىلىككە مۇئەييەن دەرىجىدە ئېتىبار قىلىنغان. مەسىلەن، ئاسمان جىسىملىرىدىن كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە يارۇق-نۇر؛ ئۇرۇش قوراللىرىدىن ئوقيا، قىلىچ، نەيزە؛ زېمىندىكى شەيئىلەردىن تاغ، دەريا، سۇ، يايلاق، بۇلاق، كۆل، تاش، غار، ئورمان، گۈل-گىياھ، چېچەك، ئالما، پىستە؛ ھايۋانلار، يەنى كېيىك، بۆرە، ئىت، شىر، ئېيىق، ئات، قوي، تۈلكە، شۇڭقار، بۇلبۇل (سۇندۇلاچ)؛ خىسلەتلىك سانلار، يەنى 3، 7،9، 18، 360 قاتارلىقلار؛ ئادەملەرنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەزالىرىدىن يۈرەك، جىگەر، كۆز، قاش، كىرپىك، چاچ، خال-مەڭ، بوي-قامەتى؛ پۇل-ئاقچىلار، يەنى ئالتۇن، كۈمۈش، تىللا، سەدەپ، ئۈنچە، ياقۇت، مەرۋايىت قاتارلىقلارمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ دەۋرىيلىك، دائىملىق ئوبرازلىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆپ سانلىق ئەسەرلەردە ئۇنۇۋېرسال تۇرمۇش مەنزىرىسى كۆرسىتىلگەن. بەزى يىرىك ئەسەرلەردە (بولۇپمۇ داستانلاردا) چوپانلىق ھاياتى، ئېكىنچىلىك ھاياتى ۋە شەھەر ھاياتى قاتارلىقلارنىڭ تۇرمۇش تەپسىلاتىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا، بىر پارچە يىرىك ئەسەرنى مەيلى چارۋىچىلار، مەيلى دېھقانلار، مەيلى ھۈنەرۋەن-كاسىپلار ياكى دانىش-ئۆلىمالار، بەگ-تۆرىلەر، موللا-قازىلار ئوقۇمىسۇن، ھەممىسى ئۆزىگە خاس ھەم مۇئەييەن سەۋىيەدىكى مەنىۋى لەززەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭغا «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، «فەرھاد ۋە شېرىن»، «رابىيە ۋە سەئىدىن» قاتارلىق نەمۇنىلىك ئەسەرلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تەسۋىرلەش ۋاسىتىلىرى جەھەتتە بىر قاتار ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، ئەسەرلەرنىڭ باشلىنىشى، راۋاجى ۋە تۈگەللىنىشىدە بىر خىل ئۇدۇملۇق ئادەت داۋاملىشىپ كەلگەن. ۋەقەلىك يۆنىلىشى جىق لىنىيەلىك تەرتىپ بويىچە قانات يايىدۇ. كۆپ چاغلاردا ۋەقەلىك دولقۇنسىمان راۋاجلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى تۇرمۇشى بىلەن تاشقى قىياپىتى ئۇيغۇنلۇق ئىچىدە ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىنىدۇ.

ئالتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باشتىن-ئاخىر ئىلغار (ئاكتۇئال) ئىدىيەنى ئىپادىلەشنى

ئاساسىي ئورۇنغا قويغان.

ئۇنىڭدا خەلقچىللىق بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشىنى ئۆزەك قىلغان ھالدا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىنغان قىممەتلىك روھ، يۈكسەك ئىدىيە ھەم گۈزەل غايە ئىپادىلەنگەن. ئەل ـ يۇرت سۆيەرلىك كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ قەدىمىي، شۇنداقلا خاسىيەتلىك (ياكى قىممىتى) نى يوقاتمايدىغان ئۆلمەس تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. كىلاسسىكلار بۇ تېما ئارقىلىق ئۇلۇغ ئابىدىلەرنى تىكلىگەن ۋە كېيىنكىلەرگە يوقالمايدىغان مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەل ـ يۇرت سۆيەرلىك ئىدىيەسى يارقىن ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقى، لاتاپىتىنىڭ جەۋلان قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، سېھرىي قۇدرىتىنىڭ تېخىمۇ جۇلالىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەقىل پەگاھىغا ئىتتىرىپ قويمىغان. ھەربىر پارچە ئەسەردە دېگۈدەك ئەل ـ يۇرتقا بولغان ئوتتەك مېھىر ـ مۇھەببەت بۇلاق سۈيىدەك ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. يۇرت مېھرىنى ئاساس قىلغان ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارغا باغلانغان رىشتە، يالقۇنجاپ تۇرغان ئەقىدە بىر تەن، بىر جان بولۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تىرەن يىلتىزىغا چەمبەرچاس تۇتىشىپ كەتكەن. ئەجدادلىرى ياراتقان مىللىي بايلىقنىڭ تۈرتكىلىك رولى ئەدىبلەرنىڭ ھەر بىر بەدىئىي قۇرلىرىدا ھەممىشە جىلۋىلىنىپ تۇرغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بارلىق ئىلغار ئاملىلار تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، خەلق، ۋەتەننى سۆيۈشكە، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىداكار بولۇشقا ئۈندەپ كېلىنگەن، ئەل ـ يۇرتنى سۆيمەكتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى كىشىلىك تۇرمۇش ۋە بەدىئىي ئىنجادىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك مىزانى قىلىپ كېلىنگەن. خەلقچىللىق ئىدىيەسىنىڭ روشەنلىكى ئاۋامنىڭ ئەركىنلىك ـ ھۆرلۈكنى تەلەپ قىلىشى، ھەققانىيەت ـ ئادالەتكە ئىنتىلىشى، يورۇقلۇق ـ ئاسايىشلىق ئىزدىشى قاتارلىقلارنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە كۆرۈلىدۇ. ئەدىبلەر ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ھاياتىي سۆيۈش بىلەن ھەققانىيەتنى ياقلاشنى ئىنتايىن زىچ بىرلەشتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى، ئۆزىنى ئەل ـ يۇرتقا بېغىشلاش تۇيغۇسى ھەر قاچان، ھەر زامان يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. ئەدەبىي ئىنجادىيەتتە توختاۋسىزلىق، راۋاجلىنىش، يېڭىلىنىش بولغاندىلا ئەدەبىياتنىڭ كۈچى ئاشىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق تەكرار ـ تەكرار ئىسپاتلاپ كەلگەن. بىرمۇنچە ئەسەرلەردە زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدىيەسى مەدھىيەلەنگەن، ھەققانىيەتنىڭ رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئىپادىلەنگەن. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر چوڭقۇر پاش قىلىنىپ، خەلق قارا كۈچلەرگە قارشى كۈرەشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا «ئەدەبىيات بىلەن ئەزگۈلۈكنى ئىزھار قىلىش» تەكىتلىنەتتى، سىياسىيغا ۋە ئەخلاق ئىستىلىغا ئەھمىيەت بېرىلەتتى. «قۇتادغۇ بىلىك»تە شېئىر ئارقىلىق ئارزۇ ـ ئارمان بايان قىلىنغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىن كېيىنكى شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىدە قائىدە سۆزلەش، ئەخلاقنى تەرغىب قىلىش مەقسەت قىلىنغان، شۇنداقلا ئەدەبىيات بىلەن ئەزگۈلۈكنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئەزگۈلۈكنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدىبلىرى ئەل ـ يۇرتنىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، تۇزىنى ھالاللاپ يېگەن، جان بەرگەن، قان بەرگەن سۆيۈملۈك يۇرتىنى، ئۆزىنى پەپىلەپ ئۆستۈرگەن، جىسمانىيەت، مەنىۋىيەت ئاتا قىلغان مېھرىبان خەلقىنى زوق ـ شوق بىلەن كۈيلىگەن. ئەل ـ يۇرتنىڭ ھەر بىر چىمدىم تۇپىسىنى، ھەر بىر تال گۈل ـ گىياسىنى، ھەر تامچە سۈيىنى جېنىدەك ئەزىز كۆرۈپ كەلگەن. يۈسۈف خاس ھاجىبنىڭ

«قىلدىن نازۇك تەپەككۇر يولى، قىلىچتىن ئىتتىك تىل بىلەن سۆزلەر دېڭىزىغا كىرىپ، نەپىس ۋە تېرەن سۆز ئۈنچە-گۆھەرلىرىنى قېزىپ يېزىلغان ئەسەر جاھانغا تاراپ، مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالىدۇ» («قۇتادغۇ بىلىك» 909-، 61-بەتلەر) دېگەن ئىجادىيەت پرىنسىپى مۇشۇ خىل ئىدىيەنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىدىيەۋى مەزمۇنلىرى قەھرىمانلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئەل-يۇرت سۆيەرلىك، ئادالەت، چىن مۇھەببەت، ئەمگەك، ۋاپادارلىق، ياخشىلىق، راستچىللىق، مەردلىك قاتارلىق ئىدىيەلەرنى تەرغىب قىلىش، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى قىلمىشلارنى مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى، كېيىن يەنە مەرىپەتچىلىك، ھەققانىيەت، خەلقچىللىق ياكى گۇمانىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىقسۆيەرلىك، ھۆرلۈك ئىدىيەلىرى تولۇقلىنىپ ۋە قوشۇلۇپ ماڭغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رومانتىك مەزمۇنلىرى ئىچىدە غايىۋى ئادىل پادىشاھ توغرىسىدىكى تېما ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. مۇنداق غايىۋى جەمئىيەت ۋە غايىۋى پادىشاھ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىزچىل تەسۋىرلەنگەندىن تاشقىرى، قوچو شېئىر-قوشاقلىرى، يۈسۈف خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋايى، ھىرقەتىي، ئاياز شىكەستە، زەلىلىي، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي، مۇھەممەد ئابدۇللا خەراباتىي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ نۇقتىلىق گەۋدىلىنىدۇ.

يەتتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى ئومۇمەن شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان، مىللىي ئۇسلۇبنىڭ قويۇق ياكى سۇسلۇقى، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ روشەن ياكى تۇتۇق بولۇشى ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىي ژانىرىدا، شەكىل ئالامەتلىرىدە، مىللىيلىقىدا كۆزگە روشەن ھالدا چېلىقىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. شائىرلار شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتنى ئاساسلىق ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيىتى قىلغان. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئىزچىللىق ئەنئەنە سۈپىتىدە زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەندى، شۇڭا شېئىرىيەت ئاساسلىق، ھەتتا بىرىدىنبىر ئەدەبىي شەكىل بولۇپ كەلگەندى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ئاساسەن شېئىرىيەت تارىخى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە تاكامۇللۇقنى ئىزدەش ۋە شېئىرغا كوللېكتىپ ئىشتىياق باغلاش تارىخى بولغان. بۇ ھال شېئىرىيەتنىڭ نەسرىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا ئىلگىرى كەتكەنلىكىنى، نەسرىي ئەسەرلەردە ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە گۆدەكلىك ھالەت ساقلانغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارنىڭ شائىر مىللەت (ياكى شېئىرىيەت مىللىتى) سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە قىلغان.

شېئىرىيەت ئۇيغۇر مەنىۋى تەپەككۇرى ۋە ئىجتىمائىي كوللېكتىپى ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە تەسىر كۆرسەتكەن. كەڭ ئەدەبىياتچىلار ۋە ئوقۇرمەنلەر شېئىرىيەتكە بەكلا ئىخلاس قىلىپ كەلگەن. شېئىر كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ، بەدىئىي تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان، مەكتەپ-مەدرىسەلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلغان، مەرىكە-سورۇنلاردا دېكلاماتسىيە قىلىنغان. توم-توم دىۋان، كاچكۆل-باياز، كۈللىياتلار چىدامىلىق خەتتاتلار تەرىپىدىن ھۆسن خەت بىلەن كۆچۈرۈلۈپ، قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە ساقلانغان؛ شېئىرلار «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ ئوقۇلغان. خەلق ئاممىسى شائىرلارنى ۋە شېئىرىيەتنى تولىمۇ قەدىرلىگەن. شېئىرىيەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ھەم گەۋدىلىك نامايەندىسى بولغاچقا، ئۇنىڭدا بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن، يەنى دىۋان-كۈللىيات تۈزۈش ئېنىق مەقسەت قىلىنغان. لىرىك غەزەللەردە ئاپتورلارنىڭ زامانىغا بولغان قارىشى ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەنگەن. داستانچىلىق بەدىئىي ماھارەتنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە دەپ قارالغان. ماۋزۇ تاللاشقا دىققەت قىلىنىپ، ئۆزگىچە ماۋزۇ قويۇش

ئادەتكە ئايلاندۇرۇلغان، يەنى كۆپ ئەسىرلەرگە ئاساسەن ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە ماۋزۇ قويۇلغان، شېئىرلارنىڭ تېمىسى ئومۇمەن ئەخلاقنى تەرغىب قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈلگەن: غايىۋى پادىشاھ، غايىۋى جەمئىيەت، غايىۋى يار ئوبرازىنى يارىتىش ئىدىيەۋى سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن.

شېئىرىي تارىخ يارىتىش، ئەدەبىي تەخەللۇس ئىشلىتىشكە خۇشتار بولۇش، ئاپتورلار قىسقىچە تەرجىمىھالىنى شېئىرىي مىسرالىرىدا قىستۇرۇپ ئۆتۈش يەنە بىر ئالاھىدىلىك. شېئىرىيەت ساھەسىدە ئەدىبلەر ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغان يىللىرىنى ئىزچىل يوسۇندا شېئىرىي تارىخ شەكلىدە، يەنى ئەبجەت ھېسابى بويىچە يېزىپ قويغان. يەنى يىلنامە ئەسەرنىڭ بېشى ياكى ئاخىرى ۋە ياكى ئوتتۇرىلىرىدىكى شېئىرىي مىسرالارنىڭ بىر يېرىدە تېپىشماقتەك يوشۇرۇن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل ئادەت ئىدى.

تارىختا ياشاپ ئۆتكەن ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەدەبىي تەخەللۇس ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ تەخەللۇسى ھەرخىل ھادىسە ۋە ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك يۇرتى، ئۆزى تۇغۇلغان شەھەرنىڭ ئىسمىنى تەخەللۇس قىلغانلار ئەڭ كۆپ. بۇلاردىن باشقا، نۇر-يورۇقلۇققا، ھۆرلۈك-ئاسايىشلىققا تەلپۈنۈپ، شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش: ئەدىبنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشى، ئارزۇ-غايىسى، خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش؛ ئەدىبنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، بولۇپمۇ غېرىب-بىچارىلىك، ئازاب-ئوقۇبەتلىك، ئىشق-ھىجران، مۇھەببەت پاجىئەلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار بار بولغان. بۇلاردىن باشقا ئاددىي-ساددىلىق، كەمتەرلىكنى يەنى غېرىب-مىسكىنلىكنى، ئېسىل خىسلەت، بەلەن خۇلق-مىجەزنى، كۆي-ئاھاڭلارنى ھەتتا ئۆز ئىسىملىرىنى تەخەللۇس قىلىپ قوللىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. ئومۇمەن، بىز تەخەللۇسلار ئارقىلىق قەدىمكى ئەدىبلەرنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولالايمىز.

ھەرپىي ئوبراز يارىتىش، سۆز ئويۇنى كۆرسىتىش شېئىرىيەتتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك. ئاپتورلار ھەرپلەرنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى، رەت تەرتىپى، ئوقۇلۇش تەلەپپۇزى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شېئىرلاردا ھەرپىي ئوبراز يارىتىشتەك بىر خىل ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. يەنە ھەرپلەر ئارقىلىق سۆز ئويۇنى كۆرسىتىشكە، مۇئەمما يەنى تېپىشماق شەكلىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇ خىل ئادەت يۇسۇف خاس ھاجىپتىن تارتىپ تا ھۇسەيىنخان تەجەللىيگىچە داۋاملاشقان. بولۇپمۇ شائىر ناقىس شېئىرلىرىدا بۇ خىل خۇسۇسىيەت بەكلا گەۋدىلىك بولغان. ھەرپىي ئوبراز ياراتقاندا، بىرى، بىرەر ھەرپنىڭ يەككە ھالدىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوبراز يارىتىش، يەنە بىرى، ئېلىپبە سىستېمىسىدىكى ھەرپلەرنىڭ تەرتىپلىك ئورنىغا ئاساسەن ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بەدىئىيلىككە يۇقىرى تەلەپ قويۇلغان. ئۇنىڭ شەرتلىرى كۆپ جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. شائىرلار قاراتمىلىقى بولغان، ئىلغار ئىدىيەۋى خاھىشنى كامالەتكە يەتكەن بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

پىكىردىكى مەنە چوڭقۇرلۇقى، ۋەقەلىكتىكى ئاكتۇئاللىق، لىرىك ۋە ئېپىك ئوبرازلاردىكى خاسلىق ۋە تىپىكلىك، كومپوزىتسىيەدىكى يۈكسەكلىك، يېشىمدىكى مەقسەتدارلىق قاتارلىق جەھەتلەردە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئاساسىدا ئىجادىي ۋە يۈرەكلىك پىكىر بايان قىلىنغان. مىللىي سالاپەت ۋە قىياپەتكە ئىگە جۇشقۇن خاراكتېرلەر يارىتىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئەۋلادتىن-

ئەۋلادقا ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاق ۋە كىشىلىك قارىشى ئاساسىدا تەربىيەلەشكە بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشۇلغان.

ئاپتورلار ئەسەرلەرنىڭ تىلىغا بەك ئەھمىيەت بەرگەن. جۈملە تۈزۈلۈشى، ئەسەرنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى، ۋەزىن، تۇراق، رىتىم، قاپىيە شەكىللىرىگە، بايان ئۇسلۇبىغا كەڭ ئومۇملاشقان ۋە ئەدىبلەر ئورتاق ئېتىراپ قىلغان سەنئەتكارانە پرىنسىپ تۇراقلىق يوسۇندا ئىجابىي تەتبىقلانغان.

تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر كۆپ خىل ۋە رەڭگارەڭ بولغان، قويۇق مىللىي ئۇسلۇب تىل، مەزمۇن ۋە شەكىلدىن باشقا تەسۋىرىي ۋاسىتىلەردە روشەن ھالدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان. تەسۋىرىي ۋاسىتىلەرنىڭ رەڭدارلىقى ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى بەدىئىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇرمەننى باي ھايات كارتىنىسى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.

سەككىزىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇنىۋېرسال پەنلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ كەلگەن.

ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاپتور-مۇئەللىپلەرنىڭ كۆپى دىگۈدەك ئېنسىكلوپېدىستىك شائىر-يازغۇچىلار ئىدى. مۇئەللىپلەر ئەينى چاغ شارائىتىدا دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزەتكۈچىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمى نىسبەتەن مول، نەزەر دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولغاچقا، ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن تارماقلىرى، ئاسترونومىيە ۋە دىنىي، پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تارىختا يارىتىلغان نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئەجدادلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا تۇتاشقان، ئۇ ماھىيەتتە ئىجتىمائىي ئىدىيە (ياكى پەلسەپە)، تارىخ، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، فولكلور قاتارلىق پەنلەر بىلەن قويۇق ئالاقىدار بولغان. بۇ پەنلەرنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى ئەدەبىياتتىن ماتېرىيال ئېلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قىممىتى باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئودالىق جەمئىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتلام بويىچە ئەكس ئېتىپ ماڭغان. مەسىلەن، خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەردە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر تارىخىي مەنزىرىلەر نامايان قىلىنغان ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى ساددا قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئومۇمەن، ئۇيغۇر ئەپسانە-رىۋايەتلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى، بىر قەدەر ساپ بولغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەڭگۈ تاش ئەدەبىياتىدا بولسا، پەقەت خاقان-سانغۇنلارنىڭ تۆھپىلىرىلا خاتىرىلەنگەن بولماستىن، بەلكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا دائىر بايانلار كونكرېت ھەم ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. «تارىخى كاشغەر»، «تەزكىرەئى بۇغراخان»، «تارىخى رەشىدىي»، «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تارىخى ھەمىدىيە» قاتارلىقلار فېئودالىزم جەمئىيىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھۆججەتلەردۇر.(بۇ يەردە ئۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.) دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەرقايسى ئىجتىمائىي باسقۇچلاردىكى رېئال تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ئۆز تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان رايونلاردا ياشاپ، ئىلگىرى-كېيىن ئىپتىدائىي دىن، شامان دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى، زوروئاستىر دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۇلار مەلۇم دەرىجىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردە

ئەكس ئەتمەي قالمىغان. ھەتتا بەزى ئەسىرلەر قويۇق دىنىي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، بۇلار «دىنىي ئەدەبىيات» دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن ئەھۋاللارمۇ بولدى. شۇ نەرسە روشەنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى بارلىققا كېلىپ، شەكىللىنىشكە باشلىغاندىن كېيىنلا، ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى بىلەن دىنىي مەدەنىيەتنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى توختىغان ئەمەس. ئۇلار بىرلىكتە ئىلگىرىلەپ، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىغان. نوقۇل دىنىي مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلەردىن خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، ئەخلاق ـ ئادەتلىرى، ئىجتىمائىي ئوي ـ پىكىرلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي قاراشلىرىنى مەنبە قىلغان ئۆزەك قىلغان ھالدا، ئۆزلىرى ياشىغان جۇغراپىيەۋى مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسىرى بىلەن قوشنا رايون، خەلقلەر مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار تىرىكچىلىك قىلغان جايلار، جۇملىدىن شىنجاڭ دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت ـــ مەركىزىي جۇڭگو(جۇڭيۈەن) مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتى ۋە گىرېك ـ رىم مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئۇچراشقان رايون. شۇڭا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەرخىل نىسبەتتىكى تەسىرىنى ـ ئىزنالىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ساياھەت ئەدەبىياتى جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە قىممىتى بار ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر دىپلومات راببان ساۋما يازغان «راببان ساۋما ساياھەت خاتىرىسى»[①] تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن بىر جۇڭگولۇقنىڭ غەرب دۇنياسى ھەققىدىكى تۇنجى ساياھەت خاتىرىسى دېگەن باھاغا ئېرىشكەن[②]. يەنە بىرمۇنچە ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەيلە ـ ساياھەت، يۇرت كېزىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بۇ تۇرمۇشلىرىدىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىنى شېئىرىي مىسرالىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

توققۇزىنچى، تەرجىمە ئەدەبىيات، تەقلىدىي ئەدەبىيات مىللىي ئەدەبىياتنى بېيىتىشتىكى ئايرىلماس ئىجادىيەت يولى بولۇپ كەلگەن.

ئەجدادلار تەرجىمە ئەدەبىياتىغا ۋە تەقلىدىي ئەدەبىياتقا قەدىمدىن بېرى زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مىلادىيە 5 ـــ 7 ـ ئەسىرلەردە «خۇئاستۇئانفت» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا رويابقا چىققان. ھىندىستان ئېپوسى «رامايانا» قەدىمكى ئۇدۇن تىلى، ئاگنى (قاراشەھەر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «ئىزوپ مەسەللىرى»، «ئىنجىل» (بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ تەرجىمە پارچىلىرى تېپىلغان)، «مايترى سىمىت»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىقلار قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «زەپەرنامە»، «قۇرئان كەرىم»، «مىڭ بىر كېچە»، «شاھنامە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «قابۇسنامە» قاتارلىقلارنى مەۋلانا لۇتفىي، موللا خاموش ئاخۇن، ئابدۇللا مەخدۇم، موللا مۇھەممەد تۆمۈر قاتارلىقلار خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئىزوپ مەسەللىرى»، «مايترى سىمىت»، «قۇرئان كەرىم»، «قابۇسنامە»، «مىڭ بىر كېچە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «شاھنامە» قاتارلىقلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى، يالغۇز ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جۇڭگو تەرجىمە ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ چەت ئەل تىلى سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي

---

① بۇ ئەسەر پارسچە يېزىلغان ئىكەن.

② شىن فۇۋېي: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، 239 ـ بەت، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «تەقلىدىي ئەدەبىيات» يارىتىشتەك بىر خىل ئېقىم شەكىللەنگەن. بۇ دېگەنلىك، باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى تېمىلارنى خام ماتېرىيال قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلغان ھالدا ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىش دېگەنلىك. بۇنىڭغا لۇتفىينىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى ۋە باشقا ئاپتورلارنىڭ بەزى مۇھەببەت داستانلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ بەزى داستانلىرىدىكى ئوبرازلار باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان بولىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئاپتورلار ئەمگىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى يوق دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. مەيلى تەرجىمە ئەدەبىيات بولسۇن، مەيلى تەقلىدىي ئەدەبىيات بولسۇن، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇلار مىللىي ئەدەبىياتنى بېيىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

ئونىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شەرق-غەرب ئەللىرى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى مەنىۋى ياقتىن كۆزىتىدىغان مۇھىم كۆزنەك.

ئۇنىڭدا شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ قىممەتلىك ئىدىيەسى مۇجەسسەملەنگەن. يەنى، ئۇنىڭدىن شەرق ۋە غەرب تېماتىكىسىنىڭ مەشھۇر ئۈلگىلىرىنى تېپىشقا بولىدۇ. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «فەرھاد ۋە شېرىن»، «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق ئىككى داستانى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. چىن خاقانىنىڭ ئوغلى شاھزادە فەرھاد ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ شەرققە يۈرۈشىدە چىن شاھىغا بەرگەن «جاھاننامە» (جاھان ئەينىكى) ئارقىلىق ئەرمەن مەلىكىسى شېرىننىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ. شەرقتىن غەربكە ۋىسال سەپىرى باشلىغان فەرھاد چىن خەلقىنىڭ ھۈنەر-ماھارىتى ۋە گىرېك مۇتەپەككۇرى سوقراتنىڭ ئۆگەتكەن ھېكمىتى بىلەن قوراللىنىپ، شېرىننىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولىدۇ. نەۋايى «سەددى ئىسكەندەر»دە گىرېك شاھزادىسى زۇلقەرنەيىنىنىڭ غەربتىن شەرققە يۈرۈش قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارستوتېل پەلسەپىسى ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ داراغا قارشى كۆرەشتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقىغا تايىنىپ شەرقتە ئادالەت ئورناتقانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. نەۋايى گىرېك پەلسەپىسىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى تۈپەيلى تارىختىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن تۈپتىن پەرقلىق بولغان غايىۋى پادىشاھ ئوبرازى ئارقىلىق شەرق ھاكىمىيەتلەقلىقىنى مەسخىرە قىلىدۇ. چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى «راھەتۇل قۇلۇب» («قەلب ھۇزۇرى»، 13—14-ئەسىرلەردە يېزىلغان)دا چىن مەلىكىسى بىلەن غەرب شاھزادىسى ئوبرازى يارىتىلغان. بەزى داستانلارنى ئىنتېرناتسىئونالىزملىق ئىدىيەنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر پارچە ئەينەك دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، بىر داستاندا(بۇ يەردە ئاساسەن «خەمسە نەۋايى» كۆزدە تۇتۇلغان.) چىنلىق پادىشاھ، شاھزادە، مەلىكە ئوبرازى، ھىندى پادىشاھى، شاھزادىسى، مەلىكىسى، ئىران، ئەرمەن، ئەدەن، باغدادلىق ھەرخىل-ھەرياڭزا ئوبرازلار ئۇچرايدۇ. بۇلارنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرساق، بۇ ئەسەرلەردە چىن خاقانى، خوتەن رەسسامى، خارەزم چۆللۈكى، ھىندى راھىبى، ئىران دەرۋىشى، ئەرمەن گۈزىلى، ئەرەب ھەكىمى، ئېفىئوپىيە زەڭگىسى، يۇنان سەركەردىسى، ساك قەھرىمانى، غەربىي يۇرت مەرگەنلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دۇنيادا مۇنداق قىياپەتلىك ئىككىنچى تەسۋىرىي تەپەككۇر مۆجىزاتىنى يەنە تېپىش تەس.

دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خېلى قەدىمكى زامانلاردىلا ئېچىۋېتىلگەن بىر ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا يۈزلەنگەن. ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىلا ھىندىستاننىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئەرەب-پارس ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچراشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى باشقا تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى ئارىسىدا، تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتى بىلەن قويۇق ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەن. ئېلىمىز جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرى، قوشنا ئەللەر ۋە مىللەتلەر بىلەن بولغان ئەدەبىيات مۇناسىۋىتى

جەمئىيەتتە، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تىپىك ۋەكىللىككە ئىگە ئەدەبىيات. ئەدەبىياتنىڭ تېما، ماتېرىيال، ئىدىيە ۋە باشقا شەكىل ئامىللىرى جەمئىيەتتە «ھەم مېنىڭ، ھەم سېنىڭ» بولۇشتەك ھالەت بارلىققا كەلگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا يەرلىك، مەھەللىۋى ياكى مىللىي ئالاھىدىلىك جۇلالىنىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خاس ئىدىيەلەرمۇ ئەكس ئەتكەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مول ئەدەبىيات خەزىنىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەتلەر تولۇق. مەيلى ئىدىيەۋىلىك جەھەتتىن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن بىر ئۆلگىلىك ئەدەبىيات بولۇشقا مۇناسىپ. شۇڭا، ئۇنى ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا، ئىلغار ئىدىيەۋى خاھىشىنى ھەم شەكىللىرىنى بەدىئىي ئىجادىيەتكە ۋە تۇرمۇشقا تەتبىق قىلىشقا، ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. «ئۆتمۈشتىكىلەردىن ئۆگىنىپ، بۈگۈنكىگە تەتبىق قىلىش»، «كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش» پرىنسىپى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىمۇ ماس كېلىدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئودالىزم جەمئىيىتى باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدا كونا جەمئىيەتتە ياشىغان مېھنەتكەش خەلقنىڭ تۇرمۇش مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئۆز-ئۆزىنى روناق تاپقۇزۇش، يورۇقلۇققا ئىنتىلىش، ئىجتىمائىي قارا كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىش، ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ئەقىل-پاراسەت توپلاش جەھەتلەردىكى پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، مەلۇم ساندا ئەزگۈچى سىنىپنىڭ ئىرادىسى، كونا ۋە فېئوداللىق ئاسارەتنىڭ تەسىرى، چۈشكۈنلۈك خاھىشلىرى ھەم ئەكس ئېتىپ قالغان. بۇلار مەدەنىيەت مېغىزىنىڭ شاكاللىرى بولۇپ، ئەينى چاغدىكى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى ئۆگىنىشتە بىۋاستە ئەمەس، بەلكى ۋاسىتىلىك يوسۇندىكى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنى كېيىن كەلگەندە تاشلىۋېتىشكە ياكى ئەھمىيەتسىز نەرسە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## 2. تىل ۋە يېزىق

### 1. تىل

1. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەۋەلىكى ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرى

ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىلى. ئۇ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە.

ئۇيغۇر تىلى تۆۋەندىكىدەك تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن:

بىرىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە «ئەڭ قەدىمكى دەۋر» (مىلادىيە 5-ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىت) ۋە «قەدىمكى دەۋر» (5—13-ئەسىرلەر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە «ئاۋۋالقى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى» (13—14-ئەسىرلەر) ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى ( 15—17-ئەسىرلەر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

ئۈچىنچى، يېڭى (زامانىۋى) ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە يەنە «كېيىنكى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى» (17—19-ئەسىرلەر) ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى (20-

ئەسىردىن بېرىقى ۋاقىت) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ[1].

2. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تۈرك خانلىقى(مىلادىيە 552—744 ـ يىللار)، ئۇيغۇر (ئورقۇن)خانلىقى(مىلادىيە 744—840 ـ يىللار)، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى(تەخمىنەن مىلادىيە 850—1250 ـ يىللار) ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى(تەخمىنەن مىلادىيە 870—1035 ـ يىللار)، كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى (تەخمىنەن مىلادىيە 10—11 ـ ئەسىرلەر)[2] زامانىسىدا قوللىنىلغان تىلدىن ئىبارەت. ئۇ قەدىمكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ بىۋاسىتە داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئوخشاشلا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دائىرىسىگە تەۋە. چۈنكى، بۇ ئىككى تىلدىكى بىر قانچە تاۋۇشنىڭ ئالمىشىش ھادىسىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ تىللار تامامەن ئوخشاش. ئۆز زامانىسىدىكى تىلشۇناسلار بۇ ئىككى خىل تىل، جۈملىدىن قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ ۋارىسى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئاتاشتا ئۇنىڭ ماھىيىتىگە دىققەت قىلغان. مەسىلەن، تەخمىنەن 10—11 ـ ئەسىرلەردە تارىم بوستانلىقىدا كەنت ـ بالىقلارنىڭ بىرىدە توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان «مايترى سىمىت» ناملىق ئەسەردە «تۈرك تىلى» دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان بولسا، تەخمىنەن يەنە شۇ يىللاردا بەشبالىقتا ياشىغان تىلشۇناس سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ (شىڭقۇ شەلى تۇتۇڭ) «تۈرك ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئاتالغۇنى تىلغا ئالغان. ئەمدى، تەخمىنەن 9 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىرەك كىتاب بولۇپ چىقىپ تۇبۇت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتۇن يارۇق» (تولۇق نامى «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىغىغ قوپتا كۆترۈلمىش نوم ئېلىگى ئاتلىغ نوم»)تا «ئۇيغۇر تىلى» دېيىلگەن[3].

روشەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەندۈرىدۇ. ئورقۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى، «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «مايترى سىمىت»، قوچو ئۇيغۇر شېئىرلىرى مانا مۇشۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تارىختا تۈنجى قېتىم يېزىققا تەتبىقلانغان. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يېزىق ۋەسىقىلىرى قالدۇرۇلغان. بۇددا، مانى دىنى مۇھىتىدا، سانسكرىت (ئەنەتكەك)، توخرى (توقرى، توخار)، سوغدى تىللىرىدىن ھەم خەنزۇ تىلىدىن بىرمۇنچە سۆز ـ ئاتالغۇلار، سۆز ياساش قوشۇمچىلىرى ۋە قىسمەن گرامماتىكىلىق تەركىبلەر قوبۇل قىلىنغان. بۇلار قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى خاقانىيە تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ بىۋاسىتە مەنبەسى بولۇپ قالغان.

3. خاقانىيە تىلى

بۇ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نامى،يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا ئىسلام دىنى مۇھىتىدا شەكىللەنگەن تىل. 9—12 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي

[1] ئا. ت. قايداروف (قازاقىستان): «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى»،1 ـ كىتاب، ئالماتا، 1969 ـ يىلى نەشرى.

[2] بۇ خانلىقنىڭ ئورنى،يىلنامىسى ھەققىدە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت.بۇ ھەقتە چيەن بوچۈەننىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 2009 ـ يىلى1 ـ سانى)؛ خې گۇاڭيۈنىڭ «شىمالىي دىلار يىلتىز ـ شاخچىلىرىنىڭ تارىخى» («北狄源流史») (جياڭشى مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق مەنبەلەرگە قارالسۇن.

[3] رېن يىفېي، ياسىن ھوشۇر: «ئۇيغۇر مىللىتى»(«维吾尔族»)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ بەت.

ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغان بۇ تىل قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونى خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ تىلىنى ئاساس قىلغان. بۇ تىلنى مەھمۇد كاشغەرىي كەڭ مەنىدە «تۈرك تىلى» دەپ، ئەدەبىي تىل نۇقتىسىدىن «خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ ئاتىغان؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ تىلغا نىسبەتەن «تۈرك تىلى» (ياكى تۈركىي تىل) دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەندىن باشقا، «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدە يەنە «بۇغراخان تىلى»، «خان تىلى» دېگەنناملار ئۇچرايدۇ. ئەھمەد يۈكنەكى يازغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق»تا بولسا «كاشغەر تىلى» دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان. ياركەند سەئىدىيە خانلىقى زامانىسىدىن كېيىن تاكى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك «تۈرك تىلى» (تۈركىي تىلى) دېگەن ئاتالغۇ قەيت قىلىنغان. ئادەتتە بۇ خىل تىلنى «خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىسا تولۇق ئۇقۇم ئاڭلىتىلىدۇ. خاقانىيە تىلى كېيىنكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. جۈملىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن مۇشۇ تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇ تىلنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى «قۇتادغۇ بىلىك»، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسەرلەردە كۆرۈلىدۇ.

4. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

1) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ياكى كونا ئۇيغۇر تىلى[①] قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (قوچو ئۇيغۇر تىلى) ۋە خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە كەڭ قوللىنىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت.

13 - ئەسىردىن كېيىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى، شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى بەزى خەلقلەر ئارىسىدا خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا، ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭى بىر خىل تىل شەكىللەنگەن. بۇ خىل تىل ئەڭ دەسلەپ چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن «چاغاتاي تىلى» دېيىلگەن. 15—16 - ئەسىرلەردىن كېيىن، چىڭگىزخانىنىڭ چوڭ ئوغلى جوجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي - شىمالىي قىسمى، جەنۇبىي رۇسىيە يايلاقلىرى ۋە ئەمىر تۆمۈر ( مىلادىيە 1370 —1405 - يىللىرى ئەمىر بولغان) نىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئافغانىستان، ئىراننىڭ شەرقىي ھەم شەرقىي شىمالىي قىسمى، ھىندىستان رايونلىرىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلە - ئايماقلارمۇ چاغاتاي تىلىنى قوللانغان[②].

2) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى

رۇسىيە شەرقشۇناسى ۋ. ۋ. بارتولد «ئەگەر موڭغۇللار بۇ يەرگە ئىستېلا قىلىپ كەلمىگەن بولسا، چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى» [③]دەپ يازغان. چۈنكى، موڭغۇللار غەربىي يۇرت ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا قىلغان كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈشلىرى، بۇ رايونلاردىكى بىرمۇنچە مۇستەقىل تاجۇتەختلەرنى، دۆلەت بايراقلىرىنى، دۆلەت

---

[①] بۇ تىلنى كاشغەر ئۇيغۇر تىلى، ئوتتۇرا - يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى، 13—19 - ئەسىرلەر ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ بار.

[②] «جوڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقاتى» (《中国民族古文字研究》)، جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1984 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 114 - بەت.

[③] ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە» (《中亚突厥十二讲》)، جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 152 - بەت.

چېگرالىرىنى ۋە بىرمۇنچە مىللەت، قەبىلە ئايرىمىلىرىنى ناھايىتى تېز ئارىدىلا يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت، مەدەنىيەت، بولۇپمۇ تىل جەھەتتىكى ئورتاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ رايوندىكى خانلار خېلى ئۇزاق زاماندىمۇ ھەل قىلالمىغان زور تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆتىگەن.

چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللەنگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى رايونلاردا ئاساسەن تۈركىي تىل ۋە ئۇنىڭ ھەرخىل شېۋىلىرىدە، پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەر ياشايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدىن شەرقىي ياۋروپادىكى دوناي دەرياسىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان[1] ۋە ئەسلىدە تاجىك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خارەزمىيلەر ناھايىتى تېز تۈركىيلەشمەكتە ئىدى. ئەرەب تىلى بولسا، ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئەرەب مۇھاجىرلىرى ھەم دىنىي تەبىقىدىكىلەرنىڭ بىر خىل ئالاقە قورالى بولۇپ قالغان. موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن بۇ جايغا يەنە موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر كېلىپ ئورۇنلاشقان. لېكىن بۇلارمۇ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تۈركىيلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. شۇڭا ھۆكۈمران تائىپىلەر ھەممە قەبىلە ۋە مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان بىر خىل تىلنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان. يەرلىك تۈركىي تىلنى (ئۇيغۇر تىلىنى) ئاساس قىلىپ، ئەرەب، پارس ۋە موڭغۇل تىللىرىدىن نۇرغۇن تىل ئېلېمېنتلىرىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بۇ خىل تىل تارىختا «چاغاتاي تىلى»[2] دەپ ئاتالغان. «قامۇسۇلئەئلام»دا بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتتە ئەڭ ئالغا كەتكەن خەلق بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئەدەبىي تىل بولغان.... چاغاتاي خانىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ‹چاغاتاي تىلى› دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى»[3] دېيىلگەن.

كۆپچىلىك تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسلىرى «چاغاتاي تىلى»نى ئەينى زاماندا تۈركىي تىللارنىڭ ئىچىدە تەسىرى كۈچلۈك بولغان ئۇيغۇر تىلى شېۋىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ.

چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇنۇ سۆزىدىن چۈشىنىۋالغىلىمۇ بولىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي چاغاتاي تىل-ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىياتنىڭ يىرىك ۋەكىللىرى بولغان مەۋلانا سەككاكىي بىلەن مەۋلانا لۇتفىي توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر ئىبارەتىنىڭ فۇسەھاسىدىن ۋە تۈركىي ئەلفازىنىڭ بۇلاغاسىدىن مەۋلانا سەككاكىي ۋە مەۋلانا لۇتفىي» (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇستىلىرىدىن، تۈركىي سۆزلەرنىڭ ماھىرلىرىدىن مەۋلانا سەككاكىي ۋە مەۋلانا لۇتفىي). بۇ يەردىكى «ئۇيغۇر ئىبارەتى» بىلەن «تۈركىي ئەلفازى» تەڭ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، «ئۇيغۇر تىلى» ياكى «تۈركىي تىل» دېگەن مەنىنىلا ئىپادىلەيدۇ. «فۇسەھا» بىلەن «بۇلەغا»مۇ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى «تىل ماھىرى، تىلدا يېتىلگەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك بۇ تەرىپىنىڭ مەنىسى «ئۇيغۇر تىلى»نىڭ ياكى «تۈركىي تىلى»نىڭ يېتىلگەن ماھىرلىرىدىن دېگەندىنلا ئىبارەت. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ نەسرىي

---

[1] ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، 143-ەت.

[2] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىلى نەشرى، 851-بەت.

[3] شەمسىدىن سامى تەھرىرلىكىدە نەشر قىلىنغان «قامۇسۇلئەئلام» 3-توم، 1640-، 1876-بەتلەر، 1889-يىلى ئىستانبۇل.

ئەسەرلىرىدە مۇنداق تەڭ مەنىلىك قۇرۇلمىلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكى سەككاكىي بىلەن لۇتفىينىڭ تەرىپىدە ئۇلار قوللانغان چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ياكى تۈركىي تىل ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن[1]. مەشھۇر تارىخشۇناس ليۇ جىشاۋ «ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان بۈيۈك تۆھپىسىمۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ۋە رايونلار مۇشۇ تىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە تارىخىنى خاتىرىلىگەن ھەم تارقاتقان»[2] دەپ يازغان. چاغاتاي تىلى تۈپ ماھىيىتى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، يېقىندىن بېرى بەزى چاغاتاي تىلى تەتقىقاتچىلىرى بۇ تىلنى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىسا ئەڭ مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ دېگەن ئىلمىي كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا[3].

5. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللار تەرەققىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى

ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللار تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يېزىشقان:

ئۇيغۇر تىلى (بۇ يەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى كۆزدە تۇتۇلغان. — ئا) ۋە يېزىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ، يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى (10— 12-ئەسىرلەر) تىلىنىڭ، ئاندىن ئوغۇز، قىپچاق ئەدەبىي تىلىنىڭ (12—13-ئەسىرلەر)، چاغاتاي تىلىنىڭ (13—14-ئەسىرلەر)، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ (13—14-ئەسىرلەر)، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ (15—20-ئەسىرلەر)، كونا تۈركمەن تىلىنىڭ (17—19-ئەسىرلەر) ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن[4].

«ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخىي گىراماتىكىسى» دېگەن ئەسەردە س. يې. مالوفنىڭ ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى كۆز قارىشى مۇنداق تونۇشتۇرۇلغان: «س. يې. مالوف ئۆزبېك تىلى تارىخىنى ئۈچ دەۋرگە بۆلىدۇ: ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى، سوۋېت دەۋرى ئۆزبېك تىلى. بۇ خىل دەۋرگە بۆلۈش بويىچە (سوۋېت دەۋرى) ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدىن، بو تىل (چاغاتاي ئەدەبىي تىلى) بولسا ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن كېلىپ چىققان»[5].

دېمەك، ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللار تارىخىدا ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان. سەۋەب، ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇش ھالىتىنى باشتىن كەچۈرگەن، يېزا ئىگىلىكى قەدىمكى چاغلاردىلا ئاساسىي ئىگىلىككە ئايلانغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا گۈللەنگەن، شەھەرلىشىش ئىلگىرىلا باشلانغان. بۇ ھال يېزىقنىڭ

[1] مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993-يىلى 1-سان، 19-بەت.

[2] ليۇ جىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى،1 - قىسىم، 216-بەت.

[3] ئا. پولات: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1993-يىلى نەشرى، 7-بەت.

[4] ن. ئا. باسكاكوف (رۇسىيە): «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986-يىلى نەشرى، 71-بەت.

[5] غ. ئابدۇراخمانوف، ش. شۇكۇروف: «ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخىي گىراماتىكىسى»، تاشكەنت، 1973-يىلى، 17-بەت.

يارىتىلىشىغا، ئەدەبىي تىلىنىڭ قېلىپلىشىشىغا، يازما ھۆججەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان.

### 2. يېزىق

ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى باشقا قەدىمكى بىر قىسىم قوۋم(ئۇلۇس) ۋە خەلقلەر تارىختا بىرمۇنچە يېزىقلارنى قوللانغان.

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا بىۋاسىتە قوللانغان يېزىقلار قەدىمكى تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، مانى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، بىراخما يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، قەدىمكى تۈبۈت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئىككى مەنبەنىڭ يەنە بىرى بولغان تارىم بوستانلىقىدىكى كەنت ـ بالىقلاردا ياشىغان يەرلىك ئۇلۇس ـ قوۋملارمۇ① بىر مۇنچە يېزىقلارنى ئىشلەتكەن. بۇ خىل يېزىقنىڭ بەزىلىرى قارۇشتى يېزىقى، گىرېك يېزىقى، فارابىل يېزىقى، ئەرەب يېزىقى قاتارلىقلار.

1. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى(回鹘文، 回纥文) ئۇيغۇرلار ۋە بەزى تۈركىي تىللىق ئۇلۇس ۋە قوۋملار ئۇيغۇر خانلىقى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى،

---

① تارىم بوستانلىقىدىكى سۇلى (كاشغەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، كۇسەن (كۇچا)، ئاگنى (قاراشەھەر)،كرورەن ۋە بۆلارغا قوشنا ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى كەنت ـ بالىقلاردا ۋە تۇرپان، قۇمۇل بوستانلىقىدىكى كەنت ـ بالىقلاردا غەيرىي تۈركىي تىلدا ۋە بەزىدە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان، ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆنۈككەن ھەم بىر قىسىم كۆچمەن ئاھالىلەر تەخمىنەن مىلادىيە 9 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر قاتلام مەنبەسى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلىشىش مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

1) «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» («中国少数民族»، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن)، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

2) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»(«新疆简史»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ قىسىم 237 ـ بەت.

3) «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» («维吾尔族简史»، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 8 ـ بەت.

4) گېڭ شىمىن: «تارىم ئويمانلىقىدىكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە»(«试论塔里木盆地民族的融合和近代维吾尔族的形成»)، «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمىنىڭ داۋامى»(«新疆历史论文续集»)ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ يەنە گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىدىن ئوچېرك»(«维吾尔族古代文化和文献概论»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

5) ياڭ جيەنشىن: «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى»(«中国北方少数民族史»)، 392 ـ بەت، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

6) خې جىخۇڭ: «غەربىي يۇرت ھەققىدە مۇھاكىمە»(«西域论稿»贺继宏著)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 81 ـ بەت.

7) لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»(《中国新疆的历史与现状》厉声主编) ناملىق كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: «ئۇيغۇرلار كۆپ مەنبەلىك مىللەت بولۇپ، ئاساسلىقى موڭغۇل يايلىقىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر (回纥)لار بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان يەرلىك ئاھالىلەر( 土著 )نىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن». شۇ كىتاب 68 ـ، 69 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

چىڭگىزخان زامانىسى، چاغاتاي خانلىقى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى، تۆمۈرىيلەر پادىشاھلىقى دەۋرى قاتارلىق دەۋرلەردە قوللانغان بىر خىل يېزىق.

يېزىقشۇناسلىق ساھەسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرى ئارامىي يېزىقىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن سوغدى يېزىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دېيىلىدۇ.

يېزىقشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئايرىم قاراش بويىچە سوغدى يېزىقى بىلەن تۈركىي تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى خاتىرىلىگەن ۋاقىت مىلادىيە 5- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ[1] دەپ قارىلىدۇ. بايقالغان ھۆججەتلەرنىڭ ئورنى تۇرپاندىكى قاراغوجا قەبرىستانلىقى[2]. قەبرىستانلىقتىن بىر ياغاچ قارانچۇق بايقالغان، ئۇنىڭ يۈزىگە خەنزۇچە 代人 (ئوقۇلۇشى«دەيرېن») دېگەن خەت يېزىلغان. كەينىدە سوغدى يېزىقى بىلەن ئۇيغۇرچە kiši دېگەن سۆز يېزىلغان. يەنە بىر پارچە ياغاچ قوزۇقتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خەت بار. مۇشۇلار بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا تېپىلغان بىر پارچە خەنزۇچە ۋەسىقىدە «يۇڭكاڭنىڭ17- يىلى» (永康十七年) دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. بۇنى ئوقۇپ يېشىپ كۆرگۈچىلەرنىڭ قارىشىچە،« يۇڭكاڭ» رورەن(柔然)[3] لەرنىڭ سوراپورچىن (受罗部真) قەبىلىسىنىڭ خانىنىڭ يىلنامىسى بولۇپ، بۇ مىلادىيە 480- يىلىغا توغرا كېلىدىكەن[4]. يەنە ئىككى پارچە ياغاچ قوزۇقتا rin يەنى خەنزۇچە 人 (ئوقۇلۇشى«رېن»)، tairin يەنى خەنزۇچە 代人(ئوقۇلۇشى«تايرېن») دېگەن سوغدىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن. ئايرىم ئىلمىي خادىملارنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، ئەگەر خەنزۇچە ھۆججەتلەر بىلەن سوغدى يېزىقىدىكى ياغاچ قوزۇقلارنىڭ بىر دەۋرگە مەنسۇپلۇقى مۇقىملاشتۇرۇلسا، ئۇنداقتا قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سوغدى يېزىقىنى قوللىنىشى مىلادىيە 5- ئەسىرلەرگە بېرىپ تۇتاشقان بولىدۇ.

«خۇئاستۇئانىفت» ناملىق ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. ئىلىم ساھەسىدە بۇ ئەسەرنىڭ خېلى قەدىمكى چاغقا توغرا كېلىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ[5]، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان دېگەن قاراش بار.

مىلادىيە 8- ئەسىرلەردە بۈگۈنكى قازاقىستانغا تەۋە يەتتىسۇ(سىمىرچىنىسكىي) رايونىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان تۈركەشلەر سوغدى يېزىقى بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقانلارنىڭ بىرى. مەسىلەن، ھازىر ئىلىم دۇنياسىدا خەت ئويۇلغان بىر دانە پۇل ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا Turgiš qaghan bašbaqir دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن[6].

---

[1] نيۇ رۇجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە»(«维吾尔古文字与古文献导论»)، 78- بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997- يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[2] «تۇرپان قاراغوجىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (文物) ژۇرنىلىنىڭ 1978- يىللىق 6- سانى، خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

[3] رورەن ( 柔然) لەر، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا جۇجانلار دەپمۇ قوللىنىلىدۇ.

[4] ق. ۋەلى: «تۇرپاندىن تېپىلغان مىلادىيە 5- ئەسىرگە تەۋە تۈركىي يېزىقتىكى ياغاچ قوزۇق»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (文物)، 1981- يىللىق 1- سان، خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986- يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

[5] رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن س. ئې. مالوف بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 5- ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا مەيدانغا كەلگەن(«ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 8- بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ھۇزۇرىدا تۈزۈلگەن، ئالمۇتا پەن نەشرىياتى، 1983- يىلى نەشرى) دېگەن سۆزگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ چاغلاردىلا قەدىمكى سوغدى يېزىقىدىن كەلگەن يېزىق بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغانلىقىنى قىياس قىلدۇرۇشقا بولىدۇ. بىراق، بەزى تەتقىقاتچىلار س. ئې. مالوفنىڭ بۇ قارىشىنى قۇۋۋەتلىمەيدۇ.

[6] نيۇ رۇجى: «تۈركەش پۇللىرى ھەققىدە»، «جۇڭگو پۇلچىلىقى» («中国钱币»)، 1988- يىلى، 3- سان،

تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئورقۇن دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قارابالغاسۇن[1] دىن تېپىلغان «توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۈ تېشى» ئۈچ خىل يېزىقتا ئويۇلغان. ئۇلار سوغدى يېزىقى، تۈرك يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىن ئىبارەت. مانا بۇ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە سوغدى يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئاساسلىق ماتېرىيال.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى كەڭ دائىرىدە قوللانغان بولغاچقا، ئۇ ئۆز زامانىسىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتالغان. بۇ يېزىقنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق. ئۇنىڭدا 18 دىن 22 گىچە ھەرپ بار. ئاساسلىق بەلگىلەر ئون ئەتراپىدا بولۇپ، قالغان بەلگىلەر مۇشۇ بەلگىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن. دەسلەپتە ئوڭدىن ـ سولغا توغرىسىغا يېزىلغان، كېيىنكى چاغلاردا سولدىن ـ ئوڭغا تىك يېزىلىدىغان بولغان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يادىكارلىقلار سولدىن ـ ئوڭغا تىك يېزىلغان. بۇ يېزىق ياغاچ ئويما باسما شەكلى، بۇددا كىلاسسىك ئەسەرلىرى شەكلى ۋە ئىرماش شەكىل دېگەن ئۈچ خىل يېزىق شەكلىگە ئايرىلغان. ئالدىنقى ئىككى شەكىلدە يېزىلغان يادىكارلىقلارنى ئوقۇش ئاسانراق، كېيىنكىسىنى ئوقۇش قىيىنراق.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نۇرغۇن ھۆججەتلەر يېزىلغان. بۇلاردىن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلار بۇددا دىنىغا دائىر ھۆججەتلەر، مانى دىنى مەزمۇنىدىكى ھۆججەتلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تېبابەتچىلىككە دائىر ھۆججەتلەر ۋە باشقا مەزمۇندىكى ۋەسىقىلەر بولۇپ، جۇڭگودا ئېلان قىلىنغانلىرى 50 پارچىگە يېقىن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تارىختا ئەتراپتىكى باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن. تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، قىتانلارنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەقلىد قىلىپ ئىجاد قىلىنغان. چىڭگىزخان زامانىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللار تەرىپىدىن قوللىنىلغان ھەمدە نۇرغۇن ئۆزگەرتىشلەر ئارقىلىق ھازىرقى موڭغۇل يېزىقى بولۇپ شەكىللەنگەن. 16 ـ ئەسىردىن كېيىن مانجۇلار بۇ يېزىقنى موڭغۇللاردىن قوبۇل قىلىپ ئېلىش بىلەن مانجۇ يېزىقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەڭ كېيىنكى يادىكارلىق 1469 ـ يىلى پەرغانە سۇلتانى ئۆمەر شەيخنىڭ «مەرغىلان ھاكىمى مىر سەئىد ئەھمەدكە ئەۋەتكەن تەقدىرلەش ھەققىدىكى بۇيرۇقى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يېزىق تۈركىيەدە فاتىھ سۇلتان دەۋرى (1451—1481) گىچە قوللىنىلغان. شىنجاڭدا بولسا 14—15 ـ ئەسىرگىچە قوللىنىپ كېلىنگەن. بۇنى1368 — 1644 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ «قوچو مەھكىمىسى سۆزلۈكى»دىن ئۇقۇۋالغىلى بولىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا گەنسۇنىڭ جيۇچۈەنگە يېقىن يېرىدىن تېپىلغان «ئالتۇن يارۇق»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى17 ـ ئەسىردە (يەنى چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 26 ـ يىلى، مىلادىيە 1687 ـ يىلى) پۈتۈلگەن[2].

2. قەدىمكى تۈرك يېزىقى

قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى قەدىمكى تۈركلەر (تۈركۈتلەر، كۆكتۈركلەر، تۇكيۇلار، خەنزۇچە 突厥

خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

[1] ئەسلى قارا بالاساغۇن ياكى قارا بالىق ساغۇن بولۇپ، يەنە ئوردۇبالىق، بايبالىق دەپمۇ ئاتالغان.

[2] گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مۇھىم يادىكارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» ناملىق توپلامنىڭ 2 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1983 ـ يىلى نەشرى.

دەپ خاتىرىلەنگەن)، ئۇيغۇر، قىرغىز، قۇربقانلار تۈرك خانلىقى، ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىگىچە قوللانغان. كونكرېتراق ۋاقتىنى ئېيتساق، مىلادىيە 7—11-ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ[1]. بۇ ئىلىم دۇنياسىدا ئورقۇن-يېنسەي يېزىقى، تۈرك-رونىك[2] يېزىقى، تۈركلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى يېزىقى، سىبىرىيە يېزىقى، دولبارچىن يېزىقى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

قەدىمكى تۈرك يېزىقى 38 دىن 40 قىچە بولغان بەلگىدىن تەركىب تاپقان (بەزى بەلگىلەرنىڭ ۋارىيانتلىرىنى قوشقاندا بەلگە سانى 100 گە يېتىدۇ)، ئۇنىڭدا تۆت بەلگە ئارقىلىق سوزۇق تاۋۇش ئىپادىلەنگەن. خەتلەر ئوڭدىن سولغا توغرىسىغا يېزىلغان. لېكىن ئايرىم مەڭگۈ تاشلاردا سولدىن ئوڭغا ياكى بىر قۇر ئوڭدىن سولغا، يەنە بىر قۇر سولدىن ئوڭغا يېزىلغان ئەھۋاللارمۇ بار. تۈرك يېزىقىنىڭ تۈرى ئۈستىدە ئوخشىمىغان قاراش بار. بەزىلەر ئۇنى ئېلىپبەلىك يېزىق بىلەن بوغۇملۇق يېزىقنىڭ ئارىلاشما شەكلى دەپ قارىسا، بەزىلەر ساپ ئېلىپبەلىك ياكى ساپ بوغۇملۇق يېزىق دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن كۆپچىلىك ئىلمىي خادىملار، بۇ خىل يېزىقتا گەرچە بوغۇملۇق يېزىقنىڭ قىسمەن تەركىبلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئېلىپبەلىك يېزىقنىڭ خۇسۇسىيىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ دەپ ھېسابلايدۇ.

يېزىقشۇناسلىق ساھەسىدە قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار ساقلانغان.

بىرىنچى، تۈرك يېزىقى قاراسۇك(قاراسۇ) مەدەنىيىتى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى13-ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7-ئەسىر) گە مەنسۇپ تېپىلىدىلار ئارىسىدىكى بەلگە-تامغىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ھېسابلاش[3].

ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ خوتەن، توقسۇن، تارباغاتاي قاتارلىق جايلىرىدىكى تاغ قىيالىرىدا خىلمۇ خىل تامغا-بەلگىلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى بىر خىل يېزىقنىڭ قەدىمكى شەكلى دەپ قاراش[4]، ھەم بۇ تامغا-بەلگىلەر قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى بەزى ھەرپلەر بىلەن

---

[1] «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (يۇتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە يېزىلغان)، 211-بەت، جۇڭگو دوستلۇق كىتاب شىركىتى نەشرىياتى، 1996-يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

[2] رون—سىرلىق دېگەن مەنىدە.

[3] بۇ كۆز قاراشنى دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغۇچىلاردىن بىرى رۇسىيە ئالىمى س. ب. كېسلىق. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «جەنۇبىي سىبىرىيەنىڭ قەدىمكى تارىخى»(خەنزۇچە نامى «南西伯利亚古代史») ناملىق كىتابىغا قارالسۇن؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ:

1) جۇ لىيەنكۇن: «دىڭلىڭلارنىڭ ئىرقى ۋە تىلى ھەم غوبىنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(«中山大学学报»)، 1957-يىللىق 2-سان؛ «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» (« 突厥与回纥历史论文选集» .لىن گەن تۈزگەن)، جۇڭخۇا نەشرىياتى1987-يىلى نەشرى، بېيجىڭ.

2) نيۇ رۇجى: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مىللىي يېزىقى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»(«西北民族研究»)، 1990- يىلى، 1-سان، 184-بەت، خەنزۇچە،لەنجۇ.

[4] بۇ توغرۇلۇق تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قارالسۇن:

1) «شىنجاڭ تارىخىدىكى ئۇلۇغ يادىكارلىق»، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» («تارىم») ژۇرنىلى، 1955-يىلى 5-سان.

2) سابىر ئەھمەد، ق. ۋەلى: «ئاق سېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى يېزىقلار ھەققىدە مۇلاھىزە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1984- يىللىق، ئومۇمىي 11-سان.

3) ئابدۇقېيۇم خوجا: «قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1987-يىلى، 1-سان.

4) ئابدۇقېيۇم خوجا: «لەمجىن غولىدىكى تاش ئويمىلار»، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر»، 1998-يىلى، 1-سان.

5) ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت — بۇلاقتىن بىر ئوتلام»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000- يىلى نەشرى.

6) ئا. ئالىم، ت. ھوسۇن: «ئۇلاچىدىكى سۈرەت تاش توغرىسىدا»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1995-يىلى 10-ئاينىڭ 31-كۈنى.

7) قابى موللا: «قازاقلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى تاش ئويمىلار»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994-يىلى، 3-سان، خەنزۇچە.

مەنبەداشلىق ۋە ئوخشاشلىقتا ئىگە دېگەن قاراش.

ئۈچىنچى، مەركىزىي ئاسىيا، جۈملىدىن غوبى رايونى، جەنۇبىي سىبىرىيە رايونىدا مىلادىيەدىن بۇرۇنلا تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا قانداقتۇر بىر خىل يېزىق قوللىنىلغان بولۇپ، قەدىمكى تۈرك يېزىقى دەل مۇشۇ يېزىقنى مەنبە قىلغان دېگەن قاراش[1].

تۆتىنچى، ئەرەم (ئارامىي، ئەرمىيە) يېزىقىدىن كەلگەن دېيىش[2]. بۇ دۇنيادىكى تۈركىي تىلى ۋە يېزىقىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار ئارىسىدا بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان قاراش.

بەشىنچى، تۈركىي تىللىق ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇق بەلگىلىرى، ئايتامغىلىرىدىن كەلگەن دېيىش[3].

دېمەك، ھازىرغىچە، بۇ خىل يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. ۋاھالەنكى تارىخىي پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەسكى، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى خېلى كۆپ ھەرپلەرنى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان[4]، بەزىلىرىنى قوشنا خەلقلەر يېزىقلىرىدىن ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەن.

قەدىمكى تۈركلەر(كۆكتۈركلەر)نىڭ يېزىقى توغرىسىدا قەدىمكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىمۇ بەزى خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، لىڭخۇ دېفېن يازغان «جۇنامە» («周书») 50-جىلد «يات يۇرتلاردىكىلەرنىڭ تەرجىمىھالى كېيىنكى بابى. تۈركلەر تەزكىرىسى»(«突厥传») دە «تۈركلەرنىڭ يېزىقى غۇز(ياكى خۇ، خەنزۇچە 胡 دەپ يېزىلغان)لارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى»[5] دېيىلگەن. مانا بۇ قەدىمكى تۈركلەردە يېزىق بارلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە. يەنە تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، جۇڭگونىڭ شىمالىي چى خانلىقى (مىلادىيە 550—570-يىللار) دىكى ئاقىل بەگ ليۇ شىچىڭ(刘世清) مىلادىيە 574-يىلى يارلىققا بىنائەن «نىرۋانا نومى» (涅盘经)نى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ (تاسپار) خاقانىغا تەقدىم قىلغان. لى دېلىن كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن. ئەمما مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن، ئاشۇ چاغدىكى تۈرك يېزىقىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ياكى شەكلى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق[7][6].

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا مول ۋەسىقىلەر قالدۇرۇلغان. ئۇلار قەدىمكى تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى جەمئىيىتىنىڭ تارىخى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم

---

8) ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «شىنجاڭ قىيا تاش رەسىملىرىدىكى بەزى ئەھۋاللار»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1999-يىلى12-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى سانى.

[1] ئىسسىقكۆل بويىدىكى ئىسىك دېگەن يەردىن تېپىلغان، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى5-ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ قارالغان «ئالتۇن كىيىملىك شاھزادە» بىلەن بىرگە چىققان كۈمۈش تاۋاقتىكى خەت ۋە باشقا ئارخېئولوگىيەلىك تېپىندىلار مىسال قىلىنىدۇ.

[2] بۇ قاراشنى دەسلەپ دانىيەلىك ئالىم 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقان.

[3] بۇ قاراشنى دەسلەپ سىپاسكى، كاستىرون، ۋامبىرىلار ئېيتقان. يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراشنىڭ مەنبەلىرىنى س. گ. كىلياشتورنىينىڭ« قەدىمكى تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» ناملىق كىتابىدىن كۆرۈڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

[4] نيۇ رۇجى: «تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يېڭىچە قاراش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992-يىلى، 4-سان، خەنزۇچە.

[5] «تارىختىكى جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 673-بەت.شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004-يىلى نەشرى.

[6] لى بەيياۋ: «شىمالىي چى خانلىقى تارىخى («北齐史»). يى لۇچياڭجۇ تەزكىرىسى»، بۇنىڭ كونكرېت ۋاقتىنى سېن جۇڭمىيەن «تۈركلەرنىڭ توپلاملىق تارىخى» («突厥集史»)، بىرىنچى قىسىم، 36-بېتىدە تەكشۈرۈپ دەلىللىگەن.

[7] «نىرۋانا نومى» نى تەرجىمە قىلىشتا قانداق يېزىق ئىشلىتىلگەنلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا زامانىمىزدىكى ئىلىم ساھەسىدە ئوخشىمىغان قاراش بولۇپ كېلىنىگەن. مەسىلەن، گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس گابائىن خانىم بۇ يېزىقنى سوغدى يېزىقى ئىدى دېسە، پىروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندى تۈرك يېزىقى ئىدى دەپ ھېسابلىغان. بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماقالىلىرىگە قارالسۇن.

ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ[1].

قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى يېشىپ ئوقۇش جەھەتتە دانىيەلىك ئالىم تومسېن بىلەن رۇسىيەلىك ئالىم رادلوفلار مۇھىم تۆھپە قوشقان.

3. خاقانىيە يېزىقى

خاقانىيە يېزىقى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان يېزىق. قاراخانىيلار خانلىقى مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان. مۇشۇ تىلنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان يېزىقنى كېيىنكىلەر «خاقانىيە يېزىقى» دەپ ئاتاشماقتا.

خاقانىيە يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى 28 ھەرپلىك ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە 24 ھەرپ ئىشلىتىلگەن. خاقانىيە تىلى «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق يادىكارلىقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، جۈملىدىن، خاقانىيە يېزىقىمۇ شۇنداق بولغان. بولۇپمۇ، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى مىساللىغا ئېلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىر، قوشاق، ماقال-تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىدا روشەن ھالدا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلىگەن. شۇنداق بولغاچقا خاقانىيە يېزىقى تىلغا تەتبىق قىلىنىش جەھەتتە خاقانىيە تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەرەب يېزىقىدىن پەرقلىق بولغان.

4. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى

قاراخانىيلار خانلىقى 1212—1213-يىللىرى غەربىي قىتان خانلىقى(ياكى غەربىي لياۋ پادىشاھلىقى) تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان، 1324-يىلى ئۇيغۇرلار يېرى چاغاتاي خانلىقى تېررىتورىيەسىگە تەۋە بولغان. ئەمما خاقانىيە يېزىقى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى بىلەن يوقىلىپ كەتمەستىن، بەلكى 14-ئەسىردىن كېيىن چاغاتاي يېزىقى ياكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى بولۇپ ئۆزگەرگەن[2].

چاغاتاي يېزىقى خاقانىيە يېزىقىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. بۇ يېزىقتا ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى 28 ھەرپ ئىشلىتىلىش بىلەن بىرگە، سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ā، ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۈچۈن ng (ڭ)،Ö (ئۆ) ئىشلىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پارس يېزىقىدىن g, ³, P, tf, قاتارلىق تۆت ھەرپ ئارىيەت ئېلىنغان بولۇپ، جەمئىي 32 ھەرپ بولغان. چاغاتاي يېزىقى ئوڭدىن سولغا تۆز يېزىلغان بولۇپ، خاقانىيە يېزىقى بىلەن ئوخشاش. ھەرپلەرنىڭ تاق، باش ھەرپ، ئوتتۇرا ھەرپ، ئاخىرقى ھەرپ دېگەن تۆت خىل شەكلى بولغان.

چاغاتاي يېزىقىدا ف (*f*)، ث (S̱)، ذ (Ẕ)، ص (Ṣ)، ض (Ż)، ط (t)، ظ (Ẓ)، ح (ḥ) قاتارلىق ھەرپلەر مەخسۇس ئەرەب، پارس تىللىرىدىن ئارىيەت ئېلىنغان سۆزلەرنى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ئەمما ئۇلار پ (p)، س (s)، ز (z)، ھ (h) قاتارلىق ھەرپلەر بىلەن ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنغان.

خاقانىيە يېزىقىغا ئوخشاش چاغاتاي يېزىقىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ياردەمچى بەلگىلىرى ئادەتتە يېزىلمىغان، ئەمما ئوقۇغان ۋاقىتتا نوقۇل يېزىقنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىلماي، بەلكى تىلنىڭ راۋانلىق دەرىجىسىگە تايىنىلغان[3]. چاغاتاي يېزىقى شىنجاڭدا 20-ئەسىرنىڭ 30-

---

[1] گېيڭ شىمىن: «قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن مۇھىم مەڭگۈ تاشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇلۇشى، تەتقىق قىلىنىشى»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» ناملىق توپلامنىڭ 1-قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982-يىلى نەشر قىلىنغان.

[2] بۇ يېزىقنى كاشغەر ئۇيغۇر يېزىقى، ئوتتۇرا-يېقىنقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى، 13—19-ئەسىرلەر ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ بار.

[3] نيۇ رۇجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە».

يىللىرىغىچە، بەزى ئالاھىدىكلىرى 1950 ـ يىللارغىچە قوللىنىلغان[1]. بۇ يېزىق بىلەن يارىتىلغان ۋەسىقىلەر ۋە ھۆججەتلەر ناھايىتى مول بولۇپ، تىل، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، دىن، ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەرگە تۇتىشىدۇ.

5. خەنزۇ يېزىقى

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە مەركىزىي جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بەزى قوۋملارنىڭ خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئۇچراشقانلىقى ۋە بۇ يېزىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ۋەسىقىلەر، ھۆججەتلەرنى يېزىپ كەلگەنلىكىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن ھەم قوللىنىشتا ئىزچىللىق بار بولغان. ھۇنلار(تۈرك يوچۇن بودۇن)غا مەنسۇپ ليۇ سۇڭ (مىلادىيە 318—؟)، قۇتقۇ موڭسۇن (مىلادىيە—425)، ليۇ يۈشى (مىلادىيە 772—842 ـ يىللار)، قۇلان جىنمىڭ (مىلادىيە 7—8 ـ ئەسىر) قاتارلىق ئەدىبلەر، قوغۇرسۇ ئالتۇن، قوغۇرسۇ شېئەن ( مىلادىيە 4—5 ـ ئەسىرلەر)، شىيدى لۇۋېن (مىلادىيە 7 ـ ئەسىر) قاتارلىق تېلى ـ ئېگىز ھارۋىلىقلار(ئېگىز قاڭقىلىقلار، ياكى گاۋگويلەر ـ 高车部) قوۋمىغا مەنسۇپ ئەدىبلەر: ئۇدۇنلۇق ئالىم بۇددا سىڭا (مىلادىيە 232—348 ـ يىللار)، كۇسەنلىك ئالىم كۇماراجىۋا ( مىلادىيە 344—413 ـ يىللار )، ئۇدۇنلۇق ئالىملاردىن يەنە ۋىيسارا كۇيچى (مىلادىيە 598—682 ـ يىللار)، سىكساناندا (مىلادىيە 652 ـ 710 ـ يىللار)، خې تو (مىلادىيە 6 ـ ئەسىر)، كۇسەنلىك ئالىم لى يەن (ۋاپاتى مىلادىيە 795—798 ـ يىللار)، سۇللىق ئالىم خۇيلىن (مىلادىيە 737—820) قاتارلىقلار؛ قىتان خانلىقى زامانىسىدا ياشىغان ئۇيغۇر خانىشلىرىدىن شياۋگۇەنيىن (مىلادىيە 1039—1075 ـ يىللار)، شياۋسېسى (مىلادىيە 1121—؟ ـ يىللار)لار، يۈەن ۋە مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۆتكەن مازۇچاڭ (مىلادىيە 1278—1339 ـ يىللار)، گۇەن يۈنشى (مىلادىيە 1286—1324 ـ يىللار)، سەيدۇللا (سادۇلا: مىلادىيە 1304 ?—1355 ? ـ يىللار)، نەيشەن (مىلادىيە 1310—1369 ـ يىللار)، گاۋكېگۇڭ (مىلادىيە 1248—1310 ـ يىللار)، شى سۈن (مىلادىيە 1318—1360 ـ يىللار) قاتارلىق 20 نەچچە ئەدىب خەنزۇ تىلى بىلەن ئەسەر يازغان.

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازما يادىكارلىقى ھېسابلانغان «توققۇز ئۇيغۇر خانى مەڭگۇ تېشى» تۈرك يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقىدا يېزىلغاندىن باشقا، يەنە خەنزۇ تىل ـ يېزىقى بىلەنمۇ يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى مەڭگۇ تاشلار ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىدا تەڭ ئويۇلغان. مەسىلەن: «قوچو خانى تۆھپە مەڭگۇ تېشى» («高昌王世勋碑»)، «تۇتۇم سالى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئابىدىسى»(«土都木萨里修寺碑»)، «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى سۇجۇ ئايمىقىنىڭ يەك داروغاچىنىڭ شەجەرە ئابىدىسى» («大元肃州路也可达路花赤世袭之碑»، 1361 ـ يىلى)، «قايتىدىن ياسالغان ۋېن شۇ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئابىدىسى»(«碑重修文殊寺»، 1326 ـ يىلى)، «ئۇلان خاۋمۇ ئابىدىسى»(«乌兰浩木碑») قاتارلىقلار[2].

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپلىگەن بۇددىزم ھۆججەتلىرى ئىچىدە بىرمۇنچە خەنزۇچە قىستۇرما پۈتۈكلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى خەنزۇچە تېكىستلەر تەرجىمە قىلىنمىغان، بەلكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەر بىلەن پاراللېل ھالدا ئۇيغۇنلۇقتا ئىگە قىلىنغان. مەسىلەن:«كۆپەيتىلگەن سامىيۇكتاگاما سۇترا»(«杂阿含经») ۋە «سامىيۇكتاگاما سۇترا»(«增一阿含经») قاتارلىقلاردا مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن. يەنى بۇ ھۆججەتلەردىكى بىر جۈملە ئۇيغۇرچە، بىر جۈملە خەنزۇچە بولۇپ، خەنزۇ تىلىنى پۇختا بىلمىگەن ئەھۋالدا بۇ خىلدىكى پۈتۈكلەرنى ئوقۇغىلى بولمايدۇ. چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇرچە بۇددا نومى «ئابىدام كوشاۋاردى شاستىر» («阿毗达磨俱舍论实义疏»)نىڭ ھەربىر بېتىگە قىستۇرۇلغان خەتلەر ئىچىدە خەنزۇچە خەتلەرمۇ بار.

قوچو قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە بىر قانچە پارچە ئېلىم ـ بېرىم ھۆججىتىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئالدى يۈزىگە ئۇيغۇرچە، كەينى يۈزىگە خەنزۇچە مەزمۇن يېزىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ھۆججەتتىن بىرىنى «ئاتى» دېگەن بىرلا ئادەم يازغان. يەنە باشقا خىل ھۆججەتتە بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت. بۇ ھۆججەتلەر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ

[1] خەلق ئارىسىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە قوللىنىلغانلىق ئەھۋالى بار.

[2] نيۇ رۇجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە»، 137 ـ بەت.

قارىلىدۇ[1].

يۇەن سۇلالىسى مەزگىلىدە شائىر-ئەدىبلەردىن باشقا خەنزۇچىنى پىششىق بىلىدىغان، يەنە ئىككى، ئۈچ، تۆت تىللىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقىل بەگ-ئالىملىرى، بۇددا ئۆلىمالىرى، دىپلوماتلار، سانغۇنلار ۋە باشقىلاردىن خېلى كۆپلىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بار بولغان. تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي 11-ئەسىردىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق توختالغاندا «ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقى بار[2]» دەپ يازغان. [3] زامانىمىزدىكى بەزى ئىلمىي خادىملار بۇ خىل يېزىقنى «خەنزۇ يېزىقى بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ[4].

قوچو رايونىدا خەنزۇ يېزىقىنى بىر خىل يېزىق سۈپىتىدە ئوقۇش قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە يۇەن سۇلالىسى مەزگىلىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلى ئىلگىرىكى چاغلاردىلا باشلانغان. مەسىلەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك(جۇڭيۈەن)تە قۇرۇلغان شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى شىمالىي جۇ خانلىقى (مىلادىيە 557—581-يىللار)نىڭ يىلنامىسى بولغان ۋە لىڭخۇ دېفېن يازغان «جۇ نامە. 50-جىلد. قوچو تەزكىرىسى»دە مۇنداق بىر خاتىرە بار: «ئۇلارنىڭ، يەنى خۇلار (胡人، ياكى غۇزلار)نىڭ يېزىقى خۇاشيا (诸夏، خەنزۇلار—نەقىلچىدىن)لارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇ يېزىقى (胡文)نىمۇ ئىشلىتىدۇ. ‹ماۋشى› (ماۋ نەزملىرى، 毛诗)، ‹لۈن يۈ› (‹مۇھاكىمە ۋە بايان›، 论语، كۇڭزى ئەسىرى)، ‹شياۋجىڭ› (ۋاپانامە، 孝经، ئاتا-ئانىلارغا ھۆرمەت كىتابى) ناملىق كىلاسسىك ئەسەرلەر مەخسۇس خانلىق مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلىدۇ. ئەمما ئۇلار خەتنى خەنزۇچە يازسىمۇ ئۆز تىلىدا ئوقۇيدۇ»[5].

دېمەك، بۇ يەردىكى خۇلار يەرلىك مىللەتنى كۆرسىتەتتى. خەنزۇ يېزىقىنى يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار داۋاملىق ئۆگىنىپ ۋە ئىشلىتىپ تۇرغان.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1 .ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

2.ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىراق دەۋردىن باشلانغانلىقىنى، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئىزچىللىقىنى ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىڭ.

---

[1] نيۇ رۇجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە»، 137-، 138-بەتلەر.

[2] م. كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» 40- بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى.

[3] ئەمما بەزى ئالىملار بۇ خىل يېزىقنى قەدىمكى تۈرك يېزىقى دەپ ھېسابلايدۇ. مەسىلەن، رۇسىيەلىك شەرقشۇناس گ. كىلياشتورنىي بۇ يېزىقنى قەدىمكى تۈرك يېزىقى دەپ ھېسابلىغان. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابىغا قاراڭ. «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىلى نەشرى، 502-، 387-بەتلەر. يەنە غالىپ بارات ئەرك: «ئۇيغۇرلارنىڭ ‹چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يېزىقى›»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2007-يىللىق 2-سان 79-بەت.

[4] لى شۇخۇي: «‹دىۋانى لۇغاتىت تۈرك›تىكى تۆت مەسىلىگە شەرھ»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1988-يىللىق 3-سان؛ «ئىبراھىم مۇتىئىي: «‹مەھمۇد كاشغەرىي› رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن»، «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»، 1995-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى سانى؛ «ئىبراھىم مۇتىئىي ئىلمىي ماقالىلىرى» 495-، 496-بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 2007-يىلى نەشرى.

[5] «24 تارىختىكى جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى نەشرگە تەييارلىغان)، 686-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004-يىلى نەشرى.

3. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئۆرنەك، خام ماتېرىيال قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى ئۇزۇن يىل ساقلانغان دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.

4. ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى نېمە ئۈچۈن كۆپ خىل تىل-يېزىقتا ئىپادىلەنگەن دەيمىز؟

5. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قانداق ئىجادىيەت مېتودلىرى ۋە ئەدەبىي ئېقىملار بار بولغان؟

6. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مىللىي ئۇسلۇب قانداق شەكىلدە ئىپادىلەنگەن؟ ئۇنىڭدا قانداق ئەدەبىي ئىجادىيەت سىستېمىسى شەكىللەنگەن؟

7. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق بولغان؟

8. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇنىۋېرسال پەنلەرنى ئەكس ئەتتۇرگەن دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈڭ.

9. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەرجىمە ۋە تەقلىدىي ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولغان؟

10. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى نېمە ئۈچۈن شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۆزىتىدىغان كۆزنەك ئەدەبىيات دەيمىز ئاتاشقا بولىدۇ؟

11. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ئىلغار ئىدىيە بىلەن پاسسىپ ئىدىيەلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى توغرىسىدا چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ.

12 . ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ.

13. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەۋەلىكى ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

14. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەپ نېمىگە ئېيتىمىز؟

15. ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللار تەرەققىيات تارىخىدا قانداق ئورۇن تۇتقان؟

16. شىنجاڭدا قانداق يېزىقلار قوللىنىلغان؟

17. ئۇيغۇر يېزىقى، تۈرك يېزىقى، خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى دەپ نېمىگە ئېيتىمىز؟ ئۇلارنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى قانداق؟

18. ئۇيغۇرلار خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغانمۇ؟ بۇ ھەقتە ئىگىلىگەن چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ.

19. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى توغرۇلۇق بىر پارچە كىچىك ماقالە يېزىڭ.

# I بۆلۈم قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى

## 1 ـ باب قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

### §1. قەدىمكى قوشاقلار

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئارىسىدا قوشاق (قوشۇغ) لار كەڭرى تارقالغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ساقلىنىپ قالغان بولسا، بەزىلىرى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتى، «ئوغۇزنامە» ۋە «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسەرلەردە ساقلىنىپ قالغان.

**1. قۇرىغارخان ئانا قوشاقلىرى**

«قۇرىغارخان ئانا» خەنزۇچە ھۆججەتلەردە شىۋاڭمۇ (西王母) دەپ يېزىلغان بولۇپ[①]،ئۇ غەربىي يۇرت ـ شىنجاڭنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرى (ماتېرىئارخاللىق جەمئىيەت) دە ياشىغان ئەپسانىۋى شەخس. بەزىلەر،كېيىنچە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئىلاھە دەپ قارالغان ئوماي بىلەن بىر ئادەم دەپمۇ قارايدۇ. تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ 950 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى مەزگىلگە مەنسۇپ خەنزۇ يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن «مۇتيەنزى تەزكىرىسى. 3 ـ جىلد» (穆天子传·卷三)[②] ناملىق بىتىگدە مۇنداق بىر ئەپسانىۋى خاتىرە قالدۇرۇلغان: «چاشقان يىلىنىڭ خەيرلىك كۈنىدە جومۇۋاڭ قۇرىغارخان ئانىنىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان بولغان بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە سوۋغا تەقدىم قىلىشقاندىن كېيىن، ياۋچى (ياكى زۇمرەت كۆل، خەنزۇچە «瑤池» دەپ خاتىرىلەنگەن) كۆلى ئۈستىدە بەزمە ئۆتكۈزگەن ھەمدە ئىككىيلەن نەزم ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە بارىكاللا ئېيتىشقان». ئاشۇ چاغدا قۇرىغارخان ئانا نەزم ئوقۇغان بولۇپ، بۇمۇ «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»نىڭ 3 ـ جىلدىدا خاتىرىلىنىپ قالغان. تۆۋەندە بۇ قوشاقلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

**ئاق بۇلۇت قوشىقى**

白云谣

[①] قۇرىغارخان ئانا دېگەن ئىسمىنى «ئوماي» دەپمۇ تەرجىمە قىلىپ قوللانغانلار بار، ئەمما بەزىلەر بۇنداق ئېلىشقا قوشۇلمايدۇ.

[②] «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» (穆天子传)نىڭ ئاپتورى ئېنىق ئەمەس. ئۇ جىن بەگلىكى دەۋرىدە جەنگو يىللىرىدىكى ۋېي شاڭۋاڭنىڭ قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان دەسلەپكى جىن بەگلىكىگە تەئەللۇق بىتىگلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي كەچمىشلەر ئاساسىدا يېزىلغان.

*白云在天，山陵自出。*
*道里悠运，山川间之。*
*将子无死，尚能复来*[1]*。*

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى مۇنداق:

*كۆك ئۈزرە ئاق بۇلۇت لەرزان ئۈزۈشەر،*
*تاغلارنىڭ چوققىسى كۆككە تۇتىشار.*
*ئاجايىپ يىراقتۇر بۇ يول-مۇساپە،*
*تۇمەنمىڭ تاغ - دەريا ئايرىپ تۇرۇشار.*
*بىر كېلىش ئۇنچىلا ئاسان ئەمەستۇر،*
*تىلەيمەن ئۆمۈر-قۇت زىيادە، سىزگە.*
*كەلسىڭىز قايتا، كەمىنە خۇش بولۇر*[2]*.*

بۇ قوشاقتا قۇربغارخان ئانىنىڭ خەلقلەر دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنى بۇ قوشاقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى توغرۇلۇق مۇنداق بىر رىۋايەت تۇسىگە ئىگە مەلۇمات ساقلانغان: جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇمۇۋاڭ تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 10-ئەسىرلەردە غەربكە سەپەر قىلىپ،قۇرۇم (كوئىنلۇن) تېغىغا كەلگەن ھەم بۇ تەنتەنىلىك مۇراسىم پەيتىدە ئۇچراشقان، شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئىككى ئەلنىڭ بۈيۈك ئاتامانلىرى چوڭقۇر ھېسسىياتقا تولغان ھالدا مۇشائىرىلەر ئوقۇشقان. قۇربغارخان ئانا ئوقۇغان بۇ قوشاقنىڭ ئالدىنقى ئىككى كۇپلېت بېيىتىدە قۇرۇم تاغلىرىنىڭ تەبىئىي،ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى يۈكسەك رومانتىك تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى ئاساسىدا سۈرەتلەپ بېرىلگەن، ئاندىن جۇ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت-قۇربغار ئەللىرىنىڭ ئارىلىقىنى تۇمەنمىڭ تاغ-دەريالار ئايرىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۆزئارا ئۇچرىشىشنىڭ بەسى مۇشكۇللۇكى سۆزلەنگەن. ئاخىرقى ئىككى مىسرادا ئەدەپ-قائىدە ۋە ئىنسانىي پەزىلەت نۇقتىسىدىن قۇربغارخان ئانىنىڭ جۇمۇۋاڭغا دۆلەت ۋە ئۇزاق ئۆمۈر تىلىگەن سەمىمىي ئارزۇسى ھەم ئىمكانىيەت يار بەرسە قايتا زىيارەتكە كېلىشنى ئۈتۈنگەن قونۇغكۆيەرلىك-مېھماندوستلۇق پەزىلىتى ئىپادىلەنگەن.

«قۇربغارخان ئانا نەزمىسى» (西王母吟). بۇ قوشاقمۇ «مۇتىيەنزى تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، خەنزۇچە شېئىر شەكلى بويىچە 12 مىسرا. ئۇنىڭ تېكىستى مۇنداق:

西王母吟

*徂彼西土，爰居其野。*
*虎豹为群，於鹊与处。*

---

[1] ««قەدىمدە غەربكە قىلىنغان ساياھەتتىن خاتىرە» تاللانمىلىرىغا ئىزاھلىق»» (杨建新主编،《〈古西行记〉选注》) 17-بەت، نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى، 1987-يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[2] بۇ شېئىر «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى» (《西域少数民族诗选》) ناملىق كىتابتا(تەرجىمان ئىمىن ئەھمىدى) مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان:

*ئاق بۇلۇت ئاسمان يۈزىدە ئوينىشادۇر بەك راۋان،*
*تاغ-ئېدىرلار چوققىسى بوينىنى سوزغان شۇ تامان.*
*يول يىراق، مۇڭداش بولۇشقا قوزغىلىش مۇشكۇل ئەجەب،*
*ئارىمىزدا چۆل-جەزىرە،قاتمۇقات دەريا،داۋان.*
*بارمۇ ئىمكان قايتا بىر رەت بۇ تەرەپكە كەلگىلى،*
*كۆرۈشەرمىز بەلكى بىر چاغ بولسا تەندە جان ئامان.*

[شۇ كىتاب، 2-بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىلى نەشرى.]

嘉命不迁，我惟帝女。
彼何世民，又将去子。
吹笙鼓簧，中心翱翔。
世民之子，惟天之望[1]。

### قۇرىغارخان ئانا نەزمىسى

*ئەسلىي يۇرتۇم خاسىيەتلىك قۇرىغار،*
*چەكسىز كەتكەن يايلاق، ئېدىر-دالىلار.*
*يولۋاس، يىلپىز ھەمتاۋاق بوپ ئۆتەرمىز،*
*ئۇچار قۇشلار بىلەن بىرگە تۇرارمىز.*
*مەن ئۆزۈم تەڭرىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى،*
*باياتنىڭ ئەمرىگە بويسۇنار ئۆزى.*
*ھاپىزلار نەغمىسى ئەزدى يۈرەكنى،*
*شۇ تاپتا كەمىنە سېغىندى سىزنى[2].*

بۇ قوشاقتىكى «ئۆلپەت بولدۇم يولۋاسلار بىلەن»، «ھەمراھ قىلىپ ئۇچار قۇشلارنى» دېگەن مىسرالار، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرى توتېمغا چوقۇنغان دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى چۈشەنچىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. رىۋايەتلىك ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىندىلارغا ئاساسلانغاندا، قۇرىغارخان ئانا يېتەكچىلىكىدىكى ئۇرۇق-قوۋملار ئىچىدە يولۋاس، يىلپىز ۋە ئۇچار قۇشلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىرى بولغان. مەلۇمكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھايۋانلارغا چوقۇنغان چاغدا ئۇنى ھەر خىل شەكىلدە ئىپادىلىگەن. بەزىلىرى ئۆزى چوقۇنغان ھايۋان شەكلىدە ياسىنىۋالغان. قۇرىغارخان ئانىنىڭ «يولۋاس، يىلپىز، قۇشلار» بىللە بىلەن ياشاپ، بىرگە

---

[1] «قەدىمدە غەربكە قىلىنغان ساياھەتتىن خاتىرە» تاللانمىلىرىغا ئىزاھلىرىغا ئىنىقلىما»، 17-بەت.

[2] بۇ شېئىر «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى» (《西域少数民族诗选》) ناملىق كىتابتا (تەرجىمان ئىمىن ئەھمىدى) مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان:

*مەن مەغرىپكە كەلگەندىن بۇيان،*
*سۆيۈپ قالدىم دالا-يۇرتلارنى،*
*ئۆلپەت بولدۇم يولۋاسلار بىلەن،*
*ھەمراھ قىلىپ ئۇچار قۇشلارنى.*

*مەن تەڭرىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى،*
*شۇڭا كۆچمەي ياشىدىم قوغداپ.*
*سىز ئۇياقتا ئاۋام ئەۋلادى،*
*كېتەي دەيسىز يۇرتنى ئۇلۇغلاپ.*

*مۇغەننىيلەر چالدى بالىمان،*
*ئەزدى ئەلەم مىسكىن يۈرەكنى.*
*بىز ئەزەلدىن تەڭرىگە پەرزەنت،*
*سېغىنمايمىز كۆكتىن بۆلەكنى.*

[شۇ كىتاب، 2-بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىلى نەشرى.]

ئۆتمەن دېگىنى، شۇ خىل هايۋانلار سىياقىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن هايات-ماماتلىق تۇرمۇش هەلەكچىلىكىدە بىللە بولۇۋاتقانلارنى ئىشارە قىلغانلىقى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. «مەن تەڭرىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى» دېگىنى قەدىمكى زامان قوۋم-قەبىلە ئاتامانلىرىنىڭ ئورتاق خاھىشىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، قەدىمكى زاماندا ئاتامان-ئاقساقاللار (كېيىنچە خاقانلار) ئۆزلىرىنى يۇقىرىلاردىن پەرقلەندۈرۈش، ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، نوپۇزىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى دائىم تەڭرىدىن تۇغۇلغان، تەڭرىنىڭ بالىلىرى دەپ تەشۋىق قىلغان. دۇنياۋى هادىسە بولغان بۇ خىل خاھىشنىڭ قۇربغارخان ئانىدا بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. خەنزۇچە قەدىمكى ماتېرىياللاردا قۇربغارخان ئانىنىڭ ياشىغان زامانىنىڭ ناهايىتى ئۇزۇن دەۋرلەرگە سوزۇلغانلىقى ئېيتىلغان[1]. بۇنداق ئۇزاق دەۋر مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئويلىنىپ،هەر تەرەپلىمە پىكىر بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلىنىڭ هالقىلىق يېرىنى تۇتۇۋېلىپ گەپ قىلساق، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا ئادەملەرنىڭ خاس شەخسىي ئىسمى بولماي،بىر ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئەزاسى شۇ ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ نامىنى ئورتاق ئىشلەتكەن. بۇنداق ئادەت نەچچە مىڭ يىل داۋاملاشقان، قۇربغارخان ئانا غەربىي يۇرت-قۇربغاردىكى قوۋملارنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ياشاپ تۇرغان مەزگىلدىكى ئۇلۇس باشى-ئاتامانى بولۇپ، ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان ئۇرۇقداشلىق جەمەتىمۇ ئۆز يېتەكچىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بىر ئايال يېتەكچى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان يەنە بىر يېتەكچىمۇ ئوخشاش بىر ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بۇ خىل ئەهۋال بىر قانچە مىڭ يىل داۋاملاشقان بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلىپ بۇ ئايالنىڭ نامى زامان-زامانلار ئۆتسىمۇ ئۆچمىگەن. رېئال ئادىمىيلىك ئورنىدىن ئۇرۇق-قوۋملار تەسەۋۋۇرىدىكى يۈكسەك غايىۋى ئوبرازغا ئايلىنىپ، نامى تىللاردا داستان بولغان، ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئەسلەنگەن. ئەمما،بۇنداق دېگەنلىك بىلەن، بۇ ئوبراز پۈتۈنلەي سەيياره ئوبراز دەپلا ئېيتىشقا بولمايدۇ. دۇنيادىكى هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىدىكى ئەپسانىۋى ئوبرازلارغا ئوخشاش، قۇربغارخان ئانىنىڭ قانداقتۇر بىر پىروتوتىپى بولغان، ئۆز ئۇرۇق ۋە قوۋمىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن، ئۇرۇقداشلىرىنىڭ چوڭقۇر هۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. شۇنداق قىلىپ، بىر مىللىي ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

قۇربغارخان ئانىنىڭ نامىغا ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان بۇ قوشاقلارنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلەر جەملەنگەن كىتابلاردا خاتىرىلىنىشى، بەزى ئەهۋاللاردا كىشىنى شۈبهىلەندۈرسىمۇ، ئەمما هەر قايسى خەلقلەر تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن باشلىنىدىغانلىقىدەك ئورتاق

[1] مەسىلەن، بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا ياشىغان ياۋ، شۇن، خۇاڭدى، يەندىلەر بىلەن ئالاقىسىنىڭ بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئوبرازنىڭ قۇربغار تۇپرىقىغا شەرقتىن كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە،يەنە بەزى ئالىمچىلار ئۇنىڭ غەربتىن كەلگەن ئوبراز ئىكەنلىكىگە گۇۋاهلىق بېرىدۇ. مەسىلەن،يۇتەيشەننىڭ مۇلاهىزىسىگە قارىغاندا،قۇربغارخان ئانا(西王母)نىڭ پىروتوتىپى ئاناتولىيەنىڭ بۈيۈك ئىلاهەسى كوۋبابا (Koubaba)،يەنى كۇبېلې(Cybele)دىن ئىبارەت ئىكەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا،مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 14-ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 12-ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولغان سۇرىيەنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى شەهەر دۆلىتىدىكى ئۇگارىت(Ugarit)لار چوقۇنغان ئانات(Anat)قاتارلىق ئىلاھ بىلەن مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك ئىكەن. بۇ هەقتە ئاپتورنىڭ «دەسلەپكى مەزگىلدىكى يىپەك يولى هۆججەتلىرى هەققىدە تەتقىقات»(余太山著《早期丝绸之路文献研究》) ناملىق كىتابىنىڭ 169-بېتىگە قارالسۇن. بۇ كىتاب شاڭخەي خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2009-يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

هادىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان چېغىمىزدا، بۇ مەسىلىدىمۇ گۇماننى ئاساسىي ئورۇنغا قويماسلىقىمىزنىڭ لازىملىقىنى سەمىمىزگە سالىدۇ.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا ماسلاشقان هالدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئانىلىق ئورۇقداشلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى، ئۆزلىرىگە قۇربىغارخان ئانىغا ئوخشاش جاسارەتلىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، تەپەككۇر ۋە شېئىرىي تەسەۋۋۇرغا باي ئاياللارنى يېتەكچى قىلىپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئىنتايىن قىيىن پەيتلىرىدە چىدام ۋە غەيرەت بىلەن تەرەققىيات يولىنى بويلاپ ئۈزۈكسىز ئالغا بېسىپ، كېيىنكى تارىخنىڭ پۇختا يارىتىلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايمىز①.

① «قۇربىغارخان ئانا قوشاقلىرى»نىڭ شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان ئورنى مەسىلىسى.

تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە قۇربىغارخان ئانىنىڭ ئەسلىي ماكانى توغرۇلۇق ئوخشىمىغان قاراش قالانغان. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ غەربىي يۇرتتا ياشىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىرىدە خېلىلا بىردەكلىك بار بولغان. مەسىلەن، «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى» («西域少数民族诗选») ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «قۇربىغار ئانا ‹مۇتيەنزى تەزكىرىسى› دىكى مۇھىم شەخس. . . تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئون ئەسىر بۇرۇن ياشىغان مۇتيەنزى هايات چېغىدا سەيلە ـ ساياھەتكە ئامراق بولغاچقا، ئۇنىڭ غەربىي يۇرتقا قىلغان سەپىرىنى ئەمەلىي يۈز بەرگەن ئىش دېيىشكە بولىدۇ. تەزكىرىدە ئۇنىڭ سەككىز ئات قوشۇلغان مەپىنى هەيدەپ تۇمەن چاقىرىم يول يۈرگەنلىكى، شىمال تەرەپتە قۇملۇققا، غەربىي تەرەپتە قۇرۇم تاغلىرىغا يېتىپ بارغانلىقى، ياۋچى كۆلى بويىدا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ قۇربىغارخان ئانىنى مېھمان قىلغانلىقى ۋە ئۆزئارا نەزم ئوقۇپ بىر ـ بىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. قۇربىغارخان ئانا ئەزەلدىن تارتىپ ئەپسانە تۇسىنى ئالغان شەخس دەپ قارىلىدۇ. ‹مۇتيەنزى تەزكىرىسى› دە بولسا مۇلايىم، ئەدەپلىك ئايال تەرىقىسىدە تەسۋىرلىنىدۇ. . . قۇربىغارخان ئانا گەرچە ئەپسانىۋى شەخس بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قەدىمكى دەۋر رىۋايەتلىرىدىكى غەربىي يۇرتلۇق قەبىلىلەرنىڭ ۋەكىلى، ئۇ ئوقۇغان نەزمىنىمۇ غەربىي يۇرتتىكى قەبىلىلەردە ئەڭ دەسلەپتە خەنزۇچە خاتىرىلەنگەن شېئىر دېمەي تۇرالمايمىز». «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا مۇنداق يېزىلغان: «‹مۇتيەنزى تەزكىرىسى› دە جوۋمۇۋاڭنىڭ غەربىي رايونغا بارغاندا هەر خىل دۇردۇن ـ تاۋارلار، مىس جابدۇقلار، سەدەپ ـ ئاقچىلار ئالغاچ بېرىپ، يەرلىك قەبىلە باشلىقلىرىغا ئىنئام قىلغانلىقى يېزىلغان. بۇ كىتابنىڭ جەنگو دەۋرىدە يېزىلغانلىقىنى هېسابقا ئالمىغاندا، بۇنىڭدىكى يۇقىرىقىدەك خاتىرىلەر شۇ چاغلاردا غەربىي يۇرتتىكى تاۋار ئالماشتۇرۇشقا دائىر بەزى ئەھۋاللارنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ». («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، بىرىنچى قىسىم، 22 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تەييارلانغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى).

«غەربىي يۇرت ھەققىدە مۇھاكىمە» («西域论稿») ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيغۇر مىللىتى زور بولغان بىرلەشمە گەۋدە بولۇپ، ئۇ بىر قانچە قوۋم ـ ئايماقلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزىنى تەكشۈرگەندە، ئالدى بىلەن كىم ـ كىمگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان دېگەننى ئېنىقلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر (回纥)، قەدىمكى تۈرك (突厥) قاتارلىق كۆچمەن قەبىلىلەر تارىم دەرياسى بويىدىكى بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلىك ئاھالىلەر (土著) گە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن، تارىم بوستانلىقىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر، قەدىمكى تۈركلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋالغان. ئاپتور تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆپ يىل تەتقىق قىلىش ۋە تارىم ۋادىسىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن شۇنداق قاراشقا كەلدىكى، تارىم دەرياسى بوستانلىقىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر غەربكە كۆچكەن قەدىمكى ئۇيغۇر، قەدىمكى تۈركلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋەتكەن، ۋاھالەنكى، قەدىمكى ئۇيغۇر، قەدىمكى تۈركلەر يەرلىك ئاھالىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋەتكەن ئەمەس.

ئىرقشۇناسلىق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تارىم دەرياسى بوستانلىقىدا مۇقىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەرلىك ئاھالە بولسا تارىختىن ئاۋۋالقى چاغلاردىن ئانىلىق ئورۇقداشلىق جەمئىيىتىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان قۇربىغارخان ئانا ئىتتىپاقىدىكى ئۇرۇق ـ ئايماقلاردىن ئىبارەت. . . بۇ قۇربىغارخان ئانا ئىتتىپاقىدىكى ئۇرۇق ـ ئايماقلار، تەبىئىي يوسۇندا تارىم دەرياسى بوستانلىقىدىكى ئاھالە بولۇپ هېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ رەسمىي تارىخنامىلىرىدە (غەربىي يۇرتتىكى هەرقايسى ئەللەردە ئاساسلىقى يەرلىك ئاھالە(土著) تىرىكچىلىك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلئە ـ سېپىللىرى بار بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ) (بەنگۇ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «汉书 • 西域传»)گە قارالسۇن.) دېيىلگەن. بۇ يەرلىك ئاھالىلەر ئەلمىساقتىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە تارىم دەرياسى بوستانلىقلىرىدىكى ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان ئاھالە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدۇر، يەنى ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي يىلتىزى (مەنبەسى) بولۇپ هېسابلىنىدۇ». (خې جىخۇڭ «غەربىي يۇرت ھەققىدە مۇھاكىمە» (贺继宏著«西域论稿»)، 87 ـ 88 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى).

«يەرلىك ئاھالە» دېگەن بۇ سۆز ئەڭ دەسلەپ، خەنزۇچە «تۇجۇ» يەنى 土著 دەپ يېزىلغان بولۇپ، تۇنجى قېتىم تارىخچى سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» («史记») ناملىق كىتابىنىڭ «پەرغانە تەزكىرىسى» («大宛传») دە تىلغا ئېلىنغان. كېيىنچە يېزىلغان تارىخنامىلەردە سىماچيەن بايان قىلغان مەزمۇن ئاساسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان. مۇشۇ خىل ئەھۋالغا ئاساسەن، 土著 دېگەن بۇ سۆز خەنزۇچە قەدىمكى هۆججەتلەردە دەسلەپ كۆرۈلگەن 突厥، يەنى ئوقۇلۇشى «تۇجۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئىپادە قىلىنىشىمۇ قانداق دېگەن قاراشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

دېمەك، قۇربىغارخان ئانا غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى قەبىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باش تۆرىسى. ئۇنىڭ خاراكتېرىدە يەنە شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبلىرى بولغان. ئۇنىڭ نامىغا باغلانغان يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە يىر ـ قوشاق تارىم بوستانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار ئەدەبىياتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئەدەبىيات بولۇشى كېرەك دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

## 2. تېلى قوشىقى

«تېلى قوشىقى»[1] شىمالىي ۋېي خانلىقى (北魏، مىلادىيە 386—534 ـ يىللار) دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن تېلىلارنىڭ خەلق قوشىقى بولۇپ،مىلادىيە 5—6 ـ ئەسىرلەردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا تارقالغان[2]. هازىرغىچە 1400يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت بولدى. تېلىلار (چىلىلار) ئۇزۇن تەرەققىيات جەريانىدا ئاساسەن شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان هازىرقى ئۇيغۇرلارغا ئايلانغان. شۇڭا، بۇ بىر كۇپلېت قوشاق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قوشىقى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. تېلى قوشىقى خەنزۇچە هۆججەتلەردە «چىلىگې»(敕勒歌)، يەنى «چىلى قوشىقى» دەپ يېزىلغان. تېلى(铁勒) «چىلى» (敕勒) دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشايدىغان ئوخشىمىغان رايوندا ئوخشىمىغان تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىدى. مەسىلەن، لى يەنشۇ يازغان «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 98جىلد، «ئېگىز قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى»(北史·高车传) دە «ئېگىز قاڭقىلىقلار (高车) قەدىمكى قىزىل دى(赤狄)لارنىڭ نەسلىدىن. ئۇلار دەسلەپ دىلىلار (狄历) دېيىلەتتى، شىمالدىكىلەر چىلىلار (敕勒) دەپ ئاتىغان. شىيا قوۋمىدىكىلەر (诸夏، خەنزۇلار—نەقىلچىدىن) ئېگىز قاڭقىلىق دىڭلىڭلار (高车丁零) دېيىشكەن، ئۇلارنىڭ تىلى هۇنلارنىڭ تىلىغا ئوخشاش بولغان بىلەن، يەنە ئازراق پەرقلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ خاتىرە «ۋېينامە» دىمۇ ئوخشاش مەزمۇندا خاتىرىلەنگەن[3]. دېمەك بۇ يەردە ئېيتىلغان چىلى (تېلى)لار ئۇيغۇرلار بولۇپ، غەربكە يۆتكىلىپ شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر تارمىقى،

«تېلى قوشىقى» قەدىمكى تېلىلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى. تېلىلار دەسلەپ دىڭلىڭ، كېيىن ئېگىز قاڭقىلىق دىڭلىڭلار، كېيىنچە تېلىلار دەپ ئاتالغان. دەسلەپ بايقال كۆلى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206—220 ـ يىللار) نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئۇلار شىمالىي قۇملۇق—غوبى چۆلىنىڭ جەنۇبىغا سۈرۈلگەن ۋە سىيانپىلارغا يېقىن جايدا تۇرۇپ قالغان. بۇ جەرياندا، تېلىلارنىڭ كۆپ قىسمى سىيانپىلار بىلەن ئېلىشىپ تۇرغان. پەقەت قوغۇرسۇ قەبىلىسى(斛律部)نىڭ ۋەزىيىتى تۇراقلىق بولغان. شىمالىي ۋېي خانلىقى (مىلادىيە 386—534 ـ يىللار ) نىڭ خانى داۋۇدى(道武帝) زامانىغا كەلگەندە (مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى)، قوغۇرسۇ قەبىلىسى قوغۇرسۇ ئالتۇن (斛律金) نىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بەگ قۇلى (倍侯利)[4] باشچىلىقىدا سىيانپىلارغا بەيئەت قىلغان ۋە يىڭشەن (چۇغاي) تېغى ئېتىكىدىكى شۇجۇ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بەگ قۇلى باتۇر، پاراسەتلىك كىشى بولغاچقا، 20 ـ 30 يىل ئىچىدە قوغۇرسۇ

---

[1] «تېلى قوشىقى» ناملىق بۇ قوشاق نامىنى ئۇيغۇر تىلىغا «تۇرا قوشىقى» ياكى «تۇران قوشىقى» دەپ تەرجىمە قىلىش ئەھۋالىمۇ بار.

[2] شېي چىخۇاڭ قاتارلىقلار «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت تارىخىي شەخسلىرى تەزكىرىسى» (胡启望、莫俊卿、谢启晃编著«中国少数民族历史人物志») ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ قىسمىدا مۇنداق يازغان:«... ‹تېلى قوشىقى› نىڭ ئاپتورى شىمالىي چى خانلىقى دەۋرىدىكى چىلى ـ تېلى مىللىتىدىن بولغان قوغۇرسۇ ئالتۇن...تەتقىقاتقا قارىغاندا، تېلىلار قەدىمكى دەۋردە ئېگىز قاڭقىلىقلار (高车) دەپ ئاتالغان، كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر (回纥)لارغا ئۆزگەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ». شۇ كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى. دېمەك، ئىلىم ساھەسىدە بۇ قوشاقنى قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ قوشىقى دەپ ئاتاش قارىشىمۇ بار.

[3] «24 تارىختىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 501 ـ، 502 ـ بەتلەر.

[4] بۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ماتېرىياللاردا پېيى خۇلى دەپمۇ ئېلىنىدۇ.

قەبىلىسى قۇدرەت تېپىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشتىن ھەم چارۋىچىلىق، ھەم دېھقانچىلىق بولغان تۇراقلىق تۇرمۇشقا قەدەم قويغان. 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن سەل كېيىنرەك تېلىلار ھەر جەھەتتىن خېلى تەرەققىي قىلغان. بۇنى «ۋېي سۇلالىسى تارىخى» دىكى مەلۇماتلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭدا «ۋېي پادىشاھى گاۋزۇ دەۋرىدە، بەش قەبىلىدىكى ئېگىز قاڭقىلىقلار بىرلىشىپ تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ بەرگەندە يىغىلغان ئادەم نەچچە ئون مىڭغا يەتكەن. كاتتا يىغىلىشتا ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلۈپ مال سويۇلۇپ، ناخشا ئېيتىلىپ كۆڭۈل ئېچىلغان. ھەممەيلەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق تەنتەنىلىك يىغىلىش بولمىغان دېيىشكەن»[①] دېيىلىدۇ.

روشەنكى ئېگىز قاڭقىلىقلار تېلى دېگەن سۆزنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدۇر. دېمەك، بۇ تەنتەنىلىك يىغىلىشنى قىلغانلار تېلىلار ئىدى. يىگشەن تېغى ئېتىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ تەنتەنىلىك يىغىلىشقا قوغۇرسۇ قەبىلىسىمۇ قاتناشقان بولۇشى كېرەك. پادىشاھ شياۋۋېندى دەۋرىگە كەلگەندە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى گۈللەنگەن دەۋرگە كىرگەن. قوغۇرسۇ قەبىلىسىمۇ قۇدرەت تاپقان. بۇ چاغدا قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ دادىسى شىمالىي ۋېي خانلىقىدا «گۋاڭلۇ دافۇ» دەرىجىلىك ئەمەلگە تەيىنلەنگەن. قەبىلىنى باشقۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شىمالىي ۋېي خانلىقى خانى ئۇنى رەسمىي تۈردە بىرىنچى ئەل باشلىغۇچى قەبىلە ئاقساقىلى قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇنىڭ بىلەن قوغۇرسۇ قەبىلىسى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان، شۇنداقلا بۇ چاغدا بۇ قەبىلىنىڭ چۇغاي (يىگشەن) تېغى ئېتىكىدە ماكانلاشقىنىغا بىر ئەسىر بولغان. بۇ جاي، يەنى «تېلىلار تۈزلەڭلىكى» (敕勒川) دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەم چارۋىچىلىقمۇ بولغان تۇرمۇشقا ئۆتكەن. «تېلى قوشىقى»دا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش مەنزىرىسى بىلەن كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات، ئۆز يۇرتىغا بولغان پەخىرلىنىش تۇيغۇسى دەل مۇشۇ دەۋرنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ قوشاقنى ئەنە شۇ مەزگىلنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ چاغ مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

*پايانسىز كەڭ چىلى (تېلى) يايلىقى،*
*چۇغاي تېغى باغرىدا ياتار .*
*چۈمكىگەن ئۇنى ئاسمان چېدىرى،*
*يايىسىمان باغاشلاپ تۇرار.*
*تاۋلىنىدۇ ئاسمان زۇمرەتتەك،*
*پايانسىزدۇر بۇ يايلاق دالا .*
*ئەگسە شامال ئوت ـ چۆپنى لەرزان،*
*كۆرۈنىدۇ سانسىز قوي ـ كالا[②] .*

قوشاقنىڭ خەنزۇچىسى مۇنداق:

---

[①] «24تارىختىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 509 ـ بەت.

[②] بۇ قوشاق بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشىمىغان ئۇسلۇب ۋە شەكىلدە تەرجىمە قىلىنىپ كېلىنمەكتە. مەسىلەن، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» دا مۇنداق تەرجىمە شەكلى بېرىلگەن:

*چىلى(تېلى) ۋادىسى، چۇغاي ئېتىكى،*
*چۈمكىگەن ئۇنى ئاسمان چېدىرى،*
*ئاسمان سوپسوزۇك، چەكسىز تاغ ـ دالا،*
*گۈزەل يايلاقتا تولغان قوي ـ كالا.*

شۇ كىتاب 1 ـ توم، 96 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشرى.

«غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى» («西域少数民族诗选») نى تەرجىمە قىلغۇچى ئىمىن ئەھمىدى بولسا مۇنداق تەرجىمە قىلىپ چىققان:

*تۇرا ۋادىسى پايانسىز تۈزلەڭ،*
*چۇغاي ئېتىكى ئۇيۇق بىلەن تەڭ.*
*ئاسمان گويا چېدىرغا ئوخشاش،*
*ئاي ـ دالانى تۇگەل چۈمكىگەن.*
*ئۈستىمىزدە يايپېشىل ئاسمان،*
*زېمىن ئۈستى كۆز يەتكۈسىز كەڭ.*
*پەسلىسە گەر سەلكىندە ئوت ـ چۆپ،*
*قوي ـ كالىلار تۈمەنمىڭ ـ تۈمەن.*

شۇ كىتاب 16 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىلى نەشرى.

*敕勒川，阴山下，天似穹庐，笼盖四野。*
*天苍苍，野茫茫，风吹草低见牛。*

بۇ قوشاقتا قەدىمكى تېلىلارنىڭ مۇئەييەن تارىخىي مۇھىتى، سۆيۈملۈك ماكانى، تۇرمۇش شارائىتى، ئىگىلىكى ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى ئىخچام، يەنى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدا، تېلىلارنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ياشىغان سۆيۈملۈك ماكانىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسى جانلىق، ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. بۇ ئارقىلىق تېلىلارنىڭ ئاسايىشلىقتا ياشاۋاتقان گۈللەنگەن تۇرمۇشى مەدھىيەلىنىدۇ ھەمدە بۇنداق گۈللەنگەن يۇرتىغا بولغان سەمىمىي تۇيغۇسى، چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ. قوشاقنىڭ ھەجمى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا كەڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى گەۋدىلەنگەن. ئۇ قويۇق ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىلغان، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات ۋە مەردانە خىسلەت بىلەن تولغان. ئۇ ئەينى چاغدىكى گۈللىنىۋاتقان تېلى قوۋمىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى، شادلىقى ۋە ئىپتىخارىنى ئىپادىلىگەن.

خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئارىسىدا يەنە باشقا قوشاقلار بارلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەرمۇ بار. مەسىلەن، ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى»دە: ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاتامانى «بەگ قۇلى كۆڭلى تۈز، باتۇر ھەم قاۋۇل كىشى بولۇپ، نەيزە ئوينىتىپ ياۋ سېپىگە بېسىپ كىرگەندە، ھەممەيلەننى بېسىپ چۈشكەن، شۇڭا شىمالدىكىلەر[①] يىغلاپ تۇرغان ئۇششاق بالىلارنى قورقۇتۇپ، مانا بەگقۇلى كەلدى دېسىلا، بالا دەرھال يىغلىمايدىغان بولىدىكەن. قىزلار قوشاق قوشۇپ ‹ئوبدان ئەر بولسا بەگقۇلىدەك بولسىكەن› دېيىشىدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق قايىل ئىكەن»[②]دېيىلگەن. بۇ خاتىرىلەر مىلادىيە 4—5 ـ ئەسىرلەردىكى ۋەقەلەرنىڭ ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

### 3. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى قەدىمكى قوشاقلاردىن نەمۇنىلەر

قوشاقلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا نۇرغۇن گۈزەل ۋە مەزمۇنلۇق قوشاقلار يارىتىلغان. بۇنداق قوشاقلار ئىچىدە 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەنلىرىنىڭ سانى خېلى بار.

*تەگرە ئالىپ ئەگرەلىم،*
*ئاتتىن تۈشۈپ يۈگرەلىم.*
*ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم،*
*كۈچى ئانىڭ كەۋلىسۇن.*

① شىمالدىكىلەر— ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ شىمالىدىكىلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك.

② «24 تارىختىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 507 ـ بەت. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بەزى تارىخ تەتقىقاتچىلىرى بۇ مەزمۇنلار ئەسلى شېئىرىي شەكىلدە ئىدى دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، بۇنىڭ تىپىك مىسالى قىلىپ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇقنىڭ «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىدىكى «بەگقۇلى قوشىقى» نى تونۇشتۇرۇپ يازغان بايانىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: «‹ۋاي كەلدى دېگەندە ئانا، توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇئان. دېيىشەر ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا، بولسىدى يىگىتىم بەگقۇلىسىمان›. بۇ قوشاق ‹ۋېينامە› 103 ـ جىلد ‹ئېگىز قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى› بىلەن ‹شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى› 98 ـ جىلد ‹ئېگىز قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى›دە خاتىرىلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى ئېگىز قاڭقىلىقلاردىن ساقلىنىپ قالغان»، شۇ كىتاب 369 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى.

*[چۆرىدەپ ئىلىپ قورشايلى،*
*ئاتتىن چۈشۈپ يۈگرەيلى،*
*ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،*
*شۇنىڭ بىلەن كۈچى ئاجىزلاشسۇن.]*①
*يۈگۈردى كەۋەل ئات،*
*چاقىلدى قىزىل ئوت.*
*كۆيۈردى ئارۇت ئوت،*
*ساچراپ ئاتىن ئۆرتەنۇر.*
*[يورغا ئات يۈگۈردى،*
*قىزىل ئوت چىقىلدى.*
*قۇرۇق ئوتنى كۆيدۈردى،*
*چاچراپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆرتىنەر.]*②

ئاتنىڭ يۈگۈرۈشى تەسۋىرلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: يورغا ئات چاپقاندا ئۇنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوت چاقناپ، قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەر كۆيۈپ كەتتى.

بۇ ئىككى كۇپلېت قوشاقتا قەدىمكى زاماندىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى تەسۋىرلەنگەن. بىز بۇلاردىن ئەينى زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

1. ئەمگەك قوشاقلىرى

ئەمگەك قوشاقلىرى ـــ مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئەمگەك ـ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە ئەمگەك كۆز قارىشىنى ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان قوشاقلاردۇر. ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ـ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى يىغىم ـ تېرىم، توپلاش، ئوۋچىلىق، پادىچىلىق ـ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ـ ئېكىنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق فورماتسىيەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. مۇشۇ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەت جەريانلىرىنىڭ ھەممىسىدە، شۇ خىل ئەمگەك جەريانىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى بولغان قوشاقلار بىرگە ئىجاد قىلىنىپ تەڭ تارقىلىپ تۇرۇلغان. بۇ خىلدىكى قوشاقلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىش جەريانىدا يوقىلىپ كەتكەن. زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

2. ئوۋچىلىق قوشاقلىرى

*يىگىتلەرنىڭ ئىشلەتۇ،*
*يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ.*
*قۇلان كەيىك ئاۋلاتۇ،*
*بەزرەم قىلىپ ئاۋنالىم.*
*[يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،*
*مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ،*

① م.كاشغەريي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيۇشتۇرغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى نەشرگە تەييارلىغان، ئىبراھىم مۇتىئىي مەسئۇل مۇھەررىر، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوف مۇھەررىر بولغان (تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، II توم، 16 ـ ، 17 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

② م.كاشغەريي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)، II توم، 187 ـ ، 188 ـ بەتلەر.

*قۇلان-كېيىك ئۇۋلىتىپ،*
*بايرام قىلىپ ئويناپلى.]*

*سەيلە-تاماشانى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: يىگىتلەرنى ئىشقا سېلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئۇۋلىتىپ، بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى*[1].

*ئىتىم تۇتۇپ قودى چالدى،*
*ئانىڭ تۇسىن قىرا يۇلدى.*
*باشىن ئالىپ قۇزى سالدى،*
*بوغاز ئالىپ تۇگەل بوغدى.*
*[ئىتىم تۇتۇپ تۆۋەن چالدى،*
*ئۇنىڭ تۈكلىرىنى راسا يۇلدى.*
*بېشىدىن ئېلىپ تۆۋەنگە قايرىدى*
*بوغۇزىدىن ئېلىپ تازا بوغدى.]*

*مېنىڭ ئىتىم (بۆرىنى) تۇتۇپ يەرگە باستى، تۈكلىرىنى يۇلدى، بېشىنى ئارقىغا قايرىپ، بوغۇزىدىن ئېلىپ راسا بوغدى*[2].

بۇ قوشاقلاردا ئوۋچىلىق پائالىيىتى، يەنى ئادەملەرنىڭ باتۇرلۇقى، ۋەھشىي ھايۋانلارنى ئوۋلاشتىكى چېۋەرلىكى، پەم-پاراسىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە يارىتىلغان نۇرغۇن ئەمگەك، تۇرمۇش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر تەسۋىرلەنگەن قوشاقلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» قاتارلىقلاردا، بەزىلىرى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە، يەنە بەزىلىرى خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى تارقىلىش شەكلىدە ساقلىنىپ كەلگەن.

3. مۇھەببەت قوشاقلىرى

مۇھەببەت (ئۇدۇك) قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، مەزمۇن تەرەپتىن ئېيتقاندا، يىگىت-قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇدۇك، سۆيگۈ-مۇھەببەت توغرىسىدا، ئاتا-ئانا، يۇرت-ۋەتەن، خەلق-ئۇلۇس، ئىلىم-پەن، ئەمگەك، ھۈنەر-سەنئەت، دوست-بۇرادەرلەر قاتارلىقلارغا بولغان سەمىمىي مۇھەببەت توغرىسىدا قوشاقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشق-مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن مىسال ئالىمىز.

*ئۇدىك مەنى قامىتتى،*
*ساقىنچ ماڭا يۇمىتتى.*
*كۆڭلۈم ئاڭار ئەمىتتى،*
*يۈزۈم مەنىڭ سارغارۇر.*
*[ئۇدۇك (سۆيگۈ) مېنى ھاياجانغا سالدى،*
*قايغۇ ماڭا توپلاندى،*
*كۆڭلۈم ئۇنىڭغا تەلپۈندى،*
*يۈزۈم مېنىڭ سارغىيار.]*

*يارغا بولغان ئىشق-مۇھەببىتىم مېنى ھاياجانغا سالدى، قايغۇ-ئەلەملەر ماڭا توپلاندى، كۆڭلۈم ھەمىشە يارغا ئىنتىلىدۇ، شۇڭا مېنىڭ يۈزۈم سارغايماقتا*[3].

*ئاۋلاپ مەنى قويماڭىز،*
*ئايىق ئايىپ قايماڭىز.*

---

[1] م.كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)، I توم، 348-بەت.
[2] م.كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)، II توم، 31-، 32-بەتلەر.
[3] م.كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)، I توم، 94-بەت.

*ئاقار كۆزۈم ئۇش تەڭىز،*
*تەگرە يۆرە قۇش ئۇچار.*
*[مېنى ئۇۋلاپ تاشلىۋەتمەك،*
*ۋەدە قىلىپ يېنىۋالماق.*
*كۆزۈم خۇددى دېڭىزدەك ئاقىدۇ،*
*چۆرىسىدە قۇشلار ئۇچىدۇ.]*

*سۆيگىنىگە قارىتا شۇنداق دەيدۇ: مېنى ئۇۋلىۋالغاندىن كېيىن تاشلىۋەتمەك، قىلغان ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ، كۆز يېشىم دېڭىز سۈيىدەك ئاقماقتا (ياش تۆزلۈقلۇقتا دېڭىز سۈيىگە ئوخشىتىلىدۇ)، ئۇنىڭ چۆرىسىدە قۇشلار ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ*[1].

يۇقىرىقى قوشاقلاردا يىگىت بىلەن قىزنىڭ مۇھەببەتلىشىش جەريانىدىكى ۋىسال شادلىقى ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە سۆيگۈ جەريانىدىكى تەشۋىش، ئىزتىراپ، تەقەززالىق ھېسسىيات ساغلام ۋە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

4. جەڭ قوشاقلىرى

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە جەڭ پائالىيەتلىرىنىڭ تۇتقان ئورنى باشقا ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە ئوخشاشلا مۇھىم بولۇپ، ئۇ قوۋملارنىڭ ھاياتىنى ساقلاش، تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى ئىدى، شۇڭا بۇ ھەقتىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە تەسىرلىك قوشاقلار كەڭ تارقىلىپ تۇرغان.

*ئەرەن ئالپى ئوقۇشتىلار،*
*قىڭىر كۆزۈن باقىشتىلار.*
*قامۇغ تولمۇن توقۇشتىلار،*
*قىلىچ قىتىقا كۇچۇن سىغدى .*
*[باتۇر ئەرلەر (بىر-بىرىنى جەڭگە) قىچقىرىشتى،*
*قىڭغىر كۆزى بىلەن قاراشتى.*
*ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،*
*قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى.]*

*يىگىتلەر بىر-بىرىنى جەڭگە چاقىرىشتى، قىڭغىر كۆزلىرى بىلەن قاراپ ھومىيىشتى، ھەممە قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇشتى، قىلىچلىرى قانىنىڭ كۆپ ئۇيۇپ كەتكەنلىكىدىن قىنىغا تەستە سىغدى*[2].

*ئۆپكەم كەلىپ ئوغرادىم،*
*ئارسلانلايۇ كۆكرەدىم.*
*ئالپلار باشىن توغرادىم،*
*ئەمدى مەنى كىم تۇتار.*
*[قەھرىم كېلىپ ئېتىلدىم،*
*ئارسلاندەك ھۆركىرىدىم.*
*باتۇرلار بېشىن توغرىدىم،*
*ئەمدى مېنى كىم تۇتار.]*

*غەزىپىم كېلىپ دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلدىم، ئارسلاندەك ھۆركىرىدىم، باتۇرلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم، ئاندىن كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىغا چىقىپ «قېنى ئەمدى مېنى كىم تۇتالايدۇ» دەپ*

[1] م.كاشغەري: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)، II توم،59 ـ 60 ـ بەتلەر.
[2] م.كاشغەري: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)، I توم،246 ـ 247 ـ بەتلەر.

*ۋارقىرىدىم .*[①]

يۇقىرىقىلاردىن باشقا كېيىنكى زامانلارغىچە خەلق ئارىسىدا تارقالغان قوشاقلار ۋە داستانلاردا ئۇرۇش ـ جەڭلەر تەسۋىرلەنگەنلىرىدىن خېلى بار.

5. مۇراسىم ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قوشاقلىرى

مۇراسىم ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قوشاقلىرى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى، ھېس ـ تۇيغۇسى، خاراكتېرى، خۇسۇسىيەتلىرى، ئادەت ـ يوسۇنلىرى، تارىخىي مۇساپىلىرى ۋە باشقىلارنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم بىر بەدىئىي خاتىرە. بۇ خىل قوشاقلارنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. مەسىلەن: «ئوغۇزنامە»دە مۇراسىم ۋە ئۆرپ ـ ئادەتكە دائىر مۇنداق تەسۋىرلەر بار:

*ئوغۇز قاغان ئۇلۇغ قۇرۇلتاي چاقىردى.*
*نۆكەرلەرىن، ئەلگۈنلەرىن چارلىپ چاقىردى.*
*كەلىپ كەڭەشىپ ئولتۇردىلار*
*ئوغۇز قاغان بەدۈك ئوردۇ (دا)*
*(ئوڭ ياغىدا)*
*(قىرىق غۇلاچ يىغاچنى تىكتۇردى.*
*ئانۇڭ) باشىدا بىر ئالتۇن (تاغۇق قويدى.*
*ئاداغى) دا بىر ئاق قويۇن باغلادى.*
*(چو)ڭ ياغىدا قىرق غۇلاچ ي (ى) غاچنى تىكتۇردى.*
*باشىدا بىر كۇمۇش تاغۇق قويدى،*
*ئاداغىدا بىر قارا قويۇننى باغلادى.*
*(ئوڭ) ياقتا بۇزۇقلار ئولتۇردى،*
*چوڭ ياقتا ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى.*
*قىرىق كۈن قىرىق كەچە ئاش (ا) دىلار*
*ئى (چ) تىلەر،*
*سەۋىنچ تاپتىلار،*
*ئاندان سوڭ قاغان ئوغۇللىرىغا يۇرتىن ئۇلە (ش)*
*تۈرۈپ بەردى.*                (356—371 ـ قۇرلار)
*[شۇندىن كېيىن ئوغۇز خاقان چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى،نۆكەرلىرىنى،*
*ئەل ـ جامائەتنى چاقىرتتى،*
*ئۇلار كېلىپ بار مەسلىھەت ئولتۇرۇشتى،*
*ئوغۇز خاقان چوڭ چېدىردا (ئوڭ تەرىپىگە)،*
*قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى،*
*ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى،*
*ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى.*
*سول تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى.*
*ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى،*
*تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى.*
*ئوڭ تەرەپتە بۇز ئوقلار ئولتۇردى،*
*سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى،*

---

① م.كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)، I توم،169 ـ بەت.

*قىرىق كىچە-كۈندۈز تويى بولدى،*

*ئىچىشتى، يېيىشتى، خۇرسەن بولۇشتى.]...*[1]

مانا بۇلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇراسىم پائالىيەتلىرىگە دائىر ئەھۋاللىرىنىڭ ئېپوسلاردىكى تەسۋىرىي كۆرۈنۈشى.

خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇراسىم-ئادەتلەردە ناخشا-قوشاق ئوقۇيدىغانلىقى توغرۇلۇق خاتىرىلەر ساقلانغان. مەسىلەن: ۋېيشۇ يازغان«ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى» دە «ئېگىز قاڭقىلىقلار بىرلىشىپ تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر-چىراغ بەرگەندە، يىغىلغان ئادەم نەچچە ئونمىڭغا يەتكەن، كاتتا يىغىلىشتا ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، مال سويۇلۇپ، ناخشا ئېيتىلىپ، كۆڭۈل ئېچىلغان. ھەممەيلەن ئەزەلدىن مۇنداق تەنتەنىلىك يىغىلىش بولمىغان دېيىشكەن» دېگەن خاتىرە قالدۇرۇلغان[2]. بۇلار مىلادىيە 5-ئەسىرلەردىكى ئەھۋاللاردىن ئىبارەت. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىمۇ ئۆرپ-ئادەت، مۇراسىمغا دائىر بىر قانچە كۇپلېت قوشاق نەقىل ئېلىنغان. مەسىلەن:

*ئىقۇرىق باشى قازلايۇ،*

*ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ،*

*ساقىنچ قۇزى كىنزلەيۇ،*

*تۈن اكۈن بىلە سەۋنەلىم.*

*[ئىقۇرىق بېشى غاز(بوينى)غا ئوخشاش (تۇرماقتا)،*

*ساغەر تولۇپ كۆزگە ئوخشاپ (تۇرماقتا)،*

*قايغۇنى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىپ،*

*كېچە-كۈندۈز سۆيۈنەيلى.]*

*ئىقۇرىقنىڭ بېشى خۇددى غاز بويىنىدەك تىك تۇرماقتا، ساغەرلەر خۇددى كۆز چانىقىدەك مەيگە تولدى. قايغۇ-ھەسرەتنى چۆرۈۋېتىپ، كېچە-كۈندۈز كۆڭۈل ئاچايلى*[3].

*ئوتتۇز ئىچىپ قىقرالىم،*

*يۇقار قوپۇپ سەكرەلىم.*

*ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم،*

*قاچتى ساقىنچ سەۋنەلىم.*

*[ئوتتۇز(ئۈچ قېتىم)ئىچىپ قىرقىرايلى،*

*يۇقىرى قوپۇپ سەكرەيلى،*

*ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،*

*قايغۇ قاچتى، سۆيۈنەيلى.]*

*ئۈچ قېتىمدىن ئىچەيلى، ئورنىمىزدىن تۇرايلى، ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى، قايغۇنىڭ بىزدىن يىراق كەتكەنلىكىنى كۆرسىتەيلى*[4].

شىنجاڭدىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ھەرخىل مۇراسىم ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ تەسۋىرى ئۇچرايدۇ. بۇلار توغرىسىدىكى قوشاقلارغا ئائىت ئۇچۇرلار ھازىرغىچە ئېنىقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئەجدادلار ئارىسىدا ئاشۇنداق مۇراسىملارنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ، جارى بولۇپ

---

[1] گېلىڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980-يىلى نەشرى.

[2] «24 تارىختىكى جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 509-بەت.

[3] م. كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»(تۈركىي تىللار دىۋانى)، I توم، 135-، 136-بەتلەر.

[4] م.كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»(تۈركىي تىللار دىۋانى)، I توم، 193-بەت.

تۇرۇلىدىغانلىقىنى، بۇ خىل پائالىيەتلەردە ھەم ناخشا-قوشاق ۋە مۇزىكىلارنىڭ جور بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ھازىرغىچە تارقىلىۋاتقان ھەرخىل مەشرەپلەردىمۇ ناخشا-قوشاقلارنىڭ ئوقۇلۇپ تۇرۇلىدىغانلىقىنى، بۇ خىل ئادەتنىڭ تارىخىي ۋارىسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

6. تەبىئەت تەسۋىرلىرىگە دائىر قوشاقلار

تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىش ئاساسى، ھاياتلىق ماكانى. شۇڭا قەدىمكى كىشىلەر ئەقىل ۋە تەسەۋۋۇردا مۇئەييەن سەۋىيەگە يەتكەندىن باشلاپلا تەبىئەت توغرىسىدا خىلمۇ خىل ئويلاردا بولغان ۋە ھەر خىل چۈشەنچىلەرگە كەلگەن، ئۇنىڭ سىرلىرى توغرىسىدا ئىزدەنگەن، تەبىئەتنىڭ چەكسىز ئىلتىپاتىغا بولغان رەھمەت-تەشەككۈرىنى ئوخشىمىغان شەكىل ۋە يول بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. قەدىمكى قوشاقلار ئىچىدە تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئۇنىڭ كۆركەم-گۈزەللىكىدىن سۆيۈنۈش، تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلىش، سېخىيلىقىغا مەدھىيە ئوقۇش؛ شۇنداقلا تەبىئەت بىلەن ئېلىشىش، تەبىئەتتىكى سىرلىق نەرسە ۋە كۈچلەر، جۈملىدىن تەبىئەتنىڭ بىنورمال ھەرىكەتلىرى، ھۆركىرەشلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىش قاتارلىق ھېسسىياتلىرى، ئىش-پائالىيەتلىرى ئوبرازلىق، تەسىرلىك ۋە يارقىن ئىپادىلەنگەن قوشاقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن قەدىمكى «تېلى قوشىقى» ئەڭ داڭلىق. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىمۇ بۇ خىل قوشاقلاردىن بىر قانچە كۇپلېت نەقىل ئېلىنغان. مەسىلەن:

*تۇرلۇگ چەچەك يازىلدى،*
*بارچىن يازىم كەرىلدى.*
*ئۇچماق يەرى كۆرۈلدى،*
*تۇمىلۇغ يەنە كەلگۇسۇز.*
*[تۈرلۈك چېچەك يېزىلدى،*
*(گويا)كىمخاب سېلىنچا سېلىندى،*
*جەننەت يېرى كۆرۈلدى،*
*قىش ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.]*

*باھارنى تەرىپلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: تۈرلۈك گۈللەر ئېچىلدى، (يەر يۈزى) گويا يىپەك گىلەملەر سېلىنغاندەك بولدى؛ گويا جەننەت يېرى كۆرۈلدى، ھاۋا ئىسسىدى، سوغۇق بارسا كەلمەسكە كەتتى*[1].

*ئاي قوپۇپ ئەۋلەنۇپ،*
*ئاق بۇلىت ئۆرلەنۇپ.*
*بىرىبىر ئۇزە ئۇكلۇنۇپ،*
*ساچىلىپ سۇۋى ئاغراشۇر.*
*[ئاي قوپۇپ قوتانلىنىپ،*
*ئاق بۇلۇتلار ئۆرلىشىپ،*
*بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ،*
*سۈيى چېچىلىپ شارقىرار.]*

*ئاي چىقىپ قوتانلىشىش بىلەن ئاق بۇلۇتلار كۆتۈرۈلۈپ، بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىدۇ-دە، شارقىراپ سۈيىنى تۆكىدۇ. ئاي قوتانلانغاننى تۈركلەر «يامغۇر ياغىدۇ» دېگەنگە*

[1] م.كاشغەري: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)، I توم، 160-، 161-بەتلەر.

جورۇيدۇ[1].

خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن بەزى قوشاقلاردىمۇ تەبىئەت تەسۋىرىگە دائىر نادىر نەمۇنىلەر بار. مەسىلەن:

*تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،*
*ئايغىر[2] بۇلاقنىڭ تاغلىرى.*
*ئۈستىدە قارلار يېتىپتۇ،*
*ئاستىدا گۈل ـ باغلىرى.*

تەبىئەت تەسۋىرىگە دائىر قوشاقلارنىڭ قاراتمىلىقىنى يەنە بىر جەھەتتىن تەھلىل قىلساق، بۇنداق قوشاقلاردا ئەجدادلارنىڭ يۇرت سۆيەرلىك، ئۇلۇس ـ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ كەڭ مەنىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس. چۈنكى ئۇلۇس ـ ۋەتەن تەبىئەتتىن ئورۇن ئالغان. مەلۇم بىر مىللەت، مەلۇم بىر خەلق تەبىئەتنىڭ مۇئەييەن بىر دائىرىسىدە ماكانلىشىپ، تىرىكچىلىك قىلىدۇ. شۇڭا تەبىئەت تەسۋىرىدىكى قوشاقلار ئۆز نۆۋىتىدە يۇرت ـ ۋەتەن ھەققىدىكى قوشاق بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە. قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر قوشاقلار قوچۇ ئۇيغۇر قوشاقلىرى تەركىبىدە ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە يېتەرلىك دەرىجىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. ئۇلار كېيىنكى ماۋزۇلاردا يەنە ئايرىم تونۇشتۇرۇلىدۇ.

خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن بەزى تارىخىي قوشاقلار بار بولۇپ، ئۇلار مول ۋە قىممەتلىك ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «خامان ناخشىسى»، «ئورما ناخشىسى»، «ھارۋىكەش ناخشىسى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى» قاتارلىقلارنىڭ تارىخى خېلى ئۇزۇن. يېقىنقىدا بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك يوسۇندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قوشاقلارنى ئەمگەك قوشاقلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى، ئۇرۇش ـ جەڭ قوشاقلىرى، مۇراسىم ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قوشاقلىرى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى قوشاقلىرى (پاكى پىزاز تەسۋىرى قوشاقلىرى) دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئومۇمەن، قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوشاققا ناھايىتى باي بولغان. ئۇلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە رەڭگارەڭ ۋە مول قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، تۇرمۇشنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەپسۇسكى، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن تارىخىي قوشاقلار دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. يازما ھۆججەتلەردە ساقلىنىپ قالغانلىرى خەلق ئارىسىدا تارالغانلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ھازىرقى زامانغا كەلگەندە خەلقنىڭ ئاغزاكى ئېيتىشى بىلەن يېتىپ كېلىپ خاتىرىگە ئېلىنغانلىرى ئىچىدە قەدىمكى زامان دەۋر پۇرىقىنى ساقلىغانلىرىمۇ بار، ئەمما بۇلاردا كېيىنكى زامان تىل ۋە قوشاق ئۇسلۇبى خېلى قويۇق ساقلانغان. شۇنداق بولسىمۇ، زامانىمىزغىچە ئېيتىلىپ، قەلەمگە ئېلىنغان بەزى قوشاقلارنى قەدىمكى ساقلىنىپ قالغان قوشاقلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، قوشاقلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى نامايان قىلىش مۇھىم بىر ئىلمىي خىزمەت. زامانىمىز قوشاقلىرى ۋە قەدىمكى قوشاقلارنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن ئەجدادلار قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ھەر خىل، ئۇسلۇبىنىڭ رەڭدار، شەكلىنىڭ ئۆزگىچە، تۈزۈلۈشىنىڭ رەڭگارەڭ ئىكەنلىكىنى، تۇرمۇشنى ئوبرازلىق، ھەققانىي ۋە ساغلام ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى، خەلق تىلىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي ئەتكۈزۈشتە چوڭ روللارنى ئوينىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

---

[1] م.كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)، I توم، 141 ـ 142 ـ بەتلەر.

[2] بۇ سۆز مەزكۇر قوشاقنىڭ ئايرىم ۋارىيانتلىرىدا «ئاغى، ئاھۇ» دېگەن شەكىللەردىمۇ ئېلىنىدۇ.

# §2. خەلق ھېكايىلىرى

خەلق ھېكايىلىرى (民间故事) ئەجدادلار ئارىسىدا ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىپ يۈرگەن مەنىۋى بايلىق، خەلقنىڭ ئىجادىيەت كۈچىنىڭ ئىپادىسى. خەلق ھېكايىلىرى ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، مەسەل ۋە لەتىپە قاتارلىقلار خەلقنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رايون ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇلار مىللىي خاسلىق،يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچە سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئىگە بولۇپ، ئەجدادلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ھەمدە مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، ئەجدادلار ياشاپ تۇرۇۋاتقان ھەرقايسى جايلارغا تەكشى دېگۈدەك يېيىلغان. خەلق ھېكايىلىرى ئەپسانىلەر، رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر، مەسەللەر ۋە لەتىپىلەر، چاقچاق ۋە لاپلار دېگەن ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئەپسانە بىلەن رىۋايەت قوشۇلۇپ «مىف»نى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن خەلقئارادا مىفولوگىيە دېگەن بىر ئىلىم بارلىققا كەلگەن. چۆچەكلەرمۇ ئادەتتە ئەپسانە، رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسىي ئوبرازلىرى ۋە سۇژىتىنى ساقلاپ قالغان بىر خىل ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن مىفولوگىيە يەنى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىشىنى تەقەززا قىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەسەللەرمۇ چۆچەكلەرنىڭ بىر ۋارىيانتى سۈپىتىدە راۋاجلىنىپ كەلگەن. لەتىپە، چاقچاق ۋە لاپلار بولسا فېئودالىزم دەۋرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن مىفولوگىيەلىك ئەسەرلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى بولسا «ئاغزاكى نەسرىي ئەسەرلەر بولغانلىقى».

**1. ئەپسانىلەر**

ئەپسانە بىلەن رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىش تەس. شۇنداق بولسىمۇ قىسمەن ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلىپ نىسپىي شەكىلدە پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەپسانىلەر قەدىمكى زامان يازما ھۆججەتلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ئەپسانىلەر بىلەن خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى تارقىلىپ كەلگەن ئەپسانىلەر قوشۇلۇپ، بىر پۈتۈن ئەپسانىلەر خەزىنىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇلار ھايۋان ۋە دەل ـ دەرەخلەر ھەققىدىكى ئەپسانىلەر، بوۋا ـ مومىلار ئىلاھى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر، تەبىئەت (تەڭرى) ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر، مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر دېگەن تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ.

1. ھايۋانلار ۋە دەل ـ دەرەخلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

1) ھايۋانلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

بۇلار ئاساسەن توتېم قىلىنغان ۋە تېۋىنىلغان (چوقۇنۇلغان) ھايۋانلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ھايۋانات ئىنسانىيەت ئەڭ بۇرۇن تېۋىنغان ئوبيېكت[①]. مەلۇمكى، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قەدىمكى زامانلاردىلا قويۇق بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ گۆدەكلەرچە چۈشەنچىسىدە بەزى ھايۋانلار ئىقتىدار جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان. شۇڭا،دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلار بەزى ھايۋانلارغا چوقۇنغان، يەنە بەزىبىر ھايۋانلارنى توتېم قىلغان. ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە بۆرە، ئىت، ئېيىق، يىلان، ئۆكۈز، ئات، قۇش (شۇڭقار، لاچىن، بۈركۈت، قارچىغا، سار) ئوبراز قىلىنغان ئەپسانىلەر بار بولغان. ھەتتا

[①] «ئېنگېلسنىڭ ماركسقا يازغان خېتى» (1882 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى) گە قاراڭ، «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن دىن توغرىسىدا»، 14 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

بۇنىڭ بەزىلىرىنى توتېم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىققىنىنى بىۋاسىتە ئاشۇ ھايۋانغا باغلاپ چۈشەندۈرگەن.

بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنىڭ مۇكەممەل سۆزىتلىق نۇسخىسى ئاساسەن دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن، يەنى ئۇنىڭ ئاساسىي مۇتىفى ياكى ئېپىزوتلىرى (سۆزىتى) ساقلانغان. بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ئۇرۇقلاردىن بىرى بۆرە (ياكى قۇرت)نى ئۆزلىرىگە توتېم (ئونغون) قىلىپ چوقۇنغان. بۇ ھەقتە خېلى كۆپ ئەپسانە ۋە خاتىرە ساقلانغان. ۋېيشۇ يازغان «ۋېينامە» دە مۇنداق بىر ئەپسانە بار:

*رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئىككى قىزى بار ئىدى. ھۆسن ـ جامالى ئىنتايىن كۆركەم ئىدى. ھۇن ئېلىدىكى كىشىلەر بۇلارنى پەرىلەر دېيىشىدىكەن. ھۇن تەڭرىقۇتى: «بۇ قىزلىرىمنى ئۆز لايىقىغا بېرىشىم ئۈچۈن تەڭرىنىڭ ئىختىيارىغا قويىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىقۇت ھۇن ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم بارمىغان بىر جايغا ئېگىز تۇر(ياكى ھۇجرا) ياسىتىپتۇ. ئىككى قىزىنى شۇ يەرگە چىقىرىپ «قىزلارنى تەڭرىگە تاپشۇردۇم» دەپ كېتىپ قاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە قىزلارنىڭ ئانىسى باللىرىنى سېغىنىپ كۆرمەكچى بولغاندا تەڭرىقۇت: «بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن» دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر قېرى بۆرە كېچە ـ كۈندۈز ھۇۋلاپ، تۇرا ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۆرە تۇرانىڭ تۈۋىدە بىر ئۆۋىمۇ ياسىۋاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بۆرە زادى كەتمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا: «ئاتام بىزلەرنى مۇشۇ يەردە تەڭرىگە تاپشۇرغانىدى. ئەمدى بۆرە كېلىپ قالدى، بۇ خىسلەتلىك مەخلۇق بولسا كېرەك، تەڭرى مۇشۇ بولمىسۇن يەنە» دەپتۇ ـ دە، تۇردىن چۈشۈپ بۆرە بىلەن جورا بولماقچى بولۇپتۇ. ئاچىسى ھەيران بولۇپ، «بۇ ھايۋان تۇرسا،ئۇنىڭ بىلەن جورا بولىمەن دېگىنىڭ نېمىسى، ئەگەر بۇنداق قىلساڭ، ئاتا ـ ئانىمىزغا چوڭ ھاقارەت بولمامدۇ؟» دەپتۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ نەسىھىتىگە زادى قۇلاق سالماي، تۇردىن چۈشۈپ بۆرىگە جورا بولۇپتۇ. ئۇنىڭدىن بالا تۇغۇلۇپتۇ، بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپتۇ، مۇشۇنداق سەۋەب بولغاچقا، بۇلارنىڭ ئادەملىرى ئۈنلۈك توۋلاپ ناخشا ئېيتىشقا ئامراق ئىكەن. بۇلارنىڭ ھۇۋلىشى بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن*[1].

بۇ ئەپسانە ئادەتتە «ئېگىز قاڭقىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە» ياكى «تەڭرىقۇت قىزى بىلەن ئىلاھىي بۆرە»(单于女与神狼)[2] دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

«ئاشىنا». (ياكى «ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە») «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىلتىزىنى تەكشۈرىدىغان ئەپسانە»[3]. بۇ ئەپسانىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

*تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا بىر قوۋمىدۇر، فامىلىسى «ئاشىنا» (Ashina) بولۇپ، ئالاھىدە بىر قەبىلە ھېسابلىنىدىكەن (ياكى ئايرىم قەبىلە بولۇپ ياشىغان). كېيىن ئۇلار قوشنا ئەل تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنىپ، نەسلى قۇرۇپ كېتىپ، پەقەت 10 ياشلىق بىر بالا ئامان قالغان ئىكەن. غالىب ئەلنىڭ لەشكەرلىرى بالىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ، ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ تۇرغان بىر سازلىققا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بالىنىڭ يېنىغا بىر ئۇرغاچى بۆرە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. لېكىن ھېلىقى غالىب ئەلنىڭ خانى بۇ بالىنىڭ يەنىلا ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قايتا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. بالىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر چەتتە قاراپ تۇرغان ئۇرغاچى بۆرىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا،*

---

[1] «24 تارىختىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 502 ـ بەت.

[2] بۇ ھەقتە مەندۇخۇ مەسئۇللۇقىدا تۈزۈلگەن «中国阿尔泰语系诸民族神话故事» («جۇڭگودىكى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىق ھېكايىلىرى») ناملىق كىتابقا قارالسۇن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشرى.

[3] «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى» (ماشۆلياڭ مەسئۇللۇقىدا تۈزۈلگەن)، بىرىنچى قىسىم، 82 ـ بەت، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

بۆرە قوچونىڭ غەربىدىكى شىمالىي تاغقا قېچىپ كېتىپتۇ. بۆرە ياپيېشىل ئوت-چۆپ، مايسىلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرغان، ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىر نەچچە يۈز يول مېڭىشقا توغرا كېلىدىغان بىر جىراغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. بۆرە بۇ يەردە 10 ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن سىرت بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆيلىنىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھامىلىدار بولۇپ تۇغۇپتۇ. ھەربىرىنىڭ ئايرىم فامىلىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ فامىلىسى ئاشىنا ئىكەن. مانا مۇشۇ فامىلىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق ئەجدادى ئاۋۇپ، تەدرىجىي ھالدا بىر نەچچە يۈز ئائىلىگە يېتىپتۇ. بۇلار بىر نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ئۆڭكۈردىن چىقىپتۇ[1].

«قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» (古突厥的来历) دەپ ئاتىلىۋاتقان ئەپسانىدە مۇنداق مەزمۇنلار بار:

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۈركلەرنىڭ ئەجدادى سەك (索، ياكى سۇ) ئېلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھۇنلارنىڭ شىمالىدا ياشىغانىكەن. بۇ قەبىلىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى ئابام بەگ دېگەن كىشى بولۇپ، جەمئىي 17 ئاكا-ئۇكا ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئىگىل نىشاچور (يىجى نىشىدۇ) بولۇپ، بۆرىدىن تۇغۇلغانىكەن، ئابام بەگ قاتارلىقلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئەقىل-پاراسەتسىز بولغانلىقتىن، خانلىق ئاخىرى مۇنقەرز بولغانىكەن. ئىگىل نىشاچور ئوخشىمىغان مىجەز-خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بوران-يامغۇرنىمۇ چاقىرىپ كېلەلەيدىكەن. ئۇ ئىككى خوتۇن ئاپتۇ، بىرى ياز ئىلاھىنىڭ قىزى، يەنە بىرى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنىدىن بىرى ھامىلىدار بولۇپ، بىرلا قېتىمدا تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئاق قۇغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. يەنە بىرى ئافۇ دەرياسى بىلەن جيەنشۈي (كېم) دەرياسى ئارىلىقىدا دۆلەت قۇرۇپ، نامىنى چىگۇ دەپ ئاتاپتۇ. يەنە بىرى چۇجى دەرياسى بويىدا دۆلەت قۇرۇپتۇ. يەنە بىرى جانىس چۆجېش تېغىغا ماكانلىشىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىكەن. شۇنداقلا بۇ جايدا دائىم دېگۈدەك قىرووۋ ئۇششۇكى پەيدا بولىدىكەن. چوڭ ئوغۇل ئۇلار ئۈچۈن ئوت كەشىپ قىلىپ بېرىپ، قەھرىتان سوغۇقتىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىك ئورتاق ھالدا چوڭ ئوغۇلنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ، تۈرك دەپ ئاتىشىپتۇ. ناردۇلا شاد دېگەن مانا مۇشۇ كىشى ئىكەن، ناردۇلا 10 خوتۇن ئاپتۇ. تۇغۇلغان باللارنىڭ ھەممىسى ئانىلىرىنىڭ قەبىلە نامىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىشىپتۇ، ئاشىنا بولسا ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغانىكەن. ناردۇلا ئۆلگەندىن كېيىن 10خوتۇندىن تۇغۇلغان باللار ئۆزلىرى ئىچىدىن بىرىنى باشلىق سايلىماقچى بولۇپ، ھەممىسى بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىغا يىغىلىشىپتۇ ھەمدە كىم دەرەخ بويلاپ ئەڭ ئېگىز سەكرىيەلىسە شۇ باشلىق بولىدۇ، دەپ كېلىشىم تۈزۈپتۇ. ئاشىنا فامىلىلىك ئوغۇل گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئېگىزگە سەكرەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئوغۇللار ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ، ئاشىناشاد دەپ ئاتاپتۇ. بۇ رىۋايەت ئاجايىپ بولغان بىلەن، يەنىلا بۆرە نەسلىدىن بولغان دېگەن گەپ ئىكەن[2].

يۇقىرىقى ئەپسانىلەرنىڭ مەزمۇنى كۆپ تەرەپلىمە ئىزاھلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە مۇھىمى پەقەت قەدىمكى ئاشۇ ئۇرۇق، قوۋمدىكىلەر ئارىسىدا بۆرىنى توتېم قىلىش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىنى ئۇقۇۋېلىشتىن ئىبارەت. بۆرىگە چوقۇنۇشقا دائىر مەزمۇنلار يەنە «ئوغۇزنامە»، «بۆبۈش ھەققىدە»[3]، «بۆرە قىز»[4] قاتارلىقلاردىكى ئەپسانە-ئېپىزوتلاردا ئىپادىلەنگەن.

مەلۇمكى، توتېم (ئونغۇن) ئېتىقادى ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقاد بولغاچقا، ئىپتىدائىي دىن(ئېتىقاد) دەپمۇ ئاتالغان. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ھەربىر ئۇرۇق-قەبىلە ئېتىقاد قىلغان توتېملار شۇ ئۇرۇق، قەبىلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان شەيئىلەر بولۇپ، بەزىلىرى ھايۋانلار، بەزىلىرى ئۆسۈملۈك، يەنە بەزىلىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەلۇم بىر خىل ماددا بولغان. شۇڭا مەلۇم بىر مىللەتنىڭ توتېمى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ياكى ماددا بولسۇن، ھېچقانداق سەلبىي مەنىگە ئىگە بولمايدۇ. بۆرە

---

[1] «24 تارىختىكى جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 665-، 666-بەتلەر.

[2] «24 تارىختىكى جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 666-، 667-بەتلەر.

[3] «شىنجاڭ سەنئىتى»، ژۇرنىلى 1996-يىلى 4-سان، 34-بەت، ئۈرۈمچى.

[4] «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1991-يىلى 4-سان، ئۈرۈمچى.

چارۋا ـ ماللارغا غايەت زور زىيان سالىدىغان بولغاچقا، شۇنداقلا ۋەھشىي، قارام، سەزگۈر، چەبدەس بولغاچقا، ئۇ كۈچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان. بولۇپمۇ ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى بىر قاتار خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تۇرمۇشىدا ئىزچىل يوسۇندا مۇتىۋەر ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. دىنىي ئېتىقادنىڭ بىر مۇھىم مەنىسى تىلەك تىلەش ـ ئىلتىجا قىلىش بولغاچقا، ئىپتىدائىي دىنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. دېمەك، بۆرە توتېم ئېتىقادى ۋە باشقا ھايۋان، ئۆسۈملۈك، نەرسىلەر ئېتىقادى ئېگىز قاڭقىلىقلار، قەدىمكى تۈركىلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلاردا ساددا تەسەۋۋۇر، ئىپتىدائىي بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ بارلىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلىشقا تۇتۇنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىت تېۋىنىمچىلىقى بۆرە تېۋىنىمچىلىقى بىلەن يىلتىزداش. زوئولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىت بۆرىدىن ئۆزگەرگەن؛ شۇنداقلا ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ كۆندۈرگەن ھايۋان ئىت بولغان[1]. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم شۇشېن(许慎) «سۆزلەر ئىزاھى»(说文解字) ناملىق كىتابىدا «شىمالدىكى دىلار ئىتقا تېۋىنىدۇ»، «قىزىل دىلار ئىت نەسلىلىك» دەپ يازغان. قىزىل دىلار بولسا دىلارنىڭ چوڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى[2]. خەنزۇچە قەدىمكى زامان تارىخىي كىتابلىرىدىن «تاغ ـ دېڭىزلار تەزكىرىسى»(山海经) قاتارلىقلاردا دىلارنىڭ ئىت تېۋىنىمچىلىقىغا دائىر ئەپسانىلەر خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىت تېۋىنىمچىلىقى «قىزىل گوشۇ ۋە قارا گوشۇ»، «سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئىت يولى»، «ئەسھابۇلكەئف»، «ئالتۇن سېكىلەكلىك يالماۋۇز»، «تايغان بىلەن بۇركۇت»، «ۋاپادار ئىت» قاتارلىق ئەپسانە ـ چۆچەكلەردە ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ.

«قىزىل گوشۇ ۋە قارا گوشۇ» ناملىق بۇ ئەپسانىدە ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى دەۋرلەردە مەلۇم تاغنىڭ جەنۇبىدا قىزىل گوشۇ ۋە قارا گوشۇ دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى قەبىلە ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئاسماندىن چۈشكەن قىزىل ۋە قارا رەڭلىك ئىككى ئىتقا مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. شۇڭا، ئەرلىرىنىڭ چىرايلىرى ئىتقا ئوخشايدىكەن، ئاياللىرىمۇ ئۆزلىرىنى پەيدا قىلغان ئىككى ئىتنىڭ رەڭگى بويىچە قىزىل گوشۇ ۋە قارا گوشۇ دەپ ئايرىلىدىكەن. بۇ قەبىلىلەر تامامەن ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئاستىدا ھايات كەچۈرىدىكەن. تۆۋەندىكىسى بۇ ئەپسانىنىڭ تېكىستى:

*قەدىمكى زاماندا تۇنبۇتلەر ئۇيغۇرلارنى (خور)، ئۇنىڭ پادىشاھىنى (خورخان) دەپ ئاتايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى، خورخان شىمال تەرەپتىكى ئەللەرنى چارلاپ ـ تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن بەش*

[1] كانادالىق Stanley Coren «ئىتنىڭ پاراستى»(Translation copyright)ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى بابىدا مۇنداق يازغان: «ئارخېئولوگلار بىزگە مۇنداق بىر مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ: ئون تۆت مىڭ يىل ئىلگىرىكى تاش قوراللار دەۋرىدە، بىر ئىنسان ئەجدادى گۈلخان ئەتراپىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ يېنىدىكى بىر ھايۋانغا نەزەر سېلىۋاتاتتى، بۇ ھايۋان دەل بىز دەۋاتقان ئىت ئىدى. بارلىق ھازىرقى زامان ئىتلىرىنىڭ ئەجدادى دەسلەپتە ئائىلىدە بېقىلغان مەخلۇقلا بولغان ئەمەس، ئۇ يەنە قوغداش، قارانچۇقلۇق قىلىش ۋە ئوۋچىنىڭ ياردەمچىلىكىنى قىلىشتەك ۋەزىپىلەرنىمۇ بېجىرگەن. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تېخىمۇ كۆپ رولغا ئىگە بولغان، مەسىلەن، پادىچى ئىتتى، ئوۋچى ئىتتى، قۇتقۇزۇش ئىتتى، قانۇنغا ياردەملەشكۈچى ئىت، ھاياتلىقنى قۇتقۇزغۇچى ئىت؛ ئەماغا يول باشلىغۇچى ئىت، مېيىپقا ياردەم بەرگۈچى ئىت قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى ياكى ھايات ـ ماماتلىق دوست دەپ قارىلىپ كېلىنگەن»، شۇ كىتاب، جاڭ تيەنفەن، مايۇنشا تەرجىمە قىلغان نۇسخا، سەنليەن(ئۈچ بىرلەشمە) كىتابخانىسى، بېيجىڭ، 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ بەت.

[2] دىلارنىڭ ئىت تېۋىنىمچىلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىشلەر خېلى كۆپ. بولۇپمۇ «دى» سۆزىنىڭ «ئىت» دېگەن سۆز ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىت تېۋىنىمچىلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەۋاتقانلار بار. مەسىلەن، بۇنىڭ تىپىك مىسالى قىلىپ «ئىت توتېمى توغرىسىدا» (غ. ئوسمان ماقالىسى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2005 ـ يىللىق 3 ـ سان؛ «ئىت رولخلىرى، شىمالنىي دىلارنىڭ ئىت، بۆرە ئېتىقادچىلىقى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ھەققىدە ئىزدىنىش»، نامۇجىلا (نامجىل) ماقالىسى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 2008 ـ يىللىق 2 ـ سان، بېيجىڭ). ئىت تېۋىنىمچىلىقىلا ئەمەس، بەلكى، ئىت ھېرىسمەنلىكى بارلىق ھايۋانلار ئىچىدە بىرىنچى رەتتە تۇرىدىغان دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ليۇلۇ، يوڭ چاڭنىڭ «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىتپەرەسلىك» (中外狗趣) ناملىق كىتابىغا قارالسۇن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

*كىشىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆز پادىشاھىغا مۇنۇلارنى مەلۇم قىپتۇ:*

*بۇ ئەلنىڭ شىمالىدا ئوت ياندىغان قۇمتاغ بار. تاغنىڭ ئۇدۇلىدا تەڭرىتاغ دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى بۆلەك بار. ۋۇكچۇر خانى بىلەن خالى خانىنىڭ دۆلەت كۆچى تازا يېتىلگەن زامانلاردا لەشكەر تارتىپ بۇ يەرگە ماڭغان بولسىمۇ يولى توسۇلۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى كىشى يولدىن ئېزىپ چۆلگە كىرىپ قالغانىكەن. چۆلدە تۆگە ئىزى ئۇچراپتۇ،ئىزنى ئىزدەپ مېڭىپ بىر كارۋانغا يېتىشىۋېلىشقا ئاز قالغاندا بىر ئايال ئۇچراپ، ئۇلار بىلەن دروگۇچە (تۈركچە) سۆزلىشىپتۇ. ئايال كىشى بۇ ئىككى خانىنى پىنهان جايغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئوۋ ئوۋلىغاچ تۆگىلەرنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغان بىر تايغان بار ئىكەن. ئايال·كىشى ئۇلارنى تايغانغا باش ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. تايغان يېپىنچا ۋە قۇملۇق چۆلدىن ئۆتكۈچە كېرەك بولىدىغان سۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۇن تۆگىگە يۈكلەپ، بۇ ئىككى كىشىنى دروگۇ ئېلىگىچە ئەكېلىپ قويۇپتۇ. بۇ يەردىكى تايغانلار ئەسلىدە ئاسماندىن چۈشكەنىكەن. بىرى قىزىل، بىرى قارا ئىكەن. ئۇلار بىر جىلغىدا چىشى بۆرىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈپتۇ، تۇغۇلغان ئەۋلادلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئەي بولماپتۇ. ئاخىر ئۇلار يېقىن جايدىكى دروگۇ ئاھالىلىرىدىن بىر چوكاننى ئوغرىلاپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈپتۇ. ئەۋلادلىرىنىڭ ئەركەكلىرى تايغاننىڭ سىنىنى ئاپتۇ، چىشىلىرى ئادەمنىڭ سىنىنى ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر توپ قىزىل ئاياللار قەبىلىسى قىزىل گوشۇ دەپ ئاتىلىپتۇ. قارا ئايالالر قەبىلىسى قارا گوشۇ دەپ ئاتىلىپتۇ. تايغان سىنىنى ئالغان ئەرلەرمۇ ئايالالر بىلەن دروگۇچە سۆزلىشىدىكەن، قەبىلىلەرنىڭ مال-مۈلكىنى ئايالالر باشقۇرىدىكەن ۋە ئىشلىتىدىكەن[1].*

ئېيىق تېۋىنىمچىلىقىغا دائىر قەدىمكى زامانغا مەنسۇپ يازما ھۆججەتلەر يوق دېيەرلىك، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان دىڭلىڭلار مىلادىيەدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى بايقال كۆلى ساھىلى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدا ياشىغان. مەسىلەن، خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن «قەدىمنامە. تەزكىرىلەر» (尚书·大传) دە: «شىمالىدا دىڭلىڭلار بار، ئۇلارنىڭ شىمالى قېلىن قار بىلەن قاپلانغان دەشتى باياۋان» دېيىلگەن بولسا، «تاغ-دېڭىزلار تەزكىرىسى» (山海经) 18-جىلد «دېڭىزنىڭ ئىچى» بابىدا: «شىمالىي دېڭىز (بايقال كۆلى) نىڭ ئەتراپىدا تاغلار بار، دىڭلىڭلار دۆلىتى شۇ يەردە، ئات مىنىپ سەپەر قىلىشقا ماھىر» دېيىلگەن. چېن شۇنىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» (三国志) دىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايانلار بار. بۇلاردىن ئېيىقلار ماكانى بولغان بايقال كۆلى ساھىلىدىكى تۇرمۇش دىڭلىڭلارنىڭ ئېيىق بىلەن قويۇق ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتىدىن تەسىر ئېلىشىغا قولايلىق ئىمكانىيەتلەرنى ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيىق تېۋىنىمچىلىقى چۈشەنچىسى قەدىمكى زامانىنى باشلىنىش مەنبەسى قىلغان ھالدا يېقىنقى زامانغىچە ئاغزاكى ساقلىنىپ چۆچەكلەر ۋە داستانلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، «چىن تۆمۈر باتۇر» (بۇنىڭ چۆچەك ۋە داستان شەكلى بار. يەنە بەزى چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى ئۇنى ئېيىقوس دەپمۇ قارايدۇ)، «ئېيىق بەگ»، «ئېيىق باتۇر»، «ئېيىق ئىسلام باتۇر»، «ئېيىق سۇلتان»، «مەستان كەمپىر»، «ۋاش شەھىرى»، «ئاق ئۇلانبەردىخان» نامىلىق چۆچەكلەردە ئېيىق بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئالاقىسى سۆزلەنگەن. «باتۇر ئېلى قۇربان» نامىلىق چۆچەكتە ئېلى قۇرباننىڭ دادىسىنىڭ ئېيىق، ئانىسىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى، ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل، باتۇر بولۇپ چوڭ

---

[1] بۇ ئەپسانە فىرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە تۇبۇتچە ھۆججەتتە خاتىرىلەنگەن. بۇ ھۆججەتنىڭ نومۇرى «P.1283» بولۇپ، ئۇنى فىرانسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى پېللىئوت 1908-يىلى دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن. تۆۋەندىكىسى مەزكۇر ئەپسانىنىڭ «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (3) نامىلىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسىدۇر.

بولغانلىقىنى، يۇرتداشلىرىغا قاتتىق زۇلۇم سالغان دۈشمەن كۈچلەر بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، خاتىرجەملىك ۋە بەختلىك تۇرمۇش بەرپا قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئادىل ۋە قابىللىقى بىلەن ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللىرى يۇرت-ئاۋامنىڭ ئەڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

ئېيىقنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەلۇم بىر قەبىلىسىنىڭ توتېم قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدىغانلار خېلى بار.

يىلان تېۋىنىمچىلىقى دىڭلىڭلار قاراسوق(قارا سۆك) مەدەنىيىتى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 12—7-ئەسىرلەر ئارىلىقى) دە قويۇق ئىجتىمائىي قىممەت ياراتقان. ئۇنىڭ تەسىرى «ئەجدىھا يىگىت»، «خاسىيەتلىك رەسىم» قاتارلىق چۆچەكلەردە ساقلانغان.

ھېكايە-چۆچەكلەردە ئۆكۈز (كالا)، ئات ۋە قۇش (ئاساسەن شۇڭقار، تۇغرۇل، بۈركۈت، لاچىن، سار) تۇغرۇلۇق، بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئادەملەر ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقى توغرۇلۇق بايانلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە «يەر نېمىشقا تەۋرەيدۇ»، «يەر ۋە ئىلاھىي كالا»، «قېرىماس ياشلىق»، «ۋاپادار ئات»، «ئوتۇنچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى»، «ئەقىللىق بۈركۈت»، «تايغان بىلەن بۈركۈت»[①] ناملىق ئەپسانە ۋە چۆچەكلەردىكى بايانلار ئۇزاق تارىخنى ئەسلىتىدۇ. دېمىسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى زامان تۇرمۇشىدا ئۆكۈز، ئات ۋە شۇڭقار تېۋىنىمچىلىقى بولغان، ھەتتا شۇڭقار توتېم قىلىنغان.

2) دەل-دەرەخلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

ياغاچ، دەل-دەرەخلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ توتېم ئېتىقادى چۈشەنچىسىنى مەنبە قىلغان. مەلۇمكى، ياغاچ، دەل-دەرەخلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت سورۇنى ۋە ئوزۇقلۇق مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆسۈملۈكلەرگە تېۋىنىش توتېمغا تېۋىنىشنىڭ بىر قانىتى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇنداق بولۇشتا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇزۇن يىل ئۆسۈپ تۇرۇشى، تەكرار ئۆسۈشى ۋە ئىنسانلارنى ھېچقانداق قارشىلىقسىز مۇقىم مېۋە، يوپۇرماقلىرى، ئۇرۇقچىلىرى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر دەل-دەرەخلەرگە بىر قەۋەت ئىجتىمائىي قىممەت چۈشەنچىسىنى قوشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى دەل-دەرەخلەرنى تېۋىنىش ئوبيېكتى قىلغىنىدا، ھەتتا ئۇلاردىن ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئاپىرىدە بولغان دەپ ئەپسانىلەر توقۇپ قالدۇرۇشقان. مەسىلەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خەنزۇ ئەدىب يۈجى «داۋيۈەن شۈگۇلۇ» (داۋيۈەن ئۇزۇندىلىرى، 道圆学古录) ناملىق ئەسىرى، ئىرانلىق تارىخچى جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان گۇشاھ» ناملىق ئەسىرى، دوسساننىڭ «موڭغۇل تارىخى» ناملىق ئەسىرى ۋە باشقا ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق بىر ئەپسانىۋى ھېكايە بار بولۇپ، ئۇلاردا ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرلار يۇرتىدا قاراقورۇم دېگەن بىر تاغ بولۇپ، بۇ تاغدىن توغلا ۋە سېلىنگا دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى دەريا ئېقىپ چىقىدىكەن، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئاشۇ ئىككى دەريا ئارىسىدىكى بىر تۈپ دەرەخكە شولا چۈشۈپ، دەرەخ ھامىلىدار بولۇپ، بەش ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەقىللىق ۋە چىرايلىق كەنجى ئوغۇلنى تاللاپ ئۆزلىرىگە خان قىلىپ تىكلىشىپتۇ. بۇ خىل ئەپسانىلەرنىڭ ۋارىيانتلىرى قەدىمكى زاماندا كۆپ تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېقىنقى دەۋردە ئاغزاكى تارقىلىپ كەلگەن ئەپسانىلەردىن

---

[①] بۇلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر بولۇپ، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق توپلامدا ۋە «بۇلاق»، «مىراس» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان.

«ئىلاھىي دەرەخ ئانا» قاتارلىقلاردا دەرەخنىڭ ئادەملەرگە شاپائەت كۆرسەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

## 2. موما ـ بوۋىلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

موما ـ بوۋىلار ئىلاھى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر يەنە ئەجدادلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار توتېم ئېتىقادى دەۋرىدىن كېيىن ئەجدادلارغا چوقۇنغان. بۇ خىل ئېتىقاد كاتېگورىيەسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە تەرەققىيات تارىخىدىكى چوڭ بىر ئىلگىرىلەش. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقال ـ ئاتامانلىرىنىڭ پىداكارانە ئىش ـ ئىزلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قايىللىقىنى بىلدۈرگەن، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىرقانچە ئەۋلاد ئاتامانلارنىڭ ئوبرازى ئۆزئارا بىرىكىپ، بىرقانچە ئۆلمەس ۋە تىپىك بولغان ئۇلۇغ موما ـ بوۋىلار ئوبرازى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئۇماي، كىشى، ئۈلگىن، ئونغۇن، تۇمارس، ئوغۇزخان، ئالپ ئەرتوڭا، بۆگۈخان، قاراخان، بۇغراخان قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان ئەپسانە ۋە ئەپسانىلىق رىۋايەتلەردە ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇرۇق ـ قەبىلىنىڭ تەرەققىياتى، ئۇرۇش ـ جېدەللەر، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئۆزگىرىشلەر، ئىجادىيەت ـ كەشپىياتلار ۋە باشقا ئۇچۇرلار ئاشكارىلاپ بېرىلگەن ھەمدە ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي كۈچلەر ۋە تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن ھارماي ـ تالماي ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۆرەش روھى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. بۇ ئەپسانىلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاللىبۇرۇن تارىختا ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلار كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە ئۆز مىللىتىنىڭ سۆيۈملۈك ئاتا ـ بوۋىسى ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت قەھرىمانلىرى سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان، خەلقنىڭ جاپالىق ھالدا ئىگىلىك تىكلەش ئەنئەنىۋى يولىنى ئاچقانلار سۈپىتىدە مەدھىيىلەنگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان. بەزى ئەپسانىۋى قەھرىمانلارنىڭ مۇتىغى يىراق دەۋرلەر بىلەن تۇتاشسىمۇ، ئەمما فېئوداللىق جەمئىيەتتە ياشىغان تەزكىرىچى، تارىخچىلار، ئەدىب ـ شائىر ۋە ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىلىم ـ پەن ۋە تۈرلۈك ـ تۈمەن ھادىسىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى شەرھلەش ئۈچۈن ئۆز ئەسەرلىرىدە دائىم دېگۈدەك بۇ خىل ئەپسانىۋى قەھرىمانلاردىن پايدىلانغان ياكى بۇ خىل قەدىمكى ئەپسانىلەرنى ئۆزگەرتىپ تۈزگەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ خىل ئەپسانىلەرنىڭ تەسىرىنى غەرەزسىز ھالدا كېڭەيتىش رولىنى ئوينىغان. بۇ ھال ئەپسانىۋى شەخسلەر خاراكتېرىدە مۇرەككەپ ۋە تارىخىي قاتلاملىق ئېلېمېنتلارنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بەرگەن.

## 3. تەبىئەت (تەڭرى) ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ئەپسانىلىرى

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ كەلگەن ئىنسانلار توتېم ۋە ئەجداد ئىلاھلىرىنىڭ سىرىنى چۈشىنىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىي خاراكتېرىدە ئىلاھىيەتلىك ئامىللارنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، سىرلىق كۈچلەرنى ئۆز ئەتراپىدىن، ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان يەردىن ئەمەس، بەلكى بىپايان تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىزدەشكە تۇتۇنغان. نەتىجىدە ئاسمان ـ زېمىن، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، چاقماق، بوران، بۇلۇت، قار ـ يامغۇر، تاغ، دېڭىز، دەريا، بۇلاق، كۆل، ئۆڭكۈر، قىر ـ داللار ھەققىدە ئاجايىپ ئەپسانىلەرنى توقۇپ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى، سىرلىقلىقى، ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىقلار توغرۇلۇق قاراشلىرىنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويۇشقان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىلاھىيەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان، يەنى تەڭرىلەشتۈرۈلگەن. بۇلار كۆك تەڭرى، كۈن تەڭرى، ئاي تەڭرى، يەر ـ سۇ تەڭرى، ياشىن تەڭرى، تاغ تەڭرى (خانتەڭرى)، تەڭرى قاراخان، ياغىتقان (ياغدۇرغۇچى تەڭرى)، يەل تەڭرى، تىنىق تەڭرى قاتارلىق تەڭرىلەر بولغان.

ئالتاي خەلقلىرى ئارىسىدا تارقالغان شامان كوسموگونىيەسىگە[1] مۇناسىۋەتلىك بىر ئەپسانە مۇنداق مەزمۇننى ئىپادىلىگەن: «يەر ۋە ئاسمان يارالماستىن ئىلگىرى پۈتۈن نەرسىلەر سۇدىن ئىبارەت ئىدى. تۇپراق، ئاسمان، كۈن، ئايلارمۇ يوق ئىدى، تەڭرىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى (تەڭرى قاراخان) ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە ئوخشايدىغان بىر مەخلۇق ياراتتى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى ‹كىشى› قويدى. قاراخان بىلەن ‹كىشى› قارا غازغا ئوخشاش سۇ يۈزىدە ئۇچۇپ يۈرەتتى. ‹كىشى› مۇنداق ھاياتتىن مەمنۇن ئەمەس ئىدى، ئۇ تېخىمۇ ئېگىزرەك ئۇچۇشنى خالايتتى. مۇشۇ سەۋەبلىكى تۇپەيلىدىن ئۇ ئۇچۇش قۇۋۋىتىنى يوقىتىپ، چوڭقۇر، تۇۋسىز سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ تەھلىكە ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ، قاراخاندىن ياردەم سورىدى، قاراخان ئۇنىڭغا چوڭقۇرلۇقتىن يۇقىرى ئۆرلەشكە ئەمر بەردى، كىشى يۇقىرى ئۆرلىدى، قاراخان كىشىنىڭ يەنە سۇغا چۆكۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، سۇدىن بىر يىلتىزمۇ ئۆستۈردى. قاراخان كىشىنىڭ يەنە ئۇچۇش ئارزۇسى يوقلۇقىنى بىلگەنىدىن كېيىن، يەرنى ياراتماق بولدى ۋە كىشىگە سۇ تېگىدىن تۇپراق چىقىرىشنى بۇيرۇدى، ئۇ چىقىرىلغان تۇپراقنى سۇغا سەپتى، كىشى چىقارغان تۇپراقنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى يەر يارىتىش ئۈچۈن ئاغزىغا يوشۇرۇۋالغانىدى. تويا كىشى ئاغزىدا شۇنداق كۆپۈپ كەتتىكى، قاراخان توكۇرۇشىنى بۇيرىمىغان بولسا ئۇ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن بولاتتى. تەڭرى قاراخان ياراتقان يەر تۈپتۈزلەڭ ساھىل ئىدى، لېكىن كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققان تويا ھەر تەرەپكە پۇرقۇلۇپ، تاغ، دۆڭ، پاتقاقلىق پەيدا بولدى، بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن قاراخان ئىتائەتسىز كىشىگە ‹ئارلىق› لەقىمىنى بېرىپ، ئۇنى ياراق ـ نۇر دۇنياسىدىن قوغلاپ چىقاردى، ئاندىن تەڭرى قاراخان يەردە ياشىغۇچى باشقا ئادەملەرنى ياراتتى، توققۇز شاخلىق بىر دەرەخ ئۈندۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر شېخىدىن بىر ئادەمنى ياراتتى، بۇلار دۇنيادىكى توققۇز ئىقلىم خەلقىنىڭ ئەجدادىدۇر»[2]. بۇ ئەپسانىنىڭ يەنە بىر ئىخچاملاق ۋارىيانتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېقىنقى كۈنلەرگىچە تارقىلىپ كەلگەن[3].

خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن كۆك تەڭرىسى بىلەن يەر تەڭرىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇرۇنقى زاماندا ئاسماندا بىر تەڭرى، يەردە بىر تەڭرى بار ئىكەن. ئاسمان تەڭرىسىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇ گۈزەللىك تەختىنىڭ سۇلتانى ئىكەن. يەر تەڭرىسىنىڭ تۇپراق ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، باتۇرلۇقتا ۋە مەردلىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. بىر كۈنى ئاسمان ئىلاھىنىڭ قىزى ساياھەت قىلىپ، يەر يۈزىگە چۈشۈپتۇ ۋە تۇپراقنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. يەر يۈزى ئاسماندىن چىرايلىق ئىكەن، ئاسماندا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر، بەس ـ بەستە سايراۋاتقان قۇشلار ۋە كۆپكۆك يايلاقتا توپ ـ توپى بىلەن يايلاۋاتقان ھايۋانلاردىن دېرەكمۇ يوق ئىكەن. شۇڭا بۇ قىز يەر يۈزىدە ياشاپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان ئاسمان ئىلاھى تۇپراق بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى يېڭەلمەي، دەرغەزەپ بولۇپ، بالىسىنى ئەۋەتىپ ئولتۇرغان قىزنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.»[4]. يەنە بىر ئەپسانىدە، ئاسمان

---

[1] كوسموگونىيە — ئالەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى قاراش.

[2] ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىقلار يازغان «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، 1 ـ توم، 44 ـ، 45 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشرى.

[3] «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى — تارىخىي شەخسلەر قىسمى» (غ. ئوسمان تەييارلىغان)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشرى: ئىبراھىم مۇتىئىي: «مەن كەچكەن كېچىكلەر»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان 76 ـ بەت.

[4] «ئاتۇش خەلق چۆچەكلىرى»، ئاتۇش شەھەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئۈچ توپلامنى نەشرگە تەييارلاش ھەيئىتى تەييارلىغان، 1992 ـ يىلى بېسىلغان.

تەڭرىسىنىڭ ئىنسانلار ئۇچۇن دەريا ياساپ، سۇ باشلاپ كەلگەن يەر تەڭرىسى بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، يەر تەڭرىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلى تۇپراقنى بۇركۇتكە ئايلاندۇرۇپ قاچۇرۇۋەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئاي ۋە چولپان ھەققىدىكى ئەپسانىلەردە بۇلارنىڭ ئەسلى زېمىندىكى گۈزەل قىزلار بولۇپ، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاي ۋە چولپان بولۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ھەتتا ئاي يۈزىدىكى داغ ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان دەپ بايان قىلىنغان. كىشىلەر يەرنىڭ تەۋرىشىنى چۈشەندۈرگەندە، يەرنى بىر چوڭ قارا ئۆكۈزنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقى، بىرى تالسا يەنە بىرىگە يۆتكەش جەريانىدا يەر تەۋرەيدىغانلىقىنى ئەپسانە شەكلىدە بايان قىلىپ كەلگەن. تاغ ئۆڭكۈرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ئېيتىلىپ يۈرگەن ئەپسانىلەردە تەبىئەت ھەققىدىكى قاراشلار ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي قاراشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «بۇغدا تېغىنىڭ پەيدا بولۇشى» ناملىق ئەپسانە بۇغدا تېغىنىڭ ئەسلى بىر مېھرىبان ئانا ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ جاپاكەش ۋە ئىشچان ئوغلىغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئەبەدىي ھامىيلىق قىلىش مەقسىتىدە تاغقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ: شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ئىچىدە «ئۈرۈمچىنىڭ بىنا بولۇشى»، «كاشغەر شەھىرىنىڭ بىنا بولۇشى» («ئافراسىياب ۋە كاشغەر») قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ رىۋايەتلىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن، ئەسلىي مەنبەسىدە ئەپسانىلىق مۇتىف يېتەكچى ئورۇننى ساقلاپ قالغان.

4. مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

بۇ خىل ئەپسانىلەرنىڭ قىممىتىدىن كۆرە، تارىختىن بېرى ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە قىزىقارلىق ۋە ئېستېتىك زوق بېرىپ كەلگەنلىكى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «جەسەتنى كۆمۈشنىڭ كېلىپ چىقىشى»[1] توغرىسىدىكى ئەپسانىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئىنسانلار دەسلەپ جەسەتنى كۆممىگەن، قابىل قاتىللىق قىلىپ قويۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغىنىدا، بىر قارغىنىڭ بىر قوناقنى كۆمۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جەسەتنى يەرگە كۆمۈشنى ئۆگەنگەن. دېمەك، ئەپسانىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەرسە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ رېئال دۇنياغا بولغان تونۇشلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇنداق تونۇشلارنى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە بەلگىلىگەن. «ئۆلۈم مەرىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «قەبرە قاتۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشى» ۋە «توي مەرىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى»[2] توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر قارىماققا ئاددىي، ئەھمىيەتسىز ئىشلاردەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىنى ئىنچىكە كۆزەتكەندە، بۇ ئەپسانىلەرنىڭ ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە بەلگىلىگەن ئادەت ۋە قائىدىلەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەسلىككە ئامالىمىز يوق.

ئىنسانلارنىڭ گۆدەكلىك دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنە باشقىدىن ئەپسانىلەر ئىجاد قىلىنىپ چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمما تارىخ ئەپسانىۋى رىۋايەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆچمەس جەلپ قىلىش كۈچىگە ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى. بۇ ھال ئەپسانىلەردىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەلۇمكى، ناخشا-ئۇسسۇل چالغۇ ئەسۋابلىرى بولمىسا، ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلمەيدۇ. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ مۇسىقا (مۇزىكا)، ساتار، داپ، ناغرا، راۋاب، نەي ۋە باشقا چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خىلمۇ خىل ئەپسانىلەرنى توقۇپ قالدۇرۇشى ئۇزلىرىگە

---

[1] ناسىرىددىن رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، بۇ ئەپسانىنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقالغان ۋارىيانتىمۇ بار.

[2] «ئۈرۈمچى تيانشان رايونى خەلق چۆچەكلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1994-يىلى نەشرى.

بەدئىي لەززەت بەرگەن بۇ جانسىز نەرسىلەرگە سېھرىي كۈچ ۋە ھاياتىي زوق ئاتا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سەنئەت تىلسىز بولغىنى بىلەن، ئىنسانىي زۇۋانغا ۋە ھەرىكەتكە، شۇنداقلا تەپەككۇرغا كىرگۈزەلەيدۇ. بۇنىڭدا ناخشا ـ ئۇسسۇل، چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ رولى سەركەردىلىك ئورۇندا تۇرغان، ئەلۋەتتە.

## 2. رىۋايەتلەر

رىۋايەتلەر ئەمگەكچى خەلق ئىجاد قىلغان تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە يەرلىك قەدىمكى يادىكارلىقلار، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئالاقىدار ۋەقەلەردىن ئىبارەت. خەلق رىۋايەتلەر ئارقىلىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ھادىسىلەر، ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرنى شەرھلەپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رىۋايەتلەرنى «ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاغزاكى تارىخى» دېيىشكە بولىدۇ.

1. ئادەملەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

رىۋايەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىشلار ۋە شەخسلەر كۆپ ھاللاردا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ۋە مەلۇم تەرەپتىن دەۋرنىڭ تەلىپىنى نامايان قىلىپ، ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلاردىن «تۇمارىس رىۋايىتى»، «شىراق رىۋايىتى» ۋە «ئىپارخان رىۋايىتى» قاتارلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار پائالىيەتلىرى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقىدا. «ئافراسىياب» (ئالىپ ئەر توڭا)، «ئاتاساغۇن»، «رۇستەم» قاتارلىقلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىشىدىكى سەۋەبمۇ، بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئەل ـ يۇرت، ئۇلۇس ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغانلىقى، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ۋە ئارزۇسىنى خىلمۇ خىل تەرەپلەردىن ئىپادىلىگەنلىكىدىن بولغان.

رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، تارقىلىش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئۈزۈلكسىز تۈردە پىششىقلاپ ئىشلىنىپ بارىدۇ. رىۋايەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى قانچىكى زور بولسا، بەدئىيلىكى قانچىكى يۇقىرى بولسا، ھاياتىي كۈچى شۇنچە قۇدرەتلىك بولىدۇ. ئافراسىياب ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ پەيدا بولغىنىغا كۆپ ئەسىرلەر بولغان. ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (مىلادىيە 940—1020 ـ يىللار)نىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدە ئافراسىيابنىڭ پەيغەمبەر زەردۇشتىن ئىلگىرى ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تۇران ئېلىنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن. بۇ يەردىكى زەردۇش زەردۇش دىنى (زوروئاستىر دىنى)نىڭ پەيغەمبىرى زوروئاستىر بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 10 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان دېگەن رىۋايەتلەر بار. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئافراسىيابنىڭ «ئالىپ ئەر توڭا» دېگەن ئۇيغۇرچە نامىنىڭ بارلىقىنى (بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىمۇ ئۇچۇر بار) ۋە كاشغەرنى ئوردۇكەنت (پايتەخت) قىلغانلىقىنى ئېيتقان. موللا مۇسا سايرامىي «تارىخى ھەمىدىيە»دە بولسا ئافراسىيابنىڭ قەبرىسىنىڭ شەھەرى كېتىك، لوپتا بولغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەتلەرنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئافراسىياب قەھرىمان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئىجادكار ۋە ئەل سۆيەر بىر خاقان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ توغرۇلۇق رىۋايەتلەر، قىسسەلەر نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن. مىلادىيە 759—779 ـ يىللىرى ئۇيغۇر خانلىقىدا خان بولغان بۆگۈخان (بۇقاخان)نى كىشىلەر ئافراسىياب دەپمۇ ئاتاشقان. تەزكىرىلەردە ئېيتىلىشىچە، سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىنى ئافراسىيابنىڭ ئەۋلادى دەپ

ھېسابلىنغان. مۇشۇ چاغقىچە تارقىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەردە ئافراسىياب ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ جاسارىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتى مەدھىيەلەنگەن، كېيىنچە خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى تارقىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەردە بولسا ئافراسىيابنىڭ بىر ئىجادكار ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ كەشپىياتلىرى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدا خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇلىرى ئىپادىلەنگەن. شۇڭا بۇلار ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن. رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىش جەريانى ئۇلارنىڭ ئۈزۈكسىز پىششىقلاپ ئىشلىنىش جەريانى بولىدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ بىر خىلى ئەمەلىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شەخسەن ئۆز تەسىراتى بويىچە بۇرۇنقى رىۋايەتلەردىكى پىكىرلەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شاللاپ، ۋەقەلىكلەرنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ بىر تارماق قەبىلىلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تېگى-تەكتىنى مۇشۇ رىۋايەتتىكى قەھرىمان شەخسكە باغلاپ، ئەنە شۇ ئالىپ ئەر تۇڭانىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغان. ئۇلار ئۆز نەزەرىدە كۆڭلىگە ياقىدىغان بارلىق شەھەرلەرنى ئافراسىياب بىنا قىلغان دېيىشكەن. خەلق ئارىسىدىكى بىر قاتار كەشپىياتلار، مەسىلەن، گىلەم توقۇش، توقۇمىچىلىق، تېرە ئەيلەش، قوغۇن تېرىش، بۇغداي تېرىش، قوي سويۇش، باغۋەنچىلىك، كارىز قېزىش، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، ئۆي سېلىش، كاۋاپچىلىق قاتارلىقلارنى ئافراسىياب كەشىپ قىلغان دېيىلىدۇ. دېمەك، ئافراسىياب ئەقىل-پاراسەتتە كامالەتكە يېتىشنىڭ تىپى بولغاچقا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر تارقىلىش جەريانىدا ئۈزۈكسىز بېيىپ، كېڭىيىپ بارغان. ئۇنىڭدىن باشقا «دەقيانۇس»[①]، «ئوغۇزخان»، «قۇرتقا » قاتارلىق رىۋايەتلىك ئوبرازلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك. بۇلار كۆپلىگەن كەسىپلەرنى ئىگىلىگەن ماھىر ئۇستىلارغا ئايلىنىپ نامايەندە بولۇپ كەتكەن.

2. تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

بۇنداق رىۋايەتلەر تارىخىي ئەمەلىيەتنى ئېينەن ئەكس ئەتتۇرمەستىن، بەلكى تارىخنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن، رىۋايەتلەر تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، شۇنداقلا مەۋجۇت شەيئىلەر بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. بولۇپمۇ مۇنداق رىۋايەتلەر يېقىندىن بارلىققا كەلگەن چاغلاردا كىشىلەر ئۇنى ھامان راست بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەدەك بايان قىلىدۇ ھەم تارقىتىدۇ. ئەلۋەتتە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى ئازلاپ بارىدۇ. ۋاھالەنكى، بايان قىلىش ئۇسۇلى تارىخنى بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن تەبىئىيكى راستتەك بىلىنىدۇ. بۇ خىل ھەقىقىي ئىشىنىش تۇيغۇسى رىۋايەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىي سېھرىي كۈچىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرى بىلەن تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن، شۇنداقلا ئەجدادلار ۋە ئىلاھلاشقان قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ئارىسىدىمۇ پىرىنسىپال پەرق ئاز بولغان. بۇنداق بولۇشى مەيلى ئەپسانە بولسۇن، مەيلى رىۋايەت بولسۇن، ئۇلار ئوخشاشلا سەنئەت ئەسىرى، بەدىئىي ئەسەر، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ گۈدەكلىك دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقتىن، ئۇلارغا فانتازىيە ۋە بەدىئىي توقۇلما ئارىلىشىپ كەتكەن. «كۆسەن خانى ئالىپ چور (ئاچۇر) نىڭ ئەجدىھانى ئەيۋەشكە

---

① بۇ ھەقتە: «دەقيانۇس شەھىرى ھەققىدە رىۋايەت»(«تارىم» ژۇرنىلى 2006-يىلى 12-سان) : غ.ئوسمان: «دەقيانۇس ھەققىدە ئىككىلىك سۆز» («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 2008-يىللىق 2-سان) قاتارلىق رىۋايەت ۋە ماقالىلەرگە قارالسۇن.

كەلتۈرۈشى» يۇكسەك فانتازىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان رىۋايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالىپ چورنىڭ بەھەيۋەت قىياپەت بىلەن خەلققە زۇلۇم سېلىۋاتقان ئەجدىھانىڭ شىللىسىگە مىنگىنىدە، ئەجدىھانىڭ بىردىنلا شىرغا ئايلىنىپ كۆككە چىقىپ تۇرۇپمۇ بۇ قەھرىماننى يېگىتىنىڭ جاسارىتىدىن قورقۇپ، شۈمشىيىپ كەتكەنلىكى، خەلق قەلبىدە ياۋۇز، مۇشتۇمزور كىشىلەر ھەرقانچە كۈرەڭلىگىنى بىلەن، ھەققانىيەت كۈچلىرى ئالدىدا ھامان يېڭىلىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. بۇ رىۋايەتنىڭ تېكىستى مۇنداق:

*قەدىمكى زامانلاردا ئۆتكەن كۇسەن خانى ئالىپ چور (ئاتچور؟ ـ Atchor)نىڭ ئاجايىپ بىر خىل ماھارىتى بار بولۇپ، دەھشەتلىك ئەجدىھانى ئىتائەت قىلدۇرالايدىكەن. ئەينى چاغلاردا ئەجدىھانىڭ كاساپىتى تۈپەيلى ھەممە ئائىلىدە ئالتۇن-كۈمۈش، يامبۇلار يوقىلىپ تۇرىدىكەن.*

*پادىشاھ بۇ ئىشلارنى ئۇققاندىن كېيىن، شەمشىرىنى ئېلىپ، شىمالىي تاغدىكى ئەجدىھا بار جايغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئەجدىھا ئۇخلاپ ياتقۇدەك. ئۇ ئويلاپتۇكى، مۇبادا مەن ئەجدىھانى بۇ خىل ھالەتتە ئۆلتۈرىدىغان بولسام، كىممۇ مېنىڭ كارامىتىمگە قول قويسۇن؟ ياخشىسى ئالدى بىلەن ئەجدىھانى تىللاپ ئويغىتاي. شۇنداق قىلغاندىن كېيىن ئەجدىھا ئويغىنىپتۇ-دە، بىردىنلا شىرغا ئايلىنىپ قاپتۇ. پادىشاھ بولسا ئەجدىھانىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇدەك، ئەجدىھا قاتتىق بىر ھۆركىرەپ، خۇددى بۇلۇتتەك ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ قىلچە ھودۇقماستىن «ئەگەر سەن ياۋاش بولۇپ ئەيۋەشكە كەلمەيدىغان بولساڭ، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن» دەپ تەھدىت سېپتۇ.*

*ئەجدىھا خانىنىڭ ھەيۋىسىدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، شاھقا: «مېنى ئۆلتۈرمىگىن، مەن سېنىڭ مىنىشىڭگە مۇۋاپىق كېلىمەن، قەيەرگە بېرىشنى خالىساڭ، سېنى شۇ يەرگە ئۇچۇپ ئېلىپ بارىمەن» دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خان دائىم بىر يەرگە بارماقچى بولسا، ئەجدىھانى مىنىپ سەپەر قىلىدىغان بوپتۇ.*①

«ئۇيغۇر ئېلى رىۋايىتى» قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى بىلىش ۋە ئۆگىنىشتە ئەھمىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان رىۋايەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار سۆزلەنگەن:

*ئىبىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر ۋىلايىتىدە ھەيۋەتلىك ئىككى چوڭ تاغ بار ئىكەن، بىرىنىڭ ئېتى «بۇغراتۇ بۇزلۇق»، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى «ئاشقۇنلۇق تەڭرىم» ئىكەن. قارا قۇرۇم تېغى ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن.. ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇت تاغ دېيىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جايدىن توققۇز دەريا ئېقىپ ئاقىدىكەن. قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مۇشۇ دەريا ساھىللىرىدا تاغلارنىڭ ئىچى ۋە تۈزلەڭلىكلەردە ماكان تۇتۇشقان ئىكەن. ئون دەريانى بويلاپ ئولتۇرغانلار ئون ئۇيغۇر، توققۇز دەريانى بويلاپ ئولتۇرغانلار توققۇز ئۇيغۇر دېيىلىدىكەن. ئاشۇ ئون دەريا ئون ئارغۇن دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ قەبىلىلەرنىڭناملىرى رەت تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئىكەن: ئىسلىق (ئىسقۇل)، ئوتۇنقار، بۇقىس، ئۇزقۇندۇر، تۇلار، تاردار، ئادار، ئۇچتابىن، قاملامچۇ ۋە ئۆتۈكەندىن ئىبارەت.*

*ئالدىنقى ئۈچ دەريا ساھىلىغا توققۇز قەبىلە جايلاشقان، كېيىنكى تۆت دەريا ساھىلىغا بەش قەبىلە جايلاشقان بولۇپ، توققۇزىنچى ئېقىن قاملامچۇ دەرياسىنىڭ ساھىلىدا ئولتۇراقلاشقانلار لونك دەپ ئاتىلىدىكەن؛ ئونىنچى ئېقىن ئۆتۈكەن دەرياسى بويلىرىدىكىسى بولسا قاماق ئاتىقۇز قەبىلىسى ئىكەن. دەريا ساھىلىنى بويلاپ ئولتۇرغان بۇ قەبىلىلەردىن باشقا بىر دائىرىدە يەنە ئون*

---

① دۇەن چېڭشى (تاڭ سۇلالىسى دەۋرى): «يۇياڭ خاتىرىلىرى»(«酉阳杂俎»)، خەنزۇچە.

*ئىككى قەبىلە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى ئېنىق ئەمەس.*

*يىللار، ئەسىرلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە بىرەر ئاقساقال بەلگىلەنمەپتۇ. ھەر دائىم قەبىلىلەر ئۇرۇش - تالاش قىلىپ قالسا، بەزىلەر ئۆز قەبىلىسىنىڭ سىرىنى دەپ قويىشىدىكەن. كېيىنچە ھەر قايسى قەبىلىلەر ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن قۇرۇلتاي چاقىرىپتۇ. قۇرۇلتايدا: «پەقەت ئومۇميۈزلۈك بويىرۇق چۈشۈرەلەيدىغان بىر خاقان بولغاندىلا بىز يولدىن چىقمايمىز» دەپ قارار قىلىشىپ، ھەممىسى ئەڭ ئاقىل بولغان ئابىسلىك (ئىسقۇل) قەبىلىسىدىن مانقۇتاي دېگەن كىشىنى سايلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئەلئىلتەبىر دەپ نام بېرىپتۇ. ئۇلار ئۇزقۇندۇر قەبىلىسىدىن پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق بىر كىشىنى سايلاپ چىقىپ، ئۇنى كۆل ئەركىن دەپ ئاتاپتۇ. ئۇلار بۇ ئىككى كىشىگە پۈتۈن مىللەت ۋە قەبىلىنىڭ خاقانلىقىنى تاپشۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرى (ئوغلانلىرى) نەچچە يۈز يىللار ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ[①].*

بۇ تۇردىكى رىۋايەتكە يەنە «ئۇدۇن ۋەزىرى ۋە ئەجدىھا» ناملىق رىۋايەتنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ رىۋايەت شۆەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلەنگەن. بۇ رىۋايەتتە قەدىمكى خوتەن خەلقىنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن قىلغان جاپالىق كۈرەشلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەجدىھا ئايال سىرلىق تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى، ۋەزىر بولسا ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ ئوبرازى. ۋەزىر ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغان پىداكارانە روھى مەزكۇر رىۋايەتنىڭ مەڭگۈلۈك قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ.

*ئۇدۇن شەھرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن بىر دەريا ئېقىپ ئۆتىدىكەن. ئۇ مەزكۇر ئەل ئېكىنچىلىكىنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى، دەريا سۈيى تۇيۇقسىز توختاپ قاپتۇ. خاقان ئارخاتنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن دەريا ئەجدىھاسىنىڭ بارلىقىنى، تىلاۋەت قىلماقچى بولغاندا، دەريا ئەجدىھاسىغا تىلاۋەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۇققۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ تىلاۋەت قىلىۋاتقان بىر چاغدا، سۇ قايىنىمىدىن بىر قىز چاچراپ چىقىپتۇ - دە، مۇنداق دېگۈدەك: «مېنىڭ ئېرىم ئۆلۈپ كەتكەنىدى. سىزنىڭ يارلىقىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن. شاھ ئالىيلىرى، ئۇلۇسلىرىدىن بىر ئاقسۆڭەك ۋەزىرنى تاللاپ ماڭا جۈپلەپ قويغان بولسىڭىز، دەريا سۈيى ئاۋۋالقىدەكلا دولقۇنلاپ ئاققان بولاتتى». پادىشاھ: «مەقسىتىڭنى چۈشەندىم، خالىغىنىڭنى تاللىۋالغىن» دەپتۇ. ئەجدىھا ئايال نازاكەت بىلەن ۋەزىرگە بىر قۇر قاراپ چىقىپتۇ. ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، ۋەزىر خانلىق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش قارارىغا كېلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئەجدىھا ھۇجرىسىغا بارماقچى بوپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنى يولغا سالىدىغان چاغدا، ۋەزىر ئۈستىگە مۇسىبەت كىيىمى كىيىپ، ئاق ئات مىنىپ سۇغا كىرىپتۇ. سۇ قايىنىمى چوڭقۇر بىر يەرگە بارغاندا قامچىنى سىلكىگەنىكەن، سۇدىن بىر يول ئېچىلىپ، ئادەم بىلەن ئات سۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئاق ئات سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ چوڭ بىر قوڭغۇراق ۋە بىر پارچە خەتنى ئاستۇرۇپ قويۇشىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھېلىقى قوڭغۇراق ئۆزلۈكىدىن ئاۋاز چىقىرىپ تۇرۇپتۇ. (سۇمۇ توختىماي كېلىدىغان بوپتۇ.)*

3. يەر - جايلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

ئەجدادلار ئۆزلىرى ياشىغان نۇرغۇن جايلارغا ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىسىملارنى قويغان. بۇلار ھەرقايسى يۇرت - شەھەرلەرنىڭ، تاغ نامىنىڭ قانداق قويۇلغانلىقىنى ھېكايە قىلىدۇ.

---

① راشىدىددىن فەزلۇللاخ (پېرسىيە): «جامىئۇلتەۋارىخ» 239 - ،240 - ،242 - بەتلەر، ئىچكى شاڭخۇ نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ بۇ رىۋايەتنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى خىۋە خانى ۋە تارىخچىسى ئوبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

«ئۆرۈمچىنىڭ بىنا قىلىنىشى» توغرىسىدىكى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇنى دەسلەپ تىجارەتچىلەر بىنا قىلغانلىقى، تىجارەتچىلەرنى ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا «ئۆرۈمچى» دەپ ئاتايدىغانلىقى، بۇ مالنى مالغا ئۆرىگۈچى دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى، ئەڭ دەسلەپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە كەلگەن «ئۆرۈمچىبەگ» دېگەن ئادەمنىڭ نامى بىلەن بۇ شەھەر «ئۈرۈمچى» دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى سۆزلەنگەن. «ئافراسىياب ۋە كاشغەر» دېگەن رىۋايەت قارىماققا ئەقىلگە ناھايىتى سىغارلىق ۋەقەلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ئىشلار تارىختا بولۇپ ئۆتكەندەكلا. يەنى كاشغەرنىڭ بىنا بولۇشى ئافراسىيابنىڭ دەريادىن بىر يوغان قاشتاش تېپىۋېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. بۇ هال رىۋايەتلەرنىڭ كۆپ هاللاردا مۇئەييەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بولامدۇ، شۇنداقلا تارىختا ياكى ئەمەلىي بار نەرسىلەرگە بېقىنامدۇ قانداق، دېگەن سوئالنى قويىدۇ. هەرقايسى جايلاردىكى تاغ-دەريالار هەققىدىمۇ قىممەتلىك رىۋايەتلەر تارقالغان. «ئالتۇن قان» («دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»كە قاراڭ) رىۋايىتىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرى كېچىدە تاغ باغرىدا قاتتىق ئېلىشقان، ئاخىر ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى غەلىبە قىلىپ، رەقىبلىرىنى قوغلىۋەتكەن. ئەتىسى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئولجا يىغىش ئۈچۈن ئۇرۇش مەيدانىغا بارغاندا، ئالتۇنلارنىڭ قىپقىزىل قاننىڭ ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. ئەسلىدە رەقىبلەرگە قىلىچ ئۇرۇلغاندا قىلىچ ئۇنىڭ هەميانىغا تېگىپ كېتىپ، ئۇنىڭدىكى ئالتۇن يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىكەن. ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ «ئالتۇن قان، ئالتۇن قان» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ ئىسمى «ئالتۇن قان» دەپ ئاتالغان. «زەرەپشان» (ئالتۇن ئاقار) دەرياسى نامىنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئەنە شۇ كاشغەرلىكلەرنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان، دېگەن رىۋايەتلەر بار[①]. «تەكلىماكان» توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرمۇ بۇ چەكسىز قەدىمىي ماكاننىڭ سىرلىقلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

4. هايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر هەققىدىكى رىۋايەتلەر

بۇ خىل رىۋايەتلەر هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر توتېمىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ ساقىندىلىرىمۇ ياكى ئەپسانىلەر دەۋرى ئاخىرلىشىپ، رىۋايەتلەر دەۋرى ۋە ياكى فېئوداللىق جەمئىيەت گۈللەنگەن دەۋرنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەنمۇ، بۇنى ئايرىماق تەس. توتېم قىلىنغان ئۆسۈملۈك، هايۋاننىڭ تەسىرى رىۋايەتلەردە پۈتۈنلەي يوق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، مەيلى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بولسۇن، مەيلى فېئوداللىق جەمئىيەتتە بولسۇن، هايۋان، ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئىنسانلار قويۇق ئالاقىدە بولغان. ئادەملەر بۇلارغا تايانماي تۇرمۇش كەچۈرەلمىگەن. هايۋانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، شەكىل ئالاھىدىلىكى، ئۆزئارا ۋە ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق بەدىئىي توقۇلمىلار ياردىمى بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىلىدۇ. «قارلىغاچ» رىۋايىتىدە قارلىغاچنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇيرۇقى ئاچىماق بولىدىغانلىقى ۋە پاشىنىڭ نېمىشقا غىڭشىيدىغانلىقى قىسسەلەردىكى نوھ ئەلەيهىسسالامغا باغلانغان هالدا چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە، ئالەمنى توپان بالاسى باسقان ۋاقىتتا نوھ پۈتۈن جان-جانىۋارلارنى بىر جۈپتىن كېمىگە ئېلىپ چىقىپ قۇتقۇزۇپ قالغان، ئەمما چاشقان ئۇنتۇلۇپ قېلىنغانىكەن. ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كېمىنى تېشىۋېتىپتۇ، كېمىگە سۇ چىقىپ كېتىپ غەرق بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا يىلان نوھقا تاتلىق ئەت-گۆش بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، تۆشۈكنى ئېتىپ هەممەيلەننى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. كېيىن نوھ ئەلەيهىسسالام پاشىنى نېمىنىڭ گۆشى تاتلىقلىقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. پاشا دۇنيادا هەممىدىن ئادەمنىڭ گۆشىنىڭ تاتلىقلىقىنى

① بۇ رىۋايەت 19-ئەسىردە كەشمىردە ياشىغان تارىخچى مەۋلانا ئەبۇ مۇهەممەد هەسەن يازغان «زۇبدەتىل ئەخبار» ناملىق ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن. ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىلى نەشرى، 129-بەت.

ئېنىقلىنىۋېلىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا قارلىغاچ ئۇنىڭ تىلىنى چوقۇپ ئۈزۈۋېتىپ، سۆزلىيەلمەس قىلىپ قويۇپتۇ. پاشا توھنىڭ يېنىغا كېلىپ غىڭشىلداتقانلىكەن، نوھ: «بۇ نېمە دەيدۇ؟» دەپ ئەتراپتىكىلەردىن سوراپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قارلىغاچ دەرھال: «پاشا ھەممىدىن پاقىنىڭ گۆشى تاتلىقكەن، دەيدۇ» دېگەنىكەن، بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن يىلان قارلىغاچقا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ، قارلىغاچ بولسا ئۇچۇپ كېتىپ ئامان قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پاشا غىڭشىيدىغان، قارلىغاچنىڭ بولسا قۇيرۇقى ئاچىماق بولۇپ قاپتۇ. بۇ رىۋايەتتە بىرلا قارلىغاچ ئەمەس، يەنە يىلان، پاشا، چاشقان قاتارلىق ھايۋانلارمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بىر پۈتۈن ھايۋانلار كوللېكتىپىنىڭ ھەرىكەت ـ تۈزۈلۈشلىرى ۋە خاراكتېرى ئىخچام بايان قىلىپ بېرىلگەن.

ئۆسۈملۈكلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان ئۈزۈم، قوغۇن، ئەنجۈر، بادام، بېھى، جۈجەم (ئۈجمە)، تاۋۇز قاتارلىقلارنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈشى رىۋايەتلەرگە خاس يول بىلەن يەنى، تاسادىپىي ھادىسە ۋە ۋەقەلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ بىرگە رىۋايەتتىكى ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى بىلەن كۆتمىگەن يەردىن چىقىشى، چىنلىق سېزىلىپ تۇرۇشى بىلەن بىللە نىسبەتەن ئەگرى ـ توقاي، ئاجايىپ ـ غارايىپ بولۇشى ئارقىسىدا ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان ئۈنۈمگە ئىگە بولۇشىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

5. قول ھۈنەرۋەنچىلىك توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

بۇ خىل رىۋايەتلەردە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ جىنسىيەت پەرقىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان. گىلەم ۋە چىمەن دوپپا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق،تارىختىن بېرى بۇ ئىككىلا ھۈنەرنى ئاياللار قىلىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ رىۋايەتلەردە چىمەن دوپپىنى كاشغەر پادىشاھىنىڭ چىمەنگۈل ئىسىملىك قىزى، گىلەمنى خوتەن پادىشاھىنىڭ گۈلەم ئاتلىق مەلىكىسىنىڭ ئىجاد قىلغانلىقى ھەم بۇ مەھسۇلاتلار شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ.

6. ئۆرپ ـ ئادەتلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

بۇ خىل رىۋايەتلەر ئىچىدە «مۇچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى»[①] توغرىسىدىكى رىۋايەت كۈچلۈك تارىخىيلىققا ئىگە. بۇ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان مۇچەل يىلنامىسىنىڭ تارىخىي خاسلىقىنى بىلىشتە پايدىلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. «قىرىق تال چاچ ئۆرۈش» رىۋايىتىنىڭ بىر قانچە خىل ۋارىيانتى بار. گەپ ئۇنىڭ ھەرخىل بولۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتا ئاياللارنىڭ كۆپ تاللىق چاچ ئۆرۈشى ۋە بۇ خىل ئادەتنىڭ رىۋايەت شەكلىدە ساقلىنىپ، تۇرمۇشقا ماسلىشىپ كېلىشى. ئارخېئولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ۋە يازما ھۆججەتلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، شىنجاڭدا ئۆرۈم چاچ 2 ـ 3 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە.[②] بۇ ھال بىرگە رىۋايەتلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا مۇئەييەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا رىۋايەتلەر ھەم شەخسلەر ئاساسەن تۇرمۇشنىڭ ئۆز ھالىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئامىللار ۋە رېئال ئامىللارغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دېمەك، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، زامان ـ زامانلاردىن بۇيان ئۇ ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنى بېقىپ، روناق تاپتۇرۇپ كەلدى، شۇنداقلا نۇرغۇن ماددىي ۋە مەنىۋى

---

① م.كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»، Iتوم، 449 ـ، 450 ـ،451 ـ، 452 ـ بەتلەر.

② ۋۇ جيەنچۈن: «غەربىي يۇرتتىكى ئۆرۈم چاچلار ۋە بوي بېزەش ئادىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 2 ـ سان، 52 ـ بەت، خەنزۇچە، ئۇرۇمچى.

بايلىقلارنى خەلققە ھەمراھ قىلغۇزدى. ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە خەلق ئاممىسىنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان ھەرخىل مۇناسىۋەتلىرى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا تارىخنىڭ مۇرەككەپ، ئەگرى ـ توقاي ۋە سىرلىق جەريانلىرى بەدىئىي توقۇلما ۋە فانتازىيە ياردىمىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئۇلۇس، قەبىلە ـ ئايماقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، خانلىق ـ بەگلەرنىڭ شەكىللىنىشى، ئەل ـ يۇرتقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار، سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، مەنىۋى مەدەنىيلىك يارىتىش، ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ تۆھپىلىرى، ئائىلە، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇش، ئۆرپ ـ ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ئەپسانە، رىۋايەت شەكلىدە پىششىقلاپ ئىشلىنىپ مەيدانغا چىققان.

**3. چۆچەكلەر**

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېقىنقى دەۋرلەردە خاتىرىلەنگەن. بۇ ھال ئۇنىڭ ئاغزاكىلىق خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ئۇنىڭ قەدىمىيلىكلىكىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە موتىفلارنىڭ يىلتىزىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، نۇرغۇن چۆچەك ئېلېمېنتلىرى ـ موتىفلىرىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا بىخلىنىشقا باشلىغانلىقىنى، ئۇلاردا ئەپسانىلەر، رىۋايەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ روشەن ھالدا ساقلانغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئومۇمەن جەھەتتىن، چۆچەكلەر رېئاللىقنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىز بۇ چۆچەكلەردىن سىنىپىي جەمئىيەتتىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، روھىي ھالىتى ۋە ئېتىقادىنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكى ئەسىرلەردىكى سىنىپىي جەمئىيەتتىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە غايىسىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي باسقۇچ ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدا خەلق چۆچەكلىرى ئەكس ئەتتۈرگەن خەلق تۇرمۇشى، سىنىپىي مۇناسىۋەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت، كۆز ـ قاراشلار ئىنتايىن روشەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە خىيالىيلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان چۆچەكلەر بار بولۇپ قالماي، يەنە رېئاللىق خۇسۇسىيىتى كۈرۈنەرلىك بولغان تۇرمۇش ھەققىدىكى چۆچەكلەرمۇ بار.

1. فانتازىيەلىك چۆچەكلەر

بۇ خىلدىكى چۆچەكلەر خەزىنىسىدە تۇتقان نىسبىتى ئالاھىدە يۇقىرى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرغا باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بار. بۇنداق چۆچەكلەر تولاراق رومانتىك تۈسكە تولغان بولىدۇ. يەنى بۇ چۆچەكلەردە كۆزگە چېلىقىدىغان ئوبراز، ۋەقەلىك، شەيئى قاتارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىدە تەبىئىيلىكتىن ھالقىغان خۇسۇسىيەتلەر بولىدۇ.

يۇقىرىدا بىز چۆچەكلەردە ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دېدۇق. بۇ فانتازىيەلىك چۆچەكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە. «چىن تۆمۈر باتۇر» ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ سەرخىلى. ئۇنىڭ ۋەقەلىكلىرى ئاجايىپ ـ غارايىپلىق بىلەن تولغان. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك دەپ قارىلىپمۇ كېلىنگەن، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ «سىڭا كۆزى» تەسۋىرى ئاسىيا ـ ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ئالاقىلەر تارىخىدىكى قەدىمىي دەۋرلەرنىڭ شاھىتى ئىكەنلىكى ئايان بولماقتا. قەدىمكى گرېك شائىرى ھومېرنىڭ «ئودىسسا» ئېپوسىدا سىڭا كۆزلۈك (يەكچەشمە) پوروپېموس (波吕斐摩斯) نىڭ ئوبرازى كۆزگە چېلىقىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3—2 ـ ئەسىرلەردە تولۇق ھالەتكە كەلگەن بۇ داستاندىكى يەكچەشمە ئوبرازى شەرقتىن كەلگەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ئاساسلار بار. بۇنىڭ بىر پاكىتى شۇكى، يېنىسەي دەرياسى

سىياھلىدىن قېزىۋېلىنغان يەكچەشمە تاش ئۇيمىلىرى 1963— 1964- يىللىرى ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىشتا بايقالغان بولۇپ، ئۇ 4 —5 مىڭ يىل ئىلگىرىكى چاغقا توغرا كېلىدۇ، دەپ ھېسابلانغان[①]. قەدىمكى قاراسۆك مەدەنىيىتىنى ياراتقان گۇيفاڭلار(دىلار، دىڭلىڭلار) ئەينى زاماندىلا يەكچەشمە ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ياراتقان. گۇيفاڭلار يەنە مېتاللاردىن يەكچەشمە نىقابى ياسىغان. ئۇلار ياسىغان يەكچەشمە مەبۇدلىرى تەڭرى ئوبرازىغا چوقۇنۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق دېگەن سوئالنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن[②].

ھايۋانلار بىلەن توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولۇش توغرىسىدىكى چۆچەكلەر، مەسىلەن، «مايمۇن قىز»، «باتۇر ئېلى قۇربان»، «ئېيىق باتۇر» قاتارلىقلار ۋە «باتۇر ئېلى قۇربان» چۆچىكىدىكى ئەجدىھا (يىلان)، بۈركۈت، ئېيىق قاتارلىقلار ئىپتىدائىي توتېم دەۋرىنى ئەسلىتىدۇ. يەنە چۆچەكلەردە ئاياللارنىڭ ئىمتىياز ۋە زور ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى، بەزى يىگىتلەرنىڭ توي قىلىش ئۈچۈن قىزغا كۆپ بايلىق بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقى، توي قىلىدىغان چاغدا قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكى، نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈلگەنلىكى، بەزى يىگىت ۋە دېۋىلەرنىڭ ئاياللارنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىپ خوتۇن قىلغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇ ۋەقەلەرنىڭ بەزىلىرى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق (ماتېرىئارخاللىق) جەمئىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىپادە قىلىدۇ. بەزىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئېلىپ - سېتىپ توي قىلىش، بۇلاپ توي قىلىش، سىناپ توي قىلىش قاتارلىق ھەرخىل نىكاھ تۈزۈملىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئىزنالىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنداق نىكاھ تۈزۈملىرى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق (ماتېرىئارخاللىق) جەمئىيىتىدىكى ھەممىگە قادىر بولغان ئاياللارنىڭ ئەمگەك كۈچىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئاياللارنى تۆلەم قىلىپ سېتىۋېلىش ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئادىتى ۋە ئانىلىق ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىدىن ئاتىلىق قەبىلىچىلىك جەمئىيىتىگە ئۆتۈش بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. دېمەك، فانتازىيەلىك چۆچەكلەردە قەدىمكى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، كۆز قارىشى، ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان، بولۇپمۇ چۆچەكلەردە ئېتىكىلىق مەسىلىلەر ناھايىتى قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا ئۇنى چۆچەكشۇناسلار «مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەت قامۇسى» دەپ قارايدۇ.

2. تۇرمۇش چۆچەكلىرى

بۇ خىل چۆچەكلەر ئاساسەن سىنىپىي جەمئىيەت پەيدا بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان خەلق چۆچەكلىرىدۇر. ئۇنىڭ رېئاللىقى بىر قەدەر كۈچلۈك. ئۇنىڭدا فانتازىيە (خىيالىي نەرسىلەر) ئازراق ياكى پۈتۈنلەي بولمايدۇ. شۇڭا بۇنداق چۆچەكلەر «ھەقىقىي ۋەقە» ياكى «ئۆرپ - ئادەت ھېكايە ۋەقەلىرى» دەپمۇ ئاتىلىپ كېلىنگەن. لېكىن ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئەينەن خاتىرىسى بولماستىن، بەلكى بەدىئىي توقۇلمىلاردىن تەركىب تاپقان.

تۇرمۇش مۇرەككەپ ۋە رەڭگارەڭ دۇنيا. ئۇنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسى بولغان تۇرمۇش چۆچەكلىرىدىمۇ ئاجايىپ مول تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق كەسكىن تۈس ئالغان. شۇنداق بولغاچقا، تۇرمۇش چۆچەكلىرىنىڭ مەركىزىي ھالقىسىنى مۇشۇ خىل ئىككى سىنىپنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلار بىلەن بەگ - پادىشاھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت -

① «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» («西域研究») 1993 - يىلى 3 - سان، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

② خۇاڭ شى: «يەكچەشمىلەر يۇرتىدىكى سىرلىق يۇرت چىڭگىل ناھىيەسى» («独目人秘域青河» 黄石著)، چەت ئەل تىللىرى نەشرىياتى (外文出版社)، بېيجىڭ، 2007 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 49 - ، 50 - بەتلەر.

كۇرەشلەرنى ئەكس ئەتتۇرگەن چۆچەكلەردە كەمبەغەل ھۈنەرۋەن ۋە نامرات دېھقانلار پادىشاھ بىلەن بىۋاسىتە ئېلىشىدۇ. «ياماقچى بىلەن پادىشاھ»، «گاداي بىلەن شاھ» چۆچەكلىرىدە ياماقچى بىلەن گاداي پادىشاھنىڭ خەلققە سالغان ئېغىر زۇلۇمىدىن شىكايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھ ئۇلارنى قاتتىق جازالايدۇ (ياماقچىنىڭ ھۈنەر قىلىشىنى مەنئى قىلىدۇ، گادايىنى بولسا تۈرمىگە تاشلايدۇ). ئەمما ئاخىر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ. «ئالتۇنچى بوۋاي»، «چېچەن تاز»، «ئانار» چۆچەكلىرىدە كۆپرەك مۇنازىرە ۋە سوئال ـ جاۋاب ئۇسۇلى ئارقىلىق زالىم پادىشاھ مات قىلىنىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىلىدۇ. مەسىلەن، «چېچەن تاز» چۆچىكىدە نى ـ نى شاھزادىلەر جاۋاب بېرەلمىگەن سوئالغا ئادەتتىكى پادىچى تاز جاۋاب بېرىپ ۋە پادىشاھنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئۈستىلىق بىلەن قۇتۇلۇپ، مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ. «ئالتۇنچى بوۋاي» چۆچىكىدىكى بوۋاي خەلقنى ئالۋان ـ ياساق دەستىدىن زار ـ زار قاقشاتقان زالىم پادىشاھنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن قاپقانغا چۈشۈرۈپ، بىر ئېغىز جاۋاب بىلەنلا مات قىلىپ، كىشىلەرگە مال ـ دۇنيا تارقىتىپ بېرىدۇ.

3. چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر

بۇ خىل چۆچەكلەردە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ـ تارىخنىڭ ئىگىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ سەمىمىي، ئالىيجاناب ئىدىيەۋى خىسلىتىگە مەدھىيە ئوقۇلغان. بۇ چۆچەكلەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ دۇنيا قارىشى، ئەخلاق قارىشى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە كۆپرەك چېچەن قىزلار، دانىشمەن بوۋايلار ۋە پاراسەتلىك يىگىتلەر ھەققىدە سۆزلىنىدۇ.

چېچەن قىزلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەردە ئاياللار فېئوداللىق ئۆرپ ـ ئادەتنى قوغدايدىغان پادىشاھ ھاكىمىيىتىگە جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل جاسارىتى ئاشكارا ئۇرۇش مەيدانلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى بەس ـ مۇنازىرە ۋە ئەقىل سىنىشىشتا ئىپادىلىنىدۇ. يەنى بەزى چۆچەكلەردە ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىن چىققان قىزلار پادىشاھنىڭ باشقىلارنى جازالاش نىيىتىدە قەستەن ئوتتۇرىغا قويغان قىيىن سوئاللىرىغا ئۈستىلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، قېرىنداشلىرىنى ياكى ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. پادىشاھ بولسا مات بولۇپ، كىشىلەر ئالدىدا ئابرۇيى تۆكۈلىدۇ. مەسىلەن، «چېچەن كېلىن»، «چېچەن قىز چىمەنخان» چۆچەكلىرى ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر. «دانىشمەن قىز»غا ئوخشاش چۆچەكلەردە بولسا، ھەتتا پادىشاھ ئۆزىنىڭ تولىمۇ دۆتلۈكىدىن مۇشۇنداق ئاددىي قىزلارنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولغانلىقىدىن نومۇس قىلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. دېمەك، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەقىقىي ئەقىللىق، ئېكسپىلاتاتورلار ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ ئەخمەق ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

4. ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر

«موماي بىلەن بۆرە»، «ئادەم قالتىسمۇ، ھايۋانمۇ»، «قازان تۇۋى»، «بالا بىلەن يولۋاس»، «ھەمزە باي» قاتارلىق چۆچەكلەردە ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، ھايۋانلارنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش مەزمۇنلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇشۇ چۆچەكلەر ۋە شۇ خىلدىكى چۆچەكلەردە ئاساسلىقى ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىپادە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھايۋانلار ئوبرازى كىشىلىك دۇنيادىكى ئادەملەرگە سىمۋول قىلىنمايدۇ. يەنە بەزى چۆچەكلەر، مەسىلەن، «قورچاق»، «ئىت بىلەن ھەييار تۈلكە» قاتارلىقلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ياۋۇزلۇق ۋە ۋەھشىيلىككە قارشى كۈرەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «تاۋۇس ئەللەيىن» ناملىق چۆچەكتە بىر ئېيىقنىڭ ئۆز رەڭگىنى

ئۆزگەرتىپ، يالغاندىن كارامەت هايۋان بولۇۋېلىپ، باشقا هايۋانلارنى ئالدىغانلىقى، ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئاشكارا بولۇپ، رەسۋا بولغانلىقى بايان قىلىنىش ئارقىلىق ئالدامچىلىق ۋە يالغان نىقابنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. دېمەك بۇ خىل چۆچەكلەردە ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بەزى تەجرىبە-ساۋاقلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## 5. ھەجۋىي چۆچەكلەر

«ئوبۇل كاج بىلەن جەمىلەك جاهىل» چۆچىكىدە بىر جۈپ ئەر-خوتۇن كاجلىق قىلىپ، بىر-بىرىگە زادىلا يول قويماي، ئاخىر هەر ئىككىسى ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. «شىتىلە بىلەن پىتىلە» چۆچىكىدىكى ئەر-خوتۇنلار بولسا ئۆز ئۆيىدە تىنچ-ئامان تاماقمۇ يېيەلمەي، بىرمۇنچە ئەخمىقانە هەرىكەتلەرنى قىلىپ، هەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. دېمەك، ھەجۋىي چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسمىدا ئادەملەر خاراكتېرىدىكى جاهىللىق، بىلەرمەنلىك، ئەخمەقلىق، پىخسىقلىق، ساددىلىق، دۆتلۈك، نادانلىق، هازازۇللۇق، هورۇنلۇق، يالغانچىلىق، كەيپ-ساپالىق ۋە باشقا يارىماس ئىللەتلەر ئۇستىلىق بىلەن ھەجۋىي قىلىپ بېرىلگەن.

ئومۇمەن، خەلق چۆچەكلىرى خەلقنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋاملىشىپ كەلگەن مىللىي فولكلور تارىخىنى بىلىشتىن باشقا، ئامما نىسبەتەن تەربىيەلەش رولىمۇ چوڭ. چۆچەكچىلەر ۋە چوڭلار ياشلارنى، بالىلارنى بىرەر ئىشتىن ئىبرەت ئالدۇرماقچى، تەربىيەگە ئىگە قىلماقچى بولسا چۆچەك ئېيتىپ بېرىشتىن ئىبارەت بۇ ئەپچىل ۋاسىتىدىنمۇ پايدىلىنىدۇ. شۇڭا خەلق ئارىسىدا يېقىنغىچە نۇرغۇن چۆچەكلەرنىڭ ساقلىنىپ كېلىشىنىڭ ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئاساسى بولغان[①].

## 4. مەسەللەر

مەسەللەردە خەلقنىڭ ئىجتىمائىي كۆرەشلىرى ۋە تۇرمۇشتىن تاللاپ ئېلىنغان بەزى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە هەقىقەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلار خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مەڭگۈلۈك هېكمەتلەر ۋە خەلقنىڭ ئاساسىي روهىي ئوزۇقى.

مەسەللەر بىلەن هايۋانلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنى پەرقلەندۈرمەك تەسرەك، كۆپلىگەن هايۋانات چۆچەكلىرى كۆپىنچە مەسەل بولۇپ كېلىدۇ. ئومۇمەن مەسەللەردە، بىرىنچىدىن، پەلسەپۋى پىكىرلەر چوڭقۇر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئادەملەردىن باشقا دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپ، قۇرت-قوڭغۇز، هەتتا تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانسىز شەيئى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى باش پېرسوناژ قىلىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مەسەللەردىكى هايۋانلار ئوبرازى دېگەندەك تۇراقلىق ئەمەس؛ تۆتىنچىدىن، مەسەللەرنىڭ هەجمى كىچىك، ئۆزى سەرخىل، پېرسوناژلىرى ئاز، ئەمما خاراكتېرى ئىنتايىن ئېنىق بولىدۇ؛ بەشىنچىدىن، مەسەللەر كېيىنرەك پەيدا بولغان.

مەسەللەردىكى هۇنەر-بىلىم تېمىسى ئۇنىڭ مېغىزلىق تەرەپلىرىدىن بىرى. «هەقىقىي بايلىق» ناملىق مەسەلدە پەقەت هۇنەر (ئەمگەك ماهارىتى) ۋە بىلىملا بەختىيار تۇرمۇشنى بەرپا قىلالايدۇ دېگەن هېكمەتلىك پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. «تۈلكىنىڭ تەقسىماتى» ناملىق مەسەلدە كىشىلەر پەقەت ئەمەلىيەت جەريانىدىلا بىلىمگە ئىگە بولالايدىغانلىقى، ئەمەلىيەتتىن كەلگەن

① ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى هەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىلى نەشرى.

ئاچچىق ساۋاقلا كىشىلەرنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولسا، «شاتۇتى بىلەن بۇلبۇل» ناملىق مەسەلدە ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتنىڭلا يۈكسەك قىممىتى بولىدىغانلىقى، باشقىلار چاينىۋاپ بەرگەن نانىنىڭ تەمى بولمايدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۇيغۇرلاردا ھۈنەر-بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىش ئومۇمىي ئىجتىمائىي تۈس ئالغان. ئۇنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسىنى مەسەلدىن ئىبارەت مۇشۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كىچىك بىر ژانىرىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈپ ئالالايمىز[1].

## 5. لەتىپىلەر

قەدىمكى زامان لەتىپىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نەسىردىن ئەپەندى نامىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا تارقالغان. نەسىردىن ئەپەندى خەلق ئارىسىدا «ئەپەندى، ئەپەندىم» دەپ ئىخچام نام بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەپەندى لەتىپىلىرى بىرقانچە يۈز پارچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، ھەجۋىيلىكى كۈچلۈك، ئىپادىلەش شەكلى ئاددىي-ساددا، ھەجمى كىچىك، ئوبرازلىق، جانلىق ۋە روشەن. لەتىپىلەرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ كۈچلۈك ھەجۋىي ۋە ئۆتكۈر كۈلكە ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى بولمىغۇر ھادىسىلەرنى پاش قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چوڭقۇر تونۇتۇپ، تەربىيەۋى ئۇنۇمگە ئېرىشىدۇ.

ئەپەندى لەتىپىلىرى ئىچىدە ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى ھەجۋىي قىلىدىغان لەتىپىلەرمۇ بار. ئۇلاردا خەلق ئارىسىدىكى نادانلىق، ھورۇنلۇق، ئۆزىنى ئاقىل ھېسابلاش، قارىسىغا ئىشىنىپ كېتىش، ئەپەندىنىڭ ئۆزىنى ھەددىدىن ئارتۇق ئەخمەق، نادان، ساددا كىشى قىياپىتىدە كۆرسىتىشىگە ئوخشاش ئەيىب-نۇقسانلار ھەجۋىي قىلىنىدۇ. ئەپەندى ئوبرازىنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپلىكى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ناھايىتى يېقىنلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ئۆزى مۇرەككەپ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ئادەملەرمۇ شۇنداق مۇرەككەپ. دانالىق بىلەن ئەخمەقلىق، ئەقىللىقلىق بىلەن نادانلىق ھامان قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. يالغۇز دانالىقلا ئەمەس، بەلكى ئەخمەقلىق ۋە نادانلىقمۇ كىشىلەرگە سەلبىي تەرەپتىن ئەقىل ئۆگىتەلەيدۇ. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ساددىلىقى ۋە ئەخمەقلىقىنىڭ ئارقىسىدا ناھايىتى زور دانالىق ۋە باتۇرلۇق يوشۇرۇنغان. شۇڭا بۇنداق لەتىپىلەردىن كىشىلەر ئەخمەقلىقنى، نادانلىقنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قارىمۇ قارشى تەرىپى بولغان ئەقىل ۋە دانالىقنى ئۆگىنىدۇ. خەلق ئۇنىڭدىن تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىكى بىر خىل كۈچلۈك سىگنال سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىكى نۇقسانلار ۋە ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىگە چېقىرىلغان سىلىق كىنايە ۋە مەنىلىك چاقچاق.

ئەپەندىدىن باشقا لەتىپىلەرنى باشقا لەتىپىچىلەر: (1816—1905)، مولا زەيدىن (1815—1880) قاتارلىق ئۆتكەن ئەسىر لەتىپىچىلىرى، شېرىن دورغا، مولا مەتيار (19-ئەسىر)، ئىسكەندەر ھەققۇلى (1918—1979)، ئىبراھىم سايىت (1924- )، تاتلىق كاسا (1948—1968)، روزى قارىم (1916—1966)، ئۇستا رازى (1874—1949)، مولا باقى، نىياز باقى، تۇرسۇن قارىي، نىزام قوشاق، ھېسام قۇربان قاتارلىقلارنىڭ لەتىپىلىرى بىر قەدەر تەسىرگە ئىگە[2].

---

[1] ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان».

[2] «نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قېرىنداشلىرى» («阿凡提的兄弟们»)، جاۋ شىتجې تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999-يىلى خەنزۇچە نەشرى.

## 6. خاتىمە

ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، مەسەل، لەتىپە، چاقچاق ۋە لاپلاردىن ئىبارەت بولغان ئۇيغۇر خەلق ھېكايىلىرىنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلەر ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مىللىي مۇھىتىدا بارلىققا كېلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. يەنە بەزى ھېكايىلەر بولسا قوشنا خەلقلەر بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىش نەتىجىسىدە شۇلاردىن ۋە شۇلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن باشقا خەلقلەردىن كەلگەن. بۇ خىل ئۆتۈشمىلىك ئەپسانىلەردىن باشلاپ رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر، مەسەللەر ۋە لەتىپىلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلىدۇ. ئەپسانىلەردىكى ئوماي ئوبرازىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەپسانىلىرىدىلا بار بولۇپ قالماستىن، يەنە ھىندىلار ۋە مەركىزىي جۇڭگودىكى خەنزۇ ئەپسانىلىرىدىمۇ بار بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دۇەن چىڭشىنىڭ «يۇياڭ خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن قەدىمكى تۈركلەرگە ئائىت «ئاشىد ۋە ئاشىد غارى» توغرىسىدىكى ئەپسانىدە «شېلى» (舍利، شەلى) ۋە «شېمۇ»(谢摩، شەمۇ) قاتارلىق ئوبرازلار تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئوبرازلارنىڭ يىلتىزى تەكشۈرۈلگەندە «شېمۇ»نىڭ قەدىمكى بابىللىقلارنىڭ قۇياش ئىلاھى «شاماش»قا، «شېلى»نىڭ قەدىمكى گىرېكلارنىڭ ئاي ئىلاھەسى سېلىنغا تولۇق يېقىن تۇرىدىغانلىقى ئوچۇقلاشماقتا. يارۇق ـ نۇردىن ئادەم تۆرىلىش مۇتىفى قەدىمكى سومېر، يەھۇدىي ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە بولغاندىن باشقا، «ئوغۇزنامە»، «بۆگۈخان رىۋايىتى» ۋە نۇرئەلانۇرخان (سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى)غا دائىر ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە، موڭغۇل، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا تارقالغان «ئەلئەنقوۋا» ھەققىدىكى ئەپسانىلەردە[①] نۇردىن ئىنسان ئاپىرىدە بولىدۇ دەپ قارىلىدىغان سادda قاراش ئىپادە قىلىنغان. «ئالتۇن كەش» ناملىق چۆچەك «گىرىم چۆچەكلىرى»دە «كۈل قىز» نامىدا، ئەنگلىيە چۆچەكلىرىدە «خىرۇستال كەش» نامىدا ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى ساقلانغان. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى ئاساسىي مۇتىفلار قېلىپلاشقان، يىلتىزى چوڭقۇر بولۇپ، ئالىملار جۇڭگو ۋە جۇڭگوغا قوشنا ئەللەردىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇتىفداش 112 چۆچەكنىڭ ۋارىيانتىنى تېپىپ چىققان، يەنى «چىن تۆمۈر باتۇر»غا ئوخشايدىغان چۆچەكلەر تۇزۇ، سالا، يۇغۇر (سېرىق ئۇيغۇر)، تاجىك، موڭغۇل ۋە قازاقلار ئارىسىغىمۇ تارقالغان. ھىندىستان خەلقىنىڭ «كەلىلە ۋە دىمىنە»، ئەرەبلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە»، پارسلارنىڭ «ئاۋېستا»، «شاھنامە»، گىرېكلارنىڭ «ئىزوپ مەسەللىرى»دىكى ھېكايە ـ چۆچەك، مەسەل ۋە ئوبراز، پېرسوناژلار ئۇيغۇر خەلق ھېكايىلىرىدە قويۇق ساقلانغان.

نەسىردىن ئەپەندى ئوبرازى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىپ تەسىر قىلىپ، ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچكەن نەچچە مىڭ پارچە لەتىپىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان بولسا، سەلەي چاققان، موللا زەيدىن، ھېسام قۇربان قاتارلىق لەتىپچى ـ چاقچاقچىلارنىڭ ياشاپ ئۆتۈشىگە مەنىۋى تۈرتكە بولدى.

دېمەك، خەلق ھېكايىلىرى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسى تارىخى ۋە مەزمۇنىنى بىلىشتە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ.

خەلق ھېكايىلىرى زامان ـ زامانلاردىن بۇيان ئاۋام ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ، تاللىنىپ، تاۋلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ كەلگەن. شاكىلىغا قارىغاندا جەۋھىرى كۆزنى

[①] «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، «تارىخى ھەمىدىيە» (موللا مۇسا سايرامىي ئەسىرى) قاتارلىقلارغا قارالسۇن.

قاماشتۇرغىنىدەك دەرىجىدە جۇلالىق بولغان، كۆڭۈل ئېچىش رولى، تەربىيەلەش رولى ۋە ئېستېتىك رولىدىن باشقا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئېچىپ تاشلىنىدىغان كۈچلۈك قاراتمىلىقتا، خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش تەپسىلاتىنى بايان شەكلىدە ساقلىغۇچى قىممەت باھالىق فولكلور ماتېرىيالى بولۇش رولىغا ئىگە. بىزگە مەلۇمكى، ئەمگەكچى خەلق ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئۇلار مىللىي مەدەنىيەتنى يارىتىش ۋە شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ماددىي ئاساس ياراتقان. خەلقنىڭ ئاغزاكى ھېكايىلىرى سۆزسىزكى، خەلقنىڭ ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي تەجرىبىلىرى ئىچىدىن كېلىپ چىققان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر خىل مەدەنىيەت بىلىملىرى ساقلانغان. بۇ بىلىملەر ئوخشاشلا مىللىي مەدەنىيەتنى ئىجاد قىلىشنىڭ ئاساسى ۋە قىممەتلىك مەنبەسى تەرىقىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى ھېكايىلەر ئەدەبىيات-سەنئەت ئىلمى، بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەت ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ھەمدە ئۇلار جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە ئەپسانىلەر ئىلمى (مىفولوگىيە ئىلمى)، رىۋايەتلەر ئىلمى، چۆچەكشۇناسلىق ئىلمى، ھېكايىچىلىك ئىلمى قاتارلىق مۇستەقىل ئىلىم تارماقلىرىغا ئايلانغان. خەلق ئېغىز ھېكايىلىرى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن تارقىتىلغان بولغاچقا، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە فولكلور ئىلمى تەتقىقات قىلىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. خەلق ئېغىز ھېكايىلىرىدىكى كۆپلىگەن ئەسىرلەردىن خەلقنىڭ جەمئىيەت تارىخى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، ئۆرپ-ئادەت تارىخىنى مەلۇم تەرەپتىن ئۆگەنگىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتشۇناسلىقتىكى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ شەكىللەنگەن. تارىخشۇناسلار ۋە فولكلورشۇناسلار يېزىق يارىتىلمىغان دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى، فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى تارىخنامىلەرگە چۈشۈرۈش چەكلەنگەن ئىجتىمائىي ئۇچۇرلارنى ۋە ئارخېئولوگىيەدە ئاساسى بولمىغان پاكىتلارنى خەلقنىڭ ئاغزاكى ھېكايىلىرىدىن ھەم ئالغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن ھەيران قېلىشقانلىرى ھازىرقى ئىش ئەمەس. بۇ دۇنيا تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئاتىسى ھېرودوت ۋە ئېلىتمىز جۇڭگو ھەم شەرق تارىخشۇناسلىقىنىڭ بوۋىسى سىماچيەنلەر ئاللىبۇرۇن دىققەت قىلىپ ئۆتكەن نۇقتا.

خەلق ھېكايىلىرى خەلق ئىدىيەسىنى تاۋلاش ۋە پاكلاشتا، تەپەككۇر چۈشەنچىلىرىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىغان. تىل قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. خەلق ئېغىز ھېكايىلىرى ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئومۇملاشقان ئوقۇشلۇق، شۇنداقلا ئېسىل ئىدىيەۋى روھ ۋە ئالىيجاناب ئېستېتىك چۈشەنچىگە باي تىل سەنئىتى. خەلق ئېغىز ھېكايىلىرىدىكى نۇرغۇن ئەپسانىۋى پېرسوناژلار ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئىنتايىن جاپالىق كۈرەشلەرنى قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك روھىي قىياپىتىنى ئىپادىلىگەن. نۇرغۇن قەھرىمان كىشىلەر كوللېكتىپنى ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان. نۇرغۇن يەرلىك رىۋايەتلەر تاغ-دەريالارنىڭ گۈزەللىكىنى جانلىق ھالدا سۈرەتلىگەن. بىرمۇنچە ھۈنەر-سەنئەت ھېكايىلىرى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجادكارانە ئەقىل-پاراسىتىنى مەدھىيەلىگەن. بىر تالاي مۇھەببەت ھېكايىلىرى خەلقنىڭ پارلاق كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بايان قىلغان. نۇرغۇن يۇمۇرلۇق-مەسخىرىلىك ھېكايىلەر، كۈلكە-چاقچاقلار يالغانچىلىقنى، رەزىللىكنى قامچىلىغان،خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئۈستۈنلۈكىنى ئىپادىلىگەن. بۇلار يالغۇز ئادەملەرنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشىغىلا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى شادلاندۇرغان، ھاياجانلاندۇرغان، ئۇلاردا ئورتاق ھېسسىيات پەيدا قىلغان، ئۇلارغا گۈزەللىك ھوزۇرى بەخش ئەتكەن.

خەلق ھېكايىلىرى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا زور دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول

ئوينىدى. يازغۇچىلارنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى ماتېرىيال ۋە شەكىللەرنىڭ مۇھىم مەنبەسىگە ئايلاندى. ئۇلاردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى كۆپ ھاللاردا مىللىي سەنئەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، ناخشا ـ غەزەل ئەدەبىياتى ۋە تىياتىر خەلق ئېغىز ھېكايىلىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىقىلدى. خەلق ئېغىز ھېكايىلىرى ۋە باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئىدىيە ۋە ئېستېتىكا جەھەتتە يازغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە سەنئەت ئۇسلۇبىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملاردا مىللىيلىككە ۋە ئاممىباپلىققا يۈزلىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

ئومۇمەن، خەلق ھېكايىلىرى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن پەنلەردىكى ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشكەن ھالدا كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشى ۋە بىلىمى چوڭقۇم ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ بارىدۇ. لېكىن، بۇ تەركىبلەرنىڭ خەلق ئېغىز ھېكايىلىرىدىكى سالمىقى ئاساسلىق ئورۇندا ئەمەس. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، ئۇلارنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ ۋە چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. بىز ئۇيغۇر خەلق ھېكايىلىرىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ مەنىۋى ئەمگەكنىڭ تۈرتكىلىكىدە، خەلق ئېغىز ھېكايىلىرىنىڭ سىستېمىلىق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش جەريانىدىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايمىز.

## §3. ئېپوسلار

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تارىخىدا نۇرغۇن ئېپوسلار مەيدانغا كەلگەن ۋە تارقالغان. بۇ ئېپوسلار ئەجدادلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى ئوبراز سۈپىتىدە مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئەدەبىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكتىن، ئەجدادلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ھەمدەمدە بولۇپ ۋە ئۇنى بېيىتىپ، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئېپوسلاردىن «ئوغۇزنامە»، «توڭا ئالىپ ئەر»، «دەدە قورقۇت»، «گۆر ئوغلى»، «ئالپامىش» قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكى بىلەن قىممەتلىك يادىكارلىقلار ھېسابلىنىدۇ.

**1. «ئوغۇزنامە»**

1) «ئوغۇزنامە» ھەققىدە

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلار ۋە باشقا بەزى بىر قىسىم تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارالغان ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان ئېپوس. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىغا كەڭ تارالغان، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەر.

ئېپوسنىڭ بىرقانچە خىل نۇسخىسى بولۇپ، بۇلار خىلمۇ خىل شەكىلدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە نەسرىي ئۇسلۇبتا، بەزىدە قەدىمكى نەزمىي مىسرالار ئارىلىشىپ كەلگەن، قەدىمكى ئۇيغۇر مۇھىتى ۋە تىلىدا يېزىلغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئەڭ قەدىمكى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم نۇسخا. چۈنكى بۇنىڭدىن باشقا نۇسخىلىرى قويۇق ئىسلام دىنىي تۈس ئالغان. ئوغۇزخانمۇ مىللىي قەھرىماندىن ئىسلام دىنى قەھرىمانىغا ئايلىنىپ

كەتكەن. بۇ نۇسخىنىڭ 106 - قۇرىدا ئوغۇزخاننىڭ «مەن ئۇيغۇرنىڭ خاقانىمەن» دېگەن جاكارسى بار. شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۇ مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە قەدىمكى نۇسخا (قوشۇمچە 1 - نۇسخا) ئەجدادلارنىڭ ئۆزىگە خاس، مىللىي ۋە ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. قەدىمكى خانلارنىڭ ئەنئەنىسى، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئۇرۇشلار، ئوردا مۇراسىم قائىدىلىرى، خانلىقنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمىدىن تارتىپ كىشىلىك گۈزەللىك، پەزىلەت - ئىقتىدارغىچە مول مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەنلىكتىن، بۇ نۇسخا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخا ھازىر فىرانسىيەنىڭ پارىژ شەھرىدىكى «پۇۋقرالار كىتابخانىسى»دا ساقلانماقتا[①]. (نومۇرى Supul tus,1001.) بۇنىڭدىن باشقا تۈركىي تىلدىكى نۇسخىلىرى، پارىچە - تاجىكچە كىتابلاردىكى نۇسخىلىرىمۇ بار. بۇ يەردە پەقەت قەدىمكى نۇسخا ياكى تۇرپان نۇسخىسى ئۈستىدە بايان ئېلىپ بېرىلىدۇ.

2) «ئوغۇزنامە»نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى

ئالدى بىلەن «ئوغۇزنامە»نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. ئېپوس مەزمۇنىنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. «ئوغۇزنامە»نىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر مۇرەككەپ، ئارىلاش بايان قىلىنغاچقا، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى باش، ئوتتۇرا ۋە ئاخىر دەپ بۆلگىلى بولمايدۇ. ئەمما مەزمۇن خاراكتېرى ۋە نېمىلەر ئىپادىلەنگەنلىكىگە قاراپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈش مۇۋاپىق دەپ قارالدى.

بىرىنچى قىسىم: ئوغۇزنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ خاقان بولغانغا قەدەر ۋەقەلىكلەر. بۇ قىسىمدا ئوغۇزنىڭ ئايخاندىن تۇغۇلۇپلا، قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ ئادەم بولغانلىقى، ئۇنىڭ ھەرىكەت - قىلىقلىرى، تۇرمۇشى، چىراي شەكلى، قىياپىتى تەسۋىرلىنىدۇ. باتۇرلۇقى - جاسارەتلىكى پاكىت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللەر بىلەن تويى، باللىرىنىڭ تۇغۇلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خانلىقنىڭ خاقانلىق يارلىقى يەنى ئوغۇزنىڭ خاقان، تامغىنىڭ خانلىق سىمۋولى، كۆك بۆرىنىڭ جەڭگىۋار شوئارى، يا بىلەن قالقاننى، تۆمۈر نەيزىلەرنى قورال، كۈننى تۇغ قىلىپ، ئاسماننى قورغان دەپ بىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق چىقىرىلغان يارلىق مەزمۇنى بار.

ئىككىنچى قىسىم: ئوغۇزخاننىڭ بويسۇندۇرۇش پائالىيىتى جەريانىدىكى ۋەقەلىكلەر. ئالدى بىلەن بۇ قىسىمدا ئوغۇزخاننىڭ باشقا ئەللەرگە خانلىق مەكتۇپى يوللاپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خانى ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىگە بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى قەيت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا شەرق تەرەپتىكى ئالتۇنخان بويسۇنىدۇ. غەرب تەرەپتىكى ئورۇم پادىشاھى قارشىلىق قىلىدۇ. ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ باتۇر خەلقى دەھشەتلىك جەڭلەرنى قىلىپ نۇرغۇن دۆلەتلەرنى، ئورۇم پادىشاھىنى، جۇرجىتنى، سىندۇ، تاڭغۇت، سۇرىيە ۋە بارقاننى بويسۇندۇرىدۇ. جازا يۈرۈشى جەريانىدا كۆك بۆرىنىڭ چوڭ قوشۇنغا يول باشلىغانلىقى ۋە بىر قىسىم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ نام - ئاتاقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى قىزىقارلىق، تەسىرلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلىككە باغلىنىپ سۆزلىنىدۇ.

ئۈچىنچى قىسىم: ئوغۇزخاننىڭ خانلىق زېمىنىنى ئوغۇللىرىنىڭ بۆلۈپ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلىكلەر. بۇ قىسىمدا ئوغۇزخاننىڭ خانلىق مەسلىھەتچىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، خانلىقنىڭ رەسمىي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ ئوغۇللىرىغا يۇرتىنى ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەنلىكى يېزىلغان.

---

① گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1980 - يىلى نەشرى.

ئومۇمەن، «ئوغۇزنامە»نى مەزمۇنىغا قاراپ يۇقىرىقىدەك ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىسمۇ، لېكىن ئېپوس پۈتۈنلۈكىگە، ھەربىر قىسىملىرىدا ئۇيغۇنلۇققا دىققەت قىلىنغانلىق تەرىپىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئاساسىي ياكى مەركىزىي ئىدىيەنى يورۇتۇش جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە.

«ئوغۇزنامە»دە يەنە ئىجتىمائىي ئىدىيەۋى قاراشلار، ئەنئەنىۋى قاراشلار ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مول ئىدىيەۋى مەزمۇن، جۈملىدىن باي فولكلورلۇق ماتېرىياللار بار. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن «ئوغۇزنامە»دىكى ئىدىيەۋى مەزمۇننى تۆرلۈك قاتلام تەركىبلىرىگە ئايرىپ تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

ئىجتىمائىي قاراشلارنىڭ ئەسەردىكى ئىپادىلىرى: «ئوغۇزنامە»دە ئەجدادلارنىڭ توتېم ئېتىقادى ئالاھىدە شەكىلدە تىلغا ئېلىنغان ياكى كۆچەپ تەسۋىرلەنگەن، يەنى ياغاچ-دەرەخ كاۋىكىدىكى ساھىبجامال، كۆك يارۇق-نۇر ئىچىدىكى گۈزەل(سەنەم)، چوڭ لەشكىرىي قوشۇنغا يول باشلىغۇچى كۆك بۆرە قاتارلىق مەسىلىلەردە توتېم ئېتىقادى ئەكس ئېتىلگەن. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن كۆك بۆرە گەپ قىلالايدۇ. ئۇ چوڭ قوشۇن ئالدىدا ماڭىدۇ. ئۇ توختىسا قوشۇن توختايدۇ، ئىلگىرىلىسە ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇرۇشتا ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ دائىم غەلىبە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆك بۆرىنىڭ ئەجدادلار ئارىسىدا مۇقەددەس مەخلۇق دەپ بىلىنگەنلىكىنى، ھەتتا ئۇنىڭ ئونغۇن-توتېم قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

«ئوغۇزنامە»دە مۇقەددەس-خاسىيەتلىك سانلار چۈشەنچىسىمۇ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، «قىرىق» سۆزى يەتتە يەردە ئۇچرايدۇ. ئوغۇز قىرىق كۈندىن كېيىن ئادەتتىكى ئادەملەر قاتارىغا ئۆتىدۇ. زىياپەتتە قىرىق شىرە ۋە ئورۇندۇق تەييارلانغان. لەشكەرلەر قىرىق كۈن مېڭىپ ئاندىن توختىغان. قىرىق غۇلاچ خادا(موما) قاتارلىقلار «قىرىق» سانى بىلەن باغلاپ ئىپادە قىلىنىپ، قەدىمكى خەلقنىڭ مۇقەددەس-خاسىيەتلىك سان چۈشەنچىسىنى تەشكىل قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا «ئۈچ»لۈك چۈشەنچىسى بىلەن دۇنيانىڭ يارىلىشىغا شەرھ بەرگەن. يەنى كۆك نۇر ئىچىدىن چىققان خوتۇندىن بولغان ئۈچ ئوغلىغا كائىناتتىكى ئاساسلىق ئۈچ دانە جىسىمنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويغان. دەرەخ كاۋىكىدىن چىققان خوتۇنىدىن بولغان ئۈچ ئوغلىغا يەر يۈزىدىكى ئۈچ خىل شەيئىنىڭ ئىسمىنى قويغان. بۇنىڭدا قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئاسمان ۋە زېمىن توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى، كىشىلەر بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر يىغىنچاق، تىپىك ھالدا ئىپادىلەنگەن.

«ئوغۇزنامە»دىكى باش پېرسوناژ ئوغۇز يېرىم ئىلاھلاشقان، يېرىم ئادەملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ ئۆيلەنگەن قىزلار ئىلاھىي سۈپەتلىك قىزلار ھېسابلىنىدۇ . ئۇلار كۆلسە تەڭرىمۇ كۆلىدۇ. بۇ خىل چوقۇنۇش (ياكى ئەجدادلارغا چوقۇنۇش) ئەسەردە يەنە بىر ئىدىيەۋى قاتلام ھاسىل قىلغان.

«ئوغۇزنامە»دە يەنە تەبىئەتكە تېۋىنىش ۋە شامانىزم تەسىرلىرىنى ئۇچرىتىمىز. تەبىئەتكە تېۋىنىش مەسىلىسىدە ئالدى بىلەن ئەسەردە ئىپادىلەنگەن «كۆك تەڭرىسى» ۋە «كۆك» رەڭگى ئۈستىدە توختالماي بولمايدۇ. ئاسمان (كۆك) تەڭرىسى ئەجدادلارنىڭ ئالاھىدە تېۋىنىش ئوبيېكتى. بۇ خىل تېۋىنىش «كۆك» رەڭگىنى ئۇلۇغلاش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كېيىنكى توتېم چۈشەنچىلىرىگىچە سىڭىشىپ كەتكەن. يەنى بۆرىنىڭ «كۆك» رەڭدە سۈپەتلىنىشى، «ئوغۇز»نىڭ «كۆك» سۆزى بىلەن ئاتىلىشى، يەنە «كۈن تۇغ بولسۇن» دېيىشى كۈن تەڭرىسىنى ئۇتۇقنىڭ سىمۋولى قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولغان. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە كۈننىڭ نۇر-يورۇقىغا تېۋىنىش ئادىتىنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلىشكە بولىدۇ.

«ئوغۇزنامە»دە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان ھەم تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم شامانىزم

تەسىرىنىڭ قويۇق ھىدىغا تولغان. خۇشاللىققا تولغان ئوغۇز ئۇلۇسىدا ئىككى خادا تىكلىنىپ، خادىنىڭ تۆۋىگە ئاق ۋە قارا قويلارنىڭ باغلىنىشى، ئۈچىنچى ئالتۇن توخۇ بىلەن كۈمۈش توخۇنىڭ قوندۇرۇلۇشىنى شامانلارنىڭ دىنىي مۇراسىمدا ئىشلىتىپ بارىدىغان پائالىيىتى دەپ چۈشىنىش مۇمكىنچىلىكىنى ھازىرلىغان. ئومۇمەن، بۇ پائالىيەتنىڭ ئېپوستا خېلى تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەنلىكى كىشىلەرنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ.

«ئوغۇزنامە»دە ئىجتىمائىي ئىدىيەۋى قاراشلاردىن سىرت ئۆرپ ـ ئادەت مەسىلىلىرى ۋە بەزى ئەنئەنىۋى ئادەت قاراشلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز، ھەتتا بىر قىسىم پەلسەپىۋى مەسىلىلەر، ئەخلاق ـ ئېتىكا مەسىلىسى، شۇنداقلا خانلىق تەشكىلىنىڭ قۇرۇلمىسى قاتارلىقلار ئىپادە قىلىنغانلىقىنى بايقايمىز. ئالايلۇق، ئوغۇز قىياتنى ئۆلتۈردى، قىياتنى شۇڭقار يېدى، شۇڭقارنى ئوقيا بىلەن ئاتتى دېيىلىپ ھەم شۇ توغرىدا سۆز قىلىنىپ، جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىياتىدا غالىبلارنىڭ تاللىنىپ، ئاجىز، پاسسىپ ـ ناچارلىرىنىڭ شاللىنىدىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ ھەممە جانلىقلاردىن باتۇر، غالىب ئىكەنلىكىدەك پەلسەپىۋى پىكىرنى سىڭدۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. «يا ئوقنى توغرىلايدۇ، سىلەر ياغا بويسۇنۇڭلار» دېيىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئىشلىرىدا تۆرىلەرنىڭ ـ چوڭلارنىڭ گېپىگە كىرىڭلار دېگەنگە ئىشارە قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلۇس ـ ئايماق ئىچىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەڭلار دېگەننى تەكىتلەپ، ئەۋلادلارغا ئەخلاقىي ياقتىن سالماق تەلەپپۇز بىلەن تەربىيە قىلىندۇ. ئوغۇز تەختكە چىققاندا ئوچۇق ـ ئاشكارا يارلىق چىقىرىپ ئۆزىنىڭ خاقان بولغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئاغزىغا بېقىشىنى، تامغىنى بەخت، كۆك بۆرىنى بەلگە، كۈننى تۇغ قىلغانلىقىنى، يا بىلەن قالقان، تۆمۈر نەيزە قورال بولىدىغانلىقىنى بېكىتىپ، خانلىقنىڭ ھوقۇقىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

«ئوغۇزنامە» يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مەزمۇنلىرى بىلەن مول ئىدىيەۋىلىككە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، بەدىئىي شەكىل ۋە تىل جەھەتتىمۇ بەزى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئېپوسنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى جايلىرىغا شېئىرىي مىسرالارمۇ ئارىلاشقان. مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئابزاس سەككىز بوغۇملۇق شېئىرىي شەكىلدە كەلگەن ھەمدە ئاخىرقى بوغۇمى قاپىيەلەشكەن:

*1. مەن سەنلەرگە بولدۇم قاغان،*
*2. ئالالىك يا تاقى قالقان؛*
*3. تامغا بىزگە بولسۇن بۇيان،*
*4. كۆك بۆرى بولسۇنغىل ئۇران.*
*5. تەمۇر يىدالار بول ئورمان،*
*6. ئاۋ يەردە يۇرۇسۇن قۇلان؛*
*7. تاقى تالۇي تاقى مۇرەن،*
*8. كۈن تۇغ بولغىل، كۆك قۇرىقان.*

*[1. مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، 2. ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان. 3. تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان، 4. كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئۇران. 5. تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان، 6. ئوۋلۇقتا يۇرۇشسۇن مال ـ ۋاران.7. ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن، 8. كۈن تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان.]*

يەنە مىسالغا ئالساق، ۋەزىر ئۇلۇغ تۈركنىڭ تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزى 13 بوغۇملۇق شېئىرىي شەكىلگە كىرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ:

*1. ئاي قاغانۇم سەنگە ياشاغۇ بولسۇنغىل ئۇزۇن،*
*2. ئاي قاغانۇم سەنگە تۇرلۇك بولسۇنغىل تۇزۇن؛*

*3. بەنگە كۆك تەڭرى بەردى تۇشۇمدە كەلتۇرسۇن،*

*4. تالاي تۇرۇر يەرنى ئۇرۇغۇڭغا بەردۇرسۇن.*

*[1. ئەي قاغانىم، ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر يار بولسۇن، 2. ئەي قاغانىم، سېنىڭ ئەل نىزامىڭغا ئادالەتلىك يار بولسۇن. 3. كۆك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا ئىشارەت، 4. ئىشغال قىلغان يەرلەرنى ئۇرۇقىغا بۆلۈپ بەرسۇن دەپ.]*

ئۇنىڭدىن باشقا ئېپوستا بىر قانچە قەبىلە ـ قوۋملارنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەھمىيەتلىك ياكى ماھىيەتلىك ۋەقەلەر بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئەسەردە مۇبالىغە قىلىش ئارقىلىق ئوغۇزنى ئىلاھلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن. ئەسەردە جايىدا قوللىنىلغان ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوغۇزنىڭ باتۇر، مەردانىلىكى ئېچىپ بېرىلگەن. سۈپەتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ گۈزەللىكى، نازاكەتلىكى تەسۋىرلەنگەن. دېمەك، بۇ ئېپوسقا ئەجدادلارنىڭ تۇرمۇش، كۈرەشلىرىلا كىرگۈزۈلگەن بولماستىن، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى، پەلسەپۋى ۋە ئىجتىمائىي قاراشلىرى، دىنىي ئېتىقادى، خانلىق سىمۋوللىرى، قۇت ـ بەخت چۈشەنچىلىرى، ئەڭ مۇھىمى شۇ زاماندىكى خەلقنىڭ ئېگىزدىكى ئېستېتىك چۈشەنچىسى ئەدەبىي يوللار ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان. بىز بۇ ئەسەردىن بىر تەرەپتىن، مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، خانلىق مۇراسىمى، ئۇرۇش ۋە مىللەت ئېتنولوگىيەسىگە ئائىت بەزى ئەھۋاللارنى بىلسەك، يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ئۇنىڭ خېلى مۇكەممەل شەكىللىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. قىسقىسى، «ئوغۇزنامە»دە ئەجدادلارنىڭ ئۆتمۈش تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسى ئوبرازلىق ۋە قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

3) «ئوغۇزنامە»دە يارىتىلغان ئوغۇزخان ئوبرازى

ئوغۇز ئوبرازى خېلى مۇكەممەل ئوبراز. بۇ خىل مۇكەممەللىك بىر قاتار جەريانلار ئارقىلىق تاۋلانغان. ئوغۇزخاننىڭ شەخسىي خاراكتېرى كەڭ ئىجتىمائىي مۇھىت شارائىتىدا تەدرىجىي ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئوغۇزنىڭ پائالىيىتى بۇ خىل ھالەتنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەينى چاغدىكى باتۇر، پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ تامغىسى بېسىلغان. ئۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ۋە ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئالغا يېتەكلىگۈچىسى بولۇپلا قالماي، ئەجدادلارنىڭ خاراكتېرى ۋە تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى مۇجەسسەملىگەنلىكتىن، ئەجدادلارنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە ئەۋلادلار قىزغىنلىقىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا ئايلانغان. ئوغۇزخان يېرىم ئىلاھلاشقان، يېرىم ئادەملەشكەن ئوبراز. خەلق قەلبىدە ئۇنىڭ تۆرىلىشى ۋە سۈپىتى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ناھايىتى ئۇستا مەرگەنلىكى، قىلىچۋاز، نەيزىۋاز ۋە مەشھۇر قوماندان، شۇنداقلا ئادىل خاقان ئىكەنلىكى، يەنى ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ئادەملىك دەرىجىسىدىن ئايرىلمىغان. ھەتتا ياشانغاندا ئۆلۈمدىن سۆز ئاچمىغان بولسىمۇ، كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرماي، باللىرىغا يەر ـ زېمىن، ئۇلۇس ـ ئايماقنى ئادىل تەقسىم قىلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىلاھلىق ھالەتكە ئۆتۈپ، مەڭگۈ ياشاش ئىستىكىنى قىلمىغان. ئەجدادلارنىڭ مىللىي روھى، غايىسى، ئەقىل ـ پاراستى، كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئوغۇزخاننى شائىر دېيىش ياكى شائىرلىققا مايىل دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى بىر خانلىق يارلىقىنىڭ نەزمىي شەكىلدە چىقىرىلىشى، ئوغۇزخاننىڭ ھېچبولمىغاندا يىر (شېئىر) ـ قوشاقنى بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ:

*1. قىئات بوغۇ يېدى، ئادۇق يەدى، يىدام ئۆلتۈردى،*

*2. تەمۈر بولسا، قىئاتنى (؟) شۇڭقار يەدى.*

*3. يا ئوقۇم ئۆلتۈردى،*
*4. يەر بولسا دەپ دەدى، كەتتى.*

*[1. قىئات بۇغا يېدى، ئېيىق يېدى. 2. ئۇ گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ، 3. نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى. 4. شۇڭقار قىئات يېدى، ئۇ گەرچە شامالدەك تېز بولسىمۇ، 5. ئوقيايىم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى.]*

ئوغۇز ئاغزىدىن بېرىلگەن بۇ پارچىنى ئوقۇپ بىز شېئىرىي سېزىمگە، ھېچبولمىغاندا ئازراق بولسىمۇ شېئىرىي پۇراققا ئېرىشىمىز.

ئوغۇزنىڭ خەلقنىڭ بالايىئاپەتنى يوقىتىشى قىئاتنى بولغان قىئاتنى يوقىتىشى ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىكىنى ئېچىپ بەرسە، قاتتىق جەڭلەردە غالىبلارچە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىشى ئۇنىڭ قەھرىمان، باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى كىشىلەرگە نام ئاتا قىلىشى ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىنى، بەزى ئەھۋالدا خانلىق مەسلىھەتچىسىنىڭ كۆرسەتمىسىگە قۇلاق سېلىشى ئۇنىڭ دانا، يىراقنى كۆرەرلىكىنى بىلدۈرگەن.

دېمەك، ئوغۇزخان «ئوغۇزنامە»دە يارىتىلغان ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشنى ئاساسىي سۆزىت لىنىيەسى قىلغان شەخس بولۇپ، ئۇ دەۋر ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا باتۇر، مەردانە، ئاقىل خەلق قەھرىمانىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەيلى ئۇ تارىخىي شەخس ۋە ئىلاھىي ئوبراز بولسۇن، ۋۇجۇدىدا خەلق روھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، خەلقچىللىق روھ ۋە گۈزەل غايىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولالىغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ بۇ خىل خاھىشنى قەدىرلىشىمىزگە، ساقلىشىمىزغا ھەم مەڭگۈ ئەتىۋارلاپ ھۆرمەتلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

4) «ئوغۇزنامە»نىڭ تارىخىي دەۋرى

«ئوغۇزنامە» قاچان مەيدانغا كەلگەن؟ ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالغا ئاساسەن، بۇ ئەسەر ئېپوس دەپ ھېسابلانماقتا. ئەدەبىيات تارىخى كىلاسسىكلىرى ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى توغرۇلۇق توختالغىنىدا، ئېپوس «خەلقنىڭ گۆدەكلىك دەۋرلىرىدە، ئۇنىڭ ھاياتى تېخى ئىككى قارشى تەرەپكە — پوئېزىيە ۋە پىروزىغا ئاجرىتىلمىغان چاغدا، خەلقنىڭ تارىخى پەقەت ئەپسانە بولغان زاماندا، دۇنيا ھەققىدە چۈشەنچىلىرى پەقەت دىنىي تەسەۋۋۇرلاردىن ئىبارەت بولغاندا، كۈچ - قۇدرىتى ۋە ساغلام پائالىيىتى پەقەت قەھرىمانلىق غەلىبىلىرىدە كۆرۈنگەن زامانلاردىلا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن»[1] دەپ كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ بايانلار «ئوغۇزنامە»نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرىنى بىلىشتە مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئېپوستا ھەم پوئېزىيە ئامىللىرى، ھەم پىروزا ئېلېمېنتلىرىنىڭ بولۇشى ئەجدادلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئەدەبىياتنىڭ ئۇندۇرمىلىرى بىخلىنىشقا باشلىغان زامانلارنى ئەسلىتىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ رېئال تارىخى ئەپسانىلىك تۈس ئېلىپ يوشۇرۇنغان، دىنىي ئىدېئولوگىيە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان، باتۇرلۇق - قەھرىمانلىق كۆرسىتىش قەبىلە - قوۋم ئەزالىرىنىڭ ئادىمىيلىك خاراكتېرىنى نامايان قىلىشتىكى تۈپ مەقسەت قىلىنغان. مانا بۇلار «ئوغۇزنامە»دە روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئومۇمەن، تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتساق، «ئوغۇزنامە»نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرىنى بىلىشتە، بىرىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى؛ ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئىدىيە (ئاساسەن دىنىي ئېتىقاد) تەرەققىيات تارىخىدىن ئىبارەت ئىككى نۇقتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مانا مۇشۇلارغا ئاساسەن مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، بۇ ئېپوس ئەجدادلار ئىپتىدائىي

[1] «بېلىنىسكىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 220 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

جەمئىيەتتە ياشاپ تۇرغان زامانلاردا بارلىققا كېلىپ، خەلقنىڭ «ئەمدىلەتىن ئويغانغان ئېڭىنىڭ پوئېزىيە ساھەسىدە بىرىنچى پىشقان مېۋىسى»[①] بولۇپ قالغان. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىپتىدائىي جەمئىيەت زادى قايسى دەۋرگە توغرا كېلىشى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى بىر قەدەر مۇرەككەپ، بۇنداق بولۇشى، ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن بىر تارماق قوۋملار كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلەر ئىچىدە باشتىن كەچۈرگەن. مەلۇمكى، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش فورماتسىيەسى تەكشى سىزىق بويىچە تەرەققىي قىلمايدۇ، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گاھى تەرەققىي قىلىپ، گاھى چېكىنىپ كېتىدۇ، ھەتتا كۆچمەن مىللەتلەر بەزىدە غايەت زور دەرىجىدە قالاق تۇرمۇش ھالىتىگىمۇ چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال بولغان بولىدۇ. بۇ ھال ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇش ھالىتىدە ياشىغان خەلقلەرگە قارىغاندا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغان. شۇڭا «ئوغۇزنامە»نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئۇنى غەربىي يۇرتنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇش فورماتسىيەسىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قويۇپ مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى نىسبەتەن ئېنىق ۋە كونكرېت بىر دەۋر بىلەن باغلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدە شۇنداق ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋر سوزۇلۇپ ياتقانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم. شۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭدا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىن مىلادىيە 7-ئەسىرلەرگىچە، ياكى 10—12-ئەسىرگىچە بولغان ئۇزۇن بىر تارىخنىڭ ئىزنالىرى قالدۇرۇلغان.

## 2. توڭا ئالىپ ئەر

1) رىۋايەتلىك ۋە تارىخىي دېرەكلەر

توڭا ئالىپ ئەر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى ۋە ئېپوستىكى باش قەھرىمان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي قىسىم قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىۋاسىتە ھالدا ئۇنىڭغا باغلاپ چۈشەندۈرگەن[②]. «قۇتادغۇ بىلىك»تە تاجىكلارنىڭ ئۇنى ئافراسىياب دەپ ئاتايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئافراسىياب ئەڭ دەسلەپتە «ئاۋېستا» (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 10-ئەسىردە )دا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ رىۋايەتلەردىكى تۇران ئېلىنىڭ خاقانى، ئىرانلىقلارنىڭ رەقىبى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. يۇقىرىقى كىتابتىن تەخمىنەن 2000 يىللار كېيىن يېزىلغان «شاھنامە»دە بۇ خىل كۆز قاراش تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىنىك مەنبەسى توڭا ئالىپ ئەرگىچە سۈرۈشتۈرۈلگەن. بۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈرك (ئۇيغۇر— نەقىلچىدىن)لەرنىڭ ئۇلۇغ قاغانى ئافراسىياب (توڭا ئالىپ ئەر) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ‹قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم› دېمەكتۇر» ; «كاشغەر ‹ئوردۇكەند› دېيىلىدۇ. بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياب شۇ يەردە تۇرغان»[③]. چاغاتايچە يېزىلغان «تەزكىرەئى ساتۇق بۇغراخان» ناملىق قول يازمىدا ئافراسىيابنىڭ قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى «بەگلەر

---

[①] «بېلىنىسكىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 220-بەت.

[②] بۇ ھەقتە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بەش خىل مەجمۇئەنى تۈزۈش ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (《维吾尔族简史》) ناملىق كىتابنىڭ 62-بېتىگە قارالسۇن. بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989-يىلى خەنزۇچە،1990-يىلى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان.

[③] م.كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»،1-توم 511-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981-يىلى نەشرى.

تەبىقىسى»نىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان[1]. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتا شەرھلىنىپ : «‹دىۋانى لۇغاتىت تۈرك›تە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئافراسىيابقا باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن... ‹ تەزكىرەئى بۇغراخان ›دا ئافراسىياب قاراخانىيلار خانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بەگلىرىدىن ئىبارەت يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقى سۆزلەنگەن»[2] دەپ يېزىلغان بولسا، «ئۇيغۇر مىللىتى» ناملىق كىتابتا: «قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقى رايونىدىكى ئۇيغۇرلار يەنە ئافراسىيابقا تېۋىنغان، ‹تەڭرى›گىمۇ تېۋىنغان، ئۇلار ئافراسىيابنى (قەدىمكى) تۈركىيلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى خاقانى دەپ ھېسابلىغان، ئافراسىيابنىڭ تۈركىيچە ئاتىلىشى ‹توڭا ئالپ ئەر› بولۇپ، مەنىسى ‹قاپلانغا ئوخشاش باتۇر ئەر› دېگەنلىك، ئۆز مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇشۇ رىۋايەتتىكى قەھرىمان شەخس بىلەن باغلاپ قارىغان، ھەم ئۆزلىرىنى ئافراسىيابنىڭ ئەۋلادى دەپ ئېلان قىلغان»[3] دېيىلگەن. يەنە بەزى كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە، قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ خان جەمەتى ئافراسىيابنى ئورتاق ئەجداد دەپ ھېسابلىغانلىقى، بۇنىڭغا «مۇرۇج ئەد دەخەب»[4]، « تارىخى جاھان گۇشاھ»[5] ۋە «تارىخى رەشىدىي»[6] دىكى بايانلار مىسال بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. موللا مۇسا سايرامىي «تارىخى ھەممىدىيە»دە ئافراسىيابنىڭ قەبرىسىنىڭ لوپ، شەھرى كېتىك قاتارلىق جايلاردا بولغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەتلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدە توختالغان. دېمەك، ئالپ ئەر توڭا ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى ئەجداد بوۋىسى بولۇپ، بەزىبىر رېئال تارىخىي شەخسلەرنىڭ پىروتوتىپى ئاساسىدا تېخىمۇ غايىۋى، تېخىمۇ تىپىك شەخسكە ئايلانغان. ئۇ بوۋىلارغا تېۋىنىشنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كاشغەر تارىخچىسى ئالمائىي ئەرەبچە يازغان «تارىخى كاشغەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان بەرگەن: سۇتۇق بۇغراخان مۇرشىدى ئابدۇل كېرەم ئىبنى بازىر ئارسلانخان ئىبنى بىلگە كۆر قادىرخان ئافراسىياب ئىبنى بەشەڭ ئاست (؟) ئىبنى راسمان (؟) نىڭ نەسلىدىن. ئۇ (ئافراسىياب—

---

[1] بۇ ھەقتە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بەش خىل مەجمۇئەنى تۈزۈش ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (维吾尔族简史) ناملىق كىتابنىڭ 63-بېتىگە قارالسۇن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىلى نەشرى.

[2] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 24-، 25-بەتلەر، ئۈرۈمچى.

[3] رېن يىۋېي، ياسىن ھوشۇر: «ئۇيغۇر مىللىتى» 43 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997-يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

[4] بۇ ھەقتە مەسئۇدىنىڭ «مۇرەج ئەد دەخەب» («ئالتۇن يايلاق») ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 174-بېتى (چىڭخەي خەلق نەشرىياتى 1998-يىلى نەشرى ) گە قارالسۇن.

[5] بۇ ھەقتە جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان گۇشاھ» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 62-بېتى ( ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1981-يىلى نەشرى ) گە قارالسۇن.

[6] بۇ ھەقتە مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 193-بېتى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985-يىلى نەشرى) گە قارالسۇن؛ بۇ توغرۇلۇق يەنە «دول تاغ ھەققىدە»، «ئانا قوۋۇق ھەققىدە» قاتارلىق رىۋايەتلەرگە: «ئۈرۈمچى تيانشان رايونى خەلق چۆچەكلىرى» 22-، 37-بەت (شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1994-يىلى نەشرى)؛«شىنجاڭنىڭ يەرناملىرى ۋە رىۋايەتلىك ھېكايىلىرى» («新疆地名与传说故事»)، ۋېن جىڭ تۈزگەن، 291-بەت (شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون، ئۈن-سىن نەشرىياتى 2007-يىلى خەنزۇچە نەشرى) كە قارالسۇن.

نەقىلچىدىن) تۇر ئىبنى ئەفرىدۇن ئىبنى ...يەفەس ئىبنى نۇھ بىلەن(ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەيمەن) مۇناسىۋەتلىك.[1] ئەرەب تارىخچىسى مەسئۇدى «مۇرۇج ئەد دەخەب»تە بۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەسەبنامىنى كۆرسەتكەن: ئافراسىياب بىننى پەشەڭ بىننى زاي ئارسان بىننى تۇرەك بىننى سابانىياسىپ بىننى دۇرشاسىپ بىننى تۇخ بىننى دۇرسۇن بىننى تۇدج بىننى ئەفرىدۇن.[2]

«تارىخى رەشىدىي»دە قاراخانىيلار قاغانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى ئافراسىيابقا باغلايدىغانلىقىدىن ئىبارەت نۇقتىئىنەزەر بايان قىلىنغان. مىرزا ھەيدەر بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلارنى بەرگەن: «بىلىش كېرەككى، كاشغەر مەشھۇر ۋە قەدىمىي شەھەردۇر. قەدىمكى زامانلاردا كاشغەرنىڭ سۇلتانلىرى ئافراسىياب تۈركنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئافراسىياب تۈركنى موغۇل خەلقى بوقاخان دەپ ئاتايتتى. ئافراسىيابنىڭ نەسەبى شۇكى، ئافراسىياب بولسا پىشەنىنىڭ ئوغلى، پىشەن دادنىشىننىڭ ئوغلى، دادنىشىن تۇرنىڭ ئوغلى، تۇر بولسا ئەفرىدۇننىڭ ئوغلىدۇر.

كاشغەر سۇلتانلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان كىچىك ۋاقتىدا ئىسلام شەرىپىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئاندىن ئۇ پۈتكۈل كاشغەر ۋىلايىتىنى مۇسۇلمان قىلغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن كېيىن قانچىلىغان كىشى پادىشاھ بولدى. ھەتتا ماۋرائۇننەھردىمۇ سۇلتان سۇتۇق ئەۋلادلىرىدىن پادىشاھ بولۇپ ئۆتتى... قاراقىتان خانى گورخان كاشغەرنى ئافراسىيابنىڭ ئەۋلادىنىڭ سەركەردىلىرىدىن تارتىۋالدى. شۇ چاغدا ئافراسىياب ئەۋلادىدىن سۇلتان ئوسمان بۇغراخان سەمەرقەنتتە ماۋرائۇننەھرنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا پادىشاھ ئىدى.»[3]

بۇ ھەقتە موللا مۇسا سايرامىيمۇ ئالاھىدە توختالغان. ئۇ «تارىخى ھەمىدىيە»نىڭ 119-بېتىدە «بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بۇغراخانلارنىڭ قولىدا ئىكەن. تا چىڭگىزخان زامانىغىچە بۇغراخانلارنى ئافراسىياب ئەۋلادىدىن ئىدى دېگەن رىۋايەتلەر بار» دېسە، 640-بېتىدە «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى بولۇپ، ئۇنى ئافراسىيابنىڭ ئەۋلادى دەپ زىكىر قىلىنىدۇ» دېگەن. «تارىخى ئەمىنىيە»دە بولسا «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى بولۇپ، ئافراسىيابنىڭ ئەۋلادى» دەپ يازىدۇ. موللا مۇسا سايرامىي «تارىخى ھەمىدىيە»دە ئافراسىيابنىڭ قەبرىسىنىڭ لوپ قۇملۇقىدا ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلىك ئۇچۇرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

توڭا ئالپ ئەرنىڭ ياشىغان زامانى ھەققىدە خىلمۇ خىل رىۋايەتلەر بار. ھەرخىل قەدىمكى كىتابلاردىكى بايانلاردا ئۇنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 10-ئەسىردىن مىلادىيە 7-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىي شەخسلەر ھەم ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.

«دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك»لەردىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئافراسىياب ئەسلىدە ئەفرىدۇننىڭ تۇر ناملىق ئوغلىنىڭ نەۋرىسى ھۇشەڭنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ ئۆز دادىسى مەنۇچەھرەنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن جەڭگە چىققان ئىران شاھى نۇدەر بىلەن قاتتىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ، نۇدەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاقىۋەت ئىران تەختىگە چىققان. ئومۇمەن، ئافراسىيابنىڭ ياشىغان جايلىرى ۋە زامانى ھەم ئۆمۈر كۆرگەن يىلى بەكمۇ سىرلىقلاشتۇرۇلغان. ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيالىق تارىخشۇناس نارشاخى (959 — ؟) «بۇخارا تارىخى» ناملىق كىتابىدا «پارسلارنىڭ كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، ئافراسىياب ئىككى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرگەنىمىش، بۇ جادۇگەر نۇھ پادىشاھنىڭ باللىرىدىن ئىدى» دەپ يازغان. قەدىمكى دەۋردە توڭا ئالپ ئەجدادلار نەزىرىدىكى

[1] خۇا تاۋ: «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەجدادىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ يەشمىسى»، «تارىخ تەتقىقاتى» (《历史研究》) ژۇرنىلى 2005-يىلى 6-سان، خەنزۇچە، بېيجىڭ.

[2] خۇا تاۋ: «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەجدادىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ يەشمىسى».

[3] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2003-يىلى6- سان، 8- ، 9-بەتلەر؛ خەنزۇچە نەشرى، 2-كىتاب، 193-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

بىر قەھرىمان شەخسىنىڭ سىمۋولى. خەلق ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلىگەن؛ ئۇ ھەقتە نۇرغۇن رىۋايەت ۋە ئەپسۇسلار تارقالغان («قۇتادغۇ بىلىك»، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»لەردە بۇنىڭغا ئائىت مەلۇمات بار). قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنىڭ تېگى - تەكتىنى مۇشۇ رىۋايەتتىكى شەخسكە باغلاپ، ئۆزلىرىنى ئەنە شۇ ئالىپ ئەر توڭانىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغان. ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆڭلىگە ياقىدىغان شەھەرلەرنى ئافراسىياب بىنا قىلغان دېيىشكەن. خەلق ئارىسىدىكى گىلەم توقۇش، قوي سويۇش، باغۋەنچىلىك، كارىز كولاش، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، ئوت يېقىش، ئۆي سېلىش، كاۋاپچىلىق قاتارلىق ئىشلارنى ئافراسىياب باشلاپ بەرگەنمىش. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئافراسىياب بىلگە - دانىشمەنلەرنىڭ تېپىك ۋەكىلى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇ بىلىملىك، ئەقىللىق، زېرەك، نامى مەشھۇر، پەزىلەتلىك شەخس قىلىنغان. پۈتۈن تۈركىي تىللىق خەلقلەر بەگ (خان)لىرىنىڭ نەمۇنىلىك بېگى قاتارىدا سانالغان. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىبرەتنامە ھېسابلانغان. «شاھنامە»، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»لەردە ۋە خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە بولسا ئافراسىياب باتۇر، قەھرىمانلىقتا ۋە جىسمانىي كۈچ - قۇدرەتتە مەدھىيىلەنگەن. ئۇنىڭ نامى خەلق ئىچىگە مەشھۇر، قۇدرىتىنى ھەممە ئەللەر بىلىدۇ. ئۇ پەم - پاراسەتلىك، چارە - تەدبىرگە باي، دۈشمىنىگە رەھىمسىز، خەلقنىڭ ئەمىنلىكىنى ئويلايدىغان پىداكارانە روھقا ئىگە شاھ. شۇنداق بولغانلىقتىن، خەلق ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چەكسىز قايغۇرۇپ ۋە ئېچىنىپ، مەلۇم بىر كۈننى مەخسۇس تەزىيە كۈنى قىلغان ۋە مەرسىيەلەرنى توقۇشقان. بۇ توغرىدا «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە بىرقانچە كۇپلېت پارچە خاتىرىلەنگەن.

2) توڭا ئالىپ ئەر ئوبرازى

توڭا ئالىپ ئەر - ئافراسىياب قەھرىمان قاغانلارنىڭ بىرى. ئۆز خەلقىنىڭ تىنچلىقى، بەخت - سائادىتى، ئۆز ئېلىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان، بارلىق زېھنىنى ئەل ئىشلىرىغا بېغىشلىغان، تەرەققىيپەرۋەرلىك يولىنى تۇتۇپ ئەجدادلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقتىن، ئۇنى ئەل ھىمايە قىلغان. ئۇنىڭدىكى ئەقىل - پاراسەت، باتۇرلۇق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، تىنچلىقسۆيەرلىك قاتارلىق خاراكتېرلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىش جەريانىدا تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ، جەزبىدارلىشىپ تىللاردا داستانغا ئايلانغان ۋە قەھرىمانلىق ئېپوسىدا جانلىق، تېپىك، ھەيۋەتلىك ئوبراز سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن. ئافراسىياب زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارىخىي شەخس كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ، نۇرغۇنلىغان تارىخىي شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ ھەم زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى مۇكەممەل تىپ شەكىللەنگەن. شۇڭا ئالىپ ئەر توڭا - ئافراسىيابنىڭ تارىخىنى، ئورنىنى باھالىماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئېپوستىكى بىر بەدىئىي تىپ ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك.

3) ماتېرىياللاردىن ئۆرنەكلەر

«دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى توڭا ئالىپ ئەرگە دائىر ئېپوستىن ئۆرنەكلەر:

*1. ئالىپ ئەر توڭا ئۆلدىمۇ،*
*ئەسىز دۇنيا قالدىمۇ.*
*ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،*
*ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.*

*2. ئۇلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ،*
*يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ.*
*سىقىرىپ ئۈنى يۇنلايۇ،*
*سىغتاپ كۆزى ئۆرتۈلۇر.*

*3. كۆڭلۈم ئىچىن ئۆرتەدى،*
*كەچمىش ئۇدۇك ئىرتەدى،*

*پىتمىش باشىغ قارتادى.*
*تۇن كۈن كەچۈپ ئىرتەلۇر.*

*[ 1. باتۇر ئەر توڭا ئۆلدىمۇ،*
*ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ.*
*پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،*
*ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.*

*2. ئەرلەر بۆرىدەك هۇۋۇلىشىپ،*
*يىرتىپ ياقا ئاھ ئۇرۇشۇپ.*
*چىرقىراپ ئۇنى دادلىشىپ،*
*ئۆسۈپ كۆزى ئۆرتۇلۇر.*

*3. كۆڭلۈم ئىچىنى ئۆرتىدى،*
*پۈتكەن يارنى تاتلىدى.*
*كەچكەن (ئۆتكەن) ئۇدۇك (ئىشق)نى ئەسلەتتى،*
*تۇن-كۈن كىچىپ ئىزدىنۇر.]*

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى توڭا ئالپ ئەرگە ئائىت بېيىتلەر:

*277 بۇ تۈرك بەگلەرىندە ئاتى بەلگۈلۈگ،*
*توڭا ئالپ ئەر ئەردى قۇتى بەلگۈلۈگ.*

*278 بەدۈك بىلكى بىرلە ئۈكۈش ئەردەمى،*
*بىلىگلىك ئوقۇشلۇغ بۇدۇن كۆردۈمى.*

*279 نە ئۆدرۈم، نە كۆردۈم، نە ئەرسىگ ئەرەن،*
*ئاژۇندا تەتىك ئەر يەدى بۇ جاهان.*

*280 تەژىكلەر ئايۇر ئانى ئافراسىياب،*
*بۇ ئافراسىياب تۇتتى ئەللەر تاللاپ.*

*[277 بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،*
*توڭا ئالپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.*

*278 ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىلىلىك دىلى،*
*بىلىملىك، ئەقىللىق خەلقىنىڭ خىلى.*

*279 ئىدى ئۇ سەر خىل، زېرەك ئەر ئوغلان،*
*دۇنياغا زېرەكلەر بولۇر هۆكۈمران.*

*280 تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئافراسىياب،*
*بۇ ئافراسىياب تۇتتى ئەللەر تاللاپ.]*

## §4. خەلق داستانلىرى

كونكرېت ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنى جانلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى قەھرىمانلارنىڭ تىپىك خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان، بەلگىلىك سۇژېتقا ئىگە بولغان چوڭراق ھەجىمدىكى شېئىرىي ئەسەر داستان دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.

داستانلار ئېپوسلاردىن مەيدانغا كەلگەن تارىخىي دەۋرى، پېرسوناژلار خاراكتېرى، مەزمۇن ئالاھىدىلىكى، شەكىل خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر داستانلىرى ئاپتورلارغا تەئەللۇق جەھەتتىن خەلق داستانلىرى ۋە ئىمزالىق داستانلار (كىتابىي داستانلار) ياكى شائىرلار يازغان داستانلار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ماۋزۇدا پەقەت قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ خەلق داستانلىرى توغرىسىدىلا قىسقىچە توختىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سانى خېلى بار بولۇپ، نۆۋەتتە 100 پارچە ئەتراپىدىكىلىرى رەتلىنىپ ئېلان قىلىندى. ئۇلار ئىچىدە «بېكەچ ئارسلان تېگىن»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «غېرىب ۋە سەنەم»، «ئۆمەر باتۇر»، «نوزۇگۇم»، «سادىر پالۋان»، «ئابدۇراخمان خوجا»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «تاھىر ۋە زۆھرە»، «فەرھاد ۋە شىرىن»، «ھۆرلىقا ۋە ھەمراجان»، «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان»، «سەنۇبەر»، «قىزىل گۈلۈم»، «يۈسۈف ۋە زۇلەيخا»، «بوز يىگىت»، «كاككۇك بىلەن زەينەپ»، «سىيىت نوچى» قاتارلىق داستانلارنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىشى بىر قەدەر ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان.

ئۇيغۇرلار مۇھەببەت داستانلىرىغا بەك ھېرىسمەن بولغان. «غېرىب ۋە سەنەم»، «تاھىر ۋە زۆھرە»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «فەرھاد ۋە شىرىن» قاتارلىق بىر تۈركۈم داستانلارنى «يەتتە ئاشىق-مەشۇق ھەققىدىكى داستان»لار نامى بىلەن ئاتاپ، ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇشى لازىمدەك بىر خىل ئەنئەنە شەكىللەنگەن. بۇ داستانلاردا چىن مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى مۇتىفنى چۆرىدىگەن ئاساستا خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، ھايات ۋە بەخت-سائادەت ئۈچۈن بولغان كۈرەش ۋە ئىنتىلىشلىرى، يورۇقلۇقتا ۋە ھۆرلۈككە بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشى، ئەشەددىي مۇستەبىتلىك ۋە رەزىل قارا كۈچلەرگە بولغان توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ھەققانىي قارشىلىق ۋە ئىسيانكارلىق روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە «غېرىب ۋە سەنەم» داستانى مۇھەببەت داستانلىرى ئىچىدىكى ئېسىل بىر دەستە گۈل بولۇشقا مۇناسىپ. دەسلەپكى تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، بۇ داستاننىڭ ۋەقەلىكى قاراخانىيلار خانلىقى زامانىسىدا بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. تەخمىنەن 12-ئەسىرلەردە ئۇنىڭ يازما شەكلىمۇ دۇنياغا كەلگەن، كېيىن خەلق ئارىسىدىكى سازەندىلەر ئۇنىڭغا نەچچە ئون خىل ئاھاڭنى ماسلاشتۇرۇپ، شادلىققا تولغان بايرام كۈنلىرىدە، مەشرەپلەردە كەڭ ئورۇنلىغان، تارقاتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ھەممە ئادەم بىلىدىغان، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئېيتىلىپ كەلگەن داستانغا ئايلانغان. 2000 مىسراغا يېقىن بۇ داستاننىڭ ۋەقەلىكى ئىنتايىن ئەگرى-توقاي ۋە تەسىرلىك. ئۇنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ يۈرەك تارى لەرزىگە كېلىدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇھەببەتنىڭ رەھىمسىز ۋە ئىلھامبەخش دولقۇنلىرىدا چايقىلىپ، ھاياجان ئىچىدە لەززەتلىك سېزىمگە نائىل بولىدۇ. داستاننىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق: شاھى ئابباس بىلەن ۋەزىر ھەسەن دالىغا شىكارغا چىققاندا، ھەر ئىككىسىلا بىردىن بوغاز كېيىكنى چېلىقتۇرىدۇ. ئىككىسىلا

مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك كېيىكنى قاچۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئىككىلىسى ئۆز ئايالىنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى، بۇ كېيىكنى ئۆلتۈرۈشكە كۆزى قىيمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ۋە ۋەزىر ئەھدىلىشىپ، ئەگەر بىرى قىز، بىرى ئوغۇل تۇغۇلسا، ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويماقچى بولىدۇ ھەم نىكاھ توختامى تۈزۈشىدۇ، كېيىن پادىشاھنىڭ خانىشى قىز تۇغۇپ، سەنەم (ساھىبجامال دېگەن مەنىدە) دەپ ئىسىم قويىدۇ. ۋەزىرنىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغىدۇ. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن يېتىم ئوغۇل دېگەن مەنىدە غېرىب دەپ ئىسىم قويىدۇ. غېرىب بىلەن سەنەم كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئوقۇپ، بىللە ئويناپ ئايرىلماس يېقىن دوستلاردىن بولۇپ چوڭ بولغاندىن كېيىن كۆڭۈل رىشتىسى ئۆزئارا باغلىنىدۇ. بىراق غېرىب ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىدۇ. شاھى ئاببas ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىپ، نىكاھ توختامىنى يىرتىپ تاشلاپ، غېرىب ئائىلىسىنى باغدادقا سۈرگۈن قىلىدۇ، غېرىب يىراق جايلاردا كېچە-كۈندۈز سەنەمنى ياد ئېتىپ، سەنەم بىلەن كۆرۈشۈشنى نىيەت قىلىدۇ. يولدا غېرىب قاراقچىلار تەرىپىدىن بۇلاپ سېتىلىپ، پادىشاھنىڭ چاھارباغىدا ئىشلەيدىغان قۇلغا ئايلىنىپ قالىدۇ. غېرىب ئۆزىنىڭ ئەسلىي زاتىنى يوشۇرۇپ، چاھارباغدا ئىشلەپ يۈرۈپ ئاخىر سەنەم بىلەن ئۇچرىشىدۇ. پادىشاھ غېرىبنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ چاھارباغنى ئاختۇرىدۇ. ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن غېرىب بىلەن سەنەم تۈيدۈرماي ئاختۇرۇشتىن قېچىپ، قەپەستىن قۇتۇلۇپ، كۆن چىقىش تەرەپكە قاراپ ئەركىن سەپەر قىلىپ كېتىپ قالىدۇ.

پۈتۈن داستان ئەنە شۇنداق چەكسىز جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، مەدداھلار تەرىپىدىن سورۇنلاردا ئېيتىلغان، داستانچىلار تەرىپىدىن مەشرەپلەردە ئورۇنلانغان، 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن باشلاپ زامانىۋى تىياتىر شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، سەھنىلەشتۈرۈلگەن. 1982-يىلى تەڭرىتاغ كىنو ئىستۇدىيەسى يەنە بۇ ھېكايىگە ئاساسەن «غېرىب ۋە سەنەم» فىلىمىنى ئىشلەپ چىققان.

پۈتۈن داستاندىن ھەم ئۇنىڭ ۋەقەلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى، غەزەپ ۋە شىكايىتى، ھېسداشلىقى ۋە يىرگىنىشى ئىنتايىن روشەن ۋە كۈچلۈك. داستاندا خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلىرى بىلەن فېئودال پادىشاھلارنىڭ شەپقەتسىز ھەم دىيانەتسىزلىكى ئۆتكۈر ھالدا سېلىشتۇرۇلۇپ ھېكايە قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تارىخىدا زور ھېسداشلىق قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن «غېرىب ۋە سەنەم» داستانىمۇ باشقا بىر قاتار ئەسەرلەرگە ئوخشاش، خەلق ئاممىسىنىڭ غايىۋى تەسەۋۋۇرلىرىغا تولغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ تەسەۋۋۇرلار ھەمىشە قويۇق ئىجابىي رومانتىزملىق تۈسكە ۋە ئېستېتىك ھېسسىياتقا ئىگە بولغان. بۇلار بۇ ئەسەرنى ساپلىقتا ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان.

خەلق داستانلىرى، بولۇپمۇ «غېرىب ۋە سەنەم» قاتارلىق يەتتە ئاشىق-مەشۇق توغرىسىدىكى داستانلار دەپ ئاتالغان داستانلار خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىش جەريانىدا، يەنە بىر جەھەتتىن كىتابىي داستانلارنىڭ يارىتىلىشى، بەدىئىي ۋە ئېستېتىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. بىر مۇنچە خەلق داستانلىرى شائىرلار تەرىپىدىن يازما داستان شەكلىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، رېئالىستىك داستانلارنىڭ تەسىر كۈچىنى تولۇقلاشتا، رېئال تۇرمۇش مەسىلىسىگە رومانتىزملىق شەكىل بويىچە جاۋاب بېرىشتە مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشقان.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. «تېلى قوشىقى»نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
2. ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىگە دائىر نېمىلەرنى بىلىسىز؟
3. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى قوشاقلار قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟
4. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قوشاقلىرى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟
5. ئۇيغۇر خەلق ھېكايىلىرى قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟
6. ئەپسانىلەر قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟
7. ھايۋانلار ۋە دەل-دەرەخلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟
8. بۆرە ئەپسانىلىرى توغرۇلۇق نېمىلەرنى بىلىۋالدىڭىز؟
9. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قانداق ھايۋان توتېمىغا دائىر ئەپسانىلەر تارقالغان؟
10. دەرەخ توتېمىغا دائىر ئەپسانىلەردە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟
11. موما-بوۋىلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
12. تەبىئەت تەڭرىسى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەردە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟
13. مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟
14. ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنگەن؟
15. ئادەملەر (شەخسلەر)، تارىخىي ۋەقەلەرگە ۋە يەرلىك قەدىمكى يادىكارلىقلار، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتكە دائىر ۋەقەلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟
16. ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟
17. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى قەدىمكى جەمئىيەتكە خاس مەزمۇنلارنى بايان قىلىپ بېرىڭ.
18. چۆچەكلەر قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟
19. مەسەللەردە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟
20. ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىياتتىكى رولى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.
21. ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى قانداق بولغان؟
22. «ئوغۇزنامە»نىڭ ئېپوسلۇق خۇسۇسىيىتى ۋە تارىخىي دەۋرىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
23. ئوغۇزخان، توڭا ئالپ ئەر ئوبرازىنى تەھلىل قىلىڭ.
24. قەدىمكى دەۋردە قانداق خەلق داستانلىرى بولغان؟ «غېرىب ۋە سەنەم»نى نېمە ئۈچۈن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە داستان دەيمىز؟ ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

# 2 - باب تارىم - تۇرپان بوستانلىق رايونىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىيات - سەنئىتى

## §1. ئومۇمىي ئوبزور

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي چېگراسىغا جايلاشقان شىنجاڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول جاي. جۇملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 664 مىڭ 900 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شىنجاڭ قەدىمكى دەۋردە ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە غەربىي يۇرت (西域 - شىيۇ، قۇربغار، غەربىي دىيار دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ) دەپ ئاتالغان.

قەدىمكى كىشىلەر «غەربىي يۇرت» دېگەن سۆزنى كەڭ ۋە تار ئىككى خىل مەنىدە قوللانغان. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقى ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، يۈمېنگۈەن (قاش قوۋۇق) قوۋۇقى بىلەن ياڭگۈەن قوۋۇقىنىڭ غەربى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى، پامىرنىڭ شەرقى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، تار مەنىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ دائىرىسىمۇ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ دائىرىسىدىن خېلىلا چوڭ. ھازىرقى شىنجاڭنىڭ چېگراسى يېقىنقى زاماندا جاھانگىرلار تاجاۋۇز قىلىپ جۇڭگونىڭ كۆپلىگەن زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن.

شىنجاڭ تاغ - دەريالىرى كۆپ، ئويمانلىقلار، بوستانلىقلار بىلەن بېزەلگەن، دەريا ۋادىلىرى ئوتلاق بىلەن قاپلانغان بىپايان، باي ۋە گۈزەل بىر جاي.

تارىم ئويمانلىقى مەملىكىتىمىزدە ئېگىز تۈزلەڭلىك تىپىدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقىدۇر. ئۇنىڭ ئەتراپىنى ھەيۋەتلىك تاغلار ۋە ئېگىز تۈزلەڭلىكلەر ئوراپ تۇرىدۇ. قەدىمكى دەۋردە، بۇ جاي ھازىرقىدەك چۆل - باياۋان ئەمەس، مۇنبەت بىر سەھنە ئىدى. دەريا - ئېقىنلار كۆپ، بوستانلىقلار، شەھەر - يېزىلار ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەنىدى.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا تۇرپان ئويمانلىقى جايلاشقان. ئۇ ئەمەلدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى روشەن ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. يەر تۈزلۈشى جەھەتتە، بۇ جاينىڭ چەت ياقىلىرى ئېگىز، ئوتتۇرىسى بارغانسېرى ئويمان، ئۇنىڭ ئەڭ ئويمان يېرى دېڭىز يۈزىدىنمۇ تۆۋەن (يەنى 154 مېتىر تۆۋەن)، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ئىسسىق، ھۆل - يېغىن بەك ئاز، مۇنداق ئەھۋال پۈتۈن مەملىكەتتە ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

غەربىي تەڭرىتاغ ئارىلىقىغا تار، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىلى ۋادىسى جايلاشقان. ئىلى دەرياسى بۇ ۋادىنى مول سۇ بايلىقى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

تەڭرىتاغ، ئالتاي تېغى ۋە تارباغاتاي تېغى ئارىلىقىدا ئومۇمەن ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك يەنە بىر

ئويمانلىق جۇڭغارىيە (يارىش) ئويمانلىقى جايلاشقان.

تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىگە قۇمۇل بوستانلىقى جايلاشقان. شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك مۇھىتى قەدىمكى دەۋردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن تۈگەتكۈسىز ئەۋزەل تەبىئىي شارائىت يارىتىپ بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يەردە يەنە مول مەنىۋى بايلىقلارمۇ يارىتىلغان. جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىدىكى مەدەنىيەت چەمبىرىكى قۇرۇق قېلىشتەك پاجىئەگە يولۇقماستىن، بەلكى رەڭگارەڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە تولدۇرۇلغان.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تىرىشچان، ئەمگەكچان، باتۇر ھەم ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇپ، ئېسىل ئىنقىلابىي ئەنئەنە ۋە مۇستەھكەم ئىنقىلابىي روھقا ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىنى ئېچىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنى ئورتاق يارىتىش ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئىزنالىرى قىياتاش رەسىملىرىدىكى مەزمۇن كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىقمۇ ئايرىم بىر جەھەتتىن ئىزاھلىنىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تاش (قىيا تاش) رەسىملىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئاھالىلىرى ئالاھىدە ئۇسۇل ۋە شەكىل بىلەن قالدۇرغان تارىخىي بەدىئىي خاتىرە؛ تاشقا سىزىلغان، ئويۇلغان «ئوبرازلىق تارىخ كىتابى» بولۇپ، ئۇ خەت بىلەن يېزىلغان تارىخ كىتابلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ تولۇقلىما بولغان. ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ، كوئېنلۇن تېغى، قاراقۇرۇم تېغى، پامىر ئېگىزلىكىگىچە بولغان پايانسىز تاغ رايونلىرى ۋە كەڭ ئوتلاقلار ئەزەلدىن ھەر مىللەت ئوۋچىلىرى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىرى ياشاپ ئاۋۇپ كەلگەن جايلار ئىدى. لېكىن ئۇلار ياراتقان ئوۋچىلىق مەدەنىيىتى توغرۇلۇق رەسمىي تارىخ يېزىپ قالدۇرۇلمىغانلىقتىن، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن قىيا تاش رەسىملىرى شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قىممەتلىك ھەم ئالاھىدە ماتېرىيال بولۇپ قالغان.

جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى، ئانتىروپولوگلىرى ۋە تارىخشۇناسلىرى ئالتاي، تەڭرىتاغ ۋە قۇرۇم ئۈچ تاغ سىستېمىسىدىن كۆپلىگەن قىيا تاش رەسىملىرىنى بايقىدى. بۇ تاش رەسىملىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆڭكۈرلەردە، بەزىلىرى تاش تام (قىيالىق)لاردا، يەنە بەزىلىرى يايلاق ۋە ئېدىرلىقلاردىكى قورام تاشلار يۈزىدە بولۇپ، ئايرىملىرى رەڭدار قىلىپ سىزىلغان، بەزىلىرى ئويۇلغان ياكى تەقلىد قىلىپ[1] ئويۇلغان. بۇ تاش رەسىملەر شىنجاڭدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ھازىرقى شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشى ۋە ئەينى جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرىي كۆرۈنۈشى .

بۇ تاش رەسىملەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيە ـ مەزمۇنلارنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنىڭ ناھايىتى مول ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلىمىز. مەلۇمكى، شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار تۈركۈمى نوپۇسىنى ئاۋۇتۇشنى ئەڭ تەنتەنىلىك، ئەڭ مۇقەددەس ئىش دەپ قارىغان. شۇڭا قىيا تاش رەسىملىرىدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي تېۋىنىش تۇيسىنى ئالغان مەدەنىيەت كۆرۈنۈشى كۆزنى چاقناتقۇدەك دەرىجىدە سىزىپ چىقىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىش ۋە خېيىم ـ خەتەرلەر، بوران ـ چاپقۇن، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا راۋاجلانغان قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ يۇرتتا چارۋىچىلىق

راۋاجلانغاندىن كېيىن ئۇۋچىلىق قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. شۇڭا قىيا تاش رەسىملىرىدە ھەرخىل چارۋىلارنىڭ ئوتلاۋاتقان كۆرۈنۈشى، چېدىر-كىگىز ئۆي، ھەرخىل قاڭشا-ھارۋىلار، شۇنىڭدەك ئۇرۇق-قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشلەر بىلەن تولغان ئۇرۇشلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بايقالغان مول، رەڭدار قىيا تاش رەسىملىرى ئۇۋچىلار، چارۋىچىلارنىڭ ھەرخىل ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشلىرىنى، باتۇرلارچە ئوۋ ئوۋلاۋاتقانلىقىنى، جاپاغا چىداپ چارۋا بېقىۋاتقان، ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئۇۋچىلىق، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىققا ئائىت قىيا تاش رەسىملىرىدىن باشقا يەنە جىنسىي تېۋىنىشقا دائىر رەسىملەر، ئىپتىدائىي ئۇسسۇلغا دائىر رەسىملەر، يەنە توتېم ئېتىقادى، پېرىخونلۇق، ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ نىشان-بەلگىلىرى، يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن بولغان كەسكىن ئېلىشىشلار، كۈن، ئاي يارۇق-نۇرلىرىغا ئوقۇلغان مەدھىيە قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ ئىپادىلەنگەن. كېيىنكى دەۋرگە مەنسۇپ قىيا تاش رەسىملىرىدە بولسا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ كىيىم-كېچەك، گىرىم-بېزەك ئادەتلىرى ئىپادىلەنگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، يايلاقتىكى ۋە تاغ رايونىدىكى تاش (قىيا تاش) رەسىملىرى تاشقا ئويۇلغان، ئۆز زامانىسىدىكى ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ۋە ئۇۋچىلىق، پادىچىلىق، ئۇرۇش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ئۆي-تەپەككۇرى، ئەم-ئىرىم، پېرىخونلۇق ماھارىتى، ئىشەنچ-دىنىي ئېتىقادى، ئۇسسۇل ۋە نەققاشلىق سەنئىتى، ئۆرپ-ئادىتى، كىيىم-كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى، مىللەت ۋە ئىرق تەۋەلىكى قاتارلىق تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر، شۇنداقلا بۇلار پۈتمەس-تۈگىمەس ئەدەبىيات گۈللىرى، مەدەنىيەت مېۋىلىرى سىستېمىلىق خاتىرىلەنگەن تارىخىي داستاندۇر. قىيا تاش رەسىملىرى ساددا، رومانتىك بولۇپ، ئۇنى پۈتۈنلەي خۇراپىي، ئەپقاچتى-بىمەنە نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. بەزى غەلىتىلىكلەر بار دېيىلسە ئۇلاردا ئازراق پېرىخونلارنىڭ ئەسەبىيلىكىلا بار. شۇڭا قىيا تاش رەسىملىرىدە پېرسوناژلار ھەددىدىن ئاشقان ئەسەبىيلىك بىلەن توختىماي ھەرىكەت قىلىدۇ، ئويناقلايدۇ، ئوۋ ئوۋلايدۇ، ئۇرۇش قىلىدۇ، ئادەملەرمۇ، ھايۋانلارمۇ ئۆز ھەرىكىتىدە ھاياتنىڭ قىممىتىنى ۋە كۈچىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ. بۇنداق ھەرىكەتلىك مېلودىيە قانات يېيىپ جەۋلان قىلىۋاتقان ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ پسىخىكىسىنىڭ ئىزھارى، شۇنداقلا ئىستىقبال، تەقدىر، كۈچ، ھاياتنىڭ مەدھىيەسىدۇر، ئۇ شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمكى ئىنسان بالىلىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسى ۋە ھاياتىي كۈچىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەرگەن.

تارىم-تۇرپان بوستانلىقى رايونىنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى[①] قىيا تاش رەسىملىرىنى ئىپتىدائىي يازما مەنبە قىلغان، خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرىنى يەنە بىر قاتلام ئېقىم قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلىپ، مىلادىيە 1-ئەسىرگە كەلگەندە بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ كېلىشى بىلەن

① پىروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، بىرىنچى دەۋرنى «قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەيرىي تۈركىي تىلدىكى ئەدەبىيات دەۋرى»(«古代塔里木盆地非突厥语文学时期») دېگەن نام بىلەن ئاتىغان بولسا[بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىر تال مەرۋايىت—11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ داستانى ‹قۇتادغۇ بىلىك›نى تونۇشتۇرۇش» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. ئۇ دەسلەپ خەنزۇچە «چېگرا رايون»(«边塞») ناملىق ژۇرنالنىڭ 1980-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان، كېيىن گېڭ شىمىننىڭ «شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات، تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» («新疆文史论集») ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلۈپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002-يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان]، پىروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان باشچىلىقىدا يېزىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» («维吾尔文学史»، بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998-يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان) ناملىق كىتابتا بولسا «تارىم رايونىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىتىلگەن.

بۇددا دىنى تۇسىنى ئالغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىيى قىلىشقا باشلىغان. ئۇ مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردە شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنىڭ كىرىپ، ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيەگە ئايلىنىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۆزىنىڭ مۇتىۋەر ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن.

تارىم ـ تۇرپان بوستانلىق رايونىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان ئامىباب ئەدەبىياتتىن باشقا، بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەتتا بۇ تۈردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئامىباب ياكى ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىدىكى ئەدەبىياتقا قارىغاندا تۇتقان ئورنى چوڭراق بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەدەبىيات، نوم ـ سۇترا ئىلىپ كېلىشكە دائىر بۇددا ھېكايىلىرى، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا دائىر ھېكايىلەر، بۇددا تەرجىمانلىرى ۋە شەرھشۇناسلار ھەم ئۇلارنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرى، بۇددا مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىدىكى چاتما سۈرەتلەر شەكلى بويىچە مۇھاكىمىگە قويۇلىدۇ.

## §2. تارىم ـ تۇرپان بوستانلىق رايونىنىڭ قەدىمكى خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر نەسرىي ئەسەرلەر

شىنجاڭ رايونىدا تارىختا كۆپ خىل دىن تارقالغان. ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن تارقىلىپ كىرىپ، ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەشتىن بۇرۇن زوروئاستىر دىنى، نېستورى دىنى، شامان دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى قاتارلىق دىنلار غەربىي يۇرتتا بىر مەزگىل گۈللەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ئەڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىڭئۆيلەر ۋەكىللىكىدىكى نۇرغۇن بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى بۇددىزمنىڭ غەربىي يۇرتتا قازانغان شانۇ شەۋكىتىنى ھېلىمۇ بىرگە بايان قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

بۇددا دىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردە قەدىمكى ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى گاۋتاما سىددارتا، كېيىن ساكيامۇنى دەپ ئاتالغان. بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى دۇنيا «ئازاب ـ ئوقۇبەت» بىلەن تولغان، «ئازاب ـ ئوقۇبەت دېڭىزىنىڭ چېكى يوق»، ئىنسانلار ئازاب ـ ئوقۇبەت دېڭىزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، تائەت ـ ئىبادەت قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئازاب ـ ئوقۇبەت دېڭىزىدىن قۇتۇلۇپ، ياكى تۇغۇلمايدىغان، ياكى ئۆلمەيدىغان نىرۋانا (ھايات ـ ماماتتىن خالىي دۇنيا) دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ دەپ قارايدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىن باشلاپ بۇددا دىنى ئارساك (ئارشاك)، باكتىرىيە، توخرى (توخارىستان)، كانگىيە (康居) ۋە كەشمىر رايونلىرىغىچە تارقالغان. يەنە كەشمىر ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا تارقالغان. ئۇدۇن بىلەن كۇسەن بۇددا دىنىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم مەركەزلىرىدىن ئىدى. مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە، بۇددا دىنى ئۇدۇن، سۇلى (سۇللاغ، كاشغەر، كەشبالىق) قاتارلىق جايلاردا دەسلەپكى قەدەمدە راۋاجلىنىشقا باشلىغان، يېقىنقى زاماندا خوتەن رايونىدىن تېپىلغان كارۇشتى (قارۇشتى) يېزىقىدا يېزىلغان «دھارماپادا سۇترىسى» (法句经)

---

مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىكى بۇددا نوملىرىنىڭ يازما نۇسخىسى ئىدى.

تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، بۇددا دىنى شىنجاڭغا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى (جۇڭيۈەن)غا قارىغاندا بالدۇر تارقالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ مىلادىيە 1 ـ ئەسىر ئەتراپىدا تارقالغان دېيىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان قاراش بولۇپ ھېسابلىنىپ كېلىنمەكتە.

تارىم-تۇرپان بوستانلىقى رايونىدىكى بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر، بۇددىزم نوم-سۇترىلىرىنىڭ سانسكرىت (ئەنەتكەك) تىلى بىلەن يېزىلىدىغانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، سانسكرىت تىلىدا، يەنە بەزىلىرى قەدىمكى ئۇدۇن (ساك) تىلى، توخرى تىلى، قەندىھار تىلى قاتارلىق دىنىي، ئەدەبىي تىللاردا خاتىرىلەنگەن. يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلىدا خاتىرىلەنگەن ھۆججەتلەر خەنزۇ تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھازىرغىچە بايقالمىغان. بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراش بار. بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۈگۈنكى كۈندە ھىندىستاندا ئىنگلىز تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللىنىلغانغا ئوخشاش، قەدىمكى تارىم-تۇرپان بوستانلىقى رايونىدىكى شەھەر-قەلئە خانلىقلىرىدىكى ئاھالىلەر سانسكرىت (ئەنەتكەك) تىلى، ئۇدۇن (ساك) تىلى، توخرى تىلى ۋە قەندىھار تىلى قاتارلىقلارنى پەقەت دىن، ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ تىل يەرلىك خەلقنىڭ ئاۋام تىلى بىلەن پەرقلىنەتتى دەپ قارايدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا مۇشۇ مەسىلىگە مۇنداق جاۋاب بېرىلگەن:

چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 211-يىلىدىن مىلادىيە 221-يىللىرى ئارىلىقى) دە شىنجاڭ رايونىدا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن مىللەتلەر ياشىغان. ئىجتىمائىي ئىگىلىك جەھەتتە، ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇلار قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان.

تارىم ئويمانلىقى بويلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى قىسمەن رايونلاردا نۇرغۇنلىغان «شەھەر بەگلىكلىرى»[①] (城郭诸国，城邦之国 ) بار ئىدى. بۇ «شەھەر بەگلىكلىرى»نىڭ ئاھالىلىرى زادى قايسى مىللەتكە مەنسۇپ؟ بىز بۇ ھەقتە ھېچقانداق بىۋاسىتە ماتېرىيال ئۇچرىتالمىدۇق. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى جايلاردىن ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىن داۋاملىق رەۋىشتە بىرمۇنچە قەدىمكى تىل-يېزىق يادىكارلىقلىرى، تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەللەر تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى بۇرژۇئا ئالىملىرى مۇشۇ نەرسىلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى «ئارىيانلار»دىن ياكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلەيدىغان مىللەتلەردىن ئىبارەت بولغان دەپ قارىسىغىلا ھۆكۈم چىقىرىشتى. ئۇزۇندىن بېرى بۇ ھۆكۈم ئەمەلىيەتتە بىر خىل خۇلاسە سۈپىتىدە خەلقئارادا تارقىلىپ يۈرمەكتە. لېكىن چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ خۇلاسە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» (史记·大宛列传) دە مۇنداق بىر سۆز بار: «پەرغانىنىڭ غەربىدىن تارتىپ ياكى ئارساك دۆلىتىگىچە[②] بولغان جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ تىللىرى بىر-بىرىدىن ناھايىتى پەرق قىلىسىمۇ، لېكىن ئۆرپ-ئادەتلىرى ئومۇمەن ئوخشاپ كېتىدۇ، بىر-بىرىنىڭ تىلىنى چۈشىنىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئورا كۆز، بومبا ساقاللىق كېلىدۇ». (لېكىن «ئۆرپ-ئادەتلىرى ئومۇمەن ئوخشاپ كېتىدۇ، بىر-بىرىنىڭ تىلىنى چۈشىنىدۇ» دېگەن سۆزلەر بەنگۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «ئومۇمەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بىر-بىرىنى چۈشىنىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن). بۇ يەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ۋە ئىراننىڭ ئۆزىدىكى ئىران خەلقى كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ ھال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇ چاغلاردا پامىرنىڭ شەرقىدىكى

---

① بۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا قەلئەلىك خانلىقلار، شەھەر خانلىقلىرى، قەلئە-سېپىللىك دۆلەتلەر دېگەن ئاتالغۇلار بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

② ئارساك-ئارشاك(安息) دۆلىتى مىلادىيە 248—250-يىللىرى ئىراننىڭ شەرقىدە داخ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئارساك تەرىپىدىن قۇرۇلغان.

تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشايدىغان ئاھالە تىل ۋە قىياپەت جەھەتتە يۇقىرىقى خەلقلەردىن پەرقلىق ئىدى. ئەگەر، خۇددى ھازىر تارقىلىپ يۈرگەن يۇقىرىقى ھۆكۈمدىكىگە ئوخشاش، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى ئاھالە شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلەيدىغان مىللەتلەردىن بولغان بولسا، «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ ئاپتورى سىماچيەن بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالغاندا خۇددى غەربىي يۇرتتا ئۇزۇم ھارىقى چىقىدىغان جايلارنى تىلغا ئالغاندىكىدەك، « پەرغانە ئەتراپىدا» («پەرغانىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە») دېگەن بولاتتىكى، ھەرگىز يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك «پەرغانىنىڭ غەربىدىن تارتىپ» دېمىگەن بولاتتى. ئېھتىمالكى، بۇ ئىككىنچىدىن، بۇددا دىنى ۋە باشقا دىنلارنىڭ تارقىلىپ كىرىشى ھەم سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلىشىشى ئارقىسىدا پامىرنىڭ غەربىدىكى ھىندى ـ ياۋروپا تىلىدا سۆزلەيدىغان كىشىلەر تارىم ئەتراپىدىكى جايلارغا، تۇرپان ئويمانلىقىغا بارغانسېرى كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى مىللەتلەر تەركىبىگە يېڭى ئامىللار قوشۇلدى. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە تېپىلغان قەدىمكى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا ئائىت تىل ـ يېزىق يادنامىلىرى ۋە خەت ـ چەكلەر، ئاساسەن ئاشۇلاردىن قالغان نەرسىلەر بولۇشى كېرەك؛ تام رەسىملىرىدىكى ئاق تەنلىك ئادەملەرنىڭ ئوبرازلىرىمۇ، ئاساسەن مۇشۇ ئادەملەر ئوبرازىنىڭ سەنئەتتىكى ئىنكاسى بولۇشى كېرەك. فاشيەننىڭ «راھىبلارنىڭ ھەممىسى ھىندى تىلى ۋە يېزىقىنى بىلىدۇ» دېگەن سۆزلىرى، شۈەنزاڭنىڭ « يېزىق ھىندىستان يېزىقى بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرئاز ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن» دېگەن سۆزلىرىمۇ ئاساسەن مۇشۇ ئادەملەرنىڭ تىلى ۋە يېزىقىغا قارىتىلغان. لېكىن بۇ ئادەملەرنىڭ كۆچۈپ كىرگەن ۋاقتى خېلى كېيىن بولۇپ، ئاساسەن مىلادىيەدىن بىر قانچە ئەسىر كېيىنكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەۋرگە ئائىت نەرسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەملەر كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ جايلارنىڭ يەرلىك ئاھالىسى يەنىلا بۇ يەرلەرنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولۇپ كەلدى. فاشيەننىڭ «بۇ خانلىقلاردىكى خۇ[1] لارنىڭ تىلى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ» دېگەن سۆزلىرى مانا مۇشۇ يەرلىك ئاھالىنىڭ تىلىغا قارىتىلغان. ئۇ مانا مۇشۇنداق «خۇ تىلى (胡语)»نى «ھىندى تىلى (天竺语)» بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئالغان. بۇ ھال ئۇ تىللارنىڭ بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. فاشيەن بۇ تىلنىڭ ئۆزىگە خاس يېزىقى بارلىقى ھەققىدە ھېچ نەرسە دېمىگەن. بۇ ھال ئۇ چاغلاردا يەرلىك خەلقنىڭ تېخى ئۆز يېزىقى بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەرلىك ئاھالىلەر ئاساسەن، مەلۇم بىر خىل تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاچقا ئۇيغۇرلار (بۇ يەردە غوبى ئۇيغۇرلىرى كۆزدە تۇتۇلغان — نەقىلچىدىن) كەڭ كۆلەمدە غەرب (غەربىي يۇرت — نەقىلچىدىن) كە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئاشۇ يەرلىك ئاھالىلەر ئاسانلا ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن. مۇشۇ ئالدىنقى شەرت بولغانلىقتىن، بۇ جايلاردا ياشاپ كەلگەن تۈركىي بولمىغان مىللەتلەر، مەسىلەن، شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ھەم خەنزۇلار، چياڭلارمۇ ئاسانلا تۈركلىشىپ ياكى ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن[2].

مانا مۇشۇ بايان قىلىنغان ئەھۋال مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىم ـ تۇرپان بوستانلىقى رايونىدىكى قەدىمكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ (بولۇپمۇ بۇددىزم مۇھىتىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى) ئەدەبىيات تارىخى كاتېگورىيەسى دائىرىسىدە بايان

[1] خۇلار — خەنزۇچە ھۆججەتلەردە 胡 دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇرۇن غەربىي يۇرتتىكى كىشىلەر «خۇلار» دەپمۇ ئاتالغان. — نەقىلچىدىن

[2] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، بىرىنچى قىسىم، خەنزۇچە نەشرى 17 ـ، 18 ـ بەتلەر، ئۇيغۇرچە نەشرى، 26 ـ، 27 ـ، 28 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بىر خىل ئىلمىي ئۇسۇل دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ[1].

1. نوم-سۇترا ئېلىپ كېلىشكە دائىر ھېكايىلەردىكى بۇددا ھېكايىلىرى

بۇدداغا ئېتىقاد قىلىش، نوم-سۇترىلارنى ئوقۇش، نوم قىرائەتلىرىنى ئاڭلاش، نوم-سۇترىلاردىن ئۆزگەرتىلگەن چاتما رەسىملەرنى كۆرۈش بۇددىزم نوملىرىدىكى ھېكايىلەر بىلەن كەڭ دائىرىلىك ئۇچرىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭ ئىچىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدىغان بىلىم بۇددانىڭ ياخشىلىقنى ئىپادىلەيدىغان «ئۆزىنى قۇربان قىلىپ يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش» (投身饲饿虎)، «ئۆز بېشىدىن ۋاز كېچىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش» (舍头施人)، «كۆزىنى ئېلىپ باشقىلارغا بېرىش» (挑眼贸鸽)، «ئۆز بەدىنىدىن گۆش كېسىپ كەپتەرگە بېرىش» (割肉贸鸽) قاتارلىق ھېكايىلەر بار. مەركىزىي جۇڭگو رايونىدىن كەلگەن نوم-سۇترا ئىزدىگۈچىلەر بۇ ھېكايىلەرگە تولىمۇ قىزىققان ۋە ئۇلارنى ئالدى بىلەن خاتىرىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ناھايىتى كەڭ تارقالغان. كۆپلىگەن بۇددا مىڭئۆيلىرىدە، ئىبادەتخانىلاردا ئۇلارنىڭ سۈژېتلىرىدىن پايدىلىنىپ سىزىلغان رەسىملەر ۋە ئويۇپ چىقىرىلغان ئەسەرلەر بولغان.

ئۆزىنى قۇربان قىلىپ يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش ھېكايىسى ئەسلى «ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىگلەر» (大藏经) دىكى «بودىساتۋانىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش چىتايىنيۇەن نومى» (菩萨投身饲饿虎起塔因缘经说) دا خاتىرىلەنگەن[2].

«ئالتۇن يارۇق»تىكى «ئۆز تېنىنى سەدىقە قىلىش» (舍身品) تىمۇ مۇشۇ ھېكايە خاتىرىلەنگەن. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياشىغان بەشبالىقلىق تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇق»نى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلغان ۋاقىتتا «ئۆز تېنىنى سەدىقە قىلىپ يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش» ناملىق ھېكايىنىمۇ ناھايىتى تەسىرلىك تەرجىمە قىلىپ چىققان. «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»[3] ناملىق كىتابتا بۇ ھېكايە «ماھاساتۋىنىڭ يولۋاسقا يەم بولۇشى» دېگەن نامدا بېرىلگەن. مۇشۇ مەزمۇندىكى سۈرەتلىك چۆچەك قىزىل مىڭئۆينىڭ17-، 38 -،47-، 114-غارلىرىدا بار.

«ئۆز بېشىدىن ۋاز كېچىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش»[4] بۇ «داماموكى نىدانا سۇترا» ناملىق ئاقىللىق ۋە نادانلىقنىڭ سەۋەبلىرى سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتابىدىكى بىر ھېكايە بولۇپ،قىزىل

---

[1] بۇنداق بايان قىلىش دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا، جۈملىدىن جۇڭگودىكى خەنزۇلارنىڭ تارىخىدىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن، مۇتەپەككۇر كۇڭزى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 551—479-يىللىرى لۇ بەگلىكى(鲁国) دە ياشىغان. ئادەتتە لۇ بەگلىكىلىك ياكى لۇلۇق (鲁人) دېيىلىدۇ. لۇ بەگلىكى بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چۈيفۇ ناھىيەسى تەۋەسىدە. «خەنزۇ» (汉族 ) دېگەن نام خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ كۇڭزى ياشىغان دەۋردىن بىر نەچچە يۈز يىل كېيىنكى چاغقا توغرا كېلىدۇ. تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، لۇ بەگلىكىدىكىلەر خەنزۇ مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن كۇڭزىمۇ خەنزۇلارنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى دېيىلىدىغان بولغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن تارىخشۇناسلىق ئىلمىدە كۇڭزى زامانىسىدا خەنزۇ دېگەن نام يوق ئىدى، شۇڭا ئۇنى خەنزۇ دېگىلى بولمايدۇ دېگەن گەپ بولۇنمايدۇ. بەزى كىشىلەر مىللىي ئىسىم قاچان تارىخ بېتىدە كۆرۈلسە، مىللەتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىمۇ شۇ چاغدىن باشلاش كېرەك دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭ پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. خۇددى خەنزۇ مىللىتىنىڭ تارىخىنى خەن سۇلالىسى زامانىسىدىن باشلىسا چالا بولۇپ قالغاندەك. يەنى خەنزۇ مىللىتىنىڭ تارىخى خۇاڭدى زامانىسى ۋە شيا، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى زامانىسىدىن باشلانسا ئىلمىي ۋە توغرا بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

[2] بۇ كىتاب مىلادىيە 397—439-يىللىرى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

[3] بۇ كىتابنى ق.ۋەلى يازغان بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987-يىلى نەشر قىلىنغان.

[4] بۇ ھېكايە «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»دە «خانىنىڭ ئۆز بېشىنىمۇ سەدىقە قىلىشى» دېگەن نامدا تىلغا ئېلىنغان ۋە كىتابنىڭ 57-بېتىدە ھېكايىسى بېرىلگەن.

مىڭئۆيدە مۇشۇ ۋەقەلىكنى ئەكس ئەتتۇرگەن سۈرەت بار. بۇ خەنزۇچە كىتابلاردىن« بۇددا نەزىرىدىكى ئاينۇرى بۇدساتۋا نومى» ۋە «فاشيەن تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن. «كۆزىنى ئېلىپ باشقىلارغا بېرىش» بولسا «سۇڭيۈن خاتىرىلىرى» (宋云行记) گە كىرگۈزۈلگەن. «ئۆز بەدىنىدىن گۆش كېسىپ كەپتەرگە بېرىش»① «سۇترا لاڭكارا شاستىر» ناملىق بۇددا كىتابىدىكى چۆچەك. ئاپتورى ھىندىستانلىق ئاشۋاكوشا. بۇ ھېكايىنى مىلادىيە 405-يىلى كۇسەنلىك تەرجىمان كۇماراجىۋا خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان.

يۇقىرىقى ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر ساخاۋەتچى، پىداكار خاننىڭ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلىپ باشقا جانلىقلارنى قۇتۇلدۇرۇشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتى دىنىي يوپۇق ئىچىگە قويۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇددا نوم-سۇترىلىرىدا ھېكايە-چۆچەكلەر ناھايىتى كۆپ. بۇ يەردە پەقەت يۇقىرىقىلارنىلا مىسالغا ئېلىپ سۆزلىدۇق②. چۈنكى، بۇددا دىنى قەيەرگە تارقالغان بولمىسۇن بۇ تۆت پارچە ھېكايە ئالدى بىلەن شۇ يەرگە تارقىلىپ بارغان.

2. تارىم-تۇرپان بوستانلىقى رايونىدىكى بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا دائىر ھېكايىلەر

خەنزۇچە يېزىلغان «لوياڭدىكى ساڭرامىلار ھەققىدە خاتىرە» (洛阳伽蓝记) نىڭ 5-جىلدىغا قوشۇمچە قىلىنغان « سۇڭيۈن خاتىرىلىرى» (宋云行记)دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، سۇڭيۈن، خۇيشىڭ قاتارلىقلار ھىندىستانغا نوم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تارىم بوستانلىقىدىكى قەلئەلىك خانلىقلاردىن ئۆتكەن ۋاقىتتا، شۇ يەرلەردە تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان. بۇ ھېكايىلەر ئىلگىرى-كېيىن ئازدۇر-كۆپتۇر پەرقلىق بولغان ھالدا «سۇڭيۈن خاتىرىلىرى»، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» (شۈەنزاڭنىڭ ئەسىرى) قاتارلىق نوم ئېلىپ كېلىشكە دائىر ساياھەت خاتىرىلىرىگە كىرگۈزۈلگەن، بۇ ئەينى چاغدا ئاشۇ ھېكايىلەرنىڭ تارىم بوستانلىقىدىكى شەھەر-كەنتلەردە ئۇزۇن مۇددەت تارقىلىپ، ھەممە ئادەم بىلىدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. «سۇڭيۈن خاتىرىلىرى»دە بايان قىلىنغانلىرى مىلادىيە 519-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە تارقالغان نۇسخىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، تۆۋەندە تىلغا ئېلىنغانلىرى ئاشۇ كىتابتىكى نۇسخا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئۇچۇۋاتقان بۇددا رىۋايىتى»دە بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇن ئېلىگە تارقىلىپ كىرىش ئەھۋالى ئەپسانىۋى تۈستە بايان قىلىنغان. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇدۇن خانى ئەسلى بۇددا دىنىغا ئىشەنمەيدىكەن. ۋايروكانا ئىسىملىك بىر راھىبنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن دىنغا ئىشىنىدىغان بولغان. بۇ رىۋايەتنىڭ ۋارىيانتلىرى «سۇڭيۈن خاتىرىلىرى»، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، تىبەتچە يازما مەنبە «ئۇدۇننىڭ بۇددىزم تارىخى» ناملىق كىتابقىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

«ۋايروكانانىڭ ئۇدۇن خانىغا نەسىھەت قىلىشى» ناملىق رىۋايەتتىمۇ ئوخشاشلا بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇنغا تارقىلىپ كىرىش ئەھۋالى ھېكايە قىلىنغان.

① «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى» دە بۇ «خاننىڭ كەپتەرنى قۇتقۇزۇپ لاچىنغا ئۆز بەدىنىدىن گۆش كېسىپ بېرىشى» دېگەن نامدا تىلغا ئېلىنغان ۋە ھېكايىسى بېرىلگەن.

② بۇ ھېكايىلەرنىڭ تېكىستىنى «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، « ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (ئابدۇكېرىم راخمان باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، 1998-يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابلاردىن كۆرۈڭلار.

«زەھەرلىك ئەجدىھا كۆلى رىۋايىتى» پەنتۇ ئېلى (بوگونكى تاشقورغان تەۋەسىدە) دە تارقالغان رىۋايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر كۆلدە بىر زەھەرلىك يىلان بولۇپ، كىشىلەرگە زادى ئارام بەرمەيدىغانلىقى، بۇنى ئاڭلىغان پەنتۇ (قىرپانە) ئېلىنىڭ پادىشاھىنىڭ زەھەرلىك يىلاننى بويسۇندۇرغانلىقىدەك ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن

ئومۇمەن، بۇ رىۋايەتلەر شىنجاڭغا بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3. بۇددا مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتى

شىنجاڭدىكى (ئاساسەن كۇسەن ۋە قوچو مىڭئۆيلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بۇددا مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇناسلىق جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ، ئەدەبىيات تارىخى دەرسلىكىدە سۆزلەشتىن مەقسەت، مىڭئۆيلەردىكى رەسىملەرنىڭ ھەممىسى بۇددىزم كىتابلىرىدىكى رىۋايەت، چۆچەك، ھېكايىلەردىكى ۋەقەلىكلەرگە ئاساسەن سىزىپ چىقىلغان بۇددىزم رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغانلىقىمىزدا، يەنى ئۇنى «رەسىملەشتۈرۈلگەن كىتاب» دەپ قارالغانلىقىدا.

مەلۇمكى، كۇسەن تەۋەسىدە سەككىز ئورۇندا مىڭئۆي غارلىرى بار. ئۇلار: قۇمتۇر مىڭئۆي، قىزىل مىڭئۆي، تېتىر مىڭئۆي، قىزىلقاغا مىڭئۆي، سۇ بېشى مىڭئۆي، سىمسىم مىڭئۆي، مازارباغ مىڭئۆي، توغراق ئېقىن مىڭئۆي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

قوچو تەۋەسىدىكى مىڭئۆيلەر ئاساسلىقى يار، سىڭگىم، بېزەكلىك ۋە پىچان ناھىيەسى تەۋەسىدىكى تۇيۇق قاتارلىق تۆت ئورۇندا بار.

قەدىمكى كۇسەننىڭ بۇددا مىڭئۆيلىرىنىڭ شەكلى كۆپرەك غەربىي يۇرت ئۇسلۇبىدا بولغان. يەنى ئۇزۇنچاق گەمىنىڭ ئاستىنقى ئىككى تەرىپىگە كارىدور تېشىپ ئارقا خانىغا تۇتاشتۇرۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى قىسمىنى مەركىزىي مۇنار شەكلىگە كەلتۈرگەن ياكى شامال توسىدىغان يورغىتام ھاسىل قىلغان. كارىدورنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى تامغا كىچىك تەكچىلەر ئويۇلغان ياكى تام رەسىمى سىزىلغان. ئارقا خانىدىكى يورۇقلۇق چۈشمەيدىغان جايغا نىرۋانانىڭ رەسىملىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دېمەك، مىڭئۆيلەر ئالدىنقى خانا، مەركىزىي ھۇجرا، ئارقا خانا دەپ بۆلۈنگەن. ئادەتتە كۇسەن مىڭئۆي غارلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىغا «كۇسەنچە شەكىل» دەپ نام بېرىلگەن.

كۇسەن مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىدا بۇددىزمنىڭ ماھايانا مەزھىپىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر. ماھايانا نومى «ھەقىقىي نوم» بولۇپ، ئۇ غەربىي يۇرتتا ئەڭ بۇرۇن تارقالغان ماھايانا بۇددىزمنىڭ بۇددا يېزىقى ۋە گۈزەل سەنئىتىدىكى ئەڭ جانلىق ۋە قىزىقارلىق ئىپادىلىنىشى. بۇددانىڭ ئۆتكەن ھاياتىدا سانسىز قېتىم قۇربان بېرىپ، ساۋابلىق ئىش قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان ھېكايىلەردۇر. بۇ ئادەتتە ياتاكا (جاتاكا، يارالمىش قىسسىلىرى) دەپ ئاتىلىدۇ. ياتاكادا، كۆپلىگەن دىنلارنىڭ تارقىلىشىغا ئوخشاش بۇددانىڭ باشتىن كەچۈرگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى تەسىرلىك بايان قىلىش ئۈچۈن، كۆپىنچە ۋەقەنىڭ جەريانىنى كىشىلىك تۇرمۇش ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە كىرىشتۇرۇپ، ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكىنى خۇددى راستتەك قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. رەسىمدىكى «ئۆزىنى قۇربان قىلىپ يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش»، «ئۆز بەدىنىدىن گۆش كېسىپ كەپتەرگە بېرىش» دېگەن ھېكايىلەردە مول ئىجادىي كۈچ ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى ئىپادىلەنگەن. بۇ ھېكايىلەردىكى تەسۋىرىي

رەسىملەرمۇ ئوخشاشلا جانلىق ۋە گۈزەل بولۇپ، بۇددا ۋە بۇدساتۋالارنىڭ سۈرىتىدىنمۇ زىيادە قايىل قىلىش كۈچى بىلەن بۇددىستلارنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. كۈسەن مىڭئۆيي تام رەسىملىرىدە يەنە ياتاكانىڭ ئۆزگىرىشىنى تەسۋىرلەيدىغان «شاياتۇننىڭ ئۆزگىرىشى» ۋە «نىرۋانانىڭ ئۆزگىرىشى» توغرىسىدىكى رەسىملەر بار، ئۇ بۇددا دىنى تارقىلىپ كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە كۆپ قوللىنىلغان. ساكيامۇنىنىڭ ئۆزىنى يوقىتىشىغا دائىر تارىخىي ئىش-ئىزلىرىنى تەسۋىرلەش ۋاستىسى. شۇنداقلا بۇددىزم رىۋايەتلىرىدىكى «سەككىز كۆرۈنۈش»نىڭ ئاخىرقى بىر كۆرۈنۈشى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇددانىڭ رەسىملىرى مۇنداق بۆلۈنىدۇ: بىرى، يالغۇز بۇددا، بۇدساتۋا، شاگىرت، ئۇچار پەرىلەر. يەنە بىرى، بۇددا نومىلىرىدىكى ھېكايىلەردە رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ۋەقەلىكلەر. بەزىدە پەقەت ھېكايىلەرنىڭ بىرلا كۆرۈنۈشى سىزىلغان، بەزىدە ھېكايىدىن بىر قانچە مۇھىم كۆرۈنۈشلەر تاللاپ ئېلىنىپ سىزىلغان، بەزىدە بولسا ھازىرقى كارتون چاتما رەسىملىرىدىكىدەك، ھېكايىنىڭ جەريانى ئۇلانما رەسىم بىلەن بايان قىلىنغان.

قوچودىكى مىڭئۆيلەرنىڭ تورۇسىغا بۇددالارنىڭ رەسىمى، ئوڭ-سول تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا نوملارنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى رەسىملەر، مەسىلەن، غەربىي يۇرتتىكى پاك زېمىننىڭ ئۆزگىرىشى، ئاۋالوكتېسۋا سۈترىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، ۋاپادارلىق سۈترىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ساددارماپۇندارى سۈترانىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار سىزىلغان. رەسىملەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئىخچام ۋە تولۇق. رەسىملەردە بۇددا، بۇدساتۋا، خىلمۇخىل شەخسلەر ۋە گۈل-گىياھ، ھايۋان رەسىملىرى، چۆرىسىگە كۆپرەك نېلۇپەر گۈلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى تېخىمۇ تارتىدىغىنى شۇكى، قوچودىكى تام رەسىملىرىگە يەنە زوروئاستىر دىنى، مانى دىنى، بولۇپمۇ تويىن (داۋجياۋ-道教)① دىنى مەزمۇنىدىكى رەسىملەرمۇ ئارىلاشتۇرۇپ سىزىلغان.

مەيلى كۈسەن مىڭئۆيلىرى بولسۇن ياكى قوچو مىڭئۆيلىرى بولسۇن، ھەممىسىلا غەربىي يۇرت مىڭئۆيي سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى،شۇنداقلا قەدىمكى تارىم-تۇرپان بوستانلىقى رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ مېغىزى. ئۇلار كېيىنچە قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ قىسمەتلەرگە تولغان سەرگۈزەشتىلىك تارىخىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

ھادىسە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ بۇددا ياتاكا ھېكايە رەسىملىرى بۇددا نوم-سۈترىلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن، ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەردە تارقالغان مەسەل، چۆچەك، ھېكايىلەر ئىدى. بۇددا ياكى بۇددا نوم-سۈترىلىرىنى تەييارلىغۇچىلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى چۈشەندۈرگەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قارىماققا، دىنىي خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەسەردەك بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ئىچىگە ئىلغار، ساغلام ئامىللارنىمۇ ئالغان. بۇلار ئىشەنچ، پىداكارلىق، ئەزگۈلۈك، ۋاپادارلىق، باتۇرلۇق، ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك، چىدام-غەيرەتلىك بولۇش، مېھرىبانلىق، ئىنتىلىشچانلىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئەمگەك سۆيەرلىك قاتارلىق ئىدىيەۋى قاراشلاردىن ئىبارەت. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەرلەر ئەدەبىيات تارىخىدا ئىزاھلىنىش ۋە بايان قىلىنىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان دېيىشكە بولىدۇ.

① بۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەرىقەت دىنى دەپمۇ قوللىنىلىدۇ.

# §3. يېزىق ۋەسىقىلىرى ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى

### 1. ئۇدۇن تىل-يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر

قەدىمكى ئۇدۇن تىل-يېزىقىدا نۇرغۇن تىل-يېزىق ۋەسىقىلىرى قالدۇرۇلغان . بۇلار تارىخىي ئەسەرلەر (بەزىلىرىگە ئەپسانە-رىۋايەتلەر ئارىلاشقان)، بۇددا دىنىي مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىببىي ھۆججەتلەر، لۇغەتلەر، خەت-چەك، مەكتۇپلار، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنغا ئائىت ھۆججەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1. ئەدەبىي ئەسەرلەر خىلمۇخىل مەزمۇن ۋە ھەر خىل شەكىل-ژانىردىكى ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار شېئىرىي ئەسەرلەر، ئەپسانە-رىۋايەتلەر، ھېكايىلەر، چۆچەكلەر، بېيىت-قوشاقلار، خان-شاھزادىلەرگە ئوقۇلغان مەدھىيەلەر (قەسىدىلەر) ۋە باشقا لىرىك قەسىدىلەردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە داستانلار، ئۇدۇن شائىرلىرىنىڭ باھار ھەققىدىكى لىرىكىلىرى، ئۇدۇن مەلىكىسى سىمېرا قىزنىڭ يۇرت سېغىنىش لىرىكىسى، لىرىك مۇھەببەت قوشاقلىرى بار. يەنە «زامباستا» ناملىق داستانلىرىمۇ بار.

«زامباستا» (ياكى زامباستان) داستانى نەزم ۋە نەسر ئارىلاش شەكىلدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇدۇن ھۆكۈمدارى زامباستاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن يېزىلغان. مىلادىيە 5-ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، جۈملىدىن زۇلۇم سالغۇچى يات تائىپە كىشىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن.

2. تارىخىي ئەسەرلەر. «ئۇدۇن ئېلى تارىخى »، «ئۇدۇنىدىن تەلىم ئېلىش خاتىرىلىرى»[1]، «ئۇدۇن بۇددىزم تارىخى»[2]، «گادىنجۇر»[3] قاتارلىقلار[4]. بۇ كىتابلاردا بىر قاتار ئەپسانە-رىۋايەتلەر ئورۇن ئالغان.

3. تەرجىمە ئەسەرلەر. بۇنىڭغا «بۇددا تورۇ» ۋە «رامايانا» كىرىدۇ. «بۇددا تورۇ» 200 مىسرالىق شېئىر بولۇپ، ئۇنى كۇشان شائىرى ماترىگۇتا يازغان، ئۇدۇن شائىرى ۋىساسىلا سانسكرىت تىلىدىن ئۇدۇن تىلىغا تەرجىمە قىلغان. يەنە ھىندىستان ئېپوسى «رامايانا» دىن پارچىلار ئۇدۇن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

### 2. كۇسەن-ئاگنى تىل-يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر

بۇلارنىڭ ئىچىدە دىنىي ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر بار.

1. دىنىي مەزمۇندىكى ھېكايىلەر ۋە خەلق رىۋايەتلىرىدىن «ياغاچچى بىلەن رەسسام»،

---

[1] بۇ ئۇيغۇر تىلىغا يەنە «ئۇدۇن خانلىقىدىكى راھىبلارغا نام-ئەمەل بېرىش خاتىرىسى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

[2] بۇ ئۇيغۇر تىلىغا «ئۇدۇن دىنىنىڭ قائىدىلىرى تارىخى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

[3] بۇ ئىلگىرى «كۇن نومى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان، خەنزۇچە «大藏经»(ئوقۇلۇشى «دازاڭجىڭ») سانسكرىتچە «تىرى پىتاكا »مۇ دېيىلىدۇ.

[4]«ئۇدۇن ئېلى تارىخى»،« ئۇدۇنىدىن تەلىم ئېلىش خاتىرىلىرى»، «ئۇدۇن دىنىنىڭ قائىدىلىرى تارىخى» تىبەت تىلىدا يېزىلغان كىتابلار بولۇپ، ھازىر ئۇلارنىڭ تىبەت تىلىدىكى نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۇدۇن تىلىدا يېزىلغان نۇسخىسىمۇ بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراش ۋە ئۇلارغا كىرگۈزۈلگەن بەزى ئەپسانە-رىۋايەتلەر قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار ئارىسىدا تارقالغانلىقى ئۈچۈن، بۇلار توغرۇلۇق چۈشەندۈرۈش بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

«رەسسام ھېكايىسى»، «بېلىقچى ھېكايىسى»، « دھارماپادا سۇترىسى»، «بۇددا كارىتا كاۋيا سۇترىسى» قاتارلىق نوقۇل دىنىي ئەسەرلەر بار.

2. ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «مايترى سىمىت»، «ناندا ھەققىدىكى دىراما» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى، «شېئىرىي ھېكمەتلەر توپلىمى» قاتارلىقلار بار.

3. تىل ـ لۇغەتلەرگە ئائىت ئەسەرلەردىن «سانسكرىتچە ـ كۇسەنچە سۆزلۈك»، «كۇسەنچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈك» قاتارلىقلار بار.

4. تەرجىمە ئەسەرلەردىن «رامايانا»دىكى راماغا ئائىت بىرقانچە ھېكايىنىڭ ئاگنى تىلىدىكى نۇسخىسى قاتارلىقلار بار.

## §4. تەرجىمانلار، شەرھشۇناسلار ۋە بەزى ئەدىبلەر

قەدىمكى تارىم ـ تۇرپان بوستانلىقىدىكى ئۇدۇن، كۇسەن، كىرورەن، سۇلى، قوچو قاتارلىق جايلار بۇددا دىنى تەرەققىي قىلغان ئورۇنلار ئىدى. بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىتتا داڭلىق بۇددىستلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار شۇ زامان مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن، بۇددا نوم ـ كالاملىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىن سىرت، يەنە ئەنەتكەك ـ سانسكرىت تىلى، قەدىمكى غەربىي يۇرت تىللىرى[①]، خەنزۇ تىلىنى ئوبدان ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ساھەسىدە كۆپ مېھنەت سىڭدۈرۈپ، نەتىجە ياراتقان.

ئارياچانترى (圣月): قەدىمكى ئاگنى بەگلىكىدە ئۆتكەن بۇددا ئۆلىماسى، تەرجىمان ۋە دىراماتورگ. «مايترى سىملىت» دىرامىسىنى ئەنەتكەك (ھىندى) تىلىدىكى نۇسخىسىغا تەقلىد قىلغان ھالدا توخرى (توخار) تىلىدا ئىشلەپ چىققان. تەخمىنەن5—9 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان.

لى يەن (李言، ۋاپاتى 789—795 ـ يىللار): كۇسەنلىك ئاتاقلىق مۇئەللىپ، ئۇنىڭ «سانسكرىتچە مۇرەككەپ ئاتالغۇلار» («梵语杂名») دېگەن خەنزۇچە كىتابى بولغان.

خې تۇ (何妥، 6 ـ ئەسىردە ياشىغان): ئۇدۇنلۇق، يېزىقچىلىق ۋە مۇزىكىغا ماھىر، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئەمەلدار بولغان، شۇنداقلا خەنزۇ كىلاسسىك دەستۇرلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ دەسلەپ خەنزۇشۇناسلىق ئىلمىنى راۋاجلاندۇرغان شىنجاڭلىق ھېسابلىنىدۇ. خې تۇ شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «ئىشىك ئالدىدا پوچتىنكەش» (门有车马客行)، «قورۇلغا كىرىش» (入塞)، «چاڭئەن كوچىسى» (长安道) دېگەن شېئىرلىرى بار.

بۇددا سىڭا (佛图澄، مىلادىيە 232_348 ـ يىللىرى): بۇددا راھىبى. كۇسەنلىك. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا لوياڭدا تۇرۇپ قالغان ۋە جۇڭگونىڭ بۇددىزم ئىشلىرىغا زور ھەسسە قوشقان[②].

كۇماراجىۋا (鸠摩罗什، 344_413 ـ يىللار): كۇسەندە تۇغۇلغان. دادىسى كۇماراتان ئەنەتكەك

---

① قەدىمكى غەربىي يۇرت تىلى: بۇ يەردە قەدىمكى تارىم بوستانلىقى رايونلىرىدا قوللىنىلغان تىللار، يەنى ئۇدۇن ساك تىلى، سۇلى تىلى، تۇمشۇق تىلى، كۇسەن ـ كىنگىت تىلى ياكى توخرى تىلى قاتارلىق تىللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② تاڭ شىمىن، ۋاڭ جۇنچى: «ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىنى تارقىتىشتىكى تەسىرلىك تارىخىي شەخسلىرى»، «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» («中国各民族宗教与神话大辞典») 602 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن، بېيجىڭ ئىلىم گۈلزارى (学苑) نەشرىياتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 602 ـ بەت.

(ھىندىستان)لىك بولۇپ، دۆلەت ۋەزىرى ئىكەن. كېيىنچە ئەمەلنى تاشلاپ راھىبلىق يولىغا مېڭىپ كۇسەنگە كەلگەن، كۇسەن خانى ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ھەم ئۇنىڭغا ھېرىسمەن بولۇپ، ئوردىدا تۇرۇپ قېلىشقا تەكلىپ بەرگەن ھەم سىڭلىسى جىۋا خېنىمنى نىكاھلاپ قويغان. كۇماراجىۋا يەتتە ياشقا كىرگەندە ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا كىرىشكەن. توققۇز يېشىدا كەشمىرگە بېرىپ مەخسۇس ئۇستاز تۇتۇپ ساۋاق ئالغان. يۇرتىغا قايتىش جەريانىدا ساكرائول (ياركەنت)، سۇلى (كاشغەر) قاتارلىق شەھەرلەردە داۋاملىق بىلىم ئالغان. ئۇ ياش ۋاقتىدىلا كاتتا ئۆلىما بولۇپ تونۇلغان. كۇسەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خان ئۇنىڭغا يۇقىرى ئىمتىياز بەرگەن. تارىم بوستانلىقىدىكى ھەرقايسى قەلئەلىك بەگلىكلەر ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھېرىسمەن بولغان. كۇماراجىۋا لېكسىيە سۆزلىگەندە مەخسۇس ياسالغان تەختتە ئولتۇرغان، خان بولسا ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان.

مىلادىيە 382-يىلى چىن سۇلالىسىنىڭ خانى فۇجيەن سانغۇن لى گۇاڭنى كۇماراجىۋانى مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن زور قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلغۇزۇپ كۇسەنگە ئەۋەتكەن. كۇماراجىۋا شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇددا دىنى تەرغىباتى ۋە ئىلىم تەھسىل ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كۇماراجىۋا ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەنەتكەك (سانسكرىت) تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن، 3500 دىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيەلىگەن. نەچچە يۈز شاگىرت ئۇنىڭ لېكسىيەسىنى بىرلا ۋاقىتتا تىڭشىغان. 74 قىسىم، 384 جىلدتىن ئارتۇق ئەسەرنى ئەنەتكەك تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا سۈپەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇ جېنىدى، شۈەنزاڭ بىلەن قوشۇلۇپ، جۇڭگونىڭ ئۈچ چوڭ بۇددا تەرجىمىشۇناسى دېگەن ئاتاققا نائىل بولغان[1].

كۇماراجىۋا مىلادىيە 413-يىلى چاڭئەندە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلەر ئىلىمىزنىڭ بۇددىزم تارىخى ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال. ئۇ شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ پەقەت «ھېكمەتلىك باخشىمغا نەزىرە» (增沙门法和) بىلەن «ئون تەمسىل» (十喻诗) دېگەن ئىككى پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان.

**ۋېيسا(ۋىيسارا) كۇيچى** (尉迟窥基، 598—682): ئۇدۇنلۇق، ئۇدۇن خان جەمەتىگە مەنسۇپ، داڭلىق بۇددا ئۆلىماسى، رەسسامى ۋە تەرجىمانى. ۋېيسا كۇيچىنىڭ خاس ئەسەرلىرىدىن «نوقۇل تونۇش نەزەرىيەسى ھەققىدىكى بايانلار» (成唯识论述记)، «مۇرەككەپ توپلام نەزەرىيەسى ھەققىدە» (杂集论述记)، «سەۋەب-نەتىجە بىلەن ھەقىقەتنى تېپىش ھەققىدە» (因明入正理论疏)، «سىرلىق نېلۇپەر سۇترىسىغا مەدھىيە» (法华经玄赞) قاتارلىقلار بار. ئۇ يەنە بۇددىست شۈەنزاڭ بىلەن بىرلىشىپ تەرجىمە قىلىپ، شەرھ يازغان ئەسەرلەر «بەس-مۇنازىرىنىڭ چېكى ھەققىدە» (辨中边论)، «بەس-مۇنازىرىنىڭ چېكى نەزەرىيەسىگە مەدھىيە» (辨中边论颂) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**سىكساناندا** (实叉难陀، 施乞叉难陀، 652—710): ئۇدۇنلۇق، داڭلىق بۇددا ئۆلىماسى، تەرجىمان ۋە رەسسام. ئۇ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئوتتۇرا جۇڭگوغا بېرىپ، 80 جىلدلىق «نېلۇپەر سۇترىسى» (华严经, Bundhatam Samahavai pulya sutra) ۋە «لانكاراتانىڭ ماھاياناغا كىرىش سۇترىسى» (大乘入楞伽经) قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان[2].

**خۇيلىن** (慧琳، 释慧琳، 737—820): قەدىمكى كەشبالىق (سۇلى، كاشغەر) بەگلىكىدە

[1] «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» («中国各民族宗教与神话大辞典»)، 602-بەت.
[2] يۇقىرىدىكى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

تۇغۇلغان[1]. قىي خۇيلىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ،كەشبالىق خان جەمەتىگە مەنسۇپ. خۇيلىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ، چاڭئەندە تۇرۇپ قالغان ۋە 20 يىل تىرىشىپ، 100 جىلدلىق «بۇددا نوملىرىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى» (大藏音义،慧琳经义 、一切经音义) دېگەن قامۇسنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب جۇڭگونىڭ بۇددا مەدەنىيەت تارىخىدىكى كاتتا ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

## §5. شېئىرىيەت

### 1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى

1. زامباستان

بۇ ھازىرغىچە ساقلانغان ئۇدۇن تىل ـ يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى بولۇپ، Ysambasta ئىسىملىك بىر ئەمەلدارنىڭ تەلىپى بويىچە ئىجادىي يوسۇندا ئىشلەنگەن داستان ھېسابلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىسمى نامەلۇم بولۇپ، ئەنگلىيەلىك ئۇدۇنشۇناس بايلېي بۇ ئىسىمنى قويغان. داستان ئەسلى 440 ۋاراقتىن ئارتۇق ھەجىمدە بولسىمۇ،ھازىرغىچە پەقەت جەمئىي 207 ۋاراق ساقلىنىپ قالغان.

داستاندا يات ئەللەر ۋە يات قوۋملارنىڭ ئۇدۇن ئېلىگە قىلغان مۇداخىلىسى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا قارشىلىق روھى قاتارلىق بىر قاتار مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسەردە گەۋدىلىك بولغان مەزمۇنلاردىن بىرى بۇددا دىنىنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىكى مەزمۇنلىرى ئۇدۇن تىل ـ يېزىقىدا شەرھلىنىپ يېزىلغان. گەرچە داستاننىڭ ئەسلىي ماتېرىيالى ھىندى ھېكايىلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەر ھىندى ھېكايىسىنىڭ بىۋاسىتە تەرجىمىسى بولماستىن، بەلكى ئىجادىي تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى جايلىرىغا يەرلىك تەركىبلەر قوشۇۋېتىلگەن.

داستان ئۆزگىچە شەكىلگە ئىگە. مەسىلەن، ئۇنىڭ بەزى جايلىرىدا ئۈچ خىل قاپىيە قوللىنىلغان. غەربىي ياۋروپالىق ئالىملار داستاندىكى قاپىيە شەكىللىرىنى ئۆگىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، بەزىلەر بۇ ئەسەرنىڭ قاپىيەسى يۇناننىڭ ئالتە بوغۇملۇق شېئىرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان بولسا، يەنە بەزىلەر ھىندى قاپىيەلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت دەپ قارىغان. ئايرىملار ئومۇمىي نۇقتىدىن، بۇ ئەسەر ھىندى ـ ياۋروپا قاپىيەلىرىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ھېسابلاشقان. شۇنى قوشۇمچە قىلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار خاس مەدەنىيەت ياراتقانلار بولۇپ، ئۇلار بۇ داستاندىمۇ مەيلى مەزمۇن، مەيلى شەكىل جەھەتتە ئۆز رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەشنى ئەستىن چىقارمىغان بولسا كېرەك. داستان مىلادىيە 5 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان دەپ قارىلىدۇ.

زامباستان (زامباستا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئومۇمىيلىق جەھەتتە بۇددا دىنى ئۇسلۇبىدىكى داستان دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئايرىم مەزمۇنلىرىدا ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

2. كەلدى كۆكلەم

قەدىمكى ئۇدۇن بۇددىستلىرى، ئۆلىما ـ ئاقىللىرى كۆپرەك ۋاقتىنى تەرجىمە ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىي ئەسەرلەر ئۇچۇنمۇ زېھنىنى سەرپ قىلماي قالمىغان. ساقلىنىپ

[1] «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» («中国各民族宗教与神话大辞典»)، 602 ـ بەت.

قالغان ئاز ساندىكى ۋەسىقىلەردىن دىندىن خالىي يەرلىك ئەدەبىياتنىڭ ئىزلىرىنى بايقاش ئىمكانىيىتىگە ئىرىشكىلى بولىدۇ. تۆۋەندە قەدىمكى ئۇدۇن ئەدىبلىرىنىڭ كۆكلەم ـ باھارنىڭ كەلگەنلىكىنى تەسۋىرلەپ يازغان بىر پارچە لىرىكىسىنى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبى بويىچە كۆرۈپ ئۆتەيلى:

*ئىللىپ جاھان چىرايلىق،*
*كەلدى كۆكلەمۇ باھار.*
*تولۇپ تاشتى چېچەككە،*
*پۈتۈن ئەتراپ گىياھلار.*
*ئۆسۈپ تۇرغان يۆگىمەچ،*
*سابا بىلەن يەلپۈنەر.*
*يېشىل ئورمان قۇچاقتا،*
*ئىللىق شامال ئۇرۇلار.*
*كۆل يۈزىدە نىلۇپەر،*
*ئوخچۇپ تۇرغان بۇلاقلار،*
*مەخمەل كەبى تۆپىلىك،*
*كىمخاب كەبى تاۋلىنار.*
*كۈي ـ نەغمىسى يېقىملىق،*
*ئىرلاپ تۇرغان شوخ قۇشلار.*
*چاچرىغاندا بۇزغۇنلار،*
*يېشىل قىرغاق يۇيۇلار.*
*تۇتۇلسىمۇ زەر قۇياش ،*
*كەتتى ئىسسىپ قۇش ـ جانۋار*[1].

كۆكلەم ـ بارلىق جانلىقلارغا يېقىملىق، ئىللىقلىق، كۆركەملىك ئاتا قىلىدىغان خاسىيەتلىك پەسىل. قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار باھار پەسلىگە تولىمۇ تەلپۈنگەن. ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشى ھامان قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۇنى زوقلىنىپ كۈيلەشكەن. بۇ خىل پىزاز تەسۋىرى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن پىزاز لىرىكىلىرىنى مەزمۇن جەھەتتە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش مۇمكىنچىلىكى بار. بۇ شېئىر قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان[2].

3. باتۇر ۋە ئات

بۇ شېئىر شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادىيە 386 ــ 581 ـ يىللار) دە خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە چۈشۈرۈلگەن غەربىي يۇرت كىشىلىرى ئارىسىدا تارقالغان خەلق ناخشىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا قەھرىمان بىلەن ئاتنىڭ مۇناسىۋىتى، ئاتنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدا تۇتقان ئورنى قاتارلىق

---

① بۇ شېئىر ھازىر E21 نومۇر بىلەن پېتىربۇرگدا ساقلانماقتا. بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرنى گېڭ شىمىننىڭ «شىنجاڭدىكى قەدىمكى تىل ـ يېزىقلارنىڭ بايقىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى» ناملىق ماقالىسىدىن كۆرۈڭ. گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىدىن ئوچېركلار» («维吾尔族古代文化和文献概论»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 6 ـ بەت.

② گېڭ شىمىن: «شىنجاڭنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» («新疆历史与文化概论») 163 ـ بەت، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

مەسلىلەر يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شېئىرنىڭ خەنزۇچە تېكىستى مۇنداق:

*健儿须快马，快马须健儿。*
*趾跋黄尘下，然后别雄雌雌①。*

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى:

*باتۇرغا قاناتتۇر دۈلدۈل ھەر زامان،*
*دۈلدۈلمۇ ياشالماس باتۇرسىز ھامان،*
*تۇياقلار چاڭ بىلەن كۆمسە ياغىنى،*
*پاسىبان ئاتالماي قەھرىمان، خاقان②.*

## 2. شائىرلار

### 1. بۇددا سىڭا

بۇددا سىڭا (佛图澄، مىلادىيە 232—348-يىللىرى) — بۇددا راھىبى، كۇسەنلىك③. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپ ئائىلىسىدىن ئايرىلغان، ئىككى قېتىم كەشمىرگە بېرىپ ئۇستاز تۇتۇپ تەلىم ئالغان. ئۇزاق مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارقىلىق كاتتا ئۆلىما بولۇپ يېتىشكەن. مىلادىيە 310-يىلى لوياڭغا بېرىپ بۇددا راھىبى بولغان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى نەچچە يۈزگە يەتكەن. ئەنەتكەك (ھىندىستان)، كانگىيە (سەمەرقەنت) قاتارلىق جايلاردىن ئون نەچچە ئادەم كېلىپ تەلىم ئالغان. ئىلىمىمىزنىڭ مەشھۇر بۇددىستلىرىدىن داۋئەن، فايا، فاخې تاغ-دەريالاردىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ لېكسىيەسىگە ئىشتىراك قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قېلىنمىغان. خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان «ئالىي راھىبلار تەزكىرىسى»④ (高僧传) گە تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ «تەيۇۋچيەن قەسرىدىكى كۈي» (太武前殿吟) بىلەن «جەندىلىك راھىبقا جاۋاب» (答麻糯僧) قاتارلىق شېئىرلىرى بار.

بۇددا سىڭانىڭ «جەندىلىك راھىبقا جاۋاب» ناملىق شېئىرى بۇددا نوملىرىدىكى قەسىدىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شېئىرنىڭ ئەسلىي تېكىستى مۇنداق:

*天回运极，否将不支。*
*九木水为难，无可以术宁。*
*玄哲虽存世，莫能基必颓。*
*久游阎浮利，扰扰多此患。*
*行登凌云宇，会于虚游间。*

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى:

*بۇ ئالەمنىڭ پەيمانى توشتى،*
*خەۋپ-خەتەرگە ئەمدى يوق ئامال.*
*ئەگەر رەنمىن⑤ چاتاق تېرىسا،*
*ھېچنېمەرسە قالمايدۇ ئامان.*
*بولغاندىمۇ جاھاندا ئاقىل،*
*ئاساسى بوش ئەلدە ھالاكەت،*
*شۇ ۋەجىدىن شۇنچە يىل ياشاپ،*
*كۆرمەپتىمەن تۈزۈك پاراغەت.*
*چىقىپ كېتەي ئەرشكە بىر يولى،*

① لۈ يىفېي: «غوزلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە سۈي-تاڭ سۇلالىلىرى مەدەنىيىتى»، كىتاب-ھۆججەت نەشرىياتى 1994-يىلى 10-ئاي، خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ (吕一飞著《胡族习俗与隋唐风韵》，书目文献出版社1994年10月).

② «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2009-يىلى 2-سان، 1-، 2-بەتلەر.

③ «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» («中国各民族宗教与神话大辞典»)، 602-بەت.

④ بۇ «راھىب كالانلار تەزكىرىسى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

⑤ رەنمىن — ئادەم ئىسمى.

*كۆرۈشەرمىز ئۇندا سالامەت*[1].

بۇدادالارنىڭ ھېكمىتىگە ۋە ئەۋلىيالارنىڭ سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ مىسرالارنى رەسمىي شېئىر دېمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا شېئىرىي شەكىل بار. بۇ مىسرالاردا كېيىنكى جاۋ بەگلىكىنىڭ چوقۇم ھالاك بولىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭمۇ بۇ دۇنيادىن كېتىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان[2].

2. كۇماراجىۋا

كۇماراجىۋانىڭ «ئون تەمسىل» (十喻诗)، «ھېكمەتلىك باخشىمغا نەزىرە» (ياكى«سىرامان فاخي راھىبقا»، خەنزۇچە نامى: «赠沙门法和») ناملىق شېئىرلىرى ساقلىنىپ قالغان.

«ئون تەمسىل» ناملىق شېئىرنىڭ خەنزۇچە تېكىستى مۇنداق:

*一喻以喻空，空必待此喻。*
*借言以会意，意尽无会处。*
*既出长罗，住此无所住。*
*若能映斯照，万象无来去。*

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى:

*جىمى شەيئى تېگى پىنھان ئۇنىڭ تىمسالى پىنھاندۇر،*
*بىرەر پىنھان تەۋەللۇت گەر يەنە بىرسى ئۇڭا جاندۇر.*
*پەقەت پىنھان بىلەن مۇمكىن شۇ پىنھان مەنىسىن بىلمەك،*
*چۈشەنسەڭ سىرىنى پىنھانلىقى شۇئان ناماياندۇر.*
*كى سەن دەھرى يولىدىن ئايرىلىپ زاھىتقا تەلپۈنسەڭ،*
*ياشايسەن بار بىلەن يوقلۇق ئارا بۇ روھقا ئىمكاندۇر.*
*دېمەك، پىنھان ئۆزى يوقلۇق ئەمەل قىلساڭ مەگەر ئىنچىل،*
*تەبىئەت ئالەمى غايىب كەبى يوقلۇقتا قالغاندۇر*[3].

بۇدادا ئەقىدىلىرىنى تەرغىب قىلىدىغان بۇ شېئىرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنمەك تەس. لېكىن، مىسرالاردىن ئاپتورنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى شېئىر شەكلىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان ماھارىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«ھېكمەتلىك باخشىمغا نەزىرە» ناملىق شېئىرنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى مۇنداق:

*心山育明德，流薰万由延。*
*哀鸾孤桐上，清音彻九天。*

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى:

*نىيەت-ئىقبال سەممىمي گەر ئەدەپ-ئەخلاق يېتىلگەيلەر،*
*ئۇنىڭ مەڭگۈلۈكى تىنماي ئېقىپ ئاخىرغا كەتكەيلەر،*
*تاپالماي جورا بىر ئەنقا قونۇپ توغراقتا سايرايدۇ،*
*نىدا قىلغان ئاۋازى يەتتە قات ئاسمانغا يەتكەيلەر.*[4]

راھىب فاخېغا بېغىشلانغان بۇ شېئىردا فاخېنىڭ بۇدادا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇنىڭ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقنى يېتىلدۈرىدىغان، دۇنيادا مەڭگۈ

---

[1] بۇ شېئىر «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتا باشقىچىرەك ئۇسلۇبتا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ قېتىم «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى» («西域少数民族诗选»)نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى نۇسخا ئاساس قىلىندى.

[2] ليۇجىڭمىن، شىڭ خەنشۇلار تۈزگەن «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى»، 6-بەت، ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى.

[3] بۇ شېئىر «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر» ناملىق كىتابتىكى تەرجىمە نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان. بۇ قېتىم «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە يېڭى تەرجىمە نۇسخىسى بويىچە ئېلىندى.

[4] يۇقىرىدىكى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

قالىدىغان ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكى يېزىلغان. ئاپتور فاخىنىڭ تەرجىمە جەريانىدىكى روھىي ھالىتىنى يالغۇز توغراقتا قونۇپ تىندا قىلغان ئەنقا بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازى چوقۇم يەتتە قات ئاسمانغىچە يېتىپ بارىدۇ دەپ قارايدۇ.

3. خېتۇ

خېتۇ (何妥، مىلادىيە 6 ـ ئەسىر)، دادا جەمەتى ئۇدۇنلۇق دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئۆتكەن. كىچىكىدىنلا زېرەك بولۇپ، سەككىز يېشىدىلا ئاقىللار دارىلئۇلۇمى (国子学) غا ئوقۇغۇچىلىققا كىرگەن. ھەر خىل ئوقۇشلارنى تاماملاپ، يۇقىرى بىلىملىك ئادەمگە ئايلانغان. شىمالىي جۇ سۇلالىسى (مىلادىيە 557 ــ 581 ـ يىللار) دەۋرىدە دانىش ھەكىم (太学博士) لىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. سۈي سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 581 ــ 618 ـ يىللار) دە ئاقىللار ھەكىمى (国子博士) مەرتىۋىسى بېرىلگەن ھەم «تۆرە» (公) لىككە كۆتۈرۈلگەن. مىلادىيە 586 ـ يىلى لۇجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى مەنسىپىگە تەيىنلەنگەن. كېيىن، يىجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى بولغان. خېتۇ مۇسىقا (مۇزىكا)غا كامىل، پازىل ئالىم ئىدى. ئالىمنىڭ «جۇ پالنامىسى»غا مەنىلىك شەرھ» (周易讲疏)، «ۋاپانامە»گە مەنىلىك شەرھ» (孝经义疏)،«ئاسمان ـ زېمىن دەستۇرى» («封禅书»)،«مۇسىقىنامە» (乐要)، «ماقالات» (文集) قاتارلىق كىتابلىرى بولغان. لېكىن بۇلار ھازىرغىچە پىنھان بولماقتا. بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ قالغىنى «قورۇلغا كىرىش» (入塞)، «چاڭئەن كوچىسى» (长安道) قاتارلىق شېئىرلىرى، «نوتىلار جەدۋىلىنى تۈزغۈزۈش» (考定钟律表) قاتارلىق كىتابىدۇر. تۆۋەندە «ئىشىك ئالدىدا پوچتىكەش» (门有车马客行) دېگەن شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

بۇ «نەغمە ـ ناۋا مەھكىمىسى» (ياكى «مۇسىقا مەھكىمىسى»، خەنزۇچە نامى«乐府»)[①] ئەسەرلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇرتىدىن خەت كەلگەنلىكى، خەتنى ئوقۇۋېتىپ يىغلىغانلىقى، چەپەر (پوچتىكەش) بىلەن مۇڭداشقانلىقى، خەتتە ئائىلىسىنىڭ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئىنتىزار بولغانلىقىنى ئوقۇپ، قەلبىنىڭ ئاللىقاچان سېغىنغان بىلەن يۇرتى (جەنۇب)غا قاراپ پەرۋاز قىلىپ كەتكەنلىكى يېزىلغان. شېئىرنىڭ تىلى ئاددىي، ۋەقەلىكى چىن بولۇپ، شائىرنىڭ يۇرتىنى سېغىنغان چاغدىكى ھەقىقىي ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. شېئىرنىڭ خەنزۇچە تېكىستى مۇنداق:

*门前车马客，害是故乡来。*
*故乡有书信，纵横印检开。*
*开书看未极，行客屡相识。*
*借问故乡人，潺溪泪不息。*
*上言离别久，下道望应归。*
*寸心将夜鹊，相逐向南飞。*

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى:

*ئىشىكتىن چىقسام،ئاتلىق قونۇغ[②]، كۆرۈشتۇم دەرھال،*
*مەلۇم قىلدى ئۆز ـ ئۆزىنى يۇرتتىن كەلدىم دەپ.*
*سۇندى ماڭا قېرىنداشلار يازغان نامەنى،*
*لىپاپىغا تامغا ئۇرغان مەھكەم پېچەتلەپ.*
*كۆز يۈگۈرتتۈم قۇرمۇ قۇرغا،ئوقۇپ بولغۇچە،*
*چەپەر ماڭا قاراپ كەتتى تونۇۋالغاندەك.*
*كۆزلىرىمدىن تارام ـ تارام ياشلار تۆكۈلدى،*
*ئۇرۇق ـ تۇغقان ئەھۋالىدىن ئېچىلغاندا گەپ.*

① خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خان سارىيىنىڭ مۇسىقا (مۇزىكا) ئورگىنى، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خەلق ناخشىلىرىنى ۋە مۇزىكىلىرىنى توپلاش بولغان. كېيىن، مۇشۇ خىلدىكى خەلق قوشاقلىرى ۋە ئەدىبلەرنىڭ تەقلىد قىلىنغان ئەسەرلىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان.

② قونۇغ ــ مېھمان.

*ئەجەب ئۇزۇن ئايرىلدۇق دەپ يىغلاپتۇ باشتا،*
*قايتىشىمنى كۈتىدىكەن كىچە-كۈندۈزلەپ.*
*ئىسسىق كىتىپ ئەگەشكەندەك بولدۇم قۇشلارغا،*
*پەرۋاز قىلدىم گويا جەنۇب ياققا لەپىلدەپ[1].*

4. سىمىرا قىزى

قەدىمكى ئۇدۇن خانى سىمىرا (شاندا)نىڭ قىزى ئەينى چاغ ئەنئەنىسىگە ئاساسەن شاجۇ[2] خانىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىنغان. مەلىكە يات ئەلدە تۇرۇش جەريانىدا دادىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ، بىر پارچە لىرىك شېئىرىي مەكتۇپ يېزىپ يوللىغان[3]. ئۇنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى مۇنداق:

*گۈللەر ئۈسەر، توختىماي،*
*سۆيگۈ بەرق ئۇرغاندا.*
*ئەتىرگۈلگە موھتاجمەن*
*خۇش پۇراق چېچىلغاندا.*
*بولسا ئىدى ئەتىرگۈل،*
*ماڭا تەن بوپ قولۇمدا.*
*بولماس يەنە تەڭدىشى،*
*سېنى ئەسكە ئالغاندا.*

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «قىز بالا تالانىڭ ئادىمى» دەيدىغان گەپ بار. مەيلى ئۆي، مەيلى تالا بولسۇن، ھەممە يەردە ئىنسانلار تىرىكچىلىكى مەۋجۇت، جۈملىدىن قەدىمدىن ھازىرغىچە، ئېلىمىزدىن چەت ئەللەرگىچە ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدىن باشقا، ئۆزئارا قۇدا-باجا بولۇشتەك قان ئارىلىششلارمۇ بولۇپ تۇرغان. قەدىمكى ئۇدۇن ئېلى بىلەن شاجۇ ئېلىدىكىلەر دوستلۇق ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قۇدىلىشىش يولىنى تۇتقان. بۇ شېئىرنى شاجۇدا تۇرۇشلۇق بۈيۈك مەلىكىنىڭ دادىسى ۋە يۇرتىنى سېغىنغان نازۇك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىپادىلىنىشى دەپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ شېئىر قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان.

---

[1] بۇ شېئىر «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى»ناملىق كىتابتا باشقىچىرەك ئۇسلۇبتا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ قېتىم «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى نۇسخا ئاساس قىلىندى.

[2] شاجۇ—بۈگۈنكى گەنسۇ تەۋەسىدە.

[3] بۇ خەت ھازىر P2027 نومۇر بىلەن پارىژدا ساقلانماقتا. بۇ ھەقتىكى ئۈچۈرنى گېڭ شىمىننىڭ «شىنجاڭدىكى قەدىمكى تىل-يېزىقلارنىڭ بايقىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى» ناملىق ماقالىسىدىن كۆرۈڭ. گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىدىن ئوچېرىكلار» («维吾尔族古代文化和文献概论»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 6-بەت.

# §6. كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن خەلق روھىيىتى

كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتى ھادىسە جەھەتتىن بىر خىل دىنىي كارتىنا، ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى كۇسەنىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى بىلەن تۇرمۇشىنىڭ، بۇ خىل تۈزۈم ئاستىدىكى خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، بولۇپمۇ كۇسەن خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى ئېھتىياجىدىن ئايرىلالمايدۇ. تۆۋەندە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسەن، بۇددا مەدەنىيىتىدىكى كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقنىڭ روھىيەت ئامىللىرى[1] بىلەن تونۇشىمىز.

1) كۇسەن خەلقىنىڭ ئېكسپلاتاتور تۈزۈم ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىقى ۋە ئەيىبلىگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇددا دىنى ھىندىستاندىن كۇسەنگە كىرگەن چاغدا،كۇسەن جەمئىيىتى قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈۋاتقان بىر ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تۇراتتى. جەمئىيەتتە قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسى مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسىمۇ مەۋجۇت بولغان. بەنگۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەردە ياشايدۇ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۆرپ-ئادەتلىرى ھۇنلار ۋە ئۇيسۇنلارنىڭكىگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن ھۇنلارغا قارام بولۇپ كەلگەن. ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ باتىسقانى چاكارلار كاھىيگى ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلاتتى. چاكارلار كاھىيگى دائىم ئاگنى، چوقۇ (باغراش) ۋە كۆنچى بەگلىرىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى بەگلىكلەردىن باج-سېلىق ئالاتتى». ھۇنلارنىڭ چاكارلار كاھىيگىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى دەل بۇ يەردە قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ئىدى. سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى ئۆلسە، «ئۆلگۈچى بىلەن ئۇنىڭ يېقىن خىزمەتچىلىرى، توقلى بىللە كۆمۈلەتتى. مۇنداق بىللە كۆمۈلگۈچىلەر كۆپ بولغاندا بىر نەچچە ئون ياكى 100 كىشىگە يېتەتتى، دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرگۈچى ياكى ئەسىر ئالغۇچىغا بىر ئاپقۇر شاراب ئىنئام قىلىناتتى. ئېرىشكەن غەنىيمەت ئۆلجىسى كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ بېرىلەتتى. ئەسىر ئالغان ئادىمىنى ئۆزى قۇل قىلاتتى. دېمەك ھۇنلار جەڭ قىلىدىكەن ھەممە ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى». مانا بۇ خاتىرە ھۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ قۇللۇق تۈزۈم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭدا يەر ئاستىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان تارىشا پۈتۈكلەردە «قۇل» دېگەن سۆز دائىم ئۇچرايدۇ. بىر تارىشا پۈتۈكتە يېزىلىشىچە، بىر راھىب يەنە بىر راھىبنىڭكىدىن بىر راھىبنى كىرورەنگە ئېلىپ كەتكەن، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قۇلىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن مەزكۇر راھىبقا بەرگەن. كېيىن بۇ قۇل ئۆزىنىڭ ئەسلىي خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىن يەنە بىر قۇلنى يېڭى خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن. كېيىن ئۇ يېڭى خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىكى باشقا بىر قۇل بىلەن قېچىپ كەتكەن. بۇ راھىبلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ئارىسىدا قۇل ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تارىشا پۈتۈكتە «قۇللار»، «بارلىق قۇللار» دېگەن سۆزلەرمۇ

[1] بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى جۇيىڭرۇڭ (朱英荣) ئەپەندى كۇسەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى كىشىلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئۇزۇن يىل تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدا ئىنتايىن جەزىبىدار بولغان «خەلق روھىيىتى» (人民精神) ئىدىيەسىنىڭ نۇرلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن ۋە ئۇنى تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ شەرھلەپ چىققان.

يېزىلغان. بۇ پاكىت شۇ چاغدىكى جەمئىيەتتە قۇللار سانىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ چاغدا قۇللارنى ئېلىپ-سېتىش ئىشلىرى مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قانۇننىڭ ھىمايىسىگىمۇ ئىگە بولغان. بىر ئايال قۇل سودىسى ھەققىدىكى توختام خەتتە يېزىلىشىچە، بۇ ئايال قۇلنىڭ باھاسى بىر قىممەت تۆگە ۋە بىر ئەرزان تۆگە، 11 گەز ۋە 12 گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى گىلەم قىممىتىگە، ئېنىق بولمىغان بىر نەرسىنىڭ قىممىتىگە باراۋەر بولغان؛ توختامدا يەنە «سېتىۋالغۇچى كىشى بىر ئايال قۇلغا تولۇق ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئۇنى ئۇرۇشقا، كۆزىنى كور قىلىۋېتىشكە، ئالماشتۇرۇشقا، رەنىگە قويۇشقا، خالىغىنىنى قىلىشقا ھەقلىق» دەپ يېزىلغان. بۇ توختام خېتى ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يېزىلغان. ئۇنىڭ كۆچكە ئىگە بولۇش ۋاقتى «ئادەمنىڭ ئۆمرىدەك،يۈز يىل بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

يۇقىرىقى ماتېرىياللاردا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى خانلىقلاردا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يەردىكى بۇددا راھىبلىرىنىڭمۇ قۇللۇق تۈزۈم ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقى چۈشەندۈرۈپ بېرىلىدۇ. قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە «قۇللار»، «بارلىق قۇللار» دېگەن خاتىرىلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

تارىم دەرياسى بوستانلىقىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەر ۋە خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى يىللىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قۇلدارلىق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن بىرگە، بۇ تۈزۈمنىڭ چۈشكۈنلىشىش ۋە ئاجىزلىشىش باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قۇللۇق تۈزۈمنىڭ يىمىرىلىش جەريانى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى بولىدىغانلىقى مۇقەررەر. قارۇشتى يېزىقى تارىشالىرىدا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانىغا دائىر ئەھۋاللارمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەر سودىسىغا دائىر بىر توختامدا، سېتىلىپ بولغان يەردىكى ھوسۇللارمۇ ئالغۇچىنىڭ بولىدۇ، ساتقۇچى كىشى بۇ يەر ئەسلىدە مېنىڭ ئىدى دەپ، ئالغۇچىدىن يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە دان ئالالمايدۇ، يەر ئالغۇچىمۇ يەر ساتقۇچىدىن يەر باھاسى بەدىلىگە ھاراق ۋە ئات ئالالمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. باشقىلارنىڭ يېرىنى تېرىغانلىقى ئۈچۈن «يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە دان» تاپشۇرۇش ھادىسىلىرى ئۇ جايلاردا ئەينى زاماندا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىشلار ھېسابلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ توختام خەتتە ئەنە شۇنداق بايان قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بىر پارچە شەخسىي خەتتە، خەت يازغۇچى كىشىنىڭ باشقا جايدا بىرقانچە پارچە تېرىلغۇ يېرى بار بولۇپ، ئۇنى ھازىر مەلۇم كىشىنىڭ تېرىۋاتقانلىقى، ئەمدى بۇ تېرىغۇچى كىشى يەر ئىجارىسىنى مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا يەر ئىگىسىگە تاپشۇرۇشى لازىملىقى ئېيتىلغان. خۇددى ئورتاقچىلىق توختامىغا ئوخشايدىغان بىر قالدۇق تارىشادا، يەرنى تېرىغۇچى كىشى يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە مەلۇم مىقداردا سېرىق ياغ تاپشۇرۇشى لازىملىقى ئېنىق يېزىلغان. بىر بەگلىكنىڭ خانى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بۇيرۇقتا: مەلۇم ئورتاقچىلارنىڭ ئۆزلىرى تېرىپ تۇرغان يەرنى ئەمدى شۇلارنىڭ ئۆز يېرى دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان. يەنە بىر بۇيرۇقتا: مەلۇم جىنايەتچى تۈرمىدە قامىلىپ ياتقان بولسىمۇ، ئۆز ئورتاقچىسىنىڭ گۆش ۋە ھاراقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. «ئورتاقچى» دېگەن سۆز باشقا ئورۇندا باشقىچە مەنە ۋە ئۇقۇمنى ئاڭلاتسىمۇ،لېكىن يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئورتاقچى تېرىغان يەر باشقىلارنىڭ مۈلكى، شۇڭا ئۇ يەرنىڭ ئىگىسىگە مۇئەييەن نەرسىلەرنى تاپشۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر نۇقتىغا يىغقاندا، ئۇ جايلاردا ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى ئۇ چاغلاردا ئاللىقاچان مەيدانغا كېلىپ بولغان دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار ۋە بۇ بوستانلىقنى بىرلىك قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن خانلىقلارنىڭ جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ھەم ئۆزگىرىشىدىمۇ ئومۇمىي جەھەتتىن بىردەكلىك ساقلانغان. كۇسەن خانلىقىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە. ئىلمىي خادىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، كۇسەن رايونى ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان مىلادىيە 1- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تەدرىجىي يوسۇندا فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان.

مەيلى قۇللۇق تۈزۈمنىڭ بولسۇن، مەيلى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەۋزەللىكى بار، ئەلۋەتتە، ئەمما ئۇلارنىڭ ماھىيىتى تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىدىن ئىبارەت. پەرقى بار دېيىلسە پەقەت ئېكسپىلاتاتسىيەنىڭ سەۋىيەسى جەھەتتىلا پەرق قىلاتتى. ئەينى زاماندا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى كىشىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئويناشقانلىق ھېسابلىناتتى. مەلۇمكى، جەمئىيەتتە كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشى ئۆزئارا ئۆچمەنلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، بۇ خىل قەبىھ ھەرىكەتلەر مەيلى قۇللۇق جەمئىيەتتە بولسۇن، مەيلى فېئوداللىق جەمئىيەتتە بولسۇن ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. ئەينى زاماندا كۇسەن خەلقى قۇللۇق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار يەنە قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى خىلمۇ خىل نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەنقىدلىگەن ۋە ئەيىبلىگەن. دېمەك، كۇسەن خەلقىنىڭ بۇ خىل ئىدىيەۋى ھېسسىياتى كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىدە كۇسەن خەلقىنىڭ بۇ خىل مەنىۋى تەلىپى ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

تۆۋەندە «ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى» دېگەن چۆچەكنى كۆرۈپ ئۆتىمىز. بۇ «پىرامىتا سۇترا» ناملىق ئازاب دېڭىزىدىن قىرغاققا چىقىش ھەققىدە سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتابىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادىيە 252-يىلى توخرى دۆلىتىدىن كەلگەن دېيىلگەن بىر بۇددىست تەرىپىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ھېكايىسى بولسا قىزىل مىڭئۆينىڭ 114-غارىغا سىزىلغان. بۇنىڭ ئەسلىي ھېكايىسى مۇنداق: «بىر ۋاپادار مايمۇن بار ئىدى. ئۇ تىنارلىق-جانلىقلارغا رەھىمدىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ بىر جىلغىغا مېۋە ئۈزگىلى بارغاندا، بىر ئادەمنىڭ تاغدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ جىرادا ھالسىزلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە دەرھال ئۇ يەرگە بېرىپ ھوشسىزلىنىپ ياتقان ئادەمنى يۈدۈپ ئوتلاققا ئېلىپ كېلىدۇ. ھېلىقى ئادەم ھوشىغا كېلىدۇ. مايمۇن ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىدۇ ۋە سەپىرىگە ئامانلىق تىلەيدۇ. مايمۇن چارچاپ كېتىدۇ. ئۇ بىردەم ھاردۇق چىقارماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئادەمنىڭ نىيىتى بۇزۇلىدۇ. ئۇ ‹مەن ئاچ-توق يۈرگىلى بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالدى. يەنە مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن. ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ مايمۇننى كاۋاپ قىلىشىم كېرەك› دەپ ئويلايدۇ-دە، دەرھال قولىغا تاش ئېلىپ، ئۇخلاپ ياتقان مايمۇننىڭ بېشىغا ئۇرىدۇ. مايمۇن ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇپ تاشلاپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئادەم ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۇۋالىغا قېلىپ 18 قەۋەت دوزاخقا تاشلىنىدۇ»①.

بۇ ھېكايىدە ئەزگۈچى سىنىپ ۋەكىلىنىڭ ۋاپادار مايمۇن ئوبرازىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەم تۆۋەن قاتلام خەلققە مەنسۇپ بولۇۋېلىپ، ھەرقانچە ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل-ۋاپادارلىق تونىغا ئورىنىۋالسىمۇ، لېكىن، ئۆزىنىڭ ئىپلاس نەپسى ئالدىدا ھەرقانداق رەزىللىكلەرنى قىلىشتىن

① ق.ۋەلى تەييارلىغان «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

يانمايدىغانلىقى ئوبرازلىق هالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ئەزگۈچى سىنىپ ئوبرازىنىڭ ئاخىر دوزاخقا تاشلانغانلىقى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمنى ئاخىر يوق قىلغۇچىتەلەيدىغان ئۈمىدۋارلىق روھى ئىپادىلەنگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ھېكايىلەردە زوراۋان كۈچلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلغانلىقى، ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي كۈچلەرنىڭ بۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنلىكى تەسىرلىك ۋە جانلىق سۈرەتلەنگەن.

بۇنىڭدىن باشقا «ئوتۇنچىنىڭ ئېيىقنى ئوۋچىغا كۆرسىتىپ قويۇشى» دېگەن ھېكايىنى مىسال قىلساق، بۇنىڭدا ئېيىق سەمىمىي، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدىغان، ئاق كۆڭۈل مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە، ئوۋچى پۇرسەتپەرەس، ئاچ كۆز قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

بۇ ھېكايىلەردە دەھشەتلىك زۇلۇم ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پاجىئەلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ھەم رېئال تۇرمۇشتىكى ھەر خىل قەبىھ ھادىسىلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى قاتارلىقلار كۇسەن خەلقىنىڭ ئېزىلىشكە نىسبەتەن قاتتىق شىكايەت قىلغانلىقى ۋە ئەيىبلىگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان بىر قانچە پارچە رەسىملەر يارالمىش قىسسىلىرى (ياتاكا، جاتاكا) رەسىملىرى بولۇپ، ساكيامۇنى بۇددا بولۇشتىن ئىلگىرى يورۇق دۇنيادا باشتىن كەچۈرگەن ئازاب-ئوقۇبەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. ئەمما كۇسەن رەسساملىرى مۇشۇنداق يارالمىش قىسسىلىرى، ھېكايىلىرىنى تاللاپ، كۇسەن مىڭئۆي غارلىرىغا سىزغان ۋاقىتتا، ئۇلاردا مۇئەييەن سۇبيېكتىپ مەقسەت بار بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ خىل سۇبيېكتىپ ئويي دەل كەڭ كۇسەن خەلقىنىڭ مەنۋى تۇرمۇشىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت.

2) كۇسەن خەلقىنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلاردىن جاق تويغانلىقى ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كۇسەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ئۇرۇش مەيدانىنىڭ كۆرۈنۈشى ئۇچرىمايدۇ، بىراق لەشكەرلەرنىڭ رەسىملىرى كۆرسىتىلگەن: ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئۆزئارا قىرغىنچىلىق كۆرسىتىلمەيدۇ، ئەمما ئۇرۇش قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بار.

قىزىل مىڭئۆيلىرىدىكى «سەككىز خاننىڭ سارىرا[①]نى تالىشىشى»ناملىق سۈرەتتە لەشكەرلەرنىڭ سارىرانى تالىشىۋاتقانلىقى، راۋاقتا بىر ئادەمنىڭ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. «بۇددا بەنىنخۇەن سۇترىسى» (佛般泥洹经) ناملىق خەنزۇچە قەدىمكى كىتابتىكى خاتىرىگە قارىغاندا، قەدىمكى كۇسەن ئېلىدە ھەقىقەتەن سارىرانى تالىشىپ جېدەل-ماجىرا بولغانلىقى مەلۇم.

ئۇنىڭدىن باشقا كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى كۆپلىگەن رەسىملەردە «تاغ-ئورمانلىقتىكى تۇرمۇش» تەسۋىرلەنگەن رەسىم بار. بۇنداق رەسىمدىن بىرى قىزىل مىڭئۆي 77-غارىغا سىزىلغان، قۇمتۇرا مىڭئۆيدىكى غارغا سىزىلغان «تاغ-ئورمانلىقتىكى ئۇچار قاناتلار» رەسىمىمۇ مۇشۇ تۈردىكى رەسىملەرگە كىرىدۇ. بۇ رەسىملەردە گۈزەل ۋە تىنچ باغ يىغاچزارلىق- ئورمانلىقلاردا ئۇچارلىغ-قۇشلارنىڭ خاتىرجەم، خۇشال يۈرۈشۈۋاتقانلىقىدەك مەنزىرە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

3) كۇسەن خەلقىنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كۇسەننىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى گۈزەل، تاغلىرى كۆركەم، سۇلىرى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت. كۇسەن خەلقى ئۆزىگە پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىق بەخش ئېتىۋاتقان يۇرتىنى قىزغىن سۆيگەن. يۇرتىنىڭ تۇپرىقى ۋە ھەربىر گىياھلىرىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. كۇسەن خەلقىنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ خىل ھېسسىيات كۇسەن مىڭئۆي

---

① سارىرا — ساكيامۇنىنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن مېيىت جەۋھىرى.

رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

قۇمتۇرا مىڭئۆي 21 ـ غارىغا سىزىلغان «ئوردا ـ قەسىر» رەسىمى كىشىگە خۇددى جەننەتنىڭ قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ياۋ سىلىيەن يازغان «لياڭنامە. يىلار تەزكىرىسى » «梁书·诸夷传»)دە كۇسەن ئېلىنىڭ ئوردۇبالىقى «ئۈچ ئايلانمىدىن تەركىب تاپقان. تاشقىرىقى شەھەر بىلەن ئىچكىرى شەھەر قاتارلىقلار، ئوردىسى ئىنتايىن كۆركەم، ئالتۇن، قاشتاش بىلەن بېزەلگەن» دېيىلگەن بولسا. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ چىنرۇ يازغان «كىتابلار جەۋھىرى» («册府元龟»)دە كۇسەن خانلىقىنىڭ ئوردۇبالىقى «ئىنتايىن گۈزەل، تەڭرى دەرگاھىدەك كۆزنى قاماشتۇرىدۇ» دېيىلگەن.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇمتۇرا مىڭئۆي 21 ـ غارىدىكى «ئوردا ـ قەسىر» رەسىمىدە كۇسەن خەلقىنىڭ ئۆزىنى بېقىۋاتقان يۇرتىغا ھەمدە ئۆزلىرى جاپالىق ئىشلەپ قۇرۇپ چىققان ئۆز تۇپرىقىدىكى ئۆي ـ قورۇلۇشلارغا بولغان چەكسىز تەلپۈنۈش ھېسسىياتى مۇجەسسەم قىلىنغان.

قىزىل مىڭئۆي 224 ـ غارىغا «تاغ ـ ئورمانلىقلاردا ھايۋانلار» سىزىلغان. رەسىمدە گۈزەل تاغلار ۋە ئورمانلىقلارنىڭ مەنزىرىلىرى، سۇ ۋە زۇمرەتتەك بۇلاق سۇلىرى، شوخ ھايۋانلارنىڭ ئەركىن، بەھۇزۇر يايلاپ يۈرۈۋاتقانلىقىدەك خاتىرجەم تۇرمۇش يۈكسەك ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىم كۇسەننىڭ تاغ ـ ئورمانلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپ، تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق، تىنارلىغ ـ ھايۋانلار ئوبرازى خۇددى راستتەكلا تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇنى دېمەي بولمايدۇكى، بۇ رەسىملەردە كۇسەن سەنئەتكارلىرىنىڭ يۇرتىنىڭ تاغ ـ دەريالىرىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە سېغىنىش ھېسسىياتى مۇجەسسەم قىلىنغان.

4) كۇسەن خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئوچۇشلۇق بەھرىمەن بولۇشتىكى كۈچلۈك ئىنتىلىش روھى ئىپادىلەنگەن. قەدىمكى زامانلاردىكى كۇسەن ئېلىنىڭ بايلىقى مول، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، سودا ـ تىجارىتى گۈللەنگەن،خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى رەڭگارەڭ تۈس ئالغان. خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ توغرۇلۇق قىممەتلىك خاتىرىلەر ساقلىنىپ قالغان①. ئەنە شۇلارغا قارىغاندا، قەدىمكى كۇسەن خەلقى تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيگەن. كىشىلىك ھاياتنىڭ پەيزىدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئوبدان بىلگەن. بۇ خىل روھىي ئامىل كۇسەن مىڭئۆي رەسىملىرىدە قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

قىزىل مىڭئۆي 38 ـ غارىدا «سەنئەتكارلار» (伎乐图) كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە رەسىم بولۇپ، ئۇنىڭدا شەرق، غەربتىكى ھەربىر تامدا يەتتە گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن 28 سازەندىنىڭ كۆرۈنۈشى، سازەندىلەرنىڭ قولىدا ھەرخىل مۇسىقا ـ چالغۇلار تۇرغان قاينام ـ تاشقىنلىق ئويۇن مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن. بۇ «سەنئەتكارلار» سۈرىتى پۈتۈن غارغا زوق ـ شوقلۇق كەيپىياتنى بەخش ئەتكەن بولۇپ، ئۇ قەدىمكى كۇسەن خەلقىنىڭ ئاشۇنداق خۇشاللىقنى ئىزدەپ، ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىشتەك كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

قىزىل مىڭئۆي 188 ـ غارىدا «خېتۇ پراتيايا ھېكايىسى»نىڭ يېنىدا بىرەيلەننىڭ ئۆرە تۇرغانلىقى، ئىككى مۈرىسى، ئىككى قولىدا ۋە بېشىدا بەش دانە پىيالە تۇرغان بولۇپ، سېرك ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش بېرىلگەن. يەنە قىزىل مىڭئۆي 186 ـ غارىدىكى «خېتۇ پراتيايا ھېكايىسى» چۈشۈرۈلگەن سۈرەتتە، بۇددانىڭ يېنىدا بىر ئادەم ئولتۇرغان، ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا بىر ساندۇق، ساندۇقنىڭ ئاغزى ئوچۇق تۇرغان، ئۇنىڭغا لىق يىلان قاچىلانغان. بۇ سېرك ئويۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ قارىلىدۇ. مانا بۇلار قەدىمكى كۇسەن خەلقىنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىي

---

① شۆەنزاڭ يازغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، ۋاڭ بو يازغان «تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم ئىشلار بايانى»، ليۇ شۈي يازغان «كونا تاڭنامە. مۇسىقا تەزكىرىسى»، دۇەن چېڭشى يازغان «يۇياڭ خاتىرىلىرى» قاتارلىق كىتابلاردىكى كۇسەن ئېلىگە دائىر بايانلاردا ئېيتىلىشىچە، كۇسەننىڭ ناخشا ـ مۇسىقا (مۇزىكا)، ئۇسسۇل، ئوركېستىرلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. كۇسەن ئېلىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى ناخشا، مۇسىقا، ئويۇن ـ تاماشادىن پەقەت ئايرىلمىغان.

تۇرمۇشنىڭ تەركىبىي قىسمى. دېمەك، بۇ رەسىملەر قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇش مەنزىرىسى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، كۇسەن مىڭئۆي غارلىرى سەنئىتى بىر خىل دىنىي سەنئەت. ئەمما، دىنىي سەنئەتمۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس، يەنى كىشىلىك تۇرمۇش بىلەن ئايرىلمايدىغان تەركىبىي قىسىم. شۇڭا، كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىدە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەنىۋى ئەھمىيىتى ئىنكار قىلىنمايلا قالماستىن، بەلكى بۇ خىل تۇرمۇش مەنزىرىسى كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى پۈتكۈل بوشلۇقتا تولۇپ كەتكەن بولۇپ، كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىدىكى بىر خىل بىرىكمە ئامىلنى شەكىللەندۈرگەن، شۇنداقلا كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىنى جانلىق ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتۈرگەن[1].

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. شىنجاڭدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟
2. تارىم ـ تۇرپان بوستانلىقىنىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتىگە دائىر ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىڭ.
3. نوم ـ سۇترا ئېلىپ كېلىشكە دائىر ھېكايىلەر ۋە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا دائىر ھېكايىلەردىن قايسىلارنى بىلىسىز؟
4. بۇددا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ئەدەبىي قىممەت بار دېيىش نېمىگە قارىتىلغان؟
5. ئۇدۇن تىل ـ يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟
6. ئۇدۇن تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەر ئىچىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.
7. خېتۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى بىلىۋېلىڭ.
8. خېتۇنىڭ خەنزۇشۇناسلىق ئىلمىنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغان شىنجاڭلىق ئىكەنلىكىنى ئەستە ساقلاڭ.
9. خېتۇنىڭ يۇرتىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى ھېسسىياتىنى بايان قىلىپ بېقىڭ.
10. كۇماراجىۋا نېمە ئۈچۈن جۇڭگو بۇددىزم تارىخىدىكى ئۈچ چوڭ تەرجىمىشۇناس دېگەن نامغا نائىل بولغان؟
11. كۇماراجىۋا دېگەن ئىسىم قانداق قويۇلغان؟
12. بۇددا سىڭانىڭ ئۆمۈر بايانى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.
13. بۇددا سىڭا نېمە ئۈچۈن ئۆكۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن شېئىر يازغان؟ «چەككە يەتكەچ پەلەك چەرخى» دېگەن مىسرادىن ئاپتورنىڭ قانداق ھېسسىياتىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن؟
14. تارىم بوستانلىقىدىكى قەلئەلىك خانلىقلاردا ياشىغان تەرجىمانلار كىملەر؟
15. كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن خەلق روھىيىتى قانداق مەزمۇندىن ئىبارەت؟

[1] جۇ يىڭرۇڭ: «كۇسەن تاش كېمىر سەنئىتى» (朱英荣著《龟兹石窟研究》)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 71 ـ ، 84 ـ بەتلەر.

# 3-باب ئورقۇن دەۋرى ئەدەبىياتى

## §1. ئومۇمىي ئوبزور

تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر بۆلەك قەبىلە-ئايماقلارنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن مىلادىيە 9-ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە موڭغۇل يايلىقىنى مەركەز قىلغان ھالدىكى پائالىيىتى جانلىنىپ، جۇڭگونىڭ شىمالىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، قەبىلە-قوۋملارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا تىللاردا داستان بولغۇدەك ۋەقەلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. دەسلەپ بۇ يەردە ھۇن خانلىقى ئوتتۇرىغا چىققان. ھۇنلار ئەڭ بۇرۇن خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «匈奴 — شيۇڭنۇ» دېگەن خەت بىلەن يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەردە تۈرك يوچۇن بودۇن دەپ يېزىلغان. ئۇلار «جۇڭگو تارىخىدا، شىمالىي يايلاقتىكى كۆچمەن قەبىلىلەر ئىچىدە بىرىنچى قېتىم بىرلىككە كەلگەن كۆچمەن ھەربىي ھاكىمىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن.»[1] «ھۇنلار بىلەن مەركىزىي جۇڭگو رايونىدىكى خەنزۇلارنىڭ باردى-كەلدىسى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، جۈملىدىن بىۋاسىتە، كەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭقۇر بولغان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھۇنلارنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش، غايىب بولۇش تارىخى دەل مەركىزىي جۇڭگو رايونىدىكى خەنزۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان تارىخ، ئالاقە قىلغان تارىخ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[2]. ئومۇمەن، ھۇنلار جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگونى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن ھەممىنى ھەيرانۇھەس قالدۇرغىدەك شانلىق كۆرەشلەرنى قىلغان. ھۇنلار دەسلەپتىلا چوڭ بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرگەن. ھۇنلاردىن مۇدۇن تەخىرىقۇت زامانىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209—174-يىللار)غا كەلگەندە ھۇنلارنىڭ شىمالىدا، يەنى ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان دىڭلىڭ (丁零) لار ھۇن ئىتتىپاقىغا كىرگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى 300 يىل ئىچىدە ئۇلار بەزىدە ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىلىرى بىلەن ئىناق ئۆتكەن، بەزىدە تىركىشىپ-تىرەجىشىپ تۇرغان. كېيىنچە، مۇشۇ دىڭلىڭلاردىن تېلىلار (铁勒)، ئېگىز قاڭقىللىقلار (高车)، كۆكتۈركلەر (蓝突厥)، يەنى قەدىمكى تۈركلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار (回纥) كېلىپ چىققان[3]. قەدىمكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە، جۈملىدىن لىيۇ شۈن، ئوۋ ياڭشيۇ قاتارلىقلار يازغان كونا-يېڭى «تاڭنامە» (唐书) لەرنىڭ «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»(回纥传) دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھۇنلار ئىدى دېگەن خاتىرە يېزىلغان. موڭغۇل يايلىقىدا ئىلگىرى-كېيىن ئېگىز قاڭقىللىقلار مىلادىيە 451—487-يىللىرى، قەدىمكى تۈركلەر مىلادىيە 552—745-يىللىرى، ئۇيغۇرلار مىلادىيە 677—715-يىللىرى ۋە 744—840 -يىللىرى خانلىق تىكلىگەن. قەدىمكى تۈركلەر بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىلىرى موڭغۇل يايلىقىدىكى ئورقۇن،

---

① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى. مىللەت تومى» (中国大百科全书·民族卷)، 481-بەت، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، بېيجىڭ-شاڭخەي، 1986-يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

② «جۇڭگو قەدىمكى دەۋردىكى شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى. مىللىي مەدەنىيەت تومى» (《中国古代北方民族文化史—民族文化卷》)، 7-بەت، خېيلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

③ لىن گەن: «تۈرك تارىخى» (突厥史)، ئىككىنچى بابقا قارالسۇن، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، كۆكخوت، 1988-يىلى خەنزۇچە نەشرى.

سېلېنگا دەريا ۋادىلىرى، بولۇپمۇ ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنى مەركەز قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. تۈركىي تىللىق بىر قىسىم خەلقلەرنىڭ ئورقۇن ۋادىسىنى پائالىيەت سورۇنى قىلىش تارىخى ئۇزۇن، تەسىرى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، تەخمىنەن مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ موڭغۇل يايلىقىدىكى پائالىيەت جەريانى بۇ دەرسلىكتە «ئورقۇن دەۋرى» دېگەن نام بىلەن يورۇتۇلىدۇ. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە موڭغۇل يايلىقى «漠北 ـ چۆللۈكنىڭ شىمالى» نامى بىلەن، يەنە بەزى مەنبەلەردە گوبى ـ گېبى (غوبى) دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

شىمالىي يايلاق رايونىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلە ـ ئايماقلار ئاساسەن تۈركىي تىلنى، بۇ تىل شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى ھۇن تىلىنى قوللانغان[1]. بەزىلىرى پولسا مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، تەدرىجىي خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدىغان بولغان. مەيلى تۈركىي تىلىنى، مەيلى خەنزۇ تىلىنى ياكى باشقا تىللارنى قوللانغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ يىلتىزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە تۇتىشىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دائىرىسىدە بايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە دەيمىز.

مىلادىيە 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردىن مىلادىيە 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى جۇڭگونىڭ ئۈچ پادىشاھلىق (مىلادىيە 220 ـ 280 ـ يىللار)، جىن خانلىقى (مىلادىيە 316 ـ 420 ـ يىللار)، ئون ئالتە خانلىق (مىلادىيە 304 ـ 439 ـ يىللار)، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى (مىلادىيە 581 ـ 907 ـ يىللار) دەۋرىدە مەركىزىي جۇڭگو رايونىنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن تۇرمۇشنى ئاساس قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ھۇنلار ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق قەبىلە ـ ئايماقلارنىڭ بىر قىسمى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن جەنۇبقا كۆچۈپ كېلىپ، خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىغان. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر قىسىم مەدەنىيەت ئەربابلىرى يېتىشىپ چىقىپ، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ھەسسە قوشقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقانلىقىغا ناھايىتى ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ شىمالدا قېپقالغان تۇغقانلىرى جۇڭگو مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن، مەركىزىي جۇڭگو رايونى بىلەن جۇڭگونىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىدا پائالىيەت قىلغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرىنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەرسلىكتە ئۇلار «ئورقۇن دەۋرى ئەدەبىياتى»[2] ماۋزۇسى ئاستىدا بايان قىلىندى. رايون نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بۇ رايونلار قەدىمدە ئېلىمىزنىڭ تېررىتورىيەسى دائىرىسىگە تەۋە ئىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورقۇن ـ سېلېنگا دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلىپ پائالىيەت قىلىشىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش بىلەنلا

---

[1] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى. تىل ـ يېزىق تومى» («中国大百科全书·语言文字卷») (415 ـ بەت) دا تۈركىي تىللار ئەڭ دەسلەپ شەرقىي ھۇن تىلى ۋە غەربىي ھۇن تىلى دېگەن ئىككى تارماققا بۆلۈنىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. بۇ كىتاب جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[2] بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ماتېرىياللاردا «ئورقۇن» ۋە «ئورخۇن» دېگەن ئىككى خىل ئاتالغۇ شەكلى بار. يازما ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي يېزىلمىلاردا «خ» ھەرپى بولمىغان. شۇڭا ئەينى زاماندا «ئورخۇن» ئەمەس، بەلكى «ئورقۇن» بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ دەرسلىكتە «ئورقۇن» شەكلىدە ئېلىندى.

قالماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك شەرەپلىك خىزمەتنىمۇ ئادا قىلغانلىقىنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئورقۇن دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ خىل تىل بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشقا بولغان تەسىرىنى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تولىمۇ چوڭدۇر.

## §2. شېئىرىيەت

### 1. تېلىلار ئەدەبىياتى

تېلىلار (خەنزۇچە 赤勒، 敕勒، 铁勒 دېگەن خەت بىلەن يېزىلغان) جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان بىر خەلق. ئۇلار جۇڭگونىڭ چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221-يىلىدىن مىلادىيە 220-يىللىرى)دە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە دىڭلىڭلار(丁零)، ۋېي، جىن، شىمالىي-جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادىيە 265—581-يىللار)دە چىلەلار (تېلىلار) دەپ ئاتالغان. «هارۋىلىرىنىڭ چاقلىرى ئېگىز، شادىلىرى كۆپ بولغان» (ۋېيشۇ يازغان «ۋېينامە. ئېگىز هارۋىلىقلار تەزكىرىسى»)گە قارالسۇن)لىقى ئۈچۈن ئېگىز هارۋىلىقلار (ياكى ئېگىز قاڭقىلىقلار، خەنزۇچە گاۋچې-高车) دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئاساسلىقى غوبى (漠北)نىڭ جەنۇبىي-شىمالىدا، بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل يايلىقىدا ياشىغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارغا ئۆزگەرگەن، بىر قىسمى باشقا خەلقلەرگە قېتىلىپ كەتكەن. تېلىلار دەسلەپ ئېگىز هارۋىلىقلار خانلىقى (高车国)نى قۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن تۈرك خانلىقى (突厥汗国) تەركىبىدە بولغان، كېيىن توغلا ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى (ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى، 回纥汗国)نى قۇرغان. تېلىلار بەزى ماتېرىياللاردا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىل ئىستېمالىدا «تۇرالار»، «تۆلەسلەر»، «توغلۇقلار»، «تۇرانلار» دەپمۇ تەرجىمە قىلىپ قوللىنىلىدۇ.

1. فۇرۇڭ

فۇرۇڭ (符融، ?_389)، تەخەللۇسى بوشيۇ (博休)، لوياڭ لىنۋېي (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىگە تەۋە تيەنشۈينىڭ شەرقىي شىمالى)لىق، دى (氐) قوۋمىدىن. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر لۇغىتى» (新疆民族辞典)دە دى( 氐) «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە غەربىي شىمالدا ياشىغان مىللەتنىڭ نامى، 狄، 翟 (ئوقۇلۇشى: دى) دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان... ئاق تەنلىك، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەن... شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 25_220-يىللار)نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئاق ئاتلىق دىلار (百马氐) چياڭ (羌) قوۋمىنىڭ سىياقىغا كىرىپ غەرب تامان كۆچۈپ، قۇرۇم تاغلىرى ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. غەربىي يۇرتتىكى دىلار (氐人) كېيىنچە تەدرىجىي يوسۇندا غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرگە قېتىلىپ كەتكەن»[①] دېيىلگەن بولسا، «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى. مىللەت تومى» («中国大百科全书·民族卷»)دا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى دىڭلىڭلار (خەن، ۋېي دەۋرىدىكى)دىن ياكى دىلار (狄، چۇنچيۇ دەۋرى_مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 770_476-يىللار)دىن

① «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قامۇسى»، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 30-بەت.

سۇرۇشتە قىلىشقا بولىدۇ»[1] دەپ يېزىلغان. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئاساسەن فۇرۇڭ، فۇلاڭ (تۆۋەندە ئايرىم تونۇشتۇرۇلىدۇ)لارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياكى ئۇيغۇر قاتارلىق ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدا ياشىغان قوۋملارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىنى تولۇقلىغان قەبىلە-ئايماقلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان شائىر دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

فۇرۇڭ ئالدىنقى چىن خانلىقى (مىلادىيە 365_394-يىللار)نى قۇرغان فۇجيەننىڭ ئىنىسى ئىدى. فۇجيەننىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسى ۋاڭ ماڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، فۇرۇڭ ئاكىسىنىڭ ياردەمچىسى بولغان. فۇجيەن جۇڭگونىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، دۆلەت ئالاھىدە قۇدرەت تاپقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا شەرقىي جىن خانلىقى (مىلادىيە 317_420-يىللار) غا ھۇجۇم قىلىش ئىستىكى كۈچىيىدۇ. شەرت-شارائىتنىڭ پىشمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، فۇرۇڭ ئاكىسىنىڭ رايىنى قايتۇرماقچى بولىدۇ. فۇجيەن بەك كۆرەڭلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن: «لەشكەرلىرىم كۆپتۇر، سانى ساناقسىز، دەريا توسۇلار چۇشسە ئاياغسىز، ھەتتا قامچىسى قاشۇ تۇغ بولۇپ، نۇسرەت يار بولغاي ماڭسا ياراقسىز» دەپ بارلىق نەسىھەتلەرنى رەت قىلىدۇ. نەتىجىدە، خېشۇي جېڭىدە قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ. فۇرۇڭ لەشكەرلەر چېكىنىۋاتقاندا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقتا ئۆلۈپ كېتىدۇ. فۇرۇڭنىڭ كۆپ ئەسەرلەرنى يازغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇرلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يوقىلىپ كەتكەن، نەسرىي ئەسىرىدىن بىر پارچە ساقلىنىپ قالغان. چىن شۇ، فاڭ شۇەنلىڭ «جىننامە» (晋书) نىڭ «فۇجيەن تەزكىرىسى»گە «فۇرۇڭ تەزكىرىسى»نى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، فۇرۇڭ «ئەقىل-پاراسەتلىك، قەلەمنى ئوينىتىپ ئەسەر يازالايدىغان» ئادەم ئىكەن. بۇ كىتابتا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «فۇرۇڭ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ئەستە تۇتالايتتى،كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنتۇمايتتى». فۇرۇڭنىڭ «چيىۇ نەزمىسى» (企喻歌辞) ناملىق سېكىللىك شېئىرىدىن ئۈچ پارچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرى مۇنداق چۇشۇرۇلگەن:

*男儿可怜虫，*
*出门怀死忧。*
*尸丧狭谷中，*
*白骨无人收*[2]，

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى:

*قۇرت كەبى بىچارە، مەردۇ مەردان يىگىتلەر،*
*بوسۇغىدىن ئاتلىسا، باشقا كېلەر كۈلپەتلەر.*
*چىقسا قاقاس جىلغىغا، سان-ساناقسىز جەسەتلەر،*
*يىغىپ توپلاپ كۆمگىلى كىمدە باردۇر جۈرئەتلەر.*

فۇرۇڭنىڭ بۇ شېئىرى چوڭقۇر ھەسرەت-نادامەت ۋە ئاغرىنىش ھېسسىياتى بىلەن تولغان بولۇپ، بىر دەۋر «يىگىت»لىرىنىڭ ئاھۇ زارى ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئۆمرى قىسقا، ئۆيدىن ئايرىلسىلا تەقدىرى ئەزرائىلنىڭ قولىغا باغلىنىپ قالىدۇ. چاچلىرى پاخپايغان، جەسەتلىرى جىلغىلاردا قالغان، ئاپئاق سۆڭەكلىرى قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان. شېئىر ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە كىشىلەرگە ئېلىپ كەلگەن چوڭقۇر بالايىئاپەتلىرىنى پاش

---

[1] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى. مىللەت تومى»، 179-بەت.

[2] جۇجۇشيەن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىللىي شېئىرلىرى ھەققىدە» (祝注先著《中国古代民族诗论》)، 73-بەت، گۇاڭشى خەلق نەشرىياتى، 1989-يىلى، خەنزۇچە نەشرى، نەننىڭ.

قىلغان بولۇپ، شائىرنىڭ ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش، ئۇرۇشقا نەپرەتلىنىش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن.

فۇرۇڭنىڭ «چىيۇ نەزمىسى» («企喻歌辞») ناملىق غەزىلى مۇنداق يېزىلغان:

*男儿欲作健．结伴不须多。*
*鹞子经天飞，群雀两向波。*
*放马大泽中，草好马著膘。*
*牌子铁挡。尾条前行看后行，齐着铁挡。*
*前头看后头．齐著铁①。*

بۇ شېئىرنىڭ بۇگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى مۇنداق:

*ئەرك ـ باتۇر بولاي دېسەڭ، ئەسلا قىلمىغىن ئۆلپەتنى كۆپ،*
*پەرۋاز قىلىپ كەلسە قۇرغۇي، بارچە قۇشلار قاچار ئۈركۈپ.*
*كۆل بويىدا ئوت ـ چۆپلەر بولۇق، يايلىغان ئاتلار سەمرىدى تولۇق.*
*لەشكەرلەر قىلغان تۆمۈردىن كۆڭلەك، ئۈستىبېشىدا دۇبۇلغا ـ ساۋۇت.*
*سەپنىڭ ئالدىدىن باقساڭ كەينىگە ،كۆرۈنەر شۇندا غەيرەت ـ شىجائەت.*

2. فۇلاڭ

فۇلاڭ (苻朗، ?ـــ389)نىڭ تەخەللۇسى يۈەندا (元达) بولۇپ، فۇجيەن (苻坚)نىڭ يىگەنى (جىيەنى) ئىدى. فاڭ شۈەنلىڭ قاتارلىقلار يازغان «جىننامە. فۇجيەن تەزكىرىسى» (晋书·苻坚载记)گە «فۇلاڭ تەزكىرىسى» قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، فۇلاڭ «خاراكتېرى جۇشقۇن، تەمكىن، نام ـ ئاتاق قوغلاشمايدىغان» ئادەم ئىكەن. ئالدىنقى چىن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى فۇجيەن ئۇنى ماختاپ «جەمەتىمىزنىڭ دۇلدۇلى» دېگەن. ئۇ «ئەمەل تۇتقان مەزگىلدە خىزمەت ئۇنۇمى تولىمۇ يۇقىرى بولغان.» فۇجيەن يەنە «ئويۇنغا ئامراق تۇرۇپمۇ كىتابنى كۆپ كۆرەتتى. قولىدىن كىتاب زادى چۈشمەيتتى. ھەر قېتىم شۈەنشۆ②شۇناسلىق ھەققىدە گەپ قىلىشقاندا كۈننىڭ ئولتۇرغىنىنى تۇيماي قالاتتى. تاغلار ئاشاتتى، سۇلار كېچەتتى، ياشانغىنىغا تەن بەرمەيتتى» دېگەن. ئۇنىڭ بىر پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق ماۋزۇسى بولمىغان، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى فېڭ ۋېينا تۈزگەن «شېئىرىيەت خاتىرىلىرى» (诗记)دە «سەكرات نەزمىسى» (临终诗) دېگەن نامنى قوشۇپ قويغان. شائىرنىڭ «فۇ جەمەتى ئوغلانى» (苻子) دېگەن بىر كىتابى بولغان، لېكىن ئەسلىي كىتاب يوقىلىپ كېتىپ، «جىن خانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەسەرلىرى» (全晋文) ناملىق كىتابقا يوقالغان قىسمى كىرگۈزۈلگەن. شائىر پەلسەپىۋى ئىدىيە جەھەتتە شۈەنشۆ ئېقىمىغا ھېرىسمەن بولغان. فۇلاڭنىڭ «سەكرات نەزمىسى» ناملىق شېئىرىنىڭ ئالدىنقى بىر كۇپلېتى مۇنداق يېزىلغان:

*四 大 起 何 因?*
*聚 散 无 穷 已。*
*既 过 一 生 中。*
*又 入 一 死 理。*
*冥 心 乘 和 畅,*

① جۇجۇشيەن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىللىي شېئىرلىرى ھەققىدە»(«中国古代民族诗论»祝注先著)، 74 ـ بەت.

② شۈەنشۆ (玄学) ـــ جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل پەلسەپىۋى ئېقىم.

*未觉有终始。*

*[سورىساڭ تۆت تادۇ سەۋەبى نە دەپ؟*

*توختىماي ئايرىلار، يەنە بىرىكەر.*

*تۇغۇلۇپ ئالەمدە ياشىغان بىلەن،*

*جان كېتىپ، كۆز يۇمۇپ ئاخىرى كېتەر.*

*راھەتنى، قايغۇنى ئەسكە ئالغاندا،*

*تېپىلماس ئاداققى، بېشى يوقتۇرۇر.]*

3. قوغۇرسۇ فېڭيۈ

قوغۇرسۇ شيەن (斛律羡، 6-ئەسىر)، تەخەللۇسى فېڭيۈ (丰乐)، تېلى قەبىلىسىدىن. دادىسى قوغۇرسۇ ئالتۇن (斛律金) شىمالىي ۋېي خانلىقى دەۋرى (386—534-يىللار)دە تېلىلارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ باشبېگى بولغان. قوغۇرسۇ فېڭيۈ لەشكىري ماھارەتنى پىششىق ئىگىلەپ، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ھەم قورۇقچى چوڭ سانغۇن (武卫大将军) بولغان. قوغۇرسۇ ئالتۇن شىمالىي چى خانلىقىنىڭ خانى گاۋخۇەن ئالدىدا تېلىلارنىڭ داڭلىق ناخشىسى «تېلى قوشىقى»نى ئېيتىپ بەرگەن بولسا، قوغۇرسۇ شيەنمۇ گاۋخۇەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق زىياپەتتە ھەجۋىي ناخشا ئېيتقان. «شىمالىي چى خانلىقى شېئىرلىرى» (北齐诗)دا ئۇنىڭ «ناخشا» (歌) دېگەن بىر كۇپلېت شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ شېئىرنىڭ خەنزۇچە تېكىستى مۇنداق:

*朝亦饮酒醉，暮亦饮酒醉；*

*日月饮酒醉，国计无取次，*

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى:

*ئەتىگەن كۆرسەكمۇ مەستلىك كەتمىگەن سەندىن تاراپ،*

*كەچتە كۆرسەكمۇ ئىچىپ مەستلىكتە ھالىڭ بەك خاراب.*

*كۈنلىرىڭ ئۆتمەكتە شۇنداق مەي تۇڭىغا غەرق بولۇپ،*

*ئەلدە تەرتىپ يوق، بىسات يوق، كۆز ئېچىپ قويغىن قاراپ*[①].

بۇ ناخشىنى قوغۇرسۇ فېڭيۈ بىر قېتىملىق زىياپەتتە ئوقۇغان. ئۇنىڭدا شىمالىي چى خانلىقى (مىلادىيە 550—577-يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ ئەجداد خانى (گاۋزۇ) گاۋخۇەننىڭ بەزمە-ئولتۇرۇشلارغا بېرىلىپ كېتىپ، دۆلەتنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ، ئىزىنى قالدۇرمايۋاتقانلىقىدەك قىلىقىنى مەسخىرە قىلغان. ئەينى چاغدا تېلىلارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسى سىيانپىيلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادىيە 420—598-يىللار)دە شەرقىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئاتامانى گاۋخۇەننىڭ ئوغلى گاۋياڭ شەرقىي ۋېي خانلىقىنى تىكلىگەن، خانلىق نامىنى چى (齐) دەپ ئاتىغان. تارىخنامىلەردە بۇ خانلىق شىمالىي چى(北齐) خانلىقى دېيىلگەن. قوغۇرسۇ قەبىلىسى ئوخشاشلا مۇشۇ شىمالىي چى خانلىقىنىڭ پۇقراسى بولۇپ ياشىغان. قوغۇرسۇ فېڭيۈ قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ باشبېگى بولغانلىقى ئۈچۈن، گاۋياڭنىڭ ئەلەمدار قورۇقچى سانغۇن (武卫将军)لىرىدىن بولۇپ خىزمەت قىلغان. گاۋياڭ دادىسىغا بەك ھۆرمەت قىلغان ھەم دادىسىغا ئاتاپ كاتتا ئىبادەتخانا سالغان، خانلىقىنىڭ باشلىنىشىنى دادىسىنىڭ

---

① بۇ شېئىر «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى» (2001-يىلى نەشرى) ناملىق كىتابتا باشقىچىرەك ئۇسلۇبتا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ قېتىم «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى نۇسخا ئاساس قىلىندى.

شەرىپىگە بېغىشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق زىياپەتتە قوغۇرسۇ فېڭيۈنىڭ دادىسىنى مەسخىرە قىلىپ ئوقۇغان نەزمىسىگە قارىتا ئاچچىقلانماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە، گاۋياڭ فېڭيۈنى تەخسىكەشلىك قىلمايدىغان ئېسىل ئادەم دەپ ماختىغان. بۇنىڭدىن فېڭيۈنىڭ غۇرۇرى كۈچلۈك، شەخسىي مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ، ئەل ـ يۇرتنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، خاتىرجەملىك، روناق تاپقان تۇرمۇشنى قەدىرلەيدىغان، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىشنى ياقتۇرمايدىغان، شەخسىي مەنپەئەت، شان ـ شەرەپكە ئەمەس، بەلكى ئەل ـ يۇرتنىڭ ئورتاق ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئالىيجاناب روھىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ يىر ـ نەزمىسى جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، سىياسىي تۈسى كۈچلۈك، ئۆتكۈر ھەجۋىي پۇراققا تولغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىئىي ئەينىكى[①]. ئەينى چاغدىكى تارىخىي ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، فېڭيۈ بۇ قوشاقنى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىمىز.

مەدھىيەلەش بىلەن مەسخىرە دىيالېكتىكىلىق باغلىنىشچانلىققا ئىگە، تۇرمۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ بولمىسا بولمايدۇ. قوغۇرسۇ شىيەنىڭ پادىشاھنى مەسخىرە قىلىشى فېئودالىزم جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاز كۆرۈلىدىغان ۋە جۈرئەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل ھەرىكەت.

4. شىدى لۇۋېن

شىدى لۇۋېن (库狄履温) ئېگىز قاڭقىللىقلار (高车) قوۋمىدىن. ۋېيشۇ يازغان «ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىللىقلار تەزكىرىسى»دە: «ئېگىز قاڭقىللىقلار قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ ئەۋلادى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دى (狄) ئۇرۇقى بار» دېيىلگەن. بۇ تەزكىرىدە دېيىلگەن «قىزىل دى»لار خەنزۇچە «چىدى ـ 赤狄» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ سۆز بەزىدە «شىدى (库狄)» شەكلىدىمۇ تەلەپپۇز قىلىنغان. شۇنداق بولغاندا «شىدى لۇۋېن» دېگىنى «چىدى لۇۋېن»، يەنى «قىزىل دى لۇۋېن» دېگەنلىك بولىدىكەن. شىدى لۇۋېن ئىرىشىپ ئوقۇپ ئەمىر دىۋان كېڭەشچى مۇشاۋىرى (官尚书员外郎)، قوشۇمچە پەسىل ھەكىم (充节度判官) بولغان، يەنى ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ خىزمەت قىلغان. شىدى لۇۋېن ئەدەبىياتقىمۇ قىزىققان ھەمدە كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. «كۈزنىڭ ئاخىرىدىكى ئوچۇقچىلىق، جەنۇب قورۇقىدا ئىشلىتىلىپ ئېشىپ قالغان سۆزلەر» (夏晚初霁、南省寓直用馀字) دېگەن بىر كۇپلېت شېئىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق يېزىلغان:

*寐来冠不解,*
*奏罢草仍书。*
*幕府惭良策,*
*明朝愧散樗。*
*命轻徒有报,*
*义重更难疏。*

*[ئۇخلىغاندا سىيرىلىپ چۈشمەس بۆكۈم يېنىمغا،*
*بەند بولۇپ يېپىشقان ئۇت ـ چۆپ، كىتاب قولۇمغا.*
*قورۇلگاھنىڭ ھەيۋەتلىك تەدبىرلىرى جايىدا،*

---

[①]بۇ قوشاق سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى (960—1279)دە تۈزۈلگەن «ياڭ ھەزرەتلىرى گۈلىستانى» (杨文公谈苑) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

*قەسىر ئىچرە جان بېقىش تالىق بولماس پېقىرغا.*
*مۇشكۇلاتلىق ۋەزىپە كەلسە داجىپ كەتمەيمەن،*
*چاكار بولۇپ ئىشلىسەم، بۇيرۇق كەلسە دائىما.]*

شىدى لۇۋېننىڭ بۇ شېئىرىدا ئاقساقالغا سادىق بولۇش، پۇقرالارنى سۆيۈش، جان پىدالىق بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى ئادا قىلىشەك ئاتامانلىق بۇرچ تۇيغۇسى ۋە خىزمەت ئىستىلى ئىپادىلەنگەن.

شىدى لۇۋېن ئەمەل-مەنسەپ تۇتۇپ ئۆتكەچكە، ئەس-يادى ئەمەلدارلىقنى ياخشى قىلىشتا بولغان. شۇنىسى ئېنىقكى،ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە ئەمەلدار بولمىسا ئەل-يۇرتنى باشقۇرۇش، جەمئىيەت تەرتىپىنى تۈزەش ئىشلىرىدا قىيىنچىلىق كۆرۈلىدۇ. شىدى لۇۋېننىڭ شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئەمەل-مەنسەپ بىلەن پۇقرالارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى دەڭسەپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 2. غۇزلار ئەدەبىياتى

قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدىكى ھۇن قاتارلىق بەزى مىللەتلەر غۇز، يەنى خەنزۇچە 胡人 (ئوقۇلۇشى«خۇرېن») دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ ئىچىگە كېيىنكى زامانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تولۇقلىغان ئۇرۇق-ئايماقلارمۇ كىرىپ كەتكەن. تۆۋەندە غۇزلارغا تەۋە بىر قىسىم ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

1. ليۇسۇڭ

ليۇسۇڭ (刘聪، ؟_318)، جۇڭگونىڭ ئون ئالتە پادىشاھلىق دەۋرى (مىلادىيە 304_439)دە قۇرۇلغان خەن خانلىقىنىڭ خانى بولۇپ، 310_318-يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. تۈرك يوچۇن بودۇن-ھۇنلارنىڭ تۇغ (屠各) قەبىلىسىدىن، يەنە بىر ئىسمى زەي (载)، تەخەللۇسى شۈەنمىڭ (玄明). خەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ليۇيۈەن ( ؟_310)نىڭ تۆتىنچى ئوغلى. كىچىكىدىن ئەقىللىق، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ ماھىر بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر، جۈملىدىن شېئىرلارنى ياخشى يازغان. ئۇنىڭ «دەرگۇمانىنى ئىپادىلەش» (述怀诗) ناملىق شېئىرى 100 نەچچە قىسىمدىن تەركىب تاپقان. قەسىدىسى 50 نەچچە پارچىگە يەتكەن.

2. قۇتقۇ موڭسۇن

قۇتقۇ موڭسۇن (且渠蒙逊 ، 且渠蒙逊، 368 _ 433)، تەخەللۇسى زىفاڭ (子房)، لەن سۇڭ (بۈگۈنكى گەنسۇ جياڭيېنىڭ جەنۇبى)نىڭ لۇشۈيلىك غۇزلاردىن، يەنى تۈرك يوچۇن بودۇن-ھۇنلارنىڭ قۇتقۇ قەبىلىسىدىن. ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ھۇنلارنىڭ سول قول قۇتقۇسى (جۇرچىسى)[①] بولغانلىقى ئۈچۈن، بارا-بارا بۇ مەنسەپ نامى ئۇلارنىڭ فامىلىسى بولۇپ قالغان. قۇتقۇ موڭسۇننىڭ دادىسى فاسى فۇجيەن قۇرغان ئالدىنقى چىن خانلىقىدا جۇڭتيەن ھىماتچى سانغۇنى (中田护田) مەنسىپىدە بولغان. قۇتقۇ موڭسۇن شىمالىي لياڭ خانلىقى ۋاقتىدا دىۋان سول قول ۋەزىرى (尚书左丞) بولغان. 401-يىلى شىمالىي لياڭ خانلىقىنىڭ باش تۇتۇقى، ئۇلۇغ سانغۇنى قاتارلىق مەنسەپكە تەيىنلەنگەن، 412-يىلى خېشىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەن، 433-يىلى ۋاپات بولغان. قۇتقۇ موڭسۇن «تارىخنى پىششىق بىلەتتى، ئاسترونومىيە ئىلمىدىن خەۋەردار ئىدى، باتۇر ھەم تەدبىرلىك بولۇپ، ھوقۇق

---

① مەنسەپ دەرىجىسى.

ئىشلىتىشكىمۇ ماھىر ئىدى» («فاڭ شۈەنلىڭ قاتارلىقلار يازغان «جىننامە» 129 ـ جىلد، «قۇتقۇمۇگسۇن ھەققىدە خاتىرە» گە قاراڭ). قۇتقۇمۇگسۇن ھاياتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان.

### 3. قۇلان بابا

قۇلان بابا (赫连勃勃، 425 —؟) ياكى قۇلان بوبو، تەخەللۇسى چۇ زى (屈子)، تۈرك يوچۇن بودۇن – ھۇنلارنىڭ تېفىي (铁弗، توغ؟) قەبىلىسىدىن. ئۇلۇغ بوۋىسى ليۇۋۇ، بوۋىسى ليۇباۋزى، دادىسى ليۇۋېيچىن قاتارلىقلار ھەرقايسى خانلىقلاردا يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان. قۇلان بابامۇ كىچىكىدىن ئەلەم ۋە قەلەمگە ماھىر ئادەم بولۇپ ئۆسكەن، بويىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز چى بەش سۇڭ كېلەتتى، بوي ـ بەستى تەمبەل ئىدى. سۆزگە چېچەن، زېرەك، تەقى ـ تۇرقى قاملاشقان كىشى ئىدى («جىننامە»، 130 ـ جىلد «قۇلان بابا ھەققىدە خاتىرە»). مىلادىيە 407 ـ يىلى ئۆزىنى تەڭرىخان، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت (天王، 大单于)، خانلىقىنى داشيا (大夏) دەپ ئاتاپ، 31 يىل سەلتەنەت سۈرگەن. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ يازغان. «جىن خانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەسەرلىرى» (全晋文) ناملىق كىتابقا تۆت پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. «پەرمان چۈشۈرۈپ فامىلىسىنى قۇلان (赫连)غا ئۆزگەرتكەن»لىكىدىن بۇ خاننىڭ مىللىي ئىپتىخارى ۋە كېلەچەككە بولغان ئىشەنچىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «بۈيۈك شيا خانلىقى بۆكە سۇمۇرغ تىغ‍سىمان يادنامىسى» (大夏龙雀刀铭) دېگەن بىر پارچە شېئىرى بار بولۇپ، تولىمۇ يارقىن ئۇسلۇبقا ئىگە. «قۇتقۇمۇگسۇن بىلەن ئۇلپەتلىشىش» دېگەن ئەسىرى جۇپلۇك ئۇسلۇبىدا يېزىلغان، جاراڭلىق ۋە يېقىملىق، قەدىمكى ۋە ئۆز زامانىسىدىكى قاراشلاردىن پايدىلىنىلغان، يېزىلىشى سۈرلۈك ھەم ھەيۋەتلىك ئىدى. تۆۋەندە «بۈيۈك شيا خانلىقى بۆكە سۇمۇرغ تىغ‍سىمان يادنامىسى»دىكى بىر كۇپلېت نەزمىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

*古之利器，吴楚湛户。*
*大夏龙雀，名冠神都*
*可以怀远，可以柔逋，*
*如风靡草，威服九区。*

*[مەملىكەتنى ۋۇ، چۇ[1] ھەم لۇ[2] جەمەتى سىياقتا،*
*ئۆتكۈرلۈكتە داڭقى بار، ئەلمىساقتىن قورالى.*
*شوخ بۆكە سۇمۇرغ كەبى بۈيۈك شيا[3] نىڭ سىيماسى،*
*نامى مەشھۇر ھەيۋەتلىك ئوردا ـ قەسىر، سەيناسى.*
*نەزەر سالسا دائىما يىراق ئۆتمۈش زامانغا،*
*ئامىتى ئوڭغا جۇنەپ يېتەر ئارزۇ ـ ئارمانغا.*
*بوران بولۇپ، ھەيۋەتتە چەيلەر ياۋا ئوت ـ چۆپنى،*
*قولغا ئالار پەم بىلەن توققۇز ئايماق ـ زېمىننى.]*

دېمەك، قۇلان بابانىڭ شېئىرىدىكى ئاز سۆز بىلەن كەڭ مەنىنى ئىپادىلەش، نەرسىلەرگە ھېسسىياتنى قوشۇۋېتىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىدىغان ئىدىيەسىنى بايان

---

[1] ۋۇ، چۇ—ۋۇ بەگلىكى ھەم چۇ بەگلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
[2] لۇ—بىر جەمەتنىڭ فامىلىسى، بۇ قەدىمكى زاماندا شۆھرەت قازانغان جەمەت بولسا كېرەك.
[3] بۈيۈك شيا—بۇ يەردە قۇلان جىنمىڭ ئۆزى قۇرغان خانلىقنى كۆزدە تۇتقان.

قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشنى ئەستە چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

4. قۇلان جىنمىڭ

قۇلان جىنمىڭ (贺兰进明) تۇرك يوچۇن بودۇن-ھۇن قوۋمىدىن. مىلادىيە 728-يىلى تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىدە تەشرىپدار بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدەبىياتشۇناس شىن ۋېنفاڭ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى» («唐才子传») ناملىق كىتابىدا قۇلان جىنمىڭغا باھا بېرىپ: «قەدىمكى كىتابلارغا پىششىق ئىدى، كىلاسسىك دەستۇرلارنى كۆپ ئوقۇغان، ئۇنىڭ تەسنىف قىلغان ئەسەرلىرى يۈز پارچىدىن ئارتۇق ئىدى. پازىل-ئۆلىمالاردىن ئىدى؛ ئۇنىڭ يەنە قەدىمكى كۈيخانا ياكى يۆفۇ (乐府) ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلىرى ئون نەچچە پارچىگە يېتەتتى. يۈەن گۇڭغا[1] تولىمۇ ماسلاشقانىدى» دەپ يازغان. ئۇنىڭ «كونىچە مەنىلىك ئىككى شېئىر» (古意二首) ۋە ئەبجەش دىراما كۈيى بولغان «سەپەر مۇشكۈلاتلىرى» (行路难) دىن بەش كۇپلېت شېئىرى تاڭ دەۋرىدىكى يىن فەن تۈزگەن «دەريا ۋە چوققىلاردىكى ئالپلار روھى» (河岳英灵集) ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. تۆۋەندە بۇ ئىككى پارچە شېئىردىن بىر كۇپلېتتىن كۆرۈپ ئۆتىمىز.

«كونىچە مەنىلىك ئىككى شېئىر»دىن:

*秦 庭 初 指 鹿, 群 盗 满 山 东。*
*忤 意 皆 诛 死, 所 言 谁 肯 忠?*
*武 关 犹 未 启, 兵 入 望 夷 宫*
*为 祟 非 泾 水, 入 君 道 自 穷。*

*[قەسىرى چىندە بۇغىلار يورەر ئىدى ئويناقلاپ،*
*ئەمدى تولدى شەندۇڭغا قاراقچىلار سوكۇلداپ.*
*گۇمان قىلغان ئىنسۇ جىن تىرىك قالماس جاھاندا،*
*تېپىلمايدۇ ساداقەت، كىممۇ تۇرسۇن لەۋزىدە.*
*ياراغلىرى بەتلەنگەن، ئەمىنلىكتىن ئەسەر يوق،*
*چېرىكلەرنىڭ نەزىرى چۇشەر دائىم يات ئەلگە.*
*زەرداب بىلەن بۇلغاندى ئەزىم دەريا چىڭشۇيمۇ،*
*كېلەر بولدى مىسكىنلىك پۇقرايۇ ئېسىل بەگكە.]*

«سەپەر مۇشكۈلاتلىرى»دىن:

*君 不 见 岩 下 井, 百 尺 不 及 泉。*
*君 不 见 山 上 苗, 数 寸 凌 云 烟。*
*人 生 赋 命 亦 如 此, 何 苦 太 息 自 忧 煎!*
*但 愿 亲 友 长 含 笑, 相 逢 不 乏 杖 头 钱*
*寒 夜 邀 欢 须 秉 烛, 岂 得 常 思 花 柳 年!*

*[كۆرەلمەس بەگۇ ئامباللار قۇدۇقنىڭ ئاستىنى-تاشنى،*
*ھېسابلانماس بۇلاق تەكتى تۇتۇپ باقساڭمۇ يۈز چىنى،*
*كۆرەلمەس بەگۇ ئامباللار قىيا تاغ ئۈستى-مايسىنى،*
*بىلىپ بولماس ئۆزۈپ تۇرغان ساما ئۆزرە بۇلۇت-ئىسنى.*
*پېشانەڭگە پۈتۈلگەندەك ھاياتلىق يوللىرى شۇنداق،*

---

[1] يۈەن گۇڭ (阮公)-ئادەم ئىسمى.

*ئۇھ تارتىپ ئازاب چەكمە، تاپالمايسەن داۋاسىنى.*
*ئېچىل دوستلار قاقاقلاپ كۈل، كۆڭۈللەر يايرىسۇن تىنماي،*
*ئۇچراتقاندا ھاسىلىق بايۇەچچىنى، پېقىرنى.*
*كۈتۈۋالساڭ سوغ كېچە ساقاللىقنى شام بىلەن،*
*ئەسكە ئالماي تۇرامسەن، نەۋقىرانلىق چاغلارنى.]*

. ئومۇمەن، «كونىچە مەنە»دىكى «قەسىرى چىنىدە بۇغىلار يۇرەر ئىدى ئوينىاقلاپ» دەپ تەسۋىرلەنگەن قانداق مۇھىت؟ ئۇنىڭدىن كېيىنكى مىسرالاردىن نېمە ئۈچۈن ھەسرەت ـ نادامەت چىقىپ تۇرىدۇ دېگەنلەرنى ئويلىنىپ كۆرمەي بولمايدۇ.

5. ليۇ يۈشى

ليۇ يۈشى (刘禹锡، 772ـــ842)، تەخەللۇسى مىڭدې، لويالڭ (بۈگۈنكى خېنەنگە تەۋە)لىق، تۈرك يوچۈن بودۇن ـ ھۇن قوۋمىنىڭ ئەۋلادى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار سورۇنىدا ھەر خىل مەنسەپلەردە بولغان. قەلەم ئىشلىرىغىمۇ كامىل بولۇپ يېتىشكەن. ئۇنىڭ «ليۇبىنكې ماقالىلىرى» (刘梦得集 ياكى 刘宾客文集) نامىلىق داڭلىق ئەسىرى بار. ليۇ يۈشى تاڭ سۇلالىسى شېئىرىيەت ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر شائىرلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ مەشھۇر شېئىرلىرىدىن يۈز نەچچە پارچە ساقلىنىپ قالغان. ئوۋياڭشيۇ يازغان «يېڭى تاڭنامە. سەنئەت،ئەدەبىيات تەزكىرىسى»دە «ليۇ يۈشى شېئىرلىرى توپلىمى 40 جىلد» دېيىلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چىڭ دىڭچيۇ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئومۇمىي تاڭ نەزمىلىرى» (全唐诗)گە شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن 12 جىلد كىرگۈزۈلگەن. «ئومۇمىي تاڭ نەزمىلىرىگە قوشۇمچە توپلام» (全唐诗外编) ۋە «ئومۇمىي تاڭ نەزمىلىرىنىڭ داۋامى» (全唐诗续拾)غا ئالتە كۇپلېت شېئىرى قوشۇمچە قىلىنغان.

ليۇ يۈشىنىڭ «بامبۇك نوتىسى» (ياكى «جۇجى نەزمىسى»،竹枝词 ) نامىلىق شېئىرى مۇنداق يېزىلغان:

*杨 柳 青 青 江 水 平,*
*闻 郎 江 上 唱 歌 声;*
*东 连 日 出 西 边 雨,*
*道 是 无 晴 却 有 晴。*

*[دەريا سۈيى تىپتىنىق، ياشناپ كەتكەن تال ـ چىۋىق،*
*قۇلىقىمغا ئاڭلاندى يىگىت كۈيى يېقىملىق.*
*كۈن پارلىدى مەشرىقتە، يامغۇر ياغار مەغرىپتە،*
*باقسام ئوچۇق ئەمەس يول، ئەمما كۆڭلۈمدە ئېنىق[1].]*

«بامبۇك نوتىسى» دېگەن بۇ شېئىر يىراق ـ يېقىنلارغا پۇر كېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىدىغان ئەسەرلەر، ئەدىبلەر ئەسىرلەر داۋامىدا ئۈزۈلۈپ قالمىغان[2].

ليۇ يۈشىنىڭ « كۈز ناخشىسى» مۇنداق يېزىلغان:

秋风引

*何处秋风至，萧萧送雁群。*
*潮来人腾树，孤客最先问。*

---

[1] «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300»، 168 ـ بەت، ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى.

[2] «‹ليۇ يۈشى، بەي جۈيى شېئىرلىرى تاللانمىلىرى›غا تەھسىل» (《刘禹锡 白居易‹诗选评›》 苏瑞峰 彭万隆 撰) 5 ـ بەت، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

بۆگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى مۇنداق:

*قەيەردىندۇر سوغۇق شامال غۇر-غۇر ئەتتى.*
*تۇرنىلارنى توپ-توپىلە سۇر-سۇر ئەتتى.*
*قورۇدىكى غازلارنىڭ شاراقلىشى،*
*تاڭدا غېرىب قۇلىقىغا ئاۋۋال يەتتى*[1].

ليۇ يۈشىنىڭ يەتتىنچى بوۋىسى ليۇلياڭ شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ شياۋۋېندى خانى زامانىسى (مىلادىيە 471—476-يىللىرى)دا لوياڭغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە فامىلىسىنى ليۇ (刘)غا ئۆزگەرتكەن. ليۇ يۈشى كىچىكىدىن زېرەك، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدىغان بالا بولغان. سىياسىي ھاياتىنىڭ قانداق مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شېئىرىي ئىجادىيەتكە قاتتىق بېرىلگەن. ئۇنىڭ «بامبۇك نوتىسى» ناملىق شېئىرى خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبىدىن پايدىلىنىپ يازما ئەدەبىيات قىيامىغا يەتكۈزۈلۈپ يېزىلغان شېئىر بولۇپ، مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى يۇغۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەمدە كېيىنكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىر قاتلام شېئىرىيەت ئۇسلۇبىنى ياراتقان[2]. ليۇ يۈشى شائىر ليۇ زۇڭيۈەن (773—819-يىللار) بىلەن دائىم باردى-كەلدى قىلىپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ فامىلىسىنى قوشۇپ «ليۇليۇ» (刘柳) دەپ ئاتىغان. ئۇ يەنە شائىر بەي جۈيى (772—846-يىللار) بىلەن ناخشا ئېيتىشقا كۆپ ۋاقىت چىقارغان بولغاچقا، ئۇلار «ليۇ بەي» (刘白) دەپ ئاتالغان. بەي جۈيى ليۇ يۈشىنى «شېئىرىيەت سەركىسى» (诗豪) دەپ ئاتىغان[3].

دېمەك، ليۇ يۈشى ئېلىمىزنىڭ شېئىرىيەت ئىشلىرى ئەڭ گۈللەنگەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشاپ، شۆھرەت قازانغان شائىرلارنىڭ بىرى.

## §3. «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى»، «خۇئاستۇ ئانفت»، «ئىرق بىتىگ»

### 1. «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى»

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆگۈخان توغرۇلۇق رىۋايەتلەر تارقالغانىكەن[4]. ئۇنىڭ تارقالغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان. ئىلمىي خادىملارنىڭ دەلىللىشىگە قارىغاندا، تارقىلىش ۋاقتى 500 يىلغىچە سوزۇلغان.

بۆگۈخان رىۋايەتلىرى دەسلەپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلى بىلەن تارقالغان، كېيىن يەنى 12—13-ئەسىرلەردە ئارقا-ئارقىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان. ئۇنىڭ بىر قانچە خىل ۋارىيانتى

---

[1] «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300»، 168-بەت.

[2] «قىسقىچە ئەدەبىيات لۇغىتى»، يازغۇچىلار نەشرىياتى، 1987-يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

[3] گو ليۇيۇ: «شېئىرىيەت سەركىسى ليۇ يۈشى»، «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت قەھرىمانلار شەجەرىسى»، 1-توم، 557-بەت. گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى، خەنزۇچە نەشرى، لەنجۇ.

[4] بۇ رىۋايەت 13-ئەسىردىكى تارىخچى جۇۋەينىنىڭ پارسچە يېزىلغان«تارىخى جاھان گۇشاي» ناملىق ئەسىرى، خەنزۇچە يېزىلغان «ئىدىقۇت قوچو خانلىقىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» («亦都护高昌王世勋碑»)، تۇتۇ قاتارلىقلار يازغان «يۈەننامە»(«元史»)نىڭ 122-جىلدى، «شۇخۇڭجيەنلۇ» («续弘简录») ياكى «‹يۈەننامە›نىڭ تۈركۈملۈك تۈپلىمى» («元史类别»)، «جىنخۇاخۇاڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرى»(«金华黄先生文集»)نىڭ 24-جىلدى «لياۋياڭ قاتارلىق جايلارنىڭ دىۋان ۋازارەت سول قول بېگى يىلىيەنجىن ھەزرەتنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» («辽阳等处行中书省左丞亦辇真公神道碑») قاتارلىقلارغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كەمتۈك نۇسخىسى بېرلىن تۇرپان ھۆججەتلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ساقلىنىش نومۇرى ( U971(TII S20. بۇ نۇسخا بېرلىن-پرۇسسىيە مەدەنىيەت مىراسلىرى كۇتۇپخانىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، بېرلىن-براندېنبېرگ پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا يىغىپ ساقلانغان.

تارقالغان. يەنە ھەر خىل تارىخىي ھۆججەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن ئېپىزوتلار ۋە ئېنىقلىمىلار بار[①].

بۆگۈخان رىۋايەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي جەريانىنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەكس ئەتتۈرۈش بۆگۈخان ئوبرازىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان. رىۋايەت قارىماققا بىر تارىخىي تەزكىرىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ قويۇق ئەدەبىي تۈس ئالغان بىر بەدىئىي ئەسەر.

ئەينى زاماندا تارقالغان رىۋايەتنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى ئارىسىدا مۇئەييەن پەرقلەر ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكىنى مۇنداق ئېپىزوتقا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئىككى دەريا ساھىلىدا بىر تۈپ يىغاچ ـ دەرەخ (ياكى ئىككى تۈپ دەرەخ) بار ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ساماۋىي كۆكتىن دەرەخنىڭ ئۈستىگە خاسىيەتلىك يارۇق ـ نۇر چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرەخنىڭ تېنىدە (ياكى ئىككى تۈپ دەرەخ ئارىسىدا) ھامىلىدارلىق ئالامىتى كۆرۈلۈپ، خۇددى ئېغىر ئاياغ ئاياللاردەك قورساق كۆتۈرۈپتۇ، ئەڭ ئاخىرى بۇ جايدىن بەش ئوغۇل بوۋاق تۇغۇلۇپتۇ. كەنجى ئوغۇلغا بۆكۈ (ياكى بۆكۈگ ـ Bokug) دەپ ئات قويۇلۇپتۇ. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلئېلتەبىرى ـ باشبېگى بولۇپتۇ، چۈنكى ئۇ ھەممىدىن تېمەن ۋە چېچەن ئىكەن(ياكى باشقىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن)، شۇنداق قىلىپ ئۇ بۆگۈ قاغان(ياكى بۆكۈگ قاغان ـ Bokug Qaghan) دەپ ئاتىلىپتۇ ھەمدە كۈنچىقار ۋە كۈنپاتار ياققا قاراپ يېرىنى كېڭەيتىپتۇ. (يىراققا سەپەر قىلىش جەريانىدا، بىر كېچىسى ئاق پەشمەت كىيگەن بىر بوۋاينى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭدىن ھېكمەتلىك نەسىھەت ئاڭلاپتۇ.) بۆگۈخاننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئوتلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچ ـ كۆچ قىلىپتۇ[②].

بۆگۈخان رىۋايەتلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى:

بۆگۈخان رىۋايىتى يۇقىرى بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، رىۋايەتنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن. رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان بۆگۈخان ۋە ئۇنىڭ بەزى پائالىيەتلىرى، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللىنىشى، ئەتراپىدىكى قوشنا قوۋملار ۋە ئەللەر بىلەن، بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ مەركىزىي خاندانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقە، خانلىقنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئاخىر پارچىلانغانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەر تارىخىي پاكىتلارغا خېلىلا يېقىن تۇرىدۇ.

رىۋايەتتىكى بۆگۈخاننى بەزى تارىخ تەھسىلچىلىرى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا مىلادىيە

---

① بۆگۈخان توغرىسىدىكى بۇ ئەسەرگە تارىخىي ماتېرىياللاردا ماۋزۇ قويۇلمىغان. ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن مۇشۇنداق نام قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۆگۈنكى زامانغا تەئەللۇق بەزى ماتېرىياللاردا «بۆكە خان رىۋايىتى»، «بۆكەخان قىسسىسى»، «بۆكەخان داستانى»، «بۆكەخان ئەپسانىسى» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، بۇ رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان شەخسنىڭ نامىنى «بۆكە» ئەمەس، بەلكى «بۆگۈ» دەپ ئېلىش ئىلمىي ساھەسىدىكى ئىلمىي ۋە توغرا قاراش دەپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى خەنزۇچە نۇسخىلىرىدا «卜古» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇلۇشى «بۆگۈ»گە توغرا كېلىدۇ.

② «بۆگۈخان رىۋايىتى»نىڭ ئىخچاملانغان بۇ نۇسخىسى ياپونىيەلىك تارىخ تەھسىلچىسى لىجىڭ شىگدەي(笠井幸代)نىڭ «‹بۆكۈگ قاغان رىۋايىتى›گە شەرھ»(«卜古可汗（Bokug Qaghan）传说题记»). ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىنىدى. بۇ ماقالىنىڭ لۈيې(陆烨) تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى «‹يۈەننامە› ھەم شىمالدىكى مىللەتلەر ۋە چېگرا رايون تەتقىقاتى» («元史及北方民族与边疆研究») ناملىق خەنزۇچە توپلامنىڭ 18 ـ سانىغا كىرگۈزۈلۈپ، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان. ماقالىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياپونىيەدە «内陆亚细亚语言的研究»نىڭ 19 ـ سانىغا كىرگۈزۈلۈپ، مەركىزىي ياۋروپا ـ ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتى2004 ـ يىللىق توپلىمىنىڭ 1 — 25 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

759—779 ـ يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان ئىدىكىن (ئەل تېگىن، سەلتەنەت نامى تەڭرى قاغان، مەڭگۈ تاشلاردا «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئىل تۇتمىش قۇچ بىلگە كۈلۈك قاغان» دېيىلگەن) قاغاننى كۆرسىتىدۇ دېسە[1]، يەنە بەزى تەھسىلچىلەر بولسا مىلادىيە 795—808 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان يەتتىنچى ئەۋلاد قاغان قۇتلۇق (يەنى تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇغ ئۇلۇغ بىلگە قاغان، خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى خۇئەيشىن ـ 怀信 قاغان) بولۇشى كېرەك دەپ قارىشىدۇ[2]. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋە زاۋاللىققا يۈزلەنگەن چاغلىرىنىڭ مۇھىم تەپسىلاتلىرى رىۋايەتتىكى باش قەھرىمان بۆگۈخاننىڭ سەرگۈزەشتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئىككىنچىدىن، رىۋايەتتە رېئالىزم بىلەن رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودى ئارىلاش قوللىنىلغان. ئەمما رومانتىزم يېتەكچى مېتود قىلىنغان. بۇ رىۋايەت قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئالاھىدە بىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بەزى ئوبرازلار ۋە ئايرىم ۋەقەلىكلەر رېئاللىقنى چىقىش قىلغان. ئەمما ئۇلارغا كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ھەمدە ھەيرانلىق بېغىدا سەيلە قىلدۇرىدىغان تەركىبلەرمۇ خېلى قويۇق دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن.

قەدىمكى ئىنسانلار بارلىق نەرسىلەرنى سىرلىق چۈشىنىپ كەلگەنىدى. بەزىلەرنىڭ مۇنداق قارىشى نادانلىقتىن بولغان بولسا، بەزىلەر تولىمۇ چېچەنلىشىپ كېتىپ، قەستەن مۇشۇنداق سىرلىق ئىدىيەلەرنىڭ تەرغىباتچىلىرى بولۇشنى ئۆمرىدىكى بىردىنبىر ۋەزىپە قىلىۋالغان. بۆگۈخاننىڭ نۇر، دەرەخ، دۆڭلەردىن تۇغۇلۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، پەقەت بۇ يەردە نوپۇز، ئابرۇي مەسىلىسىلا مەۋجۇت. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر خەلق ئارىسىدا رەھبەر ۋە كاھىن قەدىمدىن بېرى ھامان يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇلۇغۋار سىمالىق ئورۇنغا، كاتتا نوپۇزغا، مۇقەددەسلىك ۋە ئەيمەندۈرۈشلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ كەلگەن. بۇنداق ئىدىيەنى مۇتلەق كۆپچىلىك قوبۇل قىلالايتتى. پەقەت ئاشۇ سىمانىڭ ھەقىقىي سىرىنى، جۈملىدىن ئۇلۇغۋارلىقىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان زەررىلىرىنى بىلىپ قالغان كىشىلەرلا ئايرىم جايلاردا، مەلۇم ۋاقىتلاردا قوبۇل قىلمايتتى. ۋاھالەنكى، بۇنداقلارنىڭ ئىدىيەسىنىڭ غالىب كېلىشى ئاندا ـ ساندا يۈز بېرىپ قالمىسا، ئۇنداقلارنىڭ خاھىشى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشمايتتى. بۆگۈخاننى سىرلىقلاشتۇرۇش خەلقنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن تۈپ ئاساس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن ئەينى چاغدا، ئاساسەن دىن ۋە ئەدەبىياتلا چىقالايتتى. خەلقنىڭ سەرگۈزەشتلىك ھاياتىدىكى ئۇزاق دەۋرلەرنى بېسىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئىدىيەلەرنى ئەلۋەتتە دىن ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغان. شۇڭا ئىنسان بالىلىرىنىڭ ھاياتى قانداق مۆرەككەپلىكلەرنى بېسىپ ئۆتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ تارىخىدىكى دىنلارمۇ شۇنداق ئاجايىپلىق ۋە غەلىتىلىكلەرگە سۈۋۈشۈپ بارغان. بۆگۈخان رىۋايىتىدە ئىپتىدائىي دىنلاردىكى توتېمغا چوقۇنۇشنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئۆسۈملۈك ـ دەرەخلەرگە چوقۇنۇش، ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى خەلقلەرگە خاس بولغان شامان دىنى ۋە ئىدىكىن 763 ـ يىلىدىن باشلاپ خانلىق دىنى قىلىپ قوبۇل قىلىغان مانى دىنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ ـ غارايىپلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ

[1] بۇ خىل قاراشنى ئەڭ دەسلەپ شەرقشۇناس لېكوك 1912 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. بۇ ھەقتە «‹بۆكۈگ قاغان رىۋايىتى›گە شەرھ» ناملىق ماقالىگە قارالسۇن.

[2] بۇ خىل قاراشنى ئەڭ دەسلەپ ياپونىيەلىك شەرقشۇناس ئابىتاكو(ئەنۇجيەنفۇ) 1955 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتە «‹بۆكۈگ قاغان رىۋايىتى›گە شەرھ» ناملىق ماقالىگە قارالسۇن.

ھېسابلىنىدۇ.

بوگوخان مۇبادا ئىنساندىن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان دەپ قارالسا، باشقىلار ئۆزى بىلەن ئوخشاش خۇسۇسىيەتلىك بۇ كىشىدىن ئۇنچىۋالا ھېيىقىپ كەتمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىلاھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى بولمىسا، ھەرگىزمۇ كىشىلەرنى ئەيمەندۇرمەيتتى. مۇشۇ ۋەزىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن رىۋايەتتە تولىمۇ ئەپچىل چارە ئىشلەتكەن، يەنى بوگوخاننى يارۇق-نۇر، يىغاچ-دەرەخ ۋە دۆڭدىن تۇغۇلغان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئەنە شۇنداق ئەپچىل چارىنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەلۇمكى، بوگوخان تۇغۇلغان دەرەخ مۇقەددەس دەرەخ ئىدى. يەنى ئېتنوگرافىيەلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۆسۈملۈكلەر قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ مۇقەددەس دەپ قارىغان شەيئىلىرىنىڭ تۇنجىلىرىدىن بىرى بولغان. تەبىئەتتىكى ئەڭ ئاددىي نەرسىلەرنىلا كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسى تەرەققىي قىلىش بىلەن ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنىڭ دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ تۈگەۋاتقانلىقى، بىراق بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر قانچە يۈز يىل، بىر قانچە مىڭ يىلغىچە ياشىرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىتا ئاشۇ كىشىلەردە مۆئەييەن ھېسسىيات پەيدا بولغانىدى. ئۇلارغا ھەتتا، بەزى ئۆسۈملۈكلەرنى كېسىۋەتسە، يىلتىز-غوللىرىنىڭ يەنىلا كۆكلەۋاتقانلىقى، مېۋىسىنىڭ ئۇزۇق، دورا بولۇۋاتقانلىقىمۇ تەسىر قىلماي قالمىغان. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مۇقەددەس بولۇشىغا سەۋەب بولغان ھەم بۇلار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان خەلقلەردە ئىپتىدائىي ئېتىقادچىلىقنىڭ ئايرىم تەركىبلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، داۋاملىق ئۆز رولىنى يوقاتمىغان، شۇنداقلا باشقا دىنلارنىڭ مەزمۇنلىرىغا قېتىلىپ، يېڭى شەكىللەرگە كىرگەن ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرغان.

بەدىئىي ئەدەبىيات مۇنداق ئاجايىپلىقنى ئۆز ھۈجەيرىلىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ، نەپىسلىك، جەزبىدارلىق ئاھاڭلىرىغا جور قىلىپ، كىشىنىڭ زوقىنى قوزغاتقۇچى ئامىلغا ئايلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ئاۋامنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ھوزۇر ئالغۇچى مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ قالغان.

ئومۇمەن، رىۋايەتتىكى ئاجايىپ-غارايىپلىق، شۇنداقلا بوگوخان ئوبرازىدىكى سىرلىق تەپسىلاتلار ۋە غەلىتە مەزمۇنلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى. يۇقىرىقى ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغان ھالدا شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەسەر رىۋايەت بولۇپ، ئىجاد قىلىنىشىدا رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودىغا تايىنىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا رېئالىزملىق ئېلېمېنتلارمۇ بەلگىلىك سەۋىيەدە ئارىلىشىپ ماڭغان. شۇنداق قىلىپ بۇ خىل خۇسۇسىيەت رىۋايەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي تەسىرىنى كۈچەيتكەن. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ بەزى ئېپىزوتلىرىدا رېئالىزمنىڭ خېلى كۈچلۈك ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىمۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇب بولۇپ جۇلالىنىپ تۇرغان.

ئۈچىنچىدىن، بوگوخان ئوبرازى ئىندىۋىدۇئاللىقتا، تىپىك خاراكتېرگە ئىگە. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى جەمئىيىتىدە بىر باشتۆرە (باشبەگ)نىڭ بولمىغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ جەمئىيەتتە ئىناقلىق، بىرلىكتىن سۆز ئېچىش تەس ئىكەنلىكى، سۆزلىشىش-كېڭىشىشلەر ئارقىلىق باشتۆرە سايلانغاندىن كېيىن، ئاۋام ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشۈشكە باشلىغانلىقى، بولۇپمۇ، بوگوخاننىڭ باشبەگ-خان بولۇشى بىلەن پاراۋانلىق ئۈستىگە ئاسايىشلىق قوشۇلغانلىقى قاتارلىق ئېپىزوتلارنىڭ قەيت قىلىنغانلىقى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئىنسانلار ئومۇمەن ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ بىرەر يولباشچىنى ئۆزلىرىگە يېتەكچى-ھامىي قىلىپ كەلگەن، بۇ دۇنيا تارىخىدىكى ھەرقانداق خەلقلەرگە ئورتاق

قانۇنىيەتلىك ئادەت. كىمكى، دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىكى بىرەر ئۇرۇق-قەبىلە ياكى تەشكىل قويىنىدا نەپەسلىنىشنى خالىسا، ئۇ ياشاپ قېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلار كۆپ بولمىغان، بولغان تەقدىردىمۇ ئۇزۇن غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان، ھاياتى كاپالەتكە ئېرىشەلمىگەن. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، پەقەت باشبەگە سايلانغاندىن كېيىن گۈللىنىش ۋەزىيىتى ھازىرلانغان، ئۇرۇق-قوۋم ئەزالىرى كوللېكتىپنىڭ قوينىغا جەلپ قىلىنغان، كۆكەرمىلىك، بويۇنتاۋلۇق قىلىقلىرى چەكلەنگەن، بەگ-تۆرە، ئاقساقالنىڭ يېتەكچىلىكى قوبۇل قىلىنغان، ئۇلۇس-ئايماقنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشكەن، مۇراد-مەقسەت ئەمەلگە ئاشقان. يەنە رىۋايەتتە باشباشتاق جەمئىيەت ئۆرنەك سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ياشاش ئۈچۈن كۈرەش، كۈرەش ئۈچۈن بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، ساداقەتمەنلىكنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرگەن.

قانداقلا بولمىسۇن، بۆگۈخان ئوبرازىدا ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىك بار. ئۇ يېرىم ئىلاھ، يېرىم ئادەملىك خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئاتامان(باشتۆرە)ىدەك قاراملىق، باتۇرلۇق، فېئودال خانلاردەك سالاپەت، ئەقىل-پاراسەت ۋە ئەل-يۇرتنى باشقۇرۇش ماھارىتى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا باتۇرلۇق بىلەن پاراسەتلىك خاراكتېر بىرلىشىپ كەتكەن. بەزى ئۇرۇشلارغا بۆگۈخاننىڭ ئۆزىنىڭ باشبۇغ بولۇپ سەپەرگە چىقىشى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرىدىكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشتۆرىسىنىڭ ئوبرازىنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، يەنە باشقا يەردىكى بويسۇندۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى ئەۋەتىشى ۋە تارقاق قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خانلىق ئوردا ئارقىلىق باشقۇرۇش، سوۋغات قوبۇل قىلىش، نايىپ ئەمەلدار قويۇش قاتارلىقلار قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت خانلىرىنىڭ ئوبرازىنى ئادەملەر سەمىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

رىۋايەتتە بۆگۈخان ئوبرازى قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا تاكامۇللىشىپ بارىدۇ. بۇ ئوبراز ئالدى بىلەن تۇرمۇشنىڭ مەنتىقلىق تەرتىپى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللىككە قاراپ ماڭىدۇ. رىۋايەتتىكى بۆگۈخان ئوبرازى تارىختىكى بىر قانچە ئۇيغۇر خانىنى پىروتوتىپ قىلغان دەپ قارىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە پائالىيەت جەريانىغا ئىنچىكە دىققەت قىلىنىدىغان بولسا، ئۇنىڭدا زور ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ. يەنى بۇ رىۋايەتتىكى بۆگۈخۇن بىر قانچە دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە يىغقان. بۆگۈخان ئوبرازىدا غايىۋىلىك، قەھرىمانلىق، پاراسەتلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، تىپىكلىق قاتارلىق ئامىللار جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

بۆگۈخان ئوبرازى ۋاقىت ۋە بوشلۇقتىن ھالقىپ كەتكەن، كەڭ خەلقنىڭ مىللىي قىزغىنلىقى، ئورتاق غايىگە تەلپۈنۈشىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى ھاسىل قىلغان، بارچە ئۇلۇس-ئايماقلارنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى ئۆزىگە تارتقان يۈكسەك ئوبراز.

تۆتىنچىدىن، رىۋايەتنىڭ كومپوزىتسىيەسى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ۋەقەلىك تەپسىلاتى خرونولوگىيەلىك تەرتىپتە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرخىل كۆرۈنۈشلىرى، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بەزىسى غىل-پال، بەزىسى خېلىلا قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۆنىلىشىدە تەرتىپلىك بايان شەكلى قوللىنىلغان. رىۋايەت ئېنىق باشلىنىش نۇقتىسىغا، كۆلمىناتسىيەگە ۋە ئۈتۈقلۇق يېشىمگە ئىگە. كىشىلەرگە روشەن ئېستېتىك گۈزەللىك ئاتا قىلالايدۇ. رىۋايەتنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پاجىئەلىك ھالدا پارچىلىنىشى جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل پاجىئەنىڭ ئارىسىدا بېرىلگەن قىسقىچە يېشىم خاراكتېرلىك خاتىمە

ئوقۇرمەنلەرگە ئىلھامبەخش تەسىراتنى بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر بەلگىلىك تەربىيەگە ئىگە بولىدۇ، ئۇمىدكە تولىدۇ.

دېمەك، بوگۇخان رىۋايىتى نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا ئەجدادلارنىڭ ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريانى، سەرگۈزەشتىلىك قىسمەتلىرى، ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ رىۋايەت تارىخىي داستانغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلاپ، قەھرىمانلىق ئېپوسىنىڭ دەسلەپكى ئالامىتىنى ھازىرلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن تارىخىي رىۋايەت شەكلىدىلا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما، ئۇنىڭ كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ماتېرىيالى، بەدىئىي ۋە ئېستېتىك قىممىتى جەھەتىدىن تارىخىي داستان ياكى ئېپوسلار يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بەزى تەپسىلاتلار، ئايرىم مەزمۇنلاردىن كەم ئەمەس دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مانا مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىككە قاراپ، 1980 ـ يىللاردىن كېيىن شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىدا بەزى ئىلمىي خادىملارنىڭ بۇ رىۋايەتنى «بوگۇخان داستانى» دەپ ئاتىغانلىقى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس.

**2. «خۇئاستۇئانفت»**

«خۇئاستۇئانفت» (يوشۇرۇن تىلەك)نى بوتۇرمىش تارقان دېگەن كىشى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرگەن، بۇ مانى دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى، مانى يېزىقى بولۇپ بىرقانچە يازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. چەت ئەل ئالىملىرى بۇلارنى مىلادىيە 5—7 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا يېزىلغان دېگەن پىكىرنى ئېيتىشقان[①]. بەزىلەر بولسا داستاندا ئورقۇن ئۇيغۇر تىلى ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە قوچو ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان دېگەن پىكىرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقان.

«خۇئاستۇئانفت» مانى دىنىنىڭ «تۆۋبىنامە»سى بولسىمۇ، لېكىن داستان مانى دىنى ئەنئەنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېگىز قاڭقىلىقلار (گاۋچې ـ گاۋگۈي) دەپ ئاتالغان زامانلاردا رورەن (جۇرجان) ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا قارشى بەگقۇلى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان جەڭلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى دېگەن پىكىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**3. «ئىرق بىتىگ»**

بۇ ئەسەرنى ئىسىگ سانغۇن ۋە ئىتاچۇكلار قەلەمگە ئالغان. «ئىرق بىتىگ» شىنجاڭدا مەزمۇنىغا قاراپ «تەبىرنامە»، «پالنامە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ئەسەرنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بىر پارچە شېئىرىي ئەسەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

«ئىرق بىتىگ»نىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئىلمىي خادىملار ئۇنى تەخمىنەن 9 ـ ئەسىرگە ئائىت، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە قەلەمگە ئېلىنغان دەپ قاراشماقتا.

«ئىرق بىتىگ»نىڭ تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر قانچە خىل نۇسخىسى

[①] بەزىلەر بۇ قاراشقا گۇمان بىلەن قارايدۇ. ئۇلار بۇ يادىكارلىق قوچو ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىغا تەئەللۇق دېگەن پىكىرنى ئېيتىشقا مايىل.

دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن، تىلى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ.

ئەسەرنىڭ تۈرك يېزىقىدىكى نۇسخىسى تولۇقراق بولۇپ، ئۇ 65 بابتىن تۈزۈلگەن. ھەربىر باب «بۇ ئەزگۇ ياخشى» ياكى «بۇ يامان» دېگەن خۇلاسىي ھۆكۈم بىلەن ئاياغلاشقان. ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئالىملار مۇنداق تۆت قىسىمغا بۆلۈشكەن:

بىرىنچى، ئادەم ۋە ھايۋانلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان مەزمۇنلار.

ئىككىنچى، ئەپسانىۋى سۇژېتلار ۋە تەڭرىلەر توغرىسىدىكى مەزمۇنلار.

ئۈچىنچى، تەبىئەت تەسۋىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار.

تۆتىنچى، دىداكتىكىلىق مەزمۇنلار.

## §4. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى

### 1. قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە باشقا ئايرىم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەدەبىياتىنى ھەرخىل شەكىلدىكى تاشلارغا ئويۇپ خاتىرىلەپ قويغان ھەم ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدىلا «مەڭگۈ تاش»لار دەپ ئاتىغان. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى دېگەندە مانا مۇشۇلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەڭگۈ تاشلار سان جەھەتتىن خېلى كۆپ بولسىمۇ، بىراق، بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغانلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلاشقا بولىدىغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاساسەن شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئاشۇ خانلىقلار تېررىتورىيەسىدە بارلىققا كەلگەن مەڭگۈ تاشلار سۆزلىنىدۇ. بۇلار «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «مويۇنچور مەڭگۈ تېشى»، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»، «تەس مەڭگۈ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

شەرقىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۆپ چاغلاردا باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە ياشىغان، ئورتاق ئەدەبىيات مەدەنىيىتى ياراتقان. شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، ناھايىتى ئاز سۆزلەردىكى فونېما پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تىل جەھەتتە پەرق يوق: ئۇيغۇر خانلىقى تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇ خانلىقنىڭ زېمىنىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بىرمۇنچە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، شۇنداقلا تۈرك خانلىقى دەۋرىدە يارىتىلغان مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن[①]. شۇنداق بولغاچقا، تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاشلارمۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىدا ئىختىلاپ يوق. بىز بۇ ھەقتە جۇڭگونىڭ مەشھۇر تۈركولوگى پىروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەكىتلەپ ئۆتىمىز. ئۇ مۇنداق يازغان:

---

① ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 ـ يىلى 1 ـ سان، 46 ـ بەت، ئۈرۈمچى.

««تۇنيوقۇق مەڭگۈ تېشى›نىڭ تەۋەلىكى (ھەققىدە سۆزلەشكە توغرا كەلسە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى)، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئوۋ ياڭشۈەننىڭ ‹گۈيجەي توپلىمى. قوچولۇق شي جەمەتى تەزكىرىسى› (元欧阳玄«桂斋集.高昌偰氏家传») دىكى تۇنيوقۇق شي جەمەتى (偰氏家族 - سىلىنگالىق جەمەتىنىڭ ـ نەقىلچىدىن)نىڭ ئەجدادى دېيىلگەن خاتىرىگە ئاساسەن تۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ مەشھۇر ‹تۇنيوقۇق مەڭگۈ تېشى› نى شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى ‹كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى›، ‹بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى›،‹ئۇنگۈن مەڭگۈ تېشى›، ‹كۆلچۇر مەڭگۈ تېشى› قاتارلىقلارنىڭ تىل جەھەتتە ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مەڭگۈ تاشلار بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق»[①].دېمەك، بۇ خىل ئەھۋال پەقەت «تۇنيوقۇق مەڭگۈ تېشى»غىلا خاس ئەمەس ئىكەن. يەنى ئەينى زاماندا مەيدانغا كەلگەن باشقا مەڭگۈ تاشلارنىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدىمۇ شۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقى مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭدا ئاغزاكى ئەدەبىياتنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە سىڭىشىپ كەتكەن. بۇ خىل مەڭگۈ تاشلار ئەدەبىياتى سان جەھەتتە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن قىياپىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان يازما ئەدەبىياتنىڭ رەسمىي شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى ئېنىق پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرىدۇ.

**2.مەڭگۈ تاش ئاپتورلىرى**

1. تۇنيوقۇق (مىلادىيە ؟668—؟788) پەخرىي نامى بويىلا باغا تارقان بولۇپ، ئۇ تۈرك خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىيون، ھەربىي ئىستىراتېگىيەچى، مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىب. تۇنيوقۇق ئاشىد قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇ قەبىلىنىڭ قەدىمكى دىڭلىڭلار بىلەن بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى[②]. ئاشىدلار تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئاشىنا قەبىلىسىدىن كېيىن تۇرىدىغان ئىككى يېتەكچى ئاقسۆڭەك قەبىلىسىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى. تۇنيوقۇق ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا خەنزۇ تىلىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئىگىلىگەن. تۈركىي تىل ۋە يېزىقىدا يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە بولغان. ياش چاغلىرىدىن باشلاپ،ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە، ئەل ـ ئۇلۇس باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، ئۆز قوۋمى ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ، بىلگە تۇنيوقۇق (ئوقۇمۇشلۇق تۇنيوقۇق) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇ تەخمىنەن مىلادىيە 679—683 ـ يىللىرىدىن باشلاپ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلارغا قاتناشقان. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئېلتېرىش (مىلادىيە 691 —؟) قاغاننىڭ قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، تۈرك خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ھەمدەم بولغان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەزگىلى (مىلادىيە 683—691)دىن تارتىپ، قاپاغان قاغان (مىلادىيە 716—؟)نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى( مىلادىيە 691—716 ـ يىللار) ، بىلگە قاغان (مىلادىيە 684—734 ـ يىللار)نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (مىلادىيە 716—734 ـ يىللار)گىچە بولغان

① لىن گەن: «تۈركلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما» (林干编 «突厥回纥历史论文选集»)، جۇڭخۇا نەشرىياتى 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 664 ـ بەت،بېيجىڭ.

② شۆزوڭجىڭ: «تۇنيوقۇق ۋە ئۇ يازغان مەڭگۈتاش»، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» («新疆民族文学研究») ژۇرنىلى 1985 ـ يىلى 1 ـ سان 14 ـ بەت، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

ئارىلىقتىكى ئۈچ خانغا باش ۋەزىر بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇن يىل ياشىغان دەپ قارىلىدۇ.

تۇنيوقۇق قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن رېئالىزمچى يازغۇچى ئىدى. ئۇ «تۇنيوقۇق مەڭگۇ تېشى»نى ئۆزى يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەڭگۇ تاشنىڭ مەزمۇنى نەسر ۋە نەزم شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. «تۇنيوقۇق مەڭگۇ تېشى» (مىلادىيە 716 ـ يىلى) تۈركىي تىلدا، يازما ھالەتتە مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى رېئالىزملىق ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىبلىيوگرافىيەلىك (تەرجىمىھال خاراكتېرلىك) ئەسەر، شۇنداقلا ھەربىي ئاخبارات، يەنى خەۋەر ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان يازما ئەسەر. ئۇنىڭ ئاپتورى تۇنيوقۇق تۈركىي تىل ـ يېزىقتا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان تۇنجى ئەۋلاد يازغۇچىلاردىن بىرى. ئۇ يەنە ھەربىي يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ داڭلىقتۇر.

2. بىلگە قاغان (مىلادىيە 684 —734)نىڭ ئەسلىي ئىسمى بۆگۈ. قەدىمكى تۈرك خانزادىسى، ئاشىنا قەبىلىسىدىن، دادىسى قۇتلۇق ئېلتېرىش قاغان. ئۇ مىلادىيە 716 ـ يىلى قەدىمكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئولتۇرغان ۋە «بىلگە قاغان» دەپ ئاتالغان. ئۇ ئوردىدا ئاقسۆڭەكلەر تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان، ھەربىي ئىستراتېگىيە، خانلىقنى باشقۇرۇش ۋە تۈركىي تىل ـ ئەدەبىيات، مەدەنىيەتىنى پىششىق ئىگىلىگەن. بىلگە قاغان ھايات چېغىدا ئۆزىنىڭ ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىشى ئاساسىدا ئۆمۈر بايانى خاتىرىگە ئويۇلۇپ ھەيۋەتلىك «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» ئورنىتىلغان.

3. يوللۇغ تېگىن (652—744) تارىخشۇناس ۋە ئەدىب. ئاشىنا قەبىلىسىدىن، قەدىمكى ھۆججەتلەردە ئاشىنا يوللۇغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىلگە قاغان ۋە كۆلتېگىنلەرنىڭ جىيەنى (يىگەنى)، ئۇنىڭغا قەدىمكى تۈرك خانلىقى ئوردىسى تەرىپىدىن «تېگىن» ئۇنۋانى بېرىلگەن. بۇ خانلىقتا قاغاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن يابغۇ (باش ۋەزىر) بىلەن تەڭ ئۇنۋان ئىدى. يوللۇغ تېگىن ئوردىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. جۈملىدىن تارىخ، تىل ـ ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەربابلارنىڭ بىرى بولۇپ يېتىشىپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» قاتارلىقلارنى بىلگە قاغاننىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن رەتلەپ، تاش ئۈستىگە چۈشۈرۈپ، يادنامە قالدۇرغان. بۇ مەڭگۇ تاشلار ئۆزىنىڭ تارىخ، تىل ـ ئەدەبىيات، جۈملىدىن شېئىرىيەت جەھەتتىكى قىممىتى بىلەن ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

4. مويۇنچور[①] (مىلادىيە 759—؟) ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسىدىن، ئۇيغۇر قاغانى كۆل بىلگەنىڭ ئوغلى. 747—759 ـ يىللىرىغىچە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان، ھەربىي ئىشلار ۋە ئەل قۇرۇش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن، قەلەم ۋە ئەلەمگە ماھىر خانزادە ئىدى. مويۇنچور قەدىمكى تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتىنى، تارىخىنى پىششىق بىلگەن. ئۇ ھايات چېغىدا ئۆزىنىڭ ئۆمۈر سەرگۈزەشتىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇش يولىدىكى پائالىيەتلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان تارىخىي قەھرىمانلىق داستانى «مويۇنچور مەڭگۇ تېشى»[②] (مىلادىيە 759 ـ يىلى)نى تەييارلىغان. ئۇ قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، 47 قۇر خەت بار. «مويۇنچور مەڭگۇ

---

① بەزى ماتېرىياللاردا «بايانچۇر» دەپمۇ ئېلىنىدۇ.

② بۇ «تېرخىن مەڭگۇ تېشى»، «شىنە ـ ئۇسۇ مەڭگۇ تېشى»، «قاراقاغان (ئېل قاغان) مەڭگۇ تېشى)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تېشى» قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىنىڭ بىر مۇنچە ئەھۋاللىرىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. يەنى بۇ ئارقىلىق بىز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ دەسلەپتە تۈرك يېزىقىنى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى (شېئىرىيىتى)نىڭ قەدىمكى ئالامەتلىرىدىن خەۋەردار بولالايمىز. يەنە قەدىمكى شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، مەدەنىيىتىگە بىۋاستە ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى كۆرۈۋالالايمىز. مويۇنچۇر بۇ تەرەپتىكى تۆھپىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن مەدەنىيەت تارىخىدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە.

5. ئىدىكىن (مىلادىيە ؟—779 ـ يىللار) ئۇيغۇر ياغلاقار قەبىلىسىدىن. مەڭگۇ تاشلاردا ئېنىگى ياغلاقار دېيىلگەن. ئۇ مويۇنچورنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، مىلادىيە 759—779 ـ يىللىرى قاغان بولغان ۋە تەڭرى قاغان دېيىلگەن. ئۇ تەخمىنەن 753 ـ يىللاردىن كېيىن، دادىسى مويۇنچورنىڭ ئاغزاكى سۆزلەپ بەرگەن شەخسىي سەرگۈزەشتىلىرىنى تارىخىي مۇھىت بىلەن باغلاپ خاتىرىگە ئېلىپ، مەڭگۇ تاشقا ئويغۇزغان. بەزى جايلىرىنى ئۆز نامىدىن بايان قىلغان. بۇ ئېلىنىم ساھەسىدە «مويۇنچور مەڭگۇ تېشى» (2) ياكى «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» (2) دەپ ئاتىلىدۇ. مەڭگۇ تاش قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئويۇلغان. بۇ مەڭگۇ تاش «مويۇنچور مەڭگۇ تېشى» (1) نىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنى، يەنى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى، تارىخىنى، شۇ دەۋردىكى تىل، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ئەھۋالىنى ئۆگىنىشتە ياخشى ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاپتورى ئىدىكىن قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك يادىكارلىقى بىلەن ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق، ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە تارىخىي شەخس سۈپىتىدە ئەسكە ئېلىنىدۇ.

6. تۇپەك ئالىپ شۇل — قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسىدىن، مويۇنچور ۋە بۆگۈخان (ئىدىكىن) بىلەن زامانداش ھەم ئۇلارنىڭ جەمەت (ئۇرۇقى)بىدىن. ئۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخشۇناس ۋە ئەدىب بولۇپ، «تەس مەڭگۇ تېشى» (761—762)نى يېزىپ چىققۇچى. بۇ مەڭگۇ تاش قەدىمكى تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭدا مويۇنچور، بۆگۈخان (ئىدىكىن) قاتارلىق بىرقانچە ئەۋلاد ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان. بۇ بايانلار ئاپتور تىلىدىن بېرىلگەن. «تەس مەڭگۇ تېشى»نىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى نىسبەتەن يۇقىرى. ئۇ «مويۇنچور مەڭگۇ تېشى» (1)(2) نىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاشتا قىممەتلىك ماتېرىيال سانىلىدۇ. مەڭگۇ تاشتا ئىدىكىن ـ تەڭرى قاغاننىڭ ئالدىنقى ئەۋلادى (دادىسى مويۇنچور) ئەل ئىتمىش بىلگە قاغانغىچە بولغان خانلارنىڭ تارىخى يورۇتۇلغان. ئىلمىي خادىملارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، «تەس مەڭگۇ تېشى»دا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ 280(380؟) يىل داۋام قىلغان ئىككى ئۇيغۇر خانلىقى ۋە 150 يىل جەريانىدىكى خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن ھەم يات قەبىلىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىككى دەۋرى ھەققىدىكى خاتىرىلەر تىلغا ئېلىنغانىكەن①. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «تەس مەڭگۇ تېشى» قەدىمكى زامان تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىسى. ئۇنىڭ ئاپتورى تۇپەك ئالىپ شۇل ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى، قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى، قەدىمكى تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتىنى پۇختا ئىگىلىگەن داڭلىق شەخس ئىدى.

7. ئەل ئۆگەسى، ئىنانچۇر مۇقان تارقانلار ( 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى

---

① س. گ. كىلياشتورنى(رۇسىيە): «تەس مەڭگۇ تېشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۈرۈمچى.

چاريكىدە ياشىغان تارىخچى ۋە ئەدىبلەر)_ئۇيغۇر خانلىقىدا مۇھىم ئەمەل تۇتقان، ئوردىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىنى ئۆگەنگەن ھەم ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە سوغدى يېزىقلىرىنى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ گەۋدىلىك تۆھپىسى «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۇ تېشى»نى يېزىپ خاتىرە قالدۇرغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەڭگۇ تاش ئۈچ خىل يېزىقتا، ئۈچ خىل تىلدا خاتىرىلەنگەن. بىر تەرىپى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان، يەنە بىر تەرىپى سوغدى تىلى ۋە سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان، يەنە بىر تەرىپى خەنزۇ تىل-يېزىقىدا يېزىلغان، خەنزۇچە قىسمىنى ئىنانچۇر مۇقان تارقان ئويغان. مەڭگۇ تاشنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئەل ئۆگەسى تىكلىگەن. شۇڭا بۇ ئىككى شەخسنىڭ نامى بۇ مەڭگۇ تاش بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. مەڭگۇتاشتا 22 قۇر خەت بار بولۇپ. مىلادىيە 814-يىلى تىكلەنگەن. مەڭگۇ تاش مىلادىيە 808—821-يىللاردىكى ئۇيغۇر قاغانى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان»نىڭ دەۋرىدىكى ئىشلارنى مەركەز قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، مويۇنچۇر، تەڭرى قاغان (بۆگۈخان)لارنىڭ جۇڭگونىڭ مەركىزىي خانىدانلىقى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ، ئەنلۇسەن-شى سىمىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش يولىدىكى تۆھپىسى سۆزلەنگەن. تەڭرى قاغان[①] (بۆگۈخان)نىڭ مانى دىنىنى ئۇيغۇرلارغا تارقىتىشى، 808- يىلىدىن 821-يىلىغىچە خان بولغان تەڭرى قاغان (باۋيى قاغان-ئادالەتنى قوغدىغۇچى)غىچە بولغان ۋەقەلەر سۆزلەنگەن. بۇ مەڭگۇ تاش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، يېزىقى، مەدەنىيىتى، ئالاقە ئىشلىرىنى ئۆگىنىشتىكى ياخشى ماتېرىيال. ئەل ئۆگەسى، ئىنانچۇر، مۇقان تارقانلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش دەۋرىدە ياشىغان ۋە ئۇنىڭغا شاھىت بولغان مەدەنىيەت ئەربابلىرى.

### 3. مەڭگۇ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

مەڭگۇ تاشلارنى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئەسەر تۈرىگە تەئەللۇق قىلىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بار. شۇڭا ئۇلارنى بەدىئىيلىك ئۆلچىمىگە سېلىپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

مەڭگۇ تاشلار ھەرقايسىسى ئايرىم-ئايرىم شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغانلىقى، ئەكس ئەتتۈرگەن كونكرېت تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىمۇ، لېكىن ئىدىيەۋى خاھىش، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي تىل ۋە تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر جەھەتتىن ئومۇملۇققا ئىگە[②]. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، جۈملىدىن ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىشقا بولىدۇ.

1. مەڭگۇ تاشلارنىڭ تۈر-ژانىرلىق خۇسۇسىيىتى، جۈملىدىن شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى مەڭگۇ تاشلارنىڭ مەزمۇنىنى تەكشۈرسەك، ئالدى بىلەن ئۇلارنى بىر «ئەدەبىي ئەسەر»، يەنى ئېپوس ياكى قەھرىمانلىق داستانلىرى تۈرىگە تەۋە دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. مەڭگۇ تاشلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا خېلىلا مۇكەممەل كومپوزىتسىيەگە ئىگە بىر پارچىدىن ئەدەبىي ئەسەر، يەنى ئۇلاردا باشلىنىش، راۋاجلىنىش ۋە تۈگەللىنىش جەريانى كۆزگە روشەن چېلىقىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئەسەرلەردە نەسر ۋە نەزم ئارىلاش قوللىنىلغان. يەنى قەدىمكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېپوسلىرى شەكلىدە يېزىلغان.

«تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»دىكى نەسرىي مىسرالارنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭدا مۇنداق

---

① ئۇيغۇر خانلىقىدا بىر قانچە ئەۋلاد خان تەڭرى قاغان دەپ ئاتالغان.

② ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1982-يىلى 1-سان، ئۈرۈمچى.

ھېسسىياتلىق بېرىلگەن نەسرىي مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز:

*«تورۇق بۇقالى سەمىز بۇقالى ئىراقتا*

*بوڭسەر، سەمىز بۇقا تورۇق بۇقا تىيىن بىلمەز*

*ئەرمىس تېيىن ئانچە ساقىندىم»*

*[«ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقا يىراقتا ئۈسۈشسە، ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ. مەن ئاشۇنداق ئويلىدىم»].*

«تۇنيوقۇق مەڭگۇ تېشى»دا شېئىرىي مىسرالارمۇ مەلۇم ھەجىمدە بار.

«كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»دىكى شېئىرىي مىسرالار مۇنداق:

*«ئىلگەرۇ شەنتۇڭ يازىقا تەگى سۇلەدىم،*

*تالۇيقا كىچىگ تەگمە دىم،*

*بىرگەرۇ توقۇز ئەرسەنكە تەگى سۇلەدىم،*

*تۈپۈتكە كىچىگ تەگمە دىم.»*

*[«ئالدى تەرەپ (شەرق)تىن شەندۇڭ تۈزلەڭلىكىگىچە قوشۇن تارتتىم. دېڭىز (ساھىلى) غا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم. ئوڭ (جەنۇب)دىن توققۇز ئەرسەنگىچە قوشۇن تارتتىم. تىبەتكە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم»].*

بۇ مىسال ئېنىق شېئىرىي مىسرالاردىن ئىبارەت. يەنى ئۇنىڭ تۆتىلا مىسراسى قاپىيەداش كەلگەن. 1-، 3-مىسرالىرى 13 بوغۇمدىن، 2-، 4-مىسرالىرى 8 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن، ئۇنىڭ 1-، 3- مىسرالىرىنى 8 +5، 2-مىسرالىرىنى 5+3 بوغۇم قىلىپ ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ بىر كۇپلېت شېئىر رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە. ئاياغ قاپىيە ئاساس قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى، 2-ۋە 4-مىسرالىرى «ت» ھەرپى بىلەن باشلانغان سۆزلەر ئارقىلىق باش قاپىيە شەكلىمۇ كۆرسىتىلگەن.

يەنە مىسالغا ئالساق:

*تۇن ئۇدماتى،*

*كۇنتۇز ئولۇرماتى.*

*قارا تەرىم يۇگۇرتتى،*

*ئىسىگ كۇچۇگ بەردىم ئوق.*

*[تۈن بويى ئۇخلىمىدىم،كۈندۈزدە ئولتۇرمىدىم، قىزىل قېنىم تۆكۈلدى، قارا تەرىم زەپ ئاقتى، ئىسسىق كۈچۈمنى بەردىمغۇ.]* («تۇنيوقۇق مەڭگۇ تېشى»، شەرق تەرىپى 15—25-قۇرلار)

يەنە مىسال:

*تەڭرى يارلىقا دۇقىن ئۇچۇن،*

*ئۆزىم قۇتىم بار ئۇچۇن،*

*قاغان ئولۇرتىم،*

*قاغان ئولۇرىپ،*

*يوق-چىغانى بودۇنىغ،*

*قوپ-قوپراتىم،*

*چىغانىي بودۇنىغ باي قىلتىم،*

*ئاز بودۇنىغ ئۆكۈش قىلتىم.*

*[ تەڭرى يار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن، قاغانلىققا ئولتۇردۇم، قاغان بولۇپ، يوقسۇل خەلقىمنى كۆپ قىلدىم.]* («كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»، جەنۇب تەرىپى 10-قۇر)

يۇقىرىقى مەزمۇن «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»نىڭ شەرقىي تەرىپىدە باشقا خىل بىر ۋەزىن

بىلەن مۇنداق تەكرارلىنىدۇ:

*قۇتىم بار ئۇچۇن،*
*ئۇلگىم بار ئۇچۇن.*
*ئۆلتەچى بودۇنىغ،*
*تىرگرۈ ئىگىتىم.*
*يالاڭ بودۇنىغ،*
*تونلىغ قىلتىم.*
*چىغانىي بودۇنىغ،*
*باي قىلتىم.*
*ئاز بودۇنىغ،*
*ئۆكۈش قىلتىم.*

(«كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»، شەرق تەرىپى 29 ـ قۇر)

ئىككى پارچىدىكى مەزمۇن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. لېكىن بۇلاردىكى ۋەزىن پەرقلىق. ئاۋۋالقىسى ئېغىرراق، سالماق، داغدۇغىلىق ۋەزىن، كېيىنكىسى خەلق قوشاقلىرىدەك يەڭگىل، ئويناق ۋەزىن. دېمەك، مەڭگۇ تاش تېكىستلىرىنىڭ ۋەزنىمۇ باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل بولماستىن، مەزمۇنىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرغان.

ئۇنىڭدىن باشقا مەڭگۇ تاش تېكىستلىرى بەدىئىي ۋاسىتىلەرگىمۇ باي. مۇبالىغە، ئوخشىتىش، سىلىشتۇرما، جانلاندۇرۇشلار ھەربىر بۆلەكتە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

*يۇپقا ئەرىكلىگ توپلاغالى ئۇچۇز ئەرمىس،*
*يىنچىكە ئەرىكلىگ ئۈزگەلى ئۇچۇز...*
*يوپقا قالىن بولسا، توپلاغولۇق ئالىپ ئەرمىس،*
*يىنچىكە قالىن بولسار ئۈزگۈلۈك ئالىپ ئەرمس.*

*[يۇپقا نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇش ئوڭاي، يۇپقا قېلىن بولسا، ئېگىش تەسكە چۈشىدۇ، ئىنچىكە تومبولسا، سۇندۇرۇشمۇ مۇشكۇل].* («تونيوقۇق مەڭگۇ تېشى»، جەنۇب تەرىپى 13 ـ، 14 ـ قۇر)

*باردۇق يېرىدە ئەرگۈ ئول ئەرىنچ،*
*قانىڭ سوبچا يوگۈرتى،*
*سۆڭۈگۈڭ تاغچا پاتدى،*
*بەگلىك يۇرى ئوغلىڭ قۇل بولتى!*
*سىلىگ قىز ئوغلىنىڭ كۈڭ بولتى.*

*[بارغان يېرىڭدە ياخشىلىق بولدىمۇ؟ قېنىڭلار سۇدەك تۆكۈلدى. سۆڭەكلىرىڭلار تاغدەك دۆۋىلەندى. بەگدەك ئارزۇلۇق ئوغۇللىرىڭ قۇل بولدى. ئىپپەتلىك قىزلىرىڭ دېدەك بولدى.]*

*تەڭرى كۈچ بەردۈك ئۈچۈن،*
*قاڭىم قاغان سۇسى.*
*بۆرىتەك ئەرمىس،*
*ياغىسى قونى تەگ ئەرمىس*

*[تەڭرىم كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام قاغاننىڭ قوشۇنى بۆرىدەك، دۈشمىنى قويدەك ئىكەن].* («كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»، شەرق تەرىپى 12 ـ قۇر)

يۇقىرىقىلاردىن مەڭگۇ تاش تېكىستلىرىنىڭ شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە،

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە باي بەدىئىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس[1].

مەڭگۈ تاشلارنى يەنە قەدىمكى زامان قاغانلىرى ۋە خان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى ھەم كەچۈرمىشلىرىنى ئەدەبىي يول بىلەن بايان قىلغان تەزكىرە ئەدەبىياتى ياكى دەسلەپكى بىئوگرافىيەلىك (تەرجىمىھال خاراكتېرلىك) ئەسەر دېيىشمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەڭگۈ تاشلارنى نەسر ۋە نەزم شەكلىدە يېزىلغان، قەدىمكى تۈركىي، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قەھرىمانلىق داستانى ياكى تارىخىي ئېپوسى دەپ بىلىش بىرقەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەڭگۈ تاشلاردا ھايات كۆرۈنۈشلىرى ۋە شەخس خاراكتېرلىرى تەسىرلىك، ھېسسىياتلىق ۋە ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. ئۇلار بايان قىلىش ئۇسۇلىدا 1-شەخس (مەن)، 2-شەخس (سەن)، 3-شەخس (ئۇلار) تىلىدا ئىپادىلەشنى ئېلىپ بارغان[2].

2. مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

مەلۇمكى، مەڭگۈ تاشلار بەلگىلىك بىر مەقسەتتە يارىتىلغان. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇددىئا ناھايىتى ئېنىق. ئومۇمەن، مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى ئىلغارلىققا، ئاكتىپلىققا ئىگە دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەڭگۈ تاش ئاپتورلىرى ئوچۇق رېئالىزم مېتودىنى قوللانغان، رومانتىزملىق مېتودمۇ بەلگىلىك رەۋىشتە ياندىشىپ ماڭغان.

ئەسەردە تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتا ھەقىقىيلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنغان، تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى چىن، تەسۋىرىي بوياقلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان.

1) مەڭگۈ تاشلاردا ئۆز زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتا ئارقىلىق بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

(1) قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىدا ئۇرۇق-قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، قاغان قارارگاھلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىپ (تەڭرىنىڭ قاغانلارغا كۆرسەتكەن ھامىيلىقى بىلەن) خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى سۆزلەنگەن؛ قاغانلارنىڭ تەختكە چىقىپ، غەيرىي-رەسمىي قانداش ئۇرۇق، قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولغان تىرىشچانلىقلار بايان قىلىنغان؛ ئىچكى نىزا، ئۆزئارا ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىلىپ، خەلقنى باي-پاراۋان قىلىش، ياخشى قانۇن تۇرغۇزۇلۇپ، قاغانلىقنىڭ مۇستەھكەملىنىش يولىدىكى ئىستەك-خاھىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ قاغانلىق قۇرۇش، مۇستەھكەملەشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن؛ قاغانلىقلارنىڭ بەزى چاغدا مۇنقەرز بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى، تەجرىبە-ساۋاق، بۇنىڭغا نىسبەتەن ھەسرەت-نادامەت، ئۆكۈنۈش ئىپادىلەنگەن.

(2) قاغانلىقنىڭ خاراكتېرى، سەلتەنىتى، كۈچ-قۇدرىتى، ئەل ئىچىدىكى ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسى، ھەربىي ئىشلار قۇرۇلمىسى، مەنسەپ، دەرىجىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن؛ ھەرقايسى ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ قاغانلىقتا تۇتقان ئورنى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، كېلىشىش-كېلىشەلمەسلىكى، توپىلاڭلىرى، بېسىقتۇرۇلۇش ئەھۋالى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى، ئىسىملىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، قاغانلىقنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى چۈشەندۈرۈلگەن؛ قاغانلىققا تەۋە زېمىنلار (تاغ-دەريا، يايلاق-

[1] ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئورقۇن مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» 2000-يىللىق 2-سان، 110-، 111-، 112-، 113-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى.

[2] ھەرقايسى مەڭگۈ تاشلار ئۆز ئالدىغا پېرسوناژ تىلىنى قوللانغان.

تۇزلەڭلىكەر، تەبىئىي شارائىتلار) نىڭ تەسۋىرى، يەنى پۈتۈن ئەلنىڭ چېگراسىنى بەلگىلەشكە دائىر ئىشلار، توپونومىيەلىك مەلۇماتلار سۆزلەنگەن.

(3) قاغانلارنىڭ تەختكە چىققاندىكى سەۋەب، ۋاقىت، قاغانلىقنى يۈتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي ئاساسى، يۈكسىلىشى بايان قىلىنغان؛ قاغان، ۋەزىر، تېگىنلەر، قاتۇنلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، تىرىشچانلىقلىرى، ئاتاق (نام)لىرى، كۈچ - قۇدرىتىنىڭ تەرىپى، ئۇلارغا مەدھىيەلەر، قاغانلىقنىڭ نەسەبنامىسى، مەڭگۈ تاشلارنى ئورنىتىشتىكى مەقسەت ۋە مۇراسىم - رەسمىيەتلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن؛ قاغانلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇلار تۇرغان، باشقۇرغان ئەلنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى، ھاياتىدا قىلغان چوڭ ئىشلار، ئۇرۇشلار، قاغانلىقنى قۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلار، ئۇلارنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن.

(4) ئورقۇن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە، ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش، تۆرۈ - ھوقۇق، سىياسىي، ئەخلاق، تىل، ئەدەبىيات - سەنئەت، قانۇن - نىزام، ھەربىي سەنئەت، تاكتىكا، يىلنامىلىرى، قىسقىسى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىرى، سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، ئىلىم - پەن جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ مەنزىرىسى سۆزلەنگەن.

ۋاھالەنكى، مەڭگۈ تاشلاردا ئورقۇن دەۋرىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن بولماستىن، بەلكى ئۇلارغا ئاپتورلارنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە قوشۇلۇپ كەتكەن.

شۇنىسى ئېنىقكى، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋەقەلىكلىرى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتىن كىچىكلىتىلگەن ئېپوسنى ئەسلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ بارلىق رېئال ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى مەلۇم بىر ئەكس ئەتتۈرۈش سىستېمىسىغا بويسۇندۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار:

بىرىنچىدىن، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھاياتىدىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر، ھەربىي يۈرۈشلەر، قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، قاغانلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللاشقان ئوبرازىنى سىزىپ بېرىدۇ. ئاندىن كونكرېت جەڭلەرنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەيدۇ.

ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى بۇنداق بىر رامكا مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى رېئال تارىخنى كۆرۈنۈشتە يىراقلاشتۇرىدۇ. مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ ئاپتورلىرىدا تارىخىي ھادىسىلەرنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە قارىغاندا، ئەينى دەۋر ئەدەبىي قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش ئىستىكى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان دېيىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى چوڭراق. ئاپتورلار ئەينى زاماندىكى ئاغزاكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە پايدىلانغان ھەمدە ئۇنى ئەينى دەۋرنىڭ ئەدەبىي - ئېستېتىك پىرىنسىپلىرىغىمۇ ماسلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە رىئايە قىلغان. بۇ ئەھۋال ھەممىدىن ئاۋۋال قاغانلىق يولباشچىلىرىنىڭ ئوبرازلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە كۆرۈلىدۇ. مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە قاغانلىق يولباشچىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى، ھەربىي يۈرۈشلىرى خۇددى ئاغزاكى قەھرىمانلىق داستانلىرىدىكىدەك مۇبالىغىلەشتۈرۈلىدۇ، ئىدېئاللاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كونكرېت تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ تارىخىيلىقىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ساقلاپ قېلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشى ئەينى دەۋر ئاغزاكى قەھرىمانلىق داستانلىرى ياكى ئېپوسلار ئۇچۇن ئورتاقتۇر. بۇ نۇقتا ئۆز يېرى، ئۆز ئۇلۇسى

(ئۆلۈشى) ياكى ئۆز ئېلىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. يەنى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە خۇددى ئاغزاكى قەھرىمانلىق داستانلىرىدىكىدەك، خەلق ئاممىسىنى بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرۇش، قەددىنى تېخىمۇ رۇسلاش، قاغانلىق زېمىنىنى كېڭەيتىش، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشكە بولغان خىتاب ـ ئۈندەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەل ـ يۇرتنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، غەم ـ قايغۇسىغا يېتىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شۆھرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش، غەيرەت ـ شىجائىتىنى ئۇلۇغلاش ئورقۇن مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدىيەۋى يۆنىلىشىدۇر[1].

شۇڭا، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى تەھلىل قىلغاندا،نوقۇل ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتىنى تەكىتلەشمۇ، ياكى ئەدەبىي قىممىتىنى تەكىتلەشمۇ بىر تەرەپلىمىلىك خاھىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

2) قەھرىمانلىق روھ ئىپادىلەنگەن. مەلۇمكى قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ «خاراكتېرلىك ھاياتى كۆپرەك باتۇرلۇقتا، قەھرىمانلىقتا ئىپادە قىلىنغان»[2].

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياشىغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت كىشىلەردە قەھرىمانلىق روھىنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشىنى شەرت قىلغان. چۈنكى «بوستانلىق ئاھالىلىرى (يايلاق ئاھالىلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئۆزى بىلەن خانلىقنى بىر گەۋدە دەپ تونۇغان بولۇپ، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ۋە بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، ئىبادەت قىلغان، ئۆز پادىشاھى ۋە خانلىقىنىڭ ئامانلىقى ئۇلارنىڭ ئەڭ زور ئارزۇسىغا ئايلانغانىدى»[3].

خەلق ئۆز يولباشچىلىرىنىڭ تەڭداشسىز قەھرىمان بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان، باتۇر، قەھرىمان شەخسلەر خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە، چوقۇنۇشىغا سازاۋەر بولغان. قەھرىمانغا بولغان ئېتىقاد ئۇلارنىڭ ئىدىيە، تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە رىۋايەت، ئېپوسلىرىدا كونكرېت ئىپادىلەنگەن. قوۋم، خەلق ئارىسىدىكى ئورۇش تۆھپىسىگە ئىگە باتۇرلار كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ شەنىگە ئاتاپ دەبدەبىلىك مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلگەن. ھەشەمەتلىك قەبرىلەر تىكلىنىپ، قەبرە تېشىغا ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى پۈتۈلگەن. ئۇلارنىڭ روھلىرى كىشىلەرنىڭ دائىم يوقلاپ، تاۋاپ قىلىپ تۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. بۇ خىل قەھرىمانلىقنى ئۇلۇغلاش، قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ئەنئەنىسى ئەجدادلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ئۇدۇملۇق ئادەت سۈپىتىدە ساقلانغان. ھەرقانداق بىر يولباشلىغۇچى (رەھبەر)غا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ھەربىكتى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى ۋە ماس كېلىشى، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى ئۆزى رەھبەرلىك قىلىدىغان گۇرۇھ(قابىلە ـ ئايماق)لارنىڭ ئىدىيەسى بىلەن ئوخشاش بولۇشى، ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ بېرەلىشى لازىم بولغان. مۇشۇ تەلەپلەر بويىچە ئىش كۆرگەندىلا ئاندىن خەلق ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان ئاساستا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەيدۇ ۋە ئۆز خەلقىنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلىنالايدۇ. مەسىلەن، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئۇچرايدۇ:

*«قاڭىمىز، ئەچىمىز قازغانمىش بودۇن ئاتى كۈسى يوق بولمازۇن تىيىن، تۈرك بودۇن ئۈچۈن تۈن ئۇدىمادىم، كۈنتۈز ئولۇرمادىم؛ ئىنىم كۆل تېگىن بىرلە، ئەكى شاد بىرلە ئۆلۈ يىتۈ قازغانتىم.*

---

[1] «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، 2000 ـ يىلى 2 ـ سان، 105 ـ، 106 ـ بەتلەر.
[2] «بېلىنىسكى تاللانما ئەسەرلىرى»، 228 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.
[3] كىلىمگېت (گېرمانىيە): «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت»، 206 ـ بەت، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

ئانچا قازغانىپ، بىرىكى بۆدۈنىغ ئوت ـ سۇب قىلمادىم؛ مەن (ئۆزىم ئۇلۇر توقىما يىرسايۇ) بارمىس بودۇن ئۆلۈ يىتۇ ياداغىن يالاڭىن يانا كەلتى. بودۇنىغ ئىگىدەيىن كېيىن، يىرغارۇ ئوغۇز بودۇن تاپا،ئىلگەرۈ قىتابى تاتابى بودۇن تاپا بىرىگەرۈ (تابغاچ تاپا) ئۇلۇغ سۇ ئەكى يىگىرمە (سوڭۇشتۇم، ئانتا) كىسرە، تەڭرى يارلىقازۇ، قۇتىم بار ئۈچۈن، ئۇلۇگىم بار ئۈچۈن ئۆلتەچى بۆدۈنىغ تىرىگرۈ ئىگىتىم، يالاڭ بۆدۈنىغ تونلىغ، چىغانىي، بودۇنىغ باي قىلتىم، ئاز بودۇنىغ ئۆكۈش قىلتىم. ئىغار ئەللىگىدە (ئىغار قاغانلىقتا يەگ قىلتىم)

[«ئاتام، تاغام قولغا كەلتۈرگەن خەلقلەرنىڭ نام ـ ئابرۇيىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى ئۈچۈن، تۈنلىرى (خاتىرجەم) ئۇخلىمىدىم، كۈندۈزلىرى (خاتىرجەم) ئولتۇرمىدىم، ئىنىم كۆل تېگىن بىلەن بىللە، ئىككى شاد بىلەن بىللە، ئۆلە ـ تىرىلىشىمگە باقماي تىرىشتىم؛ ئاشۇنداق تىرىشىپ يۈرۈپ، خەلقنى ئوت ـ سۇ قىلمىدىم، ئىناق قىلدىم. ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن خەلق ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي پىيادە، يېلىڭ ـ يالىڭاچ ھالدا قايتىپ كەلدى. خەلقنى باقاي دەپ، شىمالدا ئوغۇزلار، شەرقتە قىتان، تاتابى خەلقى تەرەپكە، جەنۇبتا XXXكە زور قوشۇننى باشلاپ ئون ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلدىم. كېيىن تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن، تەلىيىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلققە جان كىرگۈزدۈم. يالىڭاچ خەلقنى تونلۇق، يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم. ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم. (ئۇلارنى) كۈچلۈك قاغانلىقى بار، كۈچلۈك قاغانى بار خەلقلەردىنمۇ ياخشىراق ياشايدىغان قىلدىم»]. (شەرق تەرەپ 26_، 27_، 28_، 29_، 30_ قۇرلار)

بۇنىڭدىن باشقا «تۇنيوقۇق مەڭگۈ تېشى»دىكى تۆۋەندىكى بايانلارغا قاراپ باقايلى:

«ئانتا ئايغۇچىسى يەمە بەن ئۈك ئەرتىم، ياغىچىسى يەمە بەن ئەرتىم، ئىلتەرىش قاغانغا، تۈرك بۆگۈ قاغانغا، تۈرك بىلگە قاغانغا قاپاغان قاغان يەتى ئوتۇز ياسقا ئانىدا ئەرتى قاپاغان قاغان ئولۇرتىم. تۈن ئۇدماتى، كۈنتۈز ئولۇرماتى، قىزىل قانىم تۆكۈلتى، قاراتەرىم يۈگۈرتى، ئىسىگ كۈچىگ بەرتىم ئۈك، بەن ئۆزۈم ئۈزۈن يەلمەگ يەمە ئەتتىم. ئارقۇي قاراغۇغ ئولغارتدىم ئوق، يارىغما ياغىغ كەلۈرۈر ئەرتىم، قاغانىمىن سۇ ئەلتمەدىمىز. تەڭرى يارلىقا زۇ! بۇ تۈرك بودۇن ئارا يارىقلىغ ياغىغ يەلتۈرمەدىم، تۆگۈنلىگ ئاتىغ يۈگۈرتمەدىم؛ ئىلتەرىش قاغان قازغانماسار ئۇدۇبەن ئۆزۈم قازغانماسار، ئىل يەمە، بودۇن يەمە يوق ئەرتەچى ئەرتى، قازغاندۇقى ئۈچۈن، ئۇدۇ ئۆزۈم قازغاندۇقىم ئۈچۈن ئىل يەمە ئىل بولتى، بودۇن يەمە بودۇن بولتى»

[«شۇ چاغدىمۇ ئەقىلدارى يەنىلا مەن ئىدىم. ياغىچىسى (تەشكىللىگۈچىسى) يەنىلا مەن ئىدىم. ئېلتەرىش قاغانغا، تۈرك بىلگە قاغانغا، تۈرك بۆگۈ قاغانغا، قاپاغان قاغان يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىدا، مەن قاپاغان قاغانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم. تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم. كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۇم. قارا تەرلىرىمنى ئاقتۇردۇم. مەن (خانلىق) ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم. مەن ئۆزۈم يەنە ئاتلىق قوشۇن چىقاردىم. مەن ئوردا قاراۋۇللىرىنى كېڭەيتتىم. يېنىپ ـ يېنىپ تۇرغان رەقىبلەرنى بويسۇندۇردۇم. قاغانىم بىلەن بىرگە (كۆپ قېتىم) جەڭگە قاتناشتىم، ئېلتەرىش قاغان تىرىشمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشمىغان بولسام، خانلىق ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن، خانلىق يەنىلا خانلىق بولدى، خەلق يەنىلا خەلق بولدى»]. (49_، 50_، 51_، 51_، 54_، 55_، 56_قۇرلار)

مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئوتلۇق مىسرالار، تەسىرلىك بايانلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

3) مەڭگۈ تاشلاردا بىلمىسىزلىك قامچىلانغان، نادانلىق، قاششاقلىق ئۈستىدىن قاتتىق

شىكايەت قىلىنغان.

مەھگۇ تاشلارنىڭ ئاپتورلىرى يۇقىرى ئىجتىمائىي ئاڭغا، يىراقنى كۆرەر ئىقتىدارغا ئىگە ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بۆگۈلىرىدىن، بىلگە ـ دانىشمەنلىرىدىن ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئۆزلىرى توپلىغان تەجرىبە ـ بىلىم ۋە ھەقىقەتلىكى ئىسپاتلانغان نەزەرىيەلەر بىلەن ئەينى دەۋر جەمئىيىتىنىڭ رېئال ئەھۋالىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان سۈبيېكتىپ دۇنيا قارىشىنى «مەھگۇ تاشلار» تېكىستىگە تەبىئىي ھالدا سىڭدۈرۈۋەتكەن. مەسىلەن، «كۆلتېگىن مەھگۇ تېشى»دا مۇنداق بايانلار بار:

*«ئانتا كىسرە ئىنىسى ئەچىسىن تەگ قىلىنمادۇق، ئوغلى قاڭىنتەگ قىلىنمادۇق ئەرىنچ. بىلگىسىز قاغان ئۇلۇرمىس ئەرىنچ يابلاق قاغان ئولۇرمىس ئەرىنچ. بۇيرۇقى يەمە بىلىگسىز ئەرىنچ، بەگلەرى بودۇنى تۇزسىز ئۈچۈن ئىنلى ئەچىلى كىڭشورتۇكىن ئۈچۈن بەگلى بودۇنلىغ يوڭشۇرتۇقىن ئۈچۈن تۈرك بودۇن ئىللەدۈك ئېلىن ئىچغىنۇ ئىدمىس.»*

*[«ئاندىن كېيىن ئىنىلىرى ئاكىسىنى دورىماپتۇ. ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ. بىلىمسىز قاغان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بەگلىرىمۇ ئېھتىمال بىلىمسىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك، ئىنى بىلەن ئاكىنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى خانلىقىدىن مەھرۇم بولۇپتۇ»].* (شەرق تەرەپ 5 ـ، 6 ـ قۇرلار)

«بىلگە قاغان مەھگۇ تېشى»دا مۇنداق دېيىلگەن:

*«تۈرك بەگلىرى تۈرك بودۇنۇم قازغانىپ بۇ قاغانىڭدا بۇ بەگلەرىگدە سۇبىڭدا ئايرىلماسار تۈرك بودۇن ئۆزۈڭ ئەدگۇ كۆرتەچسەن، ئەبىڭە كىرتەچسەن، بۇڭسىز بولدا چىسەن»*

*[«تۈرك بەگلىرى، تۈرك خەلقىم قاغانىڭلاردىن، بەگلىرىڭلاردىن، سۇيۇڭلاردىن ئايرىلمىساڭلار، تۈرك خەلقى ئۆزۈڭلار ياخشىلىق كۆرەلەيسىلەر، قايغۇسىز بولالايسىلەر»].*(جەنۇبىي يۈزى 13 ـ، 14 ـ قۇرلار)

«مويۇنچور مەھگۇ تېشى»دا مۇنداق دېيىلگەن:

*«قارا ئىگىل بودۇنىغ يوق قىلمادىم، ئەبىن، بارقىن، يىلقىسىن يۇلمادىم. قىيىن ئايدىم، تۇرغۇرۇ قۇتىم: كەنتۇ بودۇنىم تىدىم»*

*[«لېكىن ئاددىي پۇقرالىرىمنى يوقاتمىدىم، ئۆيىنى، مال ـ مۈلكىنى، يىلقىلىرىنى بۇلىۋالمىدىم، ئۇلارنى جازالىمىدىم، ئۇلارغا (بۇرۇنقىدەك ياشاۋېرىشكە) يول قويدۇم، سىلەر ئۆز خەلقىم دېدىم»].*

مەھگۇ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى بۇ خىل نادانلىق بىلەن بىلىملىكلىكنىڭ سېلىشتۇرۇلۇپ، ئەسەر مەزمۇنىدا ئىپادە قىلىنىشى يۇكسەك جاسارەت، يۇقىرى ماھارەتنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل ھەرىكەت بولۇپ، بۇ ئاپتورلارنىڭ خەلق ۋە قاغانلىق ئالدىدىكى بۇرچ تۇيغۇسى ۋە ئىدىيەۋى ئېڭىنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەيدىغان سىناق تېشى بولۇشىدىكى ئاساسىي ئامىل ئىدى.

ئومۇمەن، مەھگۇ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە نادانلىق، بىلىمسىزلىك، قاششاقلىق قاتتىق قامچىلانغان ھەم ئۇلار ئۈستىدىن يۈرەكلىك ھالدا شىكايەت قىلىنغان. بولۇپمۇ، ئاپتورلار بىلگىلىك ـ مەرىپەتلىك، ئادىل قاغانلار زامانىسىدا ئەل ـ بودۇننىڭ ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، قاغانلىقنىڭ كۈچىيىپ گۈللەنگەنلىكى، ئەل ـ ئۇلۇسنىڭ بەخت ـ ئاسايىشلىق ئىچىدە ياشىغانلىقى بىلەن، نادان، بىلىمسىز، تەدبىرسىز خانلار دەۋرىدە، چېچىلاڭغۇلۇق، چىرىكلىشىش، باش ـ باشتاقلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىنى جانلىق ۋە ئەمەلىي سېلىشتۇرما قىلىپ يۈرگۈزگەن مۇلاھىزە ۋە بايانلىرى ئوقۇرمەن قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇلاردا روشەن مۇھەببەت ۋە

نەپرەت ھېسسىياتىنى قوزغىتىدۇ. قەدىمكى تۈركلەر بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇزۇن يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشۇپ،كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. مەڭگۈ تاشلاردا ئىپادىلەنگەن قەھرىمانلىق، ئەل سۆيەرلىك ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك روھ جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئۈزۈكسىز ئالغا باسىدىغان، ئەل - يۇرتنىڭ تەقدىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنىڭ يارقىن ئىپادىسى، ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئېلىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىسىنىڭ ئەكس ئېتىشى.

3. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تارىخىي شەخسلەر ئۈچۈن ئورنىتىلغان. ئۇلاردا مەلۇم بىر شەخسنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈشى، پائالىيەتلىرى، قاغان، ۋەزىر، تېگىن، قوماندان، قاتۇن قاتارلىقلارنىڭ سەرگۈزەشتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەڭگۈ تاشلار پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) پېرسوناژلار ئوبرازى رېئال تۇرمۇشتىن، تارىخىي شەخسلەردىن تاللىۋېلىنغان. يەنى مەڭگۈ تاشلار رېئاللىقتىكى ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار ئاساسىدا يارىتىلغان.

قەدىمكى تۈرك قاغانلىقىغا تەۋە مەڭگۈ تاشلاردا ئۇماي، بۇمىن، ئىستەمى، تۇنيوقۇق، تۈرك ئىلتەرىش قاغان، قاپاغان قاغان، بىلگە قاغان، كۆلتېگىن قاتارلىق ئوبرازلار، قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مەڭگۈ تاشلاردا يوللۇغ قاغان، بۇمان (بۇمىن (قاغان)،[①] كۈل بىلگە قاغان[②] (مويۇنچور)، ئىدىكىن (تەڭرى قاغان، بىلگە تارقان) قاتارلىق ئوبرازلار تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇماي ئوبرازىدىن باشقا ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى (ئۇماي ئوبرازىنىڭ ئەسلىي زاتى ‹پىروتوتىپى›دا رېئاللىق ئېلېمېنتلىرى بولغان) دېگۈدەك، تارىختا ئۆتكەن شەخسلەردىن ئىبارەت. بۇ ئوبرازلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئوبرازلار ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا دەسلەپ يارىتىلغان مىللىي ئوبرازلار تۈركۈمىگە تەئەللۇق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئوبرازلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئالمىشىش جەريانى قاتارلىق بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ياخشى ماتېرىيال بولالايدۇ.

2) مەڭگۈ تاشلاردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى خاسلىققا ئىگە. مەڭگۈ تاشلاردا نەچچە ئون پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاغان، ۋەزىر، تېگىن - شاھزادىلەردىن ئىبارەت، ياكى خانلىقنى تىكلىگۈچى، قۇدرەت تاپقۇزغۇچىلار، ئەل - بودۇننىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغۇچىلاردۇر. ئومۇمىي نۇقتىدىن ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە سەرگۈزەشتلىرى ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئايرىم كۆزەتكەندە، ھەربىر ئوبراز ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ تۇنيوقۇق، بىلگە قاغان، كۆلتېگىن، مويۇنچور، ئىدىكىن قاتارلىق پېرسوناژلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتلىرى ۋە ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

3) مەڭگۈ تاشلاردىكى ئوبرازلار تىپىكلىككە ئىگە. مەڭگۈ تاشلاردىكى ئاساسىي پېرسوناژلار،

---

① بۇمىن قاغان — «تەس مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندا يوللۇغ قاغان ۋە بۇمىن قاغان دېگەن ئەجداد قاغانلىرى ئۆتكەن. بۇ يەردىكى بۇمىن قاغان تۈرك قاغانى بۇمىن قاغاندىن باشقا كىشى ئىدى، ئەلۋەتتە.

② ئۇ كۈل بىلگە بەگ قاغان دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يەنى تونيوقۇق، كۆلتېگىن، بىلگە قاغان، مويۇنچۇر، ئىدىكىن دەسلەپ ئادەتتىكى شەخسلەر سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ (ياكى شۇنداق پەرەز قىلىنىشقا بولىدۇ)، ئەمما ئەمەلىي ئۇرۇش قايناملىرى ئۇلارنى ئەقىل-پاراسەت ۋە جىسمانىي كۈچ جەھەتتە قوۋمىنىڭ يولباشلىغۇچىسىلىق ئورنىغا چىقىرىدۇ، ھەممە دىققەت قىلىدىغان، ھەۋەس قىلىدىغان شەخسلەرگە ئايلاندۇرىدۇ. نوپۇسى كۆپرەك، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىگىلىگەن ئاشىنا ۋە ياغلاقار قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ بۇ شىر يۈرەك قەھرىمانلار ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى كۆرەلىگەن، ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق ئىش-ئىزلىرىنى كۆڭلىگە چىڭ پۈككەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىلھامبەخش ۋەسىيەتلىرىنى قىبلىنامە قىلغاچقا، ئۇلار قېرىنداش قەبىلە ئەزالىرىنى، كەڭ خەلقنى سەپەرۋەر قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ بىلىشكەن. ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ روھىيىتىگە ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلىدىغان سۆزلەر بىلەن كۆپ قېتىم مۇراجىئەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەڭنى تۇرۇپ، كۆكرەك كېرىپ، يىگىتلەرنى يېتەكلەپ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا سەپنىڭ ئالدىدا كۈرەش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار چاقىرىقلىرىنى ئاڭلىغان ۋە قەھرىمانانە ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن قوۋم ئەزالىرى ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ، بىرلىشىپ، جەڭگىۋار سەپ ھاسىل قىلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان ئىجتىمائىي ئۆيۈلمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دېمەك، مەڭگۈ تاش ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلار كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، پۈتۈن خەلقنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرەلەيدىغان، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان تىپىك ۋە شانلىق قەھرىمانلارغا ئايلانغان. بۇ بۇ خىل ئوبرازلارنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە خەلققە ئىلھام بېغىشلاپ كەلگەنلىكىنىڭ تاسادىپىي ئەمەسلىكىنى تولۇق پاكىت ئاساسىغا قۇرىدۇ.

4. مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

مەڭگۈ تاشلاردا قەدىمكى زامان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق تىلى ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆزلەر قېلىپلاشقان، يەنى ئەدەبىي تۈس ئالغان ئاتالغۇلار بولۇپ، ئۇلار ئەڭ قەدىمكى ساپ تۈركىي سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ ئەدەبىي يېزىق تىلى شەكلىدىن ئىبارەت. سۆز-جۈملىلەر بەلگىلىك گىراماتىكىلىق قائىدە ئاساسىدا بىرىكتۈرۈلگەن. تەسۋىرلەر، ئىپادىلەش شەكىللىرى روشەن ۋە ئېنىق، بايان قىلىش ئۇسۇلى تەرتىپلىك، ئوي-پىكىر ئۇقۇشلۇق. بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئەدەبىي تىل شەكلىنى ھاسىل قىلغان. ئۇ قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان شېۋە پەرقلىرىنى ئازايتىپ، ئورتاق مىللىي تىل بەرپا قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەڭگۈ تاشلاردا ئىشلىتىلگەن سۆز-جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي مەنبەسىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىرلىنىدۇ. كېيىنكى تەرەققىياتلار مۇشۇ مەنبەنى بويلاپ، چوڭ ئېقىن ھاسىل قىلىپ كەلگەن.

خۇلاسە قىلغاندا، مەڭگۈ تاشلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى خېلىلا يۇقىرى، بۇنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بىرقانچە نۇقتىلار ئارقىلىق ئېنىق چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەمما ئۇلارغا ناھايىتى مۇكەممەل ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىك ئۆلچىمى بويىچە تەلەپ قويساق، بەزى مەسىلىلەرگە يولۇقىمىز. مەسىلەن، مەڭگۈ تاشلار ئايرىم كۆزىتىلگەندە، پىكىردە دەماللىققا ئىزچىللىق كەم، بەزى پىكىرلەر چولتا ۋە تەكرار. بۇلار تاش ئۈستىگە خەتنى ئويۇشنىڭ تەسلىكى، كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كۆچمەن يايلاق تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ۋە ئۇزۇن ۋاقىت مابەينىدە ئۇپراش قاتارلىق ئامىللار بىلەن قوشۇپ تەھلىل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ يەنىلا خېلىلا ئۈستۈن بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. گوبى ئۇيغۇرلىرى، جۇملىدىن باشقا بەزى تۈركىي قوۋملارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىياتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ.

2. غۇزلارنىڭ ئەدەبىياتىدىن بىلىدىغانلىرىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار. ئۇلارنىڭ قانداق ئەسەرلىرى بار؟

3. ليۇ يۈشى، قوغۇرسۇ فېڭيۇ قاتارلىقلارنىڭ هاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ.

4. «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى»، «خۇئاستۇئانفت»، «ئىرق بىتىگ»نىڭ مەزمۇن خاراكتېرى قانداق؟

5. «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە بۆگۈخان ئوبرازىنى تەھلىل قىلىڭ.

6. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى دەپ نېمىگە ئېيتىلىدۇ؟

7. مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

8. مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىڭ.

9. مەڭگۈ تاشلارنىڭ تۈر-ژانىر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىڭ.

10. مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى قانداق؟

11. مەڭگۈ تاشلارنىڭ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى قانداق؟

12. مەڭگۈ تاشلاردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەھلىل قىلىڭ.

13. تونيوقۇق، بىلگە قاغان، يوللۇغ تېگىن، مويۇنچور، ئىدىكىن، تۆپەك ئالىپ شول، ئەل ئۆگەسى، ئىنانچور مۇقان تارقان قاتارلىقلارنىڭ هايات پائالىيىتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ.

14. تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى قاچان مەۋجۇت بولغان؟ بۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

# II بۆلۈم   ئوتتۇرا ئەسر ئەدەبىياتى

## 1 ـ باب   قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

### §1. ئومۇمىي ئوبزور

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (高昌回鹘王国) جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا يېزىلغان خەنزۇچە ئىناۋەتلىك تارىخنى ھۆججەتلىرىدە غەربىي ئايماق ئۇيغۇر (西州回鹘) ھاكىمىيىتى دەپ ئاتالغان، يەنە قوچو ئۇيغۇرلىرى (高昌回鹘) دەپمۇ خاتىرىلەنگەن[1]. ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇلۇغ قۇتلۇق ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» (大福大回鹘国) دېگەن نامىمۇ بولغان[2]. بۇ خانلىقنىڭ يىلنامىسى تەخمىنەن مىلادىيە 850—1250 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

مىلادىيە 840 ـ يىللىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى — ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي، سۇنئىي ئاپەتلەر ھەم خاككاس(黠嘎斯)لارنىڭ بېسىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن يىمىرىلگەن. بۇ چاغدا پانتېگىن (庞特勤) باشچىلىقىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار (回鹘)نىڭ 15قەبىلىسى قۇرىغار ـ غەربكە قاراپ كۆچۈپ، بەشبالىق (北庭، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمسار ناھىيەسى تەۋەسىدە) ئەتراپىغا كېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. پانتېگىن تەخمىنەن مىلادىيە 842 ـ يىللىرى كىنگىت(ئاگنى، 焉耆) ئەتراپىدا ئۆزىنى«يابغۇ» (叶护) دەپ ئاتىغان، كېيىنچە «قاغان» (可汗) دەپ ئاتىغان. پانتېگىن قاغان بولغاندىن كېيىن، قۇرىغار ـ غەربكە يۆتكەلگەن بارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇنى ئورتاق ھۆكۈمدار دەپ ئېتىراپ قىلغان. بۇلار ئاساسلىقى خېشى كارىدورى، كۆكئارت(葱岭)نىڭ غەربى ۋە ھازىرقى شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پانتېگىننى قاغان قىلغان غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى (西回鹘国) نىڭ مەركىزى كىنگىتتە بولغان.

مىلادىيە 866 ـ يىلىغا كەلگەندە، بەشبالىقنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى بۆگۈقۇن

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە: قوچو ئۇيغۇر شەھىرى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ بەش شەھىرى بار، ئۇلار قوچو، بەشبالىق، سۇلمى، چانبالىق، ياڭىبالىق، بۇلار قوشۇلۇپ قوچو دەپمۇ ئاتىلىدۇ، دەپ يازغان.

[2] ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى (黄文弼) «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» («吐鲁番考古记») ناملىق رەسىملىك ئالبومنىڭ 89—94 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلغان «مانى دىنى ئىبادەتخانىسى پۈتۈكلىرى» («摩尼教寺院文书»)نىڭ بىر پارچىسىدا خەنزۇچە يېزىقتىكى بىر تامغا بار بولۇپ، تامغىدىكى خەتتە «ئۇلۇغ قۇتلۇق ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» (大福大回鹘国) دېگەن خەت بولغان. بۇ ھەقتە «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» («ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى) نىڭ 117 ـ بېتىگە قارالسۇن.

(بۆگۈجۈن، 仆固俊)[1] بەشبالىق شەھىرى ۋە تۇرپاننى بېسىۋالغان. ئارقىدىنلا كىنگىتكە قوشۇن تارتىپ، قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان. ئۇ بەشبالىقتا ئوردا قۇرغان. كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئوردۇكەنتىنى قوچو (高昌) غا كۆچۈرگەن[2].

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىلكىدىكى جايلار ئىلگىرى-كېيىن ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرغان. بىر قەدەر تۇراقلاشقان ۋاقتىدىكى تېررىتورىيەسى بولسا شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ شىمالدا ئىلى دەرياسىغىچە، غەربتە ئاقسۇنىڭ مۇزارت داۋىنىغىچە يېتىپ بارغان، جەنۇبتا ئەينى زاماندا تۇبۇتلەر كونترول قىلىپ تۇرغان ئۇدۇن بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق بىرلەشكەن، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆزەك قىلىپ، شەرق، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار ئېلېمېنتلىرى بىلەن بېيىتىلگەن. يەنى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەركىزىي جۇڭگو رايونى بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان. بۇ رايون شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئالاقىلىشىدىغان ھەم جەم بولىدىغان جاي بولغان. قوچو ئۇيغۇرلىرى بۇ جايدا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئېلىنىڭ مەدەنىيىتىنى تېز گۈللەندۈرگەن.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تەخمىنەن مىلادىيە 1250-يىللارغىچە مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، ئەمما چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئاپتونومىيەدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرغان.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا تېز بولغان. بۇ چاغدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنى دىنىي ئۇسلۇبتىكى ئەدەبىيات ۋە ئاممىباب (رېئالىزملىق) ئەدەبىيات تەشكىل قىلغان.

دىنىي ئۇسلۇبتىكى ئەدەبىيات بۇددا، مانى، خىرىستىيان ۋە باشقا دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. بۇ چاغدا ئەدىب ۋە ئاقىل-ئۆلىمالار دىنىي كىتاب-بىتىگلەرنى كۆچۈرۈپ تارقاتقان، تەرجىمە قىلغان، ئەسلىي كىتاب-بىتىگلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تەقلىدىي ئەسەر يېزىپ چىققان، دىنىي ئۇسلۇبتىكى يىر-شېئىرلارنى يازغان، كىشىلىك-ئىشەنچ، ئىجتىمائىي ئېتىقادنى تەشۋىق قىلىدىغان مەدداھلىق دىرامىچىلىقى يولغا قويۇلغان.

قوچو ئۇيغۇرلىرى دىنىي ئۇسلۇبتىكى ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئاممىباب ئەدەبىياتقىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۈزلەنگەن. روشەنكى، بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئاممىباب ئەدەبىياتتا بىلىم-مەرىپەت، ئۆگۈت-نەسىھەت، ئۇدۇك-مۇھەببەت، ئەزگۇ-تىلەك، قۇت-ئامەت، باتۇرلۇق، ئۆگلۈك-دانالىق، ئىچكۆيەرلىك-ۋاپادارلىق، ئىشچانلىق-مېھنەتسۆيەرلىك، سۆيۈنچ-خۇشاللىقلىق قاتارلىق ئىلغار ئىدىيەلەر كۈچلۈك قويۇپ تەسۋىرلەنگەن.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلى(يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى) زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئالاھىدە مۇكەممەللەشكەن، لېكسىكىسى خېلىلا بېيىغان، نازۇك ھېس-تۇيغۇ، تۇتۇق دىنىي ئاتالغۇ، ئابستراكت سىياسىي ئۇقۇم، مۇرەككەپ نەزەرىيەۋى ئىبارىلەرنى نىسبەتەن توغرا ئىپادىلىيەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي،

---

[1] بۆگۈقۇن، بۆگۈجۈن (仆固俊)—بۇ نامنى يەنە بۆگۈنكى دەۋرگە خاس بەزى تارىخ كىتابلىرىدا «بۆگۈ تېگىن» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىش ئەھۋالىمۇ بار.

[2] لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» (厉声主编«中国新疆历史与现状») 92-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006-يىلى نەشرى.

سىياسىي، دىنىي، ئىقتىسادىي، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، پەلسەپە، تېبابەتچىلىك، كالېندارچىلىق قاتارلىق ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلار جۇڭگو تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىمۇ مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، جۇڭگونىڭ شان-شەرىپىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشتە بىر ئۇلۇش ھەسسە بولۇپ قوشۇلغان. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى بەزى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، يېزىقى، سەنئىتى، دىن، نەشرىياتچىلىق، قەغەزچىلىك، باسما-مەتبەئەچىلىك، رەسساملىق، قەغەز قىيىمچىلىق، سودا-سېتىق، بىتىم-توختام، تۆرۈ-مىزان، قانۇن، ئەردەم-پەزىلەت، ئەخلاق-ئېتىكا قاتارلىق ساھەلىرىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ دەۋردە دىنىي ۋە دۇنياۋى تېمىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنغان ۋە يېزىلغان. بۇلاردىن مۇھىملىرى: «ئالتۇن يارۇق»، «مايتىرى سىمىت»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «چاستانى ئىلىگ بەگ»، «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»، «ياغاچچى بىلەن رەسسامنىڭ ھېكايىسى»، «دانتى پالا»، «توشقان ھەققىدە تېپىشماق»، «چوڭ مايمۇن پاتما رالى»، «ئىككى يىلتىز نوم»، «سەككىز يۈكمەك»، «ئىنجىل»، «سانت گېئورگىنىڭ ۋاپاتى»، «نېستورىيان دىنى يازما يادىكارلىقىنىڭ پارچىسى»، «ئېسىل لەززەتلىك نوم» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر ۋە «دالا ناخشىسى. ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا»، «بۇددا قەسىدىسى»، «ئون ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە»، «تۇغۇنچ دۇئاسى»، «ئون ئىككى ۋەج»، «مەدھىيە»، «مۇھەببەتنامە»(ئۇدۇكنامە)، «ئىنلاھىيەت»(باياتنامە)، «جەھەننەم تەسۋىرى»، «پالنامە» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلەردىن ئىبارەت.[1]

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ دەۋردە يەنە «ئوغۇزنامە»مۇ نامەلۇم ئۇيغۇر بۇددىست پۈتۈكچى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان.

دېمەك، قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ، بىرقاتار مەدەنىيەت مۆۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق، يىپەك يولى، جۇملىدىن جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان.

## §2. شېئىرىيەت

### 1. قىسقىچە چۈشەنچە

قەدىمكى ئۇيغۇرچە يىر-قوشاقلارنىڭ كۆپ قىسمى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرچە يىر-قوشاقلار سان جەھەتتىن كۆپ، شەكىل جەھەتتىمۇ خىلمۇ خىل بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان ئەسلىي نۇسخىلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ئېلىنىپ كېتىلگەن.

بۇ يىر-قوشاقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئۇيغۇر يىرچى-شائىرلىرى ئىجاد قىلغان ۋە رەتلىگەن، يەنە بىر قىسمىنى بولسا، ئەدىبلەر زور ئىجادىي مېھنەت سىڭدۈرۈپ باشقا تىللاردىن ئۇستىلىق بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ئۇيغۇر ئاقىل-بىلگەلىرى ئۆزلىرى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرگە يەنە ئۆزلىرى يازغان يىر-قوشاقلارنى ئىلاۋە قىلغان، بەزىلىرى ھەتتا ئەسلىدىكى نەسرىي ئەسەرلەرنى شېئىرىي يول بىلەن تەرجىمە قىلغان.

بۇ يىرچى-شائىرلارنىڭ يىر-قوشاقلىرى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە خاس بولغان

باش ۋە ئاياغ قاپىيەلىك يىر-قوشاقلاردىن ئىبارەت ئىدى. باش قاپىيەلىك يىر-قوشاقلاردا ئاياغ قاپىيە، بوغۇم، تۇراقلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. يۇقىرىقىدىن باشقا قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئۇنىڭ مەزمۇنىدىكى كۆپ خىللىقتىن تاشقىرى، شەكىل تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ھەرخىل، رەڭگارەڭ ئىسخېمىلاردىنمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ

بۇ دەۋردە «شېئىر»(sheir) دېگەن بۇ ئەرەبچە ئاتالغۇ تېخى ئۇيغۇر تىلىغا كىرمىگەچكە، ئۇنىڭ ئورنىدا ئەجدادلار تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارنى شېئىر سۆزى ئورنىدا ئىشلەتكەن، مەسىلەن:

بىرىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار:

(1) «قۇشۇغ» — قوشاق، نەزم، قەسىدە، شېئىر دېگەن مەنىدە. بۇ ئاتالغۇ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئۇچرايدۇ.

(2) «قۇژان» — ناخشا قۇژانچى، ناخشىچى دېگەن مەنىدە.

(3) «قوشما» — ھازىرقى قوشاق دېگەن مەنىدە.

(4) «تاقشۇت» — بېيىت، نەزم دېگەن مەنىدە كەلگەن. قوچو ئۇيغۇر يىرچى-شائىرلىرىدىن كى كى (2) ئۆزىنىڭ بىر يىر-قوشىقىدا: «تالۇلاپ يىغىپ مەن كى كى، تاقشۇتقا ئىنتۇرۇ تېگىندىن» (مەنىسى: تاللاپ يىغىپ مەن كى كى، يىر-تاقشۇت يېزىشقا ئىنتىلدىم) دېگەن.

(5) «تاقماق» — تاقماق، تۈزمەك دېگەن مەنىدە.

(6) «ئىر» —ناخشا، غەزەل دېگەن مەنىدە. مەھمۇد كاشغەريي بۇ ئاتالغۇنى «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «يىر yirجىر، ناخشا، كۈي. u yir yirladi ئۇ ئىر ئىرلىدى، يەنى ناخشا ئېيتتى. بۇ سۆز كۆپىنچە ناخشىغا نىسبەتەن قوللىنىلىدۇ»[①].

(7) «كۈگ» —كۈي، نەزم، يىر-شېئىر، غەزەل دېگەن مەنىدە. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» تە «كۈگ» دېگەن سۆزنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: 1) شېئىرنىڭ ۋەزنى. «بۇ يىر نە كۈگ ئۈزە؟»— بۇ ناخشا قايسى ۋەزىندە؟ 2) كۈي، ئاھاڭ. ئەر كۈگلەندى (ئادەم كۈيلىدى، ناخشا ئېيتتى). 3) ھەر يىلى شەھەر بودۇن-خەلقلىرى ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرىدىغان ھەزىل، قىزىقچىلىق، كۈلكە. بۇ يىل بۇ كۈگ كەلدى—بۇ يىل بۇ قىزىقچىلىق (كۈلكە) چىقتى، دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. دېمەك، «كۈگ» سۆزى: يىر، يەنى شېئىرنىڭ ۋەزنى، كۈي، ئاھاڭ، قىزىقچىلىق، كۈلكە، ناخشا، ساز دېگەن مەنىلەردە كەلگەن.

(8) «باش» ياكى «باشق» سۆزلىرى شېئىريي مىسرالاردا «بايات-تەڭرى، مەدھىيە، قەسىدە» دېگەن مەنىلەردە كەلگەن. چۈنكى، «باش، باشق» سۆزلىرى ئىشلىتىلگەن يىر-قوشاقلارنىڭ مىسرالىرىنىڭ ھەممىسى باياتلارنى مەدھىيەلەشكە بېغىشلانغان.

ئىككىنچى، چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلار:

قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقچىلىقىدا، يۇقىرىقىدەك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان، «يىر-شېئىر، قوشاق» مەنىسىنى بېرىدىغان سۆز-ئاتالغۇلاردىن باشقا، شۇ مەنىدە كېلىدىغان يەنە بەزى چەت تىل سۆز-ئاتالغۇلىرىمۇ بولغان، بۇلار: پاداك، شلوك ۋە كاۋى دېگەنلەردىن ئىبارەت.

(1) «شلوك» —ئەنەتكەك-سانسكرىتچە «شلوكا»، ئۆلچەملىك يىر-شېئىر، بېيىت، نەزم دېگەن مەنىدە.

(2) «پاداك» —سانسكرىتچە پاداكا، يىر ياكى تۆتلۈكنىڭ بىر مىسراسى. مەسىلەن: «سەككىز ئۈزۈكلۈك بىر پاداكا» —سەككىز بوغۇملۇق بىر مىسرا. بەزىلەر «پاداك» سۆزىنى «شېئىر، بىر شېئىرنىڭ 4/1 دەپ ئىزاھلىغان».

---

① مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» 3-توم 2-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى.

(3) «كاۋى»—سانسكرىتچە «كاۋيا» بولۇپ، شېئىرغا مايىل بىرخىل نەسرىي ئۇسلۇب.

يۇقىرىقى ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى مۇھىتىدىكى ئەدەبىياتتا قوللىنىلغان ئاتالغۇلاردۇر.

بۇ دەۋردىكى يىر-قوشاقلارنىڭ كۆپ قىسمى تۆتلۈك شەكىلدە يېزىلغان، بىر قىسىم مىسرالىرى بىر-بىرىگە تەڭ بولمىغان ئەركىن شېئىر شەكلى، بەزىلىرى بولسا مىسرالىرىنىڭ بوغۇم سانى بىر-بىرىگە تەڭ فونېتىك قائىدىلەرگە رىئايە قىلىنىپ يېزىلغان بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلاردۇر. يەنە ئىككى مىسرالىق بېيىت، سەككىز مىسرالىق ① ۋە ئۈچ مىسرالىق شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ. شېئىرلارنىڭ تىلى بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، يېزىق شەكلى بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مانى يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن.

## 2. شائىرلار

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىرلارنىڭ تولىسى بۇددا دىنى مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنلەر ئىدى. يەنە بىر قىسمى مانى دىنى مۇھىتىدا يېتىشىپ چىققانلاردۇر. كاھىن-ئاقىللار شۇ دەۋرنىڭ ئۆلىمالىرى، ئۆگلۈك-راھىب، تويىنلىرى ئىدى. يىر-قوشاقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىچىدە يەنە تەرجىمانلار، راھىبە ۋە شائىرەلەرمۇ بار بولغان. ھەتتا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى كۆنچۇك ئىدىقۇتمۇ يىرچى-شائىر ئىدى. مانا بۇلاردىن بۇ دەۋردىكى يازما ئەدەبىياتنىڭ، جۈملىدىن يىر-قوشاقچىلىقنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىلمىي بايقاش ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ئىچىدىن ئەسەرلىرى بايقىلىپ، ئىسمى دەۋرىمىزگىچە مەلۇم بولغان يىرچى-شائىرلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. ئاپرىنچۇر تېگىن

ئاپرىنچۇر تېگىننىڭ ياشىغان دەۋرىنى 9—10-ئەسىرلەر دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ پىكرىچە، ئۇ م. كاشغەرىينىڭ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىتابىدا زىكىر قىلىنغان چۆچۈ ئىسىملىك شائىردىن بۇرۇنراق ئۆتكەن.

ئاپرىنچۇر تېگىن باش ۋە ئاياغ قاپىيەلىك شېئىر يازغان②، جۈملىدىن، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى شېئىرى قوچو تەۋەسىدىن تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ھازىرچە ماتېرىيال كەمچىل.

شائىر ئاپرىنچۇر تېگىننىڭ بىرىنچى شېئىرى دىنىي ئۇسلۇبتا بولۇپ، تۆتلۈك شەكىلدە يېزىلغان ئۈچ كۇپلېتتىن ئىبارەت. تۆۋەندە بىر پارچە شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

مەدھىيە

*بىزنىڭ تەڭرىمىز ئەدگۈسى رەدنى تىيۇر،*
*بىزنىڭ تەڭرىمىز ئەدگۈسى رەدنى تىيۇر.*
*رەدنىدە يىگ مەنىڭ ئەدگۈ تەڭرىم، ئالپىم، بەكرەكىم،*
*رەدنىدە يىگ مەنىڭ تەڭرىم، ئالپىم، بەكرەكىم.*

---

① بۇ ياۋروپالىقلارنىڭ سونېتىغا ئوخشايدۇ.

② باش قاپىيەلىك شېئىرلار ياۋروپا ئەدەبىياتىدا ئاللىتىراتسىيەلىك شېئىرلار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىدا قايسى ئاتالغۇ بىلەن ئېلىش توغرىسىدا پىكىر بىرلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، «باش قاپىيەلىك شېئىرلار» دەپ ئېلىنىپ تۇرۇلدى.

*بىلەگۈسۈز يىپتى ۋاجىر تىيۇر،*
*بىلەگۈسۈز يىپتى ۋاجىر تىيۇر.*
*ۋاجىردا ئۆتۈى بىلىگلىگىم، تۈزۈنۈم، يارۇقۇم،*
*ۋاجىردا ئۆتۈى بىلىگلىگىم، بىلگەم، ياڭام.*

*كۈن تەڭرى يارۇقىنتەگ كۆكۈزلۈگۈم بىلگەم،*
*كۈن تەڭرى يارۇقىنتەگ كۆكۈزلۈگۈم بىلگەم.*
*كۆرتلە تۈزۈن تەڭرىم، كۈلۈگۈم، كۈزۈنچۈم،*
*كۆرتلە تۈزۈن تەڭرىم، بۈرقانىم، بۈلۈنچسۈزۈم.*
*[ تەڭرىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى گۆھەردەك دەيدۇ،*
*تەڭرىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى گۆھەردەك دەيدۇ.*
*مېنىڭ ياخشى تەڭرىم-باتۇرۇم، قۇدرەتلىكىم،*
*گۆھەردىنمۇ ئېسىل،*
*مېنىڭ ياخشى تەڭرىم-باتۇرۇم، قۇدرەتلىكىم،*
*گۆھەردىنمۇ ئېسىل.*

*بىلىمىسىمۇ ئىتتىك بولغاچقا ئالماسنى كېسەر دەيدۇ،*
*بىلىمىسىمۇ ئىتتىك بولغاچقا ئالماسنى كېسەر دەيدۇ.*
*سىز ئالماستىنمۇ ئۆتكۈر بىلىملىكىم، پەزىلەتلىكىم، نۇرلۇقۇم،*
*سىز ئالماستىنمۇ ئۆتكۈر بىلىملىكىم، دانىشمىنىم، پىلىم.*

*كۆڭلى كۈن تەڭرىسىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم،*
*كۆڭلى كۈن تەڭرىسىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم.*
*گۈزەل پەزىلەتلىك، شۆھرەتلىك، قوغدىغۇچى تەڭرىم،*
*گۈزەل پەزىلەتلىك، تەڭداشسىز بۇرھانىم، تەڭرىم.]*

بۇ شېئىر باش-ئاياغ قاپىيەدە يېزىلغان بولۇپ، شۇ خىل شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ شېئىرنىڭ باش-ئاياغ قاپىيەلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

| مىسرا تەرتىپى | باش قاپىيە | ئاياغ قاپىيە |
|---|---|---|
| 1. | بىزنىڭ | تىيۇر |
| 2. | بىزنىڭ | تىيۇر |
| 3. | رەدىندە | بەكرەكىم |
| 4. | رەدىندە | بەكرەكىم |
| 5. | بىلەگۈسۈز | تىيۇر |
| 6. | بىلەگۈسۈز | تىيۇر |
| 7. | ۋاجىردا | يارۇقۇم |
| 8. | ۋاجىردا | ياڭام |
| 9. | كۈن | بىلگەم |
| 10. | كۈن | بىلگەم |
| 11. | كۆرتلە | كۆزۈنچۈم |

ئاپرىنچۇر تېگىن ئۆزىنىڭ «مەدھىيە» ناملىق بۇ شېئىرىدا تەڭرىنى ئالماسقا، گۆھەرگە، كۈنگە ئوخشاتقان. ئۇنىڭ كۆركەم پەزىلىتىگە، ئۆگلۈك-دانىشمەنلىكىگە، تەڭداشسىز خۇسۇسىيەتلىرىگە بولغان مەدھىيەسىنى ئىپادىلىگەن.

2. كى كى (1)

تۇرپان تېكىستلىرى ئارىسىدىن كى كى ئىمزاسىدىكى ئالتە كۇپلېت، تۆتلۈك شېئىر يېزىلغان بىر ياپراق (ئىككى بەت) چىققان، توپلام («بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى») نى تۈزگۈچىلەر ئاشۇ ۋاراقنىڭ كەينىدىن چىققان 62 كۇپلېتلىق شېئىرنىمۇ كى كى(1) غا تەۋە بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېسابلاشقان. ئۇلار بۇ شېئىرنىڭ ئابىتا تەڭرى مەدھىيەلەنگەن مەزمۇنغا ئاساسەن، ئۇنى بۇددا دىنى ئۇسلۇبىدىكى باشقا يىر-قوشاقلاردىن كونا، يەنى10- ئەسىرلەردە يېزىلغان بولسا كېرەك دەپ قارىغان. تۆۋەندە كى كى(1) شېئىرلىرىدىن نەمۇنە كۆرۈپ ئۆتىمىز:

*ئۇلۇغ يىنچۈلۈگ تورلارتا،*
*ئوردۇ قارشىلار بولمىشىن*
*ئۇرى تەڭرىلەر ئۇلارتا*
*ئويۇن ئەدىزۇ تۇرمىشىن.*
*[ ئۇلۇغ ئۇنچە بېزەكلەر بىلەن،*
*ئوردا-سارايلار ياسىلىدۇ.*
*تەڭرى باللىرى ئۇ جايدا،*
*ئويۇن-تاماشا بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ]*
*ئەت ئۆزلەرىگە ياراشى،*
*ئەدىنلىگ ئىدىغ تومەكىن.*
*ئەڭەيۇ يۇز يوچان① يارۇدۇر،*
*ئەسرىڭۇ يارۇقلار ئۇنمىشىن.*
*[ ۋۇجۇدلىرىغا ياراشقان،*
*ھەر تۈرلۈك گۆھەر بېزەكلەر بىلەن،*
*يۈزلەرچە يوچان يەرنى يورۇتىدۇ،*
*ھەرخىل يورۇق-نۇرلارنى چاچىدۇ. ]*

كى كى(1) نىڭ تۆتلۈك شەكلىدە يازغان 248مىسرا شېئىرى شائىرنىڭ aaaa، aabc، abcc، abbb، abac، abab، abca، bbba، aaab ئىسخېمىلاردا ئەركىن شەكىلدە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى، بەدىئىي ماھارەتتە خېلى پىشقانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

3. پراتيا ياشرى

پراتيا ياشرى ئىجادىي مىراسلىرى دەۋرىمىزگە كۆپرەك يېتىپ كەلگەن شائىرلارنىڭ بىرى.

① يوچان — ھىندىستاننىڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.

مۇشۇ تەخەللۇس بىلەن شېئىر يازغان شائىرنىڭ ئەسلىي ئىسمى تېخى مەلۇم ئەمەس[①]. بۇ تەخەللۇس تۇرپان تېكىستلىرىدىن 80 كۇپلېت شېئىردا ئۇچرىغان. بەزىلەرنىڭ بۇددا دىنىدىكى ماھايانا مەزھىپىگە تەئەللۇق بولغان ئۇيغۇر يازمىلىرى مىلادىيە 9-ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك دېگەن قارىشى بويىچە پراتىيا ياشرى تەخمىنەن 9-ئەسىرلەردە ياشىغان دەپ قىياس قىلىنماقتا.

شائىر پراتىيا ياشرى خېلى كۆپ شېئىرلارنى يازغان ۋە ئەنەتكەك تىلىدىن بەزى شېئىرلارنى تەرجىمە قىلغان. بۇ شائىرنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان شېئىرلىرىدىن «ئون تۇرلۇك نەزىر ئۇسسۇلى»، «جانلىقلارغا پايدا يەتكۈزمەك»، «ئېتىراپ»، «توغرا يول»، «ياخشى تىلەك»، «ئىشەنچ»، «ياخشى نىيەت»، «ھېكمەت پەزىلەتلىرى» (بۇ شېئىرنى ئەنەتكەك تىلىدىن تەرجىمە قىلغان) قاتارلىق ماۋزۇلاردىكى شېئىرلىرى ۋە بىرمۇنچە ئايرىم پارچىلار (ماۋزۇسىز) ساقلانغان.

پراتىيا ياشرى ئۆزىنىڭ مەزكۇر تەخەللۇسىنى بەزى شېئىرلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئېنىق قىلىپ يېزىپ قالدۇرغان، تۆۋەندە پراتىيا ياشرىنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

*ئالقۇ ئۆدتە سۆزلەر ئۇچۇن كەنتۇ ئۆزۈم،*<br>
*ئادىنلارقا كەرگەك بولغاي ساقىنچ ئۆزە.*<br>
*ئانچا مۇنچا يىغىپ قوشتۇم پراتىيا ياشىرى،*<br>
*ئاسىغ بولۇپ تىنلىغلارقا بۇرقان بولزۇنلار.*<br>
*[ مەن پراتىيا ياشرى، ھەر زامان تىلغا ئېلىنىش ئۈچۈن،*<br>
*باشقىلارغا كېرەك بولۇر دېگەن چۈشەنچە بىلەن،*<br>
*بۇلارنى ئانچە-مۇنچە يىغىپ-توپلاپ، نەزم ئەتتىم؛*<br>
*جانلىقلارغا پايدىلىق بولسۇن، ئۇلارمۇ بۇرقان بولۇشسۇن. ]*

4. بۇيان قاياقال

تۇرپاندىن تېپىلغان TD80 نومۇرلۇق «ئامىتا يۇس سۇترا»نىڭ ئاخىرىدا، ئوخشاش شەكىللىك بەش بەتتە 59 مىسرالىق بىر خاتىمە(تۇگەنچ) دۇئاسى چىققان. «خاتىمە دۇئاسى»نىڭ ئاپتورى بۇيان قاياقال بولۇپ، ئۇ دۇئاسىدا قوچو ئۇيغۇر خانى ئارسلان بىلگە تەڭرى ئېلىگ كۆنچۈك ئىدىقۇتنى ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئېتىنى تىلغا ئالغان. بۇ خاتىمە دۇئاسىنىڭ مىسرالىرىنىڭ ھەممىسىدە «ئا» ھەرپى باش قاپىيە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنى كۇپلېتلارغا ئايرىماق تەس. بۇ دەۋر يىر-قوشاقچىلىقىدا بۇنداق خاتىمە دۇئاسى شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلار خېلى كۆپ بولۇپ، بۇ شەكىلمۇ قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقچىلىقىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان بىر مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

5. ئاتساڭ

ئاتساڭنىڭ بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپىنىڭ مۇھىم نوملىرىدىن بىرى بولغان «بۇددا ئاۋاتانساكا ئاتلىغ سۇدۇر»غا مەدھىيە ئوقۇپ يازغان «ئون ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە» ناملىق شېئىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، جەمئىي 14 كۇپلېت، ھەر كۇپلېتى 8 مىسرادىن جەمئىي 112 مىسرا. بۇ شېئىرمۇ باش، ئاياغ قاپىيەلىك شېئىرلارنىڭ نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ.

*1. بۇددا ئاۋاتانساكا ئاتلىغ سۇدۇر ئىچىندە،*

---

[①] پراتىيا ياشرى تەرجىمە قىلغان «ھېكمەت پەزىلەتلىرى» ناملىق شېئىرنىڭ ئاخىرىدا شۇ تەخەللۇس بىلەن بىرگە ئاسىغ تۇتۇڭ دېگەن ئىسمىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ئىككىسى بىر ئادەم بولسا كېرەك دېگەن قاراش بار.

*بۇزۇلماقسىز نوم ئۇغۇشقا كىرمەك بولۇكتە.*
*بۇلاڭ يېڭاق سايۇ كەلمىش بۇددساتۋالار،*
*بولتچىلايۇ يىغىلمىش توي قۇۋراغ ئارا.*
*بۇرخان ئوغلى تولپى تۇزۇن ئۇغان ئاززىنىڭ،*
*بۇلۇنچسۇز يىگ ئەدگۈلەرىن ئۆگمىش شلوكدا.*
*بۇرق شارك، قىلىپ ئۇن ئەدگۈسىن مەن ئاتسالڭ ئۆزۈم،*
*بۇيان كۇسۇش ئۇزە قوشمىش تاقشۇت باشلادى.*
*2. ئاياغۇلۇغ ئۇمۇغۇمۇز بىرەر تۇشلاردا،*
*ئادىنلارنىڭ ئاسىغى ئۇچۇن كۈئۈكەلىگ ئۇزە.*
*ئانچۇلايۇ قالتى سۇمۇر تاغلار قانى تەگ،*
*ئايى ئۇلۇغ ئارتۇق كۆركلە ئەت ئۆز بەلگۈردۇر.*
*ئازۇ يىمە ئول قاڭىمىز باغداشىنۇ،*
*ئامرىلىپ ئىنچ تەپرەمەتىن ئولۇرمىش ئۆدتە.*
*ئارىتى نەڭ سىمەك سىزىن ئالقۇتىن سىڭار،*
*ئاڭسىز ئۆكۈش ئۇلۇشلاردا تولۇ كۆزۈنۇر.*
*[1. ئاۋاتانساكا ئاتلىق بۇددا نومىنىڭ،*
*بۇزۇلمايدىغان نوملار ئىچىگە كىرىش دېگەن بۆلىكىدە،*
*تەرەپ- تەرەپتىن كەلگەن بۇدساتۋالار*
*ۋە بۇلۇتتەك يىغىلغان ئەل- جامائەت ئارىسىدا،*
*بۇرخان ئوغلىنىڭ بارلىق ياخشىلىقى ۋە ئەقىل-*
*پاراسىتىنى، مەدھىيەلىگۈچى پەرىشتىنىڭ*
*تەڭداشسىز ئېسىل خىسلىتىنى مەدھىيەلىگەن شېئىردا،*
*مەنكى ئاتساڭ بەخت تىلەپ،*
*بۇ ئۇن تۇرلۇك ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە ئوقۇپ،*
*بۇ شېئىرنى باشلايمەن.*
*2. ھۆرمەتلىك پاسىبانىمىز بەزى چاغلاردا،*
*باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن (بەخت ئىزدىگەندە)،*
*مەشھۇر سۇمۇر تېغىنىڭ خانىدەك،*
*بەستلىك ۋە قامەتلىك تۇرقىنى كۆرسىتىدۇ.*
*يەنە ئۇ ئاتىمىز جىمجىت سوكۇتتە،*
*چازا قۇرۇپ تەۋرىمەي ئولتۇرغىنىدا،*
*ئۇنى ھەر تەرەپتىن ئىزدەش ھاجەتسىز،*
*ئۇ ھەرقايسى ئەللەردە تولۇق كۆرۈنىدۇ.]*

6. قالىم قايشى

قالىم قايشى(كەلىم كەيشى)نىڭ بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئائىت «قۇت قولماق» («بەخت تىلىمەك») دېگەن 29 كوپلېت، جەمئىي 116 مىسرا شېئىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ شېئىرلارمۇ باش ۋە ئاياغ قاپىيەلىك قىلىپ يېزىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يەنە كۆل تارقان، قارۇناداس، كامالا ئانانتا قاتارلىق شائىرلارنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكى مەنبەلەردە كۆرسىتىلمەكتە.

## 3. شېئىرلارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى

قوچو ئۇيغۇر شېئىرلىرى (يىر-قوشاقلىرى)نىڭ ھازىرغىچە بايقالغان ۋە ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم پارچىلىرىدىن قارىغاندا، شېئىرلارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى كۆپ خىللىقتا ئىگە بولغان. شېئىرلارنىڭ تېماتىك مەزمۇنىدا شۇ دەۋردىكى بۇددا دىنى، مانى دىنى ئىدېئولوگىيەسى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ، دىنىي مەزمۇن سالمىقى بىرقەدەر كۈچلۈك ھەم قويۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن تۈرلۈك دىنىي ئەقىدىلەر، غايىۋى مەنزىللەرگە ئىنتىلىش، دۇنيادىكى بارچە جانلىقلارغا قىلچە ئازار بەرمەسلىك، ساۋابلىق قىلىش، بۇرخانلارغا بولغان مەدھىيە-مۇناجاتلار، دىن كاھىن-پېشۋالىرىنىڭ ئەردەم-پەزىلەتلىرى بويىچە كىشىلەرنى تەربىيەلەش، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، تەركىدۇنياچىلىق، زاھىتلىق ۋە كەلگۈسى دۇنيا (نىرۋانا)نى تەرىپلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن بۇ دەۋردىكى يىر-قوشاقلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھقىقلەپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ يىر-قوشاقلاردا يەنە ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسى، تىل گۈزەللىكىگە ئېتىبار بېرىش، ئادالەت-ھەققانىيەتنى ئۇلۇغلاش، ئىلىم-مەرىپەتنى كۈيلەش، ئادىل خاقانلارنى مەدھىيەلەش، تەبىئەتنىڭ كۆركەم مەنزىرىسى بىلەن ئىنسان بالىسىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق رىشتى، مۇھەببەت ۋە ئائىلە تۇرمۇش قارىشى، مۇھەببەت ۋە ھىجران ئازابلىرى، ئاياللارنى قەدىرلەش تېمىلىرى، تۈرلۈك تەۋسىيەنامىلەر، ئەزگۈ-تىلەك، ياخشىلىق سۆيەرلىك قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ خىل ئىلغار ئىدىيەلەر ئەينى دەۋردە چوڭ رول ئوينىغانلىقتا گۇمان يوق، شۇنداقلا كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆرنەك بولغان.

بۇ دەۋر شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلاردا ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

1. ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسى

قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقلىرى تەركىبىدە ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسىدىكى يىر-قوشاقلار، پەند-نەسىھەتلەر، ھېكمەتلىك مىسرالار ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ خىل شېئىرلاردا ئىنسانلارنىڭ كۆركەم ئەردەم-پەزىلەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇلغان. تىل گۈزەللىكىگە ئېتىبار بېرىش، ساۋابلىق، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ئىنسابلىق بولۇش، ياۋۇز كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش، سەمىمىي كىشىلەر بىلەن دوست بولۇش، ھەرخىل ناچار، بولمىغۇر قىلىقلاردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. مەسىلەن، «قىلمىغۇلۇق قىلىقلارنى ئالدى بىلەن ئويلاش كېرەك. ئويلىماي قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن تاناماسلىق كېرەك.» بۇنىڭدا ئىنسان ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا چوڭقۇر ئويلاش كېرەكلىكى، ئۆزى قىلغان ئىشقا ئۆزى كېپىل بولۇش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن. «كىر باسقان تونلار كىرىنى سۇ بىلەن يۇيۇش كېرەك. سۆز كىرى كەتمەس يۇسا، بۇنى قانداق قىلىش كېرەك.» بۇ شېئىردا كىيىم-كېچەكتىكى كىرنى سۇ بىلەن يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدىغانلىقىنى، لېكىن «سۆز كىرى»نى سۇ بىلەن يۇيۇشقا بولمايدىغانلىقى، شۇڭا، ئىنسان ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمى بولغان تىلغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىكى تەكىتلەنگەن. «ئەيىبسىز ئاياللارغا ئەرلەر بويىنى ئېگىشى كېرەك. ئۇنداق (ئەردەملىك) ئايال بىلەن ئۆمۈر بويى بىرگە ئۆتۈش كېرەك». بۇ شېئىردا ئەرلەرنىڭ ئەيىب-نۇقسانسىز، ئەردەم-پەزىلەتلىك ئاياللارنى ھۆرمەتلىشى كېرەكلىكى، ئۇنداق ئەردەملىك ئاياللارنى ئۆمۈر بويى قولدىن بەرمەي، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتۈش كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلغان. ئاياللارنى ئىززەتلەيدىغان، ئۇلۇغلايدىغان بۇنداق ئاكتىۋال ئىدىيەنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ

دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىپادىلەنگەن ئاياللارنى ھۆرمەتلەش قارىشىنىڭ يىرىك ئىپادىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. «ئەردەم-پەزىلەتلىك كىشى (گويا) ئەردەنى-گۆھەرگە ئوخشايدۇ، پەزىلەتسىز كىشى (گويا) ئۆتۈك ئىچىدىكى پېتەككە ئوخشايدۇ.» بۇ شېئىردا ئىنسان بالىسىدىكى ئەردەم-پەزىلەتنىڭ خۇددى بىباھا گۆھەردەك قىممەتلىكلىكى، پەزىلەتسىزلىكنىڭ گويا پېتەكتەك[①] خارلىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان.

2. بىلىم-مەرىپەت تېمىسى

بۇ دەۋردىكى يىر-قوشاقلاردا ئىنساننىڭ بىلىم ئۆگىنىشى كېرەكلىكى، بىلىمنىڭ ئادەم بالىسىغا كەلتۈرىدىغان خاسىيىتى جانلىق، ئوبرازلىق ئوخشىتىش ۋە سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق تولىمۇ يارقىن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

*بىلىگ بىلىك يا بەگىم،*
*بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر.*
*بىلىگ بىلگەن ئول ئەركە،*
*بىر كۈن دۆلەت تۈش بولۇر.*

*بىلىگلىگ ئەر بىلىگە،*
*تاش قۇرسانسا قاش بولۇر.*
*بىلىگسىزنىڭ يانىڭا،*
*ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.*
*[بىلىم ئۆگىنىڭ ئەي بېگىم.*
*بىلىم سىزگە ھەمراھ بولۇر.*
*بىلىم ئۆگەنگەن ئەرگە،*
*بىر كۈن دۆلەت يار بولۇر.*

*بىلىملىك ئەرنىڭ بېلىگە.*
*تاش قىستۇرسا، قاشتاشقا ئايلىنۇر.*
*بىلىمسىزنىڭ يېنىغا،*
*ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.* [②]]

بۇ شېئىردا پىكىر ئېنىق ۋە جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بىلىم ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى، بىلىمنىڭ كىشىگە ھەمراھ بولىدىغانلىقى، بىلىم ئۆگەنگەن ئادەمگە ھامىنى بىر كۈنى دۆلەت يار بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىشنىڭ كەلمەيدىغانلىقى، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ يېنىدا ئالتۇن تۇرسا تاشقا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ بولسا ھەرقانداق ئىشقا قادىرلىقى، ئەقىللىقلىقى، يەنى تاشنى قاشتاشقا ئايلاندۇرۇش قۇدرىتىگە ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قىسقىسى بۇ شېئىردا بىلىملىك بىلەن نادانلىق جانلىق سېلىشتۇرما قىلىنىش ئارقىلىق،

---

① بۇ يەردە تەسۋىرلەنگەن «پېتەك»نىڭمۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى، ئەۋزەللىكى بار. لېكىن، بۇ يەردە سېلىشتۇرۇش نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ پاسكىنا، بەتبۇيلۇقى ئالدىن ئويلىشىلغان بولسا كېرەك دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

② بۇ شېئىرنى W. Bang بىلەن R. R. Arat 1933-يىلى ئەنگلىيەدىكى «ئۇلۇغ ئاسىيا» دېگەن ژۇرنالدا «قەدىمكى تۈرپان خەلق قوشاقلىرى» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلغان.

ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى، خاسىيىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ شېئىر ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىلغار پىكىرلىكى بىلەن، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان بۈگۈنكىدەك بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. يەنە بىر مىسال:

1. ئۆزۈڭ نەڭ ئۆگدەنمىش ياندىر - لار - تا،
2. ئۆگلىنە ئەدگۈ - كەمە بۇسۇغ ٚسىلىكىل.
3. ئۆڭىمە نەگۈكىم ياڭلار - تا،
4. ئۆسلۈكنۈ ساڭا تەگمىلە يۇ ئول.
5. ئۇ مۇغلۇغ كۆزۈم بىرلە، ئوقىدىپ ساڭا ئىدتىم①.

[1. ئۆزۈڭ بىر نەرسە ئۆگەنگەن جەرياندا
2. هوشۇڭنى ياخشى تاپقىن ۋە ئالدىراقسانلىقنى تاشلىغىن.
3. ھەرقانداق ئەھۋالدا ئايىنمىغىن (ئۆزگىرىپ كەتمىگىن).
4. (شۇنداق قىلساڭ) ئۆسۈشنى ساڭا بېغىشلايدۇ (ئالغا باسىسەن).
5. ئۇمىدلىك كۆزۈم بىلەن (بۇ شېئىرنى) ئوقۇپ ساڭا ئەۋەتتىم. ]

ئاپتورى نامەلۇم بولغان بۇ شېئىردا چوڭقۇر ھېسسىيات سىڭدۈرۈلۈپ، يىراقتا تۇرۇۋاتقان نامەلۇم شائىرنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىمگە، ئەس - هوشىنى يىغىپ، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالدىراقسانلىقنى تاشلاپ، قانداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر بوشاشماي، تەۋرەنمەي ئۆگەنگەندىلا ئالغا باسقىلى بولىدىغانلىقىنى سەمىمىي نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ.

3. ئىشق - مۇھەببەت ۋە ھىجران تېمىسى

مۇھەببەت (ئۇدۇك) مەيلى قايسى مىللەت، قايسى دۆلەت ئەدەبىياتىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر مەڭگۈلۈك تېما. مۇھەببەت ئىنسانلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھېس - ھاياجىنىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ. بىزنىڭ بۇ يەردە تەكىتلەيدىغان ئۇدۇك - مۇھەببەت، ئاساسەن قىز - يىگىت، ئەر - ئاياللارنىڭ سۆيگۈ، مۇھەببەت، ھىجران، ئىشق ئازابلىرىغا قارىتىلغان. ئۇدۇك - مۇھەببەت مەزمۇنىدىكى يىر - قوشاقلار دېگىنىمىزدە، ئاساسەن ئاپرىنچۇر تېگىنىنىڭ «مۇھەببەتنامە»(ئۇدۇكنامە) دېگەن داڭلىق شېئىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ قوشاق ئۇچلۇك شەكلىدە يەتتە كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا يىراق جايدا تۇرۇۋاتقان بىر ئاشىقنىڭ ئۆزىنىڭ سۆيگەن يارىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى كېچە - كۈندۈز ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقى، ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيۈشكە ئىنتىلىدىغانلىقى، بىراق بۇ «باغرى»نىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە ۋاقتىنچە ئىمكانىيەتنىڭ يوقلۇقى، «ئىپار»دەك پۇراقلىقى بىلەن مەڭگۈ ئايرىلماي بىرگە شاد - خۇرام كۈلۈشۈپ ئۆتۈشكە ئىنتىلگەنلىكى ناھايىتى گۈزەل مىسرالار، لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

**مۇھەببەتنامە**

1. ئا. . . . . .
ئاددىنچىغ ئامراق. . . . ،
ئامراق ئۆز - كىيەم.

---

① بۇ شېئىرىي پارچە 1981 - يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى تەرىپىدىن بايقالغان. ساقلىنىش نومۇرى:225 .B .T .80. بۇ شېئىر تۆتلۈك شەكىللىك بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە شائىرنىڭ بىر جۈملە سۆزى ساقلىنىپ قالغان.

2. قاسىنچىغىمىن ئۆيۈ قادغۇرار مەن،
قادغۇردۇقچا قاشى كۆرتلەم،
قاۋشىغىسايۇر مەن.

3. ئۆز ئامىراقىمىن ئۆيۈر مەن،
ئۆيۈ ئەۋىرۈر مەن ئۆدۈ چۈن،
ئۆز ئامىراقىمىن ئۆپۈگسەيۈر مەن.

4. بارايىن تىسەر باچ ئامىراقىم،
بارۇ يىمە ئۇماز مەن،
باغىرساقىم.

5. كىرەيىن تىسەر كىچىگىيەم،
كىرۇ يىمە ئوماز مەن،
كىن يىپار يىدلىغىم.

6. يارۇق تەڭرىلەر يارلىقازۇن
ياۋاشىم بىرلە،
ياقىشپان ئادرىلمالىم.

7. كۈچلۈك پەرشتىلەر كۈچ بىرزۇن،
كۆزى قارام بىرلە،
كۈلۈشۈگىن ئولۇرالىم.

1]. ئا. . . .
بەكمۇ ئامىراق،
ئامراق ئايالىم.

2. يارىمنى ئويلىسام، قايغۇغا چۆكىمەن،
قايغۇرغانسېرى، ئېھ قارا قاشلىقىم،
دىدارلىششقا شۇنچە ئىنتىزار بولىمەن.

3. ئۆز ئامىرقىمنى ئويلىسام،
ئويلاپ، ئويلاپ،
ئۇنى قايتىلاپ ـ قايتىلاپ سۆيۈشكە ئىنتىلىمەن.

4. ئامرىقىم، مەن سېنىڭ يېنىڭغا باراي دېسەم
بېرىش ئىمكانىيىتىم يوق،
مېنىڭ باغرىم.

*5. ئامرىقىم، مەن سېنىڭكىگە كىرەي دېسەم،*
*كىرىشكىمۇ ئىمكانىيىتىم يوق،*
*ئىپاردەك پۇراقلىقىم.*

*6. يورۇق تەڭرى ساقلىسۇن،*
*ئايالىم بىلەن مېنى.*
*ئايرىلماي بىرگە تۇرايلى.*

*7. كۆچلۈك پەرىشتىلەر كۈچ بەرسۇن،*
*قارا كۆزلۈكۈم بىلەن ماڭا،*
*بىللە كۈلۈشۈپ ئۆتەيلى!][1]*

قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقلىرى ئىچىدە يەنە ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى جۇدالىق، سېغىنىش ھېسسىياتلىرى، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ۋىسال تەشنالىقى، ئوماق پەرزەنتلىرىنى سېغىنىش ھېسسىياتلىرىمۇ ئاممىباب تىللار بىلەن تولىمۇ نەپىس ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

*قارالار بۇلۇت ئۆرلەپ كۆكىرەپ،*
*قارمۇ ياغمۇر ئول ياغۇرۇر.*
*قارى ياشلىق ئول ئانام،*
*قايغۇدامۇ ياشىن ئاقىدۇر.*
*[قارا بۇلۇت ئۆرلەپ، گۈركىرەپ،*
*قار ھەم يامغۇر ياغدۇرار.*
*ياشانغان شۇ قېرى ئانام،*
*قايغۇ ياشلارىنىمۇ ئاققۇزار. ]*

*يازقى بۇلۇت ياشلاپ كۆكىرەپ،*
*ياغمۇرلارمۇ ئول ياغىدۇر.*
*ياشى كىچىك ئالغانلىرىم،*
*ياشلارىنىمۇ ئاقىدۇر.*
*[چاقماق بىلەن يازغى بۇلۇت،*
*يامغۇر - يېشىننى ياغدۇرار.*
*كىچىك ئالغان ئايالىممۇ،*
*كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزار. ]*

*كۆزكى بۇلىت كۆكىرەپ ئۆرلەپ،*
*كۆپمۇ ياغمۇر ئول ياغىدۇر.*
*كۆڭۈل تاشىم ئىكى كىچىك،*

[1] بۇ لىكوكنىڭ 1919-يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يىللىق توپلىمى» (2-توپلام، 8-،9-بەتلەر)دىكى «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تۈرك تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىدا ئېلان قىلىنغان.

*كۆز ياشلارىنمۇ ئول ئاقىتدۇر.*
*[ كۈز بۇلۇتى گۈركىرەپ، ئۆرلەپ،*
*يامغۇرنى كۆپ ياغدۇرار.*
*يۈرەك پارەم- ئىككى بالام،*
*كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزار. ]*

### 4. ئادىل شاھ تېمىسى

ئادىل شاھ(ئادىل خاقان) تېمىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپلىگەن شائىر، يازغۇچىلار بۇ تېمىغا ئۆزىنىڭ نەزەرىنى ئاغدۇرغان. ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەمسە»دىكى داستانلىرىدا، مىرزا ھەيدەرنىڭ «جاھاننامە» ناملىق داستانىدا، ئابدۇللا خەراباتىينىڭ «كۇللىيات مەسنەۋىيى خەراباتىي»دا، ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ داستانلىرىدا ئادىل شاھ ئىدىيەسى ئىزچىل تەسۋىرلەنگەن. بۇ شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىپ جەمئىيەتنى ياخشىلاشتىكى ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى ئەنە شۇ ئادىل پادىشاھقا باغلاپ، ئۇلاردىن سەمىمىي ئۈمىدلەرنى كۈتكەن. بۇ دەۋردىكى يىر-قوشاقلاردا ئادىل شاھنى مەدھىيەلەش مەزمۇنىدىكى شېئىرلار خېلىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى پادىشاھلارغا مەدھىيە ئوقۇغاندا قۇرۇقتىن قۇرۇق كۆپتۈرمە مەدھىيە ئوقۇش بولماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ ئادىل پادىشاھنىڭ ھۆرمەتلىنىشكە، قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك تەرىپىنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكى روشەن ئوبراز ۋاسىتىسى بىلەن تولىمۇ ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن:

#### مەدھىيە پارچىسى①

*كۆك بورىتەگ سىنى بىرلە يورىيىن،*
*قارا قوزغۇنتەگ تۇپراق ئۈزە قالايىن.*
*ئىگە كۆمۈرى،*
*بىلەگۈكە يارىتەگ بولايىن.*
*ئەرىكلىگ ئۇلۇغ ئىلىگىمىز ئەرۈرسىز،*
*ئالتۇنچا تومىش.*
*تومىلۇنچا تومىش،*
*قۇتلۇق بىلگە بەگ ئۆمۈز ئەرۈرسىز.*
*يمە قالىن قارا بودۇنۇڭۇزنى،*
*كىلىك قويۇڭۇزدا،*
*ئۇزۇن ئەتەكىڭىزتە،*
*كۈيۈ كۈزەدۈ تۇتۇپ ئاچىنۇ ئىگدۈرسىز.*
*[كۆك بۆرىدەك سەن بىلەن بىللە يۈرەي،*
*قارا قۇزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قالاي.*

① بۇ مەدھىيە پارچىسى مانى يېزىقىدا يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن تۈركىيەلىك بىسىم ئاتالاينىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇ، مانى دىنىغا ئائىت شېئىر ئەمەس.

*ئاغىرىققا داۋا،*
*بىلەي (بىلەي تاش)گە سۇ (تۆكۈرۈك) بولاي.*
*قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئىلىگىمىز (خانىمىز) سىز،*
*سىز ئالتۇندەك ساپ،*
*مەرۋايىتتەك سۈزۈك،*
*قۇتلۇق، دانا، بېگىمىز سىز.*
*سىز بارلىق پۇقرالىرىڭىزنى كەڭ قوينىڭىزدا،*
*ئۇزۇن ئېتىكىڭىزدە،*
*كۆيۈنۈپ ئاسراپ مېھرىبانلىق بىلەن باقىسىز. ][1]*

5. تەبىئەت گۈزەللىكى تېمىسى

تەبىئەت گۈزەللىكى (تەبىئەت كۆركەملىكى)نى تەسۋىرلەش ۋە ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈش ئەدەبىياتتىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى. تەبىئەت گۈزەللىكى، ئۆز يۇرتى ۋە ۋەتىنىنىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرى، سۇلىرى، باغلىرى، ئېتىز قىرلىرى، جان - جانىۋارلىرى(تىنارلىق-ئۇچارلىقلار)نى تەسۋىرلەش، ئۇلاردىن سۆيۈنۈش ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنىغا تەۋەدۇر. قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقلىرىدىمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش خېلىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىل قاراش «دالا ناخشىسى. ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا» ناملىق دىنىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان شېئىردا تۆۋەندىكىدەك سۈرەتلەپ بېرىلگەن:

*ئادقاشۇ تۇرۇر قات-قات تاغدا،*
*ئامىل ئاغلاق ئارانيادانتا.*
*ئارتۇچ سۆگۈت ئالتىنتا،*
*ئاقار سۇۋلۇقتا.*
*ئارانچىغىن ئۇچداچى قۇشقىئالار،*
*تىرىلىك قۇۋراغلىقتا.*
*ئادقاقسىزىن مەڭى تەگىنگۈلۈگ ئول،*
*ئانى تەگ ئورۇنلارتا.*
*[ تۇتاش كەتكەن قاتمۇ قات تاغلاردا،*
*تىنچ خىلۋەت ئارانيا - دانتا[2] ئارتۇچ سۆگەت[3] ئاستىدا،*
*(شارقىراپ) ئاققان سۇ بويىدا،*
*يىغىلىدىغان جايدا،*
*ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ھۇزۇرلىنىدىغان*
*ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا. ]*

يۇقىرىدىكى شېئىر دىنىي ئۇسلۇبتا بولسىمۇ، ئۇنىڭدا تەبىئەتنىڭ گۈزەل تەسۋىرى ۋە گۈزەل تەبىئەت بىلەن ئىنسان روھى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سۆزلىنىدۇ. ئاپتور بۇ شېئىردا ئۆي-ۋاقلىرىدىن تەرك بولغان راھىبلار ئىستىقامەت قىلىدىغان تىنچ، خىلۋەت تاغ-جىلغىلار،

[1] بۇ شېئىر تۈركىيەدە چىقىدىغان «تۈركىيە تەتقىقات يىللىقى» (1968-يىللىق سانىنىڭ 39-، 44-بەتلىرى)دا ئېلان قىلىنغان بېسىم ئاتالايىنىڭ «تۈركىي خەلقلەرنىڭ مانى دىنىغا دائىر بىر شېئىرى» دېگەن ماقالىسىگە كىرگۈزۈلگەن. لېكىن، بۇ شېئىر مانى دىنى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارىلىدۇ.

[2] ئارانيا—سانسكرىتچە Aranya دىن كەلگەن سۆز بولۇپ، «ئورمانلىق، ئورمانلىق تاغ» دېگەن مەنىدە.

[3] ئارتۇچ سۆگەت—قارا ئارچا دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ.

ئورمانلىقلار، ئېقىن سۇ ۋە كۆل بويلىرىنى شېئىرىي تىل ئارقىلىق جانلىق ۋە ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەپ بەرگەن. شېئىردا گۈزەل تەبىئەت تەسۋىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكىدىن زوق ئېلىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنىدىن بىز بۇنىڭدىن مىڭ يىللار مۇقەددەم قوچو رايونىدىكى مەنزىرە (بېزەكلىك، بۇيلۇق، تۇيوق)نى ۋە تىنىقلىق كەيپىيات يەنى ھاياتنى، بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى ئاقىل-ئۆلىمالارنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ھېس قىلالايمىز.

6. دىنىي مۇھىتتا ئىپادىلەنگەن ئېتىقاد تېمىسى

1) بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى ئېتىقاد تېمىسى

بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقچىلىقى تولىمۇ تەرەققىي قىلغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى دىن، يەنى بۇددىزم پۈتكۈل ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت مەلۇم جەھەتتىن دىنىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ بولغاچقا، ئۇ، بۇ دىنىي «يوپۇق»نىڭ ئورالمىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقالمىغان. نەتىجىدە بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات بۇددا ئېتىقادىنىڭ تۈرلۈك تېمىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇددا دىنى ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلاردا ئاساسەن بۇددا دىنىي ئەقىدىلىرى كۆچەپ تەھلىل قىلىنغان. دىنىي پېشۋالارغا مۇناجات-مەدھىيەلەر ئوقۇلغان. بۇددا دىنىدىكى غايىۋى مەنزىل بولغان سانساراغا ئىنتىلىش ئىستەكلىرى، شۇنداقلا يەنە تەركىدۇنياچىلىقنى، زاھىتلىقنى، كەلگۈسى دۇنيانى تەرىپلەش، بارلىق جانلىقلارغا قىلچىمۇ ئازار بەرمەسلىك، ساۋابلىق، ياخشىلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، بىلىمگە ئىنتىلىش، قەيسەر بولۇش ئىدىيەسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن①. بۇنىڭغا شائىر ئاتساڭنىڭ بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپىنىڭ مۇھىم نوملىرىدىن بىرى بولغان ئاۋاتانساكا (Awatansaka، خەنزۇچە نامى: 华严经)غا مەدھىيە ئوقۇپ يازغان 14 كۇپلېت شېئىرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. شۇ شېئىردىن تۆۋەندە بىر كۇپلېتنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

*تۇرقارۇ ئۆدۈن كۆڭۈل بىلىگ باسۇتچىلىغىن،*
*تۇدچى يىتىسىم ئەرتەر كەچەر ئىدىگلىگ نوملار.*
*توغماق ئۆچمەك تۆرۈلۈگ ئول ئورلۇكسۇز تىتىر،*
*تۇتياقلانغۇلۇغ ياپىشىنغۇلۇغ ئۆز تۆزى يوق تىنىپ.*
*تۇيۇنمىشلار ئىلىگىنىڭ بىلگە بىلىگى،*
*تۇرۇم ئارا ئەرتە قىسقا بىر كىشان ئۇدتە.*
*تولىپ ئۇچ ئۆدكى ئالقۇ نومنىڭ تۆزىن بەلگۈسىن،*
*تۇيۇ يۇمقى بىر قالىسىز تۇيار ئۆتكۈرۈر.*
*[ئۇ ھەممىشە يۇمشاق كۆڭۈل بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىدۇ،*
*نوم قائىدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ،*
*(شۇنداقلا) تۆرىلىش-ئۆلۈمنىڭمۇ يولىنى بىلىدۇ،*
*ھەممىنى سېزەر قابىلىيىتى بىلەن،*
*(نومدىن باشقا) تايىنىدىغان تايانچ يوق دەپ ھېسابلايدۇ.*
*(ئۇ) ئويغانغانلارنىڭ خانى ۋە بىلگە-دانىشمەنى ھەممىنى كۆرەر،*

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 86-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىلى نەشرى.

*ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا،*
*ئۈچ زاماندىكى بارلىق نومۇلارنىڭ مەنبەسىنى*
*ئۇزۇل ـ كېسىل بىلىۋالالايدۇ. ]*

بۇددا دىنى مۇھىتىدا مەيدانغا كەلگەن شېئىرلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا يۇقىرىدا ئېيتىلغان دىنىي ئەقىدىلەردىن باشقا ئازدۇر ـ كۆپتۇر رېئاللىق ئامىللىرىنىڭمۇ ئىپادىلەنگەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس. مىسال ئۈچۈن «دالا ناخشىسى. ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا» ناملىق شېئىردىن يەنە بىر كۇپلېت كۆرۈپ ئۆتەيلى.

*كۆكەرىپ تۇرۇر كۆركلۈگ تاغدا،*
*كۆڭۈل ياراشى ئاغلاق ئورۇنتا.*
*كۆپ يىگى تەلىم سۆگۈتلۈگ ئەرىپ،*
*كۆپىرىپ تۇرۇر كۆلمەن سۇۋلۇقتا.*
*كۆز باشلاپ قاچىغلارىن يىغىنىپ،*
*كۆزۈنمىش بىلىنمىشچە ئورۇنلارتا.*
*كۈسەنچىگسىزىن مەڭى تەگىنگۈلۈگ ئول،*
*ئانى تەگ ئورۇنلارتا.*
*[كۆكىرىپ تۇرىدىغان كۆركەم تاغلاردا،*
*كۆڭۈلگە ياقىدىغان خىلۋەت ئورۇندا،*
*شۇنچە ياخشى دەرەخزارلىق ئارىسىدا،*
*داۋالغۇپ، دولقۇنلاپ تۇرغان كۆللەر بويىدا،*
*كۆز قاتارلىق قاچىغلار[①] دىن خالىي بولۇپ،*
*(ھەممە نەرسە) كۆرۈنىدىغان، بىلىنىدىغان ئورۇنلاردا.*
*ھېچقانداق ھەۋەسكە بېرىلمەستىن ھۇزۇرلىنىدىغان،*
*ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا. ]*

يۇقىرىقى شېئىردا كۆكىرىپ تۇرغان كۆركەم تاغلاردا، بۈك ـ باراقسان ئورمانلىقلاردا، دولقۇنلاپ تۇرغان كۆللەر بويىدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن تەبىئەت گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان زىيالىيلارنىڭ گۈزەل تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن ئىنسان روھى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇستىلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

2) مانى دىنى مۇھىتىدىكى ئېتىقاد تېمىسى

مانى دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلغان. مانى دىنى ئۇسلۇبىدىكى يىر ـ قوشاقلار خېلى كۆپ بايقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر چەت ئەللەردە ساقلانماقتا. چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئېلان قىلغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، مانى دىنى ئۇسلۇبىدىكى يىر ـ قوشاقلار ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يېزىقىدا يېزىلغان. بىر قىسىم يىر ـ قوشاقلار بولسا، مانى يېزىقىدا (تىلى قەدىمكى ئۇيغۇرچە) يېزىلغان[②]. «تەڭرى» («بايات») ناملىق شېئىرنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭدا تاڭ تەڭرىسىگە مەدھىيە ئوقۇش، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش مەزمۇن قىلىنغان. ئاپرىنچۇر تېگىننىڭ «مەدھىيە» دېگەن شېئىرى تەڭرى ـ باياتقا مەدھىيە ئوقۇش، ئۇنىڭغا تېۋىنىش، يېلىنىشنى مەزمۇن قىلغاندىن سىرت، ئۆلۈمنى، دوزاخنى

---

① قاچىغ — بۇددا دىنىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن ۋە تەپەككۇرنى كۆرسىتىدۇ.

② تۈركىيەدە R. R. Arat 1965 ـ يىلى ئۇيغۇر مانى شېئىرلىرىدىن 149پارچىنى ئېلان قىلغان.

تەسۋىرلەشنىمۇ ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. يەنە بەزى شېئىرلاردا بولسا، ئوبرازلىق تىل، يارقىن تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مانى دىنىنى ئەقىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان، بويسۇنمىغان گۇناھكارلارنىڭ ئۆلۈمىنى، دوزاختىكى ھالەتلىرىنى بەكمۇ دەھشەتلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەن. كىشىلەرنى مانىغا ئېتىقاد قىلىشقا، تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇشقا چاقىرغان①. مەسىلەن:

*كۆرۈگمە كۈن تەڭرى*
*سىز بىزنى كۈزەدىڭ*
*كۆرۈنۈگمە ئاي تەڭرى*
*سىز بىزنى قۇتقارىڭ*
*[ئايان بولغان كۈن تەڭرىسى،*
*سىز بىزنى قوغداڭ!*
*بالقىپ چىققان ئاي تەڭرىسى*
*سىز بىزنى قۇتقۇزۇڭ!]*

*تۇزۇن بىلگە كىشىلەر تىرىلەلىم*
*تەڭرىنىڭ بىتىگىن بىز ئىشىدەلىم*
*تۆرت ئىلىگ تەڭرىلەركە تاپىنالىم*
*تۆرت ئۇلۇغ ئەمگەكدە قۇرتۇلالىم*
*[ئەي، ئەردەملىكلەر، بىلگە ـ دانىشمەنلەر توپلىنايلى،*
*تەڭرىنىڭ بىتىگ ـ كىتابىنى ئاڭلايلى،*
*تۆت ئىلىك تەڭرىگە تېۋىنايلى،*
*تۆت چوڭ ئازابتىن قۇتۇلايلى.]*

*تۇپىنتە ئولئۇقما ئۆلمەكى بار،*
*تۇنەرىگ تامۇقا تۇشمەكى بار.*
*تۇمەنلىگ يەكلەر كەلىر تىيۇر،*
*تۇمەنلىگ يەكلەر ئايا تىيۇر،*
*[ئۇلار ئاخىر ئۆلمەي قالمايدۇ،*
*قاراڭغۇ دوزاخقا چۈشمەي قالمايدۇ،*
*تۇمەنلەپ جىن ـ ئالۋاستىلار كېلىدۇ،*
*قارا تۇمانلىق جىنلار خالىغىنىنى قىلىدۇ.]*

### 4. شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

بۇ دەۋردىكى شېئىرلار مەيلى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بەدىئىي شەكىل جەھەتتە بولسۇن خېلى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى يىرىك قوشاقلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدا ئارقىلىق قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 87 ـ بەت.

1. ئىجتىمائىي تۇرمۇش چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن

قوچو ئۇيغۇر يىر ـ قوشاقچىلىقى ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ جانلىق ئۆلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۈكسەك چىنلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ يەردىكى چىنلىق رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆز پېتى كۆچۈرۈلمىسى بولماستىن، بەلكى بەدىئىي چىنلىقتىن ئىبارەت. بۇ دەۋردىكى شائىرلار ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتنى مەيلى بۇددا دىنى ياكى مانى دىنى ئېتىقادى نۇقتىئىنەزەرىدە تۇرۇپ تەسۋىرلەشتىن قەتئىينەزەر، ھەققانىي ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە تۇرۇپ، ئۆز ئىدىيەسىنى ھەقىقىي دېتاللار ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشقان. مەسىلەن، «دالا ناخشىسى. ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا» دېگەن شېئىر بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. بۇ شېئىردا رېئال تۇرمۇش پەردازلانماستىن، ھەقىقىي مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيەدە تۇرۇپ، ئەينى دەۋردىكى راھىب ـ ئېتىقادچىلارنىڭ ھاياتىدىكى مەسىلىلەرنى رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، يۈكسەك، تەۋرەنمەس ئېتىقاد ۋە يۇرتىغا بولغان قىزغىن ئۇدۇك ـ مۇھەببەت ئىپادىلەپ بېرىلگەن[①].

2. ئىلغار ئىدىيەۋى مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن

قوچو ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىلغارلىققا ئىگە. ئۇلاردا تەبىئەت، جەمئىيەتنى سۆيۈشكە، كىشىلىك ھاياتنى قەدىرلەشكە، ئۆز ئەقىدىسى، ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىگە سادىق بولۇشقا ئۈندەيدىغان نۇرغۇن ئېسىل مەزمۇنلار بار. بىلىم، ئىجادىيەت، مېھنەت، ئادالەت، ئۇدۇك ـ مۇھەببەت، ئەردەم ـ پەزىلەت، ئەخلاق قاتارلىق ئاكتىۋال مەسىلىلەر كۈچەپ تەرغىب قىلىنغان. بۇ خىل مەزمۇنلار ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېمىدىكى شېئىرلاردىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان شېئىرلاردىمۇ بار بولغان. دىنىي مۇھىتتا يېزىلغان شېئىرلاردىمۇ ئىشەنچ ـ ئېتىقاد، ساپ دىللىق، ئەزگۈلۈك، ۋاپادارلىق قاتارلىق پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدىغان قىممەتلىك مەزمۇنلار ساقلانغان. شۇڭا ئۇ شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنى يۇقىرى ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر دەپ قاراشقا بولىدۇ[②].

3. بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە كۆپ خىللىقى

بۇ دەۋردىكى يىر ـ قوشاقچىلىق بەدىئىي چىنلىق ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇن جەھەتتە يۇقىرىلىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەدىئىي قۇرۇلما ۋە شەكىل جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس بىرقاتار ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلىغان. بۇ دەۋردىكى يىر ـ قوشاقچىلىقنى شېئىرلارنىڭ قاپىيەلىنىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى تۆت خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) باش قاپىيەلىك شېئىرلار: قوچو ئۇيغۇر يىر ـ قوشاقچىلىقىدا باش قاپىيەلىك شېئىرلار مۇتلەق كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا باش قاپىيەلىك شېئىرلارنى ئەينى زاماننىڭ ئەنئەنىۋى شېئىر شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ دەۋردىكى باش قاپىيەلىك شېئىرلار تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە يېزىلغان:

(1) مۇنتىزىم باش قاپىيەدىن تۈزۈلگەن، ئاياغ قاپىيە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، بوغۇم سانى ئوخشاش بولمىغان، ھەممە كۇپلېتى ئوخشاشلا بىر خىل ھەرپتىن باشلانغان شېئىر شەكلى.

(2) باش قاپىيەدىن تۈزۈلگەن، باش قاپىيەدە رىتىملىق ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدىغان شېئىرلار، بۇ خىل شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق: aaaaaaa، abbbbbbb، accccccc، addddddd. بۇ

---

① ش. ئە. يۇسۇپ: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2000 ـ يىللىق تۇنجى سانى، 92 ـ ، 93 ـ بەتلەر.

② غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 88 ـ بەت.

ھەقتە «دالا ناخشىسى. ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا» ناملىق شېئىرغا قاراڭ.

(3) باش قاپىيەدىن تۈزۈلگەن، كۇپلېت بىلەن كۇپلېتنىڭ باش قاپىيەسى ئوخشاش بولمايدىغان شەكىل. ئىسخېمىسى: aaa، bbb، ddd ccc شەكىلدە كەلگەن.

(4) خاتىمە ( «تۈگەنچ») دۇئاسى شەكلى. بۇ خىل شەكىلدە كۆپىنچە مىسرالارنىڭ باش قاپىيەسى ئىككى ھەرپتىن تەشكىل تاپقان. بەزىلىرىدە باشقا ھەرپتىن مىسرالار ئارىلىشىپ قالغان بولىدۇ. بەزى تەھلىلچىلەر تەرپىدىن رەتلەنگەن يەتتە پارچە 53 كۇپلېت خاتىمە دۇئاسىنىڭ باش ھەرپى a دىن باشلانغان بولۇپ، بۇ ئېھتىمال شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە بولغان بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئاۋام-پۇقرالار ئۆزىنىڭ ئامىتا بۇدداغا بولغان ھۆرمىتى ۋە چوقۇنۇشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ باش ھەرپى بولغان a نى خاتىمە دۇئاسىنىڭ باش قاپىيەسىنىڭ باش ھەرپى قىلىپ ئالغان بولۇشى كېرەك[1].

باش قاپىيەلىك شېئىرلار خەلقئارادا «ئاللىتىراتسىيەلىك»(تاۋۇشلۇق) شېئىرلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ Ad(ياكى aL)-ئۆز، littera-ھەرپ دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئومۇمەن بىر خىل ھەرپلىك قەدىمىي شېئىرىي سىستېمىنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيا ئالىملىرى ئاللىتىراتسىيەلىك شېئىرلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۈچ تۈرگە بۆلگەن:

بىرىنچى، سۆزلۈك ئاللىتىراتسىيەلىك شەكىل. ئىككىنچى، تومۇزلۇق ئاللىتىراتسىيەلىك شەكىل، ئۈچىنچى، تاۋۇشلۇق ئاللىتىراتسىيەلىك شەكىل.

نېمىس ئۇيغۇرشۇناسلىرى ئاللىتىراتسىيەلىك شېئىرىي شەكىل موڭغۇل شېئىرلىرىنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىققان[2] دەپ ھېسابلىغان، رۇس ئۇيغۇرشۇناسلىرى بولسا بۇ خىل شەكىل قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىن موڭغۇللارغا ئۆتكەن دەپ قارىغان[3]. قازاقىستان ئۇيغۇرشۇناسلىرى بولسا، بۇ خىل شەكىل ھىندى-ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىياتىدىن تارقالغانلىقى مەلۇم. مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ مەنبەسى قەدىمكى ھىندىستان شېئىرىيىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. سانسكرىت تىلىدا Anyprasa ئاتالغۇسى كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇ بىر خىل ھەرپلىك ياكى ئوخشاش تاۋۇشلۇق شېئىرلارنىڭ ئۆلگىسىنى كۆرسىتىدۇ دەپ يېزىشقان[4].

2) ئاياغ قاپىيەلىك شېئىرلار. قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقچىلىقىدا باش قاپىيەدىن قالسىلا ئاياغ قاپىيەلىك شېئىرلارمۇ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل ئاياغ قاپىيەلىك يىر-قوشاقلارنى مىسرا سانىغا قاراپ تۈرۈپ، ئىككىلىك شەكىللەردىن تەشكىل تاپقان ئاياغ قاپىيە شەكلى، تۆتلۈك شەكىللەردىن تەشكىل تاپقان ئاياغ قاپىيە شەكلى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىككىلىك شەكىللەردىن تەشكىل تاپقان ئاياغ قاپىيە شەكلىگە مىسال:

*ئەردەملىگ كىشى ئەردىنى بىرلە تۈز ئول،*

*ئەردەمسىز كىشى ئەتۈك ئىچىندەكى ئۆلياق بىرلە تۈز ئول.*

*[پەزىلەتلىك كىشى (گويا) گۆھەرگە ئوخشايدۇ،*

---

[1] م. ناسىر: «قاراخانىيلار شېئىرلىرى بىلەن ئىدىقۇت قوچو ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى پەرقلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1999-يىلى 1-سان، 104-بەت.

[2] DerFer: «تۈرك قەبىلىلىرى ئەدەبىياتى» (ماقالە)«تۈرك فىلولوگىيە ئاساسلىرى» 2-توم، 1964-يىلى، 863— 868-بەتلەر.

[3] E. B. Ctbleva: «تۈرك ئاللىتىراتسىيەلىك شېئىر شەكىللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى»، «سوۋېت تۈركولوگىيەسى»، باكۇ، 1971-يىلى 6-سان؛ B. M. Zhirminmiski «تۈرك ئەرمىنىيە داستانلىرى» 1974-يىلى 644—674-بەتلەر.

[4] ئالىمجان ئىلىۋالدى: «نەزەرىيەۋى نۇقتا ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇر»، بىشكەك، 2002-يىلى نەشرى، 10-بەتلەر.

*پەزىلەتسىز كىشى (گويا) ئۆتۈك ئىچىدىكى پىتەككە ئوخشايدۇ. ]*

تۆتلۈك شەكىللەردىن تەشكىل تاپقان ئاياغ قاپىيە شەكلىگە مىسال:

*كىرىككەن تونلار كىرىن،*
*سۈۋ ئۈزە يۈمۈش كەرەك.*
*سۆز كىرى كىتمەس يۇسا،*
*نەتەگىن قىلمىش كەرەك.*
*[كىر باسقان تونلار كىرىنى،*
*سۇ بىلەن يۇيۇش كېرەك.*
*سۆز كىرى كەتمەس يۇسا،*
*بۇنى قانداق قىلىش كېرەك. ]*

3) باش ـ ئاياغ قاپىيەلىك شېئىرلار: بۇ دەۋردىكى يىر ـ قوشاقلار ئىچىدە باش ـ ئاياغ قاپىيەلىك شېئىرلارمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. باش قاپىيەدىن تۈزۈلگەن، باش قاپىيە مەلۇم رىتىمدا بولمىغان، ئاندا ـ ساندا ئاياغ قاپىيە ماھارىتى جارى قىلدۇرۇلغان يىر ـ قوشاقلارغا «تەڭرى»(«بايات») دېگەن شېئىرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ[①].

قوچو ئۇيغۇر يىر ـ قوشاقلىرى ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى ئاساسىدا يېزىلغان 21 كۇپلېتلىق بىر شېئىر بولۇپ، ئاپتور بۇ شېئىردا باش ـ ئاياغ قاپىيەگە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ھەربىر كۇپلېتنىڭ باش ھەرپىنى بىرخىل ھەرپ بىلەن داۋاملاشتۇرغان. مەسىلەن:

*ت ئۈسكىنى تالۇلالىم،*
*تاپشىغۇلۇغ ئەرسە تۆزىن.*
*تاۋارمۇ بېرىپ سادغىن ئالغۇ ئول،*
*تالايتاقى بىلگەلەرىڭ سۆزىن.*
*تاپشىمادىلار بۇ بىلگىلەر،*
*تاقىلىپ بىلگىسىز سۆزىن،*
*تارالداچى تارغۇ بىلىگلىگ،*
*دانتىرۋىد ئازغۇ ئول كۆزىن.*
*[«ت» ھەرپىنى تاللىۋالدىم،*
*ئەگەر بولسا ئۇنىڭ يىلتىزىنى تاپماق ئىمكانى،*
*مال ـ دۇنيا بېرىپ سېتىپ ئالايلى،*
*نۇرغۇنلىغان دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمەتلىرىنى.*
*تېپىشالمىغان بۇ ئوقۇمۇشلۇقلار،*
*چۈنكى بىلىملەر جاھىللار تەرىپىدىن بوغۇچلانغان،*
*چېچىلغان نەرسىلەرنى تاراتقۇچى بىلىملىكنىڭ*
*كۆزىنى دانتىرۋىد (؟) ئەتمەيلى. ]*

4) ئەركىن شېئىر يەنى «چاچما» شەكىلدىكى شېئىرلار. ئەركىن شېئىر يەنى «چاچما» شەكىلدىكى شېئىرلاردا باش قاپىيە ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، ئاياغ قاپىيە خېلىلا راۋاجلاندۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى چاچما شېئىرلارغا تولىمۇ

[①] «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2000 ـ يىللىق تۇنجى سانى، 93 ـ بەت.

ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، مانى يېزىقىدا يېزىلغان «مەدھىيە پارچىسى»نىڭ ئىسخېمىسى مۇنداق: باش قاپىيەسى ھەرخىل، بوغۇم سانى ئوخشاش ئەمەس، ئاياغ قاپىيەسى aabc، deec، fgld شەكلىدە كەلگەن.

5) كۆپ خىل شەكىلدىكى شېئىرلار. قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقلىرىنى شېئىرىي مىسرالىرىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، بوغۇم سانىنىڭ ھەرخىللىقىغا قاراپ، ئىككىلىك، ئۈچلۈك، تۆتلۈك، بەشلىك، ئالتىلىك، يەتتىلىك، سەككىزلىك شەكىللەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

6) تۇراق، قاپىيە جەھەتتىن مۇنتىزىم بولغان شېئىرلار. قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقلىرىدا يۇقىرىقىدەك ھەرخىل ئىسخېمىلىق يىر-قوشاقلاردىن باشقا، يەنە ۋەزىن، تۇراق، قاپىيە، بوغۇم جەھەتلەردە بىرقەدەر مۇنتىزىم بولغان شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئەسلىي تېكىستى:

تۇراق4+ 4 +5=13 بوغۇم

*ئۇزەلىكسىز // بۇرقانلارنىڭ // ئەدگۈلەرىنتە،*
*ئۇلگۇلەنچىسىز // يېگ ئۇستۇنكى // ئارتۇقلارىنتا،*
*ئۇلگۇ تەڭ ئۇ- // رۇپ ئايىغلاپ // تانىپ ئۇلارتا،*
*ئۆكۈش ئايىغ // قىلىنچ قىلتىم // ئاجۇن ئاجۇنتا.*
*[تەڭداشسىز بۇرخانلارنىڭ ياخشىلىقلىرىغا،*
*ئۆلچىگىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ پەزىلەتلىرىگە،*
*ئۆزۈمنىڭكىنى تەڭلەشتۇرۇپ، يامانلىق بىلەن ئىنكار قىلىپ،*
*كۆپ گۇناھلىق ئىشلار قىلدىم بۇ ئالەمدە.]*

«تۇۋنامە»دىن مىسال ئېلىنغان بۇ بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ مىسرالىرى ئۈچ تۇراق، بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاساسەن باش قاپىيە بىلەن ئاياغ قاپىيە تەڭ ئېتىبارغا ئېلىنغان. بۇ شېئىرنىڭ قاپىيە شەكلى aaaa بىلەن تۈزۈلگەن[①].

### 5. شېئىرلاردىكى تىل ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى

بۇ دەۋردە ياشىغان شائىرلار سۆز ئىشلىتىشتە تىلنىڭ ساپلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئابستراكت ۋە كونكرېت چۈشەنچىلەرنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن بەك مول تىل بايلىقىنى جۇغلىغان. ئەينى زامان يىر-قوشاقلىرىنىڭ تىلى خەلق تىلىغا تولىمۇ يېقىن بولۇپ، ئاممىباپلىققا ئىگە. شۇنداقلا مېغىزلىك، چۈشىنىشلىك، يېقىملىق. يەنە بىر تەرەپتىن، قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقلىرىدا ئۇرغۇلۇق، جانلىق، دولقۇنلۇق، ئوبرازلىق سۆزلەر قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ خىل سۆزلەر يىر-قوشاقلارنى شېئىرىي ئاھاڭدارلىققا ۋە يارقىنلىققا ئىگە قىلغان. مەسىلەن: «ئاتىلار سۆزى»دىكى مىسرالار بۇنىڭغا روشەن مىسال بولالايدۇ.

قوچو ئۇيغۇر يىرچى-شائىرلىرى يېتىشكەن سۆز ئۇستىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىر-قوشاقلىرىدا سۆز ئويۇنىدىنمۇ ئالاھىدە پايدىلانغان. مەسىلەن:

*تاڭ تەڭرى كەلتى،*
*تاڭ تەڭرى ئۆزى كەلتى.*

---

① ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» 181-، 182-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىلى نەشرى.

*تالڭ تەڭرى كەلتى،*
*تالڭ تەڭرى ئۆزى كەلتى.*

يۇقىرىقى شېئىردا شائىر «تالڭ تەڭرى» دېگەن سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاش ئارقىلىق، شېئىرنىڭ تېتىك، جانلىق، كۈچلۈك قاراتمىلىقتا ئىگە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

ھېسسىيات شېئىرنىڭ جېنى. قوچو ئۇيغۇر شائىرلىرى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە قارىغان. يەنى ئۇلارنىڭ يىر ـ قوشاقلىرىنىڭ تىلى كۈچلۈك ھېسسىياتقا ئىگە بولۇپ، يىرچى ـ شائىرلار كىشىلەرنىڭ تۇرلۇك ھېسسىياتلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، ئىنتىلىشلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇشكە تىرىشقان. مەسىلەن: تۆۋەندە مىسال ئۈچۈن ئاپرىنچۇر تېگىننىڭ «مۇھەببەتنامە»سىدىن ئىككى كۇپلېتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

*قاسىنچىغىمىن ئويۇ قادغۇرۇرمەن،*
*قادغۇردۇقچە قاشى كورتلەم.*
*قاۋىشىغسا يۇرمەن،*
*[قايغۇرغانسىرى قېشى گۇزىلىم (بىلەن)*
*قوۋۇشقۇم كېلىدۇ. ]*
*ئوز ئامراقىمىن ئويۇرمەن،*
*ئويۇ ئەۋىرۇرمەن ئودۇچۇن.*
*ئوز ئامراقىمدىن ئوپۇكسەيۇرمەن.*
*[ئۆز ئامرىقىمنى ئويلايمەن،*
*ئويلاپ، ئويلاپ تۇرغانسىرى*
*ئۆز ئامرىقىمنى سۆيگۇم كېلىدۇ. ]*

دېمەك، بۇ قوشاقتا شائىرنىڭ يىراقتىكى ئاشىقىغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى، ئۇنىڭغا بولغان ئۇدۇك ـ سۆيگۈسى تولىمۇ تەسىرلىك، يارىشىملىق، ھېسسىياتلىق سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

ئەينى زامان يىر ـ قوشاقلىرىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپى ساپ ئۇيغۇرچە بولۇپ، بۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تەسۋىرلەش، تۇرلۇك دىنىي ئىشەنچ ـ ئەقىدىلەر، ئەخلاقىي، پەلسەپۋى مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشتە ئۆزىنىڭ رولىنى ئۇنۇملۇك يوسۇندا جارى قىلدۇرغان. قوچو ئۇيغۇر يىرچى ـ شائىرلىرى ئىشلەتكەن شېئىرىيەت تىلىدا قىسمەن دىنىي ئېھتىياج تۇپەيلىدىن توخرى، سانسكرىت، خەنزۇ، سوغدى تىللىرىدىنمۇ ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان.

قوچو ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق، جانلىق، سىڭىشچانلىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىنمۇ ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. ئەينى زامان يىر ـ قوشاقلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلگەن ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئاساسەن ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، رىتورىك خىتاب، تەكرارلاش، ئېفىمىزم، سۈپەتلەش، سېلىشتۇرۇش قاتارلىقلار.

1. ئوخشىتىش

*كۆك بۆرىنەگ سېنى بىرلە يۇرىيىن،*
*قارا قۇزغۇنتەگ تۇپراق ئۇزە قالايىن.*

بۇنىڭدا «كۆك بۆرىدەك، قارا قۇزغۇندەك» قاتارلىق ئوخشىغۇچىلار ئارقىلىق «مەن، تۇپراق» قاتارلىق ئوخشالغۇچىلار گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، «پەزىلەتلىك كىشى (گويا)

گۆھەرگە ئوخشايدۇ، پەزىلەتسىز كىشى (گويا) ئۆتتۈكتىكى پېتەككە ئوخشايدۇ.» دېمەك، بۇ مەزمۇندىكى قوشاقتا ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك كىشى ئەتىۋارلىق ئەردەنى-گۆھەرگە ئوخشىتىلغان. پەزىلەتسىز، ئەخلاقسىز كىشى بولسا ئەتىۋارسىز پېتەككە ئوخشىتىلغان.

2. جانلاندۇرۇش

قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقلىرىدا ئوخشىتىشتىن قالسا جانلاندۇرۇشمۇ خېلى كۆپ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، مانى دىنى مۇھىتىدا مەيدانغا كەلگەن «دوزاخ تەسۋىرى» دېگەن شېئىردا «يەر، سۇ، ئوت، دەل-دەرەخلەر»نى ئادەملەرگە خاس روھىي ھالەت قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

3. رىتورىك خىتاب

قوچو ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا يەنە رىتورىك خىتابمۇ ئۇنۇملۇك قوللىنىلغان بولۇپ، شائىرلار ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتلارنى تەسۋىرلىگەن چاغدا كۈچلۈك خىتابلىق مىسرالارنى قوللىنىپ، شېئىرلىرىنى جانلىق، يارقىن ئوبرازلىققا ئىگە قىلغان. مەسىلەن:

*تۇرۇڭلار قامۇغ بەگلەر قاداشلار،*
*تاڭ تەڭرىگ ئۈگەلىم.*
*[تۇرۇڭلار، بارلىق بەگلەر، قېرىنداشلار،*
*تاڭ تەڭرىسىنى مەدھىيەلەيلى!]*

دېگەن مىسرالاردا كەڭ ئاۋام پۇقرانى تاڭ تەڭرىنى مەدھىيەلەشكە خىتاب قىلغان.

4. تەكرارلاش

ئىستىلىستىكىدىكى مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى تەكرارلاش بولۇپ، بۇنىڭدا ئادەتتە ئوخشاش بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى تەكرارلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق شېئىرىي نۇتۇقتا قايىيە، تۇراق ھاسىل قىلىدۇ. قوچو ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىمۇ بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە خېلى كۆپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، قوشاق مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، شائىرلارنىڭ تەكىتلىمەكچى بولغان ئىدىيەلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ كۆرسىتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، مانى دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن «ئىلاھ» (بايات) دېگەن قوشاق بۇنىڭغا روشەن مىسال بولالايدۇ:

*تاڭ تەڭرى*
*يىدلىغ، يىپارلىغ*
*يارۇقلۇغ، ياشۇقلۇغ.*
*تاڭ تەڭرى*
*تاڭ تەڭرى*
*[تاڭ تەڭرىسى،*
*خۇش پۇراقلىق، ئىپارلىق.*
*پارلاق، نۇرلۇق*
*تاڭ تەڭرىسى!*
*تاڭ تەڭرىسى!]*

دېمەك، قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقلىرى مەيلى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن يۇقىرىقىدەك ئۆتتۈقلارغا ئېرىشكەن. بۇ خىل ئۆتتۈقنى ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ شېئىرىي تېكىستىگە، «ئىرق بىتىگ»، «ئوغۇزنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ شېئىرىيەت شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. قوچو ئۇيغۇر يىر-قوشاقچىلىقى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگىمۇ شەكىل، مەزمۇن، بەدىئىي ماھارەت جەھەتلەردىن بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۆرنەكلىك رولىنى ئىكلىگەن.

## §3. نەسرىي ئەسەرلەر

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە شېئىرىيەت ۋە دىراماتورگىيە بىلەن بىرگە نەسرىي ئەدەبىياتمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋردىكى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسىگە قاراپ ئۇنى ئۆزلەشتۈرمە نەسرىي ئەسەرلەر، ئىجادىي نەسرىي ئەسەرلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان چەت ئەل ئالىملىرى ۋە جۇڭگونىڭ ئالىملىرى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا ئالاقىدار بولغان نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپى ئۆزلەشتۈرمە نەسرىي ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ياشىغان ئىسمى مەلۇم بولغان ياكى ھازىرغىچە ئىسمى نامەلۇم بولغان بىر قىسىم تەرجىمىشۇناسلار، يازغۇچىلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆز خەلقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە، شىنجاڭدا ياشىغان يەنە بەزى بىر قىسىم خەلقلەرنىڭ تىللىرىدىكى ئەسەرلەرنى ۋە قەدىمكى خەنزۇ ۋە سوغدى تىلىدىكى ئەسەرلەرنى مېھنەت سىڭدۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈپ چىققان ۋە تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى دەۋردە دىنىي ئەقىدە تۈپەيلىدىن كىتاب كۆچۈرۈش، تەرجىمە قىلىش، تارقىتىش ساۋابلىق ئىش دەپ قارالغاچقا، نۇرغۇن داڭلىق ئەسەرلەر مانا مۇشۇ «مۇقەددەس ـ ساۋابلىق»قا ئېرىشىش مەقسىتىدە تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلغان. بۇ ئەقىدە بۇ دەۋردىكى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ دەۋردىكى نەسرىي ئەسەرلەردىن مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

«ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»، «چاستانى ئىلىك بەگ»، «ياغاچچى بىلەن رەسسامنىڭ ھېكايىسى»، «ئىنجىل»، «ئىزوپ مەسەللىرى»، «ئېسىل لەززەتلىك نوم»، «سانت گىئورگىنىڭ ۋاپاتى»، «نېستۇرىيان دىنى يازما يادىكارلىقىنىڭ پارچىسى» قاتارلىقلار.

يۇقىرىقى نەسرىي ئەسەرلەرنى يارىتىلغان دىنىي مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر، مانى دىنى مۇھىتىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر، خىرىستىيان دىنى مۇھىتىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر دەپ ئۈچكە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ دىنىي مەزمۇندىكى نەسرىي ئەسەرلەر، رېئال ئىجتىمائىي تېمىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەردە بىرتەرەپتىن، بۇددا، مانى، خىرىستىيان دىنلىرىنىڭ ھەرخىل ئىشەنچ ـ ئەقىدىلىرى، كۆز قاراشلىرى، پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرى، يارقىن ئوبرازلار بەلگىلىك ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق جانلىق تەسۋىرلەنگەن. يەنە بىرتەرەپتىن، يۇقىرىقى ئەسەرلەردە قىزىقارلىق ۋە كومېدىيەلىك ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ئالىپ ـ قەھرىمانلىقنى كۈيلەش، كىشىلەرنىڭ جاسارىتىنى ئۇلۇغلاش، خەلق ئاممىسىنىڭ تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە ئاپىرىن ئېيتىش، ئىشق ـ مۇھەببەت(ئۇدۇك) تېمىسى ۋە ئۇدۇك ـ مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى، تۈرلۈك ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىل ـ يېزىققا ئالاقىدار قىممەتلىك مەزمۇنلارمۇ ئەكس ئەتكەن. بولۇپمۇ گىرېتسىيەدە ئۆتكەن مەسەلچى ئىزوپنىڭ مەسەللىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى، خىرىستىيان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئىنجىل»نىڭ تەرجىمە قىلىنىشى، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ دۇنياۋى ئالاقىسىنىڭ تولىمۇ قويۇقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ دەۋردە ئۆزلەشتۈرمە نەسرىي ئەسەرلەردىن قالسىلا ئىجادىي نەسرىي ئەسەرلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يەنى «ئوغۇزنامە» مۇشۇ دەۋردە قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بەزى ئابزاسلار نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ دەۋردە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا تۈرلۈك ئالاقە مۇناسىۋەتلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە بارلىققا كەلگەن ھەرخىل خەت-پۈتۈكنامە، توختامنامە، كېلىشىمنامە، پەرمان-بۇيرۇقلار، خەت-ئالاقىلەر، يازما ۋەسىقىلەر بۇ دەۋردىكى خەت-چەك ئەدەبىياتى (لىنگۋىستىكا)غا تەۋە بولۇپ، بۇ دەۋردىكى نەسرىي ئەسەرلەر ساھەسىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بۇلار ئەينى دەۋردىكى تەرەققىي قىلغان ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشنى تەھقىقلەپ كۆرۈشتە، ئەينى دەۋردىكى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، بۇ دەۋردىكى نەسرىي ئەدەبىياتنىڭ ئۇتۇقىمۇ باشقا ژانىرلارنىڭ ئۇتۇقىدىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ. تۆۋەندە بۇ دەۋردە يارىتىلغان نەسرىي ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

## 1. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ

### 1.1. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ھاياتى

قەدىمكى شەھەر بەشبالىق قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بولۇپ، خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. ئۇ، ئەينى دەۋرلەردىلا ئۆزىنىڭ باي، ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرى بىلەن داڭلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى بەشبالىق بۇددا مۇھىتىدا يېتىشكەن، بۇددىزم مەدەنىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئالىم، تەرجىمان، تىلشۇناس سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ (خەنزۇچە يېزىلىشى:僧古萨里，僧古沙力突童，幸苦舍利突通，胜光阇梨都统) نامى بىلەنمۇ داڭلىقتۇر. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا ئەسەر تەرجىمە قىلغان تەرجىمانشۇناس، ئۇ شۇ دەۋردىكى تەرجىمانلار ئىچىدە تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ھەجمىنىڭ بىرقەدەر چوڭلۇقى، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەرجىمە ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، تەرجىمىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ ئىلمىيلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقان ئالىمدۇر. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات ساقلانغان:

«شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

*ي (ە)مە قۇتلۇق ت(ا)ۋغاچ ئىلىنتە ئۇج ئاغىلىق نوم ئۆتكۈرمىش خۇيلى تايشى ئۇدىك ئالىپ (تا) ۋغاچ تىلىنتە ياراتمىش كىنتسۇك ۋاپشى ئاتل(ى)غ نومچى (ئا) چارى كىڭۈرتمىش: ت(ا)ۋغاچ تىلىنتىن (يا)نا بىش بالىقلىغ سىڭقۇ سەلى (تۇ) تۇڭ ياڭىرتى تۈرك تىلىن(چە) ئەۋىرمىش.*

*[ئۇلۇغ، سائادەتلىك تاۋغاچ ئېلىدە ئۈچ ئاغىلىق نومغا تەبىر بەرگۈچى خۇيلى ئىسىملىك ئۇستاز ئىلھامغا كېلىپ ئۇنى تاۋغاچ (خەنزۇ) تىلىدا يېزىپ چىققان؛ ياڭزۇڭ ئىسىملىك نومچى ئۇستاز ئۇنى تولۇقلىدى. تاۋغاچ تىلىدىن ئۇنى بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ قايتىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلغان. ]*

«ئالتۇن يارۇق»نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

*ي(ە)مە قۇتلۇغ ئۆڭتۇن ئۇلۇغ ت(ا) ۋغاچ ئىلىنتە تايسىڭ سۈەشىڭ ئالقۇ شاسترلارىغ قاماغ نوملارىغ قالىسىز ئۆتكۈرمىش بۇدىستۋا گېتسو سامتسو ئاتل(ى)غ ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنتىن تاۋغاچ تىلىنچە ئەۋىرمىش يانا بۇ بىش چۆبىك كلىۋك بۇلغانىۋا ياۋىز ئۆتدە قولۇتا كىنكى بوسغۇتلۇغ بىش بالىقلىغ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن تۈرك ئۇيغۇر تىلىنچە ئىكىلەرىۋ*

*ئەۋىرمىش ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىقلىغ قوپدا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلگى ئاتىل (ى)ىغ نوم بىتىنگ تۇكەدى.*

*[يەنە قۇتلۇق شەرقتىن ئۇلۇغ تاۋغاچ ئېلىدە، ماھايانا، ھىنايانا (مەزھىپىنىڭ) بارلىق شاستىرلىرىنى، ھەممە نوملىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزلەشتۈرگەن بۇدساتۋا گىتسۇ سامتسۇ (خەنزۇچە نامى: 义争三藏) ئۈچ خەزىنىلىك يىجىڭ ئاتلىغ ئۇستاز سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان، يەنە بۇ بەش (تۈرلۈك) پاسكىنىچىلىق كېلىپ بولغانغان ياۋۇز زاماندا، كېيىن ئوقۇمۇشلۇق بولغان بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك - ئۇيغۇر تىلىغا ئىككىنچىلەپ تەرجىمە قىلغان. ئالتۇن ئۆڭلۈك نۇرلۇق، يالتىراقلىق، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك تۈگىدى. ]*

دېمەك، يۇقىرىقى تەرجىمە پارچىسىدا تەرجىمانىنىڭ ئىسمى، ئۇنۋانى كۆرسىتىلگەندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ بىلىم سەۋىيەسى (boshghutluq بىلىملىك، ئالىم)، تۇرار جايى (bashbaliqliq - بەشبالىقلىق) توغرىسىدىكى مەلۇماتلارمۇ بېرىلگەن.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ ئۇستىسى ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆز زامانىسىدا ئوتتۇرا ئىقلىم(中原)نىڭ «ئالتە سۇلالە ئۇسلۇبى»[①] بويىچە يېزىلغان، چوڭقۇر مەنىلىك ۋە تەرجىمە قىلىش تەس بولغان كونا خەنزۇچە بۇددا نوملىرىنى ئۆز ئانا تىلىغا ئۇستىلىق بىلەن راۋان تەرجىمە قىلىپ چىقالىغان. ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدىكى ھەر بىر مىسراسى يەتتە خەتتىن تەركىب تاپقان نەزمىنى ئۇيغۇرچىغا يەتتە بوغۇملۇق شېئىر شەكلىدە چىرايلىق تەرجىمە قىلغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن ئوبدانلا تونۇشلۇقى بولغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە سانسكرىت، توخرى تىلىنىمۇ بىلىدىغانلىقى، تەخمىنەن مىلادىيە 9—10 - ئەسىرلەر ئەتراپىدا ئۆتكەنلىكى پەرەز قىلىنىدۇ.

2. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئىجادىيىتى

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئۆز خەلقىگە تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە كۆپ يىل جاپالىق ئىشلەپ بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئىسمى مەلۇم بولغان تەرجىمە ئەسەرلىرى «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىقلار.

سىڭقۇ سەلى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر (مەسىلەن: «ئالتۇن يارۇق») ئىچىدىكى شېئىرلاردىن ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىن خەۋىرى بارلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

*祸哉爱子遄严相,*
*因何死若先来逼。*
*若我得在迦前旺,*
*岂见如斯大苦事。*

قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى:

*نە ئادا ئەردى ئاتايىم،*
*كۆركلە - كىئە ئۆگۈگۈم.*
*ئۆلمەك ئەمگەك نەچۈكىن،*
*ئۆڭرە كەلىپ ئەرتتۈردى.*
*سىنتىدە ئۆڭرە ئۆلمەكىگ*
*بولايىن ئاي كۈن - كىيەم.*

---

① «ئالتە سۇلالە ئۇسلۇبى» — جۇڭگونىڭ جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر(南北朝) دەۋرىدىكى يېزىش ئۇسلۇبى.

*كۆرمەيىن ئەرتى مۇنتەگ،*
*ئۇلۇغ ئاچىغ ئەمگەكىگ.*

هازىرقى ئۇيغۇرچىسى:

*نە ئاپەت بۇ جان قوزام،*
*چىرايلىقىم شۆھرىتىم.*
*ئۆلۈم ئازابى نە ئۈچۈن،*
*ئاۋۋال سىنى ئەپكەتتى.*
*سەندىن ئاۋۋال ئۆلمەكنى،*
*تىلەيتتىم ئەي قۇياشىم.*
*كۆرمەس ئىدىم بۇنىڭدەك،*
*ئۇلۇغ ئاچچىق كۈلپەتنى.*

سىڭقۇ سەلى بۇ خەنزۇچە شېئىرنى تەرجىمە قىلغانىدا، ئەسلىي تېكىستتىكى چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇننى جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئىجادىي يول تۇتقان. ئۇ شۇ دەۋردە كەڭ قوللىنىلغان يەتتە بوغۇملۇق مەرسىيە ئۇسلۇبىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەسلىي شېئىرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ۋە سۆزلىرى بىلەن چەكلەنمەستىن، خەنزۇچىدا بىر كۇپلېت بولغان شېئىرنى ئۇيغۇرچىدا ئىككى كۇپلېت قىلىپ ئىجادىي يوسۇندا ئىش تۇتقان. نەتىجىدە بۇ شېئىر شەكلى جەھەتتە خەنزۇچىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن ئەسلىي شېئىردىكى چوڭقۇر مەنە، ھېسسىياتنى كۈچلۈك ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق شېئىرىي تەرجىمىلىرى بىلەن بىزگە خەنزۇچە شېئىرلارنى، بولۇپمۇ قەدىمكى خەنزۇ تىلى بىلەن يېزىلغان شېئىرلارنى قانداق تەرجىمە قىلىش جەھەتتىمۇ ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ يەنە ھۆججەت تىلىغا خاس شەكىل ۋە ئۈلۈك سۆز-ئىبارىلەرنى قوللىنىشنى ئورۇنسىز كۆرگەن. ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى لېكسىكا جەھەتتە باشقا تىللارغا ئانچە تايانمىغان ھالدا جانلىق، ئوبرازلىق، ئېنىق ۋە يارقىن تىل بىلەن بايان قىلىنغان. ئۇ ئەسلىي تېكىستتىكى مەزمۇننى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا نەسرىي شەكلىنى قوللانغان. مەسىلەن، «پارقىرىغان سۇ (يۈزى) كۆرۈنمىگەن لېۋشا (قۇملۇق) چۆلدىن ئۆتتۇم، ئاجايىپ ئېگىز، قارلىق چوققىلاردىن ئاشتىم»، «تۆمۈر دەرۋازا دەپ نام ئالغان يول بىلەن (دولقۇنلار) ئۆركەشلەپ تۇرغان ئىسسىق كۆل بويلىرىدىن (ئۆتتۈم)»، «بۈغىلار باغچىسىغا شېرىن شەبنەملەر چاچتى. تىڭ-قىيا بۈركۈت تېغىدا بىباھا مانى گۆھەرنى يورۇتتى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىن سىڭقۇ سەلىنىڭ پىشقان تەرجىمان ۋە تىلشۇناس ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

3. «ئالتۇن يارۇق» توغرىسىدا

«ئالتۇن يارۇق» («ئالتۇن نۇر») — بۇ ئەسلىدىكى «ئالتۇن يارۇق» كىتابىنىڭ قىسقارتىلغان ئىسمى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تولۇق ئاتىلىشى «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىقلىغ قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ»، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرچە يەشمىسى «ئالتۇن رەڭلىك، نۇرلۇق يالتىراقلىق، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم»، خەنزۇچە ئاتىلىشى«金光明最胜王经». «ئالتۇن يارۇق - 金光明经» بولسا ئەسەرنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى. بۇ نومنىڭ سانسكرىتچە ئەسلىي نامى «Suvarnaprabhasa» («سۇۋار ناپرا باسا») دۇر. ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت نوم بولۇپ، ھەجىم جەھەتتىن چوڭ ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

«ئالتۇن يارۇق»نىڭ قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقى ھەققىدە كۆزقاراش بىردەك ئەمەس. ئىلمىي خادىملار ھەر تەرەپلىمە ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇنى 9-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، 10-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئارىلىقىدا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پىكىرگە كېلىشكەن[1].

«ئالتۇن يارۇق» بۇددىستلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ئۇلار چوقۇنىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى» دەپ تونۇلغان نوم بولغاچقا، بۇ ئەسەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، تۈبۈت، مانجۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«ئالتۇن يارۇق»تا بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بايان قىلىنغان ۋە ئىزاھلانغاندىن باشقا، يەنە بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى بولغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ھېكايىلەرمۇ گۈزەل تەسۋىر، ئوبرازلىق تىللار بىلەن سۆزلىنىدۇ.

ئەينى زاماندا كىشىلەر بۇددا دىنىغا چوڭقۇر ئىخلاس قىلىپ، ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئوقۇش، كۆچۈرۈش، ساقلاش، تارقىتىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى شەرەپ بىلەن ئورۇنلاشقا جان تەسەددۇق قىلغان.

كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ھېكايىنىڭ بىرىدە مەلۇم جايدىكى چوڭ خان ئۆز ئېلىگە كەلگەن بىر چوڭ بالا-قازانى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شەرىپىگە «ئالتۇن يارۇق»نى كۆچۈرۈپ تارقىتىش بىلەن «مۇقەددەس ساۋاب»قا ئىگە بولغانمىش.

ھېكايىنىڭ يەنە بىرىدە، ئۇيغۇر خانلىرىدىن بىرىنىڭ سۆيۈملۈك قاتۇنى(خانىشى) ئېغىر ئاغرىقتىن خالاس بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆچۈرۈپ تارقاتقان. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇنداق بۇددا ئەقىدىسى بويىچە ياخشىلىقنىڭ مۇقەددەس ساۋابىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان[2].

بۇ ھېكايىلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئەينى زاماندىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى «كىتاب كۆچۈرۈش ساۋابلىق ئىش» دەيدىغان كۆزقاراشلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇنداقلا «ئالتۇن يارۇق»نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قانداق بىر شارائىتتا تەرجىمە قىلىنىپ، كۆچۈرۈپ تارقىتىلغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇددا دىنى ئەينى زاماندىكى بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام ئادەملىرىنىڭ روھىي قورالى سۈپىتىدە كىشىلەر چەككەن ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ جاۋابكارلىقىنى شۇ ئازابقا قالغان كىشىلەرنىڭ تەقدىر-پېشانىسىگە پۈتۈلگەن دېگەن قاراشتا بولغان.

بۇددىزم ئەقىدىسى بويىچە كىشىلەر شۇنداق بىر ئىرادىنى تىكلەشكە ئۈندەيدۇكى، ئۇلار پەقەت ئۆلۈپ ئۇ دۇنيادا قايتىدىن تۇغۇلۇشىدىلا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولغان گۈزەل تەقدىرلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىنتائەتچان قىلمىشلىرى بىلەن تەييارلىنىشى، ئۆز تەقدىرىگە ئىنتائەتچانلىق بىلەن سەۋر-تاقەت قىلىشى لازىم.

بۇددا دىنى كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ دۇنيادا رىيازەت چېكىش زۆرۈر ۋە پايدىلىق. سەۋر-تاقات ۋە ئىنتائەتچانلىق مېھىر-شەپقەتنىڭ ئانىسى. ئۆزىنى بۇ يولدا قۇربان قىلىپ نىرۋاناغا يېتىش چەكسىز بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر ئالىيجاناب، شەرەپلىك يولى.

«ئالتۇن يارۇق»تا يۇقىرىقى كۆز قاراش ۋە ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش، قىيىنچىلىق، ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانلارنى قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارغا يار-يۆلەكتە بولۇش، ئۇلارنى

---

[1] تۇرسۇن ئايۇپ، مۇھەممەترېھىم سايىت: «‹ئالتۇن يارۇق›قا ‹مۇقەددىمە›»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق›»، 10-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

[2] شۇ سەۋەبلىك دۇنخۇاڭدىكى بىر بەگ مىلادىيە 1702-يىللىرى بىلگە ئاتاۋۇللاغا «ئالتۇن يارۇق»نى ئىككى كالا، 10 قويغا كۆچۈرتكەنلىكى مەلۇم.

ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش يولىدا ئۆز جېنىنى پىدا قىلىش ئىنتايىن ساۋابلىق ئىش دەيدىغان ئىدىيەۋى قاراش ۋە ئەقىدىلەر تەسىرلىك، ئوبرازلىق ھالدا بايان قىلىنىدۇ.

ئەسەردىكى مۇھىم ھېكايىنىڭ بىرىدە: چامبۇدىۋىپ (Qambudiwip، سانسكرىتچە Jambudvipa) ئېلىنىڭ خانى ماخارادى (سانسكرىتچە Mahavathu )نىڭ كەنجى ئوغلى ماخاساتۋى (سانسكرىتچە Mahasattva)نىڭ بۇرخانغا ئايلىنىش ئۈچۈن يەتتە ئۇنىكى (كۈچۈكى) جاڭگالدا يەتتە كۈن ئاچ قېلىپ ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قالغان چىشى يولۋاسنى ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ھېكايە قىلىنغان. ھېكايىدە بۇددا دىنىنىڭ «ئۆزىنى قۇربان قىلىپ باشقا جانلىقلارنى قۇتۇلدۇرۇش» ئەقىدىسى ئابستراكت سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى خىلمۇ خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر، چۈچۈك ھەم راۋان تىل، روشەن خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلار ئارقىلىق ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇددا تەلىماتىنىڭ مۇھىم پىرىنسىپلىرىدىن بىرى بولغان «بارلىق جاندارلارغا قىلچە ئازار بەرمەسلىك»تىن ئىبارەت بۇ دىنىي چۈشەنچە «ئالتۇن يارۇق»نىڭ بىرىنچى كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن بىر پارچىسىدا رىۋايەت تۈسى بويىچە بەدىئىي يول بىلەن تولىمۇ جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن: ئىنجوۋ دېگەن يۇرتنىڭ كېتاۋ دېگەن بىر بېگى بولۇپ، ئۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە قىزىنىڭ توينى قىلماقچى بولۇپتۇ. تويغا نۇرغۇن كالا، قوي، قۇشلارنى سويۇپتۇ. توي تۈگەپ 10 كۈن ئۆتمەي كېتاۋ بەگ ئاغرىپ پالەچ بولۇپ قاپتۇ. كېيىن ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ قاپتۇ. كېتاۋ بەگ گەرچە ئۆلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەممە يېرى مۇزلاپ، پەقەت يۈرىكىلا ئىسسىق تۇرۇپتۇ. بەگنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى تۆت كۈن ساقلاپ، ئەمدى ئېلىپ چىقىپ دەپنە قىلماقچى بولغاندا، بەگ تۇيۇقسىز تىرىلىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن خىزمەتچىلەر دەرھال قېچىشىپتۇ. بەگ ئۇلارنى زورىغا توختىتىپ، ئۇلارغا: «مەن تويدا سويغان جانىۋارلار ئۇ دۇنياغا بېرىپ تەڭرىگە ئەرز قىلدى. تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن تۆت دىۋە كېلىپ مېنى تۇتۇپ تەڭرىنىڭ ئالدىغا ئاپاردى. تەڭرى مېنى سوراق قىلدى. سوراقنىڭ ئاخىرىدا پەقەت ‹ئالتۇن يارۇق› نى كۆچۈرۈپ تارقاتسام‌لا گۇناھىمنىڭ ساقىيىت بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى» دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان خىزمەتچىلەر بەگنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەپتۇ. بەگ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز بەگلىكىدىن ۋە مال-مۈلكىدىن كېچىپ «ئالتۇن يارۇق»نى كۆچۈرۈشكە تۇتۇش قىپتۇ. كۆپ ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئاخىر بىر بۇتخانىدىن «ئالتۇن يارۇق»نى تېپىپ كېلىپ كېچە-كۈندۈز ئولتۇرۇپ كۆچۈرۈپ تۈگىتىپ ھەم گۇناھىنى ساقىيت قىپتۇ، ھەم «مۇقەددەس ساۋاب»قا ئىگە بوپتۇ.

«ئالتۇن يارۇق»تىكى يۇقىرىقى «كېتاۋ توغرىسىدا رىۋايەت» بىلەن «تېگىنلەر بىلەن چىشى يولۋاس توغرىسىدىكى رىۋايەت»تىن ئىبارەت ئىككى پارچە رىۋايەت ئەينى زامان پىروزىسىنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى ھېكايىدە بۇددا دىنى كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىدىيە، ئوبرازلار خاراكتېرگە سىڭدۈرۈلگەن. ئوبرازلارنى ئاچىدىغان ئۆتكۈر توقۇنۇشلۇق سۈژىتلار ئارقىلىق خاراكتېرلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇلار ئارقىلىق ئىدىيەنى مەيدانغا چىقارغان.

بۇ ئەسەرلەر سۈژىتىنىڭ مۇكەممەل كومپوزىتسىيەسىگە ئىگە ئىكەنلىكى، ئوبراز، خاراكتېرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، تىپىكلىككە ئىگە ئىكەنلىكى، دېتاللارنىڭ مۇستەھكەم، پىششىقلىقى، بولۇپمۇ تىلىنىڭ ئۆز زامانىسىغا لايىق بەدىئىي تىل ئىكەنلىكى بىلەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. بۇ پارچىلاردا بۇددىزمنىڭ غايىسى بولغان نىرۋاناغا يېتىش ئىدىيەسى ئەدەبىياتقا خاس قانۇنىيەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىدىن شۇ چاغلاردىكى جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى خېلىلا چوڭقۇر گەۋدىلەندۈرۈلگەن رېئالىستىك ئېلېمېنتلارنى ئوچۇق

كۆرەلەيمىز. شۇڭا بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ، جۈملىدىن ئەدەبىياتىنىڭ سىرلىق تاشقى تونى يېشىپ تاشلانسا، ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى مۇئەييەن دەرىجىدە قايتا نامايان بولىدۇ دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

ئومۇمەن «ئالتۇن يارۇق» ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىياتىنى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

4. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» توغرىسىدا

«شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تولۇق نامى: «بۇددىستۋا سامتسۇ ئاچارىنىڭ يۇرۇغىن ئوقۇتماق ئاتلىغ نوم بىتىگ»(خەنزۇچە ئاتىلىشى: «菩萨大唐三藏法师传»). ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە تولۇق ئاتىلىشى «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۇددا نومىلىرىنىڭ كامىل ئۇستازى بۇددىستۋانىڭ تەرجىمىھالى».

بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىمۇ «ئالتۇن يارۇق»نىڭ تەرجىمىسىگە ئوخشاشلا ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتىكى ئېنىقلىقى جەھەتتىن پەقەت تەرجىمە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا ئەسلىي مەزمۇندىن باشقا نۇرغۇن چۈشۈنۈك-ئىزاھاتلار بولغان. يەنە بىر قاتار قىستۇرما بايانلىرى خەنزۇچە ئورىگىنالىدا يوق بولۇپ، كېيىنكىلەرنى قىممەتلىك مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنى ئۇدۇن (خوتەن)نىڭ ۋەيران بولۇشى، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئىككى يېزىقتىن پايدىلانغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇمات قاتارلىقلار. مەسىلەن:

«ئىناۋەتلىك راھىبلارنى تەكلىپ قىلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك پادىشاھلىق تاجىسىنى خەير-ئېھسان قىلىپ، بۇددانىڭ بېشىنى يورۇتتى. بۇ تاج تاكى ئۇدۇن ۋەيران بولغۇچە شۇ يەردە تۇردى. ئۇ ئاجايىپ گۈزەل تاشلار بىلەن بېزەلگەن ئىدى».

«يېزىقى ئۇلارنىڭ ئىككى. سىرتقا قارىتا ئۇلار كۆپرەك ھىندىچە يېزىقنى ئىشلىتەتتى. ئىچىدە ئۆز يېزىقىنى قوللىناتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز ھەرپلىرى ھىندىچىغا ئوخشاش بولسىمۇ، ھىندىچىدىن، يەنىلا بىر ئاز پەرقلىنەتتى».

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇنداق قوشۇمچە ئىزاھلارنى ئورىگىنال تېكىستى (ئەسلىي تېكىستى) بىلەن تەڭ قىممەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ يەنە بىر تەرجىمە پارچىسىدا ئۇدۇن شەھىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇدۇن شەھىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، كېيىن ۋەيران قىلىنىشى، شۇنداقلا شۇ چاغدىكى يېزىقلار توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بۇ ئۇدۇن شەھىرىنىڭ بىنا بولۇش تارىخى، شۇنداقلا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

تەرجىمە ئەسەرنىڭ بىر پارچىسىدا شۈەنزاڭنىڭ ئەنەتكەك ئېلى — ھىندىستاندىن قايتىش سەپىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ پامىردىن ئۆتۈشى، تاشقورغان، تاغدۇدۇمبەچە، مۇز تاغات داۋانلىرىدىن ئېشىپ تەكلىماكان چۆلىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتىدىغان كارۋان يولىنى بويلاپ ياركەنت، ئۇدۇن، بىھمە، نىيە قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىپ لوپنۇر كۆلى بويى بىلەن شىئەنگە يېتىپ كېلىشى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭدا يەنە شۈەنزاڭنىڭ ھىندىستانغا قىلغان ساياھىتىنىڭ پۈتۈن مۇساپىسىنى بايان قىلىپ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا يازغان قىسقىغىنا بىر خېتىمۇ بار.

كىتابتا جەمئىي 30 غا يېقىن جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇلار تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇلار ئەينى زاماندىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى قەلئەلىك خانلىقلارنىڭ نامىنى بىلىشتە ۋە

مەنىسىنى يېشىشتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

كىتابتىكى ۋەقەلەرگە قاتناشقۇچى شەخس ئاغزىدىن بايان قىلىنغان ۋە شۇ شەخسنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدىكى بەزى ھېكايىلەر. شۇنداقلا ئۇنىڭ تەرجىمىسىنىڭ ئىنىستىلىيىستىكا جەھەتتىن قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاش تېكىستلەرگە يېقىنلاشقانلىقى، بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىدا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالغانلىقى ئەھمىيەتلىك بىر ۋەقەدۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، سىڭقۇ سەلى تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىقلار گەرچە دىنىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئەسەرلەر بولسىمۇ، ئەمما بۇلاردا غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، دىنىي ئېتىقادى، پەلسەپە، فولكلور، ئېتنوگرافىيەسى ھەققىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. شۇڭا بۇ ئەسەرلەر غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى جەنۇبچە يەر، ئادەم ئىسىملىرى، جۇغراپىيە ناملىرى، دىنىي ئۇنۋانلارنىڭ ئەسلىنى ئاتىلىشىنى ئېنىقلاشتا، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ بۇددىزم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىڭقۇ سەلى تۈتۈڭ ئۆز تەرجىمە ئەسەرلىرىدە قوللانغان تىل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئۆز دەۋرىنىڭ پىشقان ئەدەبىي تىلى، بۇ تىل مەيلى ئىملادىكى پۇختىلىقى، گىراماتىكا جەھەتتىكى ساغلاملىقى، ئىپادە قىلىش قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىشتىكى ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن بولسۇن، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۈلگىسى. ئۇ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر قەدىمكى ئۇيغۇر نەسرىي ۋە شېئىرىي ئەدەبىياتىنىڭمۇ پارلاق نەمۇنىسى. بۇ ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل تەرەققىياتى بىلەن ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا قوشقان تۆھپىسىدۇر.

**2. «چاستانى ئىلىگ بەگ»**

«چاستانى ئىلىگ بەگ» دىن ئىبارەت بۇ ھېكايە① قەدىمكى كۇسەن توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ②، قىسسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل يېزىقىدىكى نۇسخىسى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تەرجىمە قىلىنغانلىقى پەرەز قىلىنىدۇ. لېكىن، ھېكايىنى تەرجىمە قىلغان تەرجىماننىڭ ئىسىم-فامىلىسى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس.

«چاستانى ئىلىگ بەگ» نىڭ ئەسلىي ۋەقەلىكى قايسى دەۋردە يارىتىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ساقلانمىغان. بىراق، ئۇنىڭ ئەسلىي بۇددا نوملىرىدىكى بىر رىۋايەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. مەلۇمكى، دۇنيادىكى ھەرقايسى دىنلار باشقا رايونلارغا سىڭىپ كىرىشكەندە ئۆزى بىلەن بىللە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تەسىرلىرىنى ئېلىپ كىرگەن. «چاستانى ئىلىگ بەگ» ھېكايىسى ھىندى خەلقىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئۇتۇقلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات يادىكارلىقى بولۇپ، بۇددىزم ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىشى نەتىجىسىدە، شۇنداقلا بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى قاتارىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئېقىپ كىرگەن. باتۇرلۇق، جاسارەتلىك خىسلەتلەر ئىپادە قىلىنغان «چاستانى ئىلىگ بەگ» گەرچە بۇددا نوم-سۇترالىرىدىكى بىر رىۋايەت بولۇپ،

---

① «چاستانى ئىلىگ بەگ» ھېكايىسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پارچىلىرىنى گېرمانىيەنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولۇپ، ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا.

② ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 212-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984-يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

بۇددا دىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشى، سىڭىشىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارغا تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر مۇھىتىدا قايتىدىن يۇغۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرخىل سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ھالدا ئۇلارنىڭ ئارزۇ- ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىۋى قورالغا ئايلىنىپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ.

«چاستانى ئىلىگ بەگ»نىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى: ئارسلانلاردەك يېتىپ كەلگەن چاستانى ئىلىگ بەگ تەلەتى قورقۇنچلۇق ۋە بەتبەشىرە كەلگەن كۆپلىگەن يەك (جىن)لەرنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇ يەكلەر بۇ شەھەردىكى «ئادەملەرنىڭ گۆشىنى يەپ، قېنىنى ئىچىپ، ئۇچەيلىرىنى بەدەنلىرىگە يۆگىۋېلىشىپ»، ئۇلارغا ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چىدىيالمىغان چاستانى ئىلىگ بەگ يۈرىكىنى توختىتىپ، باتۇرلارنىڭ بېگىدەك قورقمايدىغان، ئەيمەنمەيدىغان جاسارەتكە كېلىدۇ-دە، ئاشۇ ياۋۇز يەكلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئۆتىدۇ. خەلققە ئازاب-ئوقۇبەت كەلتۈرگۈچى قەبىھ يەكلەرنىڭ سۈيىقەست، تەھدىتلىرىنى قەيسەرلىك بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدۇ، پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋىتىنى يىغىپ، كۈچ بىلەن سەكرەپ بېرىپ ئۇرۇمكى[①] ئاتلىق جىنىنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ تارتىپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى چېپىشقا تەمشىلىدۇ. دەل شۇ چاغدا بۇ جىنلار چاستانى ئىلىگ بەگنىڭ كۈچ- قۇۋۋىتىنى، سۈرلۈكلىكىنى، بەخت-تەلىيىنى كۆرۈپ، ئېغىمۇ قورقۇشۇپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ. چاستانى ئىلىگ بەگكە يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭدىن رەھىم-شەپقەت تىلەيدۇ.

ئىلىگ بەگنىڭ: ھەي يەكلەر، (ماڭا) تېز جاۋاب بېرىڭلار! نېمە ئۈچۈن مېنىڭ شەھىرىمدىكى، ئېلىمدىكى كېسەللىك ئاپىتى يوقالمايدۇ؟ دېگەن سوئالىغا جىنلار: ئۇلۇغ ئىلىگ بەگ، مۇشۇ تاپتا سېنىڭ شەھىرىڭنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى بىر تۈپ يوغان سۆگەتتە ياۋۇز نىيەتلىك ئالۋاستى بار. ئۇنىڭ ئۈچ يوغان كۆزى بار، ئوت رەڭلىك چاچلىرى ئارقىسىدا چۇۋۇلۇپ تۇرىدۇ. كۆزىنىڭ قارىچۇقى ياندۇرۇلغان چىراغدەك يالقۇنجاپ، ئايلىنىپ تۇرىدۇ. (ئۇ) ئۇزۇندىن بېرى رەھىمسىزلىك بىلەن سانسىزلىغان جانلىقلارنى ئېزىقلىرىدا چايناپ ئۆلتۈرۈپ (يەنە) تويماي، قانماي يۈرىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ بىر-بىرىدىن مەككار، ھىيلىگەر ئۇرۇ[②]، ئاگنىكىشى[③] قاتارلىق سەردارلىرى بارلىقىنى، ئىلىگ بەگنىڭ شەھىرى دۇچ كەلگەن بارلىق بالايىئاپەتلەرنىڭ مەنبەسى ئاشۇ ياۋۇز يەك كاتتىباشلىرى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ. پەقەت ئاشۇ يەك سەردارلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ يوقاتقاندىلا ئاندىن ئىلىگ بەگنىڭ شەھىرىگە، پۇقرالارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب- كۈلپەت، بالا-قازالارنىڭ تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇپ تۈگەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان چاستانى ئىلىگ بەگ يېڭىلمەس جاسارەت بىلەن ئوت يالقۇنىدەك ئۆتكۈر قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يەك سەردارلىرى بىلەن مەردانە جەڭ قىلىپ، بارلىق جىنلارنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۆز خەلقىنى دەھشەتلىك بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ.

«چاستانى ئىلىگ بەگ»نىڭ ئاساسىي تېمىسى: قەھرىمانلىقنى ۋە خەلقنىڭ پىداكارلىقىنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. قىسسىدە چاستانى ئىلىگ بەگنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى ئارقىلىق، بالايىئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچى ئادەمدىن ئىبارەت قەھرىمانغا مەدھىيە ئوقۇلغان، شۇنداقلا چاستانى ئىلىگ بەگنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى ئارقىلىق قەھرىمانلىقنى مەدھىيەلەش بىلەن بىرگە، خەلقنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىگە ئاپىرىن ئوقۇش،

---

① ئۇرۇمكى سانسكرىتچە ئىسىم Urumkha دىن كەلگەن.

② ئۇرۇ — سانسكرىتچە Uru دىن كەلگەن.

③ ئاگنىكىشى — سانسكرىتچە agnikesa دىن كەلگەن.

جۇملىدىن ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتى، تىز پۈكمەس، قورقماس روھى بىلەن ھەممە نەرسىدىن ئۇلۇغ، بۈيۈكتۇر، ئۇ قانداقلا بولسۇن، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ؛ بۇ جەرياندا قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىدۇ دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن.

چاستانى ئىلىگ بەگ بىر باتۇر شەخس. ئۇ ئۆز خەلقىنى دەھشەتلىك ۋابا كېسەللىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن مۆجىزىلىك ئىشلارنى قىلىدۇ. چاستانى ئىلىگ بەگنىڭ ئۆز خەلقى يولىدا قىلغان پىداكارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىنى، ئالىيجاناب، غايىلىك كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانى، ئۆز خەلقىنىڭ باتۇرى. ئۇ ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن دەھشەتلىك ۋابا تارقىتىۋاتقان يامان «يەك»لەرگە، دەھشەتلىك «رەكشاس»لارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئۇلارنى يېڭىپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ خەلق ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ تۈگىمەس مەنبەسى بولۇپ، چاستانى ئىلىگ بەگكە غەيرەت ـ شىجائەت بېغىشلايدۇ.

دېمەك، ھېكايىنىڭ ئاساسىي تېمىسى خەلق ئاممىسىنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن نۇسرەت قازانغان قەھرىمانلىقىنى تەسۋىرلەشتىن، شۇنداقلا خەلقنى باشلىغۇچى باتۇر، ۋەتەنپەرۋەر چاستانى ئىلىگ بەگنىڭ مەردلىكى، قەھرىمانلىقىنى ۋە خەلقنىڭ پىداكارلىقىنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. بۇ مەركىزىي ئىدىيە قىسسىنىڭ باش قەھرىمانى چاستانى ئىلىگ بەگنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

### 3. «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»

«ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»[1] (كاليانامكارا ۋە پاپامكارا) مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ۋەقەلىكىنىڭ قىزىقارلىقلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان بۇددا دىنىغا ئائىت ھېكايىلەرنىڭ بىرىدۇر.

بۇ ھېكايىنىڭ قايسى تىلدىن ۋە كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بەشبالىق، كۇچا، قوچو قاتارلىق جايلاردا بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىغا قاراپ بۇ ئەسەرنى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مەلۇم بىر ئۇيغۇر تەرجىمان تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. شۇنداقلا يەنە ھېكايە تىلىنىڭ راۋانلىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا خاس بەدىئىي ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، نۇرغۇن جۈملىلىرىنىڭ قاپىيەلىك ۋە ئاھاڭدار چۈشۈرۈلۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاساسلىق ئىككى ئوبراز نامىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئېلىنىشىغا قاراپ، بۇ ھېكايە توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن دېگەن پىكىرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى شەرت قىلىدۇ[2].

«ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»نىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق: شەھەر سىرتىغا سەيلىگە چىققان باراناس دۆلىتىنىڭ خانى مانارىتنىڭ چوڭ ئوغلى ئەدگۇ ئۆگىلى تېگىن (ئاق نىيەت

---

[1] بۇ ھېكايىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى فىرانسىيەلىك پېللىئوت(P. Pelliot) 1907—1908-يىللىرى ئارىلىقىدا دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەردىن ئېلىپ كەتكەن، بۇ ھازىر پارىژدىكى دۆلەت مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

[2] توخرى تىلىدىن كەلگەن دېگەن قاراشقا ئاساس قىلىپ، ئەسەردىكى «باراناس» دېگەن شەھەر نامى توخرى تىلىدىكى Baranas دېگەن نامدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن بولۇپ، Baranas سانسكرىتچە Varanasi («دەريا ئايلىنىپ ئۆتكەن شەھەر») دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېگەن قاراش تەكىتلىنىدۇ.

شاھزادە). سىرتتىكى تىرىقچىلىق ئىشلىرىنى كۆرىدۇ، بۇ جەرياندىكى نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ ئۆلۈۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئات-كالا، قويلارنى ئۆلتۈرۈپ قانلىرىنى دەريا سۈيىدەك ئېقىتىۋاتقانلىرىنى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل جاپالارنى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ چوڭقۇر غەم-قايغۇغا چۆمۈپ يىغلىغىنىچە شەھەرگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئەھۋالنى دادىسى ماخاراتى ئىلىگكە ئېيتىپ بېرىدۇ. دادىسى بۇ ئاق كۆڭۈل ئوغلىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ بىر خەزىنىنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاق نىيەت تېگىننىڭ نام-شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تارىلىدۇ، ھەركۈنى تىلەمچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەزىنە تۈگەيدۇ. يەنە بىر خەزىنىنى بېرىدۇ. ئۇمۇ تۈگەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەزىنىدىكى مال-دۇنيا ئازغىنە قالىدۇ. ئاق نىيەت تېگىن خەزىنىدىكى بايلىق بىلەن پۈتۈن جاپاكەشلەرنى قۇتقۇزغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مال-دۇنيا تېپىشنىڭ يوللىرىنى كىشىلەردىن سورايدۇ. نوم بىلىدىغان بىر دانىشمەن ئادەم ئاق نىيەت تېگىنگە: «(كىمكى) مال-دۇنيا تېپىش ئۈچۈن دېڭىزغا كىرىپ كۆڭلىدىكى ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنى ئويلىسا (ۋە) بىباھا چىنتەمەنى ئەڭگۈشتەرىنى تاپسا، يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالايدۇ» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاق نىيەت تېگىن چىنتەمەنى ئەڭگۈشتەرىنى تېپىش ئۈچۈن دېڭىزغا بارىدىغانلىقىنى دادىسىغا ئېيتىدۇ، دادىسى بۇ ئوغلىنى بەك ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، مىڭ تەسلىكتە ماقۇل بولىدۇ ۋە تېگىنگە باراناس دۆلىتىدىكى باتۇر يەرچى-سۆچىنى 500 كىشى بىلەن ھەمراھ قىلىپ دېڭىزغا ئەۋەتىدۇ. خانىنىڭ يەنە بىر ئوغلى قارا نىيەت ئىدى، ئۇ «ئاتا-ئانام ئاكام تېگىنگە ئامراق، مېنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئەمدى ئاكام دېڭىزغا بېرىپ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ كەلسە، تېخىمۇ قەدىرلىك بولۇپ كېتىدۇ، مەن تېخىمۇ قەدىرسىز بولۇپ قالىمەن، ئەمدى (ئاكام) بىلەن بىللە باراي» دېگەن ئويغا كېلىپ دادىسىغا ئىلتىماس قىلىدۇ. دادىسى بۇنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاتىسى ۋە خەلق يىغلىشىپ ئاق نىيەت تېگىننى دېڭىزغا ئۇزىتىپ قويىدۇ. تېگىن بەخت-تەلەيلىك بولغىنى ئۈچۈن، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا مەرۋايىتلىق ئارالغا خېيىم-خەتەرسىز يېتىپ بارىدۇ ۋە نۇرغۇن مەرۋايىتلارنى كېمىگە قاچىلاپ ئۆزىنىڭ قارا نىيەت ئۆكىسىغا تاپىلاپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئاق نىيەت تېگىن بىلەن يەرچى بوۋاي ئىككىسى يەتتە كۈن يول يۈرۈپ كۈمۈشلۈك ئارال تاغقا يېتىپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بوۋايغا ھاردۇق يېتىپ ماغدۇرىدىن كېتىدۇ ۋە كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاق نىيەت تېگىن بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كۆپلىگەن يوللارنى يۈرۈپ ئەجدىھا خانى بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە بىرنەچچە كۈن ئەجدىھالار خانى بىلەن بىللە تۇرۇپ ئۇنىڭغا نوملارنى تەپسىر قىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ ۋە مەقسىتىنى ئېيتىدۇ. ئەجدىھا خانى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى چىنتەمەنى ئەڭگۈشتەرىنى ئاق نىيەت تېگىنگە سوۋغا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئەجدىھالار خانى ئاق نىيەت تېگىننى كۆتۈرۈپ دېڭىز قىرغىقىغا چىقىرىپ قويىدۇ. تېگىن قىرغاققا چىققاندىن كېيىن ئىنىسى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۆزىنىڭ چىنتەمەنى ئەڭگۈشتەرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بىراق ھەسەتخور ئىنىسى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاكىسىنىڭ ئۇخلىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ تاشلاپ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىۋالىدۇ ۋە ئۇنى ئاتىسىنىڭ يېنىغا «مەن تاپتىم» دەپ ئاپىرىدۇ ھەمدە ئاكىسىنى «ئۆلدى» دەپ مەلۇم قىلىدۇ. دادىسى قارا نىيەت تېگىندىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى زىندانغا سولاپ قويىدۇ. ئاق نىيەت تېگىن بىر پەرىشتىنىڭ يول باشلىشى بىلەن خەلق ئارىسىغا كىرىپ ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ پۇل تېپىپ يەنە نۇرغۇن نامراتلارنى ئاچ-زارلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. پاراستى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ. كىشىلەر ئۇنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى ئاياغلىشىدۇ.

«ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى» بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت ئەسەر. ئۇنىڭدا

خەلق ئۈچۈن نىجاتلىق ئىزدەش يولىدا جېنىم-خەتەرگە پىسەنت قىلماي كۈرەش قىلغان ئاق نىيەت تېگىننىڭ تەسىرلىك ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرمۇش غايىسى چۈشەندۈرۈلگەن: يەنە بىر تەرەپتىن، قارا نىيەت تېگىنگە ئوخشاش سۇيىقەستچى، ھەسەتخور، شەخسىيەتچى، چاكىنا ئادەملەرگە قاتتىق نەپرەت ياغدۇرۇلغان. بۇ ئارقىلىق سەمىمىيلىك بىلەن كاززاپلىق، ئۈچۈق-يورۇقلۇق بىلەن مەككارلىق، رەھىمدىللىك بىلەن قارا نىيەتلىك، مەردلىك بىلەن شەخسىيەتچىلىك، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىچى تارلىق بىر-بىرىگە روشەن سېلىشتۇرۇلۇپ، يۈكسەك تۇرمۇش ھەقىقىتى، ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ ئېنىق ئۆلچىمى ماھىيەتلىك ھالدا يورۇتۇپ بېرىلگەن. مانا بۇلار ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيەۋى مەزمۇندىن ئىبارەت.

ھېكايىدە بايان قىلىنغان ۋەقەلىك كۆپ خىل، رەڭدارلىقتا ئىكەن، ئەسەرنىڭ تىلىمۇ خىلمۇ خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇلغان، تەسۋىرى جانلىق ھەم كۆركەم، تىلى ئىخچام ۋە خېلىلا پىششىپ يېتىلگەن بەدىئىي تىل بولغاچقا، ئەسەردىكى ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە ۋە گەۋدىلەندۈرۈشتە چوڭ رول ئوينىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىمۇ مۇكەممەل، باش-ئاخىرى ماسلاشقان. ئۇنىڭدا نامۇۋاپىق قىستۇرۇلغان بىرەر تەپسىلاتنى تاپقىلى بولمايدۇ. ھەربىر ئابزاس، ھەربىر بۆلىكىدە مەلۇم بىر ۋەقە، ھادىسە ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە، مەلۇم بىر ئوبيېكتىپ مەزمۇن ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان. ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىدىن يەنە ئەينى دەۋر يازما ئەدەبىياتىنىڭ مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلما شەكىللىرىگە، رەڭگارەڭ دىراماتىك ئامىلغا، مول تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە، خىلمۇ خىل ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## §4. سەھنە ئەسىرى

### 1. قىسقىچە چۈشەنچە

شىنجاڭنىڭ تارىم بوستانلىقى قەدىمكى دەۋردە ناخشا-ئۇسسۇللىرى بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى، بۇ يەر دىراما-تىياتىرلارنى ئويناشمۇ ناھايىتى بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ۋە يازما ھۆججەتلەر ئارقىلىق دەلىل-ئىسپاتقا ئېرىشەلەيدۇ. تارىختا غەربىي يۇرتنىڭ دىرامىچىلىقى ئىچكىرى جايلاردىكى خەنزۇلارنىڭ تىياتىرچىلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن[①].

1985-يىلى 4-ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تارىم بوستانلىقىدىكى چەرچەن ناھىيەسىنىڭ ئالتۇنتاغ رايونى ئىچىدىكى مۆلچەر دەرياسى بويىدا قىيا تاشلارغا ئويۇلغان زور تۈركۈمدىكى رەسىملەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىققان.

بۇ قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە ھەرخىل قىياپەتتىكى ئادەم رەسىملىرى خېلى كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇيرۇقى بار ئادەملەرنىڭ سەكرەۋاتقان، پۇت-قوللىرىنى كېرىپ تۇرغان،

[①] گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنىغا دائىر دەسلەپكى دىراما ‹مايتىرى سىمىت› (قۇمۇل نۇسخىسى) ھەققىدە تەتقىقات»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قۇمۇل نۇسخىلىق ‹مايتىرى سىمىت› ھەققىدە تەتقىقات» (《回鹘文哈密本"弥勒会见记"研究》) 607-بەت، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2008-يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

پۈتى بىلەن بىر نەرسىنى تېپىۋاتقان قىياپەتتىكىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

رەسىملەرنىڭ ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدىغانلىرى ئۇسسۇلچىلارنىڭ قىياپەتلىرى بولۇپ، بۇلاردىن يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، كوللېكتىپ ئۇسسۇل، نىقابلىق ئۇسسۇل (قۇيرۇق، مۈڭگۈز ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن نىقابلىنىۋېلىپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل) ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ①.

بەنگۇ «خەننامە. جاڭچيەن تەزكىرىسى»دە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا مۈڭگۈزلۈك ئويۇن (角抵)، سېھىرگەرلىك (奇戏) قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى توغرىسىدا توختالغان. فاڭ شۇەنلىڭ «جىننامە. لۈگۇاڭ تەزكىرىسى» («晋书·吕光传» 房玄龄等撰)دە ئەينى زاماندا كۈسەن رايونىدا «سېرك ئويۇنى»(奇伎异戏)نىڭ بارلىقى توغرىسىدا توختالغان. تارىخشۇناس ۋە ئەدەبىياتشۇناس ۋاڭ گوۋېي(王国维) ئەپەندى خەنزۇ تىياتىرچىلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا توختالغاندا مۇنداق پىكىرنى ئېيتقان: «قەدىمدىن تارتىپ قىزىقچى-ئارتىسلار بولغان، ئەمما يىر، ناخشا-ئۇسسۇل ياكى دىراما ئارقىلىق مەلۇم ۋەقە، ئىشنى ئىپادىلەپ ھېكايە ۋەقەلىكلىرىنى ئويناپ چىقىش بولسا خەن سۇلالىسىدىن كېيىن باشلانغان. ناخشا-ئۇسسۇل ئارقىلىق بىرەر ۋەقەنى ئورۇنلاپ چىقىش ئەڭ بۇرۇن شىمالىي چى خانلىقىدىن تارتىپ رەسمىي باشلىنىپ، ۋېي، چى، جۇ سۇلالىلىرىگە تارقالغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشقا مىللەتلەردىن ئوتتۇرا ئىقلىم(中原)غا سىڭىپ كىرگەنىدى. جۇڭگو بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش-ئالاقە ئىشلىرى تەرەققىي قىلغاچقا، كۈسەن، ئەنەتكەك، كاڭگىيە(سوغدىيانا)، بۇخارا قاتارلىق جايلارنىڭ مۇسىقا-كۈيلىرىمۇ جۇڭگوغا كىرگەن. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن باشلاپ تارقالغان كۈسەن مۇسىقا-كۈيلىرىمۇ ھازىرغىچە ئۈزۈلمەي قوللىنىلماقتا. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرت دىراما-تىياتىرلىرىمۇ چالغۇلىرى بىلەن تەڭ كىرىپ كەلگەن. مەسىلەن، ‹كونا تاڭنامە. مۇسىقا تەزكىرىسى›(‹旧唐书·音乐志›) گە كىرگۈزۈلگەن دىرامىلار ئىچىدە ‹باتۇر› (拔头)② تىياتىرى غەربىي يۇرتتا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۇۋلاپ ھايات كەچۈرىدىغان خۇلار(غوزلار، 胡人)نىڭ ئوۋ قىلىش ھەرىكەتلىرى ئۇسسۇل شەكلى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن».③

ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىنگەن تۈبۆت تىلىدىكى يېزىلما «ئۇدۇننىڭ نام-ئاتاق خاتىرىسى»(«于阗国授记») ناملىق كىتابتا قەدىمكى ئۇدۇندا دىراما ئوينىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق توختىلىلغان.④

تىياتىرچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە پىكىر قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىن بايقالغان ئەنەتكەك تىلىدىكى سەھنە ئەسەرلىرى توغرىسىدا گەپ ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. 1910-يىلى پىرۇسسىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى تۇرپان رايونىدىن ئۈچ

---

① «يىپەك يولىدىكى قىيا تاش سەنئىتى» («丝绸之路岩画艺术»周菁葆主编)، جۇ جىڭباۋ مەسئۇللۇقىدا تەييارلانغان، 515-، 516-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993-يىلى خەنزۇچە نەشرى، ئۈرۈمچى.

② خەنزۇچە «拔头» (ئوقۇلۇشى: باتۇ) دېگەن بۇ ئاتالغۇنى «چاچ تاشلاش» دەپ تەرجىمە قىلىش ئەھۋالىمۇ بار.

③ ۋاڭ گوۋېي: «سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىنىڭ تىياتىرلىرى ھەققىدە تەھسىل» («宋元戏曲考»王国维著)، «ۋاڭ گوۋېينىڭ تىياتىرچىلىققا دائىر ئىلمىي ماقالىلىرى»(«王国维戏曲论文集»)، خەنزۇچە 9-، 10-بەتلەر.

④ قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدا دىراما دېگەن سۆز nataka دېيىلگەن. (بۇ ھەقتە R. E. Emmerck «Khtan Texts Concerning Tibetan», London, 1967, p. 43 دېگەن مەنبەگە قارالسۇن): گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنىغا دائىر دەسلەپكى دىراما ‹مايترى سىمىت› (قومۇل نۇسخىسى) ھەققىدە تەتقىقات»، 608-بەت.

پارچە ئەنەتكەك تىلىدىكى سەھنە ئەسىرىنىڭ پىراگمېنتلىرىنى تاپقان[1]. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر تولۇقراقى توققۇز كۆرۈنۈشلۈك دىراما بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ ئاخىرقى ئىككى پەردىسى ساقلىنىپ قالغان. سەھنە ئەسىرىنىڭ ئاخىرىغا «ئالتۇن كۆزلۈك ئوغۇل ئاسۋاگوسى (ئەشۇەگوشە، سانسكرىتچە:Asvaghosa) ئىجاد قىلغان ‹سارىپۇتراپراكارانا› دىرامىسى» دەپ يېزىلغان. بۇ دىرامىدا ئاساسەن سارىپۇترا بىلەن مۇجيەنليەن(目连، 目犍连?)نىڭ بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىشى تەسۋىرلەنگەن. «سارىپۇتراپراكارانا» ئەنەتكەك تىلىدىكى دىراما بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭدىن بايقالغان دىراما پىراگمېنتلىرى بولسا قەدىمكى غەربىي يۇرتتا تارقالغان ئوتتۇرا ئاسىيا يېزىقىدىكى قول يازما نۇسخىسىدىن ئىبارەت، بۇ شىنجاڭدا بايقالغىنى ئاسۋاگوسى تىياتىرىنىڭ غەربىي يۇرت نۇسخىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[2].

«سارىپۇتراپراكارانا»نىڭ ئاپتورى ئاسۋاگوسى ئوتتۇرا ھىندىستانلىق بۇددىست شائىر، دىراما يازغۇچىسى، پەيلاسوپ، ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئاتاقلىق نەزەرىيەچىسى. مىلادىيە 1—2-ئەسىرلەردە ئۆتكەن. ئۇنىڭ نام-ئاتىقى قۇربغار-غەربىي يۇرتتا مەشھۇر بولۇپ، قۇمۇل نۇسخىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت»تا ئۇنىڭغا ئوقۇلغان قەسىدە بار[3]. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئاسۋاگوسى ئۆلۈپ 600 نەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭغا تېۋىنىش ھېسسىياتى قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان. ئاسۋاگوسى ۋە ئۇنىڭ دىرامىسى «سارىپۇتراپراكارانا»نىڭ تەسىرى غەربىي يۇرتتا چوڭقۇر بولغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېقىنقى ۋاقىتلاردا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن بىر تۈركۈم قەدىمكى كۇسەن-ئاگنى تىلى ۋە ئەنەتكەك تىلىدا يېزىلغان دىراما پارچىلىرى(مىلادىيە581—618-يىللارغا تەۋە) تېپىلغان. «مايتىرى سىمىت دىرامىسى» (Maitreya samiti nataka)، «ناندا كارىتا دىرامىسى» ( Nanda carita nataka) ھەم ئارانېمى (Aranemi) پادىشاھ دىرامىسىنىڭ پىراگمېنتلىرى[4]؛ يەنە تۇرپان رايونىدىن بايقالغان ھەم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن «سارىپۇتراپراكارانا» دىرامىسىدىن ئىبارەت[5].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، كۇچاغا يېقىن جايدىن تېپىلغان ئاسارىئەتىقىلەر ئىچىدە قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان يەنە بەزى پاكىتلارمۇ بار. بۇ يەردە تىلغا ئالماقچى بولغىنىمىز ئىككى پارچە رەسىم بولۇپ، بىرىنى ياپونىيەلىكلەر[6]، يەنە بىرىنى فىرانسىيەلىكلەر قولغا

---

[1] بۇ ئەسەرلەرنى 1911-يىلى گېرمانىيەلىك ئالىم H. Luders رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان.

[2] لاڭ يىڭ:«غەربىي يۇرت تىياتىرلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ قەدىمكى تىياتىرلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»(«民族文学研究») ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىلى 4-سانى، 3-بەت، بېيجىڭ.

[3] «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹مايتىرى سىمىت›» (ئى. يۇسۇپ، ئا. خوجا، د. قەمبىرى تەييارلىغان) 18-بەت، 10-قۇر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988-يىلى نەشرى.

[4] E. Sieg: Uebersetzungen aus dem Tocharischen II, ADAW, 1952, s. 34

گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قۇمۇل نۇسخىلىق ‹مايتىرى سىمىت› ھەققىدە تەتقىقات»(«回鹘文哈密本"弥勒会见记"研究»)، 608-بەت.

[5] H. Lueders: Das Ssriputra prakarana, ein drama des Asgvahosa, 1911.

گېڭ شىمىن:«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قۇمۇل نۇسخىلىق‹مايتىرى سىمىت›ھەققىدە تەتقىقات»(«回鹘文哈密本"弥勒会见记"研究»)، 608-بەت.

[6] بۇ رەسىمنىڭ بىرىنى ياپونىيەنىڭ ئۇتانا شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1906-يىلى قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولۇپ، 1957-يىلى شيوگگۇ شۇەنفۇ «كۇچادىن تېپىلغان رەڭلىك شارىرا قۇتىسى» ناملىق ماقالىسىدا «گۈزەل سەنئەت» ژۇرنىلىنىڭ1957-يىللىق 191-سانىدا ئېلان قىلغان؛ گېڭ شىمىن:«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قۇمۇل نۇسخىلىق ‹مايتىرى سىمىت› ھەققىدە تەتقىقات»(«回鹘文哈密本"弥勒会见记"研究»)، 608-بەت.

چۈشۈرۈۋالغان[1]. ئۇ ئويۇن ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن سۈڭەك(جەسەت) كۆلى كومزىكىدىن ئىبارەت. ئالدىنقىسىدا ئىككى ئادەم يۈزىگە نىقاب تاقىۋالغان، رەڭگارەڭ كىيىم كىيگەن بولۇپ، دىراما ئويناۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. كېيىنكى كومزەكتە تۆت ئادەمنىڭ رەسمى بولۇپ، ئۇلارمۇ نىقاب تارتىۋالغان، رەڭگارەڭ كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئالدىنقىسى بىلەن ئوخشاش. بۇلار قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا دىراما ئويناشتەك بىرخىل سەنئەت شەكلىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[2].

سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندى مىلادىيە 982-يىلى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق ئوردۇبالىقى بەشبالىققا يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئەينى زاماندا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئارسلانخان ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش كۆرىكى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغان:«توققۇزىنچى ئايلار ئىدى، خاقان، تېگىن ۋە ئۇنىڭ تابۇغچى-مۇلازىملىرى بىزنىڭ كۈنچىقىش تەرەپتىن كەلگەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن بىزنى ئويۇن بىلەن قارشى ئالدى. خاقان بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە چىقىپ بىللە ئويۇن كۆردى. كۆڭۈللۈك زىياپەت تاكى گۇگۇم چۈشكىچە داۋاملاشتى»[3].

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بەزى ئىلمىي خادىملار مۇنداق پىكىرنى ئېيتقان:

غەربىي يۇرتنىڭ بۇددىزم دىرامىچىلىقى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا كىرىپ، ئۇ يەرنىڭ ئەنئەنىۋى دىرامىچىلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، جۇڭگو دىرامىچىلىقىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىلگىرى، ئادەتتە جۇڭگو دىرامىچىلىقى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باشلانغان، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە شەكىللەنگەن دەپ ھېسابلىنىپ كەلگەن. يېقىنقى 40 نەچچە يىلدىن بېرى، غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى زور بايقاشلارغا ئەگىشىپ، 20-ئەسىردىن بۇيان بەزى ئالىملارنىڭ غەربىي يۇرت دىرامىچىلىقى توغرىسىدا تىنىم تاپماي ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، كىشىلەر ھەيرانلىق بىلەن شۇنى بايقىدىكى، غەربىي يۇرت دىرامىچىلىقى ئوتتۇرا جۇڭگو دىرامىچىلىقىغا ئەنە شۇنداق چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. نۇرغۇن ئالىملارنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو دىرامىچىلىقى تەتقىقاتىدا غەربىي يۇرت دىرامىچىلىقى تەتقىقاتى بولمىسا بولمايدىغان ساھە، غەربىي يۇرت دىرامىچىلىقى جۇڭگو دىرامىچىلىقىنىڭ تارىخىنى تەخمىنەن 400 يىل ئىلگىرى سۈرگەن[4].

بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق قاراشلار بار:

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى دىراما «مايترى سىمىت» غەربىي يۇرتنىڭ دىرامىچىلىق تارىخىدا بولسۇن، مەيلى جۇڭگونىڭ دىرامىچىلىق تارىخىدا بولسۇن، ئابىدە خاراكتېرلىك رولغا ئىگە. دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ئالىملارغا قارايدىغان بولساق، ئادەتتە، جۇڭگو دىرامىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى يۈەن سۇلالىسى زامانىسى، زاجۇيلەر بولسا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى باشلانغان دەپ قارايدۇ. . . (ئومۇمەن) ئادەتتىكى قاراش بويىچە، سۇڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى جۇڭگودا دىراما يوق دېيىش. ئاساسلىق پاكىت «رەسمىي ئەسەر يوق» دېمەكتىن ئىبارەت. «سۇمۇز»(苏幕遮)،

---

[1] بۇنى فىرانسىيەلىك پېللىئوتنىڭ شىنجاڭنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى 1907-يىلى قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولۇپ، 1957-يىلى چيۇشەنگۋاڭخې «پېللىئوتنىڭ (كۇچا) سۇ بېشىدىن تېپىپ قولغا چۈشۈرۈۋالغان ياغاچتىن ياسالغان ئۈچ خىل شارىرا قۇتىسى» ناملىق ماقالىسىدە «گۈزەل سەنئەت» (美术研究) ژۇرنىلىنىڭ1957-يىللىق 191-سانىدا ئېلان قىلغان: گېڭ شىمىن:«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قومۇل نۇسخىلىق ‹مايترى سىمىت› ھەققىدە تەتقىقات» («回鹘文哈密本"弥勒会见记"研究»)، 608-بەت.

[2] گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قومۇل نۇسخىلىق ‹مايترى سىمىت› ھەققىدە تەتقىقات»(«回鹘文哈密本"弥勒会见记"研究»)، 608-بەت.

[3] تۆتۇ قاتارلىقلار تەييارلىغان: «سۇڭنامە. قوچو تەزكىرىسى» («宋书·高昌传»)گە قارالسۇن.

[4] «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»(«民族文学研究») ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىلى 4-سانى 3-بەت.

«باتۇر»(钵头)، «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» (西凉伎)، «خېشىڭ» (合生)، «بىراخمانىنى ئەپلەش»(弄婆罗门) قاتارلىقلاردا ئىپپىزوت، يىر، ئۇسسۇل، ھەرىكەتمۇ بولغان غەربىي يۇرتنىڭ ناخشا-ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە خېلىلا تەرەققىي قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىشمايدۇ. «يۇقىرى دەرىجىلىك دىرامىچىلىق ئۇقۇمى» مەنىسى بويىچە ئۆلچەملەشكەن سەھنە ئەسىرى«مايترى سىمىت»نىڭ مىلادىيە 4-ئەسىردە غەربىي يۇرت(ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي رايونى)تا مەيدانغا كېلىپلا قالماستىن، بەلكى 27 پەردىلىك ئۇيغۇر تىلىدىكى «مايترى سىمىت»نىڭ 1959-يىلى قۇمۇلدىن تېپىلغانلىقى مىلادىيە 8—10-ئەسىرلەردە غەربىي يۇرتنىڭ دىرامىچىلىقىنىڭ ئالاھىدە گۈللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ «جۇڭگودا تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تىياتىر بولمىغان» دېگەن چۈشەنچىنى رەت قىلىدۇ[1].

ئەگەر «مايترى سىمىت»نى بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەر دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتادغۇ بىلىك» بۇددىزم مەزمۇنىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، پادىشاھ كۈنتۇغدى ئىلىك، ۋەزىر ئايتولدى ۋە ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش قاتارلىق تۆت پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ دىيالوگلىرى ئارقىلىق ھەرقايسىسىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتى ۋە كىشىلىك غايىسىنى ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىرىي دىرامىدا مۇئەللىپنىڭ دىققەت قىلغىنى دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش، يېزا ئىگىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردۇر.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مۇنداق ئىككى قان تومۇرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ: بىرى، غەربىي يۇرت بۇددىزم تىياتىرچىلىقىنىڭ تۈگۈنى، يەنە بىرى، بۇددىزم تىياتىرچىلىقى غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا جۇڭگوغا كىرىپ كېلىپ، ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تىياتىرچىلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، جۇڭگو تىياتىرچىلىقىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. غەربىي يۇرت تىياتىرچىلىقىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئوتتۇرا جۇڭگو تىياتىرچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭقۇر ۋە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. غەربىي يۇرت تىياتىرچىلىقى جۇڭگو تىياتىرچىلىقىغا نىسبەتەن تۆھپە، ئۇنىڭ جۇڭگو تىياتىرچىلىق تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەندە، ئاندىن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىلى بولىدۇ[2].

## 2. «مايترى سىمىت»

### 1. پرتانىراكشىت

پرتانىراكشىت (خەنزۇچە يېزىلىشى: 婆热塔那热克西提) توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئەسەر تەرجىمە قىلغان، ئۆز زامانىسىنىڭ تەرجىمانلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ساقلىنىپ قالغان چوڭ ھەجىملىك تەرجىمە ئەسىرى «مايترى سىمىت» ئارقىلىق، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە توخرى تىلى سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، تەرجىمە ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلغان، شۇنداقلا ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان ئەدەبىي تەرجىماندۇر. بۇ ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ 1-، 3-، 10-، 12-، 16-، 20-، 23-، 25-بۆلۈملىرى (پەردىلىرى)نىڭ

---

① «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»(«民族文学研究») ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىلى 4-سانى، 7-، 8-بەتلەر.

② «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»(«民族文学研究») ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىلى 4-سانى 8-بەت.

ساقلىنىپ قالغان ئاخىرقى بەتلىرىدە، ئۇنىڭ قايسى تىللاردىن ۋە كىملەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرىلەر يېزىلغان. مەسىلەن، 3-بۆلۈمنىڭ ئاخىرى مۇنداق چۈشۈرۈلگەن:

*ئالقۇ شاستارلارىغ ئۆتكۈرمىش تۈپكەرمىش. ۋايباش شاستىر*

*بوشغۇنمىش ئارياچىنترى بودس (ئا)ۋا)ت كىشى ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنتىن توخرى تىلىنچە ياراتمىش پرتانراكشىت (ك)رماۋازىك توخرى تىلىنتىن تۈرك تىلىنچە ئەۋرمىش مايترى سىمىت نوم بىتىگدە ئانىرۈتى ئارخاتنىڭ ئاۋدانى ئاتلىغ ئۈچۈنچ ئۈلۈش توكەدى.*

*[بارلىق شاستىرلارنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان، ۋايباش شاستىرنى ئۆگەنگەن ئارياچىنترى بودساتۋا ئۇستاز ئەنەتكەك (سانسكرىت) تىلىدىن توخرى تىلىچە ياراتقان (ئىجاد قىلغان)، پرتانراكشىت كرماۋازىك توخرى تىلىدىن تۈرك (قەدىمكى ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلغان مايترى سىمىت نوم پۈتۈكتە ئانىرۈتى ئارخاتنىڭ ئاۋادانى (تەمسىلى) ئاتلىق ئۈچىنچى بۆلۈم تۈگىدى.]*

يۇقىرىقى مەلۇماتتىن بۇ ئەسەرنى قەدىمكى سۆلمى (ئاگنى، قارا شەھەر)لىق بۇددىست ئۇستاز ئارياچانترى (Aryacantra) ئەنەتكەك تىلىدىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقى ۋە پرتانراكشىت(Prtanrakshit)[①] نىڭ توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ[②].

پرتانراكشىت «مايترى سىمىت»نى توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئىجادىي مېھنەت سىڭدۈرۈپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئەسەرنىڭ تىلى راۋان ۋە گۈزەل، بەدىئىي ۋاسىتىلىرى خىلمۇ خىل. تەتقىقاتچىلار تەتقىق قىلغان بەش ۋاراق (10 بەتنىڭ ھەربىرىگە 13 قۇر خەت يېزىلغان)تا ساكيامونىنىڭ ھامىمىسى ۋە ئىنىكئانىسى «ماھاپىر جاپاتى گائۇتامى» خاتۇننىڭ ساكيامونىغا تون تىكىش ھېكايىسى بايان قىلىنغان.

---

① پرتانراكشىت كرماۋازىك تەرجىماننىڭ دىنىي نامى ياكى لەقەبى بولۇپ، سانسكرىتچە (Ptajnaraksita · Karmavasika)دىن كەلگەن. پرتانراكشىت «ئەقىللىق ئەۋلىيا» دېگەن مەنىدە. بەزىلەر پرتانراكشىت دېگەن ئىسمىنى تۈركىيچە ئىسىم ئەمەس دەپ، تەرجىماننىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ. لېكىن بۇددىزمدىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، بۇددا مۇرىتلىرى راھىب بولغاندىن كېيىن ئەسلىي ئىسمىنى قوللانمايدۇ، بەلكى دىنىي ئۇستاز تەرىپىدىن باشقا ئىسىم قويۇلىدۇ. بۇ بۇددىزمدا «دىنىي ئىسىم» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئادەت خەنزۇ بۇددا راھىبلىرىدىمۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ خۇددى ئىسلامىيەت دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئۆزىگە ئەرەبچە، پارسچە ئىسىم قويغاندەك بىر ئىش.

② «مايترى سىمىت»نىڭ تەرجىمە قىلىنغان يىل دەۋرى مەسىلىسىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق، لېكىن كۆپلىگەن ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلار 8—10-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قاراشماقتا. شۇنىڭغا ئاساسەن پرتانراكشىتنى 8—9-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياكى 9-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە ياشىغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«مايترى سىمىت»نىڭ قومۇل نۇسخىسى گەرچە گېرمانىيەلىكلەرنىڭ قولىدىكى نۇسخىلىرىغا قارىغاندا بىرقەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مۇكەممەل ساقلانغان نۇسخا بولمىغاچقا، ئۇنىڭدا پرتانراكشىتنىڭ يۇرتىنىڭ نامى ئۇچرىمايدۇ. پروفېسسور گابائىن خانىم بۇ ئەسەرنىڭ گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىماننى Il-baliq (ئېلبالىق)لىق يەنى ئىلى رايونىدا تۇغۇلغان دەپ ھېسابلايدۇ. فىرانسىيەلىك پىروفېسسور خامىلتون Il-baliq نى el-baliq دەپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى «پايتەخت» دېگەن مەنىدە، ئۇ ئېھتىمال قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قوچو (تۇرپان)نى كۆرسەتسە كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ. ياپونىيەلىك سېنئەن شياۋفۇ بولسا بەشبالىقلىق دەپ قارىغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ: گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قومۇل نۇسخىلىق ‹مايترى سىمىت› ھەققىدە تەتقىقات» (《回鹘文哈密本"弥勒会见记"研究》) 608-بەت.

بۇ بەش ۋاراقتا چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلاردىن 64 نى ئۇچرىتىمىز[1]. دېمەك، تەرجىمانىنىڭ ئەسەر تەرجىمە قىلىشتىكى قابىلىيىتى ۋە يۇقىرىقى مىسالالارغا قارىغاندا، تەرجىمان پرتانراكشتىنىڭ بۇددا ھېكايىلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلىدىغان سۆز ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك، سانسكرىت، سوغدى، خەنزۇ، ئىران تىللىرىدىنمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

2. «مايتىرى سىمىت»

«مايتىرى سىمىت» (Maytri Simit) جۇڭگودا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى دراما قول يازمىلىرى ئىچىدە دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان، توخرى تىلىدا ئىجاد قىلىنىپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان كۆپ كۆرۈنۈشلۈك يىرىك سەھنە ئەسىرى. «مايتىرى سىمىت» بۇددىزىمنىڭ ھىناياىانا[2] (كىچىك كۆلەڭگە) ئىدىيەسى بىلەن سۇغىرىلغان ئەسەر، شۇنداقلا ئۇ بۇددىزىم تەلىماتىدا «ھەممە مەۋجۇت» دەپ قارايدىغان ۋايباچىكا (waybachika)[3] مەزھىپىنىڭ كىلاسسىك ئەسىرى[4].

ھازىر دۇنيادا بۇ ئەسەرنىڭ تۆت خىل قول يازما نۇسخىسى بار:

1. قاراشەھەر شورچۇق نۇسخىسى. تىلى توخرىچە؛
2. تۇرپان-سىڭگىم نۇسخىسى. ئۇيغۇرچە، بۇلار گېرمانىيەدە ساقلانماقتا؛
3. 1959-يىلى قۇمۇل تۆمۈرتىدىن تېپىلغان تۈركىيچە نۇسخىسى؛
4. 1965-يىلى قاراشەھەر شىكشىندىن تېپىلغان توخرىچە نۇسخىسى. بۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىق «مايتىرى سىمىت»نىڭ بىرقەدەر تولۇق نۇسخىسى 1959-يىلى قۇمۇلدىن تېپىلغان. ھازىر بۇ نۇسخا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

---

[1] سانسكرىت تىلىدىن 83، سوغدى تىلىدىن 4، خەنزۇ تىلىدىن 3، ئىران تىلىدىن 1 ئاتالغۇ بار.

[2] بۇددا دىنىدا ئاساسەن ئىككى مەزھەپ بولۇپ، بىرى «ھىناياىانا»، يەنە بىرى «ماھاياىانا» دەپ ئاتىلىدۇ. «ھىناياىانا» مەزھىپى «ھەممە مەۋجۇت» دېگەن ئېتىقاد قىلىش بىلەن ساكيامونىنىڭ ئەقىدىسىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئازاب سەۋەبلىرىدىن ئالاقىنى ئۈزگەندىلا نىرۋاناغا (مەقسەتكە) يەتكىلى بولىدۇ. ساكيامونىمۇ بۇددا (بۇرخان) غا ئايلانغان، كېيىن مايتىرىمۇ شۇنداق ئىلاھىي دەرىجىگە يېتەلەيدۇ؛ كىشىلەر ھەرقانچە قىلسىمۇ پەقەت «ئارخات» (ساكيامونىنىڭ ئەڭ قابىل ياردەمچىسى، بارلىق شاگىرتلىرىنىڭ ئالدى) بولالايدۇ دەپ قارايدۇ. «ماھاياىانا» مەزھىپى ئۆزىنى پۈتۈن جانلىقلارنى ئازاب دەستىدىن قۇتقۇزىدىغان چوڭ ھارۋىغا، ھىناياىانا مەزھىپىنى بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە شەخسەن ئۆزى چۈشىدىغان كىچىك ھارۋىغا ئوخشىتىدۇ. ئومۇمەن ماھاياىانا مەزھىپى يات تەرىقەت بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ئارىلاشما گەۋدىسى بولۇپ، لاپ گەپ ۋە كۆپتۈرمىچىلىك بىلەن تولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيمىز، تەركىدۇنيا بولمايمۇ ئىستىقامەت بىلەن بۇدساتۋالىق ۋە بۇددالىققا يەتكىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

[3] قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا waibasika.

[4] تۈركىيچە نۇسخىلاردىكى «مايتىرى سىمىت» دېگەن سۆز توخرىچە نۇسخىلاردا «مايرىيا سامىدى» دەپ يېزىلغان. ئۇ «مايرىيا» (ئادەم ئىسمى، مەنىسى رەھىمدىللىك) بىلەن «سامىدى» (مەنىسى كۆرۈشۈش ياكى كۆرۈشكەنلىكى) دېگەن سۆزلەردىن ياسالغان قوشما سۆز بولۇپ، «مايرىيانىڭ(ساكيامونى بۇددا بىلەن) كۆرۈشۈشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەسلىي نۇسخىسى (يەنى سانسكرىتچە نۇسخىسى) «ماھائىترىيا» مىلادىيە 3-ئەسىردە ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن دەپ قارالماقتا. ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي ماس كەلمەيدىغان خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرى، جۈملىدىن ساك تىلىدىكى (قەدىمكى خوتەن ساك تىلى) تەرجىمە نۇسخىسىمۇ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇلار ئەسلىدىكى سانسكرىتچە نۇسخىدىن كۆپ يىراقلىشىپ كەتكەن. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ بىرئاز ئوخشىمايدىغان ماۋزۇلاردىكى سانسكرىتچە، تىبەتچە، خەنزۇچە، سوغدىچە ۋە توخرىچە تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم.

چەت ئەل ئالىملىرى ۋە ئىلىمىزنىڭ ئالىملىرى بۇ ئەسەرنى 27 پەردىلىك چوڭ تىپتىكى دراما ئەسىرى دەپ تونۇيدۇ. توخرىچە نۇسخىلىرىنىڭ بىرىدە ئەسەرنىڭ نامى «MaitreyaSamitinataka» (nataka — دراما دېگەن مەنىدە) دەپ يېزىلغان. توخرىچە نۇسخىلاردا يەنە ۋەقەلىك ئورنى، پېرسوناژلار ۋە تەڭكەش قىلىنىغان كۈيلەر كۆرسىتىلگەن. دېمەك، ئەسەرنىڭ توخرىچە نۇسخىسىنىڭ سەھنە ئەسىرى ئىكەنلىكى ئېنىق. قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخا بىلەن توخرىچە نۇسخىنى سېلىشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەر قەدىمكى ئۇيغۇرچىسىنىڭ توخرىچىسىغا مەزمۇن جەھەتتە يېقىن ئىكەنلىكىنى، بىراق ئۇسلۇب جەھەتتىن پەرق قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىدا ھەربىر بۆلۈم (پەردە)نىڭ بېشىدا ۋەقەلىك ئورنىلا كۆرسىتىلگەن. ھەربىر بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا شۇ بۆلۈمنىڭ نامىمۇ كۆرسىتىلگەن. شۇنداق بولسىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت»نىڭ توخرى تىلىدىكى سەھنە ئەسىرىدىن تەرجىمە قىلىنىغانلىقى، ئۇنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ ھەربىر بۆلۈمىنىڭ بېشىدا ۋەقەلىك ئورنى كۆرسىتىلگەنلىكى، ھەربىر بۆلۈمنىڭ ۋەقەلىكى كونكرېت ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ دىيالوگلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەسەرنىڭ نامى «مايتىرى سىمىت سۇدۇر (سۇترا)» دەپ يېزىلماي، بەلكى «مايتىرى سىمىت نوم بىتىگ»[①] دەپ يېزىلغانلىقى ۋە بۇ ئەسەردە ئۇچرايدىغان «كۆرۈنچ» (كۆرۈنۈش) سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت»نىڭ سەھنە ئەسىرى ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولالايدۇ. بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۆۋەندىكى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

ئەسەرنىڭ 1 — 11 ـ بۆلۈملىرى تۆۋەندىكىدەك جۈملىلەر بىلەن باشلانغان ۋە ئاياغلاشقان:

1 ـ بۆلۈم جەمئىي 16 ۋاراق (32بەت)، 3 ۋارىقى ئاساسەن تولۇق بولۇپ، مۇنداق جۈملىلەر بىلەن باشلانغان:

*«ئەمتى بۇ نوملۇغ ساۋاغ ئاڭ ماگىت ئىلتە راچاگرى كەنت ئۇلۇشتا ئوقمىش كەرگەن».*

*[ ئەمدى بۇ نوملۇق سۆزنى ماگىت ئېلىدىكى راچاگرى شەھەر دۆلىتىدىن ئۇقۇشۇش كېرەك].*

بۇ بۆلۈمنىڭ يەتتىنچى ۋارىقىنىڭ ئالدى بېتىنىڭ 20—23 ـ قۇرلىرىدا يەنە مۇنداق ۋەقەلىك ئورنى كۆرسىتىلگەن:

*«21. ئەمتى بو نوملۇغ ساۋاغ كساناپىت (ئىلتەكى)*

*22 . باداري بىلگە براماننىڭ*

*23 . يىرىنتە ئۇقمىش كەرگەن. . . »*

*[ئەمدى بۇ نوملۇق سۆزنى كساناپىت ئېلىدىكى باداري بىلگە (دانىشمەن) براخماننىڭ يېرىدىن ئۇقۇشۇش كېرەك. ]*

*«مايتىرى سىمىت نوم بىتىگە باداري براماننىڭ ياغىش ياغماق. ئاتلاغ باشتىنقى ئۇلۇش تۇكەدى».*

*[«. . . مايتىرى سىمىت نوم پۈتۈك»تە باداري براخماننىڭ نەزىر ـ چىراغ قىلىشى ئاتلىق بىرىنچى بۆلۈم تۈگىدى]*

بۇ بۆلۈم ئىككى كۆرۈنۈشلۈك بولۇپ، بىرىنچى كۆرۈنۈش شىمالنى قوغدىغۇچى ئىلاھ ۋايشىراۋانانىڭ قول ئاستىدىكى ئۈچ سەركەردىنىڭ دىيالوگلىرى ئارقىلىق باشلىنىپ، تەڭرى تەڭرىسى ساكيامونى بۇرخاننىڭ ماگىت ئېلىدىكى پاساڭ تاغدا نوم تەپسىر قىلمۋاتقانلىقى

---

① نوم بىتىگ — كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا، ھېكايە سۆزلەش ئارقىلىق دىن تەرغىب قىلىنىدىغان ئەسەر دېگەن مەنىدە.

ئۇقتۇرۇلىدۇ. ئاندىن بۇ ئۈچى مايتىرىنىڭ پات ئارىدا تەڭرى بۇرخانىنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى شۇ يەردە كۆرمەكچى بولغانلىقلىرىنى ئېيتىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى كۆرۈنۈش ئاياغلىشىدۇ.

ئىككىنچى كۆرۈنۈش مايتىرىنىڭ ئۇستازى بولغان 120 ياشلىق بادارى بىراخمان 500 شاگىرتىنى ئەتراپىغا ئېلىپ مايتىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆزلىگەن هالدا باشلىنىدۇ.

بىر كۈنى كېچىدە بادارى بىراخماننىڭ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننى كۆرۈش توغرۇلۇق ئاسمان ئىلاهىدىن ۋەھيي كېلىدۇ. بادارى بىراخماننىڭ ياشىنىپ كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقتىن ئۆزۈن يوللارنى بېسىپ بۇرخاننى كۆرۈشكە بارالمايدىغانلىقىدىن مەيۈسلەنگەنلىكى بىلەن بىر كۆرۈنۈش ئاخىرلىشىدۇ.

قىسقىسى، بۇ ئەسەر كونكرېت ۋەقەلىك ئورنى ۋە كونكرېت ئوبرازلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سەهنە ئەسىرى.

ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىنىڭ تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغانلىقى، ئۆز زامانىسىدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكىلەرنىڭ، جۈملىدىن تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەلگۈسى بۇرخان مايتىرى[1]غا چوقۇنغانلىقى ۋە دىنغا ئائىت ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈشنى بىرخىل ساۋابلىق ئىش دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، تارىم ۋادىسىدىكى كۇسەن، ئاگنى قاتارلىق قەدىمكى يۇرتلاردا ياشىغان كىشىلەر مايتىرىغا چوقۇنغان، بۇ، شۇ جايلاردىكى مىڭئۆي رەسىملىرىدە ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ.

بۇددا دىنىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەرجىمىسى نۇرغۇن نۇسخا كۆچۈرۈلگەن بولۇشى ۋە كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭدەك ئەسەرنىڭ تۇرپان نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى قۇمۇل نۇسخىسىنىڭكىدىن بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن. ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى چۇتاس يىگەن تۇتۇق مەزكۇر خانلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە كۆچۈرتكۈزگەن. بۇنى بۇ نۇسخىنىڭ «يۇكۇنچ بۆلۈم»[2] ئاخىرقى ۋارىقى (14-ۋارىقى)نىڭ ئالدىنقى بېتىدىكى مۇنۇ قۇرلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

*يۈكۈنچ تۆرت يىگىرمى پاتار (A)*

*1. يەمە ئالقاتمىش ئايكا كۇسەنچىگ كۈنكە*

*2. ئۈدرۈلمىش ئەدگۈ ئۈدگە قۇتلۇغ قىۋلىغ قولۇقا*

*3. قۇتلۇغ قوين يىل ژون ئۈچىنچ ئاي*

*4. ئىكى ئوتۇزقا مەن ئۈچ ئەردىنكە كىرت*

*5. گۇنچ كۆڭۈللۈگ ئۇپاس*

*8. بىر مايتىرى سۇ بەزەت دىمىز بىر*

*9. مايتىرى سىمىت نومىن يەمە*

*10. بىتىت دىمىز . . . . . . . . . . . . . . . .*

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

---

[1] قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا: كىن كەلتەچى مايتىر بۇرخان دېيىلىدۇ.

[2] يۇكۈنچ بۆلۈم — ئەسلىي تېكىستتە يۈكۈنچ ئۈلۈش بولۇپ، «يۈكۈنچ» — يۈكۈنمەك، چوقۇنماق، «ئۈلۈش» — بۆلۈم، قىسىم، باب دېگەن مەنىدە.

21. يەمە بۇ بوياناغ ئالڭ ئۆگرە ئاۋىرار
22. بىز تەڭرى بۆگۈ ئەل بىلگە ئارسلان تەڭرى
23 . ئۇيغۇر تەركەنىمىز قۇتىڭا ئالقاتمىش ئون
24. ئۇيغۇر ئەلى ئوتۇز تىنگىت ئوغلانى توقۇز
25. ئەلچى بىلگەسى مىلڭ تاپىنۇر تۇمەن
26. ئىچرە كېلەرى بىرلە مىلڭ تۇمەن يىلقا
27. تەگى ئەل ئاشايۇ يارلىق ئاماقلارى بولزۇنلار.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

[1. يەنە مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغان ئايغا، ئارزۇ قىلغان كۈنگە.
2 . تاللانغان ياخشى پەيتكە،
3. قۇتلۇق خەيرلىك ۋاقىتقا قۇتلۇق قوي يىلى زۇن ( كەبىسە)
3 ـ ئاينىڭ
4. يىگىرمە ئىككىنچى كۈنىگە مەن ئۈچ ئەردىنگە[1]
5. قاتچان. كۆڭۈللۈك ئۇپاسى[2] چۇتاس يىگەن.
6. تۇتۇق ئايالىم تۇزۇن بىلەن بىللە كېيىن كېلىدىغان
7. (كەلگۈسى مەيدانغا چىقىدىغان) مايتىرى بۇرخانغا ئۇچرىشايلى دەپ
8. بىر مايتىرى ھەيكىلىنى ىېزەتتۇق. بىر
9. مايتىرى سىمىت نۇسخىسىمۇ
10. كۆچۈرتكۈزدۇق . . . . . . . . . . .
21. يەنە بۇ بويانىنى (ساۋابنى) ئەڭ ئاۋۋال بېغىشلاي ـ
22. مىز تەڭرى بۆگۈ ئېل بىلگە ئارسلان تەڭرى.
23. ئۇيغۇر تەركەنىمىز ئالىيلىرىغا (ئۇ). مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغان
24. ئون ئۇيغۇر ئېلى، توققۇز شاھزادە ئوغلانى،
25. توققۇز ئەلچى ئەقىلدارى، مىڭ تېۋىنىدىغان تۇمەن.
26. (ئوردا) ئىچىدىكىلىرى بىلەن بىللە مىڭ تۇمەن
27. يىلغا قەدەر ئەلنى گۈللەتسۇن. ]

3. «مايتىرى سىمىت»نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

بۇددىزم تەلىماتلىرىدا چۈشەندۈرۈلۈشىچە، بۇددا[3] نىرۋانا[4] غا كىتىش ۋاقتىدا قىلغان ۋەسىيىتىدە مايتىرىنىڭ كەلگۈسىدە بۇددا بولىدىغانلىقىنى مۇنەججىملىك بىلەن ئېيتقانمىش.

ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مايتىرى[5] بارلىق بۇددىزم مۇرىتلىرى تەلمۈرىدىغان قۇتقۇزغۇچى خۇدا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە Aditja دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گەرچە ئۇ بۇددىزم تارىخىدىكى مەشھۇر شاگىرتلاردىن بولمىسىمۇ، ئەمما دىنىي رىۋايەتلەردە ئۇنىڭ ساكيامونىنىڭ ھەمراھلىرى ئىچىدىكى مۇھىم شەخس ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە ساكيامونىنىڭ ئۇنى توچتا دېگەن جايدا ئۇچراتقانلىقى،

---

[1] ئۈچ ئەردىنى: بۇرخان، نوم، راھىبلارنى كۆرسىتىدۇ.

[2] ئۇپاسى : بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، لېكىن راھىب بولمىغان ئەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

[3] مەنىسى ئەقىل تاپقان كىشى، ئاقىل، يەنى ساكيامونى.

[4] بۇددىزمچىلار ئەقىدىسىدىكى ئەڭ يۈكسەك مەنىۋى مەنزىل، يەنى بۇددىزم يولىدىكى ئۆلۈم.

[5] سانسكرىتچە Maitreyaدىن كەلگەن خاس ئىسىم بولۇپ، ئۇ بۇددىستلار تەسەۋۋۇرىدا كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان بۇددا (بۇرخان) دۇر.

ئۇنى ئۆزىنىڭ بەش مىڭ يىلدىن كېيىنكى ۋارىسى قىلىپ بەلگىلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

«مايتىرى سىمىت»تىن ئىبارەت بۇ يىرىك سەھنە ئەسىرىدە بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ نەزەرىدە كەلگۈسىدە مەيدانغا چىقىدىغان قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ ــ مايتىرى بۇرخاننىڭ ھاياتىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى دەل مايتىرىنىڭ بۇددا بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئارقىلىق ئوبرازلىق تۈردە ھېكايە قىلىنغان.

«مايتىرى سىمىت» دىرامىسى سەككىز ياشلىق مايتىرىنىڭ ئۇستازى بادارى بىراخماننىڭ چۈشىدە «ۋايىشراۋانا»[①] ناملىق ئىلاھلار بىلەن سۆھبەت قىلىۋېتىپ ماگاتا (ھازىرقى نېپالدا) دۆلىتىدىكى باراناس تېغىدا ساكيامونىنىڭ بۇددا بولغانلىقىنى غىل-پال كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزى بەك قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مايتىرىنى 16 شاگىرتى بىلەن بۇددانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكىدىن باشلىنىدۇ.

قالغان كۆرۈنۈشلەردە يول يۈرۈش، كۆرۈشۈش جەريانى ۋە بۇ توغرۇلۇق ئاسماندا پەيدا بولغان ئاجايىپ-غارايىپ تەنتەنىلەر، سۆھبەتلەر ۋە باشقا ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ.

«مايتىرى سىمىت» تېكىستىدە جانلىق ئۇسلۇب ۋە تەسىرلىك ئەدەبىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق بۇرخان (بۇددا)نىڭ ھەممىگە قادىرلىقى، مايتىرىنىڭ مېھرىبانلىقى بايان قىلىنغان ۋە بۇرخان (بۇددا)، تەڭرى مايتىرىلارنىڭ ئالەمدىكى جانلىقلار (ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۇچار قاناتلار، ئومۇمەن بارلىق جانلىقلار)نى ئازابتىن قۇتقۇلدۇرغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەر سۆزلەنگەن، بۇددىزىم نەزەرىيەسى، پەلسەپىسى ۋە بۇددىزىم نۇقتىئىنەزەرلىرى شەرھلەنگەندىن تاشقىرى نۇرغۇنلىغان تەسۋىرلەر قوللىنىلغان. دىيالوگلار، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۇرۇلگەن. ئەسەردە تۇزۇن (ئالىيجاناب) مايتىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ياخشى ئالامەتلىرى، شەپقەتلىك ئۇستازىدىن ئايرىلىپ تويىن بولمىش ساكيامونىنىڭ ئىنىكئانىسى گائۇتامى خاتون بۇرخانغا ئاتاپ تىككەن تونىنى قولىدىن-قولغا ئايلاندۇرۇشى، تەڭرى بۇرخاندىن كەلگۈسىدىكى بۇرخانلىقنى تەلەپ قىلىشى، جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا قىلغان ساخاۋەتلىك، ساۋابلىق ئىشلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، بۇددا دىنىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، خىلمۇ خىل، مۇرەككەپ ئەقىدىلىرى مەدھىيىلەنگەن. ئەسەردە ئومۇمەن باشتىن-ئاياغ بارلىق بۇددىزىم مۇرىتلىرى تەلمۈرىدىغان قۇتقۇزغۇچى بۇرخان مايتىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

«يۈكۈنچ» بۆلۈمىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنىنى تۆت ئابزاسقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى ئابزاستا: بۇرخان (بۇددا)نىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ جانلىقلارنى قۇتقۇلدۇرغانلىقى، بۇرخاننىڭ پاراسىتى، چەبدەسلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېھىر-شەپقەتلىكلىكى جانلىق بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى ئابزاستا: نوم شەرھلەنگەن ئابزاسنىڭ بېشىدا نومغا تەبىر بېرىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق دانا، بىلىملىك بۇرخانلارنىڭ ئۇستازى ۋە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان ئوبيېكتى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. ئۇنىڭ كەينىدىنلا نوم چۈشەندۈرۈلگەن.

ئۈچىنچى ئابزاستا: «راھىب جامائەت»نىڭ تۆگەل دانا تەڭرى بۇرخاننىڭ شازانلىق شەھەر دۆلىتىنى تۇتقۇچى (قوغدىغۇچى) ئىكەنلىكى، شازانلىق سارايلارنى تىرىگۈچى ئالتۇن تۈۋرۈككە ئوخشاش ئىكەنلىكى، ھەرقانداق جامائەتتىنمۇ بەكرەك مەدھىيەلىنىدىغانلىقى، نىپتچا ئاتلىق ئەجرى ئارقىلىق دىئانغا كىرىپ، سەككىز سانۋار ئىچىدە تۇغۇلىدىغانلىقى، بەخت-تەلەيلىك قىلىپ يارىتىلىدىغانلىقى، بۇددىزىم ھەققىدىكى «ئون سەككىز تۈرلۈك بوشغۇتلۇق»، «توققۇز تۈرلۈك بوشغۇتسىز» مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، «يىگىرمە يەتتە تۈرلۈك دانىشمەنلەر» بىلەن تولغان بۇددىزىم راھىب جامائىتى ھېسابلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ۋە بۇددىزىم راھىب جامائىتىگە،

---

[①] ۋايىشراۋانا ــ دۇنيانى ئۆز پاناھىدا ساقلىغۇچى تۆت ئىلاھ «ماخاراجا»نىڭ بىرى.

مايتىرىغا، تەڭرىسى بۇرخان نىرۋاناغا بارغاندىن كېيىن زور پايدىلىق ئىشلارنى قىلغانلىقىغا، ۋايىباس شاستىرنى ياراتقان ئەنەتكەك (ھىندىستان)، كۇسەن (كۇچا)، سۇلمى (قاراشەھەر) قاتارلىق شەھەر دۆلەتلىرىدىكى بۇددىزم ئۇستازلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەن.

تۆتىنچى ئابزاس ئەمەلىيەتتە «يۇكۈنچ» بۆلۈمىنىڭ خاتىمىسى بولۇپ، بۇ ئابزاستا گەرچە 54 قۇر خەت پۈتۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پۈتۈن «يۇكۈنچ» بۆلۈمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا سەدىقە بەرگۈچىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ: «يەنە مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغان ئايغا، ئارزۇ قىلغان كۈنگە، تاللانغان ياخشى پەيتكە، قۇتلۇق ۋە خەيرلىك ۋاقىتقا، قۇتلۇق ئۇي يىلى ژۇئىن 3-ئاينىڭ 22-كۈنىگە، مەن ئۈچ ئەردىنىگە ئېتىقادچان كۆڭۈللۈك چۇتاس يىگەن تۇتۇق ئايالىم تۇزۇن بىلەن بىللە كەلگۈسىدە كېلىدىغان مايتىرى بۇرخانغا ئۇچرىشايلى دەپ بىر مايتىرى ھەيكىلىنى بېزەتتۇق، بىر ‹مايتىرى سىمىت› نومىنى كۆچۈرتكۈزدۇق» دەپ بايان قىلىدۇ. بۇ ئابزاستا يەنە سەدىقە بەرگۈچى ئۆزىنىڭ خاقانى، ئاتا-بوۋىسى، قېرىنداشلىرى، ئوغۇل-قىزلىرى ۋە كېلىنلىرىنىڭ ئىسمىنى ئىزھار قىلىدۇ.

دېمەك، «يۇكۈنچ» بۆلۈمىدە ئاساسەن «ئۈچ ئەردىنى» (بۇرخان، نوم، تويىن)گە بولغان ساداقەتمەنلىك يېزىلغاندىن تاشقىرى، «ئۈچ ئاغىلىق نوملار» ۋە بۇرخان، تويىن (راھىب)لار ھەققىدە تەشۋىق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسەن ھىنايانا مەزھىپىنىڭ كۆز قارىشى تەكىتلەنگەن. قىسقىسى بۇ نۇسخىنىڭ كىرىش سۆزى ھېسابلانغان بۇ بۆلۈم (يۇكۈنچ بۆلۈم) قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ دىنىي چۈشەنچىسى، پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي كۆز قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپلا قالماي، بەلكى تەتقىقاتچىلارنى تارىخ، مەدەنىيەت تارىخى ۋە دىن تەتقىقاتىغا دائىر مۇھىم ماتېرىياللار بىلەنمۇ تەمىن ئېتىدۇ.

«مايتىرى سىمىت» گەرچە تەرجىمە ئەسىرى بولسىمۇ، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي، مەدەنىيەت مىراسى سۈپىتى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر ئەدىبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى، تارىخى، جۇغراپىيەسىنى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى، دىن تارىخىنى، دىنىي مەزھەپلەرنىڭ نەزەرىيە كۆز قاراشلىرىنى، مىڭئۆيلەرگە سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ يازما ئىزاھلىرىنى، شۇنداقلا ئېلىمىز مەدەنىيەت تارىخىنى، ئېتنوگرافىيە تارىخىنى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىيات تارىخىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم-ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«مايتىرى سىمىت» جۇڭگونىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دىرامىچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پىروفېسسور فېڭ جياشېڭ: «بۇ ئەسەر مىلادىيە 10—11-ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان، شۇڭا ئۇنى ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا بارلىققا كەلگەن سەھنە ئەسەرلىرىدىن بىرقانچە يۈز يىل ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ»[1]دەپ قارىغان. پىروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندى: «بۇ سەھنە ئەسىرى ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىي ئەسىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سەھنە ئەسىرى» دەپ ھېسابلايدۇ.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بىر ئابىدە تىكلىگەن ئەدەبىيات بولۇشى بىلەن قىممەتلىكتۇر.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ.
2. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، پرتانىراكشىت، ئاپرىنچۇر تېگىن، كى كى، پراتيا ياشىرى، بۇيان قاياقال توغرۇلۇق چۈشەنچىڭىزنى بايان قىلىڭ.

[1] «شىنجاڭ گېزىتى»، ئۇيغۇرچە، 1985-يىلى 10-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى سانى، 5-بەتكە قارالسۇن.

3 . قوچو ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىڭ.

4 . ئاتساك، قالىم قايشىلار كىم؟

5. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە قايسى دىنلار تارقىلىپ كەلگەن؟ ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

6 . سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

7. «چاستانى ئىلىگ بەگ»، «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىڭ.

8 . شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دىرامىچىلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ.

9 . «مايتىرى سىمىت» قانداق ئەسەر؟ ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# 2 ـ باب قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## §1. ئومۇمىي ئوبزور

**1. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى**

قاراخانىيلار خانلىقى تەخمىنەن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قۇرۇلۇپ، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېتىلگەن. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە مۇنقەرز بولغان. بەزى ماتېرىياللاردا تەخمىنەن مىلادىيە 850 ـ يىللىرىدىن 1212 ـ يىلى بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئەھۋالمۇ بار. ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن ئۇيغۇر، قارلۇق، تۈركەش، ياغما، چىگىل (ياكى چىيىل)، سوغدى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. تارىختا بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيەسى بىر ئاز تۇراقسىزراق بولغان. بىرقەدەر مۇقىملاشقان ۋاقىتتىكى دائىرىسى بولسا ئاساسەن بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى دېھقانچىلىق رايونى، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىن بالقاش كۆلىگىچە بولغان چارۋىچىلىق رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يارىش(جۇڭغارىيە) ئويمانلىقىدا جىلىق، كۇنەسنى پاسىل قىلغان ھالدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن چېگرالانغان؛تارىم ئويمانلىقىدا ئۇچتۇرپان ۋە يېڭىھىسارنى پاسىل قىلغان ھالدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇدۇن بەگلىكى بىلەن چېگرالانغان[1]. كېيىنچە ئۇدۇن خانلىقىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. خانلىقنىڭ ئوردۇبالىقى(پايتەختى) دەسلەپ بالاساغۇن (قۇزبالىق، قۇزئوردۇ، ھازىرقى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربى) دا بولغان[2]. كېيىنچە كاشغەر ئوردۇكەنت(پايتەخت) قىلىنغان.

مىلادىيە 840 ـ يىلى غوبى چۆللۈكىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى(خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «回纥国»، يەنى خۇيخېگو) ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن، قۇرىغار رايونى، يەنى غەربكە كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يارىش ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىغا كىرىپ قارلۇقلار تەرەپكە بارغان. 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ ئۇيغۇرلار قارلۇق خانلىقى ئاساسىدا قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان[3]. تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە خانلىقنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى پانتېگىن(مەڭلىك تېگىن؟)نىڭ ئەۋلادى ياكى پانتېگىننىڭ سانغۇنلىرى بولۇشى

---

[1] لى شېڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان: «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»،94 ـ، 95 ـ بەتلەر.

[2] ئەينى زامانلاردا بۇ شەھەر سۇياپ دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان دېگەن قاراش بار. بۇ ھەقتە ئىبىل ئېسىن (تۈركىيە)نىڭ «ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى تۈرك مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئىسلامغا كىرىش» ناملىق كىتابىنىڭ 160 ـ بېتىگە قارالسۇن، بۇ كىتاب ئىستانبۇلدا 1978 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[3] بۇ خانلىقنى قۇرغۇچىلار توغرىسىدا تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ھەرخىل قاراش بار. ئەمما زامانىمىزنىڭ كۆپچىلىك ئىلمىي خادىملىرى ۋە زامانىمىزدا يېزىلغان بىر قاتار نوپۇزلۇق ئىلمىي كىتابلاردا قەدىمكى خەنزۇچە ۋە مۇسۇلمان تارىخ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ ئۇنى غوبى يايلىقىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرغانلىقى بىردەك تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن، ۋاڭ رىفېي:«ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ھەققىدە مۇھاكىمە» («يۈگوڭ»‹禹公› ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ جىلدى، 1935 ـ يىلى 2 ـ سان، خەنزۇچە، بېيجىڭ)؛ خانىدا تورۇ(يۇتىيەنخېڭ، ياپونىيە): «غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ باش ـ ئاخىرى ۋە يىلنامىسى»(«تارىخ توپلىمى ــ 史林»، 1 ـ جىلد، 2 ـ بەت)؛ ئابى تاكىئو(ئەنبۇ جيەنفۇ، ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى تەتقىقاتى»(«西回鹘史的研究» 6 ـ باب، 1 ـ، 2 ـ پاراگراف، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار «ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىيالدىن توپلامچە» («维吾尔族史料简编»، 1 ـ قىسىم، 49 ـ بەت، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ ۋېي لياڭتاۋ:«قاراخانىيلار خانلىقى تارىخىدىن تېزىس» («喀喇汗王朝史稿»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى)؛ «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» («新疆民族辞典»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 164 ـ بەت)؛ «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى» («新疆百科全书»، بېيجىڭ، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 46 ـ بەت)؛ «تۈركلەرنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» («突厥人变迁史研究»، چۈلىلى باش مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان، بېيجىڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ لى شېڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، 94 ـ، 95 ـ بەتلەر.

مۇمكىن[1]. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىلگە كۆل قادىرخان دېگەن ئادەم خانلىقنىڭ بۇرزۇكۋارى(ئەجداد خانى) بولۇشى كېرەك دېگەن قاراش بار[2].

قاراخانىيلار خانلىقىنى خاقاننىڭ چوڭ تېگىنى بىلەن كىچىك تېگىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇرغان. چوڭ تېگىن خان بولۇپ، ئارسلانخان (شىرخان) دەپ ئاتالغان. ئۇ يەنە خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى بولۇپ، بالاساغۇندا تۇرغان؛ كىچىكى ئورۇنباسار خان بولۇپ، بۇغراخان دەپ ئاتالغان. ئۇ دەسلەپ تالاستا تۇرغان، كېيىن كاشغەر شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. يۇقىرىدىكى ئىككى نەپەر ئالىي ھۆكۈمراندىن باشقا، يەنە باشلىقتىن تۆتى بار بولغان، ئۇلار ئىلىكخان، بۇغرا ئىلىك، ئارسلان تېگىن، بۇغرا تېگىن دەپ ئاتالغان.

سۇتۇق بۇغراخان زامانىسىدا قاراخانىيلار خانلىقى پەيدىنپەي قۇدرەت تاپقان ھەم سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار خانلىقىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ كاشغەر شەھىرىنى ئوردۇكەنت قىلغان[3]. بۇ مىلادىيە 944 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

## 2. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىي ھايات

قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە، مەدەنىيەت ساھەسىدە بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. بالاساغۇن، بارسغان، ئوترار (جەۋھەر، ئوترار، ئوتراركەنت)، كاشغەر، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەر مۇھىم بىر مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلانغان ياكى بەزىلىرى مەدەنىيەت مەركىزىلىك ئورنىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن.

12 ـ ئەسىردە ياشىغان نىزامىي ئەرۇزى سەمەرقەندى ئۆزىنىڭ «مەجمەئۇننەۋادىر» (نادىر ھېكايىلەر، چاھار ماقالە) ناملىق ئەسىرىدە سامانىيلار ۋە قاراخانىيلار خانلىقلىرى دەۋرىدە ئىلىم ـ مەرىپەتكە ھامىيلىق قىلغان سامانىي خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئەمىر ئىسمائىل سامانىي، غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى خىزىرخان قاتارلىق بىرمۇنچە ھۆكۈمدارلارنى ۋە ئۇلار ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان يۈزلىگەن پەيلاسوپ، ئاسترونوم، يازغۇچى ـ شائىرلارنى ۋە تېبابەت ئاتاسۇنغۇنلىرى ـ ئالىملىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

بولۇپمۇ بۇ دەۋردە كاشغەرنىڭ شەھىرىستان رايونى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بىر قاتار مەدرىسەلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلغان. بۇلار ساچىيە مەدرىسەسى (مەدرىسەئى ساچىئە)، ھەمىدىيە مەدرىسەسى (مەدرىسەئى ھەمىدىيە)، مەھمۇدىيە مەدرىسەسى (مەدرىسەئى مەھمۇدىيە) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدىكى ساچىيە مەدرىسەسىنى سۇتۇق بۇغرا قاراخان قۇرۇپ چىققان[4]. بۇ مەدرىسەلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى تەسىرى چوڭقۇر بولغان. بۇ توغرۇلۇق تارىخچى جەمال قارشى مىلادىيە 1300 — 1301 ـ يىللىرى يېزىپ چىققان «مۇلھەقاتۇسسۇرراھ» ناملىق كىتابىدا مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «(مەن جەۋھەرىنىڭ) ‹سىھاھ› ناملىق كىتابىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ نەچچە زامان ئىزدەندىم، مۇمكىن بولسا سېتىۋالاي ياكى يېزىۋالاي دېۋىدىم، بەختىمگە يارىشا كاشغەر

---

[1] ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار خانلىقى تارىخىدىن تېزىس»، خەنزۇچە نەشرى، 73 ـ بەت.

[2] لى شېڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، 94 ـ بەت.

[3] «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، 249 — 250 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشرى.

[4] «جۇڭگو شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى»، «جۇڭگو شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى يېزىپ چىققان، 117 ـ بەت، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

شەھىرىنىڭ ئاتاقلىق ۋە تولۇق بەختلىك مەدرىسەلىرىدىن بىرى بولغان ‹ساچىيە مەدرىسەسى›نىڭ كىتابخانىسىدىن ‹سىھاھ›نىڭ تۆت تومى تېپىلدى»[1]. جەمال قارشىنىڭ يېزىشىچە، بۇ مەدرىسەگە ھەممە ئىقلىملاردىن ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بىلىم ئالغان. بۇ يەردە يالغۇز ئىلاھىي بىلىملەر ئوقۇتۇلۇش بىلەنلا قالماي، ئارىستوتېل، سوقرات، فارابى، برۇنى، ئىبنى سىنا ۋە مۇھەممەد مۇسا خارەزمى پەلسەپىلىرىمۇ ئوقۇتۇلغان.

دېمەك، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە كاشغەردە قۇرۇلغان مۇشۇ مەدرىسەلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كۆپلىگەن ئالىملار، شائىرلار ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىي مەركەزگە ئايلانغان. شۇڭا جەمال قارشى ئۆز زامانىسىدىكى كاشغەرنى تەرىپلەپ شۇنداق يازغان: «كاشغەر شەھىرىنىڭ پەخىرلىك شەھەر بولۇشى ئۇنىڭ ئىسلام مەركىزى ۋە ئالىم-ئۆلىمالار جايلاشقان ئىلىم-مەرىپەت بۆلىقى، ئېسىل پادىشاھ-خاقانلارنىڭ ۋەتىنى، كاتتا ئالىملارنىڭ يۇرتى بولۇشىدا... كاشغەرنىڭ شەرەپلىك ئادەملىرى ئادەملەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى... كاشغەر مەن ھىجرەت قىلغان ئەڭ گۈزەل جاي ۋە مېنىڭ تىجارىتىم(ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىش مەشغۇلاتىم) ئەڭ راۋاجلانغان جاي... كاشغەر مەن ئۈچۈن ئالىم-ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان ناھايىتى ياخشى ئورۇن»[2].

### 3. ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ھەققىدە

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئاغزاكى ئەدەبىيات ۋە يازما ئەدەبىيات تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىنى نامايان قىلغان. كونا ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى بولغان خاقانىيە يېزىقىدا كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ دەۋردە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىنىڭ سىرتىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر (قەبىلىلەر) ئارىسىدىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىش ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتىسۇ، خارەزم ھەتتا ئوغۇز دالىسىدا بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغان. بۇ ھال چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، ئۆگۈدەي(ئوغۇتاي) ۋە چاغاتاي دەۋرلىرىدە داۋاملىق ئىپادىلىنىپ تۇرۇلغان.

قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىرەك ئۇنىڭ تېررىتورىيەسىدە مۇھەممەد مۇسا خارەزمى (مىلادىيە 750—870-يىللار ) دېگەن ئۇلۇغ ئالىم ئۆتكەن. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە بولسا ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلىرى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانى، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق ئەسىرى، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق داستانى مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئەدىبلەردىن ئىلگىرى چۆچۈ، تۈركىي كىشى ئەيلاقى دېگەن شائىرلار ئۆتكەن.

---

[1] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىقلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى2006-يىلى نەشرى I توم 261-بەت.

[2] ئەبۇل پەزلى مۇھەممەد جەمال قارشى: «مۇلھەقەتۇسسۇرراھ: كاشغەر شەھىرى ۋە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ بايانى» (خۇا تاۋ: «8—10-ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»522—523-بەتلەر (ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003-يىلى نەشرى.

ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. تۈركىي كىشى ئەيلاقى بولسا 10-ئەسىرلەردە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پارس تىلىدا يازغان سەككىز مىسرالىق شېئىرى ساقلىنىپ قالغان[①].

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە يەنە نىزامىددىن توغان تېكىن، ھەمماد جەۋھەرى، ئىبراھىم ئەل فارابى، ھۈسەيىن خەلەف كاشغەرىي، ھۈسەيىن كاشغەرىي، ئابدۇغاپپار ئالمائى، ئىمامىددىن كاشغەرىي، مەجىددىن بىننى ئەدنانى، مۇھەممەد ئەل سەمەرقەندى، نارشاخى، ئەبۇ سەئىد ئەل-ئىدرىسى قاتارلىق ۋەقەشۇناسلار، ئالىم-ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەن.

نىزامىددىن توغان تېكىن: ئۇ ۋەقەشۇناس بولۇپ، بۇ كىشى ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى پىششىق ئىگىلىگەن، جۈملىدىن، مەھمۇد كاشغەرىيگە ئۆزىنىڭ دادىسى مۇھەممەد چاقىر تۇنقاخاندىن ئاڭلىغان «ئۇيغۇر» ئاتىقى توغرىسىدىكى ئۇزۇن ۋە تەسىرلىك رىۋايەتنى سۆزلەپ بەرگەن[②].

ئىبراھىم فارابى: تولۇق نامى ئەبۇ ئىبراھىم ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئەل فارابى(ياكى ئىسھاق فارابى)، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان ئوترار(فاراب، جەۋھەر) شەھىرىدە تۈركىي نەسەبلىك ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، يېتىشىپ چىققان ئالىم بولۇپ، ئەرەب تىلى بىلەن ھىجرىيە349- (مىلادىيە 961-) يىلى «دىۋانۇل ئەدەب»(تولۇق نامى «دىۋانۇلئەدەب فى بايان لۇغەتۇلئەرەب»—ئەرەب تىلىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەدەبىيات دىۋانى) ناملىق لۇغەت كىتابىنى[③]، «بايان ئەل ئەرەب»(گىراماماتىكا قائىدىلىرى) ناملىق گىراماماتىكا كىتابىنى يېزىپ چىققان.

ھەمماد جەۋھەرى: تولۇق ئىسمى ئىسمائىل ئىبنى ھەمماد جەۋھەرى( ياكى ئەبۇ ناسىر ئىسمائىل، ئىسمائىل ھەمماد جەۋھەرى) بولۇپ، ئوتراردا تۈركىي نەسەبلىك ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ كېيىنچە ئەرەب تىل-ئەدەبىياتى بويىچە يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى بولۇپ، «سىهاھ» (تولۇق نامى «تاجۇللۇغە ۋە سىهاھۇلئەرەبىيە»—تىللارنىڭ تاجى ۋە ئەرەب تىلىدىكى گۈزەللىك) دېگەن مەشھۇر لۇغەت كىتابىنى[④]، «كىتاب ئەل مۇقەددىمەتى فىي ئەل نەھۇ» («گىراماماتىكىغا كىرىش») ناملىق گىراماماتىكىغا دائىر كىتابنى ئەرەب تىلىدا يېزىپ چىققان. ئىبراھىم فارابى بولسا ھەمماد جەۋھەرىنىڭ تاغىسى(جەۋھەرى ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم فارابىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى) ئىدى[⑤].

«سىهاھ» كىتابى ئەرەب تىلى ئۆلچىمى بويىچە ئەڭ ساغلام، ئەڭ ساپ سۆزلەردىن

---

[①] مەنبەلەردە بۇ شائىرنىڭ پارس شائىرى رۇداكىي بىلەن زاماندىش ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى يېزىپ چىققان، ئالمۇتا: پەن(ناۋكا) نەشرىياتى، 1983-يىلى نەشرى.

[②] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»، 1-توم، 151-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981-يىلى نەشرى.

[③] بۇ كىتاب خارەزمشاھنىڭ نامىغا بېغىشلاپ يېزىلغان.

[④] بۇ كىتاب نىشاپۇرنىڭ ھۆكۈمرانى داڭلىق ئالىم ئەبۇ مەنسۇر پىشكىنىڭ نامىغا بېغىشلاپ يېزىلغان.

[⑤] پىروفېسسور مۇھەممەد سالىھ ئىسھاق فارابى، ھەمماد جەۋھەرىلەرنى ئەبۇ ناسىر فارابىلار بىلەن قوشۇپ ئۇلار «قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەرىپەت ئاسمىنىدا چاقنىغان نۇرلۇق چولپانلاردىن» بولۇپ، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان ئوترار شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قارلۇق ئۇيغۇرلىرىدىن ئىدى» دەپ يازغان. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «(تۈركىي تىللار دىۋانى) (دىۋانى لۇغاتىت تۈرك)نىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن، بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2006-يىللىق 2-سانى(63—75-بەتلەر)دا ئېلان قىلىنغان.

تۇزۇلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «سىھاھ»، يەنى قېلىپلاشقان، ئەڭ ئىشەنچلىك سۆزلەر دېگەن مەنىدە ئىسىم قويۇلغان. «سىھاھ» تا«ا ب»، «ا ت»، «ا ج»، «ا ر»لەرگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى ھەرپى كۆزدە تۇتۇپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ھەممىاد جەۋھەرى «سىھاھ»نى تۈزۈشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىگىلەشنى ئاساس قىلغان. جەۋھەرى دالا ـ قىرلارنى كېزىپ، ئۇ يەرلەردە ياشايدىغان ئەئرابىلارنىڭ تىل بايلىقىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئورتاق قوللىنىدىغان قېلىپلاشقان سۆزلەرنى ئاساس قىلىپ، ئەرەب تىلى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى ئالىملارنىڭ سەممدىن ئۆتكەن لۇغەت فوندىنىمۇ يىغىپ چىققان. ئۇ يەنە تەمسىل، ماقال، شېئىر ـ قوشاق بايلىقلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىپ، سۆزلەرنىڭ فونېتىكا ئۆزگىرىشلىرى ۋە دىيالېكتىكىلىق پەرقلەرنى نەقىل كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان، ئەرەب قەبىلىلىرىنى كەڭ دائىرىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى يىغىپ شۇ ئاساستا ئەسىرىگە ماتېرىيال توپلىغان. «سىھاھ»نىڭ مەيدانغا كېلىشى لۇغەتشۇناسلىق ئەڭ قەدىرلىنىۋاتقان، سۆز ئاختۇرۇش قىيىن بولغان، كونا قېلىپتىكى لۇغەتلەر تازا ئاقمايۋاتقان، لۇغەتچىلىكتە كىشىلەر پايدىلىنىش قولايلىق بولغان بىرەر يېڭى ئۇسلۇب ئىجادىيىتىگە ئەڭ تەشنا بولىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلگەنلىكتىن، كەڭ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن بىردەك ئالقىشلانغان. زامانى ئاۋۋالدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر لۇغەتشۇناسلىق ساھەسىدە ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بىرەر ئەسەر «سىھاھ»تەك كەڭ تەسىر قوزغىغان ئەمەس. مىنىستىر فاھىد «بۈيۈك تىلشۇناس ھەممىاد جەۋھەرىنىڭ ‹سىھاھ› كىتابى ئۇسلۇبى گۈزەل، تۈزۈلۈشى پۇختا، كىشىلەرگە ياقىدىغان، ئاممىباب كىتابتۇر»[①] دەپ ئېيتقان بولسا، پىروفېسسور ئەھمەد ئابدۇغەفۇر «‹سىھاھ›نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەرەب تىلشۇناسلىقى تارىخىدا تۈنجى تاشلانغان زور قەدەمدۇر» دېگەن باھانى بەرگەن. تارىختىن بېرى «سىھاھ» تىلشۇناسلارنىڭ، شەرقشۇناسلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن. ئۇنىڭغا يېزىلغان شەرھلەر، ھاشىيەلەر، «سىھاھ»نىڭ پارسچە، تۈركچە تەرجىمىلىرى بولۇپ، «سىھاھ»نى دەۋرىي قىلىپ يېزىلغان كىتابلار 109پارچىدىن ئاشقان. نېمىس شەرقشۇناسلىرىدىن بىروكمان «جەۋھەرى ۋە ئەرەب ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى» ناملىق 383 بەتلىك تەتقىقات ئەسىرىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئالمالىقلىق ئالىم جەمال قارشى «سىھاھ» ئۈستىدە نۇرغۇن مېھنەت سىڭدۈرۈپ، «سىھاھ»نى باشقىچە تەرتىپتە تۈزۈش، ئۇنى قىسقارتىپ ئىخچاملاش ئاساسىدا «قۇراھ»، «مۇختەسەر سۇراھ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. جەمال قارشى يەنە ھىجرىيە681 ـ يىلى(مىلادىيە 1282 — 1283 ـ يىللىرى) «سىھاھ»نى پارسچىگە تەرجىمە قىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا «سۇراھ» دەپ نام بەرگەن. «مۇلھەقاتۇسسۇراھ» دەپ ئاتالغان رىسالىسىنى بولسا ئەنە شۇ «سۇراھ»نىڭ ئاخىرىغا تىرەكەپ قويغان. بۇ كىتابتا بولسا «سىھاھ»نىڭ كاشغەردىكى مەدرىسەلەرنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ تۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىلگەن[②].

**ھۈسەيىن خەلەف كاشغەري**: ئۇ تارىخي مەنبەلەردە ئىمام ئەبۇ ئابدۇللا فەزلى، ئەبۇ ئابدۇللا ھۈسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبىن خەلىفە ئىبىن جەبرائىل خەلىل فەزلى، ھۈسەيىن ئىبىن خەلەف كاشغەري، ھۈسەيىن بىن كاشغەري، ھۈسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبنى خەلەف، ھۈسەيىن ئىبىن ئەلى كاشغەري، ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف كاشغەري دېگەندەك ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنغان. مىلادىيە 973 — 1093 ـ يىللىرى ياشىغان. مەھمۇد كاشغەري بۇ كىشىنى «شەيخ

---

① فاھىد — سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مائارىپ مىنىستىرى بولۇپ تۇرغان 1976 ـ يىلى «سىھاھ»نىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن داغدۇغىلىق مۇراسىمدا بۇ سۆزنى ئېيتقان. ئۇ كېيىنچە پادىشاھ بولغان.

② «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2006 ـ يىللىق 2 ـ سانى64 — 65 ـ بەتلەر.

ئىمام زاھىد ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرىي» ئاتىقى بىلەن ئاتىغان ۋە «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان. ئۇ باغدادتىكى مەدرىسەلەردە ۋە كاشغەردىكى «ھەمىدىيە» مەدرىسەسىدە ئۇزۇن مۇددەت مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇن تالىبۇلئىلىملەرگە دەرس ئۆتكەن[1]. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى ۋە مۇسەننىفى (يازغۇچىسى) ئىدى. ئۇ تەپسىر ۋە ھەدىسكە ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان[2]. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىر قانچە قاغانلىرى بۇ زاتنى «دۇئاگۇيىمىز» دەپ ھۆرمەتلىگەن. مەھمۇد كاشغەرىيدەك چوڭ ئالىمنى يېتىشتۈرگەنگە قارىغاندا، ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرىي ئۆز دەۋرىنىڭ ھەممە پەنلىرىدىن، بولۇپمۇ ئەرەب تىلشۇناسلىق ئىلمىدىن چوڭقۇر مەلۇمات ئىگىسى بولغان قابىلىيەتلىك مۇدەررىس ئىكەنلىكى مەلۇم[3].

ھۈسەيىن كاشغەرىي: تولۇق نامى ھۈسەيىن ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئابدۇللا كاشغەرىي بولۇپ، 11- ئەسىرلەردە ياشىغان ھەدىسشۇناس ئالىم، نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن[4].

ئالمائى[5]: تولۇق ئىسمى ئابۇل فۇتۇھ ئابدۇلغاپپار(جاپپار) بىننى ھۈسەيىن ئال ئالمائى كاشغەرىي (مىلادىيە؟— 1083-يىللار) كاشغەردە ياشىغان تارىخچى. ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرىينىڭ ئوغلى، يەنە «تارىخى كاشغەر» (قەشقەر تارىخى)، «مىنسكەنى ئۇستادىيان»[6] (ئۇستازلارنىڭ توپلانغان جايى) دېگەن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. «تارىخى كاشغەر»گە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىغا دائىر تارىخىي ۋە رىۋايەتلىك مەلۇماتلار كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ «تارىخى كاشغەر» ناملىق ئەسىرىدىن جامال قارشىي پايدىلانغان. ئەپسۇسكى بۇ كىتابلار بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس.

بىرۇنى: تولۇق ئىسمى ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد بىرۇنى (مىلادىيە 973—1050-يىللار)، قاراخانىيلار خانلىقىغا قاراشلىق ئۈرگەنچ شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىرۇن يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، ئافغانىستاندىكى غەزنە شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئۇ ئاسترونوم، ماتېماتىك، جۇغراپىيەچى، گېئولوگ، فىلولوگ، تارىخچى، ئېتنوگراف، دورىگەر ۋە شائىر بولۇپ، 150 تىن ئارتۇق ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلاردىن 45 پارچىسى ئاسترونومىيە ماتېماتىكىسىغا بېغىشلانغان. بىرۇنى گالىلېيدىن 500 يىل ئىلگىرى دۇنيا قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ نيۇتوندىن 600 يىل ئىلگىرى جىسىملارنىڭ يەرگە قاراپ تارتىلىش قانۇنىنى كەشىپ قىلغان. دۇنيا ماددىدىن ئىبارەت، ماددىلار دائىم ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدا بولىدۇ دېگەن ئىلمىي كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىرۇنى تىللارنى

---

[1] مۇھەممەد سالىھ: ««دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مۇقەددىمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (3)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىلى نەشرى، 27-، 28-بەتلەر.

[2] جەمال قارشى: «مۇلھەقاتۇسسۇراھ» («سۇراھ» لۇغىتىگە ئىلاۋە»)، خۇا تاۋنىڭ «8—10- ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىغا قوشۇمچە قىلىنغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003-يىلى نەشرى، 480-بەت.

[3] بۇ زاتنىڭ قەبرىسى كاشغەر شەھىرى تەۋەسىدە بولۇپ، مىڭ يىلدىن بېرى مۇھىم تاۋاپگاھ بولۇپ كەلگەن.

[4] بۇ ھەقتە ئىراقلىق دوكتور ناجى مەئرۇف «ئەجەم يۇرتلىرىغا نىسبەت بېرىلگەن ئەرەب ئالىملىرى» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ تاھىر بۇنداكانى ئۈستىدە توختىلىپ:«ئالىم ئەبۇ سەئىد ‹تەھبىر› كىتابىدا يېزىشىچە، ئەبۇ تاھىر(بۇنداكانى) ھىجرىيە 440-يىلى (مىلادىيە 1048—1049-يىللىرى) تۇغۇلغان، . . . تۇس، ئىسفاھان، مەرۋە، نىشافۇرلارغا بېرىپ ئىلىم ئۆگەنگەن. پەزىلەتلىك ئىمام، مۇنازىرىچى، مۇفتى بولۇپ يېتىشكەن. . . ھۈسەيىن ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئابدۇللا كاشغەرىيدىن ھەدىس ئۆگەنگەن »، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2006-يىللىق 2-سانى،66-بەت.

[5] ئالمائى — زېرەك دېگەن مەنىدە.

[6] بۇ كىتابنىڭ نامى بەزى مەنبەلەردە «مۇجەممە ئۇششاق» دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇ ھەقتە «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار» (ھاجى نۇر ھاجى يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىلى نەشرى، 400-بەت) ناملىق كىتابقا قاراڭ.

«ياخشى تىل»، «يامان تىل» دەپ بۆلۈشكە بولمايدۇ، ھەر بىر خەلق ئۆز تىلىنى ياخشى دەپ تونۇيدۇ، چۈنكى ئۇ شۇ تىلغا ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئۇلار ئۆز تىلىنىڭ ئۆز ھاجىتىدىن چىقالىشىغا ئىشىنىدۇ، شۇڭا تىللارنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇقچىلىقى يوق، ئادەمزاتنىڭ ھەممىسى بىردەك دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. بىرۇنىنىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى بۇ خىل كۆزقاراشلىرى شۇ دەۋردە بىر قىسىم ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەرەب تىلىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان كۆز قاراشلىرىنى رەت قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس ۋە تۈركىي تىللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە نەزەرىيەۋى ئاساس بولۇپ بەرگەن. شۇنى تەكىتلەشكە بولىدۇكى، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر يۇرتى خېلى ئۇزۇن زامانلار قاراخانىيلار خانلىقى تېررىتورىيەسىگە تەۋە بولغان.

**سەمەرقەندى** (يەنى مۇھەممەد بىننى ئەلى ئەل جاپپار ئەل كاتىب ئەل سەمەرقەندى): مەشھۇر سەمەرقەند تارىخچىسى بولۇپ، مەسئۇد بىننى ئەلى قىلىچ تاۋغاچ خان (مىلادىيە1156—1162)غا بېغىشلاپ «ئەرەزۇل سىياسەت فى ئەغدەرۇل رىياسەت» (دۆلەت سىياسىتىنىڭ ئاساسىي ئۆلچەملىرى) ناملىق ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە سۇلتان سەنجەر، قىلىچ تاۋغاچ خاننىڭ تەرجىمىھاللىرى ۋە بىر قاتار ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان.

**نەرشەخى، ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد بىننى جاپپار نەرشەخى** (؟—959): ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىسى بولۇپ، «بۇخارا تارىخى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

**ئەل ئىدرىسى، ئەبۇ سەئىد ئابدۇلراخمان بىننى مۇھەممەد ئەل ئىدرىسى** (؟—1015): «قەندىيە» (تولۇق ئىسمى «كىتابۇل قەندخى تارىخ سەمەرقەند») ناملىق ئەسەر يېزىپ چىققان.

بۇ چاغدا ماۋرائۇننەھر رايونلىرىدىن رەشىدى، ئەمىر ئەمئەق، نەجىبى فەرغانى، نەجفار ساغىرچى، ئەلى بانىزى، پىسەر دەرغۇش، پىسەر ئىسفىراينى، ئەلى سىپەھرى[1] ۋە سوزان سەمەرقەند (؟—1173) قاتارلىق شائىرلار يېتىشىپ چىققان.

رىۋايەتلەردە رابىيە كاشغەرىي دېگەن شائىرەنىڭ ئۆتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ[2].

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قاغانلىرىدىن سۇتۇق بۇغراخان (مىلادىيە ؟ 888— 956-يىللاردا ياشىغان) مۇ قەلەمكەشلەردىن ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىرقانچە پارچە تەزكىرە خاراكتېرىدىكى تارىخىي كىتابلارنى يېزىپ چىققان[3].

**بۇغراخان ھەسەن، يەنى ھارۇن:** سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئەدەبىياتخۇمار كىشى ئىدى. موللا ھاجى «تەزكىرەئى بۇغراخان»دا ئۇنىڭ ئېيتقان بىرمۇنچە نەزملىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ نەزملەرنى ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە ئىككى تىلدا ئېيتقان.

**ئەلى ئارسلانخان:** بۇ كىشىمۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن يەنى خانلىقنىڭ ھەربىي قوماندانلىرىدىن ئىدى. ئۇ شېئىر ئوقۇشقا ماھىر بولغان بولۇپ، «تەزكىرەئى بۇغراخان»دا شېئىرلىرىدىن ئۆرنەكلەر بېرىلگەن.

**يۇسۇف قادىرخان** (مىلادىيە 1024 —1032-يىلىغىچە خانلىق سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان): قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خانلىرىدىن، يەنى ھەسەن (بۇغراخان)نىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئۇرۇش مەيدانلىرىغا نەزم ئوقۇپ كىرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. يۇسۇف

[1] نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى: «چاھار ماقالە»، بارات رەجەپ تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىلى نەشرى89-بەت.

[2] «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى»، 3-قىسىم، غ. ئوسمان تەييارلىغان، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998-يىلى نەشرى.

[3] ئابدۇرېھىم سابىت: «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئىسلام دىنى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»1989-يىلى 2-سان؛ سۇتۇق بۇغراخان مىلادىيە 930—956-يىللىرى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان.

قادىرخاننىڭ بىر قانچە مىسرا شېئىرى «تەزكىرەئى بۇغراخان»غا كىرگۈزۈلگەن.
نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى ئەمىر ئىسمائىل سامانىي، خەزەر بىننى ئىبراھىم قاتارلىق بىرمۇنچە ھۆكۈمدارلارنى ۋە ئۇلار ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان يۈزلىگەن پەيلاسوپ، ئاسترونوم، يازغۇچى، شائىرلارنى ۋە تېبابەت ئاتاسىغۇنلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.
بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر مىسالنى سۆزلەپ ئۆتىمىز. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى خەزەر بىننى ئىبراھىم (1079—1081ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) سەمەرقەندتىكى ئوردىسىدا ھەردائىم شائىرلارنىڭ شېئىر مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈپ، تالانتلىق شائىرلارنى مۇكاپاتلاپ تۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شېئىر مۇسابىقىسىدە خەزەر بىننى ئىبراھىم بىر شائىردىن «سەن ئابدۇسەئىد رەشىدنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە قانداق پىكىردىسەن» دەپ سوراپتۇ. ئۇ شائىر «رەشىدنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى ياخشى ۋە راۋان يېزىلغان. ئەمما سەل تۇزى كەمرەك» دەپ جاۋاب بەرگەن.
قاغان شائىرلارنى بەس ـ مۇنازىرىگە سېلىپ قويماق بولۇپ، يەنە باشقا بىر شائىردىن «رەشىدنىڭ شېئىرلىرى قانداق» دەپ سورىغان. ئۇ شائىر «ياخشى، ئەمما تۇزسىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ چاغدا قاغان شائىر رەشىدكە «سەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر ـ ئىككى بېيىت ئېيتقىن» دېگەن. شائىر رەشىد مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

*مېنىڭ شېئىرلىرىمنى تۇزى يوقلۇقىدا ئەيىبكە بۇيرۇدۇڭ، راستتۇر، بى گۇمان،*
*شېئىرلىرىم شېكەر، ھەسەلگە ئوخشايدۇ، ھەسەل بىلەن شېكەردە تۇز بولسا يامان!*
*سېنىڭ چامغۇرۇڭ، ئوت ـ چۆپۈڭ ئوخشاش، دېمەك سەن ئۈچۈن كېرەك تۇز، ئەي نادان.*

بۇ شېئىر قاغانغا ياققان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر بىرىگە 250 دىنار قويۇلغان تۆت پەتنۇستىكى 1000 دىنار (تىللا)نى شائىر رەشىدكە بېرىشكە بۇيرۇغان. شائىر رەشىد ئوقۇغان شېئىردا قاغاننى ماختىغان ئەمەس، پەقەت قاغان شائىرنىڭ تالانتىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى تارتۇقلىغان.
بىز بۇ تارىخىي مەلۇماتتىن مۇنداق ئىككى مەسىلىنى بىلىۋالالايمىز: بىرى، قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى ۋە خانلىق ئوردا ئەدەبىيات ئەھلىگە ئېتىبار بىلەن قارىغان. يەنە بىرى، شۇ دەۋردە رەشىد دېگەن داڭلىق شائىر ئۆتكەن.
قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىلمىي خادىملار ئۇيغۇر تىلىنى ئىجادىيەت قورالى قىلىشتىن باشقا، ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ قوللانغان. ئەبۇ ناسىر ئىبنى مۇھەممەد ئەسسائالىبىن (961—1038)نىڭ «يەتىمە تەددەھرفى مەھاسىن ئەھلىل ئەسىر» (ئەسىرىمىز ئەھلىنىڭ پازىللىرى ھەققىدە يېگانە دۇردانىلەر) ناملىق ئەسىرىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىن چىققان 124 نەپەر شائىر ۋە يازغۇچى، تەزكىرىچىلەرنىڭ ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغانلىقى ئېيتىلغان ھەمدە ئۇلاردىن مىساللار كەلتۈرۈلگەن.
قاراخانىيلار خانلىقى ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدا بارلىققا كەلگەن بىر يەرلىك ھاكىمىيەت بولۇپ، ئۇ غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشقان.

# §2. ئەبۇ ناسىر فارابى

**1. فارابىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى**

فارابى (ئەبۇ ناسىر فارابى، 870 — 950) ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى ۋە ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئورنى، رولىنى بىلىش تارىخىدا، پلاتون، ئارستوتېللاردىن كېيىن بىر پۈتۈن پەلسەپە سىستېمىسى ياراتقان يىرىك مۇتەپەككۇر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا

قاموس ئەسەرلىرى بىلەن دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان ئېنسىكلوپېدىك ئالىم. ئارستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن سالاھىيىتى بىلەن پانتىزم (تەڭرى بىلەن تەبىئەتنى بىردەك دەپ قاراش) پەلسەپىسىنى يارىتىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە يول ئېچىپ بەرگەن پەيلاسوپ، غايىۋى جەمئىيەت پرىنسىپلىرى ۋە پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى تەلىماتى بىلەن ئۆزىدىن كېيىنكى مۇتەپەككۇرلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسىگە نەزەرىيەۋى ئاساس سېلىپ بەرگەن بۈيۈك ئىدېئولوگ.

فارابى پەلسەپىۋى بىلىش تارىخىدا ناتۇرال (تەبىئەتنى ئاساس قىلىش) پانتىزملىق پەلسەپە سىستېمىسىنى ياراتقان. فارابى ئۆزىنىڭ ناتۇرال پانتىزملىق دۇنيا قارىشىنى تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيەسى ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئەينى زامان ئىلىم- پېنىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە — تىلشۇناسلىق، لوگىكا، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، فىزىكا، جانلىق تەبىئەت، تېبابەتچىلىك، جۈملىدىن ئەدەبىيات- سەنئەتشۇناسلىق ساھەلىرىدە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قالدۇرغان.

فارابىنىڭ ئىلغار ناتۇرال پانتىزملىق، راتسىيونالىزملىق ئەقىلنى ئاساس قىلىش ۋە گۇمانىزملىق قاراشلىرى ئەينى زامان ۋە كېيىنكى زاماندىكى ئىلغار مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار ۋە ئەدىبلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدىيەۋى مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىققان تۇنجى گىرېك- رىم ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، تونۇلغان ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىيات- سەنئەت نەزەرىيەچىسى، مۇزىكشۇناس ۋە شائىردۇر.

ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرىيىتىدە ئۆزىگە خاس تەلىمات ياراتقان ۋە «قەدىمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى» (ك. ماركس) ئارستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازانغان فارابىنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتشۇناسلىق قاراشلىرى، شېئىرىيەت ۋە مۇزىكا توغرىسىدىكى ئېستېتىكىلىق تەلىماتلىرى خاس ئېما سۈپىتىدە يېتەرلىك دەرىجىدە مۇلاھىزە قىلىنىشقا تېگىشلىك. روشەنكى فارابىنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى ھەققىدىكى قىممەتلىك ئەسەرلىرى، ئەينى زامان ۋە ئىسلام شەرقىدە ئارستوتېلدىن كېيىنكى پوئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق چۈشەنچىلەرنىڭ نوپۇزلۇق دەستۇرى ھېسابلانغانىدى.

فارابىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد ئىبنى تارقان ئىبنى ئۇزلۇق ئەل فارابى بولۇپ[①]، ئۇنىڭ ئۆز ئېتى مۇھەممەد فارابى ئىدى.

فارابى ھىجرىيەنىڭ تەخمىنەن 259- يىلى (مىلادىيەنىڭ 870- يىلى) سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بولغان بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار، ئوتراركەنت، جەۋھەر) شەھىرىنىڭ ۋاسىج ھەربىي قەلئەسىدە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيەنىڭ 339- يىلى (مىلادىيەنىڭ 950- يىلى) ماھى رەجەپتە (12- ئايدا) سۈرىيەنىڭ دەمەشىق شەھرىدە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. فارابى نەسەب جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان توققۇز ئۇيغۇر- قارلۇق ئېتنىك گۇرۇھىغا تەئەللۇق ئىدى. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئەينى زامان ئەرەب ساياھەتچىلىرى تەرىپىدىن بىردەك «توققۇز ئوغۇز» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىنگەن.

فارابىنىڭ يۇرتى ئۇيغۇر- قارلۇق قاتارلىق توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئەرەب

① ئەل فارابى: «پلاتون پەلسەپىسى»، چېڭ جىمىڭ تەرجىمىسى (阿尔法拉比著《柏拉图哲学》)، 5- بەت، خۇادوڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006- يىلى خەنزۇچە نەشرى، شاڭخەي.

ئىستېلاچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن قاراخانىيلارنىڭ سىر دەريا ـ يەتتىسۇ ئارىلىقىدىكى مۇھىم قارارگاھلىرىدىن بىرى بولغان. فارابىنىڭ دادىسى مانا شۇ قارارگاھلار خانلىقى پادىشاھلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن ئىدى.

تۇنجى قاراخانىيلار خانى بىلگە كۆل باھادىر قىدىرخان بىلەن سامانىي شاھى نوھ ئىبنى ئەسئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىسپىجابنى تالىشىش جېڭىگە فارابىنىڭ بوۋىسى ئۆزلۇق قاتناشقان. ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد سامانىينىڭ 893 ـ يىلى باھار پەسلىدە تالاس ـ بالاساغۇنغا قىلغان كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمى ۋاقتىدا فارابىنىڭ دادىسى تارقان ئوغۇلچاق قىدىرخانىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىسمائىل سامانىي تالاستىن چۇ دەرياسىغىچە بولغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك جايلارنى ئىگىلىۋالدى. فاراب شەھىرى شۇ قاتاردا سامانىيلار قولىغا ئۆتتى. بۇ جايلاردىكى 15 مىڭ كىشى («ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» دا 10 مىڭ كىشى دېيىلگەن) ئەسىر سۈپىتىدە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. وغۇلچاق قىدىرخان كاشغەر (ئوردا كەنت)غىچە چېكىندى. بۇ ھال فارابى ۋە كۆپلىگەن توققۇز ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىدىكى خاقانىيە ئاھالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى.

قاراخانىيلار بىلەن سامانىيلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قاراخانىيلار مۇسۇلمانلاشقاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى «قولدىن كەتكەن ماكانىنى قايتۇرۇۋېلىش» يولىدىن كۆپ قېتىم سامانىيلارغا ھۇجۇم قوزغىدى. ئاقىۋەتتە سامانىيلار قاراخانىيلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يەتتىسۇ رايونى ۋە ماۋرائۇننەھر رايونلىرى قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىسمى بولۇپ قالدى.

فارابىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكەن. ئۇ ئۇيغۇر ـ قارلۇق يېزىقى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆگەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى توققۇز ئۇيغۇر تىلى سۈپىتىدە پۈتۈن تۈركىي تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە مائارىپىنىڭ ئۈلگى ھېسابلىناتتى. كېيىنچە فارابى تاجىك ـ پارس تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. بۇ چاغدا شەكىللەنگەن پارس ئەدەبىي تىلى پېرسىيە ئاخمانىيلار سۇلالىسىنىڭ شۆھرەتلىك شاھى «دارا» (دەرى)نىڭ نامى بىلەن «دارا تىلى» دەپ ئاتالغانىدى. ئىسلام شەرقىدە ئەرەب تىلى، «دارا» نامىدىكى پارس تىلى، «خاقانىيە» نامىدىكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي ئەدەبىي تىلى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۈچ ئاساسلىق ۋاستىسىگە ئايلانغانىدى.

فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چېغىدا گىراماتىكا، ئېستېتىكا، ئەخلاق، مۇزىكا، ماتېماتىكا، فىزىكا، ئاسترونومىيە پەنلىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. مەرۋى ئىلمىي گۇرۇھىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىغا مايىل ئىدى. فارابى ھاياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن 30 يىلى فارابى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولۇپ قالدى.

فارابى تەخمىنەن 30 ياش ئەتراپىدىكى يېتىلىش دەۋرىدە، يەنى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەينى زامان ئىسلام شەرقىدە كۆتۈرۈلگەن ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەت ئويغىنىش (رېنسانس ) ئوچىقى — باغدادقا كەلدى. فارابى ئەبۇ بەكرى ئىبنى سىرامىدىندىن ئەرەب تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. ئارقىدىنلا باغدادتا ياشايدىغان مەشھۇر خىرىستىيان ئالىمى ئەبەبەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇستىن گىرېك تىلى، لوگىكا ۋە تېبابەتچىلىك پەنلىرىنى زوقلىنىپ ئۆگەندى.

فارابى داۋاملىق ئۆگىنىش نىيىتىدە باغدادتىن ھەرران شەھىرىگە كەلدى. ئۇ ئاتاقلىق خىرىستىيان ئالىمى يۇھەننا بىننى ھەيلان جىلەدىن لوگىكا، ئارستوتېل پەلسەپىسى، ماتېماتىكا، تېبابەتچىلىك ۋە پىفاگور مۇزىكىسىغا ئائىت تەلىماتلارنى ئالغان.

فارابى تەخمىنەن 921—922 ـ يىللىرى ھەرراندىن باغدادقا كەلدى. ئۇ 10 ـ ئەسىرنىڭ 20—30 ـ يىللىرى باغدادتا شەرقنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپى سۈپىتىدە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ باردى.

ئۇنىڭ بىر قاتار مۇھىم ئەسەرلىرى شۇ يەردە يېزىلغان.

فارابى 941 ـ يىلى باغدادتىن ھەلەپ (شام) شەھىرىگە، ئۇ يەردىن دەمەشىققە كەلگەن. 943 ـ يىلى دەمەشىقتە شىمالىي سۇرىيە ھۆكۈمرانى ھەمەدانى سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى سەيپۇل دەۋلە (915—967) فارابىنى ئۇستاز تۇتقان، ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلغان، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى تەمىنلىگەن.

فارابى 948 ـ يىلى دەمەشىقتىن مىسىرغا بېرىپ ئىلمىي يىغىلىشلاردا لېكسىيە ئوقۇپ، زور ھۆرمەتكە مۇيەسسەر بولۇپ، 949 ـ يىلى دەمەشىققە قايتىپ كەلگەن. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن دەمەشىقتە 10 يىلچە ياشىدى. بۇ ئالىمنىڭ ئاخىرقى تەۋەررۇك دەۋرى ئىدى.

مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، فارابى باغدادتىن ھەلەپ شەھىرىگە بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆز يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر قېتىم كېلىپ قايتقان. ئۇ چاغدا بۇخارادا مەنسۇر ئىبنى نوھ باشچىلىقىدىكى سامانىيلار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. فارابى مەنسۇر ئىبنى نوھنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئىككىنچى تەلىمات» ( ئەتتەلىمات ئەسسانى ) دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان.

فارابى 950 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دەمەشىقنىڭ سىرتىدا بىر قىسىم قوراللىق باندىتلار تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان. ئۇنىڭ جەسىتىنى سەيپۇل دەۋلە دەمەشىق شەھىرىنىڭ «بەبەس سىغىر» ناملىق دەرۋازىسى يېنىدىكى سېپىل تۈۋىگە دەپنە قىلدۇرغان[①].

فارابى 160 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى قاراشلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

فارابىنىڭ ئىجادىيىتى كۆپ خىللىقتا، كۆپ تەرەپلىمىلىككە ۋە كەڭ دائىرىلىككە ئىگە. ۋ ئالىم، پەيلاسوپ بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، تەبىئەت، جەمئىيەت، ئالەم، ئىنسان ۋە سەنئەت توغرىسىدا نۇرغۇن ئىجادىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇ بىر ئەدىب، شائىر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدىكى نەزەرىيەلەرنى، پەلسەپىۋىلىككە ئىگە شېئىرلارنى يازدى. جامائەت ئەربابى، يازغۇچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاق تەشەببۇس قىلىنغان نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرنى يازدى.

فارابى يازغان 160 پارچە ئەسەر[②] نى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1 ـ تۈردىكى ئەسەرلەر: بۇ ئۇنىڭ ئارىستوتېل، پىتولمى قاتارلىق گىرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە يازغان شەرھىنامىلەر ۋە تەپسىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 ـ تۈردىكى ئەسەرلەر: بۇ ئۇنىڭ خاس ئۆزى ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى بولۇپ، پەلسەپە، لوگىكا، تەبىئەت ئىلمىگە ئائىت كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 ـ تۈردىكى ئەسەرلەر: بۇ ئۇنىڭ تىل، ئەدەبىيات، سەنئەتكە ئائىت ئەسەرلىرى بولۇپ، ھەرپ، تەلەپپۇز، شېئىر، قاپىيە، ۋەزىن، تەقلىد، بەدىئىي ئىستېدات، لۇغەت، شېئىرىي تىل ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4 ـ تۈردىكى ئەسەرلەر: بۇ ئۇنىڭ نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان ئىجتىمائىي ئەخلاق ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «كىتاب ئارەئى ئەھلۇل مەدىنەتۇل فەزىلە» (پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرى ھەققىدە كىتاب) بۇ تۈردىكى ئەسەرلەرنىڭ نەمۇنىسىدۇر.

5 ـ تۈردىكى ئەسەرلەر: بۇ ئۇنىڭ خاس ئەدەبىي ئىجادىيىتى بولۇپ، شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

---

① چېڭ جىمىڭ: «ئەل فارابى ۋە پلاتون» (程志敏著«阿尔法拉比与柏拉图») 39 ـ بەت، خۇادوڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2008 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، شاڭخەي.

② «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە تارىخى»، شياۋ ۋەنيۈەن قاتارلىقلار مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان(«中国少数民族哲学史»肖万源等主编)، 939 ـ بەت، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

## 2. فارابىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسى ھەققىدىكى قاراشلىرى

فارابى سەنئەتنى تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ بىرى، تەپەككۇرنى ئىنسانىنىڭ باشقا جانلىق تەبىئەت سەمەرىلىرى، جۈملىدىن ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان بەلگىسى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «شەرھ كىتاب ئىساغۇجى فى فارفىرىيوس» (فارفىرنىڭ ئىساگوكى ناملىق كىتابىغا يېشىم) ناملىق ئەسىرىدە ئىنسانىنىڭ مىنېراللار، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلاردىن كېيىنكى تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «ھايۋان ئۇچۇن سەزگۈ ئاتالغۇسى ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھايۋان ئوزۇقلىنىدىغان ۋە سېزىدىغان جىسىمدۇر»، «شۇنداق قىلىپ بىز جاۋاب تاپتۇقكى، ئىنسان ئوزۇقلىنىدىغان، سەزگۈ ۋە ئەقىلگە ئىگە جىسىمدۇر. بۇ جاۋاب ئىنسانغا مۇۋاپىق ھەم ئۇنىڭغا تەڭداش قىممەتكە ئىگە بولغان چۈشەنچىدىن ئىبارەت» دەپ يازىدۇ. فارابى «فۇسۇسۇل ھېكمەت» (ھېكمەت مەنبەلىرى) ناملىق ئەسىرىدە: ئىنسان نۇتۇق ۋە تەپەككۇر شاراپىتىدىن ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ. «ئىنسان ئەقىل ۋە سەزگۈ ۋاستىسى بىلەن بىلىم ھاسىل قىلىدۇ. سەزگۈلەر ياردىمى بىلەن ھېسسىي ئوبرازلار جىلۋىلىنىدۇ. ھېسسىي ئوبرازلار ياردىمى بىلەن تەپەككۇر ئوبرازلىرى (مەقۇلاتلار) ھاسىل بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى ئىنسانىنىڭ بىلىش خاراكتېرىدىكى مەنىۋى ئىقتىدارىنى تۇغما، تەبىئىي ئىقتىدار دەپ ئىزاھلاش بىلەن بىللە، بىلىش جەريانلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە بىلىشتىن ھاسىل بولغان بىلىمنى ئېرىشىلگەن نەتىجە دەپ چۈشەندۈرگەن.

فارابى بىلىش جەريانلىرىنى ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي تەپەككۇرغىچە بولغان ئىككى ئاساسىي باسقۇچقا ئاجراتقان. ئۇ «فۇسۇسۇل ھېكمەت» ۋە «كىتاب ئارەئى ئەھلۇل مەدىنەتۇل فەزىلە» (پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرى ھەققىدە كىتاب) ناملىق ئەسەرلىرىدە تاشقى سەزگۈ ئىقتىدارلىرى بىلەن ئىچكى روھىي ئىقتىدارلار توغرىسىدا كەڭ توختالغان. ئۇ «ئىنسان روھىنىڭ بۆلەكلىرى ۋە ئىقتىدارلىرى» ناملىق بابىدا: «ئىنساندا ئۇنىڭ دەسلەپكى ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەنلا ئوزۇقلاندۇرغۇچى قۇۋۋەت پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ياردىمىدە ئىنسان ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەزگۈ ئارقىلىق سېزىش ئىقتىدارلىرى پەيدا بولىدۇ»، «ئۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق ئىقتىدار ۋۇجۇدقا كېلىدۇكى، ئۇ سېزىلىۋاتقان نەرسىگە نىسبەتەن ئىنساننى جەلپ قىلىدۇ ياكى يىراقلاشتۇرۇپ، ئىنساندا مايىللىق ياكى نەپرەت، يىرگىنچ تۇغدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق ئىقتىدار بولىدۇكى، ئۇنىڭ ياردىمىدە ئىنسان ئىلگىرى سېزىۋالغان ۋە ھازىر ئۆز پائالىيىتىدىن تاشقىرىدا بولۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. بۇ خاتىرە ئىقتىدارىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن زاھىر بولۇپ تۇرغان سەزگۈلەر ئۆز ئىزىدىن غايىب بولىدۇ. مانا بۇ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىدۇر.. ئەڭ ئاخىرىدا ئىنساندا تەپەككۇر ئىقتىدارى يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ ياردىمىدە ئىنسان ئوبيېكتلىرىغا نىسبەتەن ئەقلىي چۈشەنچىگە ئېرىشىپ، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنى پەرقلەندۈرۈپ، سەنئەت ۋە پەن توغرىسىدىكى بىلىملەرگە ئىگە بولىدۇ»[1] دەپ بايان قىلىدۇ.

فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىدا ئۇنىڭ خاتىرە ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ بىلىش جەريانىدىكى ئورنى ۋە رولى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ خاتىرە بىلەن تەسەۋۋۇرنى ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىكى ئىقتىدار ۋە بىلىش ئاملى سۈپىتىدە ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈشنىڭ شەرتى ۋە كۆۋرۈكى ھېسابلىغان. فارابى ئۆزىنىڭ «فۇسۇسۇل ھېكمەت» ناملىق ئەسىرىدە بۇ خىل

[1] فارابى: «پەلسەپىلىك رىسالىلەر»، 1972 ـ يىلى، ئالمۇتا.

ئىچكى روھىي ئىقتىدارلار ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇلار شەيئىلەردىن ئېلىنغان ئوبرازلارنى بېلىقچىنىڭ توردەك تۇتۇۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئوبراز ساقلاپ قالىدىغان ئىقتىدار — قۇۋۋەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قۇۋۋەت مېڭىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا جايلاشقان. ھېس قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئوبرازلىرى ئۇنىڭدا سەزگۈ ئىقتىدارلىرىسىزمۇ ساقلانغان بولىدۇ»[①] دەپ يازغان.

فارابى ئۆزىنىڭ «كىتابۇ شېئىر» (شېئىرىيەت ھەققىدە) ناملىق ئەسىرىدە تەسەۋۋۇرنى بىۋاسىتە تەسەۋۋۇر ۋە ۋاسىتىلىك تەسەۋۋۇرغا ئاجرىتىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىر نەرسە بىرەر نەرسىگە بىۋاسىتە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ نەرسە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ ياكى بولمىسا بىر ياكى ئىككى ۋاسىتىچى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. بۇ ئوخشىتىلغان نەرسىگە بىلدۈرۈلگەن مۇلاھىزىگە كۆرە شۇنداق بولىدۇ». فارابى نەرسىنىڭ ئەسلىگە يىراق بولغان نەرسە ئارقىلىق تەسەۋۋۇر ۋە ئوخشىتىش ئۇيۇشتۇرۇشنى ئالاھىدە ماھارەت ھېسابلىغان.

فارابى تەسەۋۋۇرنى تەقلىدىي خاراكتېرلىك ۋە ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەسەۋۋۇر ۋە ۋاسىتىلىك تەسەۋۋۇر ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىنىڭ داۋامىنى تەشكىل قىلغان. ئۇ يۇقىرىقى ئەسىرىدە تەقلىدىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇرنى «شەيئىلەرنى شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىدە تەسەۋۋۇر قىلىش» دەپ كۆرسەتسە، ئىجادىي خاراكتېردىكى قوشما تەسەۋۋۇرنى «شەيئىلەرنى باشقا شەيئىدە تەسەۋۋۇر قىلىش» دەپ كۆرسىتىدۇ.

فارابى كىشىدە تەسەۋۋۇرنى ئويغىتىدىغان ۋە ئۇنىڭ سۈپەت - خۇسۇسىيەتلىرىنى بەلگىلەيدىغان سەۋەبلەر جۈملىسىگە ئىلگىرىكى تەسىرات خاراكتېرلىرىنىڭ قوزغىلىشىنى، تەسەۋۋۇر قىلغۇچىنىڭ ئەندىشىسى ۋە بىلىم دەرىجىسىنى كىرگۈزگەن. ئۇ يۇقىرىقى ئەسىرىدە: «ئەگەر كىشى بىرەر نەرسىگە نەزەر سالسا، ئۇ نەرسە خۇش كۆرمەيدىغان نەرسىگە ئوخشاپ كەتسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ياقتۇرماسلىق ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ... ۋاھالەنكى، بۇ نەرسە ئەسلىدە تەسەۋۋۇر قىلغاندەك يامان نەرسە بولماسلىقى مۇمكىن... بۇلار كۆپىنچە ھاللاردا ئىنساننىڭ خىياللىرىغا باغلىق بولىدۇ. بۇلار ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلىم ياكى ئەندىشىسىگە باغلىق بولىدۇ» دەيدۇ.

فارابى تەسەۋۋۇرنىڭ بىلىشتىكى ئورنى ۋە پەن، سەنئەت، رىتورىكا (ناتىقشۇناسلىق)، سوفىستىكا (سەپسەتە) دىكى رولى ھەققىدىمۇ توختالغان. فارابىنىڭ قارىشىچە، ھېسسىي بىلىش ئىقتىدارى ھېسابلانغان تەسەۋۋۇر — ھەقىقەتنى بىلىش جەريانىدىكى مۇھىم بىر ئامىل. بىراق تەسەۋۋۇرنىڭ نوقۇل ئۆزىلا ئەقلىي بىلىش سالاھىيىتىگە، ھەقىقەتلىك قىممەتكە ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭسىز پەن، سەنئەت، رىتورىكا ئىلىملىرىنىڭ، جۈملىدىن ھەقىقەتنى سۈيىئىستېمال قىلىدىغان سەپسەتىۋازلىقنىڭ ئىش ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ «رىسالەفى قانۇن سىنائەتئەششېئىر» (شېئىرىيەت سەنئىتى قانۇنلىرى توغرىسىدىكى رىسالە) ناملىق ئەسىرىدە سوفىست بىلەن سەنئەتچىنىڭ (تەقلىدچىنىڭ) پەرقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سوفىست بىلەن تەقلىدچىنىڭ مەقسىتى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. سوفىست ئاڭلىغۇچىلارنى غەپلەتكە ئۈندەپ، ھەقىقەتكە توغرا كەلمەيدىغان نۇقسانلىق تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ. ئۇ ھەتتا يوقنى بار، بارنى يوق دەپ تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ. ئەمما تەقلىدچى شەيئىلەر تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەكسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان تەسەۋۋۇرنى شەكىللەندۈرىدۇ». فارابى بۇ يەردە يېڭى پلاتونىزم، ئىسلام كالامىزمى بىلەن خىرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىرى تەرغىب قىلغان «ھېس - تۇيغۇ ۋە تەسەۋۋۇر ئادىششىش ۋە گۇناھنىڭ يىلتىزى» دېگەن ئەقىدىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە

---

① م. خەيرۇللايوف: «ئويغىنىش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى».

رېئالىستىك ئىسەنئەتنىڭ قانۇنىي ئۆزنىغا ھامىيلىق قىلىدۇ. ئۇ «كىتابۇشىئىر» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىسپاتلاشتا، ئىلمىي توپىكىدا (مۇنازىرە سەنئىتىدە) ئىككىلىنىدۇرۇش، رېتورىكىدا (ناتىقشۇناسلىقتا) ئىشەندۇرۇش قانچىلىك ئەھمىيەتلىك بولسا، شېئىرىيەتتە تەسەۋۋۇر شۇنداق زۆرۈر بولىدۇ» دەيدۇ. «رىسالەفى قانۇن سىنائەتئەششېئىر» (شېئىرىيەت سەنئىتى قانۇنلىرى توغرىسىدا رىسالە) ناملىق ئەسىرىدە: «ئوخشىتىش شېئىرىيەت سەنئىتىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن روشەنكى، شېئىرىي مۇھاكىمە ئوخشىتىش دېمەكتۇر» دەيدۇ.

1. فارابى: بەدىئىي ئىستېداد توغرىسىدا

فارابى ئىجادىيەتتىكى تەقلىد قىلىش ماھارىتىنى سەنئەتچىنىڭ ئىجادىيەت ئىستېداتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغان. فارابى ئۆزىنىڭ «رىسالەفى قانۇن سىنائەتئەششېئىر» ناملىق ئەسىرىدە بەدىئىي تالانت ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئەمدى بىز سىزگە ئېيتساق، شائىرلار چىندىن تۇغما قابىلىيەتلىك ۋە شېئىر يېزىشقا تەييار تەبىئەتلىك بولىدۇ. ئۇلاردا ئوخشىتىش ۋە تەمسىللەش لاياقەتلىرى ياخشى ئىشلەيدۇ».

فارابى بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى قابىلىيەتنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇنىڭ تەقلىد قىلىش ۋە ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق قايتا ئىپادىلەشتە گەۋدىلىنىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ. فارابىچە، تۇغما قابىلىيەت ئەقلىي پائالىيەت بىلەن بولۇپمۇ ئۆگىنىش ۋە بىلىم بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم بولىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «لېكىن بۇ خىلدىكى شائىرلار شېئىرىيەت سەنئىتىدىن يېتەرلىك خەۋەردار بولۇۋەرمەيدۇ، بەلكى ئۇلار تۇغما قابىلىيەتلىرىنىڭ سازلىقى بىلەنلا قانائەتلىنىدۇ. ئۇلار يېتەرلىك ھازىرلىقلار ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بارمايدۇ. مۇنداق شائىرلار ھەقىقىي پىكىر يۈرگۈزگۈچى شائىرلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلاردا شېئىر سەنئىتىنى ئۆگىنىشكە لازىملىق بولغان كامالەت يېتىشمەيدۇ».

فارابىچە، «شائىرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۇغما قابىلىيەتلىك شائىر» بولۇش ئاساسىدىكى «كامالەتلىك»، «پىكىر يۈرگۈزگۈچى»، «مۇلاھىزىكار» شائىردىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭچە، «بۇ خىل شائىرلار ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك شائىر دەپ ئاتىلىشقا لايىق» بولىدۇ.

فارابى يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل شائىرلاردىن باشقا ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە تەقلىد قىلغۇچى ئۈچىنچى خىلدىكى شائىرلار ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنى ئۆلۈك تەقلىد قىلغۇچى ـ يادلىغۇچى، «يولدىن ئاداشقۇچى ۋە تايغۇچى» شائىرلار دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى كېڭەيتىپ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بەزەن شۇنداق ئەھۋاللارمۇ بولىدۇكى، شېئىر سەنئىتىدە ئەڭ ئارقىدا قالغان شائىر يۇقىرى سۈپەتلىك ئاجايىپ شېئىر يارىتىشى ھەتتا بۇ ساھەنىڭ دائىرىلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەن شېئىر يازماسلىقى مۇمكىن. بىراق بەزىدە بۇنىڭغا ئامەت ۋە تاسادىپىنىڭ توغرا كېلىپ قېلىشى سەۋەب بولغان. شۇنداقتىمۇ، ئۇنداق ئادەم بۇ شېئىر بىلەن مۇلاھىزىكار شائىر دېگەن نامغا ئىگە بولالمايدۇ».

فارابى بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى كامالەت، ئۇنىڭ شەرتى ھەم ئۆلچەملىرى مەسىلىسىدە قىممەتلىك مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزگەن. ئۇ: «شائىرلارنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتتىكى ئەھۋالى كامالەتكە يېتىشكەن ۋە يېتىشمىگەنلىكى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ياكى غايە، ياكى ماۋزۇ جەھەتتىن شۇنداق بولىدۇ» دەيدۇ. فارابى غايە جەھەتتىكى شەرتلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ئەخلاقىي ۋە روھىي كەيپىيات جەھەتتىكى مەنىۋى ھالەتنىڭ سەنئەتچىگە بولغان سەلبىي چۈشكۈنلەشتۈرۈش تەسىرىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ: «ياكى شائىر مۇنداق سەلبىي روھىي ھالەتلەردىن ئۈستۈن كېلىدۇ، ياكى بەزىدە ئۆزى ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغانلىقى تۈپەيلى چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ پەسىيىپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى ماۋزۇ جەھەتتىكى شەرتلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ماۋزۇ كاتېگورىيەسىنىڭ

ئۆزىكى سۈپىتىدىكى ئوخشىتىشنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ: «شائىرنىڭ تولغان ياكى تولمىغانلىقى ھەققىدىكى مۇلاھىزە مۇشۇ ئوخشىتىشنىڭ ھەقىقەتكە يېقىن ياكى يىراقلىقىغا باغلىق» دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابىنىڭ بۇ يەردە «ھەقىقەت» ئىبارىسىنى قوللانغانلىقى دىققەتكە سازاۋەر.

فارابى: ئوخشىتىشنىڭ ھەقىقەتكە «يېقىن ياكى مۇناسىپ بولمىقى ماۋزۇغىمۇ، شۇنىڭدەك شائىرنىڭ بۇ سەنئەتتىكى ماھارىتىگىمۇ باغلىق بولىدۇ»، ھەتتا «ماھىر شائىر بىر-بىرىدىن يىراق بولغان ئىككى نەرسىنى مۇلاھىزىلەرنى ئاشۇرۇش (ۋاستىسى) بىلەن بىر-بىرىگە مۇۋاپىق قىلىپ ئىپادىلەيدۇ... بۇ شېئىرىيەتتە داڭ چىقىرىشتىكى زور بايلىق» دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى بۇ يەردە بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئوبيېكتىپ ئامىللار بىلەن سۇبيېكتىپ ئامىللارغا نەزەر تاشلىغان. ئۇنىڭ «مۇلاھىزىلەرنى ئارتتۇرۇش» ۋاستىسى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرى كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدۇ.

فارابى بەدىئىي ئىجادىيەتكە «مۇقەررەرلىك» ۋە «ئەركىنلىك» ئاساسىدا مۇئامىلە قىلغان. ئۇ شېئىرىي ئىجادىيەتنى مىسال قىلىپ، ئۆزى تىلغا ئالغان ئۈچ خىل شائىرنىڭ ھەممىسىلا ئىجادىيەتتە «تەبىئىيلىك ياكى مەجبۇرلۇقتىن خالىي بولالمايدۇ» دەيدۇ. ئۇ بۇنىڭغا مىسال قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بىر شائىر كۆپىنچە مەدھىيەگە ياكى ياخشى سۆز ئىشلىتىشكە تەبىئەتلىك بولسا، بەزى ۋەزىيەت ئۇنى ھەجۋىي ۋە باشقا خىلدىكى شېئىرلارنى يارىتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئېھتىيالىق، بىر شائىر شېئىرىيەت ژانىرلىرىنىڭ مەلۇم بىر تۈرىدە ئىجاد قىلىش سەنئىتىنى تاللىۋالغان ياكى ئۆزىمۇ شۇ خىلدىكى شېئىرلارنى يېزىشقا ئادەتلەنگەن بولسا، بەزى ھاللاردا ئۆزى تاللىۋالمىغان تۈردىمۇ شېئىر ئىجاد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ... بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن مەجبۇرىي يېزىلغان شېئىر بولىدۇ. مۇنداق مەجبۇرىيەت ئىچكى ياكى تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدۇ». روشەنكى، فارابى تەبىئىي، ئىختىيارىي ئىجادىيەت پىرىنسىپىغا ھامىيلىق قىلغان.

2. فارابى: بەدىئىي تەقلىد توغرىسىدا

مەلۇمكى، تەقلىدىيەت نەزەرىيەسى قەدىمكى زامان ئېستېتىك قاراشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ سەنئەتنى سەنئەتچىلىك رېئال ھادىسىلىرىگە تەقلىد قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن دېگەن ساددا رېئالىستىك كۆز قاراشقا ۋەكىللىك قىلاتتى. دېموكرىت (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 460—370-يىللار) بولۇپمۇ ئارىستوتېل سەنئەتنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى ۋە كۈچى تەقلىد قىلىش دەپ ئىزاھلىغانىدى. ئارىستوتېل پلاتون (ئەپلاتون)نىڭ سەنئەت «ئىدېئال چۈشەنچە»لەرنىڭ شولىسى ۋە ئىلاھىي روھقا قىلىنغان تەقلىد دەيدىغان ئىدېئالىستىك تەقلىدىيەت كۆز قارىشىغا قارشى ئۆزىنىڭ ماتېرىيالىستىك ئېستېتىك كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. فارابى ئارىستوتېلدىن كېيىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان يېڭى پلاتونىزملىق سەنئەت نېگىلىزمىغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا ماتېرىيالىستىك تېندېنسىيەدىكى تەقلىدىيەت نەزەرىيەسىنى بايان قىلىدۇ.

فارابى ئۆزىنىڭ «كىتابۇ شېئىر» ناملىق رىسالىسىدە «تەقلىدىيەتمۇ ياكى شەكىللىۋازلىقمۇ؟» دېگەن تەلەپپۇزدا ئۆز مۇھاكىمىسىنى باشلايدۇ. ئۇ «بىز شېئىرىيەتتىن خەۋەردار بولغان كۆپچىلىك خەلقلەرگە قارىغاندا ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتتە بېيىت قاپىيەلىرىگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز... بېيىتلاردىكى سۆزلەردىن چۈشىنىلىدىغان مەنىلەر شۇ سۆزدە ئىپادىلىنىۋاتقان نەرسە ۋە ھادىسىگە تەقلىد قىلىنغان بولۇشى لازىم» دەيدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «كۆپچىلىك شائىرلار ‹سۆزلەر مەلۇم تەرتىپتىكى بۆلەكلەرگە، مۇئەييەن تەڭداش ۋەزىنلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم› دەيدۇ، ئەمما ئۇلار بۇ شېئىرلار بىرەر نەرسىگە تەقلىد قىلىنىپ توقۇلغانمۇ يوقمۇ دېگەن مەسىلىگە ئېتىبار قىلىشمايدۇ»، «شېئىر بىرەر نەرسىگە

تەقلىد قىلىنغان سۆزلەردىن تەشكىل قىلىنىشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابىنىڭ سەنئەتنىڭ رېئاللىقتىكى ئىش-ھەرىكەتكە تەقلىد قىلىنىشى توغرىسىدىكى بۇ كۆز قارىشىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئەھمىيىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتى ئۆز-ئۆزىدىن روشەندۇر.

فارابى تەقلىد قىلىشنى ھەممە سەنئەت ژانىرلىرى ئۈچۈن ئورتاق خۇسۇسىيەت سۈپىتىدە ئىزاھلىغان. ئۇ «رىسالەفى قانۇن سىنائەتئەششېئىر» ناملىق ئەسىرىدە: «بىز يەنە شۇنداق ھېسابلايمىزكى، سەنئەت بىلەن نەققاشلىق، رەسساملىق سەنئىتى ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك باغلىنىش بولىدۇ. گەرچە بۇ ئىككىسىنىڭ سەنئەتتىكى ماتېرىياللىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما شەكلى، ئىجادىيىتى ۋە مەقسەتلىرىدە ئوخشاشلىق بولىدۇ... شېئىرىيەت سەنئىتىنى يېزەيدىغان نەرسە سۆز مۇلاھىزىلىرى بولسا، رەسساملىق سەنئىتىنى يېزەيدىغان نەرسە بوياقلار ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئىنسان تەسەۋۋۇرى ۋە سەزگۈلىرىدە تەقلىد قىلىشتىن ئىبارەت بىر مەقسەتكە يۈزلەنگەن بولىدۇ» دەپ يازىدۇ. فارابى بۇ ئىدىيەنى مۇنداق سۆز بىلەنمۇ ئىپادىلىگەن: «ئەمەلدە نېمە مەۋجۇت بولسا، شائىر ئۇنى شۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇ خۇددى ھەيكەلتىراش ئۇنى ئۆز ھەيكەلتىراشلىقى بىلەن، ھايۋانات تەقلىدچىسى ئۇنى ئۆز ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلىگەنگە، شاھماتچى جەڭ پائالىيىتىنى قايتا ئىشلەپ چىققانغا ئوخشايدۇ!»

فارابى: «نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىش ئىش-ھەرىكەت بىلەن قىلىنىدىغان تەقلىد ۋە سۆز بىلەن قىلىنىدىغان تەقلىد»كە بۆلۈنىدۇ؛ «ئىش-ھەرىكەت بىلەن قىلىنىدىغان تەقلىدنىڭ ئىككى تۈرى بولىدۇ: بىرى، ئىنساننىڭ ئۆز قولى بىلەن بىرەر نەرسىگە ئوخشايدىغان شەكىلنى ياساپ ياكى بىرسىنىڭ ئوبرازىنى ئىشلەپ، ئۇنى مۇئەييەن بىر كىشى ياكى نەرسىگە ئوخشاتماقچى بولۇشىدىن؛ يەنە بىرى بولسا، باشقا بىرەر كىشىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە ئوخشىشىغان ھەرىكەتتە بولۇشىدىن ئىبارەت»، «سۆز بىلەن قىلىنىدىغان تەقلىد ئۇنىڭ شۇ سۆزدە ئىپادىلىنىۋاتقان بىرەرسىگە ئوخشىتىلغان سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ياكى دېيىلگەن بولۇشىدۇر» دەيدۇ.

فارابى تەقلىدىيەت نەزەرىيەسىنى چىنلىق ۋە مۇمكىنلىك ئاساسىدا چۈشەندۇرگەن. «كىتابۇ شېئىر» ناملىق ماقالىسىدە «پەقەت تەقلىد بولۇشىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئارقىلىق تەقلىد قىلىنىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنىمۇ» سەنئەت تەقلىدىدە گەۋدىلەندۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. فارابىچە، بۇ ھال «كامالەتلىك شائىر»، «تەپەككۇر قىلغۇچى شائىر»لار ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم تەقلىدىيەت تەلىپى ئىدى.

3. فارابى: بەدىئىي ئوبراز توغرىسىدا

فارابى تەسەۋۋۇر مەسىلىسىنى ئوبراز مەسىلىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلغان. ئۇنىڭدا تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى پەقەت ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەنلا تەسەۋۋۇر خىياللىرىنى ھاسىل قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوبرازسىز تەسەۋۋۇرنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

فارابى ئوبراز ۋە ئۇنىڭدىن تەركىب تاپقان تەسەۋۋۇرنى تاشقى ئالەمدىكى نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ كىشىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشى ئاساسىدا چۈشەندۇرىدۇ. ئۇ «فۇسۇسۇل ھېكمەت» (ھېكمەت مەنىلىرى) ناملىق ئەسىرىدە: «كۆز — ئەينەكتۇر، ئۇنىڭدا شەيئىلەرنىڭ ئوبرازى ئەكس ئېتىدۇ... قۇلاق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان... ھاۋا دولقۇنلىرىدىكى ئاۋۇشنى ئاڭلايدۇ، قۇلاق سېزىمى... تاشقى تەسىرلىنىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ئۆزگىرىشنى سېزىشتۇر» دەيدۇ. ئۇ بىلىش جەريانىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىش مەسىلىسىنىمۇ تاشقى ئالەمدىكى بىلىش ئوبيېكتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاساسىدا ئىزاھلاپ، ئۆزىنىڭ «شەرھ كىتاب ئەلمە قۇلاتىل ئارستۇتالس ئەلەجىمە تۇت تەئىلق» (ئارستوتېلنىڭ كاتېگورىيە ناملىق كىتابىغا يېشىم) ناملىق

ئەسىرىدە: «سېزىلگۈچى نەرسە سەزگۈلەردىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغىنىغا ئوخشاش، بىلىنگۈچى نەرسىلەرمۇ بىلىمدىن ئىلگىرى مەۋجۇتتۇر» دەپ تەكىتلەيدۇ.

فارابى ئۆزىنىڭ «ئەل ماسا ئىلۇل فەلسەفىيە ۋەلجاۋا بەئەنھا» (پەلسەپىلىك سوئاللار ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى) ناملىق رىسالىسىدە ئوبرازلارنىڭ ھاسىل بولۇشى ھەققىدە مۇنداق قىممەتلىك مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بارىدۇ: «شەيئىلەردىن ئوبرازلارنىڭ پەيدا بولۇش يوللىرى ئۈچ خىل بولىدۇ، ئۇلاردىن بىرىنچىسى، شەيئىلەر ئوبرازلىرىنىڭ سەزگۈدە پەيدا بولۇشى، ئىككىنچىسى، تەپەككۇردا پەيدا بولۇشى، ئۈچىنچىسى، شەيئى (بۇيۇم) دە پەيدا بولۇشىدىن ئىبارەت. ئوبرازنىڭ شەيئىدە ئىپادىلىنىشىگە كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ بىرەر شەيئى ياكى جىسىمنىڭ ئىككىنچىسىگە تەسىر قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ بىرەر جىسىمنىڭ ئىككىنچى بىر جىسىم ئالامەتلىرى ياكى ئوبرازىنى قوبۇل قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: تۆمۈر ئوتقا يېقىنلاشقاندا، ئۇ ئوت ئوبرازىنى قوبۇل قىلىپ قىزىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قوبۇل قىلغۇچى تەسىر كۆرسەتكۈچىگە ئوخشاپ قالىدۇ. شەيئىلەر ئوبرازلىرىنىڭ سەزگۈدە ئىپادىلىنىشىگە كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ شەيئىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشىسىز پەيدا بولمايدۇ. ئوبرازلارنىڭ بۇنداق ئىپادىلىنىشىمۇ شەيئىلەر ھالىتىگە ئالاقىدار بولۇپ، ئۇنىڭ ماددىسىغا تەسىر قىلىش نەتىجىسىدە يۈز بېرىدۇ. شەيئىلەر ئوبرازلىرىنىڭ ئەقىلدە ۋۇجۇدقا كېلىشى توغرىسىدا شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئەقىلدىن تاشقىرىدا تۇرغان نەرسىنىڭ ئوبرازى شۇ نەرسىنىڭ ھالىتى ۋە ماددىسىغا باغلىق بولمىغان ھالدا مۇستەقىل رەۋىشتە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. دېمەك، ئوبيېكت ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ھەممە نەرسىدىن مەۋھۇملاشقان ھالدا (ئوبراز شەكلىدە) ھاسىل بولىدۇ. ئومۇمەن سەزگۈدە پەيدا بولغان ئوبرازلار غۇۋا، نائېنىق بولۇپ، مۇئەييەن جىسىملارنىڭ كۆلەڭگىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ»[1].

فارابىچە، مەۋھۇملاشقان ئوبراز شۇ شەيئىنىڭ بىر خىل بىلىش جەريانىدىكى شەكلى بولۇپ، «بۇنىڭدا ماھىيەت شۇ شەكىلدىن ئايرىمچە ئەمەس، بەلكى شۇ شەكىل ماھىيەتنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت».

فارابى ئوبراز چۈشەنچىسىنى سەگەك ۋاقىتلاردىكى ۋە چۈش كۆرۈشتىكى ئوبرازلارغىچە مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ «كىتاب ئارەئى ئەھلۇل مەدىنەتۇل فەزىلە» ناملىق ئەسىرىنىڭ «چۈش كۆرۈشنىڭ سەۋەبلىرى» ناملىق بابىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ، چۈشتىكى كۆرۈنۈشلەرنى خاتىرە ۋە تەسەۋۋۇر ئوبرازلىرىنىڭ تەپەككۇرسىز ئۈيقۇلۇق ھالەتتىكى تاسادىپىي غىل-پال كۆرۈنۈشى سۈپىتىدە ئىزاھلايدۇ.

فارابى ئوبرازلارنىڭ بىلىش ۋە تەسەۋۋۇر قوزغىتىش ئارقىلىق تەسىر قىلىش رولىغا كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ «شېئىرىيەت ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە ئوبرازنىڭ تەسەۋۋۇر قوزغىتىش ۋە پائالىيەتكە تەسىر قىلىشتىن ئىبارەت بىۋاستە قىممىتىنى: «خىيالغا كەلگەن سۆزلەردىن كۈتۈلىدىغان مەقسەت ئاڭلىغۇچىنى ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگەن نەرسىنى قىلىشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت» دەپ ئېنىقلىغان.

فارابىنىڭ «ئېۋكلىد كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىگە يېشىم» ناملىق ئەسىرىدە سەزگۈ بىلەن تەپەككۇردا پەيدا بولغان ئوبرازلارنىڭ ئوبيېكتىپ جىسىملىق سۈپەتلىرى تەكىتلەنگەن. ئۇ: «جىسىملار سېزىلىدىغان ۋە ئەقلىي تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان جىسىملارغا بۆلۈنىدۇ. بىراق ئەقلىي تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان جىسىملارنىڭ ئۆزىنى تەپەككۇر قىلىشى مۇمكىن. سېزىلىدىغان جىسىملار

---

[1] م. خەيرۇللايوف: «فارابى دەۋرى ۋە تەلىماتى».

باشقا ئالامەتلىرى ئارقىلىق ھېس قىلىنىدۇ... ئەقلىي تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرى بىلەنمۇ، شۇنىڭدەك ئالامەتسىز ئەھۋالدىمۇ تەپەككۇر قىلىش مۇمكىن. ماتېماتىكلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل ئالامەتلەرسىز، ئۇلاردىن مەۋھۇملاشتۇرۇلۇپ ۋە ئاجرىتىلىپ تەپەككۇر قىلىنىدۇ» دەيدۇ. بۇ يەردە فارابى «سەزگۈدىكى ئوبراز» ۋە «تەپەككۇردىكى ئوبراز» مەسىلىسىنى تىلغا ئالغان. فارابى سەزگۈدىكى ھېسسىي ئوبرازلار تەپەككۇردىكى ئوبرازلارغا راۋاجلىنىدۇ، تەپەككۇر ئوبرازلىرى ھېسسىي ئوبرازلارغا تايىنىدۇ، بۇ بىلىشنىڭ ھادىسىدىن ماھىيەتكە، ئاكسىدناتسىيەدىن[①] سۇبستانسىيەگە ئۆتۈشىنى[②] ئىلگىرى سۈرىدۇ دەپ قارىغان.

فارابى تەپەككۇر شەكىللىرىنى كاتېگورىيەلىك ۋە غەيرىي كاتېگورىيەلىك تەپەككۇردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە، مۇلاھىزىلەرنى «ئىستىرا» (ئىندۇكسىيەلىك) ۋە «تەمسىل خاراكتېرلىك» مۇلاھىزىلەرگە ئاجراتقان. ئۇ «شېئىرىي مۇھاكىمە»، «ئوخشىتىشلىق مۇھاكىمە»، ھەتتا «كېيىنكى سىللوگىزم» ئاتالغۇلىرىنى[③] ئىشلەتكەن: بۇ مەنتىقىي تەپەككۇر ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكىللىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە پەرقلەندۇرۇش يولىدا بېسىلغان مۇھىم قەدەم ئىدى. فارابى ئوبرازلىق مۇلاھىزىلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگىمۇ نەزەر تاشلىغان. ئۇ «كىتابۇ شېئىر» ناملىق ئەسىرىدە: «بۇ خىل مۇلاھىزىلەر بەزىدە شۇ نەرسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە ئۇ بۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن ياكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن»، «ئەسلىگە يېقىن بولغان نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىشتىن كۆرە، ئەسلىدىن يىراق بولغان نەرسىلەرگە قىلىنغان تەقلىد... تەقلىد بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئارىسىدا ئەڭ لاياقەتلىك... بولۇپ، مۇنداق كىشى سەنئەت ئەھلىگە تولىمۇ مۇناسىپ بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە تىپىكلەشتۇرۇش كاتېگورىيەسىنىڭ ساددا ئۇقۇمىنى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

4. فارابى: شېئىرىيەتتىكى ۋەزىن، قاپىيە ۋە تىل توغرىسىدا

فارابى شەرقنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپى، شائىرى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى ئىدى. ئۇ «كىتابۇ شېئىر»، «رىسالەفى قانۇن سىنائەتئەششېئىر»، «كالام ـ لەھۇفى ئەششېئىر ۋەلقە ۋافي» (شېئىر ۋە قاپىيەلەر توغرىسىدا سۆز) قاتارلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت خاس نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرنى يېزىشتىن تاشقىرى، يەنە ئۆزىنىڭ «ئىھسائۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى) ۋە «كىتاب ئارەئى ئەھلۇل مەدىنەتۇل فەزىلە» ناملىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدىمۇ ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ.

فارابى ئۆزىنىڭ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش سىستېمىسىدا شېئىرىيەت ئىلمىنى تىل ئىلىملىرى تۈركۈمىنىڭ 7 ـ قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇنىڭدىن كېيىن تىل بىلىمىگە يېقىنلىق دەرىجىسى بويىچە شېئىرىيەت ( پوئېتىكا ) تۇرىدۇ. ئۇ ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسمىدا ئاددىي ياكى مۇرەككەپ بولغان ‹شېئىرىي ۋەزىنلەر›، ئىككىنچى قىسمىدا ھەر قانداق ۋەزىندىكى شېئىرلارنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيەداشلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى، ئۈچىنچى قىسمىدا شېئىرىيەتتە قانداق نەسرىي سۆزلەرنى ئىشلەتكىلى

---

[①] ئاكسىدناتسىيە ــ ئۆزى ئۇچۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرمىغان نەرسە.

[②] سۇبستانسىيە ــ ئۆزى ئۇچۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە.

[③] كېيىنكى سىللوگىزم ــ سىللوگىزملىق بولمىغان مۇھاكىمە شەكىللىرى.

بولىدىغانلىقى ۋە قانداق سۆزلەرنى ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ». فارابىنىڭ قارىشىچە، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئەينى زاماندا تىل سەنئىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلانغان شېئىرىيەت ئىلمى شېئىرىي شەكىل، ۋەزىن ـ بەھىرلەر، قاپىيە شەكىللىرى ۋە شېئىرىي تىل گۈزەللىكىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتنى تەتقىق قىلاتتى.

فارابى شېئىرىي ۋەزىن مەسىلىسىنى شېئىرىيەت سەنئىتىدىكى ئاساسىي قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى دەپ قارىغان. فارابى: «قايسى بىر سەنئەت بولمىسۇن، قانداق مۇھاكىمە قانۇن دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇ تىلغا ئېلىنغان سەنئەتنىڭ ھەممە تەرىپى ئۈچۈن قانۇن شەكلىدە ئېتىراپ قىلىدىغان بولۇش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكىلەر مىقدار، سۈپەت ۋە باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتالىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم قىلغان بارلىق قوراللارنى قانۇن دەپ ئاتاشقان». شېئىرىيەتتە رىئايە قىلغان «قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ۋەزىن مەسىلىسىدۇر»، «ۋاھالەنكى بۇ قانۇن ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش شېئىرىيەتنى ئەڭ ئەۋزەل ئۇلۇغۋارلىققا ئېرىشتۇرۇشكە سەۋەب بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ.

فارابى ۋەزىن مەسىلىسىنى بېيىت شەكلىدىكى شېئىرىي جۈملە ۋە ئۇنىڭ رىتىم، تۇراق ۋە ئاھاڭدارلىقى جەھەتلەردىن مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ شېئىرىي جۈملىنىڭ ئوبرازلىق، تەقلىدىي سۈپەتكە ئىگە بولۇش بىللە بىللە يەنە «ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان ئىبارىلەر رىتىمدار، مەلۇم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىلغان بولۇشى»، «شېئىردىكى بېيىتلارنىڭ ھەربىر بۆلىكىدىكى ۋەزىن تەرتىپى بىلەن باشقا قىسمىدىكى تەرتىپ ئاھاڭدار بولۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. ئۇ «بېيىتتىكى سۆزلەر بىر تەرەپتىن، گەپ نېمە ئۈستىدە بولسا، ئۇنى ئوبرازلىق تەرزدە ئىپادىلىگەن بولۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن، بېيىتلار ئۆزئارا ئاھاڭدار بولۇشى كېرەك» دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر «سۆز ـ جۈملىلەر بىرەر نەرسىگە قىلىنغان تەقلىدتىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر خىل ئاھاڭدار ۋەزىنگە چۈشۈرۈلمىگەن بولسا، مۇنداق سۆز تىزمىلىرى شېئىر ھېسابلانمايدۇ. ئۇنى شېئىرىي سۆز، مۇلاھىزە دېيىش كېرەك، خالاس» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ شېئىرىي تېكىست بىلەن نەغمە (مۇزىكا) نىڭ مۇناسىۋىتىدە ۋەزىن ـ رىتىم بۇزۇلۇشىغا ئېھتىيات قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

فارابى قاپىيە مەسىلىسىنى شېئىرىيەتتىكى مۇھىم گۈزەللىك كاتېگورىيەسى تەرزدە تىلغا ئالغان. ئۇ «شېئىرىي سۆز ـ جۈملىلەردە يۇقىرىدىكى شەرتلەر ئېتىبارغا ئېلىنىش بىلەن بىللە، شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بۆلەكلىرىنىڭ باراۋەر تۈگەللىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ياكى بىر خىل تاۋۇشلۇق سۆزدىن، ياكى بىر ۋاقىتتا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئىككى سۆزدىن تەشكىل قىلىنىشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىدۇ.

فارابى شېئىرىي تىل مەسىلىسى ئۈستىدىمۇ ئالاھىدە توختالغان. فارابىچە، شېئىرىي تىل ناتىقشۇناسلىق تىلىدىن پەرقلىنىشى لازىم. ئۇ ئەينى زاماندىكى تەقلىدسىز، ئوبرازسىز، قۇرۇق، مەشھۇر ۋە يەڭگىل سۆزلەر بىلەن شېئىر يېزىشقىمۇ، شۇنىڭدەك شېئىرىي ۋەزىن ئۆلچەملىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ھەتتا ئۇلارنى شالغۇتلاشتۇرۇپ قوللىنىشقىمۇ ئېتىراز بىلدۈرگەن. بۇ ئەينى زامان بەدىئىي ھاياتىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر ئىدى. فارابىنىڭ كۆرسىتىشىچە: «خىتاب — ناتىقشۇناسلىقتىمۇ تەقلىدىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلىدۇ. . . ناتىقلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەسلىي شېئىرىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى بولىدۇ». فارابى شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدە خىتابىي، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىبارە ۋە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈشىنى «شائىرنىڭ شېئىرىي يولدىن چېكىنىپ، خىتابىي يولغا مايىل بولغانلىقى» دەپ خاراكتېرلەيدۇ.

فارابى ئۆزىنىڭ «رىسالەفى قانۇن سىنائەتئەششېئىر»ناملىق ئەسىرىدە شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئۇنىڭ ۋەزنىگە ياكى ۋەقەلىكىگە قاراپ تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى تىلغا ئالىدۇ. فارابى

ۋەزىن بويىچە تۆرگە ئايرىش جەھەتتە مۇزىكىشۇناسلار بىلەن ئاروزچىلار ھەققىدە ئالاھىدە تەتقىقات يۈرگۈزىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە قايسى مىللەت ۋە قايسى تىلدا بولۇشىغا قارىتىلىدۇ؛ ۋەقەلىككە قاراپ تۈرگە ئايرىش بويىچە ھەر قايسى خەلقلەر ۋە مىللەتلەردىكى شېئىرىيەت تەتقىقاتچىلىرى، شېئىرىي ئىدىيەلەرنى نازارەت قىلغۇچىلار، شېئىرىي ئېقىملارنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئىش ئېلىپ بارىدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى پارس ۋە ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى مەدھىيات، ھەجۋىيات، شېئىرىي تېپىشماق، كۆلكىلىك شېئىرلار، غەزەلىيات ۋە ۋەسفى (لىرىك) شېئىر شەكىللىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، قەدىمكى گىرېك شېئىرىيىتىدىكى تىراگېدىيە، ساتىرا، داستان، ئېپوس، كومېدىيە، دراما قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە تۈزۈلمىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدىمۇ توختىلىدۇ.

### 3. فارابىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدە

فارابى ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر شائىرى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان شېئىرىي مىسرالىرى ئۇنىڭ پىكىرنى شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلەشتىكى يۈكسەك ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭ ناتۇرال پانتېزملىق، گۇمانىزملىق ئىدىيەلىرى بىلەن ۋەتەنگە بولغان سېغىنىشى ۋە روھىي ھالىتىنى ئىپادىلىگەن. فىرانسۇز ئەرەبشۇناسى كارراد ۋۇنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مەۋلانا دەرۋىشلىرى ئوقۇيدىغان خانىقا ناخشىلىرى ئارىسىدا فارابى نەزملىرى ساقلانغان. بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ ھازىرغىچە ھەر قايسى ئەللەردە ساقلانغان بىر قىسىم شېئىرىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

فارابى شېئىرىي ئەسەرلىرىدە يالقۇنلۇق ئىنسانپەرۋەرلىك، ئۆز خەلقى ۋە يۇرتىغا بولغان سەمىمىي مۇھەببەت ھەم سېغىنىش، ئىلىم - پەنگە بولغان تەشنالىق، ئالەم توغرىسىدىكى ئۆزىگە خاس پانتېزملىق ئىدىيە گۈزەل ئىبارە ۋە رىتىملىق مىسرالار بىلەن ئىپادىلەنگەن:

*ھەم چېكىنگەن، ھەمدە تەنۇر بۇ زامان - دەۋرانىغا،*
*سەن قىلىپ سۆھبەت يېتەلمەيسەن كۆڭۈل ئارمانىغا.*
*پارچە ئەل باشلىقلىرىنىڭ باشلىرى قاتقان تۇگەل،*
*ھەممە باشقا دەرد يېتىپ ئايلاندىمۇ سەۋدايىغا.*
*ھاجىتىم بىلسە ئۆزۈمنىڭ خاتىغا راھەت كېرەك،*
*نۇر چۈشۈپ تۇرماق ئۈچۈن مەندەك پېقىر ئالىقانىغا.*
*بىز ئىدا كەلدى ماڭا ئىلكىمدىكى نۇر بەرقىدىن،*
*زوق ھوزۇرى ئوخشىغان مىسلى ساما جەۋلانىغا.*
*يۇرتلىرى چۆللۈككە غەرق بولغان قەدىم ئەللەر ئارا،*
*مېۋە تەرگەندەك قەدەم قويدۇم جاۋاھىر كانىغا.*

بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى بېيىتى ئەينى زامان فېئوداللىق پارچە ھاكىمىيەتچىلىك مۇھىتىنىڭ قاراڭغۇ تەسۋىرىنى ئىپادىلىسە، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى بېيىتلىرى فارابىنىڭ مۇشۇنداق قاراڭغۇ جاھالەتلىك مۇھىت ئىچىدە تېخىرقىماي ئىلىمدىن نۇر ئىزدىگەنلىكىنى، بۇ ئىلىم نۇرىنىڭ مەنىلەر خەزىنىسى بىلەن نىدالىشىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئۇنىڭغا گويا ساما - ئۇسسۇل بەزمىلىرىدىنمۇ بەكرەك ھوزۇر بېغىشلاۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

شېئىرنىڭ ئاخىرقى بېيىتى فارابىنىڭ قەدىمكى بابىلون ۋە گىرېك - رىم مەدەنىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرگەن.

بۇ شېئىر فارابىنىڭ جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئۆزلۈكىدىن ئىلىم تەھسىل

قىلغان ئىزدىنىش يولى ۋە ئۆگىنىش روھىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

*ئىككى شىشە جام بىلەن بولدى مىنىڭ ئۆمرۈم ئادا،*
*ھەممىلا مەشغۇللۇقۇمنى تولدۇرۇپ قۇيغان ئاڭا.*
*بىر قەدەھتە قاپقارا تۇرسا سىياھىم لىنپمۇ لىپ،*
*ئۆزگىدە پەيۋەندە بولۇپ تۇرغان شارابىمدۇر يانا.*
*بىرسىگە تولدۇرغىنىم گەر بولسا ھېكمەت گۆھىرى،*
*بىرسىدىن غەم-قايغۇنى يۇدۇم پۈتۈن قەلبىم ئارا.*

فارابى بۇ شېئىردا ئەينى زامان مۇھىتىغا بولغان نارازىلىقىنى، غەم-قايغۇلۇق ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا پەلسەپە ۋە ئىلىم-پەن تەتقىقاتىغا بېرىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. فارابى سىياھدان (دۇۋەت) بىلەن قەدەھنى مەجازىي ۋاستە قىلىپ، ئىلىم-پەن ئەركىنلىكىنىڭ ھەمجەھەتلىكىگە بېشارەت قىلغان.

*ھەق قېرىنداش خالىي تۇر، ھەمراھ ئەمەس ناھەق ساڭا،*
*ھەق-ئادالەتنىڭ قېشىدىن سەن ماكان تۇت دائىما.*
*بۇ جاھان ساڭا تۇرار مەڭگۇ ماقام-جايمۇ ئەمەس،*
*زەربى قىسمەتتىن خالاس بولمايدۇ، ھېچكىممۇ يانا.*
*قالغۇسى مۆجىزە بولۇپ ئىخچام تەۋەررۇك سۆزلىرىڭ،*
*بەخش ئېتىپ تۇرغان تېرەن مەزمۇت-پاراسەتلىك ئاڭا،*
*بىپايان ئالەم ھامان مەشغۇل ھەرىكەت ئۈستىدە،*
*تۇرىمىز ئوخشاپ پەقەت تامچە ۋە ياكى نۇقتىغا.*

فارابى ئالدىنقى بېيىتتا ئۆزى نەزەردە تۇتتۇۋاتقان كىشىلەرگە ناھەقلىقتىن چەتنەپ، ھەق-ئادالەت مەيدانىدا مەڭگۇ تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلسا؛ ئىككىنچى بېيىتتا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مەيلى ھەر قانداق كاتتا ياكى ئاددىي كىشى بولسۇن، ئۆلۈم مۇقەررەرلىكىدىن-ھاياتتىن ئايرىلىش ۋە زەربە قىسمەتتىن خارابلىنىش مۇمكىنلىكىدىن خالىي ئەمەس دەپ ئۇقتۇرىدۇ. ئۈچىنچى بېيىتتا، پەقەت مەزمۇنى تېرەن، ئۆزى ئىخچام پاراسەتلىك سۆزلەر (ئەسەرلەر) ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مەڭگۇ تەۋەررۈك بولۇپ قالىدۇ دېگەن پىكرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ تۆتىنچى بېيىتتا، ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ھەر قانداق كاتتا زاتنىڭ ھەتتا پۈتۈن زېمىنىنىڭ پايانسىز كائىناتتا پەقەت بىر تامچە سۇ ياكى بىر نۇقتىچىلىك كىچىكلىكىنى، شۇڭا كىشى ئۆزىنىڭ ئالەمدىكى ماكان ۋە زامان قەدىر-قىممىتىنى تولۇق چۈشىنىشى لازىملىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

بۇ شېئىر تەبىئەت پەلسەپىسى، ئىنسانپەرۋەرلىك، كىشىلىك قارىشى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادنى نەزەردە تۇتۇشنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، كۆپ قىرلىق كىرىستالدەك مول مەنە بىلەن تولغان.

فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى جەھەتتىكى ناتۇرال پانتېزملىق قاراشلىرى ئۇنىڭ بىر قاتار شېئىرلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن:

*يەتتە يۇلتۇز كائىناتتا مەنبەئى نۇر، رەببىنا،*
*مىسلى كۆكتە يەتتە دەريا تىزمىسىدەك دائىما.*
*ھەربىرى سەييارىنىڭ سىيماسى بىر ئامىل ئۇنىڭ،*
*ماددا-جەۋھەر خىسلىتى بىر ئەسلىي ھەم جەمدۇر ئاڭا.*
*ھەي زۇھەل، ھېم ئاتارۇد، ھەم مۇشتەرى شەيئىلىرى،*
*مەن قىلۇرمەن ياخشىلىق ئىزدەپ ھامانى سۆھبەت ساڭا.*

فارابى شېئىردا تەڭرى-رەببى نامىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، ئەينى زامانىدىكى يەتتە

پىلانېتا ھېسابلانغان يەتتە يۇلتۇزنىڭ[1] ھەر بىر زات (ئۇنسۇر، تادۇ، ئېلېمېنت)قا سىما بېكىتىپ بېرىدىغانلىقىنى، بۇ زاتلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا تۆت زات — ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق جەۋھەرلىرىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. فارابى ئۇلۇغ ۋار گۇمانىست سۈپىتىدە بۇ يۇلتۇزلاردىن ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق كېلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. مەلۇمكى، ئەينى زاماندا يەتتە يۇلتۇز ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنى ھېسابلانغان (بۇ ئادەت ھازىر ياپونىيەدە ئەينەن قوللىنىلماقتا)، ھەپتىنىڭ ھەر بىر كۈنى ئوت، سۇ، ئالتۇن، ياغاچ، تۇپراق قاتارلىق نەرسىلەرگە سىما قىلىنغان. بۇ يۇلتۇزلارنىڭ بەزىلىرى ئىنسانىيەتكە ئاپەتلىك ۋە بەزىلىرى مەنپەئەتلىك دەپ قارالغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بۇ قاراشنى ئىزچىللاشتۇرغان. ئەلىشىر نەۋايى «سەبئەئىي سەييارە» (يەتتە يۇلتۇز) داستانىدا بۇ قاراشنى تېخىمۇ بەدىئىي يوسۇندا گەۋدىلەندۈرگەن.

فارابى تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ مۇنداق شېئىرى مىسرالارنى قالدۇرغان:

*شەيئىلەر مەۋجۇتلۇقىدىن ھەم سەۋەبلىك كائىنات،*
*ھەم سەۋەبلىكنىڭ تۈپەيلى ياخشىلىق ئۇندىن نىجات.*
*يەر بىلەن بەھرى-دېڭىزلار تۇرىدۇ ھەمراھ بولۇپ،*
*رەببىنا، ئاسمان-دېڭىز مەركەزلىرىمۇ قاتمۇقات.*
*قايدا سەن، بولدى ماڭا نۇقسان-گۇناھ ئۆلپەت بولغون،*
*پەيىز-رەھمەت بەخش ئېتىپ قىلغىن گۇناھىمدىن ئازاد.*
*رەببى، شەيئىم پاكلىقىن بولسا مەگەر مۇمكىن مېنى،*
*ئاناسىر ئۇنسۇرلىرىدىن قالمىسۇن جىسمىدا دات.*

فارابى بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى بېيىتىدا شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، سەۋەبىيات قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك مۇمكىنلىكلەرنىڭ بارلىقى، قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ ھەمجەھەتلىكى ۋە ئالەمنىڭ كۆپ سىستېما — كۆپ مەركەزلىك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ ئالەمنىڭ كۆپ مەركەزلىك ئىكەنلىكى قارىشى پەقەت پىلانېتلار سىستېمىسى ۋە يەر مەركەزلىك قاراشلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان شارائىتتا غايەت زور ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئىلمىي قىياس ئىدى. فارابى بۇ شېئىرنىڭ كېيىنكى ئىككى بېيىتىدا ئۆزىنىڭ ماددىي دۇنيا ھەققىدە سۆزلەپ گۇناھكار بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، تەڭرىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن تۆت زات ۋە ئۇنىڭ داتلىرىنى تازىلاش مۇمكىن بولسا، شۇنداق تازىلاپ بۇ گۇناھكارلىقتىن خالاس قىلىشىنى كىنايە ۋاستىسى بىلەن تەلەپ قىلغان. روشەنكى ئىنسان ماددىي تۈزۈلمىدىن خالاس بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

فارابى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ئەينى زامان فېئوداللىق جاھالىتىدىن تولىمۇ بىزار بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق يازغان:

*قەسەم بىللا ھاياتلىقتىن بىزارمەن، كۆڭۈلسىز ئەمدى،*
*بەئەينى ئوق كەبى تەندىن چىقار جان ۋاقتى تېز ئەمدى.*
*بەخت باشلانسا يەتكەيلەر زاۋاللىققا بەختسىزلىك،*
*تەبىئەت جېنىمىز ئۆز جېنىمىزغا قايتقۇمىز ئەمدى.*

شېئىرنىڭ كېيىنكى بېيىتىدا ئۆلۈم روھنىڭ ئاسمان دەرگاھىغا قايتىپ كېتىشى ئەمەس،

[1] يەتتە يۇلتۇز—قۇياش، ئاي، زۇھەل، ئاتارۇد، مۇشتەرى، مىررىخ، زۆھرە.

بەلكى تەبىئەت جىنسلىرىنىڭ تەبىئەتكە قايتىشى دېگەن ئىلغار ئىدىيە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

فارابى ئۆمۈر بويى ئالەم قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە ئىزدەندى. ئۇ تولىمۇ كەمتەرلىك بىلەن بۇ سىرنىڭ ئالدىنقىلاردا يېشىلمەي كەلگەنلىكىنى، ئۆزىمۇ بۇ سىرنى ھەقىقەتەن تولۇق يېشەلمىگەنلىكىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىگەن:

*پېشمايىن سىرى ۋۇجۇد خام قالدى ئالەم ئۆز پېتى،*
*يا تېشىلمەي گۆھەرى ھەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.*
*گەر ئەقىل يورۇق چېچىپ مەنە ئېيتىسىمۇ ھەركىم ئاڭا،*
*ئەسلىي چىن تەسۋىردىن كەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.*

فارابى شېئىرلىرى تېرەن مەنە، گۈزەل شەكىلنىڭ ئاجايىپ ياخشى ئۈلگىسى بولدى. ئۇنىڭ يەنە كۆپلىگەن شېئىرلار يازغانلىقى مەلۇم. فارابى ياراتقان پەلسەپىۋى شېئىرىيەتنىڭ بۇ نادىر ئۈلگىلىرى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئۆمەر ھەييامىلارنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىگە ئىلھام بولغان[1].

**4. فارابىنىڭ «كىتاب ئارەئى ئەھلۇل مەدىنەتۇل فەزىلە» ناملىق ئەسىرىدىكى پەزىلەت قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى**

فارابىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت تېمىسىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇ ئەسەرلىرى ئىچىدە «كىتاب ئەر ئەھلۇل مەدىنەتۇل فەزىلە» (پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ كۆز قاراشلىرى توغرىسىدا) دېگەن ئەسىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ[2]. بۇ ئەسەر چوڭ ھەجىملىك بولۇپ، جەمئىي 37 بابتىن تەركىب تاپقان[3]. فارابى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەخلاق قاراشلىرىنى پەزىلەتتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ئۇقۇمنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتكۈل ئادەملەرنى ئەدەپ ـ ئەخلاق، پەزىلەت جەھەتتىن تەربىيەلەپ چىقىش ئىدىيەسىنى شەرھلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە جەمئىيەت ئورگانىزمىنى تەھلىل قىلدى. ئۇ جەمئىيەت ئورگانىزمى بىر خىل ھەرىكەتلىك مەرىپەتلىك تۈزۈمدىكى ئورگانىزم بولۇشى كېرەك، بۇ ئورگانىزمغا قاتناشقان جەمئىيەت ئەزالىرى پەزىلەت جەھەتتىن ئۆزىنى تەربىيەلەپ چىقىشى تولىمۇ زۆرۈر، چۈنكى جەمئىيەت پەزىلەتلىك بولسا، جەمئىيەت ئاھالىسى بەخت ـ سائادەتلىك بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھلاردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ئۆزىنى ئەخلاق ۋە قابىلىيەت جەھەتتىن تەربىيەلەپ كامالەتكە يېتىشى كېرەك دېگەن ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. فارابى پەزىلەت جەھەتتىكى ئۇقۇمنى يەنىمۇ چوڭقۇر گەۋدىلىك تەھلىل قىلىپ، پەزىلەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئۈچ ئاساسىي پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ پىرىنسىپلار: (1) بۇ جەمئىيەتتە ئەقىل ـ پاراسەت يېتەكچىلىك قىلغان، ھەقىقەت، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈك ئالغان بولۇشى كېرەك. (2) بۇ جەمئىيەتتە ھۆرلۈك ۋە ئادالەت ئورنىتىلىشى كېرەك. (3) بۇ جەمئىيەتتە ئومۇم خەلق باراۋەرلىكى ئورنىتىلىشى، زۇلۇم ۋە ھاكىممۇتلەقلىق بولمىغان بولۇشى كېرەك. فارابى ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىيەتنى پەزىلەتلىك ۋە پەزىلەتسىز جەمئىيەت دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىيدۇ. ئۇ پەزىلەتلىك

[1] يۇقىرىقى مەزمۇنلار پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ تۈزۈلدى. بۇ ھەقتە ئاساسلىقى ئۇنىڭ «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1985 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىغا قارالسۇن.

[2] ئالىمنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ناملىق ئەسىرى شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

[3] 1095 ـ يىلى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە نەشر قىلىنغان.

جەمئىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىپ: «ئۆزئارا ياردەملىشىپ ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ بىرلەشكەن كىشىلەرنىڭ شەھەرلىرى پەزىلەتلىك شەھەر بولىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرنىڭ جەمئىيىتى پەزىلەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان بارلىق خەلق پەزىلەتلىك خەلق ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەگەر بارلىق خەلقلەر بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزئارا ياردەملىشىشنى يولغا قويسا، پۈتۈن زېمىندا پەزىلەت تىكلىنىدۇ» دېگەن قاراشنى شەرھلەيدۇ.

فارابى يۇقىرىدا ئۆزىنىڭ پەزىلەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى ئىدىيەسىنى پەقەت بىر ئاساسىي نۇقتىغا، يەنى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشى، ھەمدەمدە بولۇشىغا يىغىنچاقلىغان.

فارابى جاھالەتلىك شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «جاھالەتلىك شەھەرنىڭ ئاھالىسى ھېچقاچان بەختنى بىلمىگەن ۋە ئۇنىڭ باشلىقلىرى ھېچقاچان بەختنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە بولمىغان بولىدۇ. ئۇلار تولىمۇ يۈزەكى نەرسىلەرنى بەخت دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ياشاشتىن مەقسىتى پەقەت جىسمانىي قاۋۇللۇق، يېيىش، كەيىپ-ساپا، ئۆز ئۆزۈش، شۆھرەت ۋە مەرتىۋىدىن ئىبارەت. بارلىق جاھالەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ نەزەرىدە مانا بۇلار بەخت-سائادەت ھېسابلىنىدۇ.»

فارابى ئىنسان تەبىئىتىدىكى ناچار پەزىلەتلەر، نادانلىق، بىلىمسىزلىك، نەزەر دائىرىسى تار بولۇش، شەخسىيەتچىلىك، ئەيش-ئىشرەت، شۆھرەتپەرەسلىك، مەرتىۋە قوغلىشىش قاتارلىق ئىللەتلەرنى كونكرېت كۆرسىتىپ، بۇلار پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەكسى، تەربىيە كۆرمىگەن كىشىلەر، ئۇلار ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆزىنى تەربىيەلىمىگەنلەر دېگەن. جاھالەتلىك شەھەر پەزىلەتسىز كىشىلەر بىلەن تولغان بولىدۇ دەپ قارىغان. فارابى پەزىلەت ئېڭىنى يەنىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن پەزىلەتسىز كىشىلەرنىڭ سەلبىي خاراكتېرىنى يەنە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇنداق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «شۇنداق شەھەرلەر باركى، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى پەقەت جىسمانىي ھايات تەقەززاسى بىلەنلا يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرار جاي قاتارلىقلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدۇ ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ. بۇلار زۆرۈر نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىش بىلەن چەكلەنگەن، مەنىۋى يۈكسەكلىنىشتىن قىلچە ئەسەر بولمىغان شەھەر ئاھالىسىدۇر.

شۇنداق شەھەرلەر باركى، ئاھالىسى پەقەت بايلىققا ئېرىشىش ۋە بېيىش ئارزۇسىدا ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ. ئۇنىڭغا ئېرىشىش يولىدا ھەر قانداق ۋاستىنى ئىشقا سېلىشنى پۈتۈن ھاياتىنىڭ مەقسىتى قىلىدۇ. مانا بۇلار ساختىپەز ئادەملەر بىلەن تولغان شەھەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنداق شەھەرلەر باركى، ئادەملىرى كەيىپ-ساپانى ئارزۇ قىلىدۇ. يەپ-ئىچىپ شەھۋانىيلىققا بېرىلىدۇ. ئۇلار ئالدامچىلىققا بېرىلىپ ئۆز ۋاقىتلىرىنى خورىتىدۇ.

شۇنداق شەھەرلەر باركى، ئادەملىرى ساختا ھۆرمەت ۋە ساختا قەدىرلەشكە بېرىلىپ، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان. ئۇلاردا خۇشامەت، ماختىنىش، داغدۇغا، نام-ئاتاق، مەدھىيەلەر پەخىرلىك ئىش ھېسابلانغان ۋە جەلپ قىلىش كۆچىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

شۇنداق شەھەرلەر باركى، ئادەملىرى ھوقۇقپەرەس بولىدۇ . ئۇلار بارچىنىڭ ئۆزلىرىگە بويسۇنۇشىنى، ئۆزلىرىنىڭ بولسا ھېچكىمگە بويسۇنماسلىقىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ئۆزىنىلا خۇشال قىلىش كويىدا بولىدۇ.

شۇنداق شەھەرلەر باركى، ئادەملىرى شەھۋانىي بولۇشنى، ھەر قانداق ئىشنى خالىغانچە

قىلىۋېرىشنى، ئۆز ئىللەتلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىدا ئۇچرىماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ».

دېمەك، فارابى پەزىلەتلىك كىشىلەر بىلەن پەزىلەتسىز كىشىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ تەربىيە كۆرگەن، ئەقلىي جەھەتتىن ئۆزىنى قوراللاندۇرغان، ئەخلاقىي جەھەتتىن ئۆزىنى يېتىلدۈرگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ۋە ئەمگىكىنى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزئارا ياردەمدە، يار-يۆلەكتە بولۇشنى قەدىرلەيدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

پەزىلەتسىز كىشىلەرنىڭ تەربىيە كۆرمىگەن، نەزەر دائىرىسى تار، شەخسىيەتچى، ساختىپەز، بىر-بىرىگە ئۆزئارا كۆيۈنمەيدىغان، مۇناپىق، پايدا-مەنپەئەت ئۈچۈن ھەرقانداق رەزىل ۋاسىتىلەرنى تاللاشتىن يانمايدىغان، ئۆزگىرىشچان، ئىناقلىق، مېھرىبانلىقنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن سېتىپ خەجلەيدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بۇنداق ئادەملەر جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئۆزىنى ۋاقىتلىق بېيىتقان بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ئومۇمغا ئاپەت كەلتۈرىدۇ دېگەن خۇلاسە چىقىرىدۇ.

فارابى يۇقىرىقى سېلىشتۇرما ئارقىلىق، پەزىلەتلىك كىشىلەرگە بويسۇنۇشنى بىلدۈرسە، پەزىلەتسىز كىشىلەرگە كۈچلۈك نەپرەت ئىپادىلەيدۇ.

فارابى پەزىلەتسىز كىشىلەر ۋە پەزىلەتسىز جەمئىيەت ھەققىدە توختالغاندا بۇنىڭلىق بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ پەزىلەتسىز كىشىلەرنى بىلىم ئارقىلىق تەربىيەلەپ، پەزىلەتسىز جەمئىيەتنى پەزىلەتلىك جەمئىيەتكە ماس ھالدا ئۆزگەرتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە پەزىلەتنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشىنى تەرەققىيپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پەزىلەتلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى—پەزىلەت مىزانلىرىنى كۆرسىتىپ مۇنداق يازىدۇ: «پەزىلەتلىك جەمئىيەت ئاھالىسى ماددىي تۇرمۇش زۆرۈرىيەتلىرىگە بولغان موھتاجلىقتىن خالاس بولغان ۋە مەلۇم يۈكسىلىش باسقۇچىغا كىرگەن بولۇشى كېرەك. پەزىلەتلىك جەمئىيەتتە بىلىم ۋە ئەقىل-پاراسەت ۋە پەزىلەت -ئەخلاق ئومۇمىيۈزلۈك ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. پەزىلەتلىك جەمئىيەتتە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك ۋە ئادەملەر ئارىسىدا گۇمانىزم-ئادەمگەرچىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك.»

فارابى يۇقىرىقى ئۆلچەمدىكى پەزىلەتلىك جەمئىيەتنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرى ئۆزلىرىنى ئەخلاق ۋە بىلىم بىلەن تەربىيەلەپ، «ھەقىقەت—بەخت ۋە پەزىلەتتىن ئىبارەتتۇر» دەيدىغان ئىدىيە بىلەن ھەقىقەت يولىنى بويلاپ، ھەممە ئادەم باراۋەر بولغان ئادەمگەرچىلىك ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ پەزىلەتلىك جەمئىيەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەقىل-پاراسەت ئارقىلىق پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. فارابى پەزىلەت—ئەقىل-پاراسەتنىڭ ھەمشىرىسى، پەزىلەت—ئەقىل-پاراسەتنىڭ مەھسۇلى، ئەقىللىق ئادەم پەزىلەتلىك كېلىدۇ، ئەقىلسىز ئادەم پەزىلەتلىك بولالمايدۇ دېيىش ئارقىلىق پۈتكۈل ئادەملەرنى ئىلىم-پەن ئارقىلىق پەزىلەت يېتىلدۈرۈپ، پەزىلەتلىك جەمئىيەت قۇرۇشقا، ئۆزلىرىدە ھەقىقىي بەخت-سائادەت ئارقىلىق پەزىلەت يېتىلدۈرۈپ، پەزىلەتلىك جەمئىيەت قۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ھەقىقىي بەخت-سائادەت يارىتىشقا چاقىرىدۇ.

فارابىنىڭ پەزىلەت توغرىسىدىكى يۇقىرىقى ئىدىيەسى بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەر ئۈچۈن ھېلىھەم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 5. فارابىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت تۆھپىلىرى

فارابىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت توغرىسىدىكى تەلىماتى نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي پەنلەر، ئۇلارنىڭ بىلىش سىستېمىسىدىكى ئورنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشىدىكى ئاساسلار ۋە پرىنسىپلار، پەلسەپە، تىلشۇناسلىق، لوگىكا، ماتېماتىكا ۋە ھەر قايسى تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ئوبيېكتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئىلىم ـ پەننىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە مەنىۋى يۈكسىلىشىدىكى ئەھمىيىتى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەسىلىلەرگە بىر قەدەر توغرا ۋە بىر قەدەر ئىلغار دۇنيا قاراش ئاساسىدا جاۋاب بېرىش ئەينى زامان ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەن، سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى بولۇشى بىلەن بىللە، ئۇ يەنە فارابىنىڭ بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى سىستېمىسىنىڭمۇ ھەل قىلىشى زۆرۈر بولغان پرىنسىپال مەسىلىلەر ئىدى.

فارابى پەن بىلەن دىننى، جۈملىدىن پەن بىلەن پەلسەپىنى مۇستەقىل ئايرىپ كۆرسەتتى. فارابىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، پەن بىلەن دىن بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلمايدىغان ۋە بىر ـ بىرىگە يۆلەنمەيدىغان ئايرىم ساھە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە پەنلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى مۇقىملاشتۇرغان. فارابىنىڭ كۆرسىتىشىچە، پەن دىنىدىن پەرقلىق ھالدا ئۈچ ئاساسىي ئامىلدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇلار: ئېنىق ئېمنا، ئىشەنچلىك پاكىت ۋە ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت؛ سەزگۈ ۋە ئەقىل ياردىمىدە ئېرىشىلگەن بىلىم ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىشى لازىم. ئىسپاتلىنىشتىن خالىي ھەقىقىي بىلىم، ھەقىقىي پەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

فارابى پەلسەپە ھەممە پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەيدىغان كۆزقاراشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ رەت قىلىپ، كونكرېت پەنلەرنىڭ بىلىم ۋە پەن سىستېمىسىدىكى مۇستەقىل ئورنى ۋە نوپۇزىنى كۆتۈردى. قەدىمكى گرېتسىيەدە، جۈملىدىن قەدىمكى شەرق ئەللىرىدە پەلسەپە شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبى ھەققىدىكى بىلىش كاتېگورىيەلىرىنى كۆزىتەتتى. قەدىمكى زامان ئالىملىرى ئەمەلدە قەدىمكى زامان پەيلاسوپلىرى ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىمۇ پەن ئالىملىرى بىلەن پەيلاسوپلار تېخى تەلتۆكۈس ئايرىلىپ كەتمىگەنىدى، تەبىئەت پەنلىرى پەلسەپىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارىلاتتى. فارابى پەلسەپىنى «پەنلەرنىڭ پىرى»، «بىلىملەرنىڭ بىلىمى»، «نەزەرىيەلەرنىڭ نەزەرىيەسى»، «سەنئەتلەرنىڭ سەنئىتى» دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە پەلسەپە بىلەن كونكرېت پەنلەرنى ئايرىم تەتقىق قىلىشنى، ئۇلارنى ئايرىم تۈرگە ئايرىشنى، ئالەمنىڭ ھەقىقىي تەبىئىي ماھىيىتىنى نەزەرىيە جەھەتتە بىلىشتە تەبىئەت ئىلمىنى پەلسەپە بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ پەن تارىخىدىكى ئىلگىرىلەش ئىدى.

فارابى پەننى نەزەرىيەۋى پەن ۋە ئەمەلىي پەندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىپ، نەزەرىيەۋى پەننىڭ پۈتكۈل ئىلىم ـ پەن سىستېمىسىدا تۇتقان ئۇلۇغ ئورنىنى گەۋدىلەندۈردى. ئۇنىڭچە نەزەرىيەۋى پەن بارلىق پەننىڭ نېگىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبيېكتى بارلىق مەۋجۇت شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق نەزەرىيەۋى بىلىملەر ئۇقۇملار، ئاساسىي مۇھاكىمىلەر، قائىدىلەردىن ۋە بۇ بىلىمنىڭ ۋاسىتىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. نەزەرىيەۋى بىلىم باشقا بىلىم تۈرلىرىدىن، جۈملىدىن ئەمەلىي بىلىمدىن ئۆز قانۇنلىرى ۋە قائىدىلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇنى پىششىق ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاسىتىلىرىنى ۋە بىلىم ئىگىلەش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىش

تەۋسىيە قىلىنىدۇ».[1] فارابى نەزەرىيەۋى پەنلەر سىستېمىسىدا پەلسەپىنىڭ تۇتقان يېتەكچى ئورنىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

فارابى پەننىڭ ئۈچ خىل ئەۋزەللىكىنىڭ بىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن، ئۇلار: ياكى تەكشۈرىدىغان ئوبيېكتى ئەۋزەل بولغان پەنلەر؛ ياكى ئىسپاتلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان پەنلەر؛ يا بولمىسا نەق ياكى مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان مەنپەئەتلىك پەنلەردىن ئىبارەت. ئۇ ئاسترونومىيەنى ئۇنىڭ تەكشۈرىدىغان ئوبيېكتىدا ئەۋزەللىك بولغان پەنگە، گېئومېترىيەنى ئىسپاتلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان پەنگە، ھوقۇقشۇناسلىق ۋە ھەر خىل ھۈنەر-سەنئەتنى نەق ئۈنۈم بېرىدىغان ياكى مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان رېئال مەنپەئەتلىك ئىلىم-سەنئەتكە مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن. فارابى: «بۇ ئۈچ خىل ئەۋزەللىكنى قوشقان ياكى ئۇنىڭ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەن پەن پەلسەپە ئىلمىدىن ئىبارەت»[2] دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، فارابى يىراققا نەزەر سالغان، ئۇ دەرھال ئۈنۈم يەتكۈزەلمەيدىغان بولسىمۇ، تەكشۈرۈش ئوبيېكتىدا مۇھىم ئىلمىي قىممىتى بولغان ئىلىملەرگە «دەرمەھەللىك» تەلەپ قويماي، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلغان.

فارابى پەن ئوبيېكتلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «شۇنى دەلىللەيمەنكى، قانداقلا بولمىسۇن، بارلىق ئىلىملەر سۇبىستانسىيە ۋە ئاكسىدېنسىيەدىن پەيدا بولغان، شۇنىڭدەك قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە ئىگە مەۋجۇدىيەتتىن ئىپتىدا بولغان»[3]. ئارستوتېل، فارابى ۋە فرانسىس بېكون پەنلەرنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئۈچ چوڭ تارىخىي دەۋرىدىكى ئۈچ چوڭ مەشھۇر نامايەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئارستوتېل قەدىمكى گرېك قۇلدارلىق جەمئىيىتىدە ئېرىشىلگەن ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسىدا پەنلەرنى تۇنجى قېتىم نەزەرىيەۋى پەنلەر، ئەمەلىي پەنلەر ۋە ئىجادىي پەنلەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلدى. ئۇ نەزەرىيەۋى پەنلەر قاتارىغا لوگىكا، فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە مېتافىزىكا ئىلىملىرىنى؛ ئەمەلىي پەنلەر قاتارىغا ئەخلاق (ئېتىكا)، ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە سىياسەتشۇناسلىق ئىلىملىرىنى؛ ئىجادىي پەنلەر قاتارىغا شېئىرىيەت (پوئېتىكا)، ناتىقشۇناسلىق (رىتورىكا)، سەنئەت ئىلىملىرىنى كىرگۈزگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، نەزەرىيەۋى پەنلەر دۇنيانى بىلىشنىڭ قورالى سۈپىتىدىكى پەنلەر بولسا، ئەمەلىي پەنلەر ئىنسانلار پائالىيىتى ۋە ئائىلە-جەمئىيەت توغرىسىدىكى پەنلەر ئىدى، ئىجادىي پەنلەر بولسا تەقلىدىيەت ياكى ھۈنەر-كەسىپ توغرىسىدىكى پەنلەر ھېسابلىناتتى. ئارستوتېلنىڭ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى تۇنجى ئۇسۇل بولغاچقا، ئۇنىڭدا بىر قاتار ئاجىزلىقلار ساقلانغان. ئۇ نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي پەنلەرنى مۇتلەق ئايرىۋەتكەن، ھەر بىر پەننىڭ ئۆزىدە نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي ساھە بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتمىگەن ۋە پەنلەرنى تۇرغۇن ھالەتتە دەپ قارىغان. ئارستوتېلنىڭ بۇ يېتەرسىزلىكلىرىنى فارابى خېلىلا تولۇقلىدى. ئۇ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئەينى زامان شارائىتىدا بىر قەدەر تەپسىلىي، سىستېمىلىق ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

---

① فارابى: «مۇسىقا ھەققىدىكى چوڭ كىتاب» (مۇقەددىمە قىسمى) «فارابى دەۋرى ۋە تەلىماتى»نىڭ 184-بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

② فارابى: «ئىلىم ۋە سەنئەتنىڭ ئەۋزەللىكلىرى توغرىسىدا رىسالە» «فارابى دەۋرى ۋە تەلىماتى»نىڭ 191-بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

③ فارابى: «ئېھسال ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى) (گرىگورىيان: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران پەلسەپە تارىخى»، ئافرىقا ئىلاۋە قىلىنغان تېكىست، تۆۋەندە قىسقارتىلىپ گرىگورىيان نۇسخىسى دېيىلىدۇ) 149-بەت.

فارابىنىڭ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ئۇ «ئېۋكلىدنىڭ 1 ـ ۋە 5 ـ كىتابلىرىدىكى قىيىنچىلىقلارغا ئىزاھلىق مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىدە بىلىملەرنى بىۋاسىتە تۇيغۇنى ئىپادىلەيدىغان كونكرېت بىلىملەر ۋە ئەقلىي پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئابستراكت بىلىملەر دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىدى. ئۇ «لوگىكا توغرىسىدا مۇقەددىمىلىك ماقالات» ناملىق رىسالىسىدە، ئۈچ ھۆكۈملۈك ئۇسۇل (سىللوگىزىم) غا موھتاج بولغان بىلىملەر ۋە ئۇنىڭغا موھتاج بولمايدىغان بىلىملەر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ پەلسەپە، دىيالېكتىكا (بەس ـ مۇنازىرە سەنئىتى)، كۆيشۇناسلىق (رىتمىكا) ۋە شېئىرىيەت ئىلىملىرىنى ئۈچ ھۆكۈملۈك ئۇسۇلغا موھتاج بىلىملەر قاتارىغا؛ تېرىقچىلىق، تېبابەتچىلىك، ياغاچچىلىق قاتارلىق ئەمەلىي بىلىملەرنى ئۈچ ھۆكۈملۈك ئۇسۇلغا موھتاج بولمىغان بىلىملەر قاتارىغا كىرگۈزدى.

فارابى پەنلەرنى بەش ئاساسىي تۈرگە بۆلۈپ مۇنداق دەپ يازغان:

1 ـ تۈرى: تىل ھەققىدىكى ئىلىم ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى؛

2 ـ تۈرى: مەنتىق (لوگىكا) ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى؛

3 ـ تۈرى: ماتېماتىكىلىق ئىلىملەر ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى؛

4 ـ تۈرى: ئۇلۇمۇل تەبىئەت (فىزىكا) ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى؛

5 ـ تۈرى: ئۇلۇمۇل مەدىنە (ئىجتىمائىي پەن) ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى، ھوقۇقشۇناسلىق ۋە ئىلاھىيەتچىلىك[①].

فارابى تىل ئىلىملىرىنى يەتتە قىسىمغا بۆلگەن، بۇلار:

1) يەككە ۋە ئاددىي سۆز ھەققىدىكى ئىلىم؛

2) مۇرەككەپ ۋە قوشما سۆز، جۈملە (شۇنىڭدەك ناتىقلىق سەنئىتى ۋە ئىستىلىستىكا) ھەققىدىكى ئىلىم؛

3) ئاددىي سۆزلەر ۋە ئاۋازلىق نۇتۇق قائىدىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم؛

4) قوشما سۆزلەر ۋە جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم؛

5) توغرا يېزىش قائىدىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم؛

6) توغرا تەلەپپۇز قىلىش قائىدىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم؛

7) شېئىر يېزىش قائىدىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم. بۇ ئۆز ئىچىدىن يەنە ئۈچ تارماققا بۆلۈنىدۇ. بۇلار: رىتمىكا (رىتىمچىلىك)، قاپىيە ۋە شېئىرىيەتشۇناسلىقتىن ئىبارەت.

فارابى تىل ئىلىملىرىدىن كېيىن ئىككىنچى رەتكە لوگىكا ئىلمىنى قويىدى. فارابىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، تىل ۋە لوگىكا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكى ئىلمىي تەپەككۇرنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىناتتى.

فارابى ئۈچىنچى ئورۇنغا ماتېماتىكىنى قويىدى ۋە ئۇنى يەتتە مۇستەقىل پەنگە ئاجراتتى. بۇلار:

1) ئارىفمېتىكا ( ئۇلۇمۇل ئەدىد)؛

2) گېئومېترىيە ( ئۇلۇمۇل ھەندەسە)؛

3) ئوپتىكا ( ئۇلۇمۇل مىنەزىر)؛

4) ئاسترونومىيە ( ئۇلۇمۇل نۇجۇم)؛

---

① فارابى: «ئىھسال ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى)، فارابى: «ئەقىل ۋە ئىلىم توغرىسىدا» 1975 ـ يىلى، رۇسچە نەشرى، 53 ـ ، 54 ـ بەتلەر.

5) مۇزىكا ( ئۇلۇمۇل مۇسىقى)؛
6) ئېغىر جىسىملار ھەققىدىكى پەن ( ئۇلۇمۇل ئەسقال)؛
7) مېخانىكا ( ئۇلۇمۇل ھىيال).

فارابى يەنە ئاسترونومىيەنى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ شەكلى ۋە ھالەتلىرى ھەققىدىكى ئىلىم، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدىكى ئىلىم، يەر ھەققىدىكى ئىلىمدىن ئىبارەت ئۈچ تارماققا، مۇزىكىشۇناسلىقنى مۇزىكىنىڭ باشلانغۇچ قائىدىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئاساسلىرى ۋە ئاھاڭ شەكلى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىدىغان ئىلىم، چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنىڭ خىللىرى ھەققىدىكى ئىلىم، تەبىئىي رىتىم تۈرلىرى ۋە ئۆلچەملىك ئاھاڭ شەكىللىرى (مۇقاملار) ھەققىدىكى ئىلىم، نەغمە ئىشلەش ۋە مېلودىيەلىك قۇرۇلما ھەققىدىكى ئىلىمدىن ئىبارەت بەش تارماققا ئاجراتقان.

فارابى فىزىكا ۋە مېتافىزىكا پەنلىرىنى بىرلىكتە چوڭ بىر تۈرگە تۈرگۈزدى ۋە ئۇنى فىزىكا ۋە مېتافىزىكىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئاجراتتى.

شۇ نەرسىنى ئالاھىدە كۆرسىتىش زۆرۈركى، فارابى تۇنجى قېتىم فىزىكا بىلەن مېتافىزىكىنى — تەبىئەت بىلەن روھىيەت ھەققىدىكى پەنلەرنى چوڭ بىر تۈرگە تۈرگۈزگىنىدە، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيەتنىڭ بىردەكلىكى كۆز قارىشىغا ئاساسلانغانىدى. مەلۇمكى، ئارىستوتېلنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى «مېتافىزىكا» (فىزىكىدىن كېيىنكى ئەسەرلەر) دەپ ئاتىغانىدى. بۇ ئارىستوتېلنىڭ تەبىئەت ئىلمىنى پەلسەپەدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. فارابى ئارىستوتېلنىڭ بۇ كۆزقارىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى بىر نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇردى. فارابىنىڭ قارىشىچە، مەيلى كونكرېت تەبىئەت ئىلىملىرى ياكى ئابستراكت تەبىئەت پەلسەپىسى بولسۇن، ئۇ بىر ئوبيېكتنى — تەبىئەتنى تەتقىق قىلاتتى.

فارابى فىزىكا ئىلىملىرىنى سەككىز قىسىمغا ئاجراتتى، بۇلار:
1) بارلىق ئىپتىدائىي ئاددىي ۋە مۇرەككەپ جىسىملارنى يەنى ئومۇمىي تەبىئەت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم؛
2) مۇرەككەپ جىسىملارنى ھاسىل قىلىدىغان ئاددىي جىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ھەم ئېلېمېنتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم؛
3) تەبىئەتتە مەۋجۇت بولغان جىسىملارنى ۋە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى ھەم يوقىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم؛
4) مۇرەككەپ جىسىملارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئالامەتلىرى ۋە تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم؛
5) ئايرىم قىسىملاردىن مۇجەسسەم بولغان مۇرەككەپ جىسىملارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىقتىدارىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم؛
6) مۇرەككەپ جىسىملارنىڭ بىر جىنسلىق قىسىملاردىن تەركىب تېپىشىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم؛
7) ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدىكى پەن (ئۇلۇمۇل نىبات)؛
8) ھايۋانات ھەققىدىكى پەن (ئۇلۇمۇل ھايۋانات).

فارابى مېتافىزىكا پەنلىرىنى ئۈچ قىسىمغا ئاجراتقان، بۇلار:

1) مەۋجۇت شەيئىلەرگە ئائىت پرىنسىپلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم؛

2) كونكرېت پەنلەرنى ئىسپاتلاشقا خىزمەت قىلىدىغان قائىدىلەر ۋە پرىنسىپلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم. فارابىچە، بۇ خاسلىق، جۇزئىيات (يەككىلىك)، كۇللىيات (ئومۇمىيلىق)، كۆپلۈك، نۇقتا، يۈز، ئاكسىيوما (ئىلمۇ مەشھۇرە) ۋە قىياس (گېپوتىزا) قاتارلىق كاتېگورىيەلەرنى تەتقىق قىلىدىغان لوگىكا ۋە گېئومېتىرىيە قاتارلىق پەنلەرنى كۆرسىتەتتى؛

3) جىسىمسىز ياكى غەيرىي جىسمانىي نەرسىلەرنى، ئەڭ ئالدى بىلەن ماددىدىن ئايرىلغان ياكى غەيرىي ماددىي نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم. فارابى بۇ جايدا تەڭرى توغرىسىدا توختالغان. فارابىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، تەڭرى مېتافىزىكا تەتقىق قىلىدىغان ئابستراكت، غەيرىي جىسمانىي بىر كاتېگورىيە ھېسابلىناتتى. بۇ يەرگە كەلگەندە، فارابى ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكىگە يول قويغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پەنلەر تەركىبىدە مۇئەييەن ئورۇن قالدۇرغان.

فارابى ئىجتىمائىي ئىلىملەرنى (فارابىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئىلمۇ مەدىنە»نى) ئەڭ ئاخىرقى يەنى بەشىنچى چوڭ تۈرگە قويغان. بۇنىڭغا فارابى ھوقۇقشۇناسلىق، ئەخلاق ئىلمى ۋە دۆلەت مۇئەسسەسەلىرى پائالىيىتىگە ئائىت سىياسىي ئىلىملەرنى كىرگۈزگەن.

فارابىنىڭ «پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى»دىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر ئەسىرى ئۆز دەۋرىدە پەنلەرنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق قوللانمىسى بولۇپ قالغان. بۇ ئەسەر ئىلىم-پەن قامۇسى سۈپىتىدە شەرقتە ۋە غەربتە كۆپلۈك تەسىر قوزغىغان. ئەرەب ئالىمى دوكتور ئوسمان ئامىن ئېيتقىنىدەك، فارابىنىڭ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى ئىنسانىيەت ئېرىشكەن ئىلىم-پەن خەزىنىسىنى سىستېمىغا ئايرىش تارىخىدا ئۆچمەس تەسىر كۆرسىتىپ، ئالىمنىڭ ھەقىقەتەن ئارستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازىنىشىغا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەستىقلىغان[1].

# §3. يۈسۈپ خاس ھاجىب

**1. يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ ھاياتى**

يۈسۈپ خاس ھاجىب (1019\20—1085\86)[2] ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى. جۈملىدىن ئېنسىكلوپېدىك داستان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى.

«قۇتادغۇ بىلىك»[3] تىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىلگىرىكى پايتەختى، كېيىنكى ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان بالاساغۇندا دۇنياغا كەلگەن. داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بالاساغۇندا تۇغۇلغانلىقىنى ۋە ئەسەرنى كاشغەردە

---

[1] يۇقىرىقى مەزمۇنلار پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ تۈزۈلدى.

[2] يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى بۇ يىلنامە ئىمىرھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ (19-ئەسىر) ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى قازى مۇھەممەد سايىم سوفى ئاللايارىلارنىڭ «بەھرۇل ئەنساب» (نەسەب دەرياسى) دېگەن كىتابى ئاساسىدا ئېلىندى. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىللىق 3-سان، 141—142-بەتلەر.

[3] يۈسۈپ خاس ھاجىب: «قۇتادغۇبىلىك»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى «قۇتادغۇبىلىك»نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى نەشرگە تەييارلىغان، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائىي، مەتتىمىن يۈسۈپلەر ئىشلىگەن، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىلى نەشرى.

تاماملىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

يۈسۈف خاس ھاجىب ئومۇمىيلىق جەھەتتە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىنى، قىسمەنلىك جەھەتتە بىر مەزگىللىك داۋالغۇش، تۇراقسىز بولغان دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئەل-يۇرتىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئويلاپ، غېمىنى يەيدىغان شائىر 1069—1070-يىللىرى ئارىلىقىدا[1]، تەخمىنەن 50 ياشلارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، غايەت زور ئۈمىد ۋە ئىلھامىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كاشغەر شەھىرىدە «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ تاماملاپ، ئۇنى بىر قانچە يىل ساقلاپ، تۈزىتىپ-ئۆزگەرتىپ كېيىن تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن (ئەلى سۇلايمان)[2] (5 / 1074—3\1102-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) يەنى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. بۇغراخان شائىرنىڭ داستانىنى كۆرۈپ، شائىرغا «خاس ھاجىپ»لىق مەرتىۋىسىنى بەرگەن ھەم ئۇنى ئوردا ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغان. ئۇ ئوردىدا 18 ~ 20 يىلغىچە ئىشلەپ، 6\1085-يىلى كاشغەر شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى كاشغەر شەھىرىدىكى پايناپ دېگەن جايدا بولغان.

يۈسۈف خاس ھاجىبنىڭ ياشلىق ۋە يېتىلىش جەريانىدا قانداق تەلىم ئالغانلىقى بىزگە نامەلۇم. بىراق ئۇنىڭ ئەسىرىدىن ھېس قىلىشىمىزچە، ئۇ «تالانتلىق»، «ئېسىل پەزىلەتلىك»، «ئەقىل-پاراسەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان»، «چېچەن ھەم كېلىشكەن، دۆلەتمەن»، «يۈكسەك كامال تاپقان»، «بىلىملىك، تەقۋادار»، «پاك بولغان سەردار» ئىدى. بۇغراخانمۇ ئۇنى قەدىرلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ «خاس ھاجىب (خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى)» دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن.

شائىر يۈسۈف خاس ھاجىب تارىخ، پەلسەپە، دىنشۇناسلىق، دۆلەت، جەمئىيەت، قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئائىلە-ئەخلاقشۇناسلىق، تېبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل، ئەدەبىيات، فولكلور، دراماتورگىيە، ھەربىي ئىلىم قاتارلىق ساھەلەردە بىلىمى بار ئەربابلىقى ئۆز ئەسىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە بىر مۇنچە تۈركىي دىيالېكتلارنى بىلگەندىن سىرت، ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ بىلىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن قارالماقتا.

ئومۇمەن، شائىر بۇ ئەسىرىنى يېزىشتا بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، ئەمەلىي تەجرىبىسى، ئەقلىي ئىقتىدارىغا تايانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە، ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىلىرىگە مۇراجىئەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوشنا خەلقلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئىستېداتىنى نامايان قىلغان.

## 2. «قۇتادغۇ بىلىك»

1 .«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەدەنىيەت ئاساسى

1) ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەم، تەبىئەت، دۇنيا، ھايات توغرىسىدىكى قاراشلىرى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»

يۈسۈف خاس ھاجىبنىڭ داستانىدا ئەكس ئېتتۈرگەن ئالەم، تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە جەمئىيەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرىدە ئالدى بىلەن ئالەم، تەبىئەت، شۇنداقلا ئۆزىدىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت جۇغلانمىسىدا ئەكس ئەتكەن مەسىلىلەرنى ئىزاھلىماي بولمايدۇ.

[1] تەتقىقاتچىلار ئەسەرنىڭ 1074-يىلى تامام بولۇنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان.

[2] ئۇنىڭ ئىسمى ھەرخىل مەنبەلەردە ھەرخىل ئېلىنغان.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئالەم، تەبىئەت توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىرلەر بايان قىلىنغان. شائىر ئەجدادلارنىڭ ئالەمنى چۈشىنىش، تەبىئەتنى سۆيۈشتەك ھەم رېئال، ھەم دىنىي قارىشىنى مەركەزلىك ئىپادىلىگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق دەۋرلىك تەرەققىيات جەريانىدىكى ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. «تەبىئەت دۇنياسىدىن روھىيەت دۇنياسىغىچە، روھىيەت دۇنياسىدىن تەبىئەت دۇنياسىغىچە بولغان ئايلانما جەريان ئېستېتىك گۈزەللىكنىڭ ئۆزگىچە نۇسخىسىنى ياراتقان.»① ئۇنىڭ باھار پەسلىنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىشى نوقۇل تەبىئەت تەسۋىرىلا ئەمەس، بەلكى تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى بىلەن جەمئىيەت رېئاللىقىنى چەمبەرچاس باغلىغان ھالەتتە، تەبىئەتكە قايتا مۇراجىئەت قىلىش يولى ئارقىلىق بىر خىل گارمونىك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەن. ئودغۇرمىشنىڭ روھىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا يېقىنلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ «قانائەت»تىن ئىبارەت بىر خىل پىسخىكىلىق ھالەتكە قويۇلۇشى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشى، جۈملىدىن تەبىئەت مۇقەددەسلىكى، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى كۆز قارىشىنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ بىلىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت تەسۋىرى توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى، جۈملىدىن پىزاژ تەسۋىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرى بۇرۇنلا تارقىلىشقا باشلىغان. داڭلىق «تېلى قوشىقى» مىلادىيە 5—6-ئەسىرلەردىلا ئوتتۇرا جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا تەسىر قىلغان. قوچو ئۇيغۇر شېئىرلىرى ۋە «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى قوچو ۋە كاشغەر مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن شېئىر، قوشاقلار تولىمۇ پاساھەتلىك سۆلكەتلىك ۋەبولۇپ، ئوقۇغان ئادەمنى ھاياجانغا سالماي قالمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەتنى تەسۋىرلىشى ناتۇرالىستىك ئۇسلۇبتا بولغان ئەمەس. ئۇ تەبىئەت بىلەن ئىنسان مۇناسىۋىتى ھەم ئىجتىمائىيلاشقان تەبىئەتنى بىر پۈتۈنلۈككە، گارمونىيەلىككە ئىگە قىلىپ، كامالەتكە يەتكۈزۈپ تەسۋىرلىگەن.

بۇ خىل ھالەت ئات ئۈستىدە ياشاپ، شامان، مانى دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى بىلەن قۇرغاق ۋە قاغجىرىغان چەمبىرەك ئىچىدىكى بوستانلىقلاردا تىرىكچىلىك قىلغان تۇرپان ۋە تەكلىماكان بوستانلىقلىرىدىكى بۇددا ئۇيغۇرلىرى، شۇنداقلا ئىككى خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ جۇغلانمىسى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن قاراخانىيلار خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ داستاندا روشەن ھالدا ئەكس ئېتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، «تەبىئەت گۈزەللىكى ئادەملەشكەن تەبىئەت.»② ئىنسانلار تەبىئەت ئىچىدە ياشايدۇ، تەبىئەت ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى، تەبىئەت ئىنسانىيەتكە بايلىق ۋە ياشاش مۇھىتى ھەم شارائىتىنى بەخش ئېتىدۇ. ئىنسانىيەتمۇ مۇنداق ساخاۋەتلىك تەبىئەتتىن زوقلىنىدۇ. شۇنىڭدەك تەبىئەتنى ئىنسان گۈزەللىكى، ئەركىنلىكى ۋە بەخت قاتارلىقلارنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مەدھىيەلەيدۇ. شائىر يۈسۈفنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى مىسرالىرى تەبىئەت ئوغلىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ ئىپادە قىلىنىشىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئاساسىي ئىككى پېرسوناژ كۈنتۇغدى، ئايتولدىلارنىڭ نامى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان كۈن، ئايغا چوقۇنۇش ھەم ئەنئەنىۋى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن كەلگەن. ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق

① د. مەھمۇد: «قۇتادغۇ بىلىك»تە تەبىئەت تەسۋىرى ۋە ئەجداد روھى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1997-يىللىق 6-سان.

② ماركس: «1844-يىلىدىكى ئىقتىسادشۇناسلىق پەلسەپە قول يازمىلىرى».

خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ھېسابلانغان ئوغۇزخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ ئىتى كۈنخان، يەنە بىرىنىڭ ئىتى ئايخان ئىدى، يەنە ئوغۇزخاننىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمىمۇ ئايخان. بۇ خىل ئەنئەنە كېيىنكى چاغلارغىچە تارقىلىپ كەلگەن داستان ـ قىسسەلەر ۋە ئەپسانىلەردىمۇ ساقلانغان. مەسىلەن، «يۈسۈپ ۋە ئەھمەد» قىسسىسىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئاتلىرى كۈنخان ۋە ئايخان. يەنە خەلق ئارىسىدا تارقالغان «كۈن ۋە ئاي» ئاپسانىسىدە كۈن ۋە ئاينىڭ ئوبرازى بار. «قۇتادغۇ بىلىك»تە دۆلەت ھۆكۈمدارىنىڭ كۈنگە تەققاس قىلىنىشى، خاقان ياردەمچىسى يەنى ۋەزىرىنىڭ «ئاي»دەك سۈپەت ئېلىشى ئەجدادلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي چۈشەنچىلىرىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان بولسا، ئۇزاق يىللار داۋاملاشقان «تەڭرى» سۆزىنىڭ «ئاللا» دېگەن سۆزگە ئورۇن بوشاتقاندىن باشقا، «بايات» دېگەنگە ئوخشاش قەدىمكى ئۇيغۇرچە «تەڭرى» ئۇقۇمىدىكى ئاتالغۇنىڭمۇ پاراللېل ئىشلىتىلگەنلىكى مىللىي ئېتىقادىكى ئۆزگىرىشنىڭ بەك تېز بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «تۆرت تادۇ» قارىشى شائىرنىڭ تەبىئەت قارىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ساددا ماتېرىيالىزمچى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي دۇنيا ھەققىدىكى «تۆرت تادۇ» تەلىماتى ئارقىلىق رېئال جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي فورمىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دۇنيا قارىشىدىكى «تۆرت تادۇ» قارىشى ماددىي دۇنيادىكى ھاۋا، تۇپراق، سۇ، ئوتتىن تەركىب تاپىدۇ. شائىر يۈسۈپ بۇنىڭدىن كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش قاتارلىق ئۆزئارا باغلىنىشلىق تۆت پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. بۇ پېرسوناژلار ئەدەبىي ئوبراز بولۇش سالاھىيىتىدىن باشقا بىر خىل سىياسىي قۇرۇلمىنى تەشكىل قىلىپ، قانۇن، بەخت، ئەقىل ـ ئىدراك ۋە قانائەتنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت روھىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي مۇھىتىغا بولغان تونۇش ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەڭ ئاۋۋال ئۆتمۈش ۋە زاماندىكى بەزى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىغا ياندىشىپ، ئالدى بىلەن ئالەمنىڭ ماددىيلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ماددىدىن تۈزۈلگەن دەپ قارىغان. ئۇ ئاي ۋە پەسىللەرنى تەشكىل قىلغۇچى ئون ئىككى بۇرجنى تۆت تادۇغا تەقسىملەپ مۇنداق يازغان:

*143. ئۈچى ئوت، ئۈچى سۇۋ، ئۈچى بولدى يەل،*
*ئۈچى بولدى تۇپراق، ئاژۇن بولدى ئەل.*
*[ئۈچى ئوت، ئۈچى سۇ، ئۈچى بولدى يەل،*
*ئۈچى بولدى تۇپراق، ئاژۇن بولدى ئەل.]*

شائىر ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن زېمىندىكى بارچە مەۋجۇداتلارنى ئاللا ياراتقان دېگەن «قاراش»نى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن ئالەمنىڭ مەنبەسىنى كونكرېت چۈشەندۈرگەندە بۇ ئالدىنقى شەرتنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، ئۆز داستانىدا: رېئال دۇنيا مەڭگۈلۈك، ئالەمنىڭ مەنبەسى ماددا، بۇ ماددىي مەنبە سۇ، تۇپراق، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت تادۇ دەپ كۆرسىتىدۇ. تۆت تادۇنىڭ ئۆزلۈكسىز زىددىيىتى ۋە بىرلىكى سەۋەبىدىن ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈك ھەرىكىتى ۋە يېڭىلىنىشى بولۇپ تۇرىدۇ، ئۆزئارا زىددىيەت ۋە بىرلىك ھاياتلىق ھادىسىسىنى پەيدا قىلغان دەپ قارايدۇ. مەسىلەن:

*60. بۇ تۆرت ئەش ماڭا تۆرت تادۇ تەگ تۇرۇر،*
*تۈزەلسە تادۇ چىن تىرىگلىك بولۇر.*
*[بۇ تۆت يار ماڭا تۆت تادۇدەك ئىرۇر،*

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاياتلىقنىڭ ماددىي ئاساسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. يەنىمۇ قىممەتلىكى شۇكى، ئۇ تۆت تادۇنى تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئادەملەردىكى فىزىيولوگىيەلىك ھادىسىلەر، مەسىلەن، ئۇ تۇغۇلۇش، كېسەل بولۇش، سالامەتلىك، قېرىش، ئۆلۈش قاتارلىق ھادىسىلەرنى تەبىئىي ھادىسە دەپ قارىغان ھەمدە تۆت تادۇ، تۆت خۇسۇسىيەت، تۆت خىلىت، تۆت مىجەزنىڭ ئۆزئارا رولىنى ئاساس قىلىپ فىزىيولوگىيەلىك ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرگەن. يەنە تۆت تادۇ، تۆت خىلىت، تۆت مىجەز، تۆت پەسىل ۋە تۆت مەزگىل(بالىلىق، ياشلىق، قىرانلىق، قېرىلىق) ھەم شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئارقىلىق چۈشكە تەبىر بەرگەن. چۈش كۆرۈش ۋە چۈشتە كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈشنىڭ يېمەك-ئىچمەك، بەدەن قۇۋۋىتى، پەسىل، يېشى، روھىي ھالىتى، سالامىيتى، تۇرۇۋاتقان شارائىتى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇ شۈبھىسىزكى، دىنىي ئىلاھىيەتچىلىكنى ۋە روھ ماددىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ دېگەن ئىدېئالىزملىق قاراشنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئېيتىلغان ئۆزگىچە قاراشتىن ئىبارەت.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابى ۋە ئىبنى سىنا تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تۆت زات(تادۇ) قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدە كىلاسسىك پەلسەپىۋى تۈسكە كىرگۈزگەن. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا كېيىنكى ناتۇرال پانتىزملىق پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پەلسەپە ئاساسى بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلگەن.[1]

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئاسترونومىيە توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك پىكىرلەر ئېيتىلغان. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، يۈسۈپ داستانىدا كۈن ۋە سەييارىلەرنىڭ ناملىرىنى تا ئەزەلدىن ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان يۇنان-لاتىنچە ياكى ئەرەبچە نام-ئاتاقلار بىلەن ئاتىماستىن، بەلكى كونا ئۇيغۇر تىلىدا ئاتىغانلىقى ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئاسترونومىيەسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنىڭ ئاددىي ئەمما جانلىق بىر ئىنكاسىدۇر.

ئومۇمەن، شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىگە «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج باياىندا» دېگەن مەخسۇس بابنى كىرگۈزۈشتىن مەقسىتى، ئۆز خەلقىنىڭ ئاسترونومىيەلىك ۋە قىسمەن مېتېئورولوگىيەلىك كۆزىتىش ھەم بايقاش تەجرىبىلىرىگە، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مىللىي پەلەكشۇناسلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش[2] قاتارلىق بىر قاتار ئەھۋاللاردىن بولغان.

2) بىلىم، قۇت، ئەخلاق-ئېتىكا، دىداكتىكا ھەققىدىكى قاراشلار ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بىلىم ۋە ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بولۇپ، داستاننىڭ بىر قانچە باب ھەم باشقا كۆپلىگەن سەھىپىلىرىدە بىلىمنىڭ موللۇقى، خاسىيىتى تەكىتلىنىپ، بىلىم بىلەن ئەقىل-پاراسەتنىڭ، بىلىم بىلەن بەخت-سائادەتنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەزمۇنلار تەسىرلىك يوسۇندا بايان قىلىنغان(6-، 10-، 12-بابلار ۋە 208، 209، 1679، 1680، 1681، 1682، 1683، 4021، 1846، 3518، 1994، 1993، 2185، 2188، 2790، 8278-قاتارلىق بېيىتلار).

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىم ۋە ئەقىلگە ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى ئۇققىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئەجدادلار خاقاننىڭ نامىنى دائىم بىلگە، بۆگۈ دەپ

---

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىلى نەشرى 31-بەت.

[2] م. ئوبۇلقاسىم (قازاقىستان): «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيەلىك قاراشلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997-يىللىق 1-سان 85-بەت.

ئاتىغان. بۇنىڭ ئىچىدە بىلگە دەپ ئاتالغانلار كۆپ بولغان. بۇلار بىلىملىك، دانىشمەن دېگەنلىك بولاتتى. قوچو ئۇيغۇر شېئىرلىرى ۋە «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە بىلىم ۋە ئۇنىڭ قىممىتى مەدھىيەلەنگەن كۆپلىگەن شېئىرلار، ماقال-تەمسىللەر بار بولغان.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە «بىلىم ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش نەزەرىيەسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، يەنە «بىلىم—قۇت-بەخت نەزەرىيەسى»نىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. شائىر بىلىم بىلەن قۇتنى باغلاپ، كىشىلەر بىلىمنى ئىگىلىگەندىلا «مۇكەممەل بولالايدىغان»لىقى، «نام چىقىرىپ»، «كاتتا ئورۇنغا ئېرىشىدىغان»لىقى، «جىمى ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق» بولۇپ، «بەختكە ئېرىشەلەيدىغان»لىقىنى كۆرسەتكەن.

«قۇت» ئاتالغۇسى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت جۇملىدىن ئىجتىمائىي تارىخىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ ئىزچىل ھالدا ئالىي ھۆكۈمدار (تۆرە)لارنىڭ نام-تەۋسىفى تەرىقىسىدە پۇتكۇل ئۇلۇس-ئايماقنىڭ، خانلىقنىڭ بۈيۈك ئىدېئالى ۋە سۈپىتى بولۇپ قوللىنىلىپ كېلىنگەن. شۇ سەۋەبتىن خانلىق ئاتىسى—ھۆكۈمدارنىڭ نامىمۇ «تەڭرىقۇت» (قۇت ئىلاھى)، «ئىدىقۇت» (تەڭرى ئوغلى) ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان. «تەڭرىقۇت»، «ئىدىقۇت»نىڭ سېمانتىكىلىق مەنىسىدىن مەلۇمكى، ئادالەت ۋە قانۇننىڭ ھامىيسى بولغان ھۆكۈمدار (تۆرە) تەڭرىدىن قۇت ئالغۇچى ۋە ئەلگە قۇت ياراتقۇچىدۇر. قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىرىدا يەنە «كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش»، «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش» دېگەن سەلتەنەت ناملىرى كۆپ قوللىنىلغان. يۈسۈف خاس ھاجىب بۇ دىيالېكتىك قانۇنىيەتنى يۈكسەك بىر پەلسەپىۋى ئىسخىمىدا سۈرەتلەپ، ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە ھۆكۈمدار (كۈنتۇغدى) بىلەن قۇت (ئايتولدى) نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىككى مۇھىم ئانا تېمىسى ياكى مەركىزىي نۇقتىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇت-بەخت ۋە بىلىم بىلەن بەختنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا يەنە قوشاق ۋە ماقال-تەمسىللەر تارقىلىپ تۇرغان. قوچو ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ بىر شېئىردا «بىلىم ئىگىلىسەڭ قۇت ساڭا ھەمراھ بولىدۇ» دېگەن مەزمۇن بار. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە بولسا «قۇت بەلگىسى بىلىك» (قۇت-بەختنىڭ بەلگىسى بىلىم) دېيىلگەن. يۈسۈف خاس ھاجىبمۇ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى خەلق ھېكمىتىدىن پايدىلىنىپ «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن كىتاب نامىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «ئەردەم باشى تىل» (پەزىلەت بېشى تىل)[1] دېگەن ماقالىنى داستاندىكى بىر بابنىڭ ماۋزۇسى قىلىپ تاللىغان. «دىۋان» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، لېكىن «قۇت بەلگىسى بىلىك» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلەر خەلق ئارىسىدا قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىدىن شۇبھىلەنگىلى بولمايدۇ.

دېمەك، شائىر يۈسۈف قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەخت قارىشىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىي كىتابىغا «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ نام بەرگەن. ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەرجىمىسى «بەخت بىلىمى» بولاتتى (بۈگۈنكى كۈندە ئۇ «بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى» دەپ ئاتالدى)، شېئىرىي ئەسەرنىڭ نامىدىنلا شائىرنىڭ بەخت بىلەن بىلىمنى بىر گەۋدىگە ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز[2].

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەخلاق-ئېتىكا، دىداكتىكا ۋە ئاتىلار سۆزى—دانالار ھېكمەتلىرىگە بېرىلگەن سەھىپە ئاز ئەمەس. يۈسۈف خاس ھاجىب داستاندا كۆز قارىشى، پىكرىنى كۈچلۈك،

---

[1] م. كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»، 1-توم 438-بەت.

[2] لاڭ يىڭ: «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيىتى»، 139-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىلى نەشرى.

پاكىتلىق ۋە يارقىن بايان قىلىنىش ھەم ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئاقساقال (تۆرە)لار، ئاقىل-دانىشمەنلەر ۋە ئۆز زامانداشلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە ئىبرەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ھېكمەتلىرىدىن، خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن پايدىلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ قايسى ماۋزۇدا سۆز باشلىسا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھېكمەتلەر، ماقال-تەمسىللەرنى كەلتۈرگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يۇقىرى قاتلىمى، بىلىمدانلىرى، دانىشمەنلىرى، شۇنداقلا ئەقىللىق، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەر، ئەدىبلەر، ئەل ئەدەبىياتى ئۇستىلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ياكى بىۋاسىتە بېرىلگەن بۇ ھېكمەت، ماقال-تەمسىللەرنىڭ بىر قىسمى ئەينەن بېرىلگەن بولسا، بىر قىسمى شېئىر قاپىيەسى، ۋەزىن تەلىپى بويىچە ئىجادىي ئىشلىنىپ، ئەسەرنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە سۆزى نەقىل ۋە ئىبرەت تەرىقىسىدە ئېلىنغان نوپۇزلۇق ئەمەلدارلار خاقان (3126-بېيىت)، تۈركىي خان (3817-بېيىت)، تۈركىي ۋەزىر (1163-بېيىت)، خاس كېڭەشچى (2941-بېيىت)، ئۆتۈكەن بېگى (1962-، 2682-بېيىتلار)، ياغما بېگى(1758-، 4947-بېيىتلار)، ئۈچ ئوردا بېگى (1594-بېيىت)، ئۈچ ئوردا خانى(6296-، 3815-، 5569-بېيىتلار)، ئېلى بېگى (1779-بېيىت)، ئېلى ئاتلىقى (841-، 1629-، 2319-بېيىتلار)، ئېلى ئەركىنى (4752-بېيىت)، ئېلى كاتىپى (2698-بېيىت)، بۆكە يابغۇسى (5043-، 5523-بېيىتلار) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

داستاندا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمان ئالپ ئەر توڭا شاھلارنىڭ ئۆلگىنىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم ئۇنىڭ دانا سۆزلىرىمۇ ۋەزمىن ئاھاڭدا بايان قىلىنغان( 5861-دىن 5868-گىچە بېيىتلار. )

يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ دانالار ھېكمەتلىرى، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن (ماقال-تەمسىللەردىن) ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىدىن بەلگە بەرگۈچى مىسرالار ئەسەرنىڭ ھەربىر سەھىپىسىدە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ بۇلار ئەسەردە ئالدىنقى پىكىرلەرنىڭ خۇلاسىسى تەرزىدە «ئىرسالۇل مەسەل»دىن ئىبارەت بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاسىتە ئارقىلىق بېرىلگەن 180 دىن كۆپرەك تۆتلۈكلەردە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» ئالەم ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، خانلىق ھەققىدىكى، سىياسىي-قانۇن ھەققىدىكى كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسلارنى شەرھلىگەن، ئۇيغۇر مىللىتى ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىۋى ئېڭىنى ئاساس قىلغان. ئەسەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىر-قوشاق، ماقال-تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز ۋە ئەپسانە، چۆچەك-رىۋايەتلىرىنىڭ كىرگۈزۈلۈشى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئومۇمەن، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ قارىشى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ھاسىل قىلغان[①].

3) قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»

ھەرقانداق خانلىق ياكى مىللەتنىڭ نادىر ئەسىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان بولىدۇ، ئۆز خانلىقىنىڭ خانلىق ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۆزىنى مەركەز قىلىش، ئۆزى ئۈچۈن

① پىروفېسسور خې چېڭشۈەن: «‹قۇتادغۇ بىلىك›تىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ۋە قوشۇلۇپ كېتىش ھادىسىسى توغرىسىدا»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇ بىلىك›»، 223-، 224-، 225-، 226-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى نەشرى.

قوللىنىش پىرىنسىپى ئاستىدا ئۆزگىنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزگىنىڭ مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۇنىۋېرسال ئىجادىيەت يارىتىدۇ. ئەسەردە مىللىي ئالاھىدىلىك قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۇ شۇنچە دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى بۇ مەدەنىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى[1].

«قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى مۇنداق چوڭ ھەجىملىك داستان بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇيغۇرلاردا مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشقا خېلى تەرەققىي قىلغان يازما ئەدەبىيات بار ئىدى. يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن ئىلگىرىمۇ نامەلۇم شائىرلار مۇشۇنداق ئەندىزىلىك شېئىرىي ۋەزىندە نۇرغۇن شېئىر-داستانلار يازغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ باش تېمىسىدىن باشقا داستاندىكى قەھرىمانلارنىڭ ئاتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ فولكلورىدىكى ئېستېتىك قاراشلاردىن تۇغۇلغان، شۇنداقلا يەنە «ئالپ ئەرتوڭا» ئوبرازى توغرىسىدىكى ئىجابىي تەسۋىرلەر تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي ھاياتىغا ۋە ئېتنىك مەنبەلىرىگە باغلىق ئېپىك شېئىر ياكى داستاننىڭ بەزى ئامىللىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شەكىل جەھەتتە، «قۇتادغۇ بىلىك»تە قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىن قالغان بىر خۇسۇسىيەت شۇكى، ئەجەم (ئىران) مەسنەۋىلىرىدە ئادەت بولمىغان ياكى يول قويۇلمىغان بىر شەكىل، يەنى مەسنەۋى تەرزى ئارىسىدا تۆتلۈك-مۇرەببە ياكى «قىتئە»لەرنى قىستۇرۇش شەكلى بىلەن يېزىلغان. دېمەك، داستاننىڭ مەسنەۋى تەرزىدە يېزىلىشىدا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قوشاق-بېيىت، قەسىدە ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ[2].

شائىر يېڭى ئىدىيەلەرنى ئىپادىلىگەندە، كۆپرەك ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئۇسۇللىرىنى قوللانغان. بۇنداق ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئۇسۇللار مەركەزلىك ھالدا ئەقىل-ئىدراك ۋە پەلسەپىۋىلىككە تولغان ئەقلىيە سۆزلەر ۋە ماقال-تەمسىللەر ئارقىلىق ھەرخىل شەيئىلەرگە بولغان تونۇشنى ئىپادىلەشتە گەۋدىلىنىدۇ[3]. داستاندىكى سىمۋول، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش، مۇبالىغە، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەقلىد قىلىش، تەكرارلاش قاتارلىق بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ يارىتىلغان بىر قاتار ئوبرازلار ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكىنىلا ئەمەس، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 11-ئەسىردىكى يۇقىرى سەۋىيەسىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، كۆپ دەۋرلىك ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كۈرەش قىلىپ ئىجتىھات بىلەن قولغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت دۇردانىسى، ئۇ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت سىستېمىسىدا، مەركەزلىك ھەم كونكرېت ھالدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىلمىي ئىدىيەسىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تەۋرەتكىلى بولمايدىغان ئورنىنى تىكلەپ چىققان.

---

[1] پىروفېسسور خې چىڭشۈەن: «‹قۇتادغۇ بىلىك›تىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ۋە قوشۇلۇپ كېتىش ھادىسىسى توغرىسىدا».

[2] ئىمىن تۇرسۇن: «‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ ئۇسلۇبى»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇ بىلىك›»، 247-، 254-بەتلەر.

[3] رەيھان قادىر: «‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر ئىلمىي ئىدىيەسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى»؛ ئىمىنجان ئەھمىدى: «‹قۇتادغۇ بىلىك›تە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرى»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇ بىلىك›»، 481-، 792-بەتلەر.

«قۇتادغۇ بىلىك»نى تەپسىلىي ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھەم شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيەسى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن شۇنى لىللا مەيداندا تۇرۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتمال، مۇتەئەسسىپ، كونىلىققا يېپىشىۋالىدىغان، بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان شائىر ئەمەس. ئۇنىڭدا ئۇلۇغۋار غايە ھەم ئىچىۋېتىش ئىدىيەسى بولغان. شۇڭا ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، باشقا مىللەتلەر، قوشنا خەلقلەر ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىدىكى قىممەتلىك تەركىبلەرنى ئۆگىنىش ۋە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىن بار مەدەنىيىتىدىن سىرت، پارس، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ، ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىمۇ ئوخشىمىغان سەۋىيەدە ئەكس ئەتكەن.

شائىر تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرى ياكى ھەرخىل تەركىبلەرنى نوقۇللا بىرلەشتۈرۈپ، ئاددىيغىنە قۇراشتۇرۇپ قويماستىن، بەلكى شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى ئېلىپ ھەم ئۇنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، تامامەن يېڭى، مۇكەممەل، نادىر بىر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

2. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»

مەيلى ئىدىيەۋى مەزمۇن ياكى بەدىئىي شەكىلدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ ھالىتى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ قارىشى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ھاسىل قىلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» مۇقەررەرلىك جەھەتتىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، تاسادىپىيلىق جەھەتتە داستان مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى مەزكۇر خانلىق تەۋەسىدە يۈز بەرگەن مەلۇم بىر مەزگىللىك دەۋر داۋالغۇشى ۋە چېكىنىشىنىڭ مەھسۇلى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بىرلىكتە قۇرۇلۇشى شىمالىي يايلاق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆچمەنلىكىنىڭ شىنجاڭغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇقىملىشىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي گەۋدىسىنى مۇستەھكەملەش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسىلىشىنىڭ روشەن ئالامىتى بولۇپ قالدى. شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى غەربىي يۇرتقا يۆتكەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى بەزى ئۇيغۇرلار، تۈركىي تىللىق قوۋملار ۋە باشقا يەرلىك قوۋملار بىلەن ئۆزئارا ئارىلىشىپ، بىرلىكتە ياشاپ، ئورتاق مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت»[①] بولىدىغان سەۋىيەگە يەتكۈزۈپ، ئالتاي ۋە ئورقۇن ۋادىلىرىدىكى تۈركىي-موڭغۇل خانلىقلىرىنىڭ، 12-ئەسىردىكى نايمانلارنىڭ ۋە 13-ئەسىردىكى چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ «مەدەنىيەت ئۇستازلىرى»[②] بولۇپ قالغان.

ئوتتۇرا ئەسىردە «كىلاسسىك مەدەنىيەت» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئىلمىي خادىملار مۇنداق بايان قىلىشىدۇ:

(1) يېزىق قوللىنىش ۋە تارقىتىش.

---

① جۇ جىڭباۋ: «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، 89-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992-يىلى نەشرى.

② گرېئوست (فىرانسىيە): «يايلاق ئىمپېرىيەلىرى»، 147-بەت، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، شىنىڭ، 1991-يىلى خەنزۇچە نەشرى.

(2) ئەدەبىي تىلنى غەربكە تارقىتىش.
(3) مەتبەئەچىلىكنى غەربكە تارقىتىش.
(4) ياراتقان تارىخىي مەدەنىيەت ھۆججەتلىرىنىڭ موللۇقى.
(5) دىنىي مەدەنىيەتنى تارقىتىش[1].

بۇنى تېخىمۇ كەڭرەك بايان قىلغاندا مۇنۇ نۇقتىلار بىلەن ئېنىقراق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

(1) شۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى يۈكسەلگەن.
(2) ئۇيغۇرلار شەھەرلىشىش باسقۇچىغا كۆنۈپ بولغان.
(3) ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى مەخسۇسلاشقان، سودا ئىشلىرى كەسىپلەشكەن.
(4) تىبابەتچىلىك تەرەققىي قىلغان.
(5) پەن ـ تېخنىكىدا ئەينى ۋاقىتتا مۇئەييەن سەۋىيەگە يەتكەن.
(6) ئۇيغۇرلاردا ئاڭ، بولۇپمۇ بىرلىككە كەلگەن مىللىي ئاڭ يۈكسەلگەن.
(7) ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق قارىشى، كىشىلىك قاراش ۋە دۇنيا قاراشلىرى، ھەر خىل چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلغان پەلسەپە ئەندىزىسى شەكىللىنىشكە باشلىغان.
(8) ئۇيغۇرلار مول يازما ئەدەبىيات دەۋرىگە قەدەم قويغان.

دېمەك، بۇ خىل ئەۋزەللىك گىگانت ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە يەنە بىر ئاساس بولغان.

ئومۇمەن، شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇقىم گۈللەنگەن تارىخىي مۇھىتىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەسى، ئىقتىسادى، سىياسىتى، ھوقۇقى، ئەخلاقى، مائارىپ ۋە ئېستېتىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى بىلەن ئېتنىك ئوبرازىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆز ئەسىرىنى ئۆز زامانىسىنىڭ بىر «جاھاننەما»سى سۈپىتىدە تونۇتقۇزغان[2].

مەلۇمكى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللىنىشى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەيدانغا كېلىشى بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك. چۈنكى، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەرلىك ئۆزگەشلەپ ئاققان سۇدەك ئالغا قاراپ مەۋج ئۇرىدۇ، ئۇنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. مۇقەررەر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھامىنى ئەمەلگە ئاشىدۇ. يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ شائىر بولۇپ يېتىلىشى ۋە ئۇنىڭ باي مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئوزۇقلىنىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تەك گىگانت ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ گۈللەنگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ نەتىجىسى. مۇقەررەرلىك تاسادىپىيلىقنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، تاسادىپىيلىق مۇقەررەرلىكنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، مۇقەررەرلىكنى تاسادىپىيلىقتىن ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

يۈسۈف قىرانلىق چاغلىرىغا قەدەم قويۇپ، جەمئىيەتتىكى چوڭ ھەق، چوڭ ناھەققە دىققەت قىلىۋاتقان، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئەقىل ـ پاراسەتتە تازا تولۇۋاتقان مەزگىلدە، قاراخانىيلار خانلىقىدا دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا مۇناسىپ بولمىغان، كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنىڭ ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئۇنىڭ پارچىلىنىش خەۋپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئىپادىلىگۈچى

---

[1] لى يۇڭ: «ئۇيغۇرلار تارىخىدا شانۇ شەۋكەت ياراتقان مەرىپەت ئۇستازلىرى»، «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 ـ يىلى، 1 ـ ، 2 ـ بىرلەشمە سان، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

[2] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا»، «تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇ بىلىك› ھەققىدە بايان»، 71 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

تارىخىي ھادىسىلەر يۈز بېرىشى بىر تاسادىپىيلىق بولۇپ قالغان. ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى غوۋغالار مۇشۇنداق تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان. 1032 ـ يىلى ماۋرائۇننەھردە تۇرۇشلۇق غەرب ۋالىيسى ئېلى تېگىننىڭ ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلىشى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. غەرب خاقانى ئېلى تېگىن 1034 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى چىققان ۋە غەرب قىسمىدا قايتا ـ قايتا خاقان ئالماشقان. شەرقىي قىسمىدا بولسا يۈسۈف قادىرخان (1024 ــ 1032 ـ يىللىرى خاقان بولغان)دىن كېيىن تا 5\1074 ـ يىلىغىچە كۆپ قېتىم خاقان ئالماشقان، جەمئىيەت خېلىلا قاتتىق داۋالغۇش ئىچىدە قالغان، كىشىلەر بىر مەزگىل روھىي جەھەتتىكى ئىشەنچ ۋە يۆلەنچۈكتىن مەھرۇم قالغان، خانلىق تەرتىپ ۋە قانۇن ئىزىدىن چەتنىگەن، ئىدراكىنىڭ ئورنىنى ئەسەبىيلىك، قانۇننىڭ ئورنىنى قارامىلىق باسقان، شائىر يۈسۈفنىڭ قارىشى بويىچە «دۇنيا ۋاپاسىزلىق بىلەن تولغان»، «كىچىكلەردە ئەدەپ يوق، ئۇلۇغلاردا بىلىم يوق»، «قوپال، نادانلار كۆپىيىپ، ئەدەپلىكلەر ئازايغان»، «نامرات، تول ـ يېتىملەرگە شەپقەت قىلغۇچى يوق، جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتسىمۇ ئۇنىڭغا ئەجەبلەنگۈچى چىقمايۋاتقان» ئەھۋال ئومۇمىي تۈس ئالغان.

تاسادىپىي پۈرسەتنى تۇتۇۋېلىشقا ماھىر بولۇش ئالىملارنىڭ كەشىپ قىلىش، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈف خاس ھاجىب ئۆزىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك بۇ سۆيۈملۈك ئېلىدە تۇيۇقسىز چاقماقتەك يۈز بېرىۋاتقان تاسادىپىي ئەھۋاللار، يەنى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى كۆرۈپ قەلبى بىئارام بولغان، خەلقنىڭ تەقدىرى، خانلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن غەم يەپ، چەكسىز ئازاب ئىچىدە پۇچىلانغان. «ۋاپا قەھەتچىلىكى بولۇپ، دۇنيا جاپا بىلەن تولدى» (6568 ـ بەت).

ئىنسانپەرۋەر شائىر ئەل ـ يۇرتقا چەكسىز مەسئۇلىيەتچان ھېسسىياتى بىلەن جەمئىيەتنى تۈزەش، ئىسلاھ قىلىش، باياشات، گۈزەل، ئىناق بىر غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش ئىستىكىدە كۆپ ئويلىنىپ، قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە قىلىپ، پادىشاھتىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ماس كېلىدىغان، ھەم رېئاللىققا ئۇيغۇن، ھەم باي غايىۋى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەنتىقىلىي تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن نادىر داستانى «قۇتادغۇ بىلىك»نى يېزىپ، ئۇنى ئۆز يېنىدا بىرقانچە يىل ساقلاپ، شەرقىي قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى تۇراقلاشتۇرغان دىيانەتلىك خاقان تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسلان قاراخانغا تەقدىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى شەرەپ بىلەن ئورۇنلىغان.

3 . «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

1) داستاننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

«قۇتادغۇ بىلىك» ھەجىم جەھەتتىن چوڭ، ژانىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تامامەن يېڭى بىر بەدىئىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە، شۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇجەسسەمىدۇر. ئۇ قۇرۇلمىسى كەڭ، مەزمۇنى مول بولغان ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى. ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاق، ئالىيجاناب پەزىلەت، يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت، بەخت ـ سائادەت ۋە قانۇن، بىلىم، ئەخلاق بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى مەسىلىلەر ۋە ئىدىيەۋى قاراشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە بىر قاتار ئىلغار ئىجتىمائىي تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۆز دەۋر رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تۈرلۈك يامان ئىللەتلەر يۈرەكلىك ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلانغان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، داستان روشەن خەلقچىللىققا، مول تەربىيەۋىلىككە ئىگە، نەزەرىيەۋىلىكى كۈچلۈك

بولغان ئەسەر.

بىز داستاننىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ياكى مەركىزىي ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى ئەسەر ۋەقەلىكى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

بىر زامانلاردا كۈنتۇغدى ناملىق بىر ھۆكۈمدار كەڭ بىر مەملىكەتنى ئىدارە قىلىپ جاھانغا داڭقى يېيىلىدۇ. ئايتولدى ئىسىملىك ياش ۋە ئاقىل، بىلىملىك بىر كىشى كۈنتۇغدى ئىلىگ (ھۆكۈمدار)نىڭ داڭقىدىن سۆيۈنۈپ، پەزىلىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا خالىس خىزمەت بىلەن ياردەم بېرىش ئۈچۈن يىراق يەردىن سەپەر قىلىپ كېلىدۇ. ئەمما ئىلىگبەگ بىلەن كۆرۈشەلمەي بىر ۋاقىتلارغىچە مۇساپىرچىلىقتا يۈرىدۇ. كېيىنچە ئايتولدى كۈسەمىش ئىسىملىك دوستىنىڭ ياردىمىدە ئىلىگبەگنىڭ ھاجىبى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھاجىب ئۇنى كۈنتۇغدى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. بىر قانچە قېتىملىق سوقا-سۆھبەت ، مۇنازىرىلەر جەريانىدا ئىلىگبەگ كۈنتۇغدى ئايتولدىنىڭ ئەقىل-پاراسەت، بىلىم، ئەخلاق-پەزىلىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى ۋەزىرلىككە تەكلىپ قىلىدۇ. ئايتولدىنىڭ ئادىل قانۇننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا زور ئىجتىھات بىلەن ئىشلىشى ئارقىسىدا خانلىق تېخىمۇ روناق تاپىدۇ. خەلق تىنچ، پاراۋان ياشايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. بىراق نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئايتولدىنىڭ ئۆمرى يار بەرمەيدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ ئورنىنى ئەقىل-پاراسەتتە، بىلىم-پەزىلەتتە دادىسىدىن قېلىشمايدىغان ئوغلى ئۆگدۈلمىش باسىدۇ. ئۆگدۈلمىش ئەمەلىي ئىش جەريانىدا، دادىسىدىنمۇ ئۇشۇقراق تۆھپە كۆرسىتىپ مەملىكەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرىدۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى ئۆگدۈلمىش خانلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا يالغۇزلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بىرەر ياردەمچى بولغاندا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقى، بىر غاردا ھەممە جەھەتتىن ئۆزىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئودغۇرمىش ئىسىملىك بىر زاھىتنىڭ ياشايدىغانلىقىنى كۈنتۇغدىغا ئېيتىدۇ. كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇ زاھىتنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس نامە بىلەن ئۆگدۈلمىشنى ئەۋەتىدۇ. زاھىت ئۆزى كەلمەي خەت ئەۋەتىدۇ. بۇ خەت ناھايىتى قاتتىق يېزىلغانلىقىغا قارىماي، كۈنتۇغدىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ تېخىمۇ تەقەززا بولۇپ ئۆگدۈلمىشنى يەنە بىر قېتىم خەت بىلەن ئەۋەتىدۇ. زاھىت يەنە كەلمەيدۇ. كۈنتۇغدى ئىلىگ «ھېچ بولمىسا دىدارىنى بىر كۆرەي» دەپ ئۆگدۈلمىشنى ئۈچىنچى قېتىم ئەۋەتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۆگدۈلمىش بىلەن زاھىت ئودغۇرمىش ئارىسىدا قاتتىق مۇنازىرىلەر بولىدۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا زاھىت كېلىدۇ. كۈنتوغدىغا نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر-مەسلىھەت ۋە نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. ئەمما سارايدا قېلىشنى خالىماي، ئۆز كۆلبىسىگە قايتىپ قازا تاپىدۇ. زاھىتتىن قالغان ھاسىنى كۈنتۇغدى ئىلىگ، ئىشۇرىقنى ئۆگدۈلمىش تەۋەررۈك قىلىۋالىدۇ. ئۆگدۈلمىش يەنە خانلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئىنسان بەختىگە سەرپ قىلىدۇ، ئۇزۇن يىللار دەۋران سۈرىدۇ.

شائىر ئەنە شۇنداق بىر مۇرەككەپ ۋەقەلىكنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلىگەن. شائىر خانلىقنىڭ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئادەمنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى «بىلىم-ئەقىل، ئادالەت، دۆلەت، قانائەت» دېگەن تۆت ئاساسىي ئامىلغا ئايرىپ، ئۇلارنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە ئۆگدۈلمىشنى «بىلىم-ئەقىل»گە، كۈنتۇغدىنى «ئادالەت»كە، ئايتولدىنى «دۆلەت»كە، ئودغۇرمىشنى «قانائەت»كە سىمۋول قىلىپ، پىكىرلىرىنى ئەدەبىي يول بىلەن جانلىق تەسۋىرلىگەن. ئەسەردە ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەت، يەنى (1) ئىلىمنىڭ خانلىق ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، كىشىلەرنىڭ بەخت-سائادىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛ (2) قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن قاراش؛ (3) خان-پادىشاھ ، بەگلەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەت ئەخلاقى ۋە خانلىق قانۇنى

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت پەلسەپىۋى كۆز قاراشلارنى يۇكسەك بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئادالەت گەۋدە قىلىنغان، باراۋەر، ئىناق، خاتىرجەم غايىۋى جەمئىيەت سۇرەتلەنگەن. جەلپكار يېرى شۇكى، ئەسەردە بۇنداق غايىۋى جەمئىيەتنى سۇرەتلەش بىلەنلا قالماي، بەلكى بۇ غايىۋى جەمئىيەتكە بارىدىغان يول ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىلگەن. بۇ يول — قانۇن، ئەخلاق ۋە بىلىمدىن ئىبارەت ئىدى. قانۇن — غايىۋى جەمئىيەتنى يۆلەپ تۇرىدىغان تىرەك. ئەخلاق — بۇ غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى بۆلەكلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان رىشتە. بىلىم — قانۇننىڭ ئىشقا ئېشىشى، ئەخلاقنىڭ ھۆرمەتكە ئېرىشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان تۈپ ئاساس. داستان باشتىن - ئاخىر دېگۈدەك مانا مۇشۇ ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى تۆت پېرسوناژنىڭ ئۆزئارا دىيالوگى ۋە مۇنازىرىسىنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، مۇئەللىپ مۇشۇنداق دىيالوگ ۋە مۇنازىرىلەر ئارقىلىق جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ھەرخىل مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى بايان قىلغان، جەمئىيەتتىكى تەبىقە، گۇرۇھلارنىڭ ئورنى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالى - ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە كۈچ چىقىرىپ ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تەرغىباتچىسىلىق رولىنى ئويناپ، مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى مۇجەسسەملەپ چىققان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، داستان ئالدى بىلەن ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شائىر يۈسۈپ داستاندا ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق، جانلىق، تەسىرلىك ۋە يارقىن ئىپادىلەش ئۈچۈن توققۇز پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقان. بۇلار قانۇن - ئادالەتنىڭ سىمۋولى — كۈنتۇغدى؛ بەخت - سائادەت سىمۋولى — ئايتولدى؛ بىلىم - ئەقىلنىڭ سىمۋولى — ئۆگدۈلمىش؛ ئاقىۋەت ۋە قانائەتنىڭ سىمۋولى — ئودغۇرمىش؛ پايتەختتە مۇساپىر ئايتولدى بىرىنچى بولۇپ تونۇشقان ئادەم پۇقرا كۈسەمىش؛ بىلىملىك ئايتولدىنىڭ پايتەختكە كەلگەنلىكىنى كۈنتۇغدى ئىلىگبەگكە تونۇشتۇرغۇچى تۈز كۆڭۈل ئادەم — ئوردا ھاجىبى؛ ئودغۇرمىشنىڭ مۇرتى، تابۇغچى(خىزمەتچى) بوۋاي — قومارۇ؛ ئات باقار يىگىت XX؛ ئاددىي تابۇغچى — ياش ئوغلانXX. بۇلاردىن ئالدىنقى تۆتى ئاساسىي پېرسوناژ بولۇپ، قالغان بەش پېرسوناژ بۇلارغا قارىغاندا ئازراق تەسۋىرلەنگەن.

كۈنتۇغدى — «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى باش قەھرىمان. يۈسۈپ خاس ھاجىب ئەدەبىي يول بىلەن تەسۋىرلىگەن غايىۋى خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانى، دانا، ئادىل، مېھرىبان، قابىل خاقاننىڭ سىمۋولى. پۈتۈن ئۆمرىنى ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئىشىغا بېغىشلىغان، ئەل - يۇرتنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش ئۈچۈن بارلىق پايدىلىق ئامىللارنى ئىشقا سېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان شەخس، شۇنداقلا قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ۋە قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنى باب - باراۋەر دەپ قارايدىغان، مەملىكەتتىكى بارچە پۇقراغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولىدىغان، يۇرت - جامائەتنىڭ دانا، ئادىل، مېھرىبان، قابىل ھۆكۈمرانىنىڭ بولۇشىنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلۈكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان بەدىئىي غايىۋى ئوبراز. ئىلىگبەگ كۈنتۇغدى ھەققىدە داستاندا مۇنداق تەسۋىرلەر بار:

*بەگ ئەردى ئازۇندا بۆگۈ بىلگە باش،*
*بۇ بەگلىك ئۆزەلە ئۇن بولدى ياش.*

*بۇ كۈن تۇغدى ئەردى ئاتى بەلگۈلۈگ،*
*ئازۇندا چاۋىقمىش قۇتى بەلگۈلۈگ.*

*قىلىنچى كۆنى ئەردى قىلقى ئوڭاي،*
*تىلى چىن پۈتۈن ھەم كۆزى كۆڭلى باي.*

*بىلىكلىگ بەگ ئەردى ئوقۇشلۇغ ئۇدۇغ،*
*ئەسىزگە ئوت ئەردى ياغىقا بودۇغ.*

*يادا كۈر كۈۋەز ئەردى قىلىقى كۆنى،*
*كۈنىڭە كۆتۈردى بۇ قىلىقى ئانى.*

*بۇ يەڭلىغ بەگ ئەردى بۇ بىلكى ئۆزە،*
*تىرىلدى يورىدى قىلىنچىن تۈزە.*

*سىياسەت قىلۇر ئەردى ھىممەت بىلە،*
*بۇ ھىممەت ياراشۇر مۇرۇۋۋەت بىلە.*
(405 ـ، 406 ـ، 407 ـ، 409 ـ، 410 ـ، 411 ـ بېيىتلار)
*[دۇنيادا بىر دانا ـ بىلىملىك بار ئىدى،*
*ئۇ ئۇزۇن يىل بەگلىك قىلىپ ئۆتتى.*
*بۇ نامى مەشھۇر كۈنتۇغدى ئىدى،*
*جاھانغا داڭقى چىققان بەختىيار ئىدى.*
*تەبىئىتى دۇرۇس، مىجەزى مۇلايىم،*
*سۆزلىرى چىن ـ ھەق، كۆزى ـ كۆڭلى باي ئىدى.*
*بىلىملىك، ئىدراكلىق، سەزگۈر بەگ ئىدى،*
*يامانلارغا ئوت، دۈشمەنگە ئاپەت ئىدى.*
*ئۇ باتۇر ۋە مەغرۇر بەگ ئىدى، بىلىملىرى بىلەن*
*ياشىدى، توغرا ھەرىكەت قىلدى.*
*غەيرەت ـ ئىشتىياقى بىلەن سىياسەت يۈرگۈزدى،*
*ئىشتىياق ـ ئالىيجانابلىققا يارىشىدىغان ئىش.]*

شائىر تەسۋىرىدىكى ئىلىگبەگ كۈنتۇغدى يەنە «كۈن ۋە ئايدەك پارلاپ، يورۇپ ـ نۇرلىنىپ تۇرىدىغان»، «كىم ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولسا، ئۇنى يۈكسەلدۈرىدىغان»، «ئەتراپىغا دۇنيادىكى ھەرخىل ئەقىل ـ ئىدراكلىق، بىلىملىك كىشىلەر زىچ توپلانغان» (415 ـ، 416 ـ، 417 ـ بېيىتلار)، ئېلىدىكى كۆلدە «بۆرە بىلەن قوي بىللە سۇ ئىچكەن» (449 ـ بەت) ئۇلۇغ ئىنسان سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ.

ئايتولدى — «قۇتادغۇ بىلىك»تە بەخت ـ سائادەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، يۈسۈف خاس ھاجىب تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ياراتقان غايىۋى دۆلەتنىڭ ۋەزىرى. بۇ ئوبراز ئەسەردە ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بىرى، ئۇ غايىۋى دۆلەتتىكى ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ سادىق ياردەمچىسى، يەنە بىرى، بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى بىلگۈچى دانىشمەن. ئايتولدى ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ سادىق ياردەمچىسىلا ئەمەس، بەلكى غايىۋى خانلىقنى ئىدارە قىلغۇچى ھۆكۈمدار (كۈنتۇغدى)غا ئەلنى ئادىل باشقۇرۇش ئۈچۈن

تۇرلۇك چارە-تەدبىرلەرنى كۆرسەتكۈچى ئاقىل، بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆزگىرىشچان بەخت-سائادەتنى مۇقىم ۋە چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالىيجاناب ئەخلاق-پەزىلەت ئىگىسى بولۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن غايىۋى قەھرىمان. داستاندا ئايتولدى توغرۇلۇق مۇنداق مىسرالار بار:

*بىر ئايتولدى ئاتلىغ ئەر ئەردى تەتىك،*
*ئەشىتتى بۇ چاۋىغ ئەتىندى ئەتىك.*

*يىگىت ئەردى ئوغلان قىلىنچى ئامۇل،*
*ئوقۇشلۇغ بىلىكلىگ ھەم ئۆگلۈگ كۆڭۈل.*

*يۈزى كۆركلۈگ ئەردى كۆرۈپ كۆز قامار،*
*سۆزى يۇمشاق ئەردى تىلى تۈز تامار.*

*قامۇغ تۇرلۇگ ئەردەم تۇكەل ئۆگرەنىپ،*
*يورىر ئەردى ئەردەم ئەلىگكە ئالىپ.*

(462-، 463-، 464-، 465-بېيىتلار).

*[ئايتولدى ئاتلىق بىر زەكى ئادەم بار ئىدى،*
*(ئىلىگبەگ) داڭقىنى ئاڭلاپ، تەييارلىق كۆردى.*
*ئۇ ياش، يۇمشاق پېئىل بىر يىگىت ئىدى،*
*ئەقىل-ئىدراكلىق، بىلىملىك ھەم چوڭقۇر پىكىرلىك ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى(شۇنچىلىك) چىرايلىق ئىدىكى،*
*قارىسا خالىقتىكى كۆزنى چاقاتتى.*
*سۆزلىرى يۇمشاق ئىدى، تىلىدىن ھەقىقەت تاماتتى.*
*ئۇ بارلىق پەزىلەتلەرنى تولۇق ئۆگىنىپ، بۇ پەزىلەتلەرنى ئىگىلەپ يۈرەتتى.]*

داستاندا ئايتولدىغا ئىلىگبەگ كۆنتۇغدىنىڭ ناھايىتى ئىشەنگەنلىكى توغرۇلۇق توختىلىپ، «ئۇنىڭغا ۋەزىرلىك ئۇنۋان بېرىپ، تامغا تۇتقۇزدى، تۇغ، دۇمباق بىلەن ساۋۇتىنمۇ بەردى»، «پۈتۈن خانلىقتا ئۇنىڭ قولىنى ئۈزۈن قىلدى، دۈشمەنلەر بويۇن ئېگىپ، ئۇ يەردىن يوقالدى » (1035-، 1036-، 1037-بېيىتلار) دەپ تەسۋىرلەنگەن.

ئۆگدۈلمىش — «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەقىل-پاراسەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، شائىر يۈسۈپ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ياراتقان غايىۋى ئادالەتلىك دۆلەت ۋەزىرىنىڭ ئوغلى، شۇنداقلا ئىزباسارى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەل-يۇرتنىڭ بەختى ئۈچۈن پىدا قىلىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشنى ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ھەل قىلىدىغان ھەم بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىلىم، ئەخلاق ۋە قابىلىيەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىلەرگە ھەرگىز ھەسەت قىلمايدىغان، شان-شۆھرەت تالاشمايدىغان، ئۆزىدىن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئۇچراتقان ھامان چەكسىز سۆيۈنۈپ، ئۇنى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەشكە چىن كۆڭلىدىن دەۋەت قىلىدىغان، ھەتتا بۇنى بىر خىل مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ ھېسابلايدىغان ئالىيجاناب غايىۋى پېرسوناژ. شۇنداقلا ئادالەتلىك جەمئىيەتكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان غايىۋى خانلىقنىڭ ئادىل خانىنىڭ سادىق ۋە ئەقىللىق ۋەزىرى، ئۆزىنىڭ دادىسى ئايتولدىدىن يۇقىرىراق ئىستېداتقا ئىگە، ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ يارقىن، مۇكەممەل يارىتىلغان ئوبراز، جۈملىدىن ئادالەتپەرۋەر،

خەلقپەرۋەر، ئاقىل دانىشمەن، دانا ئالىم، ھەممەتلىك ۋە تەدبىرلىك دۆلەت ئەربابى.

ئودغۇرمىش — «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئاقىۋەت ۋە قانائەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، يۈسۈپ بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ياراتقان ئادالەتلىك غايىۋى خانلىقتىكى بىر غاردا ئىستىقامەت قىلىدىغان زاھىت، ناھايىتى مۇرەككەپ يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز. ئۇ بۇ دۇنيانى پەقەت بىر قونالغۇ (ئۆتەڭ)، كىشى ئۇچۇن ئازغىنە يېمەكلىك بىلەن بەدەننى ياپقۇدەك بىر پارچە يېپىنچا، ئۆلگەندە كېتىدىغان بىر غۇلاچ يەر بولسىلا كۇپايە، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك دەپ قاراپ، ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە، يۇرتداشلىرىنىڭ تەقدىرىگە، ئەل-يۇرتنىڭ ئىستىقبالىغا كېچە-كۈندۈز نەزەر سېلىپ، دىققەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئويغاق، سەگەك دانىشمەن پەيلاسوپ، جۈملىدىن چوڭ ئالىم. ئودغۇرمىش يۇقىرى مەنسەپ، مەئىشەتلىك ھاياتنى ياقتۇرمايدىغان، ئادەمنىڭ ئادەملەرگە خىزمەت قىلىشىنى بىمەنە ئىش، تائەت-ئىبادەتلا ئىنساننىڭ ئەھمىيەتلىك مېھنىتى دەپ ھېسابلايدىغان زاھىت بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمنىڭ، ئەل-يۇرتنىڭ مەنپەئەتى، خىزمەتلىرى ئۈچۈن يېتەكچىلىك رول ئوينىغاتقان كىشىلەرنىڭ ئۇنۇملۇك خىزمىتىگە باشقىچە پىكىردە بولمايدىغان توغرا نىيەتلىك، دۇرۇس پىكىرلىك شەخس. ئۇ، ئاقىل ھۆكۈمرانلار خەلققە پايدىلىق ئىش قىلىدىغان بولۇشى كېرەك، خەلققە كېرەكلىك ئىش قىلغان كىشىلەرلا ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىدۇ، بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبادەت دېگەن پىكىرلەرگىمۇ (ئاخىر) قايىل بولۇپ، سىلەرنىڭ ماڭغان يولۇڭلار توغرا ئىكەن، سىلەر شۇ يولدا داۋاملىق مېڭىۋېرىڭلار دەپلا قالماستىن، بەلكى ئەل-يۇرتنىڭ يېتەكچىلىرىگە ئەلنى باشقۇرۇشقا دائىر بىر مۇنچە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىشنىمۇ ۋىجدانىي بۇرچى دەپ تونۇيدىغان، ئىلغارلىق ئامىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بەدىئىي ئوبراز.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويغان بىر پۈتۈن ئىدىيە سىستېمىسىنى مانا مۇشۇ تۆت ئاساسىي پېرسوناژ ئارىسىدىكى دىراماتىك سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ، جەمئىيەتنى، جۈملىدىن دۆلەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى قاراشلىرىنى نامايان قىلىدۇ. ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتىلغان بەزىبىر ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. رېئاللىقنى پەردازلاپ كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ئىللەتلەرنى دادىللىق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىدۇ ھەم سۆكىدۇ. ئادالەتلىك، پەزىلەتلىك، بىلىملىكلەر كۆپ بولغان غايىۋى بىر خانلىق قۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك»تە يارىتىلغان بۇ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك، جەزبىدار بەدىئىي ئوبرازلار شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خانلىق ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بۇ بەدىئىي ئوبرازلار شۇنچىلىك ماھىرلىق بىلەن يارىتىلغانكى، ئۇنى ئوقۇغان كىشى ئۆزىنى ئاشۇلار بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقاندەك، مۇرەككەپ دىراماتىك توقۇنۇش ئىچىدە يۈرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلمەي قالمايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كىشىلىك قاراش، ئىجتىمائىي پىكىر ۋە غايىۋى مەزمۇنلار ناھايىتى مول، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر تىپىك ۋە ئومۇمىي خاراكتېر ئالغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، ئەلنى باياشات، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش. بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ جاي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، ئىنسانلار تارىخنى يارىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن

يېيىشى، كىيىنىشى ۋە تۇرالغۇ جايغا ئىگە بولۇشلىرى كېرەك. شائىر يۈسۈپ داستاندا ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، خان ـ بەگلەرنى ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشكە، دېھقان، چارۋىچى، قول ھۈنەرۋەن قاتارلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىقا دەۋەت قىلغان ھەمدە جەمئىيەتكە بىۋاسىتە ماددىي بايلىق ياراتقۇچىلارنىڭ رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «ھەربىر قىممىرلىغان(تىنارلىق، جان) بۇلاردىن مەنپەئەت ئالىدۇ»، «بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى ئەنە شۇلار بىلەن بولىدۇ» دېگەن. شۇڭا ھۆكۈمرانلار ئۇلارنىڭ ئەجرىنى قەدىرلىشى، ئۇلارنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى لازىم دەپ ھېسابلىغان. شائىر پۇل ـ ئاقچىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، تاماخورلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇۋاپىق سودا ـ تىجارەت يوللىرىنى قوغداش، سودىگەرلەرنىڭ مۇھىم رولىنى تەكىتلەش، شۇنداقلا، ئىقتىسادنى باشقۇرغۇچى خادىملار (خەزىنىچى...)نىڭ ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتماسلىقى، ئادىل بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ تېجەشلىك بولۇشىنى تەكىتلىگەن. ئۇ ھەتتا بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇش، مال باھاسىنى ئۇقۇش، سودا ـ تىجارەت يولىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى، ئېلىگبەگ ـ ھۆكۈمرانىنىڭ يارامىلىق كىشىلەرنى ئىگىلىك باشقۇرۇشقا قويۇشى، تۆھپىسى بارلارنى مۇكاپاتلاش چارىسى قاتارلىقلارنى شەرھلىگەن.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن قانۇن ـ تۈزۈم ئورنىتىش، ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش. داستاندا ھۆكۈمران بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلەر ئېنىق ئايرىلغان. قانۇن دەل ئۇلارنى تۇتاشتۇرىدىغان ۋاسىتە. ئۇنى مېھرىبانلىق ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدا يۈرگۈزۈش، قانۇننى تۈزۈشتە، ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇش، خەلقنىڭ كاللىسىدا قانۇنغا نىسبەتەن ھۆرمەت ھېسسىياتى تۇرغۇزۇش، خانلىقنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ئىلغار قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ خىل قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇننى تۈۋرۈككە ئوخشاتقان.

ئۈچىنچى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى تەكىتلەپ، بىلىملىكلەرنى كۆپەيتىش. شائىر يۈسۈپ ئۆز كىتابى «قۇتادغۇ بىلىك»تە كۆپ سەھىپە ئاجرىتىپ، ئىلىم ۋە بىلىم، ئەردەم ـ پەزىلەت، قۇت ـ بەخت مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن. شەخسلەرنىڭ ئەخلاقىي تەربىيەلىنىشى ۋە ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش يولى توغرىسىدا گەپ قىلغان. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشتىكى مەقسىتى بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى خانلىقنى ئىدارە قىلىش يولىدا ئىدى. ئۇنىڭچە، بىرەر خانلىقتا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر ھەممىلا ئادەم بىلىمنى قەدىرلىسە، بۆگۈ ـ دانىشمەنلەرنى، ھۆكۈمالار، ئالىملارنى قەدىرلىسە، ئۇنداقتا بۇ خانلىقنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، يۈكسىلەتتى. بىر خانلىقنىڭ پادىشاھى ئەقىللىق، بىلىملىك، تەدبىرلىك ئادەم بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ پادىشاھ تالانتلىق، ئىدىتلىق ئادەملەرگە تەشنا بولغان، دانىشمەن ـ ئاقىللارنىلا ئىشقا قويغان بولاتتى. بۇ ھالدا خانلىق بېيىپ، خەلق كۈچىيەتتى. جەمئىيەت بەخت ـ سائادەت، ئاسايىشلىق نۇرى بىلەن يورۇتىلەتتى. شائىر يۈسۈپ بەخت ھەققىدە گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ نەزەردە تۇتقىنى يالغۇز شەخسنىڭ بېيىشىدىكى بەخت ـ سائادەت ياكى بالايىئاپەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ جان ـ دىل بىلەن كۆيۈنگىنى خانلىقنىڭ ۋە خەلقنىڭ بەختى ئىدى[1].

تۆتىنچى، ئەردەم ـ پەزىلەت، ئەخلاقنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش. شائىر يۈسۈپ خاس

---

[1] لاڭ يىڭ: «(قۇتادغۇ بىلىك) ۋە شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى»، 141 ـ بەت.

ھاجىب ئەخلاقنى مەركىزىي نۇقتىلارنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىپ، ئەخلاقنىڭ پادىشاھتىن قەلەندەرگىچە بولۇشىنى، ئەردەم ـ پەزىلەتنىڭ جەمئىيەت، خانلىق، قانۇن، بىلىم، ئائىلە، ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ھالقىسى، ھەربىر ھۆجەيرىسىدە ئەخلاقنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشلىرىنىڭ يوللىرىنى ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە بايان قىلىپ بەرگەن.

بەشىنچى، بەخت ـ سائادەتلىك جەمئىيەت قۇرۇپ، ھەممە ئادەم ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە ياشاشنى قولغا كەلتۈرۈش. يۈسۈپ خاس ھاجىب بۈيۈك بىلگە ـ دانىشمەن ۋە پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان ئىستەكلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان قۇت ـ بەخت ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. بۇ شائىر كۆڭۈل قويۇپ بېكىتكەن ئەسەر نامى «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئۇق مەركىزى قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. مەلۇمكى، ئۇنىڭ مەنىسى «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» دېگەنلىك بولاتتى. دېمەك، شائىر «بەخت بىلىمدىن كېلىدۇ» دېگەن بۇ ھېكمەتنى ئۆز ئەسىرىگە نام قىلىپ قويغان، شۇنداقلا داستاننىڭ كۆپ سەھىپىلىرىدە قۇت ـ بەخت ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتكەن.

ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ياشاش. بۇ خەلقچىل شائىر يۈسۈپنىڭ توپ ئۈمىد ـ ئارزۇسى ئىدى. بۇ ئارزۇ قانداق شارائىتتا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ شائىر تەسەۋۋۇر قىلغان غايىۋى دۆلەتتە، «ئادىل خاقانلىق»تا رېئاللىققا ئايلىناتتى، ئەلۋەتتە. شائىر يۈسۈپ ھاياتبەخش مەملىكەت ـ تولغۇن سائادەت يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت ۋە سەۋر ـ قانائەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ دەپ قارايدۇ. شائىر يۈسۈپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئادىل پادىشاھلىق مۇشۇ تۆت خىل خىسلەت چېچەك ئېچىپ مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان، خانلىق بىلەن خەلق، بەگ بىلەن پۇقرا، ئەقىل بىلەن بىلىم، ئەردەم ـ ئەخلاق بىلەن تۇرمۇش، سىياسەت بىلەن قانۇن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل ئادالەتلىك غايىۋى جەمئىيەتتۇر. ئومۇمەن، شائىر «تىنچ ۋە گۈللەنگەن» غايىۋى مەملىكەت — ئادىل خاقانلىقنى ئوبرازلىق بەدىئىي تىل ئارقىلىق تەسۋىرلىگەندە، «قوزا بىلەن بۆرىنىڭ ھەمراھ بولۇپ ئۆتكەن»لىكى ياكى «قوزا بىلەن بۆرە بىر جاي (كۆل)دا سۇ ئىچكەن»لىكى تەسۋىرى ئارقىلىق سۈرەتلىگەن.

دېمەك، يېتۈك شائىر يۈسۈپ بۇ داستاندا ۋايىغا يەتكەن بەدىئىي ماھارىتى بىلەن بىر تەرەپتىن، رېئال جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈشكە كۈچ چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يۈكسەك دانالىقى بىلەن جەمئىيەت (خاقانلىق)نى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىراقنى كۆرەرلىكى ئارقىلىق يېڭىچە بىر ئادىل خاقانلىق — غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش تەسەۋۋۇرى(ئەندىزىسى)نى ئوبرازلىق يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن.

2) «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

(1) «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تىلى

«قۇتادغۇ بىلىك» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. بۇ داستاننىڭ تىلىنى شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىب ئۆزى «خان تىلى»، «تۈرك (تۈركىي) تىلى» دەپ ئاتىغان، مەزكۇر داستانغا ئەينى زاماندا يېزىلغان بىر «مۇقەددىمە»دە «بۇغراخان تىلى» دېيىلگەن. بۇ خىل ئەھۋال ئاتالغۇ جەھەتتىكى پەرق بولۇپ، بۇلار قەدىمكى «ئۇيغۇر تىلى»نىڭ ھەرخىلناملىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئىلىم ساھەسىدە ئاز ساندىكى كىشىلەر داستاننى قارلۇق ياكى چىگىل تىلىدا يېزىلغان دېگەن پىكىرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بۇنى بىر خىل ئىلمىي بولمىغان قاراش دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى تولىمۇ ئاجىز بولۇپ ، يوق ھېسابتا دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئىلمىي ئاساس يوق.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تىلىنى بىلىش ئۈچۈن «خاقانىيە تىلى» بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى «قۇتادغۇ بىلىك» خاقانىيە تىلىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدۇر. ئەينى زامانلاردا خاقانىيەنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى بولغان كاشغەردە قەدىمكى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بار بولغان. بۇ ئەنئەنىلەرنىڭ مەنبەسى ئورقۇندىن باشلانغان، قوچو-كاشغەر تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان ۋە كۆكلەپ مېۋە بەرگەنىدى... خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيە، ئىجتىمائىي شارائىتىدا ئاللىقاچان قەبىلىلەر تىللىرى رامكىسىدىن چىقىپ بولغان مىللىي تىلغا ئۇيۇتقا بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا بىر پۈتۈن ئومۇمىي «خاقانىيە تىلى» شەكىللىنىپ بولغانىدى.

«خاقانىيە تىلى» قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا باي ۋە تەرەققىي قىلغان تىل ئىدى. لېكسىكىسىنىڭ باي ۋە مەنىلىرىنىڭ ئېنىق ھەم جانلىق، گىراماتىكا قائىدىلىرىنىڭ پۇختا، ئىستىلىستىكا ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىپادىچان ۋە يەڭگىل بولۇشى، مورفولوگىيە ۋە فونېتىكا جەھەتلەردە ئىمكانقەدەر نورمال ۋە بىردەك بولغانلىقى مەزكۇر تىلنىڭ كەڭ قوللىنىلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ، قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدە ئورتاق ئەدەبىي تىللىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان[1].

«قۇتادغۇ بىلىك»تە 6000 دىن ئارتۇق تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆز، 2500 ئەتراپىدا خاس سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر 500 ئەتراپىدا. كىتابتا قېيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان ئاسترونومىيەلىك ئىسىملار ۋە بەزى ئابستراكت پەلسەپە سۆزلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە كېيىنكى دەۋرلەر ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى لۇغەت بايلىقى ۋە مەدەنىيەت ئېگى ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن.

(2) «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ شېئىرىي ژانىرلىق خۇسۇسىيىتى

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ داستان، يەنى ئېپىك شېئىرىي ئەسەر ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايدىڭ، لېكىن ئۇ چوڭ بىر ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى شېئىرىيەتنىڭ داستان ژانىرى ئۇسلۇبىدا يېزىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدا يەنە بىر مۇنچە شېئىرىي شەكىللەرنىڭ ئۇنسۇرلىرىنى قوللىنىپ، ئەسەرنى مۇكەممەل بىر شېئىرىيەت قامۇسىغا ئايلاندۇرغان. بۇلار: غەزەل، تۇيۇق، رۇبائىي، قەسىدە قاتارلىقلار. داستان سەھىپىسىدە مۇكەممەل ژانىر ياكى شەكىل سۈپىتىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرمىغان بولسىمۇ، بىراق، ئىنچىكە تەھلىل قىلغاندا، ئۇلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» سەھىپىسىدە ئۆز رولىنى يېتەكچى سۈپىتىدە نامايان قىلغانلىقى بىلىنىدۇ.

(3) «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ۋەزنى

«قۇتادغۇ بىلىك» ئاساسەن مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكىلدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر تۆتلۈك (3800-، 3801- بېيىتلار) ۋە ئاخىرىدىكى لىرىك ئىلاۋىنىڭ ئىككىسى(I، II) مۇتەقارىبنىڭ مۇسەممەنى سالىم(يەنى فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن) رۇكنىدا، قالغان بېيىتلارنىڭ ھەممىسى مۇتەقارىبنىڭ مۇسەممەنى مەھزۇپ ياكى مۇسەممەنى مەقسۇر (يەنى فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇل) رۇكنىدا يېزىلغان.

---

[1] ئىمىن تۇرسۇن: «‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ تىلى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993-يىللىق 4-سان، 138-، 139-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

داستانىنىڭ ھەممە مىسرالىرى ئارۇزنىڭ بەھىر(مۇتەقارىب بەھرى) قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق بويسۇندۇرۇلغان ھالدا ئاھاڭدار ۋە جەلپ قىلارلىق تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قاپىيەلىگۈچى سۆزلەرنىڭ تولۇق ئاھاڭدارلىقى بىلەن تىلنىڭ جانلىق ۋە مەنتىقلىقى زىچ جىپسىلاشتۇرۇلغان. قاپىيە سەنئىتىنىڭ كۆركەم، نەپىس ۋە رەڭدار قىياپىتى ھەم قانۇنىيەتلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

مەلۇمكى، ئارۇز ۋەزنى بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا 10 — 11 - ئەسىردىن باشلاپ ئىستېمال قىلىنىشقا باشلىغان. ئۆز مىللىي ئەدەبىيات زېمىنىدىن ئوزۇق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ يېتىلگەن مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈف خاس ھاجىپ داستانىدا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنىڭ تىپىك ئۈلگىسىنى يارىتىپ، ئۆز ئەسىرىنى ئەينى دەۋردە شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ يىرىك ئېپىك شېئىرىي ئەسەرلىرى ئۆچۈن قوبۇل قىلىنغان ۋە شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى ئەدەبىياتى نەزمىي ئارۇزنىڭ ئەڭ ئاھاڭدارى ھېسابلىنىپ «جەڭگىۋار ئۆلچەم» دەپ نام ئالغان مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىپ چىققان[①].

(4) «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى نەزملەرنىڭ قاپىيەسى

«قۇتادغۇ بىلىك» ئاساسەن ئاياغ قاپىيە شەكلىدە، بەزى مىسرالار باش قاپىيە ياكى ئاللىتېراتسىيەلىك شەكلىدە يېزىلغان.

(5) «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بەدىئىي مېتودى

«قۇتادغۇ بىلىك» رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودىمۇ ياندىشىپ ماڭغان.

(6) «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ يېزىلغان يىلى، ھەجمى، قەدىمكى قول يازما نۇسخىسى، سۆزلۈك سانى

«قۇتادغۇ بىلىك» ھىجرىيە 462 - يىلى، مىلادىيە 1069 — 1070 - يىللىرى، كاشغەر شەھرىدە يېزىلغان، 85 باب بولۇپ، 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن تەركىب تاپقان (كېيىن قوشۇلغان نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەر بۇنىڭ سىرتىدا). ئۇنىڭ ۋېنا (1439 - يىلى ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن)، قاھىرە ۋە پەرغانە نۇسخىلىرى بار.

(7) «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغان يېزىق

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ۋېنا نۇسخىسى (1439 - يىلى كۆچۈرۈلگەن) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، قاھىرە نۇسخىسى خاقانىيە يېزىقى (ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى)دا، پەرغانە نۇسخىسى خاقانىيە يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. يۈسۈف خاس ھاجىپ ئەسلىي ئەسەرنى قايسى يېزىقتا يازغان دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئۇ ھەر ئىككى خىل يېزىقنى بىلگەن ۋە داستانىنى ئىككى خىل يېزىقتا يازغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ زامانىمىزغا ئىككى خىل يېزىقتىكى نۇسخىسىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، كېيىن كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ شائىرنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىپ ئەينەن كۆچۈرۈپ قويغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرسە كېرەك.

4. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دۇنياۋى قىممىتى

«قۇتادغۇ بىلىك» ئىدىيەۋى مەزمۇن، بەدىئىي ئىستېدات، ئەسەر قۇرۇلمىسى جەھەتتىن يېپيېڭى بىر ئەسەر. «قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

---

① ق. كەرىموفنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۆزبېك تىلىدىكى تىرانسكرىپسىيە ۋە تەۋسىيى ئۆچۈن يازغان كىرىش سۆزىگە قارالسۇن، تاشكەنت «پەن» نەشرىياتى، 1971 - يىلى نەشرى («ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇ بىلىك›»، 790 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى).

مەدەنىيىتى ئىچىدە ئۇنىڭ نەمۇنىلىكىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۇ يەردىكى ئەدەبىياتنىڭ غولىنى شەكىللەندۇرۇپ، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى بولغانىدى. 11 ـ ئەسىردە «قۇتادغۇ بىلىك»تىن باشلانغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تېما، سۇژېت، بەدىئىي شەكىل، تەسۋىرلەش كۆلىمى، ژانىر ۋە ئۇسلۇب قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىنى بېيىتقان.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىدىكى تارىخىي گۈزەللىك قىممىتىدىن باشقا، بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن چاغدا دۇنيادا پەقەت ھىندىستان، ئەرەب، ئىران، جۇڭگو (بۇ يەردە خەنزۇ ئەدەبىياتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — نەقىلچىدىن) قاتارلىق ئەللەردە ( ۋە ياپونىيەدە — نەقىلچىدىن) يازما ئەدەبىيات مەيدانغا كەلگەن، ھازىرقى تەرەققىي تاپقان باشقا مەملىكەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ قول يازما ئەدەبىياتى (بۇ يەردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك — نەقىلچىدىن) بار ئىدى.①

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئۆز دەۋرىدىمۇ، ھازىرمۇ چوڭ تەسىرگە ۋە يۇقىرى باھاغا ئىگە بولغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئەينى زاماندا بۇ كىتابقا قوشۇلغان بىر مۇقەددىمىدە مۇنداق دېيىلگەن: «چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى بىلەن ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە شۇنداق پىكىرگە كەلدىلەركى، پۈتۈن مەشرىق ۋىلايىتى بىلەن پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە بۇغراخان تىلى ۋە تۈركىي سۆزلەر بىلەن ھېچكىم بۇ كىتابتىن ياخشىراق بىر كىتاب يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھ ياكى قايسى ئەلگە يەتسە، كىتابنىڭ غايەت ياخشى ۋە كۆركەملىكىدىن ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى ۋە ئالىملىرى ئۇنى قوبۇل قىلىپ، تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتىدى. چىنلىقلار ‹ئەدەبولمۇلۈك› (خانلىقنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى)، ماچىن پادىشاھلىقىنىڭ ھېكىملىرى ‹ئەينۇلمەملىكە› (مەملىكەت ئەينىكى)، مەشرىقلىقلار ‹زىنەتۇلئەمرا› (ئەمىرلەر زىنىنتى)، ئىرانلىقلار ‹شاھنامەئى تۈركىي› (تۈركىيلەر شاھنامەسى) دەپ ئاتىغان بولسا، بەزىلىرى ‹پەندىنامەئى تۈرك›(تۈركىيلەر نەسىھەتنامەسى) دەپ ئات قويدى. تۇرانلىقلار ‹قۇتادغۇ بىلىك› دەپ ئاتىدى». بۇلار «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۆز دەۋرىدىلا زور شۆھرەتكە ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە، موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە چىڭگىزخاننىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»كە تەقلىد قىلىپ «چىڭگىزخان قۇتادغۇ بىلىكى» يازدۇرغانلىقى ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان سارايچىق شەھىرى خارابىسىدىن 1909 ـ يىلى تېپىلغان بىر كوزىدا «قۇتادغۇ بىلىك»كە تەقلىدىي يېزىلغان تۆۋەندىكىدەك بېيىتلارنىڭ بولغانلىقىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ:

*كىشى كۆركى يۈز ئول، بۇ يۈز كۆركى كۆز،*
*بۇ سۆز كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز.*

بۇ بېيىت «قۇتادغۇ بىلىك»تە مۇنداق يېزىلغان:

*ئوقۇش كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز،*
*كىشى كۆركى يۈز ئول، بۇ سۆز كۆركى كۆز.*

بۇنىڭدىن باشقا ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق داستانىنىڭ مەزمۇن، ئۇسلۇب، تىل جەھەتتىن «قۇتادغۇ بىلىك»كە ئوخشايدىغانلىقى، «قۇتادغۇ بىلىك»تىن 250 يىل كېيىن نەسىردىن رابغۇزى تەرىپىدىن يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسەردە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلىكى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ خانلىق، سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيەلەر جەھەتتىن ئەمەس، ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ كېيىنكىلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

---

① ليۇ بىڭ: «‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنىڭ نەشر قىلىنغان ۋە تارقىتىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1984 ـ يىللىق 4 ـ سان، 101 ـ بەت.

# §4. مەھمۇد كاشغەري

## 1. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى ۋە قاراخانىيلارنىڭ دەۋر مۇھىتى

مەھمۇد كاشغەري قاراخانىيلارنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى. ئېنسىكلوپېدىيەلىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئاپتورى[①]. مەھمۇد كاشغەري تەخمىنەن ھىجرىيە 398-يىلى (مىلادىيە 1008-يىلى) كاشغەر كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق (كېيىن «قۇمباغ» دەپ ئاتالغان) كەنتىدە قاراخانىيلار خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ھۈسەيىن 1025—1032-يىللىرى قاراخانىيلار تەختىدە ئولتۇرغان يۈسۈف قادىرخاننىڭ نەۋرىسى. ھۈسەيىننىڭ دادىسى مۇھەممەد بىننى يۈسۈف 1057—1058-يىللاردا قاراخانىيلارنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ كېيىنچە ھوقۇقنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دادىسى ھۈسەيىنگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تولۇق ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئەل كاشغەري ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى بولسا ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق مەھەللىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشى سەيپىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ قىزى بۈۋى رابىيە ئىدى.

مەھمۇد كاشغەري ئۆزىنىڭ ئاتىسى ۋە بوۋىلىرى توغرىسىدا «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»(تۆۋەندە «دىۋان» دېيىلىدۇ)تە مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «بارسغان—ئافراسىياب (توڭا ئالپ ئەر) ئوغلىنىڭ ئېتى. بارسغان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان. بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر. بەزىلەر ئۇيغۇر خانىنىڭ بارسغان ئىسىملىك بىر ئاتباقارى بار ئىدى، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن ئۇ ئاتلارنى شۇ يەردە باقاتتى. كېيىنچە بۇ ئىسىم بۇ يەرگە نام بولۇپ قالغان دېيىشىدۇ».

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بارسغان—قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى، ئۇ ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بويىغا يېقىن جايلاشقان بولۇپ، يەتتىسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. بۇ شەھەردىن تارىختا مەشھۇر شەخسلەر يېتىشىپ چىققان، قوشۇن سەركەردىلىرى مەيدانغا كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن مۇھەممەد ئەنە شۇ كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇ بۇ شەھەردە بىر مەزگىل ھاكىملىق مەنسىپىدە ئولتۇرغان. ئەسلىدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخان يۈسۈف قادىرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا خان ئۇرۇقىنىڭ يۇرتى بولغان ئوپال دىيارى ھەدىيە قىلىپ بېرىلگەن. يۈسۈف قادىرخان ۋاپات بولۇپ چوڭ ئوغلى سۇلايمان تەختكە ۋارىس بولغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 435-يىلى (مىلادىيە 1043—1044-يىللىرى) يۈسۈف قادىرخان جەمەتى كاشغەردە ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايدا مىراس تەقسىم قىلغاندا، تالاس ۋە ئىسپىجاپ تەرەپلەر مۇھەممەد بۇغراخانغا بۆلۈپ بېرىلگەن. مۇھەممەد بۇغراخان ئوغلى

① «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)نىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى قارىمىقىدىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاش ھەيئىتى تەرىپىدىن تەييارلانغان نۇسخىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981-، 1983-، 1984-يىللىرى ئۇيغۇر تىلى بىلەن نەشر قىلىندى، بۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى تەتقىقاتچى ئىبراھىم مۇتىئىي، مۇئاۋىن مۇھەررىرلىكىنى تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار ئىشلىگەن؛ تۈزىتىلىپ ۋە فاكسىمىلى، ئىندېكسى قوشۇلۇپ ئىشلەنگەن نۇسخىسى بولسا 2008-يىلى نەشر قىلىنغان.

ھۇسەيىننى بارسغان ئەمىرى قىلىپ تەيىنلىگەن.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاتىسى ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد كېيىن بارسغاندىن كاشغەرگە كۆچۈپ كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي ئەنە شۇ كاشغەردە تۇغۇلغان ۋە ئۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ بۇنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە «كاشغەرىي» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسنى قوللانغان. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە: «ئەمدى مۇھەممەد ئوغلى ھۇسەيىننىڭ پەرزەنتى مەھمۇدنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغايسىز»، «. . . تۈرك ئەللىرىنى سامانىي ئوغۇللىرىدىن ئالغان بۇۋىمىزنى (خەمىر تېگىن) دەپ ئاتايدۇ» دېگەن مەلۇماتلارنى بېرىش ئارقىلىق، بۇۋىلىرىنىڭ مىلادىيە 999 ـ يىلى بۇخارانى قولغا ئېلىپ، 1008 ـ يىلى سامانىيلار خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىگە خاتىمە بەرگەن ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى بۈۋى رابىيە يۇقىرى مەلۇماتلىق، پەزىلەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر ئايال بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينى كىچىكىدىن تارتىپ ئەتراپلىق، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە قىلىپ تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي مانا شۇنداق ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى، ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە چوڭ بولغان. ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتلارنى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر كاشغەردە ئالغان. چۈنكى كاشغەر تارىختىكى يىپەك يولىغا جايلاشقان مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرق بويىچە ئالىي دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى بىلەن داڭ چىقارغان مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيەسىدە ئىلىم ـ پەن گۈللىنىشكە باشلىدى. بۇ دەۋردە كاشغەر، بالاساغۇن، سەمەرقەند، بۇخارا، فاراب قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى تەڭ سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنىدى. فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مۇھەممەد بىنى ئەل كاشغەرىي، ئىمادىددىن كاشغەرىي قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. بولۇپمۇ بۇ دەۋردە باغداد ۋە بۇخارادىكى ئىلىم ـ پەن گۈللىنىشى كاشغەرگە يۆتكىلىپ، كاشغەر گۈللەنگەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانىدى. بۇ مەزگىللەردە مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە ئۇستازىم دەپ تىلغا ئالغان ھۇسەيىن ئىبىن خەلەف كاشغەرىي قاتارلىق ئالىملار بۇ يەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولغان مەدرىسەلەردە مۇدەررىسلىك قىلاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي دەل مۇشۇ ئالىملارنىڭ قولىدا ئوقۇپ ئالىي بىلىملەرنى ئالغان، كېيىن ئۇ يەنە فاراب، بۇخارا، سەمەرقەند، مەرۋى، نىشاپۇر قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇ ئىسلام تارىخىنى، پەلسەپىسىنى، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەرنى پۇختا ھەم چوڭقۇر ئۆگەنگەن. ئۇ ئىسلام مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال قېتىرقىنىپ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن. ئەرەب تىلىغا كامىل ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىققا دائىر بىلىملەرنى سىستېمىلىق ئىگىلىگەندىن سىرت، يەنە بۇ جەھەتتە مەخسۇس تەتقىقاتلار بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب تىلشۇناسلىقى، پارس تىلشۇناسلىقى، يۇنان تىلشۇناسلىقى، ھىندى تىلشۇناسلىقىغا دائىر ماتېرىياللاردىن خەۋەردار بولغان. ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىنى ئالدىن ئۆگىنىپ، ئانا تىلىنىڭ مۇتەخەسسىسى بولۇپ يېتىشكەن ئالىم ئۆزىنىڭ ئىلمىي خىزمىتىنى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشتىن باشلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن، كاشغەر، بالاساغۇن، فاراب، خارەزم، پەرغانە، بارسغان، تالاس، ئىسپىجاپ، قوچو، بەشبالىق، ئىلى دەريا ۋادىلىرى، گەنسۇ دالىلىرى ۋە موڭغۇل يايلاقلىرىغىچە بولغان پايانسىز كەتكەن دالىلارنى كېزىپ، كەڭ كۆلەمدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ تەخمىنەن 15 يىللىق تەكشۈرۈش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ،

ئاخىرىدا باغدادقا بېرىپ، بىر مەزگىل ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتى كاشغەرگە قايتىپ كېلىپ، تەخمىنەن ھىجرىيە 498 ـ يىلى (مىلادىيە 1105 ـ يىلى) ۋاپات بولغان. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇندىن بېرى تاۋاپ قىلىپ كېلىۋاتقان ھازىرقى كاشغەر كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق كەنتىگە[①] جايلاشقان «ھەزرىتى موللام مازىرى» دەل ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىگاھى ھېسابلىنىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي تەخمىنەن 1068 ـ يىلى ئىراقنىڭ پايتەختى باغدادقا بارغان. ئۇنىڭ باغدادقا بېرىشىنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن تەخمىنىي كۆرسىتىش مۇمكىن:

1) مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخان ئوغلى ھۈسەيىنگە خانلىقنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئوردىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بېرىپ، ئېغىر ۋەقە كېلىپ چىققىدۇ. نەتىجىدە ھۈسەيىن باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئىبراھىم خان تەختكە چىققان. قاراخانىيلار ئوردىسىدا يۈز بەرگەن شۇ قانلىق ۋەقەدە، مۇھەممەد بۇغراخان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان بىر قىسىم كىشىلەر كاشغەردىن چىقىپ، غەربىي قاراخانىيلار پاناھىغا كەلگەن. شۇلار قاتارىدا ئامان قالغان مەھمۇد كاشغەرىي نۇرغۇن جايلارنى كېزىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ تۇرماي باغدادقا بارغان. چۈنكى سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى ئالىپ ئارسلان (1063—1072)نىڭ ئوغلى مالىكشاھقا ياتلىق بولۇپ باغدادقا بارغان قاراخانىيلار مەلىكىسى تەركەن خاتۇننى تۇغقان تارتىپ بارغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىن ئىبارەت بۇ ئەسەرنى جەمەتى بىر بولغان تەركەن خاتۇننىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ يار ـ يۆلىكى ئارقىسىدا ئوڭۇشلۇق يېزىپ چىققالىغان.

2) قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كاشغەردە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن (مىلادىيە 1058 ـ يىللار) ئۆزىنى ئىلىم ـ پەنگە بېغىشلىغان ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئىسلام مەدەنىيىتى گۈللەنگەن باغدادقا بېرىشنى خېلى بۇرۇنلا دىلىغا پۈككەن بولغاچقا، ئۇ ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئارزۇسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە باغدادقا بارغان ۋە ئىلمىي ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان.

3) ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن تەڭلىشىۋاتقان، ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەرەب تىلى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش چېپىپ كېتىۋاتقان، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ، ھوقۇق سەلجۇقىي تۈركلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن، «ئەرەبلەرنىڭ ئۆز دەردىنى ئېيتىش ئۈچۈن تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشتىن باشقا يولى يوق» ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، دىنىي يولدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلىش، يەنى بىر لۇغەت تۈزۈش مەقسىتىدە باغدادقا بارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دىن باشقا «كىتابۇ جەۋاھىرىن نەھۋ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللارنىڭ نەھۋىسى ـ سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھىرى) ناملىق يەنە بىر كىتابنىمۇ يازغان. ئەپسۇسكى بۇ كىتاب ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس.

**2. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ھەققىدە**

1. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

«دىۋان»نى 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي تىللار جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى

① ھازىر بۇ كەنت نامى قۇمباغ دەپ ئۆزگەرتىپ كەتكەن.

ھەققىدىكى قامۇس خاراكتېرلىك لۇغەت دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ مەزمۇن خاراكتېرى بىلەن يالغۇز لۇغەت بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيەسى، جۇغراپىيەسى، فولكلورى، ئەپسانىلىرى، ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، قىسقىسى، مەركىزىي ـ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ھەققىدىكى مول مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەزىنە.

بۇ ئەسەر جەمئىي ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىنغان. 1072 ـ يىلى باغدادتا يېزىلغان. كېيىن تۈزىتىپ، 1074 ـ يىلى تاماملانغان. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»نى ئاببا سىيلار خەلىپىسى ئەل قائىم زامانىسىدا يازغان، ئەمما ئۇ ئەسەرنى ئەل قائىمنىڭ ئورنىغا چىققان ئەل مۇقتەدىيگە تەقدىم قىلغان.

«دىۋان»نىڭ ھازىرغىچە ساقلانغان بىردىنبىر نۇسخىسى تۈركىيەدە. ئىستانبۇلدىكى «مىللەت كۈتۈپخانىسى»دا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخىنى 1266 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدۇر. بۇ نۇسخا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەسلىي نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن[1].

«دىۋان»نىڭ يېزىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب: مىلادىيە 1050 ـ يىللاردىن باشلاپ، ئەرەب ئىمپېرىيەسى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، ئىمپېرىيەنىڭ مەركىزى باغدادتا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تەسىرى كۈچىيىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن «تۈركىي تىل ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان»[2] ھالەت شەكىللەنگەنىدى. مەھمۇد كاشغەرىي ئەرەبلەرنىڭ «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۇلارغا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق»[3] ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ «دىۋان»نى يېزىپ چىققان.

«دىۋان»نىڭ يېزىلىشى ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزى ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە مەھەللىلىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيەلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم. ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا ‹دىۋانى لۇغاتىت تۈرك› (تۈركىي تىللار دىۋانى) دەپ ئات قويدۇم »[4].

مەھمۇد كاشغەرىي باغدادقا بارغاندىن كېيىن، كىتابنى قانداق ئۇسۇل بىلەن يېزىش ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرغان. ئۇ كۆپ ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇسۇل، يەنى ھېچكىم قوللىنىپ باقمىغان ئۇسۇل بىلەن «دىۋان»نى يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ

---

[1] تۈركىي تىللارنى ئانچە بىلمەيدىغان مۇھەممەدنىڭ ئەرەبچىنى ياخشى يازالمايدىغانلىقى ئەسەردىكى تىل جەھەتتىكى خاتالىقلاردىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما ساۋەلىك مۇھەممەدنىڭ «دىۋان»نىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر.

[2] م. كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، 7 ـ بەت.

[3] م. كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، 5 ـ بەت.

[4] م. كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، 3 ـ بەت.

ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بىر مۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يېڭى - يېڭى ئۆلچەملىرىنى قويدۇم. . . ئىلگىرىلەشنى خالىغۇچىلارغا توغرا نىشان كۆرسىتىپ، كەڭ يول ئېچىپ بېرىش، يۈكسىلىش تىلىكىدە بولغۇچىلارغا شوتا قويۇپ بېرىش ئۇچۇن شۇنداق قىلدىم »[1].

«دىۋان»نىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر (قاپىيەلىك نەسر)، ماقال - تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار، رەجەزلەر (قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار) ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئۆگەنگۈچى ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۇچۇن بىر نەچچە يىللار مۇشەققەت چېكىپ سۆزلەرنى جاي - جايىغا قويدۇم، تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم، ئاخىر بۇ لۇغەت كىتابنى تۆۋەندىكى سەككىز بۆلۈمگە يىغىنچاقلىدىم:

بىرىنچى، ھەمزە بۆلۈمى
ئىككىنچى، سالىم بۆلۈمى
ئۈچىنچى، مۇزائەف بۆلۈمى
تۆتىنچى، مىسال بۆلۈمى
بەشىنچى، ئۈچ ھەرپلىكلەر بۆلۈمى
ئالتىنچى، تۆت ھەرپلىكلەر بۆلۈمى
يەتتىنچى، غۇننىلىكلەر بۆلۈمى
سەككىزىنچى، ئىككى ساكىن بىللە كەلگەن سۆزلەر بۆلۈمى. . .» [2]

يۇقىرىقى باياندىن، مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»نى ئۆزگىچە بىر قۇرۇلمىدا تۈزۈپ چىققانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. «دىۋان» جەمئىي سەككىز چوڭ بۆلۈمگە ئايرىلغان، بىر مۇقەددىمە بېرىلگەن، سەككىز چوڭ بۆلۈم يەنە 16 تارماققا ئايرىلغان.

2. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تېماتىك مەزمۇنى ۋە ئېنسىكلوپېدىك ئالاھىدىلىكى

1) «دىۋان»نىڭ تېماتىك مەزمۇنى

«دىۋان»نىڭ تېماتىك مەزمۇنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) «دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر مول مەلۇماتلار سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

(2) «دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ياشىغان جايلار تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، قاراخانىيلارنىڭ 11 - ئەسىردىكى جايلىشىش ئەھۋالى ھەم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بىلەن قوشنا ئەللەرگە دائىر جۇغراپىيەلىك ناملارنىڭ نەمۇنىلىرى تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە تونۇشتۇرۇلغان جايلار نامى بىر ۋەقەگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن.

(3) «دىۋان»دا تاللاپ ئېلىنغان 7500 سۆزلۈكنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمىيلىككە ئىگە باي ئەدەبىي مىراسلىرى بولغان ئەدەبىي پارچىلارنى مىسال قىلىپ ئالغان.

(4) «دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن.

---

[1] م. كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» 1 - توم، 7 - بەت.
[2] م. كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» 1 - توم، 4 -، 5 -، 6 -، 7 - بەتلەر.

«دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقى، ھۈنەر-سەنئەت، ئۆي-ئىمارىتى، شەھەر، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تېبابەتچىلىك، چالغۇ ئەسۋابلار، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، ئاسترونومىيە، مۆچەل-كالېندارچىلىق، گېئوگرافىيە، خەرىتىچىلىك، ئىجتىمائىي تۈزۈم، تەبىقە، كىشى ئىسىملىرى، پەلسەپە قاتارلىقلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، بۇلارنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن.

(5) «دىۋان»دا ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر ئاتالغۇلار، دەرىجە، ئۇنۋان ناملىرى، تەبىقە، لەشكىرىي ئاتالغۇلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار بېرىلگەن.

(6) «دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر قوللىنىپ كەلگەن مۆچەل ھەققىدىكى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى، تارىخىي رىۋايەتلەرنى مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن.

(7) «دىۋان»دا كىشى ئىسىملىرى، قەبىلە، مىللەت ناملىرى سىستېمىلىق ئىزاھلانغان، بولۇپمۇ كىشى ئىسىملىرى ئادەملەرنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ چۈشەندۈرۈلگەن.

(8) «دىۋان»دا تىلشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىققا ئائىت مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

2) «دىۋان»نىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئالاھىدىلىكى

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا، بۇ ئەسەر دۇنيادىكى بىرىنچى تۈركىي تىللار لۇغىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاددىي «ئېنسىكلوپېدىيە» دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ[①] دەپ يېزىلغان.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى گېڭ شىمىن ئەپەندى «دىۋان» ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەنىدى: «. . . ئۇ كاشغەرلىك مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 1074-يىللاردا باغدادتا تۈركىي تىلىنى ئەرەبچە چۈشەندۈرۈپ يازغان لۇغىتى. ئۇنىڭدا تۈركىي تىلىنىڭ شېۋىلىرى، تارىخ، جۇغراپىيە، ئۆرپ-ئادەت، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەھەتلەردە مول ماتېرىياللار بار. ئۇنى ئەمەلىيەتتە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى ئېنسىكلوپېدىيەسى دېيىش مۇمكىن»[②].

ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ئۇقۇم دائىرىسىدىن قارىغاندا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق. «دىۋان»نىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

(1) «دىۋان»دا قاراخانىيلار دەۋرىدىن بۇرۇنقى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرى، گۈللەنگەن ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى، ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمىي خەرىتىسى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تاللانغان سۆزلىرى، ماقال-تەمسىللىرى، زورۇر بولغان شەرتلىك بەلگىلەر، خىلمۇ خىل ئىلىم جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن.

(2) مەھمۇد كاشغەرىي ئەسەرگە تاللاپ كىرگۈزگەن ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى ئەرەب تىلىدا ئىزاھلىغان، تۈركىي تىللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندىن باشقا يەنە ئەرەب تىلى بىلەنمۇ

---

[①] شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1-قىسىم، 160-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

[②] گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يادىكارلىقلىرىنىڭ ئوچېركلىرى» («维吾尔族古代文化与文献概论»)، 43-، 44-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىلى خەنزۇچە نەشرى.

سىلىشتۇرغان. سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئۇ بۇ تىللارنى فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىزاھلىغان ۋە سېلىشتۇرغان.

(3) «دىۋان»دا تارىخىي شەخس، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، زۆرۈر بولغان بەلگە ۋە جەدۋەللەر بېرىلگەن. مەسىلەن، 22 ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ تامغىلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسى بېرىلگەن.

(4) «دىۋان» ئەرەبلەرنىڭ ياكى پارسلارنىڭ لۇغەت تۈزۈش ئەندىزىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىغىچە ھېچكىم قوللىنىپ باقمىغان تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە تۈزۈلگەن. يەنى، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى خاقانىيە تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە قۇرۇلغان. بۇنىڭدا ھەرپ تەرتىپى بويىچە تۈرگە ئايرىش تەرتىپى قوللىنىلغان. «دىۋان»نىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەسەر يالغۇز تىل لۇغىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم-پەن مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن، مەھمۇد كاشغەرىي «بىر نەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ» يېزىپ چىققان، ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىگە دائىر ئېنسىكلوپېدىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

3. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە قوللىنىلغان «خاقانىيە ئەدەبىي تىلى»

1) «دىۋان»دا قوللىنىلغان «خاقانىيە ئەدەبىي تىلى»

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»نى تۈزۈشتە، پۈتۈن تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان بىر ئەدەبىي تىلنى ئاساس قىلغان. شۇڭا ئۇ لۇغەت ئۈچۈن تىل ماتېرىياللىرىنى توپلاشقا كىرىشكەندىن باشلاپ، ئۇنى رەتلەپ تۈزۈپ چىققانغا قەدەر ھەربىر سۆز، ئاتالغۇ، تەلەپپۇزغا قەدەر ئەدەبىي تىل نورمىسىغا قاتتىق ئەمەل قىلغان.

11-ئەسىرلەردە، بارلىق تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان بىر يېزىق ئەدەبىي تىلى بار ئىدى. بۇ تىل 10-ئەسىردىن بۇرۇنقى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىسىنى ساقلىغان ھالدا، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى قاراخانىيلارنىڭ يېڭى ئىجتىمائىي شارائىتى ئىچىدە شەكىللەنگەن خاقانىيە ئەدەبىي تىلى ئىدى.

خاقانىيە ئەدەبىي تىلى 10-ئەسىردىن كېيىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى چوڭ شېۋىنى ئاساس قىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدە ياشىغۇچى خەلقلەر تىلىنى ئومۇمىي ئەدەبىي تىل دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا «خاقانىيە تىلى» دەپ نام بەرگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي كۆپ تىلغا ئالغان تىل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم ئاساس بولغان، خاقانىيەنىڭ مۇھىم شەھىرى ھېسابلانغان كاشغەرنى ئاساس قىلىپ مەيدانغا كەلگەن خاقانىيە ئەدەبىي تىلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تىلدا «قۇتادغۇ بىلىك»، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تەك ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي كۆرسەتكەن خاقانىيە ئەدەبىي تىلى قاراخانىيلارنىڭ ئاساسىي ئەدەبىي تىلى ئىدى. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) قاراخانىيلار دائىرىسىدىكى خەلقلەر ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئىشلەتكەن ئۆلچەملىك تىل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە يىغقان تىل ئىدى. ئورقۇن ئابىدىلىرىنىڭ تىلى، قوچو ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلى بىلەن قاراخانىيلار ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ تىلى بىر-بىرىگە يېقىن بولۇپ، خېلى پىشقان، ئاساسى پۇختا تىل ئىدى.

(2) قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شەرق،

غەرب مەدەنىيىتى ئالمىشىپ ئۆزئارا تەسىر قىلىدىغان كۆزنەك بولغاچقا، پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇش ـ ئالمىشىش ئورنى ئىدى. ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تىل، ئەدەبىيات مانا مۇشۇ جاينى مەركەز قىلىپ راۋاجلانغانىدى.

(3) «خاقانىيە تىلى»دا، باي ئەدەبىي مىراسلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئامىللىرى بولغاندىن سىرت، ئۇنىڭدا يەنە تۈركىي تىللارنىڭ ئوبدان ئامىللىرىمۇ بار ئىدى. شۇڭا بۇ تىل شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىي تىللار ئۇچۇن ئېيتقاندا ياخشى ئالاقە قورالىلىق خىزمىتىنى ئۆتىگەن. بۇ تىلدا بارلىق تۈركىي تىللارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلەنگەن.

(4) قاراخانىيلار دەۋرىدە ئورتاق يېزىق ـــ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بار ئىدى. خاقانىيە ئەدەبىي تىلى مانا شۇ يېزىق ئارقىلىق خاتىرىگە ئېلىنغان. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا بۇ ھەقتە مەلۇمات بەرگەن. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى «قۇتادغۇ بىلىك»كە ئوخشاش ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەنە شۇ يېزىقتىكى نۇسخىلىرىمۇ بار ئىدى.

دېمەك، «قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى. . . ئۇيغۇر، تۈركەش، ياغما، قارلۇق قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن» ئەدەبىي تىل بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي بۇ تىلنى خاقانىيە تىلى دەپ ئاتىغان.

2) «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتىكى ئەھمىيىتى

«دىۋان» ـــ ئوتتۇرا ئەسىر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تۈركىي تىللارنى يورۇتۇپ بەرگۈچى تىلشۇناسلىق ئەسىرى. بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بىزنى مول، ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەرەب ۋە پارس تىلى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىمۇ بېرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تۈركىي تىللارنى ۋە باشقا بىلىملەرنى ئۆزى دالا سەپىرى قىلىپ تەكشۈرۈش، بۇ تىللارنى پۇختا بىلىدىغان كىشىلەردىن بىۋاسىتە ماتېرىيال توپلاش، تىللارنى بىرمۇبىر خاتىرىلەش، تىللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، گۇرۇپپىلاش قاتارلىق سىستېمىلىق بولغان ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ھەربىر تىلنىڭ شېۋە پەرقىگىچە ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بارغان. تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەب تىلى، ئۇيغۇر تىلى بىلەن باشقا تۈركىي تىللار ۋە تۈركىي تىللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغان. شۇڭا رۇس تۈركىي تىللار تەتقىقاتچىسى ن. ئا. باسكاكوف ئېنىق قىلىپ: «‹دىۋانى لۇغاتىت تۈرك›نىڭ ئاپتورى بولغان مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي تىللار ساھەسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ پېشۋاسى» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

«دىۋان»نىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتىكى ئەھمىيىتى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەدەبىي مىراسلار، تۇرپان تېكىستلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەر ۋە باشقا تۈركىي تىللاردا يېزىلغان ئەسەرلەر تەتقىقاتىدا كۆرۈلگەن مۇجمەللىكلەر «دىۋان»غا سېلىشتۇرۇپ ئېنىقلانغان تىللار ئارقىلىق روشەنلەشتى. بۇنىڭ بىلەن تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدىكى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گىراماتىكىلىق ھەتتا سىنتاكسىسلىق قائىدىلەر ئىلمىي ئاساستا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان ئاساسقا ئىگە قىلىندى.

(2) ھەر قايسى تۈركىي تىللاردىكى ئاتالغۇلار، ئۇرۇق، مىللەت، يەر ـ جايناملىرىنىڭ يېزىلىشى، تەلەپپۇزى جەھەتتىكى سېلىشتۇرمىلار «دىۋان» ئارقىلىق سېلىشتۇرما قىلىنىش بىلەن توغرا بولغان تەتقىقات يۆنىلىشىگە ئىگە قىلىندى.

(3) مەھمۇد كاشغەري «دىۋان»دا تۈركىي تىللارنى ئۆزئارا تەپسىلىي سېلىشتۇرغاندىن باشقا، يەنە بۇ تىللار بىلەن ئەرەب تىلىنى سېلىشتۇرۇپ چىققان. دۇنيادا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق 19 ـ ئەسىردە ياۋروپادا شەكىللەنگەندى. مەھمۇد كاشغەري بولسا، 11 ـ ئەسىردىلا بۇ ئىلمىي خىزمەتنى باشلاپ راۋاجلاندۇرغانىدى. مەھمۇد كاشغەري دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىدە بىرىنچىدىن، باشلامچى، ئىككىنچىدىن، ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ تىللىرىنى ئىلمىي ئاساستا سېلىشتۇرۇپ چىققانلىقى بىلەن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

دېمەك، «دىۋان»نىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

**3. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى ئەدەبىي مىراسلار**

1. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى ئەدەبىي مىراسلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

«دىۋان» قاراخانىيلار دەۋرىدىن بۇرۇنقى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ باي مەزمۇنلۇق ئەدەبىي مىراسلىرى خاتىرىگە ئېلىنغان ئەسەر، بۇ نۇقتىدىن ئەسەرنى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ يىرىك توپلامى دېيىشكە بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەري «دىۋان»دا 7500 دىن ئارتۇق سۆزنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى ئەتراپلىق ۋە جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي پارچىلارنى مىسالغا ئالغان. بۇ ئەدەبىي پارچىلار 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەھمۇد كاشغەري «دىۋان»نى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر (قاپىيەلىك پىروزا)، ماقال ـ تەمسىللەر، شېئىر ـ قوشاق، داستانلار، رەجەزلەر (قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار)، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، قىسسەلەر قاتارلىق ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن بېزىگەن.

«دىۋان»غا تۈرلۈك تېمىدىكى 242 كۇپلېت شېئىر ـ قوشاق، 279 ماقال ـ تەمسىل، 20 ئەپسانە ـ رىۋايەت قاتارلىق ئەدەبىي نەمۇنىلەرنى كىرگۈزگەن. مەھمۇد كاشغەري بۇ ئەدەبىي پارچىلارنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا بېرىپ، بۇلارنى ئەرەبچە ئىزاھلىغان.

«دىۋان»دىكى ئەدەبىي نەمۇنىلەر ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىرىنچى، نەسرىي ئەسەرلەر، ئىككىنچى، نەزمىي ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

نەسرىي ئەسەرلەر ئىپادىلىگەن مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ:

1) تەڭرى ـ مەبۇدلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر؛

2) قەھرىمانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر؛

3) قەبىلە نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر؛

4) يەر ـ جايناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.

نەزمىي ئەسەرلەر مەزمۇن ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ:

1) ئېپوس، داستانلاردىن پارچىلار؛

2) مەرسىيەلەر؛

3) قوشاقلار؛

4) ساقىينامىلەر.

2. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى نەسرىي ئەسەرلەر

«دىۋان»دىكى نەسرىي ئەسەرلەر مەھمۇد كاشغەري خاتىرىگە ئالغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىلەن سەجئىلەر دەپ ئاتالغان قاپىيەلىك نەسرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە قىممەتلىك تارىخىي

بايانلارمۇ بار. خاتىرىگە ئېلىنغان نەسرىي ئەسەرلەر ئىچىدە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

«دىۋان»دا 20 دىن ئارتۇق ئەپسانە ـ رىۋايەت خاتىرىگە ئېلىنغان. بۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر تۆۋەندىكى تۈرلەر بويىچە تەھلىل قىلىنىدۇ:

1) تەڭرى (ئىلاھ) ـ مەبۇدلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

«دىۋان»دا تەڭرى ـ مەبۇد توغرىسىدىكى ئەپسانىلەردىن مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان ئوماي ئەپسانىسى، قۇلباق ئەپسانىسى، ئىلاھىي دەرەخ ئەپسانىسى قاتارلىق ئەپسانىلەر خاتىرىلەنگەن.

(1) ئوماي ئەپسانىسى

بۇ ئەپسانە توغرىسىدا ئەسەردە قىسقىلا بايان بېرىلگەن. ئوماي ئەپسانىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارقالغان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي دەل مۇشۇ ئەپسانىگە دائىر ئاتالغۇ ۋە ماقال ـ تەمسىللەرنى خاتىرىگە ئالغان. ئۇ «ئومايغا تېۋىنساڭ، ئوغۇل تۇغىسەن» دېگەن ماقالنى خاتىرىلەپ، ئوماي سۆزىنى ئىلاھنىڭ نامى دەپ ئىزاھلىغاندىن سىرت، يەنە «ئەش، يولداش، ھەمراھ» دەپ چۈشەندۈرگەن.

(2) قۇلباق ئەپسانىسى

تېكىستى: «قۇلباق ــ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ بالاساغۇن تاغلىرىدا ياشايدىكەن. ئۇ قارا تاشقا ‹تەڭرى قۇلى قۇلباق› دەپ يازسا ئاق بولۇپ چىقىدىكەن. ئاق تاشقا يازسا قارا بولۇپ چىقىدىكەن».

مەزمۇنى: بۇ ئەپسانىدە ئىنسانلارنىڭ بىر خۇدالىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ ئىلاھىدىلىكى ئىپادىلىنىش بىلەن، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە دۇنيا توغرىسىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرى ئىلاھىي ئوبراز ــ قۇلباق ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

2) قەبىلە نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە ئەدەبىي ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان تۈرك، ئۇيغۇر، ئوغۇز، تۈركمەن، چىگىل، تۇبۇت قاتارلىق قەبىلىلەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى خاتىرىلىگەن.

(1) «ئۇيغۇر» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت

تېكىستى: «ئۇيغۇر. بىر ئەلنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار.

بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن. زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتىكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن. بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل (خۇزخور) دەپ ئاتىلىپتۇ».

(2) «ئۇيغۇر» نامى توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى

بۇ رىۋايەتتە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرى بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق جەڭ ئەھۋالى سۆزلەنگەن ھەم ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى، مەرگەنلىكلىكى ھەم ئۇ «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەنبە رىۋايەت شەكلىدە بايان قىلىنغان.

3) ھەر خىل شەيئى ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشىغان يەرلەرنىڭ ناملىرى، مەسىلەن، ئوردۇكەنت، بارچۇق، بۇگۇر، قوچو، بېشبالىق، بالاساغۇن، بارسغان قاتارلىق جايلار نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مۇچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى، يېمەكلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەھمىيەتلىك بولغان رىۋايەتلەرنى خاتىرىلىگەن.

(1) مۇچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت

تېكىستى: «خانلاردىن بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان. بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. ئۇ خەلقنى يىغىپ مۇنداق دېگەن: ‹بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن›. خەلق خاقاننىڭ بۇ سۆزىنى ‹شۇنداق بولسۇن› دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋا ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشقا بۇيرۇغان. خەلق بىر مۇنچە ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۇرۇپ ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. بىر مۇنچە ھايۋانلار ئۆزىنى سۇغا ئاتقان. ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئەنە شۇ ئون ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان. سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال چاشقان ئۆتكەن. شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ چاشقان يىلى دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەنلىرىنىڭ ھەر بىرى بىر يىل ئۈچۈن ئىسىم بولۇپ قالغان: 1)چاشقان يىلى، 2) ئۇي يىلى، 3) بارس يىلى، 4) توشقان يىلى، 5) لەھەڭ يىلى، 6) يىلان يىلى، 7) ئات يىلى، 8) قوي يىلى، 9) مايمۇن يىلى، 10) توخۇ يىلى، 11) ئىت يىلى، 12) تونگۇز يىلى. تونگۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن، ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ».

(2) مۇچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى

رىۋايەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر يىلنى 12 ئايغا بۆلۈپ ھېسابلايدىغان ۋاقىت ھەققىدىكى قەدىمكى دەۋرلەردىكى قاراشلىرى ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى تۈرلۈك قاراشلىرى يەنى ئاسماننى 12 بۇرجقا ئايرىپ چۈشەندۈرىدىغان قارىشى، ھەر قانداق نەرسىگە ئىلمىي قارايدىغان ئادىتى ۋە چارۋىچىلىق ھاياتى ئىپادىلەنگەن.

4) قەھرىمانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر كۆپ تارقالغان. مەھمۇد كاشغەرىي ئەنە شۇ رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئەسىرىدە خاتىرىگە ئالغان. «خاقان شۇ ھەققىدىكى رىۋايەت» ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

(1) خاقان «شۇ» ھەققىدىكى رىۋايەت

رىۋايەتنىڭ تېكىستى: «زۇلقەرنەيىن سەمەرقەندتىن ئۆتۈپ، تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا تۈركلەرنىڭ ‹ شۇ › ئىسىملىك بىر ياش خاقانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى ‹ شۇ › قەلئەسىنى شۇ ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. بۇ قەلئە ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر شەرپىگە 360 قېتىم دۇمباق چېلىناتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭغا: ‹زۇلقەرنەيىن يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ ؟ نېمە بۇيرۇقلىرى بار ئىكەن؟› دەيدۇ. ئەسلىدە خاقان شۇ خوجەند دەرياسى بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيىننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بۇ دەريا قىرغىقىغا تارقانلاردىن تەركىب تاپقان 40 كىشىلىك

چارلىغۇچى ئەۋەتكەن ئىكەن. چارلىغۇچىلار مەخپىي ھالدا كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى خان ئەسكەرلىرىدىن ھېچكىممۇ بىلمەيدىكەن. خاقاننىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن. خاقاننىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان بىر كۆلچىكى بولۇپ، سەپەرگە چىققاندا ئۇزى بىللە ئېلىپ يۈرۈيدىكەن. ئۇنىڭغا شۇ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، غاز، ئۆردەكلەر چۈشۈپ شۇڭغۇپ ئوينايدىكەن. خاقان زۇلقەرنەيننى بىلەن ئۇرۇشمىزمۇ دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈمۈش كۆلچىكىنى كۆرسىتىپ: «غاز، ئۆردەكلەرگە قاراڭلار، ئۇلار سۇغا قانداق شۇڭغۇيدىكەن؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خاقاننىڭ بەرگەن جاۋابى ئادەملەرنى ئويغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇلاردا خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ ئەمەس، چېكىنمەكچىمۇ ئەمەس دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپتۇ. زۇلقەرنەيىن دەريادىن ئۆتۈپتۇ. چارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىنى خاقانغا كېچىسى كېلىپ مەلۇم قىلىپتۇ. خاقان شۇ كېچىسىلا دۇمباق چالدۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئاپتۇ. خاقاننىڭ تەييارلىقسىزلا يولغا چىققانلىقىدىن خەلق ئارىسىدا ئەنسىزلىك، تەشۋىش پەيدا بولۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قارارگاھ توپتوز بىر سايغا ئايلىنىپتۇ.

خاقان «شۇ» چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپتۇ. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەيىنگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىپتۇ. زۇلقەرنەيىننىمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىپتۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بوپتۇ. بۇ توقۇنۇش «ئالتۇن قان» دېگەن يەردە بولغان ئىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە «ئالتۇنقان» دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھى تۈزىدۇ. ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. زۇلقەرنەيىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن خاقان «شۇ» قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ، ئاندىن ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان بىر تىلسىم قۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە لەگلەكلەر ئۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆچۈپ ئۆتەلمەيدۇ. تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ».

«زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. خاقاننىڭ ۋەزىرى «سىز زۇلقەرنەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى» دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى «ئۆگە» سۆزىنى قوللىنىپ «ئۆگەنىمۇ؟» دېگەن. ۋەزىر «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خاقان ياشانغان، سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغان ئىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر-بىرىدىن «بۇ نېمە؟» دەپ سوراشقاندا، ئۇلار: «ئالتۇن قان» دېيىشكەن. شۇڭا شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھى تۈزگەن».

(2) خاقان «شۇ» ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى

رىۋايەتتە زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇش قىلغان خاقان «شۇ»نىڭ ئەل-يۇرت سۆيەرلىك خاراكتېرى، قەھرىمانلىقى، ئەقىل-پاراسىتى، مول تەجرىبىسى، لەشكىرىي تالانتى، چېۋەرلىكى، جاسارىتى، باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى قىزىقارلىق رىۋايەت شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

3. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى نەزمىي ئەسەرلەر

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا تارقالغان 11 ـ ئەسىردىكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى شېئىر ـ قوشاق، ئېپوس، داستاندىن پارچىلارنى خاتىرىلىگەن. بۇنداق ژانىرلاردىكى شېئىرىي پارچىلارنىڭ سانى 240 پارچىدىن ئاشىدۇ. «دىۋان»دىكى نەزمىي ئەسەرلەر 3 تومغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە، 1 ـ تومغا 117 پارچە، 2 ـ تومغا 48 پارچە، 3 ـ تومغا 77 پارچە تارقالغان بولۇپ، بۇلار ئېپىك شېئىرلار ۋە لىرىك شېئىرلار دەپ ئىككى چوڭ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان.

1) ئېپىك شېئىرلار

«دىۋان»دىكى ئېپىك شېئىرلار ئۆز ئىچىدىن يەنە ئېپوس ۋە داستانلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

(1) ئېپوسلار ــ مەھمۇد كاشغەرىي ئەسەردە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا تارقالغان توڭا ئالپ ئەر توغرىسىدىكى ئېپوسنىڭ پارچىلىرىنى خاتىرىلىگەن.

(2) داستانلار ــ مەھمۇد كاشغەرىي ئەسىرىدە يەنە بىكەچ ئارسلان تېگىن داستانى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تاڭغۇتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشى ئىپادىلەنگەن داستاننىڭ پارچىلىرىنى خاتىرىگە ئالغان. ئەسەردە «بىكەچ ئارسلان تېگىن» داستانىدىن جەمئىي 36 كۇپلېت خاتىرىلەنگەن.

2) لىرىك شېئىرلار

«دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى لىرىك شېئىرلار ئېپىك شېئىرلارغا قارىغاندا سانى كۆپ. ئۇلار مەزمۇنىغا قاراپ، قوشاقلار، مەرسىيەلەر، ساقىينامىلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، مۇنازىرىنامىلەردىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) قوشاقلار

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئېستېتىك قىممىتى يۇقىرى بولغان كۆپلىگەن قوشاقلارنى خاتىرىگە ئالغان. بۇ قوشاقلار مەزمۇن جەھەتتىن سەككىز چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، ئەمگەك قوشاقلىرى؛ ئىككىنچى، جەڭ قوشاقلىرى؛ ئۈچىنچى، ماتەم قوشاقلىرى؛ تۆتىنچى، تەبىئەت قوشاقلىرى؛ بەشىنچى، شاراب قوشاقلىرى؛ ئالتىنچى، مۇھەببەت قوشاقلىرى؛ يەتتىنچى، پەند ـ نەسىھەت قوشاقلىرى؛ سەككىزىنچى، بايرام قوشاقلىرى.

① ئەمگەك قوشاقلىرى: مەلۇمكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئوۋچىلىق ئىدى. تەبىئەتتىن يىغىپ ـ تېرىش باسقۇچىدا كىشىلەر پەقەت ئوۋ غەنىيمەتلىرى ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى ئوزۇق قىلىش ئارقىلىقلا ئۆز تۇرمۇشىنى قامدايتتى. «دىۋان»دىكى بىر قىسىم قوشاقلاردا قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ دەل مانا شۇ ئوۋچىلىق ۋە مېۋە يىغىش پائالىيەتلىرى سۈرەتلەپ بېرىلگەن. مەسىلەن:

*يىگىتلەرىگ ئىشلەتۇ،*
*يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ،*
*قۇلان، كىيىك ئاۋلاتۇ،*
*بەدرەم قىلىپ ئاۋنالىم.*

*[ يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ، قۇلان، كېيىك ئوۋلىتىپ، بايرام قىلىپ، كۆڭۈل ئاچايلى ].*

*چاغرى بېرىپ قۇشلاتۇ،*
*تايغان ئىدىپ تىشلاتۇ،*

*تىلكۇ توڭۇز تاشلاتۇ،*
*ئەردەم بىلە ئۆگلەلىم.*

*[قارچىغىغا قۇشلىتىپ، تايغانلارنى ئىز قوغلىتىپ چىشلىتىپ، تۈلكە ۋە توڭگۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ، پەزىلىتىمىز بىلەن ماختىنايلى].*

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم قوشاقلاردا ھايۋانلارنى ئوۋلاشنىڭ جەريانى ۋە ئۇسۇل-چارىلىرى ئىپادە قىلىنغان.

ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، بۇ تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، بۇ قوشاقلار ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھالىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەجدادلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى كوللېكتىۋىزملىق روھىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

② جەڭ قوشاقلىرى: «دىۋان»دىكى بىر قىسىم قوشاقلاردا قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار، تاڭغۇتلار بىلەن قىلىنغان جەڭ، جۈملىدىن توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئارا زىددىيەت-توقۇنۇشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

*ئەرەن ئالپى ئوقىشتىلار،*
*قىڭىر كۆزىن باقىشتىلار،*
*قامۇغ تولمۇن توقۇشتىلار،*
*قىلىچ قىنقا كۈچۈن سىغدى.*

*[باتۇر ئەرلەر بىر-بىرىنى جەڭگە چاقىرىشتى، قىڭغىر كۆز بىلەن قاراشتى، قورال بىلەن توقۇنۇشتى، قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى].*

*ئىبرە ئارغ ئۆز پەشۇر،*
*ئۈچىن، كەكىن ئىلرتەشۇر.*
*ساقال تۇتۇپ تارتىشۇر،*
*كۆكسى ئارا ئوتى تۇتار.*

*[باتۇرلار بىر-بىرىگە قاراپ ھۆرپىيىشىپ، ئۆچ-ئىنتىقام ئېلىشنى ئىستەيدۇ، ساقاللىرىنى يۇلۇپ تارتىشىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلدايدۇ].*

*تاڭغۇت سۆسىن ئۇشكلەدى،*
*كىشى ئىشىن ئەلۈكلەدى.*
*ئەرىن ئاتىن بەلكلەدى،*
*بۆلۈن بولىپ باشى تىغدى.*

*[تاڭغۇت قوشۇنىنى ئۇششۇپ تۇرغاندا باستى، ئۇلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى مەسخىرە قىلدى، ئەرلىرىنى، ئاتلىرىنى غەنىيمەت ئالدى، تاڭغۇتلار ئەسىر بولۇپ بېشىنى ئەگدى].*

جەڭ قوشاقلىرىنىڭ يەنە بىر قىسمىدا دىنىي سەۋەب تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئۇرۇشلار، يەنى مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ كاپىر ئۇيغۇر-«تات»لارغا قارشى يۈرۈشلىرى، تۈركەشلەر ۋە ياباغۇلار بىلەن بولغان جەڭلەرمۇ بايان قىلىپ بېرىلگەن. مەسىلەن:

*كەلدى ماڭا تات،*
*ئەيدىم ئەمدى يات.*

*قۇشقا بولۇپ ئەت،*
*سېنى تىلەر ئۇس بۆرى.*

*/ ئالدىمغا بىر تات كەلدى. مەن ئۇنىڭغا: سەن ئەمدى بۇ يەرگە يات، قۇشقا ئوزۇق بول، سېنى بۆرىلەر كۈتىۋالىدۇ، دېدىم/.*

*بەچكەم ئۇرۇپ ئاتلاقا،*
*ئۇيغۇر داقى تاتلاقا.*
*ئوغرى ياۋۇز ئىتلاقا،*
*قۇشلار كەبى ئۇچتىمىز.*

*/ ئاتلارغا بەلگە تاقاپ، ئۇيغۇر تاتلارغا، ئوغرى، ياۋۇز ئىتلارغا قارشى خۇددى قۇشتەك ئۇچتۇق/.*

*كەلىڭىزلەيۇ ئاقتىمىز،*
*كەندلەر ئۇزە چىقتىمىز.*
*فۇرخان ئەۋىن يىقتىمىز،*
*بۇرقان ئۇزە سىچتىمىز.*

*/ كەلكۈندەك ئېقىپ كەلدۇق، قەلئەلەر ئۈستىگە چىقتۇق، بۇتخانىلارنى چېقىپ يىقىتتۇق، بۇتلار ئۈستىگە تەرەت قىلدۇق/.*

③ ماتەم قوشاقلىرى: بۇ خىل قوشاقلاردا ئالپ ئەر تۇڭا ۋە نامەلۇم بىر قەھرىماننىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە ئوقۇلغان. ئالپ ئەر تۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتنىڭ ئەڭ باتۇر قەھرىمانى. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەر، تارىخچىلار ۋە ساياھەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئالپ ئەر تۇڭا ھەققىدە كۆپ توختىلىپ ئۆتكەن. رىۋايەت ۋە قوشاقلاردا بايان قىلىنىشىچە، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمان خاقانى بولۇپ، يات ئەللەرنىڭ مۇداخىلىسىگە قارشى ئۇرۇشلاردا ئاجايىپ باتۇرلۇقلار كۆرسەتكەن. ئەمما ئۇ كېيىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن سۇيىقەستكە ئۇچراپ قۇربان بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ نۇرغۇن قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. بۇ خىل قوشاقلاردا ئالپ ئەر تۇڭانىڭ قەھرىمانلىقى مەدھىيەلەنگەن ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى چوڭقۇر قايغۇ-ھەسرەتلىرى ئىپادە قىلىنغان.

«دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن ماتەم قوشاقلىرى ئىچىدە يەنە بىر نامەلۇم قەھرىماننىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى ھەسرەتلىك قوشاقلار بار.

④ تەبىئەت ۋە پەسىل قوشاقلىرى: «دىۋان»دىكى بىر قىسىم قوشاقلاردا ھەر خىل پەسىللەرگە ماس بولغان تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن سىزىپ بېرىلىدۇ. ئۇلاردا «يىپەك گىلەمدەك يۇمشاق»، «ئىپاردەك خۇش پۇراق»، «ئۈنچە قېپى يېرىلغاندەك ئېچىلىپ كەتكەن» خىلمۇ خىل گۈللەر، تاغلاردىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلار، قېيىقتەك ئۈزۈۋاتقان كۆكۈچ بۇلۇتلار، تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرلار شۇنداق جانلىق، شۇنداق كۆركەم تەسۋىرلەنگەنكى، بۇ خىل قوشاقلارنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ھالدا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ گۈزەللىكىگە زوقلىنىپ، مەست بولۇپ كېتىمىز.

*تۈرلۈك چەچەك يارىلدى،*
*بارچىن يادىم كەرىلدى.*
*ئۇچمان يەرى كۆرۈلدى،*
*قۇملۇق يەنە كەلگۇسۇز.*

*/ خىلمۇ خىل گۈل-چېچەكلەر ئېچىلدى، يىپەك گىلەم يېيىلدى، يەر كۆرۈندى، سوغۇق*

*ئەمدى كەلمەيدۇ/.*

*قار بۇز قامۇغ ئارۇشدى،*
*تاغلار سوۋى ئاقىشدى.*
*كۆكشىن بۇلىت ئۆرۈشدى،*
*قايغۇق بولۇپ ئەكرىشۇر.*

*/قار-مۇزلار پۇتۇنلەي ئېرىدى. تاغلاردىن سۇلار ئېقىشقا باشلىدى. كۆكۈچ بۇلۇت كۆتۈرۈلدى، ئۇ خۇددى قېيىقتەك چايقىلىدۇ/.*

*ياغمۇر ياغىپ ساچىلدى،*
*تۈرلۈك چەچەك سۈچۈلدى.*
*يىنچۈ قابى ئاچىلدى،*
*چىبدان، يىپار يۇغرۇشۇر.*

*/يامغۇر تامچىلاپ چېچىلدى، ھەر خىل گۈللەر ئۈنۈپ چىقتى، گويا ئۈنچە قېپى ئېچىلدى، سەندەل ۋە ئىپاردەك خۇش پۇراق چېچىلدى/.*

قەدىمكى زامانلاردا كىشىلەر تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبىنى ياخشى چۈشەنمىگەن، يىلنىڭ بىر پەسلى ئۇلارنى ناھايىتى خۇشاللاندۇرسا، يەنە بىر پەسلى قايغۇغا سالغان. مەلۇمكى، ياز پەسلى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئۈچۈن ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. قىش پەسلىدە بولسا بۇنداق ئىمكانىيەتلەر يوق بولۇپلا قالماستىن، يېتەرلىك ئوزۇق-تۈلۈك ۋە يەم-خەشەك يىغىۋالمىغان قەبىلىلەر ئېغىر ھالاكەتكە ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىدا ياز پەسلى چوڭ سۆيۈنۈش ۋە مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەنسە، قىش پەسلى بىزارلىق ۋە نارازىلىق كەيپىياتى بىلەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن. «دىۋان»دىكى «قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى» ناملىق ھەجۋىي قوشاق ئەنە شۇنداق مەزمۇندىكى قوشاقتۇر.

⑤ شاراب قوشاقلىرى: بۇ خىل قوشاقلاردا شاراب سورۇنىدىكى كۆرۈنۈشلەر، كىشىلەرنىڭ شاراب ئىچىش ۋاقتىدىكى ھېسسىياتلىرى ۋە شاراب پەيدا قىلغان خۇشاللىق كەيپىياتلىرى ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*كۆگلەر قامۇغ تۇزۇلدى،*
*ئەۋرىق ئىدىش تىزىلدى.*
*سەنسىز ئۆزۈم ئۈزۈلدى،*
*كەلگىل ئامۇل ئوينالىم.*

*/سازلار تەڭشەلدى، ئەۋرىق، قەدەھلەر تىزىلدى، سەنسىز كۆڭلۈم يېرىم بولدى، تېز كەل، تىنچ ئوينايلى/.*

⑥ مۇھەببەت قوشاقلىرى: «دىۋان»دىكى مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ئىنسانلارنىڭ نازۇك مۇھەببەت تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۆز يارىنىڭ گۈزەللىكى، ئۇنى چەكسىز ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى ۋە ئىشقى پىراق ھەسرەتلىرى چوڭقۇر ئىپادە قىلىپ بېرىلگەن. مەسىلەن:

*بۇلنار مېنى ئۇلاس كۆز،*
*قارا مەڭىز قىزىل يۈز.*
*ئاندىن تامار تۇگەل تۈز،*
*بۇلنار يەنە ئول قاچار.*

*/ئەسىر قىلدى خۇمار كۆز، قارا مەڭلىك، قىزىل يۈز، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي گۈزەللىك ياغار، مېنى ئەسىر قىلدى-يۇ، ئۆزى قاچتى/.*

يالۇن ئانىڭ كۆزى،
يەلكىن ئانىڭ كۆزى.
تولۇق ئايىن يۈزى،
يەردى مېنىڭ يۈرەك.

[ئۇنىڭ كۆزى جادۇ كۆز، ئۇنىڭ ئۆزى مۇساپىر، ئۇنىڭ يۈزى تولۇن ئاي، ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى پارە-پارە قىلىۋەتتى].

ئۇزىڭ مېنى قۇمىتتى،
ساقىنچى ماڭا يۇمۇتتى.
كۆڭلۈم ئاڭار ئەمتتى،
يۈزۈم مېنىڭ سارغارۇ.

[ئىشق ئوتى مېنى هاياجانغا سالدى، قايغۇ ماڭا يېپىشتى، كۆڭلۈم ئۇنىڭغا باغلاندى، مېنىڭ چىرايىم سارغايدى].

يىغلاپ ئۇدۇ ئارتادىم،
باغرىم باشىن قارتادىم.
قاچمىش قۇتۇغ ئىرتەدىم،
ياغمۇر كەبى قان ساچار.

[يىغلاپ كەينىدىن ئاختۇردۇم، قەلبىم يارىسىنى قايتىدىن قوزغىدىم. قاچقان بەختىمنى ئىزدىدىم، كۆزۈمدىن يامغۇردەك قان چېچىلدى].

⑦ پەند-نەسىھەت قوشاقلىرى: «دىۋان»دا يەنە بىر قىسىم دىداكتىك قوشاقلار بولۇپ، بۇ خىل قوشاقلاردا بىلىم ئۆگىنىش، بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، مال-دۇنياغا بېرىلمەسلىك، ئەخلاقلىق بولۇش، ئۆز جورىسىغا سادىق بولۇپ، ئىناق ئائىلە بەرپا قىلىش، باشقىلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىش ۋە مېھماندوست بولۇش قاتارلىقلار ھەققىدە كىشىلەرگە چوڭقۇر نەسىھەت قىلىنىدۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا ھاسىل قىلغان قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلىرى خۇلاسىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئالغىل ئۆگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە.
بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلگىڭ ئۇلە.

[ئەي ئوغۇل، مېنىڭ نەسىھەتىمنى قۇلاقتا تۇت، پەزىلەت تىلە. ئەل ئارىسىدا بۈيۈك ئالىم بول، بىلىمىڭنى تارقات].

ياغى ئەرۇر يالڭۇقنىڭ باڭى تۇۋار.
بىلگ ئەرى ياغىن مەلىك سەۋەر.

[مال-دۇنيا ئىنساننىڭ دۈشمىنى، بىلىملىك ئەر دۈشمەننى قانداقمۇ سۆيسۇن ؟ !].

قولداش بىللە ياراشغىل،
قارىشىپ ئادىن ئۇدۇرمە.
بەك تۇت ياۋاش تاقاغۇ،
مۇۋلىن يازىن ئەدىرمە.

[قولدىشىڭ بىلەن ياخشى ئۆت، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىپ باشقىلارغا كۆز سالما، ئۆزدىكى ياۋاش توخۇنى چىڭ تۇت، دالىدىكى قىرغاۋۇلنىڭ پېيىگە چۈشمە].

كۆرگىلۈگ تونۇغ ئۆزۈڭە،
تاتلىغ ئاشىغ ئادىنقا.

*تۇتغىل قونۇق ئاغىرلىغ،*

*يادسۇن چاۋاڭ بودۇنقا.*

*[چىرايلىق كىلىم ئۆزۈڭگە، شېرىن تائام ئۆزگىگە، مېھمانلارنى ھۆرمەتلە، نامىڭ خەلق ئىچىگە يېيىلسۇن]*[1]*.*

⑧ بايرام، مۇراسىم قوشاقلىرى: بۇ قوشاقلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرام، مۇراسىم كۈنلىرىدىكى خۇشاللىق كەيپىياتى جانلىق سۈرەتلەنگەن. مەسىلەن:

*كۆگلەر قامۇغ تۇزۇلدى،*
*ئىۋرىق ئىدىش تىزىلدى.*
*سەنسىز ئۆزۈم ئۇزۇلدى،*
*كەلگىل ئامۇل ئوينالىم.*
*[كۈيلەر تولۇق تۈزۈلدى،*
*ئىۋرىق، ئىدىش تىزىلدى.*
*سەنسىز ئۆزىكىم ئۈزۈلدى،*
*كەل خاتىرجەم ئوينايلى.]*

*ئىۋرىق باشى قازلايۇ،*
*ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ،*
*ساقىنچ قۇدى كىزلەيۇ،*
*تۈن كۈن بىلە سەۋنەلىم.*
*[ئىۋرىق بېشى غازغا ئوخشاپ،*
*ساغ تولۇپ كۆزگە ئوخشاپ.*
*قايغۇنى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىپ،*
*كېچە-كۈندۈز سۆيۈنەيلى.]*

(2) مەرسىيەلەر

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»غا خەلق ئارىسىدا تارقالغان17 كۇپلېت مەرسىيەنى خاتىرىلىگەن. بۇلار تونگا ئالپ ئەرگە ۋە نامەلۇم قەھرىمانغا ئوقۇلغان مەرسىيەلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(3) ساقىينامىلەر

(4) ماقال-تەمسىللەر

«دىۋان»دا 278 پارچە ماقال-تەمسىل خاتىرىلەنگەن. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قاپىيەداش كەلگەن، شېئىرلىق خۇسۇسىيىتى يۇقىرى ئەسەرلەر.

(5) مۇنازىرىنامىلەر

«دىۋان»دا تەبىئەت ۋە پەسىل ھەققىدىكى نۇرغۇن شېئىرلار خاتىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇلار «قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى» قاتارلىق مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە باھار، ياز، قىش پەسىللىرىگە ئائىت شېئىرلارمۇ بار.

4 . «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

[1] يۇقىرىقى مەزمۇنلار پىروفېسسور ئوسمان ئىسمائىلنىڭ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يېزىلدى.

«دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

«دىۋان»دىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

1) ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدە پارچىلارنىڭ مەزمۇنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۆتكەن شەخسلەر، بولغان ۋەقەلەر چىنلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن ئېپوس، داستان، رىۋايەت، ئەپسانە، قوشاقلارنىڭ ھەممىسىدە ھايات، تۇرمۇش چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭغا توڭا ئالپ ئەر ئېپوسى، بىكەچ ئارسلان تېگىن داستانى، ئەمگەك قوشاقلىرى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

2) ئەدەبىي پارچىلار ئۆزىگە خاس قۇرۇلما ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئەدەبىي پارچىلار ھەجىم جەھەتتىن ئىخچام، ئوي-پىكىرنى مەنتىق تەرتىپى بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭغا ئەسەردە خاتىرىگە ئېلىنغان «چىگىل، ئۇيغۇر، تۈركمەن» ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

«دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن شېئىر-قوشاقلار كۆپلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ شېئىر-قوشاقلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى شېئىر شەكىللىرىنىڭ ئۆلگىلىرىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرى: (1) ۋەزىن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك؛ (2) ژانىر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك؛ (3) قاپىيە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك دەپ ئۈچ جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ.

(1) ۋەزىن جەھەتتە: «دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلار بارماق ۋەزنىدە ۋە ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان.

(2) ژانىر جەھەتتە: «دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قوشاق، غەزەل ژانىرلىرىدا يېزىلغان. قوشاق شەكلىدە يېزىلغانلىرى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

(3) قاپىيە جەھەتتە: «دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلار خۇددى قوچو ئۇيغۇر شېئىر-قوشاقلىرىنىڭكىگە ئوخشاش قاپىيە شەكىللىرى ھەر خىللىققا ئىگە بولۇپ، باش قاپىيە، ئاياغ قاپىيەلىك شېئىرلار دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

① باش قاپىيەلىك شېئىرلار: بۇ مىسرانىڭ بېشىدىكى سۆزلەرمۇ قاپىيەداش كېلىدىغان شېئىرلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

*ئاۋلاپ مەنى قويماڭىز،*
*ئايىق ئايىب قويماڭىز.*
*ئاقار كۆزۈم ئۇش تەڭىز،*
*تەگرە يورە قۇش ئۇچار.*

باش قاپىيەلىك شېئىرلارنىڭ يەنە نۇرغۇن شەكىللىرى بار.

② ئاياغ قاپىيەلىك شېئىرلار: بۇ مىسرا ئايىغىدىكى سۆزلەر قاپىيەداش كېلىدىغان شېئىرلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

*چاغرى بېرىپ قۇشلاتۇ،*
*تايغان ئىدىپ تىشلاتۇ.*
*تىلكۈ تۇڭۇز تاشلاتۇ.*

*ئەردەم بىلە ئۆگلەلىم.*

3) ئەدەبىي پارچىلار تىل جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

«دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلارنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) ئەدەبىي پارچىلارنىڭ تىلى قەدىمىيلىككە ئىگە. چۈنكى «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ناھايىتى قەدىمىي دەۋرلەرگە مەنسۇپ، شۇڭا ئۇلاردا ئىشلىتىلگەن تىللارمۇ قەدىمىيلىككە ئىگە.

(2) خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئىشلىتىلگەن. چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەخمىنەن 15 يىللىق دالا تەكشۈرۈشىدە خەلق ئارىسىدىن توپلىغان. ئۇ «دىۋان»دا شائىرلاردىن پەقەت چۈچۈ ئىسىملىك بىر شائىرنىڭ نامىنىلا تىلغا ئالىدۇ. ئەدەبىي پارچىلارنىڭ تىلىدا خەلقنىڭ چارۋىچىلىق، بوستانلىق، ھۈنەر-كەسىپكە دائىر تىل ئامىللىرى كۆپ.

(3) ئوبرازلىق تىل ئىشلىتىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا خاتىرىلىگەن ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ تىلىدا ئوبرازلىق تىللارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭغا ئېپوسلار، داستانلاردىن پارچىلار، قوشاقلار، بولۇپمۇ ماقال-تەمسىللەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. لىرىك ئوبرازنى ئوبرازلىق تىل بىلەن سۈرەتلىگەن تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت قوشاقنى كۆرەيلى:

*بۇلنار مەنى ئۇلاس كۆز،*

*قارا مەڭىز قىزىل يۈز.*

*ئاندىن تامار تۆگەل تۈز،*

*بۇلنار يەنە ئول قاچار.*

*[خۇمار كۆزلۈك، قارا مەڭلىك، قىزىل يۈز مېنى ئەسىر قىلىۋالدى، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي گۈزەللىك تامىدۇ. مېنى ئەسىر قىلدى-يۇ، ئۆزى قاچتى.]*

4) ئەدەبىي پارچىلاردا قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر

«دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى، بولۇپمۇ شېئىر-قوشاقلاردا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر كۆپ ھەم جايىدا قوللىنىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئوخشىتىش، سىپىلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش، مۇبالىغە، قايتۇرما سوراق، كىنايە، سىمۋول قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(1) ئوخشىتىش

«دىۋان»دىكى خاتىرىگە ئېلىنغان شېئىر، قوشاقلارنىڭ كۆپىنچىلىرىدە ئوخشىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. مەسىلەن:

*ئۈزۈق باشى قازلايۇ،*

*ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ.*

*ساقىنچ قۇدى كىزلەيۇ،*

*تۈن كۈن بىلە سەۋنەلىم.*

*[ئۈزۈق بوينى غاز بوينىغا ئوخشايدۇ. لىق تولغان قەدەھ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. . .]*

بۇ شېئىردا ئۈزۈقنىڭ بوينى غازنىڭ بوينىغا ئوخشىتىلغان. لىق تولدۇرۇلغان قەدەھ كۆزگە ئوخشىتىلغان. «دىۋان»دا يەنە قوشۇن كەلگۈنگە، قەھرىمانلارنىڭ ۋارقىراشلىرى بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا، يېشىل زېمىن جەننەتكە، گۈل-چېچەك ھىندى ئىپارغا ئوخشىتىلغان ئوخشىتىشلار ناھايىتى كۆپ.

(2) سېلىشتۇرۇش

«دىۋان»دا ياز بىلەن قىشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى سېلىشتۇرۇلغان شېئىرلار خاتىرىگە ئېلىنغان. بۇ شېئىرلاردا ھەربىر پەسىللەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن ھەم بۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كۆچۈرۈلگەن. مەسىلەن:

*ئول قار قامۇغ قىشىن ئىنەر،*
*ئاشلىق تارىغ ئانىن ئۈنەر.*
*ياۋلاق ياغى مەندە تىنار،*
*سەن كەلىپەن تەبرەشۇر.*

*[قىشتا دائىم قار ياغىدۇ، شۇڭا بۇغداي-تېرىق ئۈنىدۇ. مەندە يامان دۇشمەنلەر تىنچىپ قالىدۇ، سېنىڭ كېلىشىڭ بىلەن قوزغىلىدۇ.]*

(3) جانلاندۇرۇش

«دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن بەزى قوشاقلاردا، تەبىئەتتىكى تۈرلۈك شەيئىلەر قىلىقلاندۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىي ھايات ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

*قىش ياي بىلەن توقۇشتى،*
*قىڭىر كۆزۈن باقىشتى.*
*تۇتۇشقالى ياقىشتى،*
*ئۇتغالىمات ئوغراشۇر.*

*[قىش بىلەن ياز توقۇنۇشتى، قىڭغىر كۆزى بىلەن بېقىشتى، تۇتۇشماق بولۇپ يېقىنلاشتى، ئۇلار بىر-بىرىنى يېڭىشنى خالايدۇ].*

(4) سۈپەتلەش

«دىۋان»دىكى بەزى شېئىرلاردا مەۋھۇم ئۇقۇمنى كونكرېتلاشتۇرۇش يولى بىلەن مەزمۇننى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەر ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن:

*ئۇدىك ئوتى تۇتۇنۇپ،*
*ئۆپكە-يۈرەك قوغرۇلۇر.*

*[ ئىشق ئوتى تۇتىشىپ، ئۆپكە-يۈرەك قورۇلۇر. ]*

(5) مۇبالىغە

«دىۋان»دا كۈچلۈك مۇبالىغە سۆزلىرى قوللىنىلىپ، دېمەكچى بولغان پىكىرنى كۈچلۈك ئىپادىلەپ بېرىدىغان شېئىرلار خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن:

*ئاقتۇدۇر كۆزۈم يوللۇغ،*
*تۇشلەنۇر ئۆردەك يۇغاق.*

*[كۆزۈمدىن ياش بۇلاق بولۇپ ئاقىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆردەك چۈشىدۇ. ]*

(6) تەكرار سوراق

قايتا-قايتا سوراق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مەسىلىگە جاۋاب بەرگەندە، پىكىر ناھايىتى ئېنىق، چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك بولىدۇ. «دىۋان»دا سوراق ئۇسۇلى قوللىنىلغان شېئىرلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

*ئالپ ئەر تونگا ئۆلدىمۇ؟*
*ئەسىز ئاژۇن قالدىمۇ؟*
*ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ؟*
*ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.*

*[ئالىپ ئەر تونگا ئۆلدىمۇ؟ ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ؟ پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.]*

(7) كىنايە

«دىۋان»دا كۆچلۈك كىنايە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئوي-پىكىرنى كۈچلۈك ئىپادىلەيدىغان شېئىرلار كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

*ياغى بەگدىن ئۇدۇقلادى،*

*كۆرۈپ سۇنى ئادىقلادى.*

*ئۆلۈم ئانى قونۇقلادى،*

*ئاغىز ئىچرە ئاغۇ ساغدى.*

*[دۈشمەن بەگدىن مۆگدەپ قالدى، قوشۇنىنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى، ئۆلۈم ئۇنى مېھمان قىلدى، ئاغزى ئىچىگە ئوغا سالدى.[①]]*

(8) سىمۋول

«دىۋان»دا ۋەقە ياكى چۈشەنچە، نەرسىلەرنىڭ ئىپادىسى ئۈچۈن كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر قوللىنىلغان شېئىرلارمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن:

*سەندەن قاچار سۇندىلاچ،*

*مەندە تىنار قارلىغاچ.*

*تاتلىغ ئۆتەر سۇندۇۋاچ،*

*ئەركەك تىشى ئۇچراشۇر.*

*[سەندىن قۇشقاچلار قاچىدۇ، مەندە قارلىغاچلار تىنىچ ياشايدۇ، بۇلبۇللار تاتلىق سايرايدۇ، ئەركەك-چىشى جۈپلىشىدۇ.]*

«دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلار بەدىئىيلىك جەھەتتە يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا، يەنە ئىجادىيەت مېتودى جەھەتتىن ساپ رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا ئىگە. لىرىك ئوبرازلار بىلەن قەھرىمانلار روھىي دۇنياسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، شېئىر-قوشاقلار ئاھاڭدارلىققا ئىگە، شېئىرىي تۇيغۇغا باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

5. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى ماقال-تەمسىللەر

1) قىسقىچە مەزمۇنى

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»نى تۈزۈشتە مەركىزىي-ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، تۇرمۇشىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تىل ماتېرىياللىرىنى توپلاش بىلەن بىرگە، يەنە ئەدەبىياتىنى، فولكلورىنى، بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر تىللىرىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلانغان ماقال-تەمسىللىرىنى كەڭ تۈردە توپلاپ، بۇلارنى نەمۇنە سۈپىتىدە «دىۋان»غا كىرگۈزۈپ خاتىرىلىگەن.

بۇ ماقال-تەمسىللەر جەمئىي 279 پارچە بولۇپ، «دىۋان»غا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە 1-تومغا 152 پارچە، 2-تومغا 44 پارچە، 3-تومغا 83 پارچە كىرگۈزۈلگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»غا كىرگۈزگەن ماقال-تەمسىللەر تارىخىنىڭ قەدىمىيلىكى، تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ مولluقى، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى، سان جەھەتتىن كۆپلىكى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، ئۆرپ-ئادىتى، تىلىنى ئەتراپلىق ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى بىلەن يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ يەنە

① يۇقىرىقى مەزمۇنلار «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ تۈزۈلدى.

قويۇق ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

2) «دىۋان»دىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ تۈرلىرى

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا ئاساس قىلغان تىل ـ خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى ئىدى. ئالىم بۇ تىلنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەرەبلەرگە تونۇشتۇرۇشتا، ئاساسلىقى ماقال ـ تەمسىللەرنى كۆپ مىسالغا ئالغان.

«دىۋان»دا مىسالغا ئېلىنغان ماقال ـ تەمسىللەر ئىپادىلىگەن مەزمۇنىغا قاراپ مۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) كىشىلىك ھايات ، ئىنسان تەبىئىتى، ئادەمگەرچىلىك، مۇھەببەت، ئىناقلىق، ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر.

(2) چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە باشقا ئەمگەك توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر.

(3) ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق، باتۇرلۇق، يۇرت سۆيەرلىك ـ ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر.

(4) تەلىم ـ تەربىيە، ئەقىل، بىلىم، چارە ـ تەدبىر، كەسىپ توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر.

(5) ۋاقىت، تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، تەن ساقلىق، سودا ـ سېتىق توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر.

3) «دىۋان»دىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ پەلسەپىۋى ئالاھىدىلىكلىرى

«دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن ماقال ـ تەمسىللەردىكى پىكىر چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھېكمەتلەردىن ئىبارەت. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن چۈشىنىۋالايمىز:

(1) ماقال ـ تەمسىللەردە كىشىلىك ھايات، ئالەم، تەبىئەت، جەمئىيەت، دۇنيا قاراش، بىلىش، شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى قاتارلىق پەلسەپىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر ئىپادە قىلىنغان.

(2) پەلسەپىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى بولغان مېھنەت بىلەن بەختنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىنسانلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن شەخسنىڭ رولى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، بىلىش بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئىپادىلەنگەن.

(3) ماقال ـ تەمسىللەردە ئىنساننىڭ بىلىم بىلەن مۇناسىۋىتى، ئىنساننىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋىتى، ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇشى، ئىناقلىق بىلەن نەتىجىسىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىقتىدار بىلەن تىرىشىشنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىپادىلىگەن.

## 4. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئىلمىي قىممىتى[1]

«دىۋان»نىڭ ئىلمىي قىممىتىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىدىن كۆرۈۋالايمىز:

1. «دىۋان»نىڭ تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات، فولكلور جەھەتتىكى قىممىتى

«دىۋان»نىڭ باشقا جەھەتلەردىكى قىممىتى گەرچە ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى قىممىتىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئالدى بىلەن 10—11 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىي جانلىق تىلىنىڭ مۇجەسسىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈرك تىللىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنىڭ قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيالى، تۈرك تىللىرى لۇغەتلىرىنىڭ ئانىسى. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئانا تىلىغا بولغان يۈكسەك مەسئۇل

[1] بۇ ماۋزۇ يولۋاس مۇھەممەتئىمىننىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2006 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «(دىۋانى لۇغاتىت تۈرك)نىڭ قىممىتى توغرىسىدا» ماقالىسىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈلدى.

بولۇش ئىرادىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ زېمىنلىرىدا ئەمەلىي دالا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ تىللىرىدىكى ئوخشاشلىق ۋە ئىچكى پەرقلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، تەخمىنەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەرنى تاللىۋېلىپ، ھەربىرلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئەرەب تىلىنىڭ ھېجا ئۇسۇلىدىكى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىپ، ھەربىر سۆزنىڭ ئىستېمال مەنىلىرىنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئىخچام جۈملىلەرنى تۈزۈش ئارقىلىق تۈرك تىللىرىنىڭ فونېتىكىلىق، گىرامماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنى زۆرۈر بولغان ئىزاھاتلار بىلەن ناھايىتى راۋان چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. «دىۋان» قۇرۇلما جەھەتتىن مۇكەممەل ئىشلەنگەن قىممەتلىك تىل لۇغىتىدۇر. «دىۋان» بايقالغاندىن بۇيان دۇنيا تۈركولوگىيە تەتقىقاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى تۈركىي تىللىرىغا بولغان تەتقىقاتتا مۇجمەل بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى.

قىسقىسى، «دىۋان»دىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر يازما يادىكارلىق ئانا تىلىمىزنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ۋە باشقا تىل تۈركۈملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئۆزىنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

بىز ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، قەدىمكى ئورقۇن يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىنى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شېئىرىي مىسرالار، شۇنىڭدەك «ئوغۇزنامە»گە ئوخشاش بىر قاتار كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىمىزنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، «دىۋان»دىكى جۇلالىنىپ تۇرغان ئەدەبىي پارچىلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز، ئەلۋەتتە. بۈيۈك تىل ئۇستىسى مەھمۇد كاشغەرىي دۇنيا لۇغەتچىلىكىدە تا ھازىرغا قەدەر كۆرۈلۈپ باقمىغان يۇقىرى سەنئەت ماھارىتى بىلەن سۆزلۈكلەرگە ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا «دىۋان»غا 242 كۇپلېت تۆرلۈك مەزمۇنىدىكى شېئىر-قوشاق، 20 پارچە ئەپسانە-رىۋايەت، 279 پارچە ماقال-تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىي ژانىرلاردىن بولغان ئەمگەك قوشاقلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى، جەڭ قوشاقلىرى، مەرسىيەلەر، قەسىدىلەر ۋە ئەدەپ-ئەخلاق مەزمۇنىدىكى پارچىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يىراق قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى، ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي ئۇسۇلدا تەسۋىرلەپ كۆرسەتكەن. «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلار مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، قۇرۇلمىسىنىڭ سەرخىللىقى ھەمدە يۇقىرى بەدىئىي ۋە ئېستېتىك قىممىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدەبىي مىراسلىرى بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار يەنە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىلتىزىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىي ژانىرلارنىڭ مەنبەسىنى، ئەنئەنىۋى شەكىللىرىنى، تەرەققىيات جەريانلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭدىن سىرت، «دىۋان»نىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىدە خاتىرىلەنگەن ماقال-تەمسىللەر، مۇزىكا، چالغۇ ئەسۋابلارغا مۇناسىۋەتلىك جۈملىلەر، ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، قەبىلىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت، يېمەك-ئىچمەك، ئائىلە-نىكاھ، كىيىم-كېچەك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، زىبۇ-زىننەت، تېبابەتچىلىك، مەدەنىيەت-مائارىپ، ھەربىي ئىشلار، تەنتەربىيە، دىن، ئادەم ئىسىملىرى، نەرسە ئىسىملىرى، قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر مىللەتنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدىكى قىممەتلىك بايلىقتۇر. بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋىلىشىشقا ئەگىشىپ يوقاش گىردابىغا بېرىپ قېلىۋاتقان مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىكى نۇرغۇن خاسلىقلىرىمىزنى پەقەت خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان

فولكلور مەدەنىيىتىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قوغداپ قالغىلى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدۇ. «دىۋان» مەشھۇر قەدىمكى يازما يادىكارلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەھەتلەردىكى تايىنىش قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى.

2. «دىۋان»نىڭ مەدەنىيەت، تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى قىممىتى

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئىنسانلار تەرىپىدىن يارىتىلغان، شۇنداقلا ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بۇيان يەنە ئىنسانلار تەرىپىدىن كۆڭۈل بۆلۈنۈپ كېلىۋاتقان، ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تاكامۇللىشىۋاتقان كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئىجتىمائىي، تارىخىي ھادىسە.

ئىنسانلار ياراتقان تارىخمۇ تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدۇر. ئىنسانلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ماھىيەتتە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتۇر. دۇنيا مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ھۆجەيرە بولغان مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ مىللەتلەر تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ كونكرېتلىشىش جەريانىدۇر.

تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان دەۋر ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى يەنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەرەققىياتى خېلى يۈكسەلگەن دەۋرلەر بولۇپ، «دىۋان»دىن ئىبارەت بۇ شاھانە قامۇس قەدىمكى «يىپەك يولى»دىكى سودا-ئالاقە، مەدەنىيەت-سەنئەت ۋە باشقا ھەر خىل ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن بۈيۈك ئەسەر. شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلما ۋە قاتلاملىرىنى تەشكىل قىلغۇچى قاراخانىيلار خانلىقىنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيەسىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك دولقۇنلىرى بىلەن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى مەركىزىي ئۇق قىلغان ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىن بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ تۇرۇشىدەك تارىخىي شارائىت ئاستىدا، مەھمۇد كاشغەرىي ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى، تۇرمۇش شەكلى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تىل پەرقى، دىنلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئولتۇراق ئۆي ۋە ھۈنەر-سەنئىتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك ئەھۋاللىرىنى ھەم ماھىرلىق بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن. گەرچە ئۇ «دىۋان»دا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بىر قىسىم قەبىلىلەر ئاللىبۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى يوقىتىپ، شۇ رايون مەدەنىيىتىنىڭ يېتەكچى قىسمىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر قاتارلىق بىر قىسىم مىللەتلەر ھېلىھەم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تەرەققىي قىلىپ كەلمەكتە. مەدەنىيەت تارىخىي تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىدىن قارىغاندا، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي جەريانلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىزنالىرىدىن پاكىت كۆرسىتىش ۋە ئۇلاردا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ يىلتىزىنى ئۇلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشىدىن ئىزدەش ئىلمىي ساھەسىدە بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدىغان ئۇسۇل. ئىنسانلار مەدەنىيىتى ھازىرغا قەدەر ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ ھاسىلاتى بولغان ماددىي مەدەنىيەت سىستېمىسىنى، ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنىڭ مەزمۇنى بولغان پەن، مائارىپ، تىل-يېزىق، ئەدەبىيات-سەنئەت، پەلسەپە، تېبابەت، دىن، تەنتەربىيە، ئەمگەك، ئىستېمال، ئىستىراھەت، كىشىلىك تۇرمۇش شەكلى، شۇنىڭدەك ئىنسانلارنىڭ قىممەت قارىشىنى مەركەز قىلغان ئىجتىمائىي سۈبيېكتىپ قاراشلار، تەپەككۇر قاراشلىرى قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيەت

سىستېمىسىنى، مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ماددىي مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا تەڭشەك بولغان تۈزۈم يەنى سىياسىي مەدەنىيەت سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىستېمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىز «دىۋان»دىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان بىر قاتار مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىزاھات خاتىرىلىرىدىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، مەزمۇنى، شەكلى، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى، مەدەنىيەت ئىقتىدارى ۋە مەدەنىيەت تىپلىرىنى ئىنلىغا قىلمۇۋېلىپلا قالماستىن، يەنە مەدەنىيەت تارىخى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىدا ياشاپ كېلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كۆچۈشىگە نىسبەتەن ئىلمىي ھەم توغرا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن 36 كۆپلېت جەڭ قوشاقلىرىدىن ئەينى دەۋردىكى قەبىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى دەۋردىكى تارىخىي ۋەزىيىتىنى قىسمەن جەھەتلەردىن چۈشىنەلەيمىز. دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە ئاندىرنوۋ مەدەنىيىتى، چۈست مەدەنىيىتى، قارسۇق مەدەنىيىتى، قەندىھار مەدەنىيىتى، تارىم مەدەنىيىتى قاتارلىق ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت ناملىرى بىلەن ئاتالغان ئاشۇ بىپايان زېمىندا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى، تارىخىنى توغرا بىلىشتە «دىۋان»نىڭ ئىلمىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرىدۇر.

«دىۋان» مەزمۇنىنىڭ مولluقى، تارىخىي مەزمۇنلىرىنىڭ قەدىمىيلىكى، چېتىشلىق دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مىللىي ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى قىممىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭلىدىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىزناسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، قورغان خارابىلىرى، قەدىمكى شەھەر سېپىللىرى، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئىزنالىرى، ئۆتەڭ- قورۇللار، قەدىمكى تۇرلار، مىڭئۆيلەر، قەدىمكى قەبرىلەر، بۇتخانىلار، مازار، مەسچىتلەر دېگەندەك ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۆتمۈشىنىڭ شاھىتلىرى بولغان ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزنالىرى خۇددى كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلاردەك تارقالغان. ئۇلار مۇشۇ زېمىندا ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىت، ئوخشاش بولمىغان ئىدېئولوگىيە، ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ئوخشاش بولمىغان دىنىي ئېتىقادلارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىقارغان مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىدۇر. ئادەتتە مىللىي ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى نوقۇل ھالدا مەلۇم ماددىي بۇيۇمغا تايىنىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بەلكى بۇ خىزمەت مۇئەييەن جەھەتلەردىن شۇ مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى مەدەنىيەت ھالىتىدىن ئۇچۇر بېرەلەيدىغان تارىخىي يازما مەنبەلەرگە تايانغان پاكىتلار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. «دىۋان» ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي يازما مىراسلىرى ئىچىدە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتى، مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى پەرقى، كىشى ئىسىملىرى، شەھەر، يېزىلارنىڭ ناملىرى، بىر قىسىم قەدىمكى يۇرت، شەھەرلەرنىڭ بىنا قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر، يەر- جايلارنىڭ تارىخىي ناملىرى، قەبىلە ناملىرى ۋە ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ- ئادەت، تىل- يېزىقلىرى قاتارلىق تەرەپلەردىن بىزنى مول ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل مەلۇماتلار ئۆز نۆۋىتىدە ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىغا مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىغا نام بېرىش، ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەتلەرنىڭ ناملىرىنى بېكىتىش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دەۋرلەرگە ئايرىش، مىللەت تەۋەلىكىنى بېكىتىش ۋە مەدەنىيەت رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت تىپلىرىنى ئىسپاتلاشتا بەلگىلىك

ئاساس بولۇش قىممىتىگە ئىگە. 1982 ـ يىلى ئارخېئولوگ ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىز ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتىنى، مەقبەرىسىنى ئېنىقلاش جەريانىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك خىزمەتلىرىدە، «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن «ئوپال» دېگەن سۆزنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز كىتابىدا «بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى» دەپ چۈشەندۈرۈشىنى يىپ ئۇچى قىلىش، يەنە «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن بۈگۈنكى قەشقەر تەۋەسىدىكى بىر قىسىم يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئارا باغلاپ تەھلىل قىلىش ۋە مەزكۇر رايونلار، ئادەملەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئانتروپولوگىيەلىك تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق، بۈگۈنكى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە ئوپال يېزا ئازىق كەنتى تەۋەسىدىكى تارىختىن بۇيان «ھەزرىتى موللام (بىلىمگە ھۆددىگەر ئۇستاز) مازىرى» دېيىلىپ، خەلق تەرىپىدىن قوغدىلىپ كېلىنىۋاتقان مازارلارنىڭ دەل مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى، ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق كەنتىنىڭ دەل مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ دۇنياغا جاكارلىغان. مانا بۇ ئاددىي مىسال «دىۋان»نىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى جەھەتتىكى قىممىتىنىڭ روشەن پاكىتىدۇر.

3. «دىۋان»نىڭ پەلسەپە، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى قىممىتى

ئۇيغۇر پەلسەپە ئىدىيەلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي جاھىلىيەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۆپ ئەسىرلىك كۈرەشلىرى جەريانىدا شەكىللەنگەن مۇھىم تەپەككۇر توپلانمىسى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىياتلار داۋامىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى، ئوخشاش بولمىغان تەبىئىي مۇھىت، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت، ئوخشاش بولمىغان دىنىي ئېتىقاد، ئوخشاش بولمىغان تىل ـ يېزىقلارنى قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇقىملاشتۇرۇش ھەمدە بۇ جەريانلاردا ئىجتىمائىي ئىش تەقسىمات شەكلى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، شەھەرلىشىش، سودا ـ سېتىق، ئىدېئولوگىيە يېڭىلاش، يېزىق ئىسلاھ قىلىش، يازما ئەدەبىيات، تۈرلۈك سەنئەت شەكىللىرى، ھەتتا ئېتنىك مەدەنىيەتتە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ياشاشتەك مۇرەككەپ ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا تاكامۇللاشقان، مۇقىملاشقان تەپەككۇر سىستېما قۇرۇلمىسىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

«دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن شېئىرىي پارچىلار، ماقال ـ تەمسىللەر، شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەم قاراشلىرى، ئىنسانپەرۋەرلىك، بەخت قارىشى، تەبىئەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، گۈزەللىك قارىشى، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىلىم ـ مەرىپەت قارىشى قاتارلىقلار چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، مەنتىقىلىق پىكىرلەر ئارقىلىق، جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ تارىخىي قاتلاملىرى بويىچە پەلسەپىۋى ئاڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەن. «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن مەزمۇن ۋە ئاتالغۇلاردىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولغان ساپ ھالىدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇلار مىللەتنىڭ پەلسەپە ئىدىيەسىنىڭ قاتلاملىرىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك مەنبە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ خىل كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە پەلسەپىۋى ئىدىيەلەر ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇستازلاردىن مۇھەممەد مۇسا ئەل خارەزمى (780—850)، ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد ئەل فارابى (870—950)، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى (937— 1048)، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (980—1039) ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1018—1085) قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەلسەپىۋى ھېكمەتلىرى بىلەن بىر قاتاردا تېخىمۇ مۇكەممەل، سىستېمىلاشقان پەلسەپە تارىخىمىزنى تۈرغۈزۇپ چىقىشتا مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

«دىۋان» ئۆز نۆۋىتىدە دىن تەتقىقاتى جەھەتتىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. تەتقىقاتچىلىرىمىزغا شۇ نەرسە روشەنكى، ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان دەۋر ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان يەنى ئۇيغۇر قاتارلىق بىر قىسىم تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئىلگىرى ئېتىقاد قىلغان شامانىزم ئېتىقادى، بۇددا دىنى ئېتىقادى، مانى ۋە زورو ئاستىر دىنى ئېتىقادلىرىدىن ئاستا ـ ئاستا ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا يۈزلىنىۋاتقان ئۆتكۈنچى بىر دەۋر ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان دەۋردە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان كاشغەردىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا تولۇق كىرىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا tat نامى بىلەن تىلغا ئالغان قوچو، كۇسەن، ئودۇن مەھمۇد كاشغەرىي ھاياتى ۋاقتىدا تېخى ئىسلام دىنىغا تولۇق ئېتىقاد قىلمىغان. گەرچە مەھمۇد كاشغەرىي ئىسلام دىنىغا سادىق، تەقۋادار مۇسۇلمان بولسىمۇ، لېكىن قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى رېئاللىقى تەبىئىي ھالدا ئالىمغا «دىۋان»دا قىسمەن سۆز، ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قەبىلىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرغان. شۇڭا «دىۋان»دا شامان دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدۇ. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ھەر خىل دىنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالىنى چۈشىنىش، غەربىي يۇرتنىڭ دىن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا تەتقىقاتچىلىرىمىزنى مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

4. «دىۋان»نىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئېتنوگرافىيە جەھەتتىكى قىممىتى

بۈيۈك تىل ئۇستىسى مەھمۇد كاشغەرىي نوقۇل ھالدىكى تىلشۇناس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قابىل جەمئىيەتشۇناس (سوتسىيولوگ) ۋە مىللەتشۇناس (ئېتنوگراف) تۇر. چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىي ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قەبىلىلەرنىڭ تىللىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان دالا تەكشۈرۈشى جەريانىدا نوقۇل ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى، ئۇلارنىڭ تىللىرىدىكى ئىچكى پەرق ۋە قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدىلا توختالماستىن، بەلكى يەنە ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى، تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، جەمئىيەت تۈزۈمى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئۇلار ياشايدىغان زېمىن قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنىمۇ خاتىرىلىگەن.

ئومۇمەن، مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا خاتىرىلىگەن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى بىلىملەر، ئۇ يەرلەردە ياشىغان قەبىلە، مىللەتلەر ئۈستىدىكى ئىزاھاتلىرى بىزنى 1000 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا ياشىغان مىللەت ـ قەبىلىلەرنىڭ يوقىلىشى، قوشۇلۇشى، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

5. «دىۋان»نىڭ جۇغراپىيە ۋە ئېكولوگىيە جەھەتتىكى قىممىتى

«دىۋان»نىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى شۇكى، ئۇ بىزنى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، ئىقلىمى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەھۋالى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تەشكىل قىلغۇچى ئۆسۈملۈك، يايلاق، دەل ـ دەرەخ، ياۋايى ھايۋان، ئۇچار قۇش، ئۆي ھايۋانلىرى، دەريا ـ ئېقىنلار، كۆللەر قاتارلىق كەڭ دائىرىلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. گەرچە «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ۋە ئىزاھلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە

شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، تاغ-دەريا، يايلاق، ئېدىر، كۆل ۋە ئۇچار قۇش قاتارلىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك مەۋجۇداتلار ئارقىلىق، غەربىي يۇرتنىڭ بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرىكى جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، ئىقلىمى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىسەكمۇ، ئەمما بىز شۇ ئۇچۇرلارغا تايىنىپ غەربىي يۇرتنىڭ 1000 يىلدىن بۇيانقى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىقلىمىنىڭ ئۆزگىرىشى، دەريا-ئېقىن ۋە كۆللەرنىڭ ئۆزگىرىشى، بىر قىسىم بوستانلىقلارنىڭ، ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوقىلىشى، ئۆسۈملۈك، شەھەر، يېزىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنىڭ نەسلىنىڭ قۇرۇشى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن ئىلمىي يەكۈن چىقىرالايمىز. بولۇپمۇ مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»نىڭ 1-جىلدىدا سىزىپ كۆرسەتكەن يەر شارىنىڭ يۇمىلاق شەكىلدىكى دائىرىلىك خەرىتىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك جۇغراپىيەۋى بىلىمگە ئىگە بولالايمىز. بۇلار «دىۋان»نىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم قىممىتىدۇر.

6. «دىۋان»نىڭ يەر-جاي ناملىرى جەھەتتىكى قىممىتى

توپونومىيە ئىلمىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساسلىقى يەر-جاي ناملىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. بۇ تارىخ، جۇغراپىيە، گېئودېزىيە، تىلشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق پەنلەر بىلەن ئۆزئارا چېتىلىپ، قەدىمدە مۇقىم نامغا ئىگە بولغان، ئەمما تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا سىنىپىي جەمئىيەت ياكى مەلۇم شەخسلەرنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئۆزگەرتىلىپ، باشقىچە تۈسلەر بېرىلگەن ناملارنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىنىك مەنىسىنى ئىلمىي، توغرا ھالدا يېشىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

«دىۋان»دا ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭدا ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ياشايدىغان تېررىتورىيەسى ۋە تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان «كاشغەر»، «كۇسەن»، «سۈلى»، «چانبالىق»، «بەشبالىق»، «ياڭى بالىق»، «مانى كەند»، «ئۇدۇن»، «بارچۇق»، «تالاس»، «تاۋغاچ»، «كەشمىر»، «بارخان»، «خوزار»، «چورچان»، «تارىم» ۋە «چىن»، «ماچىن»، «بارسقان»، «ئۆتۈكەن»، «مەرۋى»، «بۇخارا»، «شاش» (بۈگۈنكى تاشكەنت)، «سەمەرقەند» دېگەنلەرگە ئوخشاش يەر-جاي ناملىرى تىلغا ئېلىنغان. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىقى يەر-جاي ناملىرىنىڭ بىر قىسمىلىرى بۈگۈنگىچە ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر قىسمىلىرى ئۆزگەرگەن. گەرچە «دىۋان»دا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرىنىڭ ئېتمولوگىيەلىك ئىزاھاتلىرى ئېنىق بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خېلى كۆپ جايلارنىڭ نامى شۇ نامنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، جۇغراپىيەلىك ئورنى، تارىخىي مەنىسى، تىل تەۋەلىكى بويىچە مۇپەسسەل كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شاھانە ئەسىرى بولغان «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» بۈگۈنكى دەۋر توپونومىيە ئىلمىگە ئۆرنەك، غەربىي يۇرتنىڭ توپونومىيە تەتقىقاتىغا زور تايانچ بولۇشتەك قىممەتكە ئىگە.

ئومۇمەن، مەھمۇد كاشغەرىي بىز ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەتكەن «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر قامۇسنىڭ تەتقىقات قىممىتى ئىنتايىن كەڭ ھەم مول بولۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەرەپلەر ئۇنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىن ئىبارەتتۇر. بۇلاردىن سىرت ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، دېھقانچىلىق، تېبابەتچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئىنتايىن زور.

## §5. ئەھمەد يۈكنەكى

ئەھمەد يۈكنەكى (1110؟—1180؟)[1] نىڭ تولۇق ئىسمى ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى[2]. زاماندашلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەدىب ئەھمەد ياكى ئەھمەد يۈكنەكى دەپ ئاتالغان. شائىرنىڭ دادىسى مەھمۇد، يۇرتى يۈكنەك دېگەن يەر ئىدى[3]. ئۇ تۇغما ئەما كىشى بولسىمۇ، لېكىن يېتۈك ئەدىب، پازىللارنىڭ كاتتىسى بولۇپ يېتىشكەن.

بۇ ھەقتە بۈيۈك ئەمىر خوجا تارقان دېگەن كىشى «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىڭ ئاخىرىغا يېزىپ قويغان مەسنەۋىدە مۇنداق دېيىلگەن:

*ئەدىبنىڭ يەرى يۈكنەك ئەرۇر،*
*سافالىغ ئەجەب يەر كۆكۈللەرى يارۇر.*

*ئاتاسى ئاتى مەھمۇدى يۈكنەكى،*
*ئەدىب مەھمۇد ئوغلى يوق ئول ھىچ شەكى.*

*كىتابىنىڭ ئاتى ئەرۇر ئەتەبەتول-*
*ھەقەيىق ئىبارەت ئەرەبدىن ئۇسۇل.*

. . . . . . . . .

نامەلۇم بىر ئەدىب كىتابىنىڭ ئاخىرىغا يازغان بىر كۇپلېت شېئىردا مۇنداق مەزمۇنلار بولغان:

*تۇغا كۆرمەز ئەردى ئەدىبنىڭ كۆزى،*
*تۆكەدى بۇ ئون تۆرت باپ ئىچرە سۆزى.*
*ياغان بولسا يۈكلۈگ ئۆزەنىندە زەر،*
*ئانىڭ تۇشى بولغاي بۇ سۆزنۈك ئازى.*

ئەمىر سەيفەددىن دېگەن كىشى كىتابىنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق يېزىپ قويغان:

*ئەدىبلەر ئەدىبى فازىللار باشى،*
*گۆھەردىن سۆز ئايمىش ئۈگۈن سۆز بېشى.*
*ئۇغان رەھمەت ئېيتسۇن بۇ سائەت ئاڭا،*
*يارىن قوپسا بولسۇن يارانلار ئىشى.*

ئەھمەد يۈكنەكى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان دەپ پەرەز قىلىنىندۇ[4]. ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت ئېشىكى، ھەقىقەت بوسۇغىسى) ناملىق يېگانە ئەسىرى

---

[1] «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى» («中国伊斯兰百科全书»، 1994-يىلى چېڭدۇ قامۇس نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 138-بەت)دا ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ياشىغان يىللىرى 1110—1180-يىللار دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنداق بولسىمۇ بۇ يىلنامىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

[2] ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى دېگەن بۇ ئىسىمدىكى «ئەدىب» دېگەن سۆز شائىرنىڭ سۈپىتى بولسا كېرەك، مەھمۇد دادىسىنىڭ ئىسمى، يۈكنەك تۇغۇلغان يۇرتى ھەم ئەدەبىي تەخەللۇسى.

[3] يۈكنەك دېگەن بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىغان.

[4] تۈركىيەلىك ئالىم نەجىپ ئاسىم ئەھمەد يۈكنەكى تەرىپىدىن مەدھىيىلەنگەن ھاكىمبەگ—بۈيۈك ئەمىر مۇھەممەد داد ئىسپەھسالار بەگنى ئىلىكخانلار-قاراخانىيلار خان جەمەتىدىن. ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىلىكخانلارنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك دەپ ھېسابلىغان.

يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ يەنە «ھىبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر سوۋغىسى) دېگەن نامىمۇ بولغان[①]. ئەسەرنىڭ دەۋرىمىزگە ئۈچ خىل قول يازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. شائىرنىڭ ياشىغان ۋاقتى ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىللىرى ھەققىدە ئېنىق پاكىت يوق[②]. ئەسەر 14 باب. ئەسەر جەمئىي 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭغا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە شېئىرنى قوشقاندا، ھەممىسى بولۇپ 512 مىسرا بولىدۇ. ئۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغان. ئۇنىڭ ئالدىنقى تۆت بابى كىرىش سۆز قىسمى، كېيىنكى 10 باب ئاساسىي مەزمۇن قىسمى.

شائىر ئۆز ئەسىرىنى «تۈركىي كىتاب» دەپ ئاتىغان. مەسىلەن:

*ئانىن ئۇش چىقاردىم بۇ تۈركى كىتاب،*
*كەرەك قىل تاپ ئەي دوست كەرەك قىل ئىتاپ.*
*بىتىدىم بۇ ئاڭسۇق تۈرەف سۆزلەرىن،*
*قالى بارسا ئۆزۈم سۆزۈم قالسۇ دەپ.* (139 ـ بېيىت)

*[شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۈركىي كىتابنى چىقاردىم،*
*خالىساڭ بۇنى قوبۇل قىل، ئەي دوست، خالىساڭ ئەيىبلە.*
*ئۆزۈم كەتسەم، سۆزۈم قالسۇن دەپ،*
*بۇ (كىتابنى) تەڭداشسىز گۈزەل سۆزلەر بىلەن يازدىم. ]*

ئەدىب ئەھمەدتىن كېيىنرەك ئۆتكەن ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان[③] دېگەن كىشى ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا يازغان ئىلاۋىسىدە مۇنداق دېگەن:

*تامامى ئەرۇر كاشغەر تىلى بىلە،*
*ئايىتمىش ئەدىب رىققاتى دىل بىلە.*

*ئەگەر بىلسە كاشغەر تىلىن ھەر كىشى،*
*بىلۇر ئول ئەدىبنىڭ نە كىم ئايمىشى.*

بۇ يەردە دېيىلگەن «كاشغەر تىلى» مەھمۇد كاشغەرىي «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتىغان تىلنىڭ داۋامى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئەدەبىي تىلى، كاشغەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلمىي يوسۇندا ئاتىلىشى.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق»نى يېقىنقى زامان ئىلمىي خادىملىرى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇنى داستان دەپ قارىغان. لېكىن ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى باشقا داستانلارغا زادى ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان. يەنى ئۇنىڭدا تۇتاش كەتكەن ۋەقەلىك باغلىنىشى، توقۇنۇش، كونكرېت ۋە سالاھىيەتلىك پېرسوناژلار ئوبرازى كۆزگە چېلىقمايدۇ. يەنى بۇ داستان پەلسەپىۋى ياكى دىداكتىك داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىدىيەۋى مەزمۇن ئابستراكت ئەخلاقىي ئۇقۇم دائىرىسىدە ئىپادىلەنگەن. شائىر ئوبيېكتنى كۆپرەك لىرىكىلىق يول بىلەن سۈرەتلەيدۇ. بۇ ھال داستاننى سىياسىي،

---

① بۇ نام ئۇنىڭ C،B نۇسخىلىرىغا بېرىلگەن نامدىن كېلىپ چىققان. ئەسەرنىڭ A نۇسخىسى نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدىن كونا ھەم تولۇق بولۇپ، شۇ نۇسخىسىدا ئەسەرنىڭ نامى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دېيىلگەنلىكى ھەم بۇ نام ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا خېلىلا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھازىر شۇ نام ئىشلىتىلمەكتە.

② ئاپتورنىڭ ياشىغان زامانىسىنى پەقەت ئاپتور يازغان داستاننىڭ تىل ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇن خاراكتېرىگە قاراپ ئىلمىي پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. يەنى بۇ ئەسەر توغرىسىدا ئىزدەنگەن بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، ئەھمەد يۈكنەكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشىغان.

③ بەزى ئىلمىي خادىملار بۇ كىشىنى تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ھەربىي ئەمەلدارى ۋە شائىر كىشى بولۇپ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نى رەتلەپ، كۆچۈرۈشكە رىياسەتچىلىك قىلغان دەپ ئېنىقلاپ چىققان. بۇنىڭغا بىر پاكىت شۇكى، 16 ـ ئەسىردىكى شائىر مەۋلانا سەككاكىي ئارسلان خوجا تارقان دېگەن بۇ كىشىگە ئاتاپ قەسىدە يازغان.

ئەخلاقىي لىرىكىلىق چاتما شېئىرلار تۈركۈمى ياكى توپلىمى دەپ قاراشقا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنى يۈرەكلىك ھالدا ئېيتىشقا بولىدۇكى، شائىر «بىلىم، ئەخلاق، ئادالەت» چۈشەنچىسىنى بىر تال قىزىل يىپتەك داستاننىڭ باش-ئاخىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئوبراز ۋاسىتىسى دەپ تونۇپ، شۇنى چۆرىدىگەن ئاساستا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئومۇمەن، شائىر ئەسىرىدە ئىلىم-مەرىپەتكە، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تىرىشقان كىشىلەرگە، مەردلىك، سېخىيلىق، ئەزگۈلۈك، كەمتەرلىك، كۆيۈمچانلىق، ئادالەتلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ. بىلىمسىزلىك، توخۇ يۈرەكلىك، قاباھەتلىك، تەكەببۇرلۇق، ۋاپاسىزلىق، خەسىسلىك، ئاچ كۆزلۈك قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئەدىب ئەسىرىدە ئۆزى ياشىغان دەۋردىن نارازى بولۇپ، ئۇنى ھەجۋىي تىل بىلەن قاتتىق پاش قىلىپ سۆكىدۇ.

داستاننىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، سۆز-ئىبارىلىرى ۋە تىلى يېنىك، مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبى ئاممىباب، قاراتمىلىقى ۋە يۆنىلىشچانلىقى ئېنىق، سىڭىشىشچانلىقى ۋە جەلپكارلىقى كۈچلۈك.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەدەبىيات ھادىسىسىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىڭ قىممىتى يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ يالغۇز قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن كېيىنكى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ئالاقىسى، ئۆزگىرىش جەريانىنى بىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ داستاندا قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى بولغان باش قاپىيە شەكلى كۆپ كۇپلېتلاردا كۆرسىتىلگەن. لېكىن، داستاننىڭ كۆپ مىسرالىرى ئاياغ قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان.

ئومۇمەن، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك بىر ئەسەر بولۇش بىلەن بىرگە، پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىنى ئۆگىنىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### بىلىملىكنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە

*14. بىلىگدىن ئۇرۇرمەن سۆزۈمگە ئۇلا،*
*بىلىگلىگكە يا دوست ئۆزۈڭنى ئۇلا.*
*بىلىگ بىرلە بۇلنۇر سەئادەت يولى،*
*بىلىگ بىل سەئادەت يولىنى بۇلا.*

*24. بەھالىغ دىنار ئول بىلىگلىگ كىشى،*
*بۇ جاھىل بىلىگسىز باھاسىز بېشى.*
*بىلىگلىگ بىلىگسىز قاچان تەڭ بولۇر،*
*بىلىگلىگ تىشى ئەر، جاھىل ئەر تىشى.*

*34. سۆڭەككە يىلىگ تەگ ئەرەنكە بىلىگ،*
*ئەرەن كۆركى ئەقىل، ئول سۆڭەكنىڭ يىلىگ.*
*بىلىگسىز يىلىگسىز سۆڭەك تەگ ھالى،*
*بىلىگسىز سۆڭەككە سۇنۇلماز ئەلىگ.*

44. بىلىگ بىلدى، بولدى ئەرەن بەلگۈلۈگ،
بىلىگسىز تىرىگلە يىتۈك كۆرگۈلۈگ.
بىلىگلىگ ئەر ئۆلدى ئاتى ئۆلمەدى،
بىلىگسىز تىرىگ ئەركەن ئاتى ئۆلۈگ.

45. بىلىگلىگ بىرىڭە بىلىگسىز مىڭىن،
تەڭەگلى تەڭەدى بىلىگنىڭ تەڭىن.
باقا كۆرگىل ئەمدى ئۇقا سىنايۇ،
نە نەڭ بار بىلىگ تەگ ئاسىغلىغ ئۆڭىن.

64. بىلىگ بىرلە ئالىم يوقار يوقلادى،
بىلىگسىزلىك ئەرنى چۆكەردى قودى.
بىلىگ يىند ئۇسانما بىل ئول هەق رەسۇل،
بىلىگ چىندە ئەرسە سىز ئارقاڭ دەدى.

74. بىلىگلىگ بىلىگنى ئەدەرگەن بولۇر،
بىلىگ تاتغىن ئاي دوست بىلىگلىگ بىلۇر.
بىلىگ بىلدۈرۈر بىل بىلىگ قەدرىنى،
بىلىگنى بىلىگسىز ئۇتۇن نە قىلۇر.

14]. بىلىمدىن سالاي دوست، سۆزۈم ئۇلىنى،
تۇتۇپ ماڭ بىلىملىك كىشى قولىنى.
ئېچىلغاي بىلىمدە سائادەت يولى،
بىلىم ئالكى، ئاچقىن بەخت يولىنى.

24. باهالىق دىناردۇر بىلىملىك كىشى،
بىلىمسىز نادانىڭ باهاسىز بېشى.
بىلىملىك، بىلىمسىز قاچان بولدى تەڭ،
بىلىملىك ئايال ئەر، نادان ئەر چىشى.

34. سۆڭەككە يىلىكتەك، ئوغۇلغا بىلىم،
(ئەقىل كۆركى ئەرنىڭ، سۆڭەكنىڭ يىلىك.)
مىسالى بىلىمسىز يىلىكسىز سۆڭەك،
يىلىكسىز سۆڭەككە سۇنۇلماس ئىلىك.

44. بىلىمدە بولۇر ئەر تونۇش بەلگىلىك،
بىلىمسىز تىرىكلەر قالار كۆمۈلۈپ.
بىلىملىك ئەر ئۆلسە ئېتى ئۆلمىگەي،
بىلىمسىز تىرىكلەر تىرىكلا ئۆلۈك!

54. مىڭ نادان- بىلىمسىنى بىر بىلگەن يېڭەر،

*بىلىمنىڭ سالىمىقى شۇندىن بىلىنەر،*
*نەزەر سال، سىناپ كۆر، قېنى بايقىغىن،*
*بىلىمدەك مەنپەئەتلىك بارمىكىن ئەي ئەر!*

*64. بىلىمدۇر ئالىمنى ئەزىز ئەيلىگەن،*
*«يەر» بولدى ئەقىلسىز، بىلىم بىلمىگەن.*
*بىلىم ئىنزدە زىرىكمەي، ئۆگەن، ھەق رەسۇل:*
*«بىلىم چىندا بولسۇن ئىزدەڭلار» دېگەن.*

*74. كىشى ئىزدىنىشتە بىلىملىك بولۇر،*
*ئۇنىڭ تەمىنى ھەم بىلىملىك بىلۇر.*
*بىلىم بىلدۈرەر، بىل، ئىبلىم قەدرىنى،*
*بىلىم بىلمىگەن گول ئۇنى نە قىلۇر؟]*

## §6. ئەھمەد يەسەۋى

### 1. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ھايات پائالىيىتى

ئەھمەد يەسەۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، پەلسەپىسى، ئىدىيولوگىيەسى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە سوپىزمنىڭ روھانىيەتچىلىك تەركىدۇنيالىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان يەسەۋىيە، جەھرىيە ـ قادىرىيە[1] ئېقىمىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان، جۈملىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيولوگىيە تەرەققىياتىغا بەلگىلىك ھەسسە قوشقان يىرىك مۇتەسەۋۋىپ شائىردۇر. شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت، ھەقىقەتنى: ئىنسانپەرۋەرلىكنى كۈيلىگەن، نادانلىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە نەپسىنىڭ يامانلىقىنى قاتتىق سۆككەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىدۇر. ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شېئىرىيىتىدە ھېكمەت ژانىرى (سوپىستىك كۆز قاراشنى شېئىر ئارقىلىق تەشەببۇس قىلىدىغان)نىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن مۇبارەك زات. شۇنداقلا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىلىنى جانلىق خەلق تىلى شەكلىدە راۋاجلاندۇرۇشقا كۆرسەتكەن تۆھپىسىمۇ خۇددى ئۆزىدەكلا بۈيۈكتۇر. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت دۇنياسىدا ئەبۇ ناسىر فارابى، يۈسۈف خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىيلەردىن كېيىنكى شائىرلار، مۇتەپەككۇرلار، ئەدىبلەر، مۇتەسەۋۋۇپلار ئارىسىدا ئەھمەد يەسەۋىدەك ئۆز تەسىرىنى كېيىنكى ئەسىرلەرگىچە ساقلاپ كەلگەن ئەدىب يوق دېيەرلىك. ھەقىقەتەن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «يەسەۋى ھەقىقەتەن تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ داھىيلىرىدىندۇر»[2] دەپ كۆرسىتىشىدۇ. ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدە: «خوجا ئەھمەد يەسەۋى تۈركىستان مۈلكىنىڭ شەيخۇل ـ ماشايىخىدۇر. مەقامەتى (ئۇنۋان، دەرىجە) ئالىي ۋە

---

[1] قادىرىيە — بۇ مەزھەپ جەھرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جەھرى دېگىنى، ئاۋازنى چىقىرىپ، ئۈنلۈك تۈۋلاپ سەكرەپ سۇلۇك قىلىپ ئىبادەت قىلغاننى كۆرسىتىدۇ.

[2] ئا. سەئىدىن: «يەسەۋى كىم ئىدى؟»، تاشكەنت ئا. قادىرىي نامىدىكى خەلق مىراسى نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشرى 11 ـ بەت.

مەشھۇر. كارامەت مەتەۋالىي (ھەيران قالارلىق) ۋە نامەھسۇر (چېگراسىز) ئەرمىش، ئىمام يۇسۇف ھەمەدانىينىڭ ئەسھابىدىندۇر (سۆھبەتدىشى)» دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە «ئۇنىڭ مازىرى تۈركىستاندىكى يەسى دېگەن يەردە، تۈركىستان ئەھلىنىڭ قىبلى دۇئاسىدۇر»[1] دېگەن.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە تۇغۇلغان يۇرتى ھەققىدە ھازىرغىچە ھەر خىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر «ئەھمەد يەسەۋى ھىجرىيەنىڭ 562 ـ يىلى (مىلادىيە 1166 ـ يىللار) ۋاپات بولغان ھەمدە ‹دىۋانى ھېكمەت›تىكى :

*تۆت يۈز يىلدىن كېيىن چىقىپ ئۈممەت بولغاي،*
*نەچچە يىللار يۈرۈپ خەلققە خىزمەت قىلغاي.*

دېگەن بېيىتنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەر ھالدا ئۇنى ھىجرىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تۇغۇلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنە بەزى مەنبەدە ئەھمەد يەسەۋىنىڭ 125 يىل ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەنلىكى يېزىلغان[2]. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكىنى تۆۋەندىكى ھېكمىتى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

*يەر ئۈستىدە ئۆلمەس بۇرۇن تىرىك ئۆلدۇم،*
*ئاتمىش ئۈچتە سۈننەت دېدى ئىشتىپ بىلدىم.*
*يەر ئاستىدا جانىم بىلە قۇللۇق قىلدىم.*
*ئىشتىپ، ئوقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد،*
*ئىرانلاردىن فەيزۇ فۇتۇھ ئالالمادىم،*
*يۈز يىگىرمە بەشكە كىردىم بىلەلمەدىم،*
*ھەقتا ئالا تائەتلەرىن قىلالمادىم،*
*ئىشتىپ، ئوقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد.*[3]

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بايانلاردىن ئەھمەد يەسەۋى مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تۇغۇلغان[4]، مىلادىيە 1166 ـ يىلى ۋاپات بولغان دەپ قارىلىدۇ.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراش بار: بىرى، ئەھمەد يەسەۋى قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەلىكىدىكى سايرام ـ ئىسپىجاپ شەھرى (ھازىرقى چىمكەنت شەھىرىنىڭ بىر ئاز شەرقىغە توغرا كېلىدۇ)نىڭ سايرام بازىرىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئىبراھىم ئىسىملىك چوڭ شەيخنىڭ ئوغلى ئىدى. شەرقتىكى مەۋجۇت ئەنئەنىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى (سايرام يەسى)نى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان دېگەن قاراش. يەنە بىر خىل قاراش، «ئەھمەد يەسەۋى بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە يەنى ئاقسۇنىڭ 176 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى سايرام شەھىرىدە تۇغۇلغان. سايرام بولسا تارىم دەرياسى

---

[1] ئەھمەد يەسەۋى: «ھېكمەتلەر»، غوپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشرىدىكى كەلتۈرۈلگەن ئىستاتىستىن.

[2] «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1959 ـ يىلى نەشرى I ـ توم.

[3] «بۇلاق» ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى، ئومۇمىي 14 ـ سان، 165 ـ ،166 ـ بەتلەر.

[4] ئايرىم مەنبەلەردە جۇملىدىن مەۋلانا مۇسامدىدىن سىغناقىينىڭ رىسالىسىدە ئەھمەد يەسەۋى 130 يىل ئۆمۈر كۆرگەن دەپ يېزىلغان. يەنە دېيىلىشىچە: ئۆز ھاياتىغا تولىمۇ سىرلىق ئىلاھىي تۈس بېرىپ يازغان ھېكمەتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئارتۇق ياشاشنى راۋا كۆرمەي، 63 يېشىدا يەر ئاستىغا ـ چىللەخانىغا كىرىپ، روزا تۇتۇپ، ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەخمىنەن 130 يىللار ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن.

ساھىلىدىكى شەھيار دەرياسى ۋە قاراسۇنىڭ ئۈستىدىكى كىچىك بىر شەھەردۇر» دېگەندىن ئىبارەت. ئەھمەد يەسەۋى يەتتە يېشىدا ئىنىسى بىلەن بىللە يەسى شەھىرىگە (بۇ شەھەر كېيىن تۈركىستان نامى بىلەن ئاتالغان) كېلىپ بوۋىسى يېنىدا يەرلەشكەن. ئۇ يەسى شەھىرىدە ئارسلان بابا ناملىق بىر مەشھۇر شەيخنىڭ تەربىيەسىدە بولغان.

ئارسلان بابا قازا قىلغاندىن كېيىن ئەھمەد يەسەۋى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ماۋرائۇننەھردىكى ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت مەركىزى بۇخاراغا كەلگەن. بۇ شەھەردە پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى گۈللەنگەن بولۇپلا قالماستىن، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك مەزھەپلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ كۈرۈنەرلىك ھالدا جۇغلانغانىدى. ئەھمەد يەسەۋى بۇخارادا مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى يۇسۇف ھەمەدانىينى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ تەربىيەسىدە بولغان. يۇسۇف ھەمەدانىي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچىنچي خەلىپىسى سۈپىتىدە بۇخارا خانىقاسىدا خەلىپىلىك قىلغان. كېيىن ئۇ ئۇستازىنىڭ تۆتىنچى خەلىپىسى خوجا ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىيغا خەلىپىلىكنى تاپشۇرۇپ، يەسى شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن. مەنبەلەردە يەنە ئۇنىڭ سەئىد ئىبىن ئەبۇ ۋەققاس ئىسىملىك يەنە بىر ئۇستازىنىڭ بارلىقىمۇ تىلغا ئېلىنماقتا.

ئەھمەد يەسەۋى «يەسەۋى» تەخەللۇسىدىن باشقا يەنە «قۇل خوجا ئەھمەد»، «مىسكىن ئەھمەد»، «قۇل ئەھمەد»، «خوجا ئەھمەد»، «ئەھمەد»، «مىسكىن يەسەۋى»، «ئەھمەد ئىبىن ئىبراھىم خوجا»، «مىسكىن ئەھمەد يەسەۋى» قاتارلىق ئىسىملارنى تەخەللۇس ئورنىدا قوللانغان[①].

## 2. «دىۋانى ھېكمەت» توغرىسىدا

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا زور شۆھرەت قازانغان، سوپىستىك ئەدەبىياتنىڭ دەستۇرى بولغان «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق دىۋانى بىزگە يېتىپ كەلگەن. «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ تۈركىستاندىن تېپىلغان نۇسخىلىرى ئەڭ قەدىمكى ھەم مۇكەممەل دەپ قارالماقتا. ئۇ نۇسخا شىكەستە خەتتە، قارا سىياھتا چاي قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن، پەقەت شۇ نۇسخىغا «كۈللىيات» نامى بېرىلگەن. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان دەپتەرلىرىدىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئۇ ھاياتىدا يازغان ھېكمەتلىرى «دەريايى شەرىئەت»، «روھى تەرىقەت»، «قۇلزۇمى ھەقىقەت» ۋە «دەريايى رەھمەت» نامى بىلەن ئاتالغان تۆت دەپتەردىن تۈزۈلگەن.

ئەھمەد يەسەۋى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىنىڭ سانى ھەققىدە ھەر خىل كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان: تۈركىستاندا كۆچۈرۈلگەن بىر قەدىمىي نۇسخىدا ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىنىڭ سانى 4400 ئېكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۈيۈك شائىر ئەھمەد يەسەۋى شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت ۋە ھەقىقەتنى ئۆمۈر بويى كۈيلىگەن شائىر. ئۇ ئۆز ھېكمەتلىرىدە كىشىلەرنى ئىنسابلىق، دىيانەتلىك، پاك، توغرا بولۇشقا ھەمدە ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈپ تېپىشىنچ ئۆتۈشكە چاقىرغان. ئەھمەد يەسەۋى ھېكمەتلىرىنى ئىنسانلارنى كامىللىققا ئۈندىگۈچى پەندنامە ۋە ۋەسىيەتنامە دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ھېكمەتلەردىن ئىبارەت شېئىريي ژانىردا ئۆمۈر بويى قەلەم تەۋرىتىپ بىرىنچى بولۇپ ھېكمەتلەر كۈللىياتى يارىتىشقا مۇيەسسەر بولغان مەشھۇر ھېكمەتچى.

شائىر دىنىي ۋە تەسەۋۋۇپىي چۈشەنچىلەر، ئارقىلىق ئەزگۈلۈك ۋە پاكلىق، چىن ئىنسانىي

① ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئىبراھىم ئاتلىق بىر ئوغلى بولغان. لېكىن بۇ ئوغلى ئۆزىدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ يەنە جامال خانىم، گەۋھەر خۇشتارخان ناملىق قىزلىرىمۇ بولغان. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ قەبرىسى قېرىنداشلىرى لاتىپ ئاتا، مۇستاپاقۇل ئاتا، دادىسى ئىبراھىم شەيخ، ئانىسى ئايشە خاتۇن (قارا چاچ ئانا) ۋە قىزلىرىنىڭ قەبرىسى بىلەن بىللە يەسى (تۈركىستان) شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقان.

پەزىلەتلەرنى كۈيلىگەن. ئۇنىڭچە، بارچە ياخشىلىقلار ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ مەنبەسى — مۇقەددەس ئىلاھ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان تىنماي ئىلاھقا ئىنتىلىشى، تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆزىنى پاكلاپ، مەنىۋىيىتى، روھىنى چىنىقتۇرۇپ بېرىشى كېرەك.

«دىۋانى ھېكمەت»نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:

يەسەۋىنىڭ كۈرەش ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئۆزگىچە، ئۇ ئىنسان ھاياتىدىكى كاتتا كۈرەش — نەپسنى تەسلىم قىلىشقا خىزمەت قىلىدىغان كۈرەش دەپ ھېسابلايدۇ. نەپسكە مەغلۇپ شاھ — قۇل، نەپستىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن غېرىب — شاھتۇر. مانا بۇ يەسەۋى دۇنيا قاراشلىرىدىكى ئاساسلىق مەسىلە.

*دۇنيا مەنسەپ دېمە، ئۇچما ئىشۋەگە،*
*دوستلاردىن ئاجراپ ھەم ياۋ باشىغا ئات.*

شائىر بۇ مىسرادا نەزەردە تۇتقان ياۋ — نەپس. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ پىكرىچە، نەپس «ياۋايى قۇشتەك قولغا قونماس» بىر نەرسە، ئەمما قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنى قولغا كەلتۈرمەك كېرەك. بۇ قۇش ئۆزى خالىغانچە پەرۋاز قىلىۋەرسە، كىشىنى كۈندىن - كۈنگە توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، كۈتۈلمىگەن پالاكەتلەر قاينىمىغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. ئاقىۋەتتە بولسا:

*نەپس يولىغا كىرگەن كىشى رەسۋا بولۇر،*
*يولدىن ئېزىپ، تېيىپ - توزۇپ گۇمران بولۇر،*
*ياتسا، تۇرسا شەيتان بىلەن ھەمراھ بولۇر. . .*

دېگەندەك بولىدۇ. شائىر نەپس بەندىلىرىگە قارىتا «نەپسىڭنى يىغ، ئەي يارىماس ئىنسان» دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ. راستتىنلا نەپس ئادەملەرنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ - ھە! ھەقىقەتەنمۇ بۇنىڭ ئاقىۋىتى پەقەت پۇشايمان ۋە ئارمان، خالاس.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، نەپس بەك چوڭ دۈشمەن، ئۇ ئىنساندىكى پۈتۈنلۈكنى سۇندۇرىدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تۆۋەندىكى تۆتلۈكى كىشىلەرگە بىر خىل ئىبرەت ئاھاڭىدا ئېيتىلغان:

*ۋادەرىخا ئارمان بىلەن ئۆمرۈم كەچتى،*
*نەپسىم مېنى تۇغيان قىلدى، ھەددىن ئاشتى،*
*جانىم قۇش پەرۋاز قىلسا، روھىم قاچتى،*
*غافىل يۈرگەن ئۆمرىن يەلگە ساتار، دوستلار.*

ئەھمەد يەسەۋى ئىجادىيىتىنىڭ مەركىزىنى ئىسيانكارانە مىستىك مەزمۇنلار تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا «غەر قاپ بولۇپ ئىسيان ئىچىدە قالدىم مانا» دېگەن مىسرالارنى بىھۇدە تۈزمىگەن. ئۇنىڭ ئىسيانى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئىسيان خالاس.

نادانلىق — يۇنان پەيلاسوپى سوقراتنىڭ ئېيتىشىچە: «دۇنيادا بىرلا ئەزگۈلۈك بار، بۇ — بىلىم، بىرلا ياۋۇزلۇق بار، بۇ — نادانلىق. دۇنيادا قانچىلىك ئەزگۈلۈك ۋە ئالىيجانابلىق بولسا، بۇ ئالدى بىلەن بىلىم مېۋىسىدۇر. جاھالەت، پەسلىك ۋە رەزىللىكنىڭ ھەممىسى نادانلىقتىن باشلىنىدۇ. جاھاندىكى ھەممە سەلتەنەت قاتىللىرى ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا نادانلاردىن پايدىلىنىپ كەلگەن»[1].

تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىدا نادانلىق ئاپىتىدىن ئەھمەد يەسەۋىدەك شىكايەت قىلغان شائىر كەمدىن كەم تېپىلىدۇ. نادانلىق — خەلقنىڭ كۈلپىتى، نادانلىق — ئۆزىگە خاس ياۋۇزلۇق، نادانلىق — ئەقىلنىڭ جاللىتى. شۇڭلاشقا يەسەۋى ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىرىدە:

*دۇئا قىلىڭ نادانلارنىڭ يۈزىن كۆرمەي،*

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى 1991 - يىلى 1 - سان، ئۈرۈمچى.

*ھەق تائالا رەفىق بولسا بىردەم تۇرماي،*
*بىمار بولسا نادانلارنى ھالىن سورماي،*
*نادانلاردىن يۈز مىڭ جاپا كۆردۈم مانا.*

دېيىش ئارقىلىق «دۇئا قىلىڭ نادانلارنىڭ يۈزىن كۆرمەي» دەپ يالۋۇرغان. ئۇ «نادان بىرلە ئۈلفەت» ھەم بولۇپ كۆرگەن، لېكىن بۇنداق «ئۈلفەتلىك»تىن يۈرەك ـ باغرى كۆيۈپ، جاندىن تويغان. نادانىنىڭ يولىنىڭ ئەگرى يول ئىكەنلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

*ئايا دوستلار، نادان بىرلە ئۈلفەت بولۇپ،*
*باغرىم كۆيۈپ، جاندىن تويۇپ، ئۆلدۈم مانا،*
*توغرى ئېيتسام ئەگرى يولغا بويىنى تولغار،*
*قانلار يۇتۇپ غەم زەھرىگە تويدۇم مانا.*

ئۇ يەنە تۆۋەندىكى ھېكمەتلىرىدە:

*نادان بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈڭ نارى سەقەر،*
*نادان بارسا، دوزاخ ئاندىن قىلغاي ھەزەر،*
*نادان بىلەن دوزاخ سەرى قىلماڭ سەپەر،*
*نادان ئىچرە خازان يەڭلىغ سولدۇم مانا!*
*يەر ئاستىغا قېچىپ كىردىم نادانلاردىن،*
*ئىلكىم ئاچىپ، دۇئا تىلەپ مەردانلاردىن،*
*تەمە قىلما نادانلاردىن، قەدرىڭ بىلمەس،*
*زۇلمەت ئىچرە يول ئاداشساڭ، يولغا سالماس.*
*ئاۋۋال ئاخىر خوپلار كەتتى، قالدىم يالغۇز،*
*نادانلاردىن ئىشىتمەدىم بىر ياخشى سۆز،*
*دانا كەتتى، نادان قالدى، دېدىم ئەپسۇس،*
*يولنى تاپماي، ھەيران بولۇپ قالدىم مانا.*

دەپ، نادانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارغا قارشى قانداق يول تۇتقانلىقىنى بىزگە تولىمۇ ئوچۇق تەسۋىرلەپ بەرگەن.

يەسەۋى ئۆز زامانىسىدىكى ۋە ئۆز مۇھىتىدىكى پۈتۈن يامانلىقلارغا، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردىكى بۇزۇقلۇقلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغۇچى، ئۇلارغا قارشى شىددەتلىك جەڭ ئېلان قىلىپ، پۈتۈن ئۆمرىدە شۇلارغا ئۆزىنىڭ كەسكىن ۋە ئوچۇق شېئىرلىرى بىلەن شەپقەتسىز ئوق ئاتقۇچى بىر قەھرىماندۇر.

يەسەۋى ئادالەتسىزلىككە تامامەن قارشى ئىدى. زالىملارنى، بۇزۇقلارنى ئەسلا ياراتمايدۇ. ھەتتا يولدىن چىققان، ھارامدىن مال ـ دۇنيا توپلىغان، خەلقنى ئالدىغان مۇپتى، قازىلارنى، شەيخ، ئىشانلارنى، يالغان ئالىملارنى، تۆرە، ئەمىرلەرنى، ۋەزىر ۋە پادىشاھلارنى قاتتىق قارىلىغان.

*موللا، مۇفتى بولغانلار، ناھەق دەۋا قىلغانلار،*
*ئول ھارامدەك بولۇبان يۈك ئاستىدا قالمىشلەر. . .*
*ھارام يېگەن زالىملار، رىشۋەت ئېلىپ يېگەنلەر،*
*ئۆز بارماغىن تىشلەبان قورقۇپ تۇرۇپ قالمىشلەر،*
*تاتلىق ـ تاتلىق يېگەنلەر، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك كىيگەنلەر،*
*ئالتۇن تەخت قۇرغانلار تۇپراق ئاستى قالمىشلەر.*
*. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .*

*ئىشان، شەيخ، خوجا موللا دۇنيا ئىزدەر،*
*ئول سەبەبدىن پادىشاھلارغا يالغان سۆزلەر،*
*ئايەت، ھەدىس سۆزنى قويۇپ مالنى كۆزلەر،*
*ھەق يولدا ھەرگىز مىھنەت تارتقىنى يوق.*

*ساچ ۋە ساقال ئاقاردى، كۆڭلۈم قارا. . .*
*ئەھلى دۇنيا خەلقىمىزدە ساخاۋەت يوق.*
*پادىشاھلاردا، ۋەزىرلەردە ئادالەت يوق،*
*تۈرلۈك بالا خەلق ئۈستىگە ياغدى دوستلار!*

ياكى:

*ئاخىر زامان ئالىملىرى زالىم بولدى،*
*خۇشامەت ئېيتقۇچىلار ئالىم بولدى.*
*ھەقنى ئېيتقان دەرۋىشلەرگە غەنىم بولدى،*
*ئەجەب شۇملى زامانەلەر بولدى، دوستلار.*

«دىۋانى ھېكمەت»تىكى شېئىرلاردىن تۈركىي تىلىنىڭ پارس تىلى بىلەن بولغان ئىركىشىشىدە تۈركىي تىلىغا ئۈستۈنلۈك قازاندۇرغۇچى، تۈركىي تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغۇچى سەركەردىلەردىن بىرى ئەھمەد يەسەۋى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يەسەۋىنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبىدىكى ئوچۇقلۇق، ساددىلىق، يەڭگىللىك، تەبىئىيلىك، گۈزەللىك، تەسۋىرىيلىككە ھەر قانداق كىشى ھەيران قالماي مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىدىن كۆپ يىراق، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ۋە تىلىدا ياسالمىلىق دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق.

يەسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرىدە ۋەزىن، قاپىيە قوغلىشىپ مەنىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ۋەزىنسىزلىك ۋە قاپىيەسىزلىك ئەسلا يوقتۇر.

ئىلمىي خادىملار يەسەۋىنىڭ تىلى توغرىسىدا توختىلىپ شۇنداق يازغان: «. . . بۇلارنىڭ بارچىسى خەلققە ئاددىي، چۈشىنەرلىك تىلدا ئېيتىلغان ھەمدە ئۇلار ئۆز ھاياتىدىن ئالغان مىساللار بىلەن مۇستەھكەملەنگەن. ئەكسىچە بولغان بولسا، خوجا ئەھمەد يەسەۋى ھەققىدىكى خاتىرە بۇ قەدەر ئۇزاق ساقلانمىغان، تۆمۈر تەرىپىدىن ياسىتىلغان ئۇلۇغلار مەقبەرىسىگە ھازىرقى كۈنلەرگىچە زىيارەتچىلەر سەپ بولۇشۇپ تۇرمىغان ھەمدە يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ نەزم شەكلىدە يازغان ‹ھېكمەت›لىرى بۇنچىلىك شۆھرەت تاپمىغان بولاتتى».[1]

[1] 1923-يىلى تۈركىستان شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ئا. ز. شىمىت شەرىپىگە چىقىرىلغان «ئالېكساندرىيە» ناملىق توپلامدا ئە. يەسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرىنىڭ تىل ۋە ئۇسلۇبى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

2. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە قانداق مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئۆتكەن؟

3. ئەل فارابى، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈف خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەھمەد يەسەۋى قاتارلىقلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

4. ئەل فارابىينىڭ ئەسەرلىرى قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟

5. ئەل فارابىنىڭ بەدىئىي ئىستېدات توغرىسىدا ئېيتقان باياناتلىرىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

6. ئەل فارابىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنى بايان قىلىڭ.

7. ئەل فارابى بەدىئىي تەقلىد، بەدىئىي ئوبراز، ۋەزىن، قاپىيە ۋە شېئىرىي تىل توغرىسىدا نېمىلەرنى ئېيتقان؟

8. ئەل فارابى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى بايان قىلىڭ.

9. ئەل فارابىنىڭ «ھەم چېكىنگەن ھەمدە تەتۈر»، «ئىككى شىشە جام بىلەن ئادا»، «ھەي قېرىنداش خالىي تۇر»، «يەتتە يۇلتۇز كائىناتتا»، «شەيئىلەر مەۋجۇتلۇقىدىن»، «چەكسەم زەخمەت-مۇلاقەت»، «پىشمايىن سىرى ۋۇجۇد» قاتارلىق شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلىۋېلىڭ.

10. ئەل فارابىنىڭ پەزىلەت قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

11. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» قانداق ئەسەر؟ ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى (ياكى تېماتىك مەزمۇنى)نى بايان قىلىڭ.

12. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئەھمىيىتى ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

13. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى ئەدەبىي مىراسلار قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

14. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

15. ئوماي، قۇلباق ئەپسانىلىرىدە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

16. ئۇيغۇر نامى، مۇچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى، خاقان شۇ توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بايان قىلىڭ.

17. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى شېئىرلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋە مەزمۇن خاراكتېرىنى بايان قىلىڭ.

18. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى ئەدەبىي پارچىلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى قانداق؟

19. «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىكى ماقال-تەمسىللەرنىڭ تۈرلىرى ۋە پەلسەپىۋى ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

20. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەدەنىيەت ئاساسىنى بايان قىلىڭ.

21. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئالەم، تەبىئەت، دۇنيا، ھايات توغرىسىدىكى قاراشلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

22. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى بىلىم، قۇت، ئەخلاق، ئېتىكا، دىداكتىكا ھەققىدىكى

قاراشلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قانداق؟

23. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئىپادىسىنى بايان قىلىڭ.

24. «قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كەلگەن تارىخىي، ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت ياكى داستاننىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى بايان قىلىڭ.

25. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى بايان قىلىڭ.

26. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش ئوبرازلىرىنى تەھلىل قىلىڭ.

27. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كىشىلىك قاراش، ئىجتىمائىي پىكىر ۋە غايىۋى مەزمۇنلارنىڭ نۇقتىلىرىنى بايان قىلىڭ.

28. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دۇنياۋى قىممىتى ۋە تەسىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

29. «قۇتادغۇ بىلىك» توغرۇلۇق چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ.

30. «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى بايان قىلىڭ.

31. «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق»تىكى شېئىرىي پارچىلارغا يەشمە بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

32. «دىۋانى ھېكمەت»تىكى تەسەۋۋۇپ مەسىلىسى توغرىسىدا ئۆز قارىشىڭىزنى بايان قىلىڭ.

33. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتى توغرۇلۇق بىر پارچە ماقالە يېزىپ كېلىڭ.

# 3 ـ باب لياۋ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## §1. قىتان ـ لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

**1. ئومۇمىي ئوبزور**

قىتانلار جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي تەرىپىدە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى خۇاڭخې(شىرامۇرەن) دەرياسى ۋە تۇخې(لاۋخا) دەرياسى ۋادىلىرىدا قىتانلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان①.

قىتانلار تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئۈزۈكسىز زورىيىپ تۇرغان. 552 ـ يىلى تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندا، بىر قىسىم قىتان قەبىلىلىرى بۇ خانلىق تەۋەسىدە بولغان. 744 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا، قىتانلار بۇ خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا يۈز يىلغىچە ياشىغان②. ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، قىتانلار بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىغان. 901 ـ يىلى يوللۇغ ئاباگىنىڭ قىتانلارغا ھۆكۈمران بولۇشى بىلەن قىتان قوۋمى يېپيېڭى سەھىپىگە قەدەم قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قىتان خانلىقى، لياۋ سۇلالىسى (مىلادىيە 907—1125 ـ يىللار) ۋە غەربىي لياۋ سۇلالىسى (1125—1218 ـ يىللار) يەنى قارا قىتان خانلىقىنى قۇرۇپ، ئېلىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىغا شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

تارىخقا نەزەر تاشلىنىدىغان بولسا، مۇنداق بىر مەنتىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: قەدىمكى ئۇيغۇرلار روناق تاپقان زاماندا قىتانلار ئۇلارغا بېقىنغان، قەدىمكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە بولسا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى قىتانلارغا ئەگەشكەن، تاكى قارا قىتان (غەربىي لياۋ)لار پامىرنىڭ غەربىدە راۋاج تاپقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئاۋۋالقىدەكلا ئۇلارغا قارام بولغان. مانا مۇشۇنداق ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆتكەن ئۈچ يۈز يىل جەريانىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن قىتانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسەن قويۇق بولۇپ كەلگەن③.

قىتانلار لياۋ سۇلالىسىنى قۇرغان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە قىتانلارغا نازارەتچىلىككە بارغان ئۇيغۇرلاردىن شەكىللەنگەن شۇلۇ جەمەتى قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى قىلىشىدىغان ئەنئەنىنى شەكىللەندۈرۈپ، 200 يىللىق تارىخنى باسقىنىدا، شۇلۇ قەبىلىسىدىن توققۇز خانىش، يۈقىرى دەرىجىلىك ھەربىي، سىياسىي، مەمۇرىي، ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى 22 ئەمەلدار يېتىشىپ چىققان. قىتانلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ تىپىك بەلگىلىرىدىن بىرى قىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئەپسانىنى ئۇيغۇرلاردىن ئالغانلىقىنى

---

① سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار يازغان «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى» (《中国通史》蔡美彪等著)6 ـ قىسىم، 2 ـ بەت، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1979 ـ يىلى نەشرى.

② سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار يازغان «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى» 6 ـ قىسىم، 17 ـ بەت.

③ ۋاڭ رىۋېي: «قىتانلار بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەھقىق»، (《契丹与回鹘关系考》王日蔚)، «يۈگۇڭ»(《禹贡》) ژۇرنىلىنىڭ 1935 ـ يىلى 4 ـ جىلد 8 ـ سان، خەنزۇچە.

مىسال قىلىشقا بولىدۇ[1]. يەنە قىتانلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا «قىتان كىچىك يېزىقى»(契丹小字)نى ئىجاد قىلغان[2]. خانىشلارنىڭ ئىچىدە شىياۋگۇەنيىن، شىياۋسېسىلار سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشقاندىن باشقا، شېئىر يېزىپ، قىتان خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشقان[3].

## 2. شياۋ گۇەنيىن، شياۋ سېسى

### 1. شياۋ گۇەنيىن

شياۋ گۇەنيىن (萧观音، 1039—1075)، تەخەللۇسى يى دې، ئۇيغۇر نوسى (糯斯)نىڭ 11-بوغۇن نەۋرىسى. ئۇنىڭ دادىسى شياۋخۇي قىتان خانلىقىغا باش ۋەزىر ۋە زوراغا (لەشكىري قوماندان) بولۇپ ئىشلىگەن. شياۋ گۇەنيىن قىتان خانى داۋزۇڭ ياللۇغ خۇڭجى (1055—1101-يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)غا ياتلىق بولغان، 1055-يىلى خانىشلىققا كۆتۈرۈلگەن.

شياۋ گۇەنيىن ھۆسن-جامالدا تەڭداشسىز، كۆپ خىل سەنئەت تالانتى بار، سۆز قىلىشقا ماھىر، پىپا چېلىشقا ئۇستا، چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلارنى يېزىشقا قابىل، دىرامىنىڭ كۈي-نەغمىلىرى ئۈچۈن بېيىت تۈزۈشتە چېۋەر بىر ئايال ئىدى. ئەينى زاماندا قىتانلار خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە قويۇق ئۇچرىغان بولۇپ، شياۋگۇەنيىنمۇ خەنزۇچە ئىسىم قويۇپ، خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلەپ، شېئىرلارنى خەنزۇچە يازغان.

قىتانلار كۆچمەن مىللەت بولۇپ، ئەر-ئاياللار ئوخشاشلا ئوقيا مەرگەنلىرى ئىدى. شياۋ گۇەنيىن دائىم ياللۇغ خۇڭجىغا ھەمراھ بولۇپ ئوۋغا چىقار ئىكەن. بىر قېتىم ئۇلار قىتانلارنىڭ ئايپىرىدە بولغان جايى يۈڭجۇ ئايمىقى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل تەۋەسىدە)دىكى يېمۇ تېغى ئېتىكىدىكى فۇخۇلىندا ئوۋچىلىق قىلغان، ياللۇغ خۇڭجى ئەتراپىغا قاراپ خۇشاللىقتىن نەزم تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان، شياۋ گۇەنيىن «فۇخۇلىندا پەرمان بىلەن يېزىلغانلار»(«伏虎林应制») ناملىق شېئىرنى نەق مەيداندا يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ تېكىستى مۇنداق:

*威风万里压南帮，东去能翻鸭绿江。*

*灵怪大千局破胆，那教猛虎不投降。*

*[قۇدرىتىڭ تارقالدى ئون مىڭ يول جەنۇب ئەللەر تامان،*

*شەرققە بارساڭ يالۇجياڭمۇ قالمىدى جەڭدىن ئامان،*

*كۆللى ئالەم زىلزىلە ئىچرە بىراق بولدى بىھوش،*

*ۋەھشىي يولۋاس نەدە بار ئالدىڭدا تەسلىم بولمىغان.]*

شائىرەنىڭ بۇ شېئىرىدا قىتانلارنىڭ تەرەپ-تەرەپتە جەڭ قىلىپ زەپەر قۇچقان، ھەرقانداق

---

[1] بۇ ھەقتە دوكتور ياڭ فۇشۆنىڭ «قىتانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ئۇيغۇرلاردىن كەلگەنلىكى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ، بۇ ماقالىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[2] سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار يازغان «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى» 6-قىسىم، 124-بەت.

[3] شياۋگۇەنيىن، شياۋسېسىلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئومۇمىيلىق جەھەتتە قىتان ئەدەبىياتى دائىرىسىگە تەئەللۇق دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بىر تارماق مىللىي تەركىب قەدىمكى ئۇيغۇرلار بولغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۈگۈنكى كۈندە قىتان مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان قىتانلارنىڭ بىۋاسىتە ئەۋلادلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ۋارىسلىق قانۇنىغا ئاساسەن شياۋ گۇەنيىن، شياۋسېسىلارنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا تەۋە دەپ قارىلىدىغان قاراشمۇ بار. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ: ليۇجىڭمىڭ، شىڭ خەنشۇ تۈزۈپ چىققان «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى»(«西域少数民族诗选»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988-يىلى خەنزۇچە نەشرى، مىللەتلەر نەشرىياتي 2007-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى) ناملىق كىتابنىڭ 27-، 32-بەتلىرى؛ ئابدۇكېرىم راخمان باشچىلىقىدا يېزىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»(«维吾尔文学史»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998-يىلى نەشرى)؛ غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىلى نەشرى)؛ غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى»(شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2004-يىلى نەشرى).

يەردە رەقىبلىرىنى مەنسىتمەيدىغان مەغرۇر قىياپىتى، سادda ۋە ساغلام ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىن خانىشنىڭ كۆڭلى-كۆكسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى بىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە خېلىلا يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنىڭ بار ئىكەنلىكىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

شائىرەنىڭ «ئۆتمۈشنى ئەسلەش»(ياكى«ئۆتكەن كۈنلەر»، خەنزۇچە نامى:«怀古») ناملىق شېئىرى مۇنداق يېزىلغان:

*宫中只教赵家妆，败雨残云误汉王。*

*惟有知情一片月，曾窥飞燕入昭阳、*

*[قەسىر قوينىدا جاڭ فېيىيەن جىملىدىن ئەتىۋار بولغان،*

*ئۇنىڭ شۇم خۇلقىدىن پۈتمەس بالاغا قالدى چىڭدى خان.*

*تولۇن ئايلار خەۋەردار ھەممە ئىشتىن، چۈنكى ئۇ فېيىيەن-*

*كىرىپ جاۋياڭغا خان بىرلە تېپىشقاننى كۆرۈپ قالغان.]*

فېئوداللىق جەمئىيەتتە، خان-پادىشاھلار ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، دائىم سەۋەنلىك توقالغا يۈكلىنىپ قالاتتى. شياۋ گۇەنيىن خانىشلىقتا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇنداق ئىشلاردىن خالىي بولالمىغان. خەن سۇلالىسى پادىشاھى چېڭدىنىڭ ھاراقكەشلىككە بېرىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى جاۋفېيىيەننىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان، ئەمما بۇ يەر كۆپلىگەن شېئىردا جاۋ فېيىيەننىڭ مۇدھىش چىقىپ تۇرىدىغان ھۇجرىسىنىڭ قاباھەتلىك قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق خانىشتىن بىردىنلا يېگانە قەسىرگە بەند قىلىنىپ، چەكسىز ئازاب چەككەنلىكىنى ناھايىتى تەسىرلىك يوسۇندا تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ شېئىر پادىشاھلارغا تەنبىھ بېرىدىغان ئۆتكۈر ھەجۋىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، يۈكسەك سىياسىيۋىلىككە تولغان شېئىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىرە شياۋ گۇەنيىننىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «كۆڭۈل ھويلىسىغا قايتىش»[①]، «نامدىن جۇدا بولماق»[②] قاتارلىق نەمۇنىلىك ئەسەرلىرى بار.

2. شياۋ سېسى

شياۋ سېسى (萧瑟瑟، 1121 — ?). شياۋ گۇەنيىن بىلەن بىر جەمەت، يەنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىتانلارغا ئەۋەتكەن ئەمەلدارى نوسى(糯斯)نىڭ ئەۋلادى. قىتان خانى ياللۇغ يەنشىنىڭ خانىشى بولغان، ۋېن فېي دەپ ئاتالغان. ئەقىللىق ۋە چېچەن، ماقالە يېزىشقا كامىل، شېئىر يېزىشقا ماھىر بولغان. ئۇ ياللۇغ يەنشىنىڭ ئوۋ ئوۋلاپ كۆڭۈل ئېچىشقا بېرىلىپ كېتىپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقى، ساداقەتمەن ۋەزىرلەرنىڭ بىپەرۋالىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىگەن. ئۇ «ھەجۋىيات» (讽刺歌) ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

*勿嗟塞上兮暗红尘，*

*勿伤多难兮畏 夷人。*

*不如塞奸邪之路兮选取现臣。*

*直须卧薪尝胆兮激壮士之捐身*

*可以朝清北兮夕枕燕云。*

*[ئاھ ئۇرۇپ يۈرمە، زامان-تەكتىنگە يەت،*

---

① بۇ شېئىرنىڭ خەنزۇچە نامى «回心院» بولۇپ، ئۇنى يەنە «رايىنى قايتۇرۇش ھۇجرىسى» دەپ تەرجىمە قىلىش ئەھۋالىمۇ بار.

② بۇ شېئىرنىڭ خەنزۇچە نامى «绝命词» بولۇپ، ئۇنى يەنە «جۇدالىشىش خېتى» دەپ تەرجىمە قىلىش ئەھۋالىمۇ بار.

*ئەنسىرەپ ياتتىن دىلىڭغا قىلما دەرد.*
*بەتنىيەتلەرنىڭ يولىنى توس، ئەقىللىقتا ئىشەن،*
*جان پىدا قىلغان يىگىتلەرنى بىشىڭغا سايە ئەت.]*

شائىرە بۇ شېئىردا ياللۇغ يەنشى (تيەنزۇخان)نىڭ زور سىياسىي مەسىلىدىكى قارىشىنى بىۋاستە مەسخىرە قىلىپ، قەتئىي ئىرادىگە ئىگە بولۇشىنى، پىكىردە كەسكىن بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىپ، ئۆزىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە كەسكىن سىياسىي قارىشىنى ئىپادىلىگەن.

شائىرە شياۋ سېسى «تارىخنى كۈيلەش» ناملىق شېئىرىدا چىن سۇلالىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221—206 ـ يىللار)نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى چۇشكۈن سىياسىي ۋەزىيەت بىلەن سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا، ئەيىبلەش ۋە تەنقىد قىلىش ئارقىلىق ياللۇغ يەنشىنى خاتالىقلارنى تۈگىتىشكە، مەغلۇبىيەت يولىغا كىرىپ چىن سۇلالىسىدەك ئەھۋالغا قالماسلىققا ئاگاھلاندۇردى.

شياۋ گۇەنيىن، شياۋ سېسىلارنىڭ ھايات يولى ۋە شېئىرىي ئىجادىيىتى ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئائىلە ئاياللىرى، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ئىشرەتلىك تۇرمۇشتا ياشىغان خانىشلار ئەمەسلىكىنى، بەلكى تارىخ، سىياسىي ۋە ئەدەبىياتتا پىشىشىق، خەلق ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، يىراقنى ئويلايدىغان سىياسىي ئەربابلار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز ھاياتىنىڭ خەتەرگە يولۇقۇشىغا قارىماي، دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، پادىشاھلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش قىلىشتا جۈرئەت قىلغانلىقى يۈكسەك جاسارەت ۋە ئالىيجانابلىق بولۇپ، مەدھىيەلىنىشكە تېگىشلىك. بۇ ئۇلارنىڭ تارىخ ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئورنىنىڭ چوڭ بولۇشىنى بەلگىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئەلۋەتتە.

شياۋ سېسىنىڭ «تارىخنى ئەسلەش»(خەنزۇچە نامى «咏史»، ياكى «تارىختا مۇشائىرە») ناملىق شېئىرى مۇنداق يېزىلغان:

*丞相朝来佩剑鸣，千官侧目寂无声。*
*养成外患嗟何及，害尽忠臣谏不行。*
*亲戚并居藩屏位，私门潜蓄爪牙兵。*
*可怜二世秦天子，优向宫中望太平。*

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى مۇنداق:

*ئوردىغا كىرگەن ۋەزىرنىڭ يېنىدا خەنجەر، پىچاق،*
*كۆزى پەستە ـ قازى ـ قۇززاتلار پەقەت سۇرمەس زۇۋان.*
*چېگراغا يەتكەن بالا ـ ئاپەت بىلەن ھېچ كارى يوق،*
*قالمىدى سادىق ئەمەلدارلار نەسىھەتتىن ئامان.*
*ھەممە بەگلىك باشىدا مەنسەپ تۇتار جەددى ـ جەمەت،*
*يان ـ يېنىدا ئاقسۆڭەكلەر لەشكىرى ئىتتىن يامان.*
*بولغۇلۇقنىڭ ھەممىسى بولدى ۋەلىئەھدى ئۈچۈن،*
*كەلسە دەيمەن ئوردا ئىچرە ھۆر، ئاسايىش بىر زامان.*

بۇ شېئىردا چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋەزىر جاۋگاۋنىڭ ۋەلىئەھدى خۇخەيگە قىلغان زىيانكەشلىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، شۇ چاغدىكى زۇلمەتلىك سىياسىي ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك پاش قىلىنغان ۋە تەنقىد قىلىنغان. تارىخىي ساۋاقنى قوبۇل قىلىش لازىملىقى، چىن سۇلالىسىنىڭ ھالاكەتلىك يولىدا مېڭىشقا بولمايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن.

# §2. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

### 1. ئومۇمىي ئوبزور

يۈەن سۇلالىسى (1279—1368) موڭغۇللار ئوتتۇرا-مەركىزىي جۇڭگو رايونىنى ئاساسىي بازا قىلىپ قۇرغان سۇلالە ئىدى.

موڭغۇل قەبىلىلىرى ئەسلى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، رەسمىي يېزىق ئىشلەتمىگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەزى خەلقلەرگە قارىغاندا ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە بىرقەدەر تۆۋەنرەك سەۋىيەدە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ خېلى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا بىرمۇنچە ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا يېتىشىۋېلىش، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقلەر ۋە قوشنا مىللەتلەردىن ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. بۇ مەسىلە ئەينى چاغدا خېلىلا ئوبدان ھەل قىلىنغان. يەنى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى زىيالىيلارنى، سىياسىي ئەربابلارنى ۋە باشقا ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ۋە مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىگە جەلپ قىلغان. ئالدى بىلەن موڭغۇللار ئۈچۈن يېزىق يارىتىلغان. بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن يېزىق بولۇپ، تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر ھەرپلىرى 1204-يىللاردا چىڭگىزخان نايمانلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن موڭغۇل تىلىنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق بولۇشقا شەرت ھازىرلىغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇللارغا نىسبەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان. يەنى ئەينى چاغدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىغا كەڭ كۆلەملىك جەلپ قىلىنغان ۋە خىزمەتلەرنى يۈرەكلىك ئىشلىگەن. موڭغۇللار ئۇيغۇرلاردىن يالغۇز يېزىقلا قوبۇل قىلىپ قالماستىن، بەلكى سىياسەت بەلگىلەش، دۆلەت تۈزۈمى، مالىيە-ئىقتىساد تۈزۈمى قاتارلىق چوڭ ئىشلاردىمۇ يېتەرلىك ياردەملەرنى ئالغان. 1269-يىلى قۇبلاي خان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىغا باشقا يېزىق ئىشلىتىش توغرۇلۇق خانلىق سەلتەنىتى بىلەن يارلىق چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارغا قانچىلىك كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم پاكىت بولسا كېرەك.

مانا مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئىتى بۇ دەۋردە مۇئەييەن دەرىجىدە ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا تۈركۈملەپ كۆچۈپ بېرىپ، ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجتىمائىي مۇھىت ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يېزىق شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. يەنى ئالدى بىلەن موڭغۇللار بارا-بارا كۆپ سانلىق خەنزۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. خەنزۇلار سان جەھەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن، مەدەنىيەت، ئىقتىساد جەھەتتىنمۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك شۆھرىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالغان ۋە داۋاملاشتۇرۇۋاتقانىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆز ئوبيېكتى—ئوقۇرمەنلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، يەنىلا

ئىجادىيەتنى خەنزۇ تىل-يېزىقى بىلەن قىلىش ئەقەللىي ساۋات ھېسابلىناتتى. شۇڭا مەركىزىي جۇڭگو رايونىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ خەنزۇ تىل-يېزىقى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشنى ئاساسىي ئىجادىيەت يۆنىلىشى قىلىپ تاللىۋالغان.

ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللار تارىختا ئىناق ئۆتۈپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. موڭغۇللارنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى چىڭگىزخان (1162—1227) تارقاق موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ، بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيەسىگە ئاساس سېلىۋاتقان بىر پەيتتە، تۇرپاندىكى قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتى (خانى) بارچۇق(باۋۇرچۇق) ئارت تېگىن چىڭگىزخاننىڭ كارامەت غەيرىتىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە نىيەت باغلايدۇ. 1211-يىلى ئۇ شەخسەن ئۆزى چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، چىڭگىزخانغا تاۋاپ قىلغان. چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېگىنگە نۇرغۇن سوۋغا ئىنئام قىلغان، 5-ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، قىزى مەلىكە ئەل ئالتۇننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن موڭغۇللار ئارىسىدا پەۋقۇلئاددە دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيەسى، جۈملىدىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ يۈكسىلىشىدىكى تۆھپىلىرىنى كونكرېت بايان قىلساق: تىل-يېزىق، ھەربىي ئىشلار، سىياسىي ئىشلار، مالىيە-ئىقتىساد، ئەدلىيە-قانۇن، تەرجىمە-ئالاقە، تارىخشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، مائارىپ ۋە تەلىم-تەربىيە، دىن، يېزا ئىگىلىكى، يېمەك-ئىچمەك، تېبابەتچىلىك، دىپلوماتىيە، قاتناش-ئالاقە، توقۇمىچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە كۆرۈلىدۇ[1].

ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىدە ئوينىغان رولى تىل-يېزىق ۋە مائارىپ ساھەسىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغان. نۇرغۇن ئۇيغۇر مۇئەللىملىرى چىڭگىزخان، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى قۇرغان دۆلەتلەردە ئاتا بەگلىك (خان، شاھزادىلەرنىڭ ئۇستازى)، مۇئەللىملىك ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، قېرىنداش موڭغۇل خەلقى بىلەن مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ، ئۇلۇغ جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ موڭغۇللار دەۋرىدىكى مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە مۇھىم ھەسسىلىرىنى قوشقان. تۆۋەندە بۇنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتىنى تونۇشتۇرىمىز:

**تاتاتوڭا:** بۇ ئادەم قوچولۇق ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ۋە باشقا بىلىملەردىن خەۋەردار ئىدى. شۇ زامانلاردا ئالتاي تاغلىرى بىلەن خانگاي تاغلىرى ئارىسىدا ياشايدىغان نايمان قەبىلىسىنىڭ خانى تاياڭخان (كۈن خان) بۇ كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزىگە ئۇستاز قىلغان ۋە ئوردىنىڭ خانلىق تامغىسىنى تۇتقۇچى باش تامغىچى(مۆھۈردار )لىققا بەلگىلىگەن ئىكەن. موڭغۇل قوشۇنلىرى نايمان قەبىلىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، چىڭگىزخان تاتاتوڭانىڭ خىزمىتى ۋە ئىقتىدارىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆز ئوردىسىنىڭ تامغىسىنى تۇتقۇچى مۆھۈردارلىققا بەلگىلەيدۇ ھەم موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى يۈكلەيدۇ. باشقا خەلقلەر ئۇچۇن ئىشلەشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھقا ئىگە يېزىقشۇناس

---

[1] بۇ ھەقتە سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار يازغان«جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 7-قىسىم (خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1979-يىلى نەشرى) ۋە «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى. جۇڭگو تارىخى» («中国大百科全书·中国历史»)نىڭ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»(«元史») ناملىق يەككە كىتاب (جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى نەشرىياتى 1985-يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ)؛شاڭ يەنبىننىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» («元代畏兀儿研究»尚衍斌، مىللەتلەر نەشرىياتى 1999-يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛شۇلىلى باشچىلىقىدا يېزىلغان «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ يۆتكىلىش تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» («突厥人变迁史»徐黎丽主编، مىللەتلەر نەشرىياتى 2008-يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىقلارغا قارالسۇن.

تاتاتوڭا ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ، تۇنجى ئەۋلاد موڭغۇل ئاقسۆڭەك بىلگەلىرى (ئاساسەن شاھزادىلەر)نى تەربىيەلەپ چىقىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق «چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دۆلەت قۇرۇش جەھەتتە قانداق ئۇلۇغ ئادەم بولسا، تاتاتوڭامۇ ئۇلار ئۈچۈن يېزىق يارىتىپ، بىر مىللەتنى يېزىقلىق قىلغان. مەدەنىيەتلىك مىللەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى تۆھپىسى بىلەن خۇددى شۇنداق ئۇلۇغ ئەرباب» دېگەن باھاغا مۇيەسسەر بولىدۇ. دېمەك، تاتاتوڭا ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار تارىخىدىكى ئۇلۇغ يېزىقشۇناس ۋە پېداگوك.

تاتاتوڭادىن باشقا قارايىغاچ بۇيىرۇق، يۇرۇڭ تۆمۈر، سىبان، سەككىز، گېئورگى (كوركۇز؟)، سەۋنچ قاتارلىق ئاتابەگلەر ئۆتكەن. چوسكىنخۇدزېر دېگەن مەشھۇر تىلشۇناس موڭغۇل تىلىنىڭ تۇنجى «ئېلىپبە»(«鞑 ᠠ»)، ئوقۇلۇشى «شىنگۇ») كىتابىنى تۈزۈپ چىققان[①].

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇئەللىملەر:

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلايخان خانبالىق (بېيجىڭ)نى مەركەز، مەركىزىي جۇڭگو رايونىنى ئاساسىي بازا قىلىپ يۈەن سۇلالىسى (1279—1368)نى قۇرۇپ چىققان.

چىڭگىزخان ۋاقتىدا ئەتىۋارلانغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، شۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ ئەينى چاغدىكى پەن-مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ھەسسە قوشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئەللىملەر خېلى كۆپ ئىدى، مەسىلەن، ئارغۇن شەلى (1244—1307) جىمساردا تۇغۇلغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى. ئۇ ئۇيغۇر، موڭغۇل، خەنزۇ، تۈبۈت (تىبەت) تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، يەنە نوم-دەستۇرلار (经)، تارىخشۇناسلىق (史)، مۇھەككەر-مۇھەننەس (ھونكىر-مۇنكىر، 阴阳) ئىلمى، مۇنەججىملىك (历数)، سېپىھرگەرلىك (图纬)، يەتتىنامەشۇناسلىق، دورىگەرلىك ۋە كۆتۈنۈش ئىلمى (方技之说) قاتارلىقلارنىمۇ پۇختا بىلگەن. ئارغۇن شەلى قۇبلايخانغا ئالىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بېرىپ ۋە تەستىقلىتىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ھەسسە قوشقان، جۈملىدىن ئۇ مەملىكەتنىڭ مائارىپ ساھەسىنى باشقۇرىدىغان باش ئەمەلدار بولۇپ، بىر مەزگىل ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىگەن.

بۇ دەۋردە يەنە موڭۇس (1206—1267)، لىيەن شىشەن، سۈڭ لىيەن(1230—1280)، سارابان قاتارلىق مەشھۇر مۇئەللىملەر، ئالىملار ۋە پېداگوكلار بار بولغان.

يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇر، قارلۇق تارىخچىلىرىدىن لىيەن خۇيشەن قايا، سارابان، يۆجۇ، چولپان، سالى، قۇتلۇق دۇرمىش، ئالىن تۆمۈر، بايان قاتارلىقلار، شائىر ۋە تەرجىمانلاردىن ئەنساڭ (زايادا‌س)، پراجناشىرى (بىلا ناشىل)، قارۇناداس قاتارلىقلار تەسىرلىك ئورۇندا تۇرغان.

## 2. خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازغان ئەدىبلەر

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى خەنزۇ تىلى بىلەن ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. بۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ياشىغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر تولىمۇ چۈشىنىشلىك. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئوتتۇرا جۇڭگو (جۇڭيۈەن)دا بولغان. ئاشۇ ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەجدادلىرى موڭغۇل خانلىرى بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىپ يۈرۈپ خىزمەت

[①] «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى. جۇڭگو تارىخى»نىڭ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»(«元史») ناملىق يەككە كىتاب 1985-يىلى، 110-بەت.

كۆرسەتكەن مۇلكىي ئەمەلدارلار ۋە ھەربىي قوماندانلار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياشاپ تۇرغان جايلاردا پات-پات قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ تۇرغانلىقتىن، بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئېسىلزادىلەر ئۆز يۇرتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالماي، بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە ئىچكى جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ خىل ئەھۋال يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ قورساقلىقى، خۇش پېئىللىقى ۋە تىرىشچان، قىزغىنلىقى بىلەنمۇ زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىقى بايانلاردىن بىلىمىزكى، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى «يارلىقلاردا، مۇراسىملاردا، ئارمىيەنىڭ، خانلىقنىڭ يىغىنلىرىدا پۈتۈنلەي ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن»، ئۇيغۇرلار «ئۆز تىل-يېزىقىنىڭ باشقا مىللەت تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەنلىكى» بىلەن شەرەپ ھېس قىلاتتى ھەمدە «يېنىدا ئىشلىگەندە يېقىن بىرىۋالماي، تاشقىرىدا تەمكىن تۇرغان»، شۇڭا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى تامامەن ھەقلىق ئىدى. ئۇلار يەنە ئوتتۇرا جۇڭگودا ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان مەزگىلدە خەنزۇ قاتارلىق باشقا مىللەتلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىش جەريانىدا، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسىنى داۋاملىق ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بىلەنلا قالماي، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى پائال قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ تولۇقلىغان ۋە تاكامۇللاشتۇرغان. بۇ جەرياندا، بىرمۇنچە ئۇيغۇرلار خەنزۇچە يادىكارلىقلارنى ۋە كۇڭزىچىلارنىڭ كىتاب-دەستۇرلىرىنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، بىلىمنى، مەدەنىيەتنى قەدىرلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن. لىيەن شىشەنگە ئوخشاش «كۇڭزىچىلار ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىش»نى شەرەپ دەپ بىلىدىغان، ۋاپات بولۇش ئالدىدا «مەن ساقلىيالمايدىغان بولدۇم، ئوغلۇم مېنىڭ ئىرادەمگە ۋارىسلىق قىلسۇن» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرىدىغان ئۇيغۇرلار تارىخىي كىتابلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھارماي-تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىپ تەلىم بېرىشى ئارقىسىدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ئىجادىيىتىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان نۇرغۇن مەدەنىيەت ئەربابلىرى، ئەدىبلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇلار خەنزۇ تىلى بىلەن ئىجاد قىلغان، كۇڭزىچىلارنىڭ ئېسىل كىتابلىرىنى ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىنى تېگى-تەكتىگىچە بىلگەن ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلانغان. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي پائالىيەتلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىگە جۇلا بېرىپ، يۈەن سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ ئىدىيەسى ۋە مەزمۇنىنى غايەت زور دەرىجىدە بېيىتقان، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولۇشىنى تارىخىي ئەمەلىيەت بەلگىلىگەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇچە ئەسەر يازغان ئەدىبلەر ناھايىتى كۆپ. بۇلار گۈەن يۈنشى قايا، سادۇلا، مازۇچاڭ، شۈئاڭفۇ، لىيەن شىشەن، گاۋ كېگوڭ، جاۋ شىيەن، ماشىدى، شىن ۋېنفاڭ، شيې ۋېنجى قايا، لىيەن پوكۈي، چىنەن قايا، شيې يۈلى، شيې جېدۇ، نەيشىيەن، سەن باۋجۇ، بىيەن لۇ، تېگىن ساڭيا، لىيەن خېڭ، كەيلە باقشى، مارۇن، شىڭ شىمىڭ، دادۇلۇ، بۇيان بۇقاتېگىن، بىلىشا، شياۋشۇەنۇبېڭ، لىيەن دۇن، جىن ساڭيا، ۋاڭ باۋجۇ، شيې بەيلياۋلاردىن ئىبارەت[①].

بۇ ئىسىملىكتىنلا روشەنلىشىدۇكى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىل-يېزىقى بىلەن

① بۇ ھەقتە فېڭ جىياشېڭ، چېڭ سولۇ، مو گۇاڭگۇېنلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن تويلامچە» (《维吾尔族史料简编》冯家升等编، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981-يىلى نەشرى)؛ لىيۇجېڭمىڭ، شېڭ خەنشۇ تۈزۈپ چىققان «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ تاللانما شېئىرلىرى» (《西域少数民族诗选》، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988-يىلى خەنزۇچە نەشرى، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى)؛ ياڭ لىيەن يازغان «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇق شائىرلار توپى ھەققىدە تەتقىقات» (杨镰著《元西域诗人群体研究》، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998-يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ تيەن ۋېيجياڭ يازغان «موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى» (《蒙古时代维吾尔人的社会生活》، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1995-يىلى خەنزۇچە نەشرى)؛ شاڭ يەنبىن يازغان «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق كىتابلارغا قارالسۇن.

ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى جىق، ئەدەبىي ئەسەرلىرى كۆپ بولغان. ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان 28 خەنزۇ ئەمەس ئەدىبىنىڭ كۆپچىلىكى شىنجاڭلىق ئىدى. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، يۈەن دەۋرىدە خەنزۇچىنى پىششىق بىلىدىغان ئۇيغۇرلاردىن 30 ئەتراپىدا ئالىم بولغان.

ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، بىرقەدەر يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، شۇڭا يۇقىرى تەبىقە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشىغان، شۇڭا پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار تەسىراتى ۋە ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، شېئىر، نەزمىلەرنى يازغان. بۇ ئەدىبلەرنىڭ ئۇسلۇبى ئوخشاپراق كېتىدۇ. يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ئەدىبلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى شېئىر، بېيىت، نەزم شەكىللىرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، يۈەن دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن ھەمدە تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پاش قىلغان. بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ ئالۋان ـ ياساق، ھاشار ۋە خىلمۇ خىل تەبىئىي ئاپەت بىلەن ئۆتتۈۋاتقان ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئەينەن تەسۋىرلىگەن. جەمئىيەتنىڭ زۇلمىي، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى، شەرمەندىلىكىنى پاش قىلغان. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نام ـ مەنپەئەتكە بېرىلمەيدىغان، دۇنيادىن پاك ئۆتۈپ كېتىشنى خالايدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىزھار قىلغان. ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەبىئەت گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، گۈزەل تاغ ـ دەريالار ھەققىدە لىرىك شېئىرلارنى يازغان.

ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن گۇەن يۈنشى قايا، سادۇلا، شۈئاڭفۇ، مازۇچاڭ، نەيشيەن، شيې يۈلى، شيې بەيلياۋ، شيې جېدۇ، شياۋ شۈەنۋېڭ، ليەن دۇن، گاۋ كېگۇڭ، ليەن شىشەن، مارۇن، ماشىدى، جىن ساڭيا، ۋاڭ باۋجۇ قاتارلىقلار بىرقەدەر كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن ئىدى.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى شىن ۋېنفاڭ(辛文房)مۇ غەربىي يۇرتلۇق ئىدى. ئۇنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى» («唐才子传») ناملىق ئەسىرى ئېلىمىز تارىخىدىكى دەۋرگە بۆلۈپ يېزىلغان تۇنجى ئەدەبىيات تارىخى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن 398 يازغۇچىنى تونۇشتۇرغان. ۋاھالەنكى، كونا ـ يېڭى «تاڭنامە»لەردە ئاران 100 لا يازغۇچى تونۇشتۇرۇلغان.

### 1. گۇەن يۈنشى قايا

گۇەن يۈنشى قايا (贯云石، 1286 — 1324)، داڭلىق ئەركىن ئۇدارلىق نەغمە (散曲) يازغۇچىسى، ئاتاقلىق خەتتات، ئۇستا مۇسىقىيۇن(مۇزىكانت) ۋە رەسسام، پىششىق دراماتورگ، جۈملىدىن جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى.

خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە گۇەن يۈنشى (贯云石)، گۇەن يۈنشى قايا (贯云石海涯) دەپ يېزىلغان. ئۇ ئۆزىگە سۈەنجەي (酸斋— تاڭسۇق، ئاچچىق ـ چۈچۈك دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلغان.

گۇەن يۈنشى قايانىڭ ئانا يۇرتى شىمالىي شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەر جىمسار ئىدى. ئۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغان. ئۇ قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ يەنە تېبابەتچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، شۇنداقلا بۇددا پەلسەپىچىسى ئىدى. ئۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە بىرلىكتە ئالغا بېسىشىغا تۆھپە قوشقان.

گۇەن يۈنشى قايا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇ شېئىر (诗)، ئەلنەغمە (曲)، بېيىت (词)، ماقالە (文) قاتارلىقلاردا ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولغان، بولۇپمۇ ئەركىن ئۇدارلىق نەغمە (散曲) يېزىشتا مەشھۇر ئىدى.

گۇەن يۈنشى قايانىڭ ئەسەرلىرى ئەينى چاغدىلا زور تەسىرگە ئىگە بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ياڭ جياۋيىڭ تەھرىرلىگەن «باھار قارلىرى» (阳春白雪) ۋە «تىنچ كۈيخانا» (太平乐府) قاتارلىق كىتابلارغا خېلى كۆپ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن يازغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما»(«元诗选»)غا گۇەن يۈنشى قايانىڭ 27 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. گۇەن يۈنشى قايانىڭ زادى قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس. كېيىنكىلەر ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى توپلاپ «گۇەن يۈنشى قايا ئەسەرلىرىگە ئىزاھات» («贯云石作品辑注») ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان[1]. يەنە «گۇەن يۈنشى قايانىڭ تەرجىمىھالى» («贯云石评传») ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان[2].

زاماندىن زارلىنىش ۋە تەركىدۇنيالىق خاھىشىنى ئىپادىلەش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاساسلىق تېما. ئۇ ياش چاغلىرىدا ئاۋام ئارىسىغا چۆككەن. ئەسەرلىرىدە ھەممە دەۋردە ئورتاق مىزانغا ئايلانغان نام-مەنپەئەت قوغلىشىش، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆككەن. ئۆزىنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىق مۇھىتتىن ئايرىلىپ، تەنھا، خاتىرجەم، ئەركىن ياشاشتەك ئارزۇسىنى نامايان قىلغان.

گۇەن يۈنشى قايا شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر كۆزگە تاشلىنىدىغان تېما ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتىنىنىڭ تاغ-دەريالىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن كۈيلەش ۋە تەبىئىي مۇھىتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىرقانچە شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

**送春**

*问乐君何处天涯？*
*落日啼鹃，流水桃花。*
*淡淡遥山，萋萋芳草，隐隐残霞；*
*随柳絮吹归那答？*
*趁游丝惹在谁家？*
*倦理琵琶，人倚秋千，*
*月照窗纱。*

**باھارنى ئۇزىتىش**

*[ئالەمنىڭ قەيېرىگە ماڭدىڭ باھار؟*
*پاتتى كۈن، بوزلار كاككۇك، گۈل زەپىران.*
*تاغ، گىياھ، شەبنەملەرمۇ ئۈز كۆرۈنمەس؛*

---

① بۇنى شۇ خۇيمىن، جياڭ يۇشىڭ، ياڭ لىيەن قاتارلىقلار تەييارلىغان بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986-يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

② بۇنى ياڭ لىيەن يازغان بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984-يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

سۆگەتنىڭ تۇزغاقلىرى ئۇچار قايان؟
بۇلۇتلار قايىسى ئۆيىنى ئەيلەر ماكان؟
بەربابۇ ئىلەڭگۈچمۇ خۇش ئېتەلمەس،
ئايمۇ ھەم دېرىزەمدە مۇڭغا تولغان. ]

## 醉东风

羞画远山眉，不，次宫样妆。
平白地招揽这场愁，枉了那旧日恩情，
旧时风韵，直恁么改模夺样。
(间金四块玉)冤家早是没胆量，遭逢着狠毒爹娘。
赤紧地家私十分‘陕，生纽做水远天长。
(减字木兰花)早是愁怀百倍伤，那更值秋光。
逐朝倚定门儿望，怯昏黄，怕的是塞角韵悠扬。
(高过金盏儿)人兰堂，断人肠，塞鸿相和蛩只吟响。
烧残沉鹿，灭了银釭釭；却欲待刚睡些，隔纱窗凉月儿转回廊，
(卖花声煞)簌朱帘猛然离了绣幌。
携手相将人洞房。
欲诉相思蛲鸡唱，好梦惊回泪万行，都滴在枕头儿上。

## شەرق شامىلىغا مەپتۇنلۇق

[قوشۇما قېشىمنى سۇرمىسىز تۇتۇپ،
رەڭدار ئېگىنلەرگە قىلمىغان ھەۋەس.
قېرىشقاندەك بۇ دەردكە مۇپتىلا بولۇپ،
كونا مېھرىبانلىق تۇگەپ كەتتى، بەس.
قالمىدى بىر يولى بۇرۇنقى چىراي،
گويا رەڭگىرويى ئۆزىنىڭ ئەمەس.
بەك ياۋاش، مۆمىن ئىدى مىنىڭ ئەركەم،
تاش باغىر ئاتا-ئانا كۈنىن قىلدى تەس.
بۇزۇپ-چىچىلغاندا يۇتكۇل روزىغار،
ئۇنىڭدىن جان بېقىشقا ئەيلىدى ھەۋەس.
ئەزەلدىن غەم بىلەن ئۆرتەنگەن يۈرەك،
بىر قاراشقا كۆزنىڭ نۇرىدەك.
سۇبھىدەم ئىشىكتە تۇرۇپ قارايمەن،
قاراڭغۇدىن قورقىمەن ئەجەب،
بۇرغا ئۈنى ئاڭلىنىپ قالارمۇ دەپ.
جىلۋىگاھقا كىرىپ كەتتى دىلبەر،
دىلىمنى ئەزدى تىرىك ئايرىلىش،

*قۇلىقىمغا تۇرنا ئاۋازى كېلەر بىر-بىرلەپ.*
*كۇجىدانىدا كۆيۈپ تۈگىدى كۇجە،*
*ئۆچتى چىراغىنىڭمۇ ئاخىرقى نۇرى،*
*كۆزلىرىمگە كەلمەيدۇ ئۇيقۇ،*
*سوغۇق ئاي قارايدۇ ماڭا ئەركىلەپ.*
*قايرىدىم شەلپەررەڭ پەردىنى شۇ دەم،*
*يار بىلەن ھۇجرىدا بولدۇم دەرقەم.*
*دەردىمنى سۆزلەي دېسەم تاڭ ئېتىپ قالدى،*
*چۈشۈمدىن ئويغاندىم، كۆزلىرىمدە نەم،*
*ئاقىدۇ ياستۇققا دەريا-دەريا غەم.]*

بۇ شېئىردا بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ مۇراد-مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكى بايان قىلىنغان. قىزنىڭ تاش يۈرەك ئاتا-ئانىسى ئۇلارنىڭ ئىشق-مۇھەببىتىگە چات كىرىپ تۇرۇۋالغاچقا، يىگىت تويلۇققا چىقىنالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت ياقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. قىز ھىجران دەستىدە يارىنى قاتتىق سېغىنىدۇ ھەمدە چۈشىدە يارى بىلەن ۋىسال تاپىدۇ. شائىر مانا مۇشۇ مەنزىرىلەرنى ئاجايىپ تەسىرلىك، جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇ ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى نىكاھ ئەركىنلىكى بولماسلىقتەك زۇلمەتلىك، مۇدھىش رېئاللىقنى يورۇتۇپ بەرگەن.

ئومۇمەن، گۇەن يۈنشى قايا ئەدەبىيات ساھەسىدە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، ئۇ «باھارنى ئۇزىتىش» ناملىق شېئىرىدا باھارغا سوئال قويۇش ئارقىلىق باھارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە كىشىلەرنىڭ باھار بىلەن خوشلاشقان چاغدىكى ھەسرىتىنى يازغان بولۇپ، شائىر بۇ شېئىردا ئاساسەن باھارنى قەدىرلەيدىغان ئىدىيەنى ئىپادىلىگەن. گۇەن يۈنشى قايانىڭ دادىسى دۆلەتنىڭ ئالىي سانغۇنلىرىدىن بولۇپ، قائىدە بويىچە ئۇ دادىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك ئىدى ھەم گۇەن يۈنشى قايا قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن خېلى يۇقىرى ئەمەلدارمۇ بولغان. ئەمما، كېيىنچە ئەمەل-مەرتىۋىنى تاشلاپ، ئىسىم-فامىلىسىنى يوشۇرۇپ، ئاۋام ئارىسىغا كىرىپ، پېقىرانە تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇ مەسىلە كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ.

2. سادۇلا

ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى سادۇلا بىننى ئۇلاچى بىننى سارا بۇقا (萨都刺، بىر قاراشتا 1308—1355-يىللار، يەنە بىر قاراشتا 1271—1368-يىللار)، مەشھۇر شائىرلاردىن بىرى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن ئەدىب تاۋ زۇڭيى «كىتابلار تارىخىنىڭ جەۋھىرى» (书史会要) ناملىق كىتابىدا: «سادۇلانىڭ ئىسمى تيەنشى بولۇپ، ئۇيغۇر (回纥) ئىدى» دەپ يازغان. بۇ سادۇلانىڭ ھاياتىغا دائىر دەسلەپكى خاتىرە. سادۇلانىڭ «يەنمېن توپلىمى» (雁门集) دېگەن داڭلىق كىتابى بار[①].

شائىر ئۇزاق مۇددەت مەركىزىي جۇڭگو رايونىدا ياشىغاچقا، شۇ يەردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ماكانسىزلىق، ئاچ-زارلىق، جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھەققانىي ھېس-تۇيغۇلار ئۇزۇكسىز قوزغىلىپ، نۇرغۇن مەشھۇر شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ پاجىئەلىرىنى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قوپال، ۋەھشىيلىكىنى پاش قىلىپ، خەلقنىڭ تارتىۋاتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىگە چىن قەلبىدىن چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرگەن. ئەنە

---

① بۇ كىتاب شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982-يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

شۇ شېئىرلار ئىچىدە «تىلەمچى قىز قوشىقى» (嚣女谣)، «جۈيوڭگۇەندىن ئۆتكەندە» (过居庸关)، «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» (早发黄河即事) قاتارلىق شېئىرلىرى خەلقنىڭ مەدھىيەسىگە ئېرىشكەن ۋە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن.

سادۇلا خەلقچىللىق روھىغا باي، رېئالىزمچى شائىر ئىدى. ئۇ بىر قاتار شېئىرلىرىدا رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» (早发黄河即事)ناملىق شېئىرى مۇنداق:

*晨发大河上，曙色满船头。*
*依依树林出，惨惨烟雾收。*
*村墟杂鸡犬，门巷出羊牛。*
*炊烟绕茅屋，秋稻上陇丘。*
*尝新未及试，官租急征求。*
*两河水平提，夜有盗贼忧。*
*长安里中儿，生长不知愁。*
*朝驰五花马，暮脱千金裘。*
*斗鸡五坊市，酣歌最高楼。*
*绣被夜中酒，玉人坐更筹。*
*岂知农家子，力穑望有秋。*
*桓褐长不完，粝食常不周。*
*丑妇有子女，鸣机事耕畴。*
*上以充国税，下以祀松楸。*
*去年筑河防，驱夫如驱囚。*
*人家废耕织，嗷嗷齐东州。*
*饥饿半欲死，驱之长河流。*
*河源天上来，趋下性所由。*
*古人有善备，鄙夫无良谋。*
*我歌两河曲，庶达公与候。*
*凄风振枯槁，短发凉飕飕。*

*[تاڭ چېغى قىلدىم سەپەر، قويدۇم قەدەم دەريا تامان،*
*نۇر بىلەن سۇدا قېيىقلار ئوينىشۇر ئاشۇ زامان.*
*كۆزلىرىم كۆردى يىراقتىن دەل-دەرەخلەر قارىسىن،*
*تارقىلدى ئاستا ۋە ئاستا پەرى ئوخشاش ئاق تۇمان.*
*ئاڭلىنۇر ئىت ھاۋشىشى ۋەيرانە مىسكىن يېزىدىن،*
*كوچا بويلاپ قوي، كالا ئۆتمەكتە قوزغاپ چاڭ-توزان.*
*كۈزگى شال قىردا تۇرار، چەشلەر تېخى خاماندىدۇر،*
*كەپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئەگىپ تۈتۈن ئىنماس ھامان.*
*ئاغزىمىزغا يېڭى ئاشتىن سالمىدۇق بىر چوكىمۇ،*
*تۆرىلەر ئالۋان يىغادۇر، زورلۇقى شۇنچە يامان.*
*ئوغرى-يالغان ئەلنى بۇلاپ ئۆتىدۇ ئەنسىز كېچە،*
*كۈندۈزى دەريا تېشىپ يۇرتنى باسار كەلكۈن-توپان.*

*ئەيش-ئىشرەتتە ياشار چاڭئەندىكى بەگزادىلەر،*
*ئۆمرىدە كۆرمەس ئۇلار قايغۇ بىلەن ھەسرەت-پىغان.*
*قاتمۇقات تونىنى كىيىپ، غەم-قايغۇدىن يىگانە بوپ،*
*بەيگىگە ئاتلار سالۇر شاھزادىلەر بەك شادىمان.*
*ھەر كۈنى ئادەم تولا يەردە سوقۇشتۇرماق خوراز.*
*مەست بولۇپ كەچتە راۋاقتا تۇۋلىشۇر ناخشا راۋان.*
*كېچىلەر ئۆتمەيدۇ مەيسىز زەر تۆشەكلەر ئىچىدە،*
*قارغا ئوخشاش نازىنىنلارنى قۇچاقلاپ يانمۇيان.*
*ھېچكىشى بىلمەيدۇ دېھقان ئەر-يىگىتنىڭ غېمىنى،*
*بۇ پېقىرلار تەلمۈرۈپ كۆزگە كۆزىدە ياش ۋە قان.*
*تىزىدىن ئاشمايدۇ كىيگەن كىيىمىنىڭ پەشلىرى،*
*يىگىنى گەرچە كېپەك، ئۇمۇ يېتىشمەي قاقشىغان.*
*ھەم ئېتىز، ھەم ئۆي ئىشىدا ئالدىراش دېھقان قىزى،*
*گاھى يامغۇر، گاھ بوراندا يۈز-چىرايى زەپىران.*
*تاپقىنىنىڭ تولىسى سەيسە-ئالۋانغا شام.*
*گاھى ئۆستەڭ، گاھى دەرياغا ھاشار دەپ ھەيدىگەن،*
*ئەر-يىگىتلەر خۇددى مەھبۇس، قالمىغان پۇت-قولدا جان.*
*تاشلىنىپ قالغان ئېتىز، ئۆيلەردە چاق ۋە دەستىگاھ،*
*قايغۇدا دۈگجۈ يېرى چۆلدەرىگەن ئاجىز ماكان.*
*ئاچ قورساقتا جان تالاشماقتىن بۆلەك ھېچ چارە يوق،*
*بىگۇناھلارنى ئەزىم دەرياغا تاشلاپ قىينىغان.*
*مەۋج ئۇرۇپ ئاققان ئېقىنىنىڭ سۇلىرى كۆكتىن چۈشەر.*
*مەيلى ئاقسۇن، توختىسۇن خۇلقى ئۆزىگە خوپ ئايان.*
*كونىلار ئېيتقان ئىكەن بىزلەرگە ئۆرنەك قالدۇرۇپ،*
*پەس ئادەملەردە ئەقىل ياكى پاراسەت يوق ھامان.*
*ئىككى دەريا ساھىلىدا تۇۋلىدىم ناخشامنى مەن،*
*تۆرە-بەگلەر قۇلىقىغا يەتسە دەيمەن شۇ زامان.*
*ئىزغىرىن قاقشال كۆتەكلەر روھىغا ھەمدەم بۇگۈن،*
*چاچلىرىم غۇر-غۇر شامالدا يەلپۈنەر ئوقياسىمان.]*

ئاپتور بۇ شېئىردا خۇاڭخې دەرياسىدا كېمە بىلەن كېتىپ بېرىپ كۆرگەن ئىشلاردىن باشلاپ، ئالدى بىلەن شۇ چاغدىكى دېھقانلارنىڭ بېشىدىكى غەللە-پاراق، سۇ ئاپىتى، ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئېغىر كۈنلەرنى يازىدۇ. ئاندىن چاڭئەندىكى بەگزادىلەرنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاچ-يالىڭاچ ئۆتۈۋاتقان ئەھۋالىنى سېلىشتۇرىدۇ. ئاخىرىدا ھۆكۈمرانلارنىڭ پاراسەتسىز ئىكەنلىكىنى، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە ھېچقانداق چارە-تەدبىر قوللانمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاپەت رايونىدىكى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئىلتىجا قىلىدۇ. ئاپتور شېئىردا شۇ زاماننىڭ ئىللەتلىرىنى رېئال يوسۇندا، بىۋاسىتە پاش قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ خەلقنىڭ قايغۇ-ئەلەملىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ شېئىر شائىرنىڭ «يەنمېن توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى ئىچىدىكى ئىدىيەۋىلىكى ئىنتايىن يۇقىرى شېئىر

ھېسابلىنىدۇ.

**«تىلەمچى قىز قوشىقى»**

«تىلەمچى قىز قوشىقى»(خەنزۇچە نامى«遥女霽») ناملىق بۇ شېئىردا، يۈەن سۇلالىسى تيەنلىنىڭ 2-يىلى (مىلادىيە 1329-يىلى)دىكى «ھەممە يەر جۇتلىشىپ، ئاچ-زېرىن پۇقرالار يامراپ كەتكەن»لىكى، مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز خۇسۇسىيىتى، ئەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خەلقنىڭ قان-تەرىنى شوراپ، ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا بىلەن بەند بولۇپ، گۈل چېكىلگەن پۈزۈر كىيىملەرنى، ئېسىل تەلپەكلەرنى كىيىشىپ، بۇلبۇلغا ھېرىس بولۇپ، راۋاقىلاردا بەزمە-سورۇن تۈزۈشۈپ، «باھار شامىلىغا چۆمگەن ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى»غا شەيدا بولۇشقانلىقى، ھايات-ماماتلىق ئىركىشىلىشتە قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان دېھقانلارنىڭ بولسا بالا-چاقىلىرىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدى بىلەن شەھەرلەرگە كىرىپ نارەسىدە بالىلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇشقانلىقى، بىراق، بالىلىرىنى ساتالماستىن «تويپىدىنمۇ خار» ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئاچلىق ئازابىدا ئۇزۇن مەنزىللەرنى نالە-پەرياد بىلەن باسقانلىقىدەك رېئاللىق ھەققانىي رەۋىشتە سۈرەتلەنگەن. بۇ خىل ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەر شائىردا «جۈت باسقان مەھەللىدە»، «كېزەر كۆندۈزدە ئىت-قۇشلار، ۋەيرانە كەپە-ساتمىلاردا، گۆرگۆمدا ھۇۋلار يىلپىزلار» دەيدىغان تەسىراتنى قوزغىغان. شائىر ئۆزىنىڭ قەلبىدە لاۋۇلدىغان غەزەپلىك ئوت يالقۇنلىرى بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلارغا قاتتىق نەپرەت بىلدۈرىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ئېيتىلغان:

*悲啼泪尽黄河千，县官县官何尔颜。*
*金带紫衣郡太守，醉饱不问民食艰。*
*传闻关陕在可忧，旱荒不独东南州。*
*枯鱼吐沫泽雁叫，嗷嗷待食何时休。*

*[خۇانخې كەبى ئېقىپ كۆز ياش، قۇرىدى ئاخىر،*
*ئەجەب خۇشخۇي چىرايىڭلار-نېچۈك بۇ تەقسىر؟*
*شاھى توندا يايرىشىدۇ مەستخۇش جانابلار،*
*پۇقرا ھالىنى-يۇرت ئىشىغا كۆزلىرى بېسىر.*

*شەرقىي جەنۇب دىيارىدىن سىرت باركەن ئەندىشە،*
*گۇەنشەندىنمۇ ئىشتىلدى شۇنداق غەم-غۇسسە،*
*قۇمدا قالغان بېلىق ھەمدە چۆمگەك[①] نالىسى،*
*مۇڭلۇق كۆڭۇل ئوڭلانمايدۇ قايسى ۋاقىتچە؟]*

سادۇلا «سەنجياڭخۇڭ. جىنلىڭدا ئۆتمۈشنى ئەسلەش» (金陵怀古) ماۋزۇلۇق بېيىتىدا ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، بۈگۈندىن ھەسرەتلىنىدۇ، ئۇ ھەم ئېچىنىدۇ، ھەم مەيۈسلىنىدۇ. ئۇ جىنلىڭنىڭ تاغ-دەريالىرىنى جانلىق تەسۋىرلەش جەريانىدا، تاغلارنىڭ داۋاملىق يېشىللىققا پۈركىنىپ تۇرۇشىنى، زۇمرەت سۇلارنىڭ ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇرۇشىنى، ئاسايىشلىقنىڭ مەڭگۇ ساقلىنىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

سادۇلا شېئىرلىرىدا ئۇرۇشلارغا چېتىلىدىغان شېئىرلارمۇ بار. شائىر ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا قارشى تۇرىدۇ، مۇقىم، خاتىرجەم ھالەتنى ئۈمىد قىلىش ئىدىيەسى ناھايىتى روشەن. شائىر ئۇرۇش

---

① چۆمگەك—سۇدا ياشايدىغان بىر خىل قۇش. بۇ يەردە چۆمگەك سۇدا ياشايدىغان قۇشلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئارقىلىق ئەمەلگە ئېرىشكەن ھۆكۈمرانلارنى قاتتىق پاش قىلىدۇ، ئۇرۇش خانىۋەيرانچىلىقىدا ئازابقا دۇچار بولغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە ئىچىنىدۇ ۋە ئۇرۇشنى توختىتىش ھەققىدە قاتتىق خىتاب قىلىدۇ. مەسىلەن، «جۈيۇڭگۇەندىن ئۆتكەندە» (过居庸关) دېگەن شېئىرىدا شائىر جۈيوڭ قوۋۇقىدىن ئۆتكەن چاغدا كۆرگەنلىرى ۋە ئالغان تەسىراتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش ۋە ئازاب-كۈلپەتلەرنى قاتتىق پاش قىلىدۇ. شائىر بۇ شېئىردا ئۇرۇشنىڭ «تۆھپىكار»، «قاشتاش تامغا ئاسقان» نوپۇزلۇق مەنسەپدارلىرىغا نىسبەتەن غەزەپ-نەپرىتىنى ئىپادىلىسە، «روھىي يېتىم» پالۋانلارغا نادامەت ئوقۇيدۇ. «ئەر ئىشلىسە ئېتىزدا، بوز توقۇسا ئايالى، تىنچلانسا كەڭ جاھان، ئۇرۇش-نىزا، يىغا-جەڭدىن بولۇپ خالىي، ئۆتسە ئۆمۈر شادىمان» دەپ تىنچ، ئاسايىشلىق جەمئىيەتكە بولغان قىزغىن ئىنتىلىشىنى ئىزھار قىلىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ بېشى مۇنداق باشلانغان:

*居庸关，山苍苍，关南暑多关北凉。*
*天门晓开虎豹卧，石鼓昼击云雷张。*

*[جۈيۇڭگۇەن، جۈيۇڭگۇەن تاغلىرى بوستان،*
*شىمالى بەك سوغۇق، جەنۇب سەرەتان.*
*كىرسەڭلار تۇگۇلۇپ ياتقان بىر يولۋاس،*
*سوقۇلسا تاشلىرى تىترەيدۇ ھەريان.]*

سادۇلانىڭ شېئىرلىرىدا يۇەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكى ئىچكى نىزا، ھوقۇق تالىشىش جەريانىدىكى بىر-بىرىنى قىيما-چىيما قىلىشتەك ئەھۋاللارمۇ پاش قىلىنغان.

شائىر بىكار تەلەپ ۋە خۇشامەتچى ئەدىبلەرنى ناھايىتى يامان كۆرەتتى، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايتتى. شائىر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇ ۋاقىتلاردا ماختانچاق ۋە خۇشامەتگۇيلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلار ماقالىلىرىنى ئىلتىپات تىلەپ يۇقىرىغا سۇنۇشاتتى» («ماكانىم ئىلھامىم بىلەن» دېگەن شېئىرى)، «چاكىنا ئەدىبلەر ئۆتمۈشتىن قۇرۇق گەپ قىلىپ، كۈن بويى ئەمەلدارلارغا خۇشامەت قىلىپ يۈرەتتى» («فېڭخۇڭتەي مۇنارىسىدا جانابىي گۇخېنىڭ تەلىپى بويىچە يېزىلغان شېئىر»). بۇ شېئىرلاردا پەقەت بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا بىكار تەلەپ ئەدىبلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن.

سادۇلا ئۆز ئۆمرىدە خۇبېي، خۇنەن، خېبېي، گۇاڭدۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق جايلارغا بارغان. شائىر ۋەتىنىمىزنىڭ ھەيۋەتلىك تاغلىرىدىن ۋە قەدىمىي ئاسارئەتىقىلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، قىزغىن ھېسسىياتقا تولغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ «مىنگۇەندىن ئۆتكەندە» (度闽关) دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

*晓度分水岭，身在云雾中。*
*手如天上扪，声落山下风。*
*雷霆走涧壑，神人过虚空。*
*顷刻开万象，赤鸟飞岭东。*
*白云下千峰，尽入怀袖里。*
*振衣度闽关，洒作山下水。*
*仰登天有梯，俯视并无底。*
*左来守关人，尽作山下鬼。*
*寒食百草生，春风吹不起。*

*[تاڭ چېغى ئۆتتۇم داۋاندىن تاغقا مەن خۇشتار بولۇپ،*
*ئۇينىشار ئاپئاق بۇلۇتلار مەن بىلەن دوست-يار بولۇپ.*
*ياڭرىدى ئاۋازلىرىم بىپايان تاغ باغرىدا،*
*قوللىرىم سوزسام يېتەر گەر كۆككە مەن خۇمار بولۇپ.*
*پەرىشتىلەر پەرۋازىدىن تاغ، جىلغىلار تىترەپ شۇدەم،*
*چاقسا چاقماقلار ساداسى ئاڭلىنار ئاشكارا بولۇپ.*
*ھەر مىنۇت ئۆتكەي كۆزۈمدىن جىلۋە قىپ بىر مەنزىرە،*
*گاھ ئۇچار قۇشلار شەرققە تەلمۈرۈپ خوپ زار بولۇپ.*
*چوققىلار مەپتۇن بولۇپتۇ ئاق بۇلۇتلار قوينىغا،*
*ئالىقىنىمدا جىلغا-سايلار كۆرۈنەر قاتار بولۇپ.*
*سىلكىنىپ قاقسام كىيىمنى رۇسلىسام قەددىم شۇ چاغ،*
*دۇر قىلىپ سۇلار ئاقار بىر-ئېقىن-ئەنھار بولۇپ.*
*كۆككە باقسام كۆكتە ئاسمان، تاشلىسام پەسكە نىگاھ،*
*كۆرۈنەر غارلار كۆزۈمگە گاھىدا ئىزھار بولۇپ.*
*توڭلىدى ئۆتكەلنى ساقلاپ قانچە مىسكىن تاغ ئارا،*
*مۇڭلىنىپ تاغلار تېگىدە قالدى جىسمى خار بولۇپ.*
*قەھرىتاندا سولىسا مايسا ياز كېلىپ قايتا ئۆسەر،*
*ئۆلگۈچىگە ھېچقاچان كەلمەس ھاياتلىق يار بولۇپ.]*

شائىر شىمال ۋە جەنۇب مەنزىرىلىرىنى ئاجايىپ نەپىس تەسۋىرلىگەن بولۇپ، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. مەسىلەن: «ئاستانىگە بارغاندىكى ئىشلار» (上京即事) ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

*牛羊漫散落日下，野草生象乳酪酣。*
*卷地朔风沙似雪，家家行帐下毡帘。*

*[قىپقىزىل شەپەق نۇرىدا پادىلار يايلاپ يۈرەر،*
*بارچە يەردىن سۈت، قېتىقنىڭ خۇش پۇراق ھىدى كېلەر.*
*قاپقارا بوران كېلىپلا ياغدى قۇملار قار بولۇپ،*
*كىگىز ئۆيلەر ئىشىكى ۋە تۈڭلۈكىنى ھىم ئېتەر.]*

ئۇ يەنە «گاۋيۇدىكى ياڭخۇ كۆلىدىن ئۆتكىنىمدە» (过高邮阳湖杂咏) دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*捕鱼湖水中，卖鱼城市里。*
*夫妇一叶舟，白头共生死。*

*[بېلىق ئوۋلاپ قېيىقتا شۇ كۆلنى كېزىپ،*
*كۈنى ئۆتەر شەھەردە بېلىقنى سېتىپ.*
*ئۆمرى ئۆتتى قېيىقتا، چاچلار ئاقاردى،*
*ئىناقلىقتا ئەر-خوتۇن بولدى تەڭ قېرىپ.]*

سادۇلا تۇرمۇشقا بەكمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ گەرچە ئۇزۇن زامانلار ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كەمبەغەللىككە شۈكۈر قىلىپ، ئاددىي-ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. شائىر «كەمبەغەللىكىمگە شۈكۈر» (《安分》) دېگەن شېئىرىدا:

*心求安乐少思钱，无辱无荣本自然。*

*春日赏花惟贯酒，冬无踏雪旋添绵。*

*[خاتىرجەملىك خالايمەن، پۇلغا يوق تاما،*

*ئاتاق ـ ئابرۇي، ھاقارەت نە كېرەك ماڭا.*

*باھار چېغى مەي ئىچىپ باغنى كېزىمەن،*

*قىشتا ـ قاردا سەيلىتىش ئادەتتۇر يانا. ]*

دېگەنىدى.

سادۇلانىڭ شېئىرلىرىدا يەنە كۈچلۈك مىللىي روھ ئەكس ئەتكەن. رەئىس ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ «پارە ـ پارە بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە ‹ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق› دەپ قۇرۇق جار سالىدۇ؟» دېگەن ماقالىسىدە[1] سادۇلانىڭ «نيەننۇجياۋ. شىتۇچېڭغا چىققاندا» («念奴娇·登石头城») ناملىق شېئىرىدىن نەقىل ئېلىپ ئىشلىتىپ، نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئازادلىق ھارپىسىدىكى پارە ـ پارە بولۇپ كېتىپ بارغان ئەھۋالىنى سۈرەتلىگەن. بۇ سادۇلانىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا چوڭقۇر تەسىرى بار شائىر ئىكەنلىكىنى دەلىللەشتە قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. مازۇچاڭ

مازۇچاڭ (马祖常، 1278 — 1339) — داڭلىق ئۇيغۇر شائىرى. كې شاۋمىن «يېڭى يۈەن تارىخى» (新元史) دېگەن كىتابىدا مازۇچاڭنى غوبى ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان دەپ يازغان. كېيىن ئۇنىڭ جەمەتى توقسۇندا ئولتۇراقلاشقان. مازۇچاڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېرىلىپ «شىتيەن توپلىمى» (石田集) ناملىق 15 جىلدلىق ئەسەر يازغان. «يۈەن دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر» (元文类)گە 21 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ «يىڭزۇڭ خاتىرىلىرى» (英宗实录)نى تۈزۈشكە قاتناشقان. «خاننىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى» («皇图大训»)، «چېڭخۇا ئىشلىرى تەپسىرى» («承华史略») قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان. «لىيخۇجىن ئەينىكى» («列后金鉴»)، «يىللار خاتىرىسى» («千秋记略») قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ بولغان[2]. زامانىمىز كىشىلىرى مازۇچاڭنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى توپلاپ «مازۇچاڭ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلارغا ئىزاھات» («马祖常诗歌选注») نامى بىلەن نەشر قىلدۇرغان[3].

مازۇچاڭ ئەسەرلىرى ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىدى. ئۇ بوۋىسى بىلەن دادىسىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، خەنزۇچە كىتابلارنى پىششىق ئۆگەنگەن. يەنە تېخى كۆڭزىچىلارنى مەخسۇس ئۇستاز تۇتقان. ئۇ ئۇسلۇب جەھەتتە چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكىنى ئۈلگە قىلىپ ئۆز ئالدىغا ئېقىم ھاسىل قىلغان. ماقالىلىرىدىكى تەسەۋۋۇر قالتىس كەڭ، تىل جەھەتتىكى ئىپادىلىشى چوڭقۇر ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ يازغان چوڭ ـ كىچىك ماقالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەر قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆچۈرۈپ ساقلاپ كەلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى ئوچۇق، مۇستەھكەم قاپىيەلىك ئىدى. ئاپتورنىڭ «چىغرىقنى دەسسەپ سۇ چىقىرىش» (踏水车行)، «ئايالىلار زارى» (室妇叹)، «يىپەك سوزانە» (ياكى «يىپەك تارتقۇچى»، 缫丝行)، «ئات باقار» (赋养马户) دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىرلار ئىچىدە تازا لەززەت بېرىدىغان ئېسىل ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگەن. مۇئەللىپ بۇ شېئىرلاردا ئەمگەكچى

---

[1] «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» (ئۇيغۇرچە نەشرى)نىڭ 4 ـ تومىغا قارالسۇن.

[2] «يۈەننامە» («元史») 143 ـ جىلد.

[3] بۇ توپلامنى جۇ شاۋزۇ، ۋاڭ يۇفۇلار تەييارلىغان بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

خەلقنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەپ، باي، مۇشتۇمزورلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك رەزىل تۇرمۇشىنى پاش قىلغان ۋە ئەيىبلىگەن.

شائىرنىڭ «خېشى دىيارىدىكى نەزم» (河西歌 • 效长吉体) ناملىق شېئىرى مۇنداق يېزىلغان:

*贺兰山下河西地，女郎十八梳高髻。*
*茜根染衣光如霞，却召瞿昙作夫婿。*
*紫驼载锦凉州西，换得黄金铸马蹄。*
*沙羊冰脂蜜脾白，个中饮酒声澌澌。*

*[تۇرىدۇ قۇلان تېغى ئاستىدا خېشى مەۋج ئۇرۇپ،*
*يېشى ئون سەككىزدە قىزلار چېچىنى ئالغان تۇرۇپ.*
*لالىدەك كۆركەم ئېگىنلەر يالتىرار گويا شەپەق،*
*جۇپ تاپار بۇددىست يىگىتلەر كەينىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ.*
*يول ئالار غەربىي دىيارغا تۆگىگە دۇردۇن بېسىپ،*
*قايتىشار بايلىقتا ھەتتا تاقىغا زەر چەكتۈرۈپ.*
*ئالدىغا مومدىنمۇ ئاپئاق قوي يېغىنى قويۇشۇپ،*
*ئىچىشەر مەيزاپنى ئۇندا كاسىنى لىق تولدۇرۇپ.]*

تۆۋەندە شائىرنىڭ بىر قانچە شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

辛良史披沙集诗

*未可披沙拣，黄金抵自多。*
*悠悠今古意，落落短长歌。*
*秋塞鸣霜铠，春房剪画罗。*
*吟边变馀发，萧飒是阴何*

شىن ۋېنفاڭنىڭ «خالتا قۇم دىۋانى»[①] غا مەدھىيە

*[ئاشۇ خالتا قۇمدا زادى قانچە ئالتۇن بار دېسەم،*
*ھەممىسى ئالتۇن بولۇپ چاقناتتى كۆزۈمنى بۇ دەم.*
*سىز قەدىمدىن زەر بىلەن بوپسىز ئۇدا مەشغۇل مانا،*
*قىسقا ـ قىسقا نەزملەر قىممەت ئىكەن زەردىنمۇ ھەم.*

*بەزىسى جەڭچىگە تولغان قەھرىتان جەڭگاھ، يەنە*
*بەزىسىدە يۈز ئاچار پەردازدا كۈلگەن قىز ـ سەنەم.*
*باشقا ئاق چۈشكۈنچە دىلدىن يازدىڭىز شۇنچە شېئىر،*
*نەزمىڭىزدە ئاشۇ يىن جەن بىرلە خې سۈك[②] بوپتۇ جەم.]*

蔡琰图

---

① شىن ۋېنفاڭ (辛文芳) — غەربىي يۇرتلۇق شائىر، «خالتا قۇم دىۋانى» («披沙集») نىڭ ئاپتورى.

② ھەر ئىككىسى جەنۇبىي سۇلالە دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇسلۇبداش شائىرلار.

*胡月还如汉月圆，龙堆沙水咽哀弦。*
*文姬此夕穹庐梦，应到春闺旧镜前。*

### سەي ۋېنجى رەسمىگە[1]

*[غۇز دىياردا بەئەينى خەن يېرىدەك ئاي تولار،*
*ئەجدىھا قۇملۇقتا[2] سۇ مۇڭ تارىسىدەك ئاڭلىنار.*
*ئەگمە بوز ئۆيدە يېتىپ ۋېنجى كۆرۈپتۇ چۈش بۇ دەم،*
*قاي باھار ئۇز ئەينىكى ئالدىدا پەرداز قىلار.]*

### 昭君

*旃车百辆人单于，不恨千金买画图。*
*争似山中插花女，傍家只嫁一田夫。*

### ۋاڭ جاۋجۈن[3]

*[مەپىلىك يۈز ھارۋا ماڭدى تەڭرىقۇتنىڭ ئالدىغا،*
*پۇشايمان يوق پۇلغا رەسسام ئالمىغانلىق زارىغا.*
*چېكىسىگە گۈل قىسىقلىق تاغ ئىچىدە بىر گۈزەل،*
*ئەرگە تەگسە ئۇ تېگەر تام قوشنا دېھقان يارىغا. ]*

### 4. نەيشيەن

نەيشيەن (乃贤، 1310 — 1368)، ناشىن (纳新) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەخەللۇسى يىجى (易之)، يەنە بىر تەخەللۇسى خېسۇ ۋەيشى (河朔外史)، قارلۇق قەبىلىسىدىن بولۇپ، يۇرتى چۆچەك ئىدى. قارلۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى ھېسابلىنىپ كېلىنگەن.

نەيشيەننىڭ «جىنتەي توپلىمى» (金台集) ناملىق ئەسىرى بولغان. شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەجمى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇسلۇبى رەڭدار، مەزمۇنى چوڭقۇر ئىدى. نەيشيەننىڭ «شىنشياڭلىق موماي» (新乡媪، يەنە بىر نامى «يېڭى يېزىلىق موماي») ناملىق شېئىرى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ھەسرەت، نادامەتلىك روھىي كەيپىياتى ۋە موھتاجلىق ئاستىدىكى دېھقانلارنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن.

شېئىرنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا دېھقاننىڭ يىل بويى ئىشلەپ تاپقان كىرىمى ھۆكۈمەتنىڭ باج-سېلىقىنى تۆلەشكە يەتمىگەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن تاياق-دەشنام يېگەنلىكى، تۇل مومايىنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ھاشارغا ئىشلەپ، ئايلاپ ئۆيىگە قايتمىغانلىقى، ئاچلىق ۋە قەھرىتان سوغۇقنىڭ ئازابلىغانلىقى، قەرز تۆلەش ئۈچۈن نەۋرىسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغانلىقى

---

① سەي ۋېنجى(蔡文姬) — شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇنلارغا ياتلىق قىلىنغان شائىرە.
② ئەجدىھا قۇملۇق ياكى بۆكەقۇملۇق — كۇمۇش، توقسۇن، لوپنۇر ئارىسىدىكى يىلانلىق دەشت.
③ ۋاڭ جاۋجۈن — غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھۇنلارغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكە.

تەسۋىرلىنىدۇ. كېيىنكى قىسمىدا بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەشەمەتلىك، ئەمما بىمەنە تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىسى سىزىپ بېرىلىدۇ.

نەيشيەننىڭ «شىنشياڭلىق موماي» ناملىق شېئىرى رېئالىزملىق روھقا باي، خەلقچىللىق ئىلغار خاھىشقا ئىگە ئەسەر. ئۇ ئەينى چاغدىلا كەڭ ماختالغان ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. تۆۋەندە بۇ شېئىر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

*蓬头赤脚新乡媪，青裙百结村中老。*
*日间炊黍饷夫耕，夜纺棉花到天晓。*
*棉花织布供军钱，借人辗俗输公田。*
*县里公人要供给，布衫剥去遭笞鞭。*
*两儿不归又三月；只愁冻饿衣裳裂。*
*大儿运木起官府，小儿担土填河决。*
*茅棚雨打灯半昏，豪家索债频敲门。*
*囊中无钱瓮无粟，眼前只有扶床孙。*
*明朝领孙入城卖，可怜索价旁人怪。*
*骨肉分离岂足论，且图偿却门前债。*
*数来三日当大年，阿婆坟上无纸钱。*
*凉浆浇湿坟前草，低头痛哭声连天。*
*恨身不作三韩女，车载金珠争夺取。*
*银铛烧酒玉杯饮，丝竹高堂夜歌舞。*
*黄金络臂珠满头，翠云绣出鸳鸯桐。*
*醉呼阍奴解罗幔，床前热火添香篝。*

*[چېچى پاخماق شىنشياڭلىق موماي يۇرەر يالاڭ ئاياغ،*
*كەنت ئىچىدە ياشانغان ئۇ چاپىنى قۇراق.*
*كۈندۈزىدە ئۇماچ ئېتىپ ئېتىزغا چاپسا،*
*تاڭ ئاتقۇچە يىپ ئېگىرەر غۇيۇلدىتىپ چاق.*

*بۆزنى سېتىپ چېرىك ھەققى[1] غەملەيدۇ بەزەن،*
*موپاڭ چۆرۈپ دان ئاقلايدۇ خانلىق ئۈچۈن ھەم.*
*كەلسە ئامبار چاپارمەنى ھەق ئېلىش ئۈچۈن،*
*بېرەلمىسەڭ، چاپان سېلىپ قامچا يەيدۇ تەن.*

*بولدى ئۈچ ئاي ئىككى ئوغۇل قايتمىغانغىمۇ،*
*كۈندە غەم شۇ، ئاچ قورساقمۇ، توڭلىغانمۇ؟*
*ساراي ئىچرە ياغاچ توشار ئوغۇل تۇنجىسى،*
*ھاشارچى بوپ قاش سالاتتى كەنجى ئوغۇلمۇ.*

*ئۇشقىرتىدۇ شىۋىرغان، پىلدىرلايدۇ شام،*

[1] چېرىك ھەققى — لەشكىرىي سېلىق.

*چەكتى يەنە ئىشىكنى قەرز سوْيلەپ غوجام.*
*كوْپتە تالقان قالىدى ھەم ياندا بىر يارماق،*
*قالدى پەقەت تەمتىلىگەن نەۋرە-كىچىك جان.*

*نەۋرىسىنى ساتماقچى ئەتە بازاردا،*
*زاڭلىق ئېتەر باشقىلار باھا تالاشسا.*
*ئانا-بالا جوْدالاشسا ھېچبىر ئىش ئەمەس،*
*مەيلى ئىدى قەرزىگە لايىق پوْل تاپسا.*

*يەنە ئوْچ كوْن ئۆتكەندە كېلەر يېڭى يىل،*
*كېلىنىنىڭ قەبرىسىدە نېمە كۆيدوْرەر؟*
*ياش تۆكمەكتىن باشقا ئىلاج يوقتوْر ئوْنىڭغا،*
*بەلكى ئوْنىڭ ئاچچىق ئوْنى ئاسمانغا يېتەر.*

*مارت ئېيىدا چوكانتالىنىڭ ۋاقتىموْ كەلدى،*
*قەرز پوْل ئوْچوْن ئانىجاندا دەرمان قالمىدى.*
*توْپراق بېشى ئوت-چۆپلەرگە سەپتى سوغ ئاداپ،*
*مىسكىن موماي ئاھوْ زارى كۆكنى قاپلىدى.*

*سەن خەنئوْي ئارزوْسىدىن بوْ مىسكىن يىراق،*
*ساندوْقىغا ئالتوْن-كوْموْش، ئوْنىڭ يوق، بىراق.*
*كوْموْش جامدا شاراب ئىچەر ئېسىلزادىلەر،*
*سارايلاردا بەزمە پەيزى، ئۆچمەيدوْ چىراغ.*

*قولدا ئالتوْن بىلەزوْك، باشتا زەر ئوْنچە،*
*يېشىل تونغا كەشتىلەنگەن قوشماق ئۆردەكلەر.*
*ھۆرى-غىلمان ئەدەپ بىلەن قايرىيدوْ پەردە،*
*تۆشەك ئالدى چوغدان، چاچار ئىپارلىق ھىدلەر. ]*

نەيشيەن بىر ئەمەلدار ئائىلىسىدە توْغوْلغان، ئۆزىموْ ئوْزاق مەزگىل ھۆكوْمرانلار سوروْنىدا توْرموْش كەچوْرگەن. شوْنداق توْروْقلوْق «شىنشياڭلىق موماي» ناملىق شېئىرىدا نېمە ئوْچوْن نامرات كىشىلەرنىڭ توْرموْشىنى تەسۋىرلەيدوْ. بوْنىڭ سەۋەبىنى ئويلىنىپ كۆرمەي بولمايدوْ.

بوْ شېئىردا جاپا-موْشەققەت بىلەن ياشايدىغان بىر مومايىنىڭ ۋە ئوْنىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق توْرموْشى، شوْنداقلا بوْ مومايىنى كورىيەدىن ئوردىغا كەلتوْرگەن توقاللارنىڭ ھاياتى بىلەن سېلىشتوْروْش ئارقىلىق، شوْ چاغدىكى زوْلمەتلىك ئىجتىمائىي رېئاللىق پاش قىلىنغان ۋە يوْەن سوْلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئۆتكوْر سىنىپىي كوْرەشلەر ئېچىپ بېرىلگەن. شېئىر ئاددىي تىل بىلەن چوْشىنەرلىك قىلىپ يېزىلغان، زىيادە كۆپتوْروْلگەن ياكى قوْراشتوْروْلغان جايلار يوق. ئەسلىي شېئىرنىڭ ئاخىرىغا نەيشيەننىڭ ئىنىسى تاھاجوْڭلياڭ بىلەن قوْرداش بولغان گەي يوْنفوْنىڭ سۆزلىرى قوشوْمچە قىلىنغان بولوْپ، ئوْنىڭدا نەيشيەننىڭ بوْ شېئىردىكى ماھارىتى بەي جوْيىدىن ئېشىپ كەتكەن دەپ يېزىلغان. ئەلۋەتتە، بوْ شەخسىنىڭ كۆز قارىشى. لېكىن، بوْنىڭدىن نەيشيەننىڭ موْشوْ خىلدىكى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى بىلىۋالغىلى بولىدوْ.

5. گاۋ كېگوڭ

گاۋ كېگوڭ (高克恭، 1248—1310) كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ۋە رەسسام. قەدىمكى تارىخىي يازمىلاردا گاۋ كېگوڭنىڭ ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققانلىقى قەيت قىلىنغان[1]. شائىرنىڭ «فاڭشەن توپلىمى» (房山集) ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار بولغان. گاۋ كېگوڭنىڭ شېئىرلىرى كۆپ ئەمەس، ئەمما شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى نىسبەتەن يۇقىرى. ئەدىب ياڭ گۈەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى مۇنداق باھالىغان: گاۋ ھەزرىتىمنىڭ شېئىرلىرى ۋەزىن جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە. قاپىيەدىمۇ ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا تۇردۇ. رەسىملىرى داڭلىق، خۇددى ۋاڭ مۇجى (ۋاڭ ۋېي) جەنچۈەندە. لىبوشى (لى گۇاڭلىن) ۋەنكۇدىكى سالدا ئولتۇرۇپ يازغاندەك، تەسەۋۋۇر بىلەن مەنزىرىنى بىرلەشتۈرگەن. ئاغزىدىن چىققان گەپنىڭ ئۆزىلا شېئىر. ئەسەرلىرىدە ئاجايىپ بىر خىل پۇراق بار». ئۇنىڭ «شېئىر بىلەن رەسىملىرى بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن» دېيىشكە بولىدۇ. گاۋ كېگوڭنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قاپىيەداشلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئاجايىپ پۇراققا ئىگە. مەسىلەن، «جۇڭبى راۋىقىدا رەسىم سىزىش» (种笔亭题画) شېئىرى مۇنداق يېزىلغان:

*积雨暗林屋,*
*晚峰晴露颠。*
*扁舟人苹渚,*
*浮动一溪烟。*

*[قارا يامغۇر ياغاچ ئۆيگە تاشلار سايە،*
*قاشتېشىدەك تۇرار چوققا پارقىراپ.*
*كىرىپ كەلدى بەھەيۋەت پېڭجۇ تامان،*
*يالغۇز بىر سال تۇمان ئارا يالتىراپ.]*

بۇ شېئىردا ئۇزاق ۋاقىت تۇمانغا ئەسىر بولغان، ئەمما قاش قارايغاندا تۇيۇقسىز ھاۋا ئېچىلىپ شەبنەملەر بىلەن يۇيۇلۇپ، مەرۋايىتتەك پارقىراپ كەتكەن بىر تاغ چوققىسى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە.

گاۋ كېگوڭ شېئىرلىرىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك بولۇپ، دائىم دېگۈدەك بىر-ئىككى مىسرا بىلەن پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، «قەيسەر راھىبقا تەقدىم» (赠英上人) دېگەن شېئىرىنى مىسال قىلىپ كۆرەيلى:

*为爱吟诗懒坐禅,*
*五湖归买钓鱼船。*
*他时如觅云踪迹,*
*不是梅边即水边。*

*[شېئىر خۇمار راھىب ئېتىكاپ خالىماي،*
*سېتىۋالدى بېلىقچىلار كېمىسى.*
*بۇلۇت كەبى بىر ئىزىندا توختىماس،*
*دەريايۇ كۆل، گۈل-چېچەكتۇر ھەۋىسى.]*

بۇ شېئىردا شېئىر يېزىشقا ئامراق راھىبنىڭ خاراكتېرى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ راھىب شېئىر يادلاشقا ئامراق بولۇپ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇشنى خالىمايدۇ؛ شېئىر بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، خىيالى بۇلۇتقا ئوخشاش گاھى دەريا-كۆللەردە سەيلە قىلىپ،

[1] ياڭ لىيەن: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇق شائىرلار ھەققىدە تەتقىقات» ، 58-بەت.

گاھى مېيخۇا گۆلىنى تاماشا قىلىپ، شېئىرىي تۈيغۇنى ئىزدىمەكچى بولىدۇ.

گاۋ كېگوڭنىڭ شېئىرلىرىدا تەبىئەت بىلەن ئىنسان پىسخىكىسى مۇناسىۋىتىنىڭ زىچ بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەنگەنلىكىگە دىققەت قىلىش لازىم.

گاۋ كېگوڭ يالغۇز شائىر بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە جۇڭگوچە رەسىم سىزىشتا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەڭ بۇرۇنقى غەربىي يۇرتلۇق رەسسام ھېسابلىنىدۇ.

6. بيەن لۇ

بيەن لۇ (边鲁، تەخمىنەن 12—13 ـ ئەسىر)—بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىدىن، ئىسمى لۇشىڭ. ھايات پائالىيەتلىرىگە دائىر ماتېرىيال يوق. بيەن لۇ رەسسام ۋە شائىر ئىدى. ئۇنىڭ «بامبۇكزارلىقتىكى قىرغاۋۇل»( 花竹锦鸡图轴) ناملىق داڭلىق رەسىمى بولغان. بيەن لۇنىڭ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن «غەربىي كۆل. جۇجىسى» (西湖竹枝集) (شۇ ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىر، بەزى مەنبەلەردە «شىخۇ بامبۇكىغا بېغىشلىما» دەپمۇ ئېلىنىدۇ) ناملىق شېئىرى بار. شېئىرنىڭ تېكىستى مۇنداق:

和西湖竹枝词

*戴胜降时桑叶青，梨花开处近清明。*
*狂夫归来未有信，蝴蝶作团飞上城。*

غەربىي كۆل. جۇجسى

*[ھۆپۈپ كەلدى ، كۆكەردى ئۈجمە يايرىقى،*
*ئېچىپ نەشپۈت چېچەك، چوكانتالغا ئۇلاشتى.*
*كېلەردە يا كېتەردە خەت يازمىدى ئېرىم،*
*كېپىنەكلەر ئۇچۇپ ئۆيچۆرەمگە ئۇلاشتى. ]*

بۇ شېئىردا ئۈجمىلەر كۆكەرگەن، نەشپۈتلەر چېچەكلىگەن باھار پەسلىدە، ئېرى ياقا يۇرتقا كېتىپ قايتىپ كەلمىگەن بىر ئايالنىڭ ئېرىنى سېغىنغانلىقى، نامەھرەم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ چۆرىسىدە كېپىنەكتەك يۈرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

7. ليەن شىشيەن

ليەن شىشيەن (廉希宪، 1231 — 1280) قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن بولۇپ، سانغۇن بۇرۇلقىيانىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ 19 يېشىدىن باشلاپ سىياسىي سەھنىگە چىقىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن تىللاردا داستان بولغۇدەك تۆھپىلەرنى قوشقان ھەم يۇقىرى مەنسەپلەردە بولغان. 1279 ـ يىلى يازدا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن. بىراق، كېسەللىك سەۋەبىدىن خىزمەتنى داۋاملاشتۇرالماي، 1280 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ليەن شىشيەن ئەلەمدە كامالەتكە يەتكەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەلەمدىمۇ، جۈملىدىن ئەقىل ـ پاراسەتتىمۇ ئۈستۈن بولۇپ، پادىشاھ قۇبلاي ئۇنى مۇتەپەككۇر مېڭزىغا ئوخشىتىپ، ليەن مېڭزى دەپ ئاتىغان. تۆۋەندە ليەن شىشيەننىڭ بىر پارچە شېئىرىنى مىسال كەلتۈرىمىز:

**水调歌头·读书岩**

*杜陵佳丽地，千古尽英游。*
*云烟去天尺五，绣阁倚朱楼。*
*碧草荒岩五亩，翠霭丹崖百尺，宇宙为五留。*
*读书名始起，万古人冥搜。*
*凤池崇，金谷树，一浮鸥。*
*彭殇尔能何许，也欲接余眸。*
*唤起终南灵与，商略昔时名物，谁劣复谁优。*
*白鹿庐山梦，颉颃天地秋。*

**شۇيدياۋگېتو. كىتاب ئوقۇش قىياسى**

*[شۇنچە ئۇز، شۇنچە گۈزەل دۇلەك يېرى،*
*ئەلمىساقتىن ئۆلىمالارغا ماكان.*
*ئاق بۇلۇت كۆكنىڭ يۈزىگە بەش غېرىچ،*
*ياسىداق شىپاڭ ـ راۋاقلار يانمۇ يان.*
*ئايدالادا بۈك ـ باراقسان باغچىلار،*
*ياپيېشىللىق باغرىدا يۈزگەز قىيا،*
*يارالغاندەك مەن ئۈچۈنلا بۇ جاھان.*
*ئىلمىي تەھسىلگە مۇناسىپ نامى بار،*
*تا ئەزەل ئىنسان سىرىدىن ئەرمىغان.*
*مەۋج ئۇرار سۇمۇرغ كۆلى،*
*جىلغىلاردا زەر دەرەخ،*
*چايكا ئۇچقان شۇ تامان.*
*ياش تۆكۈپ كەتمەككە يول يوق مەن ئۈچۈن،*
*كۆزلىرىمگە سالمىسۇن سايە تۇمان.*
*ئويغىتاي دەيمەنكى جۇڭنەن روھىنى،*
*قىلىشىپ ئۆتكەنكى چاغلاردىن پاراڭ،*
*ئەسلىسەڭ كىم ئەۋلىيا، كىملەر يامان.*
*مەيلى ئۇ بەيلۇدىكى لۇشەن چۈشى،*
*كىرىمىز كۈز پەسلىگە قۇشتەك راۋان.]*

بۇ بىر نىيەت ـ ئىقبال نەزمىسى بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان خىلۋەت ماكانىنى تارىختىكى ھەشەمەتلىك گۈزەل جايلار بىلەن سېلىشتۇرغان. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى راھەت ـ پاراغەتنى پىسەنت قىلمايدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭدىن پۈتمەس ـ تۈگىمەس خۇشاللىق تاپالايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىن لىيەن شىيشيەنىنىڭ ياش چېغىدىلا ئىرادىلىك ئىكەنلىكىنى، جاپالىق ئۆگىنىدىغان، مىللىي ئايرىمچىلىق قىلمايدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى كۆرەلەيمىز.

8. شۆ ئاڭفۇ

شۆ ئاڭفۇ (薛昂夫)، ئىسمى چاۋۋۇ، تەخەللۇسى جيۇگاۋ، يەنە ماجيۇگاۋ دېگەن ئىسىممۇ بار

بولغان. غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى. ئۇ كۆپ ئوقۇغان، نۇرغۇن بىلىم ئىگىلىگەن ھەم يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان، جۇملىدىن جياڭشى ئۆلكىسى مىرزا دىۋان مەھكىمىسىنىڭ پەرمان مۇئەررىخ بېگى (令吏) بولغان. شۆ ئاڭفۇ ئەدەبىياتقا ناھايىتى قىزىققان. 31 يېشىدا «جيۇگاۋ توپلىمى» (九皋集)نى تۈزگەن. «يۈەن سۇلالىسى شېئىرلىرىدىن تاللانما» (元诗选)غا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. زامانىمىز كىشىلىرى «ئەركىن ئۇدارلىق كۇيچى شۆئاڭفۇ»(«元曲家薛昂夫») ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەپ چىققان[1]. تۆۋەندە شائىرنىڭ «تاغ باغرىدىكى قوي» (山坡羊) ناملىق شېئىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. بۇ نەزمىدە نام-ئاتاقنى دەپ پايپېتەك بولۇشتىن زېرىكىش، كىتاب ۋە سازغا ھېرىس بولۇپ، تېرىقچىلىق قىلىپ ياشايدىغان ئاددەتتىكى تۇرمۇشقا ئىنتىلىش بايان قىلىنىپ، ئاخىرىدا مەرتىۋىلىكلەرنىڭمۇ، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر (مەرتىۋىسىزلەر)نىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. قارىغاندا، ئاپتور ھۆكۈمران سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، نىزادىن ئېيتقۇسىز ئازار يېگەندەك قىلىدۇ. شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

*大江东去，长安西去。*
*为功名走尽天涯路。*
*厌舟车，喜琴书、*
*早星星 影瓜田暮。*
*心待足时名便足。*
*高，高处苦；低，低处苦。*

*[ئەزىم دەريا شەرق، چاڭئەن شەھىرى غەرب،*
*ئالەمنى كەزدىم نام-ئاتاقنى دەپ.*
*مەنسەپتىن بىزار بولدۇم دەستۇر، ساز ئىزدەپ،*
*بالدۇرلار قىروۋ قوندى چېكەمگە، خەپ!*
*كۆڭۈل قانائەت تاپسا، ئاتاق نېمە گەپ.*
*يۇقىرىغا ياماشسام، يۇقىرىمۇ دەرد،*
*تۆۋەنگە ئىنتىلسەم، تۆۋەنمۇ ھەسرەت!]*

9. كەيلە باقشى

كەيلە باقشى (凯列拔实، تەخمىنەن 13-ئەسىر)— ئىسمى يەنجىڭ، ئۇيغۇر، يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە 10يىل ئەللامە (学士)، يەنى پۈتۈكچى دورغاپ، مۇئەررىخ بەگ (官太吏) يەنى سالنامىچى مەنسىپى بىلەن خىزمەت ئىشلىگەن، «يۈەن سۇلالىسى شېئىرلىرىدىن تاللانما» (元诗选)غا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. تۆۋەندە ئۇنىڭ «يۈەنفۇ دەرگاھى» (元符山房)[2] ناملىق شېئىرى بىلەن تونۇشىمىز. بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگىنى، تاغدىكى راھىبلار دەرگاھىنىڭ مەنزىرىسى، راھىبلارنىڭ تۇرمۇشى شائىرنى مەھلىيا قىلغان. گويا تاغدىكى قۇشلارمۇ ئۇنى كەتمەسلىككە ئۈندەۋاتقاندەك سايرىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ بۇنداق ھېسسىياتتا بولۇشى شائىرنىڭ رەزىللىك بىلەن تولغان جەمئىيەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولغانلىقىدۇر. شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

---

[1] بۇنى ياڭ لېيەن، شى شياۋچى، لۈەن رۇي قاتارلىقلار تەييارلىغان بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992-يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.
[2] بۇ «يۈەنفۇ تېغىدىكى تاللىپلار ھۇجرىسى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىپ قوللىنىلىدۇ.

坐对千岩翠，森森万木攒。
石函留古剑，药炼还丹。
去逼山窗湿，岚开涧树寒。
春禽知客意，啼我暂盘桓。

*[تۇرمەن ياپپېشىل، ئەجەب ئېگىز چوققىدا،*
*دەل-دەرەخلەر توپلانغان يېشىلزارلىق ماكاندا.*
*تاش غىلاپقا سېلىنغان ئەلمىساقنىڭ شەمشىرى،*
*مەزمۇت بولۇپ تاۋلىنار، ئابىهايات داڭقاندا.*[1]
*قىسىپ بۇلۇت تاغلارنى، نەملىشىپتۇ پەنجىرە،*
*دەل-دەرەخلەر ئۈششۈگەن، كۆكۈچ تۇمان ئورماندا.*
*ئىستەپ پېقىر كۆڭلىنى باھار قۇشى قاقىلدار،*
*كېتىشىمنى خالىماس، كۆڭۈل خەندان ئورغاندا.]*

10. شيې جېدۇ

شيې جېدۇ (偰哲笃، 13 — 14-ئەسىر) — ئىسمى شىلىنەن، شيې لۇنىڭ ئىنىسى، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى. 1315-يىلى تەشرىپدار (进士) بولغان ھەم شۇنىڭدىن باشلاپ بىر قاتار مەنسەپلەرنى ئۆتىگەن، گۇاڭدۇڭ، جياڭسۇ قاتارلىق جايلاردا ئىشلىگەن. تۆۋەندە ئۇنىڭ ئىككى پارچە شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

题赵千里《夜 潮 图》

风涛汹涌千堆雪，拍岸翻空倒银阙。
雁声惊起一江秋，万里无云挂明月。

**جاۋ چيەنلىنىڭ[2] «تۈن تاشقىنى رەسمى»گە بېغىشلىما**

*[ گۈركىرەپ سوققان بوراندىن ئۇچتى قار،*
*تىك قىيا كۆكتىن شۇ دەم كۈمۈش ياغار.*
*غاز ئۈنىدىن چۆچىدى دەريادا كۈز،*
*ئاي تولۇن، ئاسمان يۈزىدە نۇر يانار. ]*

题商德符李遵道合作《竹树图》

槎牙老树根盘石，楚楚霜筠护碧苔。
古怪清奇俱绝笔，颉颃好手为谁开？

---

[1] بۇ يەردە راھىبلارنىڭ دەرگاھتا ئۇزاق تۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتە كامالەتكە يېتىشى كۆزدە تۇتۇلغان.
[2] جاۋ چيەنلى — جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەسسام.

شاڭ دېفۇ، لى زۇنداۋنىڭ «بامبۇك نوتىسى رەسمى»گە بېغىشلىما

*[ قورام تاشقا چىرماشقان قېرى دەرەخ يىلتىزى ،*
*قوغدار يېشىل مۇخلارنى قويۇق بامبۇك قىرووسى.*
*سۇزۇكلۇكتە تېڭى يوق، قەلەمگە رىقابەت ،*
*ئىستېداتتا قېلىشماس رىقابەتلىك ئىككىسى.]*

ئومۇمەن، شائىرنىڭ «‹تۈن تاشقىنى رەسىمى›گە بېغىشلىما» دېگەن شېئىرىدا كۆز يەسلىدىكى دەريانىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى ھەيۋەتلىك، جانلىق، تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەنلىكىگە يېقىندىن دىققەت قىلماق زۆرۈردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، «‹بامبۇك نوتىسى رەسمى›گە بېغىشلىما» دېگەن شېئىرىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەسساملاردىن شاڭ دېفۇ، لى زۇنداۋلارنىڭ رەسساملىقتىكى ماھارىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

11. شېڭ شىمىڭ

شېڭ شىمىڭ (盛熙明، 14 ـ ئەسىر) — كۇسەنلىك. ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئوقۇپ، ئىستېداتلىق ئادەمگە ئايلانغان. ئالتە خانلىقنىڭ يېزىق ئۇسلۇبىنى بىلگەن، ماقالە يېزىش، رەسىم سىزىشقا ماھىر، خەتتاتلىققا كامىل. خەنزۇ خەتتاتلىق تارىخى ھەققىدە ئەسەر يېزىپ چىققان. يازغانلىرىنى قايتىدىن تۈزىتىپ، 1344 ـ يىلى «ھۆسنخەت مۇتالىئەسى« (书法学)نى تۈزۈپ پادىشاھقا تەقدىم قىلغان. خان كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قېلىپ توپلام قىلىپ ساقلاشقا بۇيرۇغان. شېڭ شىمىڭ يەنە بۇددا نوملىرىنى قىرائەت قىلىشقا ئۇستا، سانسكرىت تىلىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ «بۇتراجا تېغىنى[1] تەكشۈرۈش» (补陀洛迦山考) ناملىق ئەسىرى بار. تۆۋەندە «بۇتراجا تېغىغا ساياھەت» (游补陀洛迦山) ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

游补陀洛迦山

*惊起东华尘土梦，沧州到处即为家。*
*山人自种三珠树，天使长八月槎。*
*梅福留丹赤如桔，安期送枣大如瓜。*
*金仙对面无言说，春满幽岩小白华。*

بۇتراجا تېغىغا ساياھەت

*[پانىي دۇنيانىڭ چۈشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم بۇ دەم،*
*ئۆي تۇتاي ساڭجۇ[2] دا دەپ ھەر تەرەپكە قويدۇم قەدەم.*
*قارىسام زاھىت تىكەركەن ئاپېلسىننى ئوخشىتىپ،*
*ھۆر-پەرىلەر سالدا ساياھەت قىلىشاركەن دەممۇدەم.*
*مېي فۇ[3] دىن قالغان تەۋەررۇك دورا رەڭگى قىپقىزىل،*
*ئەن جى[4] دىن كەلگەن چىلاننىڭ چوڭلۇقى تاۋۇزغا تەڭ.*

[1] بۇتراجا تېغى — جېجياڭ تەۋەسىدە بولۇپ، جوڭگولۇقلارنىڭ بۇددا دىنى نەزەرىدىكى تۆت چوڭ تاغنىڭ بىرى.
[2] ساڭجۇ — يەر نامى.
[3] مېي فۇ — غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئادەم.
[4] ئەن جى — چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئادەم.

*مەن تۇرۇپ قالدىم پەرىشتە ئالدىدا سورمەي زۇۋان،*
*ئاق قېيىنلىق جىلغا قوينى باش باھاردىن ئالدى رەڭ.]*

بۇ شېئىردا ئاپتور بۇددا دىنىدىكى مەشھۇر تاغلارنى زىيارەت قىلىپ، ھۆر-پەرىلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى يازغان. شېئىرنىڭ ئاكتىپ ئىدىيەۋى مەزمۇنى يوق. لېكىن، ئاپتورنىڭ مۇشۇ شېئىرىلا ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

12. ناۋناۋ

ناۋناۋ (巎巎، 1295—1345)—ئىسمى زىشەن، مۇخۇمۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، قاڭلى(康里) قەبىلىسىدىن. قەدىمكى زامان ئالىملىرى قاڭلىلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى دەپ ھېسابلىغان[1]. ناۋناۋ خەتتات ھەم شائىر ئىدى. ئۇ يەنە كۆڭزىچىلىق ئېقىمىغا پىششىق، تارىخ ئىلمىنىمۇ ئۆگەنگەن. ھەر دەرىجىلىك ئەمەل-مەنسەپ سورۇنلىرىدا مەنسەپدار بولغان. جۈملىدىن 1344-يىلى جياڭجې (江浙) ئۆلكىسىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى (ئۆلكە باشلىقىغا تەڭ) بولۇپ تەيىنلەنگەن. تۆۋەندە ناۋناۋنىڭ «گاۋجۇڭچېڭنى نەنتەيگە ئۇزىتىش» (送高中丞南台) ناملىق شېئىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

送高中丞南台

*鹦鹉洲边明月，凤凰台下清风。*
*人物江山两绝，才高不为时容。*

گاۋجۇڭچېڭنى نەنتەيگە ئۇزىتىش

*[تۇتىقۇش ئايمىقى[2] كۆك ئۈزرە تولۇن ئاي شولىسى،*
*قەقنۇسنىڭ پەشتىقىدا سوقىدۇ غۇر-غۇر شامال.*
*ئىزدىسەڭ ئادەم بۇ ئىككىلىەنگە ھېچكىم تەڭ ئەمەس،[3]*
*ئەلىيۇل ئەلا تۇرۇپ سىغمىسا ئەلگە نە ئامال.]*

بۇ گاۋجۇڭچېڭنى ئۇزىتىش ئۈچۈن يېزىلغان ئالتە خەتلىك شېئىر بولۇپ، شېئىردىكى تۇتىقۇش ئايمىقى بىلەن قەقنۇس پەشتىقى كېيىنكىلەرگە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان ۋە ساۋساۋغا يارىماي ئۆلۈپ كەتكەن تالانت ئىگىسى مى خېڭ بىلەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غۇربەتچىلىكتە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن لى بەيدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئېھتىمال گاۋ تەپتىشمۇ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئاپتور بۇ شېئىردا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىملىك ئادەملەر تۇرۇپ ئەلگە سىغمىغان دەپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن.

13. شيې يۈلى

شيې يۈلى (偰玉立، 13— 14-ئەسىرلەر)— ئىسمى شى يۈ (世玉)، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى. ئەسلىي ئەجدادلىرى ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەزىرلەر جەمەتىدىن ئىدى. بوۋىسى قارا بۇقا

---

[1] مەسىلەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خەنزۇ مۇئەللىپ خۇاڭ جىن (黄晋) «جىنخۇا ماقالىلىرى» (金华文集) ناملىق كىتابى (28-جىلد)دا، قاڭلىلار قەدىمكى ئېگىز قاڭقىلىقلار (高车)نىڭ ئەۋلادى دەپ يازغان.
[2] تۇتىقۇش ئايمىقى —خۇبېي ئۆلكىسىدىكى يەر نامى.
[3] بۇ يەردىكى ئىككى كىشى ۋۇخەندە تۇغۇلغان مى خېڭ بىلەن نەنجىڭدىن چىققان لى بەينى كۆزدە تۇتىدۇ.

قۇبلايخاننىڭ جىيۇەن يىللىرى (مىلادىيە 1271 ــ 1294 ـ يىللىرى)دا گۇاڭدۇڭنىڭ تۇزچىلىق بېگى بولغان. كېيىنچە يەنە باشقا مەنسەپلەرنى ئىشلىگەن. ئۇردا تەرىپىدىن ئۇنىڭغا قوچو بېگى مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىنغان. دادىسى شيې ۋېنچىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. شيې يۈلى مانا مۇشۇنداق ئائىلىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان. 1318 ـ يىلى تەشرىپدارلىققا ئۆتكەن ھەمدە دۆلەت تارىخىنى تۈزگۈچى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىنچە يەنە باشقا مەنسەپلەردە بولغان. شيې يۈلى شائىر بولۇپ، «شى يۈ توپلىمى» (世玉集) دېگەن ئەسەرنى يازغان. شيې يۈلىنىڭ ئائىلىسى مەرىپەتپەرۋەر ئائىلە ئىدى. ئالتە نەپەر قېرىنداشلىرى ۋە ئوغۇل يىگەنى (جىيەنى) تەشرىپدار بولغان، ئىككى ئەۋلادتىن بولۇپ توققۇز تەشرىپدار چىققان، شۇڭا زامانداشلىرى ئۇلارنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشقان. تۆۋەندە شائىرنىڭ «تەڭرى راۋىقى»[①] (天风海云楼) ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ تەڭرى راۋىقىغا چىققاندا كۆرگەنلىرى ۋە ئويلىغانلىرى يېزىلغان. گەرچە ئۇ چىققان راۋاق چەت بۆلۈك ـ پۇچقاقتا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەردە تۇرۇپ چەكسىز مەنزىرىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئاپتور بۇ ئېگىز راۋاققا چىقىپ كۆڭلى ئېچىلغانلىقىنى، شۆھرەت ـ ئاتاق دېگەنلەرنى كىمگە لازىم بولسا شۇنىڭغا بېرىۋەتكۈسى بارلىقىنى ئىپادىلىگەن. بىراق بۇنىڭدا شائىرنىڭ تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتماقچى بولىدىغان پاسسىپ كەيپىياتتىن بېشارەت يوق. شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

*极目云山道阻修,*
*勋名久速为谁收?*
*海天秋色无边景,*
*且上遐陬第一楼。*

*[قاپلىدى تاغنى بۇلۇت، ئالدىم داۋان، ماڭسام چاتاق.*
*كىمگە لازىم ۋاقتى قىسقا يا ئۇزۇن شۆھرەت ـ ئاتاق.*
*كۆللى ئالەم چەت ـ چېتى يوق شۇنچە رەڭدار مەنزىرە،*
*بۇ ئېگىز جايدا جاھان كۆرسەم ئەمەسمۇ ياخشىراق. ]*

14. شيې سۈن

شيې سۈن (偰逊، 13 ـ 14 ـ ئەسىرلەر) ــ شائىر شيې يۈلىنىڭ نەسەبىدىن. ئۇلار ئەسلى سېلىنگالىق جەمەت بولۇپ، تۇنيۇقۇقنىڭ ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ. «مىڭ سۇلالىسى شېئىرلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاتىرىسى» (明诗别裁)گە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن ھەم قىسقىچە تەرجىمىھالى بېرىلگەن. تۆۋەندە «تاغ يامغۇرى» (山雨) دېگەن شېئىرى بىلەن تونۇشىمىز.

بۇ شېئىردا بىر كېچىلىك بوران ـ يامغۇر، يامغۇردىن كېيىنكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ سۇلىرىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە راۋان يېزىلغان. بۇ قىسقا شېئىردىن شائىرنىڭ بەدىئىي تەربىيەلىنىشىنىڭ خېلىلا يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شېئىرنىڭ تېكىستى مۇنداق:

*一夜山中雨,*
*林端风怒号;*
*不知溪水长,*

[①] ئىلگىرى بۇ «ئەرش شامىلى بۇلۇت راۋىقى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

只觉钓船高。

[ياغدى يامغۇر تاغ ئىچىدە توختىماي،
چىقىرار ئورماندا ئاچچىقتىن بوران،
ئۆرلىگەن سۇنى بىلىپ بولمايدۇ،
ۋە لېكىن قولۋاق ئېگىزلەيدۇ ھامان.]

15. بىلىشا

بىلىشا (别里沙، 14 ـ ئەسىر) ــ بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى، ئىسمى يەنچېڭ (彦诚)، 1333 ـ يىلى تەشرىپدارلىققا ئېرىشكەن. گۇاڭجۇ (光州، بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭچۇ ناھىيەسى)نىڭ دارۇغاچىلىق مەنسىپىگە تەيىنلەنگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلاردا ئەمەل ـ مەنسەپ تۇتقان. ئۇ قابىل، چېچەن، ئەمەلدارلىقتا سىياسىي ئۇتۇقلىرى كۆپ ئادەم ئىدى. شېئىرىيەتكە قىزىقىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە ئەسەر يازغان بولۇپ، ئەسەرلىرى ئەينى چاغدا خېلى كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن. «تيەنتەيشەن تەزكىرىسى» (天台山方外志)گە بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. تۆۋەندە «غەربىي كۆل. جۇجىسى» (西湖竹枝词) ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز. بۇ ماۋزۇدىكى شېئىرنى ئەسلى شائىر ياڭ ۋېيجېن (1296 ــ 1370) يازغان بولۇپ، بىلىشا ياڭ ۋېيجېنغا مۇشائىرە قىلىپ بۇ شېئىرنى يازغان. ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ياخشى يېزىلغان شېئىر. ياڭ ۋېيجېن شۇ چاغدىكى شائىرلارنىڭ ئالدى بولۇپ، بامبۇكنى كۈيلەيدىغان بىر خىل شېئىرنى كۆپ يازغان. ئۇنىڭغا مۇشائىرە يازغانلارمۇ كۆپ بولغان. شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

枫篁岭下月色凉，无数竹枝官道旁。
东家为爱青青节，截作参差吹凤皇。

[ئىرەن دەرەخ چوققىسىدا سوغۇق ئاي نۇرى،
پوچتا يولىنىڭ ئىككى يېقى بامبۇك بىھېساب.
ئۆي ئىگىسى ياخشى كۆرگەچ يۇمران نوتىنى،
قەقنۇسلارغا كۈي كۈيلەيدۇ پۇۋلىگۈچ ياساپ.]

16. بۇخۇمۇ

بۇخۇمۇ (不忽木، 1255 ــ 1300) ــ يەنە بىر ئىسمى شى يۇڭ (时用)، تەخەللۇسى يۇڭچېن (用臣)، قاڭلى قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر جەمەتىدىن. قەدىمكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن بىلىنىشىچە، يۇەن دەۋرىدە قاڭلىلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى ھېسابلانغان. بۇخۇمۇنىڭ دادىسى يەنجېن قۇبلايخانغا ئەگىشىپ جەڭ قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن. بۇخۇمۇ تۆھپىكار ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى، يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزىنىڭمۇ ئىقتىدارى ۋە سالاھىيىتى بولغانلىقى ھەم قەددى ـ قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت بولغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان، ئۇزاق يىل ئىشلىگەن. بۇخۇمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان. ئەسەرلىرى ئەينى زاماندىكى بىر قىسىم توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. تۆۋەندە شائىرنىڭ «ۋۇما تېغىدىكى بۇلاققا مەدھىيە» (过赞皇五马山泉) ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

بۇ ئاپتورنىڭ ۋۇما تېغىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، تاغدىكى سۈزۈك بۇلاق سۇلىرىنى كۆرۈپ ئىلھامى قايناپ يازغان شېئىرىدۇر. يۇەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى زور يېغا (ئۇرۇش) مالىمانچىلىقىدىن كېيىن ئاپتورنىڭ سۈزۈك بۇلاق بويىدا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ

قالپىقىنىڭ يېپەك لېنتىسىنى يۇغانلىقى جاھانىنىڭ تىنچلانغانلىقىدۇر. بىراق، سۇنىڭ ئېقىشى قارىماققا تولىمۇ ھەسرەتلىك، ئۇ گويا يولۇچىغا پانىي ئالەمنىڭ (بۇ دۇنيانىڭ) ۋەقەلىرىنى تامام پىچىرلاپ بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. شېئىردا قىلىنغان (جانلاندۇرۇش) ۋاسىتىسى بىلەن ھېسسىيات ئىزھارلانغان بولۇپ، ئەسەر چۈشىنىشلىك ۋە راۋان. شېئىرنىڭ تېكىستى مۇنداق:

*相彼山泉源本清，太平君子濯尘缨。*

*泠泠似与游人说，说尽今来往古情。*

*[قارشى قىرغاق تاغ بۇلاقنىڭ مەنبەسى ئەسلى سۇزۇك،*
*تويا باسقان لېنتىلىق بۆكنى يۇيار تەمكىن جاناب.*
*خۇددى سەيياھ بىرلە مۇڭداشقان كەبى سۇنىڭ ئۈنى،*
*تۈگىسە ئەمدىكى گەپ، ئۆتكەننى سۆزلەر ئالدىراپ. ]*

ئومۇمەن، «ۋۇما تېغىدىكى بۇلاقتا مەدھىيە» ناملىق شېئىردا تەبىئەت بىلەن ئىنسان ھېسسىياتى جىپسىلاشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شېئىر ناھايىتى سۇزۇك ۋە راۋان يېزىلغان.

17. جاۋ شىيەن

جاۋشىيەن (赵世延، 1260 — 1336)—تەخەللۇسى زىجىڭ (子敬)، ئۇنىڭ ئەجدادى ئوڭغۇت (雍古) قەبىلىسىدىن بولۇپ، بۇ قەبىلە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقسۆڭەك قەبىلىسى ھېسابلانغان. بۇ توغرۇلۇق «يېڭى يۈەننامە»(«新元史»)دە پاكىتلىق ئىسپات كۆرسىتىلگەن. جاۋشىيەننىڭ بوۋىسى ئەنجۇمى (按竺迩) چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، موڭغۇل-خەنزۇ يىراقتا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ باش سانغۇنى بولغان ھەم چېگىدۇدا ئولتۇراقلاشقان. دادىسى خېيزى (黑梓) ئەمىرلەشكەرلىك (大元师) مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان. قوشۇمچە ۋېنجۇ (文州)دىكى تۇبۇتلەرنىڭ تۈمەن تۈتۈنلۈك داروغاچى بولغان. جاۋشىيەن ئىقتىدارلىق، قابىلىيەتلىك، كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئادەم بولغان. ئۇ يىگىرمە ياشقا تولغاندا قۇبلاي تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ، ئەمەلدارلىق سورۇنىغا كىرىشكە قەدەم قويۇپ، توققۇز ئەۋلاد خان دەۋرىدە مەنسەپدار بولۇپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ھەتتا سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي مىرزا دىۋان مۇئەككىلى (ئۆلكە باشلىقىغا تەڭ) بولغان. «جىڭشى قامۇسى» (经世大典)[①] نى تۈزۈشكە قاتناشقان بولۇپ، يېزىقچىلىق ساھەسىدە كارامىتىنى كۆرسەتكەن. تۆۋەندە «كۈز پەسلىدىكى كۆل» (秋塘图) رەسىمىگە بېغىشلاپ يازغان بىر پارچە شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

بۇ رەسىمدە كۈز پەسلىدىكى سۇ كۆلچىكى، نىلۇپەر گۈلى، قومۇش ۋە نۇرغۇن سۇ قۇشلىرى تەسۋىرى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ مەنزىرە ئاپتورنىڭ ناھايىتى زوقىنى قوزغىغان. ئاپتور بۇ يەردە، مۇشۇنداق مەنزىرە تۇرغان يەردە، ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدىغان نىلۇپەر گۈلىنى سىزىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دېمەكچى. ئۇ شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

*傍水芙蓉照晚妆，溪禽沙鸟满秋塘。*

*枯荷折苇蒹葭外，不著黄花喷晚香。*

*[ئەجەب كۆركەم نىلۇپەر ھۆسنى كەچ سۇدىن قاراپ تۇرسا،*
*ئۇچار قۇش كۈزدىكى كۆلگە قونۇشقا ئالدىراپ تۇرسا.*
*ئېگىلگەن كۆك قومۇش بىرلە قۇرۇق لوتۇس جېنى باردەك،*
*سېرىق سەبدە ھىدى گۈللۈك ئارا ھەريان پۇراپ تۇرسا.]*

---

[①] بۇ «يۈرت سوراش قامۇسى» دېمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

18. تېگىن ساڭيا

تېگىن ساڭيا (的斤苍崖، تەخمىنەن 14-ئەسىر) — جىنەن ۋاڭلىقى، جياڭسۇ، جېجياڭ دىۋان ۋازارىتىنىڭ ۋالىيسى دۇرتېگىن (朵尔的斤)نىڭ ئوغلى بولۇپ، تىرىشچان، مۇزىكا-نەغمىلەرگە كامىل ئادەم بولۇپ ئۆسكەن. دەسلەپ تۇڭجىشىن ئايمىقىنىڭ ئۆتەڭ بېگى، جىئەندى ئۆتەڭنىڭ باش بېگى، خېڭجۇ ئۆتەڭنىڭ داروغاچى، شەرقىي جېجياڭ ئەدلۇ دىيانەت مەھكىمىسىنىڭ ئورۇنباسار تۆرىسى بولغان. تۆۋەندە شائىرنىڭ «خۇاڭشەن تېغىدا» (黄山) ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

*萃名山倚碧天，登临不觉人云烟。*
*蜀江东去练光净，衡岳南来黛色鲜。*
*幽涧千寻苍柳合，平田万顷翠云连。*
*凭空立久忽长啸，回顾神京一慨然。*

*[ھەيۋەت بىلەن تۇردۇ، بېقىپ كۆككە جەزىبدار،*
*قەدەم باسساڭ ئۈستىگە بۇلۇت قالار ئاستىڭدا.*
*ئاقار مىنجياڭ شەرققە ئاق شايىدەك تولغىنىپ،*
*زەپ قارامتۇل سىيماسى خېڭيۆ تۇرار جەنۇبتا.*
*تاغدىن باقساڭ تۆۋەنگە، شۇنچە گۈزەل مەنزىرە،*
*بەكمۇ تېرەن غارلىرى، كۆزمۇ يەتمەس تەكتىگە.*
*ئېگىز چوققا بەھەيۋەت كۆكنى مەزمۇت ئۆپكەندەك،*
*ئاستانىگە باققاندا، قەلبىم تولار ھەسرەتكە.]*

دېمەك، «خۇاڭشەن تېغىدا» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ ۋەتەننىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ھەيۋەتلىك قىياپىتى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، چەكسىز مېھىر-مۇھەببەت ئاساسىدا تەسۋىرلىنىش بىلەن ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي باغلىنىشنىڭ ئوبرازلىق تەپسىلاتىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئەستە ساقلاش لازىم.

19. جامالىدىن

جامالىدىن (哲马鲁丁، 14-ئەسىر) — ئىسمى شىلۇ، غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇرلاردىن. مىلادىيە 1326-يىلى جېنجياڭدا باش مۇدەررىس بولغان. كېيىن يۈەن سۇلالىسى ئۆلىمالار دارىلئۇلۇمىنىڭ باش ئەللامەسى (集贤大学士) بولغان. كالېندارچىلىقتا پىششىق بولۇپ، «بۈيۈك كالېندار» (万年历) ناملىق ئەسەر يازغان. تۆۋەندە جامالىدىننىڭ «چيەن يۈتەننىڭ[①] ‹بامبۇكزارلىقتىكى يەتتە ئەۋلىيا رەسىمى›گە بېغىشلىما» (钱玉潭《‹竹林七贤图›花序》) شېئىرىنىڭ ئالدىنقى بىر كۇپلېتىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

*叔夜致憎因傲物，*
*嗣宗白眼视人间，*
*虽逃于酒终扬已，*
*争似刘伶善闭关。*

*[تەكەببۇر پەيلىدىن شۈيې[②] جانابقا يەتتى ئۈچمەنلىك،*
*نەزەرگە ئالمىغان سىزۇڭ[③] ئاۋام-پۇقرا سالىمىنى.*

[①] چيەنيۈتەن — سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن رەسسام.
[②] شۈيې — ۋېي خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن زات. ۋېي خانلىقىغا بەك ساداقەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سىماشاۋ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان.
[③] سىزۇڭ، لىيۇلىڭ — تارىخىي شەخسلەر.

*شارابقا ياق دېيىش ئەلگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماق،*
*گويا ليۇلىڭ كىشىگە تىنىمىغاندەك ئۆز خىيالىنى.]*

بۇ شېئىردا بامبۇكزارلىقتىكى يەتتە ئۆلىمانىڭ رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقى، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنى يەنىلا ھەقدادىغا يەتكۈزەلمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش غەرىزى بارلىقى، ھەتتا ئىشىك-دېرىزىلىرىنى چىڭ تاقاپ، ئۆزىنى پاك ساقلىماقچى بولغان ليۇلىڭغىمۇ يەتمەيدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. شېئىردا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى رېئال كۆرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

20. سەن باۋجۇ

سەن باۋجۇ (三宝柱، 14-ئەسىر) — ئىسمى تېڭگۇي، شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى. مىلادىيە 1321-يىلى ئوڭ قول تەشرىپدار بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇنلاردا يۇقىرى مەنسەپ تۇتۇپ ئۆتكەن. تۇتۇق قاتارلىقلار يازغان «يۈەننامە. شىڭجى تەزكىرىسى» («元史·星吉传»)دىكى بايانلارغا قارىغاندا، سەن باۋجۇ پاك ئەمەلدار بولۇپ، نەپسانىيەتچىلىككە قاتتىق زەربە بەرگەن. سەن باۋجۇ ئەدەبىياتقا ناھايىتى قىزىققان ھەم كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان. «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما» (元诗选)غا ئىككى پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. تۆۋەندە ئۇنىڭ «شىشيەن تېغى»[①] (西岘山) ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

*萧瑟西风木叶残，千岩万壑头苍颜。*
*画工胸次分明处，写出斜阳影外山。*

*[سوقتى مەغرىپ شاملى، بولماقتا ياپراقلار خازان،*
*تىك قىيا، تار جىلغا بۇ دەم ئىنتىلۇر كۆك رەڭ تامان.*
*ئۇستا رەسسام قەلبىدىن كۆرگەنلىرى بىر-بىر ئۆتەر،*
*كەچ شەپەقنىڭ شولىسىدا ئەكس ئېتەر تاغلار تامام.]*

مەزكۇر شېئىردا شىشيەن ۋە باشقا تاغ تىزمىلىرىنىڭ سۈرەتتەك گۈزەل كۈز مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن ھەمدە تەبىئەتنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇستا رەسسامغا تەققاسلىنىپ، گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ئىرادىسى بويىچە سىزىلغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

21. دىڭ خېنيەن

دىڭ خېنيەن (丁鹤年، 1335—1424) — ئىسمى يۈڭكاڭ، غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇرلاردىن. دادىسىنىڭ ئىسمى جامالىدىن ئىدى. چوڭ بوۋىسى، بوۋىسى ۋە دادىسى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەل-مەنسەپ تۇتقان. دىڭ خېنيەنمۇ كۆپ ئوقۇپ، بىلىملىك بولۇپ يېتىشكەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ھەر خىل ئەمەل-مەنسەپلەرنى تۇتقان. دىڭ خېنيەننىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئويما خەت شەكلى (刻本)دە بېسىلغان «دىڭ خېنيەن توپلىمى» (丁鹤年集) ناملىق ئەسىرى بار بولغان. دىڭ خېنيەن كىچىكىدىنلا ئوقۇشقا ئىشتىياق باغلاپ، بىر مەزگىل مەنسەپ تۇتقان بولسىمۇ، بىراق كېيىنچە نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالاپ، ئاتا-بوۋىسىنىڭ ياردىمىگە تايانماستىن ھەم مەنسەپپەرەسلىك يولىنى تاشلاپ، يۇرتمۇ يۇرت ئېقىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش بىلەن قورساقنى غەملىسە، گاھىدا دورىگەرلىك قىلىپ دورا ياساپ ئۆزى سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدىغان. ئۇ 30 يىلدىن كېيىن ۋۇچاڭغا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەمەل تۇتمىغان. سەرگەردانلىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭ

① شىشيەن تېغى — شىشيەن تېغىدىن ئىككىسى بار. ئۇنىڭ بىرى جېجياڭ ئۆلكىسى رۇيئەن ناھىيەسىنىڭ غەربىدە، يەنە بىرى جېجياڭ ئۆلكىسى دۇڭياڭ ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدا. مەزكۇر شېئىردا بۇ ئىككى تاغنىڭ قايسىسىنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

جەمئىيەتكە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان ھەمدە ئۇنى نۇرغۇنلىغان خام ماتېرىياللارغا ئىگە قىلغان. دىڭ خېنيەننىڭ شېئىرلىرىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغىنى 300 نەچچە كۇپلېتتىن ئىبارەت بولۇپ، مەشھۇرى «دىڭ خېنيەن توپلىمى»دۇر.

خەلقنىڭ كۈرىشى ۋە تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش دىڭ خېنيەن شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ئىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا زوراۋانلىق بىلەن تولۇپ، ئەنسىزچىلىك بولۇۋاتقان مەزگىللەردە ئاۋام خەلق ئۇرۇشنىڭ تۈگىشىنى، خاتىرجەم جاھاندارچىلىق قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. چاڭگو ناھىيەسى (ھازىرقى جېجياڭ دىڭخەي ناھىيەسى)نىڭ ۋالىيسى، دىڭ خېنيەننىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى زىيامۇدىن «پۇقرانىڭ كۆڭلىنى ئەملەش» ئۈچۈن يېزىغا چۈشۈپ دېھقانلارغا نەسىھەت قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن دىڭ خېنيەن ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ ھەم «ۋالىي ئاغامنىڭ چاڭگوغا كېلىپ دېھقان كۆڭلىنى ئەملىگەنلىكىنى كۆرگەندە» («观太守兄昌国劝农») دېگەن شېئىرنى يازىدۇ، بۇ شېئىر مۇنداق:

*东皋风日媚新晴，太守躬耕晓出城。*
*袅袅双旅穿柳过，萧萧五马踏花行。*
*扶藜父老陪咨访，骑竹儿童主送迎。*
*岂意兵荒南北遍，化行沧海独升平。*

*[شامال دۇڭگاۋ يۇزىدىن يېپىپىكى بىر پەردە ئاچقاندا،*
*ئاۋام-پۇقرانى دەپ ۋالىي سەپەرنى باشلىدى تاڭدا.*
*مەجنۇنتال شېخىدا لەرزان قونۇپ ئوينايدۇ رەڭدار قۇش،*
*تۇرۇيدۇ گۈل بېشىنى تېك تۇتۇپ ئات ئاستا ماڭغاندا.*
*بوۋايلارنى يۆلەپ ۋالىي سورايدۇ ھالى-ئەھۋالىن،*
*چېۋىق مىنگەن كىچىكلەر خۇش ئۇزاتقان، قارشى ئالغاندا.*
*جەنۇب بىرلە شىمالدا كۆرمىگەن ۋالىي ئاسايىشلىق،*
*دىلى ئۆزتەندى تىنچ ئالەم بىنا قىلماققا ئارماندا.]*

دىڭ خېنيەن «پاك ئەمەلدار» زىيامۇدىننى ياقتۇراتتى. ئۇ زىيامۇدىننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇنلىغان ياخشى كەيپىياتلارنى تېما قىلىپ تاللاپ ئۆز قەلىمىنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرغانىدى. ئۇ بۇ ئىشلارغا بولغان سۆيۈنۈشى بىلەن 18 مىسرالىق ئۇزۇن غەزەل تۈزگەن بولۇپ، شېئىرىدا ھەم سۆيۈنۈش، ھەم ۋەھىمە يېيىشتەك ھېسسىياتى بىلەن گۈللەنگەن، جانلىق كەيپىياتنى سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەپ، زىيامۇدىندىن ئىبارەت ئەمەلنىيەتچان روھى بىلەن ئىشلەيدىغان پاك ئەمەلدارنىڭ ئېسىل خىسلىتىگە ھەم ئىقتىدارىغا مەدھىيە ئوقۇغانىدى.

دىڭ خېنيەننىڭ شېئىرلىرىدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى داۋالغۇپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيەتمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شائىر ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە تۇرغان ۋەتەن توغرىسىدىكى غەم-ئەندىشىسىنى ھەمدە ئىرادىسى بولسىمۇ ھېچ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىدەك ھېسسىياتىنى «تومۇزغا سۈرىتى» (画蝉) دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

*饮露身何洁，吟风韵更长。*
*斜阳千万树，无处避螳螂。*

*[شەبنەم ئوتلىسام بۇ تەن بولارمۇ پاك،*

*شامالنى ناخشا قىلسام كېتەرمۇ يىراق.*
*شەپەق نۇرى ئۇينايدۇ شاخلاردا،*
*ئەمدى تەس ياچىۋەككە جان ساقلىماق.]*

بۇ شائىرنىڭ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ياچىۋەككە ئوخشىتىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە يۈەن سۇلالىسىنىڭ خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن ۋاقتىدىكى سەرگۈزەشتلىرى بىلەن ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## 题《天柱山图》

*拔翠五云中，擎天不计功。*
*谁能凌绝顶，看取日东升。*

«پەلەك تېغى رەسمى»گە بېغىشلىما

*[بۇلۇتنىڭ قوينىدىن فىرۇزە ئېلىپ،*
*تۈھپەمنى سۈزلىمەي يۈلىسەم كۆكنى.*
*ئېگىز چوققىلارغا چىقالايدۇ كىم،*
*كۆرسەم دەيمەن شەرقتىن ئۆرلىگەن كۈننى.]*

دېمەك، دىڭ خېنىيەننىڭ شېئىرىدىكى جەزبىدار ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش بىلەن «پەلەك تېغى رەسمى»نىڭ سەلتەنەتلىك قىياپىتىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەنلىكىگە دىققەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بار.

22. ۋۇ ۋېيشەن

ۋۇ ۋېيشەن (吴维善، 14 — 15-ئەسىرلەر) — دىڭ خېنىيەننىڭ نەۋرە ئىنىسى. تەپسىلىي تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس، ئۈچ پارچە شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. تۆۋەندە شائىرنىڭ «شەرقىي دېڭىزدىكى ئەزىز ئىنىم خېنىيەنگە سالام» ناملىق شېئىرىنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

*鹤皋东望接三山，海上群仙日扣关，*
*虎守月炉丹炼就，龙吟霜匣剑飞还。*
*故国松菊余三迳，老屋烟霞洽半间。*
*为问林泉挑世者，如公今有几人闲。*

*[ساز بويى شەرقىي تەرەپ ئۈچ تاغ ياتادۇر ئۇلىشىپ،*
*ھۆر-غىلمانلار دېڭىزدىن ئىشىكنى چەككەن ئۇلىشىپ.*
*سىز مېڭىپ تاپقاچقا يول يولۋاس غۇلام بوپتۇ مانا،*
*قولدىكى شەمشەرگە قايىل ئەجدىھالار تۆۋلىشىپ.*
*ئول قەدىم يۇرت قوينىدا ئارچا بىلەن جۈيخۇا پەقەت،*
*كونا ئۆينىڭ پارچىسى قالغان ماناندا پۇرلىشىپ.*
*باش ئېلىپ كەتكەن كىشىدىن بارمۇ-يوقمۇ سىز كەبى،*
*بەرسە دەيمەن دەل-دەرەخ، سۇلار جاۋابنى ئويلىشىپ.]*

بۇ شېئىردا دىڭ خېنيەنىنىڭ ئىلىم يولىدا كامالەتكە يەتكەنلىكى، ھەتتا ئەجدىھا-يولۋاسنىمۇ ئۆز خىزمىتىگە سېلىش دەرىجىسىگە بارغانلىقى يېزىلغان؛ قېرىنداشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن مۇبالىغە سۆزلەرمۇ ئىشلىتىلگەن. كېيىنكى مىسرالاردا دىڭ خېنيەنىنىڭ زاھىت بولۇپ ياشاۋاتقانلىقى، لېكىن باشتىكى ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكى، كونا قورۇ-جايلارنىڭ تېخى بارلىقى، ئۇ يەرگە قايتىپ بېرىپ تۇرسا بولىدىغانلىقى؛ ئاپتورنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ كېتىش خىيالىدا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

23. ئەيلىشا

ئەيلىشا (爱理沙، 14 — 15-ئەسىرلەر) — ئىسمى يۈنجۇ، دىڭ خېنيەنىنىڭ ئاكىسى. مىلادىيە 1341-يىللىرىدىن كېيىن تەشرىپدار بولغان. خەنلىن مەھكىمىسىنىڭ ئىنشا بېگى مەنسىپىگە تەيىنلەنگەن. «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما»غا ئۈچ پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. تۆۋەندە شائىرنىڭ «جيۇلىڭنىڭ تاغدىكى كۆلبىسى» ناملىق رەسىمگە بېغىشلىما» (题《九灵山房图》) ناملىق شېئىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز. رەسىمگە بېغىشلانغان بۇ شېئىردا شائىرنىڭ دەي لىڭ(جيۇلىڭ) ياشىغان ئۆيىنى كۆرۈپ يۇرتىنى سېغىنغانلىقى، قايتىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوقلۇقى، شۇڭا دەي لىياڭدەك دەرۋىشلىك يولىنى تۇتقىنىنى كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن، ھېسسىيات سەممىي ئىپادىلەنگەن، مىسرالار راۋان چىققان. بۇلاردىن شائىرنىڭ شېئىردىكى ئىقتىدارىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ.

*梦里家山十载违，丹青咫尺是耶非？*
*墨池新水春还满，书阁浮云晚更飞。*
*张翰见机先引去，管宁避乱久忘归。*
*人生若解幽栖意，处处林丘有蕨薇。*

*[چۈشىدە كۆلبىسى، ئون يىل بارالماي ئۆتتى ھەسرەت يەپ،*
*كۆرۈپ سىزغان رەسىمنى ئويلىدى شۇمۇ-ئەمەسمۇ دەپ.*
*قەلەم يۇغان بۇلاق ھەر دەم يېڭى، ئەتراپى بوستانلىق،*
*كىتاب بار ھۇجرىنىڭ ئۈستى بۇلۇت كەچتە ئۇچار ئەدەپ.*
*قەدىم جياڭ خەن كۆزى يەتكەن مەھەل كەتكەن يىراقلارغا،*
*سالامەتتىن قېچىپ گۇەنىڭ ئۆيىگە قايتمىغان بىر رەت.*
*ھاياتلىقتا بولۇپ زاھىت ياشاشنىڭ ۋەجى بەك ئاددىي،*
*ئېدىر-ئورمان ئارا ئۆتمەك قورساق ئاچقاندا ئوت-چۆپ يەپ. ]*

ئومۇمەن، ئەيلىشا مەنسەپ تۇتقان، ئارامبەخش يەردە تۇرۇۋاتقان، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنە قەيەرنى سېغىنغان؟ بۇنى شېئىردىكى تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئويلاپ يەتمەك كېرەكتۇر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئەمەل-مەنسەپ تۇتۇپ تۇرسىمۇ نېمە ئۈچۈن ياۋا كۆكتات يېيىشكە ھېرىسمەن بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلماي بولمايدۇ.

### 3. ئۇيغۇرچە ئەسەر يازغان ئەدىبلەر

يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار داۋاملىق يوسۇندا ئۆز تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىپ تۇرغان ھەمدە بىر قىسىم ئەدىبلەر ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. تۆۋەندە بۇ دەۋردىكى بەزىبىر ئەدىبلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

1 . كى كى قورسا ئىچقۇ

كى كى قۇرسا ئىچقۇ قەدىمكى چانبالىقلىق ئەدىب بولۇپ، قوچو ئۇيغۇر ئېلىگە تەۋە ئىدى. چانبالىق ھازىرقى سانجى شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ دەپ ئېنىقلىنىپ چىقىلغان. كى كى قۇرسا ئىچقۇ ئەينى چاغدا ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىگە تەئەللۇق مەمۇرىي ئەمەلدار بولغان. ئۇنىڭ «ئىدىقۇت قوچو خانلىقى تۆھپە مەڭگۇ تېشى» ناملىق بىر داستانى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بارچۇق ئارت تېگىن خاندىن تارتىپ تايپىنۇ خانغىچە بولغان بىر قانچە ئەۋلاد خانلارنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن[1].

بۇ مەڭگۇ تاش 1334 - يىلى ئورنىتىلغان. ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىدا 61 كۇپلېت شېئىر بار. ئۇلار تۆت مىسرادىن جەمئىي 257 مىسرا. بۇ شېئىرلار ئاساسەن باش قاپىيەدە يېزىلغان. ئاياغ قاپىيە شەكلىمۇ كۆرۈنىدۇ[2].

مەڭگۇ تاشنىڭ ئارقا تەرىپىگە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەسەبنامىسى خەنزۇچە ئويۇلغان. ئەمما، ئۇ ئۇيغۇرچە نەسەبنامىنىڭ تەرجىمىسى بولماستىن، بەلكى ئايرىم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان.

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلايخان تەختكە چىقىپ (1260 — 1294 - يىللار) يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، موڭغۇل ئىمپېرىيەسى پارچىلىنىشقا باشلاپ، ئۇيغۇرلار يېڭى يۈەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئارىسىدا قالغان. ئۇزاق جەڭلەر نەتىجىسىدە قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى تۇرپاندا تۇرالماي گەنسۇ يۇڭچاڭ (مەڭگۇ تاش ئورنىتىلغان يەر)غا كۆچۈپ بارغان. «مەڭگۇ تاش»نىڭ ساقلىنىپ قېلىنغان قىسمى قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ تۇرپاندىن ئېچكىرىگە كۆچۈپ بارغان ۋە ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بۇ مەڭگۇ تاش ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن شېئىرىيىتىنى، تىلىنى، تارىخىنى ئۆگىنىشتە ياخشى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

مەڭگۇ تاشنىڭ ئورنىتىلغان يىلى ۋە ئاپتورى توغرۇلۇق ئەسەرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

*ئىت يىل ئونۇنچ ئاي قۇتلۇق ئەدگۇ كۈن ئۆزە*
*تولپ تۆكەل بۇتورۇ توغرۇزۇلدى مەن چانبالىقلىغ*
*كى كى قۇرسا ئىچقۇ بتىيۇ تەگىندىم لۇيىپ ساۋ. . .*
*ئىتتۇرمىش ياڭ تىلىڭ سىردىيۇ تەگىندىم ساتۇ*

*[ئىت يىلى (1334) ئونىنچى ئاي قۇتلۇق ياخشى كۈندە تولۇق - تۆگەل پۈتۈپ تىكلەندى. مەن چانبالىقلىق كى كى قۇرسا ئىچقۇ ياردىم، ليۇشۇسى. . . بۇيرۇتقان. مەن ياڭ تىلىڭ چەكتىم. ياخشى[3]. ]*

---

[1] بۇ مەڭگۇ تاش ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش ئىدارىسىدا ساقلانماقتا.

[2] بۇ مەڭگۇ تاش تېكىستى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتى بولسا خەنزۇچە «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى» (考古学报)نىڭ 1980 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[3] بۇ مەڭگۇ تاش ھەققىدە گېڭ شىمىن ئەپەندى خەنزۇچە «ئارخېئولوگىيە» (考古学报) ژۇرنىلىنىڭ 1978 - يىللىق 4 - سانىدا ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. كېيىن ق. بارات، ليۇ يىڭشېڭلار قايتا ئىزدىنىپ، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا ئايرىم ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 1 - سانىدىكى تەتقىقاتىدىن پايدىلىنىلدى. بەزىلەرنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بۇ كى كى ناملىق شائىرلار خەنزۇچە ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «䕫䕫» (كۈي كۈي) بىلەن بىر ئادەم دېگەن قاراشلار بار. بۇ ھەقتە ياڭ فۇشۆنىڭ «يۈز يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا نەزەر» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. بۇ ماقالە «غەربىي دىيار تەتقىقاتى» (西域研究) ناملىق خەنزۇچە ژۇرنالنىڭ 2000 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ھەقتە چەت ئەل ئالىملىرىمۇ خېلى ئىلگىرى ئىزدىنىپ كۆرگەن. مەسىلەن، ياپونىيەلىك فومونۇمائى «يۈەن دەۋرىدىكى قەلەمكەشلەر تەرجىمىھالى — كى كى» ناملىق ماقالە يېزىپ، ياپونىيەدە چىقىدىغان «كىتابلارغا باھا»نىڭ 1974 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلغان. يەنە كىتامورا تاكانىڭ «يۈەن دەۋرىدىكى تۈركىي نەسلىدىن بولغان سىمۇلاردىن قاڭلى قەبىلىسىلىك كى كى توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بۇ ھەقتە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1998 - يىللىق 3 - سان 54—60 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

«مەڭگۈ تاش»تىن پارچە

*24*

*93) ئۇرۇغۇمۇز ئاچىغى باشلاپ قوچغار تىگىن*

*94) ئۇلۇغ چەرىگ بىرلە ئۇترۇتىن(مادىن) يانىپ ئەرتىپ*

*96) ئۇتلى بىلگۈ ئۇچۇن ئىدۇق. . . زىنىڭ ئەدگۈمىزكە*

*96) ئون ئىككى تۇمەن چ. . . لڭ بىرلە سويۇرقادىپ ئىدتى*

*[ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمىزنىڭ ھەدىيەسى قوچقار تېگىن باشچىلىقىدا نۇرغۇن*

*ئەسكەر بىلەن ئۇدۇل (توختىماي) قوچوغا ياندى.*

*ياخشىلىقنى قايتۇرۇشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىدۇق. . . ئىبىسلىنىمىزغا؟*

*ئون ئىككى تۇمەن. . . بىلەن سوۋغا قىلىپ، يولغا سالدى.]*

*25*

*97) ئەبۇ گەلەرىڭنىڭ ئەدگۇ ئات. . . داتمادىن*

*98) ئەسەرلەرىڭ ئورۇنڭا تۇشمىش ئۆتلىمىن ئۇنتىمادىن*

*99) ئەرتەگ ئىش قىلمىشسەن ئەدگۈڭنى تولىپ بىلدىم*

*100) ئەكسۇگسۇز ئون ئىككى تۇمەن ئۇك چاۋ ياستۇق بىرەيىن*

*[بوۋىلىرىڭنىڭ ياخشى نامىنى (يوقاتماي)،*

*ئەجدادلىرىڭنىڭ ئورنىغا چۈشكەن (ھالاكەتنى) ئۇنتۇماي،*

*ئەردەك ئىش قىلىپسەن، ياخشىلىقىڭنى تولۇق بىلدىم.*

*كەمكۈتىسىز ئون ئىككى تۇمەن ياستۇق پۇل بېرەي.]*

*26*

*101) ئۇقتنا تۇرمىش بودۇنۇڭغا يولۇغ بولزۇن*

*102) ئۇتۇ تۇرۇپ سانجىبشىمشىڭغا تانۇق بولزۇن*

*103) ئون ئىكى تۇمەن ياستۇق بۇرۇن بەلگۇ بولزۇن*

*104) ئوباسى ابۇ ئوق ساقىنماغىل ئۇلۇغى اكنىن بولزۇن*

*[ئۇق ئالدىدا تۇرغان خەلقىڭگە قۇتقۇزۇش بولسۇن،*

*تاقابىل تۇرۇپ ئېلىشقىنىڭغا گۇۋاھ بولسۇن،*

*ئون ئىككى تۇمەن پۇل ئاۋۋال بەلگە بولۇپ تۇرسۇن،*

*ئىنئامى بولار دەپ ئويلاپ قالما، نۇرغۇنى كېيىن بولسۇن.]*

*105) يارلىقانچۇچى كۆڭۈللۈگ تەڭرىكەنىمىز مۇنتەگ سويۇر قادىپ*

*106) ياباقاماغ بەگ بەگتى بىرلە قوچوغا يانىپ*

*107) يادامىش ئۇيغۇر ئىلىڭە ياستۇق تاۋار بىردۇرۇپ*

*108) ياۋرىمىش ئۇلۇسىن يانا بۇنتەگ تۇرغۇزدى*

*[مېھرىبان كۆڭۈللۈك تەڭرىكەنىمىز مۇشۇنچىۋالا ئىنئامغا ئېرىشىپ،*

*ھەممە بەگ ئەمەلدارلىرى بىلەن قوچوغا يېتىپ،*

*يادىغان ئۇيغۇر خەلقىگە پۇل، تاۋارلارنى تارقاتقۇزۇپ،*

*ئاجىزلاپ كەتكەن دۆلىتىنى قايتا بۇرۇنقىدەك تۇرغۇزدى.]*

*36*

. . . . . .
148) ك. . . قۇتلۇق بىچىن يىلىن ئىدۇق-قۇت ئاتانىپ
[قۇتلۇق مايمۇن يىلى ئىدىقۇت ئاتالدى. ]
37
149) ئالقۇ ئۇيغۇر ئېلىن ئوزاقى ياڭچا باشلايۇ ئولۇردى
150) ئانتا باسا يانا
151) بۇياندۇ قاغانقا سويۇر قادىپ
152) ئالتۇن تامغا گاۋچاڭ ئوك ئات بىردۇرۇپ
153) ئاشنۇقى ئەسەسى بارچۇق ئارت ئىدۇق-قۇت-تەگ ئۆك
154) ئابامۇقا تەگى ئۇرۇغ ئۇرۇغلارىڭا ئۇلاغ قىلىپ
[پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىنى بۇرۇنقىدەك باشقۇرۇپ ئولتۇردى.
ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە
بۇياندۇ قاغان ھەدىيە قىلغان
ئالتۇن تامغا بىلەن گاۋچاڭ ۋاڭ دېگەن نامنى ئېلىپ،
بۇرۇنقى ئەجدادى بارچۇق ئارت تېگىندەكلا
مەڭگۈگە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۇلاشتۇردى. ]

2. قارۇناداس

قارۇناداس (خەنزۇچە يېزىلىشى: 迦鲁纳答思) — يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم بولۇپ، تۇغۇلغان يىلى ئېنىق ئەمەس، مىلادىيە 1311/2-يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ئۇيغۇر، سانسكرىت، خەنزۇ، موڭغۇل، تۈبۈت تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ھەم بۇددا نوم-سۇترالىرىنى مۇكەممەل بىلگەن، قۇبلايخاننىڭ تىلماچى سۈپىتىدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ئالاقىسىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ سىياسىي جەھەتتىمۇ پىشقان ئادەم بولۇپ، پادىشاھلارنىڭ ئەلنى ياخشى باشقۇرۇشى ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىپ، خەلق ئارىسىدىكى بىر قېتىملىق مالىمانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغان. قارۇناداس «ھىندىستان، تۈبۈت نوملىرى ھەققىدە» («西天, 西番经论») دېگەن كىتابنى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، پادىشاھقا تەقدىم قىلغان. پادىشاھ ئۇنى ئويما باسما خەت شەكلى بىلەن بېسىپ چىقىرىش توغرىسىدا يارلىق چىقارغان ھەم ھەر قايسى بەگ-تۆرىلەرنىڭ ئۆگىنىشىنى بەلگىلىگەن.

قارۇناداس يەنە شېئىرمۇ يازغان. ئۇنىڭ «ئۆتۈنچ دۇئاسى» نامىلىق17 مىسرالىق بىر شېئىرى خانبالىق (بېيجىڭ)تا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا 1302-يىلى يېزىلغان. ئۇنىڭ تېكىستى مۇنداق:

قاغان خانىمىزنىڭ ئاتقۇلايۇق ئۇق،
قاتۇنىنۇڭ ئالتۇن ئۇرۇغلارىنىڭ
ئادالىرى تۇدالىرى ئامرىلىپ ئۇزاق ياشاپ،
ئالىپ بولغۇلۇق بۇرخان قۇتىبىن بولماقلارى بولسۇن.
ئالقۇقاماغ تىنلىغ ئوغلانلارنى يىمە.
ئارىغ ئىدۇق ئۇنۇش يولغا يورىيۇ.
. . . . . . . .

قارۇناداسىنىڭ «مانجۇرىشىرىناماسامكىتى» نامىلىق بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەرنى تۈبۈت تىلىدىن كىم تەرىپىدىن، قايسى جايدا، قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى

ئىپادىلەيدىغان بىر پارچە باش قاپىيەلىك ئۇيغۇرچە شېئىرىدىمۇ ئۇنىڭ شېئىرىي قابىلىيىتى ئىپادىلەنگەن.

3. چىسۇن تۆتۈڭ

چىسۇن تۆتۈڭ (齐速牙都统، مىلادىيە 13—14 ـ ئەسىرلەر، ئىلگىرى چىسۇيا تۆتۈڭ دېيىلگەن ھەم شائىر قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەۋە دەپ ھېسابلانغان)نىڭ 15 كۇپلېت[①]، تۆت مىسرالىق بىر پارچە شېئىرى يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭغا «ياخشاماقلىق بۇدۇغى» (تەكەببۇرلۇق بويىقى) دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. ئۇنىڭ بىر كۇپلېتى مۇنداق يېزىلغان:

*ئۆڭ باشلاپ ئادقانغۇلارقا بىلىنگلەر قاچار،*
*ئۆكۈش قارائايىغ يوللۇغ ئۇرۇغۇغ ساچار.*
*ئۆگلۈك كىشى ئىستىم تۇتچى ياشماقسىز باچار،*
*ئۆشەلىكسىز يىگ نىرۋاننىڭ قاپاغىن ئاچار.*
*[ئالدى بىلەن ئازغاشقانلاردىن بىلىملەر قاچار،*
*كۆپلىگەن قارا، يامان يوللارنىڭ ئۇرۇقىنى چاچار.*
*ئەقىللىق كىشى ھەرۋاقىت يېڭىلمەسكە دىققەت قىلار،*
*مۇشۇنداق قىلىپ ئەڭ يۈكسەك نىرۋاننىڭ قاپىقىنى ئاچار.]*

چىسۇن تۆتۈڭ ئىمزاسىدىكى بېيجىڭدا يېزىلغان بۇ شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسى باش قاپىيەدە بولۇپ، بۇددىزمنىڭ پراجنا (Prajna) ئېقىمى ئىدىيەلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن[②].

4. شى لەنلەن باخشى

شى لەنلەن، شى لەنلەن خېنتىم (خەنزۇچە يېزىلىشى 舍兰兰巴哈什، 8 \1267—8 \1331) — يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر راھىبە. ئۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. شى لەنلەن ئۇنىڭ ئىسمى، «باخشى» ئۇستاز دېگەن مەنىدە بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكى ئايال ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلەپ قويۇپ قويغان نامىدىن ئىبارەت.

شى لەنلەن باخشى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا ئون نەچچە يىل كىرىپ ـ چىقالىغان، تۆت ئەۋلاد موڭغۇل خانى دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۈچ خانىش زامانىدا خىزمەت ئارتقۇزغان بولۇپ، ئابرويى يۇقىرى، ناھايىتى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن بىرىگە ئايلانغان. شۇڭا بەگ ـ تۆرىلەر ۋە ئايال ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھۆرمەتلەپ «باخشى» دەپ ئاتاشقان.

شى لەنلەن باخشى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان «ئامىتابا سۇتراسى» (华严经)، «بۇددا ۋاتاماساكا ھاخاۋاي پۇليا سۇترا»، «لىڭيەن سۇتراسى»، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ساددارما پۇنداريكا سۇترا»، «ئالتۇن يارۇق»، شۇنداقلا تۇبۇت تىلىدا يېزىلغان «پراجناغا ئوقۇلغان سەككىز مىڭ مەدھىيە» (般若八千颂)، «بەش مۇھاپىزەتلىك تارانى» قاتارلىق ئون پارچىدىن ئارتۇق بۇددا نوم ـ سۇترالىرىنى پۈتۈپ ئالتۇن ھەل بىلەن بېزەپ چىققان[③]. شى لەنلەن باخشى جۇڭگونىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان.

---

[①] ئىلگىرى 16 كۇپلېت دەپ قارالغان.

[②] چىسۇن تۆتۈڭنىڭ شېئىرلىرى دەسلەپ ر. ر. ئاراتنىڭ «ئەسكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان.

[③] ئۇ يەنە دادۇ (بېيجىڭ)دا مياۋشەن ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان، ۋۇتەيشەندىكى فۇمىڭ ئىبادەتخانىسىنى رېمونت قىلدۇرۇپ ياساتقۇزغان، بېيجىڭ شىشەندىكى لۇڭچۈەن ئىبادەتخانىسىنى قايتىدىن ياسىغان. ئۇ تىبەتتىكى ۋۇدا ئىبادەتخانىسى، قوچودىكى جەننەت ئىبادەتخانىسى، جىڭچېڭ (京城)دىكى ۋەنئەن ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلارغا نۇرغۇن ئىسرىقدان ياردەم قىلغان. ئۇ ئىبادەتخانا سېلىش، ئەسلىمىلەرنى ئۇيغۇش قاتارلىقلار ئۈچۈن نۇرغۇن ئاقچا سەرپ قىلغان. 1332 ـ يىلى نىرۋاناغا يەتكەن. ئۇ «ھەقىقىي پاك، مېھرىبان ئۇستاز» دېگەن شەرەپ نامىغا مۇيەسسەر بولغان. بۇ توغرۇلۇق ماتېرىياللارنى «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى»(«中国各民族宗教与神话大辞典»)؛ لى گوشاڭ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»(«维吾尔文学史»)؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى 2 ـ سان قاتارلىقلاردىن كۆرۈڭ.

5. سىلىغ تېگىن

سىلىغ[1] تېگىن ئۆز دەۋرىنىڭ راھىبەسى ۋە شائىرەسى. ئۇ قوچو ئۇيغۇر رايونىدا ياشىغان. ئەينى زاماندىن قالغان «يېتىكەن[2] سۇترا» ناملىق بىر نومنىڭ ئاخىرىدا «يەنە گۇي بۇرۇچلۇق» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىۋاتقان ئالتە كۇپلېتلىق بىر خاتىمە دۇئاسى بار بولۇپ، بۇ ئەسەردە سىلىغ تېگىننىڭ نامى ئۈچ يەردە كۆرۈلىدۇ. بۇ 1313 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئىلمىي خادىملار ئۇنى سىلىغ تېگىن يازغان ياكى يازدۇرغان دەپ تەكىتلەشمەكتە. بۇ شېئىردا شۇ دەۋرنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزىنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىنى زامانىنىڭ خانلىرىغا، بارلىق جانلىقلارغا بېغىشلاش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئاغرىق ـ سىلاقتىن قۇتۇلۇش ۋە «قايتا تۇغۇلۇش» ۋاقتىدا يەنە قىز بولۇپ تۇغۇلۇپ قالماسلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇلار تۆتلۈك، بەشلىك، ئالتىلىك مىسرالار بويىچە ئەركىن يېزىلغان، شۇنداقلا تولاراق باش تەرىپى قاپىيەلەشتۈرۈلگەن[3].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تەرجىمانلاردىن ئەنساڭ (زاياداس)، پراجناشىرى قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھەم شېئىرلار يازغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلىرىدىن بىر قىسمى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن[4].

## 4. ئۇيغۇر بۇددىزم يادىكارلىقلىرى

چىڭگىزخان زامانىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوچو ۋە بېيجىڭ (تايدۇ)دا بۇددىزم مەزمۇنىدىكى بىر قاتار ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئىشلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزۈكچىلىك ھالىتىگە ئۆتۈپ قالماسلىقى ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. بۇ ئەسەرلەرنى مۇنداق تۈرلەر بويىچە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1. بۇددىزم مەزمۇنىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەر

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار تەتقىقاتىدا ھازىرغىچە ئىگە بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نوملىرى ھىندى (سانسكرىت، ئەنەتكەك)، توخرى تىلىA، توخرى تىلىB، تۈبۈت تىلى، خەنزۇ تىلى قاتارلىقلاردىن تەرجىمە قىلىنغاندىن باشقا، سوغدى تىلىدىنمۇ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغانلىقى مەلۇم. تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرى تۈرى ۋە سانى جەھەتتىن ناھايىتى مول بولۇپ، گەرچە «گادىنچۇر نومى» (ياكى «تىرى پىتاكا»، خەنزۇچە «大藏经» ياكى «三藏»)نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئەمما ماھايانا ۋە ھىنايانا مەزھىپىنىڭ مۇھىم نوملىرىنىڭ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇددا نوملىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بېسىپ تارقىتىلغانلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ھازىرغىچە تەرجىمە قىلغۇچىسى ئېنىقلانغان ۋە ئىلىم ساھەسىدە بىرقەدەر نوپۇزلۇقراق نۇسخىلىرى بىلەن مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

---

[1] بەزى مەنبەلەردە «سىلىلىغ» دەپ ئېلىنغان.

[2] يېتىكەن — يەتتە تىكەن دېگەن مەنىدە.

[3] چەت ئەللەردە بۇ توغرۇلۇق تەتقىقاتلار ئېلان قىلىنغان. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ق. بارات «قەدىمكى ئۇيغۇر راھىبەسى سىلىغ تېگىن» دېگەن تېمىدا تەتقىقات ماقالىسىنى يېزىپ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1983 ـ يىلى 4 ـ سانىدا ئېلان قىلدى.

[4] ئابدۇرېشىت ياقۇپ: «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددىزم يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998 ـ يىلى 3 ـ سان؛ ياڭ فۇشۆ: «يۈز يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا نەزەر»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 2000 ـ يىلى 4 ـ سان، ئۈرۈمچى.

1) «سامانتا بادراچاريا پرانيدا»: جەمئىي 40 جىلدلىق بۇ ئەسەرنى يەشبالىقلىق ئەنساك (زاياداس) خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

2) «مانجۇرىشىرىناماسامكىتى»: بۇ ئەسەرنى قارۇناداس توبوت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئەسەر تۇرپاندىن بايقالغان.

3) «ۋىنايا ۋىنىسچايا ئۇپالى پارىپرىچچا سۇترا»: بۇ ئەسەر پراتياشىرى (پراتىناشىرى دەپمۇ ئېلىنغان، ئەسلىپكى ئىسمى چىراۋامىندىل) تەرىپىدىن سانسكرىت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

4) «ئاگاما سۇتۇر»: مەزكۇر ئەسەر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ھەربىر قۇردا ئەينى مەزمۇن ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا تەك بېرىلگەن. شۇڭا ئۇنى بىر خىل سۆزمۇ سۆز قىلىنغان قوش تىللىق تەرجىمە دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمانى ئېنىق ئەمەس.

5) «مەرسىيە»: بۇ ئەسەر دەسلەپ قۇمۇللۇق ئاريا ئاچاريە ۋە ستونپا باخشى ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. كېيىن لۈكچۈنلۈك ئۈچ سارىغ تۇتۇڭ 1350 ـ يىلى قايتا كۆچۈرۈپ چىققان.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان بەش پارچە يادىكارلىق يەن سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىلا بولۇپ، ئۇلارنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىش ئۈرۈن سەھىپە تەلەپ قىلىدۇ. مۇلاھىزىلەر ۋە تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەشھۇر تەرجىمان ئەنساڭ(زاياداس) «قۇتقۇزغۇچى ئىلاھىي بۇرخان ئانىغا بېغىشلانغان 21 خىل مەدھىيە نومى»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. توبوت تىلىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان باشقا ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك يەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق بولۇپ، «راجاۋاداكا سۇترا»، «تارا تېكىستلىرى»، «سىتاتا پاترادارانى»، «ئۇسنىۋا ۋىجايا دارانى» قاتارلىقلار بولار ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، خەنزۇ تىلى ۋە سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان يادىكارلىقلارنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەيلى ھەجىم جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى بىباھا گۆھەر ھېسابلىنىدۇ.

2. ئۆزلەشتۈرمە ئەسەرلەر

باشقا تىللاردىكى بۇددا نوملىرى ۋە بۇددىزم يادىكارلىقلىرىنى ئۈرنەك قىلىپ تۇرۇپ، ژانىرى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن ئەسەرلەرمۇ يەن دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم يادىكارلىقلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

1) نەسرىي شەكىلدىن شېئىرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇلۇپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئەسەرلەر

بىر قىسىم نەسرىي شەكىلدىكى بۇددا نوملىرى ۋە بۇددىزم يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، نەسرىي شەكىل بىلەن سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىنماستىن، شېئىرىي شەكىلدە، مەزمۇننى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. بۇلار ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) «گۇەنئۇليانشۇ ۋۇچىڭ»؛ (2) «ئاۋدانا سۇتۇر»، بۇلارنى توكەل تۆمۈر تۇتۇڭ يازغان.

2) نەسرىي شەكىلدە ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن ئەسەرلەر

بۇ تىپتىكى ئەسەرلەر ئومۇمەن باشقا بىر تىلدىكى ئەسەرنى ئۆز ژانىرىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ئىبزاھ ۋە باشقا مەزمۇنلارنى قوشۇپ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. بۇنداق ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان مۇنداق ئىككى ئەسەر بار:

(1) «ئابىدارما نىيايا نوسارا شاستىرا»؛ (2) «سەككىز يۈكمەك يارۇق»

3. ئىجادىي ئەسەرلەر

يۇەن دەۋرىگە تەئەللۇق بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئىجادىي ئەسەرلەرنى مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) بۇددىزمنى شەرھلەشكە بېغىشلانغان ئەسەرلەر

بۇنىڭغا ۋاپشى باخشىنىڭ «كۆڭۈل تۈزىن ئوقۇتتاچى نوم» («شىن تۈزىن ئوقۇتداچى نوم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق ئەسىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەر 31 بەت، 404 قۇر بولۇپ، تولۇق ساقلىنىپ قالغان.

2) بۇددىزم مەزمۇنىدىكى شېئىرلار

بۇ خىل مەزمۇندىكى شېئىرلارغا چىسۇن تۇتۇڭ، ئەنساڭ (زاياداس) قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى مىسال بولىدۇ.

3) سالام خەتلەر

ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىي تۇرمۇشىدا سالام خەتلەر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن. جۇملىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بىر بۆلۈك سالام خەتلەر چەت ئەل ئالىملىرىنى خېلى بۇرۇنلا قىزىقتۇرغان[①]. بۇ خىل سالام خەتلەرنىڭ ئۆلگىلىرىدىن بەزىلىرى يۇەن سۇلالىسى زامانىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىكى بۇددىستلار ئۆزئارا قويۇق ئالاقىدە بولۇشقان ۋە نۇرغۇن سالام خەتلەرنى يېزىشقان. بەزى كىشىلەر يىراقتىكى قېرىنداشلىرى ۋە يار-بۇرادەرلىرىنى ياد ئېتىپ مەكتۇپلار يوللاشقان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى ئوبرازلىق تىل، ئۆزگىچە خاس شەكىللەر بىلەن پۈتۈلگەن بولۇپ، ئەينى دەۋر ئاۋام خەلقىنىڭ (ئەلۋەتتە كۆپىنچىسى يەنىلا ساۋاتلىق كىشىلەر ۋە زىيالىيلار تەرىپىدىن يېزىپ بېرىلگەن) ئەدەبىي ساپاسى ۋە تىل ئادىتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا يۇقىرى ئەدەبىي ماھارەت بىلەن شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان. ئەينى زاماندىن قالغان سالام خەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھقىقلەشلەردىن قارىغاندا، ئۇلار ئۈچ خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان: مەقسەتنى بىۋاسىتە يېزىش؛ دىنىي مەزمۇندا باشلاش، ئاندىن مەقسەتكە ئۆتۈش؛ شېئىر بىلەن نەسرنى تەڭ قوللىنىپ يېزىش.

سالام خەتلەرنىڭ تىلى ئاددىي بولۇپ، جانلىق تىلغا يېقىن. سالام خەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى مەلۇم دەرىجىدە تۇراقلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان. مۇقەددىمە قىسمىدا خەت يېزىلغان ۋاقىت، كىمگە قارىتىلغانلىقى، كىم يازغانلىقى كۆرسىتىلگەن. مۇقەددىمە ئاخىرىدا بىر قىسىم تۇراقلىق ئىبارىلەر قوللىنىلغان. سالام خەتلەرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئاساسىي مەقسەت بەزىدە قىسقا، بەزىدە تەپسىلىي ئېيتىلىدۇ. يەكۈنلىگۈچى قىسىم سالام خەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا باغلىق بولغان. ئەگەر خەت رەنجىش، تەنبىھ مەزمۇنىدا بولسا، ئۇنىڭ ئالاھىدە يەكۈنلىگۈچى قىسمى بولمىغان. دوستانە ياكى ئادەتتىكى بىر ئاخبارات مەزمۇنىدىكى خەتلەر ئاخىرىدا ئوخشاشلا بىر قىسىم تۇراقلىق ئىبارىلەر بىلەن ئاياغلاشقان[②].

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ۋە پۈتۈنلەي شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان سالام خەت ئىچىدە يۇەن سۇلالىسىنىڭ يۇننەنگە ئەۋەتىلگەن تىنچىتقۇچى قوشۇنلار سەركەردىسى يول تۆمۈر يوچىڭنىڭ

---

[①] تۇرپاندىن تېپىلغان سالام خەتلەرنى دەسلەپ ۋ. ۋ. رادلوف 1918-يىلى نەشرگە تەييارلىغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە سالام خەتلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا. ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى نەشر قىلىنغان. 1971-يىلى سالام خەتلەرنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى سېمىخ تېزجان بىلەن پېتېر زىمې ئېلان قىلغان.

[②] رۇسلان ئىرزىيېف: «ئۇيغۇر تىلى»، 48-، 29-بەتلەر، ئالمۇتا «مەكتەپ» نەشرىياتى 2006-يىلى نەشرى.

ئايالى يازغان شېئىرىي سالام خەت مۇشۇ تىپتىكى ئەسەرلەر ئىچىدە يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ۋە تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە ئەسەردۇر[1]. 80 قۇردىن ئىبارەت بولغان مەزكۇر سالام خەتنى ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. دەسلەپكى قىسمى 45 قۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا بۇددانى تەرىپلەش ۋە مەدھىيەلەش ئورۇن ئالغان. كېيىنكى قىسىمدىكى 35 قۇردا بىر ھەربىي ئۇيغۇر ئەمەلدارنىڭ ئايالىنىڭ ئېرىنى قۇنشايىم بۇدساتۋانىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئامان ـ ئېسەن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە نېسىپ قىلىشىغا بولغان تىلىكى بايان قىلىنغان. دېمەك، بۇ، بىر ئۇيغۇر ئايالىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلەر بىلەن يىراق يەرلەرگە كەتكەن ئېرىنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىشىنى قۇنشايىم بۇدساتۋادىن تىلەپ يازغان سالام خېتىدۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر بۇددىزم مەزمۇنىدىكى يادىكارلىقلار نوقۇل دىنىي مەزمۇن تۇسىنى ئالغان ئەسەرلەر بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى قىممىتىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى. شۇڭا ئۇلارنى ئەدەبىيات تارىخىدا سۆزلەشنىڭ مۇئەييەن رولى بار.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. لياۋ، يۈەن سۇلالىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى[1] ۋە تەرەققىياتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوينىغان رولى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

2. شياۋ گۈەنيىن، شياۋ سېسى، گۇەن يۈنشى قايا، سادۇلا، مازۇچاڭ، گاۋ كېگوڭ، نەيشيەن قاتارلىقلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ.

3. تاتاتوڭا، چوسكىخودزىر، ئارغۇن شەلى قاتارلىقلار كىم؟

4. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەربابلىرىدىن يەنە كىملەرنى بىلىسىز؟

5. بەزى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى نېمە ئۈچۈن لياۋ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە خەنزۇ تىلىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان؟

6. خەنزۇ تىلىدا ئەدەبىي ئەسەر يازغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى بايان قىلىڭ.

7. كى كى قۇرسا ئىچقىنۇ، قارۇناداس، چىسۇن تۇتۇڭ، سىتلىغ تېگىن قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

8. «ئىندىقۇت قوچو خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» قانداق ئەسەر؟

9. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر بۇددىزم يادىكارلىقلىرىدىن قايسىلىرىنى بىلىۋالدىڭىز؟ ئۇلاردا ئەدەبىي خۇسۇسىيەت قانداق ئىپادىلەنگەن؟

---

[1] بۇ سالام خەتنى ۋېنگرىيە شەرقشۇناسى جورجى خازاي 1971 ـ يىلى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ سالام خەت ھەققىدە گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس پېتېر زىمې 1972 ـ يىلى ، ياپونىيە شەرقشۇناسلىرىدىن ئودا يۇدېڭ 1984 ـ ، 1993 ـ يىللىرى، ماسارىئو شوگەيتۇ 1991 ـ يىلى ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. دۆلەت ئىچىدە سالام خەت دوكتور ئابدۇرېشىت ياقۇپنىڭ تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

# 4 ـ باب چاغاتاي ۋە تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## §1. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى

چاغاتاي خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايىنىڭ سۈيۈرغاللىقى ۋە ئۇنىڭ شۇ سۈيۈرغاللىقتا بەرپا قىلغان ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ زېمىنى ھازىرقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى ئىلى ۋە بورتالا رايونى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كاشغەر، خوتەن رايونى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەتتىسۇ ۋە ماۋرائۇننەھر رايونىغا توغرا كېلىدۇ. چاغاتاي سۈيۈرغاللىقى چىڭگىزخان سۈيۈرغال قىلىپ بەرگەن زېمىن ئىچىدە ئەڭ چوڭ سۈيۈرغاللىق بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالمالىق ئىدى.

چاغاتاي ئۇلۇسى مىلادىيە 1224 ـ يىلى چىڭگىزخان ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق زېمىنلارنى ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن. ئۇ 1348 ـ يىلىغىچە چاغاتاي خانلىقى نامىدا، 1348—1509 ـ يىلىغىچە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى نامىدا زىكىر قىلىنىدۇ. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى ئالمالىق[1] ئىدى. تېررىتورىيەسى ئىلى دەريا ۋادىسى، كاشغەر، ياركەند، تۇرپان، قۇمۇل ۋە بەشبالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[2]. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي تىلى ئىشلىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرمۇنچە ئەدىبلەر چاغاتاي تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان.

### مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات نامايەندىلىرى

بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بىر گۈللىنىش ھالىتىنى داۋام ئەتكۈزگەن.

چاغاتاي خانلىقى، جۈملىدىن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خانلىقلاردا ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي تىلى ھاكىمىيەت تىلى ۋە ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئالاقە تىلى قىلىنغان، شۇنداقلا موڭغۇل، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىمۇ ئىشلىتىلگەن. يېزىق بولسا ھەر خىل بولغان.

1. **«چىڭگىزخان قۇتادغۇ بىلىكى»**. بۇ چىڭگىزخان ئوردىسىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىدىغان قانۇن دەستۇرى بولۇپ، ئۇ «چىڭگىزخان ياسىقى»، «چىڭگىزخان كىتابى»، «بىلىك ياساق»، «ياساق» (جاساق) دەپ ئاتالغان. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى دانىشمەنلەر «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن ئىلھاملانغان. ئۇلار كونا ئۇيغۇر يېزىقىنى «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتىغاندىن باشقا، يەنە بۇ ئەسەر ئاساسىدا تۈزۈلگەن موڭغۇللارنىڭ قانۇنىنى «چىڭگىزخان قۇتادغۇ بىلىكى»[3] دەپ ئاتىغان.

2. **يۇسۇف سەككاكىي** (1160— 1228) — ئالمالىق شەھرىدە ياشىغان ئالىم ۋە

---

[1] ھازىرقى شىنجاڭ قورغاس ناھىيەسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە.

[2] «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» («شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان)، 298 ـ ، 299 ـ ، 303 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشرى.

[3] «چەت ئەل ئالىملىرى ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا»، 247 ـ ، 248 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، 1989 ـ يىلى بېسىلغان.

سىياسىيون بولۇپ، ئۇيغۇر دەپ قارىلىدۇ[1]. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى سىراجىدىن ئەبۇ ياقۇپ يۇسۇف ئىبىن ئەبۇ يۇسۇف ئەل خارەزمى سەككاكىي. ئۇ «مىفتائۇلئۇلۇم» (ياكى «مەتلىئىلئۇلۇم») ۋە «تەلخىس» ناملىق كىتابلارنى يازغان. يۇسۇف سەككاكىي يەنە شېئىرىيەت، ئىستىلىستىكا ۋە مۇقام ساھەسىدىمۇ مېھنەت قىلغان. «مىفتائۇلئۇلۇم» (1190 ـ يىلى) ئەرەب تىلىدا يېزىلغان، سەرف، پاساھەت، مۇسىقا (مۇزىكا)، پەلسەپە، ئاسترونومىيە قاتارلىق 12 ـ 13تۈرلۈك ئىلىم توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىنغان[2].

3. ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن— 13 — 14 ـ ئەسىردە كاشغەر شەھىرىدە ئۆتكەن كاتتا ئۆلىما، مۇسەننىف، جۈملىدىن شائىر. جەمال قارشى ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: ئۇستازىمىز مەۋلانا ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن ھەزرەتلىرى بولسا كاتتا، بۈيۈك ئىمام، كامالى پەزىلەتلىك، گۈزەل خۇلقلۇق، ئۇستۇن مەرتىۋە ئىگىسى، دىن، مىللەتنىڭ قۇياشى، ئىسلامىي شەرىئەتنىڭ پېشۋاسى، كۈچلۈك ئىقتىدارلىق كاتتا ئالىم، ئىلىم ـ مەرىپەتتە زامانداشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى، ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئالىم ـ ئۆلىمالار سورۇنلىرىغا ئالاھىدە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن تەكلىپ قىلىنغۇچى، چوڭ ـ كىچىك ئىلىم ـ مەرىپەت ئاشىنالىرى ئۈچۈن ئىشىكى ئوچۇق زات ئىدى... ئەڭ كاتتا مەرىپەت پېشۋاسى، ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ ياخشىسى (ھەم يولباشچىسى)، ئۆتكۈر پىكىرلىك مەۋلانا ئىمام، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى، ئۇلۇغلۇق ۋە ئۇستۇنلۇك بەيگىسىدە ئۇتۇپ چىققۇچى، پەتىۋا بەرگۈچى ـ ئالىملارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى، ئىمام ـ ئۆلىما ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇستازى، ئىلىم ساھەسىدىكى قىيىن ـ مۇشكۈل، ئىنچىكە مەسىلىلەرنىڭ سىرىنى ئاچقۇچى، ئىلمىي مەئانى ۋە ئىلمىي باياننىڭ چىگىش، ئۇقۇمسىز جايلىرىنى يېشىپ شەرھلەپ چىققۇچى، «ھىدايە» ناملىق كىتابنىڭ «نىھايە» ناملىق شەرھىنى يېزىپ چىققۇچى (مۇئەللىپى)، «دىراسەت» ۋە «دىرايەت» ناملىق ئىككى كىتابنىڭ مۇئەللىپى، قىلنى قىرىق يارىدىغان ئۆتكۈر تەھقىقشۇناس ئالىم، ئىلىم ـ مەرىپەت دېڭىزى، دىن ۋە مىللەتنىڭ زىننىتى، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىگە مۇۋاپىق بولغۇچى، بەرگەن پەتىۋاسىدىن شەرىئەت قازىلىرىمۇ پەخىرلەنگۈچى، شەرەپلىك ئالىم مەۋلانا ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن ھەزرەتلىرىدۇر. كاشغەر شەھىرى ئۇ زاتنى مۇبارەكنىڭ نامى بىلەن ئىسلام شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە تونۇلغان ئىدى. خۇسۇسەن كاشغەر شەھىرىنى ئىسلام ئەللىرىگە تونۇتقان زات ئىدى...

كاشغەر مەن ئۈچۈن ئالىم ـ ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان ناھايىتى ياخشى ئورۇن، مەن كاشغەرگە كەلگەن ۋاقتىمدا دۇنيا ئۆلىمالىرىنىڭ خوجىسى، ئۆتكۈر پىكىرلىك ئەللامە، ھەممە ئىلىملەردىن خەۋەردار ياخشى ئالىم، كاتتا ئۆلىما، تەسەۋۋۇپ ۋە ئەھلى سۈننىلەرنىڭ ئىمامى، ئىككى خىل ئېقىمدىكىلەرنىڭ پېشۋاسى، ئىككى تەرەپ (بۇخارا ۋە كاشغەر) ئۆلىمالىرىنىڭ سۇلتانى، دىن ۋە مىللەتنىڭ كامالىتى بولغان، شەيبانى شەھىرىدىن بولغان مۇزەپپەرنىڭ ئوغلى ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ زاتنى قانچە سۈپەتلىسەم سۈپەتلەشكە لايىق زات ئىدى. شۇنداقتىمۇ كۆپ سۈپەتلەشنى خوپ كۆرمىدىم. ئۇ كاتتا زات بولغاچقا، ئۇزاق سۆزلەشكە ۋە پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك سۈپەتلىرى بار ئىدى. مەن ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىنى قىلىش شان ـ شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم... ئۇ ئۇستاز مەن كاشغەرگە كېلىشتىن بۇرۇن بىر

---

[1] گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىدىن ئوچېرىكلار»، 121 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، خەنزۇچە.

[2] بۇ ئەسەردىن ئىككى بابنى داموللا ئابدۇۋەلى يۇسۇپ تەرجىمە قىلىپ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىلى 4 ـ سان، 1983 ـ يىللىق 3 ـ ساندا ئېلان قىلدۇرغان.

پارچە تۇپلام تۈزگەن ئىكەن. مەن كاشغەرگە كېلىپ، ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇ تۇپلىمىنى يەنە بىر نۇسخا يېزىپ چىقتى ۋە مېنىمۇ بۇ تۇپلامنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ چىقىشقا كۆرسەتمە بەردى. مېنىڭ ئۇ تۇپلامنى كۆچۈرۈش ۋەزىپەم تاماملانغاندا، مېنى ئۇ تۇپلامدىن بىر غەزەلنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن جاراڭلىق ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى.[1]

**4. جەمال قارشى** (1230—1315) — شائىر، تىلشۇناس ۋە تارىخشۇناس بولۇپ[2]، ئالمالىق شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1263 ـ يىللاردىن كېيىن كاشغەر شەھىرىدە ياشاپ، «مەدرىسەئى مەسئۇدىيە»نىڭ مۇدەررىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1282—1300 ـ يىللىرى كاشغەردىكى ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن 11 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم جەۋھەرى (ئىسمائىل ئىبنى ھىمادىل فارابى جەۋھەرى)نىڭ ئەرەبچە «سىھاھ» ناملىق تۆت توملۇق كىتابىنى تېپىپ، شۇ ئاساستا «سۇراھ» («مۇلھەقەتۇلسۇراھ» ياكى «سۇراھ مىنەل سىھاھ») ناملىق كىتابىنى ئىخچاملاپ يېزىپ چىققان. بۇ كىتابتا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن قاراخانىيلارغا دائىر ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرمۇ بايان قىلىنغان. جەمال قارشى يەنە شېئىر يېزىشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن بولغان. بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: (ئۇستاز) ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن مېنى شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇيرىدى. ئۇ ماڭا: سېنىڭ ناھايىتى يېقىملىق، گۈزەل، لىرىك شېئىرلىرىڭنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم، شۇڭا شېئىرىيەت دېڭىزىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆككەيسەن، شېئىرىيەت دېڭىزىدىن ئۈنچە ـ مارجان، جاۋاھىرلارنى سۈزگەيسەن دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن شېئىر يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم. بەزى چاغلاردا مەن ياخشى يېزىلغان شېئىرلىرىمنى ئۇستاز مەۋلانا رەھمەتۇللاغا ئوقۇپ بېرەتتىم. ئۇ ماڭا: ئۆزۈڭگە ياقىدىغان شېئىرنى ئەمەس، ماڭا ياقىدىغان شېئىرنى ئوقۇپ بەرگىن دەيتتى. ئاخىرىدا مېنىڭ يازغان شېئىرلىرىمنىڭ تۈزىتىشكە تېگىشلىك جايلىرىغا تۈزىتىش بېرەتتى[3].

**5. پالۋان مۇھەممەد** (1247—1326) — خارەزمنىڭ كونا ئۈرگەنچ شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ شائىر، پەيلاسوپ ۋە پالۋان كىشى ئىدى. پالۋان مۇھەممەد پارس تىلى بىلەن مەسنەۋى ۋە رۇبائىي ژانىرىدا گۈزەل ھەم چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى يازغان[4].

**6. ئىبنى مۇھەممەد كاشغەرىي** — كاشغەردە تۇغۇلۇپ، مىسىردا ياشىغان ئالىم. ئۇ مىسىر «باي بارسىيە» خانىقاسىنىڭ شەيخى بولغان ۋە 1363 ـ يىلى «تاجۇلسە ئادەت ۋە ئەنۋانۇلسىيادەت» (سائادەت تاجلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئۇنۋانلىرى) ناملىق بىر كىتاب يازغان[5].

**7. ئابدۇرېھىم ھاپىز** — 14—15 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان شائىر. ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «دىۋانى ھاپىز تۈركىي» ناملىق تۇپلىمى يېتىپ كەلگەن. ئۇ لىرىك شېئىرلاردىن جەملەنگەن.

**8. مۇھەممەد خارەزمى** — ئالتۇن ئوردا خانلىقى (قىپچاق خانلىقى ?1242—1480 ـ يىللار)

---

[1] جەمال قارشى: «سۇراھ لۇغىتى»گە تولۇقلىما»، خۇاتاۋ: «8—10 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىغا قىلىنغان قوشۇمچە، 529 ـ، 530 ـ، 531 ـ، 523 ـ، 524 ـ بەتلەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى.

[2] جەمال قارشى ئىلىم ساھەسىدە ئۇيغۇر دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھەقتە گېلىڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىدىن ئۈچىرىكلار» ناملىق كىتابىنىڭ 121 ـ بېتىگە قاراڭ.

[3] جەمال قارشى: «سۇراھ لۇغىتى»گە تولۇقلىما»، خۇاتاۋ»: 8—10 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىغا قىلىنغان قوشۇمچە، 528 ـ، 529 ـ بەتلەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى.

[4] ق. ئەكبەر: «ھەم شائىر، ھەم پالۋان»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى 1995 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى سانى؛ پالۋان مۇھەممەد: «رۇبائىيلار»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1997 ـ يىلى 1 ـ سان.

[5] م. شاكىر ئۆلكۈتاشىر: «مەھمۇد كاشغەرىي»، 45 ـ بەت، تۇرسۇنئاي ساقىم تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە» (1353-يىلى) ناملىق ئەسىرى بار. «مۇھەببەتنامە» 11 قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 4-، 8-، 11- قىسىملىرىغا پارسچە مىسرالار ئارىلاشقان، قالغانلىرى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان[①].

9. سەيفى سارايى—13-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىداساراي شەھىرىدە ياشىغان شائىر ۋە تەرجىمان بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى مىسىردا ئۆتكۈزگەن. شائىرنىڭ «سۇھەيل ۋە گۈلدۇرسۇن» ناملىق داستانى، «گۈلىستان بىت تۈركىي»، «سىدبادنامە» (سەئىد مالىك قەزۋىنىنىڭ ئەسىرى) ناملىق تەرجىمە ئەسەرلىرى بار.

10. قۇتىب—ئالتۇن ئوردا خانلىقى زامانىسىدا ياشىغان شائىر. ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» ناملىق داستانى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

بۇ دەۋردە ھېسامىدىن ئىبنى ئاسىم ئەل بارچىنلىقى، ھەيۋەت ئالا، ئەھمەد بىن ئويىيۇب ئەل بالاساغۇنى، ئەييۇب بىننى ئەھمەد بالاساغۇنى، سىدى ئەھمەد («تەئەششۇقنامە»نىڭ ئاپتورى)، ئەلىي (13-ئەسىر، «قىسسەئى يۇسۇف»نىڭ ئاپتورى)، دۇربېك (14-ئەسىر، «يۇسۇف-زۇلەيخا»نىڭ ئاپتورى) قاتارلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى ياشىغان.

«قۇرئان كەرىم» 12—14-ئەسىرلەر ئىچىدە 5-6 قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

## §2. تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈر 1363-يىلى ئۆلگەن. چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلاس قەبىلىسىدىن تۆمۈرلەڭ (ئاقساق تۆمۈر، 1336-يىلى تۇغۇلغان) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. 1370-يىلى سەمەرقەندنى بېسىۋالغان. ئارقىدىنلا يەنە پۈتۈن ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئىشغال قىلغان. تۆمۈرلەڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، تۆمۈرىيلەر خانلىقى ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلغان[②]. بۇ خانلىق مىلادىيە 1507-(ياكى 1509-) يىلىغىچە مەۋجۇت بولغان.

ئەمىر تۆمۈر ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆز ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان. نەتىجە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدەك بولغان. ئەمىر تۆمۈر 1405-يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئارىسىدا ئۆتكۈر نىزالار يۈز بېرىپ تۇرغان، دۆلەت پارچىلانغان، بەزىدە قاراقۇرساق، مۇستەبىت فېئودال پادىشاھلار ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققان بولسىمۇ، ئەمما يەنە بەزى مەرىپەتپەرۋەر خانلارمۇ ھاكىمىيەت سورىغان. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر پۈتۈن تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدە ئەدەبىيات ئالاھىدە يۈكسەلگەن. بۇ ئىشتا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بىر ئۈلۈش ھەسسىسى بار بولغان.

تۆمۈرىيلەر ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراسان رايونىنى مەركىزىي ئۆلكە قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن بىر تۈركۈم ئاھالە ئەينى زاماندا ئاشۇ رايونلاردا ياشىغان ۋە تۆمۈرىيلەر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە

---

① مۇھەممەد خارەزمى: «مۇھەببەتنامە» (ئا. مۇھەممەتئېمىن تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1986-يىللىق ئومۇمىي 19-سانى.

② «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، 303-، 304-بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992-يىلى نەشرى.

ئېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشقان.

تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى قاراخانىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى، بەزىلىرى چىڭگىزخان ۋە چاغاتاي خانلىقى مەزگىلىدە شىنجاڭدىن بارغانلار، يەنە بەزىلىرى تۆمۈرلەڭ ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە شىنجاڭدىن كۆچۈرۈلگەن ۋە كۆچكەنلەر بولۇپ، بىرقانچە قاتلامنى تەشكىل قىلغان.

تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى چاغاتاي مەدەنىيىتىنى بەلگە قىلغان، تۈركىي مەدەنىيىتى بىلەن پارس مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان، يەنە ئەرەب مەدەنىيىتىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تۇتقان ئورنى چوڭ بولغان. ئۇز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسلىقى مۇنداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

بىرىنچى، تىل. تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت تىلىنىڭ ۋە ئەينى زامانىدىكى ئەدەبىي تىلىنىڭ بىرى چاغاتاي تىلى بولۇپ، ئۇ پارس-تاجىك تىلى بىلەن پاراللېل ھالدا ئىشلىتىلگەن. چاغاتاي تىلىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكى ئىلىم ساھەسىدە ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلانغان.

ئىككىنچى، يېزىق. بۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە چاغاتاي يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار ئاساسلىق يېزىق سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

ئۈچىنچى، فارابى، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈف خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىق ئالىملار ۋە ئەدىبلەرنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىدىيەلىرى بۇ دەۋردىكى پەلسەپىۋى قاراش ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيەلەرگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان. يەنە كاشغەرلىك ئەبۇ ئابدۇللا ھۈسەيىن، سۇلتان مالىك كاشغەرىي، سەئىدىددىن كاشغەرىي قاتارلىق ئۆز زامانىسىنىڭ ئالىم، مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ تەسىرى خېلى چوڭ بولغان.

دېمەك، كۆپ مىللەتلىك ۋە كۆپ مەنبەلىك تۆمۈرىيلەر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئۈلۈش ئورنى بولغان ۋە بۇ خىل مەدەنىيەت ئادەتتىكى ئورۇندا ئەمەس، بەلكى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان.

## 1. تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنى

قەدىمكى شەھەر سەمەرقەند ۋە ھىراتنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات-سەنئىتى بۇرۇندىنلا ئۆزىنىڭ يەرلىك، مىللىي ئەنئەنە بازىسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئەينى چاغدا سەمەرقەند، ھىرات ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشىغان باشقا يۇرتلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىسى دەسلەپ ئەرەبچىلەشتۈرۈۋېتىلگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پارسچىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ بىر خىل تۇراقلاشقان پىسخىكىسىنىڭ تۈرتكىسىدە پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىش مۇمكىن بولمىغان. شۇنداق بىر شارائىتتا 16-ئەسىردىن باشلاپ ھەرخىل مىللىي تەركىبلەردىكى ئاھالىلەردىن قايتا تەشكىل تاپقان ھىرات (جۈملىدىن سەمەرقەند)نىڭ يېڭىشەھەر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشىدا ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى ۋە ئۆلىما-زىيالىيلىرىنىڭ مۇناسىپ تۆھپىسى بولغان. جۈملىدىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەسىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ھىرات، سەمەرقەند ھەم بۇ شەھەرلەرنى مەدەنىيەت چەمبىرىكى قىلغان رايونلاردىكى كۆپچىلىك ئۆلىما-زىيالىيلارنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان ۋاسىتىسىگە ئايلانغان. ئۇيغۇرلار مۇشۇ تىل-يېزىقنى ئىشلىتىپ قالماي، باشقا خەلقلەرنىڭ ئايرىم كىشىلىرى، ھەتتا ھاكىمىيەت ئورنىدا تۇرغان خان-ۋەزىر ۋە باشقا ئەمەلدارلارمۇ قوللانغان.

ئەلىشىر نەۋايى تۈركىي (ياكى ئۇيغۇر) تىلىدا شېئىر يازغان ھەرەمى، قەلەندەر، كامالى،

لەتىفى، پالۋان مۇھەممەد، ھۈسەيىنى، مەۋلانا ھىلال، مىرسەئىد، مۇھەممەد ئىلى، مىرزا بەگ، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئۇستازى، شائىر ۋە ئالىم سەئىد ھۈسەيىن ئەردەشىر، مەۋلانا ئاشىقى، شەرفى، گادائى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ، شېئىرلىرىدىن ئۈرنەكلەر بەرگەن. ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى شۇنىڭدىن ھەم كۆرۈشكە بولىدۇكى، تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى ئابابەكرى مىرزا، سۇلتان خەلىل مىرزا، ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، ھۈسەيىن بايقارا، شاھ غەرب قاتارلىقلار تۈركىي تىلدا شېئىر يېزىشنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىمۇ تۈركىي تىلدا شېئىر يازغان. مەشھۇر خاقان ھۈسەيىن بايقارا ئەينى زاماندا تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ بايراقدارلىرىدىن بىرى بولۇپ، «ھۈسەينى» تەخەللۇسىدا شېئىر يازغان ھەم مەخسۇس شېئىرىي دىۋانى بولغان.

**2. ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرى**

1. **سەئىدىددىن كاشغەرىي** — سەئىدىددىن كاشغەرىي (1377—1456) كاشغەردە تۇغۇلغان. تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدە ماۋرا ئۇننەھر ۋە خۇراسان رايونىدا پائالىيەت قىلغان. بۇخارا مەدرىسەسىدە ئوقۇغان ۋە تەسەۋۋۇپنىڭ چوڭ ئۆلىماسى بولۇپ يېتىشكەن، ھەتتا مۇدەررىس بولغان. بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان. مەشھۇر شائىر ئابدۇراخمان جامىغا ئۇستاز بولغان. ئەلىشىر نەۋايىمۇ ئۇنى ئۇستازىم دەپ ئىپتىخارلانغان.[①]

2. **سۇلتان مالىك كاشغەرىي** — سۇلتان مالىك كاشغەرىي تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ئۆتكەن ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭدىشى يوق ئۆلىماسى. ھىرات ۋە سەمەرقەندكە ھاكىم بولغان شائىر ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ دادىسى.

3. **ئەھمەد ھاجىبەگ** — ئەھمەد ھاجىبەگ تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، مۇزىكانت، قابىل ئەمەلدار. سۇلتان مالىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى. ھىرات ۋە سەمەرقەندكە بىر مەزگىل ھاكىم بولغان ھەم سەمەرقەندتە ئەلىشىر نەۋايىغا ئاتىدارچىلىق قىلغان. «ۋەفائى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىرلار يازغان ھەم شېئىرىي دىۋانى بار بولغان. ئۇ شېئىرلارنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە پارس ـ تاجىك تىلىدا يازغان. «12 مۇقام»غا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. «ۋەفائى» تەخەللۇسلۇق شائىر مۇشۇ ئادەم بولسا كېرەك دېگەن قاراش تارقالغان.

4. **شاھ قۇلى ئۇيغۇر** — شاھ قۇلى ئۇيغۇر تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى، مەلۇم ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ مىرزىسى. نەۋايى «مەجالىسۇننەفائىس»تا ئۇنىڭ پارسچە شېئىرلىرىدىن پارچە بەرگەن.

5. **غىياسىددىن باخشى** — غىياسىددىن باخشى غىياسىددىن كىچىك، كىچىككىنە باخشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خۇراساندا ياشىغان، شىنجاڭلىق ئۇيغۇر دېگەن قاراشمۇ بار. خۇراسان ھۆكۈمدارىنىڭ ئۇيغۇر، ئەرەب تىل ـ يېزىقى بويىچە كاتىباتلىق خىزمىتىنى بېجىرگەن. بىر مەزگىل سەبزىۋار شەھىرىگە ھاكىم بولغان، ئىلمىي ئىجادىيەت، شېئىرىيەتكە قىزىققان. بەزىلەر «تارىخى خانى» ناملىق ئەسەرنى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى بىلەن مۇشۇ كىشى يازغان دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۇلۇغ شائىر نەۋايىنىڭ دادىسى ئىدى.

6. **مىرسەئىد كابۇلى، مۇھەممەد ئەلى غەرىب** — مىرسەئىد كابۇلى ۋە مۇھەممەد ئەلى غەرىبلەر نەۋايىنىڭ تاغىلىرى بولۇپ، ئۇلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازغان.

---

① غ. ئوسمان: «سەئىدىددىن مۇھەممەد كاشغەرىي»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2010 ـ يىلى 2 ـ سان.

### 3. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىياتنىڭ بەزى نامايەندىلىرى

1. **مۇھەممەد بابۇر**— بابۇرنىڭ تولۇق ئىسمى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483—1530)، ئاتا تەرەپتىن ئەمىر تۆمۈر، ئانا تەرەپتىن چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادىدۇر. ھىندىستاندىكى «بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيەسى»(1526—1761)نىڭ ئاساسىنى سالغۇچى. ئۇ مەشھۇر ھۆكۈمدار ۋە شائىر. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن «بابۇرنامە»، «مۇبەييان»، «دىۋان» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازغان، «خەتتى بابۇرىي» ناملىق ئېلىپبە كىتابىنى تۈزگەن.

2. **يۇسۇف ئەمىرى**— 15-ئەسىردە ماۋرائۇننەھردە ياشىغان شائىر. ئۇ شېئىرلارنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس، بەلكى تاجىك-پارس تىلىدىمۇ يازغان. شائىرنىڭ «دىۋان ئەمىرى»، «دەھنامە»، «بەڭ ۋە چاغىر» (نەشە بىلەن مەي مۇنازىرىسى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. «بەڭ بىلەن چاغىر» بولسا يۇسۇف ئەمىرىنىڭ مۇنازىرە ژانىرىغا تەئەللۇق ئەسىرى. ئۇ نەسر، نەزم ئارىلاش يېزىلغان. بىر قىسىم نەزملەرنىڭ بەزى مىسرالىرى پارسچە يېزىلغاندىن سىرت، قالغانلىرى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادە قىلىنغان.

شائىر بۇ داستاندا مەي بىلەن نەشىنى ئۆزئارا مۇنازىرىگە سېلىش ئارقىلىق، بىرقاتار ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن، ئاخىر مەينى غالىب ئورۇنغا چىقارغان ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلىك توقۇنۇشنى پەسكويغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلماقچى بولغان. بۇ داستان مەسەل خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قويۇق ئىجتىمائىي تۈسكە ئىگە. شائىر بۇ ئەسىرى ئارقىلىق، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئايرىم تەرىپىنى كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولغان، ئۆتكۈر زىددىيەت بىلەن تولغان جەمئىيەتنى تۈزەشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«دەھنامە» داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆھبەتداشلارنىڭ ئۆزئارا سۆھبىتى ئارقىلىق مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. داستاندا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بىرمۇنچە مەسىلىلەر، بولۇپمۇ چىن مۇھەببەت، ۋاپا، ساداقەتمەنلىك قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان.

3. **يەقىنى**— 15-ئەسىردە ماۋرائۇننەھردە (؟) ياشىغان تۈركىي تىللىق شائىر، ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. «ئوق ۋە يا» ناملىق مۇنازىرە خاراكتېرلىك داستانىنىڭ ئاپتورى. «ئوق ۋە يا» چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، پارسچە شېئىرلارمۇ قىستۇرۇلغان. شائىر بۇ داستاندا ئوق بىلەن يانى ئۆزئارا مۇنازىرىلەشتۈرۈپ، ئۇلار ئارىسىدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان زىددىيەتنى ئېچىپ كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى تەسۋىرلىگەن. ئاخىر ئوقنى غالىب ئورۇنغا چىقارغان.

4. **ئەھمەدى**— 15-ئەسىرلەردە ياشىغان شائىر، «سازلار مۇنازىرىسى» ناملىق مۇنازىرە خاراكتېرلىك داستانىنىڭ ئاپتورى. «سازلار مۇنازىرىسى»دە، شائىر تەمبۇر، ئۇد، چاڭ، قوبۇز، راۋاب قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنى ئۆزئارا مۇنازىرىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان تۈرلۈك سىنىپ، تەبىقىلەرنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان كۆزقاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، مىجەز-خۇلقىنى سۈرەتلىگەن، ئاخىرىدا يورۇقلۇقنىڭ زۇلمەتنى قوغلىغانلىقىغا تەنتەنە قىلغان.

5. **مەجلىسى**— 15—16-ئەسىرلەردە ياشىغان شائىر. مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئەسلى خارەزملىك بولۇپ، كېيىن بۇخارادا ياشىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. شائىرنىڭ «سەيفۇل مەلىك ۋە بەدىئۇل جامال» ناملىق داستانى بار. بۇ داستاندا مىسىر پادشاھى ئاسىمنىڭ ئارزۇلۇق شاھزادىسى سەيفۇل مەلىك بىلەن سەرەندىل پادشاھى بەدىئۇل مەلىكنىڭ قىزى بەدىئۇل جامالنىڭ ئىشق-مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى تەسىرلىك يوسۇندا تەسۋىرلەنگەن. داستاندا سەيفۇل مەلىك ئوبرازى كەڭ مۇھىت ئىچىگە قويۇپ ئىپادە قىلىنغان. ئۇ قارىماققا نوقۇل ئاشىق، ئىشق-ھەۋەستىن باشقىنى

ئويلمايدىغان يىگىتتەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى، سۆز ـ ھەرىكىتى ۋە قىياپەتلىرى ئەخلاق جەھەتتە ئىنتايىن كامالەتكە يەتكەن، شىجائەت يېقىدىن قەيسەرلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ۋاپادار، راستچىل، مەرد، ساداقەتمەن، ئەقىللىق ياشلارنىڭ تىپىك ئوبرازى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. بەدىئىي جامالمۇ لاتاپەتلىك، بىغۇبار، روھىي دۇنياسى ئەركىنلىككە تەلپۈنىدىغان ئۈياتچان قىزلارنىڭ ئوبرازى.

تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار جەمەتى ئىچىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەسەر يازغان يەنە بىر مۇنچە ئەدىبلەر بار. بۇلار ئابابەكرى مىرزا، سۇلتان خەلىل مىرزا، ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، بايقارا مىرزا، شاھ غېرىب قاتارلىقلار. ھۆكۈمرانلار ئىچىدە ھۈسەيىن بايقارا ھەم مەشھۇر ھۆكۈمران، ھەم داڭلىق شائىر ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھىراتتا تۈزۈلگەن بىر مۇنچە ئەدەبىي توپلاملار ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن، مەسىلەن، «بەختىيارنامە» (1432)، «مىراژنامە» قاتارلىقلار. «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»لارمۇ 15 ـ ئەسىرلەردە ھىراتتا بىر قېتىم كۆچۈرۈلگەن.

## §3. ناسىرىددىن رابغۇزى

**1. رابغۇزىنىڭ ھاياتى**

رابغۇزى تەخمىنەن 1279 — 1351 ـ يىللىرى ياشىغان. ئۇنىڭ ئىسمى ناسىر (ياكى ناسىرىددىن)، ئاتىسىنىڭ ئىسمى بۇرھانىددىن، رابغۇزى تەخەللۇسى دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «رابغۇزى» «رابات»، «ئوغۇز» دېگەن ئىككى ئىسمىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىسىم دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا ناسىرىددىن (ناسىر) بۇرھانىددىن ئوغلى رابغۇزى دېگەن ئىسىم بىلەن كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئانا يۇرتى كاشغەر دەپ قارايدىغانلار بار. بەزىلەر كاشغەر شەھىرىنىڭ شىمالىغا ئۈچ كىلومېتىرچە كېلىدىغان يەردىكى تۇتۇرۇك(ياكى تۇتۇرگە)نىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان «قاراخان پادىشاھىم مازىرى»نىڭ يېنىدىكى «رابات مەسچىت» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما بۇ ئۆمرىنىڭ قىرانلىق چاغلىرىنى خارەزمدە ئۆتكۈزگەن.

«قىسسەسۇل رابغۇزى»دىكى مەزمۇنلارغا قارىغاندا، رابغۇزى مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنى، پەلسەپىسىنى، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن، يەنە تارىخقىمۇ ئالاھىدە قىزىققان.

مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ نامىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «مەقسۇت مۇندا پەيغەمبەرلەر قىسسەسى ئېردى. ۋەلاكىن ئادەمدىن بۇرۇن ياراتىلغانلار بار ئۈچۈن ئاندىن ئاغاز قىلدىم، ئىستەكلىككە ئاسان بولسۇن تېپ (قىسسەئى رابغۇزى) ئات قويدۇم». ئەمما، ئەسەردە پەيغەمبەرلەر تارىخىنى تەسۋىرلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغىنى ئۈچۈن، ئەسەر كېيىنچە باشقىلار تەرىپىدىن «قىسسەسۇل ئەنبىيا»(پەيغەمبەرلەر قىسسىسى) دەپ ئاتىلىپ قالغان دېگەن قاراش بار.

ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىلى ھەققىدە ئەسەرنىڭ نەزم شەكلىدە يېزىلغان «خاتىمە»سىدە «يەتتە يۈز ئون ئەردى يىلغە كىم بىتىلدى بۇ كىتاب، تۇغمىش ئەردى ئول ئوغۇزدە ھوت سائادەت يۇلتۇزى» دېيىلگەن. ئېنىقكى، بۇ ئەسەر ھىجرىيەنىڭ 710 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 1311 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يېزىلغان.

ئاپتور ئەسەرنى يېزىپ «توك بۇغاخان» دېگەن كىشىگە تەقدىم قىلغان. بۇ توغرۇلۇق كىتابتا

مۇنداق خاتىرە بار: «يارىپ ئىلىتتىم ناسىردىن توكبۇغا تابۇغىنە تىلەيۇرمۇ، تىلەمەسمۇ بىلگۈلۈك، بىلسۇن ئۆزى». تارىخچىلار بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان توك بۇغاخان دېگەن كىشى 1326 ـ يىلى، يەنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تەختكە چىققان تارمارشىن خاننىڭ ئوردىسىدىكى بىر مۆتىۋەر كىشى دەپ ئېنىقلاپ چىققان.

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا ھەجمى ئەڭ چوڭ نەسرىي ئەسەردۇر. مۇتلەق كۆپ ساندىكى قول يازما نۇسخىلىرى 250 ۋاراق 500بەت ئەتراپىدا بولۇپ، ھەربىر بەتكە 21 قۇر خەت يېزىلغان. شۇڭا، ئۇ مەيلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغىتىنى ئىشلەشتە بولسۇن، ياكى گىراماتىكىسىنى ئىشلەشتە بولسۇن، كېيىنكىلەرنى ئەڭ مول تىل ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ھەرخىل نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇ نۇسخىلار سۆزلەرنىڭ ئېتمولوگىيەسىنى ئېنىقلاش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي دىيالېكت لۇغىتىنى ئىشلەش جەھەتتە مول ۋە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەسەردە «قۇرئان كەرىم»دىن نۇرغۇن ئايەتلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەرجىمىسى قوشۇپ بېرىلگەن، شۇڭا ئۇ يەنە تەرجىمە تەتقىقاتى ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق جەھەتتىمۇ تىل ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەلۋەتتە شۇنىمۇ ئەسكەرتىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا قېرىنداش تىللار بىلەن، شۇنداقلا تۇغقان ئەمەس تىللار بىلەن ئۇچراشقان، مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇلاردىن سۆز، ھەتتا گىراماتىكىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلغان. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن تىللار ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدۇر. شۇڭا مەيلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈش ۋە يورۇتۇشتا بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرغۇن ھالىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە يورۇتۇشتا بولسۇن، ئۇيغۇر تىلىنى شۇ مۇناسىۋەتلىك تىللار بىلەن، جۈملىدىن ئەرەب ۋە پارس تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر[①].

ئەسەرنىڭ 15 ـ، 16 ـ ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنرەك كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى لوندوندىكى «برىتانىيە مۇزېيى»، سانت ـ پېتىربۇرگتىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، شۇنداقلا تاشكەنت، قازان شەھەرلىرىدە ساقلانماقتا. ئەسلىي نۇسخىسى بولسا بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن[②].

بۇ ئەسەر ئادەتتە ئۇيغۇر پىروزا ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيەسىنى مۆلچەرلەشتە رولى ئالاھىدە چوڭ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا بۇ يىرىك ھەجىمدىكى ئەمگەك ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى تارىخىدا نەسرىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 2 .. «قىسسەسۇل ئەنبىيا»نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

### 1. ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئەسەردە ئىنسانىيەتنىڭ ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريانى دىنىنى ۋاستە قىلغان ھالدا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەزكۇر ئەسەر ئادەمنىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ، تا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا يۈزىگە تارقىلىشىغىچە بولغان

---

① مەترىھىم سايىت: «‹قىسسەسۇل ئەنبىيا›نىڭ تىلى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1994 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

② رەخمەتجان يۈسۈپوف: «كىلاسسىكىلىق تارىخىي پىروزا ۋە لىرىكىدىن نەمۇنىلەر»، 6 ـ بەت، ناشىر نەشرىياتى، ئالمۇتا، 2006 ـ يىلى نەشرى.

ۋەقەلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى، تۇرلۇك تارىخىي شەخسلەر ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسسەلەردىن تۈزۈلگەن.

«قىسسە»دە تەسۋىرلىنىشىچە، دۇنيادا دەسلەپ ئادەم يوق ئىكەن. جانابى ھەق (ئاللا) بىر خاسىيەتلىك «نۇر»(يارۇق)نى ئاپىرىدە قىلىپ، بۇ نۇرنى زامان ـ زامانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، «مەن دۇنيادا خەلىپە (ئورۇن باسار) يارىتىمەن» دېگەن مەقسەتتە ئىنسانىيەتنىڭ بوۋىسى «ئادەم»نى تۇپراقتىن يارىتىپ چىققان، ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى بولسا «ئادەم»نىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارىتىپ، بۇ ئىككىيلەنگە جەننەتتىن ئورۇن بەرگەن ۋە نىكاھ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ، داغدۇغىلىق توي ئۆتكۈزۈلۈپ، ۋىسالىغا يەتكۈزۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىككى قارىمۇ قارشى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتتىن ئائىلە ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ بىر جۈپ ئادەملەر دەسلەپ كىيىم دېگەننى ئۇقمىغان. ئەۋرەتلىرىنى ئەنجۈر يوپۇرمىقى بىلەن دالدا قىلغان.

ئادەم ۋە ھەۋۋانىڭ تۇرمۇش مەئىشىتىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، زىرائەت ئۆستۈرۈلگەن، چارۋا بېقىلغان، زەر كانى ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئادەم بالىلىرى ھەم بارماق بىلەن سانىلىدىغان ھالەتكە يەتكەن. ئۇ زامانلاردا ئادەمنىڭ ھابىل ۋە قابىل دېگەن ئىككى ئوغلى، ئىقلىمە ۋە دەمىمە دېگەن ئىككى قىزى بۇ دۇنيادا نەپەسلەنگەن. بۇ ئىككى بەگزادە ۋە مەلىكىلەر يەككە ـ يېگانە كىشىلەر بولغاچقا، جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشالمىغان. ئۇلار بەخباشلارچە ھۆركىرىشىپ يۈرگەن. قابىل بىلەن قوشكېزەك تۇغۇلغان ئىقلىمەنى ھابىلغا، ھابىل بىلەن قوشكېزەك تۇغۇلغان دەمىمەنى قابىلغا ياتلىق قىلماق شەرىئەت ھېسابلانغان. قابىل ئاچچىقلىنىپ، بۇنىڭغا رازى بولماي ھابىلغا دۈشمەن بولغان ھەم ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قاتىللىق قىلىش ئويىنى ئويلاپ چىققان.

قابىل ئۆزىگە قوشكېزەك چىرايلىقراق ئىقلىمەنى ئەمرىگە ئېلىشنى ۋە ئاتىسىنىڭ خەلىپىلىك ئورنىغا ۋارىس بولۇشنى پىلانلاپ، شۇنداق شۇملۇقنى بىغۇبار كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، ئەمما ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەننى بىلمىگەن. چۈنكى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قاتىللىقنى كۆرمىگەن ۋە ئۇنداق ئىشنى ئاڭلاپ باقمىغان. بۇ چاغدا شەيتان لەنىتى بىر قۇشنى تۇتۇپ كېلىپ، بېشىنى يانجىپ ئۆلتۈرگەن. قابىل بۇنىڭدىن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئۆگەنگەن.

قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىش ئۈمىدىدا تۇرسۇن، ئامەتى قېچىپ پەرىشتىلەر تەرىپىدىن يەتتە قېتىم دۇنيانى ئايلاندۇرۇلۇپ ھالاك قىلىنغان. بىز ئادەم ۋە ھەۋۋادىن قابىلدەك لەنىتى ئەبلەخ ئاپىرىدە بولغان دەپلا بىر تەرەپلىمە قارىيالمايمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللانىڭ ھەيۋىتىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە شىش دۇنياغا كەلگەن. ئادەمنىڭ ھالال پۇشتىدىن تۆرەلگەن بۇ نارەسىدە باشقا پەرزەنتلىرىدىن تېزرەك چوڭ بولغان ھەم ئۇنىڭ مىجەزى ساغلام، خۇشخۇي، مۇلايىم بولغان. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئادەملەر جەمەتىنى ھامىلە قىلىشنىڭ پېشۋالىرى بولۇپ قالغان. شىشتىن ئەنۇەش، ئەنۇەشتىن قەينان، قەينانىدىن مەھلائىل، مەھلائىلدىن ئىدرىس، ئىدرىستىن ئىككىنچى قېتىملىق ھاياتلىقنىڭ نىجاتكارى نوھ ئاپىرىدە بولغان. نوھنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى زامان ھايات مۇساپىسىدىكى سۇ بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپ قالغان. چۈنكى ئۇنىڭ دەۋرىدە ئادەملەر شۇنداق كۆپەيگەن ئىدىكى، بىر مەملىكەتتىن يەنە بىر مەملىكەتكە تۇتاش ئۆيلەرنىڭ تېمىنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ بارغىلى بولغان. يەر يۈزىدە بوغداي تېرىشقا يەر بولماي تاغلارغا تېرىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەر مەئىشەت ۋە ئىمانىي كامىللىققا قانائەت قىلماي بىدئەتلىك بىلەن شۇغۇللانغاچقا، دۇنيا توپان بالاسىغا دۇچار بولغاندا، ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن نوھ كېمە ياساپ، ھايات نەمۇنىلىرىنى قوغداپ، ھاياتلىقنى ساقلاپ قېلىشقا ۋاسىتىچى بولۇپ قالغان. نوھ ھام، سام ۋە ياپەس دېگەن ئۈچ ئېسىل زاتلارنىڭ مۆھتەرەم ئاتىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. بۇ كىشىلەر كۆز ئېچىپ دۇنيادا ئىرق پەيدا قىلغان، چېگرا ئاجرىتىپ مەملىكەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، زۇۋانلىرى خىلمۇ خىللاشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ دۇنيادىن ھۆد،

سالىھ، ئىبراھىم، ئىسمائىل قاتارلىق 27 پەيغەمبەر ئۆتكەن (كىتابتا جەمئىي 31 پەيغەمبەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان)، ئادەم ۋە ھەۋۋا ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغان، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەۋھۇم. ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەر ئىنسانىي نەسەبلىك تارىخقا ئىگە. ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراشقا ئاساسلانغاندا، دىن ۋە دىنىي دۇنيا كىشىلىك تۇرمۇشتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە. شۇ سەۋەبلىك پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى كىشىلەر قىياپەتلىرى بىلەن ئوخشاش. ئۇلارمۇ مۇھەببەت باغلايدۇ، تۇرمۇش قۇرىدۇ. جاپا ـ مۇشەققەتلىك مۇھەتلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ھۈنەر، ئەمگەك، ئۇرۇش قىلىدۇ. كىتاب ئوقۇيدۇ، بىلىم ئىگىلەيدۇ. ئىلىم مۇتالىئە قىلىدۇ. ئۇلار ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتلەرگىمۇ ئىگە. غېرىب ـ بىچارىلەرگە خەيرخاھلىق قىلىدۇ. ئادالەت، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەشىدۇ، زوراۋانلاردىن قورقمايدۇ، مۇشتۇمزورلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق كەسپىنىڭ بىرى قىلىدۇ.

قىسسەدە يەنە پەيغەمبەرلەردەك ئىززەتلىك ئورۇندا تۇرىدىغان بۈۋى مەريەم، شەمئۇن، فولس، ئىسكەندەر، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەيىن قاتارلىق زاتلار، ھارۇت ـ مارۇت ۋەقەلىرى (ھارۇت ـ مارۇت ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن يەر يۈزىگە چۈشكەن ئىككى پەرىشتە)، ئاجى ئىبنى ئۇنۇق ۋەقەلىرى، قوۋمى تۇببە ۋەقەلىرى، ئەسھابۇل ئوخدۇت ۋەقەلىرى، ئەسھابۇلكەئىف ۋەقەلىرى قاتارلىق مۇھىم ۋەقەلەر سۆزلىنىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە نۇرغۇن ماۋزۇ، ئېپىزوتلار بار.

2. ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى

بۇ قىسسە 72 بابتىن ئىبارەت بولۇپ[①]، ھەتتا جاھانغا مەشھۇر تارىخىي شەخس زۇلقەرنەيىنمۇ (36 ـ بابتا) ئىلاھلاشقان ئىسلام قەھرىمانى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. قالغان سەككىز بابى ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ چاھارىيارلىرىنىڭ ھايات پائالىيىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن بەزى ۋەقەلەر ئىسلام دىنى روھى بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇپ، يەنى ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. يۇقىرىقى بابلار ئىچىدە يەنىلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوبرازى مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ.

قىسسىنىڭ ۋەقەلىكى تارىخىي (خرونولوگىيەلىك) تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئادەم بولۇپ شەكىللىنىشى، كىشىلىك

---

[①] ئەسەرنىڭ قانچە بابلىقى مەسىلىسىدە بىر قانچە يىلدىن بېرى يەنە 44 باب (قىسسە) دېگەن قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. دەسلەپكى تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، 1988 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى بۇ ئەسەرنى نەشر قىلغاندا، قىسقارتىپ ھەم بابلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ئەسەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى نەشردىن چىقارغان بولۇپ، بۇ نۇسخا 1895 ـ يىلى تاشكەنتتە چىققان نەشرى بويىچە بېسىلغان. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەسەرنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بايانى بويىچە بولغاندا، قىسسە ئومۇمەن 72 باب ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ كىتابنىڭ ئىلگىرىكى نەشرلىرىدە 44 باب (قىسسە) دېيىلگەن، بۇ قېتىم ئۆزگەرتىلدى. كىتابنىڭ باش قىسمىدىكى ۋەقەلەر ئەسلى يەھۇدىيلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە «ئىنجىل»دا تىلغا ئېلىنغان. بۇلار كېيىنچە ئەرەبلەر ئارىسىدا تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، بەزىلىرى رەسمىي يوسۇندا ئەرەب فولكلورىغا ئايلانغان ۋە «قۇرئان»غا كىرىپ، «قۇرئان» ئارقىلىق ئىسلاملاشتۇرۇلغان، جۈملىدىن بەزى ئوبرازلار «قۇرئان» كۆز قارىشى ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرۇلۇپ ئىلاھلاشقان ئوبرازلاردىن بولۇپ قالغان. رابغۇزى ئەسەرنى يېزىشتىن ئىلگىرى قانداق مەنبەدىن پايدىلانغانلىق مەسىلىسىدە بىر قانچە خىل كۆز قاراش بار. بەزىدە ئۇ «قۇرئان»دىن ۋە ئەرەب فولكلورىدىن بىۋاسىتە پايدىلانغان دەپ قارىلىدۇ. موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى م. گ. گۆر ئوغلى «يۇسۇف ـ زۇلەيخا» سۆزىتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «13—14 ـ ئەسىرلەردە بۇ سۆزىت ئوتتۇرا ئاسىيادا ناسىرىددىن رابغۇزىنىڭ ‹قىسسەئى رابغۇزى› ناملىق كىتابىدىن ئورۇن ئالدى. ئاپتورنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى، ئېھتىمال، ئەبۇ ئىسھاق نىشاپورىنىڭ ‹قىسسەئى ئەنبىيا› ناملىق كىتابىنىڭ پارسچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان، پارسچە نۇسخىسى بولسا ۋاھاب ئىبنى مۇنەببىھنىڭ ھىجرىيە 5 ـ (مىلادىيە 12 ـ) ئەسىردە يازغان ئەرەبچە نۇسخىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولسا كېرەك.» («‹يۇسۇف ۋە زۇلەيخا› داستانىنىڭ تۈركىي تىللار ئەدەبىياتىدىكى سۆزىتى توغرىسىدا»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان، ئورۇمچى) دېمەك، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇقتىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇ جەرياندا بارلىققا كەلگەن زوروئاستىرىزم (ئاتەشپەرەسلىك)، يەھۇدىي دىنى ۋە خىرىستىيان دىنى، ئاخىرى ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇ دىننى ئۆزىگە قورال قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن ئىسلام ئىمپېرىيەسى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مۇھەممەد پەيغەمبەر ھەم ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى، چاھارىيارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئۇمەۋىيەلەر (مىلادىيە 661—750-يىللار ئىچىدە ھۆكۈم سۈرگەن ئەرەب ئىمپېرىيەسى) دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ ئەھۋالى دىنىي تۈسكە ئىگە كارتىنا ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق تەسۋىرلىنىدۇ.

ھەر قانداق يازغۇچى ئىجادىيىتىدە ئېستېتىك غايە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. چۈنكى، يازغۇچى شۇ ئېستېتىك غايىگە تايىنىپ تۇرۇپ دۇنيانى كۆزىتىدۇ، يازماقچى بولغان تېمىسىنى تاللايدۇ، تېمىنىڭ كونكرېت كۆرۈنۈشى، بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ تىپىك شارائىتتىكى بەلگىلىك ھەرىكىتى، ئەسەرنىڭ سۇژېت، قۇرۇلما لىنىيەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. سۇژېت، قۇرۇلما لىنىيەسىنىڭ جېنى بولغان توقۇنۇشلار ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدىغان كومپوزىتسىيەسىنى قۇراشتۇرىدۇ. بۇ كومپوزىتسىيە ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان بەدىئىي ئوبرازلارنى مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزمەكچى بولغان تىندىنسىيەلىك ئىدىيەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ياكى بۇنى باشقىچىرەك قىلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ ئېستېتىكىسى ئەسەرنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىغا سىڭدۈرۈلۈپ، ئاخىر تىپىك بەدىئىي كارتىنا، بەدىئىي ئوبرازلاردا توپلىنىپ، گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىنىدۇ. رابغۇزى مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل ۋە نۇقتىئىنەزەر بىلەن «قىسسەسۇل رابغۇزى»نى يېزىپ چىققان.

قىسسە مەزمۇنلىرىدا دىنىي تۈس بىر قەدەر قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەقەلىكلەرنىڭ زىددىيەت تەرەققىياتى رېئال تۇرمۇشتىكى زىددىيەت قانۇنىيىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى رىۋايەتلەرگە خاس ياكى مىفولوگىيەلىك چۈشەنچە ۋە مىفولوگىيەلىك تەپەككۇر لوگىكىسى بويىچە قانات يايغان. ئەمما بۇ ئەسەردىكى توقۇنۇشلار ۋە زىددىيەتلەر باشقا بەزى خەلقلەرنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدىكى زىددىيەت-توقۇنۇشلىرىغا ئوخشىمايدۇ، يەنى ئۇنىڭدىكى زىددىيەتلەر پەقەت بىر «ئاللا»نىڭ «قۇدرىتى» بىلەنلا بولىدۇ. شۇڭا ئەسەردىكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ جېنى بولغان توقۇنۇش (كومپلېكت)مۇ ئىسلام دىنى چۈشەنچىسىدىكى «ئاللا»نىڭ «قۇدرىتى» بىلەن مەيدانغا چىقىرىلىپ، سۇژېتلار دىنىي چۈشەنچىلەر ئاساسىدا قانات يايىدۇ. مەسىلەن: «ئادەم» (ئەلەيھىسسالام) تۇپراقتىن يارىتىلغان[①]، ئۇ ئەرشكە چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭغا پەرىشتىلەر ئاللانىڭ ھۆكمى بىلەن سەجدە قىلىدۇ. ئەمما، شەيتان ئوتتىن يارالغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى تۇپراقتىن يارالغان «ئادەم»دىن ئۈستۈن تۇتۇپ، سەجدە قىلغىلى ئۇنىمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئاللانىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ (ئۇ ئەسلى پەرىشتە ئىدى) پەرىشتىلىك سۈپىتىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، شەيتانغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىسسىدە سۇژېتلار قانات يايىدىغان، تەرەققىي قىلىدىغان زىددىيەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

شەيتان قىسسىدە دىنلار پەيدا بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى كومپلېكتىنىڭ ئاساسىي زىددىيەت تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ دىنلار پەيدا بولغاندىن كېيىن غەيرىي دىنلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى ھەرىكىتىنىڭ ئارقا تىرىكى خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىن قارىغاندا، ئوتمۇ، ئادەممۇ تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى، ئوتنىڭ ئىنسان تەرىپىدىن ئىگىلىنىشى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى.

قانچىلىك زوۋرولۇكى قەدىمكى گىرېك ئەپسانىسى «پرومېتى»نىڭ ئوت ئوغرىلىشىدا بەدىئىي هالدا تىپىك ئەكس ئەتتۇرۇلگەندى.

قىسسىدىكى تۇپراقتىن يارالغان ئادەم بىلەن ئوتتىن يارالغان شەيتان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەنى قارىمۇقارشىلىق، ئادەمنىڭ ئوتنى ئىگىلەش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەريانىدىكى كۈرەشلەر تەسۋىرى قەدىمكى دىنلارنىڭ تەسىرى بولۇشى مۇمكىن.

قىسسىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلىدۇ، ھەۋۋا ئانا ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلىدۇ. داغدۇغىلىق توي بولىدۇ، ئۇلار جەننەتتە تۇرىدۇ. جەننەتتە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن بۇغداي يەپ قويغانلىقى ئۈچۈن، جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ھىندىستاننىڭ سەرەندىب تېغىغا، ھەۋۋا ئانا ئەرەبىستاندىكى جىددە تېغىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ، 300 يىل ئازاب چېكىدۇ. ئادەمنىڭ كۆز ياشلىرىدىن گىياھلار ئۈنىدۇ. كېيىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئادەمدىن ھال سورايدۇ ھەم ئاللا ئۈچ تال بۇغداي ئەۋەتىدۇ. ئاللانىڭ بېھىشتىن ئات، قوي، تۆگە چىقىرىپ بېرىشى، ئادەمنىڭ ئۈچ تال بۇغداينى كۆپەيتىشى، ئۆكۈزلەرنى قوشقا قوشۇپ يەر ھەيدىشى، قوچقارنى يەپ، ساغلىقلارنى بېقىشى، يۇڭىدىن كىيىم توقۇپ كىيىشى ۋە باشقىلار سۆزلىنىدۇ.

مانا بۇلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئالدىدا چارۋىچىلىق، كېيىن دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، بولۇپمۇ شەرق ئەللىرىدە دېھقانچىلىق، يەنى بۇغداي تېرىپ ئۆستۈرۈش ئەمگىكىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قىسسىدە دىنىي تۈس بىلەن كەڭ تەسۋىرلەنگەن يۇقىرىقى كارتىنىلاردىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىيات تارىخى بېسىپ ئۆتكەن ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق، ئاتىلىق قەبىلىچىلىك باسقۇچلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قىسسىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئىبارەت دەسلەپكى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ كارتىنىسى بېرىلگەن. مەسىلەن: جەبرائىل بېھىشتىن بىر چاڭگال ئالتۇن كەلتۈرۈپ، بىر تاغقا چاچىدۇ، تاغ ئالتۇن كانىغا ئايلىنىدۇ، ئادەم باللىرى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ھەم ھەربىرى بىردىن ھۈنەر ئىگىلەيدۇ. بىر-بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە باشلايدۇ.

مانا بۇ كارتىنىلاردىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈك پەيدا بولۇپ، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىش ھارپىسىدىكى مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

قىسسىدە ئادەم 500 ياشقا كىرگەندىن كېيىن، نەسلى كۆپىيىپ ئاللا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتكە ئۇيۇشقانلىقىغا سىمۋول قىلىنسا، ئاردىكى نۇرغۇن ۋەقەلەردىن ئادەم ئۆزىنىڭ بىرىنچى پادىشاھ ئىكەنلىكىمۇ بايقىلىدۇ. چۈنكى، پادىشاھلار ئۆزىگە تەۋە يەرلەرنى باللىرىغا بۆلۈپ بېرەلەيدۇ. قىسسىدە نوھ ئەلەيھىسسالام يەرلەرنى باللىرىغا مۇنداق تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ:

قىسسىدە: «ھەزرىتى نوھ دۇنيانىڭ يېرىمىنى ئۈمىد دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپى، بەلخ، بۇخارا، ئىراق، شام، خۇراسان، سامان، رۇم، باغداد، مىسىر، مەككە-مەدىنە، يەمەن، ئەدەن، ئانتاكىيە، قۇستەنتىيە قاتارلىق ئۇلۇغ مەملىكەتلەرنى سامغا بەردى. ئەندىجان، سەمەرقەند، ئۈرگەنچ، قىرغىز، قازاق، قالماق، موغۇل زېمىنلىرىنى يافەسكە بەردى. كونجال، تۇبۇت، بالتى، بۇلۇر، كەشمىر، ھىندىستانلارنى هامغا بەردى» دېيىلىدۇ.

بۇلارنى گەرچە ھېچقايسى ئىمپېرىيەگە تەققاسلىغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن يەرلەرنى مۇنداق چېگرالارغا بۆلۈش بىزگە يىرىك دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

رابغۇزى ئېستېتىك غايە جەھەتتە ئىسلام تېئولوگىيەسى (دىنىي نەزەرىيەسى)گە

ياندىشقانلىقى ئۈچۈن، قىسسىدىكى «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ پائالىيىتى تەسۋىرلىنىدىغان ياكى ئىسلام ئېتىقادى تەسۋىرلىنىشكە باشلىنىدىغان 38-قىسسىگىچە) ھەممىسى ئىسلامىيەت ئۈچۈن كۈرەشكەن «قەھرىمانلار» قىلىپ تەسۋىرلىنىشتىن قەتئىينەزەر، قىسسە سۇژېت لىنىيەسىگە كىرگۈزۈلگەن ۋەقەلەردىن ئەرەبىستان، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئېتىقاد قىلىپ بېشىدىن كەچۈرگەن دىنلار تارىخىنى، بەزىلىرىنى غىل-پال، بەزىلىرىنى (بولۇپمۇ قىسسىدىكى ۋەقەلىكلەر ئاساسەن يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان دىنىنىڭ ماكانى سۈرىيە، پەلەستىن، مىسىر ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن) خېلىلا تەپسىلىي تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: نەمرۇدنىڭ ئاسمانغا چىقىپ، كۆك خۇداسىغا ئوق ئېتىشىنى ئىپتىدائىي تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ ئىسلاملاشقان تۈستە ئىپادىلىنىشى دەپ چۈشىنىشكە توغرا كەلسە، قىسسىنىڭ يەنە بىر يېرى (بىرىنچى قىسسە)دە، قابىلنىڭ ھابىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ھابىلنىڭ قويىنى ئاسماندىن چۈشكەن ئوت پىشۇرۇپ بەرگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. توققۇزىنچى قىسسىدە بولسا پادىشاھ نەمرۇد ئىبراھىم پەيغەمبەرنى تۇتۇپ كېلىپ تۆت ئاي ئوتۇن دۆۋىلەپ ئۇنى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئوت ياقىدۇ. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئوت دەرھال سوۋۇپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا راھەت بېغىشلايدۇ. ئىبراھىم ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۈچ كۈن ئولتۇرىدۇ. پادىشاھ نەمرۇدنىڭ قىزى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ «لائىلاھە ئىللەللا، ئىبراھىم خەلىلۇللا!» دەپ ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭغا ئوت ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزمەيدۇ. نەمرۇدنىڭ ئادەملىرى قىزنى ئۆلتۈرمەك بولغاندا، ئاسماندىن شامال بىلەن بىر پارچە بۇلۇت كېلىپ قىزنى كۆھىقاپقا ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ زوروئاستىر دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

قىسسىدە خىرىستىيان دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ پەيدا بولۇش چېگراسى پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ. ھەر ئىككىلىسى بۇتپەرەسلىكنىڭ پەيدا بولۇش يولى بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ بەشىنچى قىسمىدا ئادەمدىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى نوھ تەسۋىرلەنگەن: ئۇنىڭ زامانىدا ئادەم ناھايىتى كۆپەيدى، بىر مەملىكەتتىن يەنە بىر مەملىكەتكە تۇتاش ئۆيلەرنىڭ تېمىنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ بارغىلى بولاتتى. بۇتقا چوقۇنۇش ھەققىدە سۆز بولغاندا، ئادەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن بالىلىرى ئۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارغاندا، شەيتان ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، تاشتىن بۇت ياساپ، ئادەمنىڭ سىيماسىغا ۋەكىل قىلىپ، ئۇنىڭغا بالىلىرىنى چوقۇندۇرىدۇ ھەمدە شۇنىڭدىن باشلاپ بۇتقا چوقۇنۇش كېلىپ چىققانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. قىسسىدە ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، ئادەم (ئەلەيھىسسالام) ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ھەۋۋا ئانا بىلەن داغدۇغىلىق ھالدا توي قىلىدۇ. بۇ چاغدا پەرىشتىلەر بىر-بىرى بىلەن ۋە ئادەم بىلەن سوئال قويۇپ مۇنازىرىلىشىدۇ، يېشىلمىگەن سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە ئادەم جاۋاب بېرىدۇ. بۇ باپتا ئادەم ئەلەيھىسسالام ناھايىتى چوڭ بىلىم ئىگىسى، ئالىم سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

نوھ توپان بالاسىدا كېمە ياساپ ھاياتلىقنى ساقلاپ قالىدۇ. ھەتتا ئىبراھىم ئوتتىمۇ كۆيمەيدۇ. پەرىشتىلەر ئادەم بولۇش ئۈچۈن، جەننەتنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىدىن كېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ نامىنى ھارۇت، مارۇت دەپ ئۆزگەرتىپ، بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىپ ئادەملەرچە ھايات كەچۈرىدۇ. جۈملىدىن قىسسىدە ئادەم نەسلىدىن بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق كۈرەشتە ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن مەغرۇر تۇرىدۇ، ھىيلىگەر شەيتانلاردىن غالىب كېلىدۇ ۋە ئۇلارنى يېڭىپ چىقىدۇ.

بىلىم ۋە ئۇنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى قىسسىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام،

بولۇپمۇ لوقمان ھەكىم ئوبرازلىرىدا نۇقتىلىق مەدھىيەلىنىدۇ. نادان ئىستىبدات فېئودال پادىشاھلار باشتىن ـ ئاخىر يازغۇچى قەلىمى ئاستىدا پاش قىلىنىدۇ، نەپرەت نەيزىسىنىڭ ئوبيېكتى قىلىنىدۇ.

رابغۇزىنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدا فارابى ئوتتۇرىغا قويغان ئوتوپىك «غايىۋى ئىدېئال شاھ» ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىب ئوتتۇرىغا قويغان «بىلىملىك غايىۋى ئادىل شاھ» ئىدىيەسى ۋارىسلىق قىلىنغان ھالدا دىنىي كۆز قاراش بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خۇسۇسىيەتنى ئۇ تەسۋىرلىگەن نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەر، پادىشاھلار ئوبرازىدىن كۆرىمىز.

ئەسەرنىڭ 20 ـ قىسسىسىدىكى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنى بۇنىڭ بىر دەلىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. قىسسىدە تەسۋىرلىنىشىچە، ئۇ ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر قەھرىمان بولۇپ، باشقا ئىجابىي پېرسوناژلارغا ئوخشاش تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ۋە كۆرەش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. داۋۇت ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەھرىمان، ئۇ قىسسىدە قوي باققانلىقى، شىرنى مىنسە قارشىلىق قىلمايدىغانلىقى، تاغلاردا قولىدىكى تەسبىھنى تارتىپ ماڭسا، تاغلار ۋە ئېدىرلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. داۋۇتنىڭ شاھلىق تەختكە چىقىشىمۇ قەھرىمانلىقىنىڭ تۈپەيلىدىن بولىدۇ. قىسسىدە بايان قىلىنىشىچە، داۋۇت زامانىدا تالۇت، جالۇت دېگەن ئىككى زالىم پادىشاھ بولۇپ، ئىككىسى تىنماي ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلار خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ. تالۇت جالۇتنى يېڭىش ئۈچۈن ئەشمۇئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشقا بارىدۇ. شۇ ئەسنادا بىر نىدا كېلىپ، ئى تالۇت، ئاۋۇ شاختىكى ياغنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ باق، ئۇ ياغ كىمنىڭ ئالدىدا قاينىسا جالۇتنىڭ كۈشەندىسى شۇ ئادەم بولغاي دېيىلىدۇ. تالۇت ياغنى كىشىلەر ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ بىر ـ بىرلەپ قويىدۇ، ياغ قاينىمايدۇ. داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. ياغ قاينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن داۋۇت جالۇت بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىدۇ. «جالۇتنىڭ بويى 60 گەز، توغرىسى 20 گەز» بولسىمۇ، داۋۇت ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا جالۇتنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دىنسىزلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ. داۋۇت تالۇتنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇ بۇرۇنقى ۋەدىسىدە تۇرماي، ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆزىگە قارشى بولغان تاغدىكى دۈشمەننى يېڭىپ، خەتنىسىنى قىلدۇرۇپ كەلگىن دەيدۇ. داۋۇت مەردلىك بىلەن ئۇنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. ئامالسىز قالغان تالۇت ئاخىر ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىپ ئۇنى پادىشاھلىقىغا شېرىك قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەلق داۋۇتقا مايىل بولىدۇ، بۇنىڭدىن تالۇتنىڭ رەشكى قوزغىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. داۋۇت ئەمدى قەھرىمانلا ئەمەس، بەلكى سەزگۈر، ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئادەم سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. داۋۇتنىڭ خوتۇنى بىر تۇلۇم سۇ ئېلىپ چىقىپ، سۇ قاچىلانغان تۇلۇم ئۈستىگە داۋۇتنىڭ تونىنى ياپىدۇ ـ دە، ئۆزى يېنىدا ياتىدۇ. داۋۇت پەستە ياتىدۇ. كېچىسى تالۇت كىرىپ ھېلىقى تۇلۇمغا شەمشەر ئۇرىدۇ. داۋۇت ئۆلدى دەپ خۇشال بولىدۇ. ئەمما، ئەتىسى داۋۇتنىڭ تىرىكلىكىنى ئاڭلايدۇ. تالۇت ناھايىتى ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە قاتتىق ئەندىشە، ئازاب ئوتى ئىچىدە قالىدۇ. بىر كۈنى داۋۇت تالۇتنىڭ تەختىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت تال ئوقنى قىستۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەتىسى بۇنى كۆرگەن تالۇت «بۇ يەرگە داۋۇت كىرىپتۇ، ماڭا زىيان يەتكۈزمەي چىقىپ كېتىپتۇ، ئەگەر يامان خىيالى بولىدىغان بولسا مېنى ئۆلتۈرگەن بولاتتى» دەپ پەرەز قىلىپ، قىلغان ئىشلىرىغا كۆپ پۇشايمان قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نۇرغۇن گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ، ئەمما گۇناھىدىن قورقۇپ كېچىسى گۆرىستانلىقتا بېرىپ يىغلاپ پەرياد قىلىدۇ. ئۇ يەردىكى بىر ياخشى ئايالنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەشمۇئىل

ئەلەيھىسسالامدىن: ئۆز گۇناھىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئوغۇللىرى بىلەن بىرىپ رەقىبلىرى بىلەن جەڭ قىلىش لازىملىقىنى ئۇقىدۇ ھەم جەڭگە كىرىپ، جەڭدە ئۆلىدۇ. داۋۇت بۇ يۇرتقا شاھ بولىدۇ. قىسسىدە تەسۋىرلىنىشىچە، داۋۇت دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا يىتىدۇ. ئۇ ئادىل سوتچى، كىچىسى پۇقراچە ياسىنىپ ئەل-يۇرتنى كىزىپ ئۆز ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرىدىغان ئادىل دىموكرات، ئەمگەكنى سۆيىدىغان، تۆمۈرچىلىكنى كەسىپ قىلغان ئەمگەكچى ۋە ئۇستا كاسىپ (شۇڭا تۆمۈرچىلەرمۇ ھازىرغىچە داۋۇتنى پىر دەيدۇ) سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. قىسسىدە ئۇ «زەبۇر»نى ئوقۇسا، پۈتۈن جانۇ جانىۋارلار جەم بولۇپ كىلىپ تاقەت قىلالماي، بىھوش بولۇپ يىغلايتتى، ھەتتا ئۇچۇپ كىتىۋاتقان قۇشلارمۇ توختايتتى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. قىسسىدە يەنە داۋۇت خاتالىقىنى سەزگەن ھامان تۈزىتىشكە قەتئىي بەل باغلايدىغان قىلىپ كۆرسىتىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاقىتنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر ھەسسىنى ئىبادەت، ئىككىنچى ھەسسىنى پادىشاھلىق، ئۈچىنچى ھەسسىنى تۆمۈرچىلىك ئىشلىرىغا بىغىشلايدىغان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. قىسسىدە تەسۋىرلەنگەن داۋۇتنىڭ يۇقىرىقى پائالىيەتلىرى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قەتئىي قارشى تۇرىدىغان مەرد قەھرىمان، خەلق ئىشلىرىغا قارىتا ئادىل پادىشاھ، ھەم ئەمگەكچى، ھەم ھۈنەرۋەن، ھەم ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇستەھكەم ئىتىقادقا ئىگە شاھ سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئادىل شاھ توغرىسىدىكى ئىدىيەسى داۋۇتنىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى سۇلايمان ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل قاراش «يۈسۈف ۋە زۇلەيخا» قىسسىسىدىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى بولغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دا ئىبغىر سالماقنى مۇھەببەت تىمىسى تەشكىل قىلىدۇ، ئاز بولمىغان چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئوبرازلىرى يارىتىلىدۇ. قىسسىنىڭ ناھايىتى كەڭ لىنىيەسىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدە مۇھەببەت ۋەقەلىرىدىن «ئادەم بىلەن ھەۋۋا»، «يۈسۈف بىلەن زۇلەيخا»، «ئايۇپ بىلەن رەيىم بانۇ»لارنى مىسال قىلغىلى بولىدۇ.

مۇئەللىپ دۇنيا قاراش جەھەتتە «بىر ئاللا سىنتىرىزم»دىن ئوزۇقلانغان سوپىزم ئەدەبىياتىنىڭ «تەجەللى» ئىستىتىك پىرىنسىپىغا تايانغانلىقى ئۈچۈن، ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن قارشى قىلىپ قويمايدۇ. ئەمما ئۇنى ئىلاھىي كۈچ بىلەن چەكسىز مۇبالىغە قىلىپ غايىۋىلەشتۈرىدۇ. مەسىلەن: ئاللا ئادەمنى تۇپراقتىن يارىتىپ، ھەۋۋانى ئادەمنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارىتىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ نۇرىدىن بىر زەررە ئىلىپ ئۇنى 100 گە بۆلۈپ، ئۇنىڭ 99 نى ھەۋۋاغا بىرىدۇ. دىمەك ئۇ دۇنيادا تەڭداشسىز گۈزەللەردىن بولۇپ، ئادەم ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولىدۇ. ئاللانىڭ قۇدرىتىدىن ئادەم بىلەن ھەۋۋا جەننەتتە ھەشەمەتلىك توي قىلىدۇ. ئۇلار جەبرائىل، پەرىشتە ۋە شەيتانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئادەم بىلەن ھەۋۋا ۋىسالىغا يىتىشىپ جەننەتتە ياشايدۇ. ئەمما، جەننەتتە يىيىش مەنئى قىلىنغان بۇغدايىنى يەپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللانىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ، ئاللا ئۇلارنى جازالايدۇ ۋە ئادەمنى ھىندىستانغا، ھەۋۋانى جىددە تىغىغا تاشلايدۇ. ئادەمنىڭ بۇ دەردى پىراق ئىچىدە تۆككەن كۆز ياشلىرى سۇ بولۇپ ئاقىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاچچىق-چۈچۈك دورا پەيدا بولىدۇ. 300 يىل سادىقلىق بىلەن بىر-بىرىنى كۈتۈپ، قاتتىق مۇشەققەتتە ھايات كەچۈرىدۇ. ئەمما، ئاللا بۇ 300 يىل جەريانىدا بۇ ئەزىز بەندىلىرىگە جەبرائىل، پەرىشتىلەر ئارقىلىق شەپقەت كۆرسىتىپ ۋە 81 خاسىيەتنى ئاتا قىلىپ قايتىدىن مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ. ئىنسانىيەت ئۇلارنىڭ

نەسلىدىن بارلىققا كېلىدۇ[1].

دېمەك، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار ناھايىتى كەڭ، مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىل، ئۇنىڭدا ئاجايىپ-غارايىپ، ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان نەرسىلەرمۇ بار. لېكىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمىغا رېئاللىق ئارىلاشقانلىقى، ئادەم، بىلىم، مۇھەببەت، ئەمگەك، باتۇرلۇق، ئادىللىق، گۈزەل غايە مەدھىيەلەنگەنلىكى ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ؛ بىر قىسىم مەزمۇنلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ، ئۇ ئەسەرنىڭ شاكىلىغا تەڭ، خالاس.

## §4. ئاتايى

### 1. ئاتايىنىڭ ھاياتى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان مەۋلانا شەيخزادە ئاتايى ئۆزىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن لىرىك غەزەللىرى، شۇنداقلا سۆز ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن چوڭ شۆھرەت قازىنىپ، 15-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرگەن يىرىك نامايەندىلەردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئاتاقلىق شائىرلاردىن نەۋايى، لۇتفىي، سەككاكىيلار بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىپ، ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا زور ھەسسە قوشقان يېتۈك شائىردۇر.

ئاتايىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتلار يوق. بەزى مەنبەلەر ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى 15-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ سەمەرىلىك ئىجادىي دەۋرىنى مەلۇم تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن سەمەرقەند، ھىرات ۋە بەلخ شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزگەن. نەۋايىنىڭ «مەجالىسۇننەفائىس» (گۈزەللەر مەجلىسى) ناملىق ئەسىرىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئاتايى تاشكەنت بىلەن سايرام ئارىلىقىدىكى ھېزدىيان دېگەن قىشلاقتا دۇنياغا كەلگەنلىكى، بەلخ، ھىرات قاتارلىق شەھەرلەردە ياشىغانلىقى، نەسەب جەھەتتىن مەشھۇر تەسەۋۋۇپ شائىرى خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ قېرىندىشى ئىسمائىل ئاتا ئەۋلادىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى، خۇش تەبىئەت، ساددا، كەمتەر دەرۋىش سۈپەت ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

ئاتايى شائىرنىڭ ئۆز ئىسمى ئەمەس، ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ تەخەللۇس ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنى يەسەۋى تەرىقىتىنى راۋاجلاندۇرغۇچى سوپىلاردىن مەنسۇر ئاتا، زەنگى ئاتا، سۇلايمان ھاكىم ئاتا، ئەنبەر ئاتا، ئىبراھىم ئاتا [2] غا ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى ئاتايىلار نەسەبىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

شائىرنىڭ دىۋان مەۋقاسى بىلەن دىۋان قول يازمىسىنىڭ ئاخىرىدا ئىشلەتكەن «دىۋانى شەيخزادە ئاتايى» دېگەن تەخەللۇسىنىمۇ ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ سوپىلىق ۋە شەيخلىق بىلەن شۇغۇللانغان، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭمۇ شەيخلەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ۋە سوپى «ئاتا»لارنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرغۇچى ئىكەنلىكى روشەن بىلىنىدۇ. شائىرنىڭ:

---

[1] بۇ مەزمۇن پىروفېسسور شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات» (شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989-يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىدىكى بايانلار ئاساسىدا تەييارلاندى.

[2] ئاتا — ئەرەبچە ئاتا قىلغان، بەخشەندە قىلغان دېگەن مەنىدە.

*دۇناكۈن بىر فەيلۇ سوفى ئاقىلى كۆرگەن كىشى،*
*ئىلغاپ ئالمايدۇر بۇ كۈن مەجنۇن شەيدادىن مېنى.*[①]
*[تېخى تۇنۇگۇنلا پەيلاسوپ ۋە ئەقىللىق دەپ ھېسابلانغان كىشى،*
*بۈگۈن ماڭا ئوخشاش شەيدايى مەجنۇننى پەرق ئېتەلمەي قالدى.]*

دېگەن ئىككى مىسرا شېئىرىمۇ يۇقىرىقى پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئومۇمەن، شائىر ئاتايىنىڭ ھايات پائالىيىتى تارىخىي شارائىت تۈپەيلى 15 ـ ئەسىردە سەمەرقەند، ھىرات ۋە بەلخلەردە ئۆتكەن.

**2. ئاتايىنىڭ ئىجادىيەت خاھىشى**

ئەدەبىي ئەسەر شۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشى، دۇنيا قارىشى، ھېسسىياتى، قىممەت ۋە ئېستېتىك ئىدېئاللىنىڭ بەدىئىي ئىنىكاسىدىن ئىبارەت. مۇئەييەن ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان ئەدەبىي ئەسەر سەنئەتلەشتۈرۈلگەن تىل سەنئىتى ۋە ئىدىيەۋى خاھىشنىڭ سەنئەت شەكلىدە كونكرېت ئەكس ئېتىشىدۇر. ئاتايى تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى گۈللەپ ياشنىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قاراخانىيلاردىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئۈزۈكلۈك بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭىچە بىر ئۇسلۇب، يېڭىچە بىر ئىدىيەۋى خاھىش بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتا قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ 15 ـ ئەسىر سەھىپىسى ئۈچۈن غەزەل ژانىرىنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

15—16 ـ ئەسىرلەردە ھىرات، سەمەرقەند مەركىزىي ئاسىيادا مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. شائىر ئۆزىنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى تەلىم ـ تەربىيەسى ۋە ئىجادىيىتىنى ھىرات بىلەن سەمەرقەندتە داۋام قىلدۇردى. ئۇنىڭ بەدىئىي ئىستېداتىدىن قارىغاندا، ھاياتىدا خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغانلىقى سېزىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ 260 غەزەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «دىۋانى شەيخزادە ئاتايى» ناملىق بىر شېئىرىي دىۋانىلا دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. بۇ شائىرنىڭ ئەسلىي قول يازما نۇسخىسىغا مەنسۇپ ئەمەس. ئەسلىي قول يازما نۇسخا ھازىرغىچىلىك تېپىلغىنى يوق. ئۆزىدىن كېيىنكىلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بۇ نۇسخا ھازىر سابىق س. س. س. ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى لېنىنگراد شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا، ئەنە شۇ نۇسخىنىڭ فوتو كوپىيەسى ئۆزبېكىستان تىل ـ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. بىز مانا شۇ دىۋان ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارغا سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيەۋى ھېسسىياتقا ئاساسەن شائىرنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىغا باھا بېرىشكە قىسمەن ھەقلىق ئاساسلارغا ئىگە بولالايمىز.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەركىزىي ئاسىياغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان تەسەۋۋۇپ 15 ـ ئەسىرلەردە زور ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسىغا ئايلاندى. بۇ دەۋردە يېتىشىپ چىققان تۈركىي ۋە پارس ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تەسەۋۋۇپ ئىدېئالىدىن خالىي بولالمىدى. جالالىدىن رۇمى، ئەھمەد يەسەۋى، نەقشىبەندى، پەرىدىددىن ئەتتار قاتارلىقلار ناھايىتى يۇقىرى شۆھرەت ۋە كاتتا ئىمتىياز بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئاتايى بولسا مانا شۇ دەۋردە شۆھرەت قازانغان داڭلىق تەسەۋۋۇپچى ئەھمەد يەسەۋى جەمەتىدىن ئىسمائىل ئاتا ئائىلىسىدىن چىققتى. بۇ خىل مۇھىت ئۇنىڭ ئىدىيەسىگە ۋە ئىجادىيەت خاھىشىغا بەلگىلىك

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى 1 ـ سان، 84 ـ بەت.

دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. بىراق ئۇ تەسەۋۋۇپنىڭ مىستىك تەرغىباتلىرىغا ئەگەشمەستىن، بەلكى تەسەۋۋۇپنىڭ ئىلغار ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولماقتا. ئاتايى گەرچە تەسەۋۋۇپنىڭ ئىشق ئىدېئالى بويىچە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھاياتقا، ئىنسانغا، گۈزەللىككە چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە ئىشتىياق بىلەن مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئۇ ھاياتقا تولۇپ تاشقان ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئاتايىنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىنى ئومۇملاشتۇرغاندا مۇنداق بىر قانچە نۇقتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئاتايى تۇتقان ئىجادىيەت يولىدا ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى، بەدىئىي غايىسىنى ئۆز زامانىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئەدەبىي تىل ــ چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ بايراقدارلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى كەسكىن مەدەنىيەت توقۇنۇشىدا ئانا تىلنى مۇقەددەس بىلىپ، تۈركىيگۇي شائىر نامىدا شۆھرەت قازاندى. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان، ئانا تىلغا بولغان مۇھەببىتىنى ئەمەلىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق نامايان قىلدى. بۇنداق ئىلغارلىق ئۆز دەۋرىدە ھەم تەرەققىيپەرۋەرلىك، ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەدەنىيەتپەرۋەرلىك بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ئىككىنچى، ئاتايى ئىجادىيەت خاھىشىدا ئىشق ئىدېئالى مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل خاھىشى سىمۋوللۇق مەنە ۋە مەزمۇنلار بىلەن يوپۇقلانغاچقا روشەن سېزىلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ تۆۋەندىكى بۇ ئىككى مىسرادا ئىپادىلەنگەن خاھىش ئۇنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولغان دەپ قاراشقا يېتەرلىك ئاساس بولىدۇ.

*غايەتى بىلمەسلىكىندىن مۇددەئى كافىر بولۇر،*

*گەر سۇجۇد ئەيلەر ئاتايى سىزگە ھەق نۇرىن كۆرۈپ.*

*(ئاتايى سىزدىكى ھەقنىڭ نۇرىنى كۆرۈپ سەجدە قىلسام، ئۆكتىچىلەر بەكمۇ نادانلىقىدىن مېنى كاپىر بولدى دەپ ئەيىبلىشىۋاتىدۇ[1].)*

ئۇ مۇشۇ مەركەزدىن قاناتلىنىپ ئىنسانغا، ئىنسان گۈزەللىكىگە، مەنىۋى يۈكسەكلىككە تەلپۈنىدۇ. ئىشق ئىدېئالى تەسەۋۋۇپنىڭ تۈپ ئىدېئالى بولسىمۇ، لېكىن چىقىش نۇقتىسىدا خاراكتېرلىك پەرق قىلىدۇ. ئاتايى ئەھمەد يەسەۋىنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولسىمۇ، ئەھمەد يەسەۋى بىلەن ئاتايىنىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەسى خاراكتېرلىك پەرق قىلىدۇ. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرىدە تەركىدۇنيالىق، ھاياتنى قارىلاش غايىسى گەۋدىلىك ئورۇن تۇتقان بولسا، ئاتايىنىڭ غەزەللىرىدە ھاياتقا بولغان ئوتلۇق تەلپۈنۈش، گۈزەللىككە، يۈكسەكلىككە ئىنتىلىش غايىسى گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاتايى ئىجادىيىتى بەزىبىر بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولالمىدى. ئۇ بىۋاستە ھاياتقا يۈزلىنەلمىدى. خەلق تۇرمۇشىنى، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە بۇ ساھەنى ئاق تاشلاپ قويدى.

تۆتىنچى، ئەدەبىي تىل گەرچە ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي تىل دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي يۈزلىنىشكە ئەگەشكەن ئاتايى ئەسەرلىرىدە مەدرىسە تىلى ياكى كىلاسسىك ئەدەبىيات تىلى بولغان ئەرەب، پارس تىلى تەركىبلىرى خېلى زور دەرىجىدە سىڭىپ كىرگەن چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ باردى. گەرچە بۇ تىل تۈركىي تىل ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇنى يۇقىرى قاتلام زىيالىيلارلا چۈشىنەلەيتتى. ئاۋام بولسا ئۇنى چۈشىنەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن شۇ

[1] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 164 ـ بەت.

زاماندىن باشلانغان كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئارىسىدا نەچچە ئەسىر ھالىق پەيدا بولۇپ كەلدى. قانداقلا بولمىسۇن ئاتايىنىڭ تۈركىي تىل بىلەن ئەسەر يازغانلىقى ئۇنىڭ خاھىشىدىكى ئىلغارلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك، مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان يۈكسەك مۇھەببەتتىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

ئومۇمەن ئاتايىنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىدا ئىلغارلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئۈمىدۋارلىق، ئىنسانغا بولغان مۇھەببەت، ئىنسان گۈزەللىكىگە بولغان سۆيگۈ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

### 3. ئاتايى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى

ئاتايى غەزەللىرىنىڭ ئاساسلىق بەدىئىي غايىسى سىمۋوللۇق يار ئوبرازىنى يارىتىشقا قارىتىلغان. ئۇ مانا شۇ سىمۋوللۇق ئوبرازنى ۋاسىتە قىلىپ ھاياتنى كۈيلەيدۇ، مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدۇ، گۈزەللىكنى يارىتىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

1) ئاتايى غەزەللىرىدە تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىك بىر گەۋدىلىشىپ مۇكەممەللىك ھاسىل قىلغان ئىنسان ئوبرازىنى يارىتىدۇ.

*جامالىڭ ۋەسفىنى قىلدىم چەمەندە،*
*قىزاردى گۈل ئۇياتتىن ئەنجۇمەندە.*

دېگەن مىسراسىدا يارنىڭ يەنى سۆيگەن، ئىشق سىمۋولى بولغان ئىنساننىڭ تەرىپىنى چىمەنلىكتە قىلغانىدى، بۇنداق گۈزەللىك ئالدىدا گۈل ئۆزىنىڭ ئىنساندىن گۈزەللىكتە تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇياتتىن قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى دۇنيادا شەكلى گۈزەل بولغان تۇمەنلىگەن شەيئىلەر بار، بىراق ئۇلار پەقەت ئىنساننىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى ئارقىلىقلا ھېس قىلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا تىكەن بىلەن گۈلنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئادەمنىڭ نۇتۇق گۆھىرىمۇ جانغا روھ ۋە كۈچ بەخش ئېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ مەنىدىن چىقىپ ئاتايى يەنە بىر غەزىلىدە مۇنداق مىسرالارنى تىزىدۇ:

*بىر نەپەس ئاغزىڭنى كەلتۇر سۆزگە شېرىنلىك بىلە،*
*كىم، كېلۇر سۆز سۆزلەمەكلىك شەھدۇ شەكەردىن لەتىف.*

*[بىر پەس شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ بەرگىن، چۈنكى ھەسەل بىلەن شېكەرنىڭ مۇنداق يېقىملىق سۆزلەرنى قىلىش قولىدىن كەلمەيدۇ.]*

*جەۋھەرى روھىكىم ئەسلىن بىلمەدى ئەھلى كالام،*
*بەندە بىر سۆز بىرلە ناگاھ بىلدى ئاغزىڭدىن سورۇپ.*

*[مەن بەندەڭ ئاغزىڭدىن چىققان بىر سۆز بىلەنلا ناتىقلارمۇ بىلمەيدىغان سۆز گۆھەرلىرىنى بىلىۋالدىم.][①]*

روشەنكى، گۈل ھەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۇنداق نۇتقى يوق. ئۇنىڭ ئۇنداق گۈزەل، ھېكمەتلىك نۇتۇقلاردىن روھنى قاندۇرۇش ئىقتىدارى يوق. بۇنداق گۈزەللىكنى مانا شۇ نۇتۇقتا، تەپەككۇرغا، گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ئىگە، ھېكمەتكە تەقەززا بولغان ئىنسانلا بىلەلەيدۇ.

ئاتايىمۇ مانا شۇنداق گۈزەللىككە مەپتۇن بولغۇچى، گۈزەللىكتىن مەست بولغۇچى، گۈزەللىككە تەشنا بولغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ ئىنسان گۈزەللىكىنى ھەر قانداق گۈزەللىككە تەڭ قىلمايدۇ. ھەتتا كىشىلەر ئارزۇ-ئارمان قىلىدىغان جەننەتكىمۇ يارنىڭ ۋىسالىنى

---

① «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 156-، 174-، 162-بەتلەر.

تېگىشمەيدۇ.

*ماڭا ئۇل دۇنيادا جەننەت نە ھاجەت،*
*ئىشىكىڭ تۇپراغى بەسدۇر كەبەندە.*

شائىر بۇ يەردە يارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى تۇپراقتا كېپەنلىنىپ يېتىشنى ئۇ دۇنيانىڭ جەننىتىدىن ئەۋزەل كۆرۈۋاتىدۇ.

2) ئاتايى غەزەللىرىدە تەرىپلەنگەن يار ئىدېئال يار بولۇش بىلەن چەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ تۈركىي قىزلىرىنىڭ مەپتۇنكار سىماسىدا زاھىر بولغان كونكرېت ئىنسان ئىدى، يەنى ۋەتەنىنىڭ گۈزەللىرى ئىدى.

*مەڭىز يا رەۋزەئى رىزۋانىمدۇر بۇ؟*
*ئاغىز يا غۇنچەئى خەندانىمدۇر بۇ؟*

*قاراقچى كوزلەرىن كىم كۆرسە ئەيتۇر:*
*ئەجەپ ئەييارى تۈركىستانىمۇدۇر بۇ؟*

*چىقار ھەر لەھزە يۈزمىڭ شىۋە بىرلە،*
*مەلايىك خۇيلۇق ئىنسانمۇدۇر بۇ؟*

*〔ئىككى مەڭىزىڭنى يۈز دەيلىكمۇ ياكى جەننەتنىڭ گۈلزارى دەيلىكمۇ؟ ئاغزىڭنى ئېغىز دەيلىكمۇ ياكى كۈلۈپ تۇرغان غۇنچە دەيلىكمۇ؟*

*قاراقچى كۆزلىرىڭنى كۆرگەن كىشى: «توۋا بۇ، تۈركىستاننىڭ ئەييارىمىدۇ؟» دەيدۇ. ئۇ ھەر دەقىقىدە يۈز مىڭ ناز- كەرەشمە بىلەن چىقىپ كەلسە، «بۇ، پەرىشتە خۇيلۇق ئىنسانمىدۇ» دەپ قالىدۇ كىشى.〕*

بىز بۇنىڭدىن ھېس قىلالايمىزكى، شائىر ئاتايىنىڭ قەلىمى ئاستىدا تەرىپلىنىۋاتقان يارنىڭ ئوبرازى تۈركىي قىزلىرىدىن ئېلىنغان، تۈركىي قىزلىرىنىڭ تەڭداشسىز ھۆسن-جامالى شائىرنىڭ ئىشق ئىدېئالىنىڭ كونكرېت ئوبيېكتىگە ئايلانغان. شائىر مانا شۇ ياردىن ساداقەت، ۋاپادارلىق، مەنىۋى كامالەت كۈتىدۇ.

3) ئاتايى شېئىرلىرىدا يار ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسى بىلەن ئىشق ئىدېئالى مۇجەسسەملىشىپ، بۇ ئارقىلىق ساداقەت، ۋاپادارلىق ئىدىيەسى ئالغا سۈرۈلىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

*كورەرمەن باغى جەننەت مىۋەسىدىن،*
*ياڭاقىڭ نارىنى يۈز قەتلە بېھراق.*
*〔ئاناردەك يۈزۈڭنى جەننەتنىڭ مېۋىسىدىن يۈز ھەسسە ياخشى كۆرىمەن.〕*

*سەئىيى ئېتەر زاھىد مېنى جەننەتنىڭ ئەسكى باغىنە،*
*مەن بارۇرمەنمۇ يۈزۈڭتەك نەۋ باھارىمدىن يىراق.*
*〔زاھىت-سوپىلار مېنى جەننەتنىڭ كونا بېغىغا ئۈندەيدۇ،*
*مەن سېنىڭ نەۋ باھاردەك يۈزۈڭدىن قانداقمۇ يىراق كېتەي؟ ①〕*

بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ ئىدېئالىدا ئىشق ۋىسالىغا يېتىشنى جەننەتتىن ئۈستۈن قويىدۇ. يارنىڭ ۋىسالىنى جەننەت مىۋىسىدىن يۈز ھەسسە يۇقىرى قويىدۇ. بۇ يەردە ئىدېئال ئىشق ۋىسالى

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 156-، 162-، 166-، 176-، 178-بەتلەر.

بىلەن يار ۋىسالى بىر گەۋدىلىشىپ شائىرنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشى روشەن ئايان بولىدۇ. بىز بۇ يەردە شائىرنىڭ ئىدىئالىدا مۇقەددەس ئورۇندا تۇرۇۋاتقان «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» ئاساسىدىكى ئىشق ئىدىئالىنى چەتكە قاقمايمىز. ئۇلارنىڭ روھىدا بۇ ئىشق ئالدىدا جەننەت، دوزاخ، مۇسۇلمانلىق ۋە كۇپۇرلۇق ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا بىز يۇقىرىقى مىسرادىكى جەننەت ھەققىدىكى پىكىرنى جەننەتنى ئىنكار قىلغانلىق، ئېتىراپ قىلمىغانلىق، ئاتېئىستىك كۆز قاراش دېيەلمەيمىز. تەسەۋۋۇپ ئىدىئالىدىكى سىمۋوللۇق مەنە ۋە مەزمۇنلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

4) ئاتايى شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ يۈكسەك تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە تايىنىپ، چوڭقۇر ھېسسىياتى، گۈزەل تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق گۈزەللىكنى ناھايىتى نازۇك بىر جىلۋىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ ياراتقان، تەسۋىرلىگەن گۈزەللىك كىشىلەرنى چىن ۋە تەبىئىي گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ھاياتقا، گۈزەللىككە بولغان مۇھەببىتىنى ئاشۇرىدۇ.

يارنىڭ چىش تەبىرىدە:

*تىشلىرىڭدەك دانەئى ئۇممان ئىچىندە تاپمادى،*
*ھەر نەچە كىم ئىستەدى مىسكىن سەدەف ئاغزى قۇرۇپ.*

دەپ، سەدەپ بىچارىنىڭ ئۇممان دەرياسىدىن ئاغزى قۇرۇپ چاڭقاپ كەتكىچە ھەر قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ يارنىڭ چىشلىرىدەك گۈزەل ئۈنچىنى ئۇچراتمىغانلىقىنى يازىدۇ.

كۆز تەرىپىدە:

*زىھى ئىشرەت سېنىڭ ئوسرۇڭ كوزۇڭگە،*
*كى گۈلزار ئىچرە خۇش مەجلىس تۇرۇپتۇر.*

دەپ، يارنىڭ كۆزى ئۈچۈن گۈلزار ئىچىدە غۇلغۇلا بولۇپ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك مۇنازىرە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىدىن ھاياجانلىنىۋاتىدۇ.

ئېغىز تەرىپىدە:

*تالاشمىش غۇنچە ئاغزىڭ بىرلە تارلىق،*
*سەبا ئوغرىنچە ئاغزىنە ئۇرۇپتۇر.*

دەپ، غۇنچە بىلەن يارنىڭ لېۋى ئوتتۇرىسىدىكى بەس-مۇنازىرىدە غۇنچە يار لېۋىدىن كىچىكلىك تالاشقان ئىكەن، سابا يوشۇرۇنچە غۇنچىنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇپ ئەدەپلەپتۇ. بۇنىڭدىن تەبىئەتنىڭمۇ ئىنسان گۈزەللىكىگە قايىللىقى ئايان بولىدۇ.

5) شائىر غەزەللىرىدە ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىدە ئەڭ يۈكسەك ئورۇننى ئىگىلىگەن يارنىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى ھاياتنىڭ مەقسىتى، مەنىۋى كامالىتىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا بارلىقىنى ئاتايدۇ. بۇ خىل مەزمۇن ئاتايى غەزەللىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك چوڭقۇر ئىز سالىدۇ.

*كەل، ئى دىلبەركى، بوستان ۋەقتى بولدى،*
*گۈل ئاچىلدى، گۈلىستان ۋەقتى بولدى.*

*قىلاي نالە، باقىب گۈلدەك يۈزۈڭگە،*
*چۇ بۇلبۇللارغا ئەپغان ۋەقتى بولدى.*

*گۈلۇ بۇلبۇل بىكىن گۈلبۇنلار ئىچرە،*
*نىشاتۇ ئەيشى پىنھان ۋەقتى بولدى.*

*[كەل ئى دىلبەر، باغ تاماشاسى ۋاقتى بولدى،*
*گۈل ئېچىلدى، گۈلىستان ۋاقتى بولدى،*
*گۈلدەك يۈزۈڭگە قاراپ نالە قىلاي،*
*بۇلبۇللارنىڭ پىغان چېكىدىغان ۋاقتى بولدى.*
*گۈل بىلەن بۇلبۇل گۈل شېخى ئارىسىغا كىرىۋالغاندەك،*
*يوشۇرۇنچە كۆڭۈل ئېچىشىپ ئوينايدىغان ۋاقىت بولدى. ]*

«مەن» گەرچە يار ۋىسالىغا شۇنچە تەشنا بولسىمۇ، يار بىۋاپالىق قىلىپ ئاشىقنى ئۇنتۇغانلىقىدىن نالە قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

*ئۇنۇتتى بىر يولى ئول يارى بىۋافا بىزنى،*
*فىراقى دەردى بىرلە قىلدى مۇبتەلا بىزنى.*

بۇنداق جۇدالىقتا يالغۇز يارنىڭ ۋاپاسىزلىقىلا ئەمەس، بەلكى رەقىبلەر زۇلۇم بىلەن ئارىغا جۇدالىق سالغانلىقىغا غەزىپى تاشقان شائىر ئۇلارغا ئۆلۈم تىلەيدۇ.

*چۇ قىسمەتى ئەزەلىيدۇر شارابى ناب ئىچمەك،*
*نى مۇنچە يازغۇرادۇر شەيخى پارسا بىزنى.*

*رەقىب جانىنى تەندىن جۇدا ـ جۇدا قىلسۇن،*
*ئايىردى زۇلم ئىلە مەھبۇبدىن جۇدا بىزنى.*
*[سۈپىسۈزۈك مەي ئىچىش ئەزەلدە پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن تۇرسا.*
*تەقۋادار سوپىلار بىزنى نېمانچە گۇناھكار ھېسابلايدۇ؟*
*رەقىبلەرنىڭ جىنى تېنىدىن جۇدا بولسۇن*
*ئۇ زۇلۇم قىلىپ، بىزنى ياردىن ئايرىۋەتتى[1].]*

شائىر يۇقىرىقى مىسرالاردا جەبىر ـ زۇلۇم ۋە خورلۇقنى، ۋاپاسىزلىقنى تولا تارتىپ باغرى ئېزىلگەن، ۋاپادارلىقتا، مېھىر ـ شەپقەت ۋە ۋىسالغا تەشنا بولغان ئاشىق سۆيگەندە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆز مەشۇقىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پاكلىق، ساداقەتمەنلىك، ۋاپادارلىق ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شائىرنىڭ پاكلىق، ساداقەت توغرىسىدىكى ھېسسىياتىنى مۇنداق تەشنالىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاتايى ئادەمنى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنى ئالەمدىكى بارلىق گۈزەللىكلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ.

### 4. ئاتايى غەزەللىرىدىكى بەدىئىي كامالەت

شائىر ئاتايى ئۆز دەۋرىدە سەككاكىي، لۇتفىي ۋە ئەلىشىر نەۋايىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بولۇپمۇ شېئىرىيەت باغچىسىدا ئاجايىپ نەپىس، رەڭدار، جەلپكار غۇنچىلارنى ئېچىلدۇردى. ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىنىڭ پاساھەت ۋە كامالىتىنى ئۆزىنىڭ مىسرالىرىدا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك جەۋلانغا كەلتۈردى.

بىرىنچى، ئاتايى شېئىرلىرىدا ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىشق سەۋداسى ۋە ئىشق ئىدىيىالى بىلەن سىمۋوللۇق ئامىللار بىر گەۋدىلىشىپ، شائىرنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشىنى كونكرېت، جانلىق،

[1] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 184 ـ، 186 ـ بەتلەر.

ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىشتە ياخشى ئۈنۈم هاسىل قىلغان.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشق سەۋداسىنىڭ سىمۋوللۇق ئاساستا ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى بولغاچقا، شائىرلار پۈتۈن تەسەۋۋۇرى، ھېسسىياتى ۋە ئىشتىياقى بىلەن يار ئوبرازىنى تەڭداشسىز قىياپەتتە سۈرەتلەش ئۈچۈن زور دەرىجىدە كۈچ چىقاردى. چۈنكى ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەقىدە-ئېتىقاد بىلەن باغلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېستېتىك ئىدېئالى ۋە ئىشق ئىدېئالىدىكى ئەسلىي گۈزەللىكنى، گۈزەللىكنىڭ ئەسلىي مەنبەسىنى ئېۋەنسىز، غۇبارسىز، مۇناسىپ تەسۋىرلەش شائىرلار يەتمەكچى بولغان يۈكسەك بەدىئىي چوققا ھېسابلانغان. بۇنىڭ ئۈچۈن سۆز كانلىرىدىن ئېسىل دۇردانىلەرنى قازماي بولمايتتى. ئىنتايىن سەممىي ۋە ساپ دىللىق بىلەن دۇنيادىكى گۈزەللىككە ۋە يار گۈزەللىكىگە يۈزلەنمەي بولمايتتى. شۇڭا شائىرلار ھېسسىيات جەھەتتىن پەقەت ئىشق ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتى بولغان ياردىن باشقىنى ئويلىمايدۇ، تەسەۋۋۇر قىلمايدۇ. بۇ ھېسسىياتقا ھەر قانداق غەيرىي تەركىبلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىغا يول قويمايدۇ. شۇڭا شائىرلار قەلەم بىلەن ئەمەس، قان بىلەن يازىدۇ. ھەر بىر مىسرادىن ئىشق دەردىدە كاۋاپ بولغان باغرىنىڭ يارىسىنى كۆرىمىز. شۇڭا شېئىرلاردىكى ھېسسىيات ئىنتايىن ساپ ۋە ئوتلۇق، ئۇنداق ھېسسىيات ھەر بىر مىسرالارغا چوڭقۇر ئىز سىلىپ بارغاچقا، ھەر قانداق ئادەمنىڭ قەلب ھېسلىرىنى ئۆرتەيدۇ.

*ئاھ ئۆلتۈردى فىراق، ئول گۈلئۇزارىمدىن يىراق،*
*لالە يۈزلۈك، سەرۋ بويلۇق تۇغرى يارىمدىن يىراق.*

*نالە قىلىسام ھەرزامان ئەيىب ئەتمەڭ ئەي ئۇششاقىكىم،*
*ئەندەلىبى بىنەۋامەن لالە زارىمدىن يىراق.*

*[ئاھ، يىراق مېنى ئۆلتۈردى، مەن گۈل يۈزلۈك ياردىن يىراقتا قالدىم،*
*لالە يۈزلۈك، سەرۋى بويلۇق تۇغرا يارىمدىن يىراقتا قالدىم.*

*ئەي ئاشىقلار، ھەمىشەم نالە-پەرياد قىلسام ئەيىب قىلماڭلار،*
*لالە-زارىدىن يىراقتا قالغان بىچارە بۇلبۇلمەن[①].]*

شائىرنىڭ ھېسسىياتىدا گۈل يۈزلۈك ياردىن ئايرىلىپ يىراقتا قېلىشى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ تېنىدىكى جان ۋە روھ تۇرسا، ئۇنىڭدىن يىراقلاش، جۇدا بولۇش جانىدىن، روھتىن جۇدا بولغانلىق ئىدى، شۇڭا ئۇ نالە قىلىدۇ، پىغانلار چېكىدۇ، چۈنكى لالە-زارىدىن يىراقتا قالغان بۇلبۇل قانداقمۇ پىغان چەكمىسۇن. مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ ئەيىب قىلماڭلار دەپ ئۆتۈنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاشىقنىڭ دەردىنى باشقىلار قانداقمۇ ھېس قىلالىسۇن.

ئىككىنچى، ھەقىقىي بەدىئىي گۈزەل تىل ئۇنچىلىرى ساپ، چوڭقۇر ھېسسىيات دېڭىزىدا سەدەپ ئىچىدىكى گۆھەردەك يېتىلىدۇ. ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك بەدىئىي تىل گۆھەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئاتايى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۈكسەك ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىدىيەۋى ھېسسىياتلىرىنى پىشقان، تاۋلانغان، گۈزەل تىل بىلەن ناھايىتى يارقىن ئىپادىلەپ، گۈزەل سەنئەت ياراتتى.

[①] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 178-بەت.

*يۈزۈڭدىن شاملار زۇلفۇڭنى يىغساڭ،*
*فۇرۇغى ماھى تابان ھاجەت ئېرمەس.*

*بۈيۈك سەرۋۇ كۆزۈڭ نەرگىس، يۈزۈڭ گۇل،*
*سېنىڭ قاشىڭدا بوستان ھاجەت ئېرمەس.*

*ئەگەر گەشتى لەبى دەريا قىلۇرسەن،*
*كۆزۈمگە كەلكى، ئۇممان ھاجەت ئېرمەس[1].*

شۇنداق بىر گۈزەل يارنىلىپتۇركى، قاراڭغۇ كېچىدە چېچىنى شۇنداق قايرىيدىغان بولسا، قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتۇپ تۇرغان ئاينىڭ ھاجىتى قالمايدىكەن. ئۇنىڭ سەرۋىدەك قەددى-قامىتى، نەرگىس كۆزى، گۈلدەك يۈزى تۇرغان يەردە بوستاننىڭ ھاجىتى قالمايدىكەن. مانا شۇنداق يارنىڭ ئىشتىياقى «مەن»نىڭ كۆزلىرىنى دەرياغا ئايلاندۇرۇپتۇ. ئەگەر دەريا بويلاپ تاماشا قىلماقچى بولسا، كۆزىنىڭ قېشىغىلا كەلسە، دەريانىڭ كېرىكى بولماي قالىدىكەن. تىل مەنە ئۇنچىلىرى بىلەن جابدۇندۇرۇلۇپ تىزىلغانىدى، ئۇنىڭدىن مانا شۇنداق ئاجايىپ گۈزەل بىر سىيما ئايان بولدى.

شائىر يەنە تىلنىڭ ئۇنۇمىنى، ھېسسىياتنىڭ تەلپۈنۈشىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بولۇپمۇ سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، ئوخشىتىش، رىتورىك خىتاب كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

*ئۆل سەنەمكىم، سۆۋ ياقاسىندا پەرتىېك ئولتۇرۇر،*
*غايەتى نازۇكلىكىدىن سۆۋ بىلە يۇتسا بولۇر[2].*

بۇ مىسرالاردىكى تەسۋىرلىنىۋاتقان سەنەم ئوبرازىدا مۇبالىغە ۋاستىسى بىلەن قىزنىڭ گۈزەللىكى، نازۇكلۇقىنى، ئۇنىڭغا بولغان تەلپۈنۈش ۋە تەقەززالىقىنى ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي كامالەتتە ئىپادە قىلغان بولۇپ، گەرچە بىر گۈزەل قىزنى سۇ بىلەن يۇتۇۋېتىشنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ گۈزەللىكى، نازۇكلۇقى، ئۇنىڭغا بولغان تەلپۈنۈش، ئۇنى سۇ بىلەن يۇتۇۋېتىش ئارزۇسى تەبىئىي بىر ھالدۇر. شۇڭا بۇ مەتلەئىنى (جەھەتلەرنى) نەۋايى «مەجالسۇننەفائىس» ئەسىرىدە نەمۇنە قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئاتايى غەزەللىرىدە تىلنىڭ ئىپادە قۇۋۋىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشتا خەلق ماقال-تەمسىللىرىگە مۇراجىئەت قىلغانلىقى بىر تەرەپتىن، شائىرنىڭ خەلق ھېكمەتلىرىگە يېقىن ياندىشقانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تىلنىڭ ئاممىبابلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى رولىغا سەل قارىمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

*غەنىمەت تۇت جەمالۇ ھۆسن دەۋرىن،*
*مەسەلدۇركىم، يەنە بۇ دەم تاپىلماس[3].*

دېگەن مىسرادا گۈزەل ھۆسن-جامال دەۋرىنى غەنىيمەت بىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى، خەلقنىڭ ھەر بىر دەم غەنىيمەت، ئۇ قايتىپ كەلمەيدۇ دېگەن ھېكمىتى ئارقىلىق كەم-كوتىسىز ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتكەن.

ئەلىشىر نەۋايى ئاتايىغا ناھايىتى سەممىمي ۋە ئادىل باھا بېرىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن: «مەۋلانا ئاتايى بەلختە تۇراتتى. ئىسمائىل ئاتا پەرزەنتلىرىدىن ئىدى.

[1] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 174-بەت.
[2] «بۇلاق» ژۇرنىلى 1982-يىلى،1-سان،65-بەت.
[3] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 172-بەت.

دەرۋىش سۆپەت، خۇشخۇي ۋە ئۇچۇق چىراي كىشى ئىدى. تۈركچە شېئىر ئېيتاتتى. ئۆز زامانىسىدا شېئىرلىرى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كۆپ شۆھرەت قازاندى......... مەۋلانا ناھايىتى كۆپ تۈركچە شېئىرلارنى ئېيتاتتى. قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن باغلىنىپ قالمايتتى»[1].

بۇ بايانلاردىنمۇ ئاتايىنىڭ تۈركىي تىللىق شائىرلار ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىنى بېيىتىش، ئۇنىڭ ساپلىقىنى قوغداش يولىدا كۆپ قىممەتلىك ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغانلىقى ئايان بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاتايى ئىجادىيىتى ئاساسەن غەزەل ژانىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. غەزەللىرىدە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى تەرەپتىن گۈزەل قۇرۇلما بىلەن پىكىرنىڭ مەنتىقلىق راۋاجى ۋە خۇددى چاك باستۇرۇلغان كېسەكلەردەك زەنجىرسىمان باغلانغانلىقى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. غەزەل ژانىرى پىكىرنىڭ ئۇيۇلتاشتەك ئىخچام بولۇشىنى، شېئىري دېتاللارنىڭ زەنجىرسىمان تۇتىشىپ كېتىشىنى ئۆزىگە مۇھىم شەرت قىلىدۇ. بىز ئاتايى غەزەللىرىدىن بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ روشەن گەۋدىلەنگەنلىكىنى ئوچۇق كۆرىمىز.

## §5. مەۋلانا سەككاكىي

### 1. مەۋلانا سەككاكىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلغان، ئۇنىڭ گۈزەل ۋە پاساھەتلىكىنى ئالەمگە يايغان، شۇنىڭدەك يەنە غەزەل ۋە قەسىدە ژانىرىنىڭ پېشۋاسى، 15-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى — مەشھۇر شائىر مەۋلانا سەككاكىيدۇر.

نەۋايى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇننەفائىس» («ئەدىبلەر ئەنجۇمەنى»)، «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين» ناملىق ئەسەرلىرىدە سەككاكىينىڭ تۆھپىلىرى ئۈستىدە توختالغان. نەۋايى سەككاكىينى «ئۇيغۇر سۆز-ئىبارىلىرىنىڭ چېچەنلىرىدىن بىرى»، «ئۇيغۇر سۆز سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەن پاساھەتلىك شائىر» دەپ ئاتىغانلىقىغا، ئۇنى ئۇستازىم دەپ قارىغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن، ئىلىم-مەرىپەتتە يېتىلگەن، شېئىرىيەت بابىدا ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان شائىرلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ كۆزقاراشنىڭ توغرىلىقىنى يەنە نەۋايىنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەل ئۇستىلىرىدىن ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن مەۋلانا سەككاكىي بىلەن مەۋلانا لۇتفىيلاركى، بىزنىڭ تاتلىق شېئىرلىرىنىڭ شۆھرىتى تۈركىستاندا چەكسىز، يەنە بىرسىنىڭ يېقىملىق، گۈزەل غەزەللىرىنىڭ تارقىلىشى ئىراق ۋە خۇراساندا ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئايرىم (شېئىرىي) توپلاملىرى بار» دېگەن سۆزىمۇ دەلىللەيدۇ.

سەككاكىينىڭ شائىر لۇتفىي بىلەن زامانداش شائىر بولغانلىقىغا قاراپ شائىر سەككاكىينى 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان دېيىشكە بولىدۇ. شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بىز پەقەت ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىن بەزى مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز.

سەككاكىينىڭ تۆمۈرىيلەر ئەۋلادلىرىدىن بولغان خەلىل سۇلتانغا بېغىشلاپ يازغان قەسىدىسى بار. شائىر بۇ قەسىدىسىنى خەلىل سۇلتان بوۋىسى تۆمۈرنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئولتۇرغان 1405—1410-يىللىرى يازغان. 1410-يىلىدىن كېيىن شاھرۇخ خەلىل سۇلتاندىن

[1] «مەجالىسۇننەفائىس»، 345-بەت.

ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ پايتەختنى ھىراتقا (بۈگۈنكى ئافغانىستان تەۋەسىدە) يۆتكىگەن. خەلىلنى بولسا راي شەھىرىگە ھاكىملىققا تەيىنلىگەن. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي خەلىل سۇلتان راي شەھىرىدە زەھەرلىنىپ ئۆلگەن. دېمەك شائىر ئۆزىنىڭ خەلىل سۇلتانغا بېغىشلاپ يازغان قەسىدىسىنى چوقۇم 1410 ـ يىلىدىن ئىلگىرى يازغان. بۇ پاكىت شائىرنىڭ 14 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، شائىر ئەلىشىر نەۋايى 1467 — 1469 ـ يىللىرى سەمەرقەندتە سۈرگۈنلۈكتە بولغان چاغلىرىدا سەككاكىينى ئۇچراتمىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ، دېمەك ئۇ چاغدا سەككاكىي ۋاپات بولغان. شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرى تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ تۆتىنچى ھۆكۈمدارى، مەشھۇر ئاسترونومىيە ۋە گېئومېترىيە ئالىمى ئۇلۇغبەك تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل ئىدى. ئۇلۇغبەك ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ بارلىق ھۆكۈمدارلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى. ئۇلۇغبەك ناھايىتى چوڭ دائىرىدە ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنى تەشكىللەپ ئۆزىمۇ مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازدى. تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى بولغان سەمەرقەند ئۇلۇغبەك دەۋرىدە تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى. يېڭى بىنالار، زىننەتلىك قورۇلۇشلار، نۇرغۇن مەسچىت، خانىقالار قورۇلدى. بىناكارلىق، رەسساملىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. ئومۇمەن ئۇلۇغبەك ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۇنۇملۇك شارائىت يارىتىپ بەردى. مەشھۇر «ئۇلۇغبەك مەدرىسەسى»نى بىنا قىلىپ ئىلىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن زۆرۈر ئىمكانىيەتلەرنى ھازىرلىدى.

بۇ ھەقتە شائىر نەۋايىنىڭ :

*تۆمۈرخان نەسلىدىن سۇلتان ئۇلۇغبەك،*
*كى ئالەم كۆرمىدى سۇلتان ئۇنىڭدەك.*

دەپ يازغان شېئىرى تېخىمۇ دەلىللىكتۇر.

ئوتتۇرا ئەسىردە مۇسۇلمان دۇنياسىدا ھىرات، بۇخارا، سەمەرقەند، باغداد قاتارلىق شەھەرلەر ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئوچىقى ئىدى. كۆپلىگەن ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلىلىرى مانا مۇشۇ شەھەرلەردە تۇراتتى. سەمەرقەندتە ئۇلۇغبەكنىڭ رەسەتخانىسى بار ئىدى. بۇ شەھەرگە ئىلىم ـ پەن ئىگىلىرى ھەر جايدىن كېلىپ توپلاشقانىدى.

شائىر مانا شۇ سەمەرقەند شەھىرىدە ياشىدى ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. غەربىي چاغاتاي زېمىنىدىكى بۈيۈك ئالىملار، شائىرلار توپلانغان، ئەدەبىيات ـ سەنئەت راۋاجلانغان، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان سەمەرقەندتە سەككاكىينىڭ ياشىغانلىقى ئۇنىڭ ئۇلۇغ شائىر ۋە پاساھەتلىك سۆز ماھىرى بولۇپ چىقىشىدا ئالاھىدە رولى بولدى.

سەككاكىي ئۇيغۇر جۈملىدىن شەرق خەلقلىرىنىڭ شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىستىل يارىتىپ، يېڭى ـ يېڭى پىكىرلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى يېڭى تەرەققىياتقا كۆتۈردى. ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان قەسىدىلىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە قەسىدە ژانىرىنىڭ ئاساسى بولدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتقا باي، لىرىكىلىق، چوڭقۇر مەنىلىك غەزەللىرىمۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتتى.

بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى بىلەن باشقا ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەسىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، يەنە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. نەتىجىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، ئىران مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئىلغار تەسىرلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن ھالدا ئۆزىگە خاس كۆپ قاتلاملىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت شەكلىنى

بارلىققا كەلتۈرگەن. يېزىق جەھەتتىمۇ ئەسلىدىن قوللانغان سوغدى يېزىقى، ئورقۇن ـ يېنىسەي يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن باشقا يەنە ئەرەب يېزىقىنىمۇ قوللاندى. ئەرەب ـ پارس تىلىنىمۇ ئۆزلەشتۈردى. 14—15 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇر شائىر ـ يازغۇچىلىرىدا قوش تىللىق بولۇش ئاساسەن ئىشقا ئېشىپ بولغانىدى. شائىر سەككاكىي زامانىسىدا قوش تىللىق ئىجادىيەت قىلىش بىر خىل ئومۇميۈزلۈك ھادىسىگە ئايلانغان. شائىرلار ئۆز ئانا تىلى بولغان ساپ ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، شۇنداقلا ئەرەب ـ پارس تىلىدىمۇ شېئىر يازاتتى. ئەمما كېيىنكى مەزگىللەردە شائىر ـ يازغۇچىلاردا ئەرەب ـ پارس تىلىغا ئېغىش ھادىسىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇنىڭدا ئەرەب ـ پارس تىلىنىڭ تۈركىي خانلىقلاردا ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئاساسلىق سەۋەب بولدى، نەتىجىدە بەزى تۈركىي شائىرلار ئەرەب ـ پارس تىلىنى «گۈزەل تىل» دەپ قاراپ، ئەرەب ـ پارس تىلىدا شېئىر يېزىشنى كۆچەپ بازارغا سالدى. پارس تىلىدا يېزىلمىغان شېئىر شېئىر ئەمەس، پارس تىلىدا شېئىر يازمىغان شائىر شائىر ئەمەس دەپ داۋراڭ قىلىشتى، مانا شۇنداق چاغدا ئۇيغۇر شائىرى سەككاكىي زاماندىش شائىرلاردىن لۇتفىي، ئاتايىلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، ئۆز ئانا تىلىدا گۈزەل، يېقىملىق، تەسىرلىك شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆز ئانا تىلىنىڭ گۈزەللىكىنى ئالەمگە تەنتەنە قىلدى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۆھرىتى ۋە سالىقىنى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مىللىي شائىردۇر.

## 2. سەككاكىي شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى

سەككاكىي شېئىرلىرى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن قەسىدە ۋە غەزەللىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ «دىۋانى سەككاكىي» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بولغان.

شائىرنىڭ دەۋرىمىزگە 50 نەچچە قەسىدە ۋە غەزەللىرىدىن تەركىب تاپقان تولۇقسىز دىۋانى يېتىپ كەلدى. دىۋان شەرق كىتاب تۈزۈش تەرتىپى بويىچە ئاۋۋال خۇدا، پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارغا ھەمدە ۋە نەئىت بىلەن باشلىنىدۇ. ئاندىن ھاجى مۇھەممەد پارساغا بىر قەسىدە، خەلىل سۇلتانغا بىر قەسىدە، ئۇلۇغبەك نامىغا تۆت قەسىدە، ئارسلان خوجا تارخانغا تۆت قەسىدە يېزىلغان ۋە باشقا غەزەللىرىمۇ بار.

سەككاكىي غەزەل ۋە قەسىدىلىرى يېقىملىق تەلەپپۇزغا، باي تەسەۋۋۇرغا، جۇشقۇن ھېسسىياتقا، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە، ھاياتقا بولغان گۈزەل ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن. شائىر ئۆزىنىڭ ۋاپا ۋە ساداقەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇنى يۇقىرى دەرىجىدە مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ۋاپا ـ ساداقەت توغرىسىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۆزىگە خاس بىر بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ غەزەل، قەسىدىلىرىنىڭ تىلى خەلق تىلىغا يېقىن بولۇپ، ئوبرازلىق، شەكىل جەھەتتىن رەڭدار.

شائىر شېئىرلىرىدا پاك ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلىدى. ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئائىت مەسىلىلەرنى ۋىجدان ۋە نومۇسقا باغلاپ ھەل قىلىشقا، چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن شائىر تەرەققىيپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك ئىلغار قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم تەشەببۇس قىلدى:

*ئى راست قەدىڭ سەرۋى راۋان جان چەمەنىندە،*
*يۈزۈڭ كەبى گۈل يوق، گۈلۈستان چەمەنىندە.*
*بۇ شىۋە بىلەن سەن يۈرىسەن ھەر چىمەن ئىچرە،*
*ھۆر يۈرۈمەگەي ئالتىنە رىزۋان چەمەنىندە.*

*[تۆپتۆز كېلىشكەن بويۇڭ جان چىمەنىمدە ئۆسكەن بىر گۈزەل سەرۋى،*
*گۈلىستان ـ چىمەنلەردە يۈزۈڭدەك چىرايلىق بىرمۇ گۈل يوق.*
*بۇ شوخلۇق بىلەن چىمەنلەردە يۈرسەڭ،*
*جەننەتنىڭ ھۆر ـ پەرىلىرىمۇ ئالدىڭدا يۈرۈشتىن خىجىل بولىدۇ]*

*قوللۇققە بىتىك بىرۇر يۈز شاتلىق ئەيلەر،*
*زۈلفۈڭ قەدىڭە سۈنبۈلۈ رەيھان چەمەنىندە.*
*يۈز پارە قىلۇر گۈل يۈزۈڭ ئالىندە ئۆزىنى،*
*چۈن تاپمادى ئول رەۋنەقۇ قان چەمەنىندە.*
*[چىمەندىكى سۈمبۈل بىلەن رەيھان، چېچىڭ بىلەن بويىڭغا،*
*بىز قۇل بولساق دەپ خۇشاللىق بىلەن خەت بېرىدۇ.*
*يۈزۈڭ ئالدىدا گۈل يۈز پارە قىلىدۇ،*
*چۈنكى، ئۇنىڭ چىمەندە گۈللەپ ياشىنىشىغا كۆزى يەتمەيدۇ،]*

شائىر بۇ مىسرالاردا ئاجايىپ تەڭداشسىز گۈزەللىكنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن گۈزەل يار (مەشۇق)نىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا كۈچلۈك مەدھىيە ئوقۇيدۇ. قارىماققا ئىشق غەزىلىدەك، ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىغا بولغان ساغلام ھېسسىياتىدەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق ئىچكىرىلەپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭغا شائىرنىڭ ئىلغار تەرەققىيپەرۋەرلىك غايىسى، كۆز قارىشى سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز، شائىر ئايالالار قۇل بولغان، ھوقۇقسىز، ئەركىسىز بولغان فېئودالىلىق جەمئىيەتتىن قۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ جەننەت ھۆرلىرىنى خىجىل قىلىپ ماڭىدىغان گۈزەل كۈنلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئايالالارغا بولغان ھېسداشلىق ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىنساني ھوقۇقىنى قوغداشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تەبىئەت مەنزىرىسىنى، گۈل، رەيھان، چىمەنلەرنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، رېئال ھايات گۈزەللىكىنى، ھايات قىممىتىنى ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئېچىپ بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ خىل گۈزەللىككە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە ئىنتىلىشىنى زوق ـ شوق بىلەن بايان قىلىدۇ. ئېنىقكى بۇنداق ئىلغار ئاڭ ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي سوپىستىك ئىدىيەلەر تەسىرىدە خورلانغان، بوغۇلغان ئىنسان ھېسسىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى زور قىممەتلىك ئىدى.

شائىر سەككاكىي ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ شەپقەت، ۋاپادارلىقنى كۈيلەيدۇ، ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ. مەسىلەن :

*قارا كۆز بىرلە بىر غەمزە قىلىپ يۈزمىڭ جەفا قىلما،*
*كەرەشمە بىرلە ئالەمنى مەنىڭتەك مۇپتىلا قىلما.*
*باغرى قان ئەيلەدىڭ جەبرۇ جەفالار بىرلە سۇلتانىم،*
*كۆزۈم ياشى بىلەن ھەردەم يۈزۈمدىن مەجەرا قىلما.*
*[قارا كۆزۈڭ بىلەن بىر غەمزە قىلىپ قويۇپ ماڭا يۈزمىڭ جاپا قىلما،*
*ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئالەمنى مەندەك بالاغا دۇچار قىلما.*
*ئەي شاھىم، جەبىر ـ جاپا بىلەن باغرىمنى قان ئەيلىدىڭ،*
*ھەمىشە يۈزۈمدىن كۆز يېشىمنى ئاققۇزما.]*

شائىر يەنە مۇنداق يازىدۇ :

*زۇلمۇ سەتەمىنى زۇلفۇكۇ كافىر كۆزۈڭگە ئۆگرەتىپ،*
*بۇ كەڭ جاھاننى سەن ماڭا بىر تار زىندان ئەيلەمە.*
*[جەبىر- زۇلۇم قىلىشنى كاپىرانە كۆزۈڭ بىلەن چېچىڭغا ئۆگىتەي،*
*بۇ كەڭ جاھاننى مەن ئۈچۈن بىر تار زىندانغا ئايلاندۇرما.]*

شائىر بۇ مىسرالاردا جەبىر-زۇلۇمنى كۆپ تارتىپ مېھىر-ۋاپاغا زار بولغۇچى بىر ئاشىق سۈپىتىدە مەشۇقىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ۋاپا ۋە رەھىم، مېھىر-شەپقەت تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئەينى دەۋر رېئاللىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ۋاپا ئورنىنى جاپا ئىگىلىگەن، مېھىر-شەپقەت ئورنىنى تاش يۈرەكلىك، رەھىمسىزلىك ئىگىلىگەن ئەنە شۇ دەۋردە ئاپتورنىڭ ۋاپا، مېھىر-شەپقەت تەلەپ قىلىشى بىر مەنىدىن ئالغاندا، ئەخلاق جەھەتتىن بۇزۇلۇپ كەتكەن، چىرىكلەشكەن فېئوداللىق زامان رېئاللىقىغا بولغان نارازىلىق، قارشىلىقنىڭ يارقىن ئىپادىسى. جەبىر-زۇلۇم قاپلاپ كەتكەن جەمئىيەتكە نىسبەتەن مېھىر-شەپقەت تەلەپ قىلىش ئۇنى ئەخلاقىي جەھەتتىن ئوڭشاش ئىدى.

سەككاكىي تەڭسىزلىكلەرگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ يەنە مۇنداق يازىدۇ:

*بىزنى رەقىبلەر ئۆلتۇرەدۇر يوق ساڭا خەبەر،*
*ئەيۋاي نىمىچە تارتالى ئىتلار ماجالىنى.*
*ھەر لەھزە قافتەك كىلۇر ئالىمغە قايغۇ ئاھ،*
*سەككاكىينىڭ نەكۆرمىدى بۇ قاتتىغ ئالىنى.*
*[رەقىبلەر مېنى ئۆلتۇرمەكچى بۇنىڭدىن سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق،*
*ۋاي-ۋاي قاچانغىچە ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرەرمەن.*
*ئاھ ئالدىمغا ھەردەم كۈھىقاپتەك قايغۇ يۈزلەنمەكتە،*
*سەككاكىينىڭ شۇم پېشانىسى نېمىنى كۆرمىدى.]*

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا مۇھەببەت ئۈچۈن سادىقلىق، ۋاپا ئۈچۈن مەردلىك، ئاشىقلىق ئۈچۈن جان پىدالىق ئىدىيەلىرىمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن:

*ئەگەر شىرىن ئۈچۈن فەرھاد ئىشقى كۆھكەن بولسا،*
*نىتاڭ سەككاكىي ھەم جانا يولۇڭدا جانكەي بولدى.*
*[ شىرىن ئىشقىدا فەرھاد تاغ كەسكۈچى بولسا،*
*ئەييار سەككاكىي يولۇڭدا جېنىنى پىدا قىلسا ئەجەب ئەمەس.]*

شائىر بەزى غەزەللىرىدە پاك كۆڭۈل، ساداقەتمەن يارغا تەلمۈرۈش ئارزۇسىنى ۋاسىتە قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قايناق ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

*ئەگەر قاشىمدا ئول گۈل ئۇزار بولسا ئىدى،*
*غەمى يوق ئىردى غەمىم گەر ھەزار بولسا ئىدى.*
*كۆزۈم باغرى قانىدىن يۈز نىگار قىلماس ئىدى،*
*ئەگەر كۆڭۈلگە مۇۋاپىق نىگار بولسا ئىدى.*
*بىرەر كۆڭۈل غەمىدىن بولسا ۋاقىف دوست،*
*نە قايغۇ دۈشمەن سەد ھەزەر بولسا ئىدى.*
*ئۆلەردە قالمىغاي ئىردى كۆڭۈلدە بۇ ھەسرەت،*
*رەقىب ئىت بىكىن ئىشىكىدە زار بولسا ئىدى.*
*[ ئەگەر قېشىمدا ئاشۇ گۈل يۈزلۈك بار بولغاندا ئىدى،*
*مىڭلاپ غېمىم بولسىمۇ غەم ھېسابلىمايتتىم.*

ئەگەر كۆڭلۈمگە مۇۋاپىق بىر يار بولسا ئىدى،
يۈز نىگار بولسىمۇ كۆزۈم قانلىق ياش تۆكمىگەن بولاتتى.
دوستلىرىم كۆڭلۈمدىكى غەمدىن ئازراقلا خەۋەر تاپسا ئىدى،
يۈزمىڭلاپ دۈشمىنىم بولسىمۇ قايغۇرمىغان بولاتتىم.
رەقىبلەر ئىشىكىڭ ئالدىدا ئىتتەك خار بولۇپ يۈرسە ئىدى،
ئۆلەر ۋاقتىمدا كۆڭلۈمدە قىلچە ھەسرەت قالمىغان بولاتتى.]

مانا بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ ئادالەتسىزلىك، باراۋەرسىزلىك يوقىلىپ، ئەركىن، ھۆر بولغان ئازادە زامانغا بولغان تەلپۈنۈشى ئىپادىلەنگەن. ئىنسان تۇيغۇسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شائىرنىڭ ساداقەتمەن يار بىلەن بىللە بولغان، دوستلۇق، مېھرىبانلىق كۆچەيگەن گۈزەل زامانغا بولغان ئىنتىلىشى ئەكس ئەتكەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئومۇمەن شائىر سەككاكىينىڭ شېئىرلىرى ئۆز رېئاللىقىدىكى نازۇك تېمىلارنى، ئۆتكۈر مەسىلىلەرنى دەل جايىدا ئىپادىلەپ، ئۆزىگە خاس دەۋر قىممىتىنى ياراتقان. قالاقلىق، زاۋاللىق، زۇلۇم، زوراۋانلىق، ۋاپاسىزلىقلارنى تەنقىدلەپ، گۈزەللىك، ئىلغارلىق، باراۋەرلىك ئىشقا ئاشقان كېلەچەكنى مەدھىيەلىگەن، كىشىلەرنى گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئارمانغا يېتەكلىگەن. مانا بۇ نۇقتىلار شائىر شېئىرلىرىنىڭ زور ئىجتىمائىي قىممەتكىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### 3. سەككاكىي شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

1) شائىرنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان سۆيۈنۈشى ئوبرازلىق تىل ئىچىگە سىڭدۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

كىم ئىرمەس ئول ئاي مۇپتىلاسى،
يالغۇز ماڭا يوق ئانىڭ بالاسى.
كىم كۆرسە ئانىڭ يۈزىنى ئەيتۇر،
نە تۇرفە ئىرۇر بۇ تۈرك بەلاسى.
تۈركانە ئىر-ئىرلا غۇنچە ئانىڭ،
كۆيدۈردى مېنى يالاي بۇلاسى.
[ئۇ ئاينىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولمىغان كىم بار،
ئۇنىڭ بالاسىغا ئۇچرىغان مەنلا ئەمەس.
ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرگەن كىشىلەر،
بۇ تۈرك بالىسى ئاجايىپ ئىكەن دېيىشىدۇ.
ئۇ تۈركچە ناخشا ئېيتسا،
ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى يۈرىكىمنى كۆيدۈرىدۇ.]

شائىرنىڭ «يار» توغرىسىدىكى بۇ غەزىلىدە «ئاي مۇپتىلاسى»، «ئاي شولىسى» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. شائىر بۇ سۆزلەرنى مەقسەتسىزلا ئىشلەتكەن ئەمەس. بۇ سۆزلەر شائىرنىڭ ئۆز خەلقى ۋە ئۆز ئانا تىلىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئانا تىلغا بولغان مۇھەببەت ناخشىسىدۇر. شائىر بۇ يەردە ئۆز ئانا تىلىنى ئاينىڭ گۈزەللىكىگە، ئانا تىلدا يېزىلغان نەزمىنى مۇڭلۇق ناخشىغا ئوخشىتىدۇ.

2) شائىر جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىقلار بىلەن شېئىرىي مەنىنى يوشۇرۇنلۇقتا ئىگە

قىلغان، بۇ ئارقىلىق شېئىرىي پىكىرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇقتا ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

*جانىم كۆرگەن جافانىڭ مىڭدە بىرىن،*
*بولۇر كۆرسە سەندان پارە-پارە.*
*كۆلۈردە كۆرسە ئاغزى بىرلە تىشىن،*
*بولۇر گۈلنارى خەندان پارە-پارە.*
*[ئەگەر مەن كۆرگەن جاپانىڭ مىڭدىن بىرىنى كۆرسە،*
*تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىمۇ پارە-پارە بولۇپ كېتەتتى.*
*ئاغزى بىلەن چىشىنى كۈلگەن چېغىدا كۆرسە،*
*كۈلۈپ تۇرغان ئانارگۈلمۇ قات-قات يېرىلاتتى.]*

3) شائىر شېئىرلىرى جۇشقۇن، ھېسسىياتلىق بولۇش بىلەن بىللە، تەسەۋۋۇرغىمۇ ئىنتايىن باي. مەسىلەن:

*كۆرۈپ گۈلدەك يۈزۈڭ جان پارە-پارە،*
*مەگەر ھەممىم قىلدى ئەل جان پارە-پارە.*
*جانىم كۆرگەن جافانىڭ مىڭدە بىرىن،*
*بولۇر كۆرسە سەندان پارە-پارە.*

بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى، تەسەۋۋۇرغا باي، ئوبرازلىق تەپەككۇر قابىلىيىتىگە ئىگە كامالەتكە يەتكەن شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈش قىيىن ئەمەس.

دېمەك، شائىر سەككاكىي ھەم شېئىرىيەت ئۇستازى، ھەم تىل ئۇستازى بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ غەزەللىرى ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىققا نىسبەتەن كۈچلۈك تەنقىدىي خاھىشقا ئىگە. شائىر رېئاللىقنى ئۆتكۈر ھەم چوڭقۇر كۆرسىتىپ، ماھىيەتلىك زىددىيەتلەرنى دەل ھەم توغرا ئېچىپ بەرگەن. شېئىرلىرىدىكى ئىلغار پىكىر، گۈزەل ئېستېتىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆزىدىن كېيىنكى شائىرلارغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ شائىرنىڭ ئانا تىل ھەققىدىكى قىزغىن ھەم قەتئىي پوزىتسىيەسى ئاشۇ دەۋردىكى «پارسچىلىشىش» ئېقىمىغا نىسبەتەن جانلىق تەسىر پەيدا قىلىپ، ئانا تىلنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدا ئەسەر يېزىش ئېقىمىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. سەككاكىي باشلاپ بەرگەن بۇ يول نەۋايى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

## §6. مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفىي

### 1. مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفىينىڭ ھاياتى

لۇتفىي[①] (يەنى مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفىي. تۆۋەندە لۇتفىي دەپ ئېلىنىدۇ) 15-ئەسىردە ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ كامالەتكە يەتكەن پىر-

[①] لۇتفىي — رەھىمدىل، ساخاۋەتلىك، مەرھەمەتلىك، ياخشى نىيەتلىك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇستازى»[1] نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان ۋە زور تەسىر قوزغىغان يېتۈك شائىردۇر.

لۇتفىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان خادىملار بىردەك شائىرنى ھىجرىيەنىڭ 768 ـ (مىلادىيە 1366 ـ) يىلى دۇنياغا كەلگەن، ھىرات شەھىرىنىڭ دېھكەنار باياۋانىدا پەقىرانە ھايات كەچۈرگەن. ئۇ ھىجرىيە 867 ـ (مىلادىيە 1465 ـ) يىلى تۆمۈرىيلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ھىراتتا ۋاپات بولغان دەپ يېزىشىدۇ[2]. بەزى ئىلمىي تەتقىقاتچىلار: «ئاتاقلىق شائىر لۇتفىي شاگىرتى نەۋايىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھىرات يېنىدىكى بىر يېزا (دېھكەنار)دا تۇغۇلغان. 99 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ شۇ جايدا ۋاپات بولغان» دەپ كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى بەزى تەتقىقاتچى خادىملار ئۆز ئىلمىي تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن لۇتفىينى كاشغەردىن بولسا كېرەك دەپ قاراشسا، يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار كۆپرەك شائىرنىڭ:

*يالغۇز ھىرىدا يوقكىم، ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىندە،*

*شېئىرىڭ شىئارى، لۇتفىي، خىتاۋۇ خوتەندە بار.*

دېگەن شېئىرىي مىسراسى ۋە باشقا بەزى ئۇچۇرلاردىن شائىرنى خوتەندە تۇغۇلغانمىكىن دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. شائىرنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش شېئىرىي مىسرالىرىدىن يالغۇز ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىغا تەۋە بولغان جايلارنى ئېنىقلىشىمىزغا پاكىت تېپىلىپ قالماستىن، بەلكى لۇتفىي ھايات مەزگىلىدىلا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە كەڭ تارقالغانلىقىنى، ھەتتا بۇ خىل ئىلمىي ھادىسىلەردىن شائىرنىڭ ئۆزىمۇ ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بىلىشىمىزگە تامامەن بولىدۇ. خوتەنلىك ئەدىب موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۇجىزىينىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا: «بۇ ئەزىز موغۇلىستاندىن[3] ئىردىلەر»[4] دەپ يېزىپ، ئۇنىڭ موغۇلىستانلىق ئىكەنلىكىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. ئەمما نېمە سەۋەبتىن ھىرات تەرەپلەرگە چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت. چۈنكى ئەينى زاماندا موغۇلىستاندا ھەر دائىم بولۇپ تۇرغان ھوقۇق ۋە ئىمتىياز تالىشىش ئۇرۇشلىرى، دىنىي ماجرالار ئەلنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، خەلققە زور بالا ـ قازا، مەدەنىيەتكە ۋەيرانچىلىق كەلتۈرگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن شائىر لۇتفىي بىر بۆلەك ئالىملار ۋە شائىرلارغا ئوخشاش ئۆز ھاياتىنى قوغداپ قېلىش ۋە تىنچ مۇھىت ئىچىدە ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە موغۇلىستاندىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان ھىرات شەھىرىگە بېرىپ ماكانلاشقانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دەپ ئىلمىي پەرەز قىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، لۇتفىي ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپتىكى ئەقلىي ۋە ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈپ چىقىش ۋە مول بولغان ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى يارىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان مەزگىللەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيىتى بىر قەدەر گۈللەنگەن مەركەزلەردىن سەمەرقەند، بەلخ، ھىرات قاتارلىق

---

[1] ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇل ـ بىدايە دىباچىسى»دىن. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (2)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 173 ـ بەت.

[2] موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۇجىزىي «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا لۇتفىينى ھىجرىيە 878 ـ (مىلادىيە 1473 ـ) يىلى ۋاپات بولغان دەپ يازغان.

[3] موغۇلىستان — ئەسلى شەرقتە قاراشەھەر، غەربتە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كۆكچە دېڭىز (بالقاش كۆلى)گىچە، جەنۇبتا قاراقۇرۇمغىچە بولغان ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ (ماڭلاي سۇيە) قاتارلىق رايونلار تارىختا «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان. بۇ موغۇللار (چاغاتاي ئەۋلادلىرى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار دېگەنلىكتۇر.

[4] موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۇجىزىي: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 39 ـ بەت.

شەھەرلەر شائىرنى ئۆزىگە كۆچلۈك جەلپ قىلغان بولسا كېرەك.

شائىر ئۆزىنىڭ مۇتلەق كۆپ ئىجادىي مەھسۇلاتىنى «خاقانىيە تىلى»نى ئاساس قىلغان چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدا يارىتىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە زور تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ شائىردۇر. لۇتفىينىڭ «دىۋانى لۇتفىي» ۋە «گۈل ۋە نەۋرۇز»① ناملىق ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

## 2. «دىۋانى لۇتفىي» ھەققىدە

«دىۋانى لۇتفىي» لىرىك شېئىرلاردىن جەملەنگەن توپلام. ئۇنىڭ مەزمۇنى تولىمۇ چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولۇپ، كەڭ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش شەرتىنى ھازىرلىغان.

شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تەۋسىيىسى بويىچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «فەسىھ ۋە بەلىغ (ئۆتكۈر ۋە گۈزەل) ئەدەبى»، «ئەزىز ۋە تەۋەررۇك كىشىسى»، غەزەل ژانىرىنىڭ پېشۋاسى ھېسابلانغان لۇتفىي ئۆز ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن كىشىگە چوڭقۇر تەسىرات بېغىشلىغۇچى ئىلغار پىكىرگە ئىگە كۆپلىگەن غەزەللەرنى يازغانىدى. ئۇ رېئال ھايات تېمىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ تېماتىك ئىدىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، شېئىرىي غەزەللىرىنىڭ مەزمۇنىنى رەڭدارلىقتا، شەكلىنى خىلمۇ خىللىقتا ئىگە قىلىپ، غەزەللىرىنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ بەدىئىي تەسىرچانلىقىنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرگەنىدى.

شائىرنىڭ ئىجادىيەت پافوسى (بەدىئىي ئىدېئالى ـ غايىسى) ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسىنى ئاساس قىلغان. لۇتفىي ئۆزىنىڭ بۇ خىل بەدىئىي غايىسى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان، «دىۋانى لۇتفىي»غا كىرگۈزۈلگەن لىرىك شېئىرلىرىدا ھايات گۈزەللىكلىرىنى، چىن ئىنسانىي تۇيغۇلارنى زوق ـ شوق بىلەن قىزغىن كۈيلەپ رېئال ئىنسان چىن سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىگە بېغىشلايدۇ. بۇ شائىر غەزەللىرىدە ئىپادىلىگەن «ئىنسان مەركەزچىلىك»نى ئوتتۇرىغا قويغان گۇمانىستىك ئىدىيە تېندېنسىيەلىرىنىڭ روشەن بەلگىسىدۇر.

شائىر لۇتفىينىڭ شېئىرىي ئىجادىيەت پافوسى (بەدىئىي غايىسى) ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا باشتىن ـ ئاياغ ئىزچىل داۋام قىلغان بولۇپ، رېئال ئىنسان گۈزەللىكىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن مەجازىيلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، «گۈزەل يار ئوبرازى»نى تولىمۇ يارقىن يارىتىدۇ:

*فەرىيۇ ئادەمى مۇنداق خوپ ئېرمەس،*
*فەرىشتە گۈيىيا كۆكتىن ئېنىبدۇر.*
*قۇياش ئايەدەك يۈزۈڭنىڭ خىجلەتىدىن،*
*قاچىب تۆرتۈنچى كۆك ئۈزرە چىقىبدۇر.*②

*[پەرى بولسۇن، ئادەم بالىسى بولسۇن مۇنداق چىرايلىق ئەمەس،*
*گويا ئاسماندىن پەرىشتە چۈشۈپتۇ. قۇياش ئايدەك يۈزۈڭدىن خىجىل بولۇپ، تۆتىنچى ئاسمانغا قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ.]*

شائىر پۈتۈن شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ئىنسان گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىگەندە، «گۈزەل يار» ئوبرازى ئارقىلىق ئىنساننىڭ تەبىئىي رېئال گۈزەللىكىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان تىپىك

---

① «گۈل ۋە نەۋرۇز» ئىلگىرى لۇتفىينىڭ خاس ئەسىرى دەپ قاراپ كېلىنگەن. تۈركىيەلىك گۈناي قارا ئاغاچ «لۇتفىي دىۋانى» (ئەنقەرە 1997 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىدا ئۇنىڭ ئەسلى جالالىدىن تەبىب تەرىپىدىن ھىجرىيە 734 ـ (مىلادىيە 1333 ـ) يىلى پارس تىلى بىلەن يېزىلغانلىقىنى، لۇتفىينىڭ شىراز ئەمىرى ئىسكەندەر مىرزىنىڭ نامىغا بېغىشلاپ تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. بۇ نۇقتىغا بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىنىدۇ.

② «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 234 ـ بەت.

دېتاللار «كۆز، يۈز، ساچ-چاچ، قاش، كىرپىك، لەۋ» ئېلېمېنتلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇ دېتاللار گەرچە تۈركىي تىل ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىسى بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئېلېمېنتلار لۇتفىي قەلىمى ئاستىدا ئالاھىدە سېھىرلىك كۈچكە ئىگە قىلىنغان. بۇ ھال ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەكلا ئۆزى تەلپۈنگەن «گۈزەل يار» ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ :

*بۇ كۆڭۈل جان تارتادۇر ئول لەبلەرى مارجان سارى،*
*كىمكى جانلىق بولسا مەيل ئەتكەن، بەلى جانان سارى.*

*. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .*

*ئەھلى مەئنى سۇرەتىڭنىڭ ھۆسنىنە ھەيران قالۇر،*
*مىسىر ئېلىنىڭ توزى يەڭلىغ يۇسۇفى كەنئان سارى.*
*كۆرگەلى ئاشۇفتە زۇلفۇڭى قەمەرنىڭ دەۋرىدە،*
*خاتىرىم قىلمىش كەشىش قەتئەن سەرو سامان سارى.*[1]
*[كۆڭلۇم ئاشۇ لەۋلىرى مارجاندەك يار تەرەپكىلا تارتىشىدۇ،*
*كىمكى تېنىدە جان بولسا جانانغا مەيلىنى بېرىدۇ.*

*. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .*

*پىكىر ئىگىلىرى ھۆسنۈڭگە قاراپ ھەيران قالىدۇ،*
*خۇددى مىسىر خەلقى كەنئانلىق يۇسۇفكە قاراپ ھەيران قالغاندەك.*
*ئاينىڭ گەردىشىدەك يېيىلىپ تۇرغان چېچىڭنى كۆرۈش ئۈچۈن،*
*كۆڭلۈم سەندىن بۇيرۇق ئېلىشقا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ.]*

بۇ شېئىرىي مىسرالاردا گۈزەل مەھبۇبىنىڭ ئوبرازى شۇقەدەر جانلىق سۈرەتلەنگەن بولۇپ، گۈزەل لىرىك ئوبراز كۆز ئالدىمىزدا گويا ھەرىكەت قىلىپ تۇرغاندەك نامايان بولىدۇ. لۇتفىي ئىشق-مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدۇ. سۆيگۈ-مۇھەببەتنى گۇناھ ھېسابلايدىغان كىشىلەرگە كىنايىلەر قىلىدۇ. مەسىلەن:

*قىلماڭ مېنى ئىشق ئۈچۈن مەلامەت،*
*چۈن ئىشقىنى ھەم خۇدا ياراتتى.*[2]
*[ئىشق ئۈچۈن مېنى مۇپتىلا قىلمىغىن،*
*چۈنكى ئىشق بالاسىنى تەڭرى ياراتقان.]*

دېگەن مىسرالاردا ئىشق-مۇھەببەت ۋە ئاشىقلارنىڭ ھاياتتىكى قانۇنىي ئورنىنى تەستىقلاش بىلەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىشق بىلەن ۋاپانى، ئاشىق بىلەن جەبىر-جاپا، مۇشەققەتنى كۆپ تەرەپلىمە تەسۋىرلەپ كۆرسەتكەن.

شائىر ئوبراز يارىتىش دېتاللىرى ئارقىلىق يالغۇز «گۈزەل يار» ئوبرازىنىڭ سىرتقى گۈزەللىكىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ قالماي، بەلكى «گۈزەل يار» ئوبرازىنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىنىمۇ خۇددى كىشى ئەينەكتە كۆرۈۋاتقاندەك ھالەتتە تەسۋىرلەپ، لىرىك قەھرىمان ئوبرازىنىڭ چىن ماھىيىتىنى روشەن گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ھوسىن ئەھلى ئەگەر بولسا، ساڭا قۇل ئەجەب ئېرمەس*
*كىم خوبلۇق ئىقلىمىدە سۇلتان يېتىلىبسەن.*

---

[1] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 254-، 256- بەتلەر.
[2] «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (2)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006-يىلى، 177-بەت.

*ھەم روھى مۇسەۋۋەر سەنۇ ھەم روھى مۇجەسسەم،*
*بۇ لۇتف ئىلە سەن فىتنەئى دەۋران يېتىلىبسەن.*[1]
*[ھۆسن ئىگىلىرى ساڭا قۇل بولسا ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس،*
*چۈنكى گۈزەللەر مەملىكىتىگە سۇلتان بولغىدەك يېتىلىپسەن.*
*سەن مەنىۋى جەھەتتىنمۇ، ئاشىقى كۆرۈنۈشتىمۇ كامالەتكە تولغانسەن،*
*بۇنداق يېقىملىقلىق بىلەن ئالەمنى غۇلغۇلىغا سالغىدەك يېتىلىپسەن.]*

دەپ تەسۋىرلىگىنىدەك، «گۈزەل يار» ئوبرازىنىڭ تاشقى قىياپەت تەسۋىرى بىلەن ئۇنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

شائىر بىر مۇنچە شېئىرىي غەزەللىرىدە، تاشقى جەھەتتە گۈزەل بولغانلارنىڭ ھەر قاچان رەقىبلەرگە ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ، ئاشىقلارغا جاپا ئىنئام قىلىدىغانلىقىدىن، جۈملىدىن تاشقى كۆرۈنۈشى گۈزەل بولغانلاردىن كۆپىنچە بىۋاپالىق سادىر بولىدىغانلىقىدىن ئۆكۈنىدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق تاشقى گۈزەللىكنى ئىچكى گۈزەللىك، يەنى ۋاپا، ساداقەت، مېھىر-مۇھەببەت بىلەن تولۇقلاش ئارزۇسىنى كۈچلۈك ئىپادىلەيدۇ:

*ھەقكىم سېنى دىلرەبا ياراتتى،*
*ئاشىقلەرە چۈن بەلا ياراتتى.*
*ھەر قايدا ۋەفا رەقىب ئۈچۈندۇر،*
*ئاشىق ئۆلۈشى جەفا ياراتتى.*
*لۇتفىي، تەمەئ ئەتمە مېھر ئاندىن،*
*كۆركلۈكنى چۇ بىۋافا ياراتتى.*[2]

لۇتفىي شېئىرلىرىدا كۆپىنچە مەھبۇبىنىڭ گۈزەل رۇخسارىنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوقلۇقى، ئاشىقىنىڭ سۆيگۈ ئوتىنىڭمۇ ھەددى پايانىنىڭ يوقلۇقى ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە، ھايات گۈزەللىكلىرى، ئىنسانىنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرى، تاشقى ئوبيېكت بىلەن ئىچكى ھېسسىياتىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن بايان قىلىنىپ، ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئىپادىلىنىدۇ، شۇنداقلا شائىر ئىنسانىي گۈزەللىكنى تەسۋىرلىگەندە گۈزەللىكنىڭ كىشىنى ئۆزىگە تەبىئىي جەلپ قىلىدىغان ئاجايىپ جەزىبىلىك ۋە سېھىرلىك كۈچىگىمۇ ماتېرىيالىستىك نۇقتىدىن ياندىشىدۇ.

لۇتفىي شېئىرلىرىدىكى لىرىك قەھرىمان «مەن» ئوبرازى ھېچقاچان تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ قەھرىمانلىرىدەك تەڭرىگە ئاشىق بولۇپ، تەڭرىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ رىيازەت چەكمەيدۇ. بەلكى رېئال ئىنسان — «گۈزەل يار»غا مۇھەببەت قويۇپ، پاك مۇھەببىتىنىڭ ھىجران داغىدا ئۆرتىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سەمىمىي-سادىق بولۇپ ھىجران ئازابىنى چېكىدۇ:

*قان بولدى كۆڭۈل فىراقىڭىزدىن،*
*جان كۆيدى ھەم ئىشتىياقىڭىزدىن.*
*..............................*
*ئوقتەك بويۇمىز ئىگىلدى ياتەك،*
*ئول فىتنەلىك ئىككى تاقىڭىزدىن.*

[1]«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 248-بەت.
[2] «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى » (2)، 177-بەت.

*كۆرسەم كېرەك ئايۇكۈن بۇلۇتسىز،*

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

*ساچىنى كېتەرىڭ ياڭاقىڭىزدىن.*
*بۇ لۇتفىي خەستەنى سورۇڭكىم،*
*بىچارە ئۆلەر فىراقىڭىزدىن.*①
*[پىراقىڭىزدىن كۆڭلۈم قان بولدى،*
*ئىشتىياقىڭىزدا جان ئۆرتەندى.*

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

*توپىلاڭچى ئىككى قېشىڭىزنىڭ سەۋەبى بىلەن،*
*ئوقتەك تۈپتۈز بويۇم يادەك ئېگىلدى.*

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

*يۈزىڭىزنى يېپىپ تۇرغان چېچىڭىزنى قايرىسىڭىز،*
*بۇلۇتسىز ئاسماندا ئاي بىلەن كۈننى كۆرگەندەك بولىمەن.*
*بۇ كۆڭلى جاراھەتلەنگەن لۇتفىينىڭ ھالىنى سوراپ قويۇڭ،*
*بۇ بىچارە پىراقىڭىزدا ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.]*

شائىر غەزەللىرىدە تەسۋىرلەنگەن لىرىك قەھرىماننىڭ ئۆزى سۆيگەن يارىنىڭ مۇھەببىتىنى تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ دۇردانىسى بولغان باھاردىنمۇ ئىنتايىن گۈزەل ۋە پاك قىلىپ تەسۋىرلەپ، چىن ئىنسانىي پاك مۇھەببەتنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن قويۇپ ئۇلۇغلايدۇ ھەم لىرىك قەھرىماننىڭ سۆيگەن «گۈزەل نىگارى»غا خىتاب قىلىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق «ۋاپادارلىق»، «سادىقلىق»نى بىرىنچى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، چىن سۆيگۈ-مۇھەببەتنى بىھېساب ئۇلۇغلايدۇ.

شائىر «جە مالۇ ھۆسنۇڭە سۆز يوق، ۋافا كېرەك بولسا» دېگەن شېئىرىي غەزەللىرىدە، شائىر ئېستېتىك قارىشىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىڭ ھامان تەبىئىي گۈزەللىكتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىدەك پەلسەپىۋى مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشتىن باشقا، يەنە ئىنسانىي پەزىلەت ۋە مۇھەببەتتىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان ھەم ئۆزىنىڭ بايلىق ۋە ھوقۇق-ئىمتىيازىدىن پەخىرلىنىپ يۈرۈشنى راھەت ھېسابلايدىغان تەكەببۇر زالىم كۈچلەرنىڭ ساختا ھىممىتىدىن «سادىق نىگارى»نىڭ كۈچىسىدىكى ئىت بىلەن ئاشنا بولۇشنى ئەۋزەل ھەم ئەلا بىلىپ، ئۆزىنىڭ «گۈزەل يار» ۋەسلىگە يېتىشتەك سەممىي-ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقىنى ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ يۇقىرىقىدەك غەزەللىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزى ياشىغان زامانىدىكى زالىم ئەمەلدارلار ئۈچۈن مەدداھلىق قىلغۇچى ساراي شائىرلىرىغا خاس ئىللەتلەردىن خالىي ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

شائىر لۇتفىي غەزەللىرىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن شۇكى، شائىر لىرىك قەھرىماننىڭ «گۈزەل يار»غا بولغان چىن مۇھەببىتىدە ئىنساننىڭ ئەسلىي گۈزەللىكى سىرتقى گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى ئىچكى گۈزەللىك بىلەن ئۆلچىنىدۇ دەيدىغان قاراشنى ئىدېئال يار ئوبرازىنىڭ سىرتقى گۈزەللىكى بولغان پاكلىقى بىلەن باغلاشقا ھەرىكەت قىلىپ كۆرگەن. مەسىلەن:

*نىگارا، سەنسىزىن مەندىن نە ھاسىل،*
*ئەگەر جان بولماسا، تەندىن نە ھاسىل.*

---

① «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 250-بەت.

*چۇ گۈلدىن رەڭ ئىمەس، بۇلبۇلغا بۇيىيە،*
*باھارۇ باغۇ گۈلشەندىن نە ھاسىل.*
*جافاۋۇ ئىشۋەلەرنى فەن تۇتۇبسەن،*
*مۇنىڭتەك ئىش ۋە پۇرفەندىن نە ھاسىل.*
*كىشكىم يوقتۇرۇر مېھرۇ ـ ۋەفاسى،*
*ئەگەر خۇرشىددۇر ئاندىن نە ھاسىل*[1].
*[ئەي نىگار سەن بولمىساڭ مېنىڭ ھايات كەچۈرمىشىمدىن نېمە پايدا،*
*ئەگەر جان بولمىسا تەننىڭ نېمە پايدىسى بار.*
*گۈلنىڭ رەڭگى بولمىسا، ئۇ بۇلبۇلغا ئوت ـ چۆپكە ئوخشاش بىر نەرسە،*
*ئۇ چاغدا باھارنىڭ، باغنىڭ، گۈلشەننىڭ نېمە پايدىسى بار.*
*جاپا بىلەن ناز ـ كەرەشمىنى ئۆزۈڭگە ھۈنەر قىلىۋاپسەن،*
*مۇنداق ناز قىلىش بىلەن ھىيلىگەرلىكنىڭ نېمە پايدىسى بار.*
*مېھىر ـ ۋاپاسى يوق كىشى،*
*مىڭ قۇياش بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا.]*

شائىر بۇ غەزىلىدە «گۈزەل نىگارى»غا خىتاب قىلىش ئارقىلىق «ساداقەتلىك»، «ۋاپادارلىق» توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى يەنىمۇ بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، رېئال ھاياتتىكى ئىنسان مۇھەببىتىنىڭ گۈزەللىكىنى «ئىدېئال جەننەت»نىڭ مەئىشىتىدىن يۇقىرى قويىدۇ. دىيانەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىقتىن ئىبارەت خۇنۇك، رەزىل ئىللەتلەرنى رەھىمسىز ئەيىبلەيدۇ. ھەتتا ۋاپاسىز، دىيانەتسىز ئىنسانلار قۇياش بىلەن تەڭلەشكۈدەك سالاھىيەتكە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنداق كىشىلەردىن ئەلگە مەنپەئەت ۋە ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

شائىر يەنە مۇنداق يارقىن مىسرالارنى يازغان:

*جان بېرۇر چاغدا قاشىمغا تەڭرى ئۈچۈن كەل، بېگىم،*
*بارى كۆرمىش بولغامېن بىر لەھزە دىدارىڭ سېنىڭ.*
.............................................................
*ھەر قاچان لۇتفىينى ئۆلتۈرسەڭ جافا تىغى بىلە،*
*ئاندە ھەم بولغاي مېنىڭ روھىم مەدەتكارىڭ سېنىڭ.*[2]

بۇ مىسرالاردا شائىر ياراتقان لىرىك قەھرىمان ھەتتا جان ئۈزۈۋاتقان چاغدىمۇ يەنىلا «گۈزەل يار»نىڭ دىدارىغا ئىنتىزار بولغانلىقى ناھايىتى روشەن تەسۋىرلەنگەن.

شائىر لۇتفىي شېئىرلىرىدىكى قەدىرلەشكە تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن ئۇنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. شائىر ھىراتتا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەزگىللىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ئانا يۇرتىنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۇنى «گۈزەل يار» ھۆسنىدىن يۇقىرى قويىدۇ ۋە ئانا يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەيدۇ:

*مۇشكىن ساچىڭغا ئەنبەرە ئۆزىنى تۇتارسەن بىھە،*
*سەۋدايى خام فاسىل ئىتدۇر دىماغىنى.*

[1] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 244 ـ بەت.
[2] «بۇلاق» ژۇرنىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىللى 1 ـ سان، 25 ـ بەت.

*كۆڭلۈمنى قىلدى زۇلفۇ-يۈزۈڭ بىقارادۇرمەن،*
*گاھ رۇمۇ، گاھ چىندا تاپارمەن سوراغىنى.*[①]

شائىرنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك قاراشلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن قاناتلاندۇرغان لىرىك قەھرىمانى ئۆز نۆۋىتىدە ئىنساننىڭ بەخت-سائادىتى، شادلىق ۋە ئامىتى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پاراۋانلىقى پەقەت ئۇنىڭ تۇغۇلغان ئەزىز ئانا ماكانىدا بولىدۇ دېگەن ئۇلۇغ ئىستەك-ئارزۇسى يولىدا ھەر قانداق بالا، دەرد-ئەلەم، پىراق، ھىجران، پىتنە-پاساتلاردىن قورقمايدۇ. ئۆزىنىڭ «گۈزەل يارى»نى قەيەردىن بولمىسۇن ئىزدەپ تېپىشقا تىرىشىدۇ. «يول يىراقى بولسا بولسۇن، كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن» دېگىنىدەك، «گۈزەل يار»نى ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ كىشىسى دەپ بىلگىنىدە چەكسىز ئىپتىخارلىنىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن، ئىلغار ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا ئىجتىمائىي گۈزەللىكمۇ ئۆز ماھىيىتىنى تېپىپ، ئۇنى تەبىئىي گۈزەللىكتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلىگىنىنى ئىسپاتلايدۇ.

شائىر لۇتفىينىڭ شېئىرلىرىدا ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك ۋە ئوپتىمىستىك روھ كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. لۇتفىينىڭ نامراتلىق ۋە پېقىرلىق تۇرمۇشى ئۇنى جاھانكەزدىلىك سەھراسىغا باشلاپ كىرىپ، فېئودالىزمنىڭ 15-ئەسىردىكى زۇلمەتلىك رېئاللىقى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتۇرىدۇ. بۇ ھال لۇتفىينىڭ ئىجادىيەت ئىدىيەسىگە ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەت-ھەققانىيەت تۇيغۇلىرى ۋە ئوپتىمىزملىق روھ بېغىشلىغان. ئۇ بۇ خىل ئىلغار ئىدىيە يېتەكچىلىكىدە، ئەينى دەۋردە ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكى، سوپىزم ۋە مەدھىيەۋازلىق ئەۋج ئالغان بىر شارائىتتىمۇ ئۆزىنىڭ ئىلغار قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز زامانىسىدا يامراپ كەتكەن ساراي شائىرلىرىنىڭ قۇرۇق مەدھىيەۋازلىق ئادەتلىرىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالمىدى، بەلكى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بولغان ئۆمەر ھەييام، سەئدى، ھاپىز شىرازىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، «يار»، «مەي»، «باھار» ئىبارىلىرى ئارقىلىق ۋاپادارلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ لىرىك غەزەللىرىدە ئاساسىي تېما سۈپىتىدە ئىپادىلىدى ۋە ئۈمىدۋارلىق روھىنى تەشەببۇس قىلدى. گەرچە شائىر پۈتۈن ئۆتتۈرا ئەسىر فېئودالىزم جەمئىيىتىنى ئىسلام ئېئولوگىيەسى (ئىلاھىيەتچىلىكى) قاپلاپ كەتكەن بىر شارائىتتا ياشىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىدە فېئودالىزم جەمئىيىتىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرگىز تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىش تۈسىدە ئەمەس، بەلكى «ئىنسان گۈزەللىكى» ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئاھ-زارى تۈسىدە ئىپادىلەنگەن، ئەمما ئۇنىڭ ھېچقانداق شېئىرىي مىسرالىرىدا رېئال دۇنيادىن ئۈمىد ئۈزۈش ۋە تەركىدۇنيالىقنى تەشۋىق قىلىش ئاھاڭلىرى ئۇچرىمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىگە ئىزچىل ھالدا ئىنسانپەۋەرلىك، ئادالەت-ھەققانىيەت تۇيغۇلىرى ھەم ئوپتىمىزملىق روھ سىڭگەن بولۇپ، بۇ خىل ئىلغار مەزمۇنلار شائىرنىڭ بىر قىسىم غەزەللىرىدە كۈچلۈك جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىلى 1-سان، 41-بەت.

# §7. ئەلىشىر نەۋايى

## 1. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

ئەلىشىر نەۋايى (1441. 2. 9 — 1501. 1. 3) ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ھەم پەن-مەدەنىيەت جەڭچىسى. بولغۇسى شائىرنىڭ قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىسپ قويغان ئىسمى (ئاتىسىنىڭ ئىسمىغا — غىياسۇددىنغا ئەگەشتۇرۇپ قويغان) نىزامۇددىن، مەكتەپتە ۋە جەمئىيەتتە قوللىنىپ ئادەتلەنگەن ئىسمى ئەلىشىر، سۇلتان ھۈسەيىن بايقاراغا ئون يىللاپ ئەمىر بولغىنى ئۈچۈن، ئەمىر ياكى مىر دېگەن نامنى قوشۇپ ئاتىغان. شۇڭا كىپىنكى ۋاقىتلاردا ئەلىشىر ياكى (مىر) ئەلىشىر دەپ ئاتاش ئومۇملاشقان. يەنە ئەلىشىر بەگ ياكى ئەمىر ئەلىشىرمۇ دېيىلگەن. تۈركىي ئىجادىيەتتە قوللانغان تەخەللۇسى نەۋايى، پارسىي غەزەللىرىدە قوللانغان تەخەللۇسى فانىي، تولۇق ئىسمى نىزامۇددىن مىر ئەلىشىر نەۋايى.

ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخچىسى مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي» (1541—1546) ناملىق كىتابىدا مىر ئەلىشىر «ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن تۇرۇر، ئاتاسىنى كىچىككىنە باخشى ئاتار ئەردى» دېگەن. مىرزا ھەيدەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، «ئۇ ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولۇپ، ئاتىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتايتتى». دېمەك «نەۋايى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى»[1] ئىدى.

ئەلىشىر 1441-يىل 2-ئاينىڭ 9-كۈنى (ھىجرىيە 844-يىلى رامىزاننىڭ 7-كۈنى) خۇراسان مەملىكىتىنىڭ مەركىزى ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى دەسلەپ پەرغانىدە ئولتۇراقلاشقان ھەم ئەمىر تۆمۈر ئاستانىسىدە تۇرغان. بىر مەزگىل ئەسەخ شەھىرى (ئەمىر تۆمۈر شاھزادىسى ئۆمەر شەيخ سىياسىي مەركەز قىلغان ئەنجان ۋىلايىتىدىكى بىر شەھەر)دە ئۆمەر شەيخنىڭ ئوردا مۇلازىمىتىدە بولغان. كېيىن ھىراتقا كۆچۈپ كەتكەن. ئەلىشىر تۇغۇلغان چاغدا ئۇ شاھرۇخ مىرزا سەلتەنىتىدە خىزمەتتە بولۇۋاتاتتى.

غىياسۇددىن باخشىنىڭ ئەسلىي يۇرتى توغرىسىدا بىر قانچە خىل قىياس بار.

بىرىنچى، غىياسۇددىن قاراخانىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ پەرغانىدە تۇرغان ئۇرۇق-جەمەتلىرىنىڭ پۇشتى بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى، ئەمىر تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ موغۇلىستانغا كەلتۈرگەن ئېغىر تالاپەتلىرى نەتىجىسىدە سەئىدىدىن كاشغەرىي قاتارلىق كىشىلەر كاشغەردىن پەرغانە بوستانلىقىغا كۆچ-كۆچ قىلغاندا، غىياسۇددىنمۇ كاشغەر تەرەپلەردىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۈچىنچى، غىياسۇددىننىڭ ھۆرمەت تەخەللۇسى بولغان «باخشى» ئاتالغۇسى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئالاھىدە ئومۇملىشىپ، ئۇيغۇر ئۆلىما-زىيالىيلىرىغا خاس نام-ئاتاققا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ئاساسلانغاندا، غىياسۇددىننى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى جاھان سورىغان زامانلاردا قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن ئاتا بەگ، باخشى ۋە باج، مالىيە، نوپۇس قاتارلىقلارنى باشقۇرىدىغانلار كۆپ بولغان ۋە ئۇلار بەك ئەتىۋارلانغان. مەيلى نېمىلا بولسۇن، «تارىخى رەشىدىي»دىكى بايانغا ئاساسلانغاندا، غىياسۇددىن ئۇيغۇر قوۋمىگە مەنسۇپ ئادەم ئىدى.

---

[1] لى گوشياڭ: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، 133-بەت، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992-يىلى خەنزۇچە نەشرى.

ئەلىشىر يەتتە ياشقا تولغان چېغىدا، يەنى 1447 - يىلى شاھرۇخ مىرزا ئۆلۈپ، تۆمۈرىيلەرنىڭ شاھزادىلىرى ئوتتۇرىسىدا تاج - تەخت تالىشىش تۇپەيلىدىن جەڭ - جېدەل كەسكىنلىشىپ، ئەل - يۇرت مالىمان بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇ قاتاردا غىياسۇددىن (كىچىككىنە باھادىر) ئۆز ئائىلىسى بىلەن ئىراققا كۆچۈپ بېرىپ تەفت شەھرىدە ئۈچ يىلچە ياشىغان. خۇراساندا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بېسىققاندىن كېيىن، غىياسۇددىن ئائىلىسى ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا ئەلىشىر 10 ياشتا ئىدى. ھىراتتا سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان ئوبۇلقاسىم بابۇر غىياسۇددىننى سەبزىۋار شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن. ئەلىشىر ھىراتتا قېلىپ ئوقۇغان. ئەلىشىر 12 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ۋاپات بولۇپ، ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىدا قالغان. ئەلىشىر 15 يېشىدا ھۇسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئوبۇلقاسىم بابۇر ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. بىر يىلدىن كېيىن (1456 - يىلى) ئوبۇلقاسىم بابۇر مەشھەدتە يۆتكەلگەندە، ئەلىشىرمۇ بىللە كەتكەن. ھىرات تىنچىغاندىن كېيىن ئەلىشىر ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. بىراق بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمىغان. «ئەلىشىر ئەبۇ سەئىد سۇلتان زامانىدا خۇراسان پايتەختىگە — ھىراتقا بېرىپ بىر نەچچە كۈننى ئاشۇ ئىقبال ئاشىيانلىق ئاستانە مۇلازىمىتىدە ئۆتكۈزدى. ئەمما ئۆز ھالىغا مۇناسىپ رىئايەت ۋە تەربىيەت تاپالمىدى. شۇ سەۋەبتىن خۇراساندىن بېھىشت مانەند سەمەرقەندكە بېرىپ خوجا جالالىددىن ئەبۇلەيس خانىقاسىدا ئىستىقامەت قىلدى ۋە كۆپ ۋاقتىنى كىتاب مۇتالىئەسىگە سەرپلىدى. بەزىدە ماۋرائۇننەھرنىڭ ساھىب ئىختىيارى بولغان ئەمىر دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ئەمىر ئەھمەد ھاجىبەگ بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ تۇردى».

نەۋايى سەمەرقەندكە مەجبۇرىيەت ئاستىدا كەتكەن. بۇ ھەقتە زاھىرىددىن بابۇر ئۆز قىياسىنى مۇنداق يازىدۇ: «بىلمىدىم نە جەرىمە بىلەن، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا (نەۋايىنى) ھىرىدىن ئىخراج قىلدى، سەمەرقەندكە باردى. نېچە يىلكىم سەمەرقەندتە ئىدى، ئەھمەد ھاجىبەگ مۇرەببى ۋە مۇقەۋۋىسى ئىدى.» ئەلىشىر 18 ياش چاغلىرىدا چوڭ پالاكەتكە ئۇچرىغان. سۇلتان ئەبۇ سەئىد پايتەخت ھىراتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن ئۆمەر شەيخنىڭ ۋە شاھرۇخنىڭ ئەربابلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى ھەر جايغا سۈرگۈن قىلغان. شۇ قاتاردا ئەلىشىرنىڭ ئاتا مۈلكىمۇ مۇسادىرە قىلىنغان ۋە ئۆزى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، سەمەرقەندتە «كاشغەرىي»لەردىن ئەھمەد ھاجىبەگ قېشىغا بارغان. تۆمۈرىيلەر خانلىقىدىن سۇلتان ئەبۇ سەئىد خۇراسان پايتەختى ھىراتنى ئىگىلىگەن 1458 - يىلى ئەلىشىر ھىراتتىن ئىخراج قىلىنغان (چىقىرىۋېتىلگەن)، ئەمما، سەمەرقەند نەۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. سەمەرقەندتە نەۋايى سەمەرقەند بېگى ئەھمەد ھاجىبەگ ۋە ئالىم فەزلۇللاھ ئەبۇللەيسلەردىن ماددىي ياردەم ئېلىپ ئوقۇغان («ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، تاشكەنت، 1953 - يىلى). سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا 1469 - يىلى ھىراتنى ئىشغال قىلغان. ئەلىشىر 1470 - يىلى 12 يىل ياشىغان سەمەرقەندتىن ئايرىلىپ، مەكتەپداش دوستى ھۇسەيىن بايقارانىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ مۇلازىمىتىدە بولغان.

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاساسەن ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشىلەردىن بولۇپ، ئاتىسى ۋە تاغىلىرىغىچە شائىر ھەم ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيەتتى. نەۋايى كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، زېرەك بولۇپ، ئۆز قابىلىيىتى بىلەن مەكتەپتىكى بالىلاردىن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھامان ئۇ چوڭلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. زامانىسىنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىلىرىنىڭ تەربىيەسى ئارقىسىدا، ياش چېغىدىلا ئىلىم - مەرىپەتكە بېرىلىپ، نىزامىددىن گەنجىۋى، لۇتفىي، سەككاكىي، م. خارەزمى، ئا. جامى، فەرىدىددىن ئەتتار، قاسىم ئەنۋارى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن داڭلىق شائىرلارنىڭ

شېئىرلىرىنى يادلىۋالاتتى ۋە كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرەتتى. ئەلىشىر قايسى بىر شەھەردە سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۈرسۇن، شۇ يەردىكى ئالىم-ئۆلىمالارنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت قىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگەنگەن. مەسىلەن، ئىراقتىكى تەفت شەھىرىدە مەشھۇر تارىخچى شەرىفىددىن ئەلى يەزدىدىن تەلىم ئالغان. سەمەرقەندتىكى چېغىدا بولسا مۇدەررىسلەر، جۈملىدىن مەۋلانا فەسھۇددىن مۇھەممەد نىزامى (يەنى «فەسھۇددىن ئاخۇنۇم») ۋە باشقىلاردىن تەلىم ئالغان. ھىراتتا ئىلگىرى-كېيىن ئۇچراشقان ۋە تەلىمىنى ئالغان ئالىم، شائىر، مۇدەررىسلەر تېخىمۇ كۆپ بولغان. ئۇ زاماندىكى ئىلىم ئەھلىلىرىدىن ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەر ۋە ئالىملاردىنمۇ بېرىلىپ ئۆگەنگەن.

نەۋايىنىڭ ئاتىسى شېئىر يازمىغان، ئىلىم-مەرىپەت، سەنئەت ئەھلىلىرىنى قەدىرلەيدىغان كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە پات-پاتلا شائىرلار توپلىشىپ شېئىر ئوقۇش، ئەدەبىيات-سەنئەت ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىش ئىشلىرى بولۇپ تۇرغان. مانا بۇ شارائىت نەۋايىنىڭ قەلبىدە ئەدەبىياتقا نىسبەتەن زور ھەۋەس ۋە ئىشتىياق قوزغاتقان ھەم بولغۇسى شائىر ياش چاغلىرىدىلا بىرمۇنچە ئالىم، شائىر، سەنئەتكارلار بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ كەتكەن. نەۋايىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىلا، مەۋلانا لۇتفىي خېلىلا قېرىپ قالغان ئاتاقلىق شائىر بولۇپ، نەۋايى ئۇنى «ئۇستازىم» دەپ ھېسابلايتتى. لۇتفىيمۇ ياش ئەلىشىرنىڭ قابىلىيىتىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك باھا بەرگەنىدى. نەۋايىنىڭ زاماندىشى خۋاندىمىرنىڭ يېزىشىچە، بىر كۈنى لۇتفىي نەۋايىدىن ئۆزىنىڭ يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغاندا، نەۋايى مۇنداق بىر غەزىلىنى ئوقۇپ بەرگەن:

*ئارەزىن ياپقاچ كۆزۈمدىن تۆكۈلۈر ھەرلەھزە ياش،*

*بۇيلا كىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قۇياش...*

*[خۇددى كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكىنىدە يۇلتۇزلار نامايان بولغىنىدەك، يۈزۈڭنى ياپقىنىڭدا كۆزۈمدىن ياشلار ئۈنچىدەك تۆكۈلىدۇ.]*

لۇتفىي بۇ غەزەلنى ئاڭلاش بىلەن ئىنتايىن شادلىنىپ، غەزەلنى يۇقىرى باھالىغان ۋە نەۋايىنىڭ قابىلىيىتىگە قايىل بولغانىدى. نەۋايىشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، نەۋايىنىڭ يۇقىرىقى شېئىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت غەزىلى شائىرنىڭ 15-16 ياشلار ۋاقتىدا يېزىلغانىكەن. نەۋايى ياش چاغلىرىدىن باشلاپلا كۆڭلىگە يۈكسەك غايىنى پۈككەن. ئۇ بىر غەزىلىدە بۇ غايىسىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

*يۈز جەفا كەلسە ماڭا بىر قەتلە فەرياد ئەيلەمەن،*

*ئەلگە كەلسە بىر جەفا، يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەمەن.*

يەنى شائىر كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى، مېھنەتكەشلەرنى ئىنتايىن ھۆرمەتلىگەن، ئۇلارنىڭ بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئارزۇ قىلغان. ئادالەتنى ياقلىغان، ھەققانىيەت تەرەپدارى بولغان. قارا كۈچلەر، زالىم ئەمەلدارلارغا غەزەپ-نەپرەت بىلدۈرگەن. شۇنداق بولغاچقا، كەڭ خەلق بۇ ئالىيجاناب ئادەمنى چەكسىز ئىززەتلىگەن. نەۋايى ياش چاغلىرىدا جەمئىيەتتە ئابرۇيلۇق ئادەم بولۇپ تونۇلۇشقا باشلىغان. بەزى ھۆكۈمدارلار نەۋايىنىڭ ئىقتىدارى ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيىدىن ئەنسىرەپ تەشۋىشكە چۈشسە، بەزىلىرى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولۇشقان.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ نەۋايىغا بىر قاتار ئەمەل-مەنسەپ ۋە ئاتاق بېرىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي رولى يار بولغان. نەۋايىنىڭ بايقارا سەلتەنىتىدە تۇرغان چاغلىرى ئەڭ ئەھمىيەتلىك چاغلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1469-يىلى مارتتا نەۋايىنىڭ دوستى ھۈسەيىن

بايقارا ھىرات تەختىگە چىقىپ تۆمۈرىيلەر ھۆكۈمدارى بولغاندا، نەۋايىنى ئۆز سارىيىدا مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىگە قويدى. 1470 - يىلى مەملىكەت پايتەختىدە ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار، ئەمىرلەر، بەگلەر ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ زۇلۇم، ئالۋان - ياساقلىرىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. نەۋايى بىر قانچە بەگلەر ۋە ئەمىرلەرنى جازالاشقا مۇۋەپپەق بولغان. خۇسۇسەن، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئەلىشىر نەۋايىنىڭ نامى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا غايەت زور شۆھرەت قازانغان. 1472 - يىلى ئاپرېلدا ئەلىشىر نەۋايى ھۆسەيىن بايقارانىڭ دىۋان بېگى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆپلىگەن ياخشى ئىشلار ئېلىپ بېرىلدى. نەۋايىنىڭ خەلق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولغان بۇ خىل ياخشى ئىشلىرىغا قارىتا، ئوردىدىكى بىر مۇنچە ئەمىرلەر ۋە بەگلەرنىڭ ھەسەت ۋە كۈندەشلىكى قوزغىلىپ، ئوردىدا نەۋايىغا قارشى پىتنە - پاسات، ئىغۋالار كۆتۈرۈلۈشتى. ئەلىشىر نەۋايى 1476 — 1477 - يىللىرى ساراي پىتنە - ئىغۋالىرىغا قارشى نارازىلىق سۈپىتىدە دىۋان بېگىلىك خىزمىتىنى ئىشلىمەي، تاكى 11 يىلغىچە دۆلەت ئىشلىرىغا رەسمىي ئارىلاشماي، ئىلىم ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن جىددىي شۇغۇللاندى. مانا مۇشۇ يىللار نەۋايى ئىجادىيىتىنىڭ تازا گۈللەپ ياشنىغان دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە نەۋايى مەشھۇر «تۆھفەتۇلئەپكار» (پىكىرلەر سوۋغىسى) ناملىق پارسچە ئەسىرىنى يازدى. 1483 - يىلى ئۆلمەس ئەسەر «خەمسە»نى يارىتىشقا كىرىشىپ، شۇ يىلى «ھەيرەتۇلئەبرار» بىلەن «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىنى يازغان. 1484 - يىلى «لەيلى ۋە مەجنۇن» بىلەن «سەبئەئى سەييارە» داستانلىرىنى يېزىپ پۈتتۈردى. «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىمۇ نەۋايىنىڭ شۇ يىللاردىكى ئىجادىغا كىرىدۇ. نەۋايى ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلدا ياراتقان لىرىك شېئىرلىرىدىن ئۈچ قېتىم توپلام تۈزگەن. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، «بەدايىئۇلبىدايە» («باشلىنىش ئاجايىپلىرى» دەپ ئاتىلىپ، 1466 — 1482 - يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان)؛ ئىككىنچىسى، «نەۋادىرونىنھايە» («ئۆمۈرنىڭ كەم تېپىلىدىغان چاغلىرى» بولۇپ، بۇ ئەسەر 1482 — 1492 - يىللار ئىچىدە يېزىلغان)؛ ئۈچىنچىسى، پۈتۈن لىرىك شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ كېيىنكى ۋە ئەڭ مۇكەممەل تۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، ئۇ «خەزائىنۇلمەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى»، 1491 — 1499 - يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان). بۇلار شائىرنىڭ تەخمىنەن يىرىم ئەسىر داۋامىدا ياراتقان تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي مەجمۇئەسىنى تەشكىل قىلىدۇ. نەۋايىنىڭ ئالىيجاناب، خەلقپەرۋەر ئىدىيەلىرىگە قارشى بولغان ئوردا تۆھمەتچىلىرى ئۇنىڭ پايتەخت ھىراتتا تۇرۇشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن خەۋپلىك ھېسابلاپ، 1487 - يىلى ئاستىرابادقا (خۇراسان ئۆلكىلىرىنىڭ بىرى) ۋالىي قىلىپ تەيىنلەش نىقابى بىلەن ھىراتتىن سۈرگۈن قىلدى. نەۋايى ئاستىرابادقا كەلگەندىن كېيىنمۇ، ئوردىدىكى ئىغۋاگەر تۆھمەتچىلەر ئاستىرابادقىمۇ ئۆزلىرىنىڭ رەزىل جاسۇسلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلۇغ شائىرغا سۇيىقەست قىلىشقا ئۇرۇندى. نەۋايى ئاستىرابادتا ئىككى يىلچە تۇردى. 1490 - يىللاردا دىۋان بەگلىكىدىن رەسمىي ئىستىپا بېرىپ، ھىراتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىلمىي، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى داۋام قىلدۇردى. لېكىن يەنە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەك سۆيەرلىكى ۋە خەلقپەرۋەرلىكى بىلەن خەلقنىڭ شىكايەت ۋە ئەرز - دادىنى ئاڭلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىشىنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى ھېسابلاپ، خەلق خىزمىتىنى ئەسلا يادىدىن چىقارمىدى. نەۋايى ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن، «نەسايىمۇلمۇھەببە»، «خەمسەتۇلمۇتەھەييىرىن»، «مەجالىسۇننەفائىس»، «مىزانۇلئەۋزان»، «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين» ۋە «لىسانۇتتەيىر» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقان. ئۇ بۇلاردىن باشقا يەنە تۈركىي ۋە پارس تىلىدا بىر نەچچە ئەسەرلەر يازغان ۋە «فانىي» تەخەللۇسى بىلەن ئالتە مىڭ بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پارسچە توپلام تۈزگەن. نەۋايىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى

«مەھبۇبۇلقۇلۇب» بولۇپ، ئۇ 1500 ـ يىلى يېزىلغان. ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋايى 1501 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھىرات شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

ئىنسانپەرۋەر شائىر ئەلىشىر نەۋايى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، خەلقنىڭ خاتىرجەم، تىنچ ھايات كەچۈرۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئەلنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلغان. ئۆزى شەخسەن مەدرىسە ۋە مەكتەپلەر، شىپاخانا ۋە سارايلار، كۆۋرۈك ۋە يوللار سالدۇرغان، ئۆستەڭلەر قازدۇرۇپ، خەلقنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەن. شۇڭلاشقىمۇ، نەۋايىنىڭ ۋاپاتى كەڭ ھىرات خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش ۋە ئىنتايىن چوڭ مۇسىبەت بولغان. ئەلىشىر نەۋايى ئالىملار، شائىرلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ ھامىيسى ئىدى. مەشھۇر شەرق مۇسۇلمان تارىخچىلىرىدىن مىرخۇەندى ۋە خۋاندىمىر، مۇزىكىشۇناس ۋە كومپوزىتور ھۇسەيىن ئۇدى، قۇلمۇھەممەتناي، تالانتلىق رەسساملاردىن بىھزادە ۋە شاھمۇزەپپەر، مەشھۇر خەتتاتلاردىن سۇلتان ئەلى، ئابدۇل جەمىل، مىرئەلى قاتارلىق خۇراساندىكى ئاتاقلىق ئىلىم ـ پەن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋەكىللىرى نەۋايىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، ئۆز دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىلىم ۋە سەنئەت ئەھلىلىرىگە ئايلانغانىدى.

ئەلىشىر نەۋايى جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ ئوزۇق ئالغانىدى. ئەلىشىر نەۋايى ياشىغان دەۋردىن سەل بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئىسلام دىنى تەسىرى ئاستىدا ئەرەب، پارس بولمىغان شائىر، يازغۇچى ۋە ئالىملار ئارىسىدىمۇ، تولاراق ئەرەب ياكى پارس تىللىرىدا ئەسەر يېزىش ئەنئەنىگە ئايلانغان، ھەتتا ئەرەب، پارس تىللىرىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ چوقۇنۇش ئەۋج ئالغانىدى، شۇنداقلا تۈركىي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىمۇ كۆپلىگەن ئەرەب، پارس ئاتالغۇلىرى قوللىنىلغان. گەرچە، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىدىمۇ ئەرەب، پارس تىللىرى مەلۇم دەرىجىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن خاراكتېرلىك يوسۇندا نەۋايى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى تۈركىي تىلىدا يازدى. بۇ شۇ دەۋرنىڭ خۇراپىي ئەنئەنىسىگە قارشى زور دەرىجىدىكى بۆسۈش ۋە ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، نەۋايى ئۆز ئانا تىلىدا كامالەتكە يەتكەن سۆز ئۇستىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى، ئەرەب، پارس تىللىرى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشقان شائىر. ئۇنىڭدىن بىزگە قالغان بۈيۈك ئەدەبىي مىراسلار بىرمۇنچە ئەسىرلەر داۋامىدا غەربىي يۇرت، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىلغار ئەدەبىياتى ۋە پىكىر تەرەققىياتىغىمۇ ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ لىرىك شېئىرىي ئەسەرلىرى ئوبرازلىرىنىڭ جانلىقلىقى ۋە كونكرېتلىقى، ھېسسىياتىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە چوڭقۇرلۇقى، مەجازىي ۋاسىتىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس رەڭدارلىقى، شېئىرىي پىكرىنىڭ كەڭلىكى، تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە گۈزەللىكى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەن ھەم تۈركىي تىلىدا زور ئەسەر يېزىشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقانىدى. نەۋايى لىرىك شېئىرلىرىنىڭ مۇنداق گۈزەل، پاساھەتلىك، ئاجايىپ راۋان، ئوتتۇقلۇق چىقىشى، ئۇنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئوخشىتىش، سىمۋول، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش قاتارلىق بەدىئىي، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۇنۇملۈك تۈردە ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ لىرىكىلىرى كىشىلەردە روشەن ئېستېتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلىدىغان ھاياجانلىق كۈيگە ئايلانغان. شۇنىڭدەك، نەۋايى بۇ ئوخشىتىش ۋە مۇبالىغىلەر ئارقىلىق رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئاشىق ـ مەشۇقلۇقنىڭ جانلىق ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنىڭ بەختلىك ھاياتقا، گۈزەل تۇرمۇشقا

ئىنتىلىشتەك ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ۋىسال شادلىقىغا چۆمگەن شېرىن خىياللىرىنى مۇشۇ جانلىق ۋاسىتىلەر ۋە دىللارنى تەرەننۇم قىلغۇچى گۈزەل سۆز-ئىبارىلەر ئارقىلىق يارقىن ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە[1].

چەت ئەلدە نەشر قىلىنغان ««مىزانۇلئەۋزان»نىڭ كىرىش سۆزىدە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

1. دىۋانلار («خەزائىنۇلمەئانى»): 1) «غەرايىبۇسسىغەر»؛ 2) «نەۋادىرۇششەبباب»؛ 3) «بەدايىئۇلۋەسەت»؛ 4) «فەۋايىدۇلكىبەر»؛ 5) «دىۋان فانىي» (پارسچە توپلام).

2. «خەمسە» («خەمسە نەۋايى»): 1) «ھەيرەتۇلئەبرار»؛ 2) «فەرھاد ۋە شېرىن»؛ 3) «لەيلى ۋە مەجنۇن»؛ 4) «سەبئەئى سەييارە»؛ 5) «سەددى ئىسكەندەرى».

3. تەزكىرىلەر: 1) «مەجالىسۇننەفائىس»؛ 2) «نەسايىمۇلمۇھەببە» (مۇھەببەت خۇش پۇراقلىرى).

4. تىل ۋە ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەر: 1) «رىسالەئى مۇئەممما»؛ 2) «مىزانۇلئەۋزان»؛ 3) «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين».

5. دىنىي، ئەخلاقىي، پەلسەپۋى ئەسەرلەر: 1) «مۇناجات»؛ 2) «چىھىل ھەدىس» (ئەربەئىن)؛ 3) «نەزمۇلجەۋاھىر»؛ 4) «لىسانۇتتەير»؛ 5) «سىراجۇلمۇسلىمىن»؛ 6) «مەھبۇبۇلقۇلۇب».

6. تارىخىي ئەسەرلەر: 1) «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۇكەما»؛ 2) «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم»؛ 3) «زۇبدەتۇتتەۋارىخ».

7. تەرجىمىھال ئەسەرلىرى: 1) «ھالاتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر»؛ 2) «خەمسەتۇلمۇتەييىرىن»؛ 3) «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد».

8. ۋەسىقىلەر: 1) «ۋەقفىيە»؛ 2) «مۇنشەئات» (يېزىشمىلار).

بۇلاردىن باشقا، بەزى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئەلىشىر نەۋايى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئۆز قەسىدىلىرىنى توپلاپ، «فۇسۇلى ئەربەئە» (تۆت فاسىل) ۋە «لىستەئى زەرۇرىيە» (ئالتە زۆرۈرىيەت) ناملىق ئىككى توپلام تۈزگەن. بۇلاردىن باشقا «رىسالەئى مۇفرەدات دەرفاننى مۇئەمما» دېگەن ئەسىرى بولغان. «نەسرۇل لەئالى»نى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئەلىشىر نەۋايى قانچە پارچە ئەسەر يازغانلىقى توغرۇلۇق ئوخشىمىغان قاراش بار. شائىر ئۇلۇغ تىل ئۇستىسى ئىدى. چەت ئەل ئالىملىرى نەۋايى ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن تىل بىلەن دۇنيادىكى بىر قىسىم داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ سانىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارغا قارىغاندا نەۋايى ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىغان[2]. نەۋايى ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىنسان ۋە ئادالەت غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزى ياشىغان دەۋرلەردىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ئىلغار ئىدىيەلەر ئاساسىدا يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. نەۋايى تۈركىي تىلدا ئەسەر يېزىش، تۈركىي تىلنى سۆيۈش ۋە قەدىرلەش بىلەنلا قالماستىن، يەنە تۈركىي تىلنى كەمسىتكۈچىلەرگە قارشى قاتتىق كۈرەش قىلىپ، تۈركىي

---

[1] پ. ئىسھاق: «ئۇلۇغ شائىر، مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ لىرىكىلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983-يىلى 1-سان.

[2] مەسىلەن، ئۆزبېكىستان فىلولوگىيە كاندىداتى بەھرىمەن باقايېۋ «نەۋايى ئەسەرلىرى لېكسىكىسى» ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە، پۇشكىن ئۆز ئەسەرلىرىدە 21197 سۆز، شېكسپىر 20 مىڭدىن كۆپرەك سۆز، سېرۋانتىس 18 مىڭدىن كۆپرەك سۆز، ئابدۇللا توقاي 41 مىڭ سۆز، ئاباي 6 مىڭ سۆز ئىشلەتكەن. نەۋايىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە تەخمىنەن 378 مىڭ 67 سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلار 626 مىڭ 35 لېكسىكىلىق بىرلىكتە ئومۇملاشقان. پەقەت «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدىلا 1345 سۆز ئىشلەتكەن.

تىلىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆز ئانا تىلىدا يۈكسەك بەدىئىي ئەسەرلەر يارىتىشنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. نەۋايى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئەينى دەۋردىلا مۇھىم ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھازىرمۇ يەنە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەلىشىر نەۋايى ئىجادىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا مۇنۇ نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ:

1) ئەلىشىر ئىلىم-پەن ساھەسىدە شېئىرىيەتتىن باشقا يەنە «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ، تۈركىي ۋە پارس تىللىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ چىقىش بىلەن، تۈركىي تىلىنىڭ باي تىل ئىكەنلىكىنى، ئەينى دەۋردىلا بۇ تىللارنىڭ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى ئىلمىي ھالدا ئاساسلاپ بەرگەن.

2) نەۋايى ئەدەبىياتشۇناس سۈپىتىدە «مەجالىسۇننەفائىس» ۋە «مىزانۇلئەۋزان» ناملىق ئەسەر يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىنى، ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان بەزى ئاساسلار ھازىرمۇ ئىلمىي ئەدەبىيات ساھەسىدە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

3) نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆتمۈش تارىخىي دەۋرنىڭ، بولۇپمۇ 15-ئەسىر دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى، دىنىي، ئېستېتىك كۆز قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ماتېرىياللىق ئەھمىيىتى بار.

4) نەۋايى ئەسەرلىرى 15-ئەسىر تۈركىي ئەدەبىي تىلى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

5) نەۋايى ئەسەرلىرى ئەينى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى، ئومۇمەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

6) نەۋايى ئىجادىيىتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىرىنى كۆپەيتىشتە ۋە ئۇنىڭ ئەركىن مۇسابىقىسىنى يولغا قويۇشتا مۇھىم ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، ئەلىشىر نەۋايى ئىجادىيىتى بىر نەچچە ئەسىر داۋامىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىلغار يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئۆز ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە ئۆگىنىش دەستۇرى بولۇپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەلىشىر نەۋايى بەش ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇيغۇر ۋە باشقا بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ ئىجادچىسى، ئۇلۇغ سەنئەتكارى، ئەدەبىيات پېشۋاسى ھەم ئىپتىخارى بولۇپ كەلمەكتە[①].

## 2. قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەلىشىر نەۋايى

ئەلىشىر نەۋايى ئىجتىمائىي ئىدىيە-پەلسەپە، ئەدەبىيات جەھەتتە خاس سىستېما ياراتقان ئەرباب، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە قاراشلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگىيە سەھنىسىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نامايەندە ۋە ئۈلگە بولۇپ قالغان. نەۋايى كۆپ خىل ئىجتىمائىي ئىدىيەۋى مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلغان، كۆپ قاتلامغا ھەم يىراق تارىخىي ۋە ئەينى زامان مەنبەلىرىگە نەزەر ئاغدۇرغان. ئۇ «مۇنشائات» (يېزىشمىلار) ناملىق خەت-چەكلەردىن تۈزۈلگەن ئەسىرىدە تىلغا ئالغاندەك، تاكى ئارىستوتېلدىن فارابىغىچە ۋە فارابىدىن ئەينى زامان ئىدېئولوگىيە

---

① پ. ئىسھاق: «ئۇلۇغ شائىر، مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ لىرىكىلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983-يىلى 1-سان.

نامايەندىلىرىگىچە كەڭ بولغان، مۇشۇنداق كەڭ مەنبەلەردىن ئوزۇقلانغان دۇنياقارىشى ۋە كىشىلىك قارىشى شائىرنىڭ لىرىكىلىرى، داستانلىرى، ئىلمىي ئەسەرلىرى، تۈرلۈك بەدىئىي ژانىرلار بويىچە ئىپادىلىنىپ، ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن. نەۋايى دۇنيا قاراشلىرى ۋە كىشىلىك قاراشلىرى، ئەدەبىيات قاراشلىرىغا تەسىر قىلغان مەنبەلەر ناھايىتى كەڭ. بۇ يەردە پەقەت قەدىمكى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەلىشىر نەۋايى ئىجتىمائىي ئىدىيەلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىلا قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، ئۆز خەلقىنىڭ تىل مەدەنىيىتى تەسىر قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن چەكسىز ئىلھاملانغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى جان تىكىپ قوغدىغان ۋە ئۇنىڭ ھەقلىق ۋارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. نەۋايى ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقئارالىق مەدەنىيەت قاتلىمىدىن ئۈنچە سۈزۈپ چىقىشنى نىيەت قىلغان چاغلىرىدىن باشلاپلا، دەسلەپ قىلىپ ئۆز ئانا تىلىنىڭ جەزبىدار كۈچ ـ قۇدرىتىنى مۆلچەرلەپ چىققان ۋە ئۇنى جىنىدەك ئەتىۋارلاپ، مۇشۇ تىل بىلەن ئەسەر يېزىشنى ئۆمۈرلۈك پىلانى قىلىپ تاللىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ يازغان بارلىق ئەسەرلىرى (پارسچە ئەسەرلىرىنى ھېسابلىمىغاندا) ئانا تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى شانۇ شەۋكىتىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن نامايان قىلدى.

ئىككىنچى، يېزىق مەدەنىيىتى تەسىر قىلغان، شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر يېزىقلىرىغا ئېتىبار بىلەن قارىغان. مەلۇمكى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ يېزىق ئىشلەتكەن. تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ئىشلىتىلىۋاتقان چاغاتاي يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە دەسلەپ ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ، تۈركىي ـ ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەشتىكى ۋاستىگە ئايلاندۇرغانىدى. ئەلىشىر نەۋايى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە چاغاتاي يېزىقى (بۇ يەردە ئەرەب تىلى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)نى پىششىق بىلەتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆپچىلىك ئەسەرلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. نەۋايى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ تەسىرى توغرىسىدا ئىلمىي خادىملار مۇنداق يازغان: ئەينى چاغدا «ھىرات ۋە سەمەرقەندتە «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلۈشى ۋە كۆپچىلىك ئالىم، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ بۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى تەتقىق قىلىشقا نەزەرىنى ئاغدۇرۇشى ئەينى زاماندا ھىرات ۋە سەمەرقەندتە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلار ۋە ماھىر كاللىگرافلار[1] بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.[2]

ئۈچىنچى، ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ شانلىق سىيماسىدىن ئىلھاملانغان. ئەلىشىر نەۋايى ئەجدادلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەدەنىيەت ئەربابلىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قارىغان ۋە ئۇلارنى ئۇستاز تۇتقان، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى زوقلىنىپ ئۆگەنگەن، ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلغان. شائىر ئەجدادلىرىدىن ۋە ئەسىرداش قېرىنداشلىرىدىن فارابى، يۈسۈف خاس ھاجىب، مەھمۇد كاشغەرىي، ئەھمەد يۈكنەكى، لۇتفىي، سەككاكىي، سۇھەيلى، ئاتايى، سەئىدىدىن كاشغەرىي، مەۋلانا فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىي يەنى فەسىھۇددىن ئاخۇنۇم سەيدۇلمىللەت ۋە لەدىل كاشغەرىي، ئەھمەد ھاجىبەگ قاتارلىقلارنى بىلگەن ۋە ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن ۋە ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ۋە ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىنى ھەرخىل شەكىلدە ئىپادىلىگەن. فارابى ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى قاراشلىرى نەۋايىغا كۈچلۈك تەسىر قىلغان. ئۇ فارابىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەندى. نەۋايى «مۇنشائات»ناملىق

---

[1] كاللىگراف — كىتابقا رەسىم سىزىپ، نەقىش ئىشلەپ تەييارلىغۇچىلار، يەنى قول يازما كىتابلارنى ياسىغۇچىلار.

[2] ر. رۇستەموف (ئۆزبېكىستان)نىڭ سۆزى، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئالمۇتا «پەن» نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشرى)نىڭ 56 ـ بېتىگە ئېلىنغان نەقىل.

ئەسىرىنىڭ 87 ـ پاراگرافىدا ئۆزىنىڭ پىفاگور (فىساغورۇس)، ئارستوتېل (ئارستو) دىن تاكى ئەبۇ ناسىر فارابىغىچە ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بولۇپمۇ نەۋايىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرىدا فارابىنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تولىمۇ روشەن. بىز بۇ تەسىرنى نەۋايىنىڭ قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتىگە، گىرېك پەلسەپىسىگە، بولۇپمۇ تولىمۇ پەرقلىق ھالدا ئارستوتېل قاراشلىرىغا بولغان ئالاھىدە ھۆرمىتىدىن كۆرۈۋالالايمىز. نەۋايى «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدا فەرھادنى ھېكمەت خەزىنىسى بولغان يۇنانىستان (قەدىمكى گىرېتسىيە)غا تەلپۈندۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئىسكەندەر تىلسىمى (پەلسەپە خەزىنىسى)نى ئېچىشتا سوقرات ھېكىم بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ. بۇ گىرېك پەلسەپىسىنى سوقراتتىن باشلاپ ئۆگىنىش، پىلاتوننى بېسىپ ئۆتۈش ۋە ئارستوتېلدا ۋايىغا يەتكۈزۈش توغرىسىدىكى فارابى قاراشلىرى بىلەن بىردەك بولغان. ئەگەر «فەرھاد ۋە شىرىن»دا چىن خاقانىنىڭ شاھزادىسى فەرھاد ئىشق ـ مۇھەببەت پىداكارلىقى رىشتىسىدىن يېگانە ھالدا شەرقتىن غەربكە سەپەر قىلىپ، جاھالەتلىك شاھ خۇسرەۋ تەرىپىدىن پاجىئەگە ئۇچرىغان ۋە بۇ شەخسىي پاجىئە نەۋايى تەرىپىدىن تارىخىي پاجىئە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ئىزاھلانغان بولسا، «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدا يۇنان شاھزادىسى ئىسكەندەر ئادالەت ۋە ئاسايىشلىق مەجبۇرىيىتى رىشتىسىدىن كۈچلۈك قوشۇن بىلەن غەربتىن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، جاھالەتلىك شاھ دارا ئۈستىدىن غايەت زور زەپەر تەنتەنىسىگە ئېرىشىدۇ. بۇ جەريان باشتىن ـ ئاخىر ئىسكەندەرنىڭ «ئىسكەندەر تىلسىمى»نى ئاچقانلىقى بىلەن، باشقىچە ئېيتقاندا ئارستوتېلنى داھىي ۋە نامايەندە قىلغان گىرېك پەلسەپىسى بويىچە ئىش قىلغانلىقى بىلەن يورۇتۇلغان[1]. ئەلىشىر نەۋايى ئىسكەندەرنىڭ چىن خاقانى بىلەن كۆرۈشۈپ سۈلھىلەشكەنلىكىنىڭ تەسۋىرىنى «خەمسە» ئۇستازلىرىنىڭ تەسۋىرىدىن كۆرە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»دىكى رىۋايەت ـ ھېكايىلەرگە يېقىن قىلىپ تۈزىدۇ. يەنى نەۋايىمۇ ئوخشاشلا بۇ رىۋايەتلەرنى ئىسكەندەرنىڭ خاقانى چىن بىلەن ئىززەت ـ ئىكراملىق سۈلھىلەشكەن تەرزدە ئەينەن شېئىرىي شەكىل بىلەن ئىپادىلىگەن. نەۋايىنىڭ لىرىك شېئىرلىرى، داستانلىرى ۋە باشقا ئىلمىي ئەسەرلىرىدە «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تىلى، بەدىئىي شەكلى ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شائىر ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىگەن مەرىپەتلىك ئادىل شاھ باشچىلىقىدا مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىش ئىدىيەسى بىلەن، ئىلىم ـ مەرىپەت، كىشىلىك ئەخلاق، چىن، سەمىمىي ۋاپادارلىق، ئىنسانىي بۇرچ نۇقتىئىنەزەرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپقا يېقىندىن يانداشقان[2]. نەۋايىنىڭ «خەمسە»سى دۇنياۋى كاتتا ئەسەر. ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغان ئىدىيەۋى مەزمۇنلارمۇ ناھايىتى چوڭقۇر، يۈكسەك ۋە كۆپ قىرلىق. شائىر ئۇنى يازغاندا خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى، «خەمسە» ئۇستىلىرىنىڭ «خەمسە»لىرىگە نەزەر ئاغدۇرۇش بىلەن بىرلىكتە، «قۇتادغۇبىلىك»كىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن مۇراجىئەتلەر قىلغان. بىزگە مەلۇمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىئىنەزەرى بىلىملىك، ئادىل شاھ ئەخلاق، بىلىم ۋە قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەل ـ يۇرتنى گۈللەندۈرەلەيدۇ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. يۈسۈپنىڭ بۇ قارىشى نەۋايىنىڭ «ھەيرەتۇلئەبرار»، «فەرھاد ۋە شىرىن» ھەم «سەددى ئىسكەندەرى» داستانلىرىدا خېلىلا روشەن ئىپادىسىنى تاپقان. بولۇپمۇ «سەددى ئىسكەندەرى»دىكى ئىسكەندەرنىڭ ئادىل، ئىنسابلىق، مەرىپەتلىك ۋە تىنچلىق سۆيەرلىك خاراكتېرى «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى بىلىملىك، ئادالەتلىك كۈنتۇغدى ئوبرازىنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە يارىتىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن پىروفېسسور بېرتېلىس 1948 ـ يىلىلا گەنجىۋى «خەمسە»سىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازىغا قارىغاندا،

---

[1] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەلىشىر نەۋايى ۋە ‹سەددى ئىسكەندەرى›»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1985 ـ يىللىق 4 ـ سانىنىڭ 67 ـ بېتى.

[2] ش. ئۆمەر: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى»،«بۇلاق» ژۇرنىلى 1994 ـ يىلى 1 ـ سان، 162 ـ بەت، ئۈرۈمچى.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئوبرازلارغا ناھايىتى ئوخشايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كېلىپ[1]، نەۋايى داستانىدىكى ئەنئەنىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تىن كەلگەنلىكىنى تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن[2].

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە يېزىلغان داستان بولۇپ[3]، بىزگە مەلۇمكى، نەۋايى بۇ ئەسەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، مەسىلەن، «نەسەئىمۇلمۇھەببە» دېگەن ئەسىرىدە ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىشتىن سىرت، باشقا بىر ئەسىرىدە «ئەتەبەتۇلھەقايىق»تىن بىر نەچچە مىسرانى مىسال كەلتۈرىدۇ. «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدىكى بىر نەچچە مىسرادا بولسا ئۇنىڭدىن ئېلىنغان قاپىيەنى ئەينەن قوللىنىدۇ. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، ھىرات ۋە سەمەرقەندتىكى شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلار ھەر جەھەتتە ياردەمدە بولغان. مەسىلەن، سەمەرقەندتە ھاكىم بولۇپ تۇرغان ئەھمەد ھاجىبەگ (سۇلتان مالىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى) ئاتىدارچىلىق قىلغانىدى. «مەجالىسۇننەفائىس»تا ئۇنى (بۇ يەردە ئۇنىڭ «ۋەفائى» تەخەللۇسىنى ئىشلىتىدۇ) سەئىدىدىن كاشغەري بىلەن بىرلىكتە، بىزگە ئۇستاز ئادەملەر دەپ يازغان. يەنە بىر ئۇيغۇر شائىرى سۇھەيلى ۋە لۇتفىينى ھەم ئۆز ئۇستازى دەپ بىلگەنلىكىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىشتۇر. مەۋلانا سەككاكىي، ئاتايىلارنىڭ نەۋايىغا بولغان تەسىرىنى ھەم تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

تۆتىنچى، ئۆز خەلقىنىڭ ئاساسىي غايىسى، جۈملىدىن ئەل-يۇرت سۆيەرلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك روھىي مەدەت بولغان. شۇڭا ئۇنىڭغا ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەپ ۋايىغا يەتكۈزگەن. نەۋايى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تىلى، ئىدىيەۋى مەزمۇنلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئۆز خەلقى ئارىسىدىن تاللاپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى ياراتقان ئەڭ نادىر ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئوبرازلىرىنى «خەمسە» ئۇستازلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ھالدا ئۆز خەلقىنىڭ ئوغلانلىرى ئارىسىدىن تاللىۋالغان. نەۋايىنىڭ «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانى «خەمسە نەۋايى» ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل نەۋايى ئىجادىي خەزىنىسى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە كاتتا ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. دەل مانا مۇشۇنداق، شائىرنىڭ تۇپ ئىدىيەۋى قارىشى ۋە ئەدەبىي ماھارىتى ئەڭ جانلىق، مەركەزلىك، يارقىن ۋە تېپىك ھالدا ئىپادىلەنگەن ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى فەرھادنى شائىر ئارىسالدى بولماستىن ئۆز خەلقىنىڭ ئوغلانلىرى ئىچىدىن تاللىۋالدى، ئۇنىڭ ۋەتىنىنى تەنتەنە بىلەن «مۇلكى چىن» — چىن مەملىكىتى دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. فەرھاد ئوبرازى پەيدا بولغاندىن بۇيان، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇنىڭ ۋەتىنىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ھەققىدە ھەرخىل پىكىرلەر ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. فەرھاد ئوبرازىنى تىلغا ئالغان ھەربىر قەلەم ئىگىسى ئۇنى ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە غايىۋى قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. مەسىلەن، نىزامىنىڭ داستانىدا فەرھادنىڭ ۋەتىنى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن، لېكىن ئوقۇغۇچى نىزامى ياراتقان فەرھاد ئوبرازىدىن مېھنەتكەشلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان غايىۋى قەھرىماننى كۆرەلەيدۇ. فەرھادنىڭ چىنلىق ئىكەنلىكى ئەڭ دەسلەپتە

[1] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئالمۇتا، نايكا نەشرىياتى 1983-يىلى نەشرى)،61-بەت.

[2] نەۋايى: «سەددى ئىسكەندەرى»دە بىر زاھىتنى تاغدىن چاقىرىپ كېلىپ، پادىشاھ قىلماقچى بولىدۇ. بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تە زاھىت ئودغۇرمىشنى غاردىن چاقىرىپ كېلىپ، كۈن تۇغدىنىڭ خىزمىتىگە سېلىش ھەققىدىكى ۋەقەلىك بىلەن يېقىنلىشىدۇ.

[3] ب. گ. غاپۇروف ۋە ئا. قاسىمجانوفلار يازغان «مەدەنىيەت تارىخىدا ئەل فارابى» دېگەن ئەسەردە، گىرۇزىيە ئۇيغىنىش دەۋرىنىڭ يىرىك ۋەكىلى شوتا رۇستاۋىلىنىڭ «يولۋاس تېرىسى يېپىنغان باتۇر» ناملىق داستانىغا «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ كونكرېت تەسىر قىلغانلىقىنى، بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ئىستىتىك يۆنىلىشىنى «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئالغانلىقىنى بايان قىلغان (بۇ ھەقتە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 1-سانىنىڭ 162-بېتىگە قارالسۇن).

خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. نەۋائىينىڭ داستانىدىمۇ فەرھاد چىن شاھزادىسى دېيىلگەن. نەۋائىي «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدا چىن شەھىرىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن سۈرەتلەپ قالماستىن، بەلكى فەرھادنىڭ چىن ئېلىدە ھەرخىل ھۈنەرلەرنى ئۆگەتكەن ئۇستازلىرىنىڭ ئىچىدە تاشچى قارۇننى ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ. مەلۇمكى، خوتەننىڭ جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ قاشتاش ئويمىچىلىقى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن. قارۇن شىنجاڭ ياكى خوتەن قاشتېشى ئويمىچىلىق ئۇستىسىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ فەرھادنىڭ ئۇستىسىدۇر دېيىلسە پۈتۈنلەي ئاساسسىز گەپ ھېسابلانمايدۇ. زۇلقەرنەيىن چىن قاغانى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ بىلەن سۈلھىلەشكەنلىكى، جۈملىدىن دوستلۇقنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە چىن قاغانىغا سوۋغا قىلغان ۋە فەرھادنىڭ ھاياتىدا تۈپتىن بۇرۇلۇش پەيدا قىلىشىغا بىۋاستە سەۋەبچى بولغان «جاھاننەما» تەسۋىرى، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان، زۇلقەرنەيىن بىلەن چىن ئېلىدىكى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ سۈلھىلىشىپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە بىر قانچە ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئارىسىدا مۇئەييەن تارىخىي بىرلىك ۋە باغلىنىش بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىي رىۋايەت شەكلىدە تىلغا ئالغان چىن قاغانى — ئۇيغۇر خاقانىنىڭ سۈلھىلىشىپ زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي بايانلارنى «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدىكى ئىسكەندەر بىلەن چىن قاغانىنىڭ سوۋغا ـ سالام ئالماشتۇرۇشى توغرىسىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە مەنبە ئاساسى قىلىش ئەلىشىر نەۋائىي ئۈچۈن شەرەپلىك خىزمەت دېيىشكە مۇمكىنچىلىك بار ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ «سەبئەئى سەييارە» داستانىدا «چىن، خوتەن» ئاتالغۇلىرىنى پاراللېل ئىشلەتكەنلىكىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قاراشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، نەۋائىي «خەمسە»گە كىرگۈزگەن داستانلىرىدا ياراتقان بىر قانچە ئوبرازنى چىنلىق بىلەن يارىتىپ چىققان. بۇلارنىڭ ھەممىسى خوتەننى، جۈملىدىن شىنجاڭنى، كەڭ مەنىدە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونى كۆرسىتەتتى دەپ پەرەز قىلىمىز.

«چىن»نىڭ ئېلىمىزنىڭ، تار مەنىدە شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيەلىك نامى ئىكەنلىكىنى ئېلىمىزدىكى خەنزۇ ئالىملىرىمۇ ئىلمىي ھالدا دەلىللەپ چىققان[1].

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىجادىيىتىدە ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەشنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان. ئەلىشىر نەۋائىيغا نىسبەتەن، ئۇ ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھقا ئىگە ئۇلۇغ زات بولغاچقا، مۇشۇ خىل ئالىيجاناب ئىدىيەنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆز خەلقىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىنتايىن يوشۇرۇن ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

### 3. «خەزائىنۇلمەئانى» توغرىسىدا[2]

«خەزائىنۇلمەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى)[3] ئەلىشىر نەۋائىينىڭ لىرىك شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ نادىر ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر 1491—1498 ـ يىللىرى نەۋائىينىڭ ئۇستازى ئابدۇراھمان جامىينىڭ مەسلىھەتى ۋە پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارانىڭ تەستىقى بىلەن تۈزۈلگەن. ئەسەر تۆت دىۋاندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، خەلق ئىچىدە «چاھار دىۋان» (تۆت

---

[1] بۇ ھەقتە لى جىمىڭنىڭ «‹تارىخىي خاتىرىلەر. خەننامە›دىكى تەرجىمە نام ‹چىنلىقلار› مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭسۇن، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2000 ـ يىلى 3 ـ سانى، خەنزۇچە.
[2] بۇ ماۋزۇنى ماگىستىر مەھمۇدجان مۇھەممەد تەييارلىغان.
[3] «خەزائىنۇلمەئانى»دىن تاللانغان شېئىرلار تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ تەييارلىشى بىلەن «ئەلىشىر نەۋائىي — غەزەللەر» نامىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

دىۋان) دەپ ئاتالغان. نەۋايى دىۋانلارنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپىنى ئادەملەرنىڭ ئۆمرىگە تەققاسلىغان ۋە بىرىنچى دىۋانغا «غەرايىبۇسسىغەر» (بالىلىق غارايىپلىرى)، ئىككىنچى دىۋانغا «نەۋادىرۇششەبباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، ئۈچىنچى دىۋانغا «بەدايىئۇلۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)، تۆتىنچى دىۋانغا «فەۋائىدۇلكىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) دەپ ئات قويغان. بىراق ئۇ خىرونولوگىيەلىك تەرتىپ بويىچە ئەمەس، بەلكى كىلاسسىك دىۋانلار ئەنئەنىسى بويىچە قاپىيە ياكى رادىف ئاخىرىدىكى ھەرپلەر تەرتىپى بويىچە رەتلەنگەن.

«خەزائىنۇلمەئانى»دا جەمئىي 3132 لىرىك شېئىر بولۇپ، ئۇلار غەزەل، مۇستەھزاد، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، تەرجىئبەند، مەسنەۋى، قەسىدە، ساقىينامە، قىتئە، رۇبائىي، مۇئەممە، چىستان، تۇيۇق، فەرد قاتارلىق 16 خىل لىرىك ژانىردا يېزىلغان. بۇ ژانىرلار ئىچىدە غەزەل ئەڭ كۆپ بولۇپ، جەمئىي 2600، قالغانلىرى مۇستەھزاد 4، مۇخەممەس 10، مۇسەددەس 5، مۇسەممەن 1، تەرجىئبەند 4، تەركىئبەند 1، مەسنەۋى 1، قەسىدە 1، ساقىينامە 1، قىتئە 210، رۇبائىي 133، مۇئەممە 52، چىستان 10، تۇيۇق 13، فەرد 86 پارچىدۇر.

1. «خەزائىنۇلمەئانى»نىڭ مەزمۇن دائىرىسى

«خەزائىنۇلمەئانى»نىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇ نەۋايى روھىنىڭ بەدىئىي ئەينىكىدۇر. نەۋايى 15 ـ ئەسىر فېئوداللىق جاھالىتىنىڭ تۈرلۈك جىنايەتلىرىنى ۋە ئەمگەكچى خەلق چېكىۋاتقان ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك، ھاكىمىيەت ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئۈزۈلمەس جەڭگى ـ جېدەللەر، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن تۆكۈلۈۋاتقان بىھۇدە قانلار، ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى تۈرلۈك سۇيىقەست، شۇملۇق، پىتنە ـ پاساتلار، رىياكار شەيخلەرنىڭ ھەرخىل ساختىلىقلار بىلەن خەلقنى ئالداشلىرى، ئىشەنگەن دوستلارنىڭ تۈزكورلۇقلىرى... مانا بۇلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قاتتىق ئازابلاپ، قەلبىدە چوڭقۇر خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، ھەققانىيەت تۇيغۇلىرى ئويغاتقاندى. شۇڭا ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنىڭ تېماتىكىسى گۇمانىزم، خەلقچىللىق، سۆيگۈ ـ ساداقەت، ۋىسال ـ ھىجران، ئەل ـ يۇرت مۇھەببىتى، ئىناقلىق ۋە ئادالەت، مېھنەت ۋە مەرىپەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ھىممەت ۋە ساخاۋەت، ھالاللىق ۋە توغرىلىق، مەي لەززىتى ۋە تەبىئەت كۆركى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. بۇلاردىن باشقا زۇلۇم ۋە ئىستىبداتتىن نالە قىلىش، ئادالەتسىزلىك ۋە ئىناقسىزلىقنى قارىلاش، نارازىلىق ۋە جاھالەتنى پاش قىلىش، بەتنىيەت ۋە ھىيلىگەرلىكنى تەنقىد قىلىش غايىلىرىمۇ ئەكس ئەتتى. «خەزائىنۇلمەئانى»دىكى ئىنسانپەرۋەرلىك روھ ئالىدى بىلەن ئۇنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلدى. چۈنكى، نەۋايىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم لىرىكىلىرى قايناق ۋە ساپ بولغان ئىشق ـ مۇھەببەتكە بېغىشلانغان بولۇپ، دەل مۇشۇ ئىشق ـ مۇھەببەت مەجنۇنلۇقى ئىچىگە نەۋايىنىڭ تۈپ ئېستېتىك غايىسى سىڭدۈرۈلگەنىدى. ئۇ نوقۇل ھالدىكى ئىشق ـ مۇھەببەتنى كۈيلەش بولماستىن، بەلكى ئىنسانپەرۋەرلىكنى تۈپ مىزان قىلغان ئالىيجاناب ئىدىيەنىڭ يالقۇنىدۇر. ئۇ ئىشقىي لىرىكىلاردا سۇفىيانە غايىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىنساننىڭ روھىي پارلاقلىقى، مەنىۋى تاكامۇللۇقى ۋە بۇ ئالەملىك بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۆز ياش تۆككەن ۋە ئىنساننىڭ ئالەم بىلەن بىر گەۋدىلىشىشتەك ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلەپ، شېئىرلارنى مۇئەييەن پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغانىدى. ئۇ مەجازىي شېئىرىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن، سىمۋوللۇق مەنىدىكى شېئىرىي مىسرالارنى تۈزۈپ، ئۆز غايىسىنى سىمۋوللۇق مەنىلەر بىلەن ئىپادىلىدى. ئىشقىي لىرىكىلاردىكى مەي، مۇغبەچە، مەيخانە، گۈل، بۇلبۇل، يار قاتارلىقلارنىڭ يوشۇرۇن مەنىلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىدىغان بولساق، لىرىكىلاردىن باشقىچە مەنىلەرنى

تېپىپ چىقالايمىز. مەسىلەن، نەۋاينىڭ «خەزائىنۇلمەئانى»دىكى بىرىنچى غەزىلى بۇنىڭ روشەن ئىسپاتىدۇر. غەزەل باشتىن ـ ئاخىر مەي ھەققىدە بولۇپ، سىمۋوللۇق مەنىلەرنى چۈشەنگەن ھالدا ئوقۇساق بىر خىل، يۈزەكى ھالدا ئوقۇساق يەنە بىر خىل مەنە بېرىدۇ.

*ئەشرە قەتمىن ئەكس شەمس كەئسى ئەنۋارۇلھۇدا،*

*يار ئەكس مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سەدا.*

*[قۇياشتەك يورۇپ تۇرغان قەدەھتىن ھىدايەت نۇرى چاقنىدى، جامدىن يارنىڭ ئەكسىنى مەيدە كۆرگىن دېگەن سادا چىقتى.]*

بىز بۇ يەردە روياپقا چىققان قەدەھ ياكى جامنى ئىنساننىڭ قەلبى، قەدەھتىكى مەينى مەھبۇب ئىشقى، مەيدە ئەكس ئەتكەن يارنى لىرىك قەھرىماننىڭ غايىۋى مەنزىلى ياكى ئۇ ئىزدەۋاتقان مەھبۇبنىڭ سىمۋولى دەپ قارايمىز.

*غەير نەقشىدىن كۆڭۈل جامىدا بولسا زەڭگى غەم،*

*يوقتۇر ئەي ساقى، مەي ۋەھدەت مەسەللىك غەمزەدا.*

*[كۆڭۈل جامىدا غەيرىي تەسەۋۋۇردىن غەم غەشلىكى پەيدا بولسا، ئەي ساقىي، بۇنى ۋەھدەت شارابىدەك تازىلىغۇچى يوق.]*

ۋەھدەت شارابى كۆڭۈلدىكى غەيرىي خىياللارنى، يەنى ئىنساندىكى نەپسانىيەت، شەخسىيەت، مەنمەنچىلىك، تەكەببۇرلۇق، ھارامخورلۇق ئىللەتلىرىنى تازىلىغۇچى، ئىنسان روھىنى پاكلاپ، ئۇنى مەنىۋىيەتتە مۇكەممەل ئىنسانغا ئايلاندۇرغۇچى ئىشقتۇر. ئۇ لىرىك قەھرىماننىڭ تۈپ مەنىۋى ئىنتىلىشىنىڭ مەزمۇنىدۇر. مۇشۇنداق تەھلىل ئېلىپ بارغاندا، پۈتكۈل غەزەلدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن: ئىشق يەنى ئىنساندىكى روھىي پاكلىق ئىنسانىي كامىللىقنىڭ چوققىسى «ۋەھدەت»كە — ئالەم بىلەن ئىنساننىڭ بىرلىكىگە ئېلىپ بارىدۇ. مەي ئارقىلىق ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىنى ئۇنتۇغاندىلا ۋە ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس شەخسىيىتىدىن ھالقىغاندىلا ئاندىن ئىنسانىي كامىللىق مەقامىغا ئۆلىشىپ، ئۆزى ئارزۇ قىلغان غايىۋى مەنزىلگە يېتەلەيدۇ. ئىنسان بۇ يەردە ئارىفلىق مەقامىغا يېتىپ ھەقىقىي گۇمانىستىك ئاڭغا ئىگە بولىدۇ. خۇددى مېنسۇر ھەللاجى، جالالىددىن رۇمىيلار ئېيتقاندەك: «ئىنسانلار بىر ـ بىرىدىن بايلىق، نەسىل ـ نەسەب، مەۋقە ـ مەرتىۋە، ھەتتاكى دىنىي ئېتىقادقا قاراپ ئاجرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەملەر، دۇنيادىكى بارلىق نەرسە ئىنسان ئۈچۈن، پەقەت ئىنساننىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر دېگەن قاراشقا كېلەلەيدۇ. لىرىك قەھرىمان قەلبىدىكى ۋىسال ئىشتىياقى ئىنسانىي كامىللىققا ئۆلىشىش ئىستىكى، ھىجران ئىزتىراپى بولسا يار ۋىسالىغا ئېرىشىش ياكى كامىل ئىنسان بولۇشنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، لىرىكىلاردا ئىزدەلگەن ئىنسان ئادەتتىكى ئىنسان ئەمەس، بەلكى، ۋمانىستىك ئاڭغا، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، ھەققانىيەت روھىغا باي مۇتەپەككۇر ئىنساندۇر. شۇڭا «خەزائىنۇلمەئانى»دىكى لىرىك قەھرىماننىڭ روھىي دۇنياسى قارىماققا ئىنتايىن مۇرەككەپ بىلىنىدۇ. ئىشق تەشنالىقى ھەم ھىجران ئازابى، مەھبۇبنىڭ ئىنسان ئەقلىنى لال قىلىدىغان گۈزەللىكى ھەم بىۋاپالىقى، كۆڭۈل غەشلىكىنى تازىلىغۇچى مەي، ۋەھدەت شارابىدىن مەست بولۇش، فەنا مەنزىلىدىكى مۇشەققەت ھەم شۇ مۇشەققەتتىن تۇغۇلغان خۇشاللىق تۇيغۇسى، زامان زۇلمىتى ۋە ئالەمنىڭ بىۋاپالىقى، شەيخلەر رىياكارلىقىدىن نەپرەتلىنىش، رېئال دۇنيا خۇشاللىقلىرىدىن شادلىنىش، ئىشق مەدھىيەسى قاتارلىقلار لىرىك قەھرىمان خاراكتېرىدىكى روشەن ئالامەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەقىقىي ئىنسانىي سۆيگۈ يالقۇنجاپ تۇرىدۇ.

لىرىك شېئىرلاردىكى ئىنسانپەرۋەرلىك روھ خېلى كەڭ دائىرىدە يورۇتۇلغان. ئۇنىڭدا ھەقىقىي

ئىنسانلىق سۈپەتلىرىدىن ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىك، پىداكارلىق، باتۇرلۇق، سىر ساقلاش، تەبىئەتنى سۆيۈش، گۈزەل سۆزلەش، ھايالىق بولۇش، باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىك، سەممىي، راستچىل، ئاق كۆڭۈل بولۇش، ئەل-يۇرتقا مېھرىبان بولۇش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەر كۈچلۈك مەدھىيەلىنىدۇ. ئەكسىچە ئىنسانلىققا يات بولغان ۋاپاسىزلىق، رىياكارلىق، ساختىلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، نادانلىق قاتارلىق ئىللەتلەر ئۆتكۈر قامچىلانغان.

2. «خەزائىنۇلمەئانى»نىڭ بەدىئىي گۈزەللىكلىرى

«خەزائىنۇلمەئانى»دىكى لىرىكىلار بەدىئىي گۈزەللىك جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) غۇۋالىق، يوشۇرۇنلۇق

«خەزائىنۇلمەئانى»دىكى لىرىكىلار غۇۋالىق ۋە يوشۇرۇن مەنىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، شېئىرىي ئوبرازلار كۆپىنچە مەجازىي ئوبرازلار بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارغا چوڭقۇر، يوشۇرۇن مەنىلەر يۈكلەنگەن ۋە نازۇك تۇيغۇلار يۇغۇرۇلغان. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن مىسرالار بىلەن مىسرالار، بېيىتلار بىلەن بېيىتلار، شېئىر بىلەن ئوقۇرمەن ئارىلىقىدا ئىستېتىكىلىق، كۆپ يۆنىلىشلىك، كۆپ قاتلاملىق بوشلۇق ھاسىل قىلىنغان. بىز لىرىكىلاردىكى غۇۋالىق، يوشۇرۇنلۇق ئىچىدىن سىرلىق روھىيەت چەكسىزلىكىدە ئىنسانىي كامىللىقنى ئىزدەۋاتقان، گۈزەل يار پىراقىدا مەڭگۈلۈك دەرد چەككەن ئوتلۇق قەلبىنىڭ ساداسىنى ئاڭلايمىز. غۇۋالىق ئىچىدىكى مەنىدارلىققا تويۇنغان قايناق ھېسسىيات ئوقۇرمەننى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدا مەجازىي ۋاستىلەردىن سىمۋولنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولغان. مەسىلەن، لىرىكىلاردىكى مەي، جام، گۈل، بۇلبۇل، يار، پەرۋانە، شام، ساقىي، مۇغبەچە، قۇياش، ئاي قاتارلىق مەجازلار لىرىكىلارنى غۇۋالىققا ئىگە قىلغان مۇھىم ئامىل بولغان. مەسىلەن:

*ھەر قايان باقسام كۆزۈمگە ئول قۇياشتىن نۇر ئېرۇر،*

*ھەر سارى قىلسام نەزەر ئول ئاي ماڭا مەنزۇر ئېرۇر.*

بۇ بېيىتتىكى قۇياش ۋە ئاينىڭ مەنە قاتلىمىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن؟ بىز تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ كائىنات ۋە ئىنساندا ياراتقۇچىنىڭ ھۆسن-جامالى ياكى ھۆسنى مۇتلەق جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ دېگەن قارىشى بويىچە قارىساق، ئۇلار ئىلاھىي گۈزەللىك سىمۋولىدۇر. لىرىك قەھرىمان قاياققىلا قارىسا، قۇياشنىڭ نۇرى كۆرۈنىدۇ، نەگە نەزەر سالسا، يەنە شۇ ئاي ئايان بولىدۇ. يار ئوبرازىمۇ ئوخشاشلا تۇتۇقلۇققا ئىگە. دېمەك، لىرىكىلار تىل، ئوبرازلار سىستېمىسى ھەم شېئىر مۇھىتىغىچە مەۋھۇملۇققا، تۇتۇقلۇققا ئىگە بولۇپ، كۈچلۈك ئىچكى رىتىم بىلەن بىرىككەن ھالدا يۇقىرى بەدىئىي گۈزەللىكنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

2) ئاھاڭدارلىق

«خەزائىنۇلمەئانى»دىكى لىرىكىلارنىڭ تىلى ناھايىتى ئاھاڭدار. چۈنكى شائىر ئارۇز ۋەزنىنىڭ قاتتىق ۋەزىن ئۆلچەملىرىگە ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئاھاڭدارلىقنى كۈچەيتىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە — تەكرارلاش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغاچقا (كىلاسسىكلار تەكرارلاشنى ‹تەرسى سەنئىتى› دەپ ئاتىغان)، شېئىرىي تىل يۈكسەك ئاھاڭدارلىققا ئىگە قىلىنغان. تەكرارلاش ئادەتتە ئانافورا، ئاللىتراتسىيە، پاراللېزم، ئاددىي تەكرارلاش، كۈچەيتىپ تەكرارلاش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. نەۋايى لىرىكىلاردا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قوللانغان. مەسىلەن:

*تونۇم دەيجۇر، ئۆزۈم زەنجۇر، ئىچىم غەمناكۇ، باغرىم چاك،*

*تىلىم لالۇ، تەنىم بىھال، ئىشىم ئەفغان بىرىكىشىم قان.*

*كۆزۈم نەملىق، بويۇم خەملىق، ئىچىم ئەندۇھى ماتەملىق،*

*نى ھەمدەملىق، نى مەھرەملىق، تاپىپ بۇ مىھنەتنى پىنھان.*

يۇقىرىدىكى مىسرالاردىكى سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئۆزئارا ئاھاڭداش، قاپىيەداش ۋە ئوخشاش تاۋۇشلۇق بولۇپ، شېئىرىي پىكىر ياڭراق پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. تۆۋەندىكى بېيىتتا ھەم ئانافورا، ھەم ئالليتراتسىيە تەڭ قوللىنىلىپ، مىسرالار تېخىمۇ ياڭراق قىلىنغان:

*ماڭانى يارەنى ھەمدەم، ماڭانى دوستۇئى مەھرەم،*

*ماڭانى چارە، نى مەھرەم، ماڭانى سەبرۇ نى سامان.*

بۇ خىل ئاھاڭدارلىق لىرىكىلارنىڭ مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى كۈچەيتكەن. شۇڭا ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرىنىڭ تولىسى نەۋايى غەزەللىرىدىن تەشكىل تاپقان.

3) تىلىنىڭ ئوبرازلىقلىقى

«خەزائىنۇلمەئانى»دىكى لىرىكىلارنىڭ تىلى تولىمۇ ئوبرازلىق بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭدا قوللىنىلغان ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش، مۇبالىغە ۋە سىمۋوللار ئارقىلىق نامايان بولغان.

(1) ئوخشىتىش

ئارستوتېل: «ئوخشىتىش — تالانتنىڭ بەلگىسى» دېگەنىدى. لىرىكىلارنى گۈزەل ئوخشىتىشلار خەزىنىسى دەپ ئاتاش مۇمكىن. ئوبرازلىق، يېڭى ھەم ئىجادىي بولۇش نەۋايىنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنىڭ روشەن بەلگىسىدۇر. مەسىلەن:

*كۆز ياشىم بولدى رەۋان بىر نەرگىسى جادۇ كۆرۈپ،*

*تۇغىل يەڭلىغكىم يۈگۈرگەي ھەر تەرەپ ئاھۇ كۆرۈپ.*

*[ بىر جادۇ كۆزلۈكنى كۆرۈپ يېشىم شۇنداق ئاقتىكى، خۇددى كىچىك بالا كېيىكنى كۆرۈپ ھەر قاياققا يۈگۈرگەندەك . ]*

بۇ شېئىردا گۈزەل قىزنىڭ جادۇ كۆزى كېيىكنىڭ كۆزىگە، لىرىك قەھرىماننىڭ قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ ھودۇققان، ئاشىق بىقارارلىقتىن كۆز ياش تۆككەن ھالىتى كىچىك بالىنىڭ كېيىككە ھەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ھودۇققىنىدىن يىغلاپ ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ھالىتىگە ئوخشىتىلىپ، يېقىملىق ھەم تەسىرلىك شېئىرىي كەيپىيات ھاسىل قىلىنغان.

*ئول بۇلۇت يەڭلىغ لىباس ئۆزرە سىزىلغان خەتلىرى،*

*بار ئانڭدەككىم ياغىن تۇشكەي بۇلۇتتىن تار ـ تار.*

*[ئۇنىڭ بۇلۇتقا ئوخشاش كۆڭلىكىنىڭ يول ـ يول سىزىق گۈللىرى خۇددى يامغۇرنىڭ بۇلۇتتىن تارام ـ تارام بولۇپ چۈشۈشىگە ئوخشايدۇ.]*

بۇ بېيىتتا قىزنىڭ كۆڭلىكى بۇلۇتقا، ئۇنىڭ يول ـ يول سىزىق گۈللىرى يامغۇرنىڭ بۇلۇتتىن تارام ـ تارام چۈشكەن ھالىتىگە مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ئوخشىتىلىپ، بىر خىل شېئىرىي يۈكسەكلىك ھاسىل قىلىنغان. بۇنىڭغا ئوخشاش ئاجايىپ رەڭدار، گۈزەل ئوخشىتىشلار لىرىكىلاردا تولۇپ ياتىدۇ.

(2) سۈپەتلەش

نەۋايى لىرىكىلىرىدا سۈپەتلەش (ئېپىتېت) ئالاھىدە كەڭ قوللىنىلغان. لىرىكىلارنىڭ ھېسسىياتقا باي، گۈزەل، ئوبرازلىق ۋە تەسىرچان بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ تىلىدىكى سۈپەتلەشلەرنىڭ مۇكەممەل، گەۋدىلىك بولغانلىقىدۇر. لىرىكىلاردا ئىشق، ئاھ، كۆڭۈل، بالا، مەلامەت، ھەجىر، غەم، ۋەسىل، رىشتىگە ئوخشاش مەۋھۇم چۈشەنچىلەر ئىشق ئوتى، كۆڭۈل قۇشى، ئاھىم دۇدى، بالا دەشتى، ھەجىر ئوقى، غەم تاشى، رۇزى ۋەسىل، رىشتەئى جانغا ئوخشاش

ئىپتىدائىي تۇزۇلۇشلەر ئارقىلىق ئوبرازلىق خاراكتېرگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

*باشىم غەم تاشىدىن پارە، تەنىم ھەجىر ئوقىدىن يارە،*
*كۆڭۈل بۇ پارەغە چارە، تاپارغە تاپمايىن ئىمكان.*
*سىنسا كۆڭلۈمدە ئوقۇڭ، سۇرتۇپ ئىسسىق قاندىن ئاڭا،*
*پەي مەسەللىك چىرماغايمەن رىشتەئى جانەن ئاڭا.*

(3) مۇبالىغە

لىرىكىلاردا مۇبالىغە ئىنچىكە قوللىنىلغان. نەۋايى ئۆزىنىڭ ئىشقىي لىرىكىلىرىدا ئىشق مۇشەققىتىنىڭ ئېغىرلىقىغا بولغان تەسىراتىنى ماھىيەتلىك ھالدا ئىپادىلەش، لىرىك قەھرىماننىڭ ئىشق يولىدا چەككەن رىيازەتلىرىنى تېخىمۇ تەسىرلىك يورۇتۇش مەقسىتىدە مۇبالىغە ئۇسۇلىغا مۇراجىئەت قىلغان. شائىر ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈك مۇبالىغە قىلىنىشى بىزگە ھەرگىزمۇ ساختا ياكى كۆپتۈرمە بولۇپ تۇيۇلمايدۇ، بەلكى ئىشق-مۇھەببەت دەردىنىڭ مۇشكۈللىكىگە بولغان تەسىراتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. شائىر كۈچلۈك تەسەۋۋۇر ئارقىلىق لىرىكىلارغا قانات بېغىشلاپ، لىرىك قەھرىمان ئىشق يولىدا يولۇقۇشى مۇمكىن بولغان بارلىق كۈلپەتلەرنى ئىنچىكە سۈرەتلەپ، ئۇنىڭ ھېسسىياتىدىكى نازۇك ئۆزگىرىشلەردىن تارتىپ سىرتقى قىياپىتىدە يۈز بەرگەن ئالامەتلەرگىچە كۈچلۈك مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق لىرىك قەھرىماننىڭ دەرد-ھەسرەتلىرى، قايغۇ-زارلىرى، قان-ياشلىرى، يېگانە-بىچارىلىكى ئىنتايىن تەسىرلىك بايان قىلىنىدۇ. لىرىكىلاردىكى ھېسسىيات چىنلىقىنى ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىدىن ئىپادىلەش چوڭقۇرلۇقىغا يېتىدۇ. بىز لىرىك قەھرىماننىڭ قايغۇسى ۋە بىئاراملىقىنىڭ بالا دەشتىدەك پايانسىزلىقىدىن، باغرىنىڭ يېرىق، كۆز يېشىنىڭ قانلىقىدىن، ھىجران خەنجىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن، پىغانىدىن پەلەكنىڭ غەمكىن بولغانلىقىدىن، كۆز يېشىدىن جاھاننىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىدىن، بېشىنىڭ غەم تېشىدىن پارە-پارە بولغانلىقىدىن، جىنىنىڭ تەنىدىن چىقىپ كېتىپ، تەننىڭ جان ھەسرىتىدە قالغانلىقىدىن قىلچە ئەجەبلەنمەيمىز. لىرىكىلاردا ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش، مۇبالىغە، سىمۋول قاتارلىق ئۇسۇللار كۆپ ھاللاردا بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن ھالدا قوللىنىلغان.

## 4. «خەمسە نەۋايى» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

«خەمسە نەۋايى»[①] ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «خەمسە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئەلىشىر نەۋايى بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسەك چوققىسى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ دەبدەبە پەيدا قىلغان شاھانە ئەسەر. «خەمسە نەۋايى»دىن ئىبارەت بۇ داستانلار توپلىمى 1483 — 1485-يىللىرى ھىراتتا ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان.

«خەمسە» «بەش» سۆزىدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەدەبىي ئېقىمنىڭ نامى سۈپىتىدە «بەشلىكلەر»، «بەشلىك توپلام»، «بەشلىك مەجمۇئە»، «بەش كىتابچە» تەرزىدە قوللىنىلغان، يەنى بەش داستاندىن تەركىب تاپقان، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتە ئۆزئارا باغلىنىشى بولمىغان، ئەمما مەسنەۋى شەكلىدىن ئىبارەت ئورتاق شېئىرىي ئەندىزىسى بويىچە يېزىلغان مۇستەقىل بەش داستان بىرلەشتۈرۈلگەن ئەدەبىي

---

① «خەمسە نەۋايى»نىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە ساقلانغان نادىر نۇسخىلىرى ئاساسىدا ئابدۇبېشىت ئىسلامى، رەخمىتۇللا جارى، تېيىپجان ئېلىيېف، ئابدۇقېيۇم خوجا، قۇربان بارات، ئىسرايىل يۈسۈپ قاتارلىقلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1991-يىلى نەشر قىلىنغان.

توپلام «خەمسە» بولغان.

«خەمسە»لەرنىڭ بىرىنچى داستانى پەلسەپىۋى داستان، بەشىنچى داستانى غايىۋى دۆلەت ۋە غايىۋى پادىشاھ توغرىسىدا، قالغان ئۈچ داستان ئىشق-مۇھەببەت مەسىلىسى، جۈملىدىن ھىجران پاجىئەلىرى ھەققىدە يېزىلغان.

«خەمسە» نەزەرىيەۋى تەپەككۇر مەسىلىلىرىدە ئىوز دەۋرىگە خاس مەھەللىۋى، يەرلىك مەسىلىلەرنىلا ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى تارىخىي تەپەككۇر سەمەرىسىنى (نەتىجىلىرىنى) شەرت قىلغان. ئومۇمەن، «خەمسە»گە كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر مەيلى پەزىلەتلىك شەھەر ھەققىدە، پەنلەر ھەققىدە، دۆلەت ۋە بەخت-سائادەت ھەققىدە يېزىلغان بولسۇن، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ يېڭى، ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ سەزگۈر مەسىلىلىرى تىلغا ئېلىنماي قالمىغان.

«خەمسە»چىلىك ئەرەبلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارس-تاجىكىيلار، تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ھىندىستان خەلقلىرى ئارىسىدا ئوتتۇرا ئەسىردە ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم. ئۇنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. قەدىمكى ھىندى خەلقىنىڭ كىلاسسىك ئەسىرى «بەشنامە» (پەنجە تانتاراس) ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى «تەۋرات»نىڭ «بەشنامە» (تۇراخ) دەپ ئاتالغان بىر قىسمىمۇ «بەش» سانى بىلەن ئېنىقلىنىپ مۇكەممەل كىتاب ئۇقۇمىنى ئاڭلاتقان ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي چۈشەنچىسىگە مەنىۋى ئىلھام بېغىشلىغان. ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادا «خەمسە»چىلىكنى ئىلمىي سەۋىيەگە كۆتۈرۈپ شۆھرەت قازانغان شائىر ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نىزامىي گەنجىۋى، خۇسرەۋ دېھلىۋى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق ئۇلۇغ «خەمسە» ئۇستىلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە يېزىلغان «خەمسە نەۋايى» دىكى داستانلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى زور بەدىئىي قىممەتكە، ئىجتىمائىي قىممەتكە ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە. ئۇلۇغ شائىر ھەربىر داستانىدا ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ۋە كۆز قارىشىنى ئىپادىلىگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ يۇقىرى تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيەسى، ئىلىم-پەن مەسىلىسى تىلغا ئېلىنماي قالمىغان①.

1. «ھەيرەتۇلئەبرار»

بۇ «خەمسە نەۋايى»دىكى 1-داستان بولۇپ، 63 باب، 3973 بېيىت. ئۇ مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن پەلسەپىۋى داستان تۈركۈمىگە تەئەللۇق بولۇپ، مۇقەددىمە، ئاساسىي قىسىم ۋە خاتىمىدىن تەركىب تاپقان. مۇقەددىمە قىسمىدا شائىر ئىلگىرى ئۆتكەن خەمسە ئۇستىلىرى نىزامى گەنجىۋى، خۇسرەۋ دېھلىۋى ۋە ئابدۇراخمان جامىلار توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ داستاننى يارىتىشتىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلىدۇ. داستانىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا، شائىر ئەخلاق، دىن، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ھايات توغرىسىدا ئايرىم-ئايرىم توختىلىدۇ. شائىر جاھالەت، رەزىللىك، قاباھەتلىك ۋە ئاچ كۆزلۈكنى قاتتىق قامچىلاپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ بىلىم تەشنالىقى بىلەن تۇرمۇش قارىشىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. داستانىنىڭ خاتىمىسى ئەمەلىيەتتە مەزكۇر ئەسەرنىڭ يەكۈنى بولۇپ، شائىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك دۇنيا قارىشى بىلەن داستانىنىڭ يېزىلىش جەريانىدىكى ئەگرى-توقايلىقلار قىسقىچە بايان قىلىنىغان.

شائىرنىڭ داستاندا ھەل قىلماقچى بولغان ئاساسىي ئوي-پىكرى زالىم پادىشاھلارنى، رەھىمسىز ئەمەلدارلارنى، ئالدامچى شەيخلەرنى قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ

① غەيرەتجان ئوسمان: «خەمسە ۋە خەمسەچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى»، 1999-يىلى 11-سان.

قىلمىشلىرىنى قارىلاش؛ ئادالەت، سېخىيلىق، ئەدەپ، ۋاپا، دوستلۇق، رەھىمدىللىك، راستچىللىق، قانائەت، كەمتەرلىك، ئەمگەك، ئىلىمنىڭ خاسىيىتى قاتارلىق چۈشەنچىلەرنى تەرغىب قىلىپ، ئىنسانلارنى ياخشى ئەدەپ-ئەخلاققا ئۈندەشتىن ئىبارەت.

شائىر بۇ داستاندا، پادىشاھلارنى ئۆز ئىنسانىي بۇرچىنى، پادىشاھلىق ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىشقا ئۈندەپلا قالماستىن، ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلماستىن، پادىشاھلىق ھوقۇق-مەرتىۋىسىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان زالىم پادىشاھلارنىمۇ قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالىدۇ.

شائىرنىڭ زالىم پادىشاھلارغا بولغان نارازىلىقى، ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈستىدىكى جەبىر-زۇلمىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى پاش قىلىپ، تەنقىد ئاستىغا ئېلىش داستاننىڭ 19-بابىدا بايان قىلىنغان بەھرام ھەققىدىكى ھېكايىدە تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

پادىشاھ بەھرام كۆڭلىنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىقىپ بىر قىشلاقتا قونۇپ قالىدۇ. بۇ قىشلاق شۇ قەدەر نامرات، شۇ قەدەر ۋەيران ئىدىكى، گويا گۆرىستانلىققا ئوخشايتتى. بەھرام قىشلاقنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋەيرانە، خاراب بولۇپ بۇ ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى بىر دېھقاندىن سورايدۇ. دېھقان سوئال سورىغۇچى كىشىنىڭ بەھرام ئىكەنلىكىنى تونۇماي، ئۇنىڭغا بەھرام ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، پادىشاھ بەھرامنىڭ زۇلمى قىشلاقنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدى دەيدۇ.

بۇ ھېكايە كۈچلۈك رېئالىزم ئېلېمېنتىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ پادىشاھلارغا بولغان نارازىلىقى، خەلق ئاممىسىغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى، خاراب بولغان يېزىلارنىڭ تېپىك مەنزىرىسىنى جانلىق سىزىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، بەھرامدىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنىڭ يىرتقۇچ ھايۋاندىنمۇ ۋەھشىي ۋە زالىملىقىنى پاش قىلغان ۋە قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالغان.

نەۋائىي ياشىغان زاماندا خەلققە جەبىر-زۇلۇم سالغۇچىلار يالغۇز زالىم پادىشاھلار بولۇپ قالماستىن، ئەمەلدارلار، بەگلەر، قازى، شەيخ، ئىشانلارمۇ خەلقنى ئېزىدىغان قارا كۈچلەر ئىدى. «سۇنىڭ بېشى لاي بولسا ئايىغىمۇ لاي» دېگەندەك، خەلقنىڭ بېشى بولغان پادىشاھ ئادالەتسىز بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تايانچىلىرى بولغان زالىم بەگلەر، رىياكار مولىلار، ئالدامچى قازىلار پادىشاھنىڭ نامىنى، شەرىئەت ھۆكمىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ خەلقنىڭ يېرىنى، ئۆزۈقلۇق ئاشلىقىنى، ھەتتا خوتۇن-قىزلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ قۇتۇلغۇسىز بالايىئاپەتلەرگە گىرىپتار قىلاتتى. ئەمەلدارلارنىڭ قايسى يېزىغا قەدىمى يەتسە خەلق ئاۋۋالقىدىنمۇ ۋەيران بولۇپ، ئاچ-زارلىققا، موھتاجلىققا گىرىپتار بولاتتى. بۇ نۇقتىنى شائىر داستاننىڭ 12-بابىدا ۋەھشىي ئەمەلدارلارنى، قازى، مۇپتىلارنى ئۇزۇكسىز يامرايدىغان ۋاباغا ئوخشىتىپ، ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىنى قاتتىق سۆككەن مىسرالىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شائىرنىڭ زالىم پادىشاھلارنى، رەھىمسىز ئەمەلدارلارنى، ئىشان-سوپىلارنى تەنقىد ئاستىغا ئېلىشى ۋە ئۇلارنى قارىلىشى ماھىيەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن زور ئىلغارلىققا، تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىگە. ئۇ خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى غەزەپ-نەپرىتىنى ئۇلغايتىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

دېمەك، داستاندىكى بەھرام شائىر نەۋائىي ياشىغان ئەينى مۇھىتتىكى زالىم پادىشاھ، رەھىمسىز بەگلەر، ئالدامچى ئەمەلدارلار، قانخورلار، قازىلار، رىياكار موللا-مۇپتىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. بەھرام گويا ئۆزىنىڭ قويلىرىنى قىشنىڭ سوغۇقىدىن، بۆرىنىڭ خەۋپىدىن ساقلىمايدىغان پادىچى، ئۆزىنىڭ بېغىدىكى كۆچەتلەرنى ئاسراپ، پەرۋىش قىلمايدىغان باغۋەندۇر.

2. «فەرھاد ۋە شېرىن»

بۇ ئەلىشىر نەۋائىي ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ تەسىرلىك داستان بولۇپ، 54 باب، 5453 بېيىتتىن

تەركىب تاپقان.

«فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنى شائىر يەنە «مېھنەتنامە ۋە پىراقنامە» دەپمۇ تەرىپلىگەن. ئۇنىڭدا چىن ئېلىنىڭ شاھزادىسى فەرھاد بىلەن ئەرمەن گۈزىلى مەلىكە شىرىن ئارىسىدا بولغان تەسىرلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىدۇ. داستاندا تەسۋىرلەنگەن، ھاياتلىقىدا دىدارلىشالمىغان ئىككى ياشنىڭ پاجىئەلىك، تىراگېدىيەلىك تەقدىرى ئاق كۆڭۈل ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ھېسداشلىق ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ، مۇھەببەت كۈشەندىلىرىگە كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرىتى ئۇرغۇپ تاشىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار روشەن ۋە جانلىق خاراكتېرگە ئىگە، شۇڭا تىللاردا داستان بولۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ داستان نەۋايىنىڭ باشقا داستانلىرى، جۈملىدىن باشقا ئەسەرلىرى ئىچىدە تېپىكلىك ۋە خاسلىقى، شۇنداقلا تەسىرچان ۋە جەلپكارلىقى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن تونۇلغاندۇر. چۈنكى بۇ داستان غايىۋى مەزمۇن جەھەتتە ناھايىتى باي، ئېستېتىك ئىدىيەسى تولىمۇ ئېنىق ۋە ئىلغار. شائىر داستاندا ئۆزىنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە دۇنيا قارىشىنى نىسبەتەن ئىخچام، يىغىنچاق، تېپىك ۋە ھەقىقىي ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن. بولۇپمۇ داستاندىكى فەرھاد ۋە شىرىن ئوبرازلىرى ئوچۇق خاسلىقتا، جانلىق تېپىكلىكتە ۋە يېتۈك نەمۇنىلىكتە ئىگە بولۇپ، ئوقۇغۇچىدا ئىلھاملاندۇرۇش، تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى ئويغىتالايدىغان بارلىقتا كەلتۈرۈلەيدۇ. داستاندا شائىر فەرھاد ۋە شىرىننىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرىگە باغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گۇمانىزم، خەلقپەرۋەرلىك، خەلقلەر دوستلۇقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىقپەرۋەرلىك، خەلق پاراۋانلىقى، ئەمگەك سۆيەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، يېزا ئىگىلىكى، سۇ مەسىلىسى، ئادىل، بىلىملىك ۋە زالىم، نادان شاھ قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى، جۈملىدىن شائىرنىڭ ئاساسىي غايىسىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ھالدا بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. نەۋايى «فەرھاد ۋە شىرىن» ناملىق بۇ خەلق رىۋايىتىنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەزمۇن بىلەن روياپقا چىقىرىپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. نەۋايىنىڭ داستانى فەرھاد ۋە شىرىن ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق سۆيگۈ ـ مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇنىڭدا مەيلى فەرھاد بولسۇن، مەيلى شىرىن بولسۇن، ئاددىي ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە ئىگە كامىل كىشىلەر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ۋە بۇ يولدىكى ۋاپا ھەم ساداقەت تۇيغۇلىرى دەسلەپتە ئىنسانىيلىق شەرىپىنى ئۇلۇغلاش، دوستلۇق ـ بۇرادەرلىكنى قەدىرلەش، تۇرمۇشتىن ياخشىلىق ئىزدەش، يۈكسەك غايىلەر يولىدىكى تەلپۈنۈشلەرگە ھەمدەم بولۇش مەنىسىگىمۇ ئىگە. شۇ يوسۇندا نەۋايى داستاندا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تېمىسىنىڭ بايانى ھەممە ئىجتىمائىي ئەۋزەللىكلەرنىڭ مەنبەسىگە، جەمئىيەتنى ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىدا قايتا قۇرۇشنىڭ ئەڭگۈشتەرىگە ئايلاندۇرۇلغان.

فەرھادقا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە بولۇپ چوڭ بولۇشىدۇر. فەرھادتىكى بۇ خىل ياخشى خىسلەت ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت، ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ۋە خۇشاللىقى ئۈچۈن بولغان كۈرەش بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا راۋاجلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ.

فەرھاد ئەمگەك سۆيەر ۋە ئىجادكار بولۇپ ئۆسىدۇ. فەرھادنىڭ ئۆلمەس ئوبرازى ئۇنىڭ ئەمگەك سۆيەرلىكى ۋە ئىجادكارلىقىدا كامال تاپقان. فەرھاد كىچىكىدىن تارتىپ ناھايىتى ئەقىللىق ۋە زېرەك، بالا بولۇپ چوڭ بولىدۇ. ئۇ زور ھەۋەس بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەت، ھۈنەر ئىگىلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ناھايىتى زور تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاشۇ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ زېھنى بارغانسېرى ئېچىلىدۇ ۋە نامايان بولىدۇ.

شائىر فەرھادنىڭ ئاجايىپ زېرەك ۋە ئەقىللىقلىقىنى شۇ دەرىجىدە تەسۋىرلەيدۇكى، ئۇ ھەرقانداق ئىشقا كۆز سالسا شۇ ئىشنىڭ پۈتۈن سىرلىرىنى دەرھال بىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق زېرەكلىكىنى ھۈنەر ئۇستىلىرى مانى ۋە قارۇنلارنى بىردەمدىلا ئۆزىنىڭ شاگىرتى ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

*ئەگەر بىر قەتلە كۆردى ئول ساباقنى،*
*يەنە ئاچماق يوق ئىدى ئول ۋەراقنى.*
*نى سۆزىكىم ئوقۇپ كۆڭلىگە يازىپ،*
*دېمە كۆڭلىنى جان لەۋھىگە قازىب.*
*ئوقۇپ ئۆتمەك، ئوقۇپ ئۆتمەك شىئارى،*
*قالىب يادىدا سەفھە-سەفھە بارى.*
*جاھاندا قالمادى ئول يەتمىگەن ئىلىم،*
*بىلىپ تەھقىقىنى كەسىپ ئەتمەگەن ئىلىم.*

. . . . . . . .

*ئانىڭدەك قىلدى خارە يونماغىن ۋىرد،*
*كى يۈز قارەن قاشىدا بولدى شاگىرد.*

. . . . . . . .

*قايۇ سۇرەتكى مانى چەكتى تىمسال،*
*ئاڭا فەرھاد ئاچتى مىھرى فىلھال.*

فەرھاد يەنە جىسمانىي ۋە ھەربىي قابىلىيەت جەھەتتىمۇ يۇقىرى ئىستېداتقا ئىگە بولىدۇ. ئۇ سۇ ئۈزۈش، چەۋەندازلىق، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق ماھارەتلەرنىمۇ ئىگىلەپ تەڭداشسىز كامالەت ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىگە ئوخشاشلا كىشىنى چىن دىلىدىن قايىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلىشى ئۇنى تېخىمۇ سۆيۈملۈك قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

فەرھاد شۇنچە ئەقىللىق، باتۇر بولۇپ چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئۇ قىلچە ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدۇ. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا كەمتەر، نەزەر دائىرىسى كەڭ، پاك دىل، سەمىمىي، ئەخلاقلىق بولۇپ چوڭ بولىدۇ. بۇ خىسلەتلەر فەرھاد ئوبرازىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. فەرھادتىكى ئېسىل خىسلەتلەرنىڭ بىرى، باشقىلارغا مېھىر-شەپقەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتىن ئىبارەت. فەرھاد باشقىلارنىڭ غەم-قايغۇسىنى تەڭ تارتىدۇ، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە تەڭ ئىشتىراك قىلىدۇ. فەرھاد خەلق ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالدىدا ناھايىتى يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئالىيجاناب، شەخسىيەتسىز، پىداكار ئوبراز.

فەرھاد شېرىننىڭ يۇرتىدا ئىككى تۈرلۈك قىسمەتكە دۇچ كېلىدۇ: بىرى، شېرىننىڭ خەلقى ئۈچۈن تاغ كېسىپ، سۇ باشلاپ شېرىننىڭ پاك مۇھەببىتىگە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن فەرھاد ئۆز بىلىمى ۋە قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مىڭبىر مۇشەققەتتە تاغ كېسىپ قانال قېزىۋاتقان كىشىلەرگە ياردەم بېرىپ، خەلقنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ. يەنە بىرى، ئۇ مۇھەببەت كۈشەندىسى، جاھالەت ھامىيسى، زوراۋان پادىشاھ خۇسرەۋنىڭ ئۆچمەنلىكىگە دۇچ كېلىدۇ. فەرھاد ئوبرازىنى نۇرلاندۇرغۇچى خىسلەتلەرنىڭ يەنە بىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك، فەرھاد باشتىن-ئاخىر خەلق پاراۋانلىقى ۋە بەختى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. شېرىننى چىن دىلىدىن سۆيگەن فەرھاد شېرىننىڭ ۋەتىنىنىمۇ، خەلقىنىمۇ سۆيىدۇ. شېرىننىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقى دۇچ كەلگەن مۇشكۈل كۈنلەر ئۈچۈن فەرھادمۇ ئوخشاشلا ئازابلىنىدۇ

ۋە ئازابنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، مەردانە كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ بالايىئاپەتنى تۈگىتىشكە كىرىشىدۇ.

دېمەك، فەرھاد ئۆز تەقدىرىنىڭ ۋەتەن، خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئەلدە تىنچلىق، خەلقتە خاتىرجەملىك بولغاندىلا شەخس تەقدىرىنىڭ نىجات تاپىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ فەرھاد كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىدۇ.

فەرھاد ھەر قانداق قىيىنچىلىق ۋە ئېغىر بالايىئاپەتلەردىن قورقۇپ قالمايدىغان قەھرىمان ئوبرازدۇر. ئۇ ئۆز غايىسى ۋە بەختى ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشقا تەۋەككۈل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەجدىھا، ئەھرەمەن دىۋە، زالىم شاھ خۇسرەۋ بىلەن ئېلىشىشى ۋە غالىب كېلىشى ئۇنىڭ باتۇر، قەھرىمان، قورقماس، قەيسەر ئوبرازىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ. فەرھاد ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتمەنلىكتە سۆنماس ئىرادىگە ئىگە ئالىيجاناب شەخس. نەۋايى فەرھادتىن ئىبارەت مەزمۇنلۇق بۈيۈك ئادەم ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق خۇسرەۋ ۋەكىللىكىدىكى مەنىۋى پۇچەك ۋە ئۆلۈك ھاياتقا نەپرەت ئوقۇيدۇ. فەرھادنىڭ پاك خىسلىتى، قابىلىيىتى، بىلىمى ۋە باتۇرلۇقى ئالدىدا زالىم شاھ خۇسرەۋ لەنىتى، چۈپرەندە، ۋەھشىي ھايۋان قاتارىغا ئۆتۈپ قالىدۇ. تۆۋەندىكى دىيالوگنى كۆرۈپ باقايلى:

*دېدى: نىدۇر ساڭا ئالەمدە پىشە؟*

*دېدى: ئىشق ئىچىدە مەجنۇنلۇق ھەمىشە.*

*دېدى: ئىشقدىن ئىنكار قىلغىل،*

*دېدى: بۇ سۆزدىن ئىستىغفار قىلغىل.*

..........

*دېدى: بۇ ئىشق تەركى ياخشىراقدۇر،*

*دېدى: بۇ شىۋە ئاشىقدىن يىراقتۇر.*

*دېدىكىم: شاھقە بولما شىركەت ئەندىش.*

*دېدى: ئىشق ئىچرە تەڭدۇر شاھى دەرۋىش.*

*دېدى: جانىڭغا بۇ ئىشتىن ئەلەم بار.*

*دېدى: ئىشق ئىچرە جاندىن كىمگە غەم بار؟!*

يۇقىرىقى مىسرالاردا فەرھادنىڭ خۇسرەۋنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن ھەربىر ئۆتكۈر جاۋابى خۇسرەۋنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. خۇسرەۋنىڭ رەزىل ئىچكى دۇنياسىنى، مەنىۋى پۇچەكلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، فەرھادنىڭ ساداقەتمەنلىكى، ئۆلۈمدىن قورقماسلىقى، ئالىيجانابلىقى گەۋدىلىنىدۇ. فەرھاد خۇسرەۋنىڭ مۇھەببەتكە نىسبەتەن قىلىۋاتقان پەسكەشلىكى ۋە زوراۋانلىقىنى پاش قىلىپلا قالماستىن، يەنە خۇسرەۋنىڭ شۇ باھانە بىلەن باشقىلارنىڭ ئېلىنى بۇلاپ ـ تالاپ باي بولۇشقا ئۇرۇنغان قارا نىيىتىنىمۇ پاش قىلىدۇ:

*قىلىپ ئەل مۈلكى ئىچرە قاتىلۇ تاراج،*

*ئالاي دەپ مۈلك ئەلدىن تەخت ئىلە تاج.*

*بىرەۋنىڭ كىم بېرىپ مۈلكىنى پەرياد،*

*قىلدۇرسەن نازىنىن كۆڭلىنى ناشاد.*

فەرھادنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى ئۇنىڭ جادۇگەر موماي ھىيلىسى بىلەن خۇسرەۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ نەزەربەند قىلىنغاندا، قېچىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇق ئۆزىنى نەزەربەند قىلىۋاتقان كىشىلەرگە بالايىئاپەت ۋە بەختسىزلىك كەلتۈرۈپ بەرمەسلىك ئۈچۈن قاچماي، زەنجىر ـ كىشەنلەرنى چېقىپ تاشلاپ قورغانغا ئەركىن كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈشىدە ۋە خەلق بەختى ئۈچۈن «نەھرۇل ھايات» («ھايات دەرياسى»)، «بەھرۇن نەجات» («نىجات دېڭىزى») دېگەن قانال ۋە

كۆللەرنى قېزىپ، خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگەنلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

فەرھاد ھىيلىگەر موماي ھىيلىسىگە ئالدىنىپ جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ زالىملاردىن، رەزىل دۈشمەندىن قىساس ئېلىشنى، خۇسرەۋنى يوقىتىپ، ئادالەت ئورنىتىپ، خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ۋەسىيەت قىلىپ بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدۇ. فەرھادتىكى بۇنداق قىساسكار ئىنقىلابىي روھ ئىنتېرناتسىيوناللىزملىق روھنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

فەرھاد ئوبرازىدىكى يارقىن بىر ئېلېمېنت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قايناپ ـ تاشقان ئالىيجانابلىق روھىدىن ئىبارەت. مەلۇمكى، ئالىيجابلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئوبيېكتقا ئومۇمەن مۇشكۈل كۈرەشنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. ئۇ چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك (خۇنۇكلۇك) بىر ـ بىرى بىلەن قارشىلىشىۋاتقان، كۈرەش قىلىۋاتقان چوڭقۇر جەرياننى نامايان قىلىدۇ. ئالىيجانابلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك ئوتتۇرىسىدىكى يەنى فەرھاد بىلەن خۇسرەۋ ئارىسىدىكى جىددىي كۈرەش مەنزىرىسى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۈرەش قىزغىنلىقى ۋە ئېستېتىكىلىق پوزىتسىيەسى قاتتىق قوزغىلىدۇ. دەل مۇشۇنداق جىددىي كۈرەشتە، گەرچە فەرھاد تىراگېدىيەگە دۇچار بولغان بولسىمۇ، ئالىيجانابلىق، گۈزەللىكنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقى، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ ئۇلۇغ كۈچى ۋە ئۇنىڭ ھېچ نەرسە توسۇۋالالمايدىغان تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر ئىستىقبالى، خۇسرەۋ قوشۇنلىرىنىڭ ھالاك بولۇپ، ئەرمەن خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىدىغانلىقى نامايان بولىدۇ.

فەرھاد ئوبرازىدىكى ئالىيجانابلىق رېئال ھاياتتىكى ئالىيجانابلىقنىڭ پائالىيەتچان ئىنكاسىدۇر. چۈنكى سەنئەتتىكى ئالىيجانابلىقنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ غايەت زور ھەجمىنى ۋە رېئاللىقنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى تامامەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

گۇمانىست شائىر نەۋايى فەرھاد ئوبرازىنى خەلق ئارىسىدا سەيياھ ئوبرازىغا ئايلىنىپ كەتكەن قىياپەتتىلا تەسۋىرلىمەستىن، بەلكى ئۆزى ياشاپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنىڭ جىددىي ئىجتىمائىي توقۇنۇشىدىن، ئۆزىنىڭ ۋە زامانداشلىرى ئارىسىدىكى ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتىدىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن ماتېرىيال ئېلىپ، مۇكەممەل ئوبرازغا ئايلاندۇرغان.

قىسقىسى، «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدىكى فەرھاد ئەقىل ـ پاراسەت، باتۇرلۇق ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولى. ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، ئەمگەك سۆيەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىجادكارلىق، ئىنتېرناتسىيوناللىزملىق روھنىڭ يىغىندىسى بولغان فەرھاد يۇقىرىقىدەك ئېسىل خىسلەتلىرى ۋە ئالىيجاناب سۈپەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ياشاپ كەلدى ھەم بۇندىن كېيىنمۇ ئەبەدىي ياشايدۇ.

داستان پېرسوناژلىرى يارقىن ئىندىۋىدۇئاللىق (خاسلىق) ۋە تىپىكلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مۇئەللىپ داستانىدا 10 دەك خاس ئادەملەر ئوبرازى، نەچچە ئون نەرسىلەر ئوبرازىنى ياراتتى. پېرسوناژلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنى بۇلار دۇنيا قاراش، غايە، مەقسەت، مىجەز ـ خۇلق، تاشقى قىياپەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، فەرھاد بىر قاتار ئالاھىدىلىكى بىلەن، شېرىن جەزبىدار خۇلق ـ مىجەزى، نازاكەتلىكى، ئۇياتچانلىقى، ۋاپادارلىقى، قەتئىيلىكى، ئۆز ھۆسن ـ جامالى بىلەن ئوقۇرمەن كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. سەلبىي پېرسوناژلار بولسا، نادان، جاھىل، زالىم، قۇۋ، شەخسىيەتچى، قارانىيەتلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىپ، ئوقۇرمەننىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. خۇسرەۋنىڭ ئەسلىي خاراكتېرىگە يەنە قوپال مىجەزلىك، بەتبەشىرە

ئالاھىدىلىكلەرنى قوشۇپ تەسۋىرلەش ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىشقا ياردەم بەرگەن.

داستاندا پېرسوناژلارنىڭ پورترېتى (تاشقى ھالىتى) بىلەن پىسخىكىسى (ئىچكى كەچۈرمىشلىرى) تەبىئىي ۋە مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭغا «جاھاننەما»دا شېرىننى كۆرگەندىكى فەرھادنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشى ۋە شېرىننىڭ فەرھادقا يازغان خېتى گەۋدىلىك مىسال بولىدۇ.

داستاندا تاۋلانغان ئەدەبىي تىل بىلەن ئاۋام-خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇلۇپ داستان ۋەقەلىكلىرىنى تەسىرلىك، قىزىقارلىق بايان قىلغان ھەمدە پېرسوناژ تىلىنى تىپىكلىككە ۋە خاسلىققا ئىگە قىلغان. مەسىلەن، نەۋايى داستاندا ھەربىر ۋەقەلىك (ھېكايە)نى باشقا ۋەقەلىك بىلەن پەرقلىق تىل، تەسۋىرلەش ۋاسىتىلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. يەنى ھەربىر پېرسوناژنى ئۆزىگە خاس تىل بىلەن سۆزلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا فەرھاد بىلەن خۇسرەۋ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە جەريانىدىكى تەسۋىرلەر ئېنىق مىسال بولىدۇ.

فەرھاد بىلەن خۇسرەۋنىڭ سۆزى ئۇسلۇب تەرەپتىن ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. فەرھادنىڭ سۆزلىرى مەزمۇنى چوڭقۇر، قاراتمىلىقى دەل ۋە ئېنىق بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كىشى ئۇنى ئاقىل، جىگەرلىك، مەرد، كەسكىن، ئىرادىسى چىڭ، پەزىلەتلىك ئادەم سۈپىتىدە ھېس قىلىدۇ. خۇسرەۋنىڭ سۆزى تۇتۇرۇقسىز، چېچىلاڭغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كىشى ئۇنى نادان، جاھىل، مەنمەنچى، يوغانچى، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈن، پەسكەش ۋە شاللاق ئادەم ئىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ. شېرىننىڭ فەرھادقا يوللىغان مەكتۇپلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئۇنىڭ ئۇزلۇقى، نازاكەتلىكى، ئۇياتچانلىقى، ئاق كۆڭۈللىكى، مېھرىبانلىقى، ساداقەتمەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

3. «لەيلى ۋە مەجنۇن»

«لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى جەمئىي 38باب، 3614 بېيىت. شائىر بۇ داستانىنى «ماتەمنامە» دەپمۇ تەرىپلىگەن. ئۇنىڭدا ئابرۇيلۇق قەبىلە باشلىقىنىڭ قىزى لەيلى بىلەن ئادەتتىكىرەك قەبىلە (بەدەۋلەت قەبىلىسىنىڭ) باشلىقىنىڭ ئوغلى مەجنۇن (قەيس) ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق-مۇھەببەت ۋە ۋىسال مىنۇتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقلار، سەرگۈزەشتىلەر بايان قىلىنغان. نوپۇز ۋە بايلىقنىڭ پەرقلىق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى كىشىلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان، ئەمما ئىنسانىي مۇھەببەت تۇيغۇسىدىن مەھرۇم بولغان لەيلىنىڭ دادىسىنىڭ كاشىلىسى بىلەن، كىچىكىدىن سىردىشىپ، پاك ھېسسىياتلىرى ئۆزئارا ئۇتۇشۇپ، سۆيگۈ مۇساپىسىگە بىللە قەدەم قويغان ئىككى ياشنىڭ بىئەجەل كۆز يۇمۇشىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ رەزىللىكىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

شائىر بۇ داستاندا كىشىلەرنى قىزلارنىڭ ئىنسانىي ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى ماددىي تاۋار قىلىۋالماسلىققا دالالەت قىلغان.

بىز داستانغا بىر قۇر نەزەر تاشلىساق، مەجنۇننىڭ لەيلىگە بولغان چىن، ھەقىقىي مۇھەببىتىدىن ھەيران قالماي تۇرالمايمىز. قەيسنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلىمگە ھېرىسمەن كىشىلەردىن بولغاچقا، قەيسنى باشقا بىر قەبىلىدە ئوقۇتىدۇ. قەيس ئوقۇش جەريانىدا لەيلىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئىشق پىراقىدا ياقىسىنى يىرتىپ ئاھ ئۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتىگە قاراپ ئۇنى «مەجنۇن، ساراڭ» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «مەجنۇن» دېگەن بۇ نام فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ سوۋغىتى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىسمى بولۇپ قالىدۇ. مەجنۇن كىچىكىدىنلا ئەدەپ-ئەخلاقلىق، بىلىملىك، قەيسەر، باتۇر يىگىت بولۇپ

يېتىلىدۇ. مەجنۇننىڭ لەيلىگە بولغان ساپ مۇھەببىتى قاراڭغۇ-زۇلمەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەت تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ رەزىل جەمئىيەتتىن يىراقلىشىپ ھەم چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغان زالىملار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، چۆل-باياۋاندا سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مۇھەببەتنى نەقەدەر قەدىرلەيدىغانلىقىنى، فېئودال كۈچلەرگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى، ئىسيانكارلىق روھىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى قەدىرلىگەنىدىن باشقا يەنە باشقىلارنىڭمۇ مۇھەببىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ مۇراد-مەقسىتىگە يېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ نەۋفەلنىڭ قىزى بىلەن مەجبۇرىي توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇ قىزنىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغان يىگىتى بارلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا بەخت تىلەپ، ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، ئۇ قىز بىلەن خوشلىشىدۇ. مەجنۇن ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا نۇرغۇن جاپالارنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا قىلچە باش ئەگمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن فېئودالىزمنىڭ قالاق قائىدە-تۈزۈملىرىگە قارشى تۇرغانلىقى ئۇلۇغ خىسلەت بولۇپ، ئەينى دەۋر رېئاللىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالاھىدە مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدۇ. مەجنۇن لەيلىنى يالغۇز مۇھەببەت يۈزىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى بىلەن بىر نىيەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئارزۇ-ئارمانلىرى ئوخشاش، فېئوداللىق قائىدە-تۈزۈملەرگە بولغان كۆز قارىشى بىردەك بولغانلىقى ئۈچۈن قىزغىن سۆيگەن.

دېمەك، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مەجنۇن ئەقىللىق، بىلىملىك، باتۇر، قەيسەر ئوبراز بولۇپ، ئۇ چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە سادىق، مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدىغان، شۇنداقلا ئىنسان مەنىۋى دۇنياسىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغان جاھىل-مۇتەئەسسىپ فېئودال كۈچلەرگە قارشى تۇرغان ئىسيانكار ياشنىڭ ئوبرازىدۇر. ئۇنىڭ يىغىسى ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ يىغىسى، قەدىرلىگىنى، ئىنتىلگىنى خەلقنىڭ مۇھەببىتى.

4. «سەبئەئى سەييارە»

«سەبئەئى سەييارە» ناملىق بۇ داستان جەمئىي 38 باب، 5095 بېيىت بولۇپ، شائىر ئۇنى «زەۋقناك مەڭگامە» (قىزىقارلىق ھېكايە) دەپمۇ ئاتىغان.

داستاندا ئىران شاھى بەھرام ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە قىممەت باھا ئالتۇن-كۈمۈشلىرى بەدىلىگە چىن مەملىكىتىنىڭ سودىگىرىدىن چىرايلىق، كېلىشكەن، ئۇسسۇل-ناخشىغا ماھىر، سازچى دىلئارام ئىسىملىك بىر قىزنى چىن ئېلىنىڭ بىر يىللىق خىراجىتىگە تەڭ ئاقچىغا سېتىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىشق ھەۋىسىنى قاندۇرىدۇ. شېرىن ئايلار داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەردە ئۇلار ئوۋغا چىقىدۇ. ئوۋدا بىر كېيىك ئوقيانىڭ نىشانى قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەھرام دىلئارامدىن ئۆزىنىڭ مەرگەنلىكىگە تەھسىن ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما دىلئارام قىزلارغا خاس كەم سۆزلۈكى بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىگە جور بولمايدۇ. ئاقىۋەتتە، ئۆزىنىڭ ئەركىن ۋە گۈزەللىكىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرى پۇت-قولىنى باغلايدىغان سىرتماققا ئايلىنىدۇ-دە، چۆلگە تاشلىۋېتىلىدۇ. بەھرام مەغرۇرانە ھالدا ئوردىغا قايتىپ، كەيپچىلىكتە تاڭنى ئاتقۇزۇپ، قىلغان ئىشلىرىغا قاتتىق ئۆكۈنىدۇ ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن دىلئارامنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بارىدۇ. دىلئارامنىڭ ھېچ يەردە دېرىكىنى ئالالمىغان شاھ كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. تېۋىپلەرنىڭ داۋالىشى ئاز-تولا ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇندىن كېيىن «تاماشا سەۋدانى يوقىتىدۇ» دېگەن مەسلىھەتلەر بىلەن، ئەينى چاغ ئاسترونومىيەسىدە بايقالغان يەتتە ئاقراق (يەتتە سەييارە)قا تەققاس قىلىنىپ يەتتە قەسىر ياسىلىدۇ. ئۇنىڭغا يەتتە ئىقلىم (مەملىكەت)دىن كەلتۈرۈلگەن يەتتە سەتەڭ شاھنىڭ بىر كۈندىن بىر ھەپتىلىك كۆڭلىنى ئېچىشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. سالپىيىپ، مۇگدەك باسقان،

يەتتە ئىقلىمنىڭ يەتتە جاھانكەزدى ھېكايىچىسى يەتتە خىل رەڭدىكى يەتتە قەسىردە بىر كۈندىن ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىگىچە نۆۋەت بىلەن ھېكايە سۆزلەيدۇ. ئالتە كېچە-كۈندۈزدىكى بەزمە ۋە قىزىقارلىق ھېكايە بەھرامنىڭ جۇدالىق دەردىگە ئاراملىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئەڭ ئاخىرقى كۈنى خارەزملىك جاھانكەزدى ئېيتقان ھېكايە ئۈمىد شامى پىلدىرلاپ قالغان شاھقا دەرمان بېغىشلايدۇ. ئۇ ھېكايىدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئايرىلىپ قالغان مەھبۇبى دىلئارام ھەققىدىكى ئۇچۇرلاغا ئىگە بولىدۇ. دەرھال ئادەم تەشكىللەپ خارەزمگە ماڭدۇرۇپ، ئامراق خانىشىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ كەيپ-ساپا تۇرمۇشىنى قايتىدىن باشلايدۇ. بىراق، بىر كۈنى بەھرام شاھ خانىشىنى، سارايى ئەھلىنى ئېلىپ ئوۋغا چىققاندا ئوۋ جەريانىدا تۆكۈلگەن بىھېساب قانلار قوشۇلۇپ يامغۇر يېغىپ، پاتقاق بولۇپ كېتىدۇ. بەھرام شاھ ۋە باشقىلار 10 تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر بىلەن بىرگە پاتقاققا پېتىپ كېتىدۇ.

بەھرام داستانىدىكى ئاساسىي ئوبراز بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇقتىلىق مۇھاكىمىگە قويۇلۇشىنى تەقەززا قىلىدىغان ئوبراز. بەھرام داستاندا ئىراننىڭ مەلۇم سۇلالىسىدە ئۆتكەن پادىشاھى بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. بەھرام شاھ ھاكىمىيەت سورىغان مەزگىللەردە، مەرىپەتنى ياقلاپ، دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن سورايدۇ. كېيىنچە ئۇ چىن سودىگىرىنىڭ ئاسراندى قىزى دىلئارامنى ئۆز ئەمرىگە ئالىدۇ. شۇندىن باشلاپ بەھرام ئىشق-مۇھەببەت ۋە شەھۋانىي تۇرمۇشىنىڭ قاينىمىغا ئۆزىنى ئېتىپ، دۆلەت ئىشلىرى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كارى بولمايدۇ، روھىي جەھەتتىن زەئىپلىشىدۇ. يامان نىيەتلىك ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا كىرىپ ئىلىم-مەرىپەتتىن قول ئۈزىدۇ.

دىلئارام ھۆسن-جامالدا تەڭدىشى يوق، ئەخلاق جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن بىر قىز بولۇپ، بەھرامنىڭ ئوردا ھەرەمخانىسىدىكى ھەر قانداق بىر ئايال زاتى بەھرامنى دىلئارامدەك ئۆزىگە مەھلىيا ۋە مەپتۇن قىلالمايدۇ. ئاقىۋەتتە كەيپ-ساپا تۇرمۇش ئۇلارنى چىرىتىدۇ.

بەھرام دۆلەت ئىشىدىن ئۈزۈل-كېسىل قول ئۈزۈپ ئاشىقلارچە ياشايدۇ. دۆلەت ھوقۇقى قارا نىيەت ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىدۇ. بەھرامنىڭ سەلتەنەتلىك شاھلىق ئورنى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. قالايمىقان كەيپ-ساپا تۇرمۇش بەھرامنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىدۇ. ئاخىرىدا دىلئارامنىڭ ئوردىدىن قوغلىنىشى ۋە سەرسان-سەرگەردانلىق تۇرمۇشى باشلىنىدۇ. ھەسرەت ۋە ھەسەت ئوتىدا پۇچىلانغان بەھرام ئاشىقلىق شارابىنى ئىچىپ سەۋدايىلارچە ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ ۋە دىلئارامنىڭ ئىشق پىراقىدا ئۆزىنى يوقىتىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ۋە شاھلىق تەختىنى ئىشق-مۇھەببەت ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ قۇربانى قىلىپ، ئاقىۋەتتە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

داستان بەھرام شاھنىڭ دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرۇشىدىن تارتىپ كەيپ-ساپالىق تۇرمۇشنىڭ چىرىتىشى ۋە ئاخىرىدا ھالاك بولۇشىغىچە بولغان جەريانىنى تەسۋىرلەپ، تۈيۈق يولغا ماڭغان كىشىنىڭ ئاخىرىدا بەھرامدەك پاجىئەگە يولۇقىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

نەۋايى بۇ داستانىنى 15-ئەسىردىكى ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن كارتىنىسى قىلغان. تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى شاھلىرىدىن بولغان ھۆسەيىن بايقارا ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى يۇقىرى قاتلام فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ چىرىكلىكى ۋە بۇزۇقچىلىقى قاپلىغان تۇرمۇشنى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا ئىپادىلىگەن. ئۇ بەھرامدەك تىپىك ئوبرازلار ئارقىلىق ھۆسەيىن بايقارانى مەنىۋى جەھەتتىن ئىبرەت دەرسلىكىگە ئىگە قىلىپ، ئەگرى يولدىن قايتۇرۇپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھۆسەيىن بايقارا ئەسلىدە نەۋايى بىلەن كىچىكىدە بىرگە چوڭ بولغان ۋە بىللە ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى. ھۆسەيىن بايقارا ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ شاھلىق تەختتە

ئولتۇرغان مەزگىللەردە نەۋايىنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى. دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، ئىلىم-مەرىپەتنى قوللىغانىدى. ئەپسۇسكى ئۇنداق كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. ئوردا ئىچىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار نەۋايىدەك بىر مەرىپەت ئىگىسىنى ھەرخىل بەتنام، پىتنە-پاساتلار بىلەن ھۇسەيىن بايقاراغا چاقتى. ئەيش-ئىشرەت يولىغا ماڭغان ھۇسەيىن بايقارا قارا نىيەت ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئادالەت بىلەن يۇرت سوراۋاتقان دوستى نەۋايىغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇندىن كېيىن ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشكە باشلىدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئېغىرلاشتى. دۆلەت ھاكىمىيىتى بوشاپ، ھەقىقەت ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق ھەسرەت چەككەن شائىر نەۋايى ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئەسەرلىرىدە چاقنىتىپ، ئۇلۇغ رېئالىستىك ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. رېئاللىقنىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان «خەمسە»دىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ غايىۋى دۆلەت ۋە غايىۋى شاھ توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەقىقەت، ئادالەت ۋە مەرىپەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان داستانلارنى يېزىپ زامانغا سىگنال قىلدى، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ھۇسەيىن بايقارا ھۆكۈمرانلىقىنى بەھرام ۋە دىلئارام پاجىئەسىگە باغلاپ، بەھرامنىڭ ئىشق-مۇھەببەت يولىدىكى بۇزۇقچىلىقى بىلەن ھۇسەيىن بايقارانىڭ كەيپ-ساپالىق تۇرمۇشىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنى ئۆز قىلمىشىدىن يېنىشقا ۋە دۆلەت ئىشىنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇشقا دەۋەت قىلدى.

دېمەك، داستاندىكى بەھرام ئادالەتتىن، مەرىپەت ۋە ساغلام ھېسسىياتتىن مەھرۇم بولغان، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان خان-پادىشاھلارنىڭ تىپىك ئوبرازى بولۇپ، ئاپتور ئۇنى خەلق رىۋايەتلىرى ۋە چۆچەكلىرى ئاساسىدا يەتتە ھېكايىگە باغلاپ، زامانىنىڭ ۋە دەۋرنىڭ روھى بىلەن بىرىكتۈرۈپ تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بەھرام ئوبرازى ئارقىلىق ئادالەتسىزلىكنى قارىلاپ، ھەققانىيەتنى ياقلاش ئىدىيەسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

5. «سەددى ئىسكەندەرى»

«خەمسە»نىڭ ئاخىرىغا كىرگۈزۈلگەن بۇ داستان جەمئىي 89 باب، 7182 بېيىت بولۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇزۇن داستان. شائىرنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ «خەمسە»دىكى ئالدىنقى تۆت داستاننى تولۇقلاش مەقسىتىدە يارىتىلغان. شائىر مۇشۇ داستاننى ياراتقان ۋە «خەمسە»نى تاماملىغان ئىشنى دىنىي نۇقتىدىن مۇنداقلا ئىزاھلاپ قويغان، يەنى «خەمسە»نى بەش ۋاخ نامازغا تەققاس قىلىپ يازغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن، داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە، جاسارەتلىك شاھزادە ئىسكەندەر شاھلىق تەختىگە چىقىپ، ئەل-يۇرتتا ئادالەت ئورنىتىدۇ. ئىران شاھىغا تاپشۇرۇلىدىغان ئولپان ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى شاھ ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ. ئىران شاھى يېڭىلىدۇ. ئىسكەندەر شۇنىڭدىن كېيىن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، كەشمىر، ھىندىستانلارنى پەتىھ قىلىدۇ. چىن مەملىكىتىگە كەلگەندە، چىن خاقانىنىڭ ۋەزىنلىك نەسىھەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ سۈلھىلىشىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ئۆز ئېلىگە قايتماق بولۇپ يولدا كوھىستان دېيىلىدىغان بىر ئەلگە دوقۇرۇپ قالىدۇ. بۇ تاغلىق ئەل دائىم تاغ ئارىسىدىكى بىر ياۋايى قەبىلىنىڭ تەھلىكىسىگە ئۇچراپ تۇرار ئىكەن، بۇلارنى كۆرگەن ئىسكەندەر تاغ ئارىسىدىكى دۈشمەننىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان بىر مۇداپىئە سېپىلى ياسايدۇ. مەزكۇر داستاننىڭ نامى مۇشۇ سېپىلنىڭ نامىغا ئاساسەن قويۇلغان. ئىسكەندەر يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، ئاساسەن ئىلىم مۇتالىئە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئىككى قولى جىنازا ساندۇقىنىڭ سىرتىغا چىقىرىلغانىكەن، ئېيتىلىشىچە، بۇ ئىسكەندەرنىڭ ۋەسىيىتى

ئىكەن. ئۇنىڭ مەنىسى: ئىسكەندەر جاھاندا ئەڭ كۈچلۈك شاھ، لېكىن ئۇمۇ بۇ ئالەمدىن قۇرۇق قول قايتتى دېگەن مەنىنى بىرىدىكەن.

نەۋايىنىڭ قارىشىچە، ئىسكەندەر تىنچلىق سۆيەر ۋە ئادالەتلىك شاھ. «ئىسكەندەر سېپىلى» دۇرۇس نىيەتنىڭ سىمۋولى. داستاندىكى باش قەھرىمان ئىسكەندەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 356—323-يىلىغىچە ھايات كەچۈرگەن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 336—323-يىلىغىچە بولغان 13 يىللىق پادىشاھلىق ھاياتىدا ئۆز دۆلىتىنى مىسلىسىز قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارنى ئىستېلا قىلغان. بۇ داستاندا ئىسكەندەر (مەنبەلەردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئالېكساندىر ماكىدونىسكى دەپمۇ ئۇچرايدۇ.) تۇغۇلغاندىن ۋاپات بولغىچە بولغان ئارىلىقتىكى نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى، ئەتراپتىكى پادىشاھلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەسلىي ئەھۋاللىرى، جەڭگى-جېدەللىرىنى تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا سۈرەتلەپ بېرىشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىنغان. شۇڭا بۇ ئەسەرنى تارىخىي داستان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىراق شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «سەددى ئىسكەندەرى» نوقۇل ھالدا تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن ئەسەر ئەمەس، بەلكى ئۇ شائىرنىڭ گۈزەل، باياشات، غايىۋى جەمئىيەت ۋە ھەققانىي، ئادىل، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك پادىشاھ ھەققىدىكى ئوتتۇرىلىك تەسەۋۋۇرلىرى، دۆلەت، پادىشاھ، پۇقرالاردىن كۈتىدىغان تىلەك ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرى گەۋدىلىك ھالدا سۈرەتلەنگەن بەدىئىي ئەسەردۇر.

ئەلىشىر نەۋايى تەسۋىرىدىكى ئىسكەندەر تارىختا ياشاپ ئۆتكەن ئىسكەندەر ئوبرازىغا ئەمەس، بەلكى غايىۋى جەمئىيەتتە بولۇشى لازىم بولغان ئىسكەندەر ئوبرازىغا بېغىشلانغانىدى. نەۋايى «خەمسە» ئۇستازلىرىدىن پەرقلىق ھالدا تارىخىي شەخس ئىسكەندەرنى بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن غايىۋىلەشتۈرمىگەن ۋە ياكى ئۇنى پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئىلاھلاشتۇرمىغان، بەلكى غايىۋى پەيلاسوپ، دۆلەت باشلىقىنى ئىسكەندەر نامى بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن. شائىر ئادالەتلىك پادىشاھ ئوبرازىنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي غايىلىرىنى، ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي-سىياسىي مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى، ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن گۇمانىستىك تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مۇنداق قىيىاپەتتىكى ئىسكەندەر كىچىكىدىن شاھلىق سەلتەنىتى ۋە مال-دۆلەت شۆھرىتىگە ئەمەس، بەلكى بىلىم ۋە ھەقىقەتكە قىزىقىدۇ. ئارستوتېل ۋە ئۇنىڭ دادىسى ناقۇماجىس قولىدا تەربىيەلىنىدۇ، ئۇنىڭ دادىسى فەيلاقۇس ۋاپات بولغاندا، تەختكە چىقىشقا قىزىقمايدۇ. ئاخىر زۆرۈرىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت تۈپەيلى ئىختىيارسىز شاھلىق تەختىگە چىقىدۇ. ئۇ ئەلدە ئاسايىشلىق ۋە زور كۆلەملىك ئىسلاھات ئېلىپ بارىدۇ. زالىم ئەمەلدارلارنى جازالايدۇ، ئەمەلدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. باج-سېلىق، باھا ۋە مىزاننى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىككە خاتىمە بېرىدۇ. ئۇ ئادالەت سىمۋولى ۋە نىجاتچى سۈپىتىدە مۇستەبىت داراغا قارشى جەڭلەرگە يۈرۈش قىلغاندىمۇ مۇنداق ئادالەت ۋە ئاسايىشلىقنى پۈتۈن يەر يۈزىدە بەرپا قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ. ئۇ دارانىڭ جاھانگىرلىك، مۇستەبىتلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىكىگە زىت ھالدا باشقا ئەللەر ۋە خەلقلەرگە ھۆرلۈك ۋە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ چىن خاقانى بىلەن بولغان دوستانە ۋە ئىلتىپاتلىق سۆلھىسى بۇنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، نەۋايى ئىسكەندەر تېماتىكىسى ئارقىلىق ئەينى زاماننىڭ دۇنياۋى ۋە مەھەللىۋى رېئال ئىجتىمائىي ھاياتىغا نىسبەتەن ئۆتكۈر تەنقىد ۋە ئىنقىلابىي ئىسلاھات پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن تىزىلغان مىسرالار تارىختا كۆرۈلمىگەن ۋە ئەينى زامان شارائىتىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئالەمشۇمۇل ئىنقىلابىي ئۆزگەرتىشنىڭ

غايىۋى تەسۋىرىدىن ئىبارەت. ئۇ نوقۇل تۆمۈرىيلەر ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى پارچىلىنىپ كېتىۋاتقان ھاكىمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە بىر قەدەر تەرەققىيپەرۋەر، مەركەزلەشكەن پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىش بىلەنلا چەكلەنمىگەن[①].

**قىسقىچە تۈگەللىمە:** ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى خەلقنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ ھالال مېھنەت ۋە ئىجادىيىتى بەزىدە ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيىتى، بەزىدە ماددىي سەرپىياتى ئارقىلىق بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىلدى. شائىر يەنە ئۇلۇغۋار ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلققە بېغىشلاش ئىستىكىنى ئىزھار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلارغا قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ زور ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغانلىقى، بىلىم دائىرىسى كەڭ، غايىۋى ئاڭغا باي مۇتەپەككۇر بولغانلىقى بىلەن، ئىلغار پىكىرلىرى كۆپ، تەشەببۇسلىرى خىلمۇخىل، ئويلىغان پىلانلىرى ئەمەلىي ئىدى. لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۇقىرىقىدەك ئىلغار تەشەببۇسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. چۈنكى ئۇ بۇ تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ھىراتتىن يىراق جايلارغا سۈرگۈن قىلىنىدى. ئۇردا ئىچىدە تۈرلۈك توسالغۇلارغا ئۇچراپ، بۈيۈك غايىلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلالمىدى. لېكىن، يۈكسەك بەدىئىي تالانتقا ئىگە بۇ زات ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشلىرىنى، غايىلىرىنى، تەشەببۇسلىرىنى بىر ئۇلۇغ شائىر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بەدىئىي ئۇسۇلدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە، تالانت ۋە كارامەت ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى.

ئەلىشىر نەۋايى خەلق ۋە دۆلەت مەنپەئەتى، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئىلىم-پەن، ئىنسان ھۆرلۈكى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەختى، ئىنسان ئەخلاقى مەسىلىلىرىنى ئومۇمەن ئۆزىنىڭ غايىلىرىنى بىر ئۆمۈر شېئىر يېزىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈردى. لېكىن كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى ئاڭلىغان، كۆپ ئىشلارغا قاتناشقان، كۆپ ئىلىم ئالغان شائىر ئەينى دەۋردىكى زور سىياسىي، تارىخىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، ئۆزىنىڭ مەزمۇنغا باي خىياللىرىنى، ئېستېتىك ئىدېئال جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى شېئىرىيەتنىڭ لىرىك ژانىرى ئارقىلىق تولۇق، ئىنچىكە ۋە ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇ ياشىغان دەۋرلەردە خانلىق ئالمىشىش كۆپ بولغان ھەم ئالمىشىش ۋاقتىدا زور جەڭگى-جېدەل، قان تۆكۈشلەر دائىم بولۇپ تۇرغان، ئادەملەر ئارىسىدا قەبىھ ۋە رەزىل ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرغان، ئىلىم ئەھلىلىرى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى چەتكە قېقىلىپ تۇرغانلىقىدەك زور مەسىلىلەر سادىر بولۇپ تۇراتتى. بۇ دەۋردە فېئوداللىزمنىڭ مەنىۋى كىشەنلىرى كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، خۇراپىيلىق تۈپەيلىدىن كىشىلەر تەرەققىياتقا ئېرىشەلمەيۋاتقان، پىتنە-پاسات، رەزىللىك كۆپىيىپ، جەمئىيەتتە ئىناقسىزلىق زور دەرىجىدە يامراپ كەتكەنىدى.

ئەلىشىر نەۋايى بۇ زور مەسىلىلەرنى پەقەت ئىلىم-پەن ئارقىلىق، ئادىل قانۇن بىلەن، ئادىل پادىشاھنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزىگىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ غايىلىرىنى شېئىرىيەتنىڭ داستانچىلىق ژانىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولدى. ئۇ داستانچىلىقتا بىر داستان يېزىش بىلەنلا بۇ زور مەسىلىلەرنى ۋە غايىلەرنى تولۇق ئىپادىلەپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئەدەبىي ئېقىم «خەمسە»گە مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ زور غەيرەت ۋە ئىرادە بىلەن شائىرلىق تالانتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئۆزى توپلىغان باي ماتېرىياللىرى ئاساسىدا بەش يىرىك داستاننى ئۇتتۇقلۇق يېزىپ چىقىپ،

---

[①] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئەلىشىر نەۋايى ۋە ‹سەددى ئىسكەندەرى›»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985-يىلى 4-سان.

زامانىسىدىكى دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ھەر تەرەپلىمە ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. نەتىجىدە نەۋايى ئوتتۇرا ئەسىردە شائىرلار يۈرەكلىك يېزىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان يېرىك داستانلار توپلىمى «خەمسە»نى يارلىققا كەلتۈردى.[①]

شائىرنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييارە» دېگەن بۇ ئۈچ داستانى ئومۇمىيلىق جەھەتتە نوقۇل مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغاندەك بىلىنسىمۇ،لېكىن ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم كۆزەتكەندە ئۇلاردا ئىشق-مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئوخشىمىغان يول بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ۋەقەلىك راۋاجى ۋە داستان يېشىملىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىچە. «خەمسە نەۋايى»دىكى مەسنەۋىلەر جەمئىي 51116 مىسرا، نەسرىي جۈملە 1974 مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن يۇقىرىقى بەش داستان ئۆتمۈش ئەدىبلىرى، ئادالەت ۋە تىنچلىققا تەلپۈنگەن ئەمگەكچىلەر ۋە باشقا تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى قانچىلىك ئۆزىگە تارتقان بولسا، ھازىرقى دەۋر ئەدىبلىرى ئۈچۈن ھەم بەدىئىي دىت ۋە تەسەۋۋۇرنى تاۋلاشتا ياردىمى چوڭ بولغان ئىجادىيەت ئۈرنىكى. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ نۇرغۇن مەنىۋى زوق ئالالايدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ يەردە كىلاسسىك ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇش پرىنسىپىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

**5 . نەۋايىنىڭ بەزى ئىلمىي، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى (نەۋايىنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرى)**

ئەلىشىر نەۋايى كۆپ ھوسۇللۇق ئالىم، ئۇ تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، ئەخلاق، دىن، تەزكىرە قاتارلىق ساھەلەردە كۆپ ئىجادىي مېھنەت سىڭدۈرگەن. تۆۋەندە ئالىمنىڭ ئىلمىي، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن تۆت پارچە ئەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1 . «مەجالسۇننەفائىس»

«مەجالسۇننەفائىس» 1490—1491-يىللىرى يېزىلغان، 1497—1498-يىللىرى قايتا تولۇقلىنىپ يېزىلغان. نەۋايىنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىن مەقسىتى خەلقنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش، ئەۋلادلارغا ئۇنىڭ نەمۇنىلىرىدىن يادىكار قالدۇرۇش، جۈملىدىن ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئەسەردە شائىر ئۆزىدىن بۇرۇن ۋە زامانداش ئۆتكەن 458 مۇسەننىپ (ئاپتور)لەرنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ ماھارىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرلىكتە، ئۇلارنىڭ نەسەبى، قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى، شۇ دەۋردە تۇتقان ئورنى، پېشكىنىڭ ئالاھىدىلىكى، قەيەردە، نېمە سەۋەب بىلەن ۋاپات بولغانلىقى، قەيەرگە دەپنە قىلىنغانلىقىغىچە بولغان جەريانلار خاتىرىلەنگەن. ئەسەردە پەقەت يازغۇچى، شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالىنىلا تونۇشتۇرۇلۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن نەمۇنىلەر (ئاز دېگەندە ئىككى مىسرادىن بىر قانچە ئون مىسراغىچە) بېرىلگەن ۋە ھەربىر سەنئەتكارغا ئاپتور (نەۋايى)نىڭ باھاسىمۇ بېرىلگەن. شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن نەمۇنە ئورنىدا كىرگۈزۈلگەن بۇ شېئىرلار رۇبائىي، بېيىت، قىتئە، مۇئەممما، تۇيۇق، مۇتەللەئى تارىخ، مەتلەئە قاتارلىق شېئىرىي شەكىللەرگە ئىگە.

بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسىدە شائىرلار ساقىيغا مۇراجىئەت قىلىش ياكى مەي تولدۇرۇلغان ساغەر (جام)نى قولىغا ئالغان لىرىك قەھرىماننىڭ ياڭراق ئاۋازى، لىرىك ھېسسىياتى ئارقىلىق

---

① ئە. ئابدۇللا: «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ خەمسە يېزىشىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2000-يىلى 1-سان، ئۈرۈمچى.

غايىۋى گۈزەل جانان (تىنچ، ئاسايىش، بەختلىك كۈن ۋىسالى)غا بولغان چىن مۇھەببىتى، ئۇنىڭ (يارنىڭ) ۋەسلىگە يېتىش ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىستىئارە، گۈزەل مەجازىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى جانلىق، يارقىن، ئىخچام ئەكس ئەتتۈرگەن. «مەجالىسۇننەفائىس»تا تىلغا ئېلىنغان ئاپتورلاردىن 35 تىن ئارتۇق كىشى تۈركىي تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلاردىن ئىبارەت. نەۋايىنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى مەدەنىي ھاياتنى ئۆگىنىشتە رولى چوڭ. كېيىنكى ئەۋلادلار ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى ئاپتورلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشتە پەقەت مۇشۇ ئەسەرگىلا تايىنىشقا توغرا كەلگەن. تۈركىي تىللىق خەلقلەردە تەرجىمىھال ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ ھەسسە قوشقان «مەجالىسۇننەفائىس» ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ئۇزاق ئەسىرلەر ساقلايدۇ.

2. «لىسانۇتتەير»

«لىسانۇتتەير » (قۇشلار تىلى) 1498—1499-يىللىرى يېزىلغان. نەۋايى ئۆز پىكرىنى ئەدەبىياتنىڭ ھەرخىل ژانىرى، شەكىللىرىدە ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ چېۋەرلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. «لىسانۇتتەير»[بۇ ئەسەر بەزى مەنبەلەردە «مەنتىقۇتتەير» (قۇشلار تىلى) دەپ ئېلىنىدۇ.]دىن ئىبارەت بۇ مەسەللىك داستاننىڭ پېرسوناژلىرى قۇشلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەردە نەۋايىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. داستاندا بىر توپ قۇشلارنىڭ ھۇدھۇد (ھۆپۈپ) رەھبەرلىكىدە، ئۇزۇن ۋە قىيىن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، «كوھىقاپ»تا تۇرىدىغان قۇشلارنىڭ پادىشاھى سۇمۇرغنىڭ ۋىسالىغا يەتمەكچى بولغانلىقىدەك ۋەقە سۆزلىنىدۇ.

نەۋايى تەسەۋۋۇپچى شائىر فەرىدىددىن ئەتتار (1145—1229)نىڭ بىر مۇنچە ئەسەرلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ناملىق ئەسىرىنىڭ تەسىرىگە خېلىلا بەك ئۇچرىغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇ دەسلەپ كىشىلەردىن چەتنەپ، ئاتا-ئانىسىنى ئەنسىرىتىپ قويغان، كېيىنچە باشقا ئىجابىي ۋاستىلەر تۈپەيلىدىن بۇ سەلبىي تەسىردىن يىراقلاشقان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆسمۈرلۈك چېغىدىكى مۇشۇ تەسىر تۈپەيلىدىن، ئەتتارنىڭ ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ «لىسانۇتتەير» داستانىنى يېزىپ چىقىدۇ (ئەمما مەزمۇنى پەرقلىنىدۇ). مەلۇمكى، نەۋايىدىن ئىلگىرى ۋە شۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر مۇنچە كىشىلەردە تەسەۋۋۇپلۇق ئىدىيەۋى ئېقىم كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىدى. تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بويىچە، ئىنسان ئاللادىن باشقىغا ئىشق-مۇھەببەت باغلىمايدۇ، ئىنسان بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆزىنى ياراتقان، «تەجەللى» قىلغان ئاللانىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىشى كېرەك؛ بۇنىڭ بىردىنبىر يولى بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، زاھىتلىق-تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتۇپ، روھىي جەھەتتىن ئىنسان ئۆزىنى ياراتقان ئەسلىي زات ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشتۇر.

نەۋايى «لىسانۇتتەير»دە ئاللا، پەيغەمبەر، چاھاريارلارغا ھەمدۇ سانا (مەدھىيە) ئوقۇسىمۇ، شۇنداقلا تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان فەرىدىددىن ئەتتار ۋە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا مەدھىيە ئوقۇسىمۇ، ئەمما داستان سۇژىتىدىكى بەزى ۋەقە ھەم «ھېكايە»لىرىدە بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىن چەتنەپ كېتىدۇ. شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە، جۈملىدىن «لىسانۇتتەير»دە «تەڭرى-تەبىئەت-ئىنسان» مەسىلىسىگە ئىنداشقان ھالدا «تەڭرى-دىنىي كەسپدارلار (مەسىلەن، سوپىلار)-ئىنسان» مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. نەۋايى «لىسانۇتتەير» داستانىدا مەجازىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، سىمۋوللۇق ئۇسۇلنى قوللىنىپ، «سۇمۇرغ»، «ھۇدھۇد» (ھۆپۈپ) ۋە «قۇشلار»دىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىپتىكى پېرسوناژلارنى «تەڭرى»، «سوپى» ۋە «ئىنسانىيەت»كە ۋەكىل قىلىپ، تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى

مەسنىۋىسىدە بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ پىكرىگە زىت بولغان پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەۋايى: «تەڭرى ئالەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۇ پۈتۈن كائىناتقا مۇجەسسەملەشكەن، ھەممە نەرسىدە ئىپادىلەنگەن جەۋھەر. شۇڭا بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، رېئال دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تەركىيدۇنياچىلىق ئازابىنى چېكىپ تەڭرىنى ئىزدىمەكلىك ھاجەتسىز ھەم بىمەنىلىك» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ تەركىيدۇنياچىلىقنىڭ يەتتە باسقۇچىنى بېسىپ تەڭرى بىلەن بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلغان بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇپچىلارنى جۇملىدىن فەرىدىددىن ئەتتارنى «ھۇدھۇد» ئوبرازى ئارقىلىق تەنقىدلەيدۇ. «قۇشلار»نىڭ ھاياتىدىن ۋاز كېچىپ «سۇمۇرغ»نى ئىزدەش يولىدا نابۇت بولۇشۇپ ئاز قالغاندىن كېيىن، «ھۇدھۇد»قا بىلدۈرگەن نارازىلىقىنى قوللايدۇ. «قۇشلار»نى ئۆز-ئۆزىنى بىلىشكە، ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەشكە، ھاياتنى سۆيۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئومۇمەن، بۇ داستان نەۋايىنىڭ دۇنيا قارىشىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەينى دەۋرنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ ئېسىل قوللانما بولالايدۇ.

3. «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين»

«مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين» 1499-يىلى يېزىلغان. نەۋايى تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلىنى ۋە ئەدەبىياتىنى قوغداش، راۋاجلاندۇرۇش ئىدىيەسىنى ئىپادىلىدى. شائىرنىڭ «مىزانۇلئەۋزان» (ۋەزىن مىزانلىرى)، «ئارۇز تۈركىي» (تۈركىي شېئىرىيەتتىكى ئارۇز ۋەزنى) دېگەن ئەسەرلىرى شېئىرىيەت ئىلمىگە قارىتىلغان. «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين» تۈركىي تىلىنى پارس تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تۈركىي تىلىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل بەدىئىي ئەسەر يارىتىشقا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان. نەۋايى دەۋرىدە، تۈركىي تىللىق شائىرلار ئىچىدە پارس تىلى بىلەن ئەسەر يېزىش بىر خىل خاھىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋال ھىراتتا بىر قەدەر ئېغىر ئىدى. ئۇ يەردىكى شائىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى پارس تىلىنى ئۆز ئانا تىلىدىن ئەۋزەل كۆرەتتى، شېئىرنى پەقەت شۇ تىل بىلەنلا يازغىلى بولىدۇ دەپ بىلەتتى، ئۆز ئانا تىلىنى بولسا، شېئىر يازغىلى بولمايدىغان تىل دەپ ياراتمايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلمەيدىغان، ئۆز ئانا تىلى بىلەن يازمەن دېسىمۇ يازالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

نەۋايى بۇ ئەسىرىدە چوڭقۇر سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، تۈركىي تىلىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ھەر تەرەپلىمە كۆرسىتىپ چىقىدۇ. بۇ تىلدا ئۇقۇمنى دەل، ئېنىق ئىپادىلەيدىغان، ئىنچىكە، نازۇك ھېس-تۇيغۇلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكىنى، بەزى ساھەلەرگە خاس بولغان سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ موللۇقىنى، تۇيۇق يېزىش، قاپىيە كەلتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ۋە سۆز تۈرلەش، سۆز ياساش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ كەڭلىكىنى نۇرغۇن مىساللار ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ؛ تۈركىي تىلى مۇشۇنداق ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، تۈركىي تىللىق شائىرلار، بولۇپمۇ ياش شائىرلار ياخشى مۇلاھىزە قىلمايلا پارس تىلىنى ئەۋزەل بىلىپ، شېئىرنى پارس تىلى بىلەن يېزىشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈركىي تىللىق شائىرلار بارغانسېرى ئۆز ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى زور ئېچىنىش بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تۈركىي تىل ئۈستىدە ئىزدىنىشكە بەل باغلىغانلىقىنى، ئىزدىنىش نەتىجىسىدە بۇ تىلنىڭ مول بايلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، چەكسىز غۇرۇرلانغانلىقىنى، بۇ تىلنى پۇختا ئىگىلىگەن ئاساستا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە بەدىئىي ئەسەرلىرىنى يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقىنى، ئاخىرىدا ئۆز ئىشىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە بۇ ئەسەرنى يازغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن ئا. ك. پوروۋكوف بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغان: «مۇھاكەمە تۇللۇغەتەين» شۇنداق كىتابكى، توپ ماھىيىتى جەھەتتە ئۇنىڭدا گەپ تىل ئۈستىدىلا بارمايدۇ.

بۇ كىتابتا يەنە باشقا پىكىر، يەنى ئۆز خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى[①] پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۆزى ھايات چاغدىلا ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئۇستاز ئەلىشىر نەۋايى ھەققانىي ھالدا شۇنداق بىر شان - شەرەپكە سازاۋەر بولىدۇكى، ئۇزاق ئەسىرلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە يۇقىرى شۆھرەت قازانغان پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئابرۇيى راسا كۆتۈرۈلگەن پەيتتە ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەھكەم ئاستانىسىنى قۇردى. نەۋايى ئۆزىنىڭ ‹لىسانۇتتەير› ناملىق داستانىدا ئېيتقىنىدەك، ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچى بولغانلىقى بىلەن ئېپتىخارلىنىشقا تامامەن ھەقلىقتۇر.»

4. «مەھبۇبۇلقۇلۇب»

«مەھبۇبۇلقۇلۇب» ئەلىشىر نەۋايى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە (1500 - يىلى) يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، شائىر ياشلىق دەۋرىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە بولغان پۈتكۈل ئۆمرىدىكى كەچۈرمىشلىرى، تەجرىبە ۋە بىلىمىنى ئىخچام يەكۈنلەپ، بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي پىكىرلەر ئۇسلۇبىدا بايان قىلغان.

بۇ ئەسەر شائىرنىڭ مۇرەككەپ جەريانلاردا پىشىپ يېتىلگەن پۈتكۈل ھاياتىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ، ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلىرىنىڭ، ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىنىڭ، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ جەۋھىرى. بۇ ئەسەر ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمى قىرىق پەسىلدىن تەركىب تاپقان. بۇ قىسىمدا ئادالەتپەرۋەرلىك نۇقتىلىق ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، خاراكتېر - خۇسۇسىيەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. پادىشاھ، ۋەزىر، ئوردا ئەمەلدارلىرى، قازى - قۇززات، مۇپتى - ئەلەملەرنىڭ ھەر تۈرلۈك رەزىل قىلمىشلىرى، پارىخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىكى، ئاچ كۆز، ماختانچاقلىقى قاتتىق پاش قىلىنىپ، ئۇلارنى ئادالەتكە، ياخشىلىققا، ئىنسابلىق بولۇشقا چاقىرغان. شائىر ئادىل پادىشاھ ھەققىدە توختىلىپ: ئادىل پادىشاھ باھار يامغۇرى بىلەن قۇياشتەك گۈللەر ئېچىلدۇرىدۇ. مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن، گۆھەرلەرنى چاچىدۇ... ئادىل پادىشاھ گويا مەملىكەت بېغىنى ئاۋات قىلىدىغان يامغۇرلۇق بۇلۇت، مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆزىنى يورۇتىدىغان نۇرلۇق قۇياشتۇر... دەپ يېزىپ، پادىشاھنى يامغۇرغا، ئۇنىڭ ئادىللىقىنى قۇياشقا ئوخشىتىش ئارقىلىق، پادىشاھنى مەدھىيەلەپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قوي بىلەن بۆرە دوست بولۇپ ياشايدىغان پاراۋان، شاد - خۇرام تۇرمۇشنى جانلىق سۈرەتلەپ، پادىشاھلارنى ئادىل، خەلقپەرۋەر، ئەل - يۇرت سۆيەر بولۇشقا ئۈندىگەن. ئادىل پادىشاھ يورۇق تاڭ بولسا، زالىم، نادان ھەم پاسىق پادىشاھ قاراڭغۇ كېچىدۇر دېيىش ئارقىلىق، كەيىپ - ساپاغا، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن، خەلقنىڭ ھالى، ئەل - يۇرت بىلەن كارى بولمايدىغان ئەخمەق، دۆت، زالىم پادىشاھلارنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. دىيانەتسىز، پارىخور ئەمەلدارلارنى بۆزۈق، كېرەكسىز نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ، ئۇلارنىڭ بىلىمسىزلىكى، نەپسانىيەتچىلىكى، ئاچ كۆزلۈكى، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە ئاستىدا يېتىپ مانتا يەيدىغان ھورۇن، بىغەملىكىنى قاتتىق سۆكۈپ، ئۇلارنى بىلىم ئېلىشقا، ياخشىلىققا، ئادالەتكە، خەلقپەرۋەر بولۇشقا چاقىرغان. خەلقنى ئالداپ، ئۆزى بىلگەنچە پەتىۋا پىچىپ، خەلقنى نادانلىققا، خۇراپاتلىققا باشلايدىغان، ئۆزى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىن

[①] ئۆز ۋاقتىدا پارسگۇيلار (پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشنى ئەۋزەل بىلگۈچىلەر) پارس تىلىنى شېكەرگە ئوخشىتىپ، «پارس شەكەرست»(پارس تىلى شېكەردەك) دېگەن؛ يەنە بۇ دەۋردە ئەرەب تىلىنىڭ ھىرات قاتارلىق جايلارغا بولغان تەسىرىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، بۇ تىلغا ئەقىدە باغلىغۇچىلار ئەرەب تىلىنى «ئەرەب ھەسەلىست» (ئەرەب تىلى ھەسەلدەك) دەپ ماختاشقان؛ نەۋايى بولسا، تۈركىي تىلىنى ماختاپ، «تۈركىي ھۈنەرىست» (تۈركىي تىلى ھۈنەر-سەنئەت تىلى) دەيدۇ.

يانمايدىغان، نەپسانىيەتچى، ئاچ كۆز ئىمام، مەزىن، موللىلارنى پاش قىلىپ، ئۇلارنى ئىككى دۇنيالىق ئىنسابقا، ياخشىلىققا، ھەقىقىي ئېتىقادقا ئىگە بولۇشقا دەۋەت قىلغان. شائىر يەنە بۇ قىسىمدا جەمئىيەتتىكى ھەرخىل كەسىپ ئىگىلىرى، ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگۈچىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىگە سادىق بولۇشىنى، خەلقنىڭ ئەل-يۇرتنىڭ غېمىنى يېيىشىنى، ئۇلار ئىگىلەشكە تېگىشلىك زۆرۈر ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى كۆرسىتىپ، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، بىكار تەلەپلىك، ھورۇنلۇق، لۈكچەكلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شائىر ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنسان دىلىنى يورۇتقۇچى، نادانلىق ئالىمىگە مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى دەپ سۈپەتلەپ، ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارنىڭ جەمئىيەتتىكى تەڭداشسىز رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شائىر ھالال ئىشلەپ، ھالال كۈن ئۆتكۈزىدىغان، سەمىمىي، پاك، ئىشچان دېھقانلارنى دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، خەلققە قۇۋۋەت دورىسى بەرگۈچى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى، ئەمگەكچان، ھالال نىيەت، پاك دىيانەتلىكلىكىنى قىزغىن ئۇلۇغلايدۇ.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى «ياخشى ئەخلاق، ناچار ئادەت» توغرىسىدىكى 10 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ قىسىمدا يامان يولدا ماڭغانلارنىڭ يامانلىقتىن يىرگىنىپ، ياخشىلىق، ئادىللىق يولىغا كىرسە ئىككى دۇنيالىق سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ساداقەت، ئادىللىق، راستلىق، سەۋر، كەمتەرلىك، قانائەت، پاك ئىشق-مۇھەببەت، ئالىيجانابلىق قاتارلىق ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ئاچ كۆزلۈك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى ئەيىبلەيدۇ. يەنى سەۋر-تاقەت، شۈكۈر-قانائەت، كەمتەرلىك قاتارلىق پەزىلەتلەرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

شائىر قانائەت توغرىسىدا: «قانائەت بىر بۇلاقتۇركى، سۈيىنى ئېلىش بىلەن قۇرۇمايدۇ. خەزىنىدۇركى، ئۇنىڭدىكى مالنى ئىشلەتكەن بىلەن ئۆكسۈپ قالمايدۇ. ئۇ بىر ئېكىنزارلىقكى، چاچقان ئۇرۇق ئىززەت-ئابرۇي كەلتۈرىدۇ. ئۇ بىر دەرەختكى، شېخى ئىستىغنا ۋە ھۆرمەت مېۋىسىنى كەلتۈرىدۇ...» دەپ يېزىپ، قانائەتنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى زۆرۈر ئەھمىيىتىنى بايان قىلسا؛ «قانائەت بىر قورغانكى، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلىسەن، ئۇ بىر تاغدۇركى، ئۇنىڭغا چىقساڭ دوست-دۈشمەندىن بىھاجەت بولىسەن؛ قانائەت چۈشكۈنلۈكتەك كۆرۈنسىمۇ نەتىجىسى ئۈستۈنلۈك، ئاجىزلىقتەك سېزىلسىمۇ نەتىجىسى كۈچلۈك بولىدۇ» دېيىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى تۇرمۇشتا قانائەتچان بولۇپ، ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك، پارىخورلۇق، تاماخورلۇق قاتارلىق ناچار ئادەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرغان؛ قانائەتچان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ شاد-خۇرام، خاتىرجەم ئۆتىدىغانلىقىنى، قانائەتچان بولغاندىلا ھەممە نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

شائىر سەۋر باپىدا سەۋرنى شادلىقنىڭ ئاچقۇچىغا، سىرداش دوستقا، ياخشى چۆپقەتكە، ئۈمىدكە، ئاتقا، قاتتىق سۆزلۈك نەسىھەتچىگە، ئۇستا دوختۇرغا... ئوخشىتىش ئارقىلىق، پەقەت سەۋر-تاقەت بولغاندىلا ئارزۇ-ئارمانغا يېتىپ، كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، شاد-خۇرام ياشاپ، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەن خەلق ماقالىنى ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە پەقەت سەۋر قىلغاندىلا ھەر قانداق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دېگەن ھەقىقەتنى تونۇتقان.

كەمتەرلىك باپىدا بولسا، كەمتەر كىشىلەرنىڭ خەلقنىڭ قوللىشىغا، ياخشى كۆرۈشىگە، ھۆرمەتلىشىگە نائىل بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئەنە شۇنداق كىشىلەر بار يەردە دوستلۇق ۋە ئىتاقلىق

گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرىدىغانلىقى، كەمتەر كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ئابرۇيى كۆنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەرقانداق مۇراد-مەقسەتكە يېتەلەيدىغانلىقىنى تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنى تەكەببۇرلۇق، بىھۆرمەتلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردىن قېچىپ كەمتەر بولۇشقا چاقىرغان.

بۇ قىسىمدا شائىر يەنە ئىشق ئۈستىدە توختىلىپ: «ئىشق ئىنسان باللىرىنىڭ كۆزىنى نۇرلاندۇرىدىغان نۇرلۇق ئەختەردۇر، ئىنسانىيەت تاج-تەختىنى زىننەتلەيدىغان گۆھەردۇر. ئۇ بىر قۇياشتۇركى، غەمكىن كۆڭۈللەر باياۋانى بولىدۇ ئۇنىڭ بىلەن گۈلشەن؛ ئۇ پارقىراپ تۇرغان تولۇن ئايدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن زۇلمەت كېچىلىرى بولىدۇ روشەن؛ ئۇ بىر كەڭ دېڭىزدۇركى، كۆرمەك ئەقىل-ھوش كېمىلىرى ئۇنىڭغا چۆككەن» دەپ يېزىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەتنى، چىن سۆيگۈنى نۇرلۇق يۇلتۇزغا، گۆھەرگە، قۇياشقا، تولۇن ئايغا، كەڭ دېڭىزغا ئوخشىتىپ، ھەقىقىي چىن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆز سۆيگۈنىگە (مەشۇقىغا) ۋاپادار، راستچىل، سەمىمىي بولۇشقا، چىن سۆيگۈنى قەدىرلەشكە چاقىرغان.

ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قىسمى «تەنبىھلەر بايانىدا» بولۇپ، بۇ قىسىمدا چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەخلاقىي بىلىملەر بايان قىلىنغان. بۇ قىسىمدا ئاساسەن بىلىم ئىگىلەش، ئىگىلىگەن بىلىمنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشتىن ئىبارەت مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيە ئالغا سۈرۈلۈپ، كىشىلەرنى ئويغىتىپ، نادانلىق ۋە جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن يول ئېچىش ئىستىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ۋاپادارلىق، سېخىيلىق، ياخشىلىق، ئادالەت، چىن سۆيگۈ، ئىنسانىي گۈزەللىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئەل-يۇرت سۆيەرلىككە ئوخشاش بىر قاتار ئىنسانىي پەزىلەتلەر مەدھىيەلىنىپ، پاسىقلىق، رەزىللىك، ۋاپاسىزلىق، ۋىجدانسىزلىق، بېخىللىق... قاتارلىق بولمىغۇر قىلمىشلار ئېچىپ تاشلانغان. شائىر بۇ قىسىمدا ئىلىم-مەرىپەت ئىگىلەش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ھەققىدە:

*ئىلىم ئوقۇپ قىلمىغان ئەمەل مەقبۇل،*
*دانە ساچىپ كۆر تامادى ھوسۇل.*
*[ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغانلىق ئۇرۇق چېچىپ ھوسۇل ئالالمىغانلىقتۇر.]*

دەپ يېزىپ، بىر ئۆمۈر بىلىم ئىگىلەپ، ئۇنى ئىشلەتمىگەن، ئەلگە تاراتمىغان كىشىلەرنى ئالىم بولسىمۇ خۇددى مال-دۇنيا يىغىپ، خەجلەشنى ئۇقمايدىغان بېخىلغا ئوخشىتىپ، بىلىم ئىگىلىگەن ئىكەن ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، ئەل ئىچىگە مەرىپەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، نادانلىققا مەرىپەت مەشئىلى بىلەن ئوت چېچىشنى تەۋسىيە قىلغان.

شائىر يەنە بۇ قىسىمدا تىل گۈزەللىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تولا سۆزلىمەسلىك، قالايمىقان سۆز قىلماسلىق، گەپنى ئورۇنلۇق، جايىدا قىلىش، ئىخچام، ئوبرازلىق، مۇلايىم تىل قوللىنىشنى تەكىتلەيدۇ. شائىر نادانلىقنى ئېشەكتىنمۇ پەس ئورۇنغا قويۇپ، مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ ئىنسانغا نادانلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

بۇ قىسىمدا يەنە ئىنسانىي گۈزەللىك، ۋاپادارلىق، راست سۆزلۈك قاتارلىق ئەخلاق-پەزىلەتلەر قىسقا سۆز-جۈملىلەر بىلەن جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، «مەھبۇبۇلقۇلۇب»تا ئادالەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئەل-يۇرت سۆيەرلىك، ئىنسانىي گۈزەللىك، چىن سۆيگۈ، سەۋر-تاقەت، شۈكۈر-قانائەت، ئىلىم-مەرىپەت، كەمتەرلىك، سېخىيلىق، ۋاپادارلىق، راست سۆزلۈك قاتارلىق ئەخلاق-پەزىلەتلەر، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ

ھەممە ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن رېئال ۋە ئاكتىپ تېمىلار شۇ دەۋردە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە خۇددى زۇلمەت كېچىدە چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلاردەك پارلاپ نۇر چاچقان. يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىلغار ئىدىيەۋى قاراشلار شۇ دەۋردىكى جەمئىيەت سەھنىسىدە ھەل قىلغۇچ رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**6. ئەلىشىر نەۋايى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى**

ئەلىشىر نەۋايى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن تۈركىي شېئىرىيىتىدە ۋە پۈتكۈل تەپەككۇر ئەدەبىياتىدا يەنە بىر يۈكسەك چوققا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا شائىرلىرىدىن (ھەتتا شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى شېئىرىيىتى بويىچە) مىقدار جەھەتتە كۆپ، تېما جەھەتتىن رەڭگارەڭ، بەدىئىي جەھەتتە گۈزەل ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن «شېئىرىيەت مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزگەن ساھىبقىران» بولۇپلا قالماستىن، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەنە ـ پىكىرلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەپەككۇر ۋە پەلسەپىۋى ھېكمەت جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى جەھەتتىنمۇ «شېئىرىيەت مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزگەن» ساھىبقىران پەيلاسوپ ئىدى. نەۋايى تارىخىي ئەنئەنىلەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى ۋە شېئىرىيىتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقانلىقى، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر، تىل ۋە مەجازىي جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغانلىقى تۈپەيلى بىزگە ئاجايىپ قىممەتلىك مىراسلار قالدۇردى.

نەۋايى ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇرى بىر قانچە ئەسىردىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ قامۇسى، شېئىرىيەت ئوقۇتۇشىنىڭ ئۆلچەملىك كىتابى، شېئىرىي ھەۋەسكارلىقنىڭ يالقۇنلۇق ئۆرنىكىگە ئايلاندى. نەۋايى ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىدىن باشلاپلا ھەقلىق ئىگىسى ۋە ۋارىسلىرى بولغان ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار ئۆز ئوغلانىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى بىلگەنىدىن باشلاپ، ئۇلۇغ شائىر نەۋايىغا چوڭقۇر ھۆرمەت قىلدى، ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ ئىنتاھا تەۋەررۇك سۈپىتىدە ساقلاپ، قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تارقىتىپ كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرىدى. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى توغرۇلۇق ئىزدەندى، ئۇنىڭ شانۇ شەۋكىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولدى. نەۋايى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاساس سالغان قەدىمكى زاماندىكى يېرىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى يەكۈنلەپ، ئۆز دەۋرىنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرنى ئالغان ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە ئەدەبىياتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى.

نەۋايىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، شىنجاڭدا نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، تارقىتىش، ساقلاش، مۇھاپىزەت قىلىش ئەھۋالى

نەۋايى ئەسەرلىرى بۇ ئۇلۇغ شائىر ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا يېتىپ كەلگەن. مەسىلەن، نەۋايىنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى ئاي كېيىن كۇچا مەدرىسەسى مۇدەررىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «خەزائىنۇلمەئانى» تولۇقى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ چىقىلغان. 1557 ـ يىلى يەنە شۇ تۇپلامنىڭ شىنجاڭنىڭ مەلۇم يېرىدە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ساقلانغان. نەۋايىنىڭ باشقا ئەسەرلىرى 16 ـ ئەسىردە خوتەندىمۇ كۆچۈرۈلگەن. ئومۇمەن، 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ كاشغەر، ياركەند، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق شەھەرلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا شەھەرلىرىدىمۇ نەۋايىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرىمىز. نەۋايى ۋاپاتىدىن ئىككى ئاي كېيىن كۇچا مەدرىسەسىدە «چاھار دىۋان» تولۇقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن 1700 ـ يىلى مۇشۇ ئەسەر يەنە «خەزائىنۇلمەئانى» دېگەن نام بىلەن ئىككىنچى

قېتىم كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قول يازما نۇسخىسى يەنە شۇ دەۋردە قۇمۇل شەھىرىدە مولللا مەخسۇد دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، شىنجاڭدا نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشنىڭ يۇقىرى دولقۇنى شەكىللەنگەن. بۇ خىل ھالەتنى بەرپا قىلىشتا «كاشغەريي» تەخەللۇسلۇق خەتتات ياكى كاتىپ (مۇنشى)لارنىڭ ئوينىغان رولى چوڭ بولغان. يالغۇز شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىلار ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان قول يازمىلار ئىچىدە «كاشغەريي» تەخەللۇسلۇق خەتتاتنىڭ قولىدىن چىققانلىرى سان جەھەتتە كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەرخىل قول يازمىلار قاتارىدا تۇرغان. مەسىلەن، ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ 254 قول يازما نۇسخىسى ئىچىدە 66 قول يازمىنىڭ تۈزگۈچىسى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ئېنىقلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتە چوڭ قول يازمىنىڭ كۆچۈرگۈچىلىرى «كاشغەريي» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئاشۇ ئىنستىتۇتتا ساقلىنىۋاتقان نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق توپلىمى «كۇللىيات» بار بولۇپ، بۇ قول يازما 1824 — 1830 ـ يىللاردا كاشغەردە ئابدۇرېھىم فازىل كاشغەريي دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ كىتابەت قىلىنغان. بۇ «كۇللىيات»قا نەۋايىنىڭ 19 ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە بايقالغان نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازما نۇسخىلىرى ئىچىدە ھەجمى ئەڭ چوڭ، كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر ئەڭ كۆپ، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى قول يازما ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلمىي تەكشۈرۈشتە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ھەرخىل قول يازمىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلدى. 1950 ـ يىللىدىكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئىلمىي خادىملار نەۋايى ئەسەرلىرى قول يازمىسىدىن 400 نۇسخىدىن كۆپرەكىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققان. 1957 ـ يىلى ياركەندتە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە 700 پارچە ئەسەرنىڭ قول يازمىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 150 پارچىسى نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىسى ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيەلىرىدىكى مەدەنىيەت يۇرتلىرى، ئورۇنلار ۋە مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەمەلىي سانى تېخى تولۇقى بىلەن ئىستاتىستىكا قىلىنمىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى يەنە نەۋايى ئەسەرلىرىنى قول يازما سۈپىتىدە كۆچۈرۈپ ۋە ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى سۆيۈملۈك شائىرنىڭ ئوتلۇق شېئىرلىرىنى ھەرخىل ئۆي جابدۇقلىرىغا ئويۇپ ساقلىغان. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى كۆچۈرۈپ چىققان نەۋايى ئەسەرلىرى ئىچىدە «خەمسە» مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. نۇرغۇن خەتتات ۋە كاتىپلار «خەمسە»نى كۆچۈرۈش ساھەسىدە ۋە تارقىتىش ئىشلىرىدا كۆپ مېھنەت سىڭدۈرگەن. ھازىر نەۋايى «خەمسە»سىنىڭ ھەرخىل قول يازما نۇسخىسى ئىچىدە پەقەت قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدىلا 21 قول يازما نۇسخىسى ساقلانماقتا. يەنە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تارمىقىدىكى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋايى «خەمسە»سى ئىچىدە 14 نى شىنجاڭلىقلار (ياكى ئۇيغۇرلار) كۆچۈرگەن ئىكەن.

نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، كىتاب قىلىش، تارقىتىش نەۋايى زامانىسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر خىل ئىلمىي پائالىيەت ۋە بىر خىل ئىلمىي ئېقىمغا ئايلانغان. كاشغەرنى مەركەز قىلىپ شىنجاڭدا شەكىللەنگەن بۇ خىل ئېقىمنى ئىلمىي خادىملار «كاشغەر خەتتاتلىق مەكتىپى» دەپ ئاتاشقان. بۇ ئېقىم ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر خەتتاتلىقى، كىتابەتچىلىكى قاتارلىق سەنئەت ساھەسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە روشەن ئىپادە قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەتتاتلىق ئېقىملىرى بىلەن مۆتىۋەر ئورۇندا تۇرۇپ رىقابەتلىشەلىگەن. كاشغەر خەتتاتلىق

ئېقىمىنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرى 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا.

ئومۇمەن، نەۋايى زامانىسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش، شىنجاڭدا نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، رەتلەش، كىتاب قىلىپ تارقىتىش ئىشلىرى بىر خىل ئىلمىي خىزمەت شەكلىدە ئالاھىدە بىر خىل كەيپىياتقا ئايلانغان. كاشغەر، ياركەند، خوتەن، كۇچادەك مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىلا ئەمەس، يەنە قۇمۇل، تۇرپان ۋە لوپنۇرلاردىمۇ خېلىلا ئومۇملاشقان. ئۆز زامانىسىدا خەتتاتلىق بىر خىل ئالاھىدە كەسىپ ھېسابلانغان. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ يېزىشلا ئەمەس، بەلكى كۆپ ئوقۇغان بولۇش، نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلىگەن بولۇش شەرت قىلىنغان. نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە رەتلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خەتتات، كاتىپلار نوقۇل ئەسەر كۆچۈرگۈچىلەرلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلار نەۋايى ئەسەرلىرىنى ئاساسەن ئوقۇپ ئۆگەنگەن، يەنە شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى شائىرلىرى، بولۇپمۇ «خەمسە» ئۇستىلىرىنىڭ «خەمسە»لىرى بىلەن يېقىندىن تونۇش، نەزەرىيە، تارىخ ئىلىملىرىگە پىششىق بولغان كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق خەتتات، كاتىپلار بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى دەۋرنىڭ تەلەپ-ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بەزىدە نەۋايى ئەسەرلىرىدىن تاللاپ، بەزىدە تولۇق نۇسخىسى بويىچە ھەرخىل خەت شەكلىدە كۆچۈرگەن ۋە مۇقاۋىلاپ كىتاب شەكلىگە كەلتۈرگەن. بۇنداق ئەسەرلەر «كۇللىيات» (ئومۇمىي توپلام)، «باياز» (تاللانغان توپلام)، «دىۋان»(شېئىرلار توپلىمى) دەپ ئاتىلاتتى، بەزىلىرىگە نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىي نامى قويۇلاتتى.

شىنجاڭدا نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلارنىڭ بەزىلىرى بىر-ئىككى پارچىنى، بەزىلىرى بىر قانچە پارچىنى كۆچۈرگەن، يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشكە سەرپ ئەتكەن. ئۇلار بۇ خىزمەتلىرىنى ھەرخىل خەتتاتلىق ئېقىمىغا مەنسۇپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلىپ بارغان.

ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشتە شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي مېھنىتى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، ئەينى چاغدىكى بەزى ھاكىمىيەتلەرمۇ مۇئەييەن تەشەببۇسكار رول ئوينىغان. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ھامىيسىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن، شەخسىي نام-ئابرۇيىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە خەتتات، كاتىپلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ، ئۇلارنىڭ بىر مەزگىل تۇرمۇشىدا خاتىرجەم بولۇپ نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشكە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ تولۇقلىقى، سۈپەتلىكلىكى جەھەتتە، شىنجاڭلىقلارنىڭ ئەينى دەۋردە ئىشلىگەن ئىشلىرى ئالاھىدە ياخشى بولغان. كىتاب كۆچۈرۈش، بولۇپمۇ نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ئەمگەك سىجىللىقى يۇقىرى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى زور، شۇنداقلا بەلگىلىك بىلىم، جۈملىدىن ئەدەبىيات سەۋىيەسى بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. بىلىشىمىزچە، بۇ ئىشنى ئارتقۇزغانلارنىڭ كۆپچىلىكى شائىرلار، ئۇستا خەتتاتلار، ئۆلىما، زىيالىيلار بولغان. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، مەمۇرىيلارمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ھامىيلىق قىلغان.

ئىككىنچى، نەۋايى ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىش، مۇخەممەس، نەزىرە يېزىش، ئۇنىڭ «خەمسە» داستانلار توپلىمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ سۇژىتىدىن پايدىلىنىپ يېڭى ۋە ئارگىنال ئەسەرلەر يارىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالى

ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى (بولۇپمۇ غەزەللىرى)گە تەقلىد قىلىپ ئەسەر يېزىش ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى سەئىدىي، رەشىدىي، قىدىرى، نەفىسى قاتارلىقلاردىن باشلاپ،

خوجىلار زامانى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ياشىغان شائىرلاردىن ئەرشى، ھىرقەتى (گۇمنام)، زەلىلى، خەراباتى، نەۋبەتى، سادىقى، غەرىبى، نىيازى، زىيائى، نىزارى، سەبۇرى، مەشھۇرى، نازىمى، ناقىس، تەجەللى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇھىم ئىجادىيەت يۆنىلىشى بولۇپ كەلدى. ئۇلار شېئىرىيەتتە نەۋايىنى پېشۋا ھېسابلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇلار كۆپرەك نەۋايى لىرىكىلىرىغا تەقلىد قىلىپ لىرىكا يازدى، نەۋايى لىرىكىسىنىڭ ھەر قايسى بەھرلىرىگە ياندىشتى. ئەرشى، زوھۇرى، نىزارى، موللا قۇربان، مۇھەممەدقارى قاتارلىقلار بولسا نەۋايى غەزەللىرىگە مۇخەممەسلەر يازدى. نەۋايى داستانلىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنى ئۆزىگە ئەڭ قاتتىق رام قىلىۋالغان ئەسەرلەردىندۇر. ئەدىبلەر داستانچىلىق ئىجادىيىتىگە كىرىشىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن نەۋايى داستانلىرىنى ئوقۇش، كۆچۈرۈش، رەتلەش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغاندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويىدىغان ھالەتمۇ شەكىللەنگەن ھەم بۇ بىر قانچە خىل يول بىلەن قانات يايغان. بەزىلەر «خەمسە»دىكى داستانلارنى نەسرىي ئۇسلۇبتا ئاممىباپلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق دىققىتىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرماقچى بولغان. بۇ خىل خىزمەتنى ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ئىچىدە ئۇمەر باقى ياركەندى(1750— ؟) بىلەن موللا سىددىق ياركەندىيلەر بار. ئۇمەر باقى 1792 - يىلى «فەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى نەسرلەشتۈرۈپ قىسسەگە ئايلاندۇرغان بولسا، موللا سىددىق 1813 - يىلى «خەمسە» ئىچىدىكى تۆت داستانغا «لىسانۇتتەير»ناملىق ئەسەرنى قوشۇپ، تولۇق نەسرلەشتۈرۈپ «بۇلبۇلى گۈلشەن نەۋايى» ۋە قوشۇمچە «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» دەپ نام بەرگەن. «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانى 1930 - يىللىرى ئىككى قېتىم سەھنە ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى، كاشغەر ۋە غۇلجا سەھنىلىرىدە يۈز قېتىملاپ ئوينالغان.

ئەلىشىر نەۋايى داستانلىرىغا ياندىشىشنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى، بۇ داستانلارنىڭ سۇژېتلىرى ئاساسىدا يېڭى داستان يارىتىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. بۇ خىزمەت 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كاشغەردە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىدا بەلگىلىك سەۋەب بار. 1830—1850 - يىللىرى ئىچىدە كاشغەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن بىر قەدەر مۇقىم بولۇپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرى گۈللەنگەن. 1831—1847 - يىللىرى كاشغەرگە ھاكىمبەگ بولغان زوھۇرىددىن بىلەن تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇننىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ ھامىيلىق قىلىشى نەتىجىسىدە ئابدۇرېھىم نىزارى، زىيائى، غەرىبى قاتارلىقلار كاشغەر ۋە تۇرپاندا نەۋايى «خەمسە»سىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى داستانلار سۇژېتى ۋە نەۋايىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىكى مۇتىفلار ھەم تېمىلار ئاساسىدا بىر قاتار ئىجادىي ئەسەرلەرنى ياراتتى. ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ «فەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «زادۇل نەجاد»، زىيائىينىڭ «ۋامۇق ۋە ئۇزرا»[①]، «بەھرام ۋە دىلئارام»، غەرىبىينىڭ «بەھرام گۆر»، ئۇلپەتداش شائىر سەبۇرىينىڭ «ماقالات» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەنە شۇ خىل خاراكتېردىكى ئەسەرلەردۇر.

خەتتات - كاتىپلار كۆچۈرۈپ چىققان، ئەدىبلەر نەسرىي شەكىلگە كەلتۈرگەن ۋە بەزى شائىرلار تەقلىد قىلىپ يازغان ئەلىشىر نەۋايىنىڭ داستانلىرى بىر تەرەپتىن، يازما ئەدەبىياتقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، شائىرلارنىڭ داستانچىلىق ئىجادىيىتىگە بەرھەم بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ ۋە ئاغزاكى ئەدەبىياتقا ئايلىنىپ، خەلق ئىچىدە رىۋايەتلەر، قىسسەلەر جۈملىدىن خەلق داستانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن كۆپلىگەن ئەدىبلەر نەۋايىنى بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى پېشۋا ئۇستاز، ھەتتا پىر سۈپىتىدە تونۇشقان. كەڭ ئوقۇمۇشلۇق خەلق ئاممىسى

---

① «ۋامۇق ۋە ئۇزرا»نىڭ ۋەقەلىكى «مەجالىسۇننەفائىس»تا قىسقىچە مىسالغا ئېلىنغان.

ئارىسىدىمۇ ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنىڭ شېھرىي نوپۇزى يۇقىرى بولغان.»

ئۈچىنچى، نەۋايىنىڭ هاياتى ھەققىدە ئىزدىنىش، ئىجادىيىتى، ئەسەرلىرى توغرۇلۇق مۇتالىئە قىلىش ئەھۋالى

نەۋايى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە جەۋلان قىلغاندىن كېيىن، خەلق ئۇنىڭ هاياتى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى ھەم تەقدىرىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. ياركەند خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت ئەربابى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر (1500 — 1551) «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابىدا ئېنىق ئىبارىلەر بىلەن نەۋايىنىڭ ئۇيغۇر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن 54 يىل كېيىن پاكىتلىق ھۆججەتلەر بىلەن بايان قىلغان. بۇ مۇئەللىپ نەۋايىنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغان: «مىر ئەلىشىرنىڭ تەخەللۇسى ‹نەۋايى› دۇر. ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم تۈركىي تىلدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋە يۈكسەكرەك يازالىغان ئەمەس. نەۋايى شېئىر سەنئىتىنىڭ ئۇستازىدۇر. ئۇنىڭ تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرى ئابدۇراخمان جامىنىڭ پارسچە شېئىرلىرى بىلەن ئوخشاشلا شۆھرەتكە ئىگىدۇر. نەۋايى پارسچە شېئىرلارنىمۇ كۆپ يازغان ھەمدە پارسچە شېئىرلىرىغا ‹فانىي› تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن. ‹خەمسە›چىلىكتە ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىدىن كېيىن ھېچكىم نەۋايىدەك زور شۆھرەت قازانغان ئەمەس». ئەنە شۇ ياركەند خانلىقىدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى نەۋايىنىڭ هاياتى ۋە ئىدىيەسى ھەققىدە تىنىم تاپماي ئىزدىنىپ تۇرغان.

«12 مۇقام» ئۇيغۇر مۇسىقا (مۇزىكا) سەنئىتىنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭ مۇزىكا ئاھاڭلىرى مۇڭلۇق ۋە ۋەزمىندار بولغاندىن سىرت، تېكىستلىرى خەلقنىڭ قەلب ئىزھارىنى، دەۋرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئوبرازلىق يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن. نەۋايى شېئىرلىرىنىڭ شۆھرەتلىك قىممىتى نامايان بولغاندىن كېيىن، مۇزىكانتلار ۋە ئەدىبلەر «12 مۇقام»نىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن تېكىستلىرىگە قايتىدىن قاراپ چىقىپ، 39 تېكىستكە مەزمۇن جەھەتتە ئەڭ ئاكتىۋال بولغان نەۋايى غەزەللىرىنى تاللاپ كىرگۈزدى. چۈنكى نەۋايى غەزەللىرى يۈكسەك گۇمانىستىك، راتسىيونالىزملىق، ئەنئەنىۋى، غايىۋى تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى سۈپىتىدە كىلاسسىك مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى ۋە تەلىپىگە يۇقىرى دەرىجىدە ماس كەلگەندى. دېمەك، «12 مۇقام» مۇزىكىلىرىنىڭ كىلاسسىكلىقىغا خاس ئېھتىياج بىلەن نەۋايى غەزەللىرىنىڭ كىلاسسىك كامالەت دەرىجىسى بىرلىشىپ، نەۋايى غەزەللىرىنى «12 مۇقام» تېكىستلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىپ تاللاشقا ئېلىپ كەلدى. شۇندىن بېرى مانا بەش ئەسىر ۋاقىت ئۆتتى. ھېچقاچان نەۋايى غەزەللىرى ئورنىغا باشقا تېكىست ئالماشتۇرۇلغىنى يوق. چۈنكى بۇ تارىخىي تاللاش ئىدى.

1700 ـ يىلى كۇچا مەدرىسەسىدە «ئوي ـ پىكىرلەر خەزىنىسى» نامى قويۇلۇپ كۆچۈرۈلگەن «خەزائىنۇلمەئانى»نىڭ خاتىمىسىگە نەۋايىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى بېرىلگەن. ئىلگىرى شىنجاڭدىن تېپىلغان لۇتفىينىڭ «مەشھۇنۇلھەقايىق» ناملىق كىتابىنىڭ نەسرىي شەرھىيسى بولغان «دەخلۇلجان ئەبىۋا بولجاھان» دېگەن قول يازمىدا نەۋايى توغرۇلۇق قىممەتلىك مەلۇماتلار قالدۇرۇلغانلىقى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىدۇ. مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي «سىددىقنامە» دېگەن ئەسىرىدە نەۋايىنىڭ لىرىك شائىرلىقتا تەڭداشسىزلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ساپ تۈركىي تىلدا ئەسەر يازغانلىقىنى مەدھىيەلىگەندىن باشقا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان يەنە بىر كاشغەرلىك شائىر سەبۇرىي «نەۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، نەۋايىشۇناسلىق ئىلمىنى يېڭى بىر سەۋىيەگە كۆتۈردى. 19 ـ ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن ئالىملاردىن مۆجىزىي «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا ئەلىشىر نەۋايىنى «پىرىم، ئۇستازىم» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنىڭ

«كۇللىيات»، «چاھار دىۋان»، «خەمسە»لىرى ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى-كېيىن يازغان 36 پارچە كىتابىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولدۇم دەپ يازىدۇ. موللا سىددىق ياركەندىي نەۋايىنى «سىرلىق مەنىلەردە رىۋايەت قىلغۇچى، يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى» بىلىپ ئۇلۇغلىدى. نىزارىيمۇ نەۋايىغا زور ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئەسەرلىرىدە ئۇنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. 18-ئەسىردە كاشغەردە ئەلىشىر نەۋايى دىۋانلىرىغا لۇغەتلەر تۈزۈلگەنلىكى، 1806-يىلى نىزارىينىڭ كاشغەردە «نەۋايى» ناملىق دەرسلىك تۈزۈپ چىققانلىقىنى بىر جانلىنىش دەپ بىلىش لازىم، ئەلۋەتتە. چۈنكى، نەۋايى ئەسەرلىرى ياركەند خانلىقىدىن باشلاپ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى مەدرىسەلەردە دەرسلىك قىلىنىپ كېلىنگەن. نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن، داستانلىرىنى نەسرلەشتۈرگەن، ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلغان، مۇخەممەس يازغان شىنجاڭلىق ئەدىبلەرنى يەنە بىر جەھەتتىن، نەۋايى ۋە نەۋايى ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان نەۋايىشۇناسلار دەپ قارىسىمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

شىنجاڭ تارىخىدا شەكىللەنگەن نەۋايىشۇناسلىق زور قوشۇنى پۈتكۈل شىنجاڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدا، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن ئېلىپ، نەۋايىشۇناسلىق ئىلمىنى بىر مۇستەقىل ئىلىم سۈپىتىدە بارلىققا كەلتۈردى. نەۋايى ۋە نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا بولغان تەسىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ چوڭقۇرلاپ بارغان. بۇ خىل چوڭقۇرلۇقنىڭ دەرىجىسىنى باسقۇچلار بويىچە چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا، يەنى ياركەند خانلىقى ۋە خوجىلار زامانىسىدا ئۇيغۇر شائىرلىرى نەۋايىنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى دەپ بىلگەن. ئىككىنچى باسقۇچتا، يەنى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدىبلىرى نەۋايىنى «پىر» سۈپىتىدە تونۇشقان. ئۈچىنچى باسقۇچتا، يەنى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن مەزگىلنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئەدىبلەر نەۋايىنى «ئىگەم» دەپ، پەيغەمبەر-ئەۋلىيالارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان. بۇ خىل ھېسسىيات تاسادىپىي قوزغالغان ھېسسىيات ئەمەس. ئۇنىڭ بەلگىلىك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي يىلتىزى بار. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، «باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىغاندا، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى ۋە نامى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئەڭ تونۇش ۋە ئەڭ يېقىن»[①]. بولغانلىقىدىندۇر. بۇ خىل ئەھۋاللارنى شىنجاڭنى ساياھەت قىلغان چەت ئەل شەرقشۇناسلىرى چوڭقۇر ھېس قىلغان. مەسىلەن، 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا شىنجاڭنى ئايلىنىپ چىققان قازاق ساياھەتچىسى چوقان ۋەلىخانوف ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى نەۋايىنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى دەپ ھېسابلايدىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كەلگەن ھەم ئالاھىدە ئەسكەرتىپ مۇنۇلارنى يازغان: «ئەلىشىر نەۋايى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئىززەتلىك شائىرى بولۇپ، توي-تۆكۈن ۋە ئويۇن-كۈلكىلەردە ئالدى بىلەن نەۋايىنىڭ غەزەللىرىدىن پارچىلار ئوقۇلۇپ تۇرىدىكەن».[②] رۇس ئالىملىرىدىن س. مالوفمۇ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، تەسىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن، شىنجاڭنىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ نەۋايىنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى سۈپىتىدە تونۇيدىكەن دەپ ھېسابلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ بۇ مەزمۇندىكى سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرغان: «نەۋايى بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە سۆيۈملۈك ئاپتور ئىكەن. ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خىلمۇخىل

---

① مۇراد ھەمرايېۋ (ئۆزبېكىستان): «ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «شەرق يۇلتۇزى»، 1986-يىلى 2-سان، ئۆزبېكچە، تاشكەنت.

② «چوقان ۋەلىخانوف ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 108-، 112-بەتلەر، ئالمۇتا، 1956-يىلى قازاقچە نەشرى.

قول يازمىلار ئۇچۇق مىسال بولىدۇ. ھەتتا شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت يېزىلىرىدىن بىرى بولغان لوپنۇردا نەۋايى شېئىرلىرى ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ، دېكلاماتسىيە ئۈچۈن يادلىنىدىكەن، ھەتتا نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ سۇژېتلىرىنى خەلق چۆچەك ـ ھېكايە قىلىپ ئېيتىدىكەن. بۇ توغرۇلۇق بىزگە مەركىزىي ئاسىيانى سەياھەت قىلغان شىۋېت سەياھەتچىسى سۋېن ھېدىن مەلۇمات بېرىدۇ.»①

شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى نەۋايى ئەسەرلىرىنى پەقەت قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ، رىسالە سۈپىتىدە ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى، سۆيۈملۈك شائىرنىڭ ئوتلۇق غەزەللىرىنى ھەرخىل ئۆي جابدۇقلىرىغا ئويۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى قەلب تۆرىنىڭ ئېخىمۇ چوڭقۇر يېرىگە سىڭدۈرۈشنى نىشان قىلغان. ئۇلار ئەينى چاغلاردا نەۋايى غەزەللىرىنى لەۋھەلەرگە يېزىپ، مازار، مەدرىسەلەرگىمۇ ئېسىشتىن سىرت، مېتال بۇيۇملارغىمۇ ئويغان. مەسىلەن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىلمىي خادىملار 1955 ـ يىلى قاراقاش ناھىيەسىدە يىغىلغان ئاسار ئەتىقىلەر ئىچىدىن نەقىشلىك بىر ئاپتۇۋا تاپقان. بۇ ئاپتۇۋا سېرىق تۇچتىن 1842 ـ يىلى ياسالغان بولۇپ، ئىككى يېنىغا نەۋايىنىڭ: «ئەنامە ئەردىكى غەمكىن كۆڭۈلنى شات ئەتتىبىڭ» ناملىق يەتتە بېيتلىك شېئىرى تولۇق يېزىلغان ھەم ئۇنى نەۋايى دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن غەزەل بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، ئاساسەن توغرا ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت تارىخى، ئەدەبىيولوگىيە ساھەسىدە تۈپلۈك ئۆزگىرىش بولغان بىر دەۋر بولدى. 1911 ـ يىلى 2000 يىللىق فېئوداللىق تۈزۈم ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن جۇڭگو دېموكراتىك ئاساستىكى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى دۆلەتكە قەدەم قويدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، لېنىن باشچىلىقىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شانلىق غەلىبىسىنىڭ قويۇق تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئابدۇقادىر ئەزىزى، نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت، مەمتىلى ئەپەندى، قۇتلۇق شەۋقىلەر قوزغىغان يېڭى مائارىپچىلىق ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن كۆتۈرۈلگەن جەدىدچىلىك ۋە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنى باشتىن كەچۈردى. 1933 ـ يىلى كاشغەردە «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى» قۇرۇلۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا سەنئەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى، ئەدەبىيولوگىيە ساھەسىدە بىر بالداق يۈكسىلىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ، يېڭى زامانغا خاس مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنىڭ باشلىنىشى بىلەن، 1949 ـ يىلدىكى ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيەتكە رەسمىي قەدەم قويۇلغانلىقى، ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىنى يېپيېڭى قىياپەتكە ئىگە قىلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىيولوگىيەسىگە ماركسىزملىق مەزمۇن قوشتى. بۇ يىللاردا نەۋايى ئەسەرلىرى يۈكسەك گۇمانىستىك روھقا، ئۇلۇغۋار مەرىپەتچىلىك خاھىشقا ئىگە ئالەمشۇمۇل قەدىر ـ قىممەتنى ئۆزىدە ئىپادە قىلغانلىقى بىلەن تەۋەررۈك ئېسىل مىراس بولۇش سۈپىتىدە، يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىيولوگىيەسىنىڭ ئاساسىي ئېقىملىرىدىن بىرى بولۇش رولىنى ئويناپ كېلىشتەك ئىمتىيازىدىن قالمىغان. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى يۈكسەك مەزمۇن ۋە ئۇلۇغۋار ئىدىيەلەر ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىيولوگىيەسىنىڭ مۇھىم بىر ئىنكاسى بولغىنى ئۈچۈن ھەم ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغان ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقىدەكلا مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئىلھام ئېلىپ تۇرۇشى

① س. ئى. مالوف: «ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي تىل ۋە يېزىقىدا ئەمىر ئەلىشىر نەۋايى»، 480 ـ بەت، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئالمۇتا، پەن نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 62 ـ، 63 ـ بەتلەرگە ئېلىنغان نەقىل.

نورمال ئىش ھېسابلىناتتى. بۇ يىللاردا چوڭ تەسىر قوزغىغان ئەھمەد زىيائىي، قۇربان ئىمىن، نىمشېھىت، ل. مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، تېيىپجان ئېلىيېف قاتارلىق شائىرلار ئەلىشىر نەۋايى شېئىرلىرىدىن ئىلھام ئېلىشنى ئۆز ئىجادىي ھاياتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەرىپى قىلىشقان. ئۇلار ھەر قايسىسى ئوخشىمىغان مەۋقەدە تۇرۇپ ئۇلۇغ شائىر ئىجادىغا ياندىشقان. شائىر نىمشېھىت «خەمسە»دىكى «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدىن ئىلھاملىنىپ «مىڭئۆي ۋە فەرھاد ـ شىرىن» ناملىق داستاننى يېزىپ چىقتى. نىمشېھىت بۇ داستاننى يېزىشتا نەۋايىنىڭ شۇ ناملىق داستانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز داستانىدىكى ئاساسىي ئىدىيەنى شىنجاڭدىكى كۇچا بىلەن بايدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ ياسىلىش جەريانىدا فەرھاد ۋە شىرىنىنىڭ رول ئويناش جەريانى بىلەن باغلاپ، فەرھاد ۋە شىرىن رىۋايىتىنى قويۇق جۇڭگو، جۇملىدىن شىنجاڭ تۈسىگە ئىگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى يەنىمۇ روشەن ئىپادىلىدى. ل. مۇتەللىپ 1940 ـ يىللاردا «تەسىراتىم» ناملىق شېئىر يېزىپ، ئۇلۇغ شائىر نەۋايىغا چوڭقۇر ھۆرمىتى، «خەمسە» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە بولغان يۈكسەك ئېھتىرامى، بۇ گىگانت شائىرنىڭ تارىختىي ئورنىغا بولغان ھەققانىي باھاسىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئىزھار قىلىپ بەرگەن.

تارىخ 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى دەۋردە، جۇڭگو ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋايىنى دائىم سېغىنىپ تۇردى. 500يىلدىن بېرى، شىنجاڭ جەمئىيىتى، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ۋە ئەدىب، شائىرلىرى بىلەن ھەمىشە بىرگە ياشاپ كەلگەن نەۋايى ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ ئالتۇن قۇرلۇق بىباھا ئەسەرلىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە سېھرىي كۈچىنى ساقلاپ، ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇر خەزىنىسىنى موللاشتۇرۇش ئۈچۈن سېخىي قۇدرىتىنى تەقدىم ئەتمەكتە.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. چاغاتاي ۋە تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە بۇ خانلىقلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقان ئورنى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

2. تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن قانداق مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئۆتكەن؟ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازغان ئەدىبلەر توغرىسىدا قانداق چۈشەنچىگە كەلدىڭىز؟

3. «چىڭگىزخان قۇتادغۇ بىلىكى» قانداق ئەسەر؟

4. «قىسسەسۇل رابغۇزى»نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى قانداق؟ ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

5. «قىسسەسۇل رابغۇزى»نىڭ ئىجابىي قىممىتى ۋە سەلبىي تەسىرى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

6. رابغۇزى، ئاتايى، سەككاكىي، لۇتفىي، نەۋايىلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

7. ئاتايى، سەككاكىي، لۇتفىيلارنىڭ غەزەللىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىڭ.

8. سەككاكىي قەسىدىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

9. «دىۋانى لۇتفىي» ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.

10. نەۋايى ئەسەرلىرى قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟

11. ئەلىشىر نەۋايىنى ئىلھاملاندۇرغان ۋە مەنىۋى روھقا ئىگە قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

12. نەۋايى ئىجادىيىتىنىڭ تىپىك ئەھمىيىتى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

13. «خەزائىنۇلمەئانى»نىڭ تۈپ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي گۈزەللىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

14. «خەمسە»نىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى قانداق؟

15. «خەمسە نەۋايى»دىكى داستانلارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە «خەمسە نەۋايى» نىڭ تارىخىي قىممىتىنى بايان قىلىڭ.

16. فەرھاد، ئىسكەندەر، مەجنۇن، شېرىن، شاپۇر، دىلئارام، لەيلى، خۇسرەۋ ئوبرازلىرىنى تەھلىل قىلىڭ.

17. «خەمسە نەۋايى»دىكى بەھرام ئوبرازى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

18. «مەجالىسۇننەفائىس»، «لىسانۇتتەير»، «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ تۈپ ئىدىيەسى ۋە ئىجتىمائىي، تارىخىي قىممىتىنى بايان قىلىڭ.

19. نەۋايىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى قايسى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# 5 ـ باب ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

## §1. ئومۇمىي ئوبزور

مىلادىيە 1514 ـ يىلىدىن 1680 ـ يىلىغىچە بولغان بىر يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە، ياركەندنى مەركەز قىلىپ، شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە پامىر ئېگىزلىكىگىچە، جەنۇبتا شىزاڭ چېگراسىدىن شىمالدا تەڭرىتاغلىرىغىچە سوزۇلغان چوڭ خانلىق تىكلەندى. بۇ مەشھۇر ياركەند سەئىدىيە خانلىقى ئىدى.

ياركەند خانلىقى سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ئىسمائىل خان ئەسىرگە ئېلىنغانغا قەدەر جەمئىي ئالتە ئەۋلاد 11 خانلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 165 يىل داۋاملاشتى.

ياركەند خانلىقىنىڭ تارىخىدا سەئىد ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىد، نەۋرىسى ئابدۇكېرىم ۋە سۇلتان مەھمۇد جەسۇر، ئىستىبداتلىق، سىياسىي جەھەتتە تەرەققىيپەرۋەر ۋە تۆھپىكار چوڭ خانلار ئىدى، شۇنداقلا ياركەند خانلىقىنى قۇرغان ۋە قۇدرەت تاپقۇزغان ھۆكۈمرانلار ئىدى.

ياركەند خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ يازما ئەسەرلەر ۋە مۇزىكا باشقا ھەر قانداق دەۋردىكىدىن كۆپ بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

«12 مۇقام»نى رەتلەپ چىقىش ياركەند خانلىقى دەۋرىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇقامنى رەتلەپ چىقىش ئىشى ئەڭ بۇرۇن ياركەند خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان①. بۇ مەزگىلدە سەئىدىي، رەشىدىي، قىدىرخان، نەفىسىي، مىرزا ھەيدەر، مەھمۇد چوراس، زىلەيخا بېگىم②، ھەكىم سۇلتان ئەلى، ھىرقەتىي قاتارلىق شائىر، ئەدىب، تارىخچى ۋە ئالىملار ئۆتكەن.

سەئىدىي: تۇرپاندا تۇغۇلغان③. موغۇلىستان خانلىرىدىن ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى. 1514 ـ يىلى ياركەند خانلىقىنى قۇرۇپ، 1533 ـ يىلىغىچە خانلىق سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان، سۇلتان سەئىدخان نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. مەھمۇد چوراس «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» دە:

---

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، 317 ـ، 318 ـ، 329 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

② زىلەيخا بېگىم، شائىرە ۋە ئەدەبىي تەرجىمان، كاشغەردە تۇغۇلۇپ، قۇمۇلدا بىر مەزگىل ياشاپ، يەنە كاشغەرگە قايتىپ كېلىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. موللاخۇدابەردى خەلىفە تەخمىنەن1877 ـ يىلى يېزىپ چىققان «سىلسىلە تۇززەھەب» ناملىق كىتابىدا: «زىلەيخا بېگىم تەڭداشسىز ئىستىبدات ئىگىسى ئىدى. ئەرەبچە ۋە پارسچىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. شېئىر ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى» دەپ يېزىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ھافىز شىرازى غەزەللىرىنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلغانلىقى ئەسكەرتىلگەن.

③ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، 318 ـ بەت.

«سەئىدخان ئادىل ۋە شائىر پادىشاھ ئىدى، ئۇ پارس تىلى ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ياخشى يازاتتى» دېگەن مەلۇماتنى بەرگەن. سەئىدنىڭ بىر قانچە كۇپلېت شېئىرى «تارىخى رەشىدىي»، «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)»، «تارىخى كاشغەر» («چىڭگىزنامە» دېيىلىپ قالغان)دە ساقلىنىپ قالغان. تۆۋەندە سەئىدنىڭ ساقلىنىپ قالغان بىر قانچە پارچە شېئىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

*قايسى گۈلشەننىڭ يۈزىدەك بىر گۈلى رەئناسى بار،*
*قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.*
*ھۆر بىرلە جەننەتۇل مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،*
*يارىنىڭ كويىدا يۈز مىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.*
*لەئلىدىن خەتتى بۇدۇر ھەردەم تىرىكلىككە نىشان،*
*خۇش نىشاندۇركى ئىككى قاشىدىن تۇغراسى بار.*
*بىر سۇچۇك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھايات،*
*لەئلى جان بەخشىڭدە گوياكىم مەسىھ ئەنفاسى بار.*
*يۈزى ئۆزرە كاكۇلۇ زۇلفىن پەرىشان كۆرگىلى،*
*ئى سەئىد ئاشۇفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.*

شائىر سەئىدخاننىڭ يۇقىرىقى شېئىرلىرىدا «جانان»غا بولغان چوڭقۇر ئىشق-مۇھەببىتى ۋە كۈچلۈك ئەقىدىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ سىمۋولىستىك ئاساستا روشەن ئىپادىلەنگەن. قەدىمكى شائىرلارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدە «يار» دېگەن سۆزنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ «يار» سۆزىنى كۆپ تىلغا ئېلىشىنىڭ سەۋەبى: بىرى، «يار» سۆزى ئىسلام ئېئولوگىيەسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئەڭ مۇقەددەس دەپ قارالغان ئاللا-تەڭرىگە سىمۋول قىلىنغان. يەنە بىرى بولسا، قەدىمكى شائىرلار ئۆز ۋەتىنىنى مۇقەددەس بىلىش، ۋەتەن-ئەل تۇپرىقىنى ئۇلۇغلاش سۈپىتىدە «يار» سۆزىنى يۇرت، ۋەتەنگە سىمۋول قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مەقسەت ۋە غايىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمدى بۇلاردىن باشقا يەنە بىر خىل ئەھۋالدا «يار» سۆزى ئىشق-مۇھەببەتكىلا قارىتىلغان تەرەپلىرىمۇ خېلى كۆپ. فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر ۋە ئەينى دەۋر سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن كاشىلىلىرى تۈپەيلىدىن، يازغۇچى، شائىرلار خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ۋە ئازادلىققا تەلپۈنۈشلىرىنى، شۇنداقلا ئەركىن مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولۇش، گۈزەل ھاياتقا تەلپۈنۈش ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن «يار» سۆزىنى ئىشق-مۇھەببەتكە قارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھايات گۈزەللىكلىرىنى سۆيۈشكە بولغان چوڭقۇر ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىگەن. بۇ نۇقتىدىن بىز سەئىدخان شېئىرلىرىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېس-تۇيغۇسىنى بۇ شېئىرغا چوڭقۇر سىڭدۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر ئۆز ۋەتىنىنى گۈلشەن ئىچىدىكى گۈللەرنىڭ رەناسىغا ئوخشاتسا، ئۆزىنى شۇ گۈلنىڭ بۇلبۇلى شەيداسىغا ئوخشىتىپ، ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر ۋە ئالىيجاناب مېھىر-مۇھەببىتىنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

*ھۆر بىرلە جەننەتۇل مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،*
*يارىنىڭ كويىدا يۈز مىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.*

دېگەن مىسرالاردىمۇ ئۆز ۋەتەن تۇپرىقىدا يۈز مىڭلىغان ھۆر-پەرىلەر بار، بۇلار ئالدىدا جەننەتتىكى ھۆر-پەرىلەرنى كۆڭلۈم نە ئەيلەسۇن (قانداقمۇ تارتسۇن) دېيىش ئارقىلىق، خەلققە بولغان

كۆچلۈك مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. سەئىدىينىڭ شېئىرلىرىدىكى:

*شۈكرىلىللا ھالەتىم زاھىر بولۇپتۇ يارغە،*
*ئەمدى يار ئالدىدا ئۆزنى كۆرسەتمەي ئەغيارغە،*
*سەيىر ئۈچۈن كىرسە گۈلىستان ئىچىدە ئول سەۋرى رەۋان،*
*بەند بولسۇن سەرۋى ئازاد ئول قەدۇ رەفتارىغە*[1].

دېگەن مىسرالاردىمۇ شائىرنىڭ يۇقىرىقىدەك سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرىنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

سەئىدخان شېئىرلىرى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە باي بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ھەربىر شېئىرىدا چوڭقۇر شېئىرىي پىكىر ۋە مۇئەييەن بىر مەزمۇن تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

رەشىدىي( 1510—1560): ياركەند خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى ئابدۇرەشىدخاننىڭ تەخەللۇسى. ئۇ سەئىدخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، موغۇلىستان خانلىقىغا تەۋە ئەنجاندا تۇغۇلغان، 1533—1560 ـ يىللىرى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. مەھمۇد چۇراسىنىڭ «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» ناملىق ئەسرىدە خەۋەر بېرىلىشىچە، «ئابدۇرەشىدخان ھەربىر ئىشتا تەڭدىشى يوق ئىدى. ئىلمىي مۇسىقىدا ماھىر ئىدى. بەلكى، مۇسەننىف ئىدى»، «خۇش نەۋىس (چىرايلىق ھۆسن خەت يازغۇچى) ئىدى، فارسىي ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشتا كامىل شائىر ئىدى»[2]. رەشىدىي يەنە سەنئەتخۇمار، مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغان. موللا مۇسا سايرامىينىڭ «تارىخى ھەمىدىيە»سىدە ئېيتىلىشىچە، «ئابدۇرەشىدخان موللا، فازىل شائىر بولۇپ، فارسىي ۋە تۈركىي نەزمىلەرنى ياخشى ئېيتۇر ئىدى. ئىلمىي مۇسىقىدا گويا فىساغۇرۇس سانى (ئىككىنچى فىساغۇرۇس) ئىدى»[3].

ئابدۇرەشىدخان «رەشىدىي» تەخەللۇسى بىلەن ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا شېئىرلار يازغانلىقى مەلۇم. بۇ ھەقتە مەھمۇد چۇراس «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)»دە «ئابدۇرەشىدخاننىڭ شېئىرلىرى كۆپ ئىدى، ئەمما بۇ قىسقا تارىختا ھەربىر شېئىردىن يۈزدىن بىرى، بەلكى مىڭدىن بىرىنى يازدىم» دەپ، ئۇنىڭ پارسچە شېئىردىن ئىككى پارچىنى، ئۇيغۇرچە شېئىردىن بىر رۇبائىي، ئۈچ غەزىلىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن[4].

ئابدۇرەشىدخاننىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا توختالغاندا، پەقەت «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)»، «تارىخى كاشغەر» (چىڭگىزنامە)دە قالدۇرۇلغان بىر نەچچە غەزىلى بىلەنلا چەكلىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن مۇشۇ بىر قىسىم غەزەللىرىنىڭ مەزمۇنلىرىغا ئاساسەن، ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ھەق ـ ئادالەت، تەڭلىك ـ باراۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، چىن، ھەقىقىي پاك سۆيگۈ، ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىدا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلاردىن تاشقىرى مەخسۇس ئىجتىمائىي تېمىدىكى غەزەللەرنىمۇ يازغانلىقى شائىرنىڭ ئادالەتپەرۋەر ۋە گۇمانىزملىق قاراشقا ئىگە بىر زات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇرەشىدخان گەرچە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ۋەكىلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىكتەك ئىلغارلىقلىرى[5] ئارقىلىق تارىختىكى

---

[1] موللا مىر سالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە»، 99 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
[2] «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)»، شاپىگراف نۇسخا، 74 ـ بەت.
[3] «تارىخى ھەمىدىيە»، 125 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
[4] «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)»، شاپىگراف نۇسخا،75 ـ ، 78 ـ بەتلەر.
[5] ئا. راخمان: «يەركەن خانلىقى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 ـ يىلى 1 ـ سان.

بەزى فېئودال ھۆكۈمرانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقى قاراشلارنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە گەۋدىلەنگەن ئىدىيەۋى تېندېنسىيەدىن روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شائىر غەزەللىرىدە ئادالەت توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، دۇنيانىڭ كارى چاغلىق، تەخت ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرغان شاھلارمۇ بىر كۈنى يوقىلىدۇ، شۇڭا زالىم پادىشاھ شەددادقا ئوخشاش رەھىمسىز بولما؛ سېنىڭ قولۇڭدىكى دۇنيا ـ دۆلەت پەقەت ئىتقا تاشلاپ بەرگەن سۆڭەكچىلىكلا بىر نەرسە دەپ قارايدۇ. بۇ مەزمۇن رەشىدىينىڭ تۆۋەندىكى شېئىرلىرىدا روشەن ئەكس ئەتكەن:

*دۇنيا بىر ھۆسىن ئەھلىدەك نا مېھرىۋانى پىش ئەمەس،*
*كىمكى سۆيسە سودىدىن كۆپرەك زىيانى پىش ئەمەس.*
*دۇنيانى باقى تەسەررۇف تۇتماغىل شەددادىدەك،* [1]
*نەچە بىر ئىت كەم، دېگەندەك ئۈستىخانى پىش ئەمەس.*
*دۇنياغە پەرزەنتى ئادەمنى ئىبەرمەكتىن غەرەز،*
*قۇللۇغۇم قىلغايمۇ دەپ بىر ئىمتىھانى پىش ئەمەس.*
*سەلتەنەت تەختىدە «مەندورمەن» دېگەن ئول شاھلار*
*جان بىرۆردە بىر گادايى ناتەۋانى پىش ئەمەس.*
*ئى رەشىدىي بولماغىل مەغرۇر جاھان گۈلزارىغا،*
*قايسى گۈلشەنىنىڭ گۈلى ئاخىر غازانى پىش ئەمەس.*

شائىرنىڭ بۇ مىسرالاردا ئەكس ئەتتۈرگەن قاراشلىرى ماھىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ بېرىلگەن تەنبىھ بولۇپ، شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بەلگىلىك ئىلغارلىققا ئىگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ پانتىزىملىق قاراش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مۇئەييەن پەلسەپىۋى پىكىر ئىپادىلەنگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ياركەند خانلىقى دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك پىكىر ئېقىمىدا بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتلىرى بىر مەزگىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. جۈملىدىن ئابدۇرەشىدخانمۇ ئىدىيە جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ ھىمايىچىسى بولغان. شۇڭا ئۇچۇن ئۇنىڭ غەزەللىرى تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيەسىدىن خالىي بولالمىغان تەرەپلىرىمۇ بار.

ساقلىنىپ قېلىنغان شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، شائىر ھېچبىر ئەجىر ـ ئەقىدىسىز ئۆزىنى بىرەر ئارزۇ ـ ئارمانىنىڭ ئىشقىۋازى دەۋېلىشنى تولىمۇ بىمەنىلىك ھېسابلايدۇ. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يازغان بىر غەزىلىدە:

*ئى رەشىدىي سەن ئۆزەڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمە،*
*ئىشقىنىڭ مەيدانىدا بىر ھايۇ ھۇيى قىلمادىم.* [2]

*(ئەي رەشىدىي، سەن ئىشق يولىدا بىرەر قېتىم ئاھ ـ ھەسرەت چەكمەي تۇرۇپ ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمىگىن.)*

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

نەفىسىي (1522—1557): ئامانىنساخانىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. ئۇ تارىم بوستانلىقىنىڭ

---

[1] شەدداد ــ ئەرەبلەردە ئۆتكەن بىر زالىم پادىشاھ.

[2] «تارىخى رەشىدىي(زەيلى)» (ئابدۇرېشىت ئىسلامى تەرجىمە قىلغان)، 76 ـ بەت، شاپىگراف نۇسخا، 1961 ـ يىلى بېسىلغان، ئۈرۈمچى.

غەربىدىكى، ياركەند دەرياسى بويىدىكى بىر يېزىدا مەھمۇد دېگەن ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1533—1557 ـ يىللىرى ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى بولۇپ خان ئوردىسىدا تۇرغان. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق كىتابتا: «ئامانىسا خېنىم ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، ‹دىۋانى نەفىسىي› ناملىق شېئىردىن بىر كىتابنى يازغانىدى. خوتۇن ـ قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا ‹ئەخلاقىي جەمىلە› ناملىق بىر كىتابنى يازدى. شائىرلىق ۋە نەغمىچىلىك توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. ‹ئىشرەت ئەنگىز› ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ خانىش ئىجاد قىلغانىدى» دېگەن ئۆچۈر قالدۇرۇلغان. ئەپسۇسكى بۇ شائىرەنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرى ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم ئەمەس. نەفىسىي ياركەند خانلىق جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

**قىدىرىي** ( ?1562—): شائىر ۋە مۇغەننى بولۇپ، يۇسۇف قىدىرخان ياركەندىي نامى بىلەن ئاتالغان. مۇجىزىينىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق كىتابىدا قىدىرخاننى مۇقام پىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىن مۇقام ـ نەغمە ئۆگىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. ئۇ «ۋىسال» دېگەن بىر مۇقامنى ئىجاد قىلغان.

زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن «‹دىۋانى قىدىرىي›نىڭ مۇقەددىمىسى» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە[①]، بۇ قىدىرىي ئەمىرزادىلەر تەبىقىسىدىن بولسىمۇ، لېكىن ئاشىقلارچە ھايات كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرگەن. كۆپ ۋاقتىنى مەھبۇبىنىڭ مەي مۇھەببىتى ئىشقىدا نەغمە ـ ناۋا بىلەن ئۆتكۈزگەن. قىدىرىينىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۆزىنىڭ ياشلىق ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ، ھەر تۈرلۈك بەزمە ـ ئولتۇرۇشلاردا بولغان. بىرەر ئەھۋالغا قارىتا شېئىر يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى شاھ، شاھزادىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ۋە قولدىن ـ قولغا كۆچۈرۈلۈپ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بېيىتلىرى 2000 دىن ئارتۇق بولغان. توققۇز مۇجەللەت (توم)لۇك دىۋان تۈزگەن. قىدىرخان ئامانىساخان بىلەن بىرلىكتە «12 مۇقام» نى توپلاش ۋە رەتلەش ئىشىغا ئىشتىراك قىلغان.

**مىرزا مەھمۇد چۇراس**: ياركەند خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن تارىخچى ۋە ئەدىب مىرزا مەھمۇد چۇراسنىڭ نامى «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)»، «رەفىقۇتتالىبىن» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە مەلۇم. ئەدىب مەھمۇدنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)»[②] دە بەزى تەپسىلاتلار قالدۇرۇلغان. مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندا، مەھمۇد ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يەنى 17 ـ ئەسىردە مەزكۇر خانلىققا تەۋە مەلۇم بىر جايدا ياشىغان[③]. ئاپتورنىڭ ئىسمى مەھمۇد بولۇپ، چۇراس ئۆزى قاراشلىق قەبىلە نامىدۇر.

«تارىخى رەشىدىي (زەيلى)»دە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 13 ـ ئەسىردىن17 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي تەرەققىياتىدىكى بىر قىسىم زور سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر تەخمىنەن 1660 ـ يىللىرى ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بەگلىرىدىن بىرى ئاللايار

---

[①]بۇ كىتاب م. يۇسۇپنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1986 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرنىڭ قول يازمىسى 1985 ـ يىلى يەركەندىن تېپىلغان.

[②] زەيلى — كېيىنكىسى، داۋامى دېگەن مەنىدە. بۇ مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي» كىتابىدىن كېيىن شۇنىڭ داۋامى سۈپىتىدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكىلەر ئۇنىڭغا «زەيلى» دېگەن سۆزنى قوشقان.

[③] تارىخچىنىڭ ئەسىرىدە بايان قىلىنغان مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخان ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپپاق خوجا)نىڭ قېيىنئاكىسى بولۇپ، ئۇ 1678 ـ يىلى ئاپپاق خوجا باشلاپ كەلگەن جۇڭغار قوشۇنلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشتا ھالاك بولغان.

بەگىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن يېزىلغان.

«تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» تارىخىي ئىزچىللىقى جەھەتتىن تارىخىي كىتاب دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئەدەبىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ تارىخىي ۋەقەلەرنى ئوبرازلىق بايان قىلغانلىقى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىشتا يەنە خەلق ئارىسىغا تارقالغان رىۋايەتلەردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

«تارىخى رەشىدىي (زەيلى)» ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي سەۋىيەسىدىن مەھمۇد چۇراسنىڭ شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئاپتورنىڭ شېئىرلىرىنى ئىدىيەۋى مەزمۇن جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، شېئىرلاردا دىداكتىك خۇسۇسىيەت بىر قەدەر كۈچلۈك. ئۇ ئادالەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسىگە ئىگە كىشىلەرنى قىزغىن ھېسسىيات بىلەن مەدھىيەلەپ، مۇستەبىت، ئادالەتسىز شاھلارنى ئادىل بولۇشقا، خەلققە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ.

## §2. مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر

### 1. مۇھەممەد مىرزا ھەيدەرنىڭ ھاياتى

مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر (تۆۋەندە مىرزا ھەيدەر دېيىلىدۇ، 1500—1551) ياركەند خانلىقىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان مەشھۇر زات. ئۇنىڭ تولۇق نامى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان ئوغلى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان، ئادەتتە مۇھەممەد ھەيدەر ياكى مىرزا ھەيدەر دېيىلگەن بولۇپ، دوغلات قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان[①]. ئۇنىڭ تاغىسى سەئىد ياركەند خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى، خانلىقنىڭ ئالىي قوماندانى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇھەممەد ھەيدەر يۇقىرى مەنسەپتە بولۇپ، سەئىدخاننىڭ يېقىنى ئىدى. ئۇ مۇھىم ئىشلارغا ئارىلىشىپ كەلگەن ھەم كۆپ قېتىم لەشكەر باشلاپ ئۇرۇشقا قاتناشقان.

---

① تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىلىنىشىچە، مىرزا ھەيدەر كاشغەر ھۆكۈمدارلىرىدىن ئەمىر خۇدايداتنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى كېيىنكى چاغلاردا ھاكىمىيەت تالىشىشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن كاشغەردىن ئاقسۇغا كۆچۈپ كەلگەن. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئوغلى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان (كۈيئوغۇل) بىلەن يۇنۇسخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەھمۇدخان ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، ئۇ مەھمۇدخاننىڭ قىرىندىشى خۇبنىگار خانىمغا ئۆيلەنگەن ۋە كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. مىلادىيە 1495-يىلى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئۆرەتۆپە(ھازىرقى تاشكەنت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا)نى باشقۇرۇش ھەققىدىكى پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئايالى خۇبنىگار خانىم (مىرزا ھەيدەرنىڭ ئانىسى) بىلەن ئۆرەتۆپىگە بارغان، ئاندىن تاشكەنتتە بىر نەچچە يىل ياشىغان. شۇ مەزگىلدە، يەنى مىلادىيە 1499-يىلى مىرزا ھەيدەر تۇغۇلغان. مىرزا ھەيدەر مىلادىيە 1512—1513-يىللىرى ئەنجانغا—سەئىدخاننىڭ يېنىغا بارغان. مىلادىيە 1514-يىلى مىرزا ھەيدەر سەئىدخان بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ ئەسلىي يۇرتى كاشغەرگە يۈرۈش قىلغان ۋە مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش جەڭلىرىگە قاتناشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى مىلادىيە 1533-يىلى سەئىدخان ۋاپات بولغىچە بولغانغا قەدەر ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ساھەسىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مىرزا ھەيدەر سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن بەدەخشانغا چېقىپ كەتكەن. ئۇ يەردىن كابۇل-كامران مىرزا سارىيىغا بارغان، ئۇ يەردىن يەنە ئەگرە-ھۇمايۇن مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن كەشمىرگە يۈرۈش قىلىپ، مىلادىيە 1541-يىلى كەشمىرنى ئىشغال قىلغان. شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ تاكى 1551-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كەشمىرنى ئىدارە قىلغان. («تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە يېزىلغان «كىرىش سۆز»دىن، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، مۇھەممەدتۇردى مىرزا ئەھمەد تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى).

ئابدۇرەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، خانلىق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بۇ جەمەتتىكىلەرنى باستۇرغان. بۇنىڭ بىلەن مىرزا ھەيدەر ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. كېيىن كەشمىرگە بارغان. «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابىنى كەشمىردە پارس تىلىدا يېزىپ چىققان[1]. ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئىككىنچى كىتابىنىڭ ئاخىرىدا: «بۇ ‹تارىخى رەشىدىي› ھىجرىيە 952-يىلى ئوبدان شەھەر بولغان كەشمىردە (خۇدا بۇ شەھەرنى ئاپەت ۋە پېشكەللىكتىن ساقلىغاي) دوستلارىن مىرزا ھەيدەر كۆرەگان دەپ مەشھۇر بولغان مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان ئوغلى مۇھەممەد ھەيدەر تەرىپىدىن ئۇنىڭ كەشمىر تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنىڭ بەشىنچى يىلى تاماملاندى» دەپ كۆرسىتىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئاپتور «تارىخى رەشىدىي»نى 1542—1546-يىللىرى ئىچىدە يېزىپ پۈتتۈرگەن. مىرزا ھەيدەر كۆرەگان 1541-يىلىدىن 1551-يىلىغىچە كەشمىردە ئالاھىدە بىر ھۆكۈمەت تىكلەپ تۇرۇپ قالغان. 1551-يىل 1-ئاينىڭ 9-كۈنى كەشمىرگە تەۋە بىربال دېگەن جايدا توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدىن باشقا يەنە بىر داستانى بار بولغان. بۇ ھەقتە مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھەيدەر مىرزىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چاغاتاي تۈركچىسى بىلەن نەزم شەكلىدە يازغان ‹جاھاننامە› ناملىق ئەسىرى بولۇپ، بىر ھىندى ھېكايىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار مۇھىتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ يېزىلغان راۋان ئاداپتاسىيون (يەرلىك ئۇسۇلغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىش) دىن ئىبارەت 125 بەتلىك بۇ ئەسەرنىڭ بىر قول يازما نۇسخىسى پىرۇسسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مۇئەللىپىنىڭ تولىمۇ قابىلىيەتلىك بىر شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بۇ ئەسەرنىڭ خاتىمىسى 1533-يىلى 11-ئايدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كاشغەر ھۆكۈمدارى سەئىدخان بىلەن بىرلىكتە 1528-يىلى قىشتا ناھايىتى ناچار شارائىتتا تىبەت ۋە بەدەخشان سەپەرلىرىدە بولۇۋاتقان چاغدا قارلار ئارىسىدا بەدەخشاننىڭ قەلئەئى زەپەر قەلئەسىدە قامىلىپ قالغان ۋاقتىدا يېزىلغانىدى»[2].

مىرزا ھەيدەر يالغۇز دۆلەت ئەربابى، ھەربىي قوماندان ۋە تارىخشۇناس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماھىر ناتىق ئىكەن. ئۇنىڭ يۈكسەك ئىقتىدار ۋە ئالىيجاناب سۈپەتلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى يادلىنىپ كېلىنگەن، بۇنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ياركەندلىك شائىر ئابدۇغەففارنىڭ ھىجرىيە 1274-(مىلادىيە 1857—1858-) يىلى يازغان «خەيرۇل كەلام» ناملىق بىر شېئىرىدىكى مۇنۇ قۇرلارنى مىسال قىلىمىز:

*رىۋايەت قىلۇرلاركى ھەيدەر ئەمىر،*
*بار ئىردى فەراسەتتىن مىھتەر ئەمىر.*
*ئۆزى ياركەنددىيۇ دەنا ئىدى،*
*فەساھەت بالاغەتتە گويا ئىدى.*
*ھەم ئىردى جەۋەن مەردى ئەھلى زەمىن،*
*كى خۇشخۇيۇ خۇيگۇي شىرىن سۆخەن.*[3]

---

[1] «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، 372-، 328-بەتلەر. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992-يىلى نەشرى.

[2] يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خوتەندىن «دىۋانى ئايازى» ناملىق بىر توپلام بايقىلىپ، «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1996-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىندى. بۇ توپلامنىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر بولسا كېرەك دېيىلمەكتە.

[3] «بۇلاق» ژۇرنىلى 1995-يىللىق 3-سان، 62-بەت.

## 2. «تارىخى رەشىدى»

1. «تارىخى رەشىدى» ھەققىدە بايانچە

مىرزا ھەيدەر كەشمىردە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە مەشھۇر ئەسەر «تارىخى رەشىدى»نى يېزىپ چىقتى. بۇ «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە بىر قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلاندى.» (لىيۇ جىشاۋ)

ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مۇددىئاسى بىرىنچى كىتابنىڭ بېشىدىلا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد ھەيدەركى ئادەملەر ئارىسىدا مىرزا ھەيدەر دەپ تونۇلغان. مەن تارىخ يېزىشقا كىرىشتىم. سەۋەب (ھىجرىيە)951ـ (مىلادىيە 1542ـ) يىلى بولغان بۇگۈنكى كۈندە بۇ ھېكايىلەرنى يادىدا تۇتقان بىرەر كىشى قالماپتۇ». ئاپتور شەرقىي ۋە غەربىي موغۇل چاغاتاي خانلىرىنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۇ بۇ پىكرىنى بىرىنچى كىتابنىڭ بېشىدىلا تۆمۈرىيلەر دەۋرىنىڭ تارىخچىسى شەرىپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە»سىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «موغۇل خانلىرىنىڭ زىكرى چىڭگىزخاندىن تۇغلۇق تۆمۈرخانغىچە تارىخلاردا يېزىلغان، ئەمما تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن كېيىنكى خانلارنىڭ ھالى شەرھ قىلىنغان ئەمەس. بەلكى ھەر جايدا سۆز سۇرۇشتۇرۇلسە، خانلار ئەھۋالىغا توختالغاندا تەرتىپكە لايىق يېزىلمىغان. شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ تارىخنى تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن باشلىدىم. چۈنكى تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن ئاۋۋالقىلىرى يېزىپ قالدۇرۇلغان.» مىرزا ھەيدەر ئۆزى ئېيتىپ ئۆتكەندەك، كىتابىنى شىنجاڭدا چاغاتاي خانلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ھاكىمىيەتكە چىقىشىدىن (1348) باشلايدۇ. ئۇ بۇنى شىنجاڭدا ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخاننىڭ پائالىيىتى، ھىندىستاندا موغۇل ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان بابۇر شاھ بىلەن سەئىدخاننىڭ شەخسىي مۇناسىۋىتى، جۈملىدىن بۇ چاغدىكى ماۋرائۇننەھردە شەيبانىخاننى ئىسمايىل شاھنىڭ ئۆلتۈرۈشى، سەئىدخاننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىگىلەپ تۇرغان ئابابەكرى مىرزا ھاكىمىيىتىنى تارمار قىلىپ ياركەند خانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكى، ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن ئۇچرىشىپ تىنچلىق يولى بىلەن پۈتۈن ياركەند خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى، ياركەند خانلىقىنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەمدە بابۇرشاھ دۆلىتى بىلەن مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ۋە ئەڭ ئاخىرى سەئىدخاننىڭ ئىشانلارغا مۇرت بولۇپ تىبەتكە يۈرۈش قىلىپ قايتىشىدا يولدا ۋاپات بولۇشى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پۈرسەتپەرەس ئەلى تاغاينىڭ ئوردىدا ئۆزگىرىش قىلىش سۇيىقەستىنىڭ پاش بولۇپ قېلىپ قېچىشى ۋە ھالاك بولۇشى، ئەڭ ئاخىرى ھەيدەر مىرزىنىڭ تىبەتتىن قايتىپ ئامالسىز بەدەخشان ئارقىلىق ھىندىستانغا — بابۇر شاھ ئوغۇللىرى يېنىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشى ۋە 400 ئەسكەر بىلەن كەشمىرنى ئىشغال قىلىپ ئۇ يەردە سەلتەنەت سۈرۈشى قاتارلىق تارىختا «ئاق قالغان» ئىككى ئەسىرلىك جەرياندىكى ئىشلارنى يېزىپ چىقىپ، ئىككى يۈز يىللىق بوشلۇقنى تولدۇرۇشتەك شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىنى بېجىرىدۇ.

كىتاب ۋەقەلىك جەھەتتىن ئەينى زاماننىڭ خۇددى ئاپتور ئېيتقاندەك «تەزكىرە زەنجىرلىرى ئۈزۈلمەي بىرـ بىرىگە باغلانغان» تەپسىلىي تارىخى بولسىمۇ، تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈش تىلى جەھەتتىن خۇددى «بابۇرنامە»دەك ئەسەر بولۇپ، بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە ياركەند خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات تارىخىدا قىممەتلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

«تارىخى رەشىدى»نى بەدىئىي ئەسەر دەپ قارىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ ئىككى ئەسىرلىك ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىككى توملۇق داستانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇ خۇددى شەرق داستانچىلىقىدەك ۋەقەلەر بايانى جەريانىدا ۋەقەلىككە بولغان ئۆز كۆز قارىشىنى شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ. نەسرىي بايانلىرىدىمۇ ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان نەسرىي شېئىرىي تىل ئىشلىتىلگەن ئورۇنلار ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: «تەدبىرنىڭ پايدىسى قىلىچ بىلەن ئوقنىڭ پايدىسىدىن ئارتۇقراقتۇر. تىغنىڭ تىلى گەرچە تېز بولسىمۇ، ‹فەنىە موبىن›(روشەن فەنىە) نىشانىسىنى مەھكەم تەدبىردىن تاپقىلى بولىدۇ. نەيزە مەيدان ئايۋانلىرىدا ھەر قانچە شەمشەردەك يالتىرىسىمۇ، ئۇنىڭ غەلىبىسى توغرا تەدبىر شولىسى بولۇپ يورۇق بېرىدۇ. شەمشەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئەگەر تۈز پىكىرنىڭ رەھبەرلىكىدە بولسا، ئۇنىڭ قوبۇلى دۈشمەن گەدىنىگە چۈشىدۇ. ئوقنىڭ سالامى ئەگەر تەقدىر بىلەن بولسا، دۈشمەن يۈرىكىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بەخت روشەنلىكى جەڭ مەيدانى توزانلىرىدىن ئارتىدۇ. مەئرىكە قاراڭغۇلۇقتا يورۇق تەدبىر قولىنى تۇتىدۇ.

*تەدبىر زامانىسىدا بىر ياخشى پىكىر دەل،*

*قوم دېڭىزىدەك مىڭ سۇفاھىدىن ئەۋزەل.* »

يۇقىرىقى پارچىنى ئەلۋەتتە بەدىئىي ئەسەر دېمەي بولمايدۇ. ئۇنىڭدا تەدبىرنىڭ جەڭدىكى رولى بىر پارچە بەدىئىي سۈرەتتەك كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. ئەسەردە باشتىن ـ ئاخىر تەكرارلانغان ئەنە شۇنداق ھالەتلەر بۇ ئەسەرگە گۈزەل بەدىئىي تۈس بېرىپ ئۇنى ئەدەبىي ئەسەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئالدى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ياركەند خانلىقى جەمئىيىتىنىڭ سىنىپىي قاتلاملىرى بايان قىلىنىدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى كاشغەرنىڭ باغۋەنچىلىك ئادەتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. كېيىن سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ ھەم سەئىدخاننىڭ كاشغەر ھۆكۈمرانى ئابابەكرى مىرزا ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «سۇلتان سەئىدخان ئۈچما راۋان دۆڭىدىن لەشكەر بىلەن كاشغەرگە سەپەر قىلدى. بېيت:

*قوشۇن بولدى تۇسۇچى جەھان،*

*ئاتنى مىنىپ بولدى دەشتكە رەۋان.*

*ياغى قەستىدە باغلادى بېلىنى،*

*ئۆچ ئالماسلەر تىز قىلىپ نەيزىنى.*

*خېچىرنە ئۇلاغ تا ۋىسقىلە بۇ تەڭرى چۆل،*

*زەمىن ئالتە ۋە سەككىز بولدى ئاسمان.*

*(زېمىنىم ئالتە، ئاسمان سەككىز بولدى ئول)*

سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرىنى يىراقتىن كۆرۈپ 15 مىڭ كىشى دەپ قىياس قىلدى. قىياسى توغرا چىقتى.

*كىمكى ۋەھىمە بىرلە لەشكەر سانار،*

*بىرى يۈز، يۈزى مىڭ بولۇپ تۇيۇلار*».

بۇ يەردە ئۆز دۈشمىنىنىڭ كۈچىگە نىسبەتەن سەئىدخان مۆلچەرىنىڭ تەمكىن، توغرا ئىكەنلىكى سۈرەتلىنىدۇ.

سەئىدخان بارگاھلىرىنى قۇرۇپ تۇمەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئابابەكرىنىڭ كاشغەردىكى قورغىنىغا رازۋېدكا ئەۋەتىپ، ئېلىنغان مەلۇماتلارنى قوماندانلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىدۇ. ئۇنىڭ خۇلاسىسىنى سەئىدخان ئاغزىدىن بىرلا بېيىتكە ئىخچاملاپ مۇنداق بېرىدۇ:

*چېرىكى بىپايان قۇمدىن تولا،*
*كېمىسى نىھان قان دېڭىز ئارا.*

مانا بۇ باتۇر قوماندان سەئىدخاننىڭ ئۇرۇش ئالدىدىكى توغرا مۆلچەرى، ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ئىدى.

ئىككىنچى كىتابنىڭ قالغان قىسمىدا، سەئىدخاننىڭ تىبەتكە يۈرۈش قىلىشى، تىبەتنىڭ جۇغراپىيەسى، تەبىئىي بايلىقى، تىبەت خەلقىنىڭ ئېتنوگرافىيەسى، خاننىڭ تىبەت تاغلىرىدا ئىس تېگىپ ۋاپات بولۇشى، ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيەتكە چىقىش ئالدىدىكى ئەمىر ئەلى تاغاينىڭ سۇيىقەستى، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە تۇغۇلغان قانلىق ۋەقەلەر، ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيەتكە چىقىش جەريانىدىكى كۈرەشلەر، مىرزا ھەيدەرنىڭ تىبەتتىكى ھەربىي پائالىيىتى، بەدەخشان ئارقىلىق كابۇلغا ھۇمايۇن ئالدىغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن كەشمىرنى بېسىۋالغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر ھەم تارىخىي، ھەم بەدىئىي يول بىلەن بايان قىلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ دۇنياقارىشىدا سوپىزم تەرىقىتى خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېقىپ كەلگەن خوجا ئەۋلادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ «پەزىلەت»لىرى ئۈچۈن پۈتۈن باب ئاجرىتىپ تەسۋىرلەنگەن ۋە مەدھىيەلەنگەن. ئەمما مىرزا ھەيدەر تارىخىي ۋەقەلىكنى بايان قىلىشتا ئۆز دەۋرىنىڭ رېئالىستى ئىدى. ئۇنىڭ پىرىنسىپى «تارىخچىلار ئادىتى بويىچە تەزكىرە زەنجىرىنى ئۈزمەستىن قانچىلىك ئېيتىشقا لايىق بولسا شۇنچىلىك سۆزلەش ۋە قانداق بولسا شۇنداق شەرھلەپ ئۆتۈشتۇر». ئۇ بۇ پىرىنسىپقا باشتىن ـ ئاخىر شەخسىي غەرەز ئارىلاشتۇرماي ئىزچىل ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىدېئالىستىك دۇنيا قاراش — بۇرمىلىغان سوپىزم ئۇيۇقىنى يېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىككى ئەسىرلىك تارىخىنى تەپسىلىي ۋە رېئال بايان قىلىپ تارىخقا زور ھەسسە قوشتى[1]. ئاپتور تىلىدىكى ئەدەبىي بوياق ئوبرازلىق بەدىئىي ئەسەردەك كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ ئەمىر تۆمۈرنىڭ لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ساھىبقىران قۇتۇپقا ئوخشاش مەركەزدە تۇرۇپ ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنگە قارىتىپ ئېغىر قولىنى يېنىك قىلىپ ئوق تامانىغا قول ئۇزاتتى، چەپ قولىنى ئەلف[2]، ئوڭ قولىنى دال[3] قىلدى». بۇ تەسۋىر بەدىئىي رومانلارنىڭ تىلىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ.

ئۇ ئەمىر تۆمۈر لەشكەرلىرىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

*تاڭ لەيلى ئېرىق بويىغا تارتتى لەشكەرلىرىنى،*
*تەييارلىدى سوقۇشۇش ئۈچۈن ھەممە قوراللىرىنى.*
*گۈلدىن سۇپەت ياساپ، باشاق قىلدى غۇنچىنى،*
*سۆدىن زىرە، تىكەندىن ئوق بىرلە نەيزىنى.*

جەڭ مەنزىرىسى:

*زامانە خۇلقى پۇر بولدى نەققارە ساداسىدىن*
*چىقاردىلەر ئەدەۋات شەمشىرىنى ئۆز غىلابىدىن.*
*سەن ئەتتىڭكى چاچتىلار ئۇلار ئالماس ـ مارجانىنى،*

---

[1] شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى»، 1 ـ كىتاب، 123 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى.

[2] «ئەلف» ئەرەبچىدىكى «ا» ھەرپىنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

[3] «دال» ئەرەبچىدىكى «د» ھەرپىنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

*ئەمەس مارجانكى ھەممىسلا چاچتى دۇشمەنلىكتە ئۆز قاننى.*

بۇ كىتابتا ئىنساننىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى تەسۋىر ۋە لىرىك چېكىنىشلەرنى ئىپادىلەشتە خىلمۇخىل باي ۋە گۈزەل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغان.

«تارىخى رەشىدىي»دىكى يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەر ئەسلىي تارىخىي ئەسەر سۈپىتىدە قارىلىۋاتقان بۇ ئەسەرگە بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى مۇنبىرىگە چىقىرىپ، بۇ جەھەتتىنمۇ شەرەپلىك ئورۇنغا ۋە ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە قىلدى.

2. «تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلار ھەققىدە[1]

«تارىخى رەشىدىي»[2] نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىدىن قارىغىنىمىزدا، ئۇ ئىككى ئەسىرلىك تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىككى توملۇق، چوڭ ھەجىملىك داستانغا، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان تارىخىي رومانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئەسەردە ئاپتور شەرق داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئوخشاش، ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىش جەريانىدا شۇ ۋەقەلەرگە بولغان ئۆز كۆزقارىشىنى تۈرلۈك شەكىلدىكى شېئىرىي پارچىلاردىن پايدىلىنىپ قىسقا، ئىخچام ئىپادىلىگەن ۋە شۇ ۋەقەلەرگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا پەند-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى پەلسەپىۋى ئەقلىي يەكۈنلەرنى چىقارغان. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى بۈگۈنكى زامان رومانلىرىغا ئوخشاش باب، ماۋزۇلارغا بۆلۈپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغان. بايان، تەسۋىر، چۈشەندۈرۈش، مۇھاكىمە قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ئوخشىتىش، سىلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش، ئېغىمىزىم، نەقىل كەلتۈرۈش قاتارلىق تۈرلۈك بەدىئىي ۋاستىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى گۈزەل بەدىئىي تىل بىلەن ناھايىتى جانلىق بايان قىلىپ بەرگەن.

ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇكەممەل، ياخشى بولغان بەدىئىي شەكىل ياكى قۇرۇلما مەزمۇننى تولۇق، چوڭقۇر، جانلىق ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، مەزمۇن ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەن، ئەگەر مۇۋاپىق شەكىل بىلەن ئىپادىلەنمىسە، ئۇنداقتا بۇ مەزمۇن يەنىلا چۈۋالچاق بولۇپ قالىدۇ. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا خاس بولغان نەسرىي شەكىل بىلەن شېئىرىي شەكىلنى گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىشتەك بەدىئىي شەكىلنى تاللىۋالغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن ئاساسلىق تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى، بىر قىسىم رايونلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيىتى قاتارلىق ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغۇچى قىسىملارنى نەسرىي شەكىل بىلەن ئىپادىلىگەن. ئەگەر «تارىخى رەشىدىي»دىكى بەزى ئايرىم مىسرالارنىمۇ بىر شېئىرىي پارچە دەپ قارىساق، ئۇنداقتا پۈتۈن ئەسەردە 543 شېئىرىي پارچە بار. بۇنىڭ ئىچىدە نەزم دېيىلگەن شېئىرىي پارچىلار 284 پارچە 645 بېيىت، بېيىت دېيىلگەن شېئىرىي پارچىلار 128 پارچە 168 بېيىت، مىسرالار 48، رۇبائىيلار 57 پارچە، مەسنەۋى 7پارچە 18 بېيىت، غەزەل 2 پارچە 9 بېيىت، قىتئە 3پارچە 7 بېيىت، مەتلەئ 4 پارچە 4 بېيىت،

---

[1] بۇ ماۋزۇنى ماگىستىر ئابدۇكېرىم ئابدۇغېنى تەييارلىغان.

[2] مۇھەممەدتۇردى مىرزائەھمەد تەرجىمە قىلىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2007-يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخا ئاساس قىلىندى.

مۇئەممما 1 پارچە 1 بېيت، ھېكايەت 2 پارچە 18 بېيت، مۇناجان 1پارچە 2 بېيت. ئەگەر ھەممىنى بېيتتقا سۇندۇرۇپ ھېسابلىساق جەمئىي 1050 بېيت شېئىر بولىدۇ.

«تارىخى رەشىدىي»دىكى 543 شېئىرىي پارچە ئىچىدە 313 پارچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئۆز قەلىمىگە تەئەللۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە رۇبائىي 16، مەسنەۋى 3، قىتئە 1، غەزەل 2 (نەزم دېيىلگەن)، نەزم، بېيت، مىسرالار 292 پارچە. ئاپتور مىرزا ھەيدەر نەسرىي قىسىملارنىڭ مۇناسىپ جايلىرىغا قىسقا ھەجىمدىكى شېئىرىي پارچىلارنى قىستۇرۇپ، نەسرىي قىسىملاردا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر، ئۇرۇش، جەڭلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىش جەريانلىرى، جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇقلىرى، شەخسلەرنىڭ مەلۇم كونكرېت ئىش-پائالىيىتى ۋە مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى شېئىرىي تىل بىلەن ناھايىتى ئوبرازلىق، ئىخچام ئىپادىلىگەن. شۇ ئارقىلىق نەسرىي قىسىملاردىكى بىر قىسىم تەپسىلاتلارنىڭ تېخىمۇ كونكرېت، ئىخچام، جانلىق ئىپادىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان. ئۆزىنىڭ تۇرلۇك ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە بولغان كۆزقاراشلىرىنى، باھاسىنى، ھەربىي تاكتىكا، جەڭ قىلىش سەنئىتى ھەققىدىكى ئىدىيەلىرىنى يىغىنچاق ھالدا ئىپادىلىگەن. بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە باغلىنغان ئاساستا پەند-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى پەلسەپىۋى ئەقلىي يەكۇنلەرنى چىقارغان. ئەينى دەۋردە ئۆتكەن بەزى مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى قىستۇرما قىلىپ، شۇ شائىرلارنىڭ بەدىئىي ئىستېداتى، تالانتىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. «تارىخى رەشىدىي»دە ئاساسلىق مەزمۇن نەسرىي يول بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، شېئىرىي پارچىلارنىڭ رولىنىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئاپتور نەسرىي شەكىل بىلەن بىر ھەتتا بىرقانچە ئابزاس بىلەن ئىپادىلىنگىلى بولىدىغان مەزمۇننى شېئىرىي يول بىلەن ناھايىتى ئىخچام ئىپادىلەپ، ئاددىي، يىغىنچاق شەكىل بىلەن كەڭ، چوڭقۇر مەزمۇننى ئىپادىلەشتەك بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. بىز «تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلاردىن ئاپتورنىڭ دۇنياقارىشى، ھەربىي، ئەخلاق، تۇرمۇش قاراشلىرى ۋە ئەينى دەۋردىكى بىر قىسىم شائىرلارنىڭ ئىجادىي ھاياتى ھەققىدىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

«تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلارنىڭ ئاپتورى ئوخشاش ئەمەس، سان جەھەتتىن كۆپ، شەكىل جەھەتتىن ھەرخىل بولۇپ، خېلى كۆپ قىسىم شېئىرىي پارچىلارنى ئايرىم مۇستەقىل شېئىر سۈپىتىدە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلارنىڭ شەكلى، مەزمۇنى، رولى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش «تارىخى رەشىدىي» تەتقىقاتىدىكى ئەھمىيەتلىك خىزمەت.

ئاپتور «تارىخى رەشىدىي»دە شېئىرىي پارچىلارنى نەزم، بېيت، مىسرا دېگەندەك ئەسكەرتمىلەر بىلەن قىستۇرغان. لېكىن بۇ يەردىكى نەزم ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپ قىسمى كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئايرىم بىر شېئىرىي شەكىلنى بىلدۈرىدىغان نەزمدىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى «تارىخى رەشىدىي»دە بىر قىسىم رۇبائىي، غەزەللەرمۇ نەزم، بېيت دېگەن ئىلاۋىلەر بىلەن بېرىلگەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى «نەزم»، «بېيت»لار شېئىرىي بۆلەك، شېئىرىي پارچە دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان. شۇڭلاشقا بىز شېئىرىي پارچىلارنى ئىستاتىستىكىلىغان ۋاقىتتا ئومۇمىي جەھەتتىن ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسىگە ھۆرمەت قىلىپ، شۇ بويىچە ئالدۇق، يەنە ئايرىم بىر قىسىم ئەھۋاللار تىرناق ئىچىدە ئەسكەرتىلدى.

(1) موللا مۇھەممەد نىيازغا تەئەللۇق شېئىرىي پارچىلار

موللا مۇھەممەد نىياز «تارىخى رەشىدىي»نى تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان

كىشى بولۇپ، ئۇ ئۆز تەرجىمىسىگە بىر مۇقەددىمە قوشقان. بۇ مۇقەددىمىدىكى 8 پارچە رۇبائىي، 9 پارچە 152 بېيىت نەزم موللا مۇھەممەد نىيازغا تەۋە. يەنە «تارىخى رەشىدىي»نىڭ 172 بېتىدە موللا مۇھەممەد نىيازنىڭ ئەمىر خۇدايدادنىڭ ھەج سەپىرىدىن تەسىرلىنىپ يازغان 1 پارچە 100 بېيىتلىق نەزمى قىستۇرۇلغان. دېمەك، موللا مۇھەممەد نىيازغا تەئەللۇق جەمئىي شېئىر 18 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە رۇبائىي 8 پارچە، نەزم 10 پارچە 252 بېيىت.

(2) شەرىفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ قەلىمىگە تەئەللۇق شېئىرىي پارچىلار

ئاپتور «تارىخى رەشىدىي»(1-قىسىم)نىڭ 4-، 5-، 6-، 7-، 9-، 10-، 11-، 12-، 13-، 14-، 15-، 16-، 17-، 18-، 19-، 20-، 21-، 22-، 23-، 24-، 26-بابلىرىنى «زەپەرنامە»دىن ئۆز ئەينەن نەقىل ئالغان بولۇپ، بۇ بابلاردىكى 89 پارچە 140 بېيىت نەزم (70-، 78-، 91-، 92-، 113-بەتلەردىكى 5 بېيىت شېئىر ئىلاۋىسىز بېرىلگەن، بىز بۇ 5 بېيىتنى نەزم دەپ ھېسابلىدۇق)، مىسرا 10 (89-بەتتىكى 2 مىسرا، 80-بەتتىكى 1 مىسرا ئىلاۋىدە نەزم دېيىلگەن، لېكىن بىز مىسرا دەپ ئالدۇق)، يەنە «تارىخى رەشىدىي»نىڭ 180-بېتىدىكى 1 مەتلەئ (ئىلاۋىدە نەزم دېيىلگەن)، 641-بەتتىكى 2 پارچە 3 بېيىت نەزم، 969-بەتتىكى 1 پارچە رۇبائىي، 1019-بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت نەزم قاتارلىقلار شەرىفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ. ئومۇملاشتۇرغاندا، «تارىخى رەشىدىي»دىكى شەرىفىددىن ئەلى يەزدىگە مەنسۇپ شېئىرىي پارچىلار 104 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نەزم 92 پارچە 145 بېيىت، مىسرا 10، مەتلەئ 1، رۇبائىي 1.

(3) سۇلتان سەئىدخان ئىجادىيىتىگە مەنسۇپلىرى

«تارىخى رەشىدىي»دە ئاپتور سەئىدخاننىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە شېئىرىيەتتىكى تالانتىنى بايان قىلىۋېتىپ، مىسال سۈپىتىدە (294-بەتتە) 3 پارچە 9 بېيىت شېئىرىنى بەرگەن(نەزم دېيىلگەن)، بۇنىڭ بىرىنچى پارچىسى سەئىدخاننىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەشھۇر غەزىلىدىن ئېلىنغان 3 بېيىتتىن ئىبارەت. 295-بەتتە يەنە سەئىدخاننىڭ «دىۋانى خاجە ھەسەن» ناملىق دىۋانىدىكى بىر غەزەلنىڭ مەتلەئىگە يازغان 1 بېيىت بەدىھەسى (نەزم دېيىلگەن) بېرىلگەن.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ باشقا بابلىرىدىمۇ سەئىدخانغا مەنسۇپ شېئىرلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، 717-، 718-بەتتىكى 3 بېيىت، 753-بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت نەزم، 805-، 806-بەتتىكى 2 پارچە 3 بېيىت نەزم، 862-بەتتىكى 1 پارچە 1 بېيىت نەزم، 904-بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت نەزم، 950-، 951-بەتتىكى 2 پارچە 2 بېيىت نەزم، 1004-بەتتىكى 1 رۇبائىي قاتارلىقلارمۇ سەئىدخان قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ، جەمئىي 15 پارچە، نەزم 11 پارچە 20 بېيىت، بېيىت 3 پارچە 3 بېيىت، رۇبائىي1.

(4) ئەلىشىر نەۋايىغا مەنسۇپلىرى

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا زامانىدا خۇراسان رايونىدا ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنى تونۇشتۇرىدۇ. ئاپتور ئەلىشىر نەۋايىنى ئەنە شۇ مەشھۇر شائىرلار قاتارىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ھاياتى، كېلىپ چىقىشى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن. «تارىخى رەشىدىي»دە نەۋايىنىڭ قەلىمىگە تەئەللۇق شېئىرىي پارچىلار كۆپ ئەمەس، پەقەتلا 1 رۇبائىي (430-بەت، ئىلاۋىدە نەزم دېيىلگەن)، 2 مەتلەئدىن ئىبارەت (436-، 437-بەتلەر). ئەسلىدە بۇ مەتلەئنىڭ بىرىنى مەۋلانا ساھىبىي، يەنە بىرىنى مەۋلانا لۇتفىي ئېيتقان بولۇپ، نەۋايى شۇ شائىرلارنىڭ رۇخسىتى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ غەزەل يازغان ۋە ئۆز دىۋانىغا كىرگۈزگەن. شۇنداق بولغاندا بۇ 2 مەتلەئنى ھەم نەۋايىغا، ھەم

ساھىبى، لۇتفىيغا مەنسۇپ دېيىشكە بولىدۇ.

(5) ئابدۇراخمان جامىيغا مەنسۇپ شېئىرىي پارچىلار

ئابدۇراخمان جامىي نەۋايى بىلەن زامانداش ئۆتكەن پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى بولۇپ، مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە جامىينى خۇراسان رايونىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر شائىر دەپ ئالاھىدە تىلغا ئالغان ۋە 1 پارچە 5 بېيىتلىق غەزىلىنى مىسال سۈپىتىدە بەرگەن (428 ـ بەت). يەنە 368 ـ بەتتىكى 1 پارچە 19 بېيىتلىق نەزم، 407 ـ بەتتىكى 1 مەتلەئ، 410 ـ بەتتىكى 1 مەتلەئ (نەزم دېيىلگەن)، 871 ـ بەتتىكى 1 رۇبائىي، 872 ـ بەتتىكى 3 پارچە 3 بېيىت، 879 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىتلىق نەزم، 903 ـ بەتتىكى 1 پارچە 4 بېيىتلىق غەزەل قاتارلىقلارمۇ جامىي قەلىمىگە مەنسۇپ. ئومۇملاشتۇرغاندا، «تارىخى رەشىدىي»دە جامىيغا تەئەللۇق شېئىرىي پارچىلار جەمئىي 10 پارچە، غەزەل 2 پارچە 9 بېيىت، نەزم 2 پارچە 21 بېيىت، مەتلەئ 2 پارچە 2 بېيىت، رۇبائىي 1، بېيىت 3 پارچە 3 بېيىت.

(6) شىھابىددىن مەھمۇدقا تەۋە شېئىرىي پارچىلار

مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە بۇ كىشىنى ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن دېگەن نام بىلەن ناھايىتى كۆپ تىلغا ئالىدۇ. شىھابىددىن مەھمۇد سوپىزمنىڭ نەقشبەندىيە تەرىقىتىدىكى داڭلىق تەرىقەتچى بولۇپ، سەئىدخان مۇشۇ كىشىگە مۇرت بولۇپ تەرىقەت يولىغا ماڭغان. مىرزا ھەيدەرمۇ سەئىدخانغا ئەگىشىپ كۆپ قېتىم بۇ كىشىنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولغان ھەمدە شىھابىددىن مەھمۇدنى ناھايىتى ئەزىز بىلىپ، ئۇنىڭ بىرقانچە دىنىي رىسالىسىنى ئەسلىي بويىچە «تارىخى رەشىدىي»گە كىرگۈزگەن. مۇشۇ رىسالىلەردىكى كۆپ قىسىم شېئىرىي پارچىلار شىھابىددىن مەھمۇدقا تەۋە. تەپسىلاتى تۆۋەندىكىدەك:

880 ـ ، 881 ـ بەتتىكى 3 پارچە 4 بېيىت نەزم، 883 ـ بەتتىكى 1 پارچە 1 بېيىت نەزم، 885 ـ بەتتىكى 2 پارچە 2 بېيىت نەزم، 902 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت مەسنەۋى، 903 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت نەزم، 912 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت نەزم، 880 ـ ، 881 ـ بەتتىكى 2 پارچە 2 بېيىت، 885 ـ بەتتىكى 1 بېيىت، 888 ـ بەتتىكى 1 بېيىت، 890 ـ بەتتىكى 4 پارچە 5 بېيىت، 909 ـ بەتتىكى 1 بېيىت، جەمئىي 18 پارچە، نەزم 8 پارچە 11 بېيىت، بېيىتلار 9 پارچە 10 بېيىت، مەسنەۋى 1 پارچە 2 بېيىت.

(7) جۇۋەينى (خاجە ئەلائىددىن مۇھەممەد جۇۋەينى)گە مەنسۇپلىرى

«تارىخى رەشىدىي»(2 ـ كىتاب)نىڭ 41 ـ ، 42 ـ بابلىرى جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانگۇشاي»دىن ئېلىنغان نەقىل بولۇپ، بۇ بابلاردىكى شېئىرىي پارچىلار جۇۋەينىگە مەنسۇپ. بۇلار 624 ـ بەتتىكى 1 پارچە 1 بېيىت نەزم، 628 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىتلىق قىتئە، 628 ـ ، 641 ـ بەتلەردىكى 3 پارچە 4 بېيىت، 627 ـ بەتتىكى 3 مىسرا، 645 ـ بەتتىكى 1 مىسرا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاندا جۇۋەينىگە تەۋە شېئىرىي پارچىلار جەمئىي 9 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە نەزم 1 پارچە 1 بېيىت، قىتئە 1 پارچە 2 بېيىت، بېيىتلار 3 پارچە 4 بېيىت، مىسرا 4.

(8) مەۋلانا مۇھەممەد قازى (مۇھەممەد ئىبنى بۇرھانىددىن)غا مەنسۇپلىرى

مەۋلانا مۇھەممەد قازى شىھابىددىن مەھمۇدقا ئوخشاش تەرىقەت يولىدىكى دىنىي ئۆلىما بولۇپ، مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە بۇ كىشىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان ۋە بىر رىسالىسىنى كىرگۈزگەن. بۇ رىسالىدىكى 4 شېئىرىي پارچە مەۋلانا مۇھەممەد قازىغا مەنسۇپ. بۇلار 737 ـ بەتتىكى 1 پارچە 5 بېيىتلىق نەزم، 738 ـ بەتتىكى 1 پارچە 3 بېيىتلىق مەسنەۋى،

747 ـ بەتتىكى 1 پارچە 1 بېيىتلىق نەزم بىلەن 1 رۇبائىيدىن ئىبارەت.

(9) خاجە ئەبۇلقاسىم گۇرگانىغا مەنسۇپلىرى

بۇ شائىرنىڭ «تارىخى رەشىدىي»گە 19 پارچە رۇبائىيسى كىرگۈزۈلگەن. 893 ـ بەتتىن 900 ـ بەتكىچە بولغان ئارىلىقتىكى 19 پارچە رۇبائىي مۇشۇ شائىرغا مەنسۇپ.

«تارىخى رەشىدىي»دە يەنە باشقا بىر قىسىم شائىرلار ۋە تارىخىي شەخسلەرگە تەۋە ئاز ساندىكى شېئىرىي پارچىلار ئۇچرايدۇ. تەپسىلاتى تۆۋەندىكىدەك:

294 ـ بەتتىكى 1 مىسرا (ئىلاۋىدە نەزم دېيىلگەن) خاجە ھەسەنگە، 419 ـ بەتتىكى 1 بېيىت نەزم مىرموغۇلغا، 430 ـ بەتتىكى 1 مەتلەئ (نەزم دېيىلگەن) خۇسرەۋ دېھلىۋىگە، 433 ـ بەتتىكى «شىكەست» سۆزى رادىف قىلىنغان قەسىدىدىن ئېلىنغان 1 پارچە 5 بېيىت شېئىر (نەزم دېيىلگەن) ھەسەن ئېلى جالايىرغا، 434 ـ بەتتىكى 2 مەتلەئىنىڭ بىرى ئاسەفىگە (ئىلاۋىدە بېيىت دېيىلگەن)، يەنە بىرى ئاھىغا، 435 ـ بەتتىكى 1 مەتلەئ (نەزم دېيىلگەن) ھىلالىيغا، 437 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىت نەزم، 438 ـ بەتتىكى 2 بېيىت مەۋلانا سەيفىگە، 439 ـ بەتتىكى 1 مۇئەممىا ئەمىر ھۇسەيىنگە، 521 ـ بەتتىكى 1 پارچە 1 بېيىت نەزم، 521 ـ ، 522 ـ بەتتىكى 3 پارچە 3 بېيىت نەزم شاھ ئىسمائىلغا، 520 ـ بەتتىكى 3 پارچە 3 بېيىت نەزم شاھبېكخانغا، 724 ـ بەتتىكى 1 بېيىت سۇلتان مەھمۇدخان (يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى)غا، 812 ـ بەتتىكى 1 پارچە 1 بېيىت نەزم، 1 مىسرا خاجە مۇھەممەد يۈسۈف (خاجە مۇھەممەد ئابدۇللا ئىبنى ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ ئوغلى)كە، 832 ـ بەتتىكى 1 رۇبائىي (ئىلاۋىدە بېيىت دېيىلگەن) سەئىدخاننىڭ قېرىندىشى خەلىل سۇلتاننىڭ ئوغلى بابا سۇلتانغا، 849 ـ بەتتىكى 1 بېيىت مەنسۇرخانغا، 875 ـ بەتتىكى 1 پارچە 3 بېيىتلىق قىتئە ھەكىم سەنائى غەزنەۋىيگە، 884 ـ بەتتىكى 1 پارچە 2 بېيىتلىق مەسنەۋى فەرىدىددىن ئەتتارغا، 900 ـ ، 901 ـ بەتتىكى 2 رۇبائىي، 920 ـ بەتتىكى 1 بېيىت نەزم مەۋلىۋى رۇمىيغا (900 ـ بەتتىكى رۇبائىي مەۋلىۋىنىڭ دېيىلگەن، بۇ مەۋلىۋى رۇمىينى كۆرسەتسە كېرەك)، 1057 ـ بەتتىكى نەزمىي ھېكايەت دېيىلگەن 1 پارچە 12 بېيىت شېئىر شەيخ سەئدىگە، 1063 ـ بەتتىكى 1 بېيىت نەزم ئەنۋەرىگە مەنسۇپ.

«تارىخى رەشىدىي»دىكى باشقا ئاپتورلارغا تەئەللۇق شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى مىسال كەلتۈرۈش، نەقىل كەلتۈرۈش يولى بىلەن كىرگەن. ئاپتور بىر قىسىم مەزمۇنلارنى «زەپەرنامە»، «تارىخى جاھانگۇشاي» قاتارلىق كىتابلاردىن ئۆز ئەينەن نەقىل ئالغان، شىھابىددىن مەھمۇد، ئابدۇراخمان جامىي، خاجە مۇھەممەد يۈسۈف قاتارلىق دىنىي ئۆلىمالارنىڭ بەزى رىسالىلىرىنى، بىر قىسىم پادىشاھلار ئوتتۇرىسىدىكى مەكتۇپ، خەت ـ ئالاقىلەرنى ئەسلىي بويىچە كىرگۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن باشقا ئاپتورلارغا تەۋە خېلى كۆپ ساندىكى شېئىرىي پارچىلارمۇ «تارىخى رەشىدىي»گە كىرگەن. يەنە مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ، ئەينى دەۋردە خۇراسان رايونىدا ياشاپ ئۆتكەن بىر قىسىم مەشھۇر شائىرلارنى ئالاھىدە تونۇشتۇرغان ۋە شۇ شائىرلارنىڭ ئىستېداتى، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىتىدە شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرگەن بولۇپ، «تارىخى رەشىدىي»دە بۇ مەقسەتتە قىستۇرۇلغان شېئىرىي پارچىلارمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، ئاپتور ئەمىر ھۇسەيىن ئىسىملىك بىر شائىرنىڭ مۇئەممىا پىنىدە مەشھۇر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئەمىر ھۇسەيىننىڭ «سۇھراب» دېگەن ئىسىمغا ئېيتقان بىر مۇئەممىاسىنى مىسال كەلتۈرگەن. (439 ـ بەتتە، مىسال قىسقارتىلدى)

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە يۇقىرىقىدەك ئۆزىگە ۋە باشقا شائىرلارغا

تەئەللۇق بولغان تۈرلۈك شەكىلدىكى شېئىرىي پارچىلارنى مۇۋاپىق قىستۇرۇپ، ئەسەر مەزمۇنىنى ياخشى ئىپادىلەشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. بىز «تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلار بولۇپمۇ مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆز قەلىمىگە تەۋە شېئىرىي پارچىلارنىڭ مەزمۇنى ۋە بۇ شېئىرىي پارچىلارنىڭ نەسرىي قىسىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قارىغىنىمىزدا، ئاپتور قىسقا شېئىرىي پارچىلار ۋە رۇبائىي قاتارلىق ئىخچام شېئىرىي شەكىللەر ئارقىلىق بىر قاتار مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەن.

ئومۇمەن ئالغاندا، «تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلار سان جەھەتتىن كۆپ، شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى سەرخىل بولۇپ، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

3. «تارىخى رەشىدىي»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئەدەبىي قىممىتى[①]

مىرزا ھەيدەرنىڭ تارىخنى بايان قىلىشتىكى ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشتەك تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى، ۋەقەلىكلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىغا مۇناسىپ ھالدا قىستۇرغان نەزم، بېيىت، غەزەل، مەسنەۋى، رۇبائىي، قىتئە قاتارلىق تۈرلۈك شەكىلدىكى شېئىرىي پارچىلار، شېئىرىي تەسۋىرلەر، ئاپتور قوللانغان ئۆزگىچە بەدىئىي شەكىل ۋە باشتىن-ئاخىرغىچە ئىزچىل ئەمەل قىلغان رېئالىزملىق مېتود قاتارلىقلار «تارىخى رەشىدىي»گە كۈچلۈك بەدىئىي تۈس بېرىپ، ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدىكى مۇھىم بىر ئەدەبىي نامايەندە بولۇش شەرىپىگە ئىگە قىلغان. بىز «تارىخى رەشىدىي»نى ئەدەبىي ئەسەر دەپ قارىغىنىمىزدا ياكى ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىنىمىزدە، ئەسەرنىڭ دەل يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتىمىز. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «تارىخى رەشىدىي»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتىن كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

(1) نەسرىي شەكىل بىلەن شېئىرىي پارچىلارنى گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىشتەك ئۆزگىچە بەدىئىي قۇرۇلما.

ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر شەكىل بىلەن مەزمۇنىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇكەممەل، ياخشى بولغان بەدىئىي شەكىل ياكى قۇرۇلما مەزمۇننى تولۇق، چوڭقۇر، جانلىق ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاسىتىسى. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، مەزمۇن ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەن، ئەگەر مۇۋاپىق شەكىل بىلەن ئىپادىلەنمىسە، ئۇنداقتا بۇ مەزمۇن يەنىلا چۈۋالچاق بولۇپ قالىدۇ. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي»دە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا خاس بولغان نەسرىي شەكىل بىلەن شېئىرىي شەكىلنى گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىشتەك بەدىئىي شەكىلنى تاللىۋالغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن ئاساسلىق تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى، بىر قىسىم رايونلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيىتى قاتارلىق ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغۇچى قىسىملارنى نەسرىي شەكىل بىلەن ئىپادىلىگەن. ئاپتور ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىش جەريانىدا، مۇۋاپىق جايلارغا ھەر خىل شەكىلدىكى شېئىرىي پارچىلارنى قىستۇرۇپ، جەڭلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىش جەريانىنى، جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى، شەخسلەرنىڭ مۇھىم ھەرىكەت-پائالىيەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن ئوبرازلىق، ئىخچام تەسۋىرلىگەن.

① بۇ ماۋزۇنى ماگىستىر ئابدۇكېرىم ئابدۇغېنى تەييارلىغان.

ئۆزىنىڭ تۇرلۇك ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە بولغان كۆزقاراشلىرىنى، باھاسىنى، ھەربىي تاكتىكا، جەڭ قىلىش سەنئىتى ھەققىدىكى ئىدىيەلىرىنى يىغىنچاق ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان. بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرىگە باغلىغان ئاساستا پەند-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى پەلسەپىۋى ئەقلىي يەكۇنلەرنى چىقارغان. ئەينى دەۋردە ئۆتكەن بەزى مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى قىستۇرما قىلىپ، شۇ شائىرلارنىڭ بەدىئىي ئىستېداتى، تالانتىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. ئومۇمەن «تارىخى رەشىدىي»دە نەسرىي قىسىملار بىلەن شېئىرىي پارچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېنىق ئايرىلغان بولۇپ، ئاساسلىق مەزمۇن نەسرىي يول بىلەن ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە، شېئىرىي پارچىلار تۆۋەندىكىدەك مەقسەت ۋە روللاردا قوللىنىلغان:

بىرىنچىدىن، نەسرىي قىسىملارنىڭ مۇناسىپ جايلىرىغا قىسقا ھەجىمدىكى شېئىرىي پارچىلارنى قىستۇرۇپ، نەسرىي قىسىملاردا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر، ئۇرۇش، جەڭلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىش جەريانلىرى، جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇقلىرى، شەخسلەرنىڭ مەلۇم كونكرېت ئىش-پائالىيىتى ۋە مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى شېئىرىي تىل بىلەن ناھايىتى ئوبرازلىق، ئىخچام ئىپادىلىگەن. شۇ ئارقىلىق نەسرىي قىسىملاردىكى بىر قىسىم تەپسىلاتلارنىڭ تېخىمۇ كونكرېت، ئىخچام، جانلىق ئىپادىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان. «تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلار ئىچىدە مۇشۇ خىلدىكى شېئىرىي پارچىلار ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن:

*ھەمە شىرى دىل قۇۋۋەتى مىسلى بەبر،*
*ئىدى نەيزەسىدىن خەراشىدە ئەبىر.*
*ھەمە خەيل كىينە كۇشۇ رەز مىسار.*
*بەھادۇر جەھان سوزۇ دۇشمەن گۇدار.* («تارىخى رەشىدىي» 660-بەت)

ئاپتور بۇ شېئىرىي پارچە ئارقىلىق سەئىدخان قوشۇنلىرىنىڭ كاشغەردە مىرزا ئابابەكرى قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىشتىن بۇرۇنقى جەڭگىۋار قىياپىتىنى ئوخشىتىش، مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە شېئىرىي تىل بىلەن ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

ئىككىنچىدىن، رۇبائىي قاتارلىق ئىخچام شېئىرىي شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەر، شەخسلەرنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىگە بولغان ئۆز كۆزقارىشى، باھاسىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە شۇ شەخسلەرنىڭ ھاياتىي پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا پەند-نەسىھەت، ئىبرەت خاراكتېرىدىكى پەلسەپىۋى ئەقلىي يەكۇنلەرنى چىقارغان. مەسىلەن:

*زالىم چۇ كەتتى، قالدى يامان ئاتى پايدار،*
*ئادىل گەر ئۆلدى، ياخشى ئاتى قالدى يادكار.*
*قارۇنكى ئۆلدى، بار ئىدى قىرىق ئۆي خەزىنەسى،*
*نۇشىرۋاننى ئۆلدى دېمە، ياخشى ئاتى بار.* (692-بەت)

بۇ شېئىر كاشغەردە زالىملىق بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن چىقىرىلغان پەلسەپىۋى يەكۇندىن ئىبارەت بولۇپ، ئاپتور بۇ بىر كۇپلېت شېئىرى بىلەن ئابابەكرى مىرزىدەك زالىم پادىشاھلارنىڭ ھامان ھالاكەتلىك تەقدىرگە يولۇقىدىغانلىقى، گەرچە ھارۇن شاھتەك شۇنچە كۆپ مال-دۇنياسى بولسىمۇ، بەرىبىر ئەسقاتمايدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن پەقەتلا يامان نام قالىدىغانلىقى، ئادىل، ھەققانىي پادىشاھلارنىڭ

پاخشى نامى نۇشىرۋان شاھنىڭ خەلق كۆڭلىدە مەڭگۈ يادلىنىپ ئۆچمەيدىغانلىقىدەك ئەقلىنى يەكۈننى ئوخشىتىش، سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ جانلىق ئوتتۇرىغا قويغان ۋە پادىشاھلارنى ئادىل، ھەققانىي بولۇشقا ئۈندىگەن.

ئۈچىنچىدىن، مىرزا ھەيدەر كۆپ جەڭلەرنى كۆرگەن، پىشقان سەركەردە، ئالىي ھەربىي قوماندان بولغاچقا، بەزى شېئىرىي پارچىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ جەڭ قىلىش تاكتىكىلىرى، جەڭ سەنئىتى ھەققىدىكى قىسمەن ھەربىي كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

*كى بولغۇنچە تەدبىر ئىلە كار ھەل،*
*ئەدۇ بىرلە بىھۇدە قىلمە جەدەل.* (823 ـ بەت)

*چۇ تەدبىر ئىلە مۇشكىل ئولغۇسى ھەل،*
*كى بىھۇدە تاپمە ئەدۇدىن خەجەل.* (980 ـ بەت)

كونىلاردا «ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دېگەن ماقال بار. بۇ ماقال ھەرقانداق ئۇرۇشنىڭ مەلۇم تەدبىر، چارە ۋە ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى، ھەرقانداق جەڭدە تەدبىرنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. دېمىسىمۇ تەدبىر ھەرقانداق جەڭدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، دۇنيا تارىخىدا تەدبىر ئارقىلىق ئاز قوشۇن بىلەن كۆپ قوشۇننى يەڭگەن مەشھۇر جەڭلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ شۇنىڭ دەلىلىدۇر. مىرزا ھەيدەرمۇ يۇقىرىقى شېئىرىدا تەدبىرنىڭ مۇھىملىقى، تەدبىر تاپماي تۇرۇپ يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلماسلىق كېرەكلىكى، پاخشى تەدبىر بىلەن ھەرقانداق قىيىن مەسىلىنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

تۆتىنچىدىن، مىرزا ھەيدەر بەزى شېئىرىي پارچىلاردا بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ نامۇۋاپىق ھەرىكىتىنى قاتتىق تەنقىدلەپ، ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى، ئىچكى ئازابلىرىنى، زاماندىن زارلىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. بولۇپمۇ سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر بايانىدا بۇ خىلدىكى شېئىرىي پارچىلار كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

*ئەي دەرۇنەتى سىياھ ھەمچۇ بىرۇن،*
*ئەي سىيەھ رويى ئەندەرۇنۇ بىرۇن.* (1024 ـ بەت)

*(ھەي ئىچىڭدۇر تېشىڭ كەبى قاپقارا، ئىچ ـ تېشىڭدۇر يۈزۈڭ كەبى قاپقارا.)*

ئاپتور بۇ بىر بېيىت شېئىرى ئارقىلىق ئابدۇرەشىدخاننى قايمۇقتۇرۇپ، سەيىد مۇھەممەد مىرزا، ئەلى سەيىد قاتارلىق بېگۇناھ ئەمىرلەرنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان مىرزا ئەلى تاغاي، مۇھەممەد بارلاس قاتارلىق تۆزكۇر ئەمىرلەرنى قارا يۈز، ئىچى ـ تېشى قاپقارا گۇناھ بىلەن تولغان دەپ قاتتىق قامچىلايدۇ.

بەشىنچىدىن، ئاپتور ئوتتۇرا ئەسىردىكى قويۇق دىنىي مۇھىتتا ياشاپ ئۆتكەن كامىل مۇسۇلمان بولغاچقا، ئۆز ئەسىرىدە بىر قىسىم شېئىرىي پارچىلار ئارقىلىق ئاللانى، ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدنى ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنى مەدھىيىلەيدۇ. ئاپتور يەنە ئاز ساندىكى شېئىرىي پارچىلىرىدا بىر قىسىم پادىشاھ ۋە باشقا شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ پاخشى ئارزۇ، تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. (سەھىپە مۇناسىۋىتى بىلەن مىسال قىسقارتىلدى.)

دېمەك، «تارىخى رەشىدىي»دە ئاساسلىق مەزمۇن نەسرىي يول بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن شېئىرىي پارچىلارنىڭ رولىنىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئاپتور نەسرىي شەكىل

بىلەن بىر ھەتتا بىرقانچە ئابزاس بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدىغان مەزمۇننى شېئىرىي يول بىلەن ناھايىتى ئىخچام ئىپادىلەپ، ئاددىي، يىغىنچاق شەكىل بىلەن كەڭ، چوڭقۇر مەزمۇننى ئىپادىلەشتەك بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. بىز «تارىخى رەشىدىي»دىكى شېئىرىي پارچىلاردىن ئاپتورنىڭ دۇنياقارىشى، ھەربىي، ئەخلاق، تۇرمۇش قاراشلىرى ۋە ئەينى دەۋردىكى بىر قىسىم شائىرلارنىڭ ئىجادىي ھاياتى ھەققىدىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىدىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ شۇكى، ئاپتور ئەسەر مەزمۇنىنى ھازىرقى زامان رومانلىرىغا ئوخشاش باب، ماۋزۇلارغا بۆلۈپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغان. يەنى پۈتۈن ئەسەر مەزمۇنىنى ئىككى مۇقەددىمە، 187 ماۋزۇغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرغان.

(2) بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتەك تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى.

«تارىخى رەشىدىي»دە ئاپتور ئوخشىتىش، مەجاز، ئىستىئارە، سىپىلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش، سىلىقلاش، نەقىل كەلتۈرۈش قاتارلىق تۈرلۈك بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يېقىملىق، ئوبرازلىق، گۈزەل شېئىرىي تىل بىلەن ئىككى ئەسىرلىك تارىخنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇنداقلا بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان. تۆۋەندە «تارىخى رەشىدىي»دە قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن بىر قىسمىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

ئوخشىتىش ئۇسۇلى «تارىخى رەشىدىي»دە ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئوخشىتىشنىڭ ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ۋەكىللىك ئوخشىتىش، كېڭەيمە ئوخشىتىش، تەۋەلىك ئوخشىتىش قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللىرىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان. مەسىلەن، «ئۇ ئۇلۇغ كەلكۈننى بىر سىقىم تۇپراق بىلەن باغلاپ توختاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەشئەلنى خەس-خەشەك بىلەن ئۆچۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتى.» (466-بەت) ئاپتور بۇ پارچىدا ئوخشىتىش سەنئىتىنىڭ ۋەكىللىك ئوخشىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شاھىبېكخان لەشكەرلىرىنى ئۇلۇغ كەلكۈنگە، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەشئەلگە، مىرزا زۇننۇن باشچىلىقىدىكى خۇراسان لەشكەرلىرىنى بىر سىقىم تۇپراققا، خەس-خەشەككە ئوخشىتىپ، شاھىبېكخان لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋار قىياپىتى بىلەن خۇراسان لەشكەرلىرىنىڭ ئاجىز قىياپىتىنى ناھايىتى ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن. «مېنىڭ ھۆكۈمەت ۋە سەلتەنىتىمنىڭ بىناسى سىزنىڭ پىكىر-تەدبىرىڭىزنىڭ تۈۋرۈكى بىلەن ئۆرە تۇرغۇسىدۇر.» (345-بەت) بۇ پارچە خۇسرەۋشاھنىڭ مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانغا قىلغان سۆزى بولۇپ، ئاپتور خۇسرەۋشاھنىڭ تىلىدىن ھاكىمىيەت، سەلتەنەتنى بىناغا، پىكىر-تەدبىرنى شۇ بىنانى يۆلەپ تۇرىدىغان تۈۋرۈككە ئوخشىتىپ، تەۋەلىك ئوخشىتىش بىلەن كېڭەيمە ئوخشىتىش ئۇسۇلىنى گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىپ، تەدبىرنىڭ رولىنى ناھايىتى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئاپتور مەجاز، ئىستىئارە (مېتافورا) قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەردىنمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مەجاز سۆزلەرنى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىش ئارقىلىق بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان بەدىئىي ئۇسۇل. ئاپتور «تارىخى رەشىدىي»دە مەجازنىڭ ئاددىي شەكلى تاق مەجازنى قوللىنىپلا قالماي، بەلكى مەجازنىڭ مۇرەككەپ شەكلى بولغان ئەقلىي مەجاز ئۇسۇلىنىمۇ قوللانغان. مەسىلەن، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ شاھىبېكخاننىڭ سەمەرقەندنى ئېلىشىغا ياردەم بەرگەندىن كېيىن، ئۆز قىلمىشىغا تولا پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئاپتور مەجاز ئۇسۇلى بىلەن

تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەيدۇ: «بۇ ئىشتىن خان ئاجىز بولۇپ ھەيرانلىق بارماقلىرىنى ھەسرەت چىشلىرى بىلەن چىشلىگەن بولسىمۇ، ھېچ پايدىسى بولمىدى. » (261 ـ بەت)

ئىستىئارە (مېتافورا) سۆزى ئەسلىي مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى مەلۇم ئوخشاشلىق ئاساسىدا كۆچمە مەنىدە قوللىنىپ بەدىئىي ئۇنۇم ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇلدىن ئىبارەت. ئىستىئارە چوڭ جەھەتتىن مەجازنىڭ بىر تۈرى دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ئىنچىكە نۇقتىلاردا يەنىلا پەرقلىنىدۇ. «تارىخى رەشىدىي»دە ئىستىئارە ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، «خۇسرەۋشاھ مىرزاخاننىڭ پادىشاھقا ئەرز قىلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئۆزرىسى، كەرەمى ۋە مۇرۇۋۋىتىنىڭ نەقەدەر گۈزەل، كامىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، خىجالەت تەرلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. » (365 ـ بەت)، «نۇرغۇن شىددەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن غالىبىيەت شامىلى خاننىڭ بايرىقىنى لەپىلدىتىشكە باشلىدى، ئۆلۈم ۋە خارلىق تويپىلىرىنى دۈشمەننىڭ كۆزلىرىگە تولدۇردى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكىرى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە سان جەھەتتىن گويا تاغدەك ئىدى، خاننىڭ بەخت ـ سائادەت ۋە نۇسرەت شامىلى ئۇنى گوياكى سامانىنى ئۇچۇرغاندەك سورۇۋەتتى. » (550 ـ بەت)، «تاغام سەيىد مۇھەممەد مىرزا شاپائەت تىزلىرىنى ئىلتىماس زېمىنىغا قويۇپ، خاننىڭ شەرەپلىك سەمىگە بۇ ئەرزنى يەتكۈزدى. . .

تاغامنىڭ بۇ ئەرزى خاننىڭ مۇبارەك سەمىگە يەتتى، خان دەرھال ئەپۇ قەلىمى بىلەن كەچۈرۈم رەقىمىنى ئاشۇ پۇتكۇل ئەسىرنىڭ ھايات تاختىسىغا يازدى. » (551 ـ بەت) يۇقىرىقى پارچىلاردىكى «خىجالەت تەرلىرى»، «غالىبىيەت شامىلى»، «ئۆلۈم ۋە خارلىق تويپىلىرى»، «بەخت ـ سائادەت ۋە نۇسرەت شامىلى»، «شاپائەت تىزلىرى»، «ئىلتىماس زېمىنى»، «ئەپۇ قەلىمى»، «كەچۈرۈم رەقىمى»، «ھايات تاختىسى» قاتارلىقلار ئىستىئارە بولىدۇ.

سىلىقلاشمۇ «تارىخى رەشىدىي»دە كۆپ قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى. بولۇپمۇ تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئۆلۈمى، ۋاپاتىنى ئىپادىلەشتە سىلىقلاش ئۇسۇلىدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىلغان. مەسىلەن، «يۇنۇسخان مەملىكەتنى سۇلتان مەھمۇدخانغا، جاننى خۇداۋەندە رەھمانغا تاپشۇرۇپ ئەبەدىيلىك سارىيىدا ئارام تاپتى. » (333 ـ بەت)، «سۇلتان ئەھمەدخان كېسەلگە دۇچار بولۇپ سەلتەنەت بېغىدىن جەننەت بېغىغا يۈرۈپ كەتتى.» (338 ـ بەت)، «ئۇلار بۇ بىچارە سۇلتاننى ئاخسى دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ خۇدانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈردى.» (381 ـ بەت)، «جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياش تېخى تولۇق كۆتۈرۈلۈپ بولماي تۇرۇپلا ئۇ جامائەتنىڭ ئۆمۈر قۇياشى زاۋاللىق مەنزىلىگە يېتىپ قالدى.»، «ئاز مۇددەتتىن كېيىن ئۇ زاتنىڭ مۇقەددەس ئۇۋىسىدىكى روھ قۇشى بۇ ئالەمدىن پەرۋاز قىلدى.» (732 ـ بەت) ئاپتور سىلىقلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان ۋاقىتتا «ۋاپات بولماق، تۈگەپ كەتمەك، كۆز يۇمماق» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتمەستىن، بەلكى، باشقا بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىپ سىلىقلاش ھاسىل قىلغان. مەسىلەن، يۇقىرىقى مىساللاردىكى «ئەبەدىيلىك سارىيى»، «زاۋاللىق مەنزىلى»، «مۇقەددەس ئۇۋىسى» قاتارلىق سۆز بىرىكمىلىرىدە مەجاز ئۇسۇلى قوللىنىلغان. «ئۆمۈر قۇياشى»، «روھ قۇشى» قاتارلىقلاردا تەۋەللىك ئوخشىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇنداق كۆپ خىل ۋاسىتىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش ئاپتورلاردىن يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ئىستېداتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«تارىخى رەشىدىي»دە نەقىل كەلتۈرۈش ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان. نەقىل كەلتۈرۈش باشقا تارىخىي شەخسلەر، ئەدىب، يازغۇچىلارنىڭ مەشھۇر سۆزلىرى، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ماقال ـ تەمسىل قاتارلىقلارنى ئۆز ئەسىرىگە قىستۇرۇپ، تىلنىڭ قايىل

قىلارلىقىنى ئاشۇرىدىغان بىرخىل بەدىئىي ۋاسىتىدىن ئىبارەت. «تارىخى رەشىدىي»دىكى نەقىللەر ئىككى خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ. بىرىنچى خىلى، ئاپتور ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تارىخچىلارنىڭ كىتابلىرىدىن بىر قىسىم مەزمۇنلارنى ئۆز ئەينەن نەقىل ئالغان. لېكىن، بۇ نەقىللەرنى ئاپتور مەزمۇن ئېھتىياجى بىلەن ئالغان بولۇپ، ئىستىلىستىكا مەنىسىدىكى نەقىل ئەمەس. ئىككىنچى خىلى، ئاپتور قۇرئان ئايەتلىرىنى ۋە بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز قاتارلىقلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئەسەرنىڭ تىل جەھەتتىكى قايىل قىلارلىقىنى ئاشۇرغان. ئاپتور ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان كامىل مۇسۇلمان كىشى بولغاچقا، ئەينى دەۋردە يۈز بەرگەن نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان دەپ قاراپ، قۇرئاندىن 263 ئايەتنى نەقىل كەلتۈرگەن. يەنە «ئەگەر توڭگۇز خىلۋەت ئورۇننى تاپسا، دۆڭگە چىقىدۇ.» (571 ـ بەت)، «بەختىيار كىشى شۇكى، يەپ ئۆلدى، بەختسىز كىشى شۇكى، يىمەي قويۇپ كەتتى.» (696 ـ بەت)، «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ، ناھەقلىق ئېگىلمەيدۇ، سۇنىدۇ.» (783 ـ بەت)، «تەبىر چۈشنىڭ ئەكسىچە بولۇر.» (803 ـ بەت)، «كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە، تېۋىپ ئۆزى كېلەر.» (821 ـ بەت) دېگەندەك بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەرنىمۇ نەقىل كەلتۈرۈپ، ئەسەر تىلىنىڭ قايىل قىلارلىقىنى ئاشۇرۇشتا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

ئاپتور يەنە سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش قاتارلىق باشقا بەدىئىي ۋاسىتىلەردىنمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. سەھىپە ئېتىبارى بىلەن ھەممىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

قىسقىسى، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ گۈزەل، مەزمۇنىنىڭ جەلپ قىلارلىق، تەسىرلىك بولۇشى، بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ جانلىق، يارقىن بولۇشى، ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈك، جۇشقۇن ئىپادىلىنىشىگە ياردەم بېرىپ، بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرىدۇ. توغرا ۋە جايىدا ئىشلىتىلگەن بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جەلپ قىلارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە كۈچلۈك ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى يازغۇچىنىڭ ئىجادىي ماھارەتتە پىشقان ـ پىشمىغانلىقى، ئىستېداتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپلا قالماي، يەنە شۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيەسى، ھەتتا مەلۇم دەۋردىكى بىر پۈتۈن ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي سەۋىيەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچتىن ئىبارەت. بىز «تارىخى رەشىدىي»دىكى ناھايىتى مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن ئاپتورنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ئىستېداتىنى، پىشقان قەلەم ماھارىتىنى، بولۇپمۇ تىل ئىشلىتىشتىكى ئالاھىدە يۇقىرى ماھارىتىنى، شۇنداقلا «تارىخى رەشىدىي»نىڭ بەدىئىي سەۋىيەسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

(3) تەرتىپلىك بايان، چېكىنمە بايان، قىستۇرما بايان قاتارلىق كۆپ خىل بايان ئۇسۇلىنى گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىشتەك ئۆزگىچە بايان ئۇسۇلى.

بايان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بولۇپمۇ پىروزىلارنىڭ شۇنداقلا تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى. «تارىخى رەشىدىي»دە ئاپتور بايان ئۇسۇلىنىڭ تەرتىپلىك بايان، چېكىنمە بايان، قىستۇرما بايان قاتارلىق ھەرقايسى شەكىللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان بولۇپ، «تارىخى رەشىدىي»نىڭ بايان ئۇسۇلى خۇددى تارىخىي رومانلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاپتور تۇغلۇق تۆمۈرخان تەختكە چىققان 1348 ـ يىلىدىن باشلاپ 1541 ـ يىللارغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن شىنجاڭ رايونىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەرتىپلىك يوسۇندا

بايان قىلىپ بەرگەن. تەرتىپلىك بايانىنىڭ ئىچىدە، بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ ئايرىم سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشتا چېكىنمە بايان، قىستۇرما بايان ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى ئۆزئارا جىپسىلاشتۇرۇپ، تارىخىي ۋەقەلەرنى ناھايىتى ئېنىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىپ بەرگەن. ئاپتور بايان تىلى جەھەتتىن بىرىنچى شەخس تىلى بىلەن ئۈچىنچى شەخس تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ قوللانغان. يەنى ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشقان ۋەقەلەرنى بىرىنچى شەخس تىلىدا، ئۆزى قاتناشمىغان، ئۆزى ياشىغان دەۋردىن بۇرۇن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئۈچىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلغان. ئاپتور مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىشتا بايان لىنىيەسى جەھەتتىن كۆپ لىنىيەلىك بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. مەسىلەن، «تارىخى رەشىدىي»نىڭ بىرىنچى قىسمىدا، تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى بىر لىنىيە، ئەمىر تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى يەنە بىر لىنىيە قىلىپ، ئىككى لىنىيە بويىچە بايان قىلغان.

ئاپتور «تارىخى رەشىدىي»دە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولغان تەسۋىردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بىز «تارىخى رەشىدىي»دە تەسۋىرنىڭ مۇھىت تەسۋىرى، پېرسوناژ تەسۋىرى، تىل تەسۋىرى، ھەرىكەت تەسۋىرى، قىياپەت تەسۋىرى قاتارلىق ھەرقايسى شەكىللىرىنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، ئاپتور باھارنى گۈزەل تىللار بىلەن تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەيدۇ: «باھار ۋاقتى كېلىپ، تۆتىنچى پەلەك سۇلتانى ھەمەل بۇرجى مەرتىۋىسى ئۈستىگە ئاياغ قويۇپ سەۋر تەختى ئۈستىدە بەرقارار بولدى. دەل-دەرەخ ئەلەمدارلىرى گۈل-چېچەك بايراقلىرىنى نۇرلۇق زېمىن سەھنىسىدە بىراقلا كۆتۈردى. دەرەخ ئەلەملىرىنىڭ تۈۋىدە سەبزە لەشكەرلىرى سەپ تۈزدى، بۇلۇت ئەسكەرلىرى ھەسەن-ھۈسەن يالىرىدىن يامغۇر ئوقلىرىنى ياغدۇردى، شەبنەم تامچىلىرى يوپۇرماقلار ئۈستىدە گۈمبەز شەكلىنى ھاسىل قىلىپ يالتىرىدى، ھەربىر گىياھ ئۈستىدە يامغۇر تامچىلىرى دۇبۇلغا شەكلىدە جىلۋىگەر بولدى...» (764-بەت) ئەمىر تۆمۈرنىڭ جەڭ ئالدىدىكى قىياپىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ھەزرىتى ساھىبقىران خۇددى قۇتۇپتەك ئاتىغىنى قىمىرلاتماي، ئۆزىنىڭ دۆلەت ئاساسىدەك تۇرغان ئورنىدا چىڭ تۇردى ۋە غالىبىيەت ئۆزەڭگىسىگە چىڭ دەسسەپ تۇرۇپ كۈچلۈك قوللىرىنى ئوق ۋە ياغا ئۇزاتتى ھەم سول قولىنى ئەلىف، ئوڭ قولىنى دال قىلدى.» (85-بەت) يۇقىرىقىدەك گۈزەل بەدىئىي تەسۋىرلەر «تارىخى رەشىدىي»دە ناھايىتى جانلىق قوللىنىلغان بولۇپ، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئەسەرنىڭ بەدىئىي تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

«تارىخى رەشىدىي»دە يەنە چۈشەندۈرۈش، مۇھاكىمە، لىرىكا قاتارلىق بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمۇ قوللىنىلغان. سەھىپە مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

ئومۇمەن ئالغاندا، «تارىخى رەشىدىي»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى يۇقىرىقىدەك بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈشكە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، «تارىخى رەشىدىي»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى بولۇپمۇ تىل جەھەتتىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى مەزكۇر ئەسەرنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى ئەمەس، بەلكى ئەسلىدىكى پارسچە نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەتقىق قىلساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. چۈنكى، بەدىئىيلىك مەسىلىسى هامان بىر تىلغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، يەنە كېلىپ تەرجىمە ئەسەرلەر هامان تەرجىماننىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى ۋە تەرجىمە ماھارىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ئەسلىي ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھارىتى قاتارلىقلارنى تولۇق كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، «تارىخى رەشىدىي»نى چاغاتاي خان ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان تەختكە چىققان 1348-يىلىدىن باشلاپ، ئاپتور مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كەشمىردە ھاكىمىيەت

تۇتقان 1541 ـ يىللارغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىككى ئەسىرلىك تارىخىدىن مول ئۇچۇر بەرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىك تارىخىي مىراس دېسەك، يەنە ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىگە ئاساسەن، ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. «جاھاننامە»

مىرزا ھەيدەرنىڭ «جاھاننامە»[①] ناملىق داستانى 1532— 1533 ـ يىللىرى يېزىلغان. شائىر ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «ئايازى»، «ئاياز شىكەستە» دېگەن سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلغان.

«جاھاننامە» ئاپتورنىڭ تىبەت ۋە بەدەخشان سەپەرلىرى جەريانىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان[②]، ياركەند خانلىقى دەۋرى بەدىئىي تەپەككۇر تەرەققىياتىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە، شۇنىڭدەك ئۆز دەۋرىدىكى يىرىك داستان. داستاننىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە ئىدىيە، بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتى—تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى تىرادىتسىيەسىنى ناۋائىتۇرلۇق بىلەن داۋاملاشتۇرغان. ئەسەر يېزىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، تەڭرى ۋە چاھارىيالارغا ھەمدۇ سانا 60 مىسرانى، داستاننىڭ يېزىلىش سەۋەبلىرىگە 32 مىسرانى بېغىشلايدۇ. ئەسەرنىڭ تۈپ ئىدىيەسىنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق كۆرسىتىدىغان قىسمىغا 2398 مىسرا بېغىشلىنىدۇ. داستان كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى پىششىق، چوڭقۇر، ئىجادىي ئۆگىنىش ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان[③].

«جاھاننامە»نىڭ يېزىلىش مەقسىتى ھەققىدە يۈزەكى پىكىر ئېيتىشقا توغرا كەلسە، شۇنى دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭدا شائىر گۇمانىزملىق ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، ياركەند خانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭغا يامراشقا باشلىغان ئىشانلىق، تەركىدۇنياچىلىققا قارشى تۇرۇپ، خەلق ئۆز قولى بىلەن ياراتقان بەخت ـ سائادەتنى قوغداپ قېلىشنى ئىپادىلىگەن. بۇلاردىن باشقا شائىر يەنە كۆپلىگەن ئىلغار پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مىرزا ھەيدەر ئۆزىنىڭ تۈپ ئىدىيەسىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن «جاھاننامە»نىڭ سۇژىتىنى خەلق قىسسىلىرى ئاساسىغا قۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەخت، تاش قەدەھ، شام ھەققىدىكى ئۈچ ئاساسىي ھېكايە داستاندىكى ئاساسىي ۋەقەلىكلەر ئىچىدە تەسىرلىك بولۇپ، ئوقۇرمەن دىققىتىنى ئۆزىگە كۈچلۈك مەھلىيا قىلىپ، شائىرنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئىپادىلەيدۇ. داستاننىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق:

پەرزەنت داغىدا ئۇزۇن يىل قايغۇ ـ ھەسرەتكە گىرىپتار بولغان سىمىن شەھىرىدىكى شەھرىيار ئېلىنىڭ پادىشاھى شەھسۇۋار كۆنلەرنىڭ بىرىدە فىرۇزشاھ ئىسىملىك بىر ئوغۇلغا ئىگە بولۇپ مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىدۇ. فىرۇزشاھ بالاغەتكە يەتكەن كۈنلەردە مەي ئىچىپ مەست بولۇپ ئۇخلاپ قالىدۇ ـ دە، ئاجايىپ بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە چاھار باغدىكى بىر قەسىرگە كىرىدۇ. ئۇ

---

[①] «جاھاننامە» ناملىق بۇ داستاننى بەزىلەر «جاھاننەما» دەپ قوللىنىشنى تەكىتلەيدۇ.

[②] بۇ داستاننىڭ ئېلىمىزدە ھازىر ئىككى خىل قول يازما نۇسخىسىمۇ بار. بىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ماتېرىياللار بۆلۈمىدە، يەنە بىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا.

[③] مەنبەلەردە ئەسەرنىڭ ئەسلىي ۋەقەلىكى ھىندى ھېكايىلىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن دېيىلىدۇ.

يەردە نۇرغۇن پەرىلەر ئارىسىدا تۇرغان رەنا ئىسىملىك بىر پەرىزات فىرۇزشاھنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. فىرۇزشاھ رەنا بىلەن قىزغىن سۆھبەت ۋە شېرىن بەزمىلەرنى بىللە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئۆزىنى ئاۋۋالقى ھەرەمدە كۆرگەن فىرۇزشاھ پەرىزات رەنانىڭ ئىشق پىراقىدا ئۆرتىنىپ ئاخىر كېسەلگە دۇچار بولىدۇ. ئوغلىنىڭ كېسىلىگە ھېچقانداق شىپا تاپالمىغان پادىشاھ شەھسىۋار سەلىم ئاتلىق ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتىگە ئاساسەن، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە شاھزادىنى ئوۋغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئوۋ جەريانىدا شاھزادىنىڭ ئالدىغا بىر كېيىك يولۇقىدۇ. شاھزادە كېيىكنى قوغلاپ چۆشىدە كۆرگەن چاھار باغقا كېلىپ قالىدۇ ھەمدە بۇ يەردە پەرىزات رەنانى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۇنىڭ ئىشق پىراقىدا ھوشىدىن كېتىدۇ. رەنا شاھزادىنى ھوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، نەسەب ۋە ھال-ئەھۋال سورىشىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ شاھزادىنى ئۆزىنى تېرەن مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئۈچ قېتىم ئويغىتىشنى، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. شاھزادە شەرتكە ئاساسەن پەرىزات ئۇيقۇغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرىنچى قېتىم پەرىزات ياتقان تەختنى پايە بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئۇنىڭغا مۇنداق سوئال قويىدۇ:

*نەكىم سەرگۈزەشت ئەيلىگەن ئېردى تەخت،*

*فەلەك جەۋر ئىلە زۇلمىدىن نەزم-سەخت.*

تەخت بولسا بىر زامانلاردا مىسىر سەھراسىدىكى نىل دەرياسى بويىدا ئۆسكەن، بۇك-باراقسانلاپ تومۇزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە ئۈز سايىسى ۋە شېخى بىلەن نۇرغۇن بەزمىچىلەرنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ، كۆپ قۇشلارنى بەھرىمەن قىلغانلىقى، ئاخىرىدا ۋەيرانچىلىق قىسمىتىگە مۇپتىلا بولۇپ قۇرۇغانلىقتىن، كېسىلىپ تەختى پايە قىلىنغانلىقى ھەققىدە سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ. شائىر تەختى پايە ھېكايىسى ئارقىلىق ئالەمنىڭ بىقارارلىقىنى دەلىللەيدۇ. شاھزادە تەختى پايە ھېكايىسىگە ئۇلاپلا، ياغاچچى، تىكىمچى (تىككۈچى)، زەرگەر ۋە موللا قاتارلىق تۆت سەپەرداشىنىڭ ياغاچتىن ياسىلىپ گۈزەل قىز ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن سەنەم ئۈستىدىكى مۇرەككەپ دەۋانى ئوتتۇرىغا قويغاندا پەرىزات ئىختىيارسىز ئويغىنىدۇ-دە، بىرىنچى شەرت ئادا بولىدۇ. پەرىزات ئىككىنچى قېتىم ئۇيقۇغا كەتكەندە شاھزادە پەرىزاتنىڭ ئالدىدا تۇرغان تاش قەدەھ بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ.

*سوراھى[①]ئىچى ھەم قان ئىدى،*

*فەلەك دەردى بىھەد بايان ئىدى.*

تاش قەدەھ ئۆزىنىڭ ئىلىبىرس تېغىدىكى قورام تاش ھەتتا ئىلىبىرس تېغىغا ئاسماندىن چۈشكەن سەنگى (مېتېئورىت) ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ سۇلايمان، جەمشىت، كەيقۇباد ۋە ئىسكەندەر دەۋرلىرىنىمۇ كۆرگەن، كېيىن ئوبۇلخەيرى ھەككاك ناملىق تاشچى تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ بۈگۈنكى تاش قەدەھ ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق بۇ دۇنيانىڭ ئۆزگىرىش ئۈستىدە ئىكەنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ پەلەك ھادىسىلىرى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكى توغرۇلۇق شىكايەت قىلىدۇ. شاھزادە تاش قەدەھ ھېكايىسىگە ئۇلاپ زاھىت قىزغا تەڭلا ئاشىق بولۇپ قالغان سەنگباز (تاشئاتار)، بەگ، سىپاھ قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ قىزنى دىۋە قولىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىنكى مۇرەككەپ دەۋانى ئوتتۇرىغا قويغاندا پەرىزات يەنە

---

① سۇراھى — ئىدىش، شېشە.

ئىختىيارسىز ئويغىنىدۇ-دە، ئىككىنچى شەرت ئادا بولىدۇ. پەرىزات ئۈچىنچى قېتىم ئۇيقۇغا كەتكەندە، شاھزادە پەرىزاتنىڭ يېنىدا تۇرغان شام بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ.

*دېيەلمەي غەمنى شەمئى ھەم زار ئىدى،*

*فەلەكتىن بەس ئۇتلىرى بار ئىدى.*

شام ئۆزىنىڭ ئەسلىي قوزا بولۇپ، كېيىن قوي بولۇپ ئىككىنى قوزىلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ مېيىدا شام ياسىغانغا قەدەر بېشىدىن ئۆتكەن ھادىسىلەر ئۈستىدە سۆزلەيدۇ. شائىر شام ھېكايىسى ئارقىلىق ئالەم ئۆزگىرىشلىرى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق خۇشاللىق مىنۇتلىرىنىڭ كەينىگە خاپىلىق ئېلېمېنتلىرى يوشۇرۇنغانلىقىدىن شەپە بېرىدۇ ھەم شائىر ۋاپاسىز پەلەكنىڭ جەبرىدىن شىكايەت قىلىدۇ. شاھزادە شامنىڭ ھېكايىسىگە ئۇلاپلا قاراقچى تەرىپىدىن بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان ئىككى دوستىنىڭ بىرىنىڭ مەشۇقى بولغان قىز تەرىپىدىن باشلىرى بىلەن گەۋدىلىرى ئالماشتۇرۇلغان ھالدا تىرىلدۈرۈلگەندىن كېيىنكى قىز تەۋەلىكى ھەققىدىكى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا پەرىزات يەنە بىر قېتىم ئىختىيارسىز ئويغىنىدۇ- دە، ئۈچىنچى شەرت ئادا بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پەرىزات شاھزادىگە ئۆز رايىنى بېرىپ، دادىسى شاھ تاجى ۋە ئانىسى ماھرۇينىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئىككى ئاي توي قىلىپ نىكاھلىق بولىدۇ. شائىر بىر خۇشاللىق ئىزىدا بىر قايغۇنىڭ تۇرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ، فىرۇزشاھنىڭ ئانىسىنىڭ ئوغلى ھىجرىدە ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئاتىسى شەھسۋارنىڭ ئوغلىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي بىئارام بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىدۇ ۋە ۋەزىر سەلىمنىڭ تىلىدىن كەنئانلىق ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى ھىجران ۋە ۋىسال قىسسىسىنى بېرىدۇ. بۇ چاغدا شاھزادە فىرۇز ئاتا- ئانىسىنى چۈشىدە كۆرۈپ چەكسىز پەرىشانلىق ئىچىدە قالىدۇ. ئۇ ئاخىر پەرىزات رەنا بىلەن سىمىن شەھىرىگە ئاتلىنىدۇ ۋە ئۇ شەھەرگە يېتىپ بارىدۇ. شەھسۋار ئوغلىغا خانلىق سەلتەنەتىنى بېرىپ ئاندىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. فىرۇزشاھ تەختتە ئۇزاق ئولتۇرىدۇ. كېيىن پەرىزات ۋاپات بولۇپ شاھ تەركىدۇنيا بولىدۇ. خەلقنىڭ تەلىپى، ۋەزىر فىرۇزرايىنىڭ تەكلىپى بىلەن فىرۇزشاھ ئوغلى فەررۇخسۋارغا شاھلىقنى ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ.

فىرۇزشاھ تەركىدۇنيالىقتا يۈرگەندە يەنە ياشلىقىدا ئۇچراتقان ھېلىقى كېيىكنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن يەنە چاھارباغقا كىرىپ قالىدۇ، قارىسا، ئۇنىڭدا ھېچ نەرسە قالمىغان.

دېمەك، ئايازى ئۆز داستانى «جاھاننامە»دە، كائىناتتىكى ئاسمان، مىنبىراللار، ئۆسۈملۈكلەردىن تارتىپ تاكى ئىنسانىيەت روھى ۋە تەپەككۇرىغىچە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئاساسىدا تەكىتلىگەن. شائىر:

*تۈزۈلگەن زاماندىن فەلەك گەردىشى،*

*ئېرۇر خاندانلارنى بۇزماق ئىشى.*

*قەيان باردى بۇ ھەم نەشىنلەر دېمەس،*

*ئۇلارنى كۆرۈپ ئۆز غەمىن يېمەس.*

ئىكەنلىكىنى بەدىئىي ئۇسۇلدا بايان قىلدى. شائىر ئۆز داستانىدىكى ۋەقەلەردىن قىسقا ئۆمۈرنى خەلقە-جامائەتكە بېغىشلاش لازىملىقىنى، پادىشاھلارنىڭ ئادىل ۋە رەھىمدىل بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى خۇلاسىلەرنى چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ رېئالىستىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

«جاھاننامە» شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە مۇھىم ۋە سالماق ئورۇن ئىگىلەيدۇ. ئۇ چوڭ

ھەجىملىك داستان بولۇپ، تۈزۈلۈش جەھەتتىن 64 باب (13251 بېيىت)تىن تەشكىل تاپقان.

داستاندا «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىدىن ئېلىنغان تەسۋىرىي پارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ (140 ـ 144 ـ بېيىتلارغا قاراڭ). بۇ ھالنى ئاپتورنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلار بىلەن يېقىن تونۇش ئىكەنلىكى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ فانتازىيەلىك داستان ژانىرىنى يارىتىشقا ئىنتىلگەنلىكى بىلەن باغلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ.

دېمەك، شائىرنى 16 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن، ئۇنىڭ «جاھاننامە» ناملىق داستانىنى ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانچىلىقى تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

1. «جاھاننامە»نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى

«جاھاننامە» ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەنلا كۆزگە تاشلانماستىن، بەلكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ موللۇقى ۋە تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇنلۇقى بىلەنمۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. داستاندا تەسۋىرلەنگەن فىرۇزشاھنىڭ ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ پەرىزات رەنانى ئۈچ قېتىم ئۇيغىتىش بەدىلىگە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي ۋەقەلىك ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ قەدرىگە يېتىش، بىلىم ئەھلىلىرىنى ئۇلۇغلاش، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئاتا ـ بالىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتىكى ۋاپادارلىق، پاك ۋە چىن مۇھەببەتنى قەدىرلەش، كىشىلەر ئارا ۋاپادارلىق قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەر كونكرېت بەدىئىي ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. داستاندا ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى بولغاندىلا ھەر قانداق مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەت يەنىلا ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىگەن. بۇ نۇقتا فىرۇزشاھ بىلەن رەنا ئوبرازىدا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. پەرىزات رەنا ئۈچ قېتىم ئۇيقۇغا كەتكەندە فىرۇزشاھ ھەر قېتىمدا بىر ـ بىرىدىن مۇرەككەپ، سەللا دىققەت قىلىنمىسا توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدىغان، كىشىلەردىن ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ئۈچ ھېكايىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۇنى ئۈچ قېتىم ئويغىتىپ ئۇنىڭ شەرتىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، فىرۇزشاھ بۇ شەرتنى بەجا كەلتۈرۈشتە ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايانغان. يالغۇز فىرۇزشاھلا بىلىملىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مەشۇقى رەنامۇ شۇقەدەر بىلىملىككى، فىرۇزشاھ ئوتتۇرىغا قويغان مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە ئۇ ئەتراپلىق، توغرا ۋە ئادىل جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق شائىر كىشىلەرنى بىلىم ئىگىلەشكە چاقىرىدۇ. بىلىملىك بولغاندىلا مۈشكۈل ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پەرىزات رەنانىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۇيقۇدىن ئويغىنىشىغا دىۋە قولىدىكى قىز ھېكايىسى سەۋەب بولىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنىدا باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلىگەن. شائىر داستاندىكى قىزىقارلىق ۋە ئەھمىيەتلىك بىر ۋەقە ئارقىلىق كىشىلەرنى مەرد، باتۇر بولۇشقا چاقىرىپ، ئاجىزلارغا كۆيۈنۈش، ۋاپادارلىق ۋە ياخشىلىق قىلىش ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بۇ داستاندا شائىرنىڭ پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەزمۇنلار خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، فىرۇزشاھ رەنانى ئۈچ قېتىم ئويغىتىپ مۇرادىغا يەتكەندىن كېيىن بەخت ـ سائادەتكە چۆمۈلىدۇ. لېكىن ئۇ ۋىسال ئارزۇسىغا قانغان ئاشۇنداق خۇشال كۈنلەردە ئانىسى پەرزەنت ھىجرانىدا

ئالەمدىن ئۆتىدۇ. فىرۇزشاھمۇ چۈشىدە ئاتا-ئانىسىنى كۆرۈپ پەرىشان بولىدۇ. ئۇ رەنا بىلەن سىمىن شەھىرىگە ئاتلىنىپ ئاتىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئاتىسى ئوغلىغا خانلىق تەختىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

فىرۇزشاھ تەختتە ئولتۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە رەنامۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ شاھنى چوڭقۇر دەرد-ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ. فىرۇزشاھ شاھلىق ئورنىنى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تەركىدۇنيا بولىدۇ. ئۇ تەركىدۇنيالىقتا يۈرگەندە ياشلىقىدا ئۇچراتقان ھېلىقى كېيىككە دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن چاھارباغقا كېلىپ قالىدۇ. قارىسا ئۇنىڭدا ھېچ نەرسە قالمىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

دېمەك، شائىر ئۆز داستانىدا شەيئىلەرنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ھەرخىل ئۆزگىرىشتە، ھەرىكەتتە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، كېچىنىڭ ئورنىنى كۈندۈز ئالغاندەك، كائىناتتىكى ئالەم ئۆزگىرىشلىرىنىڭ مۇقەررەر بىر قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى ساددا دىيالېكتىك ۋە ساددا ماتېرىيالىستىك ئاساستا ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «جاھاننامە» ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي رېئاللىقى بىلەن پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئۆزىدە ئومۇملاشتۇرغان.

2. «جاھاننامە»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

بۇ داستان ئۆزىنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەنمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەردۇر.

داستاندىكى ئۈچ ھېكايە جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىقلىقى بىلەن كىشىلەر قەلبىگە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. بۇ ئۈچ ھېكايە ئۆزىنىڭ مۇلاھىزە خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئوقۇرمەننى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ مەلۇم خۇلاسە چىقىرىشقا ئېلىپ بارىدۇ-دە، بۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەننىڭ كېيىنكى ۋەقەلەرگە بولغان تەقەززالىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، ئوقۇرمەننى ئۆزىگە قاتتىق رام قىلىۋالىدۇ. داستاننىڭ بۇنداق سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇشى ئەلۋەتتە شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ئىنكاسى.

شائىر توق قاپىيە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، داستاننىڭ تىلى ياڭراق، جاراڭلىق ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ. داستاننىڭ تىلى يەڭگىل بولۇپ، شېئىرىي پىكرى راۋان، چۈشىنىشلىك. داستان مول تەسەۋۋۇرغا ۋە كۈچلۈك شېئىرىي ھېسسىياتقا ئىگە. داستاندا لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئېپىك ۋەقەلىك، تەسەۋۋۇر بىلەن كۈچلۈك شېئىرىي ھېسسىيات، مۇلاھىزە بىلەن مەنتىقىي خۇلاسە ئورگانىك ھالدا بىرىكىپ كەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شائىر داستاندا بىر مۇنچە ۋەقە، ھادىسىلەرنى فانتازىيەلىك ئامىللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. بۇ ھال داستاننىڭ جەزبىدارلىق كۈچىنى ئالاھىدە ئاشۇرغان. تىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ داستان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتلىرىنى نىسبەتەن كۆپرەك ساقلاپ قالغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ 15-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ خېلىلا چوڭقۇر تەسىرىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

# §3. مۇھەممەد ئىمىن ھىرقەتىي

## 1. مۇھەممەد ئىمىن ھىرقەتىينىڭ ھاياتى

17 ـ ۋە 18 ـ ئەسىر ئەدەبىياتىدا «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى بىلەن چوڭ شۆھرەتكە ئىگە بولغان ھىرقەتىي ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە سالماق ئورۇن ئىگىلەيدىغان شائىرلارنىڭ بىرى. ھىرقەتىينىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەد ئىمىن، ئاتىسىنىڭ ئىسمى خوجامقۇلى بولۇپ، ھىرقەتىي ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر. ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا خىرقەتى(خىرقىتى — يىرتىق چاپان كىيگەن كىشى) دەپ ئېلان قىلىنغان. ئىلمىي خادىملار شائىرنىڭ قول يازمىسىنى قايتا تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ تەخەللۇسىنىڭ «ھىرقەتىي» (كۆيۈپ يانغۇچى) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، شائىر «گۇمنام» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ نۇرغۇن لىرىكىلارنى يازغان. 11 ـ غەزىلىدە شائىر ئۆزىنىڭ ھىرقەتىي تەخەللۇسىنى مۇنداق ئاشكارىلىسا:

*ئىچىم لەئل ئولدى فۇرقەتىدىن، كۆزۈم دۇر يىغدى ھەيرەتدىن،*
*ئاياغ، باش شۆئلە ھىرقەتىيدىن بۇ ياڭلىغ تەختۇ تاجىم بار.*

يەنە بەزى ئىلمىي خادىملار نەشرگە تەييارلىغان 21 ـ غەزىلىدە ھەر ئىككى تەخەللۇسىنى مۇنداق قوللىنىدۇ:

*ھىرقەتىي ئىشق سايە ئىستەر باغۇ بوستانلار ئارا،*
*سايە گۇستەرلىق سىنىڭكى باغۇ بوستانىڭدەدۇر.*
..........
*بەندەئى گۇمنامنى مىڭ جەۋرى ئىلە قەتل ئەيلەدىڭ،*
*ھەرنە قىلساڭ سەن قىلۇرسەن ئەمر پەرمانىڭدادۇر.*

شائىر تەخمىنەن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كاشغەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ باغچى يېزىسىدا باغۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شائىر دەسلەپكى باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئالغاندىن كېيىن، كاشغەرگە كېلىپ زامانىسىنىڭ داڭلىق مەدرىسەلىرىدىن بولغان خانلىق مەدرىسەسىدە ئون نەچچە يىل بىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئانا تىل گىرامماتىكىسىنى پىششىق ئىگىلىگەندىن سىرت، كىلاسسىك شائىرلاردىن نەۋايى، فۇزۇلىي قاتارلىقلارنىڭ نادىر شېئىرلىرى بىلەنمۇ تونۇشۇپ، ئۆزىدىكى شېئىر يېزىش قىزغىنلىقى ئاساسىدا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

شائىر ئۆز يۇرتى باغچى يېزىسىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاتا كەسپى باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرلىكتە شېئىر يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. ئۇ 30 ياشلارغا تولغان مەزگىللەردە دادىسى خوجامقۇلى بىلەن بىرلىكتە ئاپپاق خوجىنىڭ باغچى يېزىسىدىكى «باغى ئىرەم» دەپ ئاتىلىدىغان بېغىدا باغۋەن، چىراغچى، كاۋاپچى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: «بۇ كىتابغە ‹مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام› ئات قويدۇم. ئەگەر كىشى ساھىب تەسنىفنىڭ كەلامىن ئىشتىپ، نامىن بىلەيىن دىسە، مەجھۇل قالماسۇن، مەئلۇم بولسۇن ۋە مۇبھەم بولماسۇن، مەفھۇم بولسۇن دەپ، ھەدەف نامىمنى ۋە تەرەتىپ مەقامىمنى تەئيىن قىلدىكىم، مۇھەممەد ئەمىن ئىبن خاجەمقۇلى ۋە ئازادەلەر باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە مېھنەت تاغىنىڭ گۇلى.... بەندەئى ئەۋلادىي مۇھەممەد كاشغەر

ۋەلايەتىدىن، تازغۇن دەھى، پىرھىدا يەتىدىن خالىي، ئارغۇن رەھىدىن قىشلاغى باغچى مەنىسەبى ھەم باغچى ۋە سانى چىراغچى ۋە سالىسە كەبابچى، بۇ ئىشلار ۋە بۇ رەۋىشلەر زۇبدەئى پەيغەمبەر زادەلەر ۋەشەھ ئازادەلەر دەۋرىدەدۇر.»[①] بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت ۋىلايىتى بوستانلىق ناھىيەسىنىڭ باغىستان يېزىسىدىن بولغان ئىساق ئىبن زىياۋىدىن تەرپىدىن ھىجرىيە 1130 ـ (مىلادىيە 1719 ـ) يىلى يېزىلغان «تەزكىرەئى قەلەندەران»دا بېرىلگەن مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتىيگە دائىر بايانلارمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

«تەزكىرەئى قەلەندەران»نىڭ ئۈچىنچى لەۋھەسىدە مۇنداق بايانلار بار: «پىرمەت سىتارى رىۋايەت قىلىدۇركىم، بىر نەچچە پۇرسەت پېقىر ۋە مەشرەپى مەجزۇب خوجام پاشانىڭ يازلىق قارارگاھى بولمىش گۈلباغ مەۋزۇئىندىكى بېغىدا خىزمەت ئاداسىدا بولدۇق. مەزكۇر باغ رەۋزائى رىزۋاندىن نىشانە ئىدى. جەننەتىسىمال باغنىڭ مۇتەسەددىسى خوجا پاشا خىشەلىرى بولمىش مۇھەممەد ئەمىن خوجامقۇلى ھىرقەتىي ئىدى. مەزكۇر ھىرقەتىي يەنە گۇمنام تەخەللۇس قىلۇر ئەردى. ئانىڭ قەلەمەدىن بەغايەت پۇرمەئنى ئەبياتلار زوھۇرغا كەلمىشدىكىم، گۇمنام ئۇلارنى بىر يەرگە جەملەپ ئەشئار دىۋانى ھەم تەرتىپ بەرمىش.»[②]

## 2. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» توغرىسىدا

1. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى

شائىرنىڭ بۇ داستانى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى داستانچىلىق شەكلى بولغان مەسنەۋى ( ئىككىلىك ) شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 3116 بېيىتتىن ئىبارەت 47 بابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ 47 بابنىڭ ئىككى بابى ئەسەرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسىدە شائىر مۇھەببەتتىن نېمە ئىشلار تۇغۇلىدىغانلىقى، مېھنەتنىڭ قانداق ئىشلارغا ئائىت بولىدىغانلىقى ھەمدە ئەرەب يېزىقى بويىچە يېزىلغان «مخبت» دېگەن تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن بۇ سۆزنىڭ ھەر بىر ھەرپىدىن چىقىدىغان يەتتە قىسمەتنىڭ شەرھىسىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ تېمىغا جەمئىي 146 بېيىت ئاجراتقان. ئىككىنچىسى، پەرۋانە بىلەن شامنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت ھېكايىسى بولۇپ، بۇنىڭغا 150 مىسرا ئاجراتقان. داستاننىڭ 20 بابى شەرق داستانچىلىق ئەنئەنىسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، 1046 بېيىت ئاجرىتىلغان. داستان ۋەقەلىكىنىڭ ئاساسىي قىسمى 24 بابتىن ئىبارەت. بۇ قىسىم 1610 مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر ساباھ، گۈل، بۇلبۇل ۋە گۈلى قەھ ـ قەھكە ئوخشاش سىمۋوللۇق ئوبرازلار ۋە گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ پاك ئىشق ـ ۋەھەببىتىنى يازغان. داستاننىڭ ئاخىرى 164 بېيىتتىن ئىبارەت لىرىك خاتىمە بولۇپ، بۇنىڭدا شائىر داستان سۇژېتلىرىغا سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيەۋى مەزمۇننى ئىخچام خۇلاسىلەپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى چوڭقۇر لىرىك مەنتىق يەكۈن چىقارغان.

شائىر داستاندا ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا سىمۋوللاشتۇرۇپ، ئىخچام، جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. ئىجتىمائىي رېئاللىققا قارىتا قەلبىدە قوزغالغان كۈچلۈك نارازىلىق ھېسسىياتى ۋە ئادالەتكە ئىنتىلىشىنى، خەلقپەرۋەرلىك

[①] بۇ ماۋزۇدىكى شېئىرلار مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتىينىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانىدىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى؛ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 2 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 548 ـ بەت.

[②] «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 2 ـ توم، 548 ـ بەت.

ئىدىيەسىنى، مېھنەتكەشلەر ئاممىسىغا بولغان سەمىمىي مۇھەببىتىنى كۈچلۈك تۈردە ئىنكاس قىلىپ بەردى. زۇلمەتلىك قارا تۈنگە، ئېكسپلاتاتور سىنىپلارغا بولغان پۈتمەس-تۈگىمەس قەھر-غەزىپىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، جاھالەت ۋە قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلدى. ساباھ، قىزىلگۈل ۋە بۇلبۇل قاتارلىق سىمۋولىستىك ئوبرازلارنىڭ كونكرېت پائالىيىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئەركىن، باراۋەر، بەختلىك ھاياتقا تەلپۈنۈشتەك گۈزەل ئارزۇسىنى ئىنكاس قىلىپ بەردى. دەۋر ئاتا قىلغان ئادىمىي خىسلەتنى بىلەن ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئېنىق تونۇپ، ۋۇجۇدىدا قايناپ تۇرغان لىرىك ھېسسىياتىنى قويۇق رومانتىك ئۇسۇلدا تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشتى. مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ ئورگانىك بىرلىكى ۋە ئىنسان ھاياتىغا بەخش ئېتىدىغان خاسىيىتىنى تولۇق شەرھلەشكە تىرىشىپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان خۇسۇسىيىتىنى تەسىرلىك ئېپىزوتلار لىنىيەسىدە تولۇق ئېچىپ بەردى. داستانغا «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دەپ ماۋزۇ قويۇلۇشىمۇ، مېھنەت بىلەن مۇھەببەتنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇلارنىڭ ئورگانىك بىرىكىشىنى شەرھلەش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

داستاننىڭ بىرگە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئەرزىيدىغان قىسمى ئاساسەن تۆت قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر بىر قىسمىدا بايان قىلىنماقچى بولغان مەزمۇن بىر قانچە ئېپىزوتلار ئارقىلىق كونكرېتلىنىشقا ئىگە قىلىنغان.

داستاننىڭ بىرىنچى قىسمى داستان مەركىزىي ئىدىيەسىنىڭ لىرىك ئۇسۇلدا تاپشۇرۇلۇشى بولۇپ، شائىر بۇ قىسمىدا چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇن ۋە ئۆتكۈر لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىغا جانلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى يانداشتۇرۇپ قوللىنىش ئارقىلىق ئەسەر مەزمۇنىنى كۈچلۈك لىرىك تۈيغۇغا تويۇندۇرغان. بولۇپمۇ مۇھەببەتتىن نېمە ئىشلار ھاسىل بولىدىغانلىقى، مېھنەتنىڭ نېمە ئىشقا ئائىت بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئوبرازلىق پىكىر يۈرگۈزىدۇ. جۈملىدىن مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتى ۋە خاسىيىتىنى قىزغىن مەدھىيەلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالىيجاناب غايىسى مۇھەببەت بولىدىكەن، ئەلۋەتتە بۇ غايىگە يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى جاپالىق مېھنەت ۋە كۈرەش ئىچىدە تاۋلىنىپ، قەيسەر ئىرادە تىكلەش، بۇ يولدا پەقەت بىر نىيەت بىلەن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ھىجران تۇمانلىرىنى سۈر-توقاي قىلىپ، ۋىسال سەيرگاھىدا قوشۇلۇشقا ئېرىشىش دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ قىسمىنىڭ بىرىنچى بابىدا شائىر «مۇھەببەت» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئەر-ئايال ياكى ئىشقىي ھەۋەس ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ياكى ساپ ئىشقىي سەرگۈزەشتە-غوۋغالا ئەمەس، بەلكى بۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئالىيجاناب قەيسەر ئىرادە تىكلەش؛ بۇ غايە، ئارزۇ-ھەۋەس ۋە ئىدىيەنىڭ بىر مەنبەسى، بۇلىقى ھەم بۇ بۇلاق ۋەسلىگە يېتىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپەر. بۇ جەرياندا ئېلىپ بېرىلغان يالقۇنلۇق كۈرەش ۋە مېھنەت ئوتلىرىدا تاۋلىنىشتىن پەيدا بولغان يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ بىرلىكى مۇجەسسەملىنىدۇ دەپ قارايدۇ. مەسىلەن:

*بىلىڭ تۆرت ھەرپ ئىلە لەبزى «مۇھەببەت»،*
*ئېنىڭ ھەر ھەرپىن ئەتتىم يەتتە قىسمەت.*
*.............................................*
*بىرى جانغە تېگىپ «م» چوماغى،*
*مۇھەببەتنىڭ بولۇر ئاندىن بولۇغى.*
*ئىككىنچى مەنىسىدۇر، مۇبتالالىغ،*

*بۇ ئىشتىن ئىختىيار ئەتمەس جۇدالىغ.*

...........

شائىر ھىرقەتىي «مۇھەببەت» دېگەن سۆزدىكى تۆت ھەرپنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، 28 تۇرلۇك ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى شەرھلىگەن. ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممە خىللىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۆزىگە خاس تىل چېۋەرلىكى ھەم ئەڭ ياخشى، تاللانغان سۆز دۇردانىلىرى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب دۇنيا قارىشى، پەلسەپۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا روشەن سۈرەتلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز كۆز قاراشلىرىغا زىت بولغان يامان ئىللەتلەرنى، ئۆزى ياشىغان زاماننىڭ دەھشەتلىك مەنزىرىسىنى سىمۋولىستىك ئوبرازلارنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق پاش قىلىپ، ھۆكۈمران سىنىپقا لەنەت ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شائىر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاجايىپ يۈكسەك مەزمۇنلارنى داستاندىكى ساباھ، قىزىلگۈل ۋە بۇلبۇلدىن ئىبارەت ئۈچ پېرسوناژنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرىگە تەبىئىي سىڭدۈرۈۋەتكەن.

شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى بۇ ئىلغارلىق ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رېئاللىققا توغرا قارىشىنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ داستاننىڭ رومانتىك قىسمىغا ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ناھايىتى چوڭقۇر مەزمۇن ۋە تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان پەرۋانە بىلەن شام ھەققىدىكى بىر بابنى بېرىش ئارقىلىق ناھايىتى روشەن بولغان رېئالىستىك خاھىشتىكى كۆرۈنۈشنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا يايىدۇ:

*ئىشىت پەرۋانە بىرلە شەمئ ئىشقىن،*
*يارۇت كوڭلۈڭ ئۆيىگە ئىشىق شەمئىن.*
*قىلىپ ئۇ شەمئى ئىلە رۇشەن دىلىڭنى،*
*ئۇزات سەن ھەم ياقاي دەپ ئوت دىلىڭنى.*

شائىر ئۆزىنىڭ شام بىلەن پەرۋانە توغرىسىدىكى ۋەقەلىكىنى ۋە بۇ ۋەقەلىككە سىڭدۈرمەكچى بولغان ئاساسىي مەقسىتىنى يۇقىرىقىدەك لىرىك كىرىش بىلەن باشلاپ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا مۇنداق بىر تەسۋىرىي كۆرۈنۈشنى بېرىدۇ:

*بەنەگاھ كۈن جاھاننى قىلدى سەيران،*
*كەچ ئولدى، بۇلھەۋەسلەر قالدى ھەيران.*
*يىغىلىپ تەيىن ئەيلەپ ئىتتىپاقىن،*
*ھەر ئانچە قىلدىلەر مەجلىس ياراغىن.*
*يامانۇ ياخشىلار تا بولدىلەر جەمئ،*
*بىر ئۆي ئىچرە مۇبادا ياقتىلار شەمئ.*
*كىرىپ ئول ئۆي ئىچىگە تۈزدى مەجلىس،*
*يىغىلدى ھەر تەرەپتىن ئاندا ھەر جىنس.*

بۇ ئۆيگە يىغىلغان قېرى-ياش، ياخشى-يامان، قىز-جۇۋانلار ئاجايىپ-غارايىپ كىيىملەرنى كىيىشىپ، ھەرخىل رەڭلەر بىلەن پەرداز قىلىشىپ، سازچى، قوشاقچىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن شۇنداق بىر بەزمە تۈزدىكى، بۇ يەردە ئەيش-ئىشرەت ئەۋجىگە چىققان، خىلمۇ خىل ناز-كەرەشمە، ياڭزىمۇ ياڭزا قىلىقسىزلىقلار، ئاھ دوست، ياھ دوست دەپ پىغان كۆتۈرۈشلەر قايناپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئولتۇرۇشتا ئۆزىنى يوقاتقان مەستى مۇستەغرەقلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆلكە ۋە بەتقىلىقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، مەغرۇرلىنىپ، ئەتراپتا، شۇ ئۆينىڭ ئىچىدە نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىشمەيتتى. قاراڭغۇ ئۆينى نۇرغا چۆمۈلدۈرۈپ، كىشىلەرنى يورۇقلۇق بىلەن

تەمىن ئېتىۋاتقان شامنىڭ ئەتراپىدا نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى نەزەرلىرىگىمۇ ئىلىشمايتتى دەپ تەسۋىرلەپ كېلىپ، مۇشۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە ئىككىنچى بىر ئەھمىيەتلىك كۆرۈنۈشنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا يايىدۇ.

شائىر يورۇقلۇقنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغان پەرۋانە شەمئىنىڭ ھۆسنىگە شەيدا بولىدۇ، شاممۇ ئۆز تېنىدىن چىققان نۇر ئۇچقۇنلىرى ئارقىلىق پەرۋانىگە تەبەسسۇم قىلىپ، نۇرلۇق يۈزىنى شەربەت جامى قىلىپ، ئىشق مەيىنى ئىچۈرۈۋەتتى، پەرۋانە ئاشىقىي بىقارار بولۇپ ھوشىدىن كەتتى دەپ كېلىپ، مۇشۇ تەسۋىرلەرنى بېرىۋاتقاندا ئىختىيارسىز ھالدا:

*نىگارى جىلۋىگەر بولسا كۆزىدە،*

*قالۇرمۇ ئاشىقى بىدىل ئۆزىدە.*

دەپ، مۇھەببەتنىڭ كىشى يۈرىكىنى ئاجايىپ لەرزەتكە تولدۇرغۇچى شېرىن ۋاقىتلىرىنى ۋە ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئاشىق ئۇچۇن خۇشال چىراي ئاچقان مەشۇقنىڭ گۈزەل ناز-كەرەشمىلىرىنى كۆرگەن ئاشىقنىڭ ئەڭ نازۇك ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شائىر بۇ ئېپىزوتلىرىدا لىرىك ھېسسىيات بىلەن ۋەقەلىك توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئورگانىك ھالدا باغلاپ تۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ:

پەرۋانە شامنىڭ ئىشقىدا بىئارام بولۇپ، يۈرىكى كاۋاپ بولاتتى، شامنىڭ تېنىدىن چىققان ئۇچقۇنلار پەرۋانىنىڭ ئىشقىي ئاھى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ساۋۇت كىيىمىگە ئايلىناتتى ۋە بىتاقەتلىك بىلەن شامنى چۆرىدەپ ئۇنىڭغا ئىشقۋازلىق قىلاتتى. گاھ ئۇقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئوتقا ئۆزىنى ئېتىپ ھوشىدىن كېتەتتى، يەنە ھوشىغا كېلىپ شەمئى ئەتراپىدا ئايلىناتتى، بۇ كۆرۈنۈشتىن سورۇن ئەھلىنىڭ قىلچىمۇ كارى يوق ئىدى. مانا، پەرۋانە يەنە بىر قېتىم ئۇچقان ئوقتەك كېلىپ نۇرغا ئۆزىنى ئۇردى. نۇر بىلەن پاكلانغان تېنىنى يەرگە ئۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جىسمى يانجىلىپ، تەن قاچىسى سۇنۇپ، جان سۈيى تۆكۈلدى-دە، بىخۇد بولۇپ مەجلىس ئەھلى ئايىغىدا يانجىلىپ توپىغا ئايلاندى، كۆڭلىمۇ تىندى.

دېمەك، ئاپتور ئەسەرنىڭ بۇ قىسمىدا بىزنىڭ ئالدىمىزغا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىككى كۆرۈنۈشنى يەنى، ئەينى زامانىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلار، بىكار تەلەپلەرنىڭ تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنى شىلىۋېلىپ، ئەيش-ئىشرەتتە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان، كۆرگەنلا يەردە ھالقا تۈزۈپ، زىكىر-سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، خۇداگۈيلۇق تونىنى كىيىۋېلىپ ئادەم ئالداۋاتقان سوپى-ئىشانلارنىڭ كۆرۈنۈشىنى بەرسە، يەنە بىر كۆرۈنۈشتە بولسا، پاك-سەمىمىي مۇھەببەت، ئالىيجاناب غايە يولىغا ئۆزىنى ئاتاپ، ئاشۇ غايىسىگە يېتىش يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولۇشنىڭ ئاساسىنى ناھايىتىمۇ روشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئاپتور بۇ ئىككى خىل كۆرۈنۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى زامانىسىنىڭ دەھشەتلىك رېئاللىقىدىن ئىلمىي يەكۈن چىقىرىپ، قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت ئۈستىدىن چۇقان كۆتۈرۈپ شىكايەت قىلىدۇ. زۇلۇم، پىتنە-پاسات بەدىلىگە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش، بىخۇدلۇق، نادانلىق ۋە بىكار تەلەپلىكتەك ناچار خاھىشلارغا نەپرىتىنى بىلدۈرىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇ شام بىلەن پەرۋانىنىڭ پاك مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خەلققە، ۋەتەنگە يەنى نۇر بىلەن ئادالەتكە ئاتاش يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولۇش، شامدەك تۈز، رۇس، ئادىل بولۇپ، بارلىقىنى مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى ۋە مۇقەددەس ۋەتىنىگە بېغىشلاپ نۇر تارقىتىپ، شامدەك نۇر بولۇپ يېنىپ، كۈلگە ئايلىنىپ كېتىشكە ئوخشاش قەيسەر ئىرادىسىنى ئىپادە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىر ئورۇندىكى ئىككى خىل كۆرۈنۈش

ئارقىلىق، ئۆزىنى ئىنسان دەپ ئاتىغانلار بىلەن پەرۋانىنىڭ ھالىتىنى سېلىشتۇرۇپ، باتۇر پەرۋانىگە ۋە نۇر تارقاتقۇچى شامغا ھېسداشلىق قىلىدۇ.

داستانىنىڭ يۇقىرىقى مەزمۇنلىرى سۆزلەنگەن بىرىنچى، ئىككىنچى بابلاردىن بىز شۇنى ھېس قىلىمىزكى، شائىر ئۆزىگە خاس بولغان ئوبرازلىق تىل ئىشلىتىشنىڭ چېۋەر ئۇستىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ئۇستازلىرى فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋايى ۋە شۇلارغا ئوخشاش نادىر ئۆلگىلەرنىڭ ئىجادىيەت يولىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى. سىمۋولىستىك ئۇسۇلدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، دېموكراتىك ئىدىيە، ئىنسانپەرۋەرلىك، پاك، سەمىمىي مۇھەببەت، مېھنەت ۋە خەلقپەرۋەرلىكنىڭ كۈيچىسى بولۇپ، زامانىسىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلدى. مۇھەببەت ئارقىلىق ئالىيجاناب، يۈكسەك غايىنى، ئەركسۆيەرلىكنى، خەلقچىل تۇيغۇلارنى، توغرىلىق، مېھرىبانلىق، ئاڭلىقلىق، راست سۆزلۈك، سەمىمىيلىك ھەم قەيسەر ئىرادە قاتارلىق ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتلەرنى تەرغىب قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، زوراۋانلىق، يالغانچىلىق، ئىككى يۈزلىمىلىككە ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرگە قارشى كەسكىن ئوت ئېچىپ، ئەخلاقىي، روھىي يۈكسىلىشنىڭ داغدام يولىنى ئوبرازلىق سىزىپ كۆرسەتتى. مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ ئۆزئارا زىچ بولغان سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى، ئۇنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان تەسىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار ئارقىلىق تەكىتلەپلا قالماستىن، بەلكى مېھنەتنى زوق ـ شوق بىلەن مەدھىيەلەپ، ئۇنى ئۇلۇغلىدى. دۇنيادىكى بارلىق ياخشى نەرسىلەر ۋە ئامىللارنىڭ، بەخت، ھالاۋەت، باياشاتلىق ۋە نازۇنېمەت قاتارلىقلارنىڭ ئاساسى يەنىلا مېھنەت دەپ قارىدى :

*چېكىپ جان ئەتمەيىن چاك يەرنى دېھقان،*
*قاچان تازا زىمىنگە پاش ئېتەر دان.*
*ئۇنەرمۇ دان ئەگەر نەم ئولمىسا يەر،*
*چۇمۇپ دان بىخ ئۇرۇپ بەس كۆرسۇتەر سەر.*

شائىر: ئەگەر دېھقان جان ـ دىل بىلەن ئىشلەپ قاتتىق، ئۇنۇمسىز يەرنى مۇنبەت يەرگە ئايلاندۇرۇپ ئۇرۇق سالمىسا، كۆز ياشلىرى ۋە قان ـ تەر بەدىلىگە ئۇ يەرنى سۇغىرىپ نەم قىلمىسا، قانداقمۇ يەرگە چۈشكەن دان بىخ ئۇرۇپ چىقىپ يەرنى كۆكەرتەلىسۇن، ھوسۇل بېرەلىسۇن دەيدۇ.

دېمەك، شائىر مېھنەتنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى مېھنەتنىڭ بەخت ـ سائادەت ۋە پاراۋانلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى تەكرار ـ تەكرار ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئاشۇ مېھنەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاساسىي قاتلام مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇلارنى ئالەمدىكى ئەڭ ساپ كىشىلەر دەيدۇ:

*ئېرۇر نىئمەت ئەگەر مېھنەت ئىچىدە،*
*بىلىنگ زەر ساپ ئولۇر ھىرقەت ئىچىدە.*

شائىر: دۇنيادىكى بارلىق نازۇنېمەتلەرنىڭ پەقەت مېھنەت بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى بىلىدىكەنسىز، يەنە شۇنىمۇ بىلىپ قويۇڭكى، ئالتۇن بوتا[①] ئىچىدە ساپ ئالتۇنغا ئايلانغانغا ئوخشاش، ئاشۇ مېھنەت تۈپەيلى كۈنىرىغان چاپانلار ئىچىدە ئالتۇندەك قەلبلەر ياتىدۇ دەپ خۇلاسە قىلىدۇ. ئومۇمەن قىلغاندا، داستانىنىڭ بۇ قىسمىدا شائىرنىڭ ھەققانىيەتكە ۋە ئادالەتكە

---

[①] بوتا ــ زەرگەرنىڭ ئالتۇن ئېرىتكۈچى ئەسۋابى.

تەلپۈنگەن پاك قەلبى كۆچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئەسەر سۈژىتىدا زەنجىرسىمان ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئىدىيەۋى مەزمۇننىڭ يىغىنچاق ۋە چۈشىنىشلىك يەكۈنلىنىشىدۇر.

داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمىدا شائىر ئەسەر ۋەقەلىكىنى بىۋاسىتە بايان قىلىشقا كۆچۈپ، ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرى بىلەن كىتابخانلارنى تونۇشتۇرىدۇ. سىمۋولىستىك ئوبرازلار ۋۇجۇدىدىكى خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلەرنى مۇناسىپ ھالدا چۈشەندۈرىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇلارنى قايسى مەقسەتتە ۋەقەلىك سەھنىسىگە چىقارغانلىقىنى روشەن ئېنىقلايدۇ.

شائىر ھېرقەتىي داستاننىڭ بۇ قىسمىدا داستان مەركىزىي ئىدىيەسىنى يورۇتقۇچى ۋەقەلىكلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىش ئارقىلىق، سەباھتىن ئىبارەت ھەققانىيەت ئەلچىسى، يورۇقلۇق ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولى قىزىلگۈل، زۇلمەتلىك تۈندە تاڭ باھارىغا ۋە ئادالەت گۈلىستانىغا تەلپۈنگەن بۇلبۇل قاتارلىقلارنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يارىتىدۇ. ئەينى دەۋر رېئاللىقىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى: ھەققانىيەت ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنغان، مەزلۇم، جاپاكەشلەرنىڭ ئەركىنلىك ۋە ھۆرىيەتتىن مەھرۇم بولغان پاجىئەلىك كۈرۈنۈشلىرىنى رومانتىك ئۇسۇل بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇپ ئېچىپ بېرىدۇ. فېئودال كۈچلەرنىڭ ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ ئاھۇ زارىغا پىسەنتمۇ قىلمايدىغان، قىزلارنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىدىغان رەزىل قىلمىشلىرىنى گۈلى قەھ-قەھتىن ئىبارەت ئوبراز ئارقىلىق كىنايىلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمىدا شائىرنىڭ جاپاكەش ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا بولغان ھېسداشلىقى، گۈزەل، ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشى، زۇلمەتلىك قارا دەۋرگە بولغان نەپرىتى ساباھ ۋە قىزىلگۈلدىن ئىبارەت سىمۋولىستىك ئوبرازلار ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ.

داستاننىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى بولغان قىزىلگۈل بىلەن بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋەقەلىكى لىرىك ھېسسىيات، باي تەسەۋۋۇر كۈچى، ئوبرازلىق تىل ياردىمى بىلەن يارقىن يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ قىسىمنى پۈتكۈل ئەسەرنىڭ يۇقىرى پەللىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ۋۇجۇدى گۈزەللىك ۋە نازاكەتكە تويۇنغان قىزىلگۈل ئۆزىنىڭ گۈزەل خۇلقى بىلەن بۇلبۇلنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. ئىشق سەۋداسىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان بۇلبۇل قىزىلگۈل شېخىغا قونۇۋېلىپ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ناۋا قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ مەستى مۇستەغرەق ھالىتىدە گۈلنىڭ تىكىنىنى بەدىنىنى تىلىپ جاراھەتلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گۈزەل جامالىنى دەردلىرىمگە داۋا دەپ بىلىپ، بۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرىدۇ. ئۇ قىزىلگۈلگە بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئاجايىپ تەسىرلىك يوسۇندا بايان قىلىدۇ. قەلبىدە مۇھەببەت ئوتىنىڭ ئۇچقۇنلىرى يېلىنجاشقا باشلىغان قىزىلگۈل بۇلبۇلنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئاڭلاپ، ناز بىلەن تەبەسسۇم قىلىدۇ. ئىككىيلەن ئۆزئارا سوئال-جاۋاب قىلىشىدۇ.

بۇلبۇل بىلەن قىزىلگۈل ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ سەباھ بىلەن بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە سىمۋولىستىك ئوبراز بۇلبۇلنىڭ خاراكتېر-خۇسۇسىيىتىنى روشەن ئېچىپ بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

قىزىلگۈل بىلەن بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت قىزغىن داۋام قىلىندۇ. ھەر ئىككىيلەن

كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى بىر-بىرىگە ئېيتىشىپ ئۆزئارا دىلكەشلىك قىلىشىدۇ. بىراق، ئۆزىگە سادىق مۇناسىپ يار تاپالماي ئۇزۇن مۇددەت پەرىشان ئۆتكەن قىزىلگۈل بۇلبۇلنىڭ مۇھەببىتىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىردىنلا پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، قەستەن بۇلبۇلغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدۇ. بۇ ھالەت ئېغىر كەلگەن بۇلبۇل ئاخىرى گۈلنىڭ تىكىنىنى باھانە قىلىپ قايتىپ كېتىدۇ.

شائىرنىڭ بۇ يەردە ۋەقەلىكنى يۇقىرىقىدەك ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. چۈنكى ئۇزۇن مۇددەت ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمەي پەرىشان ئۆتكەن قىزىلگۈلنىڭ تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەن بۇلبۇلنى ئىمتىھان قىلماقچى بولغانلىقى تەبىئىي بىر ئىش ئىدى. شائىر بۇلار ئارقىلىق قىزىلگۈلنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنىڭ سەمەرىسىنى ئاجايىپ چېۋەرلىك بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى كۆرۈنۈشتىن كېيىنلا، ھەققانىيەت ۋە پاك مۇھەببەتنىڭ ئەلچىسى بولغان سەباھ جاھاننى ئايلىنىپ يەنە گۈلشەنگە قايتىپ كېلىدۇ. قارىسا بۇلبۇل يوق. قىزىلگۈلمۇ خامۇش ھالەتتە تۇرغان. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن سەباھ شۇ ھامان قىزىلگۈلدىن سوراپ بۇلبۇلنىڭ ئاغرىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ. قىزىلگۈل سەباھقا: مەن بۇلبۇل بىلەن تۇنجى رەت كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ راست ياكى يالغان ئاشىق ئىكەنلىكىنى سىناپ باقاي دەپ قەستەن بىپەرۋا بولىۋالغان ئىدىم. شۇڭا ئۇ رەنجىپ كېتىپ قالدى دەيدۇ. سەباھ گۈلنىڭ بۇ قىلىقىنى قايىل قىلارلىق پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىدۇ. گۈل بۇ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ خىجىل بولىدۇ-دە، بۇلبۇلغا قايتا تەكلىپنامە يازىدۇ. سەباھ تەكلىپنامىنى ئېلىپ بۇلبۇلنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن سەھەرلەپ يولغا چىقىدۇ ۋە ئاخىرى پىراق دەستىدىن يېگانە ھەسرەت چېكىۋاتقان بۇلبۇلنى ئىزدەپ تاپىدۇ.

بۇلبۇل سەباھنى كۆرۈپ خۇشاللىنىدۇ. سەباھ كەلتۈرگەن مەكتۇپنى ئوقۇپ چەكسىز سۆيۈنىدۇ. «نېمە ئۈچۈن قىزىلگۈلنى تاشلاپ كەتتىڭ؟» دېگەن سوئالغا بۇلبۇل: «ئۇنىڭ تىكىنىنىڭ دەردىگە چىداشلىق بېرەلمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان سەباھ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىدۇ.

سەباھنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتىدىن بۇلبۇلنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپىدۇ. قەلبىنى چىرمىۋالغان گۇمانىي خىياللارنىڭ تەسىرىدىن خالاس بولىدۇ. سەباھنىڭ يول باشلىشىدا گۈلنىڭ ھۇزۇرىغا، يەنى پاك مۇھەببەتنىڭ رەڭدار گۈلشەنىگە قاراپ يول ئالىدۇ. ھىجران مۇھەببەتنى تاۋلاپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەسىل مېۋىسىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇلبۇل بىلەن قىزىلگۈل بەختلىك ھالدا بىر-بىرى بىلەن قوشۇلىدۇ.

دېمەك، پۇتكۇل ئەسەر كۈلمىناتسىيەسىنىڭ ئەنە شۇنداق خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇش نەتىجىسىدە ئاخىرلىشىشى شائىر قەلبىدە مەۋج ئۇرغان ھەققانىيەت ۋە ئادالەتكە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغان ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق يەكۇنلىنىشى بولۇپ، چوڭقۇر تەسىر قىلىش كۈچى بىلەن تولۇپ تاشقان. بىز بۇ قىسمىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكتىن يوروقلۇقا ۋە ئادالەتكە تەلپۈنگەن كىشىلەردە چوقۇم قەتئىي ئىرادە، كۈرەشچان روھ بولۇشى كېرەككى، يېرىم يولدا تەۋرىنىپ قالماسلىقى، گۈلنىڭ تىكىنىدىن قورقۇپ ئارقىغا قايتماسلىقى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا كۆزلىگەن ئۇلۇغ غايىگە يەتكىلى بولىدۇ دېگەن ئويېتىمىستىك روھنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ شائىر ھىرقەتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى پاجىئەلىك رېئاللىقلارغا قارشى كەسكىن جەڭ ئېلان قىلىشى بولۇپ، كۈچلۈك تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

داستاننىڭ تۆتىنچى قىسمى پۈتكۈل ئەسەرنىڭ لىرىك خاتىمىسى بولۇپ، شائىر بۇ قىسمىدا داستان سۇژېتىغا سىڭدۈرگەن ئىدىيەۋى مەزمۇننى ئىخچام خۇلاسىلەپ، ئۇنىڭدىن تەسىرلىك يەكۈن چىقىرىدۇ. ئۆزىنىڭ داستاننى يېزىش ئارقىلىق نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىر قەدەم

ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەيدۇ. قىسقىسى سەباھ، بۇلبۇل، قىزىلگۈل ۋە گۈلى قەھ-قەھ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ نوقۇل مۇھەببەت ۋەقەسى ئەمەس، بەلكى ئەينى دەۋردىكى پاجىئەلىك رېئاللىقلارنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر بىلەن يېشىپ كۆرسىتىدۇ.

شائىر بۇ قىسىمدا يەنە ئەينى زاماندىكى ئىستىبدات ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنى خالىغانچە دەپسەندە قىلغانلىقى ۋە ئەزگەنلىكىدىن غەزەپلىنىدۇ. بۇ رودۇپايىلارنىڭ ئاخىرى خەلق تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ئۆتكۈر مۇلاھىزىسى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، شائىر ھىرقەتىينىڭ بۇ داستانى بىر قانچە سىمۋولىستىك ئوبرازلارنىڭ خاراكتېر خۇسۇسىيىتىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى رومانتىك ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۇرگەن ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا زۇلمەتكە نىسبەتەن شىكايەت، ئەركىن ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىز شائىرنىڭ بۇ ئىلغار قارىشىنى داستاندىكى تىپىك لىرىكا ۋە ئېپىكا ئاساسىدا چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. مەسىلەن، ئۇ كىرىش قىسمىدا «مۇھەببەت» دېگەن سۆزدىكى 4 ھەرپىنىڭ 28 تۈرلۈك خۇسۇسىيىتىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق مۇھەببەتتىكى جاپا-مۇشەققەت، ئىنسانىي خىسلەت، ۋاپادارلىق قاتارلىق بىر قانچە خىسلەتلەرنى تەرىپلىسە، ئىككىنچى قىسمىدا، شام بىلەن پەرۋانىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە بەزمىدىكى سورۇن ئەھلىنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئارقىلىق، سادىقلىق بىلەن ساپلىق، چىن ئەقىدە بىلەن سەمىمىي نىيەتنى كۆككە كۆتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، بىكار تەلەپ سوپى-ئىشانلارنى قامچىلايدۇ. ئۈچىنچى قىسىمدا بۇلبۇل، قىزىلگۈل، گۈلى قەھ-قەھ قاتارلىق ئۈچ نەپەر سىمۋولىستىك ئوبرازنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق مۇھەببەتتىكى ساداقەتمەنلىك، جاپاغا چىداش، خېيىم-خەتەر ۋە پىتنە-پاساتتىن قورقماسلىق، ۋىسالغا يېتىشتە دادىل بولۇشتەك ئارزۇ-ئىستەكلەرنى مەدھىيەلەش بىلەن بىرلىكتە، ئەركىن مۇھەببەتنى تەرغىب قىلىدۇ. تۆتىنچى قىسىمدا ئاپتور سىمۋولىستىك ئوبرازلار پائالىيىتىنىڭ نوقۇل مۇھەببەت ۋەقەسىلا ئەمەس، بەلكى ئەينى دەۋردىكى پاجىئەلىك رېئاللىقنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر بىلەن يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2. داستاننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» بەدىئىي قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. داستاندا شائىرنىڭ يۈكسەك ئەدەبىي ماھارىتىنى ۋە بەدىئىي تىل سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كامالىتىنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

(1) شائىر داستاندا سىمۋول، ئوخشىتىش، كىنايە، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ئامىللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان غايىۋى مەزمۇننى كونكرېت سىمۋولىستىك ئوبرازلارنىڭ تەسۋىرى ئارقىلىق ئىخچام، جانلىق ئىپادىلەپ بەردى. بولۇپمۇ داستاننىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى ئېچىپ بېرىشتە ئىنچىكە كۆزىتىش، پۇختا ئۆگىنىش ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەۋجۇت شەيئىلەر ئىچىدىن تۆت ئوبرازنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن جانلاندۇرۇپ تەسۋىرلەپ، ئۇلارنى ئۆز مەقسىتىنى ئىپادىلەشنىڭ مۇھىم ۋە جانلىق ۋاسىتىسى قىلدى. قىسقىسى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەرنى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرىگە ئاجايىپ ئۇستىلىق ۋە پۇختىلىق بىلەن تەتبىقلاپ، چوڭقۇر ئىدىيەۋى مەزمۇننى مۇكەممەل يارىتىلغان سىمۋولىستىك ئوبرازلارغا تايىنىپ ئەكس ئەتتۇردى.

بۇ ئوبرازلارنىڭ بىرسى سەباھ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ دەردمەن خەلقلەرگە بەخت يارىتىشقا ئىنتىلىدىغان، ياخشىلىق، ۋاپادارلىقنىڭ زۇلۇم ۋە ۋاپاسىزلىق ئالدىدا خار بولۇشىغا چىداپ تۇرالمايدىغان، ئاجىزغا ياردەم قىلىپ ئۇنى قاراڭغۇلۇق ۋە ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن

پىداكارلىق كۆرسەتتەندىغان ئالىيجاناب، غايىۋى قەھرىماننىڭ ئوبرازىدۇر. بىز بۇ ئوبرازنىڭ ۋۇجۇدىدىن فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ رەزىللىكىگە قىلىنغان شىددەتلىك ھۇجۇم يالقۇنىنى كۆرگەندەك بولىمىز[①].

ئىككىنچىسى قىزىلگۈل ئوبرازى بولۇپ، ئۇ سەممىمىي، ئەخلاقلىق، ئاقىلىق، مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن ۋاپادار مەشۇق ئوبرازىدۇر. يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، يورۇقلۇق ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولىدۇر. شائىر گۈلنىڭ چىمەندە يالغۇز يېگانە ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى خارلىغان فېئودال تۈزۈمگە دارىتمىلايدۇ.

ئۈچىنچىسى بۇلبۇل ئوبرازى بولۇپ، ئۇ مۇھەببەتنى، يورۇقلۇق ۋە ئادالەتنى قەدىرلەيدىغان سەممىمىي ئاشىق ئوبرازىدۇر. شائىر گۈلى قەھ-قەھنىڭ بۇلبۇل مۇھەببىتىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىنى سۈرەتلەش بىلەن بىرگە، مۇستەبىت زالىملارنىڭ ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبرازلىق ھالدا ئېچىپ بېرىدۇ.

تۆتىنچىسى گۈلى قەھ- قەھ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ فېئودال، ئەزگۈچى سىنىپلارغا سىمۋول قىلىنغان. شائىر بۇ ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق فېئودال، زالىم كۈچلەرگە بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شائىرنىڭ بۇ مەقسىتى گۈلى قەھ- قەھ ئوبرازىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بېرىلمىگەن. بۇنى بىز شائىرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئاشۇنداق كۈچلەرگە نىسبەتەن ئېھتىياتچان پوزىتسىيەدە بولغانلىقى دەپ ئېيتىمىز.

(2) شائىر داستاندا كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئەھمىيەتلىك ۋەقە-تەپسىلاتلارنى بىر-بىرىگە زىچ گىرەلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ بۇلاقتەك ئۇرغۇپ تۇرغان ئىچكى دۇنياسىنى بىۋاستە ئىپادىلىگەن ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇرلار كىشىگە ئاجايىپ بىر نازۇك تەسىرات بەخش ئېتىدۇ. سىمۋولىستىك ئوبرازلارنىڭ خاس خاراكتېرىنى روشەن يورۇتۇپ بەرگۈچى شېئىرىي سۆزلەر بولسا كىشىلەرنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ.

(3) داستاننىڭ كومپوزىتسىيەسى مۇكەممەل بولۇپ، ھەر بىر قىسىمدىكى باشلىنىشنىڭ پۇختا، زىچ تەشكىل قىلىنىشى، ئوبرازلارنىڭ جانلىق، گۈزەل سۈرەتلىنىشى، تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ رەڭدار، كۆركەملىكى، بەدىئىي سۈرەتلەش ئېلېمېنتلىرىغا باي ئىكەنلىكى بىلەن كۆركەم ئېچىلغان بىر دەستە گۈلدەك جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. شائىر ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، داستاننىڭ قۇرۇلمىسىدا بىۋاستە ئىپادىلەنگەن لىرىك ھېسسىيات بىلەن ۋاستىلىك ھېكايە قىلىنغان شېئىرىي سۆزلەرنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بولۇپمۇ داستاندىكى قىزىلگۈل بىلەن بۇلبۇل ئوبرازىدىكى لىرىك ھېسسىيات شۇنداق مۇناسىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانكى، ئۇلار بىر-بىرىگە ناھايىتى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈلگەن، قەھرىماننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ياخشى ماسلاشقان. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، شائىرنىڭ تەسۋىرىدىكى ھېسسىياتلار قانداقتۇر لەيلەپ تۇرغان تۇتۇق نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن كۈچلۈك، تەسىرلىك، رەڭدار، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، كىتابخانلاردا زوق، ھاياجان قوزغايدۇ.

---

① ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىننىڭ مۇشۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەھلىللىرىگە ئىجادىي ياندىشتۇرۇلدى. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسى باستۇرغان نۇسخىسى، 1982-يىلى.

(4) شائىرنىڭ داستانى كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولۇپ، بىر ئوقۇشتىلا ئوڭاي ئەستە قالىدۇ. رىتمى بىر خىل، قاپىيەسى توق بولۇپ، پىكىرلەر يەڭگىل ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ تىل ئۇسلۇبىدىن قاراپ، داستاننى ئەينى دەۋردىكى خەلق فولكلورىدىن ئوزۇق ئالغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

## 3. «دىۋانى گۇمنام» توغرىسىدا

شائىر ھىرقەتىنىڭ «گۇمنام» تەخەللۇسىدا يازغان لىرىكىلىرى «دىۋانى گۇمنام»غا جەملەنگەن[①].

گۇمنام لىرىكىلىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى ئىنساننىڭ ئىنسانىي خىسلەتلىرىدىن بىرى بولغان پاك ئىنسانىي مۇھەببەتنى، ئۇنىڭ چىدام، غەيرەت ئىرادە، ۋاپادارلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن زىچ بىرىككەن سېھىرلىك كۈچىنى، ئىنسانىي گۈزەللىكنىڭ ئادەم پائالىيىتىدىكى كونكرېت تەرەپلىرىنى چىن ئىنسانىي ھېسسىيات، نازۇك تىل ۋاستىلىرى ئارقىلىق ناھايىتى يارقىن ئىپادىلەپ بەرگەنلىك تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ. شائىر بۇ تېمىلارنى بەدىئىي تىلنىڭ سۆز سەزگۈسى، جەزبىدارلىقى، سۆزنىڭ جەلپكارلىقى قاتارلىق باسقۇچلاردا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، تولىمۇ يېقىملىق، رېئال لىرىك قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىدۇ. شۇڭا بۇ لىرىك قەھرىمان ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئىنسانغا:

*زاتى ئىنسان جەۋھەر ئىچرە گەۋھەرى يەكتاندۇر،*

*چۈنكى ئىنسان ئىشىق نەقدىغە تۈزەتكەن خانەدۇر.*

دەپ خىتاب قىلىدۇ. شائىرنىڭ نەزىرىدە ئىنسان بارلىق جەۋھەرلەر ئىچىدە ئەڭ ئېسىل گۆھەر ھېسابلانغان ئىكەن، ئۇنىڭ بۇ دەرىجىگە كوتۇرۇلۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ھاياتى ئىشق-مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقىدا دەپ بىلگەن. شۇڭا ئۇ لىرىكىلىرىدا مۇشۇ ئىدىيەنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىنساننى بىر-بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا (كۆيۈنۈشكە)، بىر-بىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلىدۇ. شۇڭا شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئومۇمىي ئېقىمى بولغان سوپىستىك مۇھەببەتكە قارشى ھالدا رېئال ئىنسانغا بولغان مۇھەببەتنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ:

*تەڭرىنىڭ كۆزۈڭ قاراسىدەك بەلاسى بارمىكىن،*

---

① «دىۋانى گۇمنام»نىڭ قول يازمىسى 1957-يىلى ياركەندتىن بايقىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئىختىيارىغا ئېلىنغان ۋە بۇ مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن «A» نۇسخا؛ 1990-يىللاردا ئۈرۈمچىدە ئەسقەر ھۈسەيىننىڭ قولىدا يەنە بىر نۇسخا بارلىقى مەلۇم بولۇپ، بۇ «B» نۇسخا دەپ ئاتىلىپ تۇرۇلدى. بولار ئىلگىرى-كېيىن «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» (1962-يىللىق 8-سانى)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» (1981-يىلى)، «بۇلاق» (1981-يىللىق 3-سان، 1995-يىللىق 2-سان) قاتارلىقلار سەھىپىسىدە ئېلان قىلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2004-يىلى مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ تەييارلىشى بىلەن «A» نۇسخا «دىۋانى گۇمنام» نامى بىلەن نەشر قىلىندى. «A» نۇسخىدا 85 غەزەل، ئىككى مۇخەممەس، 25 رۇبائىي، بىر تەرجىئىبەند، بىر مەسنەۋى ئورۇن ئالغان؛ «B» نۇسخا ئۈشتىملەنگەن خوتەن قەغىزىگە خەتتى پارسىي بىلەن ھەر بېتىگە 11 قۇردىن (رۇبائىيلار 8 قۇردىن) كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 61 پارچە شېئىر بار (رۇبائىيلار 25 پارچە)، جەمئىي 5500 مىسرادىن تەشكىل تاپقان غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مەسنەۋى، تەرجىئىبەند، قەسىدە، ساقىينامە ۋە رۇبائىي شەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان. 1900-يىلى تاشكەنت پورتسوف باسمىخانىسىدا بېسىلغان «دىۋانى مەشرەپ»كە گۇمنامنىڭ 11 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. 1979-يىلى تاشكەنتتە فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇرەشىت ئابدۇغوپۇروف تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «مەشرەپ شېئىرىيىتىدىن» دېگەن كىتابقىمۇ يۇقىرىقى غەزەلنىڭ 7 پارچىسى كىرگۈزۈلۈپ قالغان. مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ، بەزى كىشىلەر ئارىسىدا گۇمنام بىلەن مەشرەپ بىر كىشىمۇ قانداق دېگەن گۇمانىي قاراش شەكىللىنىپ قالغان. لېكىن، مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن گۇمنام مەشرەپتىن كېيىن ياشىغانلىقى ئېنىق («دىۋانى گۇمنام»نىڭ «كىرىش سۆز»ىگە قارالسۇن).

*كىرىپكۇ قاشىڭغە ئوخشەش ئوقۇياسى بارمىكىن.*

*ھەر نەزەر قىلغاندا تىگدى كۆڭلۈمگە مىڭ يەردە ئوق،*

*بىر ھەدەپىنىڭ خەستە كۆڭلۈمدەك ياراسى بارمىكىن.*

دەپ، ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى زاھىتلارنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت چۈشەنچىسىگە تۈپتىن ئوخشىمىغان ھالدا رېئال ئىنسانغا بولغان ئۆز مۇھەببىتىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوپى ـ زاھىتلارنىڭ ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئىنسانىي ئېزىش، قايمۇقتۇرۇپ رېئاللىقتىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئورۇنۇشتەك رەزىل قىلمىشىنىڭ ئونۇملۇك ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇپ بەرگەن باتىنىي ئىشق سەپسەتىسىگە قارشى ھالدا مەردانىلىك بىلەن 14 ـ غەزىلىدە:

*زۇھد ئېلىدىن روزى مەھشەر ئىستىگەي سەۋمۇ نەماز،*

*گۈلشەنى ھۆسنىن تىلەر ئېلنىڭ گۇناھى ئۆزگەدۇر.*

دەپ چۇقان كۆتۈرىدۇ. شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى: سوپى ـ زاھىتلاردىن قىيامەت كۈنى ئوقۇغان ناماز، تۇتقان روزىسىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ، رېئال دۇنيا گۈلشەنلىرىدە گۈزەل يارنىڭ جامالىنى ئىزدىگەن ئىنسانىنىڭ گۇناھى باشقا بولىدۇ دەيدۇ. شۇڭا بۇ قارىشىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ:

*ھۆر پەرى بولغان بىلەن كۆزىدە يوق جەزبى نەزەر،*

*بىر نەزەردە قۇل قىلۇر چەشمى سىياھى ئۆزگەدۇر.*

*زۇھىد ئېلىدىن ئىشق ئېلى ھەرگىزدە كۆز تۇتماس پەناھ،*

*بۇ نەزەر باز ئەھلىنىڭ پۇشتى پەنەھى ئۆزگەدۇر.*

دېيىش ئارقىلىق، ئۆزى بىلەن زاھىتلارنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە زاھىتلارنىڭ ئەزگۈچى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ ئادەمدىن تۈيدۇرماي جان ئالىدىغان سىياسەت ۋە تۈزۈملىرىگە مەنىۋى يۆلەك بولغان، دىنىي نىقاب بىلەن ئۆزىنى نىقابلاپ، تەقۋادارلىق تونىنى يېپىنچاقلاپ ئوتتۇرىغا چىققان رىياكار، ئىككى يۈزلىمە، پەسكەش ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىق ئېتىقاد، ئىشەنچىنى رېئال ئىنسانغا باغلاپ، زاھىتلارنىڭ ئىنسانىيەتنى ئالداپ ئۆزى دىنىي قۇللۇققا باغلاپ بېرىدىغان يالغان ئېتىقادىغا قارشى قويۇپ، رىياكار زاھىتلارنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ.

شائىر مەيلى ئىنسانغا بولسۇن، مەيلى ۋەتەنگە بولسۇن ۋە مەيلى رېئال دۇنياغا بولسۇن مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ. مۇھەببەتنىڭ ئۇنداق ئاسان بولمايدىغانلىقىنى ھەم ئۇنداق ئاسان ئۇيغانمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، مۇھەببەتنىڭ «جاننى كۆيدۈرۈپ، باغرىنى قان قىلىدىغان، ئىنسان رەڭگىنى كۆز يوپۇرمىقىدەك سارغايتىپ، قەلبىنى ئاھۇ زارغا سالىدىغان نازۇك» مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا مۇپتىلا بولغۇچىلاردا كۆرۈلىدىغان روھىي ھالەتلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. 18 ـ غەزىلىدە ئۇ:

*جانى ھايىل بولمەسا ۋەسل ئىستەگەن جاندىن كېچەر،*

*مىڭ بەلا يۈزلەنسە ھەر كۈن، قايدا جاناندىن كېچەر.*

*..............................*

*كۆرمەگەي ھەرگىز بەھىشتى جاۋىداندا گۈل يۈزىن،*

*كىم يۈزى گۈل، كۆزى ئوتلۇغ، خارى مىژگاندىن كېچەر.*

*ئاشىغى سادىق قىيا باقماس پەرىلەر ھۆسنىگە،*

*تەرك ئېتىپ جەنناتنى رىزۋان ھۆرى غىلمانىدىن كېچەر.*

*[قورقۇنچاق بولمىسا، ۋەسلى ئىستىگەن جانىدىن كېچىدۇ. كۈندە مىڭ بالا يۈزلەنسىمۇ، لېكىن جانانىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. جەننەتنىڭ گۈل يۈزلىرىنى ئەبەدىي كۆرمىسە كۆرمەيدۇكى، ھەر كىم يۈزى گۈلدەك، كۆزى ئوتتەك، كىرپىكلىرى تىكەندەك گۈزەللەردىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ. ئاشىق سادىق بولسا پەرىلەرنىڭ ھۆسنىگە قىيامۇ باقمايدۇ. جەننەتتى رىزۋاننىڭ ھۆرلىرىنىمۇ تاشلاپ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ.]*

دەپ يېزىپ، ساپ ئىشق-مۇھەببەتكە بېرىلگۈچى ھەقىقىي ۋىجدانلىق ئاشىقنىڭ ئاتەشىن يۈرىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق مۇھەببەتتە ساپلىقنى ۋە ھەقىقىيلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. شائىرنىڭ غەزەللىرىدە بۇ خىل مەزمۇنلارغا بېغىشلانغان لىرىكىلار خېلى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭغا ياندىشىپ ھالدا ئاياللارنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ھەقىقىي تۇردە يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بېغىشلانغان شېئىرلارمۇ بار. ئۇ 44-غەزىلىدە :

*بەرگى گۈل يەڭلىغ كەفى پايىغە نەئلەين ئولماسام،*

*ئىززىتىم ئولدۇر ئاياغى ئاستىدا بولسام فەتەك.*

*[ئۇنىڭ گۈل بەرگىدەك پۇتلىرىغا بىر جۈپ كەش بولالمىغاندىمۇ، ئايىغى ئاستىدا پېتەك بولسام چوڭ ئىززەت تاپاتتىم.]*

دەپ يازغان بولسا، 7-غەزىلىدە:

*قاشىڭ كۆرگەچ نەچۈك ئايلانمايىنكىم قىبلەگاھىمدۇر،*

*ئاياغىڭغە نېدىن باش ئۇرماغايمەن سەجدەگاھىمدۇر.*

*لەبىڭ ئىستەپ نېدىن جان بەرمەيىن ئابىھەيات ئاندىن،*

*يۈزۈڭ كۆرگەچ نەچۈك كۆز ئاچمايىن ئول بەد ماھىمدۇر.*

*چىقىپ ئۇچقۇنلار ئۇرغان ئاھ ئىلە باشىمغە چىرماشقان،*

*گەدالىغ شاھلىقىغە باشىمە زەررىن كۇلاھىمدۇر.*

*[قېشىڭنى كۆرۈپ مەن نېمە ئۈچۈن ئايلانماي، چۈنكى ئۇ مېنىڭ قىبلىگاھىم ئەمەسمۇ، ئايىغىڭغا نېمە ئۈچۈن باش ئۇرمايمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ سەجدىگاھىم ئەمەسمۇ. لېۋىڭ مەن ئۈچۈن ئابىھايات تۇرسا، مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئىستىمەيمەن، يۈزۈڭنى كۆرۈپ نېمە ئۈچۈن كۆزۈمنى ئاچمايمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ تولۇن ئايىم ئەمەسمۇ. ئاھ بىلەن چىققان ئۇچقۇنلار بېشىمغا چىرماشتى، ئۇ مېنىڭ گادايلىق بېشىمدىكى زەر كۇلاھىمدۇر.]*

دەپ يازىدۇ.

ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار دەپ قارىلىدىغان فېئوداللىق جەمئىيەتتە شائىرنىڭ مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا قارشى ھالدا بۇنداق جەسۇرانە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدا يېتىلىنجاپ تۇرغان ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ئادەمگە ئادىمىيلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان ساپ ئىنسانىي خىسلەتنىڭ ئېنىق ئىپادىسى بولۇپ، مەلۇم تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ خىل ئىدىيەنى شائىرنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە بولغان كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، شائىر ئىدىيەسىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىرنىڭ ئىشق-مۇھەببەت كۆز قارىشىدىن بىخلىنىپ ۋايىغا يەتكەن مۇھەببەت تېمىسىنىڭ بىرى ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتتىن ئىبارەت. شائىرنىڭ بۇ ئىدىيەسى ئۇنىڭ 26-غەزىلىدە كونكرېت ئىپادىلەنگەن. شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئانا يۇرتى كاشغەرنى

زوق ـ شوق بىلەن مەدھىيەلەپ، ئۇنى بارچە گۈزەل مەھبۇبلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ:

*مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،*
*ئىشىق ئەھلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر مەزارى كاشغەر.*
*ئىشىق ئۇلفەت چەشمەسىدىن دەردۇ مىھنەت جۇش ئېتەر،*
*تۇفراغى ھەسرەت بىلەن پۈتكەن ھىسارى كاشغەر.*
*[كاشغەر دىيارى ئاللانىڭ مەرھەمىتى تېرىلغان جايدۇر؛*
*مۇقەددەس كاشغەر مۇھەببەت ئەھلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر.*
*مۇھەببەت ـ دوستلۇق بۇلىقىدىن دەرد بىلەن جاپا ـ مىھنەت بۇلدۇقلاپ تۇرىدۇ؛*
*كاشغەرنىڭ قورغان ـ قەلئەلىرى ھەسرەت تۇپىسى بىلەن قوپۇرۇلغاندۇر.]*

شائىر دەيدۇ: كاشغەر دىيارىنىڭ بۈگۈنى ئاسانلا قولغا كەلگەن ئەمەس، ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە دوستلۇق بۇلاقلىرىدىن ئۇخچۇپ تۇرغان جاپا ـ مۇشەققەتلەر، قورغان ـ قەلئەلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ھەسرەت ـ نادامەتلەر بۇنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

*دىلرەبالار باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەگەي،*
*بىر نىگاھى غەمزەسىدىن گۈلئۇزارى كاشغەر.*
*[كاشغەرنىڭ گۈزەللىرى غەمزىلىك بىرلا بېقىشى بىلەن، ھەر قانداق سەنەمنىڭ باغرىنى بەدەخشان ياقۇتىدەك قىپقىزىل قان قىلىۋېتىدۇ.]*

شائىر دەيدۇ: گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى كاشغەردە. ھەر قانداق گۈزەل كاشغەر سەنەملىرىنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشىپ قالىدۇ.

*ئابى روكنەبات، گۈلگەشتى مۇسەللا سەھل ئەرۇر،*
*خۇلدىن ئەفزۇن تۇمەنىنىڭ لالەزارى كاشغەر.*
*[روكنەبات سۇلىرى، مۇسەللا گۈلىستانى دېگەنلەر ھېچ گەپ ئەمەس، كاشغەر گۈلزارى جەننەتتىنمۇ تۇمەننىڭ ھەسسە ياخشى.]*

شائىر دەيدۇ: جاھاندا نى ـ نى گۈزەل جايلار بار، ئەمما ھېچقايسىسى كاشغەر بىلەن بەسلىشەلمەيدۇ. كاشغەردىن ئىبارەت بۇ لالىزارلىق ھەتتا جەننەت بېغىنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ.

كاشغەر كىشىلىرىنىڭ قەدىمدىنلا ئىلىم ـ مەرىپەتكە بولغان قىزغىنلىقى، مەرىپەتكە بولغان مۇھەببىتى ھەم ئىلىم ـ مەرىپەتتە سانسىزلىغان ئىلىم ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقىغا، شۇنداقلا مەرىپەت بۆشۈكى، ئىككىنچى بۇخارا دەپ نام ئالغان ئەزىزانە كاشغەرگە بولغان چىن سۆيگۈ شائىر قەلبىدە شۇ دەرىجىدە يىلىنجىغانكى، بۇ مۇقەددەس دىيارنىڭ ئاددىي تۇپرىقىنى، تاغلىرىدىكى تاشلىرىنى، كىشىگە ھايات بېغىشلىغۇچى سۇلىرىنى دۇنيادا كىشىلەر ئەڭ ئەزىزلەيدىغان ئىپار، ئابىكەۋسەر ۋە ئۈنچە ـ مارجانغا ئوخشىتىدۇ. بۇ ئادەتتىكى بىر ئوخشىتىش ياكى بىر جانلاندۇرۇش بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي بىر ۋەتەن سۆيەر كىشىنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ چىققان سەمىمىي مۇھەببەت، ۋەتەنگە باغلانغان چىن ئەقىدە ۋە سۆيگۈنىڭ يارقىن نەمۇنىسى. چۈنكى شائىر، جەنۇبىي شىنجاڭدا چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ ئۆزئارا يېغىلىقى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان، خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن، جوڭغارلار خەلقنى خالىغانچە بۇلاپ ـ تالاپ، خەلقنى چىدىغۇسىز تۈرمۈش قىيىنچىلىقىغا دۇچار قىلىۋاتقان بىر شارائىتتا ياشىدى. بۇ خىل زوراۋانلىق ۋە زىيادە زۇلۇم تۈپەيلى خەلقنىڭ ئاھ ـ ھەسرەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆزىمۇ تەڭ تارتقان، ئاشۇ ئەزىز دىيارنىڭ

«قورغان»لىرىنى مىليونلىغان مېھنەتكەشلەر قاتارى «ھەسرەت توپىسى بىلەن قوپۇرۇپ، ئىشق ئۇلپەت بولىقىدىن جوش ئۇرۇپ تۇرغان دەردى مېھنەتنى تەك سومۇرگەن» شائىر زالىم، قانخور، ئىككى يۈزلىمىچى، قارا نىيەت، مۇناپىق، ۋەتەن ساتقۇچ ھاكىمىيەت ئىگىلىرى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن، مەرىپەت بولاقلىرى ئورنىغا ھەسرەت كۆز ياشلىرى ئاققان دىيارنىڭ يەنىلا مۇھەببىتىنى ئىزمەي، ئاشۇ ۋەتىنىنىڭ خاسىيىتى، گۈزەللىكى، مېھرىبانلىقى ۋە سۆيۈملۈكلىكى ئالدىدا روكنابات سۇيى، مۇسەللا گۈلشەنى دېگەنلەرنى ھېچ نەرسە دەپ تونۇيدۇ. ئىلىم ـ مەرىپەت، ھۈنەر ـ سەنئەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كىشىگە گۈزەللىك بېغىشلىغۇچى تۇرلۇك ماددىي گۈزەللىكلەرنى ياراتقۇچى تۇپراقنى ئىپار، سۇلىرىنى ئابىكەۋسەر، دەشتى باياۋان ۋە تاغلىرىدىكى تاشلارنى ئۈنچە ـ مارجان دەپ تونۇيدۇ. بۇ خىل تونۇش ۋە سۆيەتلەش شائىر قەلبىدە مەۋج ئۇرغان كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، تۇرلۇك يېغىلىق تۈپەيلى ۋەيران بولۇپ، دەرد ـ ھەسرەت پۇرىقى كەلگەن تۇپراقتىن، ئېلگىرى تىنچ شارائىتلاردا بەزمە ـ ناۋا قايىنىغان بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ بويلىرىدىن دەرد ـ ھەسرەت ساداسى كېلىدىغان ھاۋالىق بۇلاق بويلىرىدىن، تۇرلۇك مەدەن، كان بايلىقلىرىغا ئايلانغان تاغلىرىنىڭ ۋەيرانچىلىق تۈپەيلى تاشلاندۇق تاشلارغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ھەسرەتلەنگەن شائىر كەلگۈسى شۇنداق بىر كۈنلەردە ئۇنىڭ چوقۇم ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ چەكسىز سۆيۈنىدۇ. ئەزىز دىياردىن سۆيۈنگەن شائىر ئاشۇ ماكاندا ياشاۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە، كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىشىنىپلا قالماي، بەلكى ئاشۇ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن يۇرتنى چوقۇم گۈللەندۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلەن قاراپ، ئۇلارنى تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن مەدھىيەلەپ مۇنداق يازىدۇ:

*ئەيش ئېلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئىسى،*
*چۈن سۇلەيمان دەۋلەتىدۇر خارزارى كاشغەر.*

*[ياشاي دېگەن ئىنسانغا ئۇنىڭ تىكەنلىرىدىنمۇ ھاياتبەخش گۈل ھىدى كېلىدۇ؛ كاشغەرنىڭ تىكەنزارلىقىمۇ گويا سۇلايماننىڭ دۆلىتىدەك ئالىيتە ۋە ئېسىلدۇر.]*

شائىر دەيدۇ: بۇ ئەزىز دىيارنىڭ قەدرىنى بىلىپ، سۆيگۈ ئىچىدە ئىنسانلارچە ياشاي دېگەن ئادەمگە ئۇنىڭ تىكەنلىرىدىنمۇ گۈلنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ. ھەتتا كاشغەرنىڭ تىكەنزارلىقىمۇ ئاشۇ گۈزەللىكتە، بۈيۈكلۈكتە مەشھۇر بولغان سۇلايمان پادىشاھنىڭ دۆلىتى بىلەن بويلىشالايدۇ.

*ئۇد، ئەنبەر تۇپراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۇيى،*
*دۇررۇ مەرجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشغەر.*

شەرھىلىك يېشىم: بىلگەن ئادەمگە كاشغەرنىڭ توپىسى ئادەتتىكى توپا ئەمەس، بەجايىكى ئىپار، ئەنبەردۇر؛ سۇيى جەننەتتىكى ئابىكەۋسەرنىڭ ئۆزىدۇر؛ تاغلىرى تاش ئەمەس، گويا مارجان ۋە ياقۇتلار دۆۋىسىدۇر.

*يا پەرى، يا ھۆرى، يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،*
*شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.*

*[كىمكى كاشغەرگە كېلىپ قالسا، ئۆزىنىڭ شەھىرىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ؛ جەننەت، ھۆر ـ پەرى دېگەنلەرنى بولسا، ئېسىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ.]*

شائىر دەيدۇ: زېمىن ئېسىل، دىيار ئەزىز، شۇڭا كاشغەرگە كېلىپ قالغان ئادەم ئۆزىنىڭ يۇرتىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ؛ ئادەملىرى شۇ قەدەر گۈزەل، شۇ قەدەر يېقىشلىق، شۇڭا بۇ يەردە جەننەت ۋە جەننەتتىكى ھۆر ـ غىلمان دېگەنلەر ئادەمنىڭ ئېسىگىمۇ كەلمەيدۇ.

*ھۇشمەندۇ، دەرتمەندۇ، مەردزەندۇ لەب چۇقەند،*
*نار خەندان، سىب رەنا ھەرنا بارى كاشغەر.*

شەرھلىك يېشىم: مەيلى ئاقىل ـ چېچەنلىرى بولسۇن، مەيلى ناخۇش، دەردمەنلىرى بولسۇن، مەيلى ئەر ۋە مەيلى ئاياللىرى بولسۇن، لەۋزى ھالال، قەنتتەك تاتلىق گەپ قىلىدۇ؛ كاشغەرىيلەرنىڭ ھەر بىرى خۇددى قىزىرىپ پىشقان ئالما ياكى يېتىلگەن ئانارغا ئوخشايدۇ.

مۇقەددەس دىيارنى جاپالىق ئەمگىكى بىلەن گۈللەتكەن «گۈل يۈزلۈك»لەرنى يۈكسەك سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلىگەن شائىر بۇ دىياردا ياشىغان كىشىلەرنىڭ لېۋىنى شېكەرگە، چېھرىنى كۆلۈپ تۇرغان ئانار ياكى قىپقىزىل ئالمىغا ئوخشىتىدۇ. ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇلارنى ئۇلۇغلايدۇ. بۇ شائىردىكى يالغۇز ۋەتەنپەۋەرلىك روھ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدىكى خەلقپەرۋەلىك روھىنىڭمۇ ئىپادىسى بولۇپ، خەلقپەرۋەرلىك بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى يارقىن ئىپادىسى. شائىر قەلبىدە ماگما ھالەتكە يەتكەن چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن ئەجدادلار ياراتقان شانۇ شەۋكەتلىك ئېسىل مەدەنىي مىراسلارنى، يېقىلماس ئابىدىلەرنى يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ياردىمى بىلەن بەكمۇ يارقىن سۈرەتلەيدۇ. شۇڭا شائىر:

*كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامىنىڭ يايلاغىدۇر،*
*دىلكۇشا ئىشرەت فەزا، ھەر سەبزەزارى كاشغەر.*

*[كاشغەر شەھرىنى گۇمنامىنىڭ يايلىقى دەپ بىلىڭلار. كاشغەرنىڭ ياپيېشىل چىمەن باغلىرى كىشىنىڭ دىلىنى شادلاندۇرىدۇ، ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.]*

دەپ يېزىپ، كىشى قەلبىگە ھۇزۇر بېغىشلاپ، تېنىگە شادلىق بەخش ئەتكۈچى چىمەنزار كاشغەرنى چەكسىز ئىپتىخار بىلەن «يايلىقىم» دەپ شۆھرەتلىنىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «مەن» ھەرگىزمۇ گۇمنامدىن ئىبارەت بىر يالغۇز «مەن» بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋەتەنسۆيەر، مەرىپەتسۆيەر، خەلقسۆيەر، ئادالەتسۆيەر، ئەخلاقسۆيەر ھەقىقىي ۋەتەن ئوغلانلىرىدىن ئىبارەت. مانا بۇلار شائىر قەلبىدىكى يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇنىڭ ئىخچام ۋە ئوبرازلىق تىل ۋاسىتىسى بىلەن جانلىق ھالدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ، كىشىگە چوڭقۇر ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ غەزەلدە ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ مۇنداق قەتئىي ھەم جاراڭلىق ئىپادىلىنىشى بۈگۈنكى كۈندىمۇ چوڭقۇر تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئەۋلادلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتا بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار.

شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى يۇقىرىقى شېئىرىدىن باشقا يەنە 28 ـ غەزىلىدە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

*نە ھاجەت ھەججى ئەكبەر، كاشغەر ئىچرە مازارىم بار،*
*زىيائى چەشمە خاكى دەرىدىن سۇر مەزارىم بار.*
*مۇژە جارۇپ ئەتىپ كۆز كاسەسىدىن سۇ چاچىپ سەھنىن،*
*بەھىشتى ئەدىن ياڭلىغ قۇددۇس ئەتمەك ئىختىيارىم بار.*

. . . . . . . . . . . .

*ئىتى ئىچكەن يالاقىدىن ماڭا ھەم تۆئمە يەتكەي دەپ،*
*تىلەپ كەۋسەر شارابى زۇھىد ئېلى يەڭلىغ خۇمارىم بار.*

*[ماڭا ھەجگە بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار، چۈنكى كاشغەردە مازارىم تۇرسا، ئۇنىڭ*

*كۆچىلىرىدىكى تۈپىسى كۆز نۇرۇمغا سۈرمە. ئۇنىڭ مەيدانىنى كىرپىكلىرىمنى سۈپۈرگە قىلىپ تازىلاپ، كۆزۈمنىڭ كاسىسىدىن سۇ سېپىپ، بېھىشنىڭ ئۆزى دەپ بىلىپ ئۇلۇغلايمەن. . . . . گويا سۈيى ـ زاھىتلار كەۋسەر شارابىنى تىلىگەندەك، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىتى ئىچكەن ياللاقتىكى قالدۇقتىن نېسىۋە تېگىشنى تىلەيمەن.]*

ئانا يۇرتى كاشغەرنى ھەممىدىن بەك ئۇلۇغلاپ، ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا مەككە زىيارىتىنى قەتئىي رەت قىلغان شائىر گۈزەل كاشغەرنى چۆچەكلەردە سۆزلىنىدىغان بېھىشنىڭ ئۆزى دەپ ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ ئىتلىرى ئالدىدىن ئاشقان ياللاقتىكى قالدۇقلارنى ئۆز نېسىۋەم دەپ يېيىشنى خالايدۇ. شائىر لىرىكىلىرىدا ئىپادىلەنگەن بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، تېخى ھېچقانداق بىر شائىر بۇ تېمىنى بۇنداق يۇكسەكلىككە كۆتۈرگىنى يوق. شائىر ئىجادىيىتىدە خۇددى گۆھەردەك چاقناپ تۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنىڭ مۇنداق قەتئىي ھەم جاراڭلىق ساداسى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مەڭگۈلۈك تەربىيە بولۇپ قالىدىغانلىقىدا شەك يوق.

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقپەرۋەرلىك مەڭگۈ ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ كۆيلىنىپ كەلگەن. ۋەتەننى سۆيگەن كىشى خەلقىنى سۆيۈشى، خەلقىنى ھۆرمەت قىلىشى، خەلقىگە مۇھەببەت باغلىشى لازىم دەپ قارالغان. شائىر ھىرقەتىي ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى يورۇتقاندا، بۇ تەرەپلەرگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ گۈزەل يار ئوبرازىنى سۈرەتلىگەندە، ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىنى، ئاشقى گۈزەللىكىنى تىل سىغدۇرغىدەك دەرىجىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەيدۇ، ئۇنىڭدىكى ئىچكى گۈزەللىك بىلەن ئاشقى گۈزەللىكنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەم گۈزەللىك بابىدا، ھەم ئەخلاق بابىدا ۋايىغا يەتكەن ئىنسان دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ:

*قۇفلى دىل فەتھىغە ئەبىرۇ دىلكۇشايىڭدۇر سەنىڭ،*
*ئۆلمەكىم قەستىدە چەشمى غەمزەدايىڭدۇر سەنىڭ.*
*قان ئارا ئىشقىڭ گۈلىنى تازە ـ تازە ئەيلىگەن،*

*كىم مەسىھا مىسىل زۇلفى ئەنبەر سايەڭدۇر سەنىڭ.*
*دەۋزەخى ھىجران ئازابىدىن خەلاسىم ئىستەسەم،*
*جەننەتىم خۇرشىدى ھۆسنى خۇش نەمايىڭدۇر سەنىڭ.*
*سۆزى ئىشىق جانىمە سۇر، ساچقالى راھەت ئۈچۈن،*
*جۇيبارى لۇتف لەفزى خۇش ئەدەيىڭدۇر سەنىڭ.*

مانا بۇ ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ يارقىن سۈرىتى. شائىر ئىنسانغا بولغان مۇھەببەت مەسىلىسىدە ئىنساني گۈزەللىكنى چوڭقۇر ئىنساني تۇيغۇ بىلەن سېزىپ، ئەقلىي كۈچ بىلەن ئۇنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئىنساني تۇيغۇدا خەلق كوللېكتىپىنى كۆرگەن شائىرنىڭ چىن ئىنساني تۇيغۇسى. ئىنسانغا مۇھەببەت ماھىيەتتە خەلققە بولغان مۇھەببەتتۇر.

**4. گۇمنام لىرىكىلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى**

ئوقۇرمەننى قىزىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ قەلبىنى تىترىتەلەيدىغان ھەرقانداق بىر پارچە ئەسەر يۇكسەك تالانت ۋە ئىجادىي مېھنەتنىڭ بەدىلى ھېسابىغا مەيدانغا چىقىدۇ. چۈنكى، تالانت ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىلىۋاتقان ئىجادىي مېھنەتنىڭ مەقسىتى، ئۆزى كۆزەتكەن مەلۇم شەيئى قوزغىغان

ھېسسىياتنى باشقىلارغىمۇ سىڭدۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ. شائىر شېئىرلىرى تالانت ۋە يۈكسەك كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھەر بىر لىرىكىلىرىدا ئۆزى كۆزەتكەن مەلۇم شەيئىدىكى ئالاھىدىلىكنى كىتابخانىنىڭ قەلبىگە تەبىئىي ھالدا سىڭدۇرۇپ، كىتابخاندا شۇ شەيئىگە نىسبەتەن بەلگىلىك تۇيغۇ ئويغىتالىغان. بۇ جەھەتتە شائىرنىڭ «كاشغەر» رادىفلىق شېئىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ئالدى بىلەن، شائىر ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ سۆيگۈ بابىدىكى جۇغراپىيەلىك خەرىتىسىنى يۈرىكىدىن چىققان ئەڭ مېغىزلىق سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئوبرازلىق قىلىپ سىزىپ كۆرسەتكەن. مەسىلەن:

*مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر*

*[كاشغەر ئاللانىڭ مەرھەمىتى تېرىلغان جايدۇ]*

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، «مەزرەئ» كەلىمىسى «تېرىلغۇ مەيدانى، ئېكىنزارلىق» دېگەن بولىدۇ. شائىر ھىرقەتىي-گۇمنام «مەزرەئى لۇتفى ئىلاھى (ئاللانىڭ مەرھەمىتى تېرىلغان جاي)»دىن ئىبارەت ئۈچ كەلىمىلىك بىر ئىزافەت ئارقىلىق، كاشغەر دىيارىنىڭ ئادەتتىكى ھەر قانداق بىر تېرىلغۇ مەيدانى ئەمەس، بەلكى ئاللانىڭ مەرھەمىتى تېرىلغان بىر مەرھەمەت-ئىنايەتلەر ئېكىنزارلىقى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئەزىز ۋەتەننىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆز ئەقىدىسىدىكى بىر مۇقەددەس زېمىن ئىكەنلىكىنى تولىمۇ ئوبرازلىق ئىبارە بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن. شائىرنىڭ ئەقىدىسىچە، كاشغەر ئاشۇنداق بىر مۇقەددەس زېمىن بولغانلىقى ئۈچۈنلا،

*ئىشق ئەھلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر مەزارى كاشغەر*

*[كاشغەر مۇھەببەت ئەھلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر]*

مۇھەببەت ئەھلى بۇ زېمىنغا تەلپۈنىدۇ، ئۇنى ئۆزلىرىگە قىبلىگاھ قىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، شائىر بۇ غەزەلدە، ئانا يۇرتىنىڭ بەرپا بولۇشى زور ۋە مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئارقىلىق بولغانلىقىنى، شۇڭا ۋەتەننىڭ قەدرىگە يېتىش لازىملىقىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە ئۆزىگە خاس شېئىرىي ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

*ئىشق-ئۇلفەت چەشمەسىدىن دەردۇ مېھنەت جۇش ئەتەر،*

*تۇپراغى ھەسرەت بىلە بىتكەن ھىسارى كاشغەر.*

*[مۇھەببەت-دوستلۇق بۇلىقىدىن دەرد بىلەن جاپا- مېھنەت بۇلدۇقلاپ تۇرىدۇ؛*

*كاشغەرنىڭ قورغان-قەلئەلىرى ھەسرەت توپىسى بىلەن قوپۇرۇلغاندۇر.]*

مۇنداقلا قارىماققا، مەزكۇر بېيىتنىڭ شەكلەن مەزمۇنى بۇ كاشغەر دىيارىنىڭ تۇرغان-پۈتكىنىنىڭ ھەممىسى جاپا-مۇشەققەتتۇر دېگەن بولىدىغاندەكلا قىلىدۇ. ئەمما، غەزەلنىڭ باش-ئاخىرىغا نەزەر سېلىپ، شائىرانە تەپەككۇر بىلەن مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ئاپتورنىڭ بۇ يەردە جاپا چەكمىگىچە ھالاۋەت يوق، شۇ قەدەر لەۋەن بۇ ئەزىز دىيارنىڭ بەرپا بولۇشىمۇ ئەمەلىيەتتە ئاجايىپ زور ئەمگەك ۋە مۇشەققەتلەرنىڭ بەدىلى بىلەن روياپقا چىققانكى، بۇنى ئەۋلادلار بىلىشى ۋە ئۇنتۇماسلىقى كېرەكتۇر دېمەكچى ئىكەنلىكى ناھايىتىمۇ ئېنىقتۇر.

ئارقىدىنلا شائىر ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر ئىنساننىڭ كۆزى ۋە كۆڭلىدىكى ۋەتەن بىباھالىقىنى گۈزەل ئوخشىتىش ۋە يېتۈك مۇبالىغە ۋاسىتىسى ئارقىلىق دادىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەپ، ئۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ:

*ئەيش ئەلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئىسى،*

*چۈن سۇلەيمان دەۋلەتىدۇر خارزارى كاشغەر.*

*[ياشاي دېگەن ئىنسانغا ئۇنىڭ تىكەنلىرىدىنمۇ ھاياتبەخش گۈل ھىدى كېلىدۇ؛ كاشغەرنىڭ*

تىكەنزارلىقىمۇ گويا سۇلايماننىڭ دۆلىتىدەك ئالىيتە ۋە ئېسىلدۇر.]

ئۇد، ئەنبەر تۇپراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇز سۈيى،
دۇررۇ مەرجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشغەر.

[بىلگەن ئادەمگە كاشغەرنىڭ تۇپىسى ئادەتتىكى تۇپا ئەمەس، بەجايىكى ئىپار، ئەنبەردۇر؛ سۈيى جەننەتتىكى ئابىكەۋسەرنىڭ ئۆزىدۇر؛ تاغلىرى تاش ئەمەس، گويا مارجان ۋە ياقۇتلار دۆۋىسىدۇر.]

بۇ يەردىكى «ئەيش ئەلى (ياشاي دېگەن ئىنسان، ھاياتتىكى ئىنسان)» دېگەن سۆز «يەپ ـ ئىچىپلا يۇرۇشنى بىلىدىغان ئادەم» ئەمەس، بەلكى «ئىنساندەك ياشاي دېگەن ئادەم، ئىنسانلارچە ياشايدىغان ئادەم» دېگەن بولىدۇ. ئەمدى، «بۇ دۇنيادا ھەقىقىي بىر ئىنساندەك ياشاي» دېگەن ئادەم ئەمەلىيەتتە، ئۆزى ئۈچۈن ئوتلىغان ئېشەكتەك ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ئادەم ئەمەس، بەلكى ۋەتىنىنى سۆيىدىغان، ۋەتەن ئۈچۈن مۇئەييەن بىر خىزمەت قىلىشنى ئۆزىگە بۇرچ بىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىنسان بولىدۇكى، بىر ئىنسان پەقەت ۋەتىنىنى سۆيىدىغان، ئۆز ئانا يۇرتىغا كۆيىدىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىنسان بولغىنىدىلا، ئاندىن ئانا يۇرتىنىڭ تىكەنلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ بۇرنىغا گۈلنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ؛ تۇپىسى ئىپار پۇرايدۇ؛ سۈيى ئابىكەۋسەر تېتىيدۇ؛ تاشلىرى تاش ئەمەس، بەلكى مەرۋايىت ۋە ئېسىل مارجان كۆرۈنىدۇ، ئەلۋەتتە!

شېئىردا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، بىر يۇرت ـ دىيارنىڭ گۈزەللىكى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن بىر گەۋدە بولىدىغانلىقى تويۇندۇرۇپ شەرھلەنگەن. مەسىلەن:

ھۇشمەندۇ دەردمەندۇ مەردۇ زەن لەبى چۇ قەند،
نازى خەندان، سىنىبى رەئنا ھەر نە بارى كاشغەر.

[مەيلى ئاقىل ـ چىچەنلىرى بولسۇن، مەيلى ناخۇش، دەردمەنلىرى بولسۇن، مەيلى ئەر ۋە مەيلى ئاياللىرى بولسۇن، لەۋزى ھالال، قەنتتەك تاتلىق گەپ قىلىدۇ؛ كاشغەرىيلەرنىڭ ھەر بىرى خۇددى قىزىرىپ پىشقان ئالما ياكى يېتىلگەن ئانارغا ئوخشايدۇ.]

يا پەرى، يا ھۆرى، يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەر كىم دۇچارى كاشغەر.

[كىمكى كاشغەرگە كېلىپ قالسا، ئۆزىنىڭ شەھىرىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ؛ جەننەت، ھۆر ـ پەرى دېگەنلەرنى بولسا ئېسىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ.]

مانا بۇ مىسرالاردا، كاشغەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئېسىل بولغاندىن باشقا، ئۇنىڭ ئىنسانلىرىنىڭمۇ تاتلىق سۆزلۈك، خۇش مۇئامىلىلىك، خۇددى قىزىرىپ پىشقان ئالما ۋە يېتىلگەن ئانارەدەك گۈزەل، جەننەتتىكى ھۆر ـ پەرىلەر كەبى كېلىشىملىك ئىكەنلىكى، شۇڭا بۇ دىيارغا كېلىپ قالغان ئادەمنىڭ ئۆز يۇرتىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقى شائىرانە تەسەۋۋۇر ۋە شېئىري تىل بىلەن بايان قىلىنغان.

ئەمدى، يۇقىرىقى سەككىز بېيىتنى ئەنە شۇنداق قۇرمۇ قۇر ئوقۇپ، تەلقىنلىق تەھلىل ۋە ئىلمىي مۇلاھىزىدىن ئۆتكۈزۈپ كەلسەك، ئاخىرىدا شائىرنىڭ چۈشۈرگە بېيىتى ئۈچۈن يازغان:

كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامىنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلكۇشا، ئىشرەت فەزا ھەر سەبزەزارى كاشغەر.

[كاشغەر شەھرىنى گۇمنامنىڭ ياشاپ ياىرايدىغان يايلىقى دەپ بىلىڭ؛ كاشغەر چىمەنزارلىقى ياشىنى پەيزىگە يەتكۈزىدۇ، دىللارنى ھۇزۇر بىلەن يايرىتىدۇ.]

دېگەن ئىككى مىسراسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن چىققان ئىپتىخارلىق يەكۇنى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز[①].

---

[①] گۇمنامىنىڭ «كاشغەر» رادىفلىق شېئىرىدىكى يەشمە ئىلگىرىكى ماتېرىياللاردا ھەر خىل ئېلىنغان ئىدى، بۇ قېتىم كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلەرنى تۈزىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن شېئىرنىڭ يەشمىسى ۋە بۇ بەدىئىيلىك ھەقىقىدىكى تەھلىل پىروفېسسور ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىنىڭ «كاشغەر تەۋسىپىدە دۇردانە

ھىرقەتىي زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپپاق خوجا سۇلۇكىدىن پەرقلىق ھالدا تولۇپ تاشقان ھېسسىيات ۋە بەدىئىي تەپەككۇرى ئارقىلىق ئىنسان، ئىنسان گۈزەللىكى، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچى، مەۋجۇت جەمئىيەتتە ئۆزى بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى، قىسمەتلىرىنىڭ ھەقىقىي پورترېتىنى جانلىق سىزىپ چىقىپ، كىشى قەلبىدە ئېزىلگەن، خارلانغان ئىنسانغا ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىگە قېرىنداشلىق ھېسسىنى ئويغىتىپ، زامانىسىدىكى بۇزۇقچىلىق، فېئوداللىق تۈزۈم ۋە دىنىي كۈچلەر زۇلمى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنسانىي باراۋەرسىزلىككە نىسبەتەن يىرگىنىش ۋە ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى تۇغدۇرالىدى. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىشى قەلبىدە شائىر ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ھېسداشلىق تۇيغۇسى ئويغىتالايدىغان تەڭداشسىز كۈچكە ئايلىنالىدى.

ھەر قانداق بىر بەدىئىي ئەسەر مۇكەممەل قۇرۇلما، گۈزەل تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. تىل بىلەن قۇرۇلمىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شائىرنىڭ لىرىكىلىرى شېئىرىي مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغان ۋەزىن، تۇراق، رىتىم، قاپىيە ۋە ئۇنىڭ تۇرلىرى، كۇپلېت،قۇرۇلما قاتارلىق جەھەتلەردىن ۋايىغا يەتكەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ شېئىرىي قۇرۇلمىدا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكرىنى يورۇتۇشقا بەكمۇ ماسلاشقان.

بەدىئىي ئەدەبىياتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان بىرىنچى ئامىل تىلدىن ئىبارەت. شۇڭا ئەدەبىيات تىل سەنئىتى دەپ ئاتالغان. چۈنكى، بىر پارچە ئەسەردىكى مەزمۇن، غايە، خاراكتېر، ھادىسىلەرگە بولغان بىلىش، تونۇش، چۈشەنچە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەپەككۇرنى ئىپادىلەۋاتقان تىلنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شائىر گۇمنام لىرىكىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەريانىدا تىل جەزبىدارلىقى، تىل سەزگۈسى ۋە تىل سېھرى قاتارلىق باسقۇچلارنى ئوڭۇشلۇق بېسىپ ئۆتۈپ، بۇ ساھەدە ئۆزىگە خاس يول تۇتقان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ لىرىكىلىرىنىڭ تىلى لىرىك قەھرىمانلىرىنىڭ لىرىك كەچۈرمىشلىرىگە مۇناسىپ بولغان بەدىئىي رەڭ بىلەن جۇلالانغان. لىرىك قەھرىمانلارنىڭ لىرىك كەچۈرمىشلىرى، ئاۋازى، ھېسسىياتى، مۇھەببەت-نەپرىتى، ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇلىرى ئۆز ئاۋازى بىلەن كىتابخان قەلبىنى لىرىك تۇيغۇغا چۆمدۈرىدۇ. كىتابخاننىڭ ھېسسىياتىنى لىرىك قەھرىماننىڭ تەقدىرى بىلەن بىر گەۋدىگە ئىگە قىلىپ، ئۇنى بىپەرۋالىق گىردابىدىن تارتىپ چىقىرالايدۇ. ھەر بىر سۆزىگە نىسبەتەن لىرىك قەھرىمان ئەمەس، بەلكى كىتابخان جاۋابكارلىققا تارتىلىۋاتقان ھېسسىياتقا كەلتۈرەلەيدۇ. 32-غەزىلىدە ئۇ:

*ئىشرەت كۇنى ئەي دىلبەر دەشت ئىردى چەمەن سىنىسىز،*
*باغ ئىچرە قىزىل گۇللەر باغرىمغە تىكەن سىنىسىز.*
*مۇترىب ئۇنى خۇش كەلمەس ئەيش ئىچرە قۇلاغىمغە،*
*بەزمىمدە ئىرۇر بۇلبۇل بىر زاغۇ زەغەن سىنىسىز.*
*ھۆسنۈڭ نۇرى تاب ئەتسە، جەننەت كۆرۈنۇر دەۋزەخ،*
*ۋەسلىڭ يوق ئېسە قىلمام جەننەتنى ۋەتەن سىنىسىز.*
. . . . . . . . . . . . .
*باغرىمغە غەمىڭ تىغى يەتكەچ كۆز ئاقىزغان قان،*
*ياقۇت ئىلە مەرجاندۇر يا لەئلى يەمەن سىنىسىز.*
. . . . . . . . . . . .
*ئىشكىڭدە گەدالىققە ئالماس دۇ جەھان گۇمنام،*
*شەھلىق ماڭا ئول جانا سىز بولماسەڭىز مەنسىز.*

---

غەزەل، ۋەتەن سۆيگۈسىگە نەمۇنە غەزەل ــ ھىرقەتىي-گۇمنامىنىڭ ئۆلمەس غەزىلى ‹كاشغەر ›ھەققىدە» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2007-يىلى 1-سانى) ناملىق ماقالىسىدىكى تەھلىلى ئاساسىدا ئىشلەندى. بۇ يەردە ئۇستازغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

دەپ يېزىپ، يۇكسەك خەلقپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى، خەلق تەقدىرى بىلەن ئۆز تەقدىرىنى زىچ باغلىغانلىقىدەك ئالىيجاناب قەلبىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر يەنە تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولغان ھەرپىي ئوبراز يارىتىش شەكلىدىنمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلانغان:

*قافۇ نون كۆزۈ لەبىڭ مەد ئەلىق قەد قاشىڭ،*
*رايۇ ئەسىر باشىڭدىن ئاياغىڭ قىران قىز.*

شائىر گۈزەل بىر قىزنى تەسۋىرلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىنى قاف(ق) يەنى «ق» ھەرپىنىڭ ئىككى چېكىتىگە، كۆزىنىڭ دۈگىلەكلىكىنى «ق» ھەرپىنىڭ شەكلىگە، ئاغزىنىڭ ئويماقتەك كىچىك، دۈگىلەكلىكىنى نون(ن) ھەرپىنىڭ شەكلىگە، قەددىنىڭ تۈزلىكىنى ئەلىف(ا)كە ئوخشىتىپ، تىلنىڭ ئوبرازچانلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. يۇقىرىقىلار شائىر لىرىكىلىرىدىكى ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئاددىي بىر قىسمىدۇر.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان قىلىڭ.
2. ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان قىلىڭ.
3. قىدىرخان ياركەندىي، ئامانىنساخانلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.
4. سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخانلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.
5. مىرزا ھەيدەر، ھىرقەتىيلەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.
6. «تارىخى رەشىدىي»نىڭ تارىخىي ۋە ئەدەبىي قىممىتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.
7. «جاھاننامە»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، «دىۋانى گۇمنام»لارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.

# III بۆلۈم يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى

## (چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات)

## 1 ـ باب خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىيات

### §1. ئومۇمىي ئوبزور

**1. خوجىلار زامانىسىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋاللار**

شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخىدا «خوجىلار» ۋە «خوجىلار زامانى» بىر مۇرەككەپ ئاتالغۇ بولۇپ، يىل جەھەتتىن 1678 ـ يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن ۋاقىتتىن باشلاپ تاكى 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگىنىگە قەدەر ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. خوجىلارنىڭ ئەجداد بوۋىسى مەخدۇم ئەزەم گەرچە سەمەرقەنتتىن كەلگەن خوجا بولسىمۇ، ئاپپاق خوجا ئەمەلىيەتتە نەچچە ئەۋلاد ئۇيغۇر ئاسسىمىلياتسىيەسىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

خوجىلاردىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئىمتىيازلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى شىنجاڭدىن ئىبارەت كەڭ زېمىندا تىكلەپ نەچچە ئون يىل ھۆكۈم سۈرۈشىنىڭ كۈچلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاساسى بار ئىدى.

تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدا سەمەرقەنتتىن ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى» دەپ ئاتىۋالغان مەخدۇم ئەزەم قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر كاشغەر، ياركەند قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ئۆز سۇلۇكىنى تارقىتىشقا باشلىغان، ئۇلار ھەدەپ ئەتراپىغا مۇرىت توپلاپ ئۆزلىرىنى «خوجىلار» دەپ ئاتاشقان.

17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مەخدۇم ئەزەم ۋەكىللىكىدىكى خوجىلار ئەۋلادلىرى «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق»تىن ئىبارەت ئىككى دىنىي مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئاق تاغلىقلارنىڭ ۋەكىلى مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن (ئىمام كالان)، قارا تاغلىقلارنىڭ ئاقساقىلى مەخدۇم ئەزەمنىڭ كىچىك ئوغلى ئىسھاق ۋەلى ئىدى. ئۇلار تۈپ ماھىيەت جەھەتتىن بىر-بىرىدىن پەرق قىلمىسىمۇ، ئەمما شەخسىي مەنسەپ ۋە ئابرۇي تالىشىپ بىر-بىرىگە قارشى ئىككى دىنىي گۇرۇھقا بۆلۈنۈۋالغان. ئىمام كالان تەرەپدارلىرى «ئىشقىيە» (ئاق تاغلىقلار، ئاق

تەقىيلىكلەر، ئاق دوپپىلىقلار) دەپ ئاتىلىپ كاشغەردە، ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرى «ئىسھاقىيە» (قارا تاغلىقلار، قارا تەقىيلىكلەر، قارا دوپپىلىقلار) دەپ ئاتىلىپ ياركەندتە تۇرۇپ، دىنىي ھوقۇق، ئىمتىياز تالىشىپ قاتتىق كۈرەش باشلىدى ھەمدە بارا-بارا بۇ دىنىي گۇرۇھلار سىياسىي گۇرۇھلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدىن كېيىن ئۇزۇكسىز داۋاملاشقان ئىچكى نىزالار تۈپەيلىدىن ھەرقايسى شەھەرلەرنى ئايرىۋېتىپ يەرلىك خان بولۇۋالغان ياركەند خانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرى خوجىلار تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ قالغانىدى. سەۋەبى دەسلەپ ئۇلار خوجىلارنى ئۆزلىرىگە ئۇستاز ۋە مەسلىھەتچى قىلىۋېلىپ، ئۇلارغا نۇرغۇن مال-دۇنيا، يەر-زېمىن، پۇل بېرىپ خوجىلارغا تەلۋىلەرچە چوقۇنغان بولغاچقا، بۇ خىل ئەھۋاللار خوجىلارنىڭ شىنجاڭدا باش كۆتۈرۈشىگە يېشىل چىراغ بولغانىدى. شۇنداق بولغاچقا، خوجىلار بارا-بارا فېئودال يۇقىرى تەبىقىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئىمتىيازلىق ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلىنىپ قالدى. خەلق ئاممىسى ھەدەپ ئۇلارغا تەلۋىلەرچە چوقۇناتتى. خەلق ئىچىدىكى ئەڭ ئاددىي دەۋالارمۇ بىۋاسىتە ھالدا خوجىلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ياركەند خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە سىياسىي ھاكىمىيەت ئىسمى بار، جىسمى يوق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە سىياسىي ھاكىمىيەت بېشىدىكى خانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خوجىلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى باشلاندى. 1670-يىللارغا كەلگەندە شۇ چاغدىكى قارا تاغلىقلار تەرەپدارى، ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەۋلادى، كاشغەر ھاكىمى ئىسمائىلخان بىلەن ئاق تاغلىقلار ۋەكىلى ئاپپاق خوجا ھۆكۈمرانلىق تالىشىپ قانلىق جەڭ باشلىۋەتتى. نەتىجىدە ئاپپاق خوجا ئىسمائىلخاندىن يېڭىلىپ 1678-يىلى تىبەتكە (شىزاڭغا) قېچىپ بېرىۋالدى. ئاپپاق خوجا تىبەتتە بىر مەزگىل دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ مەخپىي قوشۇن توپلىدى ھەمدە تىبەت يۇقىرى قاتلام لاما ئۆلىمالىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جۇڭغارلار ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىگىلىۋالدى. ئاپپاق خوجىنىڭ جۇڭغارلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كاشغەرنى ئىگىلەپ ئىسمائىلخاننى قەتلى قىلىشى ئىككى ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

ئاپپاق خوجىنىڭ جۇڭغارلار ھىمايىسى ئاستىدىكى قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىدا ئاساسەن سەلبىي رول ئوينىدى، ئاپپاق خوجىنىڭ خوجىلار ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن باشلاپ تارىم ۋادىسى جۇڭغارلارنىڭ ئۇچۇق-ئاشكارا بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدىغان ئورنىغا ئايلىنىپ قالدى. جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئاساسلىقى خوجىلاردىن پايدىلىنىش سىياسىتىنى قوللاندى. خوجىلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇشقا قويدى. ئۆزلىرىگە گۇماشتا قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردىن بەگ تەيىنلىدى. تىزگىنلەش، باج-خىراج ئېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارغا قارىتا «بارىمتايلىق تۈزۈمى»نى قوللاندى، يەنى بۇ تۈزۈم بويىچە ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ بىر ياكى بىر قانچە ئوغلىنى بارىمتايلىققا ئەۋەتەتتى، ھەتتا بەزىدە خوجىلار ئۆزىمۇ بارىمتاي (تۇرغاق) بولۇپ تۇراتتى. ئەگەر كىمكى جەنۇبىي شىنجاڭدا جۇڭغارلارغا قارشىلىق قىلىدىكەن، دەرھال ئىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى خەۋپكە ئۇچرايتتى. يەرلىك خانلار دائىم جۇڭغارلارغا ئولپان تاپشۇراتتى. ئاق تاغلىقلارنىڭ ۋەكىلى مۇھەممەدخان ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن، جۇڭغار خانلىقى قارا تاغلىقلارنىڭ سەردارى دانىيال خوجىنى ھەر يىلى 100 مىڭ تەڭگە كۈمۈش ئولپان تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن خانلىققا تەيىنلىدى. 1730-يىلى دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا جاھان ئەرشىي (ياقۇپ) ھۆكۈمران

قىلىپ تەيىنلەندى. ئەسلىدىلا ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق تالىشىش كۈرەشلىرى ئەۋج ئالغان شىنجاڭدا ئاق تاغلىقلار ۋەكىلى تىكلىگەن ھاكىمىيەتنى قارا تاغلىقلارغا تاپشۇرۇش ۋەقەسى زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خوجىلارنىڭ قانلىق جەڭ مەيدانىغا، جۇڭغارلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ ۋە جىنايەتچى يۆتكەيدىغان بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى. خەلق ئۈستىدىمۇ قاتمۇقات ئالۋان-ياساق ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلدى. خوجىلار ئۈچۈن خەلقنىڭ ھېسابسىز قانلىرى بىھۇدە ئاقتى. خەلق سىياسىي جەھەتتىن قۇللۇقتا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن نامراتلىقتا يۇزلەندى، بۇ دەۋردە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىنى كاشغەرلىك، ياركەندلىك، خوتەنلىك، ئالتە شەھەرلىك، يەتتە شەھەرلىك دەپ ئاتايدىغان بولدى.

سىياسىي جەھەتتىكى ھەددى-ھېسابسىز بېسىم، زۇلۇم، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالۋان-ياساق تۈپەيلىدىن خەلق مەنىۋى جەھەتتىنمۇ بارا-بارا قاششاقلاشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپپاق خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن تەرىقەت (ئىشانلىق) سوپىزمىنى ھاكىمىيەت دىنى دەپ ئېلان قىلىپ، قۇرئان، ھەپتىيەكتىن باشقا خەلق ياراتقان ھەرقانداق مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يىغىپ كۆيدۈردى ۋە ئىلىم-مەرىپەت ئەھلىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى دارغا ئاسقان بولسا، بىر قىسمىنى سۈرگۈن قىلدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى خوجىلار ئۆزلىرىگە قارشى دىنىي مەزھەپتىكىلەرنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى كەينىگە بۇراش، چېكىندۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

خوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەنىلا شۇ خوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق تالىشىشى نەتىجىسىدە گۇمران بولدى. 1759-يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خوجىلارنىڭ ئاز كەم بىر ئەسىرگە يېقىن مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە بەردى.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئاتالمىش خوجىلارنىڭ خوجا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىشەنچلىك پاكىتلار يوق. خۇلاسە ھېسابىدا «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 1-قىسمى 35-بېتىدىكى تۆۋەندىكى بايانىنى بەرسەكلا كۇپايە: «شىنجاڭدا ئۆزىنى خوجا دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ كۆپچىلىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار ئىدى. مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان كىشىلەر بار دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بوۋىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كەلگىنىگە ئۇزاق ۋاقىت بولغانلىقتىن ۋە شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقتىن، ئۇلار پۈتۈنلەي شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بولۇپ كەتكەن.»

## 2. خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىيات دېگەندە بىز ئاساسەن 1678-يىلىدىكى ئاپپاق خوجىنىڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن باشلاپ تاكى 1759-يىلىدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگىنىگە قەدەر ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىلىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئەدەبىياتى ۋە ئەسەرلىرىنى نەزەردە تۇتىمىز. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى يەنە بىر قىسىم ماتېرىياللاردا «زەلىلىي دەۋرى ئەدەبىياتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دەۋردە ئەدەبىيات بىر تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ياراتتى. خوجىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىدە تۆۋەندىكىدەك خىلمۇ خىل سەۋەبلەر بار ئىدى. بىرىنچى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ بوھرانغا دۇچار بولۇشى، خەلق ئۈستىدىكى خىلمۇ خىل زۇلۇمنىڭ چېكىگە يېتىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات

ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە كۆرسەتكەن ئەكس تەسىرى. ماركسىزم كىلاسسىكلىرى: يۈكسەك سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە بۈيۈك سەنئەتكارلار ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادى قالاق مەملىكەتلەردىمۇ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن سەنئەت ئەسەرلىرىدە شۇ قالاقلىققا قارشى ۋە يېڭى هايات ئۈچۈن كۈرەش ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىشىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ خوجىلار هۆكۈمرانلىقى هەرقانچە قاتتىق، ئەكسىيەتچىل بولسىمۇ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىياتىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. ئىككىنچى، ئىلغار پىكىرلىك، ئەۋلادلارغا ۋە ئەجدادلارغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان نۇرغۇن ئوت يۈرەك ئەدىبلەر ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن ئەيچىللىك بىلەن پايدىلاندى هەم ئىلهاملاندى. ئۈچىنچى، خوجا جاهان ئەرشىيگە ئوخشاش بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر، بىلىملىك هۆكۈمرانلار هەرقانچە بېسىمغا ئۇچراپ تۇرسىمۇ، ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە، گۈللىنىشىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى هەم ئۆزلىرى قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ باشلامچى بولدى. تۆتىنچى، قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئېسىل ئەنئەنىلەر داۋاملىق جارى قىلدۇرۇلدى. مەسىلەن، ئەرەب، پارس، هىندى ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىش، ئۇلاردىن تەسىرلىنىپ ئەسەر يېزىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش ئەنئەنىلىرى داۋاملاشتى.

شۇنداق بولغاچقا، خوجىلار دەۋرى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا يەنىلا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ دەۋر ئەدەبىياتى دائىرە جەھەتتە كەڭ، مەزمۇنى ئىلغار، تىما دائىرىسى خىلمۇ خىل، ئۇسلۇبى رەڭدار، يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، شۇنداقلا كۆپلىگەن ئەدىبلەرنى يېتىشتۈرگەن ئەدەبىياتتۇر. بىز تۆۋەندە بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاهىدىلىكىنى بىر قانچە نۇقتىلار ئارقىلىق ئىزاهلاپ ئۆتىمىز.

1) بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر شەكىل ۋە ژانىر جەھەتتە ئاساسىي جەھەتتىن ئالدىنقى دەۋرلەردىكى ئەنئەنىلەرنى داۋاملاشتۇردى. يەنە بىر قىسىم ژانىرلار مۇستەقىل ژانىر بولۇپ شەكىللەندى.

(1) لىرىك شېئىرىيەت راۋاجلاندى. بۇ دەۋردە نەۋايى دەۋرىدە گۈللەنگەن غەزەلچىلىك ژانىرى ئالاهىدە يۈكسەلدى، مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن مۇكەممەللەشتى. مۇخەممەس، رۇبائىي، قەسىدە، ساقىينامە قاتارلىق ژانىرلار كەڭ ئومۇملاشتى. غەزەل، مۇخەممەسلەردىن تۈزۈلگەن لىرىك شېئىرىي توپلام-دىۋانلار ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا چىقتى. مەسىلەن، زەلىلىينىڭ «دىۋانى زەلىلىي»، مەھزۇنىنىڭ «دىۋانى مەھزۇن»، ئابىدنىڭ «دىۋانى ئابىد»، خوجا جاهان ئەرشىينىڭ «دىۋانى ئەرشىي»، فۇتۇھىينىڭ «دىۋانى فۇتۇھىي» قاتارلىق دىۋانلار ھەمدە مۇنازىرە خاراكتېرلىك ئەسەر — مەھزۇننىڭ «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

(2) ئېپىك شېئىرىيەت-داستانچىلىق تەرەققىي قىلدى. خوجىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن داستانلار سان جەھەتتە ئالدىنقى دەۋرلەرگە قارىغاندا كۆپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئىلغار بولدى. مەسىلەن، سەلاھىينىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل»، موللا پازىل (كىچىك)نىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»، زەلىلىينىڭ «سەپەرنامە» داستانلىرى بولۇپ، «سەپەرنامە» داستانى قويۇق رېئالىزملىق روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان ياخشى داستان ھېسابلىنىدۇ.

(3) بۇ دەۋردە تەزكىرە ئەدەبىياتى مۇستەقىل ژانىر بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. مەڭگۇ تاشلار ئەدەبىياتىدا ئايرىم تەزكىرىلەر، ياركەند خانلىقى دەۋرىدە بىر قىسىم تەزكىرىلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇستەقىل ژانىر بولالمىغانىدى. پەقەت خوجىلار دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ژانىر

مۇستەقىل ژانىر بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. تەزكىرە ئەدەبىياتىدا تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر نەسرىي ۋە نەزم ئارىلاش ھالدا بايان قىلىنىدۇ. خوجىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن تەزكىرىلەردە كۆرۈنۈشتە ئومۇمەن شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار ۋە ھالقىلىق پەيتلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلام غازاتچىلىرىنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەندەك قىلىسىمۇ، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مەركىزىدە يەنىلا تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ئەدەبىي يول بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرى يەنىلا ئەل-يۇرت سۆيەرلىك، ئىنسانىي پەزىلەت، ئادالەت قاتارلىق ئىلغار خاھىشلار بولغان. مەسىلەن، زەلىلىينىڭ «تەزكىرەئى چىھلتەن»، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرف بۇزرۇكۋار»؛ ئابدۇشۇكۇرنىڭ «تەزكىرەئىي ئابدۇلمانان» قاتارلىق ئەسەرلىرى.

(4) تەقلىدىي ئەدەبىيات تەرەققىي قىلدى. تەقلىدىي ئەدەبىيات ئادەتتە ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىيات دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خوجىلار دەۋرىدە بىر قىسىم ئەدىبلەر دەۋرنىڭ خىلمۇ خىل بېسىملىرى تۈپەيلى رېئاللىقنى بىۋاستە ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي، شەرق خەلقلىرى ۋە ئەجدادلار ياراتقان ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم ۋەقەلىك بايان قىلىنغان ئەسەرلەرنى قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەپ ياكى تەقلىدىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئەينى دەۋر رېئاللىقىغا ۋاستىلىك ھالدا ياندىشتى. مەسىلەن، موللا پازىل (كىچىك)نىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق ئەسىرى.

(5) تەرجىمە ئەدەبىياتىدا گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇرلار تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىدە مول تەجرىبىگە ۋە گۈزەل ئەنئەنىگە ئىگە. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپلا تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىدە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. خوجىلار دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئەرەب، پارس تىلىنى پۇختا بىلىدىغان بىر قىسىم تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمە ئەدەبىيات ئارقىلىق مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەتنى بېيىتىش ئىستىكى، شۇنداقلا ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى بىر قىسىم مەرىپەتسۆيەر كىشىلەرنىڭ شارائىت يارىتىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىدە گۈللەپ ياشناشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، موللا مۇھەممەد تۆمۈر «كەلىلە ۋە دىمنە»نى، موللا شاھ ھىجرانىي «شاھنامە»نى، ئابدۇللاخان مەخدۇم ئاقسۇيى «مىڭ بىر كېچە»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا مۇھەممەد سىددىق ئارتۇشى «تەزكىرەئى بۇغراخان»نى، مىرپازىل موللا كىچىك مىرخاۋەندىنىڭ «تارىخى خاۋەندىشاھ»نى، نامەلۇم تەرجىمان ئابدۇرەھمان جامىينىڭ «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» داستانىنى خوجىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. يۇقىرىقى تەرجىمە ئەسەرلەر ئارقىلىق خوجىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جۇڭگو تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. بولۇپمۇ «مىڭ بىر كېچە»، «شاھنامە»، «كەلىلە ۋە دىمنە» قاتارلىق دۇنياغا داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ 18-ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى پۈتكۈل جۇڭگو ئەدەبىياتى ئۈچۈن بىر بۆسۈش ئىدى.

2) خوجىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات مەزمۇن جەھەتتىن ئادالەت، گۇمانىزم، مەرىپەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك قاتارلىق ئىلغار ئىدىيەلەرنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن خاراكتېرلەندى. مەسىلەن، نەۋبەتىينىڭ «خوتەننى» رادىفلىق غەزىلى، زەلىلىينىڭ «سەپەرنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئىپادىلەنگەن بولسا، كۆپچىلىك ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىدە گۇمانىزم، ئادالەت، مەرىپەت ئىدىيەلىرىنى تەرغىب-تەشۋىق قىلدى.

خوجىلار دەۋرىدە يەنە پەند ـ نەسىھەت مەزمۇن قىلىنغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان دىداكتىكىلىق ئەدەبىيات، خوجىلار دەۋرىدىكى بۇرۇقتۇرما سىياسىي ۋەزىيەت، دىنىي ئىدېئولوگىيەدە كۆپ مەنبەلىشىش، سوپىلىق، ئىشانچىلىق، تەركىدۇنيالىق، ئەۋلىياپەرەسلىك قاتارلىق مەۋقەلەرنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە سۇسلىشىپ كېتىشىدەك تارىخىي شارائىتتا يەنىلا ئۆز بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بۇلارنى تۈزەش، توغرا ئىزغا چۈشۈرۈش مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خەراباتىيدەك ئىلغار پىكىرلىك، مىللەتنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىنى ئويلايدىغان ئويغاق كىشىلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئۇ «كۇللىيات مەسنەۋىيى خەراباتىي» ناملىق ئەسىرىدە جەمئىيەت ۋە ئىنسان مەنىۋىيىتىنى تۈزەشكە ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

3) بەدىئىي مېتود جەھەتتە سىمۋولىزم ئاساسلىق ئىجادىيەت مېتودى بولدى. خوجىلار دەۋرىدە ئەدەبىيات يوشۇرۇن ۋە ۋاسىتىلىك ئىپادىلەش، سىمۋوللۇق ئوبرازلاردىن پايدىلىنىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق رېئاللىقتىكى ۋەقە، ھادىسىلەرگە بولغان قاراشلىرىنى ۋاسىتىلىك ھالدا ئىپادىلىدى. مەسىلەن، گۈزەل يار، لىرىك قەھرىمان مەن، گۇل، بۇلبۇل، سابا سىمۋوللىرىدا ئەسەر يېزىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. رېئالىزم، رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودلىرىمۇ راۋاجلاندى. ئەنئەنىچىلىك، كىلاسسىزم، تەقلىدچىلىك ئېقىملىرى رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

4) ئاپتورلار قوشۇنى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە قارىغاندا بەلگىلىك ئۆزگىرىش بولدى. ئاپتورلار قوشۇنى زورايدى. خەراباتىي، نەۋبەتىي، مەھزۇن، سەلاھىي، زەلىلىي، ئابىد، موللا پازىل (كىچىك)، ئەرشىي، فۇتۇھىي قاتارلىق داڭلىق ئەدىبلەردىن باشقا، موللا مۆمىن ياركەندىي، مۇھەممەد رېھىم كاشغەرىي، دەلىلىي، موللا غەزەل، ئۇلۇغ ئەزىزەم، بى بى مەسۇم ئەزىزەم، زۇلفىيە كاشغەرىي قاتارلىق شائىر، ئەدىبلەرمۇ ئىجادىيەت سېپىدە بەيگىگە چۈشتى.

ئەدىبلەرنىڭ ئورۇنلىشىش دائىرىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىلگىرىكىدەك كاشغەر ياكى ھىراتقا مەركەزلىشىپ قېلىش ھادىسىسىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئۇيغۇرلار ياشىغان ھەرقايسى يۇرت، زېمىنلاردىن ئەدىبلەر چىقىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيەسىدە سىنىپىي مەۋقە كۆزقارىشى بارا ـ بارا كونكرېتلاشتى. مەسىلەن، زەلىلىي ئۆز لىرىكىلىرىدا باشتىن ـ ئاخىر جاپاكەشلەر تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، ئەرشىي ئۆز لىرىكىلىرىدا ئاساسەن يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىمۇ بەلگىلىك ئىلگىرىلەش ـ ئۆزگىرىش بولدى، يەنى ياركەند خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇيغۇر تىلى بىلەن پارس تىلى تەڭ ئىشلىتىلگەن بولسا، خوجىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئاساسەن ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلدى. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بىر قىسىم ئۆزگىرىش— خەلق جانلىق تىلىغا يېقىنلىشىش ئەھۋاللىرى بولدى. خەلق جانلىق تىلىنىڭ بىر قىسىم ئارتۇقچىلىقلىرى قوبۇل قىلىندى. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى پۈتۈن ئاۋام چۈشىنىپ، لەززەت، زوق ئالالايدىغان ياخشى ۋەزىيەت يارىتىلدى[1].

[1] بۇ ماۋزۇ پىروفېسسور غەيرەتجان ئوسمانىنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى)دىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا تەييارلاندى.

## §2. سەلاھىي

مۇھەممەد ئەبۇ سەلاھىي 17 ـ 18 ـ ئەسىردە كاشغەردە ياشاپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان شائىرلارنىڭ بىرى.

سەلاھىينىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق يىرىك ئەسىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. بۇ ئەسەر 1740 ـ يىلى (1678 ـ يىلى يېزىلغان دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار) كاشغەردە يېزىلغان بولۇپ، 2000 مىسرا ئەتراپىدىكى شېئىردىن تەركىب تاپقان، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان تىراگېدىيەلىك ئەسەردۇر. ئەسەردە سەلاھىي ئۆزىنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشىنى، ئەركىنلىك، باراۋەرلىككە تەلپۈنۈش روھىنى شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئەخلاق كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ تەرەققىيپەرۋەر تەشەببۇسلىرىنى، زامان زۇلمى ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتلىرىنى ئىپادىلىگەن.

سەلاھىينىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانى ھىرقەتىينىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانى بىلەن سۇژېت، پېرسوناژلار ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بىرقەدەر يېقىنلىقتا ئىگە، ئەمما ئىككى شائىرنىڭ مۇھەببەت، كىشىلىك ھايات ۋە ئەينى جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىدا مەلۇم پەرقلەر مەۋجۇت بولغاچقا، ئەسەرنىڭ يېشىمى ـ ئاپتورنىڭ مەقسىتى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. يەنى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى گۇل ۋە بۇلبۇلنىڭ ۋىسال تېپىشى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانى بۇلبۇلنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ـ تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان.

سەلاھىي «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانىدا سابا، گۇل، بۇلبۇل قاتارلىق سىمۋولىستىك ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق تۈزۈم ۋە قاتمال ئەنئەنىۋى ئەخلاق چۈشەنچىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھايات پاجىئەلىرىنى تېپىكلەشتۈرۈپ سۈرەتلەپ، جەمئىيەتنىڭ خۇنۇك ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى، بۇلبۇلنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكلەرنى تېپىكلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇلبۇلنىڭ تىراگېدىيەسى فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى پاك مۇھەببەتكە ئىنتىلگۈچى ياشلارنىڭ ئورتاق تىراگېدىيەسى، يەنى دەۋرنىڭ تىراگېدىيەسى دەپ كۆرسەتتى.

داستاندا سەلاھىي سابا، گۇل ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى پاك مۇھەببەت ئىگىلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاقىل، توغرا، شەخسىيەتسىز يولباشچىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتتى ھەمدە پاك مۇھەببەت ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىيالايدىغان، بۇ يولدا ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان پاك مۇھەببەت ئىگىسىنىڭ پارلاق ئوبرازىنى ياراتتى.

«گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىكى بۇلبۇل ئوبرازى خاراكتېرى جەھەتتىن بىر قەدەر مۇرەككەپ ئوبراز بولۇپ، ئۇنىڭدا ياشلارغا خاس مۇھەببەتكە ئىنتىلىش روھى، ئەمگەكچى خەلققە خاس زۇلۇمغا، زوراۋانلىققا قارشى ئىسيانكارلىق ئىرادىسى ھەمدە ئۆز مۇھەببىتى يولىدىكى توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈش جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراش، گاڭگىراش، بۇ يولدا

تەۋرىنىپ قېلىش قاتارلىق ئىككى ياقلىمىلىق خاراكتېرى بار، دېمەك، گۇل ۋە بۇلبۇل تىراگېدىيەسىنىڭ تۈپ سەۋەبچىسى ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق تۈزۈم بولسا، قوشۇمچە سەۋەبچىسى بۇلبۇل خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىق تەرەپلەردۇر. سەلاھىي ئەينى دەۋر رېئاللىقىغا نىسبەتەن تەنقىدىي يول تۇتۇپ، ياشلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەسلىكىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنى ھەم دەۋر رېئاللىقىدىن، ھەم مىللەت پىسخىكىسىدىكى ئاجىزلىقلاردىن ئەتراپلىق ئىزدىدى، شۇڭا بۇ ئەسەر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدىغان تىراگېدىيەلىك ئەسەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. بۇلبۇلنىڭ تىراگېدىيەسى قەلبىمىزدە قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلىپ، بىزنى ئەينى زامان ۋە مىللەت پىسخىكىسى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئۈندىدى.

## §3. ئەرشىي

### 1. ئەرشىينىڭ ھاياتى

ئەرشىي (1685 — 1756) — شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، مەنىسى يەتتە قات ئاسمان، تەخت، ئېگىزلىك دېگەنلەردىن ئىبارەت. شائىرنىڭ ئۆز ئىسمى خوجا يەئقۇب ـ خوجا جاھان.

ئەرشىي مەيلى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تارىخىدا بولسۇن ياكى مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدا بولسۇن بەلگىلىك ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن داڭلىق شەخس. ئەرشىي ھەققىدىكى مەلۇمات مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق يىرىك ئەسىرىدە ۋە باشقا ئەسەرلەردە قالدۇرۇلغان.

ئەرشىي قارا تاغلىقلارنىڭ ۋەكىلى دانىيال خوجىنىڭ نەۋرىسى، ئابدۇللا خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇيغۇر قېنى ئارىلاشقان شىنجاڭلىق خوجىلار جەمەتىدىن ئىدى. خوجا جاھان ئەرشىي ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇ 1685 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجەند دېگەن يەردە تۇغۇلغان. كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئەتراپلىق تەربىيەلەنگەن. دەسلەپ خوجەندتە، كېيىن ياركەندتە داڭلىق مەدرىسەلەردە ئوقۇپ ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ھەمدە كىلاسسىكلاردىن ئاتايى، سەككاكىي، لۇتفىي، نەۋايىلار بىلەن يېقىندىن تونۇشقان، بولۇپمۇ نەۋايىنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك قارىشى ۋە سەنئەت قارىشى ئەرشىيگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇ بىر ئۆمۈر نەۋايى ئىزىدىن مېڭىپ، نەۋايىنى ئۇستاز تۇتقان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشۇپ، بۇلار ھەققىدىمۇ بەلگىلىك بىلىمگە ئىگە بولغان ھەمدە بىر قىسىم شېئىرلىرىنى تاجىك ـ پارس تىلىدىمۇ يازغان.

ئەرشىي ئەينى دەۋردىكى قارا تاغلىق خوجىلار ئىچىدىن چىققان ئۈچىنچى خان، يەنى دانىيال خوجا 1700 ـ يىلىدىن 1730 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت تۇتقان، ئابدۇللا خوجا 1730 ـ يىلىدىن 1735 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، خوجا جاھان ئەرشىي بولسا 1735 ـ يىلىدىن 1756 ـ يىلىغىچە 20 يىل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قولىغا ئالغان. دانىيال خوجا، ئابدۇللا خوجا ۋە خوجا جاھان ئەرشىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي تۇرمۇشى بىلەن ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ئەھۋالى زور دەرىجىدە پەرقلەنگەن، قارا

تاغلىقلاردىن چىققان خوجا-خانلار ئىچىدە خوجا يەئقۇب-خوجا جاھان ئەرشىي ئالاھىدە تەدبىرلىك خانلاردىن ئىدى. ئۇ سىياسىيغا، ئىقتىسادقىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، مەدەنىيەتكە جۈملىدىن پەن-مائارىپقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭلاشقا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا خوجا يەئقۇب ھۆكۈم سۈرگەن چاغلارنى ھۇسەيىن بايقارا دەۋرىگە ئوخشاتقان. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەرشىي ئەلدە ئادالەت ئورنىتىش، بازار باھالىرىنى تەڭشەش، دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا يېتىش، جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر يۈرۈش ئاقارتىش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى يېتەكچىسى — ئۇستازى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ يولىدىن ماڭغان.

خوجا جاھان ئەرشىي ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقىتلاردا جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىشقا ئائىت بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى قوللانغان، يەنى ھەر ھەپتىدە بىر كۈن مەخسۇس دەردمەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەرزىنى بىر تەرەپ قىلغان، پۇقرالارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ، ئازار بەرگۈچىلەرنى قاتتىق جازالىغان، بازارلارنى نازارەتچىلەر ئارقىلىق نازارەت قىلدۇرۇپ، جىڭ-تارازىلارنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان. ئاپپاق خوجا دەۋرىدە زۇلۇم-سىتەمگە چىدىماي يۇرتنى تاشلاپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارغا خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتلىرىنى يارىتىپ بەرگەن. شەھەر قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك، قاتناش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

ئەرشىي پەن-مەدەنىيەتنى، جۈملىدىن مائارىپنى گۈللەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. مەسىلەن، ياركەندتە «ئاق مەدرىسە» ناملىق بىر ئالىي بىلىم يۇرتى تەسىس قىلغان (بۇ مەدرىسە كېيىن «مەدرىسەئى خامۇش» دەپ ئاتالغان)، ھەرقايسى شەھەرلەردە جامە، مەدرىسە، خانىقالارنى بىنا قىلدۇرغان. ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى ئۆزى بىۋاسىتە بىر قىسىم مەكتەپلەرگە بېرىپ دەرس ئاڭلاپ، تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىپ، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلغان. پېشقەدەم، قابىلىيەتلىك مۇدەررىسلەرنى، تىرىشچان، ئىستىقبالى بار تالىپلارنى ۋاقتىدا مۇكاپاتلاپ، ئۇلارغا ئىلھام بېرىپ تۇرغان، مۇساپىر تالىپلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشلىرى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن. خوجا يەئقۇب يەنە ئۆز ئەتراپىغا ھەرقايسى يۇرتلاردىكى قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى توپلاپ، ھاكىمىيەتنى توغرا، ئادىل باشقۇرۇش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەملەشتۈرگەن.

دېمەك، خوجا يەئقۇب ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 20 يىل ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتىنى، خىزمەت ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، ئەجدادلارنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىككە ئىگە قىلىپ، پۇقرالارنى جوڭغارلارنىڭ بۇلاڭ-تالىڭىدىن خالىي ھالدا تىنچ، ئاسايىشلىقتا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. پەن-مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، مائارىپقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن خوجىلار دەۋرىدىكى ئىقتىساد، سىياسەت، شەرىئەت، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللەنگەن بىر ئالتۇن دەۋر مەيدانغا كەلدى.

خوجا جاھان ئەرشىينىڭ يۇقىرىقىدەك خەلق مەنپەئىتىنى چىقىش قىلغان بىر يۈرۈش ئىلغار تەدبىرلىرى ھاكىمىيەت بېشىدىكى بىر ئوچۇم روھانىيلارنىڭ كۆزىگە سىغماي، بېسىمغا ئۇچرىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ئاتارمىنى خوجا بۇرھانىدىن ئۈستۈن ھەربىي كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن ياركەندكە بېسىپ كىرىپ، ئالتىشەھەرنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خوجا جاھان ئەرشىي 1755—1756-يىلى قەھرىتان قىشتا

سۆيۈملۈك ئوغلى، كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر فۇتۇھىيلار بىلەن بىرلىكتە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلىدى. بۇ ۋەقە ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئېلىپ بارغان ئۈچ چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختىن ئورۇن ئالىدى. خوجا جاھان ئەرشىينىڭ شانۇ شەۋكەتلىك ھاياتى ھەر خىل تارىخىي كىتابلاردىن ئورۇن ئېلىپ، خوجىلار دەۋرىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ تارىخىي دەۋرگە باھا بېرىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ قالىدى.

خوجا جاھان ئەرشى ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇ يازغان لىرىكىلاردا ئاساسەن نەۋايى لىرىكىلىرىدىكى ئىلغار مەزمۇنلار ياڭرىغان، ئۇ بىر غەزىلىدە نەۋايىنىڭ «لىسانۇتتەيىر» ئەسىرىدىن چوڭقۇر تەسىر ۋە ئىلھام ئالغانلىقىنى بايان قىلسا، «چەكتى» رادىفلىق بىر غەزىلىدە نەۋايىغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى، ئۆزىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر نەۋايى ئىزىدىن ماڭغانلىقىنى ئىزھار قىلغان.

ئەرشىينىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسىرى «دىۋانى ئەرشىي»نىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەجىمدىكى تولۇقسىز نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت. باشقا ئەسەرلىرى دەۋرنىڭ مۇدھىش قارا بورانلىرى تەرىپىدىن ئۇچۇرۇۋېتىلگەن. ئۇنىڭ «بايان»غا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم لىرىكىلىرى، «بۇلاق»تا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم لىرىكىلىرى ۋە باشقا مەنبەلەردىكى لىرىكىلىرى رەتلىنىپ 1995 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «دىۋانى ئەرشىي» نامى بىلەن نەشر قىلىندى.

## 2. «دىۋانى ئەرشىي»

«دىۋانى ئەرشىي» ئەرشىي ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان لىرىك شېئىرلار توپلىمىدۇر. ئۇنىڭغا ئەرشىي ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىي، ساقىينامە، مۇستەھزاد قاتارلىق لىرىك شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن.

ئەرشىي مەيلى ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتا بولسۇن، كىشىلىك دۇنيا قاراشتا بولسۇن ياكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتلەردىكى قاراشلىرىدا بولسۇن نەۋايى بىلەن بىردەكلىك ھاسىل قىلغان. نەۋايى غەزەللىرىدىكى ئىلغار مەزمۇنلار ئەرشىي ئۈچۈن ئۈرنەك بولغان.

ئەرشىي شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىشق ـ مۇھەببەت تەشكىل قىلىدۇ. شائىر دەل مۇشۇ ئىشق ـ مۇھەببەتنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ خەلقچىللىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك قاراشلىرىنىمۇ ئىپادىلىگەن.

خەلقچىللىق— ئەرشىي شېئىرلىرىدىكى ئاساسىي مەزمۇنلارنىڭ بىرى. شائىر بۇ تېمىنى ئاساسەن ئىشق ـ مۇھەببەت سىمۋولىدا ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇ ئۇستازى نەۋايىغا ئوخشاشلا رېئال دۇنيانى خەلق بىلەن باغلاپ، خەلقنى رېئال دۇنيانىڭ كۆركى ۋە ئاساسىي مەقسىتى دەپ قارايدۇ. ئۇ:

*نېتەي جەننەتتە بولسا يۈز تۈمەن ھۆر،*
*جاھان باغىدا بىر ھۆرلىقا بەس.*
*چەك ئەمدى ئەرشىيا، تۈرلۈك نەۋانى،*
*نەۋايى سەۋتىدە چەكسەڭ نەۋا بەس.*

دەپ يېزىپ، قىسقىغىنا بىر كۇپلېت شېئىر ئىچىگە ئاجايىپ مەنىلەرنى سىڭدۈرگەن. ئۇ بىر ئۆمۈر جەننەت تاماسى بىلەن ياشايدىغان، ھاياتقا، رېئاللىققا پەرۋاسىز قارايدىغان، ئىنسانغا خاس خىسلەت، پەزىلەتلەردىن يىراق كىشىلەردىن روشەن پەرقلىق ھالدا، ھاياتقا، ئىنسانىيەتكە چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن قاراپ، ئىنسان ياماسىز مېھنەت قىلىش، خەلقنىڭ غېمىنى

يېيىش، ھاياتنى سۆيۈش، تىرىكلىكتە نامۇ نىشان قالدۇرۇپ، ئەۋلادلارغا ئۈرنەك بولۇشى كېرەك، بۇ ھەقىقىي بىر كامىل ئىنسان بولۇشنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارىغان ھەمدە بۇ جەھەتتە ئۈزىنىڭ نەۋايى بىلەن بىر يولدا ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتكەن. بۇ ئەرشىي ياشىغان مۇدھىش دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا غايەت زور ئىلغار قاراش ئىدى.

ئەرشىي ئىنسان ۋە ئۇنىڭ رېئال ھاياتتىكى بەخت-سائادىتى مەسىلىسىنى ئۆز لىرىكىلىرىنىڭ غايىۋى تېماتىكىسى قىلغان. ئۇ:

*ئالەم ئىچرە تۆت بازارى ئەناسىرنى كېزىپ،*
*بار خەلايىق گەۋھەرىدەك بىر جىلايى تاپمادىم.*

دەپ يېزىپ، ئىنساننى دۇنيادىكى بارلىق شەيئى-مەۋجۇداتنىڭ كۆركى، زىننىتى، دۇنيادىكى باشقا بارلىق مەۋجۇدات ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان دەپ قارىغان.

ئەرشىي ئىنساني مۇھەببەتنى ئىنسانلار مۇناسىۋىتىدە ئىنسان بەخت-سائادىتىنى مىزان قىلغان ئىجتىمائىي ئالاقىلەر رىشتىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چىققىدۇ. شائىر مەيلى شاھ، مەيلى گاداي بولسۇن، ئۇ ئالدى بىلەن ئوخشاشلا ئىنسان، ئەگەر ئىنسانلار يۇقىرى-تۆۋەنلىك تالاشماي، ئۆزئارا ھىممەت قىلىشىپ، بىر-بىرىنى ئۇلۇغلاپ، ھاياتنى قەدىرلەيدىغان بولسا، قەترە شەبنەمدىمۇ ياخشىلىق جىلۋە قىلالاتتى؛ بۇلار پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ؛ مۇشۇنداق بولغاندىلا، يەنى مۇھەببەت بولغاندىلا ئىنسان ھەممىنىڭ تاجىغا، دۇنيانىڭ گۆھىرىگە ئايلىنالايدۇ دەپ قارايدۇ. مەسىلەن:

*جەھاننىڭ تەختىۇ بەختىنى مۇھەببەت فەقرىگە ساتقاچ،*
*جەمئىي ئەھلى ھىممەت باشىغە تاج ئولدىلار ئادەم.*
*ئەگەر شاھۇ گەدالار خانى بىلسە ئۇشبۇ ئالەمنى،*
*يۇزىگە لۇتىف نىساننى قىلغاي قەترائى شەبنەم.*

ئەرشىي ئۆزىنىڭ خەلقچىللىق ئىدىيەسىنى بىر بالداق يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈپ، خەلقچىللىقنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن بىرى خەلق ئۈچۈن جاننى نىسار-پىدا قىلىش، خەلقنىڭ ئۆتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىش، ئۇلارنىڭ غېمىنى كېچە-كۈندۈز يېيىش، بۇ يولدا ھەرقانچە جاپا چەكسىمۇ مىننەت قىلماسلىق، بەلكى خۇشاللىق ھېس قىلىش دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ بىر لىرىكىسىدا:

*ماڭا بىر گوشەئى فەقىر فەنا بەس،*
*فەراش ئورنىدا يىرتىق بورىيا بەس.*
*ئۇلۇس ۋەسلى مەيى نۇشىن تىلەردە،*
*ماڭا فۇرقەت چاغى خارى بەلا بەس.*

دەپ يازىدۇ.

ئىنسانپەرۋەرلىك — ئەرشىي شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر يارقىن تېما. شائىر بۇ تېمىنى يورۇتقاندا مۇھەببەت، خەلقپەرۋەرلىك قاراشلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ ئىپادىلىگەن. ئۇ ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەندە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، دائىم خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇشلا ئەمەس، بەلكى ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى قەدىرلەش، زاھىت روھانىيلارنى تەنقىد قىلىش يوللىرى بىلەنمۇ ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

*نەچچە يارۇ دانىش ئەھلىغە بار ئېردى ئۇلفەتىم،*
*كۆز ئاچىپ يۇمغۇچە ئايرىلغاچ ئاشىتۇر ھەيرەتىم.*

دەپ، ئىلىم ئەھلىدىن ئايرىلىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىسە،

*مېنى ئۇچراتماغىل ئول زاھىدى تەررار زەھرىگە،*
*كۆڭۈل ئەھلىن بەلايى ناگەھاندىن ئاسراغىل يارەب.*

دەپ، زاھىتلارنىڭ بالاسىدىن ساقلىنىش توغرۇلۇق ئىلتىجا قىلىدۇ.

ئەرشىي ئىنسانپەرۋەرلىك تېمىسىنى يورۇتقاندا قانداقتۇر غايىۋى ھۆر ـ پەرىلەرنى ئەمەس، بەلكى ئۆزى بىلەن بىر يۇرتتا چوڭ بولغان قىزىل كۆڭلەكلىك، چېچىنى قىرىق تال ئۆرگەن، ھەربىر قارىشى جاننى ئالىدىغان ئۇيغۇر قىزلىرىنى، ئۇلارنىڭ نازۇك ھەرىكەتلىرىنى زوق ـ شوق بىلەن كۈيلەيدۇ. بۇ خىل تەسۋىرلەر ئۇنىڭ لىرىكىلىرىغا كۈچلۈك يەرلىك خۇسۇسىيەت، مىللىي پۇراق ئاتا قىلىپ، كىشىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

*نىمچە نارەنجى قىزىل كۆڭلەك، باشىدا قەر قارا،*
*سۇمبۇلى باشىدىن ئۆرۈلگەن، تالچىبىق بۆركلۈكىنە.*

ئەرشىي يەنە قىز ـ يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېيتىشىش شەكلىنى ئالغان، ئايرىلىش ھىجرانلىرى مەزمۇن قىلىنغان لىرىكىلىرىدا ھەقىقىي ئاشىق ـ مەشۇقلار ۋىسال تېپىش ئۈچۈن سىياسىي، مەنىۋى جەھەتتىن ئەركىن بولۇشى كېرەك دەپ قارىغاچقا، ئۇلارغا چەكسىز ھېسداشلىق قىلغان. مەسىلەن:

قىز:

*ئاھكىم، كەتتى بۇ ئاخشام مېنى زار ئەتكەن يىگىت،*
*شىش پەرمىزگان بىلەن جانىم فىكار ئەتكەن يىگىت.*

يىگىت:

*ئىرۇر دەردىم نىھايەتسىزكى مەن جانىمدىن ئايرىلغاچ،*
*نە تەنھا جانىم ئېردى، بەلكى ئىمانىمدىن ئايرىلغاچ.*

دەپ، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي مۇھەببەتكە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

ئەرشىي شېئىرلىرىدىكى قەدىرلەشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارنىڭ بىرسى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدۇر. ئۇ ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئىدى. ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا ئانا يەر ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق پىكىرلەر ئېيتىلغان.

ئەرشىي لىرىكىلىرىدا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەمراھى كۆك چاي، چىنە ھەققىدىمۇ مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

*ئول كىمسە كىم يار ئاڭا چىنەدۇر،*
*يوق چىنىكى بىر نىگار ماچىنىدۇر.*
*گۈلشەن ئارا بەزىم ئېتەرگە ئول ئەيلەسە ئەزم،*
*مەرغۇپ ماڭا چاي بىلە چىنىدۇر.*

ئەرشىي يەنە بىر قىسىم لىرىكىلىرىدا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ئىشقا ئاشمايۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە، يەنە بەزى لىرىكىلىرىدا ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئارمانلار يولىدىكى تىرىشچانلىقىنى روھانىيلارنىڭ بوھتانىغا ئۇچرىغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلانغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

دېمەك، ئەرشىي لىرىكىلىرى مۇھەببەتنى ئاساسىي يادرو قىلغان ھالدا خەلقچىللىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئىنسانلار مۇھەببىتى قاتارلىق ئىلغار مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەنلىكى، كۈچلۈك مىللىي پۇراق، يەرلىك خۇسۇسىيەتكە

ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئالاھىدە قىممەتلىكتۇر.

### 3. ئەرشىي لىرىكىلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

ئەرشىي لىرىكىلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ئىلغار بولۇپ قالماستىن، بەدىئىيلىكىمۇ يۇقىرى. ئەرشىي لىرىكىلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىنى تەھلىل قىلغاندا ئالدى بىلەن ئىلغار مەزمۇن بىلەن گۈزەل بەدىئىي شەكىلنىڭ بىردەكلىككە ئىگە قىلىنغانلىقى، تىلىنىڭ خەلق جانلىق تىلىغا يېقىن، چۈشىنىشلىك، دەل ئىكەنلىكى، شېئىرىي شەكىللىرىنىڭ كۆپلىكى قاتارلىق تەرەپلەردىن كۆزىتىشىمىز كېرەك.

ئەرشىي لىرىكىلىرىدا مۇھەببەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك قاتارلىق ئىلغار مەزمۇنلار گۈزەل لىرىك مىسرالار بىلەن ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى كۈچلۈك دەۋر روھى، يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي پۇراق تارتىملىق مىسرالاردا ئىپادىلەندى. ئەرشىي لىرىكىلىرىدىكى «گۈزەل يار» كۆپ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە قىلىندى، بۇ لىرىك قەھرىمان بىردە جاننى ئالىدىغان «مەھبۇب» تەرىقىسىدە نامايان بولسا، بىردە «ۋاپاسىز يار» تەرىقىسىدە نامايان بولۇپ، شائىرنىڭ رەھىمسىز جاھان، بىۋاپا پەلەك، قويۇق بۇرۇقتۇرما ئاتموسفېرا ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشتىكى ۋاستىسى بولغان. بۇلار ئەرشىي لىرىكىلىرىغا كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ۋە يۇقىرى ئېستېتىك قىممەت ئاتا قىلغان.

ئەرشىي لىرىكىلىرىدىكى «گۈزەل يار» ئۈستىگە قىزىل كۆڭلەك، بېشىغا گۈللۈك بۆك كىيگەن، چاچلىرى قىرىق تال ئۆرۈلگەن نازىنىن ئۇيغۇر قىزلىرى بولۇپ، بۇ گۈزەل تەسۋىرلەر بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزنى قاناتلاندۇرۇپ، 18-ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە باشلاپ بارىدۇ. بۇلار ئەرشىي لىرىكىلىرىدىكى مىللىي پۇراق، يەرلىك ئالاھىدىلىك ئىدى. بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ھەممىلا شائىرنىڭ لىرىكىلىرىدىن تېپىش قىيىن، ئەلۋەتتە.

ئەرشىي لىرىكىلىرى مەزمۇن جەھەتتىن نەۋايى تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ھەربىرى «خاس ھال»، «خاس مەزمۇن»نى، يەنى ھەربىرى ئەينى دەۋرنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ھەربىر شېئىرىدا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىر شائىرنىڭ باي سەزگۈسى، تۇيغۇ-ھېسلىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، بەدىئىيلىك بىلەن خاھىشچانلىق تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

ئەرشىي لىرىكىلىرىنىڭ تىلى خەلق جانلىق تىلىغا تولىمۇ يېقىن، راۋان، ئوي-پىكىرلەر ئېنىق، تەسۋىرلەر دەل، ھەقىقەتەن پىشقان شېئىرىي تىل. ئۇنىڭ لىرىكىلىرىنى بىز ھازىرمۇ بىمالال چۈشىنەلەيمىز. ئۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئوخشىتىش، سىلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش قاتارلىقلاردىن كەڭ پايدىلىنىپ شېئىرىي تىلنىڭ رەڭدارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغان. مەسىلەن:

*ئارەزىڭ ئۈستىدە قاشلار كۆك ئانىڭ ئەفكەندەسى،*
*ئاي يۈكۈنۈپ، كۈن سېغىنىپ سەجدە ئەيلەر بەندەسى،*
*كۆيۈپ ۋەسلىدە ھەم ھىجرىدە سەرغايما قىلغىم،*
*ئىرۇر كىيگەنگە ئوخشاش نەستەردىن يافراغىدىن كۆڭلەك.*

ئەرشىي كلاسسىك شېئىر شەكىللىرى بولغان قەسىدە، غەزەل، مەسنەۋى، رۇبائىي، تەجنىس، مۇۋەششەھ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلغان. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى

مۇۋەششەھىنى كۆرۈپ باقايلى:

*ئەيىندۇر ئانىڭ چۇ ئەيىىن ئەپلەك،*
*ئۆرتەر بارى ئالەم ئەھلىنى پاك.*
*شىن ئىكىم ئارائى جەپادۇر،*
*ئۇچ نۇقتەسى ئانىڭ ئۇچ بالادۇر.*
*قاپ كىلىبان چۇكوھى ئەنبۇھ،*
*ئەنبۇھ نە يەئىنى كوھى ئەندوھ.*
*گاھ ئۈستىدە ئىككى نۇقتەسى ئىككى زاغ،*
*يوق زاغ، كۆڭۈلكە ئىككى داغ.*

ئالدى بىلەن بىز بۇ مۇۋەششەھنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئوقۇپ باقساق شائىرنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئادەتتە مۇۋەششەھ بولۇش ئۈچۈن ھەربىر بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىنىڭ بىرىنچى ھەرپىنى قوشۇپ ئوقۇش كېرەك. ئاندىن «مەنە»نى تاپىمىز. شېئىرنى ئوڭدىن سولغا ئوقۇساق ئاندىن بارا-بارا بۇ مەنە يېشىلىدۇ. يۇقىرىقى تەلەپ بويىچە بىرىنچى مىسرادىكى «ئى»، ئۈچىنچى مىسرادىكى «ش»، بەشىنچى مىسرادىكى «ق» ھەرپلىرىنى قوشساق «ئىشق» دېگەن سۆز چىقىدۇ. ئاندىن شېئىرنى ئوڭدىن سولغا ئوقۇساق ئەنە شۇ «ئىشق»نىڭ نېمە ئىكەنلىكى مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ:

بىرىنچى مىسرادىكى «ئى» ھەرپى «ئىشق» سۆزىنىڭ بىرىنچى ھەرپىنى كۆرسىتىدۇ. ئىشق يەنى مۇھەببەت (يار) بىرىنچى قېتىم كۆزىمىزگە ئاجايىپ چىرايلىق، يېقىملىق، تارتىملىق كۆرۈنۈپ، بىزنى مەھلىيا قىلىدۇ. بۇ خۇددى ئاسمان جىسىملىرى كۆزنى قاماشتۇرغاندەكلا بىر ئىش. بىز ئۇنىڭغا كۆڭلىمىزنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇ بىزنى ھەم كۆيدۈرىدۇ، ھەم ھەممە نەرسە يېقىملىقتەك، دۇنيا گۈزەللىك بىلەن تولغاندەك كۆڭلىمىزنى يورۇق، شاد-خۇرام ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۈچىنچى مىسرانىڭ بىرىنچى ھەرپى «ش» ئىشق سۆزىنىڭ ئىككىنچى ھەرپى «ش» دۇر. ئىشق يولىغا قەدەم قويغان ئىكەنمىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز لەرزىگە كېلىپ كېچە-كۈندۈز پىكىر-خىيالىمىزدىن كەتمەيدۇ. ئەسلىدىكى خاتىرجەملىك بۇزۇلۇپ، بىزنى تۈرۈپ-تۈرۈپ غەم، خىيال باسىدۇ. «ش» ھەرپىنىڭ مۈرەككەپلىكىگە ئوخشاش جاپا تارتىمىز، تېخى ئۇنىڭ ئۈچ نۇقتىسى (چېكىتى) جانغا بىر بالا. بەشىنچى مىسرانىڭ بىرىنچى ھەرپى «ق» ئىشق سۆزىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى «ق» دۇر. بىز ئىشق يولىغا كىرگەن ئىكەنمىز جاپا تارتىمىز. چېكىگە يەتكەندە قامىتىمىز «ق» ھەرپىدەك ئېگىلىدۇ، بىر بولساق مۇرادىمىزغا يېتىمىز ياكى تۈگىمەس ئەندىشىدە قالىمىز. «ق» نىڭ ئۈستىدىكى ئىككى نۇقتىسى (ئىككى چېكىت) ئىككى قاغىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئىككى قاغا ئۇچۇپ كەتسە كۆڭلىمىز مەڭگۈ يارا بولىدۇ، يۈرىكىمىزگە داغ چۈشىدۇ دەپ يېشىدۇ. دېمەك، ئەرشىي كىلاسسىك شېئىر شەكلى بولغان «مۇۋەششەھ»تىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپتىن، ھەرپىي ئوبراز يارىتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، لىرىك ھېسسىيات ئارقىلىق، لىرىك قەھرىمان تىلىدىن «ئىشق» ياكى «مۇھەببەت»نىڭ ئۇلۇغۋار قۇدرىتىنى، خاسىيىتىنى، جاپاسىنى ھەم لەززىتىنى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ. شائىر يەنە ئىنسانىنى ئىنسان قىلغان مۇھەببەت، «مۇھەببەت بولغاچقىلا دۇنيا شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە جەزبىدار» دەپ ھېسابلىغاچقا، گۈزەل مەھبۇبىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدۇ.

ئەرشىي تەجنىس ۋە تۇيۇقلارنى يېزىش ئارقىلىقمۇ لىرىكىلىرىنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى، رىتىمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ماھىرى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

تەجنىس ئادەتتە شەكلى بىر خىل، مەنىسى ھەر خىل بولغان سۆزلەر ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئاساسەن مىسرا ئاخىرىدىكى شەكىلداش سۆزنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. تۇيۇق تەجنىسكە ئاساسلانغۇچى شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان بىر كۇپلېت شېئىر ئىچىدىكى 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرىنىڭ ئاخىرى تەجنىس بىلەن تۈگەللىنىدۇ. شائىرنىڭ تۆۋەندىكى لىرىكىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

*ئول كىمسەگە كىم يار ئاڭا چىندۇر،*
*يوق چىنكى بىر نىگار ماچىندۇر.*
*گۈلشەن ئارا بەزم ئېتەرگە ئول ئەيلىسە ئەزم،*
*مەرغۇپ ئاڭا جايى بىلە چىندۇر.*

بۇ بىر كۇپلېت تۇيۇقنىڭ بىرىنچى مىسراسىنىڭ ئاخىرقى سۆزى «چىن» راست، چىن، ھەقىقىي مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. ئىككىنچى مىسرانىڭ ئاخىرقى سۆزى «ماچىن» يەر نامى تەرىقىسىدە، يەنى جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا مەنىلىرىدە ئىشلىتىلگەن. دېمەك، بىز شائىرنىڭ لىرىكىسىدىكى «چىن» سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى تاپساق، ئۇنىڭ ھەقىقىي بىر تۇيۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇ بىر قارىساق تېپىشماقتەك تۇيۇلغان بىلەن، بىزنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىپ ھەم ئۆزىنىڭ مەنىلىرىنى يەشتۈرىدۇ، ھەم ئەرشىينىڭ پىشقان بىر سۆز ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى تونۇتىدۇ.

## §4. فۇتۇھىي

فۇتۇھىي (يەنى خوجا سىددىق فۇتۇھىي، 1714—1755) شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، مەنىسى پەيزىلىك، كۆڭۈللۈك، شەپقەت قىلغۇچى، ئىلتىپات كۆرسەتكۈچى، قولغا كەلتۈرگۈچى دېگەنلەردىن ئىبارەت. شائىرنىڭ ئۆز ئىسمى سىددىق، خوجا ئەۋلادىدىن بولغاچقا خوجا سىددىق دەپ ئاتالغان.

خوجا سىددىق خوجا جاھان ئەرشىينىڭ ئوغلىدۇر، ئۇ ياركەندتە تۇغۇلغان. ئىككى ياش ۋاقتىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن ئىلىغا كۆچۈپ كېلىپ، 18 ياشقىچە ئىلىدا تۇرغان. خوجا جاھان ئەرشىي كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر، ئادىل ھۆكۈمران بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەرزەنتلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئەتراپلىق تەربىيەلەيدىغان مەسئۇلىيەتچان ئاتا ئىدى، شۇڭا خوجا سىددىق كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئەينى دەۋردە زۆرۈر دەپ قارالغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى دادىسى خوجا جاھاننىڭ ياردىمىدە ئىگىلىگەن، ھەتتا ئۇنىڭ شائىر بولۇپ يېتىلىشىگىمۇ ئاتىسى ئەرشىي ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، خوجا سىددىق فۇتۇھىي ئىلىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلاردىلا «فۇتۇھىي» تەخەللۇسى بىلەن لىرىكىلارنى يازغان. تەخمىنەن 1730 ـ يىللاردا دادىسى بىلەن بىرلىكتە ياركەندكە قايتىپ كېلىپ خان ئوردىسىدا تۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، سىپاگەرلىك (ھەربىي قوشۇن) تەلىم ـ تەربىيەسىنى ئۆگىنىپ بەلگىلىك ئىقتىدار يېتىلدۈرىدۇ. فۇتۇھىي ئۆزىنىڭ قەلەم ۋە ئەلەم جەھەتتىكى ئىقتىدارى شۇنداقلا ئىلغار كۆزقاراشلىرى بىلەن دادىسى خوجا جاھان ئەرشىي زامانىسىدىكى سىياسەت، ئىقتىساد، پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە بەلگىلىك ئىجادىي تۆھپىلەرنى قوشىدۇ. شائىر تەخمىنەن 1755 ـ يىللىرى خوجا جاھان ئەرشىي بىلەن بىرلىكتە

پاجىئەلىك هالدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

فۇتۇھىينىڭ «دىۋانى فۇتۇھىي» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. «دىۋانى فۇتۇھىي»دىكى لىرىكىلار مەزمۇن جەھەتتىن ئىلغار بولۇپ، كۈچلۈك دەۋر روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان. شائىر ئەنئەنىۋى تېمىلارنى ئۆز دەۋرىنىڭ روھىي قىياپەتلىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەت ۋە ئېستېتىك قىممەت يارىتىشقا تىرىشقان.

فۇتۇھىي ئەدەبىي ئىجادىيەتتە دادىسى ئەرشىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغاچقا، ئۇنىڭ لىرىكىلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئەرشىي لىرىكىلىرىغا ئوخشاش مۇھەببەت تەشكىل قىلىدۇ. شائىر مۇھەببەت تېمىسىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ كۆيۈمچانلىق، ئادالەت ھەققىدىكى ئىلغار كۆزقاراشلىرىنى، ۋاپاسىزلىق، ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، ناھەقچىلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەر ھەققىدىكى ئۆتكۈر كىنايىلىرىنى ئەتراپلىق، ئىنچىكە، دەل ئەكس ئەتتۇرگەن.

فۇتۇھىينىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ۋاپا، ساداقەت مەزمۇنىدىكى لىرىكىلىرى ئىچىدە «ئاھىيكىنىم، كۆڭلۈمنى ئالدى» دېگەن غەزىلى ئالاھىدە ئەھمىيەتلىكتۇر. شائىر بۇ غەزەلدە ئەينى دەۋردىكى خىلمۇ خىل توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، يېڭى قاراش، يېڭى تەپەككۇر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، غەزەلدە بىر قىزنىڭ يىگىتكە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى، بۇ يولدىكى تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى ھەمدە بۇ جەرياندىكى قايغۇ-ئەلىمى، ھىجران ئازابى قاتارلىق مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇسىنى يۇرەكلىك بىلەن ئىنچىكە تەسۋىرلىگەن ۋە شائىر بۇ قىزغا چەكسىز ھېسداشلىق قىلغان. مەسىلەن:

*ئاھىيكىنىم كۆڭلۈمنى ئالدى قاماتى زىبا يىگىت،*
*ئاغزى غۇنچەئى يۈزى گۇل ھەمراھ يىگىت.*
*تەشكىدەك بىر يەردە تىنماس جىلۋە ئەيلەپ ھەر تەرەپ،*
*نىجۇت ئەتمەس بىر كۆزى كۆز مۇردەمىن مەئىۋا يىگىت.*
*جىلۋە كۆرگەزگەچ خىجالەتتىن گۇلى رەئىنا ئەمەس،*
*بولدى رۇخسارى قىزىل سارىغ يۈزىيىڭ رەئىنا يىگىت.*
*جان ئىلە دىن نەقدىنى ئاسىرارغا يوقتۇر تاقىتىم،*
*بىر كۆزى ئولتۇرسا ئەيلەر بىر كۆزى ئەھىيا يىگىت.*
*نەچچە يال بەرسەم مەنى مەھزۇنىغا پەرۋ ئەيلەمەس،*
*يوقتۇرۇر دەھر ئىچىرە مۇنداغ شوخ پىيەرۋا يىگىت.*
*رەھمى ھەرگىز قىلمادى كۆڭلۈمنى ئالغاندىن بېرى،*
*كۆڭلى قاتتىق تاش باغرى ئافاق ئارا يەكتە يىگىت.*
*ئەي فۇتۇھىي جان دىل بىرلە ئۇنىڭ مۇئىتادى بول،*
*دېسەم مۇئىتادىنىم سىنى شۇكرى ئېيت زىبا يىگىت.*

شائىر بۇ غەزەلدە قىزنىڭ سۆيگەن يىگىت ھەققىدىكى ھېس-تۇيغۇسىنى ئىنچىكە سۈرەتلەپ، قىز-ئاياللارنىڭ ساداسىنى دادىللىق بىلەن ئىپادىلىدى. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا بۇ خىل مەزمۇندىكى لىرىكىلار تولىمۇ ئاز.

شائىر يەنە ئۆز لىرىكىلىرىغا قىز-يىگىتلەرنىڭ ئېيتىشىش شەكلىنى ئالغان شېئىرلارنىمۇ كىرگۈزگەن. بولۇپمۇ قىزنىڭ سۆيگەن يارىغا ئاتاپ قول ياغلىق تىكىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئادەت ئەكس ئەتتۇرۇلگەن لىرىكىسى قەلبىمىزنى ئالاھىدە لەرزىگە سالىدۇ. مەسىلەن:

*تىكەرمەن ياغلىقىڭنى كۆز سەۋادىدىن مۇراد ئەيلەپ،*
*ياسارمەن خاما كىرپىك يىڭنەسىدىن ئېھتىيات ئەيلەپ.*
*رۇسۇل ئەتتىم كۆزۈمنىڭ مەردۇمىن مۇنداغ خىيال بىرلە،*

*ئۆزۈمنى ئىشق ئەھلى شاھى سەن شاھى قوباد ئەيلەپ.*
*ئىپەك جان جەۋھەرى تارىدىن ئەيلەپ ئاندا جان چەكتىم،*
*ئىككى جان بەخش لەئىلىك سۈرتىن ھەرلەھزە يار ئەيلەپ.*
*بۇ ياغلىق تىككۈچى ئەشكىمنى ساچتىم كۆڭلۈم ئۆرتەنگەچ،*
*چىكىپ ئاھىم يەلى گەردىمنى كۆككە گەردىبات ئەيلەپ.*
*چىكىپ زۈلفى پەرىشانىڭنى ئاھىم ئەيلىدى كۆڭلۈم،*
*لىبىڭدىن غۇنچىلەر سەزدىم جانىمنى بەلكى شاد ئەيلەپ.*

فۇتۇھىي يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك قىزلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ھەر خىل شەكىلدە ئىنچىكە تەسۋىرلەپلا قالماستىن، بەلكى زامان زۇلمى ۋە ئەنئەنىۋى ئادەت-چۈشەنچىلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ۋىسال شادلىقىغا ئېرىشەلمىگەن، بۇ يولدا ئازاب چەككەن يىگىتلەرنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرىنى، ھىجران-ئازابلىرىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، پاك مۇھەببەتنىڭ ھىمايىچىسى سۈپىتىدە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ ھەمدە ئەينى دەۋر رېئاللىقىغا بولغان نارازىلىقى ۋە شىكايىتىنى قوشۇپ ئىپادىلەيدۇ.

فۇتۇھىي گەرچە خان جەمەتى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئوردىنىڭ ئەيش-ئىشرەت، كەيپ- ساپالىق تۇرمۇشىغا بولغان نارازىلىقىنى، تەنقىدىنى ئىزھار قىلغان. كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە رولىغا توغرا، ئىلمىي باھالارنى بەرگەن. مەسىلەن:

*تەبئىي يوقلار تۆرىدىن ئۈلكۈنچە قاچقان ياخشىراق،*
*ياستانىپ تەبئ ئەھلىنىڭ ئىشىكىدە ياتقان ياخشىراق.*
*دەردى يوق دانا ۋە ئاقىل نەچچە گۈلدەك ئاچىلۇر،*
*دەردىدىن پەژمودە، بولغان كۆللى نادان ياخشىراق.*

..............................

*قەدىردان ئەرمىش كىشىلەر بەزمىدە ئىچكۈنچە مەي،*
*ھىجردە خىنابى ھەسرەتنى يۇتقان ياخشىراق.*
*بى تەكەللۇپ پەقىرلەردىن سەۋرى چەندان ياخشىراق.*
*ئەھلى دۇنيا بەزمىسىدە ئىچكەن شاراب نايابىدىن،*
*ئىشت يالاغى ئىچرە ئىچكەن قىپقىزىل قان ياخشىراق.*

فۇتۇھىي رېئال ھاياتنى، ھايات گۈزەللىكىنى كۈيلەپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلىرى بىلەن جەمئىيەتكە ياندىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ناتوغرا ئىللەتلىرىنى، سوپى-زاھىتلار، روھانىيلارنىڭ ئەكسىيەتچىل كۆزقاراشلىرىنى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ.

فۇتۇھىي لىرىكىلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ئىلغار، بەدىئىيلىك جەھەتتىن يۇقىرى. شائىر مۇھەببەت ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە يار گۈزەللىكىنىڭ سىرتقى پورترېتىنى يۈز، كۆز، قاش، كىرپىك، چاچ، سەرۋى قاتارلىق كونكرېت دېتاللار بىلەن تەسۋىرلەپ، شېئىرلىرىنىڭ جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرغان.

فۇتۇھىي كىلاسسىك شېئىرىي ژانىرلاردىن غەزەل، رۇبائىي، تەجنىس (تۇيۇق) قاتارلىقلاردا ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلغان. مەسىلەن، تۆۋەندىكى تەجنىسنى كۆرۈپ باقايلى:

*خوش ئول كىشكىم ئىلكىدە چىن بولسا،*
*ئول چىن ئىچرە چاي چىن بولسا.*
*چاي جوش مۇزەييەن كۆتەرتىپ ئىلكىدە،*
*قايناتقۇچى بىر ئايەت چىن بولسا.*

بۇ تەجنىستە بىرىنچى مىسرادىكى «چىن» چىنە مەنىسىدە، ئىككىنچى مىسرادىكى «چىن»

راست، ھەقىقىي مەنىسىدە، تۆتىنچى مىسرادىكى «چىن» يار، جانغا ئوت ياققۇچى مەنىسىدە كەلگەن.

فۇتۇھىي يەنە رۇبائىي يېزىشتىمۇ رۇبائىينىڭ aaaa، aaba قاتارلىق قاپىيە شەكىللىرىدە يېزىپ ئۆز ماھارىتىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

*زىبا قەددىڭىز نەخلى ئېرۇر تۇرپە نىھال،*
*يادەك قاشىڭىز خۇش قۇزۇھ بەلكى ھىلال.*
*گۈللىرىڭىزنى، يۈزىڭىزنى دەر دەرھال،*
*كۆرگەن كىشىلەر بۇ ياغلىغ ئولماس جامال.*

قاپىيە شەكلى abaa.

شائىر لىرىكىلىرىنىڭ تىلى نەپىس، ئوبرازلىق، جانلىق بولۇپ، شائىر ھەقىقىي بىر سەنئەتكارغا خاس ماھارەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، پىشقان، تاللانغان، تاۋلانغان شېئىرىي سۆزلەرنى ئىشلەتكەن.

## §5. مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي

### 1. مۇھەممەد سىددىق زەلىلىينىڭ ھاياتى

17- ۋە 18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆزىنىڭ ئادالەتنى، ۋەتەننى، خەلقنى، مەرىپەتنى سۆيگۈچى ۋە ئۇلۇغلىغۇچى لىرىك شېئىرلىرى ۋە داستانلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان شائىر زەلىلىينىڭ ھاياتى ھەققىدە ئۇنىڭ بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن لىرىكىلىرى ۋە داستانلىرىدا قىسقىچە مەلۇمات قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، « تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار» ناملىق داستانىدىكى:

*ئۇمرى يەتمىشكە يېتىپ مەرد ئولمادى،*
*پىرى مۇرشىددەك جەھانگەرد ئولمادى.*
*قىرىق يىلدىن تا بۇ دەمغە خىرقە پۇش*
*چەشمە سارى باتىن ئەمدى قىلدى جۇش[1].*

دېگەن مىسرالار ۋە 1718-يىلى يازغان «سەپەرنامە» داستانىدىكى:

*خەستە زەلىلىيدۇر چۇ نادان ھونۇز،*
*بولمادى قىرىق ياشىدە مۇسۇلمان ھونۇز [2].*

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق شائىرنىڭ مىلادىيە 1674ــ 1676-يىللىرى ئەتراپلىرىدا تۇغۇلغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ.

شائىرنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرى ئۆز يۇرتى ياركەنتتە ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئاتىسى مەرىپەتكە قىزىقىدىغان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قول ئىلكىدە يوق نامرات ئىكەنلىكىگە قارىماي زەلىلىينى ئۆز يۇرتىدىكى دىنىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بەرگەن. ئۇ دەسلەپكى باشلانغۇچ مەلۇماتلارنى ئۆز يېزىسىدىكى مەكتەپخانىدا ئالغاندىن كېيىن، ئوقۇشقا بولغان ھەۋىسى

---

[1] «زەلىلىي دىۋانى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشچىلىقىدا، ئىمىن تۇرسۇن تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان نۇسخا. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى. تۆۋەندىمۇ شۇنداق.
[2] «زەلىلىي دىۋانى»

تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي مەركىزى بولغان ياركەندتىكى مەدرىسەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ بەدىئىي ئەدەبىياتقا چىن دىلىدىن ھەۋەس باغلاپلا قالماستىن، بەلكى ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشقان. ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان ياركەندكە توپلاشقان ئەينى دەۋردىكى شائىر-مۇزىكانتلارنىڭ ئەدەبىيات ۋە مۇزىكىغا بولغان قىزىقىشى ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈش يولىدا ھارماي ئېلىپ بارغان تۈرلۈك ئىزدىنىشلىرى شائىرنىڭ قەلبىدىكى شېئىر ۋە مۇزىكىغا بولغان ھەۋەس ئۇچقۇنلىرىنى ياندۇرغان. بولۇپمۇ شائىرنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر، ئەدىبلەر دەرس ئۆتكەن مەدرىسەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىلىم-مەرىپەتتە كامالەتكە يەتكەن، زامانىسىغا نىسبەتەن كامىل سۆز ئۇستىلىرىدىن بولۇشى زەلىلىينىڭ شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان. شائىر بۇ جەرياندا پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىپ شېئىر يېزىشقا تۇتۇش قىلغاندىن سىرت، ئەلنەغمىگىمۇ قىزغىن ھەۋەس باغلاپ، زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانتلىرىدىن ھەر خىل مۇزىكىلارنى چېلىشنى ئۆگەنگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ماھىر سازەندىلەردىن بولۇپ قالغان.

شائىر زەلىلىي بۇ دەۋردە بىر تەرەپتىن شېئىر يېزىش ۋە مۇزىكا ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، مەدرىسە بىلىملىرىنى پۇختا ئۆگەنگەندىن سىرت، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى ۋە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلىرى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشۇپ، بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ماھارىتىنى بالداقمۇ بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. بۇ ھال شائىردا زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە بەلگىلىك ئىلغار كۆز قاراش بىلەن قارىيالايدىغان تالانتنى يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن شائىرنىڭ ئىدىيەسىدە بەرپا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىككە ئوخشاش ئىلغار ئىدىيەلەر بىلەن زامانىسىغا نىسبەتەن ئاكتىپ ئورۇندا تۇرغان دىنىي يول بىلەن نىجاتلىق ئىزدەش خاھىشىنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى سەۋەبلىك مازار-ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىش ئارقىلىق خارلانغان، ئېزىلگەن كەڭ مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا نىجاتلىق تىلەپ، ئۇلار ئۇستىدىكى ئېغىر مۇشەققەتلەرنى-ئاپەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسىتىدە بىر نانسىز، بىر پۇلسىز «ئاھ»نى بەلباغ، ئايىغىنى ئۇلاغ قىلىپ دەرۋىشانە ھالدا سەپەرگە ئاتلانغان.

شائىرنىڭ بۇ مەقسەتتە سەپەرگە ئاتلىنىشىنى ئەينى دەۋر بويىچە كۆزەتكەندە، ئۇنچىۋالا بىمەنە ئىش دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، شائىر ياشىغان دەۋر ئاپپاق خوجا سۇلۇكى ئاساسىدا يامراپ كەتكەن ئىشانىزملىق تازا يۇقىرى پەللىگە قاراپ ئۆرلەۋاتقان شارائىت بولغاچقا، بۇ خىل شارائىت زەلىلىيگىمۇ تەسىر قىلماي قالمىغان. لېكىن زەلىلىينىڭ ئىدىيەسى ۋە تۇتقان يولى مۇتەئەسسىپ سوپى-ئىشانلاردىن تۈپتىن پەرق قىلغان بولغاچقا، ئۆز شېئىرلىرىدا رىياكار، ئالدامچى سوپىلارنى قاتتىق قامچىلىغان ۋە ئاشۇ سوپى-زاھىتلار گۇرۇھىغا قېتىلماستىن ئۆزىگە سەپەرنى ئىختىيار قىلىپ، ئۆمرىنىڭ تېگىدىن كۆپرەكىنى جاھانكەزدىلىك قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئۇ بىرىنچى قېتىم سەپەرگە ئاتلانغاندا ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ مازاردىن ھېچقانداق بىر نىجاتلىققا ئېرىشەلمىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا زاھىر بولغىنى ئاشۇ مازارلاردىن چىققان نىجاتلىق نۇرى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ مازارلارنى ئاساسىي بازا قىلىپ تۇرۇپ خەلقنى قاقتى-سوقتى قىلىۋاتقان رىياكار سوپى-ئىشانلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ، تاپقان، تۈگكەنلىرىنى ئاشۇ ئالدامچىلارغا دۇئا ئالدۇرۇپ،

ئۆزى مازارلاردا قايىنتىلغان داش قازاندىكى بىر تاۋاق ئوماچىنىڭ بەندىسىگە ئايلىنىپ، نادانلىق پاتقىقىغا پاتقان خەلق؛ مۇتەئەسسىپ سوپى-ئىشانلارنىڭ خەلقنى ئالداش ۋە بىخۇدلاشتۇرۇشتىكى ھۇۋ-جەررىسى قاپلاپ كەتكەن زېمىن؛ بىكاردىن-بىكار مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىت بولغان. خۇددى شائىر 75-غەزىلىدە:

*تەرك جاھان قىلماغىم سەير جاھاندۇر غەرەز،*
*ئەيلەگەلى ئىمتىھان ياخشى-ياماندۇر غەرەز.*
*شىشەنى جىق تولدۇرۇپ پىرى خەراباتى ئىشىق،*
*بىزگە مۇھەببەت قىلىڭ سىزگە ئاياندۇر غەرەز.*
*چەشمە بولۇپ كۆزلەرىم ئاقسا نىچۈك ئەيبدۇر،*
*ئەلگە تاھارەت ئۈچۈن ئابى راۋاندۇر غەرەز.*
*ساقى ئەلەم ئەيلەسە سەبرى تەھەممۇل قىلاي،*
*جۇرى جەفادىن ماڭا پىر مۇغاندۇر غەرەز.*
*مۇشكى خوتەندىن خىتا بۇيى زەلىلىي ئالىپ،*
*تۆكتى خەتتى ئەنبەرىن نەكھەتى جاندۇر غەرەز①.*

دەپ يازغىنىدەك، مازار-ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق دىنىي نىجاتلىق ئىزدەش سەپىرى ھېچقانداق ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەنلىكى، مەقسىتىنىڭ گويا سوپۇن كۆپۈكىدەك ماغزاپقا ئايلانغانلىقى سەۋەبلىك شائىر بۇ ئىستىقامەت-تاۋاپلىرىغا خاتىمە بېرىپ، ئۆز يۇرتى ياركەندكە قايتىشقا مەجبۇر بولغان.

بىرىنچى سەپىرىدە دىنىي يول بىلەن نىجاتلىق ئىزدەش مۇددىئاسىدىن بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىش توگۇل پۈتكۈل زېمىننىڭ ئاھ-نالىلىك پىغان، ھەسرەت-نادامەتلىرىنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن شائىر زەلىلىي ياركەندكە قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماي ئۆز ئىدىيەسىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بويىچە ئىنىسى دەلىلىي بىلەن بىرلىكتە خوتەننىڭ نىيە ناھىيەلىرىگىچە سەپەر قىلىپ، بۇ يۇرتلاردا يەتتە يىل ئەتراپىدا تۇرۇپ قالغان. شائىر بۇ يەردىمۇ ھېچبىر نىجاتلىق ئىزدەپ تاپالماي، ئاخىرى ئۈچىنچى قېتىملىق سەپىرىنى قاغىلىق، يېڭىسار، كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان ۋە قۇمۇللارغىچە كېڭەيتتى.

شائىرنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ قانچە يىل داۋاملاشقانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. شۇنداق بولسىمۇ، شائىرنىڭ سەپەر قىلىپ بارغان يۇرتلىرىدا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ جەبىر-جاپا، زۇلۇم ۋە نامرات تۇرمۇشى بولغان. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى سەپەردىن قېلىپ، ئاخىرى ئۆز يۇرتى ياركەندكە قايتىپ كەلدى. شائىر ياركەندكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ نامراتچىلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈردى. تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈش يولىدا سوپى-ئىشانلارنىڭ زىكىر-سۆھبەتلىرى ئۈچۈن ھازىرلانغان نازۇنېمەتلەردىن ئۆز مېھنىتى بەدىلىگە كەلگەن ئازغىنە مېھنەت مېۋىسىنى ھالال ۋە تەملىك بىلدى. شائىر كۈندۈزلىرى كىشىلەرنىڭ خەتلىرىنى يېزىپ بېرىپ ئاز-تولا تۇرمۇش پۇلىغا ئىگە بولسا، ئاشىق ئۈچۈن بىباھا پۇرسەت كېچىنى شېئىر يېزىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

شائىر زەلىلىينىڭ خېلى ئۇزۇن يىللىق سەپەر ھاياتى ئۇنىڭ ئىدىيەسىدىكى خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتكە بولغان قىزغىنلىق ھېسسىياتى بىلەن دىنىي يول ئارقىلىق

① «زەلىلىي دىۋانى»

نىجاتلىق ئىزدەش خاھىشىنىڭ مۇرەسسەلىشىپ بېرىكىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بەدىئىي ئىجادىيەتتە رېئالىستىك خاھىشقا بۇرۇلۇپ، ئىدىيەدە بىر بالداق ئىلغارلىققا كۆتۈرۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق سەپەر ھاياتى ئۇنى خوجىلار ۋە سوپى-ئىشانلارنىڭ مەزھەپ كۈرىشى ۋە ئىچكى نىزالىرىغا ئارىلىشىش ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە يولۇقۇشتىن ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرلىكتە، ئاساسىي قاتلامدىكى مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ تارتىۋاتقان جەبىر-زۇلۇملىرى ۋە ئۇلار ئۈستىدىن خالىغانچە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بەگ-زالىملار،سوپى-ئىشانلارنىڭ تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن خەلقنى قاقتى-سوقتى قىلغان رەزىل قىلمىشلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتۇرغان. بۇ ھال شائىردا خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىنلىشىش، ئاقكۆڭۈل مېھنەتكەشلەرگە ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق قىلىش ھېسسىياتىنى ئويغاتتى. شائىر سەپەر جەريانىدا رەھىمسىز رېئاللىق بىلەن قانچە چوڭقۇر ئۇچراشقانسېرى مەككار سوپى-زاھىتلارغا قارشى ئىسيانكارانە روھتا مەھكەم تۇرۇپ:

*ئەگەرچە بۇلبۇلەم ھەر تەرەپتە باغىم بار،*
*ۋەلى چۇ لالە سىفەت سەد ھەزار داغىم بار.*
*فىراق كېچەلىرى كۆركى ئوتلۇغ ئاھىمدىن،*
*ستارە سەھرىدەك ئەجەب چىراغىم بار.*
*باشىڭ كېتەر دىمەگىل قورقۇتۇپ مېنى زاھىد،*
*مۇھەببەت ئەھلىنى ئىستەرمە تا ئاياغىم بار.*
*مۇسافىران خوتەندىن دۇئا تىلەيدۇرمەن،*
*ئەدەم يولىدا نە تۇشە نە بىر ئۇلاغىم بار*
*زەلىلىي ھېچ خەزىنە نەزەرگە كەلمەيدۇ،*
*جەۋاھىر يوقاتىپمەن ئانى سوراغىم بار.*[1]

دەپ يېزىش ئارقىلىق خەلقنى نادانلىق يولىغا باشلىغۇچى رىياكار سوپىلارغا قارشى مەيداندا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەت يولىدا بېشىنىڭ كېتىشىدىن قەتئىي قورقمايدىغان جەسۇر ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ[2].

شائىر ئۆز ئۆمرىدە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مەرىپەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئادالەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، زۇلمەت دۇنياسى ئۈستىدىن قان-ياشلىق شىكايەت قىلىپ، رىياكار سوپى-ئىشانلارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ تاشلىغان. شائىر سوپىزم ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، خەلق سوپى-ئىشانلارنىڭ تۈرلۈك ئالدام خالتىلىرىغا كىرىپ كېتىۋاتقان مۇنداق بىر شارائىتتا خەلقنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش يولىدا ئىزدىنىپ نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يېزىپ سوپىلار بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شائىر ھاياتىدىكى يوقسۇزلۇق ۋە نامراتلىق ئۇنى جاھاننىڭ بارلىق مەئىشەتلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئاخىرى دەرد-ئەلەم ۋە ھەسرەت بىلەن ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا قىستىغان. شائىر گەرچە ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن خۇددى ئۆز شېئىرىدا:

---

[1] «زەلىلىي دىۋانى» (54-غەزەل).

[2] زەلىلىي ئەدەبىي مىراسلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش مەشرەپ (1640—1711)، ھۆۋەيدا (1704—1780) قاتارلىقلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىغا دائىر بەزى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ ئۈچ شائىر ياشىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىت زامان ۋە ماكان نۇقتىئىنەزىرىدىن ئۆزئارا يېقىندۇر.

*يار ئەگەر جەفا قىلۇر، بولما ئايا كۆڭۈل مەلۇل،*
*خالى خەتتى سىفاھىدىن خەتتى چۇ لەشكەر مۇغۇل.*
*كۇنگۇرى هاي ئەرشىيدىن دەرگاھى بەس بەلەند ئېرۇر،*
*نامۇ كەبۇتەر ئىلتەدۇر ئاندا نەھاجەت رەسۇل.*
*( مۇددەئىسىنىڭ يۈزى قارا بولسە تەئەججۇپ ئەيلەمەڭ،*
*دەئۋەتى بۇ مۇسافىران سۇبھى دەمدەدۇر قەبۇل.)*
*شەھرى خوتەندە ئوت كۆرۈپ بەرقى ھەۋامىكىن دېدى،*
*شوئلەئى دۇدى ئاھ ئېرۇر بىلمەدى سەرھەددى قەمۇل.*
*نەسلى جەھاندا قالمادى تەلبە زەلىلىينىڭ دېمەڭ،*
*ئۆلگەنىدىن كېيىن كۆرۈڭ ھەر غەزەلىدۇر بىر ئوغۇل.*

دەپ يازغىنىغا ئوخشاش، ھەر بىر غەزىلىدە كىشى سۆيۈنگىدەك مول مەزمۇنلۇق ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

شائىرنىڭ راسا يىگىتلىك ۋاقىتلىرىدا سەپەرگە ئاتلىنىشى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئىدىيەسىدە ھاسىل بولغان دىنىي يول بىلەن نىجاتلىق ئىزدەش خاھىشىنىڭ سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۆزىگە سەپەرنى ئىختىيار قىلغانلىقىنى ئىشق يولىغا قەدەم قويغانلىقى ۋە ياخشى-يامانىنى ئىمتىھان قىلىش كويىغا كىرگەنلىكى بىلەن ھەقلىق ئىش دەپ ھېسابلاپ مۇنداق يازىدۇ:

*سورماغىنىدىن مېنى بىدادلەر،*
*زالىمۇ بىرەھىم پەرىزادلەر.*
*ياخشىراق ئولدۇركى سەپەر ئەيلەيىن،*
*داغ چېكىپ يار جەفاسىنى دەيىن.*
*...............................*
*ئىلىم ئەيدى ئىفتىدا قىل، ئەقىل ئەيدى ئىنتىھا قىل،*
*بۇ ئىككىنى رەھا قىل، ئىشىق ئېئتىبار ئەمەسمۇ؟*

زەلىلىينىڭ ئىنىسى دەلىلىي ھەم موللا غەزەل دەپ ئاتالغان يەنە بىر ھەمراھىمۇ زەلىلىيگە ئوخشاش ئەدەبىيات ئەھلى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئىنىسىنىڭ تەخەللۇسى دەلىلىي، يەنە بىر ھەمراھىنىڭ نامىمۇ موللا غەزەل دەپ ئاتالغان. لېكىن ماكان ۋە زامان تۇپەيلى ئۇلارنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

زەلىلىي يالغۇز شېئىرىيەت جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ قالماستىن، بەلكى زامانىسىغا نىسبەتەن ئۇستا مۇزىكىچى ئىدى. ئۇ نەغمىگە ئالاھىدە خۇشتار بولغىنى ۋە ھاياتتا نەغمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئوينايدىغان رولىنى ياخشى چۈشەنگىنى ئۈچۈن، نەغمە توغرىسىدىمۇ ياخشى غەزەللەرنى يېزىپ قالدۇرغان :

*نەغمە بىلەن تازادۇر جانلەر،*
*نەغمە بىلەن شاد پېرىشانلار.*
*نەغمە بىلەن شەھرى جۇنۇن بولدى پۇر،*
*ئۇزدى مىھارىنى جۇنۇندىن شۇتۇر.*
*نەغمە بىلەن روھى گىرىفتار تەن،*
*نەغمە بىلەن قىلدى فەرامۇش ۋەتەن.*

ئۇ مۇزىكىنىڭ ھەر خىل ئەسۋابلىرى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشۇشتىن تاشقىرى، ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسىنىمۇ ياخشى چېلىپ، مۇقامنىڭ رەتلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۇچۇنمۇ تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىنى تۆۋەندىكى شېئىرلىرى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

*مەجلىس ئىچىگە ئوت سالۇر پەردەئى ئىراق،*

*مەشۇق جۇنۇندىن ئەيلەگەچ سەۋتى تەرەننۇمى ئەجەم.*

*ئاجايىپ مەجلىسى گەرم ئولدى بۇ دەشتى بەيابانىكىم،*

*نەۋايى نالەئى مەجنۇن بىلەن ئاھۇ كەباب ئەردى.*

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

*چۇ قانۇنى مۇھەببەت ئۇستىخانىم فۇرسەدا بولدى،*

*رەگى ئەئزالەرىمدىن ئەرغەنۇنغە تار بولغايمۇ؟*

*مەن نەۋايى نالەئى نەيدىن ھوزۇرى تەپمادىم،*

*ئەرغەنۇنى مەجلىسى ئۇششاق خۇش ئاھەڭدۇر.*

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە شائىرنىڭ «ئەرغەنۇننىڭ سەداسىدىن كۆيىدۇم، شۇئلە تاشلايدۇ زىر ئىلە بومدە»، شېئىرلىرىنىڭ «ھەرفى ھەر بېيىتىمدە يۇزمىڭ ئەرغەنۇن ئەيلەپ پىغان» دېگەن مىسرالىرى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ.

شائىر نەۋقىران يېشىدا توساتتىن سەپەر قىلىش ئارزۇسىغا چۆمىدۇ. سەيرىنىڭ سەۋەبى تۈرلۈك ئىزاھلانسىمۇ، لېكىن زەلىلىي يولغا چىقىش مۇددىئاسىنى تۆۋەندىكىدەك لىرىكىلىق بىر كەيپىياتتا ئىپادىلەيدۇ:

*ياخشىراق ئولدۇركى، سەفەر ئەيلەيىن،*

*داغ چېكىب يار جەفاسىنى دەيىن...*

*تەلبە زەلىلىي سەير ئېتەر كۆڭلىدە مەتلۇبى سەفەر،*

*يۇرسە جاھاندا دەربەدەر مەنزىلىندۇر خوتەن ھەنۇز. . .*

ئۇ سەپەردە كۆپ رىيازەت چېكىدۇ. بارغانلا يېرىدە «ئاشىقىي قەلەندەر» سۈپەت مازارلارنى تاۋاپ قىلىدۇ. زەلىلىينىڭ پۈتۈن يۇرۇچىلىك ھاياتىغا ئۇكىسى دەلىلىي، مەسلەكدىشى مۇللا غەزەل ھەمراھ بولىدۇ. تەتقىقاتلاردىن شائىرنىڭ تەخمىنەن 50 ياشلاردا خوتەنگە بارغانلىقى ۋە ياركەندتىن ئانىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇندا مۇقىم ياشىغانلىقى مەلۇم. شائىر خوتەننىڭ لوپ، قاراقاش، كېرىيە، چىرا ناھىيەلىرىدىكى قەدىمجايلارنى زىيارەت قىلغان. تۆۋەندىكى بېيىت ياركەند شەھرىدە شائىرنىڭ كۆڭۈل قوشىنى ئۇۋلىغان بىر مەھبۇبى بولغانلىقىنى ياكى تۇغۇلغان يۇرتىنى سېغىنىپ بۇ ئوتلۇق مىسرالارنى پۈتكىنىنى كۆرسىتىدۇ:

*مېنى ئاۋارە قىلغان ياركەند شەھرىدە ماھىمدۇر،*

*قاراڭغۇ ئەيلەگەن ئالەمنى گويا دۇدى ئاھىمدۇر.*

شائىرنىڭ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ھىجرىيە 1155 ـ يىلى (مىلادىيە 1744 ـ يىلى) يازغان «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار»ىدىكى: «ئۆمۈر يەتمىشكە يېتىب مەرد ئولمادى. . . » دېگەن مىسرا بىلەن 11 ـ رۇبائىيدىكى:

*يەتمىشكە يېتىپتۇرمەن، ئاغزىمدا چىشىم يوق،*
*ھەپتىدۇ مىللەت ئىلىگە ئەمدى ئىشىم يوق.*

كەبى مىسرالار شائىرنى يەتمىش ياشتىن ئوشۇقراق ئۆمۈر كۆرگەن دەپ ئېيتىشقا ئىمكان بېرىدۇ.

بەزى مەلۇماتلار شائىرنىڭ خوتەندە ۋاپات بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خوتەننىڭ ئالتۇنلۇقۇم مەھەللىسىدىكى «ئالتۇن مازار»دا «مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي مەقبەرىسى» دەيدىغان بىر كونا قەبرە بولۇپ، يېقىنقى يىللارغىچە كىشىلەر شائىرنى «ئەۋلىيا» دەپ قاراپ كەلگىنى ئۈچۈن بۇ مازارلىقنى تاۋاپ قىلىپ كەلگەن. يەنە زەلىلىي ئانىسى ۋە ئىككى ئوغلى بىلەن بىر مەزگىل ياشىغان ئالتۇنلۇقۇم مەھەللە ئەھلى پەرزەنتلىرىگە شائىرنىڭ ئىسمىنى قويۇشنى[①] ئۇدۇم قىلغان. ھازىرمۇ زەلىلىينىڭ خوتەن ۋە ياركەندلەردە ئەۋلادلىرى بار بولۇپ، بۇ بىزنى نۆۋەتتە شائىر ھەققىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە ئوبيېكتىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 2. زەلىلىي غەزەللىرىدە ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيەۋى پىكىرلەر[②]

«دىۋان» تۈزۈش شەرق ئەدەبىياتىدا شائىرلار سالاھىيىتىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي مىزان بولۇپ كەلگەن. سالماقلىق لىرىك مىراسى ۋە «سەپەرنامە»، «تەزكىرەئى چېھلتەن»، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار» قاتارلىق داستانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 663 بەتلىك دىۋاننىڭ بارلىقى زەلىلىينىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنىڭ بىقىياس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىر شېئىرلىرىدا ئىجتىمائىي ـ سىياسىي، ئاشىقانە ـ ئارىفانە ۋە تەسەۋۋۇپىي ـ پەلسەپىۋى تەلقىنلەرنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار، ئېستېتىك غايىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ جۇشقۇن ئۇسلۇبتا ئەكس ئەتتۈرگەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ۋاپادارلىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە مەرىپىي بەركامالىلىققا ئوخشاش بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزۈندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاساسىي تېمىلىرىنى ئەخلاقىي ـ دىداكتىك ماھىيەت ۋە تەسەۋۋۇپىي رەمزىلەر ئۇيغۇنلۇقىدا نەزمىگە سالغان. كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ باشقا ۋەكىللىرىگە ئوخشاش تۈرلۈك ژانىرلاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك قەلەم تەۋرەتكەن زەلىلىي لىرىكىنىڭ يۇقىرى چوققىسى بولغان غەزەلچىلىكتە ئالاھىدە ماھارەت كۆرسەتكەن. لىرىكىدا نامايان بولىدىغان ئېستېتىك تۇيغۇ تاشقى تەسىرگە نىسبەتەن ئىچكى روھىي مۇناسىۋەت ماھسۇلى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئېموتسىيونال ـ ھېسسىي پىكىرلەش سەمەرىسى ـ «قەلب دىيالېكتىكىلىسى»، «روھىيەت ئەينىكى» بولغان غەزەلنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن ئىخچام بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. زەلىلىي دىۋانىدىكى70 بەش بېيىتلىق، 65 يەتتە بېيىتلىق غەزەل تېرەن مەزمۇنى، يۈكسەك بەدىئىياتى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

زەلىلىي لىرىكىلىرىدا جاھانكەزدى ئاشىق ۋە پەيلاسوپ شائىر سۈپىتىدە ئىنسان مەنىۋىيىتىنى يۈكسەك مىزانلار ئاساسىدا باھالايدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ھەقىقەت خەنجىرى مەجاز غىلاپى بىلەن زىننەتلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر لىرىكىلىرىنىڭ ھەر سەتىر ـ بەنددىكى پىكىر شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت، ھەقىقەت، مەنىۋىيەت، تەجەللىي، ئىنسانىي كامىللىق، پىرى مۇغان، ئاشىق ـ مەشۇق، لاماكان، ماسىۋا، خىرقە ـ خەزىبات، ئارىف ـ مۇرشىد، ھۆپۈپ ـ سۇمۇرغ،

---

[①] رەجەپ يۇسۇپ: «مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 ـ يىلى، 2 ـ سان.

[②] بۇ ماۋزۇنى دوكتور تۇرسۇن قۇربان تۈركەش تەييارلىغان.

قەلەندەر-دىۋانە، نۇسخا-سىلسىلە، مەي-قەدەھ، قاش-كاكىل، شام-پەرۋانىگە ئوخشاش تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىگە خاس تىمساللار ۋاسىتىسىدە ئىپادىلەنگەن. بۇنى شائىر 8-غەزىلىنىڭ مەقتئىسى (تۈگەللىمە بېيىتى)دە مۇنداق پىكرىي يۈكسەكلىكتە ئىزاھلايدۇ:

*ئەي زەلىلىي، بۇ نىچۈك سۆز دەبان ئەيىپ ئەتمەگىل،*

*جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولماسا.*

شائىر غەزەللىرىدە ئەڭ كۆپ ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللانغان بەدىئىي سەنئەت تەلمىھدۇر. زەلىلىي شېئىرلىرىدا «تەۋرات»، «زەبۇر»، «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان»دا نامى زىكىر قىلىنغان پەيغەمبەرلەر؛ سوقرات، ئەپلاتۇن ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەين كەبى يۇنان دانىشمەنلىرى؛ رەي-كەي، بەھرام، خۇسراۋ، رۇستەمگە ئوخشاش تارىخىي سىيمالار؛ ئۇۋەيس قەرانىي، بايەزىد بەستامىي، ئىبنى سىنا، شەيخ سەنئان، ئەھمەد يەسەۋى، شەمسىددىن تەبرىزىي، فەرىدىددىن ئەتتار، قاسىم ئەنۋار، خوجا ئەبەيدۇللاھ ئەھرارغا ئوخشاش تەسەۋۋۇپ مۇرشىدلىرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرلىرى تەكرار تىلغا ئېلىنغان ۋە تەلمىھ سەنئىتى ۋاسىتىسىدا مەزمۇنىنىڭ تېرەن، بەدىئىيلىكىنىڭ گۈزەل بولۇشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

زەلىلىي 20 گە يېقىن غەزەل ۋە مۇخەممەسىدە ھەللاجىغا مۇراجىئەت قىلغان. رۇمىي، جامىي، نەۋايى ۋە مەشرەپلەرگە ئىشارە-تەتەببۇ قىلغان مەزمۇنلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. شائىر لىرىكىلىرىنىڭ تەھلىلىدىن ئۇنىڭ زامانىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە يېتۈك ئالىمى ۋە كۆپ قىرلىق سۆز سەنئەتكارى بولغانلىقى ھەققىدىكى خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن. شائىر ئىجادىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇنىڭ لىرىك غەزەللىرىدىن تەشكىل تاپقان. شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ زەلىلىينىڭ لىرىك قەھرىمانى يەنى «مەن»ى شائىرنىڭ ئۆزىدۇر.

مەلۇمكى، لىرىكا ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر مەھسۇلى. ئۇنىڭ ئىچكى روھىي جەۋھىرى بولغان ئىندىۋىدۇئال كۆچۈرمە لىرىك تەرىپ ۋە بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق لىرىك ئوبرازغا ئايلىنىدۇ. لىرىكا ئالەم ۋە ئادەم مۇناسىۋەتلىرىدىكى زىددىيەتلەرنى، ئىنسانىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ھېسسىياتى، ئوي-پىكرى، دۇنيا قارىشىدىكى رومانتىك ۋە رېئالىستىك تەلقىنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك. زەلىلىينىڭ:

*سەن ئۆزۈڭگە تاماشا قىل، ھەر ئاجايىب باركى ئادەمدە*

دېگەن مىسراسى لىرىكىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى پىكىرنى تەستىقلايدۇ.

شائىرنىڭ غەزەللىرى ۋە «سەپەرنامە»نىڭ مەزمۇنىچە، تەڭرىنىڭ ئالەمنى يارىتىشىدىكى مەقسىتى—ئىنسان. ئاللا قۇياش بولسا، ئادەم ئۇنىڭدىن تارالغان نۇر-زىيا، پەقەت ئىنسانلا تەڭرى گۈزەللىكىنىڭ تەجەللىيسى ۋە مۇجەسسىمى، روھىي ۋە جىسمانىي بەركاماللىق تىمسالى، كائىنات سىرلىرىنىڭ شاھىتى ۋە بارچە مەخلۇقاتنىڭ گۈلتاجى؛ ئىنسان ئالەم ئۇيغۇنلۇقىنىڭ ئەينىكى، بارچە سىر-ھېكمەتلەرنى ئۆزىدە يوشۇرغۇچى «جاۋاھىر قۇتىسى»؛ بۇنىڭغا ئوخشاش تەلقىنلەرمۇ ھەم زەلىلىينىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» تەلىماتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئەدىبلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىرنىڭ ئىنسانىيەت ئۇلۇغلانغان گۇمانىستىك چۈشەنچىلىرى تاكامۇللىشىپ، ئۇنىڭ نەقشىبەندىلىككە خاس تەسەۋۋۇپلۇق دۇنيا قارىشىدا ئومۇملاشقان. زەلىلىي غەزەللىرىدە «ئاناسۇر»، «ئىقلىمى ئاناسىرى» ئىبارىلىرى كۆپ قوللىنىلغان. «سەپەرنامە» داستانىنىڭ:

*كىرمەس ئەردى چاھار ئاناسىرغا روھ،*

*تۇتماس ئەردى دۇنيانى توپانى نوھ.*

دېگەن بېيىتىدىكى چاھار ئاناسىر دەل تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە ئوتنىڭ ئىشارىسىدۇر. زەلىلىي تەلقىنىچە، كائىناتتىكى بارچە مەۋجۇدات ياراتقۇچىنى زىكىر قىلىش بىلەن بەند، ئۇنىڭ يەككە-يېگانىلىقىنىڭ شاھىتى:

*بۇ كائىنات ئىچرە زەررە-زەررە مەۋجۇدات،*

*دېدىلەر:«ئەشھەدۇ ئەن لائىلاھە ئىللەللاھ».*

مەلۇمكى، شەرق كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە يېتەكچى تېمىسى ئىشق. شۇ سەۋەبتىن نەۋايى «مەھبۇبۇلقۇلۇب»تا زامان چۈشەنچىسى بويىچە ئىشقنى مەجازىي(ئىنسانىي) ۋە ھەقىقىي(ئىلاھىي) دەپ ئايرىغان ھەمدە بۇ ئىككى خۇسۇسىيەتنىڭ بارچە كىلاسسىكلار ئىجادىغا چوڭقۇر سىڭگەنلىكى ھەققىدە توختالغان. شائىرنىڭ ھەقىقىي ئىشق توغرىسىدىكى غايىۋى-ئېستېتىك تەلقىنلىرىنى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى تەجەللىيىلىك پەلسەپىسىگە ئائىت قاراشلىرىنىڭ تەبىئىي تاكامۇلى دەپ چۈشىنىش مۇمكىن.

زەلىلىي لىرىكىلىرىدىمۇ باشقا كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاش «ئىشق» ۋە «يار» (مەشۇق) قوشكېزەك چۈشەنچىلەردۇر. تار مەنىدە «يار»— «مەن»نىڭ سۆيگىنى بولسا، كەڭ مەنىدە «مەن»نىڭ دوستى، بۇرادىرى ۋە ھەمراھىدۇر. مەلۇمكى، تەسەۋۋۇپتا ئىنساننى سۆيۈش ئاللانى سۆيۈشنىڭ مۇھىم شەرتى دەپ قارالغان. بۇ جەھەتتىن زەلىلىي ھەقىقىي ۋە مەجازىي ئىشقنى كۈيلىگۈچى شائىرلار قاتارىغا مەنسۇپ. شائىرنىڭ تەرنىپ، تەسۋىر، مەدھ ۋە ھەسبىي-ھال مەزمۇنىدىكى غەزەللىرىدە مۇشۇ خىل خاھىش ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. زەلىلىي تەسەۋۋۇپتىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ سادىق مۇرىتى ئىدى:

*كۆركى، بۇخارادە شاھى نەقشىبەند،*

*مەئانىي سىپىھرىدە ماھى نەقشىبەند...*

*تەرىقى نەقشىبەندى ئاڭلەدىم زىبا رەۋىشلىكدۇر،*

*كۆڭۈل مەستى ئىلاھىي ئۇل كۆزىدە پارسا بولماق...*

شائىر لىرىكىلىرىدا شەرقنىڭ بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپلىرىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان. ئۇلارنىڭ نەزمىلىرىگە تەخمىس باغلىغان، نەزەرەلەر پۈتكەن. قاسىم ئەنۋار ۋە نەۋايى كەبى ئەجدادىي پىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغان. مانا بۇ مىسرالارنى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە كەلتۈرىمىز:

*كوھنا لەنگەرى ئالەم، كەرۋان ئېرۇر ئادەم،*

*دەم ئالىپ ئۆتەر بىردەم، سەن بۇ دەم غەنىيمەت تۇت...*

*خالىقا، بۇ ئۆمۈر غەنىمەتدۇرۇر،*

*ھەر نەفەسى دۇررى با قىممەتدۇرۇر...*

ئايانكى، مەزكۇر ئىقتىباستا شائىر نەقشىبەندىيەنىڭ مەشھۇر «خۇش دەر دەم» شوئارىغا ئىشارە قىلغان. يەنى تەسەۋۋۇپنىڭ ھاياتتا ھەر بىر دەمنى قەدىرلەپ، تەڭرى ئاتا قىلغان ئۆمۈر بەختىنى غەنىيمەت بىلىشنىڭ لازىملىقى، ئۇنى غەپلەتتە ئۆتكۈزۈشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن گۇناھلىقىنى تەكىتلىگەن. زەلىلىي تەخمىنەن قىرىق ياشلاردا مەرىفىي كامالىلىق، ئىدېئال پاكلىنىش ۋە ئارىفلىق مەقامىغا ئۆرلەش مەقسىتىدە نەقشىبەندىيەنىڭ «سەفەر دەر ۋەتەن» ئەقىدىسىنى رەھنامە قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب-شىمالىدا ئون يىل سەير جاھان ھايات ئۆتكۈزگەن. تەسەۋۋۇپتىكى ئاللاغا يېتىشىش-تەڭرى سىرلىرىنى بىلىش ئۈچۈن زاھىري ۋە باتىنىي سەپەردىن ئىبارەت ھەر ئىككى جەھەت زەلىلىي ھاياتى ۋە ئىجادىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شائىر75-

غەزىلىنىڭ مەتلەئىسىدە(باشلانما بېيىتىدا) بۇ ھەقتە شۇنداق يازغان:

*سەيرى جەھان قىلماغىم-تەركى جەھاندۇر غەرەز،*

*ئەيلەگىلى ئىمتىھان ياخشى-ياماندۇر غەرەز.*

زەلىلىي شەرىئەت ئەھكاملىرىنىمۇ، ئىسلام مەرىپىتى ۋە ماھىيىتىنىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن ئالىم ۋە شائىر ئىدى. شۇ مەنىدە ئۇنىڭ ئانا ۋەتەن تۇپرىقىنى مەككە تاۋابىدىنمۇ مۇقەددەس قويۇشى شەرىئەت تەلەپلىرىگە ئەسلا زىت ئەمەس:

*ھاجىلەر تەۋفى ھەرام ئەيلەمە، رەنج تارتەدۇر،*

*مەككە تەۋفىدىن ئاتاڭنىڭ خاكى پايى ئۆزگەچە...*

شائىر بىر غەزىلىدە «چۈن ۋەتەننىڭ ئەسلىگە دائىم قاراب، ئۇچماق ئۇچۇن ھەر دەم چېكەر ئىزتىراپ» دەپ يازغىنىدەك، تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى روھىي ھالاۋەت ئىزدەپ قىلغان سەپىرىدە ھاياتنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ئاۋام تۇرمۇشىنى كۆزەتكەندىكى بىۋاسىتە تەسىراتلىرىنى يۈكسەك خەلقچىللىق مەيدانىدا تۇرۇپ تۆۋەندىكىچە ئىپادىلەيدۇ:

*خەلقنى كۆردۈمكى، ئەجەب دىلرەبا،*

*يا رەب، ئۇلار كۆرمىسۇن ھەرگىز بەلا...*

تەكىتلەش كېرەككى، گۇمراھلىق، خۇراپاتلىق، نادانلىق ۋە ئىچكى نىزا زەلىلىي ياشىغان دەۋردە جەنۇبىي شىنجاڭنى «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق»تىن ئىبارەت ئىككى دۈشمەن لاگېرغا ئايرىۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاپپاق خوجا جوڭغارلارنى باشلاپ كىرىپ، تارىختا ئىككى يۈز يىلغا يېقىن سەلتەنەت سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقىنى زاۋال تاپقۇزغان. پىكرىمىزچە، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا نەۋايىدىن كېيىن شەيخ-زاھىتلارنىڭ خۇدبىنلىكى، ئۇلار ئەمەللىرىدىكى ساختىلىق ۋە رىيانى زەلىلىيدەك غەزەپ چۇقانلىق پاش قىلغان شائىرلار ئاز:

*مەغرۇرى نەماز بولمەغىل، ئەي زاھىدى خۇدبىن،*

*دىھقان سەمەندەر قاشىدە تودەيۇ خەسدۇر...*

*زەلىلىي خاناقاھى كۆڭلۈڭ ئىچرە ئەربەئىن ئولتۇر،*

*مەجازىي شەيخلەرنىڭ سۆھبەتى ئۈشبۇ رىيا ئاخىر...*

زەلىلىي مەسنەۋى، رۇبائىي ۋە مۇسەممەنلىرىدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە ھايات ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن پوزىتسىيەسىنى پەلسەپىۋى تەپەككۇر ۋاسىتىسىدە ئەكس ئەتتۈردى. شائىر راستچىللىق، ۋاپادارلىقنى ئائىلە، مۇھەببەت ۋە ئىنسانىيەتكە ئالاقىدار ئەخلاقىي مىزانلار سۈپىتىدە گۈزەل ئوخشىتىشلار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئەنئەنىۋى تېمىلاردىن ھېكمەتلىك ھاياتىي خۇلاسىلەر چىقىرىدۇ:

*ئەگرىلىكدىن چەمەن ئىچرە تىكەن،*

*خار تۇرۇر گەرچى گۇل ئۆزرە ۋەتەن...*

*يار ئەمەس دەردمەندە بولغان چاغدە ساڭا يار ئولماسا،*

*كىم، بىقىلغاندا تۇتۇپ ئىلكىڭ مەدەدكار ئولماسا...*

شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا فارابىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ باشلاپ بەرگەن «ئادىل پادىشاھ» غايىسىنى نەۋايى ۋايىغا يەتكۈزگەن. بۇ خىل ئوتوپىيەنىڭ خاس داۋامچىسى بولغان زەلىلىي:

*شاھ رەئىيەتگە ستەم قىلماغەي،*

*بىر نەفەس ئەدلنى كەم قىلماغەي...*

دەپ يازغان. جۈملىدىن زەلىلىي لىرىكىسىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى ۋە چوڭقۇر پەلسەپۋىلىكىنى تەمىنلىگەن ئامىللاردىن بىرى شائىرنىڭ ئادالەتنى دالالەت قىلىش قارىشى ئىدى.

ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» خەلق مۇزىكا تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، شەكىللىنىش تارىخى، مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسى جەھەتلەردىن ئۆزبېك مۇقاملىرى بىلەن مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە. «ئۆزبېك خەلق مۇزىكىسى»[1] نىڭ 4 ـ جىلدىدا ئايرىم مۇقاملارنىڭ كاشغەرچە ۋارىيانتىنىڭ بىرلىگەنلىكى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تەرتىپى راك، چەببىيات، مۇشاۋرەك، چاھارگاھ، پەنجىگاھ، ئۆزھال، ئەجەم، ئوششاق، بايات، نەۋا، سىگاھ ۋە ئىراقتىن ئىبارەت بولۇپ، جەمئىي 320 مۇزىكىلىق ئاھاڭ، 3127 مىسرا شېئىردىن تۈزۈلگەن. ئۇنى بىر كېچە ـ كۈندۈز داۋامىدا ئىجرا ئېتىش مۇمكىن. مەشرەپ بىر شېئىرىدا مۇقام ناملىرىنى زىكىر قىلىپ تۆۋەندىكىچە يازغان:

*ساتارىم تارىگە جان رىشتەسىدىن تار ئەشىپ چالسام،*
*ئانىڭكىم نالەسىدىن بىناۋانىڭ كۆڭلىنى ئالسام.*
*مەقام ئالىپ مەقام ئىچرە مەقامنى دىلغا جاھ قىلسام،*
*مۇھەببەت كۈيىغا سالسا ئانىڭ ئالدىدا مەن چالسام.*
*مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى «ھۇسەينى»يۇ «ئەجەم» دەرلەر،*
*بۇلاردىن يۇقارىكىم پەردەئى «بەياد»نى چالسام.*
*بەيادى ھەق تەئالا يادىدا چالسام پەيا ـ پەيكىم،*
*كۆڭلۈللەر بىناۋا بولغانىنى ئىلسەم «ناۋا» چالسام.*
*ئارلاپ چالسام «ئوششاق»نى غەزەلنى «راك»قا يەتكۈزسەم،*
*شەبىستانۇ سەھەرلەردە «مۇشاۋىراك» «پەنجىگاھ» چالسام.*
*«ئىراقۇ» «چەببىيات»، «ئۆزھال»دا فەيزىكىم يەتەر بولسا،*
*تىلەپ خۇرشىدى ۋەسلىن سۇبھى دەمدە «چەھارگاھ» چالسام*
*يەتىپ ۋەسلىگە ھىممەتنىڭ جۇدالىق تاغىدىن ئۆتسەم،*
*ئىچىپ ۋەسلىڭ شەرابىدىن قىلىپ تەڭكەش «سەگاھ» چالسام.*
*كەل، ئەي مەشرەپ، قەدەھ سۇنغىل بۇلاينى مەشتى مۇستەغرەق،*
*بىر ئەلگە كاسەئى تەنبۇر، بىرىگە جامى مەي ئالسام[2].*

شائىر بۇ غەزىلى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدە كەڭ تارقالغان ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك مۇقاملىرى ھەققىدە ئوبرازلىق مەلۇمات بەرگەن. ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە بىر قېتىم رەتلەنگەن ۋە سىستېمىلاشقان ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى، جۈملىدىن نەۋايىنىڭ يۈزگە يېقىن غەزىلى بەستىلەنگەن. بۇ بىباھا مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسىغا كېيىنكى يىللاردا زەلىلىي غەزەللىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. شائىر نەزمىلىرىدە نەي، ئۇد، ئەرغەنۇن، قالۇن، چاڭ ۋە راۋاب قاتارلىق چالغۇلارنى زوۋق بىلەن تىلغا ئالغان. بولۇپمۇ37—156 ـ غەزەللىرىدە ئەرغەنۇن ھەققىدە ئېھتىراسلىق مىسرالارنى پۈتكەن:

*مەن نەۋايۇ، نالەئى نەيدىن ھوزۇرى تاپمىدىم،*
*ئەرغەنۇنى مەجلىسى ئوششاق خۇش ئاھاڭدۇر...*

---

[1] «ئۆزبېك خەلق مۇزىكىسى»، تاشكەنت، 1958 ـ يىلى نەشرى، 4 ـ توم، 260 ـ ،91 ـ بەت.

[2] ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي: «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ‹ئون ئىككى مۇقامى› تېكىستلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ بەت.

*چۇ قانۇنى مۇھەببەت ئۇستىخانىم پۇرسەدا بولدى،*
*رەگى ئەئزالىرىمدىن ئەرغەنۇنگە تار بولغايمۇ؟...*

شائىر دىۋانىدىكى بۇ كەبى مەزمۇنلار ئۇنىڭ مۇسىقىغا ئالاھىدە مۇھەببەت قويغانلىقىدىن ۋە ئەلدە نامدار ئەھلى كۈي بولغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. «سەپەرنامە» داستانىدىكى نەغمىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرىنىڭ ئىنسان مەنىۋىيىتىدىكى رولى ھەققىدە يېزىلغان «نەغمە بىلەن تازادۇر جانلەر»ناملىق غەزەلى ئىختىيارسىز دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

112 — 179 ـ غەزەللەرنىڭ روھى زەلىلىينىڭ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇقاملىرىنىڭ شەيداسى بولغانلىقىغا ئىشارە:

*مەجلىس ئىچىگە ئوت سالۇر پەردەئى «ئىراق»،*
*مەشىق جۇنۇندىن ئەيلەگەچ سەۋتى تەرەننۇمى «ئەجەم».*
*ئاجايىب مەجلىسى گەرم ئولدى بۇ دەشتى باياۋانىكىم،*
*نەۋايۇ نالەئى مەجنۇن بىلەن ئاھۇ كاباب ئەردى...*

ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا بەستلىنىپ كۈيلەنگەن لىرىك غەزەللەر چوڭقۇر رېئاللىزملىق روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان. مۇقاملاردا كەڭ مەنىدىكى ياخشىلىق، گۈزەللىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئادالەت، ھايات سۆيەرلىك، مۇھەببەت ئوتىدا يانغان ئىنسان، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، كۈرەش ـ كەچۈرمىشلىرى ۋە ۋاپا ـ ساداقىتىگە ئوخشاش پەلسەپىۋى ـ دىداكتىك مەزمۇنلار سېھىرلىك مۇسىقىي كەيپىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇندىن باشقا بىۋاپالىق، نادانلىق، زوراۋانلىق، رىياكارلىق، سوتسىيال ۋە شەخسىي ئەركىنلىكنىڭ پايمال قىلىنىشىغا قارشى ئىسيانكار تۇيغۇلارمۇ مەزكۇر كۈيلەر تېزمىسىنىڭ غايىۋى تېما دائىرىسىدە مۇجەسسەملەنگەن. بۇ مەنىدە مۇقاملاردىكى زەلىلىي ئەشئارلىرى نەۋايى، مەشرەپ، ھۇۋەيدا ۋە فۇزۇلىي غەزەللىرىگە ھەمئاھاڭدۇر. شائىر «ئىراق» مۇقامىدا ئېيتىلىدىغان بىر غەزىلىدە ئىشق ـ مۇھەببەتنى:

*كىرمىگەيمەن جەننەتۇل مەئۋاغا دىلبەر بولماسا،*
*ئىگنى بىرلە چۇشمىگەي دەرياغا گەۋھەر بولماسا.*
*ھىكمەت ئەھلىگە بىلىنمەس ئېردى ئاينىڭ ماھىيەتى،*
*نىل بۇياقتەك ئاسمان سەھنىدە ئەختەر بولماسا.*

دەپ ئۇلۇغلىسا، «ئۇزھال» مۇقامىغا بەستلەنگەن غەزىلىنىڭ مەتلەئىسىدە مۇنداق يازىدۇ:

*مەرىفەت تاجىنىڭ قەدرىن ئەھلى تائەت بىلمىگەچ،*
*خاتىرى خۇشتۇر ھەمىشە جۇببە ھەم دەستارىدىن.*

زەلىلىي بۇ ئارقىلىق پەقەت كۆرۈنۈشكە ئېتىبار بېرىپ ۋە قۇرۇق ماختىنىپ، ئەمەلىيەتتە مەرىپەتتىن خەۋەرسىز قالغان، «تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال» رىياكارلارنى قارىلىغان. زاھىردىكى يالتىراق «جۇببە ۋە دەستار»دىن باتىنىدىكى ئىلىم تاجىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ئالقىشلىغان. «ئابى چەشمە» مۇقامىدىكى:

*تا تىرىكسەن دىيدەدىن ھەر لەھزە تۆككىن ئابى چەشم،*
*دىلدا دەردىڭ بولماسا، مىڭ تائەتىڭ بىكارەدۇر.*

كەبى بېيىتلىرى ئارقىلىق شائىر ئەل غېمىنى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن قىلىنغان مىڭ ئىبادەتتىن ئەۋزەل بىلىدۇ.

مۇھەممەد سىددىق دىۋانىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدا يۈكسەك دەردۇ ھاياجان، جەزبە ۋە زەۋق، ئوتلۇق ھارارەت بىلەن نەرە تارتىپ كۆككە ئۆرلەپ تۇرغان دىراماتىك ساما ـ جەھرە

تۇسىدىكى تەسەۋۋۇپلۇق غەزەللەرنىڭ كۆپلۈكىدۇر. شائىرنىڭ «راك» مۇقامىدىكى ئۇلۇغ مۇتەسەۋۋۇپ مەنسۇر ھەللاجغا مۇراجىئەت قىلىپ يازغان:

*كەل، ئەي مەنسۇر، بولۇپ ساقىي سىرىمنى ئاشكار ئەيلەي،*

*ئىچىپ كۆر لالە يەڭلىغ خۇنى ھەسرەتدىن ئاياغىم بار.*

مەزمۇنىدىكى مىسرالىرى بىزنى مەجازىي ۋە ئىلاھىي ئىشق كەيپىياتىدا سەرخۇشلۇق ئالىمىدە پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، كېيىنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك يېڭى مەنىۋى بەدىئىي پەللىسىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭدا «ئېھ ۋەتىنىم، بايلىقىڭ مول، يېرىڭ كەڭ، ئۆزۈڭ چىرايلىق بولغاچقا سېنى سۆيىمەن» دېگەندەك قۇرغاق شوئارۋازلىق بازار تاپتى. ئەجەبا مۇشۇ لوگىكا بويىچە ئاتا-ئانا كۆرۈمسىز، نامرات بولسا ئۇنى سۆيمەسلىك ۋە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ؟ ئەكسىچە، زەلىلىينىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى سۆزسىز، ئۇمىدسىز ۋە ھەرقانداق ماددىي مەنپەئەتدارلىقتىن مۇستەسنا بولغان. ئەلىشىر نەۋايى «خەمسە»سىدە ئېپىك باش قەھرىمانىنى خوتەن شاھزادىسى قىلىپ تەسۋىرلەپ، فەرھاد تىمسالىدا ئۆزىنىڭ ئارمانلىق ۋەتەن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن نەۋايىدىن كېيىن ھېچبىر شائىر ۋەتەن تۇپرىقىنى بارچە ئىمكانىيەتلىرى بىلەن زەلىلىيدەك ماھارەتلىك ئەزىزلىيەلمىگەن. زەلىلىي ۋەتەننى خۇن-باغرىدىن سۆيگەن، ئۇنىڭ ئۇچۇن «ۋەتەن—سەجدىگاھ كەبى مۇقەددەس»، «ۋەتەننى سۆيمەك—ئىمان جۇملىسىدىن» ھېسابلانغان. قېنى ھۇزۇرلىنىڭ:

*ئەي زەلىلىي نالە بىرلە ئۈچ مىراتىپ ئەيلەدىم،*

*مەشھەدى سۇلتان ساتۇقى بۇغراخانىمنى تەۋاف.* (82-غەزەل)

*شەھىدانى خوتەننى تەۋف ئېتەرگە ئەي مۇسۇلمانلار،*

*چۇ لالە دامەنى سەھرا تۇتۇپ دەشتى خوتەن كەلدىم.* (128-غەزەل)

*ھاجىلەر تەۋفى ھەرام ئەيلەمە، رەنج تارتەدۇر،*

*مەككە تەۋفىدىن ئاتاڭنىڭ خاكى پايى ئۆزگەچە.* (172-غەزەل)

شائىرنىڭ مۇقاملارغا سېلىنىپ ئېيتىلغان غەزەللىرىدىمۇ ۋەتەن مۇھەببىتى گويا گۈلخانلىق يالقۇن، گۈركىرىگەن دولقۇندەك كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. «ناۋا مۇقامى»نىڭ بىرىنچى داستان نەغمىسىدىكى مۇنۇ پەخرىيەلىك، ئۆركەشلىك لىرىكا نىگاھىڭىزدا بولسۇن:

*جاھاننى سەير ئېتەرگە نەچچە كۈن باغۇ چەمەن ياخشى،*

*دەمى ئۇلپەت ئالۇرغە دىلبەرى شېرىن سۇخەن ياخشى.*

*سەمەرقەند سەيقەلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋەتى ئىسلام،*

*بىزنىڭدەك تۈركىي ئادەملەرگە بۇ شەھرى خوتەن ياخشى.*

*كۆرۈپ كىمخاب ۋە تىللانى غەزەپ پەرق ئەيلەمەك لازىم،*

*دېگەي نادان كىشىلەر تۈتىدىن زاغۇ زەغەن ياخشى*①.

تاكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە يىپەك يولىدىكى گۈللەنگەن سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا شەرقتە «سەمەرقەند—رۇيى زەمىن سەيقەلى» (يەر يۈزىنىڭ جۇلاسى) دەپ ئاتالغان بولسا، «بۇخارا—قۇۋۋەتى ئىسلام»( ئىسلام قۇدرىتىنىڭ ئىپتىخارى) دەپ شۆھرەتلەنگەن. ئېنىقكى شائىر غەزەلىدە ئۆزى ياشاۋاتقان

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،1997-يىلى نەشرى، 474-بەت.

ۋەتەن—خوتەن مۈلكىنى ئەقلەن نۇقتىدىن سەمەرقەند ۋە بۇخارادىن ئۈستۈن قويغان.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر، ئۆزبېكىستان خەلقى پۈتۈن تارىخىي قېرىنداش ۋە يىلتىزداش بولۇپ كەلگەن. پەرغانە ۋادىسى بىلەن كاشغەر ئارىسىدىكى قوشنىدارچىلىق ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى تۇرلۇك ئالاقىلەر، جۈملىدىن ئەدەبىياتتا مەلۇم ئورتاق ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۇرگەن. زەلىلىي بىلەن مەشرەپ ئىجادىدىكى ھەمئاھاڭلىق بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

بىز ئۇيغۇر-ئۆزبېكىستان كىلاسسىك ئەدەبىياتى مەتىنلىرى (تېكىستلىرى)نى سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش ئارقىلىق مەشھۇر ئۆزبېكىستان شائىرى باباراھىم مەشرەپ (1640—1711) دىۋانىدىكى[1] ئايرىم غەزەللەر بىلەن زەلىلىي دىۋانىدىكى[2] ئوخشاشلىق، بەزىلىرىدە ھەتتا ئەينەن تەكرارلىنىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىدۇق. بۇنداق بەدىئىي ۋە ئەدەبىي تەسىرنى زەلىلىينىڭ مەشرەپكە مۇخلىس بولغانلىقى، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۇستاز شائىرلارنىڭ ئىجادىنى ئۈلگە قىلىپ، مەزمۇن، ئۇسلۇب، تىل ۋە ۋەزىن جەھەتتىن ئاھاڭداش شېئىرلارنى يازغانلىقى بىلەن ئىزاھلىشىمىز مۇمكىن. شائىر لىرىكا ۋە داستانلىرىدا تەزمىن سەنئىتىنىڭ ۋاسىتىسىدە، مەشرەپ شېئىرىيىتىگە خاس «ئەرشنىڭ كۈنگۈرىسى» ئىبارىسىنى تەكرار قوللانغان. مەسىلەن، «زەلىلىي دىۋانى»دىكى 40-غەزەلدە:

*چېمەننىڭ گۈللىرى، بۇلبۇل، كۆرۈبان چەكمەگىل ھەسرەت،*
*قەلەندەر مەشرەبانە رىندەنىڭ تەرزى كۈلاھىدۇر.*

دەپ يازغان بولسا، 125-غەزىلىدە:

*مەشرەبى ئالى ئۇممەمنىڭ شېئىرى شەككەر بارىدىن،*
*دانە-دانە ئەنگۈبىمنى نە جۇدا كەلتۈرمىشەم...*

بېيىتى ئارقىلىق مەشرەپنى غايىۋى پىر-ئۇستاز تۇتقانلىقىغا ئىشارە قىلغان.

مەشرەپ ۋە زەلىلىي دىۋانلىرىدىكى غەزەل ۋە مۇخەممەسلەرنىڭ سېلىشتۇرما تەھلىلى ئۇلاردا قىسمەن پەرقلەرنى مۇستەسنا قىلغاندا، بىر-بىرىگە ئەينەن ئوخشاش بىر قانچە شېئىرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا كۆرۈلىدۇ. تۆۋەندە كىتابخانلارنىڭ نەزىرىگە ئوخشاش ياكى قىسمەن تەكرار بېيىت-مىسرالارنى ھاۋالە قىلىمىز.

«دىۋانى مەشرەپ»، 207-غەزەل:

*سېنى لەيلىيى رەئنادەك ئەجايىب دىلرەبا دەرلەر،*
*مېنى مەجنۇنى شەيدادەك كويۇڭدا بىر گەدا دەرلەر.*
*كېچە-كۈندۈز ئىشىكىڭدە پىغانۇ نالەلەر قىلسام،*
*كى ھەر چەندى نەۋا قىلسام، ھەنۇزەم بىناۋا دەرلەر.*
*باقىبان ئۇل پەرى كۆز ئۇچىدىن يۈز نازى قىلىپ ئۆتدى،*
*رۇھى چۈن ئۇل ماھى تابانى ئەنۋارۇ خۇدا دەرلەر.*
*تەفەررۇج ئەيلەبان ناگاھ نەزرە قىلسا گورىستانغە،*
*قوپۇپ گوردىن ھەمە ئادەم، ھەممە:«ۋاھ، ھەسرەتا!»دەرلەر.*

«زەلىلىي دىۋانى»، 52-غەزەل:

*سېنى لەيلىيۇ رەئنادەك ئاجايىب دىلرەبا دەرلەر،*

---

[1] جامالىدىن يۇسۇپوف نەشرىگە تەييارلىغان ۋە 2006-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان نۇسخىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

[2] ئىمىن تۇرسۇن نەشرىگە تەييارلىغان ۋە 1985-يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخا نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

*مىنى مەجنۇنى ھەيرانلىق كويۇڭدا بىر گادا دەرلەر...*
*ئەجەبدۇر ئەي شاھى خۇبان كىچە-كۈندۇز ئىشىكىڭدە،*
*ھەمىشە مەن نەۋا قىلسام دەغى سەن بىناۋا دەرلەر..*
*تەبەسسۇم ئەيلەبان تاكى نەزەر قىلساڭ گورىستانغە،*
*قوپۇپ گوردىن بارى مۇردا ھەممە: «ۋاھ، ھەسرەتا!» دەرلەر...*

مەشرەپ دىۋانىدىكى 97-غەزەل ۋە زەلىلىي دىۋانىدىكى 128-غەزەل ھەققىدىمۇ خۇددى شۇ پىكىرلەرنى ئېيتىش مۇمكىن. زەلىلىي:

*قەلەندەرمەن، جاھاننى تەرك ئېتىپ قىلدىم سەفەر تەنھا،*
*چۇ سىمرۇغكى پەرۋاز ئەيلەگەي بىبالۇ پەر تەنھا.*

مەتلەلىك (باشلانما بېيىتلىق) 5-غەزەلگە ئۇزى تەخمىس مۇخەممەس («زەلىلىي دىۋانى»387-بەت) يازغان. «دىۋانى مەشرەپ»نىڭ 491-بېيتىدىكى مۇخەممەسنىڭ زەلىلىي غەزىلىگە يېزىلغان تەخمىس بولۇپ چىقىشى قىزىقارلىق ۋە ئەجەبلىنەرلىك ھالدۇر. بىر ۋەزىندە، بىر-بىرىگە ئوخشاش قاپىيەدە، بىر خىل رادىف ۋە ئوخشاش ماۋزۇدىكى مەشرەپ مۇخەممىسىنىڭ بىرىنچى بەندى تۆۋەندىكىچە:

*زىھى رەسۋالىغىم ئالەمگە سالدى شورۇ شەر تەنھا،*
*بولىبتۇر نۇھ فۇلكى غەۋغاسى زەررە، ئەلھەزەر تەنھا.*
*نىگارىم بىرلە مەن بىر پەردەھەندە خەلق دەر تەنھا،*
*قەلەندەرمەن جاھاننى سەير ئېتىب قىلدىم سەفەر تەنھا،*
*چۇ سىمرۇغكى پەرۋاز ئەيلەگەي بىبالۇ پەر تەنھا...*

زەلىلىي مۇخەممىسى توققۇز بەندتىن تەركىب تاپقان بولسا، مەشرەپ مۇخەممىسى سەككىز كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن. تەخمىس باغلىغان غەزەلنىڭ ئاخىرقى بېيىتىدىكى ئازغىنا پەرقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇخەممەسلەر تەركىبىدىكى غەزەل بېيىتلىرىنىڭ سۆز ۋە مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش. ھەر ئىككى مۇخەممەس مەتنى دېيەرلىك بىر-بىرىنى تەكرارلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مەشرەپ دىۋانىدىكى 197-غەزەل بىلەن مەشرەپ تەخمىس باغلىغان زەلىلىينىڭ يۇقىرىقى غەزىلىنىڭ تېكىستىمۇ ئاساسەن ئوخشاش. دېمەك زەلىلىي مەشرەپ شېئىرىيىتىنىڭ چىن شەيداسى بولغان. ئۇ مەشرەپ ئىجادىيدىن تەسىرلىنىپ، ھەر جەھەتتىن ئۇنىڭ غەزەللىرىگە نەزىرەلەر پۈتكەن بولۇشى مۇمكىن. بىز دەسلەپكى ئىزدىنىش ئاساسىدا ئىككى شائىر مىراسىدىكى ئوخشاشلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكىچە دەپ پەرەز قىلىمىز: بىرىنچى، تەسەۋۋۇپنىڭ قەلەندەرلىك پەلسەپىسىدىكى مەسلەكداشلىق ئۇلاردا ئوخشاش سادا ۋە ئاھاڭدىكى ئەشئارلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن؛ ئىككىنچى، ئىككى شائىرنىڭ كاشغەر ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي مۇھىتىدا ياشىغانلىقى ھەر جەھەتتىن بۇنداق يېقىنلىققا سەۋەب بولغان؛ ئۈچىنچى، مەشرەپ ۋە ئۇنىڭ دىۋانى مەسىلىسى ئەدەبىياتشۇناسلىقتىكى مۇرەككەپ ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۆپرەك ئاغزاكى تارقالغان. فۇزۇلىي، گۇمنام قاتارلىق خېلى كۆپ شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ شېئىرلىرى خاتا ھالدا مەشرەپ دىۋانىغا كىرىپ كېتىلگەن. زەلىلىي دىۋانىنىڭ پەرغانىگە تارقىلىشى بىلەن شائىرنىڭ بىر قىسىم نەزملىرى مەشرەپ نامىغا يۆكلەنگەن. بۇلارنى ئۆز نۆۋىتىدە كاتىپلارنىڭ خاتالىقى دېيىشىمىزمۇ مۇمكىن؛ تۆتىنچى، بىز ھازىرغىچە شىنجاڭدا مەشرەپ يازما دىۋانىنىڭ تېپىلمىغانلىقى ۋە قولىمىزدا زەلىلىي دىۋانىنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت رېئال پاكىت ئاساسىدا، يۇقىرىقى ئوخشاشلىقنىڭ ئىچىدە زەلىلىينى ئاساس، مەشرەپنى بولسا

قوشۇمچە ۋارىيانت دەپ ھېسابلايمىز. باشقا تەخمىسلەرگە كۆرە، مەشرەپ كاشغەرگە كەلگەن 1672 ـ يىللىرى زەلىلىي تېخى دۇنياغا كەلمىگەن بولۇپ، مەشرەپ قەتل قىلىنغان1711 ـ يىلى زەلىلىي 30 ياشلاردىكى جۇشقۇن شائىر ئىدى، ئېھتىمال شاھ مەشرەپ ياش شائىر زەلىلىي غەزىلىگە مۇخەممەس باغلىغاندۇر.

زەلىلىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شائىر ئۆز زامانىسىدا شەرق مۇسۇلمان كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى قاتارىدا تونۇلغان[1] ۋە قوقان خانى ئۆمەرخان(1782—1822) سارىيىغىچە يېتىپ كەلگەن. ئەمىر ئۆمەرخان شائىرنىڭ «تەييار» قاتارلىق نەچچە غەزىلىگە تەخمىس باغلىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەندىن قوقانغا چىقىپ كەتكەن شائىر مەھمۇد قارىي ۋە باشقىلار زەلىلىي غەزىلىگە تەخمىس باغلىغان، نەزىرە يازغان ۋە تەقلىد قىلغان. قىزىققۇچىلار ھۇزۇرىغا ئەمىرىنىڭ زەلىلىي غەزىلىگە باغلىغان ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتشۇناسلىرى تەرىپىدىن يۇقىرى باھالانغان مەزكۇر مۇخەممىسىنى سۇندۇق:

*سەھەر چەمەندە قۇلاغىمغە باڭى ئۇد يېتەر،*
*بەشارەتى كەرەم ۋاجىب ئول ـ ۋۇجۇد يېتەر،*
*بۇ كېچەكىم تولۇن ئاي، ساغەرىغە جۇد يېتەر،*
*فەلەك پىيالەسىدىن شەربەتى شۇھۇد يېتەر،*
*سەۋاد سۇرمە دېمە، كۆزلەرىمگە دۇد يېتەر.*

*تەرىقەت ئەھلىنى ئەندىشەسى قەنائەتدۇر،*
*ۋۇجۇد شەمئىنى كۆيدۇرمەك ئەڭە ئادەتدۇر،*
*چۇ ساف بولسە كۆڭۈل، ئەنجۇمەندە خىلۋەتدۇر،*
*چىراغ خانەقەئى سوفىيانە نە ھاجەتدۇر،*
*ستارەئى فەلەك گۇنبەزى كەبۇد يېتەر.*

*ھەۋائى ئىشقدە پەرۋازى مىسلى تەير ئېتگىل،*
*ئەنى ۋىسالى ئۇمىدىدە تەركى غەير ئېتگىل،*
*ۋۇجۇد كىسۋەتىنى تاشلەرگە خەير ئېتگىل،*
*تەمامى دەشتى تەرىقەت بەرەھنە سەير ئېتگىل،*
*كەلامى خىرقەئى پەشمىنەدىن نې سۇد يېتەر.*

*ۋىسالىسىز بۇ چەمەندىن كۆزۈمگە زىندان خوب،*
*نىشاتى مەھفىلىدىن كۇنجى بەيت ئول ـ ئەخزان خوب،*

---

[1] ئۆزبېكىستانلىق ئالىم پولاتجان داموللىنىڭ «قوقان تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتى» ۋە «تەزكىرەئى قەييۇمىي» ناملىق ئەسەرلىرىدە يېزىلىشىچە، «زەلىلىي دىۋانى» ئاشۇ چاغلاردا پەرغانە شائىرلىرى ئارىسىدا سۆيۈپ ئوقۇلغان. پولاتجان داموللا يەنە قول يازما، بايازلاردا زەلىلىينىڭ كۆپلەپ نەزملىرى ئۇچرايدىغانلىقى، قولىدا شائىر ئەشئارلىرىدىن نەچچىسى بارلىقىدىن مەلۇمات بەرگەن. ئېھتىمۇ قىممەتلىكى، زەلىلىينىڭ يېڭى نەشر قىلىنغان دىۋانىدا يوق غەزىلىنى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى پولاتجان داموللا قەييۇمىينىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا قوشقان بىر ئۇلۇش تۆھپىسىدۇر.

*ئەگەرچى بۇلبۇلى شورىدەغە گۇلىستان خوب،*
*مەنى جەھان ئەھلىنى بەزمىدىن گۆرىستان خوب،*
*نەۋائى نەۋھە ھەر قەبرىدىن سۇرۇد يېتەر.*

*فىغانكى، غەفلەت ئىلە نەقدى ئۆمر بولدى ھەبا،*
*ھەبىب رەۋزەسىغە يەتمەدىم، چۇ بادى سەبا،*
*ئەمىر ئېردىم، گەرچى مۇھەببەت ئالىب ئەبا،*
*نەسىبەئى چۇ جەراھەت، زەلىل، ۋا ئەجەبا،*
*مۇھەممەدىي ئېدىمۇ شەربەتى جۇھۇد يېتەر*[1].

يەنە ئەمىر ئۆمەرخانىنىڭ سۆيۈملۈك خاتۇنى ماھلەر ئايىم نادىرە (1792—1842) «ئۆزبېك خەلق مۇزىكىسى»نىڭ 7 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن «كەت» رادىفلىق مۇخەممىسىنىڭ مەقتەئىسىدە:

*كوپ چوزمە زەلىلىي سۆزلەرىڭنى،*
*ئەغيار بىلۇر رامۇزلەرىڭنى،*
*سۇرتكىل ئىشىگىگە يۇزلەرىڭنى،*
*كەل ئىشق يولىدا كۆزلەرىڭنى،*
*ئەي نادىرە، دۇر فىشان ئېتىپ كەت*[2] ...

دەپ، زەلىلىي غەزەللىرىنى ئوقۇغىنىغا ئىشارە قىلغان.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، «ناھايىتى كۈچلۈك خۇش ئاھاڭ تۈركىي شېئىرلار سۆزلەمىش كاشغەرلىك شائىر»[3] مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي لىرىك شېئىرلىرى بىلەن 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەنئەنىۋى رومانتىزم ۋە سىمۋولىزمدىن پەرقلىق ھالدا رېئالىستىك ماھىيەتنى گۈزەل بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلىگەن. شېئىرىيەتكە خەلقچىل، ئويناق ئاھاڭلارنى ئېلىپ كىرگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزبېكىستانلىق تەتقىقاتچى ئوسمان مەمەتئاخۇنوف «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كىلاسسىكلىرى» كىتابىدا «زەلىلىي لىرىكىلىرىنى ئوقۇغۇنىمىزدا، ئۇنىڭ ھەر بىرى شائىر ھاياتىدا سادىر بولغان ۋەقەلەرنىڭ ئەكس ساداسى، مۇئەللىپنىڭ ئېغىر ئېچكى كەچۈرمىشلىرى، بەختسىز سۆيگۈسى ۋە روياپقا چىقمىغان ئارزۇلىرىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز» دەپ يازغانىدى. شائىر شېئىرىيىتىدە جان ـ جېنىدىن چىققان تەسەۋۋۇپىي ھارارەت، يۈكسەك دەرد، چاقناق كەيپىياتنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن بەدىئىيلىككە ماس شېئىرىي سەنئەتلەردىن «تۈركىي زەبان»لىققا مۇتاناسىپ ھالدا تەلمىھ، تەشبىھ، رۇژ، تەدرىج، ئىستىئارە، ھەرفىي ئوبراز، شېئىرىي تارىخ، سۈپەتلەش، تەكرارلاش ۋە مەجازغا ئوخشاش يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇسلۇبىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلانغان. نۆۋەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۆزبېكىستان ئەدەبىي ئالاقىلىرىدە مۇھىم رول ئوينىغان شائىر زەلىلىي ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئۇپۇقى يەنىمۇ كېڭەيگۇسى!

### 3. زەلىلىي غەزەللىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

زەلىلىي غەزەللىرى جاھالەتلىك كونا جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت ئوقۇپ، ئۇنى چوڭقۇر

---

[1] اتابېك جۆرەبايېف: «قوقان ئەدەبىياتشۇناسلىرى ۋە شائىرلىرى نىگاھىدا زەلىلىي شېئىرلىرى»، «ئەدەبىيات كۆزگۈسى» ژۇرنىلى، تاشكەنت، 2008 ـ يىللىق 10 ـ سان.
[2] «ئۆزبېك خەلق مۇزىكىسى»، تاشكەنت، 1958 ـ يىلى نەشرى، 4 ـ توم، 260 ـ، 91 ـ بەت.
[3] ئۆزبېكىستانلىق پولاتجان داموللا قەييۇمىي سۆزى.

پاش قىلىدىغان، خەلقنى قىزغىن سۆيۈپ، ۋەتەننى ئۇلۇغلايدىغان بىر قاتار ئىلغار ئىدىيەلەر بىلەن سۇغىرىلغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ خىل تېماتىك ئىدىيەنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق جانلىق ئەدەبىي شەكىل، گۈزەل تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدە قەدىرلىك. شائىر زامانىسىنىڭ ھەر جەھەتتىن يېتىلگەن قابىلىيەتلىك، قەلىمى پىشقان سۆز ئۇستىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، جەمئىيەت كەيپىياتىدىن ئالغان يالقۇنلۇق ھېس-تۇيغۇلىرىنى تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشكە، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى سۆز سەنئىتى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان.

زەلىلىي غەزەللىرى شېئىرىي پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇر، راۋان، ئويناقلىقى، تىلىنىڭ گۈزەل، ئوبرازلىقلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ.

*نەسلى جاھاندا قالمىدى تەلبە زەلىلىينىڭ دىمەك،*
*ئۆلگەنىدىن كېيىن كۆرۈڭ ھەر بىر غەزەلىدۇر بىر ئوغۇل.*
*. . . . . . . . . . . . . . .*
*ھونۇز بەرىق ئەينىنى ئاچماي زەلىلىي جان بەردى،*
*جاپا يار كۆرۈڭ ھىممەتتە گەداغا بېقىڭ.*

يۇقىرىقى شېئىردا شائىر قەلبىدىكى ئارزۇ-ئۈمىد ۋە جاھانغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىق ھېسسىياتىنى ناھايىتى چېۋەرلىك بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

زەلىلىي غەزەللىرى ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرگە ناھايىتى باي بولۇپ، كىنايە خاراكتېرىدىكى مەجازىي ۋاسىتىلەر، ماقال-تەمسىللەر شائىرنىڭ شېئىرىنى ئۆزگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە قىلغاندىن تاشقىرى، شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى جانلاندۇرۇپ، بەدىئىي تەسىرىنى كۈچەيتىپ، مەزمۇنىنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان. مەسىلەن:

*ئەگرى يۈرگەن سەبەبىدىن ئىلان،*
*خەلق كۆزىدىن قاچادۇر بەد گۇمان.*
*ئەگرىلىكتىن چىمەن ئىچرە تىكەن،*
*خار تۇرۇر گەرچە ئوزرە ۋەتەن.*
*زەرنى سىيە تاپىدا زەرگەر تاپۇر،*
*ئەرنى تاپۇر بولسا يەنە ئەر تاپۇر.*
*كىمكى بۇغداي تىكتى ئول بۇغداي ئالۇر،*
*ئۈنگەندە كۆرمەدىڭمۇ بەد گۇمان،*
*ئارپاخانىنىڭ دانەسىدىن ئارپاخان.*

يۇقىرىقى مىسرالار شائىر غەزەللىرىدىكى ئوخشىتىش، ھېكمەتلىك سۆز، ماقال-تەمسىللەرنى ئىشلىتىشنىڭ يارقىن ئۈلگىلىرى بولسا، تۆۋەندىكىلىرى مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، سېلىشتۇرۇش، مەجازىي ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىشنىڭ نەمۇنىلىك ۋاسىتىلىرىدۇر:

*لەبىڭ خالىنى كۆرگەچ تەن ئۆيىدە نەتاۋان كۆڭلۇم،*
*قۇشتۇركىم قەپەستە تەلپۈنۈپ كۆپ ئىزتىراپ ئەيلەب.*
*. . . . . . . . . . . . . . . . . .*
*سېنى لەيلەئى رەنادەك ئەجايىپ دىلرەبا دەرلەر،*
*مېنى مەجنۇنى ھەيراندەك كويۇڭدا بىر گەدا دەرلەر.*

يۇقىرىقى ئىككى بېيىتتە ئوخشىتىش ناھايىتى جانلىق قوللىنىلغان بولسا،

*تاغ ئوزرە چىقىپ ئەردى تاماشا بىلەن شىرىن،*
*كۆرگۈزدى نەۋا نالەسىدىن تىشەئى فەرھاد.*
*..................................*
*نە كافىر كۆزلەرىڭ ئالەمنى تەنھا ئەيلەدى تاراج،*
*شەبى خۇن كەلتۇرەر غەم يۇزمىڭ ئىجتىناپ ئەيلەب.*

دېگەن مىسرالاردا جانلاندۇرۇش ۋاسىتىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق شېئىرىي پىكىرنىڭ جەزىبدارلىقىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە شائىر غەزەللىرىدە مۇبالىغە، سېلىشتۇرۇش ۋاسىتىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ شېئىرنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرغان.

شائىر شېئىرلىرىنى راۋان ۋەزىن، توق قاپىيە بىلەن تەمىن قىلىشتىن تاشقىرى، بەزى غەزەللىرىگە تۇيۇق شەكلىدىكىدەك ئۇمۇنىم سۆزلەردىن قاپىيە بېرىش ئارقىلىق شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرغان. مەسىلەن:

*كىرپىگىڭنى بىر ـ بىرىگە قاقىشىڭ،*
*تەڭ كېلۇر ئالەمگە ئوتلار ياقمىشىڭ.*
*يا قېشىڭغا ئوسما قويغاچ ئەيدى ئەل،*
*قاندا زەڭ تۇتقان قىلىچدۇر يا قېشىڭ.*

*[كىرپىكىڭنى بىر ـ بىرىگە قېقىشىڭ خۇددى جاھانغا ئوت قويغان بىلەن باراۋەر. ئەگەر قېشىڭغا ئوسما قويغىنىڭ ئۇچۇن كىشىلەر ئۇنى قاشىمىدۇ ياكى قان بىلەن داتلاشقان قىلىچمىدۇ؟ دېيىشىدۇ.]*

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شائىرنىڭ غەزەللىرى ۋە ياكى باشقا ئەسەرلىرىدە بولسۇن، كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىكى ئەنئەنىۋى تەسۋىر ئۇسۇللىرى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. شائىر بەزى ئىنچىكە مەنىلەرنى بايان قىلىشتا رىتورىكىلىق سوراق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن پىكرىنى خۇلاسىلەيدۇ. بۇ جەھەتتە شائىرنى زامانىسىدىكى شائىرلارنىڭ ئارىسىدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

### 4. مۇھەممەد سىددىق زەلىلىينىڭ داستانلىرى

شائىر زەلىلىي ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان غەزەل ۋە تۆرلۈك ژانىردىكى شېئىرلارنى ئىجاد قىلغاندىن سىرت، «سەپەرنامە»، «تەزكىرەئى چېھلتەن»، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار» قاتارلىق داستانلارنىمۇ ئىجاد قىلىپ، بىزگە قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. شائىرنىڭ «تەزكىرەئى چېھلتەن» ناملىق داستانى ھىجرىيە 1147 ـ يىلى (1736 ـ يىلى) 62 يېشىدا يېزىلغان. ئۇ 226 بېيىتتىن تەركىب تاپقان نەزمىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا زەلىلىي ياركەندتىكى قىرىق چېھلتەن مازىرىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئاڭلىغان قىرىق چېھلتەن ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى دىنىي نىجاتلىق ئىزدەش ئىدىيەسىنى بايان قىلغان ھەمدە مەلۇم دەرىجىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىغا ھېسداشلىق قىلىش

پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىدى. شائىرنىڭ يەنە بىر داستانى «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار» 770 بېيىتلىق داستان بولۇپ، مىلادىيە 1744 ـ يىلى (ھىجرىيە 1155 ـ يىلى) 70 يېشىدا يېزىلغان. شائىر بۇ داستانىدا سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخانلارنىڭ ئىلىم ئۇستازى، تارىخىي شەخس خوجا مۇھەممەد شەرىفنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق ياركەند خانلىقىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ ھەمدە بۇ خانلىقنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ خوجىلارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ۋە نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىرنىڭ داستانلىرى ئىچىدىكى ھەر تەرەپلىمە ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەسىرى «سەپەرنامە» داستانى بولۇپ، شائىر داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە داستانىنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق يازىدۇ:

*مىڭ يۈز ئوتتۇز بىر ئەردى تارىخى،*
*بېشى مىڭۇ ئوتتۇزى يۈز بىر تەخى.*
*ئەيدى سەفەرنامە زەلىلىي غۇلام،*
*خەتمە كىتاب ئولدى سەھشەنبە تامام.*

بىز شائىرنىڭ يۇقىرىقى ئىلاۋىسىگە قاراپ، «سەپەرنامە» داستانىنىڭ مىلادىيە 1720 ـ يېزىلغانلىقىنى بىلىمىز.

شائىر بۇ داستانىدا، سەپەر جەريانىدا ئۆزى ئۇچراتقان رېئال مەسىلىلەرنى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن تۈرلۈك رېئال ئىجتىمائىي ئەھۋاللار داستاندا تىپىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭدىن ئەينى دەۋردىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا، خەلقنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئاھۇ زارلىق تۇرمۇشىغا ۋە شائىرنىڭ ھەقىقىي ھايات پائالىيىتىگە دائىر مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز.

شائىر بۇ داستانىدا ئەينى زاماندا ئۇلۇغ مازار دەپ ئاتالغان كاشغەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرىنى ئەمەس، بەلكى ئاتۇش مەشھەتتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى بىلەن خوتەندىكى ئىمامى جەئفەرى سادىق مازىرىنى زىيارەت قىلىشقا بارغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ سەپەر جەريانىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى يېزىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى، ئىلىم ـ مەرىپەتكە بولغان ئىشتىياقىنى، زۇلۇمغا بولغان نارازىلىقىنى، جاپاكەش خەلق ئاممىسىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئېنىق ئىپادىلەپ، خوجىلار ۋە رىياكار سوپى ـ زاھىتلارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈردى.

شائىرنىڭ «سەپەرنامە»سى قۇرۇلما جەھەتتىن 3 قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 1 ـ قىسىمدا، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى بويىچە خۇدا، پەيغەمبەر ۋە مازار ـ ماشايىخلارغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇنلىغان دىنىي رىۋايەتلەرنى بايان قىلىدۇ. 2 ـ قىسىمدا بولسا، ئانا يۇرتى ياركەندنىڭ گۈزەل تەرىپىنى ۋە كاشغەر، مەشھەتلەرگە قىلغان سەپىرىنىڭ جەريانىنى سۆزلەيدۇ. 3 ـ قىسىمدا بولسا، كاشغەر ۋە مەشھەتتىن ياركەندكە قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئاندىن كېيىن ئىنىسى دەلىلىي ۋە ھەمرىيى موللا غەزەل بىلەن خوتەن تەرەپلەرگە قىلغان سەپىرىنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى بايان قىلىدۇ.

«سەپەرنامە» ئەۋلىيا، مازار ـ ماشايىخلار ھەققىدىكى ئادەتتىكى بىر زىيارەت خاتىرىسى بولماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىدىن، خەلق تۇرمۇشىدىن خەۋەر بېرىدىغان تارىخىي قىممىتى بار بەدىئىي ئەسەر. شائىر داستاندا گەرچە سەپەر قىلىشتىكى مەقسىتىنى مازار ـ ماشايىخ، ئەۋلىيالار مازىرىنى زىيارەت قىلىش ئىدى دەپ ئۇقتۇرغان بولسىمۇ،

لېكىن ئەسەردە بايان قىلىنغان مەزمۇنلار بۇ جەھەتتىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن. شائىر سەپەر جەريانىدا ئەمەلىي تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، رېئال تۇرمۇشنى ئەتراپلىق، ئىنچىكە كۆزەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز داستانىدا كۆردى - بىلدىلىرى ھەققىدە كۆپرەك توختىلىپ، ئۇلارغا نىسبەتەن بەلگىلىك كۆز قاراش ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى، شۇنداقلا يەنە بەزىبىر تارىخىي ۋەقەلەر، شەخسلەر، مازارلارنىڭ تەزكىرىلىرى، خەلق ئىچىگە تارقالغان بەزى رىۋايەتلەر توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن. داستان مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن بىز ئۈچۈن بەلگىلىك تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەسىلىلەر ئىچىدىكى بىزگە تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەرەپلەردۇر.

1) شائىر بۇ داستانىدا ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى گەۋدىلەندۈردى. ئۇ ئېزىلگەن مېھنەتكەش ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، باشقا مېھنەتكەشلەرگە ئوخشاش نامراتلىق، ئېزىلىش، خورلىنىشتىن ئىبارەت ئورتاق تەقدىرگە دۇچ كەلدى. بۇ تەقدىرداشلىق شائىرنى خەلق ئاممىسى ئارىسىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى خەلق بىلەن ھەمنەپەس قىلدى. شۇڭا ئۇ خەلقنىڭ ھالىغا ئېچىندى، خەلقنىڭ تەقدىر-ئىستىقبالىغا كۆيۈندى: خەلقنى نامراتلىق، جاپا-مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئىزدىنىپ، ئۇزۇن مۇددەت سەپەر قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شائىر بۇ ئىزدىنىشلىرىنى داستانىدا نالە- پەريادتىن ھۇزۇر ئېلىشنى ئىستىگەن كىشىلەر تەرىپىدىن تار قەپەسكە بەند قىلىنغان بۇلبۇلنىڭ ھەممىشە ئۇچۇشقا تەلپۈنگىنىگە ئوخشىتىپ جانلىق ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭمۇ تار قەپەستىن چىقىپ كەڭ جاھاننى سەيلە قىلىش ئىستىكىنىڭ بارلىقىنى ھەمدە خەلق ئۈچۈن بولىدىغان بۇ سەپەردە جاپا چېكىشتىن قورقمايدىغان قەيسەر ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى:

*كىمكى بەلا چەكمىدى ئاشىق ئەمەس،*
*بۇلبۇلى شۇلدۇركى ئەسىرى قەپەس.*
*ئۇچماغ ئۈچۈن ھەردەمى جۇش ئەيلەگەي،*
*نالەسىدىن خەلق فۇرۇش ئەيلەگەي.*

شائىرنىڭ سەپەر جەريانىدا كۆرگىنى دەرد بىلەن ئەلەم ۋە رىيازەت بولدى. شۇڭا بۇ داستانىدا خەلق ئاممىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئەنە شۇ دەرد-ئەلەمگە بولغان ئېچىنىشىنى ئىپادىلەپ:

*باز زەلىلىي چىقىبان كېزىيەدىن،*
*دەرت بىلە-داغ ھەمنەشىن.*

دەپ يازغان بولسا،

*خەلقنى كۆردۇمكى ئەجەب دىلرەبا،*
*يا رەب، ئۇلار كۆرمەسۇن ھەرگىز بەلا.*

دېگەن مىسرالىرىدا خەلقنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندى، شائىر خەلقنى سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن خەلققە تىنچلىق، ئامانلىق تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شائىرنىڭ خەلقنىڭ كۈلپەتلىك تۇرمۇشىغا نىجاتلىق ئىزدەپ تارتقان جەبىر- زۇلۇملىرى ئۇنى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھېسابسىز خەزىنىسىگە ئىگە قىلىپ ئۇنىڭ قايناق بۇلىقىدىن تېخىمۇ ياخشى ئوزۇقلاندۇردى. شائىر ئەنە شۇ خەزىنىنى مەنبە قىلغان ئاساستا ئۆز داستانىنى يېزىپ چىقتى ۋە بېيىتتى.

2) شائىرنىڭ داستانىغا سىڭدۈرۈلگەن نەمۇنىلىك كۆز قاراشلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىدىن ئىبارەت. بۇ ئىدىيە ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىغا بولغان قىزغىن

مۇھەببىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆز يۇرتى ياركەندنى شاھەنشاھ، بەخت كانى، تۇپراقلىرى ئىپاردىنمۇ پۇراقلىق، كۈمۈشتىنمۇ ئەۋزەل، باغۋاراڭلىرى جەننەتتىنمۇ گۈزەل، جەننەتنى ئەسكە سالىدۇ دەپ تەرىپلىسە، قاراقاشنى ماچىننىڭ قۇياشى، ماچىن غۇنچىسىنىڭ غولى، جەننەت بار دېيىلسە، چېھرىيەنى دېسە بولىدۇ دەپ، خوتەننىڭ كېرىيە، نىيە قاتارلىق جايلىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ياخشى سۈپەتلەر بىلەن بېزەيدۇ.

3) شائىر زەلىلىي «سەپەرنامە»دە يەنە يۇرت كېزىش جەريانىدا ئۇچراتقان كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇچى «قارا كۆزلۈك»، بودۇر چاچلىق، گۈزەل نازىنىنلارغا بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، خوتۇن ـ قىزلارنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى بىلەن پەخىرلىنىش، فېئودالىزم ئىسكەنجىسى ئاستىدىكى پاجىئەلىك تەقدىرىگە نىسبەتەن ئېچىنىشتەك بەزى ئىلغار كۆز قاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بۇ توغرۇلۇق يازغان مىسرالار شائىرنىڭ كېرىيە بازىرىدا ئۇچراتقان بىر گۈزەل نازىنىنغا بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىنىڭ يارقىن تەسۋىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا شائىرنىڭ نازىنىنغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى، يۈكسەك ھۆرمىتى، گۈزەللىككە بولغان پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن جانلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ، ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلىش، ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنىڭ شۇنداقلا ئەرلەر ئىززەتلىنىپ، ئاياللار خارلىنىۋاتقان ئەنە شۇ فېئوداللىق جەمئىيەت شارائىتىغا نىسبەتەن ناھايىتى زور ئىلغارلىق ۋە ئوتتەك يالقۇنلاۋاتقان ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ يارقىن نەمۇنىسى. داستاندا شائىر :

*ھەر يېتىمكى بۇ جاھان ئىچىدەدۇر،*
*يىغلار ئانىڭ ھالىغا ئەھلى قۇبۇر.*
*لە يىكىن ئىستەمەيدۇ ئانى ھېچكىم،*
*كۆككە ئەگەر يەتسە نەزەرى يېتىم.*
*يۇقتۇر بۇ سۆز ئىچرە خىلاپى زەلىل،*
*كەلدى مۇھەممەد ئەرەبىدىن دەلىل.*

*[بۇ جاھاندىكى يېتىملەرنىڭ ھالىغا گۆرىستان ئەھلىمۇ يىغلايدۇ. ئەگەر يېتىملەر كۆككە تەلمۈرسىمۇ، لېكىن ئۇنى ھېچكىم ئىستىمەيدۇ. مۇھەممەد ئەرەبىدىن دەلىل كەلتۈرىمەن، زەلىلىي بۇ سۆز ئىچىدە خىلاپ كېلىدىغان سۆز يوقتۇر.]*

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالىرى ئارقىلىق بىۋاپا زامان ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنى چوڭقۇر پاش قىلغان، ئۆزىنىڭ يېقىر، مىسكىنلىك ھالىغا چوڭقۇر ئېچىنىپ ھەسرەتلەنگەن بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. داستاندا ئىپادىلەنگەن بۇ ئاھ ـ زار يالغۇز بىر زەلىلىينىڭ ئاھ ـ زارى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەينى دەۋردىكى ئېزىلگەن، خارلانغان مىڭلىغان يېقىر، مىسكىنلەرنىڭ ئاھ ـ زارىدۇر.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، داستاندا گەرچە شائىرنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر كۆز قاراشلىرى خېلى چوڭقۇر دەرىجىدە ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا يەنە ئىدىيەۋىلىك جەھەتتە بەزىبىر نۇقسانلارمۇ ساقلانغان. يەنى، شائىر داستاندا ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بىلەن دىنىي نىجاتلىق ئىزدەش ئىدىيەسىنىڭ مۇرەسسەلەشتۈرۈلگەن بەزى سەلبىي تەرەپلىرىگە ئورۇن بېرىپ قويغان. بۇ ئاپتور دۇنيا قارىشىنىڭ ئەينى شارائىتتىكى تارىخىي چەكلىمىلىككە ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ خىل ئىدىيەنى ئەلۋەتتە ئەينى

دەۋر بىلەن باغلاپ چۈشىنىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا شائىرنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شائىرنىڭ «سەپەرنامە»سى 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىرلىك. ئۇ كومپوزىتسىيەسىنىڭ مۇكەممەللىكى، تىلىنىڭ گۈزەل ۋە راۋانلىقى، ئۇسلۇب جەھەتتە خەلق داستانلىرىنىڭ رەتلىك بايان قىلىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەقەلىكلەرنى ئىزچىل تەرتىپلىك بايان قىلىپ بەرگەنلىكىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ هازىرلىغان.

داستان بىزنىڭ 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى، مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىي تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغىمۇ بەلگىلىك ياردەم بېرىدۇ.

## §6. مۇھەممەد خەراباتىي

### 1. مۇھەممەد خەراباتىينىڭ هايات پائالىيەتلىرى

مۇھەممەد خەراباتىي (تەخمىنەن مىلادىيە 1638 — 1730 ـ يىللاردا ياشىغان)نىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خەراباتىي بولۇپ، مۇھەممەد ئۇز ئىسمى، ئابدۇللا دادىسىنىڭ ئىسمى، «خەراباتىي» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى ئىدى، مەنىسى «دەۋائى ئىشق بىلەن خاراب بولغۇچى»، «مەيخانا ئەھلى» دېگەنلەردىن ئىبارەت.

خەراباتىي ياركەند خانلىقىنىڭ ئاخىرى، خوجىلار زامانىسىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلىرىدا ياشىغان شائىر. ئۇ تەخمىنەن 1638 ـ يىللىرى ئاقسۇنىڭ ئېگەرچى يېزىسىدىكى چوغتال كەنتىدە تۇغۇلغان. هازىرمۇ مۇشۇ كەنتتە «هاجى خەراباتىي» مەقبەرىسى ۋە بۇنىڭغا ئائىت «هاجى خەراباتىي تەزكىرىسى» بار. شۇڭلاشقا بىز شائىرنىڭ هايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ماتېرىياللارغا ئىگە.

خەراباتىي ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئىلىم ئىگىلەشكە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەنگەن. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇخاراغا بېرىپ ئالىي دىنىي مەلۇمات ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. خەراباتىي ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شائىرنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى، تالانتى بولغاچقا، بۇخارادا ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام قانۇنلىرىغا دائىر ھەر خىل مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ مۇدەررىسلەر ۋە مەكتەپداشلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان، خەراباتىي ئوقۇش جەريانىدىكى ئەۋزەل شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ خاس كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا كىرىشكەن ھەم بەلگىلىك نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشكەن.

خەراباتىي يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن دىنىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلمىي، ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان، خەراباتىيدىكى بىلىم ئىگىلىرىگە خاس كىچىك پېئىللىق، ياخشى سۈپەتلەر ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ سەممىي ھۆرمىتى ۋە چوڭقۇر ئىخلاس

قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە خەراباتىي جامائەت ئارىسىدا دانىشمەن، ئالىم سۈپىتىدە ئىززەتلىنىدۇ.

خەراباتىي تولىمۇ مۇرەككەپ بىر تارىخىي شارائىتتا ياشىدى. ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنى مۇنداق ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

1) 1638 ـ يىلىدىن 1678 ـ يىلىغىچە بولغان 40 يىللىق ھاياتى. بۇ دەۋردە ياركەند خانلىقىنىڭ شاھزادىلىرى ھەدەپ ھوقۇق تالىشىۋاتقان، سوپى ـ ئىشانلارنىڭ بۆزغۇنچىلىقى بىلەن ياركەند خانلىقى مۇنقەرز بولۇشقا يۈزلەنگەنىدى.

2) 1678 ـ يىلىدىن 1730 ـ يىلىغىچە بولغان 52 يىللىق ھاياتى. بۇ دەۋردە ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى دىنىي كۈچلەر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ خەلقنى تۈگىمەس بالا ـ قازاغا يولۇقتۇرغان. جەمئىيەتتە سوپى ـ ئىشانلارنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسەتلىرى ئەدەپ كەتكەن، جەمئىيەت ئارقىغا قاراپ چېكىنىۋاتقان دەۋر ئىدى، مۇشۇنداق بۇرۇقتۇرما مۇھىتقا نىسبەتەن شائىر بەزىدە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلەر بىلەن تولغان ئەسەرلىرى بىلەن تاقابىل تۇرۇپ خەلقنى تەربىيەلىسە، بەزىدە ھەر خىل گۇرۇھلارنىڭ پىكىر، نىزالىرى ئىچىدە قايمۇقۇپ قېلىپ گاڭگىرىغان ئەھۋاللىرىمۇ بولغان. شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، ھېچقانداق دىنىي گۇرۇھلارغا ئارىلاشماي، ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى تولۇقى بىلەن نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىپ، تەركىدۇنيا بولۇپ ئاشىق سۈپەت تۇرمۇش كەچۈرۈپ، 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇھەممەد خەراباتىي تەخمىنەن 1730 ـ يىللىرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك نامى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن داۋاملىق يادلىنىپ تۇرىدۇ. ئەل ـ جامائەت ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس «ھاجى خەراباتىي» مەقبەرىسى ۋە خانىقاسىنى تىكلەيدۇ، ئالىمنىڭ سىرداش دوستلىرى، شاگىرتلىرى، ئىخلاسمەنلىرى ۋە ئىلىمخۇمار مۇرىتلىرى بۇ يەرگە يىغىلىشىپ، دائىم ئالىمغا بولغان سېغىنىش ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلىشىدۇ. نەتىجىدە بۇ خانىقا ئۆلىما ـ تالىپلار، ئىلىمخۇمار كىشىلەر توپلىنىپ مۇنازىرە، مۇتائىلە ئېلىپ بارىدىغان، ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى كۆرەك قىلىدىغان كۆڭۈللۈك، ياخشى بىر ئىلمىي سورۇنغا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەت تا يېقىنقى دەۋرگىچە ساقلىنىدۇ.

مۇھەممەد خەراباتىي ياش ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي، ئىجادىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى تولىمۇ ئاز. يەنى «كۇللىيات مەسنەۋىيى خەراباتىي» ناملىق ئەسىرىلا دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.[1]

## 2. «كۇللىيات مەسنەۋىيى خەراباتىي» ھەققىدە

«كۇللىيات مەسنەۋىيى خەراباتىي» دېگەن تېمىدىن بىز «دەۋائىي ئىشق بىلەن خاراب بولغۇچىنىڭ مەسنەۋىلەر توپلىمى» دېگەن مەنىنى چۈشىنەلەيمىز. ئەسەر بەھرى رەمەل ۋەزنىدىكى مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە يېزىلغان كۇللىيات بولۇپ، 112 ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي تېمىدىن تەشكىللەنگەن (مۇناجات ۋە ھېكايەتلەر بۇنىڭ سىرتىدا). بۇ ئەسەر ھىجرىيەنىڭ 1146 ـ يىلى يېزىلغان، شائىر بۇ ھەقتە:

---

[1] بۇ ئەسەر 1986 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «مەسنىۋى خاراباتى» نامى بىلەن قىسقارتىلىپ نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرنىڭ تولۇقلانغان نۇسخىسى دوكتور ھۆرمەتجان فىكرەتنىڭ «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2011 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلىندى.

*نى ھېساب ئەيلەدىمكى تارىخىغە،*
*مىڭۇ يۈز يانە قىرىق ئالتىغە.*

دەپ يازغان. بۇ 1726 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. كۇللىيات ئومۇمەن شائىرنىڭ لىرىك ھېسسىياتى بويىچە يېزىلغان. ئەسەردىكى ھەربىر پىكىر، كۆزقاراش ئەدەبىي يول بىلەن ناھايىتى ئوبرازلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەسەر خاراكتېر جەھەتتىن كۈچلۈك پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىگە ئىگە.

خەراباتىي بۇ ئەسەردە دىنىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىكى زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بولۇپ قالغان سەمىمىيلىك، كەمتەرلىك، راستچىللىق، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە قارا سانىماسلىق، مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇش قاتارلىق ئىنسانلاردا بولۇش زۆرۈر ھېسابلانغان ئەخلاقىي پەزىلەتلەر، ئىنسانپەرۋەرلىك، ھالال ياشاش، مېھنەت سۆيەرلىك، ئىجادكارلىق، ئىلىم ـ مەرىپەتنى ۋە ئىلىم ئىگىلىرىنى ئۇلۇغلاش قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلەر توغرىسىدىكى ئىلغار، ئىجابىي پىكىرلىرىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئىنسانلارنى ھايۋانىيلىققا باشلايدىغان قاباھەتلىك، يالغانچىلىق، چېقىمچىلىق، باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە قارا ساناش، نادانلىق، ھارامخورلۇق، زالىملىق قاتارلىق يامان، ناچار ئىللەتلەرگە ئوت ئاچىدۇ. ھەمدە بۇلارنىڭ ھامىيلىرى بولغان ھۆكۈمران كۈچلەر، سوپى ـ زاھىتلار، دۇنياپەرەس بايلار، زالىم پادىشاھلارغا نەپرەت ئوقۇيدۇ. خەراباتىي يۇقىرىقىلاردىن باشقا فارابى پەلسەپىسىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان، يۈسۈف خاس ھاجىب بەدىئىي ئوبرازلىرى ئارقىلىق بايراقدار بولغان، نەۋايى ئەسەرلىرىدە مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ئادىل پادىشاھ، غايىۋى جەمئىيەت كۆزقاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۇ مەملىكەتتە ئادالەت ئورنىتىش بىۋاستە پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن باغلىنىشلىق دەپ قاراپ، پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مىزانلىرىنى كىشىنى قايىل قىلىدىغان دەرىجىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خەراباتىي دۇنيادىكى بارلىق ئادەملەرنى ياخشى ۋە ياماندىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا بۆلىدۇ. ياخشى ئادەملەر ياخشىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ، يامان ئادەملەر يامانلىق بىلەن دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ كۇللىياتىدا ئالدى بىلەن ياخشىلىقنى ئۇلۇغلاپ، يامانلىقنى قارىلايدۇ.

*ھەي قاياشىم ئىستىسەڭ بولماق ئامان،*
*ياخشىلىق بىسيارى قىل خەلقى جەھان.*
....
*كىمكى تىغلى بىرلە دائىم ئويناشۇر،*
*ئۇ كىشىنى ئاقىۋەت رەسۋا قىلۇر.*

خەراباتىي ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى «سەۋەب» ۋە «ئۇرۇق» ئورنىدا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى «ئاقىۋەت»، «ھوسۇل» ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ھەمدە ياخشىلىق قىلغان ئادەم ھەر ئىككى دۇنيادا ياخشىلىق كۆرىدۇ، بۇ دۇنيادا كىشىلەر ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇ دۇنيادا جەننەتكە كىرىدۇ؛ يامانلىق قىلغان ئادەم، ئۆزىنىڭ يامانلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ، دوزاخقا كىرىدۇ دەپ كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. مەسىلەن:

*بەدنىيەت بىرلە ئەگەر ساچساڭ ئۇرۇق،*
*بولماغاي ھەرگىز ھوسۇل، قالغۇڭ قۇرۇق.*
*خەلق ئارا ھەر كىمكى سەركەشلىك قىلۇر،*
*راھەت ھەم ئىززەت ئىشىكىنى باغلاتۇر.*

*نەفسى ئەمرىن قىلماغان مەردان بولۇر،*
*ئاخىرى خەلق ئىچرە ئول سۇلتان بولۇر.*
.........

..........
*گاھ ھەممىشە بىرلە ئول ئەنقا بولۇر،*
*گاھ مىكرى بىرلە ئورەۋباھ بولۇر.*
*گاھ قانات بىرلە ئول ئىنسان بولۇر،*
*گاھ ھەرامخورلۇق بىرلە ھايۋان بولۇر.*
*ھەر كىشىدە بىردەرەم بولسا ھارام،*
*قالغۇسى مەقسۇدى ئانىڭ ناتەمام.*
*نەفسى بىر ئىتتۇركى سەمرىتمە ئۇنى،*
*ئول سىمىز بولسا ئالىپ ئۇرغاي سېنى.*

شائىر نەپسنى ئىنسان بىلەن ھايۋاننى ئايرىشتىكى بەلگىلەرنىڭ بىرى، ئادەم نەپسىدىن غالىب كەلسە ئۇ ھەقىقىي ئىنسان بولىدۇ، ئەلگە سۇلتان بولىدۇ، ئەگەر ئادەمنىڭ نەپسى غالىب كەلسە، ئۇنداقتا ئادەم سۈرەتلىك تۈلكە، ھايۋان بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. ھەتتا شائىر ئەينى دەۋردە ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ئارقىسىدا پەيدا بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي چۈشكۈنلۈكلەرنى خەلقنى، مىللەتنى ھالاك قىلىدىغان ئاپەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ:

*مەقسىتى خەلق ئىچىدە تاپماق ئىززىتى،*
*شول زامان بەربات كەتكەي مىللىتى.*

دەپ سۆكىدۇ.

خەراباتىي يەنە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىلمۇ خىل گۇرۇھ-مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈشىگە، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان سوپى-خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرىنىڭ ماھىيەتتە ھەققانىيەتسىز، ئابرۇي-نەپسانىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن مۇنداق ئېچىپ تاشلايدۇ:

*قىلماغىل بۇ يولدا نەپسىڭنى رەفىق،*
*بولما ھەرگىز نەپسىنى مۇتتەپىق.*
*تۈن-كۈنى نەپسىڭ بىلەن قىلغىن ئۇرۇش،*
*راست قىل سەسىبابى جەڭ ئاندىن ئۇرۇش.*

خەراباتىي ياخشىلىق كاتېگورىيەسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئادىل پادىشاھ ۋە زالىم پادىشاھ ھەققىدىمۇ سۆزلەيدۇ. بۇ تېما ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەنئەنىۋى تېمىلارنىڭ بىرى. دەسلەپ فارابى پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە تەپسىلىي پىكىر يۈرگۈزگەن بولسا، يۈسۈف خاس ھاجىب بۇ تېمىنى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئەدەبىياتتا ئىپادىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تېما قىزىل يىپتەك بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەردە ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق يوللار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. خەراباتىيمۇ داڭلىق ئەدىب، ئۆلىما، ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ تېما ھەققىدە ئىلمىي، ئىجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

*زۇلۇمنى كۆپ قىلسا دۆلەتتىن بوشار،*
*بىئەجىر، كۆپ كۈلسە غىررەتتىن بوشار.*
*شاھى ئادىل شەھرىغە نېئىمەت ياغۇر،*
*شاھى زالىم شەھرىغە لەنەت ياغۇر.*

شائىرچە: پادىشاھنىڭ ئادىل ياكى زالىم بولۇشى شۇ دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى ياكى گۇمران بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

خەراباتىي ياخشىلىق كاتېگورىيەسىنى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن باغلاپ قارايدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىگىلىشى، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ جەمئىيەتتە زالىملىق، نادانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىمۇ بىر خىل ياخشىلىق دەپ قارايدۇ. مەسىلەن:

*ئەي ئوغۇل ئۆلمەسنى قىلساڭ ئىختىيار،*
*مەرىفەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.*
*كىمدە بولسا مەرىفەت ئالىم بولۇر،*
*مەرىفەتسىزلىكلەر بىلىڭ زالىم بولۇر.*
*مەرىفەت گوياكى ئول ئابىھايات،*
*ئىچسە كىم تاپقايكى ئۆلمەستىن نىجات.*
*گەر كىشى ئالىم كىشىنى شاد ئېتەر،*
*بىر ئۆمۈر ئۆز قەلبىنى ئازات ئېتەر.*
*ھەر دىيارنىڭ چىراغىدۇر ئالىمى،*
*ھەر قارا تۈننىڭكى ماھى ئالىمى.*

خەراباتىي قورسىقىدا ئىلىمنىڭ سۇنۇقى بولمىغان، ئەمما ئۆزىنى ئەتەي بىلىملىك، مۆتىۋەر كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ جان باقىدىغان بىر قىسىم نادانلارنى «پەتىۋا چىقىرىپ دۇنيا مېلىنى يىغقۇچىلار» دەپ سۆكىدۇ. شائىر كىشىگە بىلىم ئىگىلەشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئىلىم-پەن مەسىلىلىرىدە نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنىڭ مۇھىملىقىنى، نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ساھەسىدىكى دانالارنىڭ تارىختىكى ئورنى، رولىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

خەراباتىي كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى ئوقۇغان ئۆلىما بولغاچقا، جەمئىيەتنى كۆزىتىشتە، جەمئىيەتنىڭ يادروسى بولغان ئادەمنى، ئادەمنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش زۆرۈر، يەنى «ئادەمشۇناس» بولۇش كېرەك دەپ قارىغان.

*خەلقنىڭ ھالىنى بىل ئەي ئادەمشۇناس،*
*بۇ قەدەردۇر بىگۇمان قىلغىلى قىياس.*

خەراباتىي تۇرمۇشقا يۈكسەك ئەخلاقىي ئۆلچەم بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئادەمگەرچىلىك بۇ ئۆلچەم ئىچىدىكى مۇھىم ئۆلچەم، شائىر ئەسەردە ئادەمگەرچىلىك شەرتلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي پىكىر بايان قىلىدۇ، ئۇنىڭ بۇ ئۆلچىمى پېقىردىن پادىشاھقىچە قارىتىلغان بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى— ئادەم ئىلىم ۋە ھۈنەر ئىگىلىگەن بولۇش، تىرىكلىكتە ھالال مېھنەت قىلىش، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە راستچىللىق، توغرىلىق، مەردلىك، سېخىيلىق، كەمتەرلىك، ئېغىر-بېسىقلىق، دوستلۇقنى قەدىرلەش، بۇلار قارشىسىدىكى ناچار ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شائىر يۇقىرىقى ھەربىر مەسىلە ئۈستىدە نەزەرىيەۋى پىكىرنى تەمسىللەر، قىزىقارلىق ھېكايىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، ئەسەردە ئۈچ ئاچ كۆز ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار: ھېكايە قىلىنىشىچە، ئۈچ كىشى بايلىق تېپىش ئاماسى بىلەن دۇنيانى كېزىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارغا بىر كېسەك ئالتۇن ئۇچراپتۇ. ئۇلار ئالتۇننى بۆلۈشۈشتىن ئاۋۋال قورساقنى تازا بىر تويغۇزۇۋالايلى دېيىشىپ، يېشى كىچىك بىرىنى تاماق ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ ھەمدە ئۇ كەلگۈچە قالغان ئىككىسى ئالتۇننى ئۆزلىرى

بۆلۈشمەكچى بولۇپ تاماقنا كەتكەن ھەمرىيىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. تاماق ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن مەسلىھەت بويىچە يېشى كىچىك ھەمرىيىنى دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن تاماقلىرىغا خاتىرجەم تۇتۇش قىلىشىپ، تازا مەززە بىلەن ئوزۇقلىنىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن بۇ ئىككىسىمۇ قورساقلىرى ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە يېشى كىچىك بىرىمۇ ئالتۇننى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەش مەقسىتىدە تاماققا زەھەر سېلىپ ئېلىپ كەلگەنىكەن، شۇنداق قىلىپ ھېلىقى كېسەك ئالتۇن جايىدا قاپتۇ. شائىر بۇ يەردە مۇشۇنداق بىر قىسقا، قىزىقارلىق ھېكايە ئارقىلىق ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەپچىل بايان قىلغان.

خەراباتىي يەنە ئەسەردە كۆپ سۆزلەشنىڭ مەنىسىزلىكى، چېقىمچىلىق، غەيۋەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنىڭ كىشىگە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن.

شائىر تەرەققىيپەرۋەر، ئىراقنى كۆرەر، ئىلىم-مەرىپەتنى، ئادالەتنى ياقلايدىغان ھەقىقىي ئالىم بولغاچقا، ئەينى دەۋر رېئاللىقى ئۈستىدىنمۇ كۈچلۈك شىكايەت قىلىپ، زامان بۇزۇقچىلىقلىرىنى پاش قىلىدۇ. مەسىلەن:

*ھەممىسى بىر-بىرىنىڭ قەستىدەدۇر،*
*تىغ-زەھەر ئالۇد ئانىڭ دەستىدەدۇر.*
*ھېچ كىشى قورقماس كىشىنىڭ ھەققىدىن،*
*يادىغە يەتمەس ھەقىقەت قەھرىدىن...*

دېمەك، خەراباتىي «كۇللىيات مەسنەۋىيى خەراباتىي» ناملىق يىرىك ئەسىرىدە، ئەينى دەۋر رېئاللىقى ئۈچۈن زۆرۈر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىجابىي پىكىرلەرنى يۈرگۈزۈپ، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى، قانۇن-تەرتىپنى ئىزىغا سېلىشنى ئىستىدى ھەمدە ئۆز ئەسىرىنى قويۇق دەۋر روھىغا، كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلدى.

### 3. «كۇللىيات مەسنەۋىيى خەراباتىي»نىڭ بەدىئىيلىكى

«كۇللىيات مەسنەۋىيى خەراباتىي» ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي تېمىلارنى كەڭ دائىرىدە يورۇتقانلىقى، مەزمۇنىنىڭ ئىلغار، ئىجابىيلىقى، كۆزقاراشلىرىنىڭ توغرا، قاراتمىلىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى ئۇسلۇبىنى ئۆزىدە ئىجادىي گەۋدىلەندۈرگەنلىكى، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرىدىن ياخشى ئوزۇقلانغانلىقى، تىلىنىڭ ساپ، ساددا، راۋانلىقى، قويۇق دەۋر روھىغا، كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگەنلىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن ئىزاھلاش مۇمكىن:

1) ئەسەر خاراكتېر جەھەتتىن دىداكتىك ئەسەر بولغاچقا، بارلىق ئوي-پىكىر ۋە شائىر ئىدىيەسىدىكى كۆزقاراشلار تۆۋەندىكى ئۈچ ئوبرازنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان، يەنى نەسىھەت قىلغۇچى (ئاپتور)، ئۇستىدە نازارەت قىلغۇچى (خەلق، تەڭرى)، نەسىھەت قىلىنغۇچى (نادان ئوغۇل، بۇرادەر، نادان قاياش، ئەمەك، بەزىدە ئاپتور ئۆزى) قاتارلىقلارنىڭ لىرىك يوسۇندا ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئەسەردىكى ھۆكۈم، نەسىھەتلەرنىڭ مەنتىقىي باغلىنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلغان. شائىر يەنە شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل — نەسىھەتلەش بىلەن ھېكايەتنى كىرىشتۈرۈپ بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيەۋى كۆزقاراشلىرىنى ئەمەلىي پاكىتلار، قىزىقارلىق ھېكايەتلەر، ئەمەلىي

سىناقلاردىن ئۆتكەن ماقال ـ تەمسىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان، بولۇپمۇ ھېكايەتلەرنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىپ، ئەسەرگە زور گۈزەللىك ئاتا قىلغان. مەسىلەن، ئۈچ ئاچ كۆز ھەققىدىكى ھېكايە.

2) خەرابـاتىي ئەدەبىيـاتتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن نەقىل كەلتۈرۈش، ئوخشىتىش، رىتورىك سوراق، سۈپەتلەش قاتارلىقلارنى كەڭ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ جەزبىدارلىقىنى، تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان. مەسىلەن:

*ئىلىم بىر ئاتتۇركى خوش رەپتالىغ،*
*كىمكى مەركەپ بولسا كۆرمەس خارلىغ.*
*ھەر دىيارنىڭكى شاھى ئالىمى،*
*ھەر قارا تۈننىڭكى ماھى ئالىمى.* (سۈپەتلەش)

3) ئەسەردىكى نۇرغۇن شېئىرىي مىسرالار بىزگە خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ، بۇنىڭدىن بىز شائىرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھېكايەت شەكلىنى ئوبدان ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى ماقال ـ تەمسىللەرنىمۇ ئوبدان، پۇختا ئۆگەنگەنلىكىنى، ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىجادىي راۋاجلاندۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن:

*ھەر تۆمۈر بولغان بىلەن ئالماس ئېمەس،*
*ھەركىشى بولغان بىلەن ئول خاس ئېمەس.*
*كىم ھەسەت قىلسا قانائەت ئاندا يوق،*
*كىم تەمەئى قىلسا ھالاۋەت ئاندا يوق.*

4) «كۇللىيات مەسنەۋىيى خەراباتىي» خوجىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىنى، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى، راۋانلىقىنى نامايان قىلىپ، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەردۇر.

5) بۇ ئەسەر قويۇق دەۋر روھىغا، كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە.

## §7. نەۋبەتىي

### 1. نەۋبەتىينىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

ئۆزىنىڭ گۈزەل لىرىكىلىرى بىلەن خوجىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشقان يەنە بىر يىرىك نامايەندە ۋەتەنپەرۋەر شائىر نەۋبەتىيدۇر.

شائىر نەۋبەتىينىڭ ھايات پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما ئۇنىڭ بىر قىسىم لىرىكىلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق مەلۇم ئۇچۇرلارغا ئىگىمىز. مەلۇم بولۇشىچە، «نەۋبەتىي» ھەققىدە ئوخشىمىغان ئىككى خىل قاراش بار. بىرى، نەۋبەتىي خوتەننىڭ لوپ ناھىيەسى جىيا يېزىسىدىن بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى ئۆمەر قارىم ئىدى، ئۇ تېبابەتچىلىك ۋە شېئىرىيەتتە شۆھرەت قازانغان، شائىر كېيىنچە خوتەن شەھىرىنىڭ ئىلچى بازىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە چىرادىن باشلانغان ئاغرىق ـ سىلاق نەۋبەتىي ئائىلىسىگىمۇ پاجىئە ئېلىپ كەلگەن. بۇ ئىشلار شائىرغا قاتتىق تەسىر قىلغان، ئۇ ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى بولغاي دەپ ئويلىغان. كېيىن نەۋبەتىي بۇ قېتىملىق ئاغرىق ـ سىلاقتىن ئامان ـ ئېسەن قالغان. مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن شائىر ئۆزىگە «نەۋبەتىي»

دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن. ئىككىنچى، شائىرنىڭ قارىشىچە، شېئىرىيەت ساھەسىدە ئىلگىرى نەۋايى، ئاتايى، سەككاكىي، لۇتفىيلار شۆھرەت قازانغان. ئەمدى بۇنداق ۋەزىپە ۋە نۆۋەت ماڭا كەلدى دەپ ئويلاپ «نەۋبەتىي» دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن.

قانداقلا بولسۇن بۇ ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئۆز ھاياتىدا ئۆزىگە «نەۋبەتىي» دېگەن سۆزنى تەخەللۇس سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. مەنىسى: نۆۋەت، نۆۋەتچى، دېجورنى، دەۋرەم، ئىش ئۆتكۈزۈۋالغۇچى دېگەنلەردىن ئىبارەت.

نەۋبەتىي ئۆزىنىڭ يۇرتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتچىلىرى ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا «خوتەن» ئالاھىدە ئىپتىخارلىق بىلەن بىر قانچە لىرىكىلىرىدا بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغانلىقى ئۈچۈن، خوجىلار دەۋرىدە خوتەندە ياشىغان شائىر دەپ قارالماقتا. نەۋبەتىينىڭ ياشىغان دەۋرى توغرۇلۇق شېئىرلىرىدا مۇنداق مەلۇمات بەرگەن:

*ئۆمرۈم ئەللىك يەتتىگە يەتتى ھۇنۇز مەن ئەل ئەمەس،*
*ئۆمرى ھەقنى تۇتمايۇ بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتتى دەرىغ.*

شائىر يۇقىرىقى شېئىرنى 57 ياشقا كىرگەندە يازغان. ئۇ يەنە شېئىرلىرىنى قاچان توپلام قىلىپ چىققانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

*ئى يارانلار بىز ئۆلۈرمىز يادىكار قالدى كەلام،*
*كىشىدىن قالغاي جاھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.*
*مىڭ يۈز ئاتمىشتا ئەردەكىم پەيغەمبەر ھىجرەتى،*
*بۇ كىتابى نەۋبەتىي تەسنىفى بولدى ۋەسسالام.*

يەنى شائىرنىڭ دىۋانى ھىجرىيە 1160 ـ يىلى (مىلادىيە 1747 ـ يىلى) تۈزۈلگەن، بۇ ۋاقىتتا شائىر 50 ياشقا كىرگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ تەخمىنەن مىلادىيە 1691 ـ يىللىرى تۇغۇلغان بولىدۇ.

نەۋبەتىي كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئىلىم ئۆگىنىشكە بېرىلگەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*بۇ ئالەمى خانىغە كېلىپمەن گۆزەر ئەتتىم،*
*تۆت ياشىمدە ئىلىم ئىستەگىلى مەن سەفەر ئەتتىم.*
*ھەر يەردىكى بىر ئالىمى خۇش فەھمىنى تاپسام،*
*بىرلەھزە ئانىڭ مەجلىسىدە مەن مەقەر ئەتتىم.*

بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىلىمگە ھېرىسمەن نەۋبەتىي تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلەپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش ئۈچۈن، 15 — 16 ياشلارغا كىرگەن مەزگىللىرىدە ياركەنت ئارقىلىق كاشغەرگە كېلىپ، ئۇ زامانىسىدىكى داڭلىق مەدرىسەلەردە ئوقۇغانلىقى مەلۇم. ئۇ ياركەنت، كاشغەرگە كەلگەنلىكى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلغان:

*چىقىپ ياركەند دىيارىدىن مەنازىلەرنى قەتئىي ئەيلەپ،*
*زىيارەت قىلغىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان كەلدىم.*

نەۋبەتىي كاشغەر مەدرىسەلىرىدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ۋە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقان. شائىر خوتەندىن سەپەرگە چىققاندا بىلىم ئىگىلەش بىلەن بىرگە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تۇرمۇش ئۆگىنىشنىمۇ مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ياشىغان رايونلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەھۋالىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئانچە قېلىشمايدىغانلىقىنى ھېس

قىلغان. شۇڭلاشقا ئۇ زامان زۇلمى، دەۋر بېسىمى ئۈستىدىن مۇنداق شىكايەت قىلىدۇ:

*موغۇلىستاندا كافىرى زالىمى خانلىق،*
*فۇقەرالار غەمى ھەسرەتتە ھەيرانلىق.*
...
*بۇ مەھەلدە ھەممە زالىملار يۈرۈر راھەتتە،*
*مۆئمىن ئەل زۇلمى ستەم بىرلە بولۇر دەربانلىق.*

شائىر بىر مۇنچە يۇرتلارنى كەزگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىسىغا خوتەنگە مۇھەببەت قويغاندەك مۇھەببەت باغلىمىغاچقا، ئاخىر يەنە خوتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق گۈزەل مىسرالارنى قالدۇرغان:

*ئەۋۋەلى ھەم ئاخىرى قىبلىگاھىمدۇر خوتەن،*
*ئۆزگەسىگە بىنەزەرمەن، مەن خوتەندەك كۆيمىگەچ.*

يۇقىرىقى لىرىكىلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، شائىر ئۆمرىنى خوتەندە ئاخىرلاشتۇرغان، شائىر دەسلەپتە بەلگىلىك ئىگىلىككە، يەر، سۇ، مال ـ مۈلۈككە ئىگە ئوتتۇراھال ئائىلىدە ياشىغان بولسىمۇ، كېيىنچە نېمە سەۋەبتىندۇر ھەممە بىساتىدىن ئايرىلىپ، ئىنتايىن غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن شائىر خەلقنىڭ مۈلك ـ زارىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. شائىر ئۆز لىرىكىلىرىدا نامراتلارغا، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان، ئاياللارنىڭ كەمسىتىلىشىگە نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن. زامان زۇلمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىسيانكارلىق روھىنى نامايان قىلغان. ئۇ بىر ئۆمۈر ۋەتەن سۆيەر، ئىلىمخۇمار، پەزىلەتلىك، ۋىجدانلىق ئىنسان بولۇپ ئۆتۈپ، تەخمىنەن 1760 ـ يىللاردا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ «دىۋانى نەۋبەتىي»ناملىق لىرىكىلار توپلىمىنى قالدۇرغان.

**2. «دىۋانى نەۋبەتىي» ھەققىدە**

«دىۋانى نەۋبەتىي» نەۋبەتىينىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭغا غەزەل، رۇبائىي، مۇخەممەس، مۇسەددەس قاتارلىق لىرىك شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. يەنى نەۋبەتىينىڭ لىرىكىلىرى مۇكەممەل دىۋان سۈپىتىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

«دىۋانى نەۋبەتىي»نىڭ ھازىرغىچە بىر قەدەر مۇكەممەل ئىككى خىل قول يازما نۇسخىسى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. بىرى، رەسمىي دىۋان بولۇپ، مىلادىيە 1746 ـ يىللىرى تۈزۈلگەن، ئۇنىڭغا 107 مۇسەددەس، 31 رۇبائىي ھەمدە ھۆۋەيدانىڭ 69 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. يەنە بىرى، پارچە شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا 1600 مىسرادىن ئارتۇق لىرىكا بار.

. «دىۋانى نەۋبەتىي» ئۆزىگە مەزمۇن جەھەتتىن بىر قەدەر ئىلغار بولغان لىرىكىلارنى يىغقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە مەدھىيە، ئاياللارنىڭ كەمسىتىلىشىگە نارازىلىق، ئىنسانغا مۇھەببەت، دوستقا ساداقەت، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتىكى سەممىيەت، ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئۇنىڭ بەختىنى، خىسلەتلىرىنى كۈيلەش، نادانلىق ھەم جاھىللىقنى پاش قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ خاسىيىتى، ھاياتنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇش قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1) ۋەتەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببەت نەۋبەتىي لىرىكىلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا نەۋبەتىي لىرىكىلىرىدىكى ئەڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئىلغار تەرەپ، شۇڭلاشقا ئۇنى «نەۋبەتىي» دەپلا ئاتىماستىن، بەزىدە «ۋەتەنپەرۋەر لىرىك شائىر نەۋبەتىي» دەپ ئاتايمىز.

ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى لىرىكىلىرىدىن «رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى»، «مەككە زاھىرمەس، چۈشۈمدە»، «ئالما دەيدۇلەر ئالۇرلەر ئالمانى» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇكىن. بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ «رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى» ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

*رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى،*
*بېھىشتىن زىياد مىسال ئەت خوتەننى.*
*خوجەستە خاكى رەھمەت سۇرمىسى،*
*كۆزۈڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى.*
*پەرىلەر بۇسەسى تۇرفە شىرىندۇر،*
*ھۆرلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى.*
*تەلئەتىگە خۇرشىد، كۆزلەرىگە ئەختەر،*
*يادەك قاشىغە ھىلال ئەت خوتەننى.*
*مۇئەللىمى ئاپئاق، بىنىشىن سۇخەنگوي،*
*تىفلىگە دەرس، ماقال ئەت خوتەننى.*
*جاھان شائىرلىرى گۇلشەنى باغى،*
*خەمسەڭگە قۇرباش، ئىتسال ئەت خوتەننى.*
*سەن ھەم نەۋبەتىي سىياھ رۇي ئېلىگە،*
*رەقىبلەر يۈزىگە زاۋال ئەت خوتەننى.*

يۇقىرىقى شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسى، ھەربىر سۆزىدىن كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات تېمىپ تۇرىدۇ. ھەممىگە مەلۇم، شائىر تۆت يېشىدىن باشلاپ نۇرغۇن يۇرتلارنى كەزگەن، ئەمما شائىرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالالىغىنى يەنىلا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكان خوتەندۇر. شائىرنىڭ نەزىرىدە بۇ ماكان شۇنچىلىك گۈزەل چاھار باغكى، ئۇ جەننەتتىن گۈزەل، ئۇنىڭ توپىسى سېنىڭ كۆزۈڭ ئۈچۈن شىپالىق سۇرمە، ئۇ ئاشىقلارنى كۆيدۈرىدىغان كۆزۈڭدىكى خال. خوتەن دەل پەرىلەرنىڭ لەۋلىرىدىكى بالدۇر. ئۇ پەرىلەرنىڭ يۈزىنى يورۇتقۇچى قۇياش، كۆزلىرىدىكى يۇلتۇزدۇر. شائىر ئارقىدىنلا شۇنداق خىتاب قىلىدۇ: خوتەن ھەقىقەتەن مۇبارەك يۇرت، ئۇنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق. شۇڭا سەن سەبىيلەرگە دەرس ئۆتسەڭ خوتەننى مىسال قىلغىن، «خەمسە» يازماقچى بولساڭ خوتەن سۆزى بىلەن باشلا. ھەتتا دۈشمىنىڭگە قارشى تۇرماقچى بولساڭمۇ خوتەننى دۈشمەننىڭ كۆزىگە زاۋال ئەتكىن. نەۋبەتىي يۇقىرىقىدەك ئىخچام، ئوبرازلىق ئوخشىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئانا ماكانىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىش، سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.

شائىر نەۋبەتىي تۆۋەندىكى شېئىرىدا ئۆزىنىڭ گۈزەل دىيارى بىلەن چەكسىز پەخىرلىنىدۇ:

*مۇساھىبىم سۆز باشلىساڭ ئەۋۋەل خوتەندىن باشلاغىل،*
*باشقا گەپكە ئاچما لەب يوقتۇر بۇنىڭچە خاسىيەت،*
*دىلئارام، تەفا خۇرۇم ئول جانۇ تەندىن باشلاغىل.*

يۇقىرىقى غەزىلىدە نەۋبەتىي سۆھبەتدىشىغا «ھەرقانداق گەپنى باشلىماقچى بولساڭ ئاۋۋال خوتەندىن باشلىغىن، چۈنكى بۇ يۇرت قۇياش يۈزلۈك، كۈمۈش تەنلىك دىلبەرگە ئوخشايدۇ. باشقا نەرسىلەرگە سۆز ئاچما، چۈنكى ئۇنىڭدا بۇنچىلىك خاسىيەت يوق. دىلئارام، پەخرىم، جېنىم ۋە تېنىم خوتەن توغرىسىدىلا سۆزلە» دەپ خىتاب قىلىدۇ.

2) ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئادالەت تەلەپ قىلىش نەۋبەتىي لىرىكىلىرىدىكى يەنە بىر ئىلغار مەزمۇن.

نەۋبەتىينىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئادالەت تەلەپ قىلىش قارىشى بەزىدە پادىشاھتىن ئادالەت تەلەپ قىلىش يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلسە، بەزىدە ۋاپاسىز يار تىمىسالىدا، يەنە بەزىدە گۈزەل يار-مەھبۇب تىمىسالىدا مۇھەببەت كۆزقارىشى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئىپادە قىلىنىغان.

نەۋبەتىي بىر قىسىم غەزەللىرىدە، خەلق ئاممىسى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، شاھتىن ئادالەت، ھەققانىيەت تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

*بارى ئاجىز قولۇڭنى پىتنەئى ئاخىر زاماندىن،*
*گۇناھىمنى تىلەرمەن شۇم رەقىبلەردىن زىيان كۆرگەچ.*
*ئۇمىد بىرلەن كېلىپمەن پادىشاھى ئاستىڭغە،*
*بۇ ئاجىز نەۋبەتىي ئەمدى سېنى ساھىبقىران كۆرگەچ.*

شائىر يەنە يارغا ئاشىق بولغاندىكى روھىي كەيپىياتى ۋە بۇ يولدىكى ئىرادىسىنى مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

*سىينەم ئۆرە تەغدىكىم نەززارەسىدىن تىرە ئىشق،*
*ناۋەكى پەيكاندىن بولدۇم جەراھەتدارلىق.*
.........
*نەچچە كۈن بولدى جەراھەت دەردىدىن جىسمىم زەئىپ،*
*ئەيلابان يار كويىدا شامۇ سەھەر بىدارلىق.*
*تا رىيازەت چەكمەيىن تاپماسكى ۋەسلى يارنى،*
......
*تا تىرىكمەن ئەيلەسەم ئالدىدا خىزمەتدارلىق.*

نەۋبەتىي ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدە پىكىر بايان قىلغاندا، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاپا، ساداقەتنى قىزغىن مەدھىيەلەيدۇ، ئىنسانلارنى ۋاپادار، ساداقەتمەن بولۇشقا ئۈندەيدۇ، بۇلارنىڭ قارشىسىدىكى ۋاپاسىزلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى ئەيىبلەيدۇ.

نەۋبەتىي يەنە بىر قىسىم لىرىكىلىرىدا ۋاپاسىز يار، ۋاپاسىز دۇنيا ئۈستىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ، يارنىڭ ۋاپاسىزلىقى بىلەن دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىنى باغلاپ، دۇنيا مال-مۈلكىگە ھەددىدىن ئارتۇق كۆڭۈل بەرمەسلىك كېرەك، بولمىسا ئۇ يىلانغا ئوخشاش چاقىدۇ، ئۆزى گۈزەل، ئەمما ۋاپا قىلمايدىغان يارغا ئوخشاش ھەسرەتتە قويىدۇ دەپ قارايدۇ.

يەنە بىر قىسىم لىرىكىلىرىدا يارنىڭ جەلپكارلىقىنى، چاچلىرىنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن كۈيلەپ، ئۆزىنىڭ ئىنسان ۋە ئىنسانىنىڭ ھۆسن-جامالى توغرىسىدىكى ئىلغار پىكىرلىرىنى ئالغا سۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، ئەينى دەۋردىكى تۇرمۇش مۇھىتى ۋە بىر قىسىم پىتنىخورلارنىڭ كاساپىتى بىلەن يار بىلەن يۈزمۇ يۈز سىردىشالمىغان روھىي ھالىتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

*فەسلى نەۋ باھارىدا گۈل كەبى ئاچىلغان قىز،*
*مىسلى كاكۈلى سۇمبۇل ھەر تەرەپ ساچىلغان قىز.*
*زەۋق ئىچىپ بادە، مەيدە ئەكسىنى كۆردۈم،*
*ھۆسۈن باغىدا جىھىتىدىن بولمادى يۈزىن كۆرمەك،*
*بۇلۇت ئىچرە ئاي مۇزمەر، زۇلفى ئىچرە پىنھان قىز.*

3) نەۋبەتىي يەنە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئەخلاقىي تېمىلار ئۈستىدىمۇ توختالغان ھەمدە ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيىتى بولغان ئىلغار كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن:

*ئۆزەڭنى ئادەمىي بىلسەڭ ئىلگەللە فەتھى نۇسرەتنى،*
*دېمەگىل جۇملە كارىڭدا كېرەكسىز مەيلى ئىنسافنى.*
*چېچەكلەر كەۋنەين كامىڭ ئىشىڭ رۇستلۇق بىلەن ئۆتسە،*
*يېتىلدۇر تەربىيە تۇ مېھىر بىرلە نەخلى ئىنسافنى.*

شائىر يۇقىرىقى مىسرالاردا «ئەگەر سەن ھەقىقىي ئادەم بولۇپ، بىرەر ئىشتا نۇسرەت قازىنىمەن دەيدىغان بولساڭ، كىچىك بىرەر ئىشتىمۇ ماڭا ئىنساب كېرەك ئەمەس دېمىگىن، دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىشىم-ئارزۇيۇم توغرىلىق-دۇرۇسلۇق بىلەن ئۆتسۇن دېسەڭ، ئۆزۈڭدە مېھىر-مۇھەببەت يېتىلدۇر» دەپ نەسىھەت قىلىپ، كىشىلەرنى ھالال مېھنەت بىلەن ياشاشقا، ئىنسابلىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

نەۋبەتىي يەنە تۆۋەندىكى لىرىكىلىرىدا «ئۆزۈڭگە تېگىدىغان كىچىككىنە نەپنى دەپ باشقىلارغا زىيان سالما، بۇ دۇنيا مەڭگۈلۈك ئەمەس، ھەممە ئادەم ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئادەمدىن قالىدىغىنى پەقەت ياخشى نام-ئاتاق» دەپ يېزىپ، ئەۋلادلارنى ياخشى نام-ئاتاق قالدۇرۇپ ئۆتۈشكە چاقىرىدۇ. مەسىلەن:

*ھەر زامان قىلغىل كىشىگە ياخشىلىقنى پىشەئى،*
*ياخشىلىق كۆز تۇتماغىل تۇغمى يامانلىق تېرىپ.*

.........

*ئۆزۈڭگە نەفئى كۆرۈپ خاھلاما كىشىگە زەرەر،*
*چوقۇرنى كىمە قازسە ئول چوقۇرغە شۇل تىقىلۇر.*

......

*ئەي يارانلار، بىز ئۆلۈرمىز يادىكار قالدى كالام،*
*كىشىدىن قالغاي جاھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.*

4) نەۋبەتىي لىرىكىلىرى ئىچىدە تەبىئەت لىرىكىلىرى ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

شائىر تۆۋەندىكى تەبىئەت لىرىكىسىدا ئالما ھەققىدە توختىلىپ، ئالمىنىڭ خاسىيىتى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئالما ساقلاش ئۇسۇلى-ئادىتى، ئالمىنى نەۋرۇزدا چوڭلارغا سوۋغا قىلىش ئادەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، لىرىكىسىنى يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلغان.

*ئالما، دەيدۇلەر، ئالۇرلەر ئالمەنى،*
*قوينىغە يىلداپ سالۇرلەر ئالمەنى.*
*ئالمەغە مەيل ئەتسە ھەر كىم نەگاھان،*
*شاخىدىن ئىگىپ ئالۇرلەر ئالمەنى.*
*ھېچ مېۋە ئالمەدەك مەرغۇپ ئەمەس،*
*زەۋق ئىلە جانىم سۇرالەر ئالمەنى.*
*نازىنىن رۇخسارى يەڭلىغ رەڭ-بەرەڭ،*
*تاختەغە تىزىپ قۇيارلەر ئالمەنى.*

5) نەۋبەتىي لىرىكىلىرىدىكى يەنە بىر ئىلغار مەزمۇن رېئال دۇنياغا، رېئال ئىنسانلارغا مۇھەببەت باغلاش، ئىنساننى، ئىنساننىڭ بەختىنى، رۇخسارىنى كۈيلەش، پەزىلەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇش، شۇنداقلا كىشىلەرنى رېئال ھاياتنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت.

*كېچە-كۈندۈز يارنىڭ كويىدا ئىچسەم بادەئى،*
*زاھىدمەنئى ئەتمەگىل كىم باغ بوستانىم ساڭا.*

.........

*ئاشىق كىشىگە جامال جانانە كېرەك،*

*زاھىدلارغا باغ بوستانە كېرەك.*

*باغ بىرلە ماڭا ئى زاھىد قىرىپ بەرمە،*

*باغ ساڭا بولسۇن ماڭا باغبانە كېرەك.*

نەۋبەتىي لىرىكىلىرىدا يۇقىرىقىدەك ئىلغار مەزمۇنلاردىن باشقا، ئەينى دەۋر، دىنىي كۆزقاراش قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۆز قاراشلىرىنىڭ يەكۈنىنى ئىلمىي خۇلاسىلىمەي، ئىلاھىي يەكۈن چىقارغان ئەھۋاللارمۇ بار. بىز بۇنىڭغا شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز كېرەك.

### 3. نەۋبەتىي لىرىكىلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدا

شائىر نەۋبەتىينىڭ لىرىكىلىرىنى بەدىئىيلىك نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا ئىلغار، چوڭقۇر ئىدىيەۋى مەزمۇن بىلەن گۈزەل بەدىئىي شەكىل بىردەكلىككە ئىگە قىلىنغان. نەۋبەتىي لىرىكىلىرى شەكلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، تىلىنىڭ راۋان ھەم جەزىبىدارلىقى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن كەڭ پايدىلىنىلغانلىقى، كىشى يادىدا ئاسان قالىدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ.

نەۋبەتىي لىرىكىلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، مۇھەببەت، ئاياللار باراۋەرلىكى، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئىلىم ـ ھۈنەر ئىگىلەش، ھەر خىل ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئوبرازلىق تىل ۋاستىسى بىلەن تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن:

*ئاي يۈزىنى كۆرگەلى قويماسكى ئول ئەغيارلار،*

*ئاي بۇلۇتقا بولدى پىنھان، زۇلفى رۇخسارى ئالدىدا.*

.........

*ئالما، دەيدۇلەر ئالۇرلەر ئالمەنى،*

*قوينىغە يىلداپ سالۇرلەر ئالمەنى.*

.........

*نارىنىن رۇخسارى يەڭلىغ رەڭ ـ بەرەڭ،*

*تاختەغە تىزىپ قويارلەر ئالمەنى.*

«دىۋانى نەۋبەتىي»دىكى لىرىكىلار شېئىرىي پىكىرلىرىنىڭ مەنتىقىي جەھەتتىن زىچ باغلىنىپ كەلگەنلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. شائىرنىڭ ھەربىر غەزىلىدىكى، ھەربىر مىسراسىدىكى ئوي ـ پىكىرلەر پۈتۈن غەزەلدە ئىپادە قىلىنماقچى بولغان ئاساسىي پىكىرنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. شائىر باش تېمىنى ئېنىق، دەل يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئوخشىتىش، سىلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن كەڭ پايدىلىنىپ قالماستىن، بەلكى خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىنمۇ ئەپچىللىك بىلەن ئىجادىي پايدىلانغان. مەسىلەن:

*ئۆزۈڭگە نەفئى كۆرۈپ خاھلاما كىشىگە زەرەر،*

*چوقۇرنى كىمە قازسە ئول چوقۇرغە شۇل تىقىلۇر.*

نەۋبەتىي لىرىكىلىرى تىل جەھەتتىن خەلق جانلىق تىلىغا تولىمۇ يېقىن، تۇتۇۋېلىشقا ئاسان، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ لىرىكىلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، بىر قىسىم دىنىي

مەكتەپلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ئايرىم غەزەل، لىرىكىلىرى «12 مۇقام»غا تېكىست قىلىنغان.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا شائىر لىرىكىلىرى قىممەتلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كېلىنمەكتە.

## §8. موللا پازىل

ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ مەشھۇر «خەمسە» داستانلار تۈركۈمىگە كىرگۈزۈلگەن ئىشق-مۇھەببەت تىراگېدىيەسى تەسۋىرلەنگەن «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق داستانىدىن كېيىن، شىنجاڭدا ئەنە شۇ تېما ئاساسىدا يېڭىباشتىن داستان يېزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شائىر موللا پازىلدۇر.

داستان ئاپتورى ئۆز ئىسمى، تەخەللۇسى، كەسپى توغرۇلۇق داستانىنىڭ بېشىدىكى «موللا كىچىكنىڭ ئەھۋالىنىڭ بايانى» دېگەن بابتا مۇنداق نەزمىلەرنى پۈتكەن:

*ئاتىم فازىل ئىدى بولدى «كىچىك» نام،*
*«كىچىك» دەر ئېردى بارچە خاس ئىلە ئام.*

..................................

*سابۇنخانە مېنىڭ قولۇمدا ئېردى،*
*تولا تەرجى مېنىڭ ھولۇمدا ئېردى.*

..................................

*بار ئىدى باشىمە يۈز مىڭ سەۋدا،*
*ئىجارىدار ئىدىم ھوۋلۇمدا غەۋغا.*

..................................

*بېرىشىم كۆپ كىشىگە بار ئېردى،*
*كى ھاجەتمەنلاردىم ئەغيار ئېردى.*

دېمەك، مۇئەللىپنىڭ ئىسمى پازىل، باشقىلار «كىچىك» نامى بىلەن ئاتاشقا ئادەتلەنگەن، ئەينى چاغدا ئوقۇپ، بەلگىلىك سەۋىيەگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن «موللا پازىل» نامى بىلەن زاماندашلىرى ئارىسىدا تونۇلغان، سوپۇنچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

موللا پازىلنىڭ ياشىغان ۋە بىزگە مەلۇم بولغان «لەيلى ۋە مەجنۇن»[①] ناملىق داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرۇلۇق مەزكۇر داستاندا مۇنداق بايانلار بار:

*كىتابىم تەئرىخى «قايغۇ» ئېردى،*
*دېمەك غەم-غۇسسەئى قايغۇدا ئېردى.*

بۇ مىسرادىكى «قايغۇ» دېگەن سۆز ئەبجەت ھېسابىدا ھىجرىيە 1117- (مىلادىيە 1705 — 1706-) يىلىنى كۆرسىتىدۇ. موللا پازىل يەنە:

*ئۆزۈمنىڭ سىنۇ سالىم «ھەمدە» ئېردى،*
*دىلۇ جانىم، خىيالىم غەمدە ئېردى.*

دەپ يازغان. بۇ مىسرادىكى «ھەمدە» سۆزى ئەبجەت ھېسابى بويىچە 52 دېگەن رەقەمنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، شائىر

[①] بۇ داستان ر. يۈسۈپنىڭ تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 1 -، 2 -سانلىرىدا ئېلان قىلىندى.

1655 ــ 1654 ـ يىللىرى تۇغۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما قاچان ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇر يوق. ـ 1705 ـ يىلى بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقتىدا 52 ياشقا كىرگەن، بۇنىڭدىن موللا پازىلنىڭ مىلادىيە

موللا پازىلنىڭ يۇرتى توغرىسىدا ئۇنىڭ داستانىدا بىرەر خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. ئەمما، شائىر موللا پازىلنىڭ داستانىدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر بىلەن داستان يېزىلغان يىل ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلسا، شائىرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ياشىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

موللا پازىلنىڭ تۇرمۇشى نامرات ئۆتكەن. ئۇ بۇ توغرۇلۇق مۇنداق ئۇچۇر قالدۇرغان:

*ئۆزۈم بىر نامرات ئېردىم ئەيال مەندە،*
*يەنە ھېچ نەرسە يوقتۇر غەيىر فەرزەندە.*
*يىقىلغاندا قوپارغە يوق مەجالىم،*
*ئانى داد ئەتكەلى يەتمەيدۇ ھالىم.*

شائىر بۇ مىسرالاردىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى توغرىسىدا يەنىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ. موللا پازىلنىڭ بايانىچە، ئۇ كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سوپۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆمرى نامراتلىق ۋە قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن. يوقسۇزلۇق ۋە مۇھتاجلىق سەۋەبىدىن تۇرمۇشىدىكى كەم-كوتىلىرىنى تولۇقلىيالمىغان، ئىجارە ھەققى، قەرزلىرىنى تۆلەپ بولالمىغان، ھاجەتمەنلىك، مۇھتاجلىق ئىچىدە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، غەم-قايغۇغا چۆمگەن. داستاننىڭ 15-ماۋزۇسىدا شائىرنىڭ ئۆزى ھەققىدە يازغان بايانلىرى ھەمدە 14-ماۋزۇ ئاستىدا بېرىلگەن بايانلار بىزگە رىياكار سوپى-ئىشانلار ۋە خوجىلار، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى خەلقنى تەرەپ-تەرەپتىن ئاچ بۆرىدەك تالاپ، يىلىكىنى شوراۋاتقان، سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم چېكىگە يەتكەن ئەنە شۇ دەۋرنى بىزگە مەلۇم دەرىجىدە سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

موللا پازىلنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق بۇ داستان جەمئىي 5592 مىسرا بولۇپ، ئۇ ئەسلىي 87 ماۋزۇ بىلەن تۈگىگەن بولسا كېرەك، لېكىن قول يازمىدا كاتىپ پەقەت 65 ماۋزۇنىلا يېزىپ، قالغانلىرىنىڭ ماۋزۇ ئورنىنى ئاق تاشلاپ ئۆتۈپ كەتكەن. داستاننىڭ ئالدىنقى 5 ماۋزۇسى دىباچە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاغا ھەمدۇسانا، رەسۇلۇللاغا، ئۇنىڭ چاھارىيارلىرىغا، ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەنلەرگە نەئىت ۋە مەدھىيەلەر ئېيتىلغان. قالغان قىسمى مەجنۇن بىلەن لەيلىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە بېغىشلانغان. داستاننىڭ قول يازما نۇسخىسى 1980-يىللارنىڭ ئاخىرى شىنجاڭدىن تېپىلىپ، ئۇنىڭ چاغاتاي يېزىقىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى شەكلىگە ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 1-، 2-سانلىرىدا ئېلان قىلىنىدى.

موللا پازىلنىڭ مەزكۇر داستانى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شۇ ناملىق داستانى بىلەن نامداش ۋە سۇژىت جەھەتتىنمۇ ئوخشاشلىقىقا ئىگە بولۇپ، دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ داستانى يېزىلىپ 221 يىلدىن كېيىن ئەينى بىر ماۋزۇدا شىنجاڭ تەۋەسىدە يېزىلغان يىرىك داستان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، موللا پازىل داستاننى يېزىشتىن ئىلگىرى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ داستانى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ئىلھامى ۋە بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەنبەسى خەلق ھاياتى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ھالدا، جاھان كېزىپ يازماقچى بولغان ئەسىرىگە ماتېرىيال توپلىغان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى يازىدۇ:

*كىرىپ مەن رەستەئى بازار ئىچرە،*
*كى گويا نافەئى تاتار ئىچرە،*
*كىرىپ سەير ئەيلەدىم شەھرى جاھاننى،*
*كۆرۈپ فەھىم ئەيلەدىم ياخشى-ياماننى.*

مولالا پازىل ئۆز داستانىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىقىش يولىدا بەلگىلىك ئىزدىنىشچانلىق كۆرسەتكەن. شائىر داستانىنىڭ باش قىسمىدا «ئۆز ھالىدا ئۆزرىخاھلىق قىلغانى»، «مۇناجات بەدنارگاھى قازىيۇل ھاجات»، «قەلەم كاغەزگە جەۋاب بەرگەنى»، «ئەرزاداشت قەلەم»، «سەفەتى ئەھلى ئىشق»، «كاغەز قەلەمگە جاۋاب بەرگەنى»، «دەرمەزھەبى ئىبلىس ئەلەيھىللەئىنە»، «دەرھەبى ھال خۇدگۇيەند»، «بۇ دۇنيانىڭ بىۋەفالىقىنىڭ بەيانى»، «شەھەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەيانى» قاتارلىق ماۋزۇلار ئاستىدىكى مىسرالاردا ئېيتقان پىكىرلەر ۋە باشقا جايلىرىدىكى تەسۋىرلەر بۇ نۇقتىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

شائىر مولالا پازىلنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغان. ئەمما يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭدا رېئالىزملىق خاھىشمۇ بەلگىلىك ئىپادىلەنگەن. مولالا پازىلنىڭ رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بويىچە ئىش تۇتۇشى بىر تەرەپتىن، چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى داستانچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شائىر ياشاپ تۇرغان دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق بولسىمۇ شائىر رومانتىزملىق ئۇسۇلنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن رېئالىزملىق خاھىشنى تەقلىدچىلىك ۋە كىلاسسىزملىق ئېقىمىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ مەۋجۇت مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇتۇق قازانغان.

## §9. مەھزۇن

### 1. مەھزۇننىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

شائىر مەھزۇننىڭ ئۆز ئىسمى ئىسمائىل بولۇپ، مەھزۇن ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر. مەنىسى غەمكىن، پەرىشان دېگەنلەردىن ئىبارەت. بىز بۇنى «دىۋانى مەھزۇن»دىكى مۇنۇ غەزەلگە قاراپ بىلىمىز:

*دەردۇ غەم كۆيرەك ئۇچۇن چەرخ ماڭا مەھزۇن دەپ،*
*ئاھ نەيلەي، ئاتىم ئىسمائىل ئىدى، قويدى لەقەب.*

مەھزۇننىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. پەقەت بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «دىۋانى مەھزۇن»دىكى بىر قىسىم مەلۇماتلارغا قاراپ، شائىرنىڭ ھاياتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىمىز:

مەھزۇن بىر شېئىرىي مىسراسىدا ئۆزىنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ، باشقا يۇرتلاردا يۈرگەن چاغدىكى ئانا يۇرتى خوتەننى سېغىنىپ:

*مېنى مەھزۇن ئېتەي بۇ غۇربەت ئىچرە،*
*خوتەن مۇلكى مېنىڭ ئېردى دىيارىم.*

ياكى:

*مەھزۇن خوتەنگە ئالتە شەھەر چەھار باغىدىن،*
*مەقامى ئەسلىغە يان، ئۆز دىيارى خوپ.*

دەپ يازدىكى، قەلب ساداسىدىن ئۇنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ خوتەن ئىكەنلىكىنى، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى تۈپەيلىدىن ئالتە شەھەردە سەرسان ـ سەرگەردانلىق تۇرمۇشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار شائىرنىڭ يۇرتىنى تېخىمۇ

كونكرېتلاشتۇرۇپ خوتەن ئىلچى ناھىيەسى دەپ قارىماقتا.

مەھزۇننىڭ قاچان ياشاپ ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇچۇر، ئۇنىڭ قوغۇنلار مۇنازىرىسى توغرىسىدىكى يېزىلغان مەسنەۋىسىدە مۇنداق بېرىلگەن:

*خۇسۇسەن خاجەئى ئىسھاق ۋەلىغە،*
*مەيى ۋەھدەتنى ئىچكەن پۇردىلىغە.*
.........
*ۋىلايەت كىشىۋەرى ساھىب سەرىرى،*
*خوتەن مۈلكى ئېلىنىڭ دەستگىرى.*

*ئۆمرۇم ئەللىككە يېتىپ ئەمدى تاپالمايمۇ ھاسا،*
*دەھىر باغىدا سىنىپ شاخى، ئېگىلدى شەجەرىم.*

دېمەك، شائىر 18 ـ ئەسىردە خوتەندە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىسھاق ۋەلى زامانىسىدا ياشىغان ھەم بۇ ۋاقىتلاردا تەخمىنەن 50 ياشلاردا بولسا كېرەك. ئۇ بەلكىم 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەندە تۇغۇلۇپ، ئاساسىي ئۆمرىنى ئاشۇ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن.

شائىر لىرىكىلىرىدىكى باياناتلارغا قارىغاندا، ئۇ ياش ۋاقتىدا مەدرىسەدە ئوقۇپ مۇئەييەن بىلىمگە ئىگە بولغان ھەمدە ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىمۇ شۇ جايدا باشلىغان، ئەمما مەلۇم سەۋەب (يوقسۇللۇق، يېتىمچىلىك) تۈپەيلى ئوقۇشتىن كۆڭلى سوۋۇپ، خوتەندە تىرىكچىلىك قىلىش يولىغا ماڭغان. ئۇ:

*ئۆمرۇم ئىچرە خوتەن دەشتىدە تۈن-كۈن يىغلاپ،*
*ئاقنى قارا، قارانى ئاققا ئۇلادىم.*

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ يوقسۇزلۇق تۇرمۇش ھالەكچىلىكى تۈپەيلىدىن كۆپ ئىشلارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، تاكى ئۆمرى 50 كە يەتكىچە تۇرمۇشىنىڭ ھېچقانچە خوشلۇقىنى كۆرمىگەنلىكىدىن ھەسرەتلىنىدۇ. بۇنداق بولۇشى بىر تەرەپتىن، ئەينى دەۋردە تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ قىيىنلىقىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شائىر نەپسىگە بېرىلمىگەن، مەنسەپكە قىزىقمىغان، مەنسەپتىن ئۆزىنىڭ غېرىبانە تۇرمۇشىنى ئەۋزەل بىلگەن.

شائىر يەنە ئۆز ئۆمرىنى بۇنداق تۇرمۇش ھالەكچىلىكى بىلەنلا ئۆتكۈزسە ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىر نامۇ نىشان قالدۇرۇش مەقسىتىدە ئالتە شەھەرنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئەمما شائىر ياشىغان دەۋر جەنۇبىي شىنجاڭنى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول چوماقچىلىرى بولغان يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى، سوپىزم ئىس-تۈتەكلىرى قاپلىغان چاغ بولغاچقا، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا قارشى ئېلىنمايدۇ. بۇلار شائىرنىڭ ئىدىيەسىگە قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن ئۇنىڭ زامانىغا بولغان كۆزقارىشىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. يەنى فېئودال ھۆكۈمرانلار ۋە روھانىي كۈچلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئالتە شەھەر رايونى ئومۇمەن تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىك، بۇرۇقتۇرمىلىق بىلەن تولغان، يوقسۇزلۇق ۋە بايلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زور ۋە بۇ ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن كۈنگە كەسكىن بولۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ، بۇلار ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن شائىر ئىدىيەسىدە ئىنسانپەرۋەرلىك-گۇمانىزم ۋە تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىش بىخ سۇرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆكتەم ئەمەلدارلار، رىياكار سوپىلار تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى

قىلىنىۋاتقان يۇرتىغا نىسبەتەن چەكسىز مۇھەببەت ئۇنىڭ قەلبىدە يالقۇنجاشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، گۇمانىزملىق ئىدىيەسى بىلەن سۇغىرىلغان بىر قىسىم لىرىكىلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشقا باشلايدۇ.

شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا:

*ياساپ قەبرەمنى زىننەت بەرمەڭىز ئەي دوستلار ئۆلسەم،*
*نىشانى قالمىسۇن ئالەمدە مەندىن، بى نىشان بولدۇم.*

دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان بولغاچقا، شائىرنىڭ نەدە ۋاپات بولغانلىقى، قەبرىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ئەمما شائىرنىڭ ۋاپاسىز پەلەكتىن ئاغرىنىپ، ئاچچىق ئىبارىلەر، ئۆتكۈر كىنايىلەر بىلەن تولغان شېئىرىي مىسرالىرى ئۇلپەتداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا قەدىر- قىممەتكە ئېرىشىپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. شائىر ھاياتىدا خېلى كۆپ ئەجادىيەت مېۋىلىرىنى قالدۇرغان بولسىمۇ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگىنى شائىرنىڭ «دىۋانى مەھزۇن» ناملىق تولۇقسىز دىۋانىدىن ئىبارەت.

## 2. «دىۋانى مەھزۇن» ھەققىدە

«دىۋانى مەھزۇن» شائىر مەھزۇننىڭ لىرىك ۋە ئېپىك شېئىرلىرى جەملەنگەن توپلامدۇر. بۇ دىۋانغا جەمئىي 1805 مىسرا شېئىر كىرگۈزۈلگەن.

دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىدىن قارىغاندا، دىۋان ئومۇمەن ئەينى دەۋردىكى ئەنئەنىۋى تېما ــ مۇھەببەت مەزمۇنىدا يېزىلغان. شائىر مۇھەببەتنى ۋاسىتە قىلغان ئاساستا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كىشىلىك ئەخلاق، ئادالەتسىز زامانىدىن زارلىنىش، كىشىلىك ھاياتنى قەدىرلەش، قارا نىيەت سوپى ـ زاھىتلارنى تەنقىد قىلىش قاتارلىق ئىلغار ئىدىيەلەرنى ئالغا سۈرگەن.

«دىۋانى مەھزۇن»دىكى مۇھەببەتكە بېغىشلانغان لىرىكىلاردا، شائىرنىڭ رېئال ھاياتتىكى ئىنسانلارغا سەممىمىي مۇھەببىتى، ھېسسىياتى ئىزھار قىلىنغان. شائىر رېئال ئىنسانلارغا مۇھەببەت قويۇش ئىدىيەسىنى ئىپادىلىگەن. بۇ كۆزقاراش، تەركىدۇنيالىق تۈرمۇش كەچۈرۈپ، دۇنيانىڭ ھەممە مەئىشەتلىرىدىن قول ئۈزۈش، رېئال دۇنيادىكى ئىنسانلارغا نەزەر ئاغدۇرماسلىق، كېچە ـ كۈندۈز ئاللانى زىكىر قىلىش قاتارلىق مىستىك قاراشلار ئەۋج ئالغان دەۋرگە نىسبەتەن قەدىرلەشكە تېگىشلىك بولغان ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيە ئىدى. مەسىلەن:

*گۈل ياقا چاك ئەيلەدى رۇخسارى ئالىڭنى كۆرۈپ،*
*سەرۋى ئەر ئەر تىترەدى نازۇك نىھالىڭنى كۆرۈپ.*
*ياغى ئاي قان يىغلىدى، ئېرمەس شەفەق چەرخ ئۆزرەكىم،*
*قامەتىن غەم ئەيلەبان، مۇشكىن ھىلالىڭنى كۆرۈپ.*
*سەير ئېتىپ كۆڭلۈم قۇشى باغلاندى زۇلفۇڭ دامىغە،*
*دانە يەڭلىغكىم لەبىڭ ئۈستىدە خالىڭنى كۆرۈپ.*

«دىۋانى مەھزۇن»دىكى دىققەتكە سازاۋەر ئىلغار مەزمۇنلارنىڭ بىرى ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر. شائىر مەھزۇن نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، رېئاللىقنى كۆزىتىش، تۇرمۇشقا، نجاتلىققا ئېرىشىش مەقسىتىدە ئالتە شەھەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئەمما ھەممە يەردە ئەزگۈچى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ زۇلمى، يەرلىك فېئوداللارنىڭ ئالۋان ـ ياساقلىرى، دىنىي

روھانىيلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، ھېچقانداق جايدا خاتىرجەم ئۆتەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىر كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ماكانى خوتەننى ھەر دائىم ئەسلەپ، يۇرتىغا بولغان چەكسىز ھېسسىياتى مۇجەسسەملەنگەن گۈزەل لىرىكىلارنى يازىدۇ. مەسىلەن:

*مەھزۇن خوتەنگە ئالتە شەھەر چاھار باغىدىن،*
*مەقامى ئەسلىغە يان، ئۆز دىيارى خوپ.*
*گويا جەننەتكە دەۋزەختىن چىقىپ كىرگۈنچە بار،*
*ئۆز دىيارىمغە ئەگەر يەتسەم بۇ غۇربەت شەھرىدىن.*

مەھزۇن لىرىكىلىرى ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقىدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كۈچلۈك دەۋر روھى بىلەن سۇغىرىلغانلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتلىكتۇر. مەھزۇن ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن ھاسىل قىلغان تەسىرلىك تۇيغۇلار ئاساسىدا مۇدھىش زاماندىن شىكايەت قىلىدۇ. جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا، گۈزەللىككە ئۈندەيدۇ. ئۆزى قانچىلىك جاپا تارتسىمۇ ۋىجدانىنى ھەرگىز بۇلغىماي دۇنيادىن پاك ئۆتۈپ، خەلق كۆڭلىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئېلىشنى ئىستەيدۇ. مەسىلەن:

*ياخشىراقتۇر گۈشە تۇتماقلىق ماڭا ئەل يادىدا،*
*نەپسىنى، مەنسەپنى سۆيگەنلەرگە يوقتۇر رىغبىتىم.*
*..........................................*
*بەختسىز ئۆتكەن كۈنۈمگە ئەمدى رۇنجۇرمەن بۈگۈن،*
*تاڭلا ئەۋلاد ئالدىدا رەسۋايى ئاسىي خىجالەتىم.*

دەپ يېزىپ، بەختسىز ئۆتكەن كۈنلىرىدىن ئېچىنىش ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىپ، زامان زۇلمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. ئادالەتسىز ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋەھشىي ياۋۇزلۇقىنى ئوبرازلىق تىل ۋاسىتىسى بىلەن ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

«دىۋانى مەھزۇن» «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» ناملىق ئېپىك داستانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ داستان سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەينى دەۋردىكى مەنمەنچىلىك، ھوقۇقپەرەسلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلغانلىقى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىكتۇر. داستاندا شائىر خوتەندە تېرىلىدىغان «كۆكناۋات»، «كۆكتورنا»، «سەۋزىنازۇك»، «ئاقتورنا»، «بەرگىنەي»، «ئاقچى»، «ھاشىمى»، «مىزگان»، «نەيشەكەر»، «بىشەكشىرىن»، «خوجا دەستارى»، «لوپيايى»، «ئەركانى»، «جۈرە قەند»، «نەشپاتى»، «جاغدا»، «ئابىھايات»، «شىرىقھەرە»، «ئاقناۋات»، «بەدرەڭ»، «ئابدۇغاپپارى»، «نوچى تويماس»، «خامانچى»، «شېكەرسۈيى»، «رەئنايى»، «تويدى قارىن»، «پوستىپىياز» قاتارلىق 27 خىل قوغۇننىڭ بىر مەيدان كەسكىن ۋە جىددىي مۇنازىرىسىدىن كېيىن، پۇلىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى، تور قوغۇننىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىرلىككە كېلىپ «ھاشىمى» ناملىق قوغۇننى پادىشاھلىققا سايلاپ، قالغان ئون نەچچە خىل قوغۇننى ۋەزىرلىكتىن تارتىپ چايچىلىققىچە بەلگىلەپ، ئۇلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن تالاش ـ تارتىش، نىزالارنىڭ ئۆزىگە يارىشا مەنىسەپكە ئېرىشىشى بىلەن پەسكويغا چۈشكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن.

مەھزۇننىڭ بۇ داستانى مەسەللىك خاراكتېرىدە سىمۋوللىزملىق مېتود بويىچە يېزىلغان. شائىر قوغۇنلارغا ئادەملىك خاراكتېر ۋە سۈپەت بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەسەرنى نورمال ئىجتىمائىي لەززەتكە، ئېستېتىك زوقلىنىشقا ئىگە قىلىدۇ. شائىر لىرىكىلىرىدا تەنقىدىي رېئالىزم بىخلىرى ئاندا ـ ساندا كۆرۈلگەن بولسا، «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» ناملىق داستانىدا تەنقىدىي رېئالىزملىق

روھ كۆچلۈك ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ بۇ داستانى ئۆز دەۋرىدىكى مەنمەنچى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىخچاملاشقان، تىپىكلەشتۈرۈلگەن بەدىئىي كۆرۈنۈشىدۇر.

مەھزۇن تەڭسىز جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، داستاندا ئۇلار ئارىسىدا قانداق كېلىشمەسلىك، زىددىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان، نەپسى قاندۇرۇلغانلىقىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەيدۇ. شائىرچە، نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى ئىدى. شۇڭا شائىر ئەسەردە ئاللىگورىيەلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۇلارغا بىر چوڭ قوغۇن ئۇرۇقدىشىنىڭ خىلمۇ خىل تۈرلىرىنى سىمۋول قىلغان. يەنى شائىر ئاللىگورىيەلىك ئوبرازلارنى ماھىيەت ۋە شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش تىپ ۋە تۈردىن تاللاپ ئېلىپ، ئۆز ئەسرىدىكى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ قىممىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەسەللىك داستانلارنىڭ ھەممىسىدىن تېپىش قىيىن. ئومۇمەن شائىرنىڭ بۇ داستانىدا، كونا جەمئىيەتتىكى نەپسانىيەتچىل ۋە تاماخور ئەمەلدارلارنىڭ قىلمىقلىرى، ئىشرەتخور ھۆكۈمرانلار سورۇنى كۆچلۈك ساتىرا قىلىنغان.

مەھزۇننىڭ «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» ناملىق بۇ داستانى چوڭقۇر ئىدىيەۋى مەزمۇنغا، يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى 18 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

دېمەك، مەھزۇننىڭ شېئىرلىرىدا گۇمانىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە يارقىن مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ كۆچلۈك سىنىپىي مەۋقە ئارقىلىق كۆچلەندۈرۈلىدۇ. بولۇپمۇ شائىر ئادەملەرنى باي ـ كەمبەغەللىككە قاراپ سىنىپىي نۇقتىئىينەزەر بويىچە باھالىغانلىقى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدۇ.

مەھزۇن شېئىرلىرى بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دىققەتنى تارتىدۇ. شائىر شېئىرلىرى كۆچلۈك ئوبرازچانلىقى ۋە چوڭقۇر مەنتىقىلىققە ئىگە. تىلى راۋان، ۋەزنى يەڭگىل، ئاھاڭدارلىقى كۆچلۈك، شېئىرىي شەكىللىرى كۆپ، شېئىرىي ھېسسىيات ۋە شېئىرىي تەسەۋۋۇرغا باي.

شائىر ھەر بىر شېئىرىدا پىشقان بەدىئىي تىل ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىرنى روشەن، جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، ھەقىقىي بىر سەنئەتكارلىق تالانتىنى نامايان قىلغان.

شائىر شېئىرلىرىدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن كەڭ پايدىلىنىپ شېئىرلىرىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ۋە تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان. مەسىلەن:

*قەترە تەرلەرمۇ ئېرۇر ئول لەبى خەندان ئۆزرە،*
*يوقسە ساچىلدىمۇ دۇر چەشمەئى ھەيۋان ئۆزرە.*
*سانجىلغان ئوترە يۈزىگە گۈلى ئەنبەرمۇ يا،*
*كەۋكەبى سەئىد ئېرۇرمۇ مەھى تابان ئۆزرە.*
*بولدى كۆڭلۈمگە ئالەم، كەتتى كۆزۈمنىڭ نۇرى،*
*ياغلىقىن ياپتى مەگەر زۇلفى پەرىشان ئۆزرە.*
*ھەجىر بىيمى بىلە بىردەم ماڭا جان بولدى قاچان،*
*كۇھى غەم خالى ئەمەس ئاندىن ھەزىن جان ئۆزرە.*

*ماھ پەرۋىن بىلە چەرخ ئۆزرە تولۇئى قىلغاندەك،*
*چىقتى ئول بىر نەچە رەئنا بىلەن ئەيۋان ئۆزرە.*
*ئاخىرى يە قويى تۇفراغ ئارادۇر خابگەھىڭ،*
*مەن دىمە جىلۋە گەھىڭ گەر ئىسە كەيۋان ئۆزرە،*
*مەھزۇنا، فەقىر قەسىرى ئۆزە گەر ئولتۇرساڭ.*
*گويىياكىم چىقالسەن تەختى سۇلەيمان ئۆزرە.*

مەھزۇن شېئىرلىرى بەدىئىي جەھەتتىن نەپىس، گۈزەل بولۇشتىن تاشقىرى، تىل جەھەتتە 18—19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن شېۋىسىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەدەبىيات ۋە تىل تەتقىقاتى جەھەتلەردە مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## §10. خوجىلار زامانىسىدىكى تەرجىمە ئەدەبىيات

**1. ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىر موللا مۇھەممەد تۆمۈر**

موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي[①] 17 — 18 ـ ئەسىردە كاشغەردە ياشىغان ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىردۇر. ئۇ كاشغەر مەدرىسەلىرىدە ئەتراپلىق تەربىيەلەنگەن. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە كەڭ بىلىملەرگە ئىگە بولغان. شائىر شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم داڭلىق ئەسەرلەرنى ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىشتا ئالاھىدە ھەسسە قوشقان.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر: «كەلىلە ۋە دىمنە»، «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا»، «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» (گۈزەل ئەخلاق) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1. «كەلىلە ۋە دىمنە»

«كەلىلە ۋە دىمنە»نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ھىندىلارنىڭ قەدىمكى مەشھۇر مەسەل ـ ھېكايىلەر توپلىمى «پەنچاتانترا» ياكى «بەش كىتاب» — خەمسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«بەشنامە» دۇنيا ئەدەبىياتىدا يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە. بىراق دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر بۇ ئەسەرنى بىۋاسىتە چۈشەنگەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تارقىلىشىدا «كەلىلە ۋە دىمنە» دەپ ئاتالغان بىر ئەسەرنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسى كۈچ كۆرسەتكەن. بۇ تەرجىمە ئەسىر 8 ـ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ دۇنيادىكى ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

«بەشنامە» ئەڭ دەسلەپ 6 ـ ئەسىردە ئىران ـ پەھلەۋى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پەھلەۋى تىلىدىن سۇرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 8 ـ ئەسىردە يەنە پەھلەۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ غايەت زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان. مىلادىيە 750 ـ يىلى ئۇبۇل ھەسەن ئابدۇللا ئىبنى ئەل مۇقەففانىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسى بۇ ئەسەرنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

مىلادىيە 1717 ـ يىلى كاشغەر ھاكىمبېگى ئىمام مۇھەممەدنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە موللا

---

① بەزى مەنبەلەردە موللا مۇھەممەد تۆمۈر ياركەندىي دەپ ئېلىنىدۇ.

مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي كېيىن مەيدانغا كەلگەن پارس تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھەمدە «ئاسارى ئىمامىيە» دەپ ماۋزۇ قويغان.

بۇ ئەسەر ھىندىستان فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەسەردە ئاساسلىقى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئىشلەشتە ئىجادىي يول تۇتۇپ، ئەسەرگە ئالدى بىلەن بىر «مۇقەددىمە» يازغان. «مۇقەددىمە»دە ئەسەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بەرگەن. يەنى ئەسەرنىڭ كېلىش مەنبەسى، مەزمۇنى، ھەرقايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشتىكى سەۋەبلەر، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانى قاتارلىق بىر مۇنچە مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغان، شۇنداقلا تەرجىمان ئۇيغۇر ھېكايىچىلىكىنىڭ گۈزەل ئۇسلۇبىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە، ھەر بىر مۇھىم ۋەقە، ئېپىزوتلار ئارىسىدا ھالقىلىق مەسىلىلەرنى شېئىرىي يول بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئەسەرگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس مىللىي پۇراق بەرگەن. بۇ ئارقىلىق تەرجىمان ئۆزىنىڭ پىشقان ئىجادىي تەرجىمانلىق ئوبرازىنى نامايان قىلغان.

«كەلىلە ۋە دىمنە»دىكى نۇرغۇن مەسەللەر زامانىمىز ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بېيىتقان. 1985-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى موللا مۇھەممەد تۆمۈرنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى نەشر قىلدى.

2. «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»

«ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە) ناملىق بۇ ئەسەر پارس يازغۇچىسى مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز كاشفىنىڭ 4-ئەسىردە ھىراتتا يازغان پەلسەپىۋى دىداكتىك ئەسىرىدۇر.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي ئەسەردىكى ۋاپا، ۋەدە، ياخشىلىق، گۈزەللىك، ئىلىم-مەرىپەت، ساخاۋەت، شىجائەت، سەۋر-تاقەت، شەرم-ھايا، ۋاقىتنى قەدىرلەش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق قاتارلىق ئەخلاق كاتېگورىيەسىگە كىرىدىغان ئىلغار مەزمۇنلاردىن تەسىرلىنىپ، بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى بۇزۇلغان ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىش، جەمئىيەتنى تۈزەش، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش مەقسىتىدە 1709-يىلى ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئىشلەپ چىققان. بۇ ئەسەردىكى يۇقىرىقى ئىلغار مەزمۇنلار خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ياش ئەۋلادلارنى شىجائەتلىك، تىرىشچان، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەشتىمۇ بەلگىلىك ئىجابىي روللارنى ئويناپ كەلدى.

## 2. شاھ ھىجران

شاھ ھىجران ياركەندتە ياشاپ ئۆتكەن ئەدەبىي تەرجىمانىنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى شاھ مۇھەممەد ئىمىناخۇن ئىبنى خوجا نىزامىدىن ئىدى.

شاھ ھىجران 1750—1752-يىللىرى «شاھنامە»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئات قويغان.

«شاھنامە» — تاجىك-ئىران خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (934—1025)نىڭ ئەسىرى بولۇپ، 120 مىڭ مىسرادىن تەركىب تاپقان تارىخىي ئېپوستۇر.

فىردەۋسى «شاھنامە»دە گەرچە قەدىمكى ئىران-تاجىك خەلقلىرىنى غايەت زور دەرىجىدە

ماختاپ تەسۋىرلىگەن، ئۆز ئېلىنى قوغدىغۇچى كەيكاۋۇس (نەمرۇد)، رۇستەملەرنى بولسا تەخداشىسىز باتۇر، يېڭىلمەس قەھرىمان، رەھىمدىل، ئەقىللىق، ھەققانىيەتچى دەپ ماختاپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەرنى يامان، تاجاۋۇزچى، خۇنۇك قىلىپ تەسۋىرلىگەن، بولۇپمۇ توڭا ئالپ ئەر (ئەفراسىياپ)نى ياۋۇز، زالىم دەپ خۇنۈكلەشتۈرۈپ، تارىخىي پاكىتلارنى بۇرمىلاپ ئەينى تارىخىي رېئاللىقتىن خېلىلا چەتنىگەن بولسىمۇ، لېكىن قەدىمىي ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان ياۋروپا، ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق، ھىندىستان، چىن قاتارلىق ئەللەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇزۇن مەزگىللىك تەرەققىيات تارىخى ۋە بۇ جەرياندىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللارنى، قولغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى رېئاللىق ئاساسىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسۋىرلەپ بەرگەن.

شاھ ھىجران خوجىلار زامانىسىدىكى بىر قىسىم خوجىلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان سىياسىي زۇلمى، روھانىيلارنىڭ خەلقنى نادانلىققا باشلايدىغان ئەسەبىي تەرغىباتلىرى پۈتۈن شىنجاڭ رايونىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرىگە بىرىپ تاقىلىۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە «شاھنامە»نى تەرجىمە قىلىپ، خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئويغىتىش، دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى.

### 3. مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاخان مەخدۇم

مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاخان مەخدۇمنىڭ يۇرتى ۋە ھاياتى ھەققىدە ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىپ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن «مىڭ بىر كېچە»نىڭ «مۇقەددىمە»سىدە بەزىبىر مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. ئۇ تەخمىنەن 18 ـ ئەسىردە ئاقسۇدا ياشاپ ئۆتكەن.

ئابدۇللاخان مەخدۇم دۇنيا كىلاسسىك جەۋھەرلىرىنى ئۆز خەلقىگە تونۇشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش مەقسىتىدە «مىڭ بىر كېچە»«ئەلف لەيلى ۋە لەيلە»نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئىشلەپ چىققان. ئەدەبىي تەرجىمان بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشتا ئەستايىدىل پوزىتسىيەدە بولغان، تىلنى چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق، ئاممىباب، جۈملىلىرىنى ئىخچام، راۋان قىلىشقا تىرىشقان، زۆرۈر تېپىلغاندا بەزى ئىزاھاتلارنىمۇ بەرگەن، ھەم ئەسلىگە سادىق، ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن زۆرۈر تېپىلغاندا بىر قىسىم مۇھىم تولۇقلاشلارنى ئېلىپ بارغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «شاھنامە»، «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ خوجىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى خوجىلار زامانىسىدىكى تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئالاھىدە نەتىجە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىز تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى زور ئۇتۇقتۇر.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. خوجىلار زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى مۇھاكىمە قىلىڭ.
2. خوجىلار زامانىسىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىڭ.
3. خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.
4. خوجىلار زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي بوھران بىلەن ئەدەبىياتنىڭ

يۈكسىلىشىنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىڭ.

5. زەللىلىي، ئەرشىي، خەراباتىي، نەۋبەتىي، مەھزۇن قاتارلىقلارنىڭ ھاياتى ۋە بەدىئىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

6. زەللىلىي لىرىكىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى بايان قىلىڭ.

7. زەللىلىي داستانلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

8. «دىۋانى ئەرشىي»، «كۇللىيات مەسنەۋىيى خەراباتىي»، «دىۋانى نەۋبەتىي»، «دىۋانى مەھزۇن» قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىڭ.

9. موللا پازىلنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»، مەھزۇننىڭ «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» (قوغۇننامە)نىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

10. خوجىلار زامانىسىدىكى ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكنىڭ نامايەندىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

# 2 ـ باب   چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئەدەبىيات

## §1. ئومۇمىي ئوبزور

1884 ـ يىلى زوزۇڭتاڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىلى رايونىنى چارروسىيە قولىدىن تارتىۋېلىپ، شىمال بىلەن جەنۇبنى قايتا بىرلەشتۈرۈپ ئۆلكە تەسىس قىلغاندىن كېيىن، ئۆلكە مەركىزىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ، پۈتۈن شىنجاڭنى تۆت داۋ، ئالتە مەھكىمە، ئون بىر ئىدارە، ئىككى بىۋاستە ئايماق، يىگىرمە بىر ناھىيە، ئىككى تارماق ناھىيەگە ئايرىپ، ئۇنى ئۈرۈمچىگە بىۋاستە قارايدىغان قىلدى. بۇ جايلارغا قويۇلغان ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلار مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەلگىلەندى. مانجۇلارنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىيسى گەنسۇ باش تۇتۇق ئامبىلىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىدا بولدى. بۇنداق قاتلاممۇ قاتلام باشقۇرۇش ۋە خىلمۇ خىل ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورۇنلاردىكى باشقۇرۇش فېئودال مانجۇ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ خەلق ئاممىسىغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈن ئۆلكىدە تىنچلىق ئورنىتىش، تەرتىپنى ساقلاش، خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر تىنچ بولغان ئىجتىمائىي ۋەزىيەت يارىتىلغان.

دېھقانلار تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللانسا، ھەرخىل تىپتىكى ھۈنەرۋەنلەر ئۆز كەسپىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، شەخسىي ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى. شەھەرلەردە كۆركەم ئىمارەتلەر قەد كۆتۈردى. سودىگەرلەرنىڭ بېرىش ـ كېلىشى نەتىجىسىدە ھۈنەر يېڭىلىنىپ، خەلق ۋە شەھەر تۇرمۇشىدا باشقىچە تۈس پەيدا بولۇشقا باشلىدى. خىلمۇ خىل نامدىكى دىنىي مەكتەپخانىلار، مەدرىسەلەر بىنا قىلىنىپ، يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەر ئىلىم ئۆگىنىپ شەھەرلەرگە يىغىلىپ، مەدەنىيەت بىر قەدەر ئالغا سىلجىدى.

دېمەك، ئومۇمىيلىق جەھەتتە بىر قەدەر تىنچ ۋەزىيەت يالغۇز مەدەنىيەت جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى خوجىلار ۋە جۇڭغارلار دەۋرىدىكى مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ ۋە پەس كويغا چۈشۈپ قالغان ئەدەبىيات ئىشلىرىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ دەۋردە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان كۆپلىگەن يازغۇچى ـ شائىرلار، ئەدىبلەر بىر تۈركۈم ئۆكتەم خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغ ئىستەكنىڭ تۈرتكىسى ۋە خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، مىللىي زۇلۇم ۋە فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى مىللىي دېموكراتىك ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت سەھنىسىگە چىقىپ، ھەرخىل ژانىر ۋە ھەر

خىل تېمىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر ئالتۇن دەۋرىنى ياراتتى.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ دەۋردە كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار ئالدىنقى دەۋر ئەدەبىياتىدىن پەرقلىق هالدا ئەنئەنىۋى تېمىلار بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى رېئاللىققا يۈزلىنىپ قەلەمنى قورال قىلغان هالدا تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ، چىڭ سۇلالىسى فېئودال هاكىمىيىتى ئىستىبداتچىلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيەسىنى، يەرلىك فېئودال تۆرىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى، خەلققە سالغان زۇلۇم ۋە ھەددى-ھېسابسىز ئېغىرچىلىقلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلدى. ھەر خىل مەزمۇندىكى ئەرەبچە، پارسچە ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ بېيىشى، مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولۇشى، بەدىئىيلىك جەھەتتىن يۇكسەكلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەر قوشۇلدى.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتى جۇڭغارلار-خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى زامانىسىدىكى ئەدەبىيات بىلەن بەزى تەرەپلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە يېڭىلاندى ۋە تەرەققىي قىلدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئەدىبلەر قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىن نۇرغۇن ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي، ئابدۇرېھىم نىزارىي، موللا مۇھەممەد نىياز ياركەندىي، قەلەندەر، نورۇز ئاخۇن زىيائىي، زوھۇرى، قىبسۇرى، مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي، شائىر ئاخۇن، تۇردى غەرىبىي، موللا قۇربان، ئەھمەدشاھ قاراقاشىي، موللا شاكىر، ناقىس، موللا بىلال، سەيىت مۇھەممەد، تەجەللىي، مۇسا سايرامىي، ئابدۇقادىر ئەزىزى قاتارلىق مول ھوسۇللۇق شائىرلار ياشاپ ئۆتتى.

بۇ دەۋردە يەنە ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشچانلىقىدا بىر قەدەر ئېنىق ئۆزگىرىش بولدى. كۆپچىلىك ئاپتورلار بايرىقى روشەن هالدا ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسى مەيدانىدا تۇرۇپ ئەسەر يازدىغان، شۇلارنىڭ مۇڭ-زارىنى ئىپادىلەيدىغان خاھىش گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

ئىككىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەجمى داۋاملىق كۆپەيدى. ژانىر، شەكىل جەھەتتىن خىلمۇخىللاشتى. ئالدىنقى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي يادىكارلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا، سان جەھەتتىن ئېشىپلا كۆپ، ھەجمى ئېشىپلا كەڭ، تېمىسى خىلمۇ خىل، مەزمۇنى رەڭگا-رەڭ بولۇشقا يۈزلەندى.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيەۋىلىكىدە ئېنىق روشەن ۋە ئېنىق بولغان ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئەسەرلەردە مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمنى، يەنى خەلق قوزغىلاڭلىرىنى ئوخشىمىغان ئۇسلۇب بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئىسيانكارلىق ۋە ھۆرلۈككە ئىنتىلىش خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە بىر بۆلۈك شائىرلارنىڭ جاسارىتى بەكمۇ يۇقىرى بولدى. كۆپچىلىك شائىرلار گۇمانىزم، مەرىپەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلىدى. رېئال تۇرمۇش ئېستېتىكىسى بىلەن غايىۋى ھايات مەۋقەلىرىنى چىن ھېسسىيات ۋە يۇقىرى بەدىئىي دىت ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈردى.

تۆتىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەت مېتودىدا ئۆزگىرىش روشەن بولدى. رېئالىزم، سىمۋولىزمدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت مېتودى ئىزچىل ۋە ئۈنۈملۈك قوللىنىلغاندىن سىرت، تەنقىدىي

رېئالىزم خاس مېتود سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. نۇرغۇنلىغان شائىرلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە بۇ خىل خاھىش روشەن ئىپادىلەندى.

بەشىنچى، ئاددىي شەكىلدىكى كىلاسسىزملىق ئەدەبىي ئېقىم بۇ دەۋردە ئاساسىي ئېقىم بولدى. كىلاسسىزم ئەڭ دەسلەپ غەربىي ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت ئەدەبىيات تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان بەدىئىي مېتود ۋە ئەدەبىي ئېقىملار ھەرقايسى ئەل، ھەر قايسى خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىغا نىسبەتەن ئورتاق بولغىنىدەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ياۋروپا ئەدەبىياتىدىن مۇستەسناسىز ھالدا ئاددىي شەكىلدىكى كىلاسسىزم ئېقىمى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىش، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە دوراش بويىچە بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم شەكىللەنگەن. لىرىك شېئىرلاردىن تارتىپ داستان، تەزكىرىلەرگىچە، تىل، ئۇسلۇب، ئىدىيەۋى خاھىشلارغىچە بولغان تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بۇ خىل ھادىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئالتىنچى، بۇ دەۋردە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاددىي قامۇسچىلىق ئېقىمى قايتىدىن بارلىققا كەلدى. نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەر كۆپ تەرەپلىمە بىلىم جۇملىدىن تەبىئىي پەن، ئىلاھىيەت، ئەخلاقشۇناسلىق، مائارىپشۇناسلىق، مۇزىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ، شۇ ساھەدە ئاددىي شەكىلدىكى قامۇسلارنى ياراتتى ياكى شۇنىڭغا يېقىنلاشتىدىغان ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

يەتتىنچى، كوللېكتىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھادىسىسى يەنىمۇ جانلاندى. بۇ دەۋردە نۇرغۇنلىغان ئاپتورلار شەخسىي ئىجادىيەتتىن سىرت ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئىستىخىيەلىك يوسۇندىكى ئەدەبىي گۇرۇھلار تەشكىللەندى. چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي توپلام ـ بايازلار بارلىققا كەلدى.

سەككىزىنچى، تەزكىرىچىلىك ساھەسى داۋاملىق گۈللەندى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەزكىرىچىلىكنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر تەزكىرىچىلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بىر ژانىر سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلدى ۋە تەرەققىيات يولى بويىچە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەزكىرە سان جەھەتتىن كۆپ، ھەجىم جەھەتتىنمۇ خېلى زور بولدى. مەزمۇن جەھەتتىنمۇ كۆپ خىللىقا قاراپ يۈزلەندى. موللا مۇھەممەد ئەبۇل بىن ئاخۇن ئارزۇ مۇھەممەدنىڭ 1776 ـ يىلى يازغان «ئىسلامنامە» ناملىق ئەسىرى، مەھمۇد ئابدۇل ئالىم موللىنىڭ «ئىسلام كىتابى»، قاسىمنىڭ 1799 ـ يىلى يازغان «تەزكىرەئى ئارسلانخان»، مۇھەممەد ئەلى كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى ھەزرىتى موللام » (1800 ـ يىلى يېزىلغان)، موللا ياقۇپ بىننى ئۆمەر كاشغەرىينىڭ 1808 ـ يىلى يازغان «تەزكىرەتۇل ھىدايەت» ۋە «شەجەرەئى بۇزرۇكۋار» ناملىق ئەسىرى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خاجەگان»، «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەئف» قاتارلىق ئەسەرلىرى، مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشىينىڭ «تەزكىرەتۇلرىشات»، ئىمام ھەسەن كاشغەرىينىڭ 1882 ـ يىلى يازغان «داستان زەئىد ئەنسارى»، تەلەبىنىڭ «تارىخى ۋاقىئەئى كاشغەر»، ئەيمەنىينىڭ «ئىلىك خانلار توغرىسىدا داستان»، موللا ئابدۇغاپپارنىڭ 1853 ـ يىلى يازغان «زۇپەرنامە شاھ باھادىرخان»، شەمسىددىن ئەلى يېڭىھىسارىينىڭ «سىيەرۇل مۇخلىسىن» ۋە «تەزكىرەئى ئارسلانخان» قاتارلىق ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، بىر قەدەر يۇقىرى ئىلمىي ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان

موللا ھاجىنىڭ 1829 — 1830 - يىللاردا يېزىلغان «تەزكىرەئى بۇغراخان»، موللا مىرسالى كاشغەرىينىڭ «تارىخى كاشغەر»، مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىينىڭ «مەخدۇم ئەزەم»، مۇجىزىينىڭ 1854 - يىللىرى يازغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، موللا مۇھەممەد نىياز ياركەندىينىڭ 1851 — 1852 - يىللىرى يازغان «قىسسەسۇلغەرايىب» قاتارلىق ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى.

بۇ دەۋردىكى تەزكىرە ئاپتورلىرىنىڭ تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە كۆپ تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلەر ئەرەب، پارس تىللىرى بىلەنمۇ تەزكىرىلىرىنى روياپقا چىقارغان، ئۇيغۇر تىلىدىكى تەزكىرىلىرىگە بولسا ئەرەب، پارس تىل ئۇسلۇبى بويىچە ماۋزۇ قويۇشقان. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى بىر تەرەپتىن، تىل ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، باشقا مىللەت تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرگە ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىشنى ئويلىغان.

توققۇزىنچى، ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرۇش ساھەسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جانلىنىش بولدى.

ئونىنچى، ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى يېقىنلىق بارلىققا كەلدى. ئەدەبىيات بىلەن ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە قويۇقلىشىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا بولغان تەسىرىمۇ چوڭ بولدى. بىر مۇنچە ھاكىم، بەگلەر ھەر خىل مەقسەتلەر ئۈچۈن ئاپتورلارغا ھامىيلىق قىلىشىپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالدى.

ئون بىرىنچى، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت، ھېكايە، داستان - قىسسە ۋە ناخشا - قوشاقلارنى توپلاش، رەتلەش، قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ يازما ئەدەبىياتقا ئايلاندۇرۇش بويىچە بىر مۇنچە ئىشلار ئىشلەندى. خەلقنىڭ ناخشا - مۇزىكا ئاھاڭ تېكىستلىرىدە يېڭىلىنىش بولدى. ھۆرلۈك، ئىنسانىي ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەشكەن بىر قاتار خەلق قەھرىمانلىرى مەيدانغا كېلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىدىن ھاسىل قىلغان تارىخىي داستانلىرى ۋە كەڭ خەلقنىڭ بۇ قەھرىمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يالقۇنلۇق ھاياتىنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشا - قوشاقلىرى كاشغەردىن قۇمۇل بوستانلىقىغىچە، خوتەن دىيارىدىن ئىلى گۈلىستانلىرىغىچە كەڭ تارقالدى.

ئون ئىككىنچى، ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىملىرىدىن، ئەدىبلىرىدىن ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، كۆپەيتىش، رەتلەش، ساقلاش، ئۇلارنى ياد ئېتىش بويىچە كەڭ ھەرىكەت قوزغالدى.

بۇ دەۋردە لۇغەتچىلىكمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت مەيدانغا كەلگەن. بۇ لۇغەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خاقانى چيەنلۇڭ (1736—1796)نىڭ رىياسەتچىلىكىدە 1795 - يىلى تۈزۈلگەن «مانجۇچە - تىبەتچە - موڭغۇلچە - ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» بولۇپ، قىسقارتىلىپ «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» دېيىلىدۇ. بۇ لۇغەتكە 18 مىڭ 676 سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ سۆز - ئاتالغۇلار باشقا مىللەت تىللىرى قاتارىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى يازما ھالىتى ۋە ئىستېمال - تەلەپپۇز قىياپىتىنى ئۆگىنىشتىكى ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ دەۋردە يەنە يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، رېئالىستىك خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىگە ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھالدا ئەينى دەۋردىكى تۈرلۈك ئالۋان - ياساق، سەيسە قاتارلىقلار ۋە شۇ دەۋر سىياسىتىنىڭ يىرگىنچلىك قاپلىرىنى يېرىپ تاشلاپ، تارىخنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى ئېغىز ئارقىلىق سۈرەتلەپ بەردى.

بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ بۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى بىرى، خەلقنىڭ ئىجادچانلىق

خۇسۇسىيىتى بولسا، يەنە بىرى، شۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان ھاكىمىيەت ئىگىلىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەدەبىيات-سەنئەتچى خادىملارنى قوللاپ، ئۇلارنى ياخشى شارائىت ۋە ماددىي نەرسىلەر بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكىدىنمۇ بولدى.

خۇلاسىلىگەندە، بۇ دەۋردىكى خەلق مانجۇ ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ تۈرلۈك بېسىملىرىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ بېسىملار خەلقنى ئېزىۋېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ، قارشىلىق روھىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بىلەن بىرگە، قەلەم ئىگىلىرىنى قولىغا قەلەم ئېلىپ خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ھالىتىنى خاتىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، رېئاللىقنى بەدىئىي يوسۇندا خاتىرىلەشكە قىستىدى.

## §2. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي

### 1. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ھاياتى

18 — 19-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغان تالانتلىق ئەدىب، تارىخشۇناس، ئالىم ۋە ئەدەبىي تەرجىمان مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئەدەبىي تەزكىرە، تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا تونۇلغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئەدەبىي لەقىمى سادىقىي.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ھىجرىيە 1138-يىلى (مىلادىيە 1726-يىلى) كاشغەر كوناشەھەر ناھىيەسىدە مولللا شاھ ئەلەم ئاخۇنۇم ئىسىملىك بىر دىنىي مۆتىۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ئۆز ئاتىسىدىن ئالغاندىن كېيىن، كاشغەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان مەدرىسەئى ھامىدىيەناملىق تارىخىي ئۇزۇن داڭلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئۇ يەردە دىنىي بىلىملەردىن سىرت تارىخ، تىل-ئەدەبىيات، ھېساب، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەن. مەدرىسەنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن كاشغەر خانلىق مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇ كاشغەرنىڭ داڭلىق ئالىم ۋە مۇدەررىسلىرى يىغىلغان بىر قانچە قېتىملىق ئىلمىي مۇتالىئە سورۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىكلىكى ۋە پەزىلىتى ئارقىلىق سورۇن ئەھلىنى قايىل قىلىپ ياخشى نام-ئابرۇيغا ئېرىشكەن. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ كەڭ دائىرىلىك بىلىمى ۋە قابىلىيىتىدىن خەۋەر تاپقان كاشغەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمرانى مىرزا ئوسمانبەگ ئالىمنى ئوردىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە تونۇشقان ھەمدە ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى سىناش مەقسىتىدە ئۇلۇغلارنىڭ نەسەبى ۋە تارىخىي ئىش-ئىزلىرى بايان قىلىنغان بىرەر ئەسەر يېزىپ چىقىشنى ھاۋالە قىلغان. مىرزا ئوسمانبەگنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا بېكەممۇ ئالىمنى مۇشۇ تېمىدا ئەسەر يېزىشقا ئىلھاملاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېز تۇتۇش قىلىپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەرنى كۆرۈپ قايىل بولغان مىرزا ئوسمانبەگ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينى ئۆز ئوردىسىغا مىرزىلىق خىزمىتىگە تەكلىپ قىلغان. مۇشۇ مەزگىللەردە ئالىم «ئىسلام ئاساسلىرى»، «كەشفۇل قۇلۇب» (قەلبلەرنى ئېچىش) قاتارلىق بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يازغان.

ھىجرىيە 1210-يىلى (مىلادىيە 1795 — 1796-يىللىرى) مىرزا ئوسمانبەگ ۋاپات بولۇپ

ئورنىغا تۇرپانلىق يۇنۇس تاجى ھېكىمبەگ بىن ئىسكەندەر ۋاڭ كاشغەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئىسكەندەر ۋاڭ ئوقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغاچقا كاشغەردىكى يەرلىك ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلىگەن. جۈملىدىن مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ بىلىم ئىقتىدارى ۋە پەزىلىتىگە قاراپ ئۇنى داۋاملىق ئوردا خىزمىتىگە قويغان. مۇشۇ مەزگىللەردە ئىسكەندەر ۋاڭ ئەرەب، پارس تىللىرىغا كامىل بولغان موللا مۇھەممەد سادىققا ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇ جەففار مۇھەممەد بىننى جۇۋەيرى تەبەرى (839 — 923)نىڭ ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى ئاپتور ۋاپات بولغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى دۇنيانىڭ تارىخى، جۈملىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت مۇھىم ۋەقەلەر بايان قىلىنغان تۆت توملۇق «تارىخى تەبەرى»نى تەرجىمە قىلىپ چىقىشنى ھاۋالە قىلىدۇ. ئالىم بۇ ئەسەرنى ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ ھەمدە بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا ئەينى دەۋردىكى كاشغەر ھۆكۈمرانى ئىسكەندەر ۋاڭ ھامىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەرگە ئەنە شۇ ھۆكۈمراننىڭ نامىنى قېتىپ «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى (ئىسكەندەر خانلىقى ۋە شاھلار تاجنامىسى)» دەپ ئات قويىدۇ.

مۇھەممەد سادىق كاشغەريي يەنە ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ تەكلىپى بىلەن مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. مۇھەممەد ئەفىردۇن ۋاڭ كاشغەر ھۆكۈمرانى بولغان مەزگىللەردە مۇھەممەد سادىق شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ قازىسىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بۇ مەزگىللەردە شائىر كاشغەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن. ئىلىم ساھەسىدە كۆپلەپ شاگىرت يېتىشتۈرگەندىن سىرت يەنە ئەينى زامانىڭ تالانت ئىگىلىرى بولغان ئابدۇرېھىم نىزارىي، تۇردى ئاخۇن غەرىبىي، نورۇز ئاخۇن زىيائىي، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىي قاتارلىقلار بىلەن ئىلمىي ئىشلاردا ھەمكارلىشىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن زور كۈچ چىقىرىدۇ. جۈملىدىن ئىلىم-پەن ئەھلىلىرىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ قىممەت باھالىق مۈلكى بولغان «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق كىتابىنى ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەقبەرىسىگە زىيارەتكە چىققان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مۇتلەق ۋەخپە قىلغان.

مۇھەممەد سادىق كاشغەريي تارىخچى ۋە جامائەت ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن كاشغەر ھۆكۈمرانى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ ئىسلاھات ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىدۇ. ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن «يەر-جاي ناملىرىنى بېكىتىش ھەيئىتى»نىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. تېرىلغۇ زېمىنلارنى كېڭەيتىپ، نۇرغۇن يەر-سۇسىز دېھقانلارنى يەر-سۇغا ئىگە قىلىدۇ. ئۇزۇن مۇساپىلىق ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرىدۇ. ھىجرىيە 1254-يىلى (مىلادىيە 1838-يىلى) زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھاتنى شەھەرگە قارىتىپ، كاشغەر شەھىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن شەھەر سېپىلىنى قايتىدىن سوقتۇرماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا خەلقنىڭ جاپا-مۇشەققىتىنى كۆزدە تۇتقان مۇھەممەد سادىق بىلەن تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم باشقىچىرەك پىكىردە بولىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ تۇردى شەيخ ئاخۇنۇمنى زىندانغا سالىدۇ. شەھەر سېپىلىنى تۆرە يار باغ دېگەن جايدىكى مۇھەممەد سادىقنىڭ بېغىنى بۇزۇپ سالدۇرىدۇ. بۇ ئىشتىن رەنجىگەن ئالىم ئۆز خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ ئائىلىسىدە ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ھىجرىيە 1266-يىلى (مىلادىيە 1849-يىلى) كاشغەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

### 2. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ئىجادىيىتى

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەلىشىر نەۋايىدىن كېيىن ئۆتكەن بىر مول ھوسۇللۇق ئەدىبتۇر. ئالىم ئۆز ھاياتىدا «تەزكىرەئى ئەزىزان» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى)، «زۇبدەتۇلمەسائىل ۋە ئەقائىد» («مەسىلىلەر جەۋھىرى»)، بۇ 1840 - يىلى يېزىلغان ئىجتىمائىي دىداكتىك ئەسەر)، «تەزكىرەئى خاجەگان»، «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەئف» («ئەسھابۇلكەئف تەزكىرىسى» دەپ ئاتالغان دىنىي رىۋايەت خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، 1844 - يىلى يېزىلغان)، «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» (ئىسكەندەر خانلىقى تارىخى ۋە شاھلارنىڭ تاجنامىسى)، «ئادابۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى)، «قىيايەتۇل بەشەر» (بۇ تېبابەتچىلىك پىسخولوگىيەسىگە دائىر ئىلمىي رىسالە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالىقىنىدىكى سىزىقچىلارنى قان تومۇر ئارقىلىق يۈرەك ۋە مېڭىگە تۇتىشىدۇ دەپ قاراپ، ئۇلارنى مىجەز - خاراكتېر تىپىغا ئايرىشنىڭ ئاساسى قىلغان)، «رىسالەئى كەسىپدار» (ھۈنەر - كەسىپدارلار رىسالىسى)، «تەرجىمەئى تارىخى تەبەرى» (تارىخى تەبەرىنىڭ تەرجىمىسى)، «تەرجىمەئى تارىخى رەشىدىي»، «قۇرئان تەفسىرى»، «ئىسلام ئاساسلىرى»، «كەشفۇل قۇلۇب» قاتارلىق 16 پارچىگە يېقىن ئەسەر ۋە خېلى كۆپ شېئىرلارنى يازغان. «مەجالىسۇننەفائىس»نى خۇش خەت بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان.

دېمەك، مۇھەممەد سادىقنىڭ ئىجادىيىتى تارىخىي تەزكىرە، بەدىئىي ئەدەبىيات، تەرجىمە، ئەخلاق، دىن، شېئىرىيەت قاتارلىق كۆپ خىل تېما ۋە كۆپ خىل ژانىر شەكىللىرىگە تەۋە بولۇپ، ئۇ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پەن - مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

### 3. «تەزكىرەئى ئەزىزان» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى)

«تەزكىرەئى ئەزىزان» مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى ھەمدە شائىر ئىجادىيىتىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يىرىك داستاندۇر. ئاپتور بۇ ئەسەرنى «كاشغەر ھۆكۈمدارى ئادىل ۋە پەزىلەت ئىگىسى بولغان مىرزا ئوسمانبەگنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا بېكەنىڭ ئۆتۈنۈشى ۋە مىرزا ئوسمانبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن» ھىجرىيە 1203 - يىلى (مىلادىيە 1788 - يىلى) يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر بەزىدە «تەزكىرەئى جاھان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

«تەزكىرەئى ئەزىزان» مەخسۇس خوجىلار تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگۈچى تارىخىي بەدىئىي ئەسەردۇر. ئاپتور بۇ كىتابتا خوجىلارنىڭ ئەسلىي نەسەبى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش جەريانى، «قارا تاغلىق»، «ئاق تاغلىق»لار گۇرۇھىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردىن كېلىپ چىققان بىر قاتار ۋەقەلەرنى بايان قىلغان.

ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە، خوجىلار شىنجاڭغا مەخدۇم ئەزەم لەقەملىك سېيىت ئەھمەد كاسانىدىن تارتىپ كېلىشكە باشلىغان. ئۆزىنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 37 - نەۋرىسىمەن» دەپ ئاتىغان مەخدۇم ئەزەم باغدادتا تۇغۇلغان بولۇپ، بەش ياش ۋاقتىدىن تارتىپ ئاتىسىغا ئەگىشىپ ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراسان قاتارلىق جايلاردا كۆچۈپ يۈرۈپ چوڭ بولغان. كېيىن سەمەرقەنت ئەمىرى مۇھەممەد بارلاسنىڭ تەكلىپى بىلەن كاسانغا كېلىپ ماكانلاشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەخدۇم ئەزەم بىر نەچچە خوتۇن ئالغان بولۇپ، ئۇلاردىن 11 ئوغۇل، 8 قىز پەرزەنت كۆرگەن. بىراق ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى يېنىدا بولمىغانلىقتىن، كېيىنچە مۇھەممەد بارلاسنىڭ بىر تۇركمەن كېنىزىكىنى نىكاھىغا ئالغان. يىللار ئۆتۈپ بۇ ئايال بىر جۈپ ئوغۇل

تۇغىدۇ. بىراق بۇ بۇۋاقلار ئاتا قارنىدىن بىر سىقىمدىن قاننى قامالالاپ چۈشكەنلىكتىن كىشىلەر ھەيران بولىدۇ. پالچىلار قۇرئە ئېچىپ «بۇ ئىككى سەئىدزادە چوڭ بولغاندا ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنىدۇ ھەمدە بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قانچە مىڭ كىشىنىڭ قان تۆكۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن شاھلار دۇنياغا كېلىپ شۆھرەت قازانغۇسىدۇر» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. مانا بۇ سەئىدزادىلەر قارا تاغلىق سوپىلارنىڭ ئاقساقىلى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا (ئىمام كالان) بىلەن ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ ئاقساقىلى خوجا مۇھەممەد ئىمىن (ئىشان كالان) ئىدى. ئاپتور بۇ يەردە ئىككى سەئىدزادىنىڭ ئانىسىنىڭ تۈركمەن ئىكەنلىكىنى يېزىش ئارقىلىق، خوجا مۇھەممەد ئىمىندىن باشلانغان ئاپپاق خوجىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى «بىز پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەۋالغانلىقىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار سىقىمداپ چۈشكەن قان ئارقىلىق ئاكا-ئىنى ئىككىيلەننى مەركەز قىلغان ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان قانلىق جېدەللەردىن ئالدىن بېشارەت بەرگەن.

تارىخىي كىتابلارغا قارىغىنىمىزدا، ھىجرىيە 915-(مىلادىيە 1509 —1510) يىلى مەخدۇم ئەزەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد ئىمىن شەيخ بولىدۇ. بۇنىڭغا نارازى بولغان ئىنىسى ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئۆز ئاكىسىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ 1533-يىلى كاشغەرگە قېچىپ كېلىدۇ. ئالتە شەھەردە بىر مەزگىل ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۈچ-تۆت مىڭدەك مۇرت توپلىغاندىن كېيىن، ئابدۇرەشىدخاننىڭ يەتتىنچى ئوغلى، كاشغەر ھاكىمى سوپى سۇلتاننى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇنى ئۆز ئاكىسى ئابدۇلكەرىمخانغا قارشى 15 مىڭ لەشكەر بىلەن ئىسيان قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى ياركەند خانلىقىنى ئاجىزلىتىپ سەمەرقەنت خانلىقىغا قارام قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئۆز ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتىنى يۇيۇپ، سەمەرقەنت خانلىقى ئالدىدا ئىناۋىتىنى تىكلەشتىن ئىبارەت ئىدى. بىراق ئابدۇلكەرىمخان بۇنىڭغا قارشى قوشۇن تارتىپ قارا قۇرۇم ئەتراپىدا 14 كۈن جەڭ قىلىپ ئىنىسى سوپى سۇلتاننى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلىدۇ. ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئادەملىرى كېيىن يەنە داۋاملىق پىتنە-پاسات تارقىتىپ، شاھ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۈچ-ئاداۋەت ۋە ئۇرۇش-جېدەل پەيدا قىلىدۇ ھەمدە ئابدۇلكەرىمخاننى ئىسھاق ۋەلىنىڭ سوپىلىرى مارالبېشى ئەتراپىدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرەيش سۇلتاننى تەختكە چىقىرىپ، ئۇنىڭ ياردىمىدە 80 مىڭ كىشىنى ئۆزىگە مۇرت قىلىپ، ئۇلارغا قارا تەقىيە (دوپپا) كىيىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى ئىسھاق ۋەلىيۇللا: «قىيامەت بولغان كۈنى ئۆزى جەننەت ئىشىكىدە ئولتۇرۇپ ئۆز مۇرتلىرىنى بېشىدىكى دوپپىسىدىن تونۇۋېلىپ ئۇدۇل جەننەتكە باشلاپ كىرەر» ئىمىش. مانا بۇ «قارا تەقىيەلىك» قارا تاغلىق گۇرۇھىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدۇر.

خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ قۇرەيش سۇلتاننى مۇرت قىلىۋېلىشى بىلەن ياركەند خانلىقى تەۋەسىدە نۇرغۇن قانلىق ئۇرۇشلار كېلىپ چىقىدۇ. ئابدۇلكەرىمخاننىڭ ئوغلى ئابدۇللەتىپخان ئاتىسىنىڭ خۇنى ئۈچۈن 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاقسۇدىن ياركەندكە باستۇرۇپ كېلىپ قۇرەيش سۇلتاننى ئەسىر ئېلىپ، ئۇنى بالا-چاقىلىرى بىلەن ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلىدۇ. مىڭلىغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، قانچە مىڭلىغان كىشىنى زىندانغا سالىدۇ. ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ پىتنە-پاساتچى سوپىلىرىنى سۈر-توقاي قىلىدۇ. ئاخىرىدا سۇلتان مۇھەممەدخان خوجا ئىسھاق ۋەلىنى چېگرادىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەمما ئۇ سۈرگۈن قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆز مۇرتلىرىدىن ئۈچتۇر خەلىپىنى كاشغەرگە، قاسىم خەلىپىنى يېڭىسارغا، يۈسۈپ خەلىپىنى خوتەنگە، ئوغلى خوجا شادى دېگەننى ياركەندكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ،

ھىجرىيە 995-يىلى (مىلادىيە 1586—1587-يىللىرى) سەمەرقەنتكە قايتىپ ئىككى يىلدىن كېيىن سەمەرقەنتتە ئۆلىدۇ. مانا بۇلار «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا بايان قىلىنغان قارا تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ۋە ئۇنىڭ تەشكىللىگۈچىسى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ پائالىيىتىگە دائىر ۋەقەلەرنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ئەسەردىكى بۇ خىل ۋەقە-تەپسىلاتلاردىن بىز خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق رەزىل ئۇسۇللارنى قوللانغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز.

ئەدىب ئۆزىنىڭ بۇ كىتابىدا يەنە «ئاق تاغلىق»لارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلاتچىسى بولغان خوجا مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللا ھەققىدىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتكەن.

ئەسەردە تەسۋىرلىنىشىچە، «كارامەت ئىگىسى»، «تۇغما ئەۋلىيا» دەپ ئاتالغان خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ھىجرىيە 1030-يىلى (مىلادىيە 1620-يىلى) سەمەرقەنتنىڭ دەھبىت دېگەن يېرىدىن قۇمۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ ھەمدە بۇ يەرگە بۇرۇن كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان كاشغەر بەشكېرەم قارا ساقاللىق مىرسەيىد جېلىل كاشغەرىي بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، كېيىن ئۇنىڭ قىزى زىلەيخا بېكەگە ئۆيلىنىدۇ. ھىجرىيە 1035-يىلى (مىلادىيە 1626-يىلى) زىلەيخا بېكەدىن خوجا ھىدايىتۇللا دۇنياغا كېلىدۇ. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ھىجرىيە 1047-يىلى (مىلادىيە 1638-يىلى) 12 ياشلىق ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجىنى ئەگەشتۈرۈپ كاشغەرگە كېلىدۇ. بۇ مەزگىللەردە ياركەند خانلىقى تەۋەسىدە مەھمۇدخاننى مەركەز قىلغان كاشغەر گۇرۇھى بىلەن ئەھمەدخاننى مەركەز قىلغان ياركەند گۇرۇھى مەۋجۇت ئىدى. ياركەند گۇرۇھىنىڭ پىر-ئۇستازى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ ئوغلى خوجا شادى ئىدى. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ كاشغەرگە كېلىشى پىر-ئۇستازغا موھتاج بولۇپ تۇرغان مەھمۇدخان ئۈچۈن تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولىدۇ. مەھمۇدخان خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ ياركەندنى قولغا ئالىدۇ. ئەھمەدخان ئاقسۇغا قېچىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن مەھمۇدخاننىڭ ئوغلى، قارا شەھەر ۋالىيسى ئابدۇللاخان خوجا شادىنى ئۇستاز تۇتۇپ، قۇمۇل، تۇرپان، قارا شەھەر، ئاقسۇدىن لەشكەر توپلاپ ئاتىسى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئاخىر ياركەندكە كېلىپ ھاكىمىيەت ئىگىلەيدۇ. مەھمۇدخان پەرغانىگە قاچىدۇ.

ئابدۇللاخان ياركەندتە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ ئادەملىرىنى تەقىپ قىلىدۇ. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ئۆز تەسىر دائىرىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەخپىي خەت ئارقىلىق سەمەرقەنتتىن زور قوشۇن ئەكەلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوشۇن ئابدۇللاخان تەرىپىدىن تارمار قىلىنىدۇ. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ياركەندتە تۇرالماي كاشغەرنىڭ شەرقىدىكى ياغدۇ (ھازىرقى ھەزرەت) دېگەن يېزىدا ۋاقىتلىق پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئابدۇللاخان ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەختىدە ئولتۇرۇپ 27 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كاشغەر ھاكىمى ھەم ئۆز ئوغلى يولۋاسخان بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالىدۇ. ئۆزىنى ۋەلىئەھد (ئىز باسار)لىكتىن قالدۇرۇپ ئورنىغا باشقىلارنى بەلگىلىگەنلىكىدىن نارازى بولغان يولۋاسخان «تۇغما ئەۋلىيا» ئاتالغان خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ مازار پادىشاھقا مۇرت بولىدۇ. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ يولۋاسخاننىڭ ھىمايىسىدە قايتا جانلىنىپ ئاقسۇغا بېرىپ، ئاقسۇ ئەمىرى، ئابدۇللاخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى نۇردۇننى ئۆزىگە مۇرت قىلىدۇ ھەمدە ئۆز مۇرت-مۇخلىسلىرىدىن 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ يولۋاسخان بىلەن نۇردۇن مىرزىنى ئۆز ئاتىسى

ئابدۇللاخانغا قارشى ئاتلاندۇردى. ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ئابدۇللاخان ئورنىغا ئابدۇلمۆمىننى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزى ھىندىستانغا چىقىپ كېتىدۇ ھەم مىلادىيە 1670-يىلى كەشمىردە ۋاپات بولىدۇ. يولۋاسخان ئۆز ئىنىسى ئابدۇلمۆمىندىن خانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالغان[1] بولسىمۇ، لېكىن ئىككى يىلدىن كېيىن ئابدۇللاخاننىڭ قارا شەھەردىكى ئىنىسى ئىسمائىلخانغا ھاكىمىيەتنى تارتقۇزۇپ قويىدۇ. يولۋاسخاننىڭ ھامىيسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپمۇ ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ مۇرتلىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا ئاتىسىنىڭ نەسىھەتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ جەسىتىنى يېڭىسار توپلۇقتىن كاشغەرنىڭ ياغدۇ يېزىسىغا ئەكىلىپ دەپنە قىلىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا كېيىن ئىسمائىلخان قېشىغا بېرىپ، ئۇنى راسا ماختاپ دۇئا-تەكبىر قىلغاندىن كېيىن، ئۆز مۇرىتلىرىدىن باج-سېلىق ئالماسلىق تەلىپىنى قويىدۇ. بۇ ئىشنى ئاددىي ئويلىغان ئىسمائىلخان بۇنىڭغا ماقۇل بولىدۇ. لېكىن باج-سېلىقتىن ئازاد بولۇشنى ئويلىغان 70 مىڭ دېھقان شۇ قېتىمدىلا ئاپپاق خوجىغا مۇرىت بولىدۇ. خەلق ئىچىدە زور ئابرۇيغا ئېرىشكەن ئاپپاق خوجا مۇرىتلىرىغا بىرىنچىدىن، «گۇناھتىن پاك بولۇشنىڭ بەلگىسى»، ئىككىنچىدىن، «قىيامەت كۈنى جەننەت ئىشىكىدە تۇرۇپ ئۆز مۇخلىسلىرىنى دوپپىسىدىن تونۇۋېلىپ جەننەتكە باشلاپ كىرىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن» ھەممەيلەنگە ئاق تەقىيە كىيىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئۇلار ئۆزلىرىنى «دۇنيادىن كۆڭۈل ئۈزۈپ ئاخىرەتنى ياد ئېتىدىغان، كېچە-كۈندۈز ئاللانىڭ ئىشقىدا بولغانلار» دەپ قارىغانلىقتىن، ئۆز سۇلۇكىگە «ئىشقىيە» مەزھىپى دەپ ئىسىم قويىدۇ. مانا بۇلار «ئاق تەقىيىلىكلەر» گورۇھىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى. شۇنداقلا بۇ گورۇھ تارىخ سەھنىسىگە چىققىچە بولغان ئۇزاق ۋاقىت جەريانىدا بولۇپ ئۆتكەن زور ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ئومۇمىي جەريانىدۇر. ئاپتور ئۆز كىتابىدا «ئاق تاغلىقلار» بىلەن «قارا تاغلىقلار» گورۇھىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ۋە ئۇ جەرياندىكى مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى باشقا تارىخچىلاردىن پەرقلىق ھالدا بۇ ئىككى گورۇھنىڭ دىنىي مەزھەپ جەھەتتىكى پەرقىنى ئايرىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، قارا تاغلىقلارنىڭ ئاق تاغلىقلارغا نىسبەتەن ئىلغارلىقىنى ئىككەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. مانا بۇ كىتابنىڭ بىز ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك تەرىپىدۇر.

ئاپتورنىڭ كۆرسىتىشىچە، قارا تاغلىقلار «زىكرى جەھرىنى كەم قىلىپ، خەلققە كىتاب ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنى تەتبىق قىلىشنى، دىن ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى چۈشەندۈرۈش»نى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يولى قىلغان. ئۇلار مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن مەسچىت، مەدرىسە، جامەلەرنى بىنا قىلدۇرغان. ئىسلام ئەھكاملىرىغا ھۆرمەت ۋە ئەمەل قىلغان. ئالىملارنى ئىتتىپاقلاشتۇرغانلىقتىن ئۇلار ئارىسىدا پىتنە-پاسات يۈز بەرمىگەن. ئىسھاقىيە خوجىلىرى ئۆز مەزھىپىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەرەب، پارس تىلىدىكى نۇرغۇن كىتابلارنى تەرجىمە قىلدۇرغان. مەدرىسەلەردە ئوقۇۋاتقان كەمبەغەل تالىپلارغا خەزىنىدىن يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، پۇل-مال ياردەم بەرگەن. بازارلارغا مۆھتەسىپ (نازارەتچى) قويۇپ، تارازىلارنى تەكشۈرۈپ تۇرغان. ئوغرى، لۈكچەك، قىمارۋازلارغا ئىبرەتلىك جازا بەرگەن. موللا مۆمىن ياركەندىينىڭ «تارىخى ئىسھاقىيە» ناملىق كىتابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، دانىيال خوجا ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە، ياركەندنىڭ مەسخىر دەرۋازىسىنىڭ تېشىدا شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلغان جىنايەتكار، پاسىقلارغا ئەدەپ بېرىش ئۈچۈن 17 تۈرلۈك جازا قوراللىرى ئورنىتىلغان.

---

[1] بۇ ۋەقە ھىجرىيە 1078-يىلى(مىلادىيە 1668-يىلى) يۈز بەرگەن دېيىلىدۇ.

ئاق تاغلىقلار بولسا، «بىكار تۇرماي رەقس، ساما قىلىدۇ. ئۆزىنى پاناپىللا قىلىش (تەقۋى - ئاللا تەرىپىگە ئۆتكۈزۈش)، ئۆز ھالىدىن ئۆزگىرىش ئۈچۈن نەشە چېكىپ مەستۇ مۇستەغرەق بولۇش»، شۇنداقلا «تەلقىنلىق ئوقۇپ دۇنيادىن كۆڭۈل سوۋۇتۇش، ئاخىرەتنى ياد ئېتىش لازىم» دەيدۇ. شۇڭا ئاق تاغلىقلار سۇلۇكىدە «شەرىئەتنىڭ، ئايەت، ھەدىسلەردىن سۆزلەنمەيدۇ. بەلكى 〈كۇللىيات مەسنەۋىيى خەراباتى〉، 〈دەيران ئەششاقى〉، ئەمىر نەۋايىنىڭ 〈مەجالىسۇن ئەششاقى〉 قاتارلىق كىتابلىرىنى ئوقۇتۇپ يىغا-زار قىلىنىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن دۇنياغا ھەر قانچە ھېرىس ئادەم ئاپپاق خوجامنىڭ سۆھبىتىدە بىر-ئىككى كۈن تۇرسا تەركىدۇنيا بولۇپ، ھەممە تەئەللۇقاتىنى خۇدا يولىدا بېرىۋېتىپ، خاكسار بولۇپ كېتەر ئىدى»؛ «ئۇنىڭ سوپىلىرى ناماز ئوقۇماس، روزا تۇتماس ئىدى. نەشە چېكىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئۆلىمالار بىلەن چىقىشالماس ئىدى... بۇ سوپى سۇلۇك ئەھلى ناماز ئوقۇمىغانىنىڭ سىرتىدا مەسچىت، مەدرىسەلەرنى خانىقاغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. رەقس، ساما قىلىپ مەسچىتنىڭ جاينامار، بورىلىرىنى يىرتىپ ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ھەزرىتى قۇتبۇل ئەقتاب ئاپپاق خوجامغا ئەرز قىلىسا سوراشنىڭ ئورنىغا ئەرز قىلغانلارغا مۇنداق دەر ئىدى: 〈سىزلەر پاسىق، كۆندە بەش مەرتىۋە ناماز ئوقۇيسىلەر، ئۇنىڭ بايانى مەسچىت بىكار تۇرۇپ ئاللاتائالاغا ئەرز قىلىۇر، بىزنىڭ يارەنلىرىمىز زىكرى، رەقس قىلىسا بۇ جايغا ئاللاتائالانىڭ مالائىكىلىرى چۈشىدۇ. قۇتبۇل ئەقتاپ، رەيجالۇل غەرىبلەر ھازىر بولۇر، مەسچىتنىڭ ئورنى ياكى تەھدەس ساراغىغە ئاللادىن رازى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟〉»

ئاپتور تەرىپىدىن بېرىلگەن بۇ خىل مەزھەپ پەرق سېلىشتۇرمىسىدىن بىز قارا تاغلىقلار گەرچە شىنجاڭدا مەزھەپ پەيدا قىلىپ، نۇرغۇن جەڭگى - جېدەللەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، شۇنداقلا بىھۇدە قانلارنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولغان پاسسىپ تەرەپلىرى بولسىمۇ، بىراق مەلۇم جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئۆز سۇلۇكىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، قانۇن - ئىنتىزامنى مۇستەھكەملەپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداشتا بەلگىلىك رول ئوينىغانلىقىنى، ئاق تاغلىقلارنىڭ بولسا ئۆز پائالىيىتىدە باشتىن - ئاخىر شەرىئەت ھۆكۈمگە خىلاپ ئىش تۇتۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلىقى، چۈشكۈنلۈك، بۇزغۇنچىلىقنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلاندۇرغانلىقى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، شەرىئەت ۋە ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

«تەزكىرەئى ئەزىزان»نىڭ بىز ئۈچۈن يەنە بىر ئەھمىيەتلىك تەرىپى شۇكى، ئاپتور بۇ كىتابىدا ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ پەرقىنى يالغۇز دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىنلا سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە سىياسىي جەھەتتىن ئايرىپ كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدە ئۆزۈندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «مەيلى ئاق تاغلىقلار بولسۇن، مەيلى قارا تاغلىقلار بولسۇن، ھەممىسى شىنجاڭ خەلقىنىڭ دۈشمىنى» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى رەت قىلغان. ئاپتور بۇ ئىسپاتلاشتا ئاق تاغلىقلار گۇرۇھى سىياسىي سەھنىگە چىققاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە گۇرۇھۋازلىق، مەزھەپ پەيدا قىلغانلىقى، ئۇيرات فېئوداللىرىنىڭ ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ ياركەند خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، قارا تاغلىقلارنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇپ، نۇرغۇن قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ بارغانلىقى، قارا تاغلىقلارنىڭ بولسا مەلۇم جەھەتتىن تەرەققىيپەرۋەر مەيداندا تۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، «تەزكىرەئى ئەزىزان» 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەخدۇم ئەزەمدىن باشلانغان خوجىلارنىڭ تارىخى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ جوڭغار خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ يۇرگۇزگەن ھۆكۈمرانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملاشقان ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرى دەۋرى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭگى ـ جېدەللەرنى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا مۇكەممەل ۋە روشەن ھالدا يورۇتۇپ بەرگەن نادىر ئەسەردۇر. ئۇنى تارىخ نۇقتىسىدىن ئالغاندا، خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى، شۇنداقلا ياركەند خانلىقىنىڭ سۇلتان ئابدۇكېرىمخاندىن باشلاپ تاكى يىمىرىلگىچە ئارىلىقتىكى بىر ئەسىردىن كۆپرەك داۋام قىلغان مەلۇم بىر دەۋرنىڭ تارىخى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

كىتاب خۇددى ئاپتور باشتا: «مۇجمەل سۆزلەرنى قالدۇرۇپ، ئاساسلىق رىۋايەتلەرنى بېكىتىشكە ئەھمىيەت بەردىم، ئۆز ئەينى بولۇشقا دىققەت قىلدىم» دەپ ئىبزاھلىغاندەك، تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلغانلىقى، شۇنداقلا چىنلىققا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى تەرىپىدىن تارىخىي ئەسەر ھېسابلانسىمۇ، ئەمما كىتابقا سىڭدۇرۇلگەن ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى، كۆزقارىشى ۋە يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى جەھەتتىكى مەلۇم ئالاھىدىلىك تەرىپىدىن قارىغاندا، بىر بەدىئىي ئەسەر، شۇنداقلا پىروزىنىڭ ياخشى نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىدىن ئىسپاتلاش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، ئاپتور ئۆز كىتابىدا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىنچىكە تەسۋىر ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، مەلۇم شەخسلەرنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازىنى ياراتقان. مەسىلەن، «ئاپپاق خوجا غەزەپلىك. ئاچچىقى يامان كىشى ئىدى، ئەگەر بىر كىشىگە ئاچچىقلاپ قويسا، بۇ كارامەتلىك سوپىلار بىر ئاخشامدا بېرىپ ئۇ كىشىنى دۇنيادىن ئۆزىتىپ قويۇپ كېلەتتى. سەر دەپتەرى ئەۋلىيا ـ ئاپپاق خوجام ئۆمرىدە كىشىدىن ئىلىم ئۆگەنمىگەن ۋە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەنىدى. تولا ۋاقىتلاردا توپلانغان كىشىلەرگە، خەلىپە، سوپىلىرىغا ‹مەسنەۋىيى خەراباتىي›، ‹ماھارىفۇل ئەششاقى›، ‹مەجالسۇن ئەششاقى›، ‹كەشفۇل مەھجۇپ› ناملىق ئەششاقى كىتابلاردىن ئوقۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىشقىيە سۇلۇكىنى تەرغىب قىلىپ، يىغا ـ زار بىلەن ئاياغلاشتۇراتتى. . . ›‹. . . ھەزرىتى ئاپپاق خوجام پەقەت خەلق ئارىسىدا تاماق يېمەيتتى›، ‹ئەرۋاھلار، ماشايىخلار سۇپىسىدىن تاماق يەيمەن› دەيتتى. تولا چاغلاردا ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا بولاتتى. ھۇجرا ئىشىكىدە ئۆزىنىڭ مەخسۇس كىشىلىرى تۇراتتى.»

مانا بۇ تەسۋىردىن بىز ئاپپاق خوجا خاراكتېرىنىڭ مەلۇم ئالاھىدە تەرىپىنى، يەنى ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزىنى ئالاھىدە ۋە سىرلىق تۇتىدىغان تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىكنىڭ كۈچلۈكلىكىنى، مەزھەپچىلىك، جاھالەتچىلىك ۋە قاتتىق قوللۇققا بېرىلگەن بىر شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مۇنداق تەسۋىر تارىخىي شەخس ئابدۇللاخان ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللاغا بېرىلگەن خاراكتېردىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئاپتور بايان ئۇسلۇبىدا خەلق داستانلىرىنىڭ نەسىر ـ نەزمىنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ قوللىنىشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ جەريانىنى نەسر شەكلى بىلەن، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى، مۇلاھىزە، قاراشلىرىنى نەزم شەكلى بىلەن ئىپادىلەپ، ئوبرازلار خاراكتېرىنى روشەن ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە قىلغان.

ئۈچىنچىدىن، كىتابنىڭ تىلى جانلىق ۋە پىششىقلانغان ئەدەبىي تىل بولۇپ، مەلۇم جەھەتلەردە كۈچلۈك ھەجۋىيلىككە ئىگە. ئاپتور كىنايە (ياپتا گەپ) ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ بەزى

شەخسلەرنى كۆچلۈك مەسخىرە قىلغان. مەسىلەن، «تۇغما ئەۋلىيا»، «كارامەت ئىگىسى»، «هەزرىتى قۇتبى جاهان»، «قۇتبۇل ئەقتاپ»، «ئەۋلىيالارنىڭ ئەۋلىياسى»، «زاماننىڭ قۇتبىسى»، «سەر دەپتىرى ئەۋلىيا»، «ئەۋلىيالارنىڭ شاهى»، «تەڭرىنىڭ ئاشىقى»، «هەزرىتى ماشايىخلارنىڭ سۇلتانى»، «هەممە ئالەمنىڭ قۇتبىسى»، «ئىنسان ۋە جىنىسلارنىڭ ماشايىخى»... ۋە باشقىلار.

مانا بۇلار خوجا مۇهەممەد يۇسۇپ ۋە ئاپپاق خوجىنى تەرىپلەشكە ئىشلەتكەن سۈپەت سۆزلىرى بولۇپ، بۇ بايانلار كۆرۈنۈشتە ئاپتورنىڭ خوجا مۇهەممەد يۇسۇپ ۋە ئاپپاق خوجىغا بولغان نورمال قارىشىنى ئىپادىلىگەندەك قىلىسىمۇ، ئەمما ماهىيەتتىن قارىغاندا مەسخىرىلىك ئالامەتنىڭ چىقىپ تۇرغانلىقى ئېنىقتۇر.

دېمەك، «تەزكىرەئى ئەزىزان» مەلۇم تەرەپتىن دىنىي تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ تەسىرىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى هېسابقا ئالمىغاندا، شىنجاڭنىڭ 14 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەهۋالىنى ئادىل مەيداندا تۇرۇپ، چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن، شۇنداقلا بەدىئىي جەهەتتە ئوبرازلار خاراكتېرىنى هەر خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يارقىن يارىتىپ، كىشىلەردە ئېستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلغان نادىر ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بۇ رېئالىستىك ئەسەرنى تارىخىي ئىلىم قىممىتى ۋە بەدىئىي ئالاهىدىلىكىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن هەرقايسى جەهەتلەردىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ[①].

### 4. «تەزكىرەئى خاجەگان» (خوجىلارنىڭ مەنبە تەزكىرىسى)

بۇ ئەدىب مۇهەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»دىن كېيىن يېزىلغان يەنە بىر چوڭراق هەجىمدىكى ئەدەبىي تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسىرىدۇر. ئاپتور بۇ ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن خوجىلارنىڭ تارىخىي يىلتىزى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا بايان قىلىنمىغان خوجىلارغا ئائىت تارىخىي ۋەقەلەرنى تولۇقلاپ ئىنچىكە بايان قىلىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»دىن پەرقلىنىدىغان روشەن ئالاهىدىلىكى شۇكى، ئاپتور «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق»لارنىڭ شەكىللىنىشى، ئاپپاق خوجىنىڭ قىلمىشلىرى، دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ياقۇپلارنىڭ پائالىيىتىگە كەڭ ئورۇن بېرىپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ مەرتىپەتىسىزلىكىنى ئاستىرتتىن مەسخىرە قىلىپ، قارا تاغلىقلارنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدىكى مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك روهىنى نىسپىي هالدا مۇئەييەنلەشتۇرگەن بولسا، «تەزكىرەئى خاجەگان»دا خوجا ئىسهاق ۋەلى، ئاپپاق خوجا قاتارلىق چوڭ خوجا ـ ئىشانلارنىڭ پائالىيىتىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ماهىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلايدۇ.

«تەزكىرەئى ئەزىزان»دىكى ۋەقەلىك ئاق تاغلىقلارنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى بولغان خوجا بۇرهانىددىننىڭ قارا تاغلىقلارنىڭ ۋەكىلى، ئالتە شەهەر خانى خوجا ياقۇپ ئائىلىسىگە پاجىئەلىك

[①] بۇ مەزمۇنلار ئابدۇرېهىم سابىدنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (1984 ـ يىلى بېسىلغان) ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى كىتاب بىرىنچى قىسمىدىكى «مۇهەممەد سادىق كاشغەرىي» دېگەن ماقالىسىدىن پايدىلىنىپ يېزىلدى.

قىرغىنچىلىق سېلىپ، قارا تاغلىقلارنىڭ 23 يىللىق سەلتەنەتىگە ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە بەرگەنلىكى بىلەن ئاخىرلاشسا، «تەزكىرەئى خاجەگان»دىكى ۋەقەلىك چىك سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى چوڭ-كىچىك خوجىلارنى تىنچىتىپ، شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋاقىتلىق تۈزۈمنى يولغا قويغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. شۇڭا «تەزكىرەئى خاجەگان»نى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «تەزكىرەئى ئەزىزان»نىڭ كېڭەيتىلگەن ۋە تېخىمۇ تولۇقلانغان نۇسخىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ داۋامى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەر تارىخىي قاراتمىلىقى روشەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

## 5. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى

رېئالىست شائىر مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئۆز ھاياتىدا ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگۈچى كۆپلىگەن نادىر لىرىكىلارنى يازغانىدى.

سادىقىي لىرىك شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى غەزەللەر، مەسنەۋىلەر، مۇخەممەسلەر، رۇبائىيلار، ساقىينامىلەر ۋە مۇسەممەنلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شائىر شېئىرلىرىدا 18-ئەسىر رېئاللىقىدا يۈز بەرگەن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ۋەقەلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك غايىلىرى ئىپادىلەنگەن.

يالقۇنلۇق لىرىك شائىر مۇھەممەد سادىق ئۆز شېئىرلىرىدا يۇرتنى سۆيۈش، ئەل-يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى كۈيلەپ، يۇرتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن باش قاتۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان خېلى كۆپ لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆز تەقدىرىنى يۇرت، خەلق تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىدى. ئەل-يۇرت ۋە خەلق بېشىغا كەلگەن فېئوداللىق زۇلۇم ۋە قايغۇ-ئەلەملەرنىڭ ھەددى-ھېسابسىز ئېغىر ئىكەنلىكى، جاھاننى زۇلۇم-پاجىئە ۋە جاھالەت قاپلىغان دەۋردە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئىناقسىزلىق ۋە قىرغىنچىلىقلارنىڭ، بىھۇدە قان تۆكۈشلەرنىڭ ئەينى دەۋر جەمئىيىتىنى ناھايىتى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە ئۇقتۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىك روھىنى، جاھان زۇلمىدىن بىزارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىرنىڭ غەزەللىرىدە فېئوداللىق جاھالەت، قاششاقلىق، سوپى-ئىشانلارنىڭ ساختا دىنىي تەرغىباتلىرى، نادانلىق، نامراتلىق ئىچىدە ئىقتىسادىي ئېگىلىكتىن ئايرىلغان ئاجىز-بىچارە خەلققە بولغان ھېسداشلىق، ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ھالىغا ئېچىنىشتەك ئازابلىق ھېس-تۇيغۇلار ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل تۇيغۇلار پەلەك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، مەيگە خىتاب قىلىش شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

شائىر سادىقىي ئۆز ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەتنىڭ ساقىينامە ژانىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانىدى. ساقىينامىلەردە ساقىيغا خىتاب قىلىش يولى بىلەن 18 — 19-ئەسىر شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا ساقلانغان ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنى ئېچىپ كۆرسەتتى. مەسىلەن، شائىر «كېلتۈر ماڭا ساقىي بىر نەشئى مەي» دېگەن شېئىرىدا بۇرھانىددىن خوجىنىڭ يولسىز قىلمىشلىرىنى، خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى پاش قىلىش بىلەن، ئەينى دەۋردە جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر مۇسىبەتلەرنى تەسۋىرلەپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان-ياشلىق تەقدىرىگە ئېچىنىدۇ.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۆز تەقدىرى دەپ بىلىپ، فېئوداللىق زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى مەردانە كۈرەش قىلغان باھادىرلارنىڭ قەھرىمانلىقىنى ئىپتىخارلىق ئىچىدە مەدھىيەلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەمئىيەتتىكى مەنپەئەتپەرەس، ۋىجدانسىز

كىشىلەرنىڭ نومۇسسىز، قورقۇنچاقلىقىنى قامچىلىغان. ئومۇمەن ئۆز شېئىرلىرىدا زامانىنىڭ ئەڭ ئويغاق كۆيچىسى سۈپىتىدە تۇرۇپ، رېئاللىقتا يۈزلىنىپ رەزىللىك، پەسكەشلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلسا، گۈزەل ۋە پاك ئىنسانىي خىسلەتلەرنى كۈيلىدى. ئۇ ئادىللىق، توغرىلىق ۋە پاكلىقنى ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان ئەخلاقىي ئۆلچەم دەپ قارىدى. زۇلۇم ۋە كۈلپەتتىن بىزار بولغان شائىر دائىم كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش كېرەك دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ بىر رۇبائىيسىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

*ئەيكى ئەيلە سەن بىرەۋگە بىرگە يۈز ئامادە بول،*

*تائىلىلىك ئازاردىن ئىنى غۇسسەدىن ئازادە بول.*

*ھەر كىشى ئازار ئېتەر ئاخىر ئاڭا ئازارى كۆپ،*

*ياخشىلىقنى پىشە قىل ئالەم ئارا شاھزادە بول.*

سادىقىي شېئىرلىرى بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئۆزىگە خاس بىر قاتار ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەنقىدىي رېئالىزملىق روھ ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، شائىر لىرىكىلىرىدا ئۇيغۇر خەلق فولكلورىنىڭ تەسىرى ۋە قويۇق مىللىي پۇرىقى ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسىرىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «بۆكىنى ئال دېسە، كېسەر باش»، «غەفلەت بىرلە يامىغايسەن كاردىن قالۇرسەن»، «كېيىنكى پۇشايمان سۇد (پايدا) بەرمەس»، «ئۆزۈڭنى شىر بىلسەڭ، ئۆزگىنى شىر غوران بىل»، «باتۇر جەڭگە توغۇلىدۇ» قاتارلىق ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ھېكمەت خاراكتېرلىك پىكىرلەر شائىرنىڭ شېئىرلىرىغا چوڭقۇر سىڭگەن. ئۈچىنچىدىن، شائىرنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى جانلىق ۋە ئاممىباب بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرى جانلىق، ئاممىباب خەلق تىلىدا يېزىلغاچقا، ئۇ ئەسەرلەر ئوقۇشقا ئەپلىك، چۈشىنىشلىك، قولايلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن:

*ئەجەب قاتتىق زامان بولدى دۇنيا ئايلىناي دەيدۇ،*

*جاھاندىكى ياخشىلار قانغا ئايلىناي دەيدۇ.*

# §3. ئەھمەدشاھ قاراقاشىي

**1. ئەھمەدشاھ قاراقاشىينىڭ ھايات پائالىيىتى**

قاراقاشىي 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن ساتىرىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى داڭلىق شائىرلارنىڭ بىرى. خەلق ئارىسىدا كاتتا شۆھرەتكە ئېرىشكەن «ئەت ھەققىدە قىسسە» (تۆۋەندە «ئاتنامە» دېيىلىدۇ) دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى.

قاراقاشىي تەخمىنەن 1740 ـ يىلى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ قاپاقلا يېزىسى ھويلا ئالدى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر مۆتىۋەر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن[1]. ئۇنىڭ دادىسى مۇبارەك شاھ ئۇلۇغ قاپاقلا يېزىسىدىكى مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسى بولۇپ، كېرىيە، چىرا، قاغىلىق،

[1] شائىر ئەھمەدشاھ قاراقاشىينىڭ ھاياتى ھەققىدە ئېنىق يازما مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان بولۇپ، مەتبۇئاتلاردا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. بۇ قاراشلار ئىچىدە ئۇنىڭ نەسەب ۋارىسى تەمىنلىگەن ماتېرىياللىنىڭ پاكىتى كۈچلۈك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

گۇما قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بۇ يەردە نەۋايى، مەشرەپ، سوپى ئاللايار، خوجا ھاپىز، ھۇۋەيدا قاتارلىق كىلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆگىنەتتى. ئەھمەدشاھ ئەنە شۇ مەدرىسەدە دادىسىنىڭ بىۋاسىتە تەربىيەسىدە بولغاچقا، بۇ خىل شېئىرىي مۇھىت ئەھمەدشاھ قاراقاشىينىڭ گۈزەل قەلبىدە شېئىرىي ھېسسىيات، ئەدەبىي ھەۋەسنىڭ ئويغىنىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۇ ناھايىتى خۇش چاقچاق، زېرەك بولۇپ، كىچىكىدىنلا چاقچاقچى بولۇپ يېتىشكەنلىكى كېيىنكى شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ساتىرىك خۇسۇسىيەتنىڭ گەۋدىلىك بولۇشىغا ئاساس سالغانىدى. ئۇ 17 ياشلارغا كىرگەندىن باشلاپ كاشغەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلانغان «خانلىق مەدرىسە»دە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىغان. ئۇ چاغلاردا بۇ مەدرىسەدە تىل، تارىخ، ئەدەبىيات، مەنتىق ئىلمى، ئاسترونومىيە، قانۇنشۇناسلىق، جۇغراپىيە، ھېساب ئىلمى ھەمدە تېبابەتچىلىككە ئوخشاش بىر قاتار دەرسلەر ئۆگىنىلەتتى. ئەھمەدشاھ بىر نەچچە يىل داۋاملاشقان ئوقۇش ھاياتىدا بۇ ئىلىملەردىن مۇكەممەل ساۋاتقا ئىگە بولغان.

مەدرىسەدىكى ئىجادىي پائالىيەتلەر شائىرنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ۋايىغا يېتىشىدە بەلگىلىك رول ئوينىغان. ئەھمەدشاھ قاراقاشىي 1764-يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قاراقاشنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇتىۋەللىسى ئىنايىتۇللا مۇپتى (1701— 1783) تەرىپىدىن قاراقاشتىكى داڭلىق گۈزەر مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسلىكى ھەم گۈزەر مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلەنگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوقۇتۇش، شەرىئەت ئىشلىرى ۋە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاچ، كىتاب ئوقۇش ۋە باش چۆكۈرۈپ يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ساقىسىز بولۇپ قېلىپ 1828-يىلى 88 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

قاراقاشىي كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىشق-مۇھەببەت تېمىسى ۋە قەسىدىچىلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆز زامانىسىنىڭ يىرگىنچلىك تەرەپلىرىگە تىغ ئۇرۇپ، ساتىرا ژانىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلىپ تاللىۋالغان.

قاراقاشىي ئۆز ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازغان ۋە دىۋان تۈزگەن[1]. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئاتنامە» (ياكى «ئات ھەققىدە قىسسە»، «سالامنامە»، «نەزەر مۇپتىغا خەت» دەيمۇ ئاتىلىدۇ) ئەھمەدشاھ قاراقاشىينىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. «ئاتنامە» توغرىسىدا

ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى: قاراقاشىي بىلەن نەزەر مۇپتى كاشغەردە خانلىق مەدرىسەدە ساۋاقداش ھەم ھۇجرىداش بولۇپ ئۆتكەن يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن ئەھمەدشاھ مۇدەررىسلىك ئۇنۋانى بىلەن قاراقاشقا، نەزەر بولسا مۇپتىلىق[2] ئۇنۋانى بىلەن ئاقسۇغا يول ئالغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن يىللارغىچە ئۆزئارا خەت ھەم سوۋغا-سالام ئەۋەتىشىپ تۇرغان ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاقسۇدا قاراباغ ئارال ئاتلىرىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان

---

[1] بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شائىرنىڭ «ئاتنامە»، «پۇل»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «دوڭغاق»، «قىچىشقاق»، «ياپىلاق»، «ھەزرەت» قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق غەزەل، مۇخەممەستىن تەركىب تاپقان بىر قول يازما دىۋانى يادىكار قالغان. ئېچىنىشلىقى بۇ دىۋان ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قولىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يوقىتىۋېتىلگەن. شائىرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن «ئاتنامە»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «ھەزرىتى شاھ پولۇنىڭ نەزمىسى»، «پۇلنىڭ نەزمىسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت دېگەن قاراش بار.

[2] مۇپتى — پەتىۋا بەرگۈچى، يەنى دىنىي مەسىلىلەردە قارار چىقارغۇچى.

ئەھمەدشاھ قاراقاشىي دوستى نەزەر مۇپتىغا تاللاپ ياخشى بىر ئات ئەۋەتىپ بېرىشىنى سوراپ 60 تەڭگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە نەزەر مۇپتى كارۋانلار ئارقىلىق بىر ئات ئەۋەتىدۇ. قاراقاشىي ئاتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دوستىغا جاۋاب ئورنىدا قىزىقچىلىق قىلماقچى بولۇپ، بىر ساتىرىك مۇخەممەس يېزىپ چىققان. مۇخەممەستە ئەۋەتىلگەن ئات چەبدەس، ياخشى ئات بولماستىن، بەلكى تولىمۇ ئەيىبلىك، ئىسكەتسىز، پالاكەت، قاشاڭ، خۇي-پەيلى يامان، ئەيىب-نۇقسانلىرى كۆپ ئات سۈپىتىدە سۈرەتلەنگەن، يەنە بىر يىل كېچىكىپ ئەۋەتىلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا قاراقاشىي بۇ ئات تۈپەيلى ئەل-يۇرت ئىچىدە كۈلكە-مازاق، خىجالەتچىلىككە قېلىپ تولا مالال بولغانلىقىنى قوشۇپ قويغان. قاراقاشىي مۇشۇ ئات ئوبرازى ئارقىلىق ساۋاقداشىنى ۋاپاسىز، ساختىپەز، دىيانەتسىز دەپ مەسخىرە قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قاراقاشىي بۇ ئاتنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى نەزمىي يول ئارقىلىق ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلىگەندىن كېيىن، بۇ ھەجۋىي مەكتۇپنى كونۋېرتقا سېلىپ ئۈستىگە «ئۇشبۇ مەكتۇپ ئاقسۇدىكى ئۇلىمائى ئەزەم ۋە فۇزۇللائى ساھىبى كەرەم مۆھتەرەم نەزەر مۇپتى ئاخۇنۇمغا تەقدىم بولغاي، كەمىنە ئەھمەدشاھ قاراقاشىيدىن» دېگەن ئادرېسنى يېزىپ ئىككى نەپەر شاگىرتى ئارقىلىق نەزەر مۇپتىغا ئەۋەتكەن. ئۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئاقسۇغا يېتىپ بارغان ۋاقتى دەل نەزەر مۇپتى ئاقسۇدىكى ئەھلى ئۇلىما، ئاكابىر ئەشرەپ ۋە باي سودىگەرلەرگە ئۆز بېغىدا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن كۈنگە توغرا كەلگەن ئىكەن. «ئەھمەدشاھ قاراقاشىينىڭ خېتى ئوبدان پەيتكە توغرا كەلدى. بۇنىڭدا ئابرۇي-مەرتىۋەم يەنىمۇ ئۆسىدىغان بولدى» دەپ خىيال سۈرگەن نەزەر مۇپتى بۇ مەكتۇپنى ئۆزى بىرەر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ھېلىقى ئىككى شاگىرتنى ئۇنى سورۇن ئەھلى ئالدىدا ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىشكە دالالەت قىلىپتۇ. ئەمما، دەسلەپكى بۆلەكتىكى سالام-سەھەتلىك بايانلاردىن مەستخۇش بولۇپ، تېخىمۇ ئاۋازلىقراق ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان نەزەر مۇپتى مەكتۇپنىڭ ئات ھەققىدىكى بۆلىكى ئوقۇلۇۋاتقاندا ئات توغرىسىدىكى ھەجۋىي بايانلاردىن ساراسىمىگە چۈشۈپ، شاگىرتلارغا خۇپىيانە ھالدا سۆيۈنچە بېرىشكە بېشارەت بېرىپ داۋامىنى ئوقۇماسلىقنى تەلەپ قىلىپتۇ. لېكىن شېئىرنى مۇھىت قاينىمىغا چۆكۈپ لەززەتلەنگەن سورۇن ئەھلىنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ ھەجۋىيات تولۇق ئوقۇلۇپتۇ. نومۇستا ئۆرتەنگەن نەزەر مۇپتى ھەجۋىياتنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىگە كەلگەندە زادىلا چىداپ تۇرالماي ساقىلىنى يۇلغانچە سورۇندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپتۇ-دە، باغنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بىر تۈپ قارىياغاچقا سىرتماق سېلىپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ.

بۇ رىۋايەتنىڭ، بولۇپمۇ رىۋايەت ئاخىرىدىكى نەتىجىنىڭ راست ياكى يالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇمەن شۇنداق بىر رىۋايەتنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى مەزكۇر ھەجۋىياتنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بەزى تەتقىقات ماقالىلىرىدە بۇ ئەسەر قاراقاشىي كاشغەردىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ دەل بىر يىل ئۆتكەندە يېزىلغان دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ بىر خىل قىياستىن ئىبارەت. شۇڭا بىز ھەقىقىي پاكىتنى ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەيمىز. دەرۋەقە ئەسەردە ئەھمەدشاھ قاراقاشىي 60 تەڭگە پۇل ئەۋەتىپ بىر يىلدىن كېيىن نەزەر مۇپتىنىڭ ئات ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا بايان بار. بۇنىسى راست، لېكىن بۇ راستلىق ئەمەلىيەتتە ئەھمەدشاھ يېڭى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىنكى بىر يىلنى ئەمەس، بەلكى پۇلنى ئەۋەتكەندىن كېيىنكى بىر يىلنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى بۇ چاغدا ئەھمەدشاھ قاراقاشىي ۋە ئۇنىڭ ساۋاقدىشى نەزەر مۇپتى ئالىمقاچان ياشلىق دەۋرىنى ئۆزاتقان، بىر نەچچىدىن

پەرزەنتلىك بولۇپ بولغان، ھەتتا چاچ ـ ساقاللىرىغا قىرو تاشلانغان مەزگىلگە يەتكەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى پاكىت مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

*قارىلىق ھالىدىن سورىسا يېتىشتى نەچچىگە ياشىڭ،*
*سېنىڭ ھالا بۇ كۈنلەردە ئاقارمىشمۇ قارا باشىڭ.*
*ئايال، ئۇششاقلىرىڭ ساقمۇ، يەنە قەۋمۇ قېرىنداشىڭ،*
*نىچەكتۇر ئىشتىھايىڭ ھە، سىڭەمدۇ ئاپىيۇ ئاشىڭ.*
*مىزاجىڭ خوپ، چىرايىڭ تازەمۇ ھۆسنىمۇ مالامەتتە.*

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەھمەدشاھ قاراقاشىي بۇ ئاتىتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بېدىكلەرنى ئىزدەپ ـ سوراپ يۈرگەنلىكى سۆزلەنگەن باياندا «قارى ھالىم بىلەن قاتراپ ئۆيگە كۆپ مېڭىپ ھاردىم» دېگەن مىسرا ئۇچرايدۇ. بۇ مىسرادىكى «قارى (قېرى) ھالىم» دېگەن سۆز دىققەتكە سازاۋەر. دېمەك مۇخەممەستىكى پاكىتلىق بېشارەتلەردىن بۇ ئەسەرنى شائىر 50 ياشتىن ھالقىغان، بەلكى 60 ياشلارغا كىرگەندە يەنى 1800 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يازغان دەپ جەزم قىلىشقا بولىدۇ.

ھازىرغا قەدەر بۇ مۇخەممەسنىڭ ئەسلىي قول يازما نۇسخىسى تېپىلمىغان. مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان نۇسخىلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئىچىگە تارقالغان ئوخشىمىغان ۋارىيانتلار ئاساسىدا رەتلەپ چىقىلغان①.

ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا: «ئاتنامە» ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى شېئىرىي شەكىللىرىنىڭ مۇخەممەس تۈرى بويىچە ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىشقا ئىگە ساتىرىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئەسەردە يامان ئاتنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى، يامان خۇي ـ پەيلىنى سۆكۈش ۋاستىسى ئارقىلىق، ئەينى زامان جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولىۋاتقان خىيانەتكارلىق، ۋاپاسىزلىق، دىيانەتسىزلىك، ئالدامچىلىق، ئاچ كۆزلۈك، ئالا كۆڭۈللۈكتەك ناچار ئىللەتلەر ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل بىلەن راسا كېلىشتۈرۈپ قاتتىق قامچىلىنىدۇ. دېمەك، بۇ مۇخەممەستە تەسۋىرلەنگەن ئات نۇقسانلىرى ئارقىلىق ئىما ـ ئىشارەت قىلىۋاتقىنى ئادەملەر ئىچىدىكى ئىللەتلەردىن ئىبارەت. شائىر كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىللەتلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ھەجۋىي قىلىش ئارقىلىق، ئاشۇ ئىللەتلەرگە قارىتا كۈچلۈك يىرگىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنى گۈزەللىككە، ئەزگۈلۈك ـ ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ. ئەخلاق ـ ئىنتىزام ئىچىدە بولۇشنى، باشقىلارنىڭ رىزقىغا چاڭ سالمايدىغان ھالال نىيەتلىك بولۇشنى، كەڭ قورساق، شۈكۈر ـ قانائەتلىك بولۇشنى، ھورۇن ئەمەس، ئىشچان بولۇشنى، قىزىل كۆز، ھەسەتخور، چىدىماس، ئالا كۆڭۈل ئەمەس، ئېجىل ـ ئىناق، ھەمدەم ـ ھەمنەپەس بولۇشنى،

---

① 1912 ـ يىلى قازان ۋىلايىتىدە نەشر قىلىنىدىغان تاتار تىل ـ يېزىقىدىكى «شورا» ژۇرنىلىدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان.

1) 1948 ـ يىلى غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان ئەخمەتجان قاسىمى باش مۇھەررىرلىكىدىكى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا 13 كۇپلېت؛ 2) 1979 ـ يىلى «كوئىنلۇن ئەدەبىياتى»(خوتەن) 1 ـ سانىدا 23 كۇپلېت؛ 3) 1979 ـ يىلى «قەشقەر كوناشەھەر ئەدەبىياتى» 2 ـ سانىدا 15 كۇپلېت؛ 4) 1979 ـ يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى»1 ـ سانىدا 29 كۇپلېت؛ 5) 1980 ـ يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلى 1 ـ سانىدا 25 كۇپلېت؛ 6) 1999 ـ يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلى 3 ـ سانىدا 32 كۇپلېت؛ 7) 1999 ـ يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 6 ـ سانىدا 32 كۇپلېت ھەجمىدە ئېلان قىلىنغان (غ. ئوسمان تەييارلىغان «ئەھمەدشاھ قاراقاشىي» دېگەن ماتېرىيالدىن ئېلىنىدى، بۇ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»(3) غا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، 675 ـ 676 ـ بەتلەر) بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «سالامنامە»، «تائىسىق ھېكايە»، «نەزەر مۇپتىغا خەت»، «ئات ھەققىدە قىسسە»، «مۇھەببەتنامە»، «يامان ئات توغرىسىدا مۇخەممەس» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان. يۇقىرىقى نۇسخىلار ئىچىدە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىلى 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان 32 كۇپلېتلىق نۇسخىسىنى بىر قەدەر تولۇقراق دېيىشكە بولىدۇ.

ئەلنى قاقشىتىدىغان مۇتتەھەم ئەمەس، ئەل ئۈچۈن، يېتىم - يېسىرلار ئۈچۈن، ئاجىز - بىچارىلەر ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاق كۆڭۈل بولۇشنى تەلەپ قىلغان.

بىرىنچى، «ئاتنامە» مۇخەممەسچىلىكنىڭ يۈكسەك چوققىسىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ يىغىنچاقلاش، تىپىكلەشتۈرۈش، ئوبرازچانلىق، تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىيلىككە كۆتۈرۈش جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن يېگانىدۇر.

ئىككىنچى، «ئاتنامە» ئەدەبىياتنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتتى. خەلقنىڭ 200 يىلدىن بېرى ئۇنى يادلاپ ئۇنتۇماي كەلگەنلىكى، ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ دەلىلى[1].

ئۈچىنچى، مۇخەممەستە «ئات» ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. ئادەتتىكى بىر ئاتقا مۇخەممەستە تەسۋىرلەنگەن «ئات»تىكىدەك ئۇنچىۋالا كۆپ نۇقسانلارنىڭ مۇجەسسەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ۋە بۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىنشىلىك خاراكتېر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نەزەر مۆيتى ساۋاقدىشىغا ئەڭ ناچار ئاتنى تېپىپ ئەۋەتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس[2]. پەقەت شائىر ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق ئىشارە - سىمۋوللاشتۇرۇش ۋاستىسى بولغان ئادەملەرنى ھايۋانلاشتۇرۇپ ياكى ھايۋانلارنى ئادەملەشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەسۋىرلەۋاتقان ناچار «ئات»تىكى ئاشۇ خۇنۈكلۈكلەر كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولغاندا، راستىنلا بىز ھايۋاندىن نەپرەتلىنىمىزمۇ ياكى خىيالىمىزغا ئاشۇنداق نۇقسانلىق ئادەملەر كىرەمدۇ؟

مۇخەممەستە تەسۋىرلىنىۋاتقان «ئات» كۆرۈمسىز، بۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، يۈرۈش - تۇرۇشىغا، تازىلىقىغا ئېتىبار بەرمەيدىغان ئىككى پۇتلۇق «ھايۋان»غا ئىشارە. «ئات» ئارغامچا - ئارقاننى ئۈن قات قىلىپ باغلىسىمۇ ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇ ئەخلاقسىزلىق، قانۇنسىزلىق، ئىنتىزامسىزلىققا تەمسىل. قوشنىلارنىڭ بېدىلىكلىرىنى، باغىۋاراڭلىرىنى، ئېتىزلىقىنى خالىغانچە چەيلەيدۇ. بۇ باشقىلارنىڭ مۈلكىگە، رىزقىغا چاڭ سالغانلىق. ئۇن كۆشۈك ھەلەپ ۋە بوغۇز يەپمۇ تويمايدۇ. بۇ ئاچ كۆز، قارنى يامان، نەپسى تويماسلارنىڭ تىمسالى. ئېشەكچىلىك چاپالماي، ئۆي - ئۆكۆزدىنمۇ كېيىن قالىدۇ. بۇ ھۇرۇن، ئىش خۇشياقماسلارنىڭ سۈپىتى. چىشلەپ تېپىدۇ، بۇ ئىناقسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ بايانى. ئايال - مەزلۇملارنى، بالا - ئۇششاقلارنى مىندۇرمەيدۇ، بوزەك قىلىدۇ. بۇ مۇتتەھەم، ھاكاۋۇرلارنىڭ قىلمىشى. ئۇن قېتىم ساتسا، دەۋائى شەرىئەتتە ئۇن قېتىم قايتىپ كېلىدۇ. بۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەسكىلەرنى سېتىۋەتكىلى، ئۇلاردىن سېتىپ قۇتۇلغىلى

---

[1] مەسىلەن، 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا كېرىيەلىك ھەسەن تەمبۇر دېگەن كىشىنىڭ ئاھاڭغا كەلتۈرۈشى بىلەن خەلق نەزمە - مەشرەپلىرىدە سازلار تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىدىغان دائىملىق مەشرەپ تېكىستى بولۇپ قالدى.

[2] نەزەر مۆيتىنىڭ ئەھمەدشاھ قاراقاشىيغا ئات ئەۋەتىپ مازاققا قېلىش مۇتىپى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تولىمۇ مۇرەككەپ بىر ھادىسە. بۇنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىدىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: بىرى، نەزەر مۆيتىنىڭ دوستىغا ناچار ئات ئەۋەتىش ھادىسىسىنى دوستىغا چاقچاق قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ؛ يەنە بىرى، نەزەر مۆيتى ئەۋەتكەن ئات ئەسلى ناچار ئات ئەمەس، ئۇ «ياخشى ئات». بىراق، قاراقاشىي ساۋاقدىشىغا چاقچاق قىلىش ئۈچۈن، ساۋاقدىشى ئەۋەتكەن ئاتنى ئاشۇنداق مەسخىرە قىلىپ، دوستىنىڭ چىشىغا تېگىش ئۈچۈن نەزەر مۆيتىگە جاۋاب خەت يېزىپ ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە قاراقاشىي مۇشۇنداق بىر ئات ئوبرازىنى يارىتىپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدىكى ناچار كەيپىياتنى مەسخىرە قىلماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. خەلق ئارىسىدا تارقالغان يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، نەزەر ئاخۇن ئەۋەتكەن ياخشى ئات قاراقاشىينىڭ قولىغا تەگمەي، ئېلىپ ماڭغۇچى كارۋانچىلار تەرىپىدىن ئالماشتۇرۇۋېتىلىپ، ئاشۇنداق ناچار ئات بېرىپ قالغان دېگەن گەپمۇ بار. ۋاھالەنكى، بۇ «ئات ۋەقەسى»دە ئىككى ساۋاقداش ئارىسىدا قانداقتۇر ساۋاقداشلىق - دوستلۇق ئىچىگە يوشۇرۇنغان بىر خىل «چاقچاقلىشىش» مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. — باش تۈزگۈچىدىن.

بولمايدىغانلىقىنىڭ مىسالى. دېمەك، ساتىرىك داستاندىكى «ئات» ئادەملەردىكى ئىللەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن رېئال ئوبرازدۇر.

تۆتىنچى، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى سالامنامە، ئات ھەققىدە بايان ۋە ئەيىبنامىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، ئالدىنقى بۆلەكنىڭ كېيىنكى بۆلەككە، كېيىنكى بۆلەكنىڭ تۈگەللىمە بۆلەككە سالماقلىق يوسۇندا زېمىن ھازىرلاپ بېرىپ، ھەر قايسى بۆلەكلەرنىڭ سەكرەتمىلىك ھالدا بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلغانلىقى شائىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي دىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

بەشىنچى، يەنە بۇ ئەسەر تىل جەھەتتىنمۇ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب — ئەرەب، پارس تىل ئىبارىسىدا چۈشىنىكسىز يېزىلىشتەك ھادىسىدىن مۇستەسنا ھالدا ئانا تىلدا يېزىلىپ، ئاممىباب، ئۇقۇشلۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىنغان.

ئومۇمەن، ئەھمەدشاھ قاراقاشىي تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى بويىچە ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە ھەجۋىيات ژانىرىنى بىر پۈتۈن شېئىرىي ژانىر تۈرىگە كۆتۈردى. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى بۈگۈنكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## §4. قەلەندەر

### 1. قەلەندەرنىڭ ھايات پائالىيىتى

قەلەندەر (1747—؟) 18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشاپ ئۆتكەن كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلارنىڭ بىرى.

قەلەندەر — شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، «نامرات»، «يوقسۇل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەسلىي ئىسىم-فامىلىسى، يۇرتى، ھايات پائالىيىتى ھەققىدە ئېنىقراق بىر ماتېرىيال ساقلانمىغان. بىز پەقەت ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن شېئىرلىرىدىن بەزىبىر مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز.

1. شائىرنىڭ تۇغۇلغان، ياشىغان، ئىجاد ئەتكەن ۋاقتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىنىڭ ئاخىرىغا شائىر ياكى كۆچۈرگۈچى تەرىپىدىن پۈتۈلگىنى ئېنىق بولمىسىمۇ، بىراق پۈتۈلگەن ياكى كۆچۈرۈلگەن ۋاقتىنى ئىپادىلەيدىغان ھىجرىيە ھېسابىدىكى «تارىخى بىر مىڭ ئىككى يۈز بىر پەلەك يىلى ئەيد قۇربان» دېگەن رەقەم يېزىپ قويۇلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن قول يازما 1807-يىلى قۇربان ھېيتتا كۆچۈرۈلۈپ بولۇنغان بولسا كېرەك دېيىلىدۇ. قول يازمىدا يەنە:

*ئۆتۈپتۇر قۇللۇغۇڭ، ئەي پەرۋەرىش، ياشىم ئاتمىشتىن،*
*ئۆلەر چاغىم بولۇپتۇر، نە بولۇر جانا رىزا قىلساڭ.*

دەيدۇ.

بۇ يەردە قەيت قىلىنغان يۇقىرىقى مەلۇماتلارنى ئۆز ئارا تەھلىل قىلىپ سان بىلەن ماسلاشتۇرۇلسا، قەلەندەرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى تەخمىنەن 1747-يىلى، ياشاپ، ئىجاد قىلغان ۋاقتى 18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەخمىن قىلىشقا

بولىدۇ.

2. قەلەندەرنىڭ يۇرتى مەسىلىسى

تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، شائىرنىڭ يۇرتى مەسىلىسىدە مۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

بىرى، شائىر قەلەندەرنىڭ يۇرتى كاشغەرنىڭ يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ «قۇندۇز» دېگەن يېرى بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى خوتەندە ئۆتكۈزگەن دېيىلىدۇ. بىراق بۇ كۆز قاراشتىكىلەر «قۇندۇز»نىڭ قايسى جاينى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يۇرتىدىن ئايرىلىپ خوتەندە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى.

يەنە بىرى، شائىر قەلەندەرنىڭ يۇرتى يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ قۇندۇز يېزىسى بولماستىن، بەلكى ئافغانىستان تېررىتورىيەسىدىكى قۇندۇز شەھىرىدۇر دېيىلىدۇ. بۇ كۆز قاراشتىكىلەر مۇنداق دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

قۇندۇز — شىمالىي ئافغانىستاندىكى قۇندۇز دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان شەھەر بولۇپ، ئۇ خۇراسان شاھلىقى مەزگىلىدە ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت جەھەتتە بەلخ، ھىرات، بەدەخشان قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرغان[1].

شائىر شېئىرلىرىدا «جەننەت نىشانەم» دەپ تەسۋىرلىگەن ئانا يۇرتى دەل بەلخ بىلەن بىر تېررىتورىيەگە جايلاشقان پەرغانە ۋادىسىدىكى قۇندۇز شەھىرى بولسا كېرەك.

*گۇناھىم نەئىدىكىم قۇندۇزى جەننەت نىشانەمدىن،*
*پەلەك سالغۇ تاشىدەك چۆرۈلۈپ خوتەن سارى ئاتتى.*
*بار ئىدى ئول قۇندۇزى جەننەت نىشانىمدا مېنىڭ،*
*يارۇ دوستۇم ئۆزگىچە، خۇشتاپارىم ئۆزگىچە،*
*بەر قەلەندەر ئىلاھا قۇندۇزى جەننەت نىشان،*
*يۇسۇفى كەنئانغا قىلغىل شەھرى دەۋانى نەسىپ،*
*بىر يول يۈز مىڭ كۆرۈپ خوتەندە مىڭ يىل ئۆتكۈچى،*
*قۇندۇزى جەننەت نىشانىنى شاد كۆرسەم ئىردى كاشى.*

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر «جەننەت نىشانى»نىڭ خوتەندىن تولىمۇ يىراق بىر جايدا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرىدۇ.

قەلەندەر ئانا يۇرتى قۇندۇزنى «جەننەت نىشانەم» دەپ سۈپەتلىگەندىن تاشقىرى ئۆز نۆۋىتىدە:

*گۇلشەنى ئالەم ئىچرە گۇلىستانىم شەھرى بەلخ،*
*گۇلىستانىم دېمەيىنكىم بوستانىم شەھرى بەلخ.*

دېگەن سەدرە بىلەن باشلانغان غەزەلدە بەلخنىمۇ «جەننەت نشانەم» دەپ تەرىپلىگەن. بۇ ئۇنىڭ بەلختىمۇ مەلۇم مەزگىل تۇرغانلىقىنى، بەلخنىمۇ ئۆز يۇرتى قاتارىدا ئەزىز كۆرگەنلىكىنى، سېغىنغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

[1] موسكۋا دۆلەتلىك نەشرىيات تەرىپىدىن 1956 ـ يىلى سىلاۋيان يېزىقىدا تۈزۈلگەن دۇنيا خەرىتىسىدە قۇندۇز شەھىرىنىڭ ئورنى ئافغانىستاندىكى مازارى شەرفىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. پىڭ چىڭجۈن ئەپەندى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، جوڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» دېگەن كىتابتا قۇندۇز بىلەن بەلخنىڭ ئارىلىقى 40 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ «پەرغانە تەزكىرىسى»دىكى 23 ـ ئىزاھاتىدا بەلخنىڭ قۇندۇز دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقانلىقى قەيت قىلىنغان.

دېمەك، بۇگۇنكى كۇندە يۇقىرىقى كۆز قاراشتىن شائىر قەلەندەرنىڭ ئافغانىستاندىكى بەلخقە قاراشلىق قۇندۇز شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش مۇمكىن.

3. شائىر قەلەندەرنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ خوتەندە تۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى

شائىر قەلەندەرنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ خوتەندە تۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئېنىق ماتېرىيال يوق. پەقەت بىز شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى مەزمۇن بىلەن ئەل ئاغزىدا ساقلىنىۋاقتان ھېكايە، رىۋايەتلەرنى بىرلەشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ خوتەندە تۇرۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۇشىنەلەيمىز.

بىرىنچى، قەلەندەر بۇخارادا ئۆتكەن ئۆلىما بولۇپ، ساقىلىغا ئاق كىرگەن كۇنلىرىنىڭ بىرىدە، مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان بىر تالىبەگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئەمما ئۇ قىز قەلەندەرگە ئىلتىپات كۆرسەتمەستىن باشقا بىر يىگىتكە كۆڭۇل بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەلەندەرنىڭ رەشىك ۋە ئىشق سەۋدالىقى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپتۇ. بۇ ئىش كېيىن قەلەندەرنىڭ خوتۇنى ۋە ئەل ـ جامائەتكە ئاشكارا بولۇپتۇ. ئۆزىنىڭ قېرىلىقتىكى بەڭباشلىقىدىن تولىمۇ نومۇس قىلغان قەلەندەر ئۆز يۇرتىدا باش كۆتۇرۇپ يۇرۇشكە ئامالسىز قېلىپ، يۇرتىنى تاشلاپ كېتىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن جايلارنى ئايلىنىپ ئاخىر خوتەندە تۇرۇپ قاپتۇ.

ئىككىنچى، شائىر ئىلچى مەدرىسەلىرىنىڭ بىرىدە ئوقۇۋاتقان بىر ياش قىزغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشق ـ پىراقىدا ئۆرتەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ قىز قەلەندەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېتىبارسىز قارىغان. كېيىن ئىلچىدىن ئاقساي تەرەپتىكى بىر تاغقا كۆچۇپ كەتكەن. ھىجران ئازابىدىن چەكسىز غەمگە مۇپتىلا بولغان شائىر ئۆز دەرد ـ ھەسرىتىنى نەزمىگە قاتقاندىن تاشقىرى، جۇنۇنلۇق سەھراسىغا قەدەم بېسىپ جاھانكەزدىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇچىنچى، بىز شائىرنىڭ غەزەللىرىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالارغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، بۇ ھېكايە ـ رىۋايەتنىڭ مەلۇم چىنلىق ئاساسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز:

*دېسەم كىم ياشلار ئاڭا بەرمەي كۆڭۇل،*
*ياشى ئاتمىشكە يېتىپ بولغان قېرى.*
*قېرى دەپ بىرگىنە سۆيمەيدۇ يا شوخ،*
*ئاڭا ھەقتىن مەگەر بولدى بۇ پەرمان.*
*مەن قېرى قۇلدىن ئەگەر سەن ئار قىلساڭ ئاڭ ئىمەس،*
*باردۇر ياش قۇللار ئالەمدە بىھەددى قىياس.*
*ئەيلىدىڭ مەجنۇن قەلەندەرنى قېرىلىق چاغدا،*
*مەقسىتىڭ نەدۇر پەلەك ياشلارغا سەن قىلدىڭ ئويۇن.*
*ئاڭا سەھۋەن نەزەر قىلدىڭ بىنىگاھ،*
*رەقىبى شۇم بەدەك ھەددىدىن ئاشتى.*
*نى يەردە كىم مېنى كۆرسە قەلەندەر،*
*رەقىب ئاچچىقلانىپ زەھىرىن چاچتى.*

كۆرۇنۇپ تۇرۇپتىكى، يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر ئۆزىنى ئىشق سەۋداسىغا مۇپتىلا قىلغان گۇزەلگە ئىسمى نامەلۇم بولغان رەقىبىنىڭ چاڭ سالغانلىقى سەۋەبلىك پەيدا بولغان خار ـ زەبۇنلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، رەقىبىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى، شۇنداقلا ئۆزىنى قېرى كۆرۇپ باشقىلارغا مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن «دىلبەر»گە نارازىلىقىنىمۇ ئىپادىلىگەن.

تۆتىنچى، شائىر قەلەندەرنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى غەزەللىرىدە «گۇلچېھرى» دېگەن

ئىسىم 38 ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. مۇشۇ ئىسىم قاتناشتۇرۇلغان غەزەللەرنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشىغا، بۇ ئىسىمنىڭ مىسرادىكى ئورنىغا ھەمدە ئۇنىڭ مىسرا تەركىبىدىكى گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، «گۈلچېھرى» دېگەن بۇ ئىسىمنى باشقا كىلاسسىكلار تەسۋىرىدىكى جاھان دىلبەرلىرىگە تەھقىقلەنگەن سىمۋول خاراكتېرىدىكى ئابستراكت ئوبراز بولماستىن، شائىرنى «قەلەندەر»لىك يولىغا باشلىغان قىزنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

دېمەك، شائىر قەلەندەر تەخمىنەن 1747 ـ يىلي دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىن باشلاپ ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ، ئىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئەدەبىيات، پاساھەت ئىلمى، مەنتىق، ئىلمىي تەجۋىد بويىچە يۇقىرى مەلۇماتقا ئېرىشكەن. مۇدەررىسلىك قىلىپ ئىلىم يۇرتلىرىدا دەرس ئۆتكەن. ئالىم ۋە ئاقىل كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ، بەزىدە ئىلمىي بەس ـ مۇنازىرىلەر بىلەن، بەزىدە ساز چېلىش ۋە ئاڭلاش بىلەن كۆڭلىرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن. شېئىرىيەت ساھەسىدە پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغان. ئۇ 60 ياشقا قەدەم قويغان مەزگىلىدە گۈلچېھرى ئىسىملىك بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغان. گۈلچېھرى قەلەندەرگە ئىلتىپات كۆرسەتمەستىن، باشقا بىرسى بىلەن دىل بەنچىلىك قىلىشقان. چەكسىز غەم، دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولغان شائىر يۇرتى قۇندۇزنى تاشلاپ «قەلەندەر»لىك يولىغا قەدەم قويغان. ئۇ نۇرغۇن جايلارنى ئايلىنىپ، ئاخىر خوتەندە ماكانلاشقان ھەمدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى خوتەندە ئۆتكۈزگەن. ئەمما شائىرنىڭ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق.

ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى خوتەندە يېزىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى «دىۋانى قەلەندەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئىبارەت.

## 2. «دىۋانى قەلەندەر» توغرىسىدا

«دىۋانى قەلەندەر» لىرىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، 185 غەزەل، 25 مۇخەممەس، 1 داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پەقەت نۆۋەتتىكى ھالدا «دىۋانى قەلەندەر» توپلىمىدىكى غەزەللەر بىلەن «خوتەن قەسىدىسى» داستانى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. قەلەندەر غەزەللىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى

قەلەندەر ئۆز غەزەللىرىدە مۇھەببەت تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەل ـ يۇرت ھەمدە ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى، ھايات گۈزەللىكىگە بولغان ئىنتىلىشىنى، ۋاپا ـ ساداقەت، ياخشىلىق توغرىسىدىكى ئىلغار كۆز قاراشلىرىنى، زامان جەبىر ـ جاپالىرى ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتلىرىنى، ئۈمىد ۋە ئارمانلىرىنى يۇقىرى سەۋىيەلىك بەدىئىي تالانت بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن.

بىرىنچى، شائىر قەلەندەر ئۆز غەزەللىرىدە مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئاجايىپ نازۇك ھېس ـ تۇيغۇسىنى بەكمۇ تەسىرلىك كۆيلىگەن. شائىر چىن ئىنسانىي مۇھەببىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئۇلۇغلايدۇ. ئۇنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدىنمۇ ئەۋزەل بىلىدۇ. ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئارزۇ ـ ئۈمىدتە دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا شائىر ھايات گۈزەللىكىگە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان تەركىدۇنياچىلىققا قارشى تۇرىدۇ.

*ئۆلۈمدىن يوق تۇرۇر زارىم، ۋەلى قورقۇنچۇم ئاندىدۇر،*

*سەپەر قىلسام بۇ دۇنيادىن مۇھەببەت دەر ـ بەدەر بولغاي.*

*شۈكۈر لىللاھ ئەي قەلەندەر ئول پەرۋىش ۋەسپىدە،*
*سىنى تاپقان مەزمۇنىڭغە ھېچ مەزمۇنىم ئوخشىماس.*
*باقماغىل ئول گۈلغە دەپ زاھىت مىنى مەنئىئە ئەتمەكىم،*
*تەلمىنۇر يۈزىگە ئانىڭ تا كۆزۈمنىڭ ياغى بار.*

مانا بۇلار شائىرنىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ساداقەتلىك، پىداكارلىق، ھېسسىيات گۈزەللىكى ھەققىدىكى ئاساسىي قاراشلىرى بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن مۇھەببەتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى، ئۇنى ئىستىگۈچىلەر ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بۇرچلار ئۈستىدە كونكرېت چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

ئىككىنچى، شائىر قەلەندەر پۈتۈن ئۆمرىنى دېگۈدەك ھىجران قايغۇسىدا ئازابلىنىپ، ۋىسال ئىشقىدا ئۆرتىنىپ، مۇڭ ـ ھەسرەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى، شۇنداقلا ئۆز زامانىسىدىن ھېچقانداق خۇشلۇق كۆرمىدى. شۇڭا شېئىرلىرىدا زامان زۇلمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭ زالىملىقىنى، ۋاپاسىزلىقىنى ئېچىپ تاشلاپ، زامانىنىڭ تەڭسىزلىكىنى پاش قىلدى.

*ھەر نېچە قىلسام جاھاندا ئەيشى ـ ئىشرەت ئۆمرىمە،*
*ھەربىرى ئورنىدا مىڭ جەبرۇ جاپا قىلدى فەلەك.*
*كۆرمەدىم جەبرۇ جاپادىن ئۆزگە ھەرگىز دەھر ئارا،*
*لۇتىف ئېتەردىن ماڭا گوياكىم ئىبا قىلدى فەلەك.*
*ئەسلى فەزلۇ دانىش ئەھلىگە. . . . دەردۇ ئەلەم،*
*دون ئېلىن ئارا كاھىن داۋا قىلدى فەلەك.*

مانا بۇ مىسرالاردا شائىر زامانىنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزگەن دەرد ـ ئەلىمىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭ مەككار، رەزىللەرگە ئىلتىپات، پەزىلەتلىك كىشىلەرگە، ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئۇۋال قىلىشتەك تەڭسىزلىكىنى پاش قىلغان.

ئۈچىنچى، ۋەتەنپەرۋەرلىك شائىر قەلەندەر غەزەللىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى.

*سىنى كۆردى تۈشىدە تا قەلەندەر، ئەي پەرى پەيكەر،*
*ۋەتەننى تاشلادى خوتەن سارى ئەزمى سەفەر قىلدى.*
*گۇناھىم نې ئىدىكىم قۇندۇزى جەننەت نىشانەمدىن،*
*فەلەك سالغۇ تاشىدەك چۆرۈلۈپ خوتەن سارى ئاتتى.*
*بىر يول يۈز مىڭ كۆرۈپ خوتەندە مىڭ يول ئۆتكۈچى،*
*قۇندۇزى جەننەت نىشانىنى شاد كۆرسەم ئىردى كاشى.*

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر خوتەندە تۇرۇپمۇ ئۆز يۇرتى بولغان قۇندۇزنى چوڭقۇر مۇھەببەت، كۈچلۈك سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن «قۇندۇز جەننەت نىشانەم» دەپ تەرىپلىگەن.

2. قەلەندەر غەزەللىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى

قەلەندەر شېئىرلىرى شائىرنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈكسەك بەدىئىي سەۋىيەسى بىلەنمۇ ئۆزىنىڭ تالانتى ۋە ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

بىرىنچى، قەلەندەر غەزەللىرى تىلىنىڭ گۈزەللىكى، يېقىملىق، شوخ، ئويناق، ھېسسىياتلىق بولۇشى، ئوبرازلىقلىقى بىلەن دىققەتنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

*چىقماغىل گۈلگۈن ئۆيىڭدىن كېچەدە ئەي شوخ ياش،*
*ئېل ئارا غەۋغا تۈشەر ئەي شوخ ياش.*

*ئېل ئارا غەۋغا تۇشەر كېچە تۇغۇپتۇ دەپ قۇياش،*
*ناز ئىلە چىقساڭ ئۆيۈڭدىن بۇ قەدەر رۇخسار ئىلە،*
*سەجدە ئەيلەر قاشلارىڭغا بۇت ئىلە ھەم بۇتتەراش.*

مانا بۇ مىسرالاردا نامايان بولۇۋاتقان، كېچىسى تالاغا چىققانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ تۈندىمۇ قۇياش چىقىپتۇ دەپ غوۋغاغا قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان، تولۇن يۈزلۈك سەنەم ۋە سەنەمگە ئۇخشاش چىرايلىقلارنىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، سەجدە قىلىشقا مەجبۇر قىلغان قەلەم قاشلىق يارنىڭ ئوبرازى پەقەت تىل گۈزەللىكى ئارقىلىق يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ بىزگە شائىرنىڭ تىل ماھارىتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، دىيالوگ شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش قەلەندەر غەزەللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، شائىر بۇ ۋاسىتە ئارقىلىق شېئىر مەزمۇنىنى ئىنچام بايان قىلىش ئىمكانىيىتىنى ياراتقان.

*دېدى: ئەي ئاشىقى سادىق لەتىپى كەرەم ئەيلەي،*
*ئەگەر نەھسىل مەدەت قىلسا خۇدايىم بولسا گەر باۋەر.*
*ئاياغىغە قويۇپ باشىم، دېدىم: ئەي مەھۋەشى ئالەم،*
*مۇراد مەقسىدىڭ بەرسۇن خۇدايىم، ئەي پەرى پەيكەر.*
*تەبەسسۇم ئەيلەدى باقىپ دېدى: ئول نادىرى دەۋران،*
*ۋىسالىدىن نەسىپ ئەتكەي ساڭا بىر خالىقى ئەكبەر.*
*قولۇم ئاچىپ دۇئا قىلدىم، دېدىم: ھۆرى پەرزادىم،*
*خۇداۋەندىم سېنى قىلسۇن، بۇ ئالەم ئىلىگە مەرۋەر.*

ئۈچىنچى، قەلەندەر غەزەللىرى چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئوي-پىكىرلەر، ھېكمەتلىك سۆز-جۈملىلەر بىلەن تولغان بولۇپ، شائىر ھايات ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى بەزىبىر قاراشلىرىنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز شېئىرلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان.

*بۇ ئۆمرۈڭگە قەلەندەر ئىشقادى قىلمىغىل ھەرگىز،*
*كېچە ھەر نېچە كىم بولسۇن ئۇزۇن ئاخىرى سەھەر بولغاي.*
*گەۋھەر مەقسۇدىنى ئول تاپمادى بۇ بەھرى ئارا،*
*كىمگە كىم ئىشقى مۇھەببەت دەردى پەيدا بولمادى.*

بۇ مىسرالاردىكى كېچە ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەربىر سەھەرگە ئورۇن بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەبىئىي قانۇنىيەت بىلەن مۇھەببەتنىڭ دەرد-ئەلىمىگە گىرىپتار بولماي تۇرۇپ مۇھەببەت يولىدىكى مەقسەتكە يەتكىلى بولماسلىقتەك ئىجتىمائىي قانۇنىيەت پەلسەپىدىكى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى ئۆمرىگە ئىشىنىپ ۋاقىتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىككە، مۇھەببەت يولىدىكى جاپا-مۇشەققەتتىن قاچماسلىققا، ۋاپادار، ساداقەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

3. «خوتەنىنامە» توغرىسىدا

«خوتەننامە» ياكى «خوتەن قەسىدىسى»[①] قەلەندەر ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى نامايەندىسى

---

① ئەسەرگە ماۋزۇ قويۇلمىغان، ئوقۇتۇشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن «خوتەننامە» دېگەن ماۋزۇ قويۇلدى.—باش تۈزگۈچىدىن.

بولغان ئېسىل داستانى بولۇپ، 1795—1796 ـ يىللىرى يېزىلغان. جەمئىي 306 مىسرا. داستان قوْروْلما ۋە مەزموْن جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بوْلوْنىدوْ.

داستاننىڭ بىرىنچى قىسمى خوتەننى مەدھىيەلەشكە قارىتىلغان. شائىر بوْ قىسىمدا «خوتەن»دىن ئىبارەت بوْ ئوبرازنى كونكرېت تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر بىلەن لىرىك ھېسسىياتىنى بىرلەشتوْرگەن ھالدا ۋايىغا يەتكوْزوْپ تەسۋىرلەيدوْ. قەلەندەر پىكرىنى لوگىكىلىق تەرتىپ بويىچە قانات يايدوْروْپ، دەسلەپ ئوْزىنىڭ باياشات توْرموْشى، دىلى سوْ ئىچەر يوْرتىدىن ئايرىلىپ، قوْروْق قول سەپەرگە ئاتلىنىپ، شەھەر كېزىپ، ئاخىر خوتەنگە كېلىپ قالغانلىقى، كېلىپ قارىغوْدەك بولسا خوتەننىڭ ھەقىقەتەن توْروْپ قالغوْچىلىكى بار، يەرلىرى گوْلىستان، خەلقى كەرەملىك ساھىبخانا ئىكەنلىكىنى يازىدوْ.

شائىر خوتەندە توْرغانسېرى ئوْنىڭغا بولغان مېھىر-موْھەببىتى چوڭقوْرلىشىدوْ. ئوْزى كوْرگەن ۋە ئېسىل تەرىپلىرىنى ئاڭلىغان سەمەرقەنت، تاشكەنت، ئىسپاھان، كەشمىر، بوْلغار، باغداد، ئوْرگەنچ، شىراز قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن خوتەننى ئەمەلىي مىسال، كونكرېت تەسۋىرىي بوياقلار ئارقىلىق سېلىشتوْروْپ كوْرسىتىپ، ئوْزى كوْڭوْل قويغان موْبارەك يوْرتنى يوْقىرى جەلپ قىلىش كوْچى بار سوْيوْملوْك يوْرت تىمسالىدا ۋايىغا يەتكوْزىدوْ.

*نەسەبىم ئاخىرى توْشتى خوتەنگە،*
*كوْز ئاچتىمكىن توشوْيدوْرمەن چەمەنگە.*
*خوتەن دېمە، گوْلىستانى ئىرەم دە،*
*تەمامى خەلقىن ساھىب كەرەمدە.*
*خوتەن دېمە، دېگىل جەننەت نەزەرى،*
*ئىروْر خەلقىنىڭ ئەينەكتەك زەمىرى،*
*خوتەن دېمە، دېگىل فىردەۋسى ئەئىلا،*
*كەمالى قوْدرەتى ۋاجى نەئالى.*
*خوتەن دېمە، دېگىل دوْنيا بېھىشتى،*
*بولوْپموْ نوْرى رەھمەتتىن سىرىشتى.*

قەلەندەر ھەقىقەتەن بىر تەۋرەنمەس ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئوْ توْزىنى يەپ، ئېشىنى ئىچىپ، ئىززەتلىك مېھمان بولوْپ، كوْڭلىنى ماگنىتتەك ئوْزىگە تارتقان ئىككىنچى يوْرتى خوتەننى چەكسىز ياخشى كوْرگەنلىكىنى چىن ھېسسىياتى بىلەن ئىزھار قىلىپلا قالماستىن، بەلكى، كىندىك قېنى توْكوْلگەن سوْيوْملوْك ئانا يوْرتى قوْندوْزدىنموْ مېھرىنى ئوْزەلمەي، دائىم پىكرى-زىكرىدە يوْرتىنى ياد ئەتكەن. ئوْنىڭغا زارىقىپ تەلپوْنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ توْرغان.

ئىككىنچى قىسمىدا، قەلەندەر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ چوْشەندوْرگەن ۋە موْۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كوْرسىتىپ بەرگەن. قەلەندەر بوْنىڭدا بىر گوْزەل رەنانىڭ ئېسىل تەرىپىنى قىلىپ، ئوْنىڭغا بولغان چوڭقوْر مېھىر-موْھەببىتىنى، يالقوْنجاپ توْرغان ئوتلوْق ئىشتىياقىنى، پاك ئارزوْ ۋە ھەۋىسىنى ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ قەلبىنى چوْلغىۋالغان بوْ رەنا ساماۋى، غايىۋى گوْزەل ئەمەس، بەلكى ئوْ كېزىپ، ئارىلاپ يوْرگەن يوْرتنىڭ گوْزىلى ئىدى:

*يوْروْپ ئېردىم خوتەن شەھرىدە ھەريان،*
*كوْروْندى كوْزوْمە بىر ماھى تابان.*
*ئاجايىپ مەھوْەش سوْ روْخسارەسى گوْل،*

*قەلەندەر بولدى گۈلزارىغە بۇلبۇل.*

شائىر نەزىرىدە ۋەتەن دېمەك خەلق دېمەكتۇر. يەنى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ماھى تابان» نوقۇل ئاشىق تەرىپىدە شەيدا بولغان مەشۇق ئەمەس، بەلكى يۇرتنىڭ كۆركى ۋە زىننىتى بولغان خەلق ئىدى.

*خوتەن ئەسلىدە ئېردە باغۇ بوستان،*
*تۇغۇلدى ئول پەرى بولدى گۈلىستان.*
*تۇغۇلدى ئابادىن ئۇ شوخ مەھۋەش،*
*سالىپتۇر بۇ خوتەن ئىچرە ئاتەش.*
*خوتەن شەھرىنىڭ ئول زىننىتىدۇر،*
*ئەرۇسى مۇلك ھۆسنۈڭ سەۋلەتىدۇر.*

قەلەندەرنىڭ شۇنچە يەرلەرنى كېزىپ، كۆپ كىشىلەرنى كۆرۈپ، ئاخىر ئۆز رەناسىنى خوتەندە ئۇچراتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھارارەتلىك ئىشق پىراقىدا ئۆمرىنى خۇش چاغ ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىشىنىڭ روشەن قاراتمىلىقى بار ئىدى. دېمەك، شائىرنىڭ بۇ خىل ئوي-پىكرىدە باياشات يۇرتنى ياخشى كۆرۈشلا ئەمەس، بەلكى يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇرغۇچى خەلقنىمۇ ھۆرمەتلەش، ئىززەتلەش ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

دېمەك، قەلەندەرنىڭ «دىۋانى قەلەندەر» ناملىق توپلامدىكى ئەسەرلىرى نادىر دۇردانىلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدا زور قىممەتكە ئىگە.

## §5. موللا سالىھ

### 1. موللا سالىھنىڭ ھاياتى ھەققىدە

موللا سالىھ (تەخەللۇسى سالىھىي) 18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۈچلۈك رېئالىستىك روھتا سۇغىرىلغان بىر بۆلۈك ئۆزگىچە يازمىلىرى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان مۇھىم نامايەندىلەرنىڭ بىرى.

شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە ھازىرچە تەرجىمىھال خاراكتېرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن ئۇنىڭ ئۆز شېئىرلىرىغا قىستۇرۇپ ئۆتكەن بەزى ئۇچۇرلاردىن شائىرنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك قىسمەن مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيمىز:

شائىر ئۆزىنىڭ «قىيامەت قەيۇمىنىڭ نامەلىرىنى ھەجۋىي قىلغانلارنىڭ بايانى» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدىكى بىر شېئىرىدا:

*گەرچە تەئرىخقە مىڭۇ ئىككى يۈز ئوندۇر بىلىڭ،*
*بارچەلەر ۋەئىز ئەيلەدىم ئىشتىپ ھەمە باۋەر قىلىڭ.*

دەپ يازغان. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىنى ھىجرىيەنىڭ 1210-يىلى (مىلادىيەنىڭ 1795-يىلى) يازغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. «شائىر موللا سالىھنىڭ دوستلارىنىڭ بايانى» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدىكى يەنە بىر شېئىرىدا بولسا:

*ۋەئىد ئۇلدۇركىم دېدۈك ئايرىلمالى ئۆلمەي تىرىك،*
*ياشىم ئەللىك ئۇچكە يېتىپ ئىشتمەدۇق قاتتىق-يىرىك.*

دەپ يازغان. دېمەك شائىر بۇ شېئىرنى يازغاندا 53 ياشقا كىرگەنلىكى مەلۇم. ئەگەر بىز بۇ شېئىر بىلەن يۇقىرىقى يىلنامىدە كۆرسىتىلگەن شېئىرنى بىر يىلدا يېزىلغان دەپ قارىساق، شائىر موللا سالىھ ھىجرىيە 1210-يىلى 53 ياشقا كىرگەن بولىدۇ. ئۇ ھالدا بىز شائىرنى ھىجرىيە 1157-يىلى (مىلادىيە 1742—1743-يىللىرى) تۇغۇلغان دەپ پەرەز قىلالايمىز.

شائىرنىڭ «موللا سالىھنىڭ ئۆز ھالىغا دېگەن بېيىتى تۇرۇر» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدىكى:

*يەتسە ماڭا بىر بويى ئەسەر قاشى قارادىن،*
*باقماسمە قاراقاش ئىلە بەلكى خوتەنىمگە.*

دېگەن مىسرالىرى ۋە «موللا سالىھ چېچەكنى ھەجۋىي قىلغانى» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدىكى:

*ئىلگىرى ئەلچى يۇرۇتىبان قاراقاش بىلەن شەھەر،*
*بارچە قاراقاش ئەھلىغە ئول كۈنى يەتتىلەر خەبەر.*

دېگەن مىسرالىرىغا، شۇنداقلا «موللا سالىھنىڭ دوستلارىنىڭ بەيانى» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدىكى:

*بىر كۈنى ئىزدەپ سوراپ كەلدى ئۇلار تاقسارىغە،*
*بىر قونۇپ ئىلتىپ مېنى باردى ئالىپ ئۆز سارىغە.*

دېگەن مىسرالارغا ئاساسەن، موللا سالىھنىڭ خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيەسى توخۇلا يېزىسىغا قاراشلىق مەھەللەي كەنتىدىكى تاقسا مەھەللىسىدىن دېگەن قاراشقا كەلگىلى بولىدۇ.

شائىرنىڭ «ياش ئىدىم، يۈزلۈك ئىدىم، دوستلارغە ئېردىم ئېتىبار»، «ھەر نېچە نامرات ئېسەم دوستلارغە تۇشمەس ھاجەتىم»، «تىفل يەشلىغ دوستلارىمنى يۈرگەن ئىردىم ئويناتىپ، گەھى نەغمە سۇد ئىچرە بەزم يۈرگەن تويلاتىپ» دېگەن مىسرالىرىدىن، شۇنداقلا شېئىرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان باشقا ئالاقىدار ئۇچۇرلاردىن شائىرنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىلىمنىڭ زورۇر ساھەلىرى بويىچە يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان ھاللىق ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى، دەسلەپ 3 يىل ئۆيي تۇتقان ئايالىدىن، كېيىن سىددىق ئىسىملىك نارەسىدە ئوغلىدىن ئايرىلىپ، كۆڭلىرىنى ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزگەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ تەقدىرنىڭ ئېغىر قىسمەتلىرىگە باش ئەگمەي، بىر تەرەپتىن، قايغۇنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قىلىپ شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىجادىيەت كانىدىن زەر قازسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يۇرتدارچىلىق ۋە جامائەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ يولدا باش قاتۇرۇپ، ھاياتىنى چەكسىز مەنىلەرگە ئىگە قىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، شائىر موللا سالىھ ھىجرىيەنىڭ 1157-يىللىرى (مىلادىيە 1742—1743-يىللىرى) قەدىمىي يۇرت خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيەسى توخۇلا يېزىسىغا قاراشلىق مەھەللەي كەنتى تاقسا مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىن باشلاپ مەھەللىسى ۋە قاراقاشتىكى مەدرىسەلەردە مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان. بۇ جەرياندا، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن، ئەل ئەدەبىياتى، شۇنداقلا شەرق كىلاسسىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، كېيىنكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن مول ئوزۇق ئالغان. ئۆمرىنى ئىجادىيەت ۋە يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ، ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 2. موللا سالىھنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى

شائىر موللا سالىھنىڭ موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇپلار تەرىپىدىن ھىجرىيە 1227 ـ يىلى (مىلادىيە1855 ـ يىلى) كۆچۈرۈلگەن زور ھەجىملىك بىر قول يازما (بۇ قول يازمىغا موللا ھەيدەر، موللا نىياز ۋە موللا سالىھ قاتارلىق ئۈچ نەپەر شائىرنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن) غا كىرگۈزۈلگەن، غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس، مۇرەببە، مۇستەھزاد ۋە كىچىك تىپتىكى ئېپىك شېئىرلاردىن بولۇپ جەمئىي 3500 مىسرا ئەتراپىدىكى شېئىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.[1]

1. شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى

موللا سالىھنىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭ ھاياتلىق ئىزدىنىشلىرى ۋە بىۋاسىتە سەرگۈزەشتلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى سەنئەتلىك ئىنكاسى بولۇپ، ئاساسىي قىسمىنى غەزەل، مۇخەممەس ۋە مەسنەۋىلەر تەشكىل قىلىدۇ. شېئىرلىرى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلاردىن پەرقلىق ھالدا قويۇق رېئالىستىك روھ بىلەن سۇغىرىلغان. بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە ھايات سەرگۈزەشتلىرى ۋە يېڭىچە سەنئەت قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، موللا سالىھ رېئالىستىك شېئىرىيەتنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەل ئارىسىغا قايتۇرۇپ كەلگەن، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەل ئارىسىغا سىڭىشىش تارىخىدا يېڭى سەھىپە ياراتقان مەسئۇلىيەتچان، ئىستېداتلىق شائىر. «ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى شۇكى، ئاپتور ئۆز يۇرتىدا ۋە ئائىلىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا بىۋاسىتە ياكى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەينى زامان رېئاللىقىغا بولغان ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ۋە باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.»[2] ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتنى، ۋاپا ـ ساداقەتنى، مېھرىبانلىقنى، شەخسىي غەرەزدىن خالىي سەمىمىي دوستلۇقنى زوق ـ شوق بىلەن كۈيلىگەن. يۇرتىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەر خىل تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خەلق ئاممىسىغا سەمىمىي ھېسداشلىق قىلىپ، كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلغان. بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن شەرھلەش مۇمكىن:

بىرىنچى، ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش، قەدىرلەش، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشقا ئىنتىلىش ـــ سالىھىي شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن يادرولۇق مەزمۇنلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدا، بىر تەرەپتىن، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىلاسسىكلارنىڭ ئۇدۇمىغا ۋارىسلىق قىلىنىپ، سۆيگۈنىڭ مۇقەددەسلىكى، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ قىيىنلىقى، مۇشەققەتلىكلىكى سەنئەتلىك نامايان قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى لىرىكىلاردىكى مەدھىيەلەش، ۋەسلىگە يېتىش نىشانى قىلىنغان «سەرۋى قامەتلىك دىلبەر»نى ھەددىدىن زىيادە ئابستراكتلاشتۇرۇۋېتىش، غايىۋىلەشتۇرۇۋېتىش، مۇئەللەقلەشتۇرۇۋېتىش خاھىشىغا ياندىشىمىغان ھالدا ئۆزگىچە يول تۇتۇپ، لىرىكىچىلىقنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇنىڭ مۇھەببەت تۇيغۇلىرى ۋە

---

[1] بۇ شېئىرلارنىڭ بىر قىسمى قادىر بۇلاق ۋە ئەھمەت ھىمىتلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 21 ـ سانى(1987 ـ يىللىق) ۋە 1995 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[2] مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەھمەد: «شائىر موللا سالىھ ئىجادىيىتى توغرىسىدا ».

جۇدالىق ئازابلىرى ئىپادىلەنگەن لىرىكىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى غايىسىدىكى ئابستراكت يارغا ئەمەس، بەلكى ياشلىقتىكى دىلبىرى، يىگىتلىكتىكى سادىق ھەمرىيى سۆيۈملۈك ئايالىغا بېغىشلانغان، ئىككى ياشنىڭ سەمىمىي مۇھەببىتىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى قىلىنغان بولۇپ، كىشىگە ئۆزگىچە تەسىرات ۋە ھاسىلات ئاتا قىلىدۇ.

*باغ ئىرە قىلىپ چەمەن ئۇزارلىق،*
*ئول گۈلشەن ئارا جان فەزارلىق،*
*ۋەقتىكى يېتىپ ئىدى مۇھەييالار،*
*بۇلبۇللار چېكەر ئىدى نەۋالار.*
*ئول مەن بولۇبان، مەن ئول بولۇپ ھەم،*
*ئاندا يوق ئىردى كۆڭلۈمدە ھېچ غەم.*
*گەھ ئويناشىپۇ گەھى كۈلۈشۈپ،*
*گەھ يىلداشىپۇ گەھى سۆيۈشۈپ.*
*گەھ باغ ئىچرە قىلىپ گۈزەرلەر،*
*گەھ گۈلگە قىلۇر ئىدۇك نەزەرلەر.*
. . . . . . . . . . . . . . . . .
*قورقار ئىدۇق خەزان يەلىدىن،*
*پىنھان بولۇبان جەھان ئېلىدىن.*
*بىر كۈن كېلىبان قەزا ھۇجۇمى،*
*گۈلشەننى ساۋۇردى يەل سەمۇمى.*
*يەتتىكى خەزان باھار كەتتى،*
*گۈلشەن ئارا گۈلئۇزار كەتتى.*
*يارىمدىن ئولۇپ ئول كۈن جۇدا مەن،*
*فۇرقەت ئوتى بىرلە مۇپتەلا مەن.*
*ئۆرتەدى جانىمنى داغى ھىجران،*
*ياشىم تۆگەدى تۆكەل قىزىل قان.*

شائىر غايىسىدىكى يارى بىلەن ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىكى، ئۆز مەھەللىسىدىكى كۆڭلى چۈشكەن مەشۇقى بىلەن گۈلشەندە كۆڭۈل ئىزھارلىرىغا ئورتاقلىشىدۇ، ئالەمچە بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ. كېيىن ئويلىمىغان يەردىن قازا ھۇجۇمى گۈلشەننى خازان قىلىپ، مەشۇقىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ھىجراندىن جېنى داغلانغان شائىرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس قانلار قۇيۇلىدۇ... شائىرنىڭ «موللا سالىھنىڭ گۈلنامەئىي زۇكارنىڭ بەيانى تۇرۇر»، «موللا سالىھنىڭ روزگارىنىڭ بەيانى» ناملىق شېئىرلىرىمۇ مەخسۇس ئايالىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بىر ۋاپادار ئاشىقنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇقچۇپ چىققان سەمىمىي ھېسسىيات كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى، خەلقچىللىق روھى. شائىر ھەر ۋاقىت ئۆزىنى خەلقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئەزاسى دەپ قارايدۇ. ئۇلارغا كۆيۈنىدۇ، ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىشنى ئادىمىيلىك بۇرچى دەپ تونۇيدۇ. خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق بىر كېلىشمەسلىك ئۇنىڭ نىمجان يۈرىكىنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ، ئازابلايدۇ. خەلقنىڭ بەختسىزلىكىگە قايغۇرىدۇ. شائىرنىڭ «موللا سالىھنىڭ چېچەكنى ھەجۋىي قىلغانى»(18 كۇپلېتلىق مۇخەممەس)، «موللا سالىھنىڭ

كالالارنىڭ ئۆلگەنىنىڭ بەيانى»، «موللا سالىھ ئالا قورتنى ھەجۋي قىلغانلارنىڭ بەيانى» نامىدىكى مۇخەممەسلىرى بۇ قارىشىمىزنى پاكىتلىق ئىسپاتلايدۇ. بۇ مۇخەممەسلەر خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى ئېغىر تالاپەتلەرگە ئۇچراتقان ۋابا كېسىلى ۋە ئالا قورت ۋەقەسى تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا كەلتۈرگەن زىيىنىغا بولغان ئېچىنىشى، ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتىدىن باشقا، يەنە شائىرنىڭ ئانا يۇرتى بولغان قاراقاشنىڭ يۇرت تارىخىنى يورۇتۇشتىمۇ مۇھىم ماتېرىياللىق قىممىتى بار.

ئۈچىنچى، دوستلۇقنى قەدىرلەش. بۇ سالىھي ئىجادىيىتىدىكى ياندىاپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان مۇھىم بىر تەرەپ. شائىرنىڭ دوستلۇق ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرى «موللا سالىھنىڭ دوستلارنىڭ بەيانى» ناملىق مۇخەممىسىدە مەركەزلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. 14 كۇپلېتلىق ھەجىمدىكى بۇ مۇخەممەس شائىرنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا، 53 يېشىدا ئېغىر كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ۋاقتىدا يېزىلغان. شائىر ئۇنىڭدا، 53 يىللىق ھاياتىدا قول بېرىشكەن دوستلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بەرگەن. ئايالى ۋە يۈرەك پارىسى بولغان ئوغلى قازاغا ئۇچرىغاندا، دوستلىرىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، بۇرچىنى ئادا قىلغىنىدىن سۆيۈنۈش، شۇنداقلا تېنىگە قېرىلىپ يېتىپ، ئاغرىپ قالغاندا ئىزدىمىگەنلىكىدىن رەنجىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. شۇ ئارقىلىق دوستلۇقنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى دوستلۇقنى قەدىرلەپ، دوستلار ئالدىدىكى بۇرچىنى ئاخىرغىچە ئادا قىلىشقا دەۋەت قىلغان. شائىرنىڭ دوستلۇققا قويغان ئاساسلىق تەلىپى: سەمىمىي، ۋاپادار بولۇش، خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىرگە خاپىلىقنىمۇ ئورتاقلىشىش، باشقا كۈن كەلگەندە بىر-بىرىدىن قاچماسلىق، دائىم ئىزدىشىپ، ھال-ئەھۋال سورىشىپ، دوستلۇق تۈگمىنىنى سۇسىز قويماسلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ شۇ دەۋردىلا ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2. شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

موللا سالىھنىڭ شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتىلا ئەمەس، بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

بىرىنچى، ئۇسلۇبى يەڭگىل، شېئىرىي پىكىر ئەركىن، سەنئەتلىك ئىپادىلەنگەن. شائىر كىچىكىدىن باشلاپ ئەل ئارىسىدا ياشاپ، خەلقنىڭ مول ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقىدىن يېتەرلىك ئوزۇق ئالغان، بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئوچۇقلۇق ۋە ھازىر جاۋابلىق ئۆزگىچىلىكى شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

*ئىشقىڭ تۇشۇپدۇر باشىمە، كۆزدىن ئاقىپ ياشىمە،*
*مۇڭ تۆككەلى مۇڭداش يوق، ئەرز ئەتكەلى ھالداشىمە،*
*ھەجرىڭدە ياتتىم سارغەرىپ، كەلسەڭ نەدۇر بىر قاشىمە،*
*چېھرەم بەمىسلى كەھرەبا ئەي باغرى قاتتىغ تاشىمە،*
*تاڭلا قىيامەتتە جەۋاب بەرگىن ماڭا قىلغان ئەلەمە.*

يۇقىرىقى شېئىرنىڭ ۋەزنى يەڭگىل، ئەركىن، ئوقۇشقا، يادلاشقا ئەپچىل بولۇپ، ئۇنى خەلق قوشاقلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش تەس.

ئىككىنچى، ھېسسىيات چىن، سەمىمىي ۋە كۈچلۈك بولۇپ، شېئىرىي مەقسەتنى ئىپادىلەشتە قېلىپقا ئەمەس، قەلبىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. شۇڭا يازمىلىرى ئوقۇرمەنلەرنى

كۆچلۈك ھاياجانغا سالىدۇ.

*يار ئۈچۈن گۈل تارىدىم ئەيلەپ مەشەققەت ئەمگەلىپ،*
*كۆز ياشىم بىرلە سۇغاردىم پەرۋەرىشلەر مەن قىلىپ.*
*گۈل كامالىغا يېتىشمەسدە قىلىپ يارىم سەفەر،*
*مەن قالىپ يالغۇز دىيارىمدا مۇساپىر ھەم غەرىب.*

ئۈچىنچى، مەجازىيغا تويۇنغان، رىتىم، تۇراقلىرى ئېنىق، قاپىيەلىرى سىلىق بولۇپ، شېئىرىي ئۆلچەملەرگە قاتتىق رىئايە قىلىنغان.

*يۈزى گۈلدۇر، ساچى سۇمبۇلمۇدۇر يا مۇشك ئەنبەردەك،*
*كۆزى قاتىل، قاشى شەمشەر، ئانىڭ مىژگانى خەنجەردەك.*

تۆتىنچى، تىلى خەلق قوشاقلىرىنىڭ تىلىدەك يەڭگىل، ئىخچام، ئەۋرىشىم، ھەممىدە شېئىرىي مەقسەت چىقىش قىلىنغان ۋە شۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغان. ئارتۇقچە سۆز ئويۇنى قىلىدىغان، بىر خىل مەھسۇلاتنى بىرنەچچە خىل كورۇپكىغا قاچىلاپ، ئوقۇرمەننى كولدۇرلىتىدىغان ناچار ئىجادىيەت ئىستىلىدىن يىراق تۇرغان.

*ھەريان نەزەرىمدە يۈز تۈمەن گۈل،*
*سەندىن يەنە بىر گۈلى چەمەن يوق.*
*كۆڭلۈمدە ھەممە سىنىڭ ۋىسالىڭ،*
*مەندەك يەنە ئارزۇمەند يوق.*
*گەۋھەرنى تونۇر مەئانى سەرراف،*
*سەندەك يەنە بىر دۇررى ئەدەن يوق.*
*شەھلا كۆزى، رويى لالە ئەھمەر،*
*سەرۋ جەد ئول سىيمەن بەدەن يوق.*

ئومۇملاشتۇرغاندا، شائىر سالىھىي قانداق يېزىشنىلا ئەمەس، نېمىنى يېزىشنىمۇ ئەقلىي ھېس قىلىپ، شېئىرلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا دادىل سۇنالىغان ۋە شۇنى چىقىش قىلغان يالقۇنلۇق رېئالىستىك شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ سەمىمىي، چىن ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىلغان ئۆزگىچە نەزملىرى ئۆزىدە ھازىرلىغان بىرقاتار ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالتۇن بەتلىرىدىن ھۆرمەت بىلەن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ[①].

## §6. موللا ھەيدەر

موللا ھەيدەر(تەخەللۇسى مىسكىن) 18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئىجتىھاتلىق شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان.

---

[①] بۇ ماتېرىيال مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەھمەدنىڭ «شائىر موللا سالىھ توغرىسىدا»، («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 21-سانى)؛ «يېڭى تېپىلغان بۈيۈك مىراس» («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 1-سانى)؛ قادىر بۇلاق نەشرگە تەييارلىغان «سالىھىي شېئىرلىرىدىن» («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 21-سانى)؛ ئەھمەت ھىمىت نەشرگە تەييارلىغان «مۇخەممەسلەر» («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 4-سانى) قاتارلىقلار ئاساسىدا تەييارلاندى.

شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا تەپسىلىي ماتېرىيال تېپىلغىنى يوق. پەقەت ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىگە قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بەزى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، ئۇنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىن ئاخىرلىرىغىچە بولغان مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا خوتەن (ئىلچى) شەھىرىدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، خوتەن ھۆكۈمدارى ئەمىر ئەزىزنىڭ ھۇزۇرىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

موللا ھەيدەر كۆپ تىللىق، ئىستېداتلىق شائىر بولۇپ، ئىجادىيىتى شېئىرىيەت ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئەسەرلىرىدىن خوتەنلىك موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇپ ئىسىملىك ئىككى كاتىپ تەرىپىدىن ھىجرىيە 1275 ـ يىلى (مىلادىيە 1855 ـ يىلى) كۆچۈرۈلگەن 34 مىڭ 570 مىسرالىق چوڭ تىپتىكى شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن بىر بۆلۈك لىرىك شېئىرلىرى، پارسچىدىن نەزمىلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغان «جەڭنامە ھەزرىتى ئەلى»، «رەۋزەتۇششۇھەدا» ناملىق ئىككى داستانى، شۇنداقلا شائىر موللا نىياز بىلەن بىرلىشىپ نەزمىلەشتۈرۈپ چىققان «ئەمىر ئابا مۇسلىم» ناملىق زور ھەجىملىك داستانى بار.

شائىرنىڭ «جەڭنامە ھەزرىتى ئەلى» ناملىق ئەسىرى 1500 مىسرادىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلىپىلىك نۆۋىتى ھەزرىتى ئەلىگە يەتكەندە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىچكى جېدەل ـ ماجىرالار نەزم شەكلى بىلەن بايان قىلىنغان. «رەۋزەتۇششۇھەدا» ناملىق ئەسىرىدە ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بولغان كەربالا ئۇرۇشى بايان قىلىنغان. ئەسەر ئالتە مىڭ مىسرا ئەتراپىدا بولۇپ، 14 بابقا بۆلۈنگەن. بىرىنچى بابتىن تۆتىنچى بابقىچە بولغان قىسمى مۇقەددىمە، بەشىنچى بابتىن 14 ـ بابقىچە بولغان قىسمى ئاساسىي ۋەقەلىك قىسمىدۇر. شائىرنىڭ نىيازىي بىلەن بىرلىشىپ نەزمىلەشتۈرۈپ چىققان «ئەمىر ئابا مۇسلىم» ناملىق داستانىدا ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر شەخس ئابا مۇسلىم ۋە ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان ھەربىي، سىياسىي كۈرەشلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەر جەمئىي 15 مىڭ مىسرا ئەتراپىدا.

موللا ھەيدەر مول ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىجتىھاتلىق شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ موللا ئىمىن، موللا ياقۇپلار كۆچۈرگەن بىرلەشمە شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن لىرىك شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقالغان (توپلامنىڭ 96 بەت، 5360 مىسرالىق قىسمى يوقاپ كەتكەن بولۇپ، يوقالغان قىسمى موللا ھەيدەرنىڭ لىرىك ئەسەرلىرىگە توغرا كەلگەن). ساقلىنىپ قالغان ئاز بىر قىسىم شېئىرلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ئىستېدات ۋە بىلىم جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن شائىر ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ[①]. موللا ھەيدەرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە لىرىكىلار، جۈملىدىن غەزەل ۋە مەسنەۋىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شائىرنىڭ لىرىكىلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ئاساسەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تېمىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە نەۋايى، ئاتايى، سەككاكىي، لۇتفىي، زەلىلىي قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ لىرىكچىلىق ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى بېيىتقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە دادىل نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، ھايات مۇشكۈلاتلىرىغا توغرا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش، ئادىمىيلىك پەزىلەت ۋە ياشاش مىزانى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مېغىزلىق

① شائىرنىڭ ساقلىنىپ قالغان شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمى قادىر بۇلاق، ئەخمەت ھىمىتلەرنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشر قىلغان «باياز» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىرنىڭ لىرىكىلىرىدا ھايات گۈزەللىكى مەدھىيىلەنگەن، ئۇنىڭ گۈلتاجىسى بولغان غايىۋى يار يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتتە مەجازىيلاشتۇرۇلۇپ، مۇھەببەتنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە يار ۋەسلىگە يېتىشنىڭ مۈشكۈللۈكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، سۆيگۈ شەرتلىرى ئىزاھلانغان.

*جانىم كۈيەدۇر فىراق ئوتىغە،*
*جىسمىم داغى ئىشتىياق ئوتىغە.*
*ھەجرىڭ بۇ كۆڭلۈمنى قىلدى پارە،*
*فەريادىمغا يەتمەسەڭ نە چارە.*
*تەلمۈردى كۆزۈم فىراقىڭىزدا،*
*سارغاردى يۈزۈم ئىشتىياقىڭىزدا.*
*ئۆرتەپ يۈرىڭىز فىراقى بىزنى،*
*شەھلا كۆزىڭىز ئىشتىياقى بىزنى.*
*مەن خەستەنى گاھى ياد قىلغىل،*
*غەم دىيدە كۆڭۈلنى شاد قىلغىل.*
*يۈزۈڭنى كۆرۈپ جەھاندا، ئەي جان،*
*ئۆلسەم داغى قالماس ئىچىمدە ئارمان.*

شائىر يارنىڭ گۈزەللىكىنى مەدھىيىلىگەندە، ئۇنىڭ تاشقى گۈزەللىكىنى ئەڭ پاساھەتلىك تىللار بىلەن ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئىچكى گۈزەللىك بىلەن زىچ بىرلىشىشىنى شەرت قىلىدۇ. شائىرنىڭ قارىشىچە، تاشقى گۈزەللىك پەقەت ئىچكى گۈزەللىك بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ. شائىرنىڭ ئۆز قەلبىدىكى گۈزەل يارنىڭ پەزىلىتىگە قويىدىغان تەلىپى «ھايا» ۋە «ۋاپا»دىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇ يار ئوبرازىنىڭ لاتاپىتى ۋە سالاپىتىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ.

*نېتەي ئالەمغە بار شەرمۇ ھايا قىز،*
*كى ئەي دەۋران، ۋەفا ئىزھارىن ئەيلەپ.*

شائىر لىرىكىلىرىدا ھايات گۈزەللىكىنى، مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئادىمىيلىك پەزىلەت ۋە ياشاش مىزانى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مېغىزلىق چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىرنىڭ قارىشىچە، ھايات چەكلىك، لېكىن مەنىسى چەكسىز. ئىنسان تىرىكلىكىدە چوقۇم ياخشىلىق يولىنى تۇتۇپ، يامانلىقتا يولىماسلىقى، ئاجىزلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، ئۇلارغا ساخاۋەت قولىنى سۇنۇشى لازىم. ياخشىلىق ھەرگىز يەردە قالمايدۇ. پەقەت كىشى ياخشىلىق گۈلىستانىنىڭ ساھىبى بولالىسىلا چەكلىك ھاياتىنى چەكسىز مەنىلەرگە ئىگە قىلالايدۇ، ئەل-ئاۋام ئارىسىدا ئىناۋەت تاپالايدۇ، نامى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

*ئۆتۈپ كەتتى ۋەلىيۇللاھ، نەبىلەر،*
*ئەجەل يەتكەندە بىردەم تۇرمادىلەر.*
*تىرىكلىكدە قىلىپ بىر ياخشى ئەئمەل،*
*قىلىپ خەير-ساخاۋەت ياخشى ئەئمەل.*
*كىشى تۇرماس بۇ ئالەمدە، بىلىڭلار،*
*نەيەردە ياخشى ئىش بولسە قىلىڭلار.*

شائىر كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، كىشىلەرنى بىلىم

ئېگىلەشكە، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئىززىتىنى قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل قارىشى ئۇنىڭ «موللا ھەيدەر خەلفەتىنىڭ گەداي خوجە ئاخۇنلۇقغە يازغان مۇھەببەتنامەسى» ناملىق مەسنەۋىسىدە روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. 40 مىسرالىق بۇ مەسنەۋى شائىرنىڭ ياركەندتىكى كاتتا ئۆلىما گاداي خوجا ئاخۇنلۇققا يازغان سالامىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر گاداي خوجىنىڭ ئىلمىي سالاپىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن. ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن. ئاخىرىدا ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، ئاتايىن (خوتەندىن) ياركەندكە بېرىپ، گاداي خوجا ئاخۇنلۇق بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىلمىي سۆھبەتتە بولۇش ئارزۇسىنى بايان قىلغان.

*ئەي، ئاتى گەدا ئۆزى گۆھەر ناب،*
*ئەربابى ئۇلۇم ئىچىدە ناياب.*
*ئەي، تۇتۇئىي ئىلمىي شەككەر ئەفشان،*
*ئەي ئەختەرى سەئىددەك دۇرەخشان.*
*ئەي قۇمرىئى ئىلىم نۇكتەدانى،*
*ئەي بۇلبۇلى قۇدس جاۋىدانى.*
*زاتىڭغا فەرشتەلىق مۇسەللەم،*
*ئالىب نەچچە بولسا سەن مۇئەللەم.*

شائىرنىڭ شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن مول بولۇپلا قالماستىن، بەدىئىيلىك جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئاساسلىقى، ئىجادىيەتتە كىلاسسىكلارنىڭ شېئىرىي قائىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىش ئۇدۇمىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شېئىرىي پىكىرنى ئوبرازلىق، جانلىق گەۋدىلەندۈرۈش، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ رولىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ بەدىئىي مەقسەتنى سەنئەتلىك، تارتىملىق ئىپادىلەش يولىدا ئىجادىي ئىزدەنگەن. شائىر شېئىرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، مەنتىقلىقى كۈچلۈك بولۇپ، باش تېما ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان.

## §7. ئابدۇرەھىم نىزارىي

### 1. ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ، يوكسەك غايىۋى ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن تالانتلىق رېئالىست شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئەدىبلەرنىڭ بىرىدۇر.

شائىرنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئابدۇرەھىم. «نىزارىي» ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، بۇ سۆز «ئاجىز»، «غەمكىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شائىر كەمتەرلىكنى ئىپادىلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىگە ئورتاق بولغىنى ئۈچۈن، شۇ ھالىتى ۋە ئىدىيەسىگە مۇۋاپىق ھالدا مۇشۇ تەخەللۇسنى قوللانغان بولسا كېرەك.

شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي مىلادىيە 1776 ـ يىلى كاشغەر كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال

يېزىسىدا تۇغۇلغان[1]. ئۇ دەسلەپتە ئۇيالدىكى دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ خەت ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، 1790 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئەينى دەۋرنىڭ يۇقىرى بىلىم يۇرتى بولغان كاشغەر خانلىق مەدرىسەسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئوقۇش جەريانىدا ئۇ ئۆتكەن دەرسلىكلەرنى مۇكەممەل ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلەپ، ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى. پارس ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان مەشھۇر شەيخ سەئدى، خوجا هاپىز شىرازىي، ئابدۇراخمان جامىي، مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەلىشىر نەۋايى، سەككاكىي، لۇتفىي، ئاتايى قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەنمۇ يېقىندىن تونۇشۇپ، ئۇلار ئۇستىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، شېئىر ئىجادىيىتىگە قەدەم باسقان. شائىر ئوقۇش جەريانىدا خەت پۇتۇش ۋە خەتتاتلىق سەنئىتىنىمۇ قولدىن بەرمەيلا قالماستىن، زامانىنىڭ پەننىي بىلىملىرى ھېسابلانغان ماتېماتىكا، لوگىكا، پەلسەپە، تېبابەت قاتارلىق پەنلەرنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئىلىمنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە ئۆز ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن. بۇ خىل ئەتراپلىق ئىزدىنىش شائىرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى بەدىئىي ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىجادىيەت بەيگىسىگە ئاتلىنىشى ئۈچۈن كۈچلۈك ئىلھام بەردى.

شائىر نىزارىي 1796 ـ يىلى ئەتراپىدا خانلىق مەدرىسەنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن كاشغەر شەھرىدە كىتابلارغا شىراز باغلاش، خەتتاتلىق، كاتىپلىق قىلىش، كىتابپۈرۈشلۈق بىلەن شۇغۇللىنىپ، دەسلەپكى ھاياتىنى يېقىرچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. شائىر بۇ ھەقتە:

*دىيارى ئەھلىنىڭ بىر پەقىرى ئىردىم،*
*زامان خەيلىنىڭ بىر ھەقىرى ئىردىم.*
*كى پېشە جاھاندا كىتابەت ئىردى،*
*ئانىڭ ھاسىلىدىن تىجارەت ئىردى.*

دەپ ئەسكەرتكىنىدەك، ئۇ نەۋايىنىڭ «خەمسە»، سەئدىنىڭ «بوستان»، «گۈلىستان» ئەسەرلىرىنى، خوجا هاپىز، ئابدۇراخمان جامىي، شىرازىي، زەلىلىي، مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل قاتارلىقلارنىڭ نەزمىلىرىنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ ئەل ئىچىگە تارقاتتى. تۈرلۈك نۇسخىلارنى كۆچۈرۈش ئىنتايىن جاپالىق ئىش بولسىمۇ، لېكىن شائىرنىڭ بۇ ئەمگەكلىرى بىر تەرەپتىن تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىنى جانلاندۇرۇشتا ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولدى.

پۇتۇن ئۆمرىنىڭ ئاتمىش يىلىنى دېگۈدەك ئۆگىنىش، بەدىئىي ئىجادىيەت، خەتتاتلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن شائىرنىڭ ھۆسنخەت قابىلىيىتى ۋە شائىرلىق تالانتى كاشغەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمرانى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. 1835 ـ يىلى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىينى ئۆز ئوردا مەھكىمىسىگە باش مىرزىلىققا تەيىنلىدى. شائىرنىڭ ئوردا مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلغان مەزگىللىرى ئىجادىيىتىنىڭ تازا گۈللەپ ياشىنغان دەۋرى بولۇپ، ئۇ مۇشۇ يىللاردا دىۋانخانىدىكى باشقا قەلەمداشلار بىلەن پىكىردە بىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى

---

[1] ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ھەققىدە بىر قىسىم زىيالىيلار ۋە تەزكىرىچىلەر ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىپ، شائىرنىڭ ئۇيالدا تۇغۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ماقالىلەرنى يازدى. بۇ ھەقتە ئابلا ئەخمىدىنىڭ «نىزارىينىڭ يۇرتى ۋە ھاياتى ھەققىدە ئىزدىنىش» («قەشقەر گېزىتى» 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاي) ۋە ئۇنىڭ «قەشقەر» ژۇرنىلىغا بېسىلغان باشقا ماقالىلىرىگە قاراشقا بولىدۇ.

ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بېيىشى ئۈچۈن ئاجايىپ ياخشى نەمۇنىلەرنى ياراتتى. بۇ مەزگىللەردە ئۇ كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ ئاتالغان توپلامنىڭ ئىچىدىكى «مۇقەددىمە»، «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا»، «رابىيە ۋە سەئىدىن» قاتارلىق داستانلارنى يېزىپ چىققان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا شائىرنىڭ «زادۇلنەجات» («دۇررىئۇلنەجات»، «دەھرۇننەجات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق ئەسىرى، مۇخەممەسلەر ۋە نورۇز ئاخۇن زىيائىي بىلەن بىرلىكتە يازغان چوڭ ھەجىملىك «چاھار دەرۋىش» ناملىق داستانىمۇ بار.

شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي مىلادىيە 1840 ـ يىلى تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئەربىي، زىيائىي قاتارلىق شائىرلار بىلەن بىرلىكتە تۇرپان لۈكچۈنگە بارغان. ئۇ يەردە ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىغا ئېرىشىپ بىر نەچچە يىل تۇرۇپ قالغان. شائىر ئۇ يەردىن 1843 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1844 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قايتىپ كېلىپ، كاشغەر ئوپالنىڭ قۇمباغ(ئازىخ) كەنتىدىكى ساپ ھاۋالىق جايدا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن. شائىر مۇشۇ مەزگىللەردە يەنە «ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى»دىن پايدىلىنىپ تارىختىكى داڭلىق شەخسلەر، ئىسلام ئالىملىرى جۈملىدىن مەھمۇد كاشغەرىي قاتارلىقلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى بايان قىلىنغان «دىيارى ئىمام» ناملىق بىر تەزكىرىنى يېزىپ چىققانلىقى مەلۇم. نىزارىي ھىجرىيە 1266 ـ يىلى(مىلادىيە 1850 ـ يىلى) كاشغەر ئوپالدا ۋاپات بولغان.

نىزارىينىڭ ئەينى دەۋردە تالانتلىق مەرىپەتپەرۋەر شائىر بولۇپ چىقىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ: بىرى، نىزارىي ئۆز ھاياتىنى خەلق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن، شائىر ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۆز خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە مىللىي فولكلور مىراسلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلاردىن مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئىلھام ئالغان. يەنە بىرى، شائىر ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىلاسسىك ئەدىبلەردىن لۇتفىي، نەۋايى، زەلىلىي، نەۋبەتىي قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان. بولۇپمۇ نەۋايىنى ئۆزى ئۈچۈن پىر ـ ئۇستاز دەپ قارىغان. نىزارىينىڭ بۈيۈك شائىر نەۋايىنىڭ غەزىلىگە بېغىشلاپ يازغان مۇخەممەسلىرى 30 نەچچىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى مەلۇم.

*ئەي ستەم مەن نەتاۋانغا بىر زامان قىلما سىتىز،*
*ئەي ئەلەم قىلما جەفا بىرلە كۆڭۈلنى زىر ـ زىر.*
*ئەي غەمۇ كەت باشىمدىن ئەتمە جاندا رىستە خىز،*
*ئەي جەفاگەر قىل بىراۋغا كىم ئىكەۋلەن بولغامىز.*
*مەن جەفا چەكمەكتىن، سەن بىۋاپالىقتىن خالاس.*

شائىرنىڭ نەۋايى غەزىلىگە ئاتاپ يازغان بىر مۇخەممىسىنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىدا پەلەكنىڭ دەرد ـ ئەلەم، غەم ـ قايغۇلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، زاماندىن ئادالەت تەلەپ قىلىشتەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھ ئىپادىلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ كېيىنكى كۇپلېتلىرىدا بۇ خىل ئىدىيەۋى پىكىر تېخىمۇ كېڭەيتىلگەن ھالدا ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ.

*ئەي كۆڭۈل بول يارنىڭ كويىدا ھەركۈن بارسەن،*
*دەھر زەنجىرىدىن نە غەمدۇر تالىپى دىدارسەن.*
*بىنەۋا ئەر جۈملىسىگە ئەي نىزارىي زار سەن،*
*ئەي نەۋايى بىنەۋا ئىست كى سەن دىدارسەن.*

*گەر نەۋا ئىستەرسەن ئۇلما بىنەۋالىقتىن يىراق.*

شائىر نىزارىي ئەينى دەۋردە زىيائىي، غەرىبىي، تۇردى شەيخ ئاخۇن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ دىۋانخانىسى(پۈتۈكچىلىك ئىشخانىسى)دا خىزمەت قىلغان مەزگىللەردە نەۋايى، زەلىلىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ خەلقىمىز ئىچىگە كەڭ تارقىلىشى ۋە يۇقىرى ئەدەبىي تەسىرگە ئىگە بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

**2. ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ داستانلىرى ھەققىدە**

شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانچىلىقىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرى(ئۈچىنچى ئالتۇن دەۋرى)نىڭ ۋەكىلى. شائىرنىڭ داستانلىرى «نىزارىي داستانلىرى» نامى بىلەن ئايرىم كىتابچە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇ شائىرنىڭ كىتاب ھەققىدىكى ئۇزۇن ھەجىملىك بىر مۇقەددىمىسى، «فەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا»، «رابىيە ۋە سەئدىن» قاتارلىق 4 داستانى ۋە «دىباچە» (مۇقەددىمە)دىن ئىبارەت 5 چوڭ ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، 8272 مىسرالىق چوڭ ھەجىملىك بىر توپلامدۇر. شائىرنىڭ بۇ توپلامدىكى داستانلىرى شائىر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ، ئەنئەنىۋى سۇژىتقا ئايلىنىپ كەتكەن رىۋايەتلەرنى سۇژىت قىلىپ تاللىۋېلىش ئارقىلىق مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا بىرىنچىدىن، ئاسارەت زەنجىرى بىلەن كىشەنلەنگەن خەلقنىڭ مۇڭ-زارىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئىككىنچىدىن، ئۆزى ياراتقان غايىۋى ئوبرازلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق فېئوداللىق زۇلۇم ۋە خۇراپىي دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تاشلىغۇچى زەنجىر-كىشەنلىرى ئاستىدا يۈرىكى مۇجۇلغان جاپاكەش خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە بولغان تەلپۈنۈشى، ۋاپادارلىق، سەممىيەتكە ۋە ھەققانىيەتكە بولغان قىزغىن ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۈچىنچىدىن، بۇ غايىۋى ئوبرازلار ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىكنى، بۇ ئادالەتسىز زاماننىڭ ھىمايىچىلىرى بولغان زالىم ئەمەلدارلارنى، خىيانەتچى، پارىخور تىرىكتاپلارنى قاتتىق قامچىلاپ، بۇۋاپا زامان ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلدى. شاھ، ئەمەلدارلارنى ئەدلى-ئادالەت بىلەن ئىش قىلىشقا چاقىردى. خەلقنىڭ ئەينى شارائىتتىكى زۇلمەتلىك ۋە جاھالەتلىك زامانغا قارشى ئۆرلىگەن نارازىلىق كەيپىياتىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە باي بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئاجايىپ مۆۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈردى.

شائىر ئۆز داستانلىرىدا فېئوداللىق تۈزۈمنى بېزەپ كۆرسەتمەستىن، بەلكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تەسىرچانلىق كۈچىدىن پايدىلىنىپ قەلبىدىكى ھەسرەت-پىغانىنى، خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش غايىلىرىنى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئەسەرلىرىدە فېئوداللىزمغا قارشى دېموكراتىك ئىدىيەلەرنى ئالغا سۈرۈپ، ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى يۈكسەك خەلقچىللىق روھىغا، روشەن رېئالىزملىق خاھىشقا ئىگە قىلدى. شۇڭا شائىرنىڭ داستانلىرى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن بىر قاتار ئىلغار ئىدىيەلەر بىلەن 19-ئەسىر ئىجتىمائىي ھاياتىنى چۈشىنىپ يېتىشتە بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

1) «دىباچە»

«دىباچە» (مۇقەددىمە) 1654 مىسرادىن تۈزۈلگەن بىرىنچى ئەسەر بولۇپ، بۇنىڭ بېشىدىكى

172 مىسراسىدا خۇدا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ھەمدۇ سانا ۋە نەئىت ئېيتىدۇ. 206 مىسراسىدا ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ ئوغلى سۇلتان ئەلپەتتا، سەئىد ۋەققاس، زىكرىيا ئەلەيھىسسالام، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام، جىرجىس ئەلەيھىسسالام، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۇسەيىنلەرگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىپ، ئاندىن تارىختىكى ئىران شاھى سىياۋۇش بىلەن تۇران شاھى ئافراسىياپ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ. 48 مىسراسىدا ئالەمنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن رەنجىش، ئادىللىق، مەردلىك بىلەن نام قالدۇرۇش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىنىدۇ. كېيىنكى 844 مىسراسىدا بولسا ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبى ۋە تارىخىي پائالىيەتلىرى، جۇملىدىن زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەر، قىلغان ياخشى ئىشلىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ. ئاخىرقى 488 مىسراسى شەيخ سەئىدى ۋە پادىشاھنىڭ قىزى ئەسمەئى ھەققىدىكى ھېكايىلەر بولۇپ، ئاپتور بۇ ھېكايىلەر ئارقىلىق ھەر قانداق ئىشنىڭ تەقدىرنىڭ رىزالىقى بىلەن بولىدىغانلىقى، ھەركىم ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ، ئۆزگىچە يول تۇتسا، ھامان پېشكەللىككە دۇچار بولۇپ پۇشايمانغا قالىدىغانلىقىدەك نىسبەتەن پاسسىپ خاھىش چۈشەندۇرۇلگەن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، «مۇقەددىمە»نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا تارىخىي شەخس ھەم ۋەقەلەرنى تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە ئىسلامىيەت نۇقتىنەزىرى بويىچە بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇنىڭدا ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبى، ئۇلارنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى، بېشىغا چۈشكەن قىسمەتلەر ھەمدە ئۇلار دەۋر سۈرگەن مەزگىلدىكى بەزىبىر تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئاپتورنىڭ ئۇلارغا بولغان كۆزقاراش، باھاسى ئىنچىكە ئىپادىلەنگەن. شۇڭا بۇ ئەسەرنى 18—19-ئەسىردىكى يۇرتىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مول مەنبە ۋە بىرىنچى قول ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە بەدىئىي تارىخ دەپ قاراشقا بولىدۇ.

**2) «فەرھاد ۋە شېرىن»**

«فەرھاد ۋە شېرىن» داستانى نىزارىي داستانلىرى ئىچىدىكى خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدىغان داستانلارنىڭ بىرى بولۇپ، شائىر بۇ داستاندا خەلق ئىچىدە ئەنئەنىۋى سۆزنتقا ئايلىنىپ كەتكەن فەرھاد ۋە شېرىننىڭ مۇھەببەت ۋەقەسىنى قايتا ئويرازلاشتۇرۇپ ئىشلەش ئارقىلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى، ۋاپادارلىق، ساداقەتنى، ئىتتىپاقلىق، ئۆملۈكنى، ئىلىم-پەننى، مېھنەت ۋە مېھنەتكەشلەرنى قىزغىن مەدھىيەلەپ، جاھالەتكە، ئادالەتسىز زامانغا، زالىم پادىشاھلارغا نىسبەتەن كەسكىن غەزەپ-نەپرىتىنى بىلدۇرىدۇ.

مەلۇمكى، فەرھاد-شېرىن رىۋايىتى ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا چۆچەك ۋە رىۋايەت سۈپىتىدە ئەسىرلەر بويى تارقىلىپ يۈرگەن. ئۇ خوتەن شاھزادىسى فەرھادنىڭ ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شەرققە يۈرۈش قىلغاندا خوتەن شاھى بىلەن كېلىشكەن تىنچلىق كېلىشىمىدىن كېيىن خاتىرە سوۋغىتى سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن جاھاننەما (ئەينەكى)دىن ئەرمەنىستاندىكى تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكە شېرىننى كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولغانلىقىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان. 7-ئەسىردىن 10-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ رىۋايەت ئىران خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ داستان شەكلىگە كىرگەن ۋە ئىراننىڭ 7-ئەسىردىكى پادىشاھى خۇسراۋنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ «خۇسراۋ ۋە شېرىن» دەپ ئاتىلىپ نام چىقارغان.

خۇسراۋ ۋە شېرىندىن ئىبارەت بۇ خەلق داستانىنى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن كىشى 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىران شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى بولدى. 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى يەنە شۇ نام بىلەن بۇ داستاننى پارس تىلىدا يېزىپ چىقىپ چوڭ شۆھرەت قازاندى. ئۇ فىردەۋسى داستانىدا تىلغا ئېلىنمىغان فەرھاد ئوبرازىنى كىرگۈزۈپ، داستاننى مەزمۇن جەھەتتىن بېيىتقان بولسىمۇ، ئەمما فەرھاد خوتەن شاھزادىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىلمەي، پەقەت خاقانى چىنغا بېرىپ ئوقۇپ قايتقان بىلىملىك يىگىت قىلىپ تەسۋىرلەندى. نىزامى گەنجىۋىدىن كېيىن ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ شۇ تېمىدا داستان ياراتقۇچىلار مەيدانغا چىقتى. ئۇ چاغلاردا شەرقتىكى نامدار شائىرلار خەمسە يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىنى سىناپ كۆرۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى نىزامى گەنجىۋى بىلەن تەڭلىشەلمىدى. نىزامى گەنجىۋىدىن كېيىن بۇ تېمىنى يورۇتقان كىشى 14 ـ ئەسىردە ياشىغان خارەزملىك قۇتۇب بىلەن ئەمىر خۇسراۋ دېھلىۋى بولدى. خۇسراۋ دېھلىۋى ئۆز ئەسىرىگە «شېرىن ۋە خۇسراۋ» دەپ نام قويۇش ئارقىلىق بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋەقەلىكنى ئەسلىي رىۋايەتكە بىر ئاز يېقىنلاشتۇرغان ھەمدە نىزامى گەنجىۋى ئىزىدىن مېڭىپ خېلى چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، ئەمما، نەۋايىغا يېتىشەلمىدى . ئۇلۇغ شائىر نەۋايى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن شائىرلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، بۇ داستاننى يېڭى سۇژېت، يېڭى پىكىر، يېڭى تەسۋىرلەر بىلەن بېزەپ، ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى بەدىئىي يۈكسەكلىككە ئىگە قىلدى. خوتەن شاھزادىسى فەرھادنى باش قەھرىمان ئورنىغا كەلتۈرۈپ، پادىشاھ خۇسراۋنى سەلبىي ئوبراز قىلىپ كۆرسەتتى ۋە بۇ داستانغا «فەرھاد ۋە شېرىن» دەپ نام بېرىپ، قايتىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىردى. نەۋايىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان شائىرلار يەنە بۇ تېمىدا ئەسەرلەر يارىتىپ نەۋايى بىلەن بەسلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى نەۋايىغا يېتىشەلمىدى. نەۋايىدىن 4 ئەسىر كېيىن بۇ تېمىغا مۇراجىئەت قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شائىرلارنىڭ بىرى 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى، تالانتلىق شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي بولدى. شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىلىرىدىن مول روھىي ئوزۇق ئالغان ھالدا نەۋايى ئىزىدىن مېڭىپ، فەرھاد ۋە شېرىن ۋەقەلىكىنى ئىجادىي ئىشلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يۈكسەك تالانتى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى جەۋلان قىلدى. نىزارىي بۇ داستاننى ياراتقاندا نەۋايىنىڭ مېھنەتلىرىگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ، بەزىبىر ئۆزۈن ۋەقەلىكلەرنى ۋە تەسۋىرلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قىسقارتىۋېتىپ ئاسان چۈشەنگىدەك ھالغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تەقلىدچىلىككە قەتئىي بېرىلمەي، ئۆزىگە خاس مۇستەقىل يول تۇتتى. نەۋايى ئىشلەتكەن بەدىئىي تەسۋىر ۋە ئوي ـ پىكىرلەرنى تەكرارلىماسلىققا تىرىشتى. شېئىرىي ۋەزىن جەھەتتىنمۇ باشقىچە يول بىلەن مېڭىپ نەۋايىدىن پەرقلەندۈردى. شۇنداق بولسىمۇ نىزارىي ئۆز داستانىنى سەۋىيە ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلدى.

3) «لەيلى ۋە مەجنۇن»

«لەيلى ۋە مەجنۇن» شائىر نىزارىينىڭ داستانلار توپلىمىدىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

شائىر بۇ داستاندا فېئودال كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە قارشىلىقى تۈپەيلى ۋىسال ئارزۇسىغا يېتەلمەي بۇ دۇنيادىن خوشلاشقان لەيلى ۋە مەجنۇندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، 19 ـ ئەسىر ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە يول قويماي، نۇرغۇن ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ پاجىئە بىلەن ئۆمرىنى

ئاخىرلاشتۇرۇشىغا سەۋەبچى بولغان قانلىق جىنايىتىنى پاش قىلغان ھەمدە بۇ تىراگېدىيەلىك ۋەقە ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، ئىنسانىي ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىش ئىستىكىنى ئىپادىلىگەن.

لەيلى ـ مەجنۇن رىۋايىتى ئەسلىدە ئەرەب خەلقلىرى خەلق ئېغىز ھېكايىلىرىنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما بۇ رىۋايەت ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىلا ئۆزىنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلىپ، ئەركىن مۇھەببەتنى تەرغىب قىلغانلىقى بىلەن شەرق ئەللىرى ئارىسىغا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تارقىلىپ، ئۇلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈرۈپ يادلاپ سۆزلەيدىغان گۈزەل بىر ھېكايىگە ئايلانغان. بۇ ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ گۈزەللىكى ۋە قىزىقارلىق بولۇشى بىلەن كۆپلىگەن شەرق يازغۇچىلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىر ـ يازغۇچىلىرىنىڭمۇ دىققەت ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان.

لەيلى ـ مەجنۇندىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى سۇژىتنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە ئېلىپ كىرىپ يازما ئەدەبىياتتا تۇنجى ئىپادىلىگەن كىشى نىزامى گەنجىۋى بولدى. ئۇ لەيلى ـ مەجنۇن رىۋايىتىنى شېئىرىي يول بىلەن داستانلاشتۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكى ۋە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئىلغار غايە ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، پارس تىلىدا ياراتقان «خەمسە»سىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن «خەمسە» چىلىك بىلەن شۇغۇللانغان بىر قاتار يازغۇچىلار لەيلى ـ مەجنۇن رىۋايىتىدىن پايدىلىنىپ بۇ تېمىدا كۆپلىگەن داستانلارنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ھېچقايسىسى نەۋايىدەك يۇقىرى بەدىئىيلىككە كۆتۈرەلمىدى. شائىر نەۋايى بۇ ۋەقەلىكتىن پايدىلىنىپ داستان يارىتىش ئارقىلىق «خەمسە»سىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «لەيلى ۋە مەجنۇن»نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلتۈردى.

نەۋايىدىن كېيىن تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئەدەبىياتىدا «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ نەچچىلىگەن نۇسخىلىرى مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما نەۋايى سۇژىتىغا يېتەلمىدى. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ تېمىغا مۇراجىئەت قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شائىر نىزارىي بولدى.

شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي بۇ رىۋايەتنىڭ ۋەقەلىكىگە مۇراجىئەت قىلىپ داستان يازغىنىدا لەيلى بىلەن مەجنۇن پاجىئەسىنى ئاددىيلا تەكرارلاپ قويماستىن، بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلارغا ئوخشاش، بۇ رىۋايەتنى ۋاسىتە قىلىپ ئۇنى 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى رېئاللىقى يەنى ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن قايتا يۇغۇردى. ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى چوڭقۇر كۆرسىتىش ئارقىلىق، لەيلى ـ مەجنۇن پاجىئەسىنىڭ يالغۇز ئەرەب زېمىنىدىلا ئەمەس، بەلكى فېئوداللىق تۈزۈم يۈرگۈزۈلۈۋاتقان كاشغەر شارائىتىدىمۇ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىققا نارازىلىق بىلدۈرۈپلا قالماستىن، كىشىلىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىپ، ئەركىنلىكى بوغۇلغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئاھ ـ زارلىرىنى لەيلى ئوبرازىدا، ئىشق ـ مۇھەببەت تۈپەيلى زىندانغا نەزەربەند قىلىنغان ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ غەزەپلىك ساداسىنى مەجنۇن قەلبىدە ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى قوللاش، كىشىلىك ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلىش غايىسىنى تولۇقى بىلەن ئەكس ئەتتۈردى. شائىر داستانىنىڭ كۈچلۈك رېئالىزملىق خاھىشقا ئىگە بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ مۇشۇ يەردە. «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالار شائىرنىڭ لەيلى ـ مەجنۇن پاجىئەسىنى ئۆز دەۋرىدىكى ئىشق ـ مۇھەببىتى جاھالەتلىك

فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ قاتمۇقات زەنجىر ـ كىشەنلىرى تەرىپىدىن بەربات قىلىنىپ ئېغىر پاجىئەگە يولۇققان كۆپلىگەن ئاشىق مەجنۇنلارنىڭ ئورتاق پاجىئەسى دەپ چۈشىنىپ، ئۇنى ئۆز دەۋرىدىكى فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىشتا ۋاسىتە قىلغانلىقىنى روشەن چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ:

*چۇ ئىشىق ئىچرە قالغان نە شاھۇ گەدا،*
*قىلىدۇ ئاخىر ئىشقا ۋۇجۇدىنى فەنا،*
*قىلۇر ئەقلى ئىمانىنى تاراج ئىشىق،*
*كى ئەجدار كەبى دەم چىكەر ئاچ ئىشىق.*

شائىر داستاندا لەيلى ـ مەجنۇن پاجىئەسىنىڭ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئورتاق، ئومۇمىي پاجىئە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپلا قالماستىن، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا زامانىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ:

*قىلىپ ئىشىق ئەھلىغە بىدارلىق،*
*زامانى ئاڭا بەرمەسكى شادلىق.*
*نەچە سەرۋىس قەددىنى خازان ئەيلىدى،*
*رىيازەتتە ئارۇزدا جان ئەيلىدى.*

نىزارىي يازغان «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىيلىكى شۇكى، شائىر بۇ داستاندا ئىلگىرىكى شائىرلار يازغان لەيلى ـ مەجنۇن ۋەقەلىكىنىڭ ھەممە تەرىپىنى تەكرارلاپ ئولتۇرماستىن، بەلكى ئاساسىي دىققەت نەزىرىنى تولاراق قەھرىمانىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىگە—لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ روھىي ئازابىنى ئەكس ئەتتۈرۈش تەرەپكە قاراتقان. شائىر ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بايان قىلغاندا، ۋەقەلىك ئارىسىغا غەزەللەرنى مۇۋاپىق ھالدا قىستۇرۇپ، قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئېچىپ بېرىشكە تىرىشقان. شائىرنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى ئوقۇغۇچىلاردا قەھرىمانغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىش تۇيغۇسىنى ئويغاتقان. مەسىلەن:

*ئەي ئەجەل، ئاھىستە رەۋ، زۇلىم نامايەن ئەيلەدىڭ،*
*قىبلىگاھىمنى قارا يەر بىرلە يەكسان ئەيلەدىڭ.*
*جانۇ كۆڭلۈمگە قويۇپ ئەمدى يېتىملىك داغىنى،*
*بۇ تىرىكلىكتىن داغى كۆڭلۈم پەرىشان ئەيلەدىڭ.*
*ئۈچرادى بادى خەزانغا ئابرويۇم گۈللەرى.*
*ئى قازايى بى مۇرۇۋۋەت بەرگى رىزان ئەيلەدىڭ.*
*نە ئىدى جۇرمۇم، ئايىرىڭ مېھرىبانلاردىن مېنى،*
*قالبى تەن ئىچرە قاتتىق دەردنى جان ئەيلەدىڭ.*

مانا بۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، ھىجران ئازابىدا ئۆرتىنىۋاتقان مەجنۇننىڭ ئۆزىگە چاڭگال سېلىپ كېلىۋاتقان ئەجەل ئۈستىدىن قىلىۋاتقان قانلىق شىكايىتى بولۇپ، بۇنى ئوقۇغان ھەر بىر كىتابخان مەجنۇننىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى بىلەن ئېچىنىشلىق روھىي دۇنياسىغا ھېسداشلىق قىلماي قالمايدۇ. شائىرنىڭ بۇ داستانىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشىگە تولاراق ئېتىبار بېرىش ئارقىلىق داستاننى زور لىرىكىلىق كۈچكە ئىگە قىلغانلىقىدەك مۇنداق ئارتۇقچىلىقىنى كىلاسسىك داستانچىلىقىمىزغا قوشقان تۆھپىسى ۋە يېڭىلىقى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

4) «مەھزۇن ۋە گۇلنىسا»

شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي داستانلىرى ئىچىدە ۋەقەلىكنىڭ ئەگرى-توقاي، مۇرەككەپلىكى بىلەن كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان يەنە بىر داستانى «مەھزۇن ۋە گۇلنىسا» بولۇپ، بۇ داستاننىڭ ۋەقەلىكى باشقا داستانلارغا ئوخشاش خەلق چۆچەكلىرى ئارىسىدىن تاللىۋېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ باش قەھرىمانلىرى بولغان مەھزۇن بىلەن گۇلنىسانىڭ شاھلار ياكى پەرىلەر ئەۋلادلىرىدىن ئەمەس، بەلكى سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئاددىي پۇقرالار ئارىسىدىن چىققان قىلىپ تاللىۋېلىنىشى، شۇنداقلا ئۇلار باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ئاساسەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن قىلىپ تەسۋىرلىنىشى، كىشىدە داستان ۋەقەلىكىنى قانداقتۇر بىر خىل خىيالىي ۋەقەلىكتەك ھېس قىلدۇرمايدۇ.

داستان جەمئىي 11 باب، 744 بېيىت، 1484 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر بابلىرى كىچىك ماۋزۇلار ئارقىلىق بىر-بىرىدىن ئايرىلغان. داستان سۇژېت قۇرۇلۇشى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ۋەقەلىكنىڭ فانتازىيەدىن بىر قەدەر خالىي بولۇشى، ۋەقەلىكنى دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلدۇرۇش، تىل ئۇسلۇبىنىڭ خەلق تىلىغا يېقىن، جانلىق بولۇشى، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. داستان كىشىلەرنى جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماسلىق، ئۈمىدۋار بولۇشقا ئۈندەشتەك ئىلغار ئىجتىمائىي تەشەببۇسى بىلەن تېخىمۇ قەدىرلىك.

داستاننىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق: باغداد شەھىرىدە خۋاجە مەسئۇت ئىسىملىك بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ مەھزۇن ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھزۇن شۇ شەھەرلىك خوجا سەئىد ئىسىملىك بىر سودىگەرنىڭ گۇلنىسا ئاتلىق بىر قىزى مەكتەپتىن قايتىۋاتقاندا ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن گۇلنىسا ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۇلنىسانىڭ ئاتا-ئانىسى قىزىمىز چوڭ بولۇپ قالدى، تالا-تۈزگە چىقمىسۇن، ساۋاقنى ئۆيدە ئۆگەنسۇن دەپ ئۇنى مەكتەپكە بارغۇزمايدۇ. بۇنى ئاڭلىغان مەھزۇن نۇرغۇنلىغان جاپا-مۇشەققەتلەر بەدىلىگە ئۇستازىدىن گۇلنىساغا دەرس بېرىش ھوقۇقىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەرس ئۆتۈشكە كىرىشىدۇ. بۇ ئىش داۋاملىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەھزۇننىڭ دادىسى ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۇنى ئېلىپ ھەربىي سەپكە ئاتلىنىدۇ. يول ئۈستىدە دادىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ، دادىسىنى دەپنە قىلىپ قايتىپ كەلگەن مەھزۇن موللىسىدىن گۇلنىسانىڭ ئىز-دېرىكىنى سورايدۇ. ئەسلىدە گۇلنىسانىڭ دادىسى سەئىد ئاخۇن سودىگەر بىلەن شەھەرمۇ شەھەر قاتراپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ ھەممە دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەئىد گۇلنىسانى ساتماقچى بولىدۇ. ۋەزىر جەمىلەتولمۇلۇك گۇلنىسانىڭ سېتىلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ شۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ ھېسابىدا گۇلنىسانى بويى بىلەن باراۋەر ئالتۇنغا سېتىۋالىدۇ. ئۇستازىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەھزۇن نۇرغۇن چارە-تەدبىرلەرنى ئويلاپ، ئاخىرى ئۇستازىنىڭ ياردىمى بىلەن سوۋغا-سالام بەدىلىگە ۋەزىر جەمىلەتولمۇلۇكنىڭ ھۇزۇرىغا ئورۇنلىشىۋالىدۇ. مانا شۇ كۈنلەردە ھاۋايى-ھەۋىسى غالىب كەلگەن جەمىلەتولمۇلۇك گۇلنىسادىن بىر نەچچە قېتىم خەنجەر يېگىنىگە قارىماي، يەنە گۇلنىساغا چېقىلىش نىيىتى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىدۇ، بۇ قېتىممۇ گۇلنىسا ئالدىنقى قېتىمقىسىغا ئوخشاش خەنجەر ئۇرۇپ جەمىلەتولمۇلۇكنى ياربدار قىلىدۇ، بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن جەمىلەتولمۇلۇك خىزمەتكارلارنى بۇيرۇپ گۇلنىسانى باغلاپ ئاشخانا ئۆيىنىڭ

ئۆگزىسىگە ئاستۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن ۋاقىپلانغان مەھزۇن يورۇق دۇنيانى ئۆزى ئۈچۈن ھارام ھېسابلاپ، مەھرىمى زېرەكنى گۈلنىسادىن خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزى تورۇسقا سىرتماق سېلىپ ئېسىلىۋالىدۇ. گۈلنىسانىڭ تىرىكلىكىدىن خەۋەر تاپقان زېرەك بۇ خەۋەرنى مەھزۇنغا يەتكۈزگىلى كەلسە ئىشىك تاقاقلىق، شۇنىڭ بىلەن ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىپ مەھزۇننى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ.

جەمىلەتولمۇلۇكنىڭ خىزمەتچىلىرى گۈلنىسانى ئېسىش ھەلەكچىلىكىدە بولىۋاتقاندا، گۈلنىساغا يېقىن ئىككى مەھرەم ئەھۋالنى شاھنىڭ مەلىكىسىگە مەلۇم قىلىدۇ. مەلىكە ئوردا ھېسابىغا سېتىۋېلىنغان بۇ كېنىزەكنى ئوردىغا تاپشۇرماي تېخىچە ئۆز ئۆيىدە يوشۇرۇن ساقلاپ ئۇنىڭغا يامان نىيەتتە بولغان جەمىلەتولمۇلۇكنىڭ ئىشىنى ئاڭلاپ،خىزمەتچى بۇيرۇتۇپ دەرھال گۈلنىسانى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. قىزنىڭ گۈزەل چېھرىگە مەپتۇن بولغان مەلىكە ئۇنى ئۆزىگە خىزمەتكار قىلىۋالىدۇ. گۈلنىسانىڭ تىرىكلىكىدىن خەۋەر تاپقان مەھزۇن خىزمەتچىسى زېرەكنىڭ مەسلىھەتىگە ئاساسەن سودا دۇكىنى ئاچىدۇ. زېرەك مال ئېلىش ئۈچۈن چىققان ئىنىكئانا باشلىق كېشىلەرنى مەھزۇننىڭ قېشىغا باشلاپ كېلىدۇ. مەھزۇن بۇلارنى قىزغىن مېھمان قىلىپ كۈتۈۋالغاننىڭ سىرتىدا سوۋغا-سالاملار بىلەن يولغا سالىدۇ. مەھزۇننىڭ خۇش مۇئامىلىسىدىن تەسىرلەنگەن ئىنىكئانا ئۇنىڭ تەرىپىنى مەلىكىگە ماختاپ بېرىدۇ. مەھزۇنغا غايىبانە ئاشىق بولغان مەلىكە كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆلپەتتە بولۇش ئارزۇسىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرىدۇ. بىر كۈنى مەلىكە مەھزۇن بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا ئۆزىگە چاڭقاقلىق يېتىپ «سۇ» دەپ ۋارقىرايدۇ. بۇنى ئاڭلىغان گۈلنىسا شەربەت تولدۇرۇلغان كاسىسىنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدۇ. بۇ يەردە گۈلنىسانى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغان مەھزۇن مەلىكە بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانلىقىدىن نومۇس قىلىپ، شۇنداقلا ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا بولغان مەھبۇبى گۈلنىسانى كۆرۈپلا «ئاھ!» دەپ ھەسرەت چەككەن پېتى ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. مەھزۇن بىلەن گۈلنىسانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سىرىدىن خەۋەرسىز تۇرغان مەلىكە مەھزۇننىڭ ئۆز يېنىدىن كېتىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان گۈلنىسا دەپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، گۈلنىسانى ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ساندۇققا بەند قىلىپ دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ. بۇ ئىشتىن ئىنىكئانا ئارقىلىق خەۋەر تاپقان مەھزۇن جاندىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ، مال-مۈلكىنى زېرەككە تاپشۇرۇپ يوشۇرۇن ھالدا ئۆزىنى دەرياغا تاشلايدۇ. دەريادا ئۇنى لەھەڭ يۇتۇپ كېتىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ لەھەڭ بېلىقچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بېلىقچى لەھەڭنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قارنىنى يارسا لەھەڭنىڭ ئىچىدىن بىھوش ياتقان مەھزۇن چىقىدۇ. بېلىقچى مەھزۇننى داۋالاپ ساقايتقاندىن كېيىن ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋالىدۇ.

گۈلنىسا نەزەربەند قىلىنغان ساندۇقمۇ سۇ بىلەن ئېقىپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەسرە شەھىرىگە كىرىپ قالىدۇ. دەريا بويىدا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان بېلىقچىلار سۇ يۈزىدە كۆرۈنگەن ساندۇقنى سۈزۈۋالىدۇ. ئۇلار ساندۇقنى ئېچىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقاندا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئەمەلدار ساندۇقنىڭ نەقىشلىرىگە خۇشتار بولۇپ، ئىچىدىكى نەرسىنى كۆرمەيلا مىڭ تەڭگىگە سېتىۋالىدۇ. ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئېچىپ قارىسا، ئىچىدىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان دىۋە سۈرىتىدىكى گۈلنىسا كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن ئەمەلدار ساندۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ ئوت قويۇۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى سېتىۋالغان مىڭ تەڭگىگە ئىچى ئاغرىپ، پۇلنى تىرىلدۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە ئۇنى بازارغا ئېلىپ بارىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا قول بازىرىنى ئارىلاپ يۈرگەن مەھزۇن ساندۇقنى كۆرۈپ گۈلنىسا كۆڭلىگە كېچىدۇ-دە،

شۇ ساندۇقنى سېتىۋالماقچى بولۇپ باھاسىنى سورىغاندا پۇلى چىقىشماي ئۆيىگە قايتىدۇ. ئۇ ئۆيىگە بېرىپلا ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ تەۋەككۇل قىلىپ دەرياغا ئۈچ قېتىم تور تاشلايدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق تورلىرىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەققىدە دەرياغا قويۇۋېتىپ، ئۈچىنچى قېتىم تورنى يىغىدۇ ۋە تورغا ئىلىنغان بېلىقنىڭ قارنىنى يېرىپ قارىسا، بىر ۋاقىتلاردا ئۆزى خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىۋەتكەن ئون يەتتە دانە گۆھەر چىقىدۇ. خۇشال بولغان مەھزۇن گۆھەرلەرنى جاۋاھىرپۇرۇشقا 10 مىڭ تەڭگىگە سېتىپ، مىڭ تەڭگىگە ساندۇقنى ئېلىپ، قالغىنىنى بېلىقچى دادىسىغا ئىنئام قىلىدۇ ۋە گۈلنىسانى ئېلىپ بۇ يۇرتتىن كېتىپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتىغا مېڭىش سەپىرىدە دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەچكە، ئۇلار چۈشكەن قېيىقنى لەھەڭ قۇيرۇقى بىلەن ئۆرۈۋېتىدۇ. سۇغا غەرق بولغان گۈلنىسا بىر پارچە شالغا ئېسىلىۋېلىپ دولقۇننىڭ چايقىشى بىلەن بىر قۇملۇققا چىقىپ قالىدۇ. بىراق مەھزۇندىن خەۋەر بولمايدۇ. مەلۇم ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن گۈلنىسا ھوشىغا كېلىپ قايان بارارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندا، شىكارغا چىقىپ بۇ تەرەپكە كېلىپ قالغان مىسىر پادىشاھى ئۇنىڭغا ئۇچرايدۇ. پادىشاھ گۈلنىسانىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئوردىغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ ئۆز پەرزەنتى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. پادىشاھنىڭ بىرمۇ پەرزەنتى بولمىغاچقا، ئۇنى تەخت ۋارىسى قىلىپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. گۈلنىسا ۋەسىيەت بويىچە شاھلىققا ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنىلا ئەس-يادى مەھزۇندا بولىدۇ. ئۇ تۈرلۈك چارىلەرنى ئىشلىتىپ مەھزۇننى ئىزدىگەن بولسىمۇ، بىراق ھېچ يەردىن تاپالماي ئاخىرى ئۆز ئېلىگە كەلگەن مۇساپىرلارنى نەزىرىدىن ئۆتكۈزىدىغانلىقى ھەققىدە پەرمان چىقىرىدۇ. كېمە ھالاك بولغاندىن كېيىن دولقۇننىڭ چايقىشى بىلەن دېڭىز بويىغا چىقىپ قالغان مەھزۇن گۈلنىسانى ئىزدەپ مىسىرغا كېلىپ قالىدۇ. مەھزۇننىڭ مۇساپىرلىقىنى بىلگەن ئوردا خادىملىرى ئۇنى گۈلنىسا خانىمنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىت جۇدالىق كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق بەختلىك ھالدا ئۇچرىشىپ بىر-بىرىگە قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن داستاننىڭ ۋەقەلىكىمۇ تۈگەيدۇ.

شائىر بۇ داستاندا يۇقىرىقىدەك ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ھەقىقىي ئاشىق-مەشۇقلار جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە قالسىمۇ، بىر-بىرىگە بولغان سادىقلىقى ھېسابىغا ئاخىر ۋىسالغا ئېرىشىدۇ دېگەن ئىدىيەنى ئالغا سۈرىدۇ.

داستاننىڭ باش قەھرىمانلىرى بولغان مەھزۇن بىلەن گۈلنىسا ئاقكۆڭۈل، ۋاپادار، چىداملىق، ئىرادىلىك، غايىلىك، ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ تىپىك ئوبرازى بولۇپ، ئۇلار چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئالدىدا ھەر قانداق مۇشكۈللۈكلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ھارماي كۈرەش قىلىدۇ. كۆپ قېتىملىق ھىجران ۋە دەرد-ئازابلار ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمايدۇ. مال-دۇنياسىدىن ئايرىلىپ غېرىبلىق ئىچىدە قالسىمۇ، زۇلۇم-كۈلپەت تۇپەيلى دەريالاردا ئاقسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدىكى ساپ ئارزۇ ئالدىدا جېنىدىن كېچىشكە رازى بولىدۇكى، يولىدىن قايتىشقا ئۇنىمايدۇ. شائىر بۇ ئوبرازلار ئارقىلىق كىشىلەرنى پاك، ئەخلاقلىق، ۋىجدانلىق بولۇپ ياشاشقا، قارا كۈچلەر ئالدىدا ئەركىنلىكى، ئېتىقادى ئۈچۈن مەردلەرچە چىڭ تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. شائىر بېلىقچى ئوبرازى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزئارا خالىسانە ياردەم قىلىشقا چاقىرىش بىلەن بىرگە، ئادىل ۋە سەمىمىي بولۇشقا چاقىرىدۇ.

داستاننىڭ ئەھمىيەتلىك بولغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ئاپتور زامان زۇلمىغا، ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىككە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، زامانغا كىنايە قىلىپ ئۆزىنىڭ نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. كۆرۈنۈشتە داستاندىكى مەھزۇن بىلەن گۈلنىسانىڭ

سەرگۈزەشتىسى خەلق چۆچەكلىرىگە خاس بىر خىل ئۇسلۇبتا ئىخچام، جانلىق ۋە تەرتىپلىك هالدا بايان قىلىنغاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئاپتور ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان هەربىر باپتىكى ۋەقەلىككە قارىتا لىرىك هېسسىياتىنى ئىزهار قىلىش ئارقىلىق زامان زۇلمىغا كىنايە قىلىدۇ:

*دەرىخا جاهان كارىدا يوق ۋاپا،*
*ۋاپا ئەهلىگە يەتكۈسىدۇر جاپا.*
*جاپاكارلار تاپقۇسىدۇر راۋاج،*
*ۋاپادارلارغا جاهان بولدى داج*[1]*.*
*ئەزەلدىن ئەبەت بەهرگەردۇن ئىشى،*
*بەقاسىز*[2] *جاهاندا فەنا ۋەرزىشى*[3]*.*

يۇقىرىقى مىسرالاردىن بىز شائىرنىڭ ۋاپا ئەهلىگە جاپا يېتىۋاتقان، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇن بولۇۋاتقان زامان زۇلمىغا بولغان قاتتىق نارازىلىق هېسسىياتىنى، شۇنداقلا ۋاپا ئەهلىنى قوللاش ۋە ئۇلارغا هېسداشلىق قىلىش پوزىتسىيەسىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

5) «رابىيە ۋە سەئدىن »

نىزارىينىڭ «رابىيە ۋە سەئدىن» ناملىق بۇ تىراگېدىيەلىك ئەسىرى رېئالىستىك خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈك ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ ئىلغارلىقى بىلەن 19-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە ئالاهىدە ئورۇنغا ئىگە داستاندۇر.

رابىيە بىلەن سەئدىننىڭ سۆيگۈ-مۇهەببەت جەريانىدىكى ئېچىنىشلىق ۋەقەسى ئەينى زاماندا كاشغەر ئەتراپىدىكى خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغان. بۇ تېما هەققىدە ئاشۇ ئەمەلىي ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ ئەڭ دەسلەپ ئابدۇجېلىل ئىسىملىك بىر شائىر قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇنى داستان قىلىپ يېزىپ چىققان.[4] كاشغەرلىك بۇ شائىرنىڭ رابىيە-سەئدىن هەققىدىكى داستانىنىڭ بىرىنچى بابىنىڭ بېشىدا مۇنداق ئەسكەرتمە بايان بېرىلگەن :

*خىرەد فىكرىن هەر يەن رەۋانە قىلۇر،*
*بۇ يەڭلىغكى شىرىن فەسانە قىلۇر.*
*ۋەرەق ئۆزرە ئانداغ يازىبدۇر رەقەم،*
*مۇراد چۈش ئەيلەپ چېكىپ ئون قەلەم.*

بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا رابىيە ۋە سەئدىن پاجىئەسى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغانلىقى ئەسكەرتىلگەن بولسا، كېيىنكى ئىككى مىسراسىدا بۇ ۋەقەنىڭ ئەسلىدە قەلەمگە ئېلىنىپ بولۇنغانلىقى، شائىرنىڭ ئاشۇ نۇسخىدىن ئىلهاملىنىپ بۇ ئەسەرنى قايتا يېزىپ چىققانلىقى قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن .

شائىر ئابدۇرەهىم نىزارىي «رابىيە ۋە سەئدىن» داستانىنى يېزىشتا بىر تەرەپتىن، ئابدۇجېلىل دېگەن شائىر يازغان «رابىيە ۋە سەئدىن» داستانىنىڭ قول يازمىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقە

.

---

[1] داج — قاراڭغۇ، زۇلمەت.

[2] بەقاسىز — مەڭگۈلۈك ئەمەس، ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى.

[3] ۋەرزىش — ئادەت، قىلىق.

[4] بۇ تېمىدىكى ئەسەرنى تۇنجى بولۇپ ئىبراهىم ئىسىملىك كاشغەرلىك بىر شائىر يازغان، ئۇنىڭ قول يازمىسى كېيىن رۇسىيەگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن دېگەن قاراشتىكىلەرمۇ بار.

تەپسىلاتلىرىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان رابىيە-سەئدىن ھەققىدىكى ئەمەلىي ۋەقەلەرنى پىششىق ئىگىلەپ، يۈكسەك بەدىئىي تەسىرچانلىقتا ئىگە بولغان بۇ داستاننى يېزىپ چىققان.

داستاندا رابىيە ۋە سەئدىن ھېكايىسىنىڭ تارىخىي ۋەقە ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن:

*خىرەد چۇن تارىخ ھېسابىن دىدى،*
*مىڭۇ ئىككى يۈز قىرىق سەككىز ئېردى.*

يەنى ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن بۇ ۋەقە ھىجرىيە 1248-يىلى(مىلادىيە 1832—1833-يىللىرى) يۈز بەرگەن. داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرۇلۇق بولسا ئەسەردە:

*دەر ئېردىكى تىتىرەپ چۇبادى خەزان،*
*كى ئۆچتى «چىراغىم» نىتەي ئاھ جان .*
*چىراغىل ھورۇنلۇغكى ئەھلى خىرەد،*
*كى تارىختىن سالىن دىمىش بەلئەد.*

دەپ يېزىلغان بولۇپ، شائىر تەرىپىدىن ئىما قىلىنغان سۆز «چىراغىم»نى ئەبجەت ھېسابى بويىچە ئېنىقلىغاندا ھىجرىيە 1254-يىلى (مىلادىيە 1838—1839-يىللىرى) يېزىلغان بولۇپ چىقىدۇ.

رابىيە ۋە سەئدىن داستانىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق: تەلۋىچۇك دەرياسى بويىدىكى كۆكچى يېزىسىدا تۇرۇشلۇق نامرات دېھقان ئىبراھىمنىڭ ئوغلى سەئدىن شۇ يېزىدىكى پۇلخۇمار، دىيانەتسىز ياقۇپ دېگەن كىشىنىڭ قىزى رابىيەنى ياخشى كۆرىدۇ. رابىيەمۇ كىچىكىدىن بىر-بىرىنى بىلىشىدىغان ئاق كۆڭۈل سەئدىنگە چىن كۆڭلىدىن ئىشق باغلايدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەر تاپقان ئىبراھىم ياقۇپنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ بۇ ئىككى ياشنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىنى ئىزھار قىلىدۇ. لېكىن ياقۇپ بۇ تەكلىپنى ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەت دەپ قاراپ قەتئىي رەت قىلىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن سەئدىن چەكسىز دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا بولۇپ، مازار-ماشايىخلارنى ئايلىنىپ ياش تۆكىدۇ. ھەمدە ئاخىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ۋاپاسىز دۇنيادىن كېتىدۇ. ياقۇپ سەئدىننىڭ ئۆلۈمىگە قىلچە پەسەنت قىلماستىن، ئۆز قىزىنىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا رابىيەنى شۇ يېزىدىكى پۇلدار قېرى باي جابىرغا مەجبۇرىي نىكاھلاپ بېرىدۇ. بۇ خىل مەجبۇرىي نىكاھنى ئۆزى ئۈچۈن خورلۇق ۋە نومۇس دەپ قارىغان رابىيە كەچتە ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ياقۇپ تۈرلۈك زوراۋانلىق ۋاسىتىلىرىنى ئىشقا سېلىپ قىزىنى جابىرنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرلايدۇ. بۇ خىل زۇلۇم ۋە خورلۇققا چىدىمىغان ۋىجدانلىق رابىيە ئاخىر چىقىش يولى تاپالماستىن، سۇ ئېلىپ كېلىش باھانىسىدە تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ دەريانىڭ مۇزلىماي قالغان چوڭقۇر كاچكۆلىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۆزىنىڭ دەرد-ئەلەملىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان كۆكچى مەھەللىسىدىكى خەلق يىغىلىپ كېلىپ مۇز چوقۇپ كېچە-كۈندۈز ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تاپالمايدۇ. ئەمما بەش-ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بىر لايلاتمىدىن بايقىلىدۇ. مەھەللىدىكىلەر ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، سەئدىن قەبرىسىنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلىدۇ. شائىر بۇ مۇھەببەت پاجىئەسى ھەققىدە:

*چۇ ئولتۇردى ئانداغ قەمەر ئاپتاپ،*

*كى خاكى زەمىندىن ياپلدى نىقاب.*

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق چوڭقۇر قايغۇ-ئەلەم ۋە ئېچىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە پۈتۈن ئەسەرنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

**داستاننىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** شائىر بۇ ئەسەردە رابىيە بىلەن سەئىدىندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ پاجىئەلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى تېپىكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئەينى دەۋر فېئودالىزم مۇھىتىدا ياشاپ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي ئارزۇسى ۋە مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتەلمىگەن بۇ بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ھەققانىي ئىستىكى يولىدىكى تىرىشچانلىقى، سەلبىي كۈچلەرگە قارشى كۈرەشتىكى قەتئىي ئىرادىسى ۋە ئەڭ ئاخىرى پاجىئەلىك ئۆلۈمى قاتارلىق ۋەقەلەرنى كەسكىن تىراگېدىيەلىك مۇھىت ئىچىدە ئىپادىلەش ئارقىلىق، ئەسەر باش قەھرىمانى رابىيە ئوبرازىنى يۈكسەك تىراگېدىيەلىك قىممەتكە ئىگە قىلغان، رابىيەنىڭ تىراگېدىيەسى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ئەنئەنىۋى تەبىقە قارىشى، ئائىلە، نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ۋە خۇنۇك ئەپت-بەشىرىسىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ئەسەر قەھرىمانى رابىيەنىڭ ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئىزچىل قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئادىمىيلىك قىممىتىنى تونۇغان ئاساستا ئۆزىنىڭ ھەققانىي ئارزۇ-مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان مەردانە ۋە ئۇلۇغۋار روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. رابىيە ئوبرازىدىكى بارلىق ئىجابىي خىسلەتلەرنى داستاندىكى مۇدھىش ھايات مەنزىرىسىگە قارىمۇقارشى قويۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى خارلانغان، ئىنسانىي ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان كەڭ قىز-ئاياللار تائىپىسىنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئازادلىقىدىن ئىبارەت ئىنتايىن جىددىي ۋە تەخىرسىز مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى دەۋر بۆلگۈچ ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە قىلغان.

**داستاندىكى ئوبرازلار:** داستاندىكى مۇكەممەل ۋە مەزمۇنلۇق يارىتىلغان ئوبراز—ۋىجدانلىق، مەردانە قىز رابىيە ئوبرازىدۇر. رابىيە بۇ داستاننىڭ باش قەھرىمانى بولۇش سۈپىتى بىلەن باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ جىگەرلىك، مەردانە قىياپىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ شۇ قەدەر ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار، پاك، ۋىجدانلىق قىزكى، فېئوداللىق ئائىلە ۋە ئەرلىك ھوقۇقىغا قارشى ھالدا، كونا نىكاھ تۈزۈمىنىڭ قاتمۇقات مەنىۋى كىشەنلىرىگە باش ئەگمەستىن تۇرمۇشقا ئەركىن قەدەم تاشلاپ، سەئىدىندىن ئىبارەت ئاددىي مېھنەتكەش يىگىتنىڭ سۆيگۈ تەلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. جۇملىدىن نامرات دېھقان يىگىتى سەئىدىننى پۇل-مال ۋە زورلۇق بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە قارىتالايمەن دەپ خام خىيال قىلغان پۇلدار جابىردىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەل بىلىدۇ. جابىرنىڭ نىكاھ تەلىپىنى ئۇنىڭ بارلىق ھەشەمەتلىرى بىلەن بىرلىكتە قەتئىي رەت قىلىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن رابىيە ئۆز دادىسى ياقۇپ ۋە جابىر ۋەكىللىكىدىكى فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ. مال-دۇنيا ۋە قۇرۇق ئابرۇيغا ھېرىسمەن ياقۇپ ئۆز قىزىنىڭ كۆڭۈل خاھىشى بىلەن قىلچە كارى بولماستىن جابىر بىلەن قوشۇلۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە رابىيە ھېچقانداق ھامىيسىز، ياردەمچىسىز ھالدا فېئودال كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ، زۇلۇم ۋە جاھالەتكە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى كۈچ ۋە ئېنېرگىيە قىلىپ قىلچە باش ئەگمەستىن كۈرەش قىلىدۇ. ئۆز قەدىر-قىممىتىنى قوغداش بىلەن بىرگە، بىگۇناھ كەتكەن ئاشىقى سەئىدىنگە بولغان ساداقىتىنى ئاخىرغىچە ساقلاپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ ھەققانىي ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن سەئىدىن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان پەيتتە ئۇ ياش ئورنىغا قان يىغلايدۇ. ئۆز ئاشىقىنىڭ ماتەم خەۋىرىنى ئاڭلىغان مىنۇتلار ئۇنىڭ ئۈچۈن جۇدالىق زۇلمىتى بولۇپ

تۈيۇلىدۇ. بۇ ۋاپاسىز زامانغا لەنەت ـ نەپرەتلەر ياغدۇرىدۇ:

*دەرىخ كۆزىدىن ئۆچتۈك غەرىب بۇلبۇلۇم،*
*بادە خەزان[1] يەتتى ئاچىلماي گۇلۇم. . .*
*. . . .دىبان ئاشىق ئۆلدى جاھاندىن فەنا،*
*قاچان كەلگەي ئەمدى ئانىڭدەك يەنا.*

*كۆزۈم نۇرى كەتتى جاھان بولدى داج،*
*بەھىلدۇرمەن ئەكنۇن[2] جان ئەتسە خىراج[3].*
*چۇ گۇلشەندىن ئۆلسە يىراق ئەندەلىپ[4]*
*مەقام ئەتسە زاغۇ زەغەنلەر[5] كېلىپ.*

. . . . . .

*يېتىپتۇركى كىمگە جاھاندىن ۋەفا،*
*ۋەفا قىلسا سۆگرە قىلۇر مىڭ جەفا.*
*كۆرۈڭكىم بۇ دەۋران نە ئىش كەلتۈرۈر،*
*كى ياخشى ـ يامانىڭ بارىن ئۆلتۈرۈر.*

مانا بۇ مىسرالار زامان زۇلمى تۈپەيلىدىن قەلبى جاراھەتلەنگەن بىچارە قىز رابىيەنىڭ ئۆز ئاشىقى سەئدىنىڭ ۋاپاتىغا بولغان ئىچىنىشلىق نالىسىنىڭ ئىنكاسى، شۇنداقلا ئادەمخور فېئودالىلىق جەمئىيەت تۈزۈمى ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىنىڭ غەزەپلىك نالىسىدۇر.

قاراڭغۇ، خۇنۇك، مۇدھىش زامان سەئدىنى ھالاك قىلىش ئارقىلىق رابىيەنىڭ بېشىغا ماتەم كۇلپەتلىرىنى سېلىپلا قالماستىن، يەنە يارىسىغا تۇز سەپكەندەك يېڭى قايغۇ ـ ئەلەملەرنى ياغدۇرۇپ قەلبىنى جاراھەتلەندۈرىدۇ. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، قېرى جابىر رابىيە ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىدۇ. جابىرغا تايىنىپ ئۆز بايلىق ۋە مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئاچ كۆز ياقۇپ رابىيەنى مەجبۇرىي رەۋىشتە جابىرغا نىكاھلاپ بېرىدۇ. جابىردەك ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغان ۋىجدانسىز مەخلۇققا خوتۇن بولۇشنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس دەپ بىلگەن رابىيە دەرد ـ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاتا ـ ئانىسىنى پاناھ تارتىپ نىكاھ كېچىسى ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇ ئاتىسىنىڭ ھېنداشلىقىغا ئېرىشىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن تىل ـ ئاھانەت ئاڭلايدۇ. ئاتىسى ھەرخىل قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئۇنى جابىرنىڭ ئۆيىگە كېتىشكە زورلايدۇ. جاھاننىڭ خۇۋلۇقىنى قىلچە كۆرمىگەن بىچارە قىز ئاتىسىغا يالۋۇرۇشنىڭ ئورنىغا سەئدىنگە بولغان مۇھەببىتىنى ساقلىغان ھالدا تىك تۇرۇپ ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ ـ دە، تەلۋىچۈك دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلايدۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا سىڭلىسىغا ھەسرەتلىك قەلبىنى مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

*ئايا چەرخى زالىم تۇگەندى ئىشىڭ،*
*بۇدۇر ئەمدى ئىشىق ئەھلىغە قىلمىشىڭ،*
*سىنىڭ كارىڭ ئولدى جەفاكارلىق،*

---

[1] بادە خەزان — كۈز شامىلى.
[2] بەھىلدۇرمەن ئەكنۇن — رازىدۇرمەن ئەمدى.
[3] خىراج — چىقىش، چىقماق.
[4] ئەندەلىپ — بۇلبۇل.
[5] زاغۇ زەغەنلەر — قاغا ـ قۇزغۇنلار.

*كى يوق سەندە قىلچە ۋەفاكارلىق.*
*ئەزەلدىن ئەبەد كىمگە قىلدىڭ ۋەفا،*
*ۋەفا ئەھلىغە يەتتى سەندىن جەفا.*

رابىيەنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن بۇ نەزم شائىرنىڭ فېئوداليزم جەمئىيىتى ئۈستىدىن چىقارغان خۇلاسىسى ۋە يەكۈنىدۇر.

فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا رابىيەگە ئوخشاش چىن مۇھەببەت ئىستىكىگە بېرىلگەنلەرنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆزلىگەن تىلەك ـ ئارزۇغا يېتەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار هامان فېئوداللىق ئائىلە ـ نىكاھ تۈزۈمىنىڭ قاتمۇقات ئىسكەنجىسى ئاستىدا مىجىلىپ، دەهشەتلىك تۈردە هالاك بولاتتى. مانا بۇنى ئەسلىي ماهىيىتىدىن چوڭقۇر چۈشەنگەن شائىر ئابدۇرەهىم نىزارىي «رابىيە ۋە سەئدىن» پاجىئەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ خۇنۇك قارا چۈمپەردىلىرىنى جاسارەت بىلەن يىرتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئادەمخورلۇق ماهىيىتىنى پاش قىلدى. رابىيەنىڭ ئۆلۈمى هەرگىز ئاماللىسىزلىقنىڭ، ئاجىزلىقنىڭ، فېئوداليزمغا باش ئەگكەنلىكنىڭ ئالامىتى بولماستىن، بەلكى فېئوداليزمغا قارشى ئىسيانكارلىق روهىنىڭ بەلگىسىدۇر. شۇڭا، شائىر رابىيەنىڭ ئۆلۈمىگە نىسبەتەن چۈشكۈن، ئۈمىدسىز پوزىتسىيە قوللانماستىن، بەلكى ئۆز ۋىسالىغا يەتكەن توي خۇشاللىقى سۈپىتىدە قاراپ، كىشىلەردە چوڭقۇر ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن:

*بۈگۈن بارغۇمدۇدۇر چۈنكى بولۇرمەن ۋەسىل يارىمغە،*
*فەلەك باقماڭ فەناسىز مەنزىلىدە يوقۇ بارىمغە.*
*تەزەللۇم تىيرى دەۋرداندىن، [1] قۇتۇلالماي ئاهۇ ئەفغاندىن،*
*تويۇپمەن يار ئۈچۈن جاندىن كى باقساڭ ئىنتىزارىمغە،*
*رەفىقى لەيلى، مەجنۇن روهىڭىزنى ئەيلىدىم خۇشنۇد.[2]*
*پىسەنت ئەيلەڭكى ئول يارىمغە قىلغان جان نىسارىمغە،*
*نە ئاندا ئىختىيار ئولغاي ماڭا جان ئەيلىمەك قۇربان.*
*قويۇبان ئەشك[3] ياغىن هەر زامان ئوتلۇق ئۇزارىمە،*
*ئەزەل لەۋهىغە، يازمىش بۇ سۇفەت ئەۋۋارەلىق شەرهىن،*
*داغى ئىشىق ئوتى قويمايدۇر مېنىڭ هەم ئىختىيارىمغە.*

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

*ئايا بۇلبۇلكى داد ئەيلەڭكى، [بۇ] توي بولدى شاهانە،*
*تەئەججۇپ ئەيلەڭىز ئىشىق ئىچرە قىلغان كارۇ بارىغە.*
*تەمەشا ئەيلەڭىز بو توي ئارا ئەي هۆرۇ غۇلمانلار،*
*فىغانۇ نالەلەر ئەيلەپ، كېلىڭ ئەمدى كەنارىمغە[4].*

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

*كېلىبان يار ئولۇڭ بىزگە هەمە ئەرۋايى ئاشىقلار،*

---

[1] تەزەللۇم تىيرى دەۋرداندىن ــ زاماننىڭ زۇلمىدىن داد ئېيتماق.
[2] خۇشنۇد ــ خۇشال.
[3] ئەشك ــ كۆز يېشى
[4] كەنار ــ كانار، قىرغاق، گىرۋەك؛ كۆچمە مەنىسى: قۇ.

*مەدەد ئەيلەڭ ماڭا لۇتۇف ئەيلەبان ئول يان بارارىمغە.*
*ئەيا دەرد ئەھلى، ھەسرەتلىك سۆزۈمنى ئەيلەڭىز ئەۋراد[①].*
*پۈتۈن باشىمغە كەلگەن دەردنى لەۋھى مەزارىمغە.*

ئومۇمەن ئېيتقاندا، رابىيە ئوبرازى فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان، بىراق ئۇنىڭ زەنجىر-كىشەنلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش يولىدا قەيسەرلىك بىلەن كۈرەشكە ئاتلانغان ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق قىزنىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر.

داستاندىكى ئاساسلىق ئوبرازلاردىن يەنە بىرى سەئدىن ئوبرازىدۇر. سەئدىننىڭ پائالىيىتى داستاندا ئانچە كۆپ تەسۋىرلەنمىگىنى بىلەن، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىگە بولغان سادىق، ساداقەتمەنلىكى، كەمتەر، كەم سۆزلىكى، ئېغىر بېسىق، ئىشچانلىقى، ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىقى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. سەئدىن شۇ قەدەر پاك مۇھەببەت ئىگىسىكى، ئۇ ئۆز سۆيگۈنى رابىيەنى ھەممىدىن ئەزىز بىلىپ ئۇنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشاشنىمۇ زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ .

*دىدىكىم: «ئانىڭسىز جاھاننى نىتەي،*
*جاھان يوقكى-بەلكى بۇ جاھاننى نىتەي .*
*......................................*
*ۋەگەر كەتسە ئول ئاي كۆزۈمدىن يىراق،*
*گۇداز[②] ئەتسە تاڭ يوق تېنىمنى پىراق.»*

سەئدىن رابىيەسىز جان ۋە جاھاندىن ھەر قاچان كېچىشكە تەييار تۇرغان ۋاپادار ئاشىق بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ تەلىپىنىڭ پەسكەش ياقۇپ تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. بالىسىنىڭ ھالىغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتقان ئاتىسى ئىبراھىم ئۆزىنىڭ كەمبەغەل، نامراتلىقىغا قارىماي، ئۇنىڭغا قانچىلىك پۇل چىقىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئەل ئىچىدىن ئوغلى خالىغان قىزنى ئېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، بىراق سەئدىن:

*ئاڭا تەڭ بولالماس قۇياش بىرلە ئاي،*
*داغى ياخشىلار بار دېگەن سۆزگە ۋاي .*
*ئەگەر بولماسا ئول مۇيەسسەر ماڭا،*
*كى ھىجران ئوتىدۇر ۋىسالىن ئانىڭ .*
*فەنا بولسام ئاندىن ئېرۇرمەن سەزا[③].*

دەپ، ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى ئۇزۇل-كېسىل رەت قىلىدۇ. سەئدىن گەرچە مۇھەببەتكە ئىنتايىن ساداقەتمەن بولغان پاك ۋىجدانلىق بىر كەمبەغەل يىگىت بولسىمۇ، بىراق ئىسيانكارلىق روھى جەھەتتىن رابىيەدىن خېلىلا ئاجىز، تۆۋەن بولغاچقا، ئۆز مۇھەببىتىنىڭ فېئودال قارا كۈچلەر تەرىپىدىن نومۇسسىزلارچە ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقمايدۇ. فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن دادىل كۈرەش قىلمايدۇ. ئىدىيە جەھەتتىن غەزەپلىك نالە قىلىش، ئاھ ئۇرۇپ،

---

① ئەۋراد — ۋەزىپىلەر، دۇئالار.
② گۇداز— ئېرىش، كۆيۈش.
③ سەزا — لايىق.

پەرياد چېكىش، نارازى بولۇپ ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەش بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ، ئاخىر دەرد ـ ھەسرەت ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ .

ھەممىمىزگە مەلۇم، سەئىدنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان مەنبە فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمدۇر. بىراق ئاپتور دەۋر ۋە تارىخىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن سەئىدنىڭ رابىيەگە ئوخشاش ئۆز مۇھەببىتىنى قوغداشتا ئامالسىز قېلىپ، مېڭىشقا يول تاپالمىغان چۈشكۈن بىر ئاشىق سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن بولۇپ، كۈچلۈك رېئالىستىك خاراكتېرگە ۋە تىپىكلىككە ئىگە قىلىپ قويغان .

لېكىن بۇ يەردە شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ئاپتور سەئىدىن ئوبرازى ئارقىلىق فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى ئومۇمىي تەرتىپكە ئايلىنىپ قالغان تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى ھەر قانچە قابىلىيەتلىك، ئەقىللىق بولسىمۇ، بەربىر يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە ئىشق ئىزھار قىلىشقا بولمايدىغان، ئىكاھ تەلىپى قويسا، ئۇنى فېئودال يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەت دەپ ھېسابلايدىغان نامۇۋاپىق، قالاق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى پاش قىلىپ، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكتىن باشقا يەنە ئاپتور سەئىدىن ئوبرازى ئارقىلىق باش قەھرىمان رابىيە ئوبرازىنى تولۇقلىغان، يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. داستاننىڭ باش قىسمىدا گەرچە سەئىدىن ئاساسلىق قەھرىمان سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ باش رول ئالغان بولسىمۇ، بىراق داستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كەلگەندە، ئۇ مۇھەببەت يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ ئويغانغان رابىيە ئوتتۇرىغا چىقىپ، فېئودال قارا كۈچلەر بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىپ، فېئودالىزمغا قارشى ئىسيانكار جەڭچى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ .

دېمەك، سەئىدىن ئوبرازى بولمىغان بولسا، رابىيەنىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كېيىنكى ۋەقەلەرمۇ بولمىغان بولاتتى. شۇڭا سەئىدىن ئوبرازى گەرچە ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلمىغاندەك قىلسىمۇ، بىراق يۇقىرىقىدەك بەزى ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرى بىلەن يەنىلا ئاساسلىق ئوبراز دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

ئىبراھىم ـ ئېزىلگۈچى سىنىپنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئوبراز بولۇپ، ئاپتورنىڭ گۇمانىزملىق ئىدىيەسى ئىبراھىم ئوبرازى ئارقىلىق تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ ئوغلى سەئىدنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئېيتقان مۇنۇ مەرسىيەسى فېئودالىزم جەمئىيىتى ئۈستىدىن قىلىنغان كۈچلۈك شىكايەتتۇر:

*رىيازەتتە ئۆتكەن باشىڭغە دەرىخ،*
*قىزىل قانلار ئاققان ياشىڭغە دەرىخ .*
*كى تۇپراغغە تولغان كۆزۈڭگە دەرىخ،*
*سارىغ گۈلدەك ئولغان يۈزۈڭگە دەرىخ .*
*شەكەرۋار شېرىن سۆزۈڭگە دەرىخ،*
*سۆزۈڭگە دەرىخ ھە ئۆزۈڭگە دەرىخ .*
*قەزا تىغى تۆككەن قانىڭغە دەرىخ،*
*فىراق ئىچرە كۆيگەن جانىڭغە دەرىخ .*
*چۇ مېھنەتتە كەزگەن يولۇڭغە دەرىخ،*
*ئاچىلماي ساچىلغان گۈلۈڭغە دەرىخ .*

*كى ھىجران ئەتكەن نىھادىڭغە[1] داغ،*
*جۇدالىقتا ئۆتكەن مۇرادىڭغە داغ .*
*سەھەرلەردە چەككەن فىغانىڭغە داغ،*
*ۋەفاسىزلىق ئۆتكەن زامانىڭغە داغ .*
*كى مەھرۇملۇق ئولغان ۋىسالىڭغە داغ،*
*بۇ يەڭلىغ سىنىڭ بەختىڭ فالىڭغە داغ .*

يۇقىرىدىكى شىكايەتلەر يالغۇز ئىبراھىمنىڭلا شىكايىتى بولماستىن، بەلكى فېئودالىزم جەمئىيىتىدە نامراتلىق دەستىدىن غۇرۇرى پايخان بولغان مىليونلىغان خەلقلەرنىڭ فېئودالىزمغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتىدۇر .

شائىر «رابىيە ۋە سەئدىن» داستانىدا يۇقىرىقى ئىجابىي ئوبرازلاردىن تاشقىرى، ئۇلارغا قارىمۇ قارشى ھالدا جابىر بىلەن ياقۇپتىن ئىبارەت فېئودالىزمنىڭ ئىككى ۋەكىلىنىڭ ئوبرازىنىمۇ تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان .

داستاندىكى جابىر ئۆز خاراكتېرى بىلەن شەخسىي مەنپەئەت يولىدا ھەرقانداق پەسكەشلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان، پۇللا بولسا ھەممە نەرسە بولىدۇ دەپ قارايدىغان، روھىي دۇنياسى مۇتەئەسسىپ شەخستۇر. جابىر فېئودال مۈلۈكدار بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارى بايلىق توپلاش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ باشقىلارغا زۇلۇم سېلىش ۋە ئۆزى راھەتتە ياشاشقا قارىتىلغان بولغاچقا، ئار ـ نومۇس، ۋىجدان دېگەنلەرنى بىر ياقا قايرىپ قويۇپ، رابىيەنىڭ گۈزەللىكىنى ئاڭلاپ ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك بولغان بىچارە رابىيەنى نىكاھىغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىنسانىي غايە ۋە گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى نابۇت قىلىدۇ .

شائىر بۇ ئوبرازنى تەسۋىرلىگەندە ئۇنى خۇددى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدىكى ئىبنى سالامغا ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇپ، رابىيە بىلەن سەئدىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شۇم تىكەن ئۈنگەندەك بولۇپ ئۇلارنىڭ پاك مۇھەببىتىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، رابىيەنى ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولغانلىقىدەك شۇم نىيىتىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

*قوناي دىدى گۈلنىڭ يۈز ئۆزرە زاغ[2]،*
*تۇتۇپ گۈل ئۆزىنى ياۋۇتماي يىراغ...*
*...چۇ گۈل شاخىغە ئول قونالمايىن،*
*تۇرۇپ سائەتى ھەم نەزەر سالمايىن .*

دېمەك، جابىر پۇل ـ مال ۋە يەرلىك ھوقۇق ـ ئىمتىيازلارغا تايىنىپ باشقىلارنى خاراب قىلغۇچى زالىم، يۇقىرى تەبىقە ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ ۋەكىلىدۇر.

شائىر داستاندا نەپرەت بىلەن قاراپ تەسۋىرلىگەن سەلبىي ئوبرازلارنىڭ بىرى ياقۇپتۇر. ياقۇپ ئەسەردىكى پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان ئاساسلىق جىنايەتچى بولۇپ، مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن، ئاچ كۆزرەك ئادەم بولغاچقا، مال ـ دۇنيانى دەپ قىزى رابىيەنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىغا باقماي، ئىبراھىم ئائىلىسىنى كەمبەغەل كۆرۈپ ئۇنىڭ ئەلچىلىرىنى قۇرۇق قول قايتۇرىدۇ. جابىردەك پۇلدار چاكىنا ئادەملەرنى كۆرگەندە خۇشامەت قىلىپ كۆچۈكلىنىدۇ. ياقۇپ خاراكتېر جەھەتتىن فېئودال خۇراپاتلىق ئىدىيەسى بىلەن قاتتىق چىرمىلىپ قالغان، ئەرلىك

[1] نىھاد ـــ ۋۇجۇد، جىسىم.
[2] زاغ ـــ قاغا، تولۇق قاغا.

ھوقۇقچىلىق ۋە ئائىلە باشلىقلىق خورىكى كۈچلۈك، جاھىل، ھىيلىگەر ۋە زالىم شەخستۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەت، ئابرويى ۋە جابىرنىڭ پۇل-مېلىنى دەپ قىزىنىڭ پەريادىغا قۇلاق سالماستىن رابىيەنى جابىرغا مەجبۇرىي نىكاھلاپ بېرىدۇ. ھەتتا رابىيە ئۇنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ كەلگەندە تېخىمۇ قاتتىق قوللۇق قىلىپ، رابىيە ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا تەھدىت سالىدۇ. ھەمدە ئۆز خوتۇنىنى قىزى رابىيەنى سۆزگە كۆندۈرۈشكە قىستاپ، ئەگەر قىزىڭ سۆزۈمگە كىرمىسە ھەر ئىككىڭ كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرۈشىسەن دەپ قورقۇتىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، ياقۇپ جاھالەتلىك فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ جاھىل قوغدىغۇچىسى، ئىنسانىي ھوقۇق ۋە ئەركىن مۇھەببەتنىڭ رەھىمسىز قاتىلى بولۇپ، ئۇ ئىچكى دۇنياسى رەزىللىك بىلەن تولغان فېئودال غالچىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر.

«رابىيە ۋە سەئىدىن» داستانىدىكى بەدىئىي ئوبرازلارغا ئائىت ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ ئاپتور ئەسەردە نېمە ئۈچۈن سەئىدىن ئوبرازىنى رابىيەگە ئوخشاش ئەركىنلىك يولىدا قەتئىي پىداكار ۋە ئىسيانكار سۈپىتىدە تەسۋىرلىمىگەن؟ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىنى بەزىلەر نىزارىي بۇ ئەسەرنى تۇرمۇشتا ھەقىقىي يۈز بەرگەن ۋەقەلىككە ئاساسەن يازغاچقا، ئەينى ۋەقەگە سادىق بولغان ھالدا شۇنداق ياراتقان بولۇشى مۇمكىن دېسە، يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار شائىرنىڭ سەئىدىن ئوبرازىنى پاسسىپ قارشى تۇرغۇچى چۈشكۈن ۋە دەردمەن ئاشىق قىلىپ تەسۋىرلىشى نىزارىينىڭ دۇنيا قارىشىدىكى چەكلىمىلىكتىن كېلىپ چىققان دەپ خاتا يەكۈن چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى.

بىزگە مەلۇمكى، چىنلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ جان تومۇرى. بۇ يەردىكى چىنلىق ھەم تۇرمۇش چىنلىقىنى، ھەم بەدىئىي چىنلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئاپتورنىڭ مۇستەقىل ئىجادچانلىقىنى تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ مەنىۋى پائالىيەت بولغاچقا، مەلۇم بىر ئەسەر ياكى ئاپتورغا باھا بېرىشتە ھەرگىزمۇ بىر تەرەپلىمىلىك قىلىشقا بولمايدۇ.

سەئىدىن ئوبرازىدا رېئاللىقنى چىقىش قىلغان ھالدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى ۋە ئەدەپ-قائىدە ئېڭى، تەقدىرچىلىك خاھىشى روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشق-مۇھەببەت قارىشىدا ئىنسان شەخسىي نەپسىنى يېڭىشى، ئۆز ئىشقىنى پىنھان تۇتۇپ، دەرد-ئەلەم ۋە خۇشاللىقنى ياراتقۇچى ياكى تەقدىردىن كۆرۈشى كېرەك دېگەندەك ئەقىدە بار بولۇپ، بۇ خىل چۈشەنچە ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى ۋە تەپەككۇرىدا خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا يارىتىلغان ئاشىقلار ئوبرازىنىڭ ھەممىسىدە پىنھانلىق، پاكلىق، بىچارىلىك، دەرد-ئەلەم ئالدىدا سۈكۈت قىلىشتەك خاراكتېر بىر خىل مۇقەددەسلىك سۈپىتىدە ئىپادىلەنگىنىگە ئوخشاش، سەئىدىن ئوبرازىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى پسىخىكىسى ۋە سەنئەت ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. ئاپتور يەنە مۇشۇ ئەسەرنىڭ يادروسى دەپ قارىغان رابىيە تىراگېدىيەسىنى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى دۇچ كەلگەن ۋە بوسۇپ ئۆتەلمەيۋاتقان ئىجتىمائىي تىراگېدىيە دەپ قاراپ، ئۇنى كىشىلەرگە ئالاھىدە كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولغان. ئەسەردە سەئىدىننىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى يولىدا چىقىش يولى تاپالماي ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدەك بۇ ۋەقەلىك رابىيە تىراگېدىيەسىنىڭ تېزلەتكۈچىسى ياكى كاتالىزاتورى بولۇش رولىنى ئوينىغان. چۈنكى رابىيە ئۆز ئاشىقىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزى ياشاۋاتقان زاماننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى ئادەملەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ، شۇم تەقدىرگە

قارشى كۆرەش يولىغا قەدەم باسىدۇ. سەئدىنىنىڭ تەقدىرى رابىيەنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنىڭ سىگنالى، شۇنداقلا تىراگېدىيەلىك توقۇنۇشنىڭ ئاساسى قىلىنغان.

«رابىيە ۋە سەئدىن» داستانى بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرىنچى، ئەسەردە تىراگېدىيەلىك خاراكتېر ۋە زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار روشەن ۋە يارقىن ئىپادىلەنگەن. پۈتۈن ئەسەردىكى ۋەقە، كۆرۈنۈشلەر تىراگېدىيەلىك كەيپىيات ۋە تىراگېدىيەلىك توقۇنۇش ئىچىدە نامايان قىلىنىپ، ئەسەر قەھرىمانىنىڭ تىراگېدىيەلىك گۈزەللىككە تولغان خاراكتېر ماھىيىتى يۇقىرى ئېستېتىك تۇيغۇ ئىچىدە نامايان قىلىنغان.

ئىككىنچى، ئاپتور ئەسەر ۋەقەلىكىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئەنئەنىۋى داستانچىلىقنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئەسەر ۋەقەلىكىنى بايان قىلىشتا خەلق داستانلىرىغا خاس بولغان نەسرىي ۋە نەزمىي ئۇسۇلنى تەڭ قوللانغان. ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشىمۇ زىچلىققا، ئىزچىللىققا، پۇختىلىققا ئىگە.

ئۈچىنچى، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش جەھەتتىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئاپتور ئەسەردىكى ۋەقەلىكنى بايان قىلىش جەريانىدا ھەربىر پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋە روھىي ھالەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرەتلەپ، بۇلارنى ئەسەردىكى ئىدىيەۋى خاھىش بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلغان. مەسىلەن:

*دىدى: ئاھ ئۆلسەم ئېردى كاشكى،*
*كى روھنى كۆرسەم ئېردى كاشكى.*
*تۈتۈبدۇركى سەئدىن قارا يەردە جاي،*
*مىنى زارۇ ھەيران نىتەي ئاھۇۋاي.*
*مانگا لازىم ئېرمەس سۇرۇرۇ پەراغ،*
*كېتىبدۇر نىگارىم قويۇپ جانغا داغ.*

رابىيەنىڭ تىلى ئارقىلىق بېرىلگەن بۇ پارچە ئۇنىڭ سەئدىنىنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان چوڭقۇر سەمىمىي ـ سادىق قەلبىنى نامايان قىلىدۇ.

تۆتىنچى، ئەسەر تىلى جانلىق، ئاممىباب، ئوبرازلىق ۋە ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. داستاندىكى ئابستراكت شەيئى ۋە ئۇقۇملار ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سىمۋول، مېتافورا قاتارلىق تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئوبرازلىق ۋە جانلىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئەسەردە ۋاپاسىز پەلەك مېھرىسىز ساھىبجامال ياش چوكانغا ئوخشىتىلىپ ئىپادىلەنگەن. سەئدىنىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەتكە دۇچار بولغاندىن كېيىنكى روھىي ھالىتى مۇبالىغە ۋە ئوخشىتىش ئارقىلىق:

*دېسە ئاھ ئۆرتەب ھارارەت ئوتى،*
*پەلەككە يايىشتى شارارەت ئوتى...*
*...قىلىپ ھىجىر تىغى ئانى زەخمىناك،*
*كى سەۋسەن گۇلىدەك بولۇپ باغرى چاك.*

دەپ ئىپادىلەنگەن بولسا، رابىيەنىڭ تاشقى گۈزەللىكى ھەر خىل شەيئىلەرگە تەقلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئوبرازلىق شەكىلدە مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

*قاتار كىرپىگى ئوق، قاشى ئېردى يا،*
*كۆزلىرى جادۇ، ساچى بىغايەت قارا.*
*قەددى گۇلشەن ئىچرە مۇ نەۋرەس نىھال،*

*نۇقۇت ياڭلىغ ئېردى ئۇزارىدا خال.*

بەشىنچى، شائىر قاينام-تاشقىنلىق لىرىك ھېسسىياتىنى چېۋەرلىك بىلەن ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نىيىتىنى تەشەببۇس قىلىپ، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، داستان ئىجابىي قەھرىمانلىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە بولغان قايغۇسىنى ۋە ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كىتابخانىدا يېڭىچە بىر لىرىك تۇيغۇ ئويغاتقان، بولۇپمۇ ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، سىمۋول قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، شەيئىلەرنى ئاساسىي مەقسەت ئۈچۈن جانلىق خىزمەت قىلدۇرۇپ، داستان مەركىزىي ئىدىيەسىنىڭ تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ھەقتە شائىرنىڭ داستانىدىكى خاتىمە تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق مىسرالار بار:

*چۇگەردۇن بىزاھىر ئېرۇر نەۋ ئەرۇس،*
*بەسى زىيب بىرلە قىلىپدۇر جۇلۇس.*
*كى خۇرشىد خاۋەر يۈزى كۆزگۈسى،*
*قۇلاقىغە پەرۋىن ئېرۇر ئۈنجۈسى.*
*كى زۇلفىغە شانە بولۇبدۇر ھىلال،*
*كىيەر جامەسىن ھەم ياشىل بىردە ئال،*
*نەزەر ئەيلە ھەرىكىم دىلۇ جان ئىلە.*
*ئانى كەلتۇرۇرگە كۆپ ئەرمان ئىلە.*
*بەسا ئۇمىر ئىچرە قىلىپ ئىزتىراپ،*
*بولۇر زارۇ ھەيران يۈزىگە قاراپ.*
*ئۇشۇل بىخرەتكىم ئېرۇر سادە، گۇل،*
*دىمەس نەۋ ئورۇس ھەم بېرۇر ئاڭا قول.*
*بىلۇر مەۋسۇمىنى ئۇزاقتىن-ئۇزاق،*
*ۋە لېكىن تۇتارغا قويا ئول تۇزاق.*
*بەسى شىرىن ئىشىدۇركى ئەفسانەسىن،*
*ئەگەر قەسد قىلسە، ئانىڭ دانەسىن.*
*باشىن قەيد بىرلە گىرىفتار ئېتەر،*
*ئانى لەۋھ بىرلە گىرىفتار ئېتەر.*
*ھالاك ئەتكۇسىدۇ ئانى ئاقىبەت،*
*قولىدا تۆكۈلگەي قانى ئاقىبەت.*

شائىر يۇقىرىقى مىسرالاردا لىرىك ئۇسۇل بىلەن فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ يىرگىنچلىك ئوبرازىنى يارىتىدۇ. فېئودالىزم كۆرۈنۈشتە «ساھىبجامال ياش چوكان» قىياپىتىگە كىرىۋالغان بالا-قازانىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇ ئۇكەر يۇلتۇزنى قۇلىقىغا ھالقا، يېڭى چىققان ئاينى چېچىغا تارغاق قىلىپ قىسىۋېلىپ، يېشىل، ھال رەڭ كىيىملەرنى كىيىپ، ئىنسانلارغا ئۆزىنى پەردازلاپ كۆرسەتكىنى بىلەن كىشىنى ئالداپ ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، ھالاك قىلغۇچى قاتىلدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىغا مەپتۇن ئەقىلسىز كىشى ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىدا ھالاك بولماي قالمايدۇ. ئەقلى بار ئادەم كىشىنى ئازدۇرغۇچى بۇ ياش چوكاننىڭ بۇ ھىيلە-مىكىرلىرىگە، گۈزەل تاشقى كۆرۈنۈشىگە ھەۋەسلەنمەسلىكى، ئۇنىڭ ئاشۇ رەزىل نىقابىنى يىرتىپ

تاشلاپ، ئەسلىي ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ تاشلاش لازىملىقىنى ئىپادىلىگەن.

### 3. «زادۇلنەجات»

«زادۇلنەجات» شائىر نىزارىينىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە دىنىي قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم بىر دىداكتىك ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنىڭ قاچان ۋە قەيەردە يېزىلغانلىقى نامەلۇم. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى:

*بۇ رەڭ سۆز دېمەكلىك پەقىرغە نەھەد،*
*چۇ ئەمىر ئەيلەبان شاھى قىلدى مەدەد.*
*يېتىپ ئەمرى ئالى مېنى زارىغە،*
*قەلەم توسۇنى[①] تۇشتى رەفتارىغە[②].*
*دېدى جەمئىي قىلغىل سوئالۇ جاۋاب،*
*ئانىڭ زەمنىدا بارچە تاپسۇن ساۋاب.*
*بۇ ئەمرى ئەزىمدىن بولۇپ مۇنفەئىل[③]،*
*تەرەددۇت ئىلە ئانچە بولدۇم خىجىل.*

دېگەن مىسرالارغا ئاساسەن بۇ ئەسەرنىڭ ئەينى دەۋردە مەلۇم بىر ھۆكۈمرانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەسەر قۇرۇلمىسى ھەمدۇساناغا مەزمۇن قىلىنغان 12 مىسرالىق بىر مۇقەددىمە، شائىرنىڭ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسەتلىرىنى ئىزھار قىلىدىغان سەككىز قۇر نەسر، 54 مىسرادىن تەركىب تاپقان بىر خاتىمە، مۇدبىر خۇدبىن بىلەن مۇقبىل روشەندىل مۇنازىرىسىگە بېغىشلانغان 693 قۇر نەسر، 1319 مىسرادىن تەركىب تاپقان بىر ئاساسىي گەۋدە قىسىمىدىن تەركىب تاپقان. ئاپتور ئەسەردە دىيالوگنى ۋاستە قىلغان ھالدا سوئال ـ جاۋاب ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئالەم ـ تەبىئەت، ھاياتلىق، ئىنسان قىممىتى، ئەقىل، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ھۈنەر ـ كەسىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، تائەت ـ ئىبادەت، قانۇن ـ شەرىئەت، بەخت ـ سائادەت، ئىنسانىي خىسلەت قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر مۇنچە ئىجابىي كۆز قاراشلار ۋە دىداكتىك پىكىرلىرىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە قىزغىن ۋەز ـ نەسىھەت ۋە تەلىم ـ تەربىيە قىلىدۇ.

ئەسەر سۇژىتى ماۋرانلىق مۇدبىر خۇدبىننىڭ خاۋرانلىق مۇقبىل روشەندىلغا بولغان ھەسەتخورلۇقىدىن باشلىنىدۇ. مۇدبىر خۇدبىن ئەسلىدە زالىم ۋە ئۆچىغا چىققان ھىيلىگەر، دىيانەتسىز، ئاچ كۆز، ئىچى تار، ھاكاۋۇر كىشى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ماۋران ئېلىدە ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدۇ، ئۇ ھەتتا دۇنيادا ئەرلىك خىسلىتىگە لايىق كىشى بىر لا مەن، مېنى بېسىپ چۈشىدىغان ئادەم يوق دەپ لاپ ئۇرىدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە خاۋراندا «ئادالەتتە نۇشىرۋاندىنمۇ كەمتەر»، «ساخاۋەتتە ھاتەمدىن ئۈستۈن»، «ساغلاملىق ۋە پاراسەتتە ئەپلاتوندىن ئېشىپ چۈشىدىغان» دانا ۋە خۇشخۇي مۇقبىل روشەندىل ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ھەسەتخورلۇقى قوزغىلىدۇ. ئۇ مۇقبىل روشەندىلنى يېڭىش ۋە ئۇنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ماۋراندىن خاۋرانغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ روشەندىل بىلەن ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر مەيدان كەسكىن مۇنازىرە ئېلىپ بارىدۇ.

---

① توسۇن — ئات.
② رەفتار— مېڭىش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، قىلىق.
③ مۇنفەئىل— تەسىرلەنگۈچى.

مۇدبىر خۇدبىن تەبىئەت ھادىسىلىرىنى مەزمۇن قىلغان مۇنداق بىر تېپىشماقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، روشەندىلنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ:

*نىدۇر ئەجدەرى[1] دەھرىدۇر[2] ئانىڭا كاخ[3]،*
*بىتۇيدۇر ئاناسۇر[4] بىلە تۆت شاخ.*
*چۇ ھەر شاخىغە مىندى توقسان جۇۋان،*
*كى ھەر قايىسى باش گۇل تاپىپ شادىمان.*
*بۇ سۆزنىڭ جاۋابىغە مۇھتاجمەن،*
*داغى تويمادىم سۆزۈڭە، ئاچمەن.*

مۇقبىل روشەندىل ئۇنىڭغا «ئى ساددەئى پىرزە گۇفتار[5] ۋە ئىلاھىي مەككار، ئىرەنلىك دائىرىسىدىن بۇرۇن سەن، نەپس، ئىستەك قەپىسىدە تۇتقۇن سەن، ئىشتىكىلىكى: ئەجدەردىن مۇراد بىر يىلدۇر. دەھرىدىن مۇراد ئالەمدۇر. كاخ دېگەن ئايۋاندۇر. يىلنىڭ ئۆتمەكلىكى بۇ ئالەمدە مەشھۇردۇر، يىلغا بۇ ئالەمنى ئايۋان قىلدى. تۆت ئاناسۇر شاھى دېگىنى تۆت پەسىلدۇر، ھەر پەسىل ئۈچ ئايدىن توقسان كۈندۇر، بۇ توقسان جۇۋان دېگەن ئىشارەتتۇر، بەش گۇلدىن مۇراد بەش ۋاخ نامازدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

مۇدبىر خۇدبىن ئۆزىنىڭ سوئالىغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالغان بولسىمۇ، ئەمما روشەندىلغا قايىل بولماستىن سوراشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ مال-دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ئىنسانىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېرىسمەنلىكى مەزمۇن قىلىنغان مۇنداق بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

*ياتۇر يول ئۇستىدە ئىككى باشلىق يىلان،*
*زەھەر سالغۇسىدۇر يۇلۇققان ھامان.*
*كىشى قاچمىغاي نىش[6] ئىلە زەھرىدىن،*
*تەئەججۇب بۇ كىم قورقمىغاي قەھرىدىن.*
*مىسالىنى بىزگە ئايان ئەيلەگىنز،*
*زەمىرىنى[7] بۇ دەم بايان ئەيلەگىنز.*

روشەندىل بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «ئەي خۇدبىن ئاگاھ بولغىنكىم، دۇنيا دېگەن زەھەرلىك يىلاندۇر. ئىنسانغا ھەر قانچە زەھىرىنى سېلىپ نىش ئۇرسا يەنە دۇنيادىن يانماي ئۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ شۇنچە ھالاكەت يەتكۈزسىمۇ كىشى يەنە ئۇنى ئىستىگۈسىدۇر... دۇنيا شېرىن دۇشمەندۇر. ئەگەر ئۇ قولغا كىرسە خەير-ئېھسانغا سەرپ قىلسا ئۇ ھەسەلگە ئايلىنىدۇ...».

مۇدبىر خۇدبىن مۇقبىل روشەندىلنى باشقا تەرەپتىن يەڭمەك بولۇپ مۇنداق سورايدۇ:

*نىدۇر شاھلىقنى تەباھ[8] ئەيلەگەي،*
*كى نۇقسى[9] ئانىڭ ئىززۇجاھ[10] ئەيلەگەي.*

---

[1] ئەجدەر— ئەجدىھا.
[2] دەھرى — زامان، ئالەم.
[3] كاخ— ئايۋان.
[4] ئاناسۇر — ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراق قاتارلىق تۆت زات.
[5] پىرزە گۇفتار — يالغانچى.
[6] نىش — نەشتەر.
[7] زەمىر — يۈرەك.
[8] تەباھ — چۇشكۈنلۈك، بۇرۇلۇش.
[9] نۇقسى— كاساپىتى، نۇقسانى.
[10] ئىززۇجاھ — ئىززەت-ھۆرمىتى، ئەمەل-مەنسىپى.

*نى ئىشتىن يىتەر شاھلىقغە خەلەل[1].*
*قىلىڭ ئەمدى بىزگە بۇ مۇشكۇلنى ھەل.*

مۇقبىل روشەندىل بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

*دىدى شاھ بولسا دىيانەت رەۋىش،*
*ئادالەت بىرلە قىلسا ئول ھەرنە ئىش.*
*بۇدۇر خەيرى ئېھسان ئەدايى سەلات،*
*ئادا ئەيلەسە ئوشرە بىرلە زاكات.*
*رەئىيەتنىن[2] ئول قىلسا ئاگاھلىق،*
*ئەدەب بەرسە كىم قىلسا گۇمراھلىق.*
*بۇ ئىش خوبدۇرۇر بارچەغە دەھر ئارا،*
*تەلەپ قىلغۇسى بارچە ئەل شەرھىر ئارا.*
*دىدى: شاھقا تۆتتىن نۇقسان يېتەر،*
*مۇنى بىلمىسە گەر ئابروي كېتەر.*
*بىرى زالىم ئوسال ئەمرى ئانىڭ،*
*بىرى خائىن ئولسا دەبىرى[3] ئانىڭ.*
*ۋەزىرى ئانىڭ چۇنكى غەپلەتتەدۇر،*
*ئەسىرى ئانىڭ زۇلمى كۇلپەتتەدۇر.*
*ئەگەر قىلماسا شاھى ئاگاھلىق،*
*قىلالماس جاھان ئەھلىگە شاھلىق.*

مۇنازىرە مۇشۇ يوسۇندا داۋاملىشىدۇ. روشەندىل مۇدبىر خۇدبىنىنىڭ 99 سوئالىغا تولۇق جاۋاب بېرىپ ئۇنى قايىل قىلىدۇ. خۇدبىن ئاخىرىدا:

*كۆڭۈلدە بارىنى سوئال ئەيلەدىم،*
*جاۋابىن كەمابەتبەغى[4] ئاڭلادىم.*
*ئەقىدەم تۈزەلدىۇ، كەتتى گۇمان،*
*مېنى سىددىقغە[5] ئەيلەگىل تەۋئامان[6].*
*چۇ مەن ئەيلەدىم بىرى كەم يۈز سوئال،*
*قىلىپ ئانى شەرھ، بولماي مالال.*
*سۆزۈم كەجلىكى[7] ئۆيرۈلۈپ بولدى تۈز.*
*.........*

دەپ ئۆزىنىڭ يەڭگىلتەكلىكى ۋە يېڭىلگەنلىكىنگە تەن بېرىپ، مۇقبىل روشەندىلنى ئۇستاز

---

[1] خەلەل — دەخلى، توسقۇنلۇق.
[2] رەئىيەت— خەلق، ئاۋام.
[3] دەبىرى— ئەگەشكۈچى.
[4] كەمابەتبەغ—لايىق، مۇۋاپىق.
[5] سىددىق— خۇدانىڭ يەنە بىر ئىسمى بولۇپ، سادىق، ساداقەتمەن دېگەن مەنىدە.
[6] تەۋئامان—خاتىرجەم، بەخىرامان.
[7] كەجلىكى— جاھىل، ئەگرى.

تۇتىدۇ.

بۇ يەردىكى ماھىيەتلىك مەسىلە شۇكى، ئاپتورنىڭ ھەل قىلماقچى بولغىنى مۇقبىل روشەندىلدەك ئىنسانىي خىسلەت، ئەقىل-پاراسەت، ئىلىم-مەرىپەت، تەقۋادارلىقتا تولۇق يېتىلگەن بىر غايىۋى شەخس ئوبرازىنى يارىتىپ، كىشىلەرگە ئۆگىنىش ئۈلگىسى تىكلەپ بېرىش ئەمەس، ياكى خۇدبىندەك ھاكاۋۇر، مەنمەنچى، جاھىل شەخسنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى توغرا يولغا باشلاشمۇ بولماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇنازىرىسى ئارقىلىق ئەينى دەۋر جەمئىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان ھەر خىل نۇقسانلارنى پاش قىلىش، ھۆكۈمرانلار ۋە ھەر تەبىقە كىشىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش يولى ئارقىلىق رېئال جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش، كىشىلەرگە ئەخلاقىي تەلىم-تەربىيە بېرىشتىن ئىبارەت.

ئەينى دەۋر فېئوداللىق جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر خېلى ئۆتكۈر بولۇپ، بايلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ ئېغىر ئىدى. بۇ مەسىلىنى بىرەر ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى شەرىئەت ھۆكمىنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى شەرىئەتكە، ئادىللىققا دەۋەت قىلىش يولى بىلەن تۈزەتمەكچى بولغانىدى. شۇڭا شائىر نىزارىي بۇ كىتابنى يېزىش ئارقىلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى پاش قىلىش، جەمئىيەتنى ئادالەت، پەن-مەدەنىيەت، ئەخلاق مىزانلىرى ئارقىلىق ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىنسانىي نىجاتلىقنىڭ ھەقىقىي ئۇزۇقى ئەقىل، بىلىم، ئادالەت ۋە ئەخلاق-پەزىلەتتىن ئىبارەت دەپ قاراپ، ئۇلارنى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى نورمال تەرتىپكە سېلىشتىكى زۆرۈر ۋاستە سۈپىتىدە تەشۋىق قىلغان.

شائىر ئەسەردە جەمئىيەتتىكى مۇھىم تەبىقە بولغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*ھۈنەر ئەھلىگە راستلىق پىشەدۇر*[1]،
*كى سىددىق ئەھلى كۆڭلىدە ئەندىشەدۇر.*
*ئەگەر قىلسا كاززاپلىق كەسىپ ئارا،*
*كى ئانىڭ ئاخىرەتتە يۈزىدۇر قارا. . .*

بۇ مىسرالار ئارقىلىق ھۈنەرۋەنلەرنىڭ راستچىل بولۇشىنى، كەسپتە ساختىپەزلىك ۋە كۆز بويامچىلىقتىن خالىي بولۇشى لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

«زادۇلنەجات»تا يەنە شائىرنىڭ گۇمانىستىك ئىدىيەسى ۋە تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىشىمۇ مۇھىم بىر تېما سۈپىتىدە ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ بۇ خىل ئىلغار ئىدىيەۋى خاھىشى زالىم ھۆكۈمرانلارنى ئەيىبلەش، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلاش يولى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

*بۇ دىۋاندا تۈرغان ئەمەلداردۇر.*
*قەلەم بىرلە ئەلگە جاپاكاردۇر.*
*. . . چۇ فەردا*[2] *بۇلار ھالىغە ۋاي-ۋاي،*
*ھارامنى يىگەن كامىغە*[3] *ۋاي-ۋاي. . .*

---

[1] پىشە — ھۈنەر، كەسىپ.
[2] فەردا — ئەتە، كېلەچەك، تاڭلا.
[3] كامى — مەقسىتى، ئىنتىلىش.

*... كىرەم ئەيلابان بادە مەرشادى[1] قىل،*
*ئۆزۈڭگە بۇ ئۇفتادەنى[2] يارە قىل.*
*پاناھ مەنزىلىدىن ئۆزۈلدى ئۇمىد،*
*جاھان كارىغە يوق ئىكەن ئىتەمىد.*

دېمەك، «زادۇلنەجات» دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئىلغار تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلغان ئاساستا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرى ۋە دەۋرنىڭ ئىلغار ئېقىمىنى بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرگەن ھەمدە شائىرنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە سىياسىي غايىلىرى، پەلسەپۋى ۋە دىنىي قاراشلىرى ئومۇميۈزلۈك ئىپادىلەنگەن يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەدەبىي ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر تىما جەھەتتە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى مەشھۇر نامايەندىلەردىن يۇسۇف خاس ھاجىپ، نەۋايى قاتارلىقلارنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە كىشىلىك ھايات مىزانى ئارقىلىق تەرتىپكە سېلىش غايىسىنى قايتا نامايان قىلغان. ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئالغاندا مۇھاكىمە بىلەن لىرىكىنى، نەسىر بىلەن نەزمىنى ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىش، مۇنازىرە بىلەن مۇھاكىمە ۋە ئىلمىي تەشەببۇسنى بىرلەشتۈرۈشتەك ئەنئەنىۋى ئەدەبىي ئۇسلۇبنى راۋاجلاندۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلانغان.

# §8. نورۇز ئاخۇن زىيائىي

## 1. نورۇز ئاخۇن زىيائىينىڭ ھاياتى

نورۇز ئاخۇن (ئەدەبىي تەخەللۇسى زىيائىي) 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنى رېئالىزمغا يۈزلەندۇرۇپ، شۇ دەۋر ئەدەبىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرگەن بايراقدار شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىرنىڭ تەرجىمىھالىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئىشەنچلىك، تەپسىلىي ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك. شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق شائىرى، مىرزا بېگى ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق توپلىمىنىڭ «خاتىمە كىتاب» 37 ـ قىسمىدا:

*زىيائى لەقەب بار ئىدى دىلپەسەند،*
*مۇساھىب بولۇپ بىزگە ئول دەرمەند.*
*بولۇپ يەر مەنىدى ئىكەۋ بىر داۋام،*
*رەفەقەت كېلۇر ئىدى ئول سۇبھى ـ شام.*

دەپ يازغانلىرىغا قارىغاندا، شائىر نورۇز ئاخۇن شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن بىر دەۋردە كاشغەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ يەنە:

*قىلىپ شۇغىل لەتىف خۇدايى بىلەن،*
*يېتىپ نەچە كۇنلەر زىيائىي بىلەن.*
*تېرىپ نوخون دەرياسىدىن جەۋھىرى،*

---

[1] مەرشادى — شاد ـ خۇرام.
[2] ئۇفتادە — مەردلىك، ياخشىلىق.

*تىزىپ رىشتىگە ئەيلەڭىز گەۋھەرى.*

دېگەن مىسرالىرىغا قارىغاندا، زىيائىي ئوردىغا مىرزىلىققا تەكلىپ ئېتىلىشتىن ئىلگىرى جامائەت ئارىسىدا تونۇلغان ئاتاقلىق شائىر ئىكەنلىكىنى، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ئۇنىڭ تالانتى ۋە داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشنى بولۇپمۇ «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ ئاتالغان چوڭ ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئىشتىراك بولۇشىنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

شائىر نورۇز ئاخۇن زىيائىي كاشغەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ بىزگە مىراس بولۇپ قالغان بەدىئىي ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى، تىلى، قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئۇ كىچىكىدە زامانىسىنىڭ زۇرۇرىي مەدرىسە بىلىملىرىنى ئەتراپلىق بېرىلىپ ئۆگەنگەن، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن خەۋەردار كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، شېئىرىيەتتە بەلگىلىك ماھارەتكە ئىگە بولغان ۋە ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتى ۋە ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى بىلەن زامانداشلىرى ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ۋە زور تەسىرگە ئىگە بولغان. ئەينى دەۋرنىڭ ھۆكۈمرانى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتى ۋە ئىستېداتىنى نەزەرگە ئېلىپ، شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىيغا ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ مىرزىخانىدا بىللە ئىشلەش تەكلىپىنى بەرگەن.

شائىر ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن ئابدۇرەھىم نىزارىي، تۇردى نازىم غەرىبىي قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە تەخمىنەن 14 يىل ئەتراپىدا مىرزىلىق خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇ جەرياندا ئۇ زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ ئابدۇرەھىم نىزارىيغا چۈشۈرگەن پەرمانى بويىچە ئابدۇرەھىم نىزارىي، تۇردى نازىم غەرىبىيلار بىلەن بىرلىكتە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي ھەم ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ ئاتالغان زور ھەجىملىك كۆللىياتنى ئىشلەشكە قاتناشقان. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ «مۇھزىنۇلغۇائىزىن» (مۆڭلۈك ۋەزلەر)، «مەسئۇد ۋە دىلارا»، «ۋامۇق ۋە ئۇزرا»، «بەھرام ۋە دىلئارام» قاتارلىق داستانلىرى ۋە شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن بىرلىشىپ يازغان «چاھار دەرۋىش» ناملىق چوڭ ھەجىملىك داستانى كىرگۈزۈلگەن. بۇ داستاننىڭ 1 ـ، 2 ـ ۋە 4 ـ دەرۋىش ھېكايەتلىرى شائىر زىيائىيغا مەنسۇپ بولۇپ، شائىرنىڭ ئەسەرلىرى داستاندا خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن. شائىرنىڭ يەنە باللار ئەدەبىياتىغا تەۋە «ياۋا توشقان» ناملىق بىر پارچە ۋەقەلىك شېئىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇبەيدى زاكانى پارسچە يازغان «مۈشۈك ۋە چاشقان» ناملىق شېئىرىي مەسەلنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

شائىر زىيائىي بەدىئىي ئىجادىيەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھارماي ئىزدىنىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە ئوردا مىرزىخانىسىدا 14 يىل جاپالىق ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرى موھتاجلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكەن.

**2. نورۇز ئاخۇن زىيائىينىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە**

شائىر زىيائىي زامانىسىنىڭ ئەدەبىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈشتە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان، زور ئىجادىيەت ئۇنۇملىرى بىلەن زامانىسىدىكى رېئال مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرىپ، ئەدەبىياتنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگەن مول ھوسۇللۇق يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

1) «مۇھزىنۇلغۇائىزىن»

شائىرنىڭ «مۇھزىنۇلغۇائىزىن» («مۆڭلۈك ۋەز ـ نەسىھەتلەر») ناملىق بۇ داستانى زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى توغرىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، ئەدەپ كەتكەن

ناچار خاھىش ۋە قىلىقلارنى تۈزىتىش، ئەمەلدارلارنىڭ پاك ۋە دىيانەتلىك بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەند-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى داستان. شائىر داستاننىڭ يېزىلغان يىلى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

*پەند ئەۋراقىدىن تاپىب ئىنىبات،*
*مۇھىرىنۇل-ۋائىزىن دېدىم مۇڭا ئات.*
*تەئرىخىن سورىساڭىز مىڭ ئىككى يۈز،*
*ئەللىككە ئىزافەدۇر توققۇز.*

بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، داستان ھىجرىيە 1259-(مىلادىيە 1834-) يىلى يېزىلغان. داستان ئىسمىنىڭ «مۇڭلۇق ۋەز-نەسىھەتلەر» دەپ ئاتالغىنىغا قارىغاندا، شائىر ئەسەر تېمىسىنى زامانىسىدىكى بۇزۇلۇۋاتقان ئىجتىمائىي ئەخلاق، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئەمەلدار-چېرىكلەردىكى پارىخورلۇق، ياۋۇزلۇق، رەھىمسىزلىك، پۇقرالاردىكى مېھىر-شەپقەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىق، سودىگەرلەردىكى جازانىخورلۇق، يالغانچىلىق، ئادىل بولماسلىقتەك ناچار ئىللەتلەرنى تۈگەتمىسە، ئىنسانىي ئەخلاق ئۇقىدىن چىقىپ كېتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش مەقسىتىگە قاراتقان. چۈنكى شائىر 14 يىل ئەتراپىدا زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ئوردىسىدا ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككى يىل كېسەل تارتىپ يېتىپ قالغان ئېغىر-مۇشكۇل پەيتتە ياردەمسىز قېلىپ، تۇرمۇشى ئېغىر مۇشەققەت ئىچىدە قالىدۇ. بۇ ئىشتىن قاتتىق ئازار يېگەن شائىر ئۆزى ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكەن ئەمەلدارلاردىن كۆڭلى سوۋۇپ ئۇلارغا شىكايەت قىلىپ، موھتاجلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان تۇرمۇش غۇربەتچىلىكى ۋە ئېغىر دەرد-ئەلىمىنى مۇڭلۇق شېئىرىي مىسرالار بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەسەر ئالتە ماۋزۇ، يەتتە ماقالە، بەش تەمسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جەمئىي 4800 مىسرادىن تۈزۈلگەن. ئەسەر شائىر ئىجادىيىتىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

شائىر ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئىدىيەۋى پىكىرلىرىنى ئەدەبىياتىمىزدىكى ماقالاتچىلىق ۋە تەنبىھ شەكىللىرىدىن پايدىلانغان ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن. ماقالات قىسمىدا ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىن ھېس قىلغان، چۈشەنگەن ۋە بىۋاسىتە كۆرگەنلىرىنى مەنتىق تەپەككۇر شەكلى بىلەن ئىپادىلىسە، تەنبىھ قىسمىدا بۇ توغرىسىدىكى يەكۈنلىرىنى بۇ ئۇسۇلدىن باشقىچە ھالدا ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلىدىن پايدىلىنىپ، مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرۈش، شۇ يول ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش شەكلى بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

شائىر ئەسەر تېمىسىنىڭ بىرىنچى ماۋزۇسىنى ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى، ئىلىمنىڭ ئىنسان ئۈچۈن خاسىيىتى، ئىنسان پائالىيىتىدىكى غەلىبىنىڭ ئاساسى ئىلىم بولىدىغانلىقى تەرىپىگە قارىتىپ، ئىنسان بىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن چوقۇم پىر-ئۇستاز تۇتۇشى لازىم دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئىلىمنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى زۆرۈرىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ: ئەگەر شاھ ئوردىسىغا ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان قارا قورساق ئادەم خۇشامەت، تەخسىكەشلىككە تايىنىپ كىرىۋالغان بولسا، ئۆزى باياشات تۇرمۇش كەچۈرگىنى بىلەن خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈلىدىغان ھاكىمىيەت قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ھېچ نەرسىگە يارىماس بولۇپ قالىدۇ دەيدۇ. شائىر تۆتىنچى ماقالاتىدا: ئۆزىنىڭ ئادىل شاھ ھەققىدىكى قاراشلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادىل شاھ باياۋانلارنى ئاۋات قىلغۇچى، زالىم شاھ

مەمۇرچىلىقنى خاراب قىلغۇچى دەيدۇ ۋە بۇ خىل قارىشىنى ئەمەلىي مىسال بىلەن ئىسپاتلاش ئۈچۈن كېيىن بېرىلگەن تەنبىھ قىسمىدا، زېمىن ساتقۇچى ۋە ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن يەردىن چىققان ئالتۇننى ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئاخىرى پادىشاھ ئابدۇلھەمىد ئالدىغا بارغاندا ۋەزىرنىڭ بىر تەرەپ قىلىپ قويۇشىغا تاپشۇرۇش، ۋەزىر توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغاندىن كېيىن بولسا، ئۇنى ۋەزىرلىكتىن ئېلىپ تاشلاپ باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى نىكاھلاپ ئالتۇننى ئۇلارغا مۈلۈك قىلىپ بېرىش، ئۇلارمۇ قوبۇل قىلمىغاندا يول، باغ ياساپ ئۇنىڭدىن پۈتكۈل جامائەت پايدىلىنىشتىن ئىبارەت بىر ۋەقەلىكنى مىسال قىلىپ ئېلىش ئارقىلىق، ئادىل شاھ ۋە بىلىملىك ۋەزىرنى مەدھىيەلەپ، رەزىل، ئاچ كۆز ۋەزىر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى پاش قىلىدۇ ۋە پۇقرالاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي نىزام ۋە ئۆلچەملەرنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

داستاننىڭ بەشىنچى ماقالاتىدا، ۋەزىرنىڭ پادىشاھ ھاكىمىيىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى، ۋەزىپىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىپ شۇنداق دەيدۇ: ۋەزىر شاھنىڭ كۆزى بولۇشى ھەتتا شاھنىڭ ئۆزى بولۇشى لازىم. پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغىنى بىلەن ئەمەلىي ئىشنى ۋەزىر قىلىدۇ. ۋەزىر ئۆزىگە قانائەتنى كەسىپ قىلىشى، پۇقرانىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشى، خەلقنىڭ داد-ئەھۋالىنى ئوبدان سورىشى لازىم. خەلقنىڭ شاھنىڭ ئادالىتى ھەققىدىكى رازىمەنلىك مەدھىيەلىرىدە ۋەزىرنىڭ بىر ئۇلۇش ھەسسىسى بولىدۇ دەيدۇ. بۇ يەردە شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، شائىر تۇرمۇش غۇربەتچىلىكىدە قالغاندا، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ئەتراپىدىكى ئوردا خادىملىرىنىڭ چىرىك تۇرمۇش ئىستىلىنى ۋە ئىستىبدات، پارىخور خىزمەت ئىستىلىنى كۆرۈپ يەتكەن. بۇ ھالەتكە ئېچىنىپ تەنبىھ سۈپىتىدە بۇ خىل قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا، كۆرۈنۈشتە گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىۋاتقان زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەن شائىر ئوردا ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن ۋەزىردىن ئېسىل پەزىلەت، ئادىل، توغرا، خەلققە پايدىلىق بولغان قائىدىلىك، پرىنسىپلىق ئىش-ھەرىكەتنى تەلەپ قىلىدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان، خەلق مەنپەئىتى بىلەن بىۋاسىتە باغلانغان خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدار ۋە دورغا-قازىلارنىڭ ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ خەلققە قىلغان زۇلمىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ: دورغىلىقنىڭ بۇ زاماندا ئېتى ناھايىتى ئۇلۇغ، ئۇنىڭ پىكرى-خىيالى ئالتۇن تېپىلماق. ئۇ شاھنى پەخىر بىلەن تىلغا ئېلىپ (قالقان قىلىپ) خەلقنى شىلىش كويىدا بولىدۇ. شاھ خەلقنىڭ غېمىدىن ئەندىشە قىلىپ، دورغىلار خەلق ئۈچۈن جاپا قىلىدۇ دېسە، سىپاھلارنى تەنقىدلەپ ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلىپ ياخشى-يامانىنى پەرق ئەتمەيدۇ، دورغا بىلەن بىرلىشىپ پارا ئېلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ دەپ ئەيىبلەيدۇ. قازىنى بولسا دەۋانى بىر تەرەپ قىلىشتا تەپتىش قىلمايلا ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىغا باقمايدۇ دەيدۇ.

دىن بىلەن ھاكىمىيەت زىچ بىرلىشىپ كەتكەن 19-ئەسىر فېئودالىزم جەمئىيىتىدە قازىنىڭ ھۆكمى ئەڭ ئالىي ھۆكۈم ئىدى. دورغا ۋە سىپاھلارنىڭ يۇقىرىقىدەك قىلمىشلىرى بىلەن خالىغىنىچە بوزەك ئېتىلىپ خورلانغان بىگۇناھ خەلق داد-ئەھۋال ئېيتىپ قازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تىلى بىر چايانلارنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان قىسمىتىگە دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا، ئازابلانغان بىچارە خەلق داد-ئەھۋالىنى خۇداغا ئېيتماستىن باشقا ئامالى بولمايدۇ. شائىر ئۆزى ياشاۋاتقان چىرىك فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئىنكاس

قىلىۋاتقاندا ئۆزئۆزىدىن بوغۇلۇپ، يۈرىكى سىقىلىپ يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دەپ خىتاب قىلىدۇ:

*يەتسە مۇنچە خىجىل بۇ ئالەمدە،*
*غەزەپتىن يۈرسە ماتەمدە.*
*ئەدلى بىرلە تۈگەت خۇسۇمەتنى،*
*بوينىڭغە ئالماغىل ئوقۇبەتنى.*
*ياپماغىل ھەقنى بەتل ئىلە ھەرگىز،*
*راست يولغە پۈتۈڭنى قويغىل تېز.*

داستان ۋەقەلىكىنىڭ تەنبىھ قىسمىدا يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنىڭ جەۋھىرى بولغان شاھ ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىدە ۋەزىرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى تېخىمۇ كونكرېتلىقتا ئىگە قىلىپ، ئادىللىقتا داڭ چىقارغان، ئۇنىڭ دانا سىياسىتىدىن رازى بولۇپ، ئۇنى ھىمايە قىلىۋاتقان ئابدۇلۋەسئ شاھ بىلەن ئۇنىڭ مۇناپىق ۋەزىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىپىك ۋەقەلىكنى مىسال قىلىپ، ھاكىمىيەتنىڭ غۇلاپ كېتىشىدە ۋەزىرنىڭ رولى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، شاھ ياخشى بولغاندىمۇ ۋەزىر قارانىيەت، مۇناپىق، سىياسىي سۇيىقەستچى بولسا، ھاكىمىيەت مۇقەررەر مۇنقەرز بولىدۇ، خەلق زەبۇنلۇقتا قالىدۇ دېگەن ئىدىيەنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنى ئەتراپىدىكى قارانىيەت، سۇيىقەستچىلەردىن ئاگاھ بولۇشقا چاقىرىدۇ.

ئالتىنچى ماقالاتىدا، ئاپتور ئىلىم-ھېكمەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىپ، ئىلىم-پەننىڭ جەمئىيەت، ھاكىمىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىدۇ. داستاننىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان بىر تەرىپى ئۇنىڭ زامانىسىدىكى قانۇنىي ئورگان ھېسابلانغان «دىنىي شەرىئەت» مەھكىمىسىنى ئىگىلىۋېلىپ، شەرىئەت ھۆكمىگە تۈپتىن خىلاپ ھالدا ھەق بىلەن ناھەقنى، توغرا بىلەن ناتوغرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ پارىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھوقۇقنى خەلققە زۇلۇم سېلىش ۋە پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان قازىلارنى ئايىماي سۆكۈپ تاشلىغان تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ. شائىر بۇ خىل قازىلارنى «ئىككى يۈزلۈك ھايۋان»، «بەتبەخت» دەپ ئەيىبلەيدۇ. بۇلار شائىرنىڭ ئەينى دەۋر چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمىگە، شۇ خىل تۈزۈم ئاستىدا ھاكىمىيەتنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا تۇتقان ھەققانىي مەيدانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. داستاننىڭ ئاخىرقى بابلىرىدا شائىر ئوتتەك يالقۇنجاپ تۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەپ، كاشغەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسىنى ناھايىتى يارقىن سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ ئانا ماكانىنى كۆكەرتكەن مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ مىننەتسىز مېھنىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئانا ۋەتىنىنى قوغداۋاتقان مەرد پالۋانلارغا، خەلق ئاممىسىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقان، ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

داستان ئاخىرىدا كۆڭلىدىكى گەپ-سۆزلىرىنى تولۇق ۋە جايىدا ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدىن، كۆڭلىدە قىلچە ئارمانى قالماي مۇرادىغا يەتكەنلىكىدىن سۆيۈنىدۇ.

2) «ۋامۇق ۋە ئۇزرا» داستانى

«ۋامۇق ۋە ئۇزرا» داستانىنىڭ ۋەقەلىكى خاراكتېرى جەھەتتىن ئىشق-مۇھەببەتكە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ سۇژىتى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. بۇ ۋەقەلىك «جامىئۇل ھېكايەت»تە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى سۈپىتىدە ساقلانغان.

بۇ سۆزتىنى تۇنجى قېتىم پارس شائىرى ئەبۇلقاسىم ھەسەن ئۇنسۇرى (ۋاپاتى 941 ـ يىلى) «ۋامۇق ۋە ئۇزرا» نامى بىلەن رومانتىك ئۇسۇلدا داستانلاشتۇرۇپ يېزىپ چىققان. 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىران شائىرى زاھىر كىرمانى شۇ نامدا شۇ ۋەقەلىكنى داستانلاشتۇرۇپ چىققان. 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە خارەزمدە ئۆتكەن خوجا سەئىد ھەسەنى زاھىر كىرمانى يازغان «ۋامۇق ۋە ئۇزرا» داستانىنى پارسچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ چىققان. 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە شائىر نەۋايى تەرىپىدىن مەشھۇر تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ئەسەر «مەجالىسۇننەفائىس»قا بۇ قىسسىنىڭ سۆزتى مىسال ئېلىنغان. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مەشھۇر شائىر نورۇز ئاخۇن زىيائىي ئۇيغۇر تىلى بىلەن «ۋامۇق ۋە ئۇزرا» داستانىنى يارىتىپ، زور ئۇتۇقا ئېرىشتى. داستان ئىككى باب، 566 مىسرادىن تۈزۈلگەن بولۇپ، داستاندا ھىندى پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى ئۇزرا بىلەن ھۈنەرۋەن ئائىلىدىن كېلىپ چىققان كەمبەغەل يىگىت ۋامۇق ئوتتۇرىسىدىكى پاك ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ فېئودال قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى ۋە سىنىپ، تەبىقە جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق تۇپەيلىدىن چەكلىمىگە ئۇچراپ نابۇت بولۇپ، ئاخىرى ئىككى ياشنىڭ پاجىئەسىگە سەۋەبچى بولغانلىقىدەك بىر ۋەقەلىكنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ قاتمۇقات جىنايىتىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ. فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە زوراۋانلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. شۇلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ ھەققىدىكى تەشەببۇس، قاراشلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

داستاندا مۇنداق بىر ۋەقەلىك تەسۋىرلىنىدۇ: ھىندى دىيارىدا خەزىنىلىرى بىھېساب مال ـ دۇنيا بىلەن تولغان، نۇرغۇن ئەللەرنى ئۆزىگە قارام قىلغان، ھەيۋەتلىك قوشۇنغا ئىگە بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزرا ئىسىملىك ھۆسن ـ جامالى كېلىشكەن، ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ ئاتىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئاسرىشى ۋە تەربىيەلىشى ئاستىدا چوڭ بولۇپ بويىغا يېتىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇزرا ھاۋالىنىپ، كۆڭلى ـ كۆكسىنى يايرىتىش ئۈچۈن كېنىزەكلىرى بىلەن شاھانە باغقا سەيلىگە چىقىپتۇ. باغ ئارىلاپ، سۈيى كۆمۈشتەك لىغىرلاپ تۇرغان بىر كۆل بويىغا كېلىپ، سۇدىكى ئەكسىنى كۆرۈپ، تاماشا قىلىۋاتقاندا، توساتتىن شامال تەگكەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئىشق ئوتى چىرمىۋالغاندەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدىنى يوقاتقان قىز كېنىزەكلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆيگە قايتىپ، ئىشق سەۋداسىدا كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان خانىش قىزىنىڭ شاھانە كۆڭلىكىنى سالدۇرۇپ، كىر يۇغۇچىغا يۇيۇپ بېرىشكە بېرىپتۇ.

بۇ شەھەردە مەخسۇس پادىشاھلىقنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان بىر ئۇستا كىر يۇغۇچى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ۋامۇق ئىسىملىك ئون ئىككى ياشلىق بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇمۇ خۇددى ئاتىسىغا ئوخشاش ماھىر ئۇستا ئىكەن. ئاتىسى ئۇنىڭغا شاھانە كىيىملەرنى يۇيۇشقا بۇيرىغاندا، توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى ئۇزرانىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەن شاھانە كۆڭلەككە چۈشۈپتۇ ۋە كۆڭلەكنى ئېلىش ئۈچۈن يەرگە ئېڭىشكەندە، ئۇنىڭدىن تارىغان ئىپارنىڭ خۇش بۇيى ئۇنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ، ئۇنى ئىشق ئوتىغا گىرىپتار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋامۇق بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. بۇ خىل ھالەتتىن قاتتىق چۆچۈگەن دادىسى ئۇنىڭغا ئەجەل شامىلى تەگكەن ئوخشايدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ۋامۇق ئەتىسى كۈن چىقارغا يېقىن ھوشىغا كەپتۇ. بىراق ئۇنىڭ نەپەسىدىن بىر ئاتەش ئالامىتى گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرۇپتۇ. ئاتىسى بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئۇنىڭدىن سوراپتۇ. ۋامۇق باشتا ئاتىسىدىن ئۇيۇلۇپ ھېچ نەرسە دېگىلى ئۇنىماپتۇ. كېيىن قايتا ـ قايتا قىستاشلاردىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەنى

ئاتىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئوغلىنىڭ شاھ قىزىغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىدىن قاتتىق چۆچۈگەن ئاتا ئوغلىغا بۇ سىرىڭنى ھېچكىمگە تىنما. ئەگەر پادىشاھ بىلىپ قالسا كاللىمىزنى ئالىدۇ. پادىشاھ بىلەن گادايى قاچان تەڭ بولغان؟ پادىشاھنى تىغ بىلىپ، ئۇنىڭدىن يىراقلاش دەپ نەسىھەت قىپتۇ. ۋاموۇقىغا بۇ نەسىھەت ۋە يالۋۇرۇشلار ھېچبىر كار قىلماپتۇ. ئۇ يېرىم يالىڭاچ، مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ كوچىغا چىقىۋېلىپ ئىشق دەرد-پىراقىنى تۆكۈپ، گاھ يىغلاپ، گاھ كۈلۈپ يۈرۈپتۇ. كۈن بويى بىر يۇتۇم سۇ ياكى بىر چىشلەم نان يېمەي، مۇشۇ تەرتىپتە داۋاملاشقان مەجنۇنلۇق تۇرمۇش ئۇنىڭ تېنىنى كۈندىن-كۈنگە زەئىپلەشتۈرۈپ ھالىدىن كەتكۈزۈپتۇ ۋە ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكى، قولىنىڭ قىسقىلىقى تۈپەيلىدىن ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئېچىنىشلىق ھالدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۆلۈش ئالدىدا ئۇ ۋەسىيەت قىلىپ: جەسىتىمنى ئۇزرا سەيلە قىلىدىغان باغ ئىچىدىكى شاھ سۇپا ئاستىغا مەخپىي دەپنە قىلىڭلار دەپتۇ. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن باغۋەن بىلەن مەخپىي كېلىشىپ ئۇنىڭ جەسىتىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي باغ ئىچىدىكى شاھ سۇپا ئاستىغا دەپنە قىلىپتۇ. ئەتىسى ئۇزرا يەنە باغ سەيلىسىگە چىقىپتۇ. توساتتىن شاھ سۇپا تەرەپتىن كەلگەن مەيىن شامال ئۇزراغا ئۇرۇلۇپتۇ. ئۇ ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا شاھ سۇپا تەرەپكە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپتۇ. شۇ ھامان شاھ سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى گىلەملەر تالا-تالا يېرىلىپ، بۇ جايدىن ۋاموۇقنىڭ يۈزىدىكى نۇرنىڭ شولىسى شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىپتۇ. نۇر تەسىرىدىن ئىشق سەۋداسى كېسىلى قايتا قوزغىلىپ ئۆزىنى يوقاتقان ئۇزرا خۇددى پەرۋانىدەك ۋاموۇقنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇپا ۋە گىلەمنىڭ يېرىقلىرى بىر-بىرىگە تۇتۇشۇپ ئەسلىي ھالىتىگە كەپتۇ. لېكىن، ئۇزرانىڭ چېچى ناھايىتى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن لەھەت ھەممىنى قويىنىغا ئېلىپ بولالماي، بىر قىسمى يېرىقتا قىسىلىپ تاشقىرىدا قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەن كېنىزەكلەر ئەھۋالنى ئوردىغا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ ۋە خانىش باشلىق ئوردا ئەھلى دەرھال بۇ يەرگە ھازىر بولۇپ، لەھەتنى ئاچتۇرۇپتۇ. قارىسا، ۋاموۇق بىلەن ئۇزرا لېۋىنى لېۋىگە مەھكەم بېسىپ، چىڭ قۇچاقلاشقان ھالدا ياتقان. بۇ ئىشقا ھەيران قالغان پادىشاھ ۋاموۇقنىڭ ئاتىسىنى چاقىرتىپ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئۇققاندىن كېيىن، قاتتىق ئەپسۇسلىنىپتۇ ۋە ۋاموۇقنىڭ ئاتىسىغا بىر تاۋاق ئالتۇن ھەدىيە قىلغاندىن سىرت، ئۇلارغا قاتتىق تەزىيە بىلدۈرۈپ، يۇرتقا كاتتا نەزىر بېرىپتۇ.

داستاندا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىك گەرچە ھىندى دىيارىدا بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئاپتور ئۇ ۋەقەلىكتىن ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ رېئال ئەمەلىيىتىنى كۆرۈپ يەتكەن. شۇڭا ئاپتور ئىنسانىي ئىشق-مۇھەببەت يولىدا ۋىسالغا ئېرىشەلمەي ئارمان بىلەن كەتكەن ئىككى ئاشىقنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، زامانىسىدىكى فېئوداللىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان تەبىقە ۋە سىنىپىي ئايرىمىنىڭ ئىنسان ھۆرىيىتىنى بوغقۇچى مەنىۋى كىشەندىن ئىبارەت تۈپكى ماھىيىتىنى چېۋەرلىك بىلەن ئېچىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇ نەرسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، مەلۇم بىر تارىخىي دەۋردە يۈز بېرىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى بىلەن ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يادنامە سۈپىتىدە داۋاملىشىۋاتقان مەلۇم بىر ئاكتىۋال تېما ئۇزۇن مۇددەت خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۇرۇش ئارقىلىق مەزمۇن جەھەتتىن بېيىپ، بەدىئىيلىك جەھەتتىن تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ ئۆز كامالىتىگە يېتىدۇ. ئۇ يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مەلۇم بىر تارىخىي دەۋردە مەلۇم بىر ئاپتور تەرىپىدىن ياكى خەلق ئىجادىيىتى ئاساسىدا قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئورۇنلايدۇ. خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، دۇنياۋى تېمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇنداق زور بىر تېمىنىڭ ئاپتور ياكى خەلق ئىجادىيىتى ۋاسىتىسى بىلەن

ئامما بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرى، شۇ ۋەقەلىكتە يۈز بەرگەن تارىخىي چىنلىقنىڭ ئىپادىلىنىش جەھەتتىكى بەدىئىي ئۇتۇقلىرىدىن ھوزۇرلىنىش، شۇ ئارقىلىق يېڭىنى ئىجاد قىلىش مەقسىتىگە يېتىشنى كۆزلەش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىرى، شۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن زامانىسىدىكى رېئاللىق بىلەن ئوخشاشلىقىقا ئىگە بولۇپ قالغانلىقى، يەنى شۇ رېئال تارىخىي دەۋردە ئەينى دەۋردىكى رېئال ھادىسىلەرگە ئوخشاش ئىجتىمائىي ھالەتلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى تۈزەتمىسە، ۋاقتىدا تەدبىر قوللانمىسا، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىدەك خۇلاسىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلغان.

شائىر نورۇز ئاخۇن زىيائىي 19 ـ ئەسىر فېئودالىزم جەمئىيىتىگە نەزىرىنى ئاغدۇرغاندا، سىنىپىي ئايرىما، تەبىقە تۈزۈلمىچىلىكى ۋە ئىقتىسادىي ئامىل تۈپەيلى بىر ـ بىرىنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمەيۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تىراگېدىيەلىك ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ يەتكەن. كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى، مەنىۋى تۇساقلارنىڭ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ۋىسال شادلىقىغا تۇسالغۇ بولۇۋاتقانلىقىنى، مۇشۇ تۈپەيلى نۇرغۇن ئاشىق ـ مەشۇقلار بۇ دۇنيادىكى ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئۇ دۇنياغا باغلاپ ۋاقىتسىز بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن.

فېئوداللىق جەمئىيەت ھەرقانداق بىر ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيەنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى خالىمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا چىش ـ تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. بولۇپمۇ شائىر ياشاۋاتقان 19 ـ ئەسىر ئىجتىمائىي جەمئىيىتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. زامانىسىدا ھوقۇق تۇتۇپ مەرىپەتنى بىرقەدەر جانلاندۇرغان، خەلقنىڭ دەردىگە مەلۇم دەرىجىدە دەرمان بولۇپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ گەرچە خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى مەلۇم جەھەتتىن بولسىمۇ بېيىتىش، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى مەلۇم جەھەتتىن بولسىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خەلققە پايدىلىق بولغان بىر قىسىم ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن مۇددەت خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن زىچ بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى كونترول قىلىۋالغان بىر قىسىم خاتا، مىستىك تەسىرنى ئۈزۈل ـ كېسىل تازىلاشقا يەنىلا ئاجىزلىق قىلغانىدى ھەم مەۋجۇت جەمئىيەتنىڭ رېئال ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇزۇندىن بېرى خەلقنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن بۇ خىل پوزىتسىيەنى بىراقلا چىقىرىۋېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھېكىمبەگ ھەم شائىر زوھۇرىددىن(زوھۇرىي)نىڭ شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىيغا: «مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى يېزىڭلار. ئەمما، سۆزۈڭلار خەلققە ياقسۇن» دەپ كېلىپ:

*كىشىكى جاھاندا ئىرۇر دەردمەند،*
*كى بۇ نەزمنى كۆرسە قىلغاي پەسەند.*

دەپ جېكىلىشىدىمۇ تۇرلۇك توساقلار سەۋەبلىك مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلمەي دەردمەن بولۇپ كەتكەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋاپادار ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلاردىن كۆڭلى تەسكىن تاپسۇن دېگەننى كۆزلىگەنلىكىدە شەك يوق. شائىر ئىدىيەدە بەلگىلىك ئويغىنىش ياسىغان زوھۇرىي، نىزارىي، غەرىبىي قاتارلىق زامانىسىنىڭ ئاكتىۋال ئىدىيەلىرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئىلغار كۈچلەر بىلەن مۇستەھكەم بىر سەپ تۈزۈپ، قەلەمنى قورال قىلىپ زامانىسى ئۈچۈن ئاكتىۋال ئىدىيە بولغان ئىلغار گۇمانىستىك خاھىشلىرىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. جەمئىيەتتىكى چىرىك ئەخلاقنى، ئەخلاقتىكى چۈشكۈنلۈكنى مانا مۇشۇ ۋاستە ئارقىلىق ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئۇنى ئايىماي تەنقىد

قىلغان ۋە مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىسيانكار روھىنى، ئەركىن ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەت ئىدىيەسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ۋامۇق بىلەن ئۇزرانىڭ تىراگېدىيەلىك ئاقىۋىتى زامانىسىنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەھۋالى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ خىل تەقدىرداشلىقنى پەقەت مۇشۇ يول ئارقىلىقلا ئەكس ئەتتۈرۈش، پەقەت مۇشۇ يول ئارقىلىقلا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن.

داستاندا يارىتىلغان ۋامۇق بىلەن ئۇزرا — 19 ـ ئەسىر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدە ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تەبىقە ئايرىمىچىلىقى، سىنىپىي پەرق، ئىقتىسادىي ئامىل قاتارلىقلاردىن ئىبارەت مەنىۋى كىشەنلىرىنىڭ توسقۇنلىقى تۈپەيلىدىن ئەقىللىي ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەت ئىستىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، ئەزىز جېنىدىن جۇدا بولغان مىڭلىغان ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر. بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇھەببەت تىراگېدىيەسىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئەينى دەۋر فېئودالىزم دۇنياسىدىكى تەڭسىز ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن ئىبارەت.

داستاندىكى پېرسوناژلار ئوبرازى: «ۋامۇق ۋە ئۇزرا» داستانىدا ۋامۇق، ئۇزرا، ۋامۇقنىڭ ئاتىسى، ئۇزرانىڭ ئاتىسى ۋە شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان.

ئەسەردە بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ بىرى ۋامۇق ئوبرازىدۇر.

ۋامۇق ئەسەردە خېلى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىلىپ، خاراكتېرى بىرقەدەر ئېنىق يارىتىلغان ئاقكۆڭۈل، ۋىجدانلىق، ئەقىدىسىگە ۋاپادار يىگىتلەرنىڭ تىپىك ئوبرازى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ھۆرلۈكى ۋە ئەقىللىي ئىستىكى يولىدا فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى توسقۇنلۇقلىرىغا ئۆزىنىڭ قەيسەرانە ئىرادىسى ئارقىلىق ئوت ئېچىپ، ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببىتىگە سادىق سەمىمىي قەلبىنى تونۇتىدۇ. ئۇ گەرچە يەر، سۇسىز، قول ئىلكىدە يوق نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئاتىسى بۇ يولدىن قايتىش توغرىسىدا قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن، ئېتىقادىدىن يانماي، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا خاس ئالىيجاناب ئىرادىسىنى، پاك مۇھەببىتىنى قەدىرلەشتەك ئېسىل خىسلىتىنى، كەمتەر، كەم سۆزلۈكىنى، قەتئىي بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا ئاقكۆڭۈل مېھنەتكەشلەرنىڭ باللىرىغا خاس ساددىلىق ۋە تارتىنچاقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، دەسلەپىدە ئۇزراغا ئاشىق بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە ئۆز سىرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا زادى ئېيتمايدۇ. ئاخىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆپ قېتىم سۈرۈشتۈرۈشى ئاستىدا ئۇيالغان ھالدا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھال دادىغا نىسبەتەن خۇددى ئۇشتۇمتۇت چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ كەتكەندەك بىلىنىپ، يۈرىكى ئازابتىن ئوتتا پۇچۇلانغاندەك بولۇپ كېتىدۇ. پادىشاھنىڭ ئۆز قىزىنى كەمبەغەلگە بەرمەك يوق، كالىلىسىنى ئالىدىغانلىقىدىن قورققان دادا ئۇنى بۇ يولدىن يېنىشقا زورلايدۇ، يالۋۇرىدۇ. لېكىن ئىشق ئوتىنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان ۋامۇق قەتئىيلىك بىلەن:

*كى ھىجراندا كۆيگەن تېنىمنى يارىب،*

*كۆرۈڭلار ئىچىمنى تەمام ئاختۇرۇپ.*

دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆز ئىرادىسى، ساداقىتى ۋە مۇھەببەتكە بولغان ۋاپادارلىقى بىلەن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ:

*چۇ ۋامۇق نەسىھەتنى قىلدى بايان،*

*دېدى ئاھ ئۇزرا پىدا قىلدى جان.*

ۋامۇق ئۆزىنىڭ ئىراگېدىيەلىك ئاقىۋىتى ئارقىلىق ئالىيجاناب خىسلىتىنى، ۋاپادارلىقىنى ئىپادىلەپ، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدىكى ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن ۋاپادار ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئىسيانكارلىق روھىنى ئىپادىلەپ بەردى.

داستاندىكى يەنە بىر ئوبراز ۋاپادار مەشۇق ئۆزرا ئوبرازىدۇر. ئۆزرا ئۆزىنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى، ئىللىق چىرايى، چىرايىغا مۇناسىپ ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدىكى ۋاپادار مەشۇقلارنىڭ تىپىك ئوبرازى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۆزرا مىجەزىنىڭ تۈزلىكى، سەممىيلىكى، ئاقكۆڭۈللۈكى، ۋاپادارلىقى قاتارلىق بىرقاتار خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇ گەرچە يۇقىرى قاتلام ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان قىز بولسىمۇ، مېھنەتنى ۋە مېھنەتچىلەرنى قىزغىن سۆيىدۇ. مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىغا ئىچ ئاغرىتىدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل مېھربانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق روھ ئۇنىڭدا ساپ ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەتنى سۆيىدىغان، ئۇنى قەدىرلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان خىسلەتنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ ساپ بولغان سەممىي سۆيگۈگە ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى ئۈچۈن قۇربان بولغان ۋامۇقنىڭ سەممىي مۇھەببىتىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلايدۇ ۋە مۇشۇ مەقسەتتە ئۇچۇن ئەزىز جېنىدىن ۋاز كېچىدۇ:

*كېلىپ سۇفە سەتھىگە قىلدى نىگاھ،*
*كىشى بىلمەدى ئول سەنەم چەكتى ئاھ.*
*چۇ ۋامۇق يۈزىدىن ئۇرار شوئلە نۇر،*
*ھەمۇل نۇر ئۆزراغە ئەتتى زوھۇر.*
*تېگىپ جانغە ئىشقىنىڭ ئاتەشى،*
*بارى ئەزۋەنى ئەيلەدى كاۋىشى.*
*ئۆزىن ئۇردى ۋامۇقغە پەرۋانەۋار،*
*قۇچۇپ بارىنى ئەيلەدى جان نىسار.*
*يەنە بولدى ئول شەق بىرى بىرگە زەم،*
*نىھان بولدى ۋامۇق بىلە ئول سەنەم.*

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۆزرانىڭ ۋامۇق جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ ئۇنىڭ بىلەن جەم بولۇشى ئۇنىڭ ئاجىزلىقى بولماستىن، بەلكى زامانىسىدىكى فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى، فېئوداللىق تەبىقىچىلىك تۈزۈمىگە قىلىنغان ئىسيان، فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئىنسان ھۆرىيىتىنى بوغىدىغان تۈرلۈك توساقلىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتەلمىگەن بىر ئاجىزەنىڭ جەمئىيەتكە، جەمئىيەتتىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە، تۈزۈمگە قىلغان قان ـ ياشلىق شىكايىتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل جاسارىتى بىلەن فېئودالىزم تۈزۈمى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن ئېسىل پەزىلەتلىك قىزدۇر. بۇ خىل خاراكتېرى بىلەن 19 ـ ئەسىر فېئودالىزم دەۋرىدىكى ئوخشاش تەقدىرگە دۇچ كەلگەن مىليونلىغان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئورتاقلىقىنى نامايان قىلىپ بەرگەن تىپىك ئۇلگىدۇر. ئاپتور زىيائىي بۇ تېمىغا زور جاسارەت بىلەن مۇراجىئەت قىلىپ، زامانىسىدىكى يارىماس، ناچار ئىللەتلەر، تۈرلۈك چەكلىمىلەر ۋە فېئوداللىق تۈزۈم ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. كىشىلەرنى ھوقۇق، بايلىق تۈپەيلى باراۋەرلىكتىن مەھرۇم قىلىپ، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش

بەرگەن، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەتكە ئادىل مۇئامىلە قىلىشىنى ئارزۇ قىلغان.

داستاندا يەنە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئۇزرانىڭ دادىسىنىڭ ئوبرازىمۇ بار. ئۇزرانىڭ دادىسى بايلىقى مول، زېمىنى كەڭ قۇدرەتلىك بىر ئەلنىڭ پادىشاھى. ۋامۇقنىڭ ئاتىسىغا نىسبەتەن بايلىق، ئابرۇي، مەرتىۋە قاتارلىق جەھەتلەردە ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدىغان، يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بىر شەخس. لېكىن ئۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەتنى چۈشەنگەن، پەرزەنتىنىڭ ئارزۇسىغا يېتىشىنى ئويلىغان كۆيۈملۈك بىر شاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ قىزىنىڭ لەھەتلىكە ئۆزىنى ئېتىپ ۋامۇق بىلەن جۈپلىشىپ ياتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋامۇقنىڭ دادىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق ئېيتمىغانلىقىنى سورايدۇ. ۋامۇقنىڭ دادىسى ئىككى ئائىلىدىكى پەرقنىڭ چوڭلۇقىنى ئېيتىپ، باش كېتىپ قېلىشىدىن قورققانلىقىنى ئېيتقاندا بولسا، ئۆز قىزىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئاخىرىدا ۋامۇقنىڭ دادىسىغا بىر تاۋاق ئالتۇن بېرىپ يولغا سالغاننىڭ سىرتىدا يۇرتقا كاتتا نەزىر بېرىدۇ. بۇ مەسىلىگە دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ماھىيىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەھلىل يۈرگۈزگەندە، بۇنداق ھالەتنىڭ بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. لېكىن شائىر داستان ۋەقەلىكى بولۇپمۇ ۋامۇق بىلەن ئۇزرانىڭ ساپ ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەت يولىدا ئۆزىنى ھالاك قىلىشتىن باش تارتماسلىقتەك ۋاپادارلىق كۆيىنى ياڭرىتىۋاتقان ۋاقتىدا، زامانىسىدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەتكە ھۆرمەت قىلىشىنى، قىزلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ھېسسىيات چۈشەنچىسىگە ئىگە ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئادىمىي تەلىپىگە ئېتىبار بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مۇۋاپىق دەپ قارىغان. ئىجتىمائىي تەبىقىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا تۇرلۇك دەرىجە، مەنسەپ ۋە بايلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس جاھاز پەيدا قىلغان كىشىلەرگە يوشۇرۇن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. بۇ شائىرنىڭ شۇ دەۋردىكى يۈكسەك گۇمانىستىك ئىدىيەسىنىڭ يارقىن ئىپادىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە زوھۇرىددىن ھېكمىبەگكە ئاستىرتتىن ئىدىيەۋى تەربىيە بەرگەنلىك تەرىپىدىمۇ قىممەتكە ئىگە.

**داستاننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى:** داستان يۇقىرىقىدەك مول ئىجتىمائىي مەزمۇننى مول تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە تۈرلۈك بەدىئىي ئامىللارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق جانلىق، روشەن ۋە راۋان، ئامىباب ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. داستاننىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

داستاندا ئاپتور ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر يېزىپ بولغان ۋەقەلىكنى ئۆز زامانىسىغا ماسلاشتۇرۇپ، لايىقلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە خاس تېما شەكىللەندۈرۈشتە ئالاھىدە ئۇتۇق قازانغان. ئاپتورنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى تەنقىدىي رېئالىزم بىلەن ئاكتىپ رومانتىزمنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، زامانىسىدىكى ئەمەلىي، رېئال ھادىسىلەرگە نىسبەتەن تەنقىدىي كۆز بىلەن قاراپ، خەلقنىڭ ھۆرلۈككە، ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە بولغان ئىنتىلىشىنى كۈچلۈك رومانتىك تۇيغۇ بىلەن تويۇندۇرۇپ، تەسىرلىك ۋە جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە.

ۋامۇق بىلەن ئۇزرانىڭ سەممىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان چىن ئاشىقانە مۇھەببىتى، مۇھەببىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان تۈرلۈك توسالغۇلار تۈپەيلى ۋاقىتسىز بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ، ۋىسال دەملىرىنى ئۇ دۇنياغا باغلىشى كىشىنى تەسىرلەندۈرۈپ، رەھىمسىز رېئاللىققا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنى ئويغىتىش بىلەن بىرگە، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۆز تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دادىل كۈرەش قىلىشقا رىغبەت بېرىدۇ.

ئاپتور داستاندا تىپىك خاراكتېرنىڭ تىپىك شارائىتتىكى روھىي ھالىتى، ھەرىكىتى، ئەتراپىدىكى شەيئى، ھادىسىلەر ۋە ئۇنىڭغا بولغان تونۇش ۋە چۈشەنچىسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى داستان مەركىزىي ئىدىيەسىنى يورۇتۇشتىكى ئۇنۇملۇك ۋاسىتىگە ئايلاندۇرغان. بۇ ۋامۇقنىڭ ئۆزرانىڭ كىيىمىنى بىر قېتىم كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولغانلىقى، سىرىنى ئاتىسىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە يوشۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېيتمىغانلىقى، كېيىن ئاتىسىنىڭ تەبىقە، مال-دۇنيا توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ، بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا كاللا كېتىش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇشى، ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغىمۇ پىسەنت قىلماي ئاخىرى مېنى ئاشۇ باغدىكى سۇپا ئاستىغا دەپنە قىلغىلار دەپ ۋەسىيەت قىلىپ، بىۋاخ ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىق تەرەپلىرىدە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈلىدۇ. ئاپتور بۇ بىر قاتار تىپىك ۋەقەلىكنى تىپىك شارائىت ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، باش قەھرىمانىنىڭ مۇھەببىتىگە سادىق بولسىمۇ، زامانىسىنىڭ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدىغانلىقىدەك دەۋر رېئاللىقىنى ئىپادىلەپ، فېئودالىزم ئەركىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ قاتىلى دېگەن ئىدىيەنى يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ ھال ئۆزرانىڭ بىۋاخ ئۆلۈمى ئارقىلىق تېخىمۇ ۋايىغا يەتكەن.

ئەسەرنىڭ تىلى جانلىق، ئوبرازلىق ۋە خەلق تىلىغا بەكمۇ يېقىن بولغان ئاممىباب تىلدۇر. ئاپتور داستاندىكى ھەربىر ئابستراكت ھېس-تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىلەرنى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كونكرېت، ئېنىق ۋە جانلىق بىر شەكىلگە كەلتۈرۈپ، ۋەقەلىكنىڭ ئاممىبابلىقىنى، ئاممىباب ۋەقەلىكنىڭ ئوبرازلىق بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن:

*نەكىم تەئەسىر ئەتمەس كى ئاشىققە پەند،*
*كى يۇمشارمۇ تاشقا ياغار قەترە چەند.*
*سۇ تەسىر قىلماس ئۇلۇغ بولسا ئوت،*
*قىلۇر كۆل، نە بولسا كى ئاندىن سۆكۈت.*
*ئانىڭدەك كى ئاشىق تەنى مىسلى خەس،*
*چۇ خەسكە بىر ئۇچقۇن تۇشەر بولسا بەس.*

ئېنىقكى، بۇ يەردە تامچە سۇنىڭ تاشقا، سۇنىڭ ئۇلغايغان ئوتقا، ئۇچقۇننىڭ خەسكە بولغان تەسىر كۈچى روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ، ۋامۇقتىكى ئىشق ئوتىنىڭ كۈچى، ئۇنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتى روشەنلىككە ئىگە قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا:

*ئاتاسى چۇ باران ياشىنى ساچىپ،*
*ئاقىزغان ياشىنى سۇ يەڭلىغ كېچىپ.*

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مانا بۇ ۋامۇقنىڭ ئاتىسىنىڭ ئوغلىنىڭ ھالىغا بولغان ئىچكى ھېسسىياتى. بۇنىڭدىكى ئاجايىپ گۈزەل ئوخشىتىش ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئوغلىنىڭ ئىشق پىراقىغا چىدىمىغان ئاتىغا بولغان ھېسداشلىقىنى، مۇشۇنداق ئوتقا گىرىپتار بولغان يىگىتكە بولغان ئىچ ئاغرىقنى ئويغاتماي قالمايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا شائىر يەنە ئەسەر كومپوزىتسىيەسىنىڭ جانلىق ۋە پۇختا بولۇشىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. بۇ ۋەقەلىك ئېلىگىرى باشقىلار تەرىپىدىن بەلگىلىك كومپوزىتسىيە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شائىر ۋەقەلىكنى تىپىك شارائىت ئىچىگە قويۇپ ئەھمىيەتلىك بىر تېما ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا ئۆزگىچە يول تۇتقان. بۇ ھال داستان ۋەقەلىكىنىڭ رېئاللىق ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قويۇق مىللىي تۈس بىلەن يۇغۇرۇلۇشى

قاتارلىق تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ.

### 3) «چاھار دەرۋىش» داستانى

«چاھار دەرۋىش» (تۆت دەرۋىش) شائىر زىيائىينىڭ شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن بىرلىشىپ يازغان زور ھەجىملىك داستانىدۇر[①].

شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن نورۇز ئاخۇن زىيائىي بۇ ئەسەرنى ئىجادىي ئىشلەش ئارقىلىق نەزىرە شەكلىگە كەلتۈرۈپ، ۋەقەلىكنى زامانىسىدىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تېمىسى ئاساسىدا قانات يايدۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلاندۇردى. شائىرلار بۇ ئەسەرنى ئىشلىگەندە، ئەسلىدىكى ئەسەرنىڭ سۇژىتىدىن ئىجادىي پايدىلانغان ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى شەرق خەلقلىرىنىڭ شاخلىتىپ ھېكايە قىلىش ئىرادىتسىيەسىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا تامامەن باشقىچە يول تۇتۇپ، ئەسەر ۋەقەلىكىنى ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي ھادىسىلىرىنى تولۇق يورۇتۇش ئۈچۈن، شۇ ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مەقسەت ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرغان.

«چاھار دەرۋىش» داستانىنىڭ سۇژىتى شاخلاتقۇچى بىر ھېكايىگە باغلانغان ھالدا نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر مەزمۇن بىلەن قاناتلىنىپ ئايرىم بىر تېمىنى ئەكس ئەتتۈرگەندەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئەسەر باش تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا باش تېمىنى يورۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. داستاندىكى ھېكايىلەر تۆت دەرۋىشنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن باغلانغان. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەردە دىننىي كۆزقاراشنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى ئەخلاقىي ھادىسىلەر، ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئائىلار تېمىسى، ئىلىم ـ مەرىپەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئادىل ھۆكۈمران ئارزۇسى، باراۋەرلىك، ۋاپادارلىق، ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش قاتارلىق ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى تېرەنلىككە ئىگە قىلغانلىقى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك.

داستان سۇژىت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، خەلق رىۋايەتلىرى ئاساسىدىكى پادىشاھى ئازادە بەخت سۇژىتىنى ئاساس قىلغان شاخلاتقۇچى ۋەقەلىكتىن باشلىنىدۇ. شۇ شاخلاتقۇچى ھېكايە ئاساسىدا ھەر بىر دەرۋىش ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپ مەلۇم بىر ئىجتىمائىي تېمىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرىدىكى تېما تۈگۈنى پادىشاھى ئازادە بەخت ھېكايىسى ئارقىلىق يېشىمىنى تاپىدۇ. ئاپتورلار ئەسەردە مۇرەككەپ بولغان بىر ۋەقەلىكنى شېئىرىي يول بىلەن بەدىئىي يوسۇندا تەسۋىرلەش ئارقىلىق چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى

---

[①] «چاھار دەرۋىش» ھېكايىلىرى ئەسلىدە مۇسۇلمان شەرقىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا خېلى بۇرۇندىن تارتىپ پارچە ھالەتتە تارقىلىپ يۈرگەن. 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە شائىر ۋە يازغۇچى ئەمىر خۇسراۋ دېھلىۋى بۇلارنى توپلاپ «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرى قۇرۇلمىسى ئاساسىدا ئىجادىي ئىشلەش ئارقىلىق، پارس تىلىدا نەسرىي شەكىلدە «چاھار دەرۋىش» ئەسىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇندىن كېيىن بۇ ئەسەر قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىش ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلۇپ، يۇقىرى شۆھرەتكە ئېرىشكەن. 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ ئەسەرنى خوتەنلىك ياقۇپ خوجا پاشا خوجا پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئەدىب موللا يۇنۇس ياركەندىي بىر قېتىم ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان. بۇ نۇسخىنى موللا يۈسۈپ دېگەن خەتتات كۆچۈرۈپ چىققان بولۇپ، بۇ نۇسخا مىلادىيە 1908 ـ يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تاشكەنتتە مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققان. خۇسراۋ دېھلىۋىنىڭ بۇ ئەسىرى ئاخىر 1981 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، 1983 ـ يىلى بېسىلىپ تارقىتىلدى. ئەسەر بىر شاخلاتقۇچى ھېكايە، بەش باب، 20 ماۋزۇ ۋە بىر ئاخىرقى ھېكايە (شاخلاتقۇچى ھېكايىنىڭ ئاخىرى) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

مەدھىيەلەپ، زامانىسىدىكى فېئودالىزم نىكاھ تۈزۈمىگە، فېئودال كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا نەپرەت بىلدۈرىدۇ ۋە تىرىشچانلىق، خېيىم - خەتەر ۋە جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي دادىل كۈرەش قىلغاندىلا غايىگە يەتكىلى بولىدۇ دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ دەل ئەسەردىكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئاخىر ۋىسالىغا يەتكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزلەرلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەسەر ۋەقەلىكى زامانىسىدىكى ئائىلە، نىكاھ، ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەت تېمىلىرىغا يېقىندىن يانداشقان، زامانىسىدىكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. داستاندا يەنە ئادىل شاھ غايىسى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، زالىم شاھ قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ. بۇ ھال شائىرنىڭ گۇمانىستىك ئىدىيەسىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

4) «مەسئۇد ۋە دىلارا» داستانى

شائىرنىڭ «مەسئۇد ۋە دىلارا» داستانى ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان داستان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى خەلق رىۋايەتلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان. داستاندا چىن مۇھەببەت، ئىنسان ئەقلىنىڭ ئەمەلىي كۈچى، ئاياللار ئازادلىقى، چىن ئىنسانىي دوستلۇق، خەلقلەر ئارا مېھىر - مۇھەببەت ۋە دوستانىلىك، ئادىل شاھ قارىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ خىل ئىجتىمائىي مەزمۇنلار بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ياردىمى بىلەن يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ كونكرېت پائالىيىتى جەريانىدا پەيدىنپەي ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

داستان كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. شائىر داستان قەھرىمانلىرىغا بولغان مۇھەببەت - نەپرىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن زىددىيەت توقۇنۇشلىرى، ۋەقەلىكنىڭ جىددىي بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدا غەزەل، رۇبائىيلارنى قىستۇرۇپ، ئۇنى قەھرىمانلارنىڭ تىلى بىلەن ئىزھار قىلغان. بۇ ھال شائىرنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ماھارىتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، يەنە داستانغا كۈچلۈك لىرىكىلىق تۈس بېرىپ، ئۇنى شەكىل جەھەتتىن رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان ۋە ئەسەرگە كۈچلۈك تېماتىك كۈچ بەخش ئەتكەن.

داستاندا ئىشلىتىلگەن تىل گۈزەل، ئاممىباب، راۋان ئەدەبىي تىل بولۇپ، خىلمۇ خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى، زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلەر ئىچىدىكى لىرىك تۇيغۇنى قويۇق دەۋر پۇرىقى بىلەن سۇغارغان.

5) «ياۋا توشقان»

«ياۋا توشقان» شائىر زىيائىينىڭ شېئىرىي مەسەل خاراكتېرلىك ئەسىرى بولۇپ، جەمئىي 60 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

ئەسەر چۈچۈك، ئاممىباب، راۋان بالىلار تىلى بىلەن يېزىلغان. مەسەلدە لىرىك قەھرىمان «مەن» سىرتقا چىقسا، بىر ياۋا توشقان ئۇچرايدۇ. «مەن» ياۋا توشقاننىڭ قاياقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى، قاياققا بارىدىغانلىقىنى سورايدۇ. توشقان: ۋاپاسىز ئاكام قېشىغا بارىمەن دەپ جاۋاب بېرىدۇ. «مەن» ئۇ ساڭا نېمە بېرىدۇ دەپ سورىسا، توشقان: كۆك ئۆچكىنى سېغىپ سۈت بېرىدۇ دەيدۇ. ئۆچكىنىڭ سۈتى سوغالغان دېسە، چىنار باشىغا چىقىپ يەڭگەمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىمەن، يەڭگەمنىڭ ئىتى قەھقارا، ئۇنىڭ ئەتىكەن ئېشى قاپقارا، ئۆزى ئىچمەي داشىدىن ماڭا بەردى بىر چارا دەپ، ئاندىن پادىچىنىڭ تۇۋىگە باردىم، ئۇ ماڭا سېمىز بىر غەنەم بەردى، ئۇنى كۆلگە تاشلىدىم، كۆل ماڭا بېلىق بەردى، بېلىقنى توخۇغا سوۋغا قىلدىم، توخۇ ماڭا بىر تۇخۇم بەردى، تۇخۇمنى ئوتتا پىشۇرۇپ ئۆزۈمنى مېھمان قىلماقچى بولدۇم. ئېقىنى يەي دەپ تۇرسام ئاقمەت ئاكام كىردى. سېرىقىغا ساقمەت ئاكام ئۆلگۈردى دەپ، ئۆز ئەھۋالىنى بايان

قىلىدۇ. ئاخىردا «مەن» بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ ئۇنىڭ مەنىسىنى كىتابخانغا قالدۇرىدۇ.

مەسىلىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، شائىر زامانىسىدىكى تۈرلۈك قىسمەتلەرگە بولغان ھەيرانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ:

*ئىشت ئەي بەرادەر ھېكايەت قىلاي،*
*بەقاسىز جەھاندىن شىكايەت قىلاي.*
*خەيال ئەيلىدىم بۇ جەھان كارىنى،*
*تەفەككۇر قىلىپ مەن يوقۇ بارىنى.*
*داغى يوق ئىكەن ئۆمرىدە ھېچ ۋەفا،*
*ھەياتلىق ھەم ئېركەن بەسى بىبەقا.*
*ۋەفاسىز ئىكەن بۇ جەھانىنىڭ ئىشى،*
*جەفاگەرلىك ئېرمىش فەلەك گەردىشى.*

شائىر كۆپنى كۆرگەن، بىلىم دائىرىسى كەڭ بىر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، زامانىسىدا يۈز بېرىۋاتقان بەزىبىر ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ مەنبەسى يەنىلا زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم تەرىپىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارغا ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن باشقا ئامال يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە موھتاجلىق ئىچىدە ياشىغان. ئۆزى ۋاپا قىلغان كىشىلەردىن ۋاپاسىزلىق يېنىپ، دىلى قاتتىق ئازار يېگەنىدى. بۇ ھال شائىردا ئۆزىگە ئۆزى تەسكىن تېپىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزغان.

شائىر بۇنىڭدىن باشقا، پارس شائىرى ئۇبەيدى زاكانىنىڭ پارس تىلىدىكى «مۇشۈك بىلەن چاشقان» ناملىق مەسەلىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇنىڭدا چاشقانلار بىلەن مۈشۈك ئوتتۇرىسىدىكى يۈز بەرگەن قانلىق ئۇرۇش ۋەقەلىكى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىدىيەسى ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە قىلىنىپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ۋەقەلىك ۋە ئەسەر ئىدىيەسى شائىر زاكانىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن شائىر زىيائىي ئۇنى «ياۋا توشقان» ناملىق مەسەلدە ئوتتۇرىغا قويغان.

## §9. تۇردى نازىم غەرىبىي

**1. تۇردى نازىم غەرىبىينىڭ ھاياتى**

تۇردى نازىم غەرىبىي بەزى مەنبەلەردە تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىي دەپمۇ ئېلىنغان. «تۇردۇش» تۇردى دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزدىكى بۇزۇپ ئېيتىلىشى. ئۇ 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۈرلۈك ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ ھالال مېھنەتلىرى بىلەن جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولىنى ئەمەلىي تۈردە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا توغرا ۋە ئادىل باھا بەرگەن رېئالىستىك شائىردۇر.

تۇردى غەرىبىي ئۆزىنىڭ «كىتابى غەرىب» ناملىق پەلسەپىۋى، دىداكتىك داستانىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق يازىدۇ:

*جاھان ئىچرە غۇربەتتە ھالىم تەئەب،*
*ئىدى تۆردى ئىسمىم «غەرىبىي» لەقەب.*

بۇ مىسرالارغا قاراپ شائىرنىڭ ئىسمىنىڭ تۆردى، ئەدەبىي لەقىمىنىڭ «غەرىبىي» ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

شائىر تۆردى غەرىبىي ھىجرىيە 1217 ـ يىلى (مىلادىيە1803—1802 ـ يىللىرى) كاشغەر شەھىرىنىڭ قوغان يېزىسىغا تەۋە تىلسۇزاق كەنتىدە بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزۈش بىلەن بىرگە، يېزىسىدىكى ئىپتىدائىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان. كېيىن ئائىلىسى بىلەن بىرگە كاشغەر شەھىرىنىڭ بۆلاقبېشى مەھەللىسىگە كۆچۈپ كىرىپ، بۇ جايدا ئاتىسىنىڭ ماتاچىلىق كەسپىگە ياردەملەشكەن. شائىر مانا مۇشۇ مەزگىللەردە بۆلاقبېشى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق خەتتاتى، ئۆلىماسى ۋە مەشھۇر شائىرى ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان.

شائىر ئائىلىسى ھۈنەرگە تايىنىپ ھايات كەچۈرۈشنى ئادەت قىلغان، تۇرمۇشى غورىگىل قالسىمۇ، ھالال كىرىمگە قانائەت قىلىدىغان بىر ئائىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھال شائىردا زېرەك، ئەقىللىق، ئىشتا پىششىق بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن، دادىسىنىڭ سەگەز، خامچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىشلىرىنىمۇ توختاتماي ئىزدىنىپ تۇرغان. ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن سەمىمىي دوستلۇق شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىيدا شائىر تۆردى نازىم غەرىبىيگە نىسبەتەن بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقان. شائىر تۆردى نازىمنىڭ تىرىشچانلىقىغا، ئىزدىنىش روھىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلىشىگە، بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان. شائىر تۆردى نازىم غەرىبىي ئابدۇرەھىم نىزارىينى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆگەنگەنلىرىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە مۇستەھكەملەپلا قالماستىن، بەلكى شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ تەشەببۇسى بىلەن خانلىق مەدرىسەگە ئوقۇشقا كىرىپ، زامانىسىنىڭ زۇرۇر بىلىملىرى ۋە دۇنياۋى ئەدەبىيات بىلەن پىششىق تونۇشۇش بىلەن نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، بىلىم سەۋىيەسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاتقان. ئۆز ئانا تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن باشقا، زامانىسىدىكى زۆرۈر بىلىم بولغان ئەرەب، پارس تىللىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئابدۇرەھىم نىزارىيدىن ئىگىلىگەن خەتتاتلىق سەنئىتىنى تېخىمۇ پىششىقلاپ، زامانىسىنىڭ ئۇستا خەتتاتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇ شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قىزغىنلىقى ئاساسىدا شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغان. 1835 ـ يىلى شۇ دەۋردىكى كاشغەرنىڭ ھېكىمبېگى زوھۇرىددىن بەگ ئابدۇرەھىم نىزارىينى ئۆز دىۋانخانىسىنىڭ باش مىرزىلىقىغا تەيىنلەيدۇ. شائىر تۆردى نازىم غەرىبىينىڭ ھەر تەرەپلىمە قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارىغا ئۇزۇندىن بېرى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئابدۇرەھىم نىزارىي شائىرنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ۋە قابىلىيىتىنى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىمۇ دىۋانخانىغا مىرزىلىققا قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىدۇ. ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ قەدرىنى بىلىپ، ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان بۇ ئىلىم سۆيەر بەگ ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تۆردى نازىم غەرىبىينى دىۋانخانىغا مىرزىلىققا بەلگىلەيدۇ. ئۇ دىۋانخانىغا مىرزىلىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۆز قابىلىيىتىنى ئەتراپلىق جارى قىلدۇرۇپ، تالانتىنى تېخىمۇ نامايان

قىلىپ، مىرزىلىق ئىشلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلىگەندىن باشقا، دىۋانخانىدىكى باشقا خادىملار ۋە ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن بىرلىكتە زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ئىسلاھات ئىشلىرىغا ئاكتىپ ماسلىشىدۇ.

شائىر تۇردى نازىم غەرىبىي زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ھازىرلاپ بەرگەن ئەۋزەل شارائىت ۋە دىۋانخانىدىكى باشقا مىرزىلارنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا ئۇلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، دىۋانلارنى تۈزۈپ، ئۆزىمۇ بىر بۆلۈك ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيىتى مەنىۋى دۇنياسىنىڭ جانلىنىشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشىدۇ. مانا مۇشۇ دەۋردە ئابدۇرەھىم نىزارىي، نورۇز ئاخۇن زىيائىي، تۇردى نازىم غەرىبىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ يەككە-كوللېكتىپ ئىجادىيىتى ئاساسىدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاجايىپ بىر مۆجىزە ھېسابلانغان 39321 مىسرالىق ئون داستان، تۆت ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق بەدىئىي ئەسەرلەر توپلىمى مەيدانغا كەلگەن.

شائىر تۇردى نازىم غەرىبىي ئابدۇرەھىم نىزارىيدىن كېيىن دىۋانخانىنىڭ باش مىرزىلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھىجرىيە 1278-يىلى (مىلادىيە1861—1862-يىلى) 61 يېشىدا كاشغەردە ۋاپات بولغان[1].

## 2. تۇردى نازىم غەرىبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە

تۇردى نازىم غەرىبىي ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مول ھوسۇللۇق شائىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ «غەزەللەر»، «بەھرام گور» ۋە «كىتابى غەرىب» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار[2]. شائىر ئىجادىيىتىدە سالماق ئورۇننى ئىگىلىگەن ئەسىرى «كىتابى غەرىب» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەسەر شۇ دەۋرنىڭ ھېكىمبېگى زوھۇرىددىن بەگنىڭ ھاۋالىسى بويىچە 1841-يىلى يېزىلغان. ئاپتور بۇ ھەقتە داستاننىڭ ئاخىرقى قىسمىدا مۇنداق يازىدۇ:

*چۇ كاشغەر ئارا بار ئىدى ئەسىرى شاھ،*
*دىلى ئىچرە مەرغۇپ ئىمەس قەسرى جاھ.*
*ئۆزى كاشغەر شاھى شانى ئۇلۇغ،*
*ئۈلۈم خەۋپىدىن كۆڭلى ئەردى سۇنۇغ.*
*زوھۇرىددىن ئىسمى باشى ئۆززە تاج،*
*زامانىدا ئەردى شەرىئەت راۋاج.*
*جاھان ئىچرە كۆرگەن بەسى سەرگۇزەشت،*
*جاھاننىڭ بىناسىنى كۆرگەن شىكەست.*
*دېدى: تەئلىپ ئەتكىل بۇ يەڭلىغ كىتاب،*
*خالايىق دىماغىغە يەتكۈر گۇلاب.*
*بارى ھىر پەگەر سۆزلىرىدىن قىل تامام،*
*كى نەزىم ئەيلىگىل ئاڭلىسۇن خاسۇ ئام.*

---

[1] بەزىلەر ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى ھازىر قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسى يېنىدا دەپ قاراپ، شۇ يەردىكى «غېرىب مازار»نى شۇ دەپ ھېسابلاشماقتا.

[2] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 3-قىسىمدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ 271 غەزەل، 53 مەسنەۋى، 37رۇبائىي ۋە باشقا لىرىكىلاردىن تەشكىل تاپقان «كۇللىيات غەرىبىي» ناملىق بىر دىۋانى بار بولۇپ، ئۇنىڭ قول يازمىسى لېنىنگىراد شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

*بۇ ياڭلىغ ماڭا ھۆكمى قىلدى ئەمىر،*
*بېرىپ كۆرسىتىپ سۆزىنى گوياكى پىر.*
*ئىشتىتىم بارى ئەمرى پەرمانلىرىن،*
*بايان ئەيلەدىم بارچە ئايغانلىرىن.*
*جاھان ئىچرە بولغاي كىتابى ئېچىپ،*
*ئاڭا ئىسىم قويدۇم «كىتابى غەرىب».*

1) «كىتابى غەرىب»

شائىرنىڭ بۇ داستانى مۇنازىرە، سوئال ـ جاۋاب تەرىقىسىدە، مەسنەۋى شەكلىدە، لىرىك، ئاممىباب، يېنىك، راۋان، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن يېزىلغان.

شائىر تۇردى نازىم غەرىبىينىڭ زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ كىتاب يېزىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىدىن بۇرۇنمۇ مۇشۇ تېمىدا بىر كىتاب يېزىش مۇددىئاسىمۇ بار بولغان. شائىر داستانىنىڭ كىرىش قىسمىدا مۇنداق يازىدۇ:

*كى مىساق ئارا كەسىپ شايەد ئىدى،*
*چۈكىم ئاندا كەسىپگە قانىئ ئىدى.*
*بەشەر نەسلى بىرلە تۈزۈلدى جەھان،*
*ھەمە كەسىپلەر بولدى بىر ـ بىر ئەيان.*
*تەمەننا قىلىپ كەسىپكە ھەر كىشى،*
*جاھان مۈلكىدە كۆرگۈزۈپ بىر ئىشى.*
*قىلىپ ھەربىرى پەزەلنى ئاشكار،*
*ئۆز كەسىپگە كۆرگۈزۈپ ئېتىبار.*
*بىرىنىڭ سۆزىنى بىرى ئالمىدى،*
*بىرى پەزلىگە بىرسى كۆز سالمىدى.*
*ھەسەددىن بۇلار ئىچرە بولدى جېدەل،*
*بۇلار سۆزلىرى بولدى رەد ـ دۇبەدەل.*

شائىر بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى ۋە ئۆزىمۇ بىر مەزگىل ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى دەۋردىكى دەللال سودىگەر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ، جازانىخور ئېكسپلاتاتسىيە ھامىيلىرىنىڭ ئېزىشىگە ۋە بوزەك قىلىنىشىغا ئۇچرىغان. جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلاردىكى بۇنداق تەقدىرداشلىق ۋە ھەمدەردلىك بىر تەرەپتىن، شائىرنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم ئىچىدە ياشاۋاتقان بىچارە ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ يوقسۇزلۇق ئىچىدىكى تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ئېچىنىش تۇيغۇسىنى ئويغاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتىكى سودىگەر، ئەمەلدار ۋە باشقا ھەر خىل تەبىقىلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش، بىۋاستە ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرى، ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، ئۆزئارا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا رىقابەت، پايدا ـ مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى، ھىيلە ـ نەيرەڭ، غەيۋەتخورلۇقلىرىنى تونۇپ يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ خىل ھالەت ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ كېڭەيتىپ، مەۋجۇت جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم، تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇرەككەپ مۇناسىۋەت، يېڭى زىددىيەتلەرنى تونۇش ۋە ئۇنى چۈشىنىش ئېڭىنى ئويغاتقان. شائىر كاتىپلىق قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدە تۆۋەندىن كەلگەن تۈرلۈك ئەرزلەرنى ئۆزى بىۋاستە كۆرۈپ، ئەرزكارلارنىڭ داد ـ ئەھۋالىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن بىۋاستە ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ

تۆۋەن قاتلىمىدىكى جاپاكەش خەلق ئاممىسىنىڭ جاپالىق شارائىت ئاستىدىكى تىرىكچىلىك ھاياتى شائىرنىڭ ئۆلارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغىغان. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلاردىكى تۈزەتمىسە بولمايدىغان يامان، ناچار ئىللەتلەرنى ۋاقتىدا كۆرسىتىپ قويمىغاندا، ئىتتىپاقلىق ۋە باراۋەرلىككە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن شائىردا تەشكىللىك، مۇناپىقلىق، ساختىلىق ئەۋج ئالغان، نامراتلىق، مەنىۋى قەھەتچىلىك قاپلاپ كەتكەن قاراڭغۇ جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى خاتا، نامۇۋاپىق ئىشلارنى تۈزىتىش ئوي ـ پىكرى شەكىللەنگەن. شائىر بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى يېڭى بىر ئىزغا سېلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى مەرىپەت ۋە شەرىئەت دەپ ئويلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان مەزگىللىرىدە زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى كىتاب يېزىش تاپشۇرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن شائىر ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنى بىۋاسىتە كۆزەتكەنلىرى ئاساسىدا بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىپ، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە تەقدىم قىلغان[①].

«كىتابى غەرىب» شائىرنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى ئاساسىدا جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت رېئال مەسىلىلەرنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن كۆزىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى دىداكتىك يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئەسەر بولۇشى بىلەن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

شائىر تۇردى نازىم غەرىبىي بۇ ئەسەردە ئەينى دەۋردىكى ئىش تەقسىماتىدا مەۋجۇت بولغان دېھقانچىلىق، تۆمۈرچىلىك، زەرگەرچىلىك، ياغاچچىلىق، بابكارلىق، ھەتتارلىق (سودىگەرچىلىك)، ناۋايلىق، قازانچىلىق، مىسكەرلىك، جۇۋىچىلىق، تامچىلىق، موزدۇزلۇق، گىلەمچىلىك، ئۈشتىگەرچىلىك (رەڭچىلىك)، بوياقچىلىق، سەرراچلىق (ئات جابدۇقچىلىق)، باسمىچىلىق، توكمەنچىلىك، جۇۋازچىلىق، قاسساپلىق، باققاللىق، ئەبرىشىمكارلىق (يىپەك تارتىش)، تاۋاقچىلىق، سىرچىلىق، شالگەرلىك (قوي، ئۆچكە تېرىلىرىدىن خۇرۇم، شاۋرۇن ئىشلىگۈچى)، بورىچىلىق، كىگىزچىلىك، سوپۇنچىلىق، قوۋۇچىلىق (شايى بەلباغ، ئىشتانباغ قاتارلىقلارنى توقۇغۇچى)، ساتىراشلىق، ئاتۇچىلىق (پاختا ئاتقۇچى)، زەيتاپلىق (قوي، ئۆچكە ئۈچەيلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ تار، زەي قاتارلىقلارنى ياسىغۇچى)، كۆنچىلىك، سەيپۇڭلۇق، خىشچىلىق قاتارلىق 35 خىل ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلىرىنى ئاساسىي پېرسوناژ قىلغان ھالدا ئۇلارنى ئۆزئارا مۇنازىرىگە سالىدۇ. مۇنازىرە ئارقىلىق ھەرقايسى ھۈنەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ خاراكتېرى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، رولى، ئەھمىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان ئالاھىدىلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن تەبىقىسىدىكى بۇ مېھنەتكەش خەلقلەرنىڭ جەمئىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى ئاساسىي كۈچ ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي تۇردە مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ئەمگەك، ئادالەت، ئىلىم ـ مەرىپەت، ساداقەت، راستچىللىق، ئۆزئارا ياردەم، كۆيۈنۈش، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق، مېھرىبانلىق ھەققىدىكى ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

---

① داستاننىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى بار بولۇپ، بىرى، ئابدۇرېشىت ئىسلامى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىلى ئومۇمىي 16 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ مەلۇماتىچە، بۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كىلاسسىك ئەسەرلەر ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتقان، 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا كاشغەردە كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىسى. يەنە بىرى، قولىمىزدا بار مىلادىيە 1902 ـ يىلى بۇلغارىيەدە نەشر قىلىنغان باسما نۇسخىسىدىن ئىبارەت. ھەر ئىككى نۇسخىنىڭ مىسرا سانى ئوخشاش ئەمەس. بۇلغارىيە مەتبەئە نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىدا شائىرنىڭ داستان ھەققىدىكى ئۆزرىسى بار.

شائىر غەرىبىنىڭ بۇ ئەسىرى 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىزملىق خاھىش بىلەن رېئال ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى بەدىئىي يول بىلەن بىۋاسىتە ۋە جانلىق ئىپادىلەپ بېرىش جەھەتتە زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن ئەسەر بولۇشقا مۇناسىپ. شائىر جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى 35 خىل ھۈنەر ئىگىسىنىڭ ئۆزئارا مۇنازىرىسى ئارقىلىق 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدىكى فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن مەنزىرىسىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى جانلىق، ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلەپ، شۇ دەۋر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەننىڭ سىرتىدا، شۇ دەۋر ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىدۇ.

داستاننىڭ ئەھمىيەتلىك بولغان مۇھىم بىر تەرىپى، شائىر داستاندا ئەڭ ئاۋۋال ئىنسان مېھنىتىنىڭ ئۇلۇغ خاسىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تۈنجى بولۇپ ھالال تەرى بىلەن پۈتكۈل جانلىقنىڭ ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغۇچى دېھقان ھالال مېھنىتىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ۋە ئۇنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان رولى توغرىسىدا توختالغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل قارىشى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىن چىقىپ تۇنجى بولۇپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ دۇنيانى كۆكەرتكەنلىكىدىن ئىبارەت دىنىي رىۋايەت ئاساسىدىكى چۈشەنچىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىلەرگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە مۇئامىلە قىلغاندا، شائىرنىڭ تۈنجى بولۇپ دېھقانچىلىق پائالىيىتىنى ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسى قىلىشى ئۇنىڭ رېئاللىقنى چىقىش قىلغان رېئالىستىك شائىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر خىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىنساننىڭ تەلىپى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. ئىنسان ھەرقانداق بىر پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال قورساق توق بولۇشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى ياكى ئەڭ ئاۋۋال قورساق تويغۇزۇشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى لازىم. ماركس بىلەن ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر تارىخنى يارىتىش ئۈچۈن ھايات كەچۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرار جاي ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئېھتىياج چۈشىدۇ. شۇڭا بىرىنچى تارىخىي پائالىيەت مۇشۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت». شائىر بۇ خىل قاراشنى ماركسىزملىق ماتېرىيالىزملىق قاراش بويىچە چۈشىنىپ يېتەلمىسىمۇ (بۇ خىل تەلەپ قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ كۈلكىلىك ئەلۋەتتە)، لېكىن ئۇنى ساددا ماتېرىيالىستىك قاراش بويىچە چۈشىنىپ يېتەلىگەن. شۇڭا ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان ھۈنەرۋەنلەر توغرىسىدىكى مۇنازىرىسىنىڭ باشلانمىسىنى دېھقانچىلىقتىن باشلىغان:

*سېچىپ دانە ئادەم كېلىپ ئول زامان،*
*كى ئەۋلادىغا كەسىپ ئېتىپ بەردى نان.*
*سەبەپ ئەيلابان رىزىق يولىن ئېچىپ،*
*زېمىن سەتھىگە سۇ ۋە دانە سېچىپ.*
*يانا ئەيلىدى باغ ۋە بوستانلار،*
*كى پەيدا قىلىبان گۈلىستانلار.*
*تېرىپ ئۈندۈرۈپ، نەچچە ئەشجارنى،*

*كى پەيدا قىلىپ بەلكى ئەنھارنى.*
*زېمىننىڭ يۈزىن قىلدى جەننەت مىسال،*
*چۈ ھۆشۇ تويۇر تاپتى ئاندىن ناۋال.*
*كى دېھقانچىلىق ئىلمى بىزگە نېسىپ،*
*تەۋەككۈل بىلە يەرنى يىرتىپ تېرىپ.*
*زىرائەت قىلىپ ئانچە مېھنەت بىلە،*
*ھوسۇلىن ئالىمىز مۇشەققەت بىلە.*
*زىرائەت ئىشىدا رىيازەت قىلىپ،*
*رىيازەت ئىشىدا زىرائەت قىلىپ.*
*تېپىپ بەھر بىزدىن كى شاھۇ گادا،*
*ناۋا تاپقۇسىدۇركى ھەر بىناۋا.*

شائىرنىڭ قارىشىدا دېھقانچىلىقتىن كەلگەن ئاش-ئوزۇق ئىنسانىيەت ۋە پۈتۈن جانلىق ھاياتنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇنىڭسىز جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شائىر داستاندا دېھقان ۋە دېھقانچىلىقنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ كەسىپنىڭ ئەھمىيىتى، دائىرىسىنى ئىنچام، لېكىن ئەتراپلىق ھالدا تەسۋىرلەپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى يىغىنچاق ھالدا ئوبرازلىق بايان قىلىپ بەرگەن. دېھقاننى پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ تىرىكچىلىك يولىنى ئېچىپ، ئۇلارنى ھاياتقا ئىگە قىلغۇچى، چۆللەرنى كۆكەرتىپ، گۈل-گۈلىستان ئەھيا قىلىپ، تەبىئەتكە گۈزەللىك ئاتا قىلغۇچى، ھالال ئەمگىكى بىلەن نازۇ-نېمەت يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى توقلۇققا ئىگە قىلغۇچى، قاقاسلارنى ئاۋات، ھاۋالىق جايغا ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەرگە راھەت-ھۇزۇر بەخش ئەتكۈچى دەپ مەدھىيىلەيدۇ. بۇ ھال شائىرنىڭ جەمئىيەت ماددىي بايلىقىنىڭ ئىجادكارى دېھقانغا بولغان ئالىي ھۆرمىتى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ يارقىن ئىپادىسى. گۈزەللىك بار يەردە خۇنۇكلۇك بولغانغا ئوخشاش، تەبىئەتنى كۆكەرتىپ ھاياتلىققا ھاياتي كۈچ بەخش ئەتكۈچى دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە خاس نۇقسان بار. جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىپ، جەمئىيەتنى مەلۇم بىر ئىزغا سېلىشنى مەقسەت قىلغان شائىر دېھقانىنىڭ خاراكتېرىگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نۇقتىئىنەزىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى نۇقسان ۋە ئاجىزلىقلارنى تۆمۈرچىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئايىماي تەنقىد قىلىدۇ:

*بىراۋنىڭ يېرىدە زىرائەت قىلىپ،*
*كى ئورتاقچىلىقدا خىيانەت قىلىپ.*
*ئوغۇرلاپ كېچە خۇشە ۋە ئەنجۈنى،*
*كى مەھكەم قىلىپ تولدۇرۇپ گۆشەنى.*
*بىراۋ ئۈشىرى بەرگىل دېسە ئول زامان،*
*كى ئاڭلاپ، بۇ سۆزنى تۇرۇپ چىقتى جان.*

شائىر دېھقاننىڭ مىجەزىدىكى بۇ خىل ئاجىزلىقنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە ئۇنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى بولغان مەرىپەت قارىشىدىكى كەمتۈكلۈك ۋە يېتەرسىزلىكنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

*چىقىپ كەلسە موللا يىراقتىن ئەگەر،*
*كى ئاغرىق بولۇپ بولغايسەن دەردىسەر.*

*بايان ئەيلىسە مەسىلەن مەئرىپەت،*
*خەبەردار بولۇپ قىلمادىڭ مەرھەمەت.*
*ھەممە ھاسىلىڭنى تىقىپ چاھغە،*
*تۇرۇپسەن تىلەپ ئاھغە.*

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر خىل پائالىيەتتىن ئىبارەت. ھەرقانداق بىر شەيئى يەككە ھالدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ ۋە مەۋجۇت بولۇپمۇ تۇرالمايدۇ. بۇ دۇنيا بىنا بولغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئومۇمىي قانۇنىيەت. شائىر تۇردى نازىم غەرىبىي بۇ قانۇنىيەتنى ماتېرىيالىستىك قاراش ئاساسىدا چۈشىنىپ يېتەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە جەمئىيەتنى كۆزىتىشتىن ھاسىل قىلغان مول تۇرمۇش بىلىمى ئاساسىدا بۇ قانۇنىيەتنى پۇختا ئىگىلىگەن. شۇڭا ئۇ دېھقانىنىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان بىر تەرەپلىمە قارىشىغا تۆمۈرچى ئېغىزى ئارقىلىق سەممىي تەنقىد بېرىدۇ. تۆمۈرچىنىڭ دېھقانچىلىق كەسپىنى تولۇقلايدىغان، ئۇنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىنى سەممىيلىك بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئىككى كەسىپنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرۈپ ئۇنى قايىل قىلىدۇ ۋە دېھقانىنىڭ دۇنيانى تونۇشىدىكى پىسخىك بۇرۇلۇشى بويىچە ئۇنىڭ ئېسىل كەسپىگە ياخشى بولغان كەسپىي ئەخلاقىنى يانداشتۇرۇشنىڭ يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

*ئەگەر بولسا قىممەت ساڭا شادلىق،*
*داغى خۇب خاراب بولسا ئابادلىق.*
*بۇ كەسپىڭدە قىلساڭ ئەگەر راستلىق،*
*كى ئەسلا ساڭا يوق كەمۇ كاستلىق.*

شائىرنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى، يېتەرسىزلىكى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەققىدىكى قاراشلىرى، ئۇلارنىڭ دىيالېكتىكىلىق باغلىنىشلىرى ۋە ئۆز كەسپىنى مۇناسىپ تەرەققىياتقا يۈزلەندۈرۈش ھەققىدىكى ئاقىلانە تەدبىرلىرى مۇھىمى كەسپكە بىرلەشكەن ئېسىل كەسپىي ئەخلاق توغرىسىدىكى دانا پىكىرلىرى ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەش، ئىككىنچى بىر كاسىپ ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش يولى بىلەن ئۆز كامالىتىنى تاپىدۇ. شائىر مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىدۇ ۋە زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇنلايدۇ.

داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەھمىيەتلىك يەنە بىر مەسىلە، شۇ دەۋر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىجتىمائىي بىرلىك بولغان ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى قارىشىدىن ئىبارەت. شائىر بۇ نۇقتىدا، ئەسەرگە قاتناشتۇرۇلغان 35 تۈرلۈك ھۈنەرۋەننىڭ تېخى ئۆزلىرى بىلىپ يېتەلمىگەن ۋە چۈشىنىشكە ئاجىز كەلگەن بىر قىسىم ئىدىيەۋى مەسىلىلەرگە خىشچىنىڭ بەرگەن جاۋابى شەكلى ئارقىلىق يەشمە بېرىپ، ئۇلارغا توغرا بىر يول كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ:

*ئەبرىشىمكارلارنىڭ سوئالى:*

*مالائىك جو ئىنسانغا ئەئلامۇدۇر؟*
*ئۇنىڭدىن بەشەر خەيلى ئەدنامۇدۇر؟*

*مەلەك بىرلە ئىنسان ئارىئى سەپى،*
*دىگىل قايسىدۇر ئىككىدىن ئەشرىپى.*

*خىشچىنىڭ جاۋابى:*

*چۇ بولسا ئەقىل ئىلە مۇتتەپىق،*
*مەلەكدىن ئۇنى بىلگىل ئەلا تەرىق.*
*ئەگەر ئەقىل نەپسىگە غالىب ئىسە،*
*ئۇنى بىل مەلەكدىن بۇيۇك مەرتىبە.*
*ئەگەر نەپس غالىب ئىسە ئەقىلدىن،*
*ئۇنى پەست بىلگىل ئىشەك شەكلىدىن.*

بۇ يەردە سورىلىۋاتقان سوئالغا تازا ئىنچىكىلەپ دىققەت قىلىنىدىغان بولسا، گەپ ئەقىل بىلەن نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئۆتكۈر زىددىيىتى ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقى بىلىنىدۇ. شائىر ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشنىڭ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكنىڭ پايدىسى ئۈستىدە سۆزلىگەندە ئەقىلنى ئەڭ ئۇلۇغ مەرتىۋە ھېسابىدا تونۇيدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئىزچىللىقتا ئىگە تېمىلارنىڭ بىرسى ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش، نەپسانىيەتچىلىكتىن، شەخسىيەتچىلىكتىن قاتتىق ساقلىنىپ، كەڭ قورساق، سېخىي ۋە مەرد بولۇشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت. بۇ تېما ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مەڭگۇ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىن تارتىپ تاكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتى ۋە زاماندىش تارىخىي دەۋردىكى يۈسۈف خاس ھاجىبنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى مۇناسىپ دەرىجىدە كۆرسىتىپ، جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى توغرا بىرتەرەپ قىلىشتا ئۇنۇملۇك رول ئوينىغانىدى. شائىر تۇردى نازىم غېرىبىي 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىگە نەزىرىنى ئاغدۇرغاندا، ئەقىلنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى زۆرۈرىي تەرىپىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئەگەر ئەقىل ئۈستىگە نەپس (شەخسىي مەنپەئەت) چىقىۋالسا ئۇ ھالدا ئۇنى ئېشەك قاتارىدا تونۇش لازىم دەيدۇ.

شائىر يەنە توغرا بالا ـ قازا ۋە ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى تىل ئىتتىكلىكى ۋە تىلنى توغرا، دەل جايىدا ئىشلىتەلمەسلىك سەۋەبىگە باغلايدۇ. ئۇ ئابرۇي ۋە مەرتىۋىنىڭ كېتىشىگە تىل سەۋەب بولىدۇ. ئۇنى ساقلاي دېسەڭ، مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئالدىرىماي ھۆكۈم قىل دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. ئالىم يۈسۈف خاس ھاجىب «قارا باش دۈشمىنى قىزىل تىل ئېرۇر» دېگەن ھۆكۈمنى 11 ـ ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شائىر نەۋايىمۇ تىل ئۈستىدە توختىلىپ، نۇرغۇنلىغان ياخشى ۋە پايدىلىق كۆرسەتمىلەرنى بەرگەن. شائىر غېرىبىي ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ۋە ئۇلارنىڭ تىل توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئىجادىي بېيىتىپ، زامانىسىدىكى ناچار ئىللەت ۋە خاھىشلارنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. بۇ جەھەتتە شائىرنىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ.

داستاندا يەنە كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا خىشچىنىڭ دانالىق بىلەن بەرگەن جاۋابلىرى بېرىلگەن. ئۇنىڭدا مەنمەنچىلىك قىلماسلىق، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك، پايدىنى دەپ يالغان سۆزلىمەسلىك، بىھۇدە ئاچچىقلانماسلىق، ساخاۋەتكە مايىل بولۇش، بېخىللىق، ئاچ كۆزلۈكتىن ساقلىنىش، پىتنە ـ پاساتتىن خالىي بولۇش، ھارامدىن قېچىش قاتارلىق ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شائىر بۇ مەسىلىلەرگە كونكرېت

جاۋاب بەرگەندە خۇلاسە شەكلىدە كۆپىنچە ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئۇ دۇنيا مۇشەققىتىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، بۇ دۇنيادا چەكلەنگەن ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ ئۇ دۇنيادا كىشى شەكلىنى تۇرلۇك قورقۇنچلۇق مەخلۇقلارنىڭ شەكلىگە ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۆلۈمنى ياد ئېتىش، ئۇ دۇنيادىكى قاتتىق سوراق ـ سوئال ۋە جازا ئارقىلىق كىشىلەرنى بۇ دۇنيا ناھەقچىلىكىدىن توسۇش ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان.

شائىر ياشىغان دەۋر گەرچە فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى مەلۇم تەرتىپكە سېلىنىپ، ئەدەبىيات ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيەسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە رېئاللىقتا يۈزلەنگەن بىر دەۋر بولسىمۇ، لېكىن بىر مەزگىل سوپى ـ ئىشانلارنىڭ تەركىدۇنياچىلىق ۋەھىمىسىدە ياشىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۇ دەۋردە ئۇنىڭ تەسىرى ۋە رامكىسىدىن تېخى تولۇق ئازاد بولۇپ كېتەلمىگەنىدى. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدېئولوگىيەنىڭ بارلىق شەكىللىرى، پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى». دېمەك، بۇنداق شارائىتتا شائىر تۇردى نازىم غەرىبىيمۇ بۇ رامكىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمىگەن.

داستاندا يەنە ئەھمىيەتلىك بولغان بىر تەرەپ، ئاددىي بىر خىشچىنىڭ بارلىق ھۈنەرۋەنلەرگە رەھبەر، رەھنەما بولۇپ سايلانغانلىقى مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسەردە ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي قاتلام ئاممىسى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە ئۇلار ھەل قىلىشقا قۇربىتى يەتمىگەن بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەر ئاددىي بىر خىشچىنىڭ يول كۆرسىتىشى ۋە جاۋاب بېرىشى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ ۋە يېشىلىدۇ. ئەينى دەۋردىكى بۇ خىل سالماق ئورۇننى ئىگىلىگەن پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە ئادەتتىكى بىر ئاددىي خىشچىنىڭ جاۋاب بېرىشكە تاللىنىشى شائىر ئىدىيەسىنىڭ مېھنەتكەشلەرگە مايىل، ئۇلارنى قىزغىن سۆيىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان، ئۆزىمۇ ئۇزۇن مۇددەت ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇلارنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدىن بولغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئەينى دەۋردىكى 35 خىل ھۈنەرۋەن ئىچىدە خىشچى ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ، باشقىلارنىڭ ھۈنەرلىرىدە ئاز ـ تولا ساختىلىق، ھىيلىگەرلىك كۆرۈلسىمۇ، لېكىن خىشچىنىڭ بۇ كەسپىدە ھىيلە ئىشلەتكىلى زادى بولمايدۇ. ئۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلىمىسە، تەر تۆكمىسە ئۇنىڭ ھۈنىرى ئاقمايدۇ. ھۈنەر پەزىلەتكە، پەزىلەت ھۈنەرگە ماس كەلگەچكە، ئۇ شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي بولغان. ھازىرقى زامان ئېڭى ۋە چۈشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا، يۇقىرىقى 35 خىل ھۈنەرۋەن ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە خىشچى ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان، كېيىن پەيدا بولغان پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئالدىنقى ئەجدادى دېيىشكە بولىدۇ. شائىر بۇ نۇقتىنى خىشچىنىڭ شەخسىيەتسىزلىك جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشى، ئۆز زامانىسىنىڭ دۇنيا قارىشىدا يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىشىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق سەزگەن بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا شائىر ئۆزىنىڭ ئىلغار كۆزقاراش، گۈزەل غايە ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدىنىڭ يېتەكچىلىكىدە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خىشچىنى زامانىسىدىكى مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ بارلىق ئېسىل پەزىلەتلىرى تېپىلىدىغان، ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن خالىي بىر تىپ سۈپىتىدە ياراتقاندىن باشقا، خىشچىنىڭ ئىدىيەسى ۋە كۆزقارىشىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، ھەرقانداق بىر كىشى ھۈنەر قىلىشنى ئىختىيار قىلسا، ياخشى

ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆزىگە يار قىلىشى لازىم. ئەگەر كىمىكى ھۈنەر-كەسپىدە شەرىئەتنىڭ ھۆكمىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇ كىشىنى گۇناھكارلاردىن ئارتۇق گۇناھكار ھېسابلاش لازىم دەيدۇ. شائىرنىڭ بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان شەرىئەت چۈشەنچىسى دىنىي يوپۇق ئاستىدىكى ياخشىلىق يولى، يامان ئىش-ھەرىكەتلەردىن قول ئۈزۈپ، ئېسىل پەزىلەتكە تايىنىپ ھالال مېھنەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش يولىدىن ئىبارەت. بۇ ئىدىيە دىنىي يوپۇق ئاستىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلىك ئەخلاق نۇقتىسىدا يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇ ئەخلاقنى چەتكە قاقمىغان.

داستاندىكى يەنە بىر مۇھىم تەرەپ، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق خەۋەر بەرگەنلىكى تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا رېئالىزم خېلى ئۆزۈندىن بېرى باشلانغان ۋە راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا سوپىزم كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، ساختا مەدھىيەچىلىكنىڭ بازار تېپىشىغا قارشى ھالدا بىر مەزگىل سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. بىر بۆلۈك شائىرلار جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئاللىگورىيەلىك ئۇسۇل بىلەن ئادىمىي خىسلەتكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنىڭ بىر خىل ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسىگە ئايلاندۇردى. يەنە بىر قىسىم شائىرلار دىداكتىك ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىش يولى بىلەن ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 19-ئەسىرگە كەلگەندە رېئالىستىك خاھىش ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈپ، جەمئىيەتتىكى رېئال ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە خاھىشلار بەدىئىي يول بىلەن ئىپادىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. شائىر غەرىبىي مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتتىكى رېئال مەسىلىلەرنى بەدىئىي ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن بىرقەدەر توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. شائىر زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ دەۋرىدىكى فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ گۈللەنگەن بىر پۈتۈن مەنزىرىسىنى ۋە زامانىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى، تۇتقان ئورنى قاتارلىقلارنى رېئال ھادىسىلەر ئاساسىدا تەسۋىرلەپ بەردى. چۈنكى بۇ دەۋردە كاشغەرنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە نىسپىي مۇقىملىق ئورنىتىلىپ، شەھەرلەر مەركەزلىكىدىكى سودا-سېتىق راۋاجلانغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلىپ، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا قارىغاندا بىرقەدەر ياخشىلىنىش يولىغا ماڭغان بىر تارىخىي دەۋر بولۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشى كېڭەيتىلىپ ياسىلىشقا باشلىغان، كىشىلەر تىجارەتكە يۈزلەندۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرى سۈرۈلۈشكە باشلىغان بىر مەزگىل ئىدى①. ۋەزىيەتنىڭ مۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كىشىلەر ئارىسىدا بولۇپمۇ ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا بۇرژۇئازىيەگە خاس مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە شۇنىڭغا ماس ناچار ئىللەتلەر ئەۋج

① بۇ ھەقتە ئەنگلىيەلىك تارىخچى چارلىز بولگىر «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغان: «ئىشنىڭ قىزىق ھەم بىر-بىرىگە زىت بولغان يېرى شۇكى، بۇ ئارىلىقتا قىسقا بىر ئىستىراھەت مەزگىلى بولدى. مۇشۇ مەزگىلدە گۈللىنىش، ئاۋاتلىشىش ۋەزىيىتى قايتىپ كەلگەندەك بولدى. بۇ تۆھپە جۇڭگولۇق ۋالىينىڭ قول ئاستىدىكى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ دېگەن مۇسۇلمان ياردەمچىسىگە مەنسۇپ. زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ كاشغەرنى يەتتە-سەككىز يىل ئىچىدىلا يەرلىك خەلقمۇ، جۇڭگولۇقلار(مەركىزىي ھۆكۈمەت كۆزدە تۇتۇلغان — نەقىلچىدىن)مۇ مەمنۇن بولغىدەك دەرىجىگە يەتكۈزگەنىدى.».

ئالغانىدى. شائىر غەرىبىي مەۋجۇت جەمئىيەتنىڭ بۇ مەنزىرىسىنى بەدىئىي يوسۇندا جانلىق سۈرەتلەش بىلەن بىرگە، ناھەقچىلىك، مەنمەنچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، پىتنىخورلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يارىماس ئىللەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن بولىسىمۇ يوقالغان، ئىجتىمائىيلاشقان بىر جەمئىيەتنىڭ بولۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلغان. بۇ خىل قاراش جەمئىيەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بىر فېئودال ھوقۇق ئىگىسىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت ھەققىدىكى ئىلغار خەلقپەرۋەر چۈشەنچىسىنى مەلۇم جەھەتتىن چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى شائىر ئەينى دەۋر فېئوداللىق جەمئىيىتىدە ئوردىدا بەلگىلىك مەنسەپ تۇتۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى فېئوداللىق جەمئىيەت ئۈچۈن بەجانىدىل خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شائىر ئەسىرىدە ھېچقاچان فېئوداللىق تۈزۈم دىكتاتۇرىسىنى، فېئودال ھۆكۈمرانلارنى ماختىماستىن، بەلكى ئىزچىل تۈردە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى مەيدانىدا تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئىشچى-مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۇردى. ئۇلارنىڭ تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ مېھنەتنى قەدىرلەپ، مېھنەتكەشلەر مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىپ، ئۇلارنىڭ زىچ بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ئېرىش-ئېرىلىش بولمىغان، تەڭ تەرەققىي قىلغان، بىر-بىرىنى قەدىرلەيدىغان ئىجتىمائىي كوللېكتىپ بەرپا قىلىش ئارزۇسى زامانىسىغا نىسبەتەن كۆپ ئىلغارلىقنىڭ ئىپادىسى. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، شائىرنىڭ بۇ ئەسىرى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنى بىۋاستە كۆزىتىشى ئاساسىدىكى ئىدىيەۋى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەقەززاسى بىلەن زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ بۇ خىل كۆزقاراشقا قوشۇلۇپ مۇشۇ ھەقتە مۇكەممەل بىر كىتاب يېزىش تاپشۇرۇقى ئاساسىدا يېزىلغان. جەمئىيەت ئەخلاقى ھەققىدە پەلسەپىۋى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، تۈزەتمىسە بولمايدىغان ئىللەتلەرنى دىداكتىك ئۇسۇل بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن تەربىيەۋى ئەھمىيىتى زور، تارىخىۋىلىكى كۈچلۈك بولغان بىر ئەسەر. ئەسەر گەرچە مەزمۇن جەھەتتىن 19-ئەسىر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدىكى مەۋجۇت سىياسەت، پەلسەپە، ئىقتىساد، دىن ۋە مەرىپەتنىڭ تۈرلۈك چەكلىمىلىكلىرىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەي، بەزىبىر قاراش ۋە يەكۈنلەرنى ئىسلام دىنىي يېپىنچىسى ئاستىدا ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي تەرىپىدىن قارىغاندا، يەنىلا ئەينى دەۋردىكى مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ، رېئال جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تۈزىتىشتە، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ياخشىلاپ، ياخشى بولغان كەسپىي ئەخلاق يېتىلدۈرۈشتە مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىغانلىقى بىلەن مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

**داستاننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى:** شائىرنىڭ بۇ داستانى ئۆزىدە ئىپادىلىگەن ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار، ئەھمىيەتلىك بولۇشى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئىلغار ئەھمىيەتلىك بولغان ئەخلاقىي قاراشلارنى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئاممىباب، يارقىن ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى جەھەتتىمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. داستاننىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇ:

(1) داستاننىڭ تېمىسى زامانىسى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان ئاكتۇئال تېما بولغان. شائىر غەرىبىي 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى كاشغەر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى ئۆزى بىۋاستە كۆزەتكەن ۋە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ھۆجەيرىسى بولغان ئىجتىمائىي كوللېكتىپ— ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ كەسپىي ئەخلاقىنىڭ ساپلىقىشىنى ئاساسىي تېما قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئۇنى

بىرقەدەر توغرا ۋە ئېنىق ھەل قىلغان.

كەسپىي ئەخلاق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى قوللاپ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ئىدىيەۋى ھادىسە. ساپ بولغان كەسپىي ئەخلاقتىن چەتنىگەن ھەرقانداق جەمئىيەت چىرىكلىككە يۈزلىنىپ ئاخىر ۋەيران بولىدۇ. شائىر غەربىي ئۆزى ياشىغان 19-ئەسىر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنىڭ تەقدىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم بىر تېمىنى ئۆز داستانىنىڭ تېمىسى قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. رۇسلارنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى چېرنىشېۋسكى: «يازغۇچى كىچىكرەك غايىنى ئېلىپ ئەسەر يېزىشى مۇمكىن. ئەگەر بەدىئىيەت جەھەتتىن كۈچلۈك ئەسەر كىتابخانلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىدۇ. نەتىجىدە كىچىك بىر غايە چوڭ غايىگە ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە يازغۇچى چوڭ بىر غايىنى ئېلىپ ناچار ئەسەر يازىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا چوڭ غايە كىچىك غايىگە ئايلىنىدۇ. يەنى ئەسەرنى كىتابخانلار ئوقۇمايدۇ. ئېنىقكى غايىنىڭ ئىپادىسى بەدىئىيلىككە باغلىق» دەپ كۆرسىتىدۇ.

شائىر غەربىي تاللىغان تېما زامانىسى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان زور تېما بولۇپ، ئاپتور بۇ تېمىنى يورۇتۇشتا ئابستراكت ئۇسۇلنى قوللانماستىن، بەلكى رېئال جەمئىيەتتىكى كەسكىن زىددىيەتلەرنى بوياقچىلىقتىن خالىي ھالدا ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەسەر تېمىسىنىڭ ئاكتىۋال بولۇشى، ئاكتىۋال تېمىنىڭ رېئال بولۇشى بىلەن ئالاھىدە قىممەت ياراتقان.

(2) ئەسەردىكى پېرسوناژلار كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە. ئوبراز بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە چوڭقۇر بىلىشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى. ئوبرازچانلىق بەدىئىي ئەسەرلەردە خاراكتېرلارنىڭ مۇكەممەل تەسۋىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئوبرازچانلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىۋاتقان كونكرېت خاراكتېر بولسا، بەلگىلىك ژانىردىكى كونكرېت ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىۋاتقان بەدىئىي تىل، سۇژېت، قۇرۇلما، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت قاتارلىق ئامىللار ئارقىلىق تەبىئىي ھالدا ئىپادىلىنىپ ماڭىدۇ ۋە ئۆز كامالىتىنى تاپىدۇ. شائىرنىڭ بۇ داستانى لىرو-ئېپىك داستان بولغانلىقى ئۈچۈن، لىرىك ھېسسىياتقا يۇغۇرۇلغان پىكىر-تۇيغۇلار ئېپىك ۋەقەلىكنى قاناتلاندۇرۇپ، لىرىك ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى بىلەن ئۇزۇكسىز قاناتلىنىۋاتقان ئېپىك ۋەقەلىك لىرىك تۇيغۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆزىدە ئىپادىلىنىۋاتقان خاراكتېرنى ۋايىغا يەتكۈزۈش رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن، دېھقاننىڭ ئۆز كەسپى بىلەن ماختىنىپ ھېچكىشىنى كۆزگە ئىلماسلىقى، ئۇنىڭغا تۆمۈرچىنىڭ قاتتىق رەددىيەسى، زەرگەرنىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلاپ ئۆزىنى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سەرخىلى دەپ ئاتىۋېلىشىغا ياغاچچىنىڭ رەت قىلىش خاراكتېرىدىكى رەددىيەسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. 35 خىل ھۈنەرۋەننىڭ مۇشۇ خىلدىكى بەس-مۇنازىرىسى داۋامىدا ئۇلارنىڭ ئوبرازى ۋە خاراكتېرى كۆز ئالدىمىزغا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق كىتابخاندا ئۇلارغا نىسبەتەن بەلگىلىك تۇيغۇ ۋە تەسىرات شەكىللىنىدۇ. بۇ ئوبرازلار ئۆزىنىڭ كۈچلۈك رېئال ئاساسى بىلەن ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى، جەمئىيەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىنى بىلىپ يېتىش ۋە چۈشىنىشتىكى بەدىئىي ۋاستە بولۇش قىممىتى بىلەن كىشىلەرگە بەدىئىي زوق بەخش ئېتىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

(3) ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا بولۇپ، چۇۋالچاقلىق ۋە ئارتۇقچە ئېپىزوتلارنىڭ قىستۇرۇلۇپ

قىلىشىدىن خالىي بولغان. مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر بەدىئىي ئەسەردە شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ئۆزئارا ماسلىقى ئاپتورنىڭ بەدىئىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئىپىزوت چوقۇم ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلغان بولۇشى لازىم. داستاندىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى 35 خىل ھۇنەرۋەننىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، مۇشۇ جەرياندا شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن سۈژىتنىڭ راۋاج، كۈلمىناتسىيە، يېشىم باسقۇچلىرىدا بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ كونكرېت خاراكتېرى ئاستا-ئاستا شەكىللىنىدۇ ۋە ۋايىغا يېتىپ ئۆز كامالىتىنى تاپىدۇ. ئاسادىيپى بولۇپ قالىدىغان، ياكى باشتا ئۆزىنى غىل-پال كۆرسىتىپ ئاخىرىدا يوقاپ كېتىدىغان پېرسوناژلار، ياكى بولمىسا ئەسەر مەركىزىي ئىدىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئارتۇقچە ئىپىزوتلار يوق. داستان بىر مۇقەددىمە، 32 بابتىن تۈزۈلگەن، مەسنەۋى شەكىلدە يېزىلغان خېلى زور ھەجىملىك ئەسەر بولۇشىغا قارىماي، پۇختا قۇرۇلما ئاساسىغا بىنا بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىدە يېڭىچە تۇيغۇ، يېڭىچە ھېسسىيات قوزغايدۇ.

(4) داستاننىڭ تىلى پىشقان، ئاممىباب، ئوبرازلىق. تىل-ئەدەبىيات تىل ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدىغان بىر خىل سەنئەت شەكلى. بەدىئىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان ئوبرازلار ئوبرازلىق تىلنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقى، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ تەربىيەلەش، ھۇزۇرلاندۇرۇش ئوبيېكتى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاممىباب، پىشقان ئەدەبىي تىل بولۇشى لازىم. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى بىر پۈتۈن ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان بارلىق مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان بىردىنبىر قورالدۇر. داستاندا ئاپتور ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ دىيالوگ ۋە مونولوگ ئۇسۇلى بىلەن مۇنازىرە قىلىش شەكلىنى ئەسەر مەركىزىي ئىدىيەسىنى يورۇتۇشتىكى بىر خىل ۋاستە قىلىپ تاللىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئەسەر تىلى ئارتۇقچە سۆز-جۈملىلەردىن خالىي ھالدا ئەسەرنى كۈچلۈك دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلالىغان. داستاندا قوللىنىلغان ئىخچام، ئوبرازلىق تىل شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شېئىرىي تىلنىڭ ئەسەر مەزمۇنىنى ئۆزگە خاس ئېستېتىك تۇيغۇ بىلەن بەدىئىي ھالدا ئىپادىلەپ، تەسىرچان ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلغان. شائىر ئەسەردە يەنە تىلنىڭ ئوبرازچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خەلق ماقال-تەمسىللىرى ۋە ئەقلىيە سۆزلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان.

(5) ئەسەردە تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر دەل جايىدا ۋە مۇۋاپىق قوللىنىلغان. بۇ ھال ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەنئەنىۋى چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىسكەنجىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى بېيىتىشتا ئالاھىدە ئۇنۇم ياراتقان.

2) «بەھرام گور»

(1) «بەھرام گور» داستانىنىڭ ۋارىيانتلىرى

«بەھرام گور» داستانى شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر داستانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي رىۋايىتى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 5-ئەسىردىكى پادىشاھى ۋارافىران (ۋارافىران— دارى تىلىدا بەھرام شەكلىدە ئوقۇلغان) نامى بىلەن باغلانغان. ۋارافىران ناھايىتى شەۋكەتلىك شاھ، ماھىر ئوۋچى ۋە ئىشرەتپەرەس بىر ئادەم ئىكەن. بۇ شاھ گور- قۇلان (ياۋا ئېشەك) ئوۋلاشقا ئۆچ ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ خىل

خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلىپ ئىراندا «بەھرام گور» ناملىق خىلمۇ خىل رىۋايەتلەر مەيدانغا كەلگەن ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ھېكايە ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ كەڭ تارقالغان. شەرق بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ئۇلۇغۋار نامايەندىسى، پارس ـ تاجىك كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئىپتىخارى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى «بەھرام گور» ۋەقەلىكىنى «شاھنامە»گە ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، ئەسەردە بەھرام گور ئادالەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر پادىشاھ، شۆھرەتلىك پالۋان، ماھىر ئوۋچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك پەزىلەتلىرىگە يانداشقان ئىشرەتپەرەس، تەكەببۇر، ئاچچىقى يامان ۋە قەھىر ـ غەزىپى قاتتىق بولۇشتەك يامان سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار. بۇ ھال كېيىنكى شائىرلارنىڭ بەھرام گور ھەققىدىكى ۋەقەلىكلىرىنىڭ ئاساسىي سۇژىتىنى تەشكىل قىلغان شاخلاتقۇچى ۋەقەلىكىنىڭ ئاساسى بولغان.

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىدىن كېيىن مەشھۇر ئەزەربەيجان شائىرى، مۇتەپەككۇر نىزامى گەنجىۋى (ئەسلىي ئىسمى ئەبۇ مۇھەممەد ئىلياس ئىبنى يۇسۇف) بۇ ۋەقەلىكتىن پايدىلىنىپ «ھەفتە پەيكەر» (يەتتە گۈزەل) داستانىنى ئىجاد قىلغان. نىزامى گەنجىۋى بەھرام گور داستانىدىكى ۋەقەلىكلەرنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىدىيە، غايە، ئىستېتىك زوق جەھەتتىنمۇ يېڭىچە بىر تۈيغۇ بىلەن بېيىتقان. ھېكايىنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسىنى دۆلەتتە چوقۇم ئادىل شاھ بولۇشى، ئادىل شاھ ئادالەتلىك قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشى لازىم دېگەن مەۋقەگە يىغىنچاقلاپ، بەھرام گوردىن ئىبارەت ئادىل شاھ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئادىل ھۆكۈمدار ئىدىيەسىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

نىزامى گەنجىۋىدىن كېيىن خۇسراۋ دېھلىۋى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ بەھرام گور ھەققىدىكى ۋەقەلىكلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ «خەمسە»سىگە «ھەشت بىھىشت» (سەككىز جەننەت) نامى بىلەن بىر داستان كىرگۈزگەن. «ھەشت بىھىشت» بەھرام گور ھەققىدىكى ۋەقەلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ بەھرام گور ھېكايىسى ئاساسىي ھېكايە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، بەھرام گور باش قەھرىمان قىلىنىپ، يەتتە گۈزەل ھەققىدىكى ھېكايە بەھرام گورغا باغلانغان ھالدا شاخلىتىپ ھېكايە قىلىنغان.

شائىر ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىدىن تەخمىنەن 540 يىل، شائىر نىزامى گەنجىۋىدىن تەخمىنەن 250 يىل، شائىر خۇسراۋ دېھلىۋىدىن تەخمىنەن 150 يىل كېيىن 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى ياراتقان ئەلىشىر نەۋايى بۇ تېمىغا ھۆرمەت بىلەن ئىشتىياق باغلاپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بەھرام گور ھەققىدىكى ماتېرىياللىرىنى تەنقىدىي ئاساستا ئۆگىنىپ، ئۇلاردىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ئۆزى ياراتماقچى بولغان بەھرام ـ دىلارام ۋەقەسى ئاساسىدىكى داستان «سەبئەئى سەييارە»دە باش قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن بەھرام شاھ ئوبرازىدا كونكرېت كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. نەۋايى بىر تەرەپتىن، پاك مۇھەببەتلىك ھەقىقىي ئاشىق شاھنىڭ قانداق خىسلەتلىك بولۇشى لازىملىقىنى، پاك ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى يوشۇرۇن ئوتتۇرىغا قويماقچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، زامانىسىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، خەلق ئىشى بىلەن كارى بولماسلىقتەك بىر مەزگىللىك ئىجتىمائىي ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى ئەيش ـ ئىشرەتلىك ھاياتىغا خاتىمە بېرىشكە دالالەت قىلماقچى بولغان. نەۋايى بەھرام گور ۋەقەسىگە يېڭى سۇژىت، يېڭى تەپسىلاتلارنى قوشۇپ، ئىجادىي بېيىتىپ، ئۇنى زامانىسى ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان ئاكتىۋال تېمىغا ئايلاندۇرۇپ، يېڭى بىر سۇژىت لىنىيەسىگە ئىگە قىلغان.

ئەلىشىر نەۋايىدىن تەخمىنەن 400 يىل كېيىن يەنى 19 - ئەسىردە تۇردى نازىم غەرىبىي ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بولۇپمۇ نەۋايىنىڭ بەھرام - دىلارام ھەققىدىكى سۆزىتلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ يېڭىچە قىياپەت بىلەن «بەھرام گور» داستانىنى ياراتتى.

شائىر «بەھرام گور» ۋەقەلىكىگە مۇراجىئەت قىلغاندا، ئۇنىڭ زامانىسى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان يېڭى بىر تېما بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ بەھرام گور ۋەقەلىكىنى 19 - ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي تەلەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان. نەۋايى ياراتقان بەھرام - دىلارام ۋەقەلىكىگە نەزىرە سۈپىتىدە زامانىسىدىكى ئەخلاقىي خاھىش، ئىقتىسادىي ئامىل، سىياسىي غايە، ئېستېتىك تۇيغۇ قاتارلىقلارغا ماس ھالدا بەلگىلىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، داستان كومپوزىتسىيەسىگە بەلگىلىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن. شائىر تۇردى نازىم غەرىبىي يازغان «بەھرام گور» داستانى ئابدۇرەھىم نىزارىي، نورۇز ئاخۇن زىيائىي، تۇردى نازىم غەرىبىي قاتارلىق زامانىسىنىڭ يېتۇك قەلەم ساھىبلىرى ئىجادىيىتىگە تەئەللۇق بولغان چوڭ - كىچىك 39 پارچە ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ نام ئالغان چوڭ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

(2) «بەھرام گور» داستانىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار

داستاندا مۇنداق بىر ۋەقەلىك ھېكايە قىلىنىدۇ: كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پادىشاھ بەھرام شىكارغا چىققان يېرىدە چېدىر - بارگاھ تىكىپ كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرغىنىدا، يولدىن مانى ئىسىملىك بىر يولۇچى ئۆتۈپتۇ. بەھرام ئۇنى دەرھال چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپتۇ. مانى كۆڭلىدە بىر سىرنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى بەھرام ئاتلىق شاھقا ئېيتماقچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەھرام شاھ ھەيران قېلىپ، نېمە سىر ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. مانى ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇستا رەسسام ئىكەنلىكىنى، جاھان كېزىپ چىن ئېلىگە بارغانلىقىنى، نۇرغۇن باي سودىگەرلەر بىلەن تونۇشقانلىقىنى ھېكايە قىلىپ، دىلارام ئاتلىق ناھايىتى گۈزەل بىر نازىنىن قىزنىڭ سېتىلماقچى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ باھاسىغا ھېچكىمنىڭ چىقىشالمايۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىپ كۆرسىتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بەھرام شاھ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ ۋە كېيىن مانىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يەمەن پادىشاھىغا بىر پارچە مەكتۇپ بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. نامەنى ئالغان يەمەن پادىشاھى چاپارمەنلەرنىڭ ياردىمى بىلەن دىلارامنىڭ باھاسىغا چىقىپ ئەكەلدۇرۇپ، ئۇنى شاھ بەھرامنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. دىلارامنىڭ ۋەسلىگە قانغان بەھرام شاھ ئۇنى ئېلىپ بىر كۈنى شىكارغا چىقىپتۇ. شىكاردا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر كېيىك ئۇچراپتۇ. بەھرام دىلارامغا قاراپ: «ئوقيانى ئۇنىڭ قايسى ئەزاسىغا تەگكۈزەي؟» دەپ سوراپتۇ. دىلارام بولسا بەھرامغا: «بىر ئوق بىلەن ئاۋۋال ئۇنىڭ پۇتىغا ئىشكەل سېلىڭ، يەنە بىر ئوق بىلەن ئۇنى جاراھەتلەندۇرۇپ جېنىنى ئېلىڭ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇ بويىچە كېيىكنى ئۆلتۈرگەن بەھرام دىلارامدىن ماختاش تاما قىلىپ دىلارامغا قاراپتۇ. لېكىن دىلارام بۇ مەشىق قىلىپ ئادەتلەنگەن ھەممە كىشى قىلالايدىغان ئىش دېگىنىچە، پەرۋا قىلماستىن ئالدىغا قاراپ كېتىۋېرىپتۇ. كۆڭلى ئازار يېگەن بەھرام دىلارامنى ئۆلتۈرمەكچى بولسىمۇ، لېكىن تەندۇرۇس، قاۋۇل بىر پادىشاھنىڭ ئاجىز ئاياللارغا قىلىچ تەڭلىشىنىڭ خەلق - ئالەم ئالدىدىكى يامان سۆز - چۆچەكلىرىدىن قورقۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي، ئۇنى ئۆزىنىڭ چېچى بىلەن باغلاپ چۆلگە تاشلىۋېتىپ كېتىپتۇ ۋە شۇ ئاچچىقىدا شارابنى كۆپ ئىچىپ، مەست بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ مەستلىكىدىن يېشىلىپ قارىسا، يېنىدا

دىلارام يوق. شۇنىڭ بىلەن قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، دىلارامنى تېپىپ ئۇنىڭغا ئۆزرە قويماقچى بولىدۇ. بىراق دىلارامنى قويۇپ كەتكەن يېرىدىن تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دىلارامنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرى بىلەن قىلچە كارى بولمايدۇ. ئۇنىڭ هالىغا ئىچى ئاغرىتقان يەتتە ئىقلىم پادىشاهلىرى تەۋەسىدىكى داڭلىق هۆكۈمالارنى ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا بۇيرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشق سەۋدالىق كېسىلىگە داۋانىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىشىپتۇ ۋە ياخشى ئارام ئالدۇرسا شىپا بولۇپ قېلىش ئېهتىماللىقىدىن بېشارەت بېرىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەتتە ئىقلىم پادىشاهلىرى پەلەككە تەقلىد قىلىپ گۈمبەزلىك يەتتە قەسىر بىنا قىلدۇرۇپتۇ ۋە رەسسام مانىنى تەكلىپ قىلىپ هەربىر قەسىرنى بىر خىل ئاسمان رەڭگىدە يەتتە تۈرلۈك رەڭ بىلەن نەقىشلەتكۈزۈپتۇ. بىرىنچى قەسىرگە «گۈمبەزى مۈسكى»، ئىككىنچى قەسىرگە «قەسىرى زەنگاھ»، ئۈچىنچى قەسىرگە «گۈمبەزى خىزرا»، تۆتىنچى قەسىرگە «قەسىرى گۈل رەڭ»، بەشىنچى قەسىرگە «گۈمبەزى نىلۇپەر»، ئالتىنچى قەسىرگە «قەسىرى سەندەل»، يەتتىنچى قەسىرگە «قەسىرى كافۇر» دەپ ئات قويۇپتۇ. شاھ بەھرام هەر كۈنى بىر قەسىردە بىر ئىقلىم پادىشاهىنىڭ شۇ قەسىر رەڭگىدە كىيىنگەن بىردىن قىزى بىلەن ئىشرەت تۈزۈپ، كۆڭۈل ئاچىدىكەن ۋە ئارقىدىن شۇ ئىقلىم يولىدىن كەلگەن بىردىن مۇساپىرنى تاپقۇزۇپ، ئۇنىڭغا تاڭ ئاتقۇچە هېكايە ئېيتقۇزىدىكەن. ئاخىرىدا يەتتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇساپىرنىڭ هېكايىسى مەلىكە دىلارامغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىپتۇ.

ئەسلىدە مەلىكە دىلارام چۆلدە قالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۆزىنى بەھرامغا ساتقان سودىگەر تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغان بولۇپ، بۇ سودىگەرنىڭ ئايالى ياكى قىزى يا تۇغقىنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ۋاقىتنى مەلىكە دىلارامغا ساز چالدۇرۇپ ئاڭلاش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. مەلىكە دىلارام سېتىلغان كۈندىن كېيىن، ساراسىم ۋە پەرىشانلىقتا چۈشكەن سودىگەر دىلارامغا چىدىماي ئارقىسىدىن ئىزدەپ چىققاندا يولىدىن ئېزىپ قېلىپ، ئاشۇ چۆلدە قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغانىكەن، ئەتىسى بىر توپ قۇشلارنىڭ چۇرقىراشلىرىدىن ئويغىنىپ كەتكەن سودىگەر يېقىنلا يەردە مەلىكە دىلارامنىڭ ئىڭراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن سۆهبەتلەشكەندە، دىلارام ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنى بەھرام شاهنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. لېكىن سودىگەر بۇنىڭ تەلىپىگە كۆنمەي، ئۇنى خارەزم شەهىرىگە ئاپىرىپتۇ ۋە ئەسلىدىكى قىلغانلىرى بويىچە ئۇنىڭغا كۆڭلۈكى ئاخشىمى ناخشا ئېيتقۇزۇپ هۇزۇرلىنىدىكەن. يولدىن ئۆتكەنلەر ئۇنىڭ سازىغا مەستخۇش بولۇپ ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇشىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دىلارامنىڭ سازەندىلىكتىكى ماهارىتى خارەزم شاهقا يېتىپتۇ. ئۇ دىلارامغا ئەلچى كىرگۈزگەن بولسىمۇ، سودىگەرنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچراپتۇ. غەزەپلەنگەن خارەزم شاھ دىلارامنى قورال كۈچى بىلەن ئوردىغا كەلتۈرۈپتۇ. بىراق، دىلارام نەغمە بىلەن ئوردا ئەهلىنى سېهىرلەپ ئوردىدىن قېچىپتۇ. دىلارامنى بويسۇندۇرالمىغان خارەزم شاھ ئاخىرى سودىگەرنى ئاتا، دىلارامنى سىڭىل قىلىۋېلىشقا ئەهدە تۈزۈپتۇ. يەتتە ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇساپىر ئەسلىدە هەر كۈنى ئوردىغا بېرىپ دىلارامنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلايدىغان، ناخشا-سازغا هېرىسمەن بىر سازەندە ئىكەن. ئۇ دىلارامدىن ماهارەت ئىگىلەپ كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدا دىلارامنىڭ نەغمە-ناۋاسىنى ئاڭلاشقا سودىگەردىن ئىجازەت ئاپتۇ ۋە بىر كۈنى سودىگەرنىڭ ئۆيىدە يوق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ دىلارامنى ئالداپ ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن بۇ سىرنى بەھرامغا يەتكۈزۈپتۇ. خەۋەرنى ئاڭلىغان بەھرام شاھ نامە بىلەن خارەزم شاهقا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. خارەزم شاھ ئەتىسىلا دىلارامنى ئەلچىگە قوشۇپ بەھرام شاھ هۇزۇرىغا يولغا سالپتۇ. ۋىسال شادلىقىغا

چۆمگەن بەھرام شاھ سودىگەرنى دۆلەتنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەپ، ئۆزى بولسا دىلارام بىلەن بىرلىكتە يەتتە خىل رەڭلىك يەتتە قەسىردە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەيش-ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بوپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن بەھرام شاھ دىلارامنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپتۇ. بۇ جەرياندا نۇرغۇن جانىۋارلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، چۆل يۈزىنى قانغا بوياپتۇ. ئاخىرقى بىر قېتىم بىر ئۇۋنى قوغلاپ بىر يەرگە كەلگەندە شاھ بەھرام، مەلىكە دىلارام ۋە ھەممە لەشكەرلەر تۇيۇقسىز يەر ئاستىدىكى سۇغا چۈشۈپ كېتىپ غەرق بولۇپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە بۇ يەرنىڭ ئاستى چوڭقۇر دەريا بولۇپ، ئۈستىنى نېپىز بىر قەۋەت توپا پەردىلەپ تۇرغانىكەن. شۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن كىشىلەر بەھرام شاھنى «بەھرام گور» دەپ ئاتىشىپتۇ. «بەھرام گور» دېگەن لەقەم شۇنىڭدىن كەلگەنىكەن. شائىر غەرىبىي داستاندا بۇ ھالەتنى مۇنداق يازىدۇ:

*كېلىپ شاھ بەھرامغە بۇيلە كام،*
*قىلىپ يەتتە گۈنبەز ئاساسىن ماقام.*

*قايۇ تەخت قەسىر ئىچرە بولسا مۇقىم،*
*پەرى چەھرە يانىدا ئەردى نەدىم.*

*چىقىپ بىر كۈن ئاۋ ئەزمىغە دەشت ئارا،*
*يۈرۈپ سەير ئېتىپ گاھ گۈل گەشت ئارا.*

*بار ئەردى جاھان سەھنىدەك مۇرغىزار،*
*تولا ئەل بىلەن قىلاتتى ئۇ شىكار.*

*ئاتىپ سەيدنى قانى دەريا بولۇپ،*
*قىيامەت كۈنى ئاشكارا بولۇپ.*

*بۇ يەر ئانداغ ئەردىكى ئاستىدا سۇ،*
*يۈزى ئۆزرەگەرد ئولتۇرۇپ تەبىتۇ.*

*قالىنلىق ئاڭا بىر قارىغە ياۋۇق،*
*بۇ مىقدار ئولۇپ سۇ يۈزىگە ياپۇق.*

*تۆكۈپ سەيد قانىنى بەھرام شاھ،*
*زېمىن بولدى ئىسسىق قاندىن تىباھ.*

*بۇ ھالەت ئىدى مېھىر چەكتى نىقاب،*
*قۇياش يۈزىگە پەردە تارتتى سىھاب.*

*بۇلۇت ئەل باشىغە بولۇپ قەترە بار،*
*بولۇپ ئەردى توپانى نوھ ئاشكار.*

*چۇمار لايغە ھەركىم قايان قويسا يۈز،*
*ئەجەب ئەرماس ئەل ئۆمرىدىن يۇمسا كۆز.*

*بۇ يەر ئاستى ھەم ئۈستى ھەم بولدى نەم،*
*ئاخىرلاشتى مەنزىل ئاغىر بولدى خەم.*

*ئىگىلدى بۇ يەر ئاستىغە قىلدى مەيل،*
*سۇنىڭ قەترىگە قىلدى مەيل بارچە خەيل.*

*جاھان ئەھلىغە قىسمەت ئاخىردا گور،*
*ئاڭا بولسامىۇ نام بەھرام گور.*

شائىر غەرىبىي بۇ داستاندا يەنە ئاساسىي تېما ــ بەھرام بىلەن دىلارامنىڭ ھايات سەرگۈزەشتلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئۇنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىپ كۆرسىتىشكە ياردەم قىلىدىغان يەتتە ھېكايىنى قىستۇرۇپ بايان قىلغان. بۇ ھېكايىلەر سۇژېت، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ھالدا مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ، ئەسەرنىڭ ئاساسىي باش تېمىسىغا مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ھەربىر ھېكايىدە ھەل قىلىنغان ئايرىم بىر تېما ئاساسىي باش تېمىنى تېخىمۇ ئېنىق يورۇتۇش ئۈچۈن بىۋاسىتە رول ئويناپ، ئۇنى ھەر جەھەتتىن كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلغان. بىرىنچى ھېكايە جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر ھۆجەيرىسى بولغان ئائىلە، مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان. بۇ ھېكايىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك ھېكايە قىلىنىدۇ: ھىندى پادىشاھىنىڭ بىر شاھزادىسى چۈشىدە قۇددۇس شەھرىنىڭ يېنىدىكى چۆلدە تۆگە ئۈستىدىكى بىر گۈزەل مەلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى ئىزدەپ ھەلەپ شەھىرىگە بارغاندا بىر سېخىي سودىگەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئەسلىدە بۇ مەلىكە ھېلىقى سودىگەرنىڭ ئايالى بولۇپ، بۇ سودىگەر بولسا شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۆزىنىڭ ئىناق ئائىلىسىنى بۇزۇپ، ئۆز مۇھەببىتىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا شاھزادىنى خۇشال قىلىدۇ ۋە ئۆزى يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن شاھزادە مەلىكىنى ئۆزىگە ئاتاق سىڭىل قىلىۋالىدۇ ۋە ھېلىقى سودىگەرنى غېرىب، مۇساپىر ھالىتىدە ھىندىستاننىڭ بىر بۇلۇڭىدىن تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزرە قويۇپ مەلىكىنى ئۇنىڭغا قايتا نىكاھلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ بەختلىك ئائىلىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئاپتور بۇ ۋەقەلىكنى بىرىنچى مۇساپىر ئاغزىدىن بېرىش ئارقىلىق، ئىشق ـ مۇھەببەت بەك قەدىرلىك، ئۇنىڭ ئازابى چىدىغۇسىز بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەردى جاننى سەرسانلىققا گىرىپتار قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنى دەپ باشقىلارنىڭ بەختلىك ئائىلىسىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. ئىناق ئائىلە مۇھەببەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھەرقانداق مۇھەببەت ئىگىسى ئۆز مۇھەببىتى بەدىلىگە باشقىلارنىڭ بەختلىك ئائىلىسىنى قوغداپ قېلىشقا بەل باغلىشى لازىمكى، ئۇنى بۇزۇۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. سودىگەرنىڭ چىن مۇھەببەت يولىدا ئۆز ئائىلىسىنى قۇربان قىلىپ، باشقىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلىگەنلىكىدەك مەردلىك، سېخىيلىق روھىنى، ھىندى پادىشاھىنىڭ شاھزادىسىنىڭمۇ ئۆز مۇھەببىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە باشقىلارنىڭ بەختلىك ئائىلىسىنى قوغداپ قېلىشتەك ئېسىل خىسلىتىنى قىزغىن

مەدھىيەلەپ، باشقىلارنى ئاشۇنداق ئېسىل خىسلەتلەرنى ئۆزىدە جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۇرىدۇ. ئىككىنچى ھېكايە مەشھۇر ھېكىم ۋە زەرشۇناس زەيىدنىڭ ماھارىتىگە بېغىشلانغان. زەيىد ناھايىتى ئۇستا تېۋىپ ۋە كامالەتكە يەتكەن زەرشۇناس بولۇپ، بىر كۈنى پادىشاھقا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالتۇندىن بىر تەخت ياساپ بېرىدۇ. تەخت تۆرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قەدەم ئېلىش بىلەن پەسلەيدۇ، ئۈستىگە چىققان ھامان كۆتۈرۈلىدۇ. ئولتۇرغان ھامان تۆت تەرىپىدىن تۆت قۇياش چىقىپ ئالتۇن نۇرلىرىنى ھەر تەرەپكە چاچىدۇ. ئىككى بۇرجىكىدە ئىككى تاۋۇس، يەنە ئىككى بۇرجىكىدە ئىككى شاتۇتى پەيدا بولۇپ ئۆزلۈكىدىن جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق كاتتا ھۈنەرگە پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ھەسەت كۆزى بىلەن قارايدۇ ۋە باشقا زەرگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ زەيىدنى ئالتۇنغا خىيانەت قىلغان دەپ پادىشاھقا چاقىدۇ. پادىشاھ ھېچ ئىشنى سۈرۈشتە قىلمايلا زەيىدنى زىندانغا تاشلايدۇ. كېيىن پادىشاھ ئېغىر كېسەل بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى ھېچكىم داۋالىيالمىغاندا باشقا تېۋىپلار زەيىدنىڭ ئامال قىلىپ كۆرۈشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زەيىد زىنداندىن چىقىپ پادىشاھنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدۇ ۋە ئۇنىڭ بەدىلىگە پادىشاھقا ۋەزىر بولىدۇ.

ئاپتور مانا مۇشۇنداق بىرقاتار مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ھۆكۈمدارلار ئۆز يېنىدىكى كىشىلەردىن دائىم ھوشيار تۇرمىغاندا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئادەملەردىن ئايرىپ قويىدىغانلىقىنى، چېقىمچىلىق ۋە ھەسەتخورلۇقنىڭ يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىلىم - ھېكمەتنىڭ، ئىلىم - ھېكمەتلىك ئادەملەرنىڭ قەدرىگە يېتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئۈچىنچى ھېكايىدە، مىسىرلىق باينىڭ ئوغلى سەئىدنىڭ ئىككى مۇساپىردىن سەبز شەھىرىدىكى بىر تاغدا ئادەمنىڭ بەخت - ئىقبالىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىدىغان بىر بۇتخانىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە بارغانلىقى ۋە ئۇ جايدا بولغان بېشارەتكە ئاساسەن بەخت - تەلىيىنى تېپىش ئۈچۈن بىر غارغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ھېكىمدىن ئەقىل - پاراسەت ئۆگەنگەنلىكى ۋە ئاخىردا سەبز شەھىرىنىڭ ئۈچ قات سېپىل دەرۋازىسىدىكى ئۈچ خەتەرلىك تىلسىماتنى پەم بىلەن يېشىپ، قەسىرگە كىرىپ سەبز شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، بەختكە ئېرىشكەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. سەئىد جاسارەتلىك، قەھرىمان يىگىت بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى بولغان «قەتران» دېۋىنى، جاللات «زال»نى ئۆلتۈرۈپ، خەلق مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەم شەھىرى سەبز شاھىنىڭ زالىملىقى ۋە قانخورلۇقىغا خاتىمە بېرىدۇ. بۇ ھېكايە جاسارەتلىك ۋە قەھرىمانلىقنىڭ زۇلۇم، دەھشەت ئۈستىدىن غالىب كېلىشى، پەم - پاراسەت ۋە ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ ھىيلە - نەيرەڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشى بىلەن تۈگەللەنگەن بولۇپ، ھېكايىدىكى جامىس ھېكىم ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى پەم - پاراسەت، ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ سىمۋولى بولسا، زال ھىيلە - مىكىرنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە سۈرەتلەنگەن. تۆتىنچى ھېكايىدە، دۇنيادا ئۆزىنى بىردىنبىر ئادىل پادىشاھمەن دەپ يۈرگەن جۇنەنىڭ ھىندىستانلىق ياش يىگىت مەسئۇدنىڭ ئادىللىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ ئۇنى زالىم بەگ جەيبۇرنىڭ ئورنىغا ترازغا ۋالىي قىلغانلىقى؛ بۇنىڭغا ئىچى تارلىق قىلغان جەيبۇرنىڭ سابىق ۋەزىرى بەللۇ بىلەن بىرلىكتە مەسئۇدقا زىيانكەشلىك قىلىپ ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەندە، بەللۇنىڭ قىزىنىڭ قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى قاتارلىق مۇرەككەپ سۇژىتلار ئارقىلىق ئادىللىق، سېخىيلىق، دوستلۇق قىزغىن مەدھىيەلەنگەن. ھەسەتخورلۇق، بەتنىيەتلىك، زالىملىق پاش قىلىنىپ كەسكىن تەنقىد قىلىنغان. ھېكايىدىكى باش قەھرىمان جۇنە سېخىي، ھىممەتلىك،

ئادىل، خەلقپەرۋەر غايىۋى پادىشاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. شائىر غەرىبىي بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئەمەلدارى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ ئىلىم سۆيەر، مەرىپەتپەرۋەر خۇسۇسىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، بەگنى تېخىمۇ ئىرىشىپ جۇنەدىن ئۆلگە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن شائىر يەنە جەيبۇر، بەللۇلاردەك ئەلگە زۇلۇم سالغۇچى، قارانىيەت كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنىمۇ يارىتىش ئارقىلىق، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، قول ئاستىدىكى خادىملارغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكىدىن، خەلقنىڭ ئاھ ـ زارىغا قۇلاق سېلىپ، ئەلگە زۇلۇم سالغۇچى، قارانىيەت كىشىلەرنى ھاكىمىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىشنىڭ زۆرۈرلىكىدىن بېشارەت بەرگەن.

بەللۇنىڭ قىزى ئوبرازى ئەسەردىكى يەنە بىر گەۋدىلىك ئوبراز بولۇپ، ئۇ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى ئىنسانىكار سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىجابىي ئوبرازدۇر. بۇ ئوبراز پۈتكۈل ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئاكتىۋال رول ئوينىغان. ئۇ فېئوداللىق ئىستىبدات تۈزۈمىنىڭ ئاياللارغا قاراتقان ۋەھشىي، چىرىك قانۇنىنى ئىنسانكارلىق نۇقتىدا تۇرۇپ رەت قىلمىۋاتقان ئاياللارنىڭ تىپىك ئوبرازى، شائىرنىڭ بۇ ئوبرازىنى شائىر بىلەن بىر دىۋانخانىدا بىللە ئىشلەپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ «رابىيە ۋە سەئىدىن» داستانىدىكى رابىيە ئوبرازى بىلەن بىر نۇقتىدا كۆزەتكەندە، ھەر ئىككى شائىردا ئويغانغان ئاياللار ئازادلىقى ئىدىيەسىگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز. بەشىنچى ھېكايىدە، تويى بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئەدەن شاھى نودەرنىڭ قىزى مېھرى بىلەن يەمەن شاھى نوئەنىنىڭ ئوغلى سۇھەيلىنىڭ ئوخشىمىغان يوللار بىلەن دېڭىز قاراقچىسى جابىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى، بۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ئاتلانغان نودەر بىلەن نوئەنمۇ جابىرنىڭ ھىيلىسى بىلەن قولغا چۈشۈپ زىندانغا سولانغانلىقى، ئاخىردا مېھرىنىڭ ياردىمى بىلەن زىنداندىن ئازاد بولغان سۇھەيلىنىڭ دېڭىز قاراقچىسى جابىرنى ئۆلتۈرۈپ ئاتىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ بىر يەرگە جەم بولغانلىقىدەك مۇرەككەپ ۋەقەلىك ھېكايە قىلىنغان. ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى نودەر شاھنىڭ قىزى مېھرى بولۇپ، ئۇ ئەقىللىق، تەدبىرلىك، نازاكەتلىك، ئېپپەتلىك ئاياللارنىڭ تىپىك ئوبرازى. شائىر ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، دانا تەدبىرىنى سۈرەتلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلەرگە ئۇنىڭ ئەقلى ۋە تەدبىرى ئارقىلىق يېشىم بېرىدۇ. ئۇنىڭ قەيسەرلىكى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق بارلىق تۇتقۇنلار ھىيلىگەر، جاللات جابىرنىڭ رەزىل ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. شائىر غەرىبىي 19 ـ ئەسىر فېئوداللىزم جەمئىيىتىدىكى ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسىگە دىققەت قىلغاندا، ئالدىنقى ھېكايىدىكى بەللۇنىڭ قىزى ئوبرازىدىكى قەھرىمانلىق، ئىنسانكارلىق، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەت ئېسىل خاراكتېرىنى بۇ ئوبراز ئارقىلىق تېخىمۇ تولۇقلاپ ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ، 19 ـ ئەسىر ئويغۇر ئاياللىرىنى قۇللۇقتا خاتىمە بېرىپ، ئۆز ئازادلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ. بۇ ھال شائىرنىڭ دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك گۇمانىستىك روھ بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان جانلىق مىسال. ئالتىنچى ھېكايىدە، ساپ دىل، راستچىل، چىدامىلىق، غەيرەتلىك مۇقبىل بىلەن يالغانچى، خىيانەتچى مۇدبىردىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە خاراكتېر جەھەتتىن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى شەخسنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق، راستچىللىق ۋە ساپدىللىقنىڭ ئىنساننى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقى، يالغانچىلىقنىڭ ئىنساننى ھالاك قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھېكايىدىكى بىر قىسىم ۋەقەلەر دىنىي لىباس ئىچىدە قانات يايغان بولسىمۇ، لېكىن ئەخلاقىي نۇقتىدىن

قارىغانىدا يەنە كۆچلۈك تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. يەتتىنچى ھېكايە، پەقەت ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ يېشىمى ۋە خاتىمىسى بولۇپ، ھېكايىدە مەلىكە دىلارامنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى خارەزملىك مۇزىكانتنىڭ دىلارام بىلەن تونۇشۇش جەريانى، دىلارامنىڭ ناخشا-مۇزىكىدىكى ماھارىتى، ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى بايان قىلىنغان. ئاپتور بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، سەنئەت ۋە ئۇنىڭ كۈچىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دىلارامنىڭ بەھرامغا بولغان ئىنسانىي مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شائىر داستاندا ئەجەم شاھى بەھرام بىلەن چىن مەلىكىسى دىلارام ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق-مۇھەببەت ۋە بۇ ئىشق-مۇھەببەتكە مۇناسىۋەتلىك يەتتە ھېكايىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كەيپ-ساپا، ھاۋايى-ھەۋەس ئادەمنى زەبۇنلۇققا ئىتتىرگۈچى يامان ئادەتتۇر. كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلگەن ھەرقانداق ئادەم ھالاكەتتىن خالىي بولالمايدۇ. بولۇپمۇ مەلۇم بىر ئەلدە ھاكىمىيەت باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ھۆكۈمدار بۇ ئىشتىن قاتتىق ساقلىنىشى لازىم. ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلار پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئەل خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، ھەمىشە ھوشيار تۇرۇشى لازىم دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. داستاندا تەسۋىرلەنگەن بەھرام ئەسلىدە ناھايىتى كاتتا پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭغا رۇم، چىن، ھىندىستان، خۇراسان، شام، ئەرەب، مىسىر قاتارلىق يەتتە ئىقلىم قارايدىغان ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ۋە خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بىر شاھ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گۈزەل قىز دىلارام توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پىكىر-خىيالى ھەمىشە شۇنىڭ بىلەن بولۇپ، بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇ مەلىكە دىلارامنى ھوقۇق ۋە مال-مۈلكىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ 4-5 يىلغىچە ئەلنىڭ تەقدىرى، خەلقنىڭ غېمىنى ئەس-يادىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاپ، كۈنلىكى نەغمە-ناۋا قىلىپ بەزمە قۇرۇش، ئەيش-ئىشرەت بىلەن كۆڭۈل ئېچىش، شىكارغا چىقىش، سەيلە-تاماشا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەلنىڭ بۇنداق باشسىز قېلىشى سىياسەتنىڭ ئۈز يولىدا مېڭىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا بولغان نازارەتنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. باشباشتاقلىق ئەۋج ئېلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى خاتىرجەملىكى بۇزۇلىدۇ. ناھەقچىلىك ئەۋج ئالىدۇ. يەرلەر تېرىقسىز قېلىپ، ئاچارچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئەلدە زۇلۇم كۈچىيىپ نارازىلىق كۆپىيىدۇ. شاھ بۇ ئىشلار بىلەن قىلچە كارى بولمىغاننىڭ سىرتىدا، شىكارغا چىقىپ نۇرغۇنلىغان جانلىقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. ئىلگىرىكى مەمۇرچىلىق ۋە ئاۋاتچىلىقنىڭ ئورنىنى خانىۋەيرانچىلىق قاپلاپ كېتىدۇ. نەتىجىدە بەھرام خەلقنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ يەر يۇتۇپ ئۆلىدۇ. شائىر غەربىي شاھ بەھرامنىڭ ئىنسانىي ئىشق-مۇھەببەت دەۋاسىغا قۇلاق سالغاندا، ئۇنىڭ ئىشق- مۇھەببىتىنى ھەقىقىي، ساپ بولغان ئىنسانىي تۇيغۇ ۋە مۇھەببەت بىلەن ئۆلچەپ كۆرىدۇ. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇكى، شاھ بەھرام ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مۇھەببەت ئىگىسى ئەمەس. ئۇ رەسسام مانىدىن مەلىكە دىلارامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، رەسىمىنى بىر قېتىم كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ قالىدۇ. كېيىن ئۇنىڭدىن ماختاشقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن بولسا، ئۇنى چۆلگە تاشلىۋېتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن بولسا يەنە ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىپ يۈرىدۇ. ئۇ مۇھەببەتنى كۆڭۈل خاھىشىنىڭ خۇشلۇقى ئۈچۈن بولۇشى، قىز-ئاياللار ئەرلەرنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم دېگەن نۇقتىدا چۈشىنىدۇ ۋە شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا دىلارامنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكى (ئەمەلىيەتتە ئۇ سەۋەنلىك ئەمەس) ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بولسىمۇ، ئاخىردا ئۆزىنى يەنە «مەرد» ھېسابلاپ، ئۆلتۈرمەستىن چۆلگە تاشلاپ كېتىدۇ.

دېمەك، بەھرام شاھ كۆڭۈل خاھىشىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئىشرەتكە بېرىلىپ، خەلق مەنپەئىتىنى ئۇنتۇپ سەلتەنەتتىن ئايرىلىپ قالغان فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. شائىر غەرىبىي داستاندىكى شاھ بەھرام ئوبرازى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەخسىي ھوزۇر- ھالاۋىتى، بىردەملىك كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ئەلنى ئۇنتۇغان، قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارىنى خەلق ئىشىغا سەرپ قىلىشتىن باش تارتقان ھاكىمىيەت ئىگىلىرىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى ئېچىپ بەرگەن. ھۆكۈمدارلارنى ھەمىشە خەلق غېمىنى يېيىشكە، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاشقا، شەخسىي ئارزۇ- ھەۋەسلەرگە بېرىلمەسلىككە ئاگاھلاندۇرغان.

داستاندا يەنە بەھرام ئوبرازىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك دىلارام ئوبرازىمۇ بار. دىلارام بەلگىلىك ئىلىم- تەربىيە ئاساسىدا چوڭ بولغان، سەنئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، ۋاپادار، ساھىبجامال قىز بولسىمۇ، ئەمما، يۇرتىغا بېسىپ كەلگەن تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن مەجبۇرىي قۇللۇققا سېتىلىدۇ. بەھرام شاھ تۇرلۇك ئۇسۇل ۋە ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇنى بويى بىلەن تەڭ ئالتۇنغا سېتىۋالىدۇ. ئۆز ئەركىنى يوقاتقان دىلارام ئىلاجسىز شاھنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شاھ دىلارامنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى كۆڭۈل ئاچقۇچى ئويۇنچۇق ھېسابىدا تونۇپ، سەمىمىي مۇئامىلە قىلمايدۇ. دىلارام بەھرامنىڭ تۈرلۈك خورلاشلىرىنى ئېغىر ئالماي، ۋاپاسىزلىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ. بەھرام شاھتىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ، ھىجران قايغۇسىدا ئۆرتىنىدۇ. ئاخىردا ئۇ بەھرامنىڭ ۋىسالىغا ۋاسىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن بەھرام دۇچ كەلگەن قىسمەتكە چېتىلىپ پاجىئەلىك ھالدا ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. دىلارام مۇھەببەتكە سادىق، مۇھەببەت ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتىن يانمايدىغان، ۋاپادار، ئاقكۆڭۈل قىز بولۇپ، ئاپتور بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بەدىئىي يوسۇندا ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىشكە تىرىشىش بىلەن بىرگە، دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىپادىلىگەن ئاياللار ئازادلىقى ئىدىيەسىنىڭ ئىسيانكارلىرى— تۆتىنچى ھېكايىدىكى بەللۇنىڭ قىزى ئوبرازى، بەشىنچى ھېكايىدىكى نودەرنىڭ قىزى مېھرى ئوبرازى قاتارلىقلارغا يانداشتۇرۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئاياللاردا مەۋجۇت بولغان ئاجىزلىقلارنى ئېچىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاياللارنى ئۆز ئەركىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا دالالەت قىلىدۇ. بۇ ھال شائىردىكى 19- ئەسىر گۇمانىستىك ئىدىيەسىنىڭ يارقىن ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(3) داستاننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

داستاننىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، شائىر غەرىبىي داستاننى شەرق كىلاسسىك داستانچىلىق ئىجادىيىتى بويىچە يېزىپ چىققان. بۇ ھال داستاننىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى بىرقەدەر ئىلگىرى سۈرگەن. داستان جەمئىي 4032 مىسرادىن ئىبارەت بولۇپ، ئاپتور ئەسەردىكى تىپىك ۋەقەلىكلەرنى بىرتەرەپ قىلىش، خاراكتېر يارىتىش، مەركىزىي ئىدىيەنى تېخىمۇ روشەنلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۆزگىچە بىر يېڭى يول بىلەن مېڭىشنى مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىغان. ھەربىر چوڭ ئېپىزوت بېشىدا ماۋزۇ ئورنىدا كەلگۈسى ئىشلاردىن كىتابخانلارنى خەۋەردار قىلىپ، كىتابخاننى ۋەقەلىككە تەبىئىي قىزىقتۇرغان. بەھرامنىڭ دىلارامدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى يەتتە خىل رەڭلىك يەتتە قەسىردە بەزمە ئۆتكۈزگەنلىكى، خىيال، كىيىم- كېچەك، ئىچىملىك، تەبىئەت ۋە ھادىسىلەرنىڭ شۇ خىل رەڭلىك تەسۋىرلىنىشى قاتارلىقلار بەھرام ئوبرازىنىڭ ئۆزىگە

خاس خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرگە، دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇچۇنمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان. داستان ۋەقەلىكى گەرچە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بىرقانچە شائىرلار تەرىپىدىن تۈرلۈك تېمىلاردا يېزىلىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن غەرىبىي بۇ تېمىغا مۇراجىئەت قىلغاندا ئۆز ئالدىغا ئايرىمچە يول تۇتۇپ، ۋەقەلىكنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، زامانىسى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك، ئاكتىۋال، تەسىرلىك بىر تېمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال مەسىلىلىرىگە زىچ تەتبىقلاش بىلەن بىرگە، زوھۇرىددىن ھېكمىبەگكە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.

ئىككىنچى، ئەسەردە مەزمۇن بىلەن شەكىل بىردەكلىككە ئىگە قىلىنغان. بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكىگە قويۇلىدىغان ئەڭ بىرىنچى تەلەپلەرنىڭ بىرى، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىردەكلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ياخشى بىر ئىجتىمائىي مەزمۇن ئۆزىگە خاس گۈزەل بىر بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپسا، بۇ خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك ئۆزىگە خاس جىلۋىگەرلىكنى نامايان قىلىپ، ئوقۇرمەننى كۈچلۈك جەلپ قىلىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئاپتور ئۈزۈن يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ تېمىنى زامانىسىغا لايىقلاشتۇرۇپ ئىپادىلەشتە، ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ تاۋلىشى ۋە تاللىشىدىن ئۆتكەن بىر شەكىلنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى زامانىسىغا لايىق گۈزەل ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئۈچىنچى، ئەسەرنىڭ تىلى پىششىق ۋە ئوبرازلىق بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شائىر غەرىبىي ئەسەرنى گۈزەل، پاساھەتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن يېزىپ چىققان بولۇپ، شېئىرىي تىلدىكى ئاممىبابلىق، ئوبرازچانلىق ئەسەر ۋەقەلىكىنى جەزبىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، كەڭ خەلق ئاممىسىغا يېقىنلاشتۇرغان. تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى جانلاندۇرغان. بۇ جەھەتتىكى ئىجادىيلىق ۋە جانلىقلىق شائىرنىڭ خېلى پىشقان قەلەم ساھىبى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 3. غەرىبىينىڭ لىرىك شېئىرلىرى توغرىسىدا

شائىر غەرىبىينىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، لېنىنگىراد قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان «نىزارىي كۇللىياتى»دا شائىر غەرىبىينىڭ «بەھرام ۋە دىلارام» ۋە «كاسىپلار مۇنازىرىسى» («بەھرام گور» ۋە «كىتابى غەرىب») قاتارلىق ئىككى پارچە يىرىك ئەسىرى بار بولۇپ، ئۇلارغا شائىرنىڭ تەخەللۇسى بىلەن 41 پارچە غەزەل كۆچۈرۈلگەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېنىقلاپ كۆرۈشىچە، بۇ غەزەللەر مەشھۇر ئەزەربەيجان شائىرى مۇھەممەد سۇلايمان ئوغلى فۇزۇلىنىڭ غەزەللىرى بولۇپ، غەرىبىي بۇ غەزەللەرنى فۇزۇلى دىۋانىدىن تاللاپ ئالغان ۋە ئەسلىي ۋەزىن، قاپىيە، رادىفلىرىنى ئەينەن ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىققان. بۇ جەرياندا ئايرىم كۇپلېت، مىسرا ۋە سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق غەزەللەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان ۋە بېيىتىشقا تىرىشقان. ئۇ فۇزۇلى غەزەللىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغاندىن كېيىن، «فۇزۇلى» دېگەن تەخەللۇسنىڭ ئورنىغا ئۆز تەخەللۇسىنى قوللانغان. بۇ ھال غەرىبىينىڭ فۇزۇلىغا بولغان ھۆرمىتى تەرىپىدىن كەلگەنمۇ ياكى شېئىرلىرىدىكى ئىدىيەۋى پىكىرلەرنىڭ زامانىسى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان تەرىپىدىن بولغانمۇ بۇنى ئېنىقلاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ شېئىرلاردا دىنىي مىستىك ئىدىيەگە تۈپتىن قارشى ھالدا ئىنسان گۈزەللىكى زوق-شوق بىلەن مەدھىيەلەنگەن. بۇ خىل ئىدىيە «گۈزەل يار» ۋاستىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. زامانىسىدىكى چىرىك ئىستىبدات تۈزۈمگە، ئاياللار

هۆرلۈكنى بوغقان، ئايالالارنى خارلىغان فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى ئىسيانكارلىق روھ، مەردانىلىك كۈيلەنگەن. كىشىلىك ئەركىنلىكنى دەپسەندە قىلغان چىرىك تۈزۈم پاش قىلىنغان.

## §10. موللا شاكىر

موللا شاكىر (1805—1870) ياكى موللا شاكىر ئىبنى موللا تاھىر ئاقسۇ ئايكۆل بازىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان. ئۆز خەلقىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىدىن، پارس ۋە ئەرەب تىل-ئەدەبىياتىدىن ئوبدان خەۋىرى بار موللا شاكىر كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان «زەپەرنامە» (غالىبىيەت قىسسىسى)نى 61 يېشىدا تاماملىغان. 40 يىل ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان شائىر 4380 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىرىك داستاننى بەش ئاي ئىچىدە تاماملايدۇ. شائىر ئەينى چاغدىكى قارا كۈچلەرنىڭ زىتىغا تېگىپ قويۇپ ئۆلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلغان بولسا كېرەك، ئەسىرىنى دەسلەپ پارسچە يازغان، بۇنىڭغا ئۈچ يىل مېھنەت سىڭدۈرگەنلىكى مەلۇم، 1866-يىلىغا كەلگەندە ئۆچتۈرپاندا ئۇيغۇرچە قايتا ئىشلەپ چىققان. ھازىر ھەر ئىككى خىل تىلدىكى نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە ساقلانماقتا. موللا شاكىرنىڭ داستانىدا كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى نامايان قىلىنغان. بىز داستاننىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى چۈشىنىش ئۈچۈن كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىغا سەۋەب بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا توختىلىمىز.

1864-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى كۇچادا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۇچا شەھىرىنى ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، قوزغىلاڭ دولقۇنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلىدى. بۇنىڭ بىلەن كۇچا، ئۈرۈمچى، كاشغەر، ئىلى، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بەش قوزغىلاڭ مەركىزى شەكىللەندى. تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنىمۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىشغال قىلدى.

چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ زۇلمى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەسى جۇڭگو خەلقىنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئىككى چوڭ تاش ئىدى. شىنجاڭ قېرىنداش مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايون بولغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەرلىك فېئودال بەگلەر بىلەن ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەتتى. كاپىتالىزم تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ پەيدىنپەي چوڭقۇرلاپ كىرىشى بىلەن بىرگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلىدىغان ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم تېخىمۇ ئېغىرلاشقانىدى.

جۇغراپىيەلىك شارائىت ۋە سىياسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن 1864-يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىدا كۇچا قوزغىلىڭى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يەنى 1857-يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ئوخشاشلا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا پارتلىغان كۆلىمى خېلى چوڭ بولغان بىر قېتىملىق قوراللىق قوزغىلاڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ پارتلىشى تامامەن فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. خۇددى رەئىس ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيەسى ۋە سىياسىي زۇلمى دېھقانلارنى

پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى نۇرغۇن قېتىملاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى.»

موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق داستانىدا 1864-يىلىدىكى كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ ھەقىقىي مەنزىرىسى خېلى تەپسىلىي ھالدا بەدىئىي يول بىلەن بايان قىلىنغان. ئەڭ مۇھىمى، شائىر داستاندا قوزغىلاڭغا قاتناشقان خەلقنىڭ ھۆرلۈك-ئەركىنلىك يولىدا كۆرسەتكەن غەيرەت-شىجائىتىنى ناھايىتى چوڭ ئىجتىھات بىلەن تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدۇر. موللا شاكىر شىددەتلىك جەڭلەرنى تەسۋىرلىگەندە خوجىلارنىڭ قەھرىمانلىقىنى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ جان پىدالىقىنى، باتۇرلۇقىنى، قوزغىلاڭچى قوشۇنغا خەلقنىڭ قىزغىن ۋە ئاكتىپ ياردەم بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. كۇچا قوزغىلىڭىغا خوجىلار يېتەكچىلىك قىلغان. كۇچا ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرى كېڭەش ئۆتكۈزۈپ قاراشەھەر تەرەپتىن كېلىش ئېھتىمالى ناھايىتى يېقىن بولغان قارا كۆچلەرنى تارمار قىلىش ئۈچۈن قوزغىلاڭچى قوشۇندىن بىر قىسىم كۈچنى ئاجرىتىپ شەرققە ماڭدۇرىدۇ، بىر قىسمىنى تەشكىللەپ ئاقسۇغا ماڭدۇرىدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قوزغىلاڭچى قوشۇندىن بىر تۈمەن جەڭچىگە سېيىت غازى ئىسھاقخان قوماندان بولۇپ، تۇرپان، قاراشەھەردىن كېلىدىغان قارا كۆچلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن بۈگۈر، كورلا، لوپ قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلغان بولسا، كاتىپ خوجا قوماندانلىقىدىكى ئىككى مىڭ يەتتە يۈز كىشىلىك قوشۇن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى بىر قەدەر پۇختا بولۇپ، خېلى مۇستەھكەم ھەربىي ئىنتىزامغا ئىگە ئىدى. شەرققە ۋە غەربكە يۈرۈش قىلغان قوشۇننى كۇچا خەلقىنىڭ ئۇزىتىشىدىكى تەنتەنىلىك مۇراسىملار كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. مولla شاكىر ئەنە شۇنداق مۇراسىملارنى كۈچلۈك ھاياجاندا تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئادالەت ۋە ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىنى، ئادالەت يولىدا ئەزىز جانلىرىدىن كېچىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

موللا شاكىر داستانىدا، تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن قىلغان پائالىيەتلىرىدە كۆرسەتكەن جان پىدالىقىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ياردەملىرىنىمۇ ئالاھىدە كۈچلۈك زوق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. كۇچادىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىققان قوزغىلاڭچى قوشۇن باينىڭ قىزىل يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە، باي خەلقنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇننى ئۆزلىرىنى نىجاتلىققا چىقارغۇچى سۈپىتىدە قارشى ئالغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

بۇرھانىدىن خوجا يېتەكچىلىكىدىكى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى كۇچا قوشۇنى بايدىكى قارا كۆچلەرنى يوقىتىپ، باي بىلەن قىزىلبۇلاق ئارىسىدىكى مارئاقچى دېگەن جايدا قارارگاھىنى قۇرىدۇ. بۇ جاي ھاۋالىق ياخشى يايلاق بولۇپ، قوشۇننى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. قوشۇن بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ يېتەكچىلىرى كېڭەش ئۆتكۈزۈپ مۇزداۋان ئارقىلىق كېلىدىغان قارا كۆچلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاقسۇ تەرەپكە چارلىغۇچى ئەۋەتىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇرھانىدىن خوجا بەزى ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ قارايۇلغۇنغا كېلىدۇ. قارا كۆچلەرنىڭ ئاقسۇدىكى ئامبىلى كۇچادا قوزغىلاڭ بولغانلىقىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقانىدى. ئۇ دەككە-دۈككىدە قېلىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي بۇتخانىغا بېرىپ زار-زار يىغلاپ ماتەم تۇتىدۇ. مولla شاكىر قارا كۆچلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنى ئاجايىپ ئوخشىتىشلار بىلەن

تەسۋىرلەيدۇ.

1864 ـ يىلى5 ـ ئايدا قوزغىلاڭچى قوشۇن قارايۇلغۇندا بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ. داستاننىڭ قارايۇلغۇندىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى ئەھۋاللارغا بېغىشلانغان بابلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، راشىدىن خوجا بايدىن يارامىلىق ئەسكەرلەرنى تاللاپ ئېلىپ ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ھامىدىن باشچىلىقىدا ئۈچ يۈز ئەسكەرنى مۇزداۋاننى توسۇشقا ئەۋەتىپ، ئۆزى بىر تۈمەندىن ئارتۇق قوشۇنغا باش بولۇپ، خەلقنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا 7 ـ ئايدا جام بىلەن توزئاۋات ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا قارا كۈچلەرنى تارمار كەلتۈرۈپ، شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۇنى ئىگىلەيدۇ. ئارقىدىنلا قارا كۈچلەرنىڭ ئالتە شەھەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىغا ھەربىي قورال ـ ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ھەربىي بازىسى ئۈچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى 8 ـ ئايدا ئالىدۇ. مانا شۇ غەلىبىلىك ئۇرۇشلار، قوزغىلاڭچى خەلق قوشۇنلىرىنىڭ جان پىدالىقى، قەھرىمانلىقى كىشىنى ھاياجانغا سالغۇدەك دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەن. شائىر كۈچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كۈچادىن تارتىپ ئۈچتۇرپانغىچە بولغان جايلاردا چېرىكلەرنى تازىلاشتا ئېلىپ بارغان غەلىبىلىك ئۇرۇشلىرىنى ۋە بۇ ئۇرۇشلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ ئوينىغان ھالقىلىق رولىنى شېئىرىي شەكىل بىلەن شۇنداق جانلىق، تەسىرلىك ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.

داستاننىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدا سۆز ئاچساق، ئۇنىڭدا قويۇق تىراگېدىيەلىك ئالاھىدىلىك بولغاندىن باشقا، چىنلىق مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن، يەنى خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال ۋە ئەھمىيەتلىك كۈرەش تارىخى ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

داستاننىڭ ئىككىنچى بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، شائىرنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى ماھارىتىدە كۆرۈلىدۇ. داستاندا كۆپ خىل، مۇرەككەپ ئوبرازلار يارىتىلغان. شائىرنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى خەلق ئاممىسىنىڭ قەھرىمانلىقىنى چوڭقۇر مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. كۈچا قوزغىلىڭىغا ئەسلىدە خوجىلار سەردار بولۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقىنى، ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى ھەرىكەتلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ. شىددەتلىك جەڭلەردە خوجىلار دۇئا قىلىپ چەتتە قاراپ تۇرىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەندەك ھەرقانداق جەڭگە دېھقانلار، خەلق ئاممىسى قاتنىشىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ شائىر بەزى ۋاقىتلاردا خوجىلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئاندا ـ ساندا مەدھىيەلەپمۇ قويىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى توغرىدىن ـ توغرا ئېچىپ تاشلىمايدۇ. شائىر داستاندىكى لىرىك چېكىنىشلەردە قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بولغان خوجىلارغا مەسلىھەت بېرىپ ئۇلارنى ئادىل ھاكىم بولۇشقا چاقىرىدۇ.

موللا شاكىر «زەپەرنامە»دە قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك يولىدا كۆرسەتكەن كوللېكتىپ جان پىدالىقىنى، قەھرىمانلىقىنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مەدھىيەلىگەندىن باشقا، باقى بەگنىڭ گۇناھكارلارنى قاماقخانىدىن قاچۇرۇشتا ئوينىغان رولىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كونكرېت بولغان گەۋدىلىك بىر قانچە ئىجابىي ئوبرازلارنى ياراتقان ئەمەس. موللا شاكىر ئاق كۆڭۈل بەگ باقىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئۇنىڭ قارايۇلغۇن قاماقخانىسىدىكى گۇناھكارلارنى قاچۇرۇپ تاشلىشىدىكى ئالىيجاناب مەقسىتىنى تەسىرلىك بايان قىلىدۇ. قاماقخانىدىكى گۇناھكارلار باقى بەگنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشىدە كېچىسى تامنى تېشىپ بىرى قالماي قېچىپ كېتىدۇ. مەندە نە چارە بار، بۇ ئىش بېشىمغا بالا بولدى دەپ يالغاندىن يىغلىغان بولۇپ قارا كۈچلەرنى ئالداپ ئاران قۇتۇلىدۇ. شائىر يۇقىرىقى تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەردە باقى بەگكە نىسبەتەن ئاپىرىن ئوقۇش، ھېسداشلىق قىلىش ھېسسىياتى پەيدا قىلىدۇ.

داستاندىكى سەلبىي ئوبرازلار توغرۇلۇق سۆز بولغىنىدا، ئالدى بىلەن ئاقسۇ ئامبىلىنىڭ

قىياپىتى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئامبالنىڭ ئوبرازى خەلق ئەركىنلىكىنى، ھۆرلۈكىنى بوغقان ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوبرازىدۇر. شائىر ئامبالنى ھەر خىل مۇھىتتا يەنى ئۇنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى قارشى ئېلىشقا قانداق تەييارلانغانلىقىنى، ئاقسۇ خەلقىنى قانداق ئەزگەنلىكىنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ پارىخورلۇقى، مەنسەپنى ئاقچا بىلەن سېتىۋالغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر داستاندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. سايىدبەگ ئوبرازى «زەپەرنامە»دە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئوبرازلارنىڭ بىرىدۇر. سايىدبەگنىڭ ئوبرازى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئوبرازىغا ئۇلىشىپ كېلىدۇ. ئۇمۇ ئامبالغا ئوخشاش فېئودال ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قويۇلغان ھاكىمبەگدۇر ۋە يەرلىك فېئودallارنىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر. سايىدبەگ فېئودال ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى قارىسىغا ئورۇنلايدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالىدىغان ئوبراز سۈپىتىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن.

«زەپەرنامە» داستانىنىڭ دىققەتكە سازاۋەر ئوبرازلىرىدىن بىرى قوزىباي ئوبرازىدۇر. ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن يانمايدىغان بۇ شەخس پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن سايىدبەگكە ياردەم قىلىدۇ. ئۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى، قورال-جابدۇقى ۋە كەيپىياتى توغرۇلۇق مەلۇماتلارنى سايىدبەگكە ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. «زەپەرنامە»دىكى سەلبىي قەھرىمانلاردىن ئامبال، سايىدبەگلەر تارىخىي شەخس بولسا، قوزىباي شائىرنىڭ ياراتقان بەدىئىي ئوبرازىدۇر دېيىش مۇمكىن. بۇ ئوبراز ئامبال، سايىدبەگلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى تولۇقلىغان.

داستاندا «خەلق كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى» سۈپىتىدە راشىدىن خوجا تەسۋىرلىنىپ، ئۇ «بۇرھانىدىن غازى خوجام پادىشاھ»، «پادىشاھىم» دەپ پەردازلانغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خەلققە قىلغان بىرەر ياخشىلىقى داستاننىڭ ھېچبىر يېرىدە كونكرېت كۆرسىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق بولۇشى راشىدىن خوجىنىڭ ياقۇپبەگكە نىسبەتەن دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىدە تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن راشىدىن خوجا دەۋرىدە ھېچقانداق تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش بولمىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن. راشىدىن خوجا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خەلققە ۋاقىتىنچە ئەركىنلىك بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىدارە ئىشلىرى ئىلگىرىكىدەك فېئودallار ۋە روھانىيلار قولىدا ساقلىنىپ قالدى. يەرلىك فېئوداللارنىڭ قارشى چىقىشىدىن قورققان راشىدىن خوجا ئۇلارغا چەكسىز ھوقۇق بەردى. نەتىجىدە خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى يەنىلا ئېغىرلاشتى. خەلق ئىچىدە راشىدىن خوجىغا نىسبەتەن نارازىلىق كەيپىياتى كۈچەيدى. شۇنداق بولغاچقا، راشىدىن خوجا ئۆز ھاكىمىيىتىنى پەقەت بىر يېرىم يىل ساقلاپ قالالىدى. 1865-يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ياقۇپبەگ يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى تىكلەش قارانىيىتى بىلەن كاشغەر تەرەپتىن قاتتىق ئۇرۇش باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن راشىدىن خوجا ھاكىمىيىتى تارىخنىڭ تەرەققىيات لوگىكىسى بويىچە ئۇڭايلا ھالاك بولدى.

شائىر موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە»دە سەلبىي پېرسوناژنى باش قەھرىمان قىلىپ ئېلىشى، ئىجابىي قەھرىماننى بەك گەۋدىلەندۈرمەسلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. شائىر ئەمگەكچى خەلققە مۇۋاپىق باھا بېرىدۇ. بۇ ھەقتىكى مەيدانى روشەن ۋە ئېنىق. ئۆز داستانىدا باشتىن-ئاخىر ئەمگەكچى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ خەلق كۈچلىرىنى قىزغىن مەدھىيەلەيدۇ. ئامبال ۋە سايىد ھېكىمبەگ باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمرانلارنى سۆكۈپ، ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى راسا پاش قىلغاندىن باشقا، باقى بەگدىن ئىبارەت بىر گۇندىپاينىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان 20 نەپەر خەلق

قوزغىلاڭچىسىنى يوشۇرۇن قاچۇرۇۋەتكەنلىكى ۋەقەسىنى قىستۇرۇپ بايان قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە شائىرنىڭ تەرەققىيپەرۋەر روھ بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

«زەپەرنامە» داستانىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچى، داستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كوللېكتىپنىڭ ئوبرازىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەن دەسلەپكى يىرىك ئەسەر. ئىككىنچى، داستان ئېزىلگۈچى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى ھەققانىي كۈرىشىنى تارىخىي چىنلىق پرىنسىپى بويىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا ئېيتىلغان قاراش بويىچە، «1864-يىلىدىكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ مەشئىلىنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئېگىز كۆتۈرۈپ چىققانلار يانچىلىق تۇزۇمىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە قەھرىمان كۇچا خەلقى بولدى». مانا مۇشۇ ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ئەھمىيەتلىك مەنزىرىسىنى موللا شاكىرنىڭ بەدىئىي شەكىلدە تەسۋىرلەپ داستان قىلىپ يېزىپ چىققانلىقى ئەدەبىيات تارىخىغا قوشۇلغان بىر تۆھپە دېمەي بولمايدۇ.

شۇڭا داستان ئاپتورى موللا شاكىر رېئالىستىك ۋە خەلقپەرۋەر يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يۇقىرى ئورۇن تۇتىدۇ. موللا شاكىرنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سويۇتغا مازىرىغا جايلاشقان قەبرىسىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىخلاس قىلىدىغان مۇھىم زىيارەتگاھى بولۇپ كەلگەنلىكى شائىرنىڭ خەلق تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاخىرىدا شۇ نەرسىنى قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، «زەپەرنامە»دىكى دىنىي پۇراق ۋە خەلق قوزغىلىڭى مەسىلىسىنى يەنىلا تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە ماركسىزملىق نەزەرىيە ئارقىلىق ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن تەھلىل قىلىش لازىم، پىكىر بايان قىلىشتىن چەتلەشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر دەۋرنىڭ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرى بىر خىل تارىخىي مەھسۇلات بولۇپ، ئۇ ئوخشىمىغان دەۋردە ئىنتايىن ئوخشىمىغان شەكىلگە، جۈملىدىن ئىنتايىن ئوخشىمىغان مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ.» موللا شاكىر كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا سىستېمىلىق مەنتىقىي تەپەككۇرنى بايان قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ بىر ئەدىب بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋاستىسىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىنى ئاشۇ ۋەقەگە بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ ئەمگىكى خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك بىر تارىخىي مەھسۇلات بولۇپ، بىزنىڭ پەقەت ئاشۇ دەۋردىكى جەمئىيەت ۋە ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى ھەم ئىدىيەسىنى چۈشىنىشىمىزدە قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

# §11. موللا نىياز خوتەنىي

## 1. ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ خوجىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلارغا تەئەللۇق نامايەندىلىرى ئارىسىدا ئوخشاش ئىسىم ۋە ئوخشاش تەخەللۇسلۇق شائىرلار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلاردىن يۇرتداشلارلا ئەمەس، زامانداشلارمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىدا سەللا بىخۇدلۇق قىلىنسىلا، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ئارىلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ئاسانلا سادىر بولىدۇ.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلاردىن «نىيازىي» تەخەللۇسلۇقىدىنلا بىرنەچچىسى بولۇپ، ئۇلار: 19 ـ ئەسىردە تۇرپان ۋە كاشغەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان موللا بوساق نىيازىي، 19 ـ ئەسىردە يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ قوناساق كەنتىدە ياشاپ، «مەنسۇرنامە» ناملىق نەسرىي قىسسىنى پارسچىدىن نەزمىي يول بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان موللا مۇھەممەد نىيازىي، 19 ـ ئەسىردە ياركەند، كاشغەرلەردە ياشاپ، «تارىخى رەشىدىي»نى تەرجىمە قىلغان موللا نىياز ياركەندىي، موللا ھەيدەر بىلەن بىرلىكتە «ئەمىر ئابا مۇسلىم» ناملىق قىسسەنى نەزملەشتۇرۇپ شېئىرىي داستانغا ئايلاندۇرغان موللا مۇھەممەد نىياز، يەنە بىرى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىرا ناھىيەسىنىڭ چاقار يېزىسىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان موللا نىياز(بەزى تەتقىقاتچىلار يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان شائىرلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئادەم دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇ بىر پەرەز بولۇپ، پاكىت ئاساسى يېتەرلىك ئەمەس). بىز سۆزلىمەكچى بولغىنى تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلىرى نىسبەتەن ئېنىق بولغان، «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا»(تۆت ئىمام تەزكىرىسى) ۋە «ئەرزنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى، شائىر، تارىخچى موللا نىيازدۇر.

بۇ مۆھتەرەم تارىخچى، ئەدىبنىڭ شۆھرىتى ئەلگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرى ھەققىدە يازما ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن ئەدىبنىڭ يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان ئەسەرلىرىدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزنالار ۋە شائىر مۇھەممەدتوختى ئەھمەدنىڭ چاقار تاغلىرىدىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ئاساسىدا بەزىبىر تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز.

شائىر «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا» ناملىق داستانىدا ئانا يۇرتى توغرۇلۇق:

*ئانا مۇلك خوتەن چاقار تاغى①،*
*تۆت ئىماملارىم نىيازى② مەن داغى.*
*تۇفراغىم ئۇشبۇ ئاستانەدىندۇر،*
*نەسەبىم ئۇشبۇ ئاشيانەدىندۇر.*
*ھەشت پۇشتۇم بۇ يەردە ئۆتكەن ئىكەن.*
*مۇندا مەقسەدلارىغا يەتكەن ئىكەن.*

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيەسىگە قاراشلىق چاقار يېزا چاقار كەنتىدىن(تاغلىق كەنت) ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭمۇ مۇشۇ تۇپراقتا ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

شائىرنىڭ قاچان، قانداق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى ھەققىدىمۇ يۇقىرىقى ئەسىرىدە بېشارەتلەر بار. داستاندا مۇنداق مىسرالار ئۇچرايدۇ:

*تا بۇ دەم كەمىنە شىكەستەئى لال،*
*كۆڭلۈمدە ئېردى بىر ئەجەب خەيال.*
*بىر ئىش مەندىن ئاشكار ئولسا،*
*ئەھلى ئالەمغە يادكار ئولسا.*

---

① بەزى مەنبەلەردە بۇ مىسرا «ئاتا تاغى» دەپ ئېلىنغان.
② بەزى مەنبەلەردە بۇ مىسرا «مۇھىببى» دەپ ئېلىنغان، مەنىسى: دوست، دوستى، يېقىنى دېگەندىن ئىبارەت.

*كۈندە باشىمدا يۈز خەيال ئىدى،*
*لېك بۇ ئىش ماڭا مەھال ئىدى.*
*بۇ تەفەككۇر بىرلە قاتىپ باشىم،*
*يەتتى ئاخىر يىگىرمىگە ياشىم.*
*....*
*ئىدى تارىخ ئۈچ يۈز توقسان،*
*ئۇنى زۇلھەججەدە شەھىد ئولغان.*
*يەنە تارىخ بولمىش ئىدى غەرىب،*
*نەشىردىن تاپتى نەزمغە تەرتىپ.*
*ئاي مەھەل ئىدى، يىلى ھەمدۇنە،*
*ھەم تاما ئولدى روز ئازىينە.*

يۈقىرىقى بايانلاردىن بىز شائىرنىڭ «ئەھلى ئالەمغە يادكار» قالدۇرۇش ئۈچۈن چوڭراق بىر ئەمگەككە تۇتۇش قىلىش خىيالى بىلەن ئاخىر بۇ داستاننى يېزىپ چىققانلىقىنى، بۇ چاغدا شائىرنىڭ 20 ياشتا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. «ئىدى تارىخ ئۈچ يۈز توقسان» دېگەن مىسرادىكى «ئۈچ يۈز توقسان» ھىجرىيە 390 ـ يىلى بولۇپ، ئۇ داستاندا تەسۋىرلەنگەن تۆت ئىمامنىڭ ھالاك بولغان ۋاقتىنى كۆرسەتسە، «يەنە تارىخ بولمىش ئىدى غەرىب» دېگەن مىسرادىكى «غەرىب» سۆزى ئەبجەت ھېسابىدا ھىجرىيە 1211 ـ يىلى (مىلادىيە 1796 ـ يىلى)نى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، شائىر شۇ يىلى 20 ياشتا بولسا، ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى مىلادىيە 1776/1777 ـ يىلى بولىدۇ.

شائىر يەنە ئۆزى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق ئۈچۈرلارنى قالدۇرىدۇ: «قىرىق ياشىغە ئاتام يېتىپ ئەمدى، يوق ئىكەن ئەمما ھىچ پەرزەندى»؛ «بەردى مەكتەبكە تۆرت ياشىمدا، ئاتام ئىردى ھامان قاشىمدا»؛ «ياشىم ئالتە ـ يەتتەگە يەتمىش، بۇۋاپا دۇنيادىن ئاتام كەتمىش»؛ «تولا ئەبيات ئەيلەگەچ زاھىر، ماڭا ئات قويدى چوڭ ـ كىچىك شائىر»؛ «ھالىم ئەيتۇرغە ھىچ كىشىم يوق ئىردى، ئالەم ئەھلى بىلە ئىشىم يوق ئىردى»؛ «نە ئاتا، نە ئانا، زاتۇ فەرزەند، نە قېرىنداش، نە ياۋەرۇ دىلبەند»؛ «پۈتۈلۈپ نەزم بولدى بۇ تاغدا، گاھ ئىمالاردا، گاھ سايىباغدا»، «مېنى قىلغان مۇنچە سۆخەندانى، مىر ئەلىشىرنىڭ نەمەكدانى»...

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، شائىر موللا نىياز ھىجرىيە 1191 ـ يىلى (مىلادىيە 1776—1777 ـ يىللىرى) خوتەن ۋىلايىتى چىرا ناھىيەسىنىڭ چاقار يېزىسىغا قاراشلىق چاقار تاغلىق كەنتىدە سابىرقارىي ئىسىملىك (لەقىمى «ۋاچاك» بولۇپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ تىلىدا سۆزگە ماھىر دېگەن مەنىدە) نامرات ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. موللا نىياز سابىرقارىينىڭ 40 ياشتىن ھالقىغاندا يۈز كۆرگەن تۇنجى ۋە بىردىنبىر پەرزەنتى بولۇپ، سابىرقارىي بۇ ئارزۇلۇق ئوغلىنى ئوقۇتۇپ ئەھلى ئىلىم قىلىش مەقسىتىدە 4 يېشىدىلا مەكتەپكە بەرگەن. لېكىن نۇرغۇن گۈزەل ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن سابىرقارىينىڭ ھاياتى يار بەرمەي 46 ياشلاردا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئەمدىلا 6 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان موللا نىيازنى يېتىملىك كوچىسىغا تاشلىغان. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئانىسىمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ قارا يېتىم بولۇپ قالغان. شۇنداقتىمۇ موللا نىياز ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتىن يۈپۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان ھەر خىل بېسىملارغا بەرداشلىق بېرىپ، تىرىشىپ ئوقۇپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننىڭ ھۆرمىتىگە

ئېرىشىپ، «موللا نىياز شائىر»[①] دېگەن نام بىلەن يىراق-يېقىنغا تونۇلغان. شائىرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە نەۋايىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان.

شائىر 20 يېشىدا تارىخىي داستان يازغان پەۋقۇلئاددە تالانت ئىگىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرى «ئۆز-ئۆزى بىلەن ئۆلپەتلىشىپ» تەنھالىقتا، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. شائىرنىڭ قەبرىسى چاقار يېزا بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر دۆڭلۈككە جايلاشقان بولۇپ، بازار بىلەن تۈز لىنىيەلىك ئارىلىقى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ.

## 2. «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا» داستانى

شائىر ئۆمرىدە تارىخ ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتقا دائىر خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن «ئۇرۇق-تۇغقانسىز، جورا-پەرزەنتسىز، ئۆلپەتسىز» ئۆتكەچكىمىكىن ۋارىسلىق قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي، ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەمگەكلىرىدىن «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا» ناملىق داستانى بىلەن «ئەرزنامە» ناملىق شېئىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

«تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا» شائىرنىڭ ئوخچۇپ تۇرغان بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلىدىغان يىرىك نەمۇنە بولۇپ، ھىجرىيە1211-يىلى (مىلادىيە 1796-يىلى) ئۆز يۇرتىدا (ئىماملىرىم ۋە سايباغدا) يېزىلغان. ئەسەر 11 باب، 2340 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن ھەمدۇسانا، ئاساسىي ۋەقەلىك ۋە شائىرنىڭ ئۆز ئەھۋالى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. داستاننىڭ ھەمدۇسانا قىسمىدا، شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە خۇداغا، چاھاريارلارغا ھەمدۇسانا ئوقۇغان. ۋەقەلىك قىسمىدا، ھىجرىيە 390-يىلى(مىلادىيە999—1000-يىللىرى) خوتەندە ئىسلام دىنىنى جارى قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىمام نەسىردىن، ئىمام مەئىيدىن، ئىمام زوھۇرىددىن، ئىمام قەۋمىددىن قاتارلىق تۆت ئىمامنىڭ نەسەبنامىسى، ئىسلام ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، ئۇلارنىڭ بۇددىستلارغا قارشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقى، يۈسۈف قادىرخاننىڭ ئاخىر خوتەن ئاھالىسىنى بويسۇندۇرغانلىقى ۋە خوتەن خەلقىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى قاتارلىق زور تارىخىي ۋەقەلەر ئۆزگىچە بەدىئىي ماھارەتتە بايان قىلىنغان. ئاخىرقى قىسمىدا ئۆزىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن.

«تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا» رېئال تارىخىي ۋەقەلىكنى سۆزلەيت قىلغان تارىخىي داستان بولۇپ، 11-ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئالاھىدە تارىخىي رېئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان:

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ تەسىرى بىلەن مەخپىي رەۋىشتە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، كېيىن تەختتە ئولتۇرغاندىن باشلاپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىدە ئىسلام دىنىنى جارى قىلدۇرۇشقا كىرىشىدۇ. نەتىجىدە خېلى زور تىرىشچانلىقلار بەدىلىگە كۆپلىگەن ئاھالە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن ئەينى چاغلاردا ئىسلام دىنىغا كىرىشنى جان-جەھلى بىلەن رەت قىلغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبلىك دىنىي ئېتىقادنى مەركەز قىلغان چوڭ-كىچىك سۈركىلىش ۋە ئۇرۇش-يېغىلىقلار

---

① شائىر مۇھەممەدتوختى ئەھمەدنىڭ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، يەرلىك كىشىلەرنىڭ چوڭ-كىچىكى پەخىرلەنگەن ھېسسىياتى بىلەن موللا نىيازنى بىردەك «موللا نىياز شائىر» دەپ ئاتىشىدىكەن، ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «شائىر» دېگەن سۆزنى قوشماي ئاتىمايدىكەن.

دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ھىجرىيە 389-يىلى (مىلادىيە 998 — 999-يىللىرى)غا كەلگەندە، پەرغانە ۋادىلىرى قاتارلىق جايلاردا ئىسلام دىنىغا قارشى زور كۆلەملىك ھەرىكەتلەر كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنى باستۇرۇش ئۈچۈن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ھەسەن بۇغراخان، يۈسۈپ قادىرخان، ئارسلانخان قاتارلىقلار كاشغەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇشقا خوجا بىغەم ئوبۇلقاسىم كاشغەرىي دېگەن كىشىنى سەردار قىلىپ تەيىنلەپ قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى زور ئەسكىرىي كۈچ بىلەن پەرغانە ۋادىسىغا ئاتلىنىدۇ. بۇ چاغدا خوتەن، ياركەند قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەر بۇددا ئېتىقادىدا بولۇپ، ئاكا-ئۇكا چۆكتەرەشىد، نۆقتەرەشىدلەر خوتەن ئاھالىسىنىڭ بۇددىست سەردارلىرى ئىدى. ئۇلار ھەسەن بۇغراخان قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇن لەشكىرىي قوشۇن بىلەن پەرغانە تەرەپكە ئاتلانغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كاشغەرنى بېسىۋېلىپ، ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنى ئىسلام دىنىدىن بۇددا دىنىغا قايتۇرىدۇ. بۇ خەۋەر پەرغانە ۋادىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كاشغەرگە قاراپ ئاتلىنىدۇ ۋە سەپەر ئۈستىدە مەدايىن دېگەن جايدىن ئۆتۈۋېتىپ، ئۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىمام نەسىردىن، ئىمام مەئىيدىن، ئىمام زوھۇرىددىن، ئىمام قەۋمىددىن قاتارلىق تۆت نەپەر ئەرەب سەردارنى تەكلىپ بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ، خوتەن قوشۇنلىرى قولىدىن كاشغەرنى قايتۇرۇۋالىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىسلام قوشۇنلىرى تۆت ئىمامنىڭ باشچىلىقىدا خوتەنگە قاراپ توختاۋسىز يۈرۈش قىلىدۇ. يول بويى كەسكىن ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئىسلام قوشۇنلىرى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ خوتەن دىيارىغا يېتىپ كەلگەندە، چۆكتەرەشىد، نۆقتەرەشىد قاتارلىق بۇددىست سەردارلار قالدۇق قوشۇن ۋە بىر قىسىم ئاھالىلەرنى باشلاپ مۇداپىئەلىنىشكە قولاي بولغان تاغلىق رايونلارغا چېكىنىدۇ، شۇ ھالدىمۇ ئۇرۇش توختىماي داۋاملىشىدۇ. مىلادىيە 1000-يىل(ھىجرىيە 390-يىل) 11-ئاينىڭ 11-كۈنى ئىسلام قوشۇنلىرى ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلانغان چۆكتەرەشىد، نۆقتەرەشىد قوشۇنلىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئىسلام قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قىرىۋېتىپ، خوتەننى قايتۇرۇۋالىدۇ. ئىمام نەسىردىن قاتارلىق تۆت ئىماممۇ شۇ قېتىملىق تالاپەتتە ھالاك بولىدۇ[①]. مىلادىيە 1006-يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئۆزى بىۋاستە زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. شىددەتلىك جەڭلەردىن كېيىن بۇددىست سەركەردىلىرى چۆكتەرەشىد، نۆقتەرەشىدلەر نەچچە يۈز قالدۇق لەشكەرنى باشلاپ چىرانىڭ تاغلىق رايونلىرىغا چېكىنىدۇ ۋە توختاۋسىز قوغلاپ زەربە بېرىشلەر نەتىجىسىدە ئاخىر پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا خوتەن رايونىدا ئىسلام دىنى ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈز تۇتىدۇ.

شائىر موللا نىياز مەزكۇر داستانىدا ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيە تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم بىر دەۋردە يۈز بەرگەن ئەنە شۇ تارىخىي ۋەقەلەر جەريانىنى بەدىئىي يول بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەر ئەدەبىي قىممىتىدىن باشقا، شىنجاڭ رايونىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەكشۈرۈشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شائىر—دەۋرنىڭ ئادىمى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ داستانىدا ئىسلام ئېتىقادى مەيدانىدا تۇرۇپ،

---

① بۇ تۆت ئىمامنىڭ قەبرىگاھى چىرا ناھىيەسىگە قاراشلىق تاغلىق يېزا بوستاندا بولۇپ، بۇ جاي يېقىنقى يىللاردا يېزا بولۇپ قۇرۇلغىچە «ئىماملا» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. يېزا بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن نامى «بوستان يېزىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. بۇ جاينىڭ «ئىماملا» دەپ ئاتىلىشى شۇ ئۇرۇشتا زەبىھ قىلىنغان تۆت ئىمامنىڭ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقىدىن باشلانغان.

خاھىش جەھەتتە تۆت ئىمام باشچىلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئامانلىقى ۋە ئېتىقادىنىڭ دەخلىسىزلىكى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان خوتەن(ئۇدۇن) بۇددىستلىرىنى چۆكۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. لېكىن ۋەقەلىكنىڭ مېغىزىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلىگىنى ئۈچۈن ئاپتور غايىسىنىڭ تەتۈرىسىچە يەكۈن چىقىدۇ. بىز ئەسەرنى ئوقۇپ تۈگەتكىنىمىزدە، كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدىغىنى تۆت ئىمام بولماستىن، بەلكى 12مىڭ كىشىلىك قالدۇق قوشۇن بىلەن 140 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇننى يېڭىپ، دۇنيا ئۇرۇش تارىخىدا مۆجىزە ياراتقان چۆكتەرەشىد، نۇقتەرەشىدلەر باشچىلىقىدىكى بۇددىستلار بولۇپ چىقىدۇ. مۇئەللىپنىڭ نىيىتى (غايىسى) بىلەن ئۇنىڭ ئەسىرىدە تەسۋىرلەنگەن، ئىلگىرى سۈرۈلگەن ھايات مەزمۇنلىرى، يەكۇنلىرى ئارىسىدا پەرقلەر كېلىپ چىقىدىغان بۇنداق ئەھۋاللار دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ.

داستان بەدىئىيلىك جەھەتتە ھازىرلىغان بىرقاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىزنى قايىل قىلىدۇ: بىرىنچىدىن، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى مەزمۇننى چىقىش قىلغان ھالدا ھەرىكەتچان ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بەدىئىي مەقسەت ئابستراكت چۈشەنچىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا جانلىق ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق سەنئەتلىك ئىپادىلەنگەن. ئىككىنچىدىن، ئاپتور ۋەقەلىكنى قانات يايدۇرۇشتىن تارتىپ تاكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشقىچە بولغان قول تۇتىدىغان مۇھىم ئىجادىيەت باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسىدە باشتىن ـ ئاخىر چىنلىق پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان. شۇ سەۋەبلىك گەرچە ئاپتور دىنىي ھېسسىيات نۇقتىسىدىن تۆت ئىمامغا ھېسداشلىق قىلسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ ئاخىرقى چىقىش نۇقتىسى ئاپتورنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشقان. قىسقىسى، ئاپتور دىنىي چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن خاھىشنى ئالدىن بەلگىلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا چىنلىق پىرىنسىپىدىن چەتنىمىگەن، ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيەسىنى ئەسەر ۋەقەلىكىدىن پەيدا بولغان ئوبيېكتىپ ئىدىيە بېسىپ چۈشكەن. ئۈچىنچىدىن، ئاپتور ئەسەر بەدىئىي تىلىنى خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، داستاننىڭ ئەل ئارىسىغا سىڭىشىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن. داستاننىڭ ئەل ئارىسىدا زور شۆھرەت قازىنىپ، تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ دەۋرىمىزگىچە تولۇقى بىلەن يېتىپ كېلەلىشىنى ئۇنىڭ مۇشۇ خىل ئۆزگىچىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

### 3. «ئەرزنامە» ناملىق ئەسىرى

«ئەرزنامە» 48 مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، شائىر موللا نىياز ئىجادىيەتلىرى ئىچىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قىممەتلىك يادىكارلىق، شۇنداقلا شائىرنىڭ ئىلغار پىكىرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىدىن بېشارەتلەرنى بەرگۈچى ئۆزگىچە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

شائىر بۇ ئەسىرىدە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئېرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى سەۋەبىدىن ئۆيىدىن قوغلاندى قىلىنغان بىر بىچارە ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق ھايات سەرگۈزەشتىسىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق، فېئوداللىق نىكاھ ـ ئائىلە تۈزۈمىنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ ھەمدە بۇنداق قەبىھ نىكاھ تۈزۈمىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولغان فېئوداللىق قارا تۈزۈمگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئوچۇق ئىپادىلەپ، قىز ـ ئاياللار ھوقۇقى ـ ئازادلىقىدىن ئىبارەت تەخىرسىز ۋە دەۋر بۆلگۈچ

ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان جىددىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك بەدىئىي غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، بىر قىسىم كىلاسسىكلاردەك ئەرەب ۋە ھىندى ھېكايەتلىرىدىن سۇژېت ئىزدەپ، كەينى ئەگىتىپ ئولتۇرماي، ئۆز زامانىسىدا، ئۆز ئەتراپىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئاھ ئۇرۇۋاتقان بىر بىچارە مەزلۇمنىڭ زاغرا تىلىدىن تۆپتۈزلا بايان قىلىدۇ:

*قېرى دەپ مېنى قويدى، ئالدى جۇۋان،*
*گادايلىق قىلۇرمەن تىلەپ ئاشۇ نان.*
*دادام يوق، ئانام يوق مەن يېتىم خوتۇن،*
*يېمەككە ئاشىم يوق، قالارغا ئوتۇن.*
*بارارغا يېرىم يوق قاتىپتۇر بېشىم،*
*كى دەريا سۇيىدەك ئاقىپتۇر يېشىم.*
*. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .*
*بۇ ئادەمگە تەگكەندە مەن ياش ئىدىم،*
*ئاجايىپ چىرايلىق قەلەم قاش ئىدىم.*
*. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .*
*يىگىرمە ئىككى يىل بولۇپ بىر ئۆيدە بىز،*
*تېپىپ بەش بالا — ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز.*
*زاماندىن يېتىپدۇر قېرىلىق ماڭا،*
*بۇ ھالەت مەن ئەزىمەيمەن ئاڭا.*
*دېدى: «ئەي قېرى بۇ ساقىلىمغا باق،*
*ساقالىم قارادۇر، بېشىڭ بولدى ئاق.*
*چىشىڭ ھەم چۈشۈبدۇر بولۇپسەن قېرى،*
*خۇشۇم يوق، چىقىپ كەت كۆزۈمدىن نېرى!»*

ئۆزى يولۇققان بەختسىزلىك ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەن بىچارە ئايال ئەمىر ئىشىكىدە ئۆزىنىڭ قارا قىسمەتلىرىدىن زارلىنىدۇ. 22يىلىنىڭ ئالدىدىكى ئەھۋالى بىلەن موھتاجلىق ۋە خارلىققا چۈشۈپ قالغان بۈگۈنكى بىچارە ھالىتىنى سېلىشتۇرۇپ، ئاجىز-مەزلۇملارنى ئاياغ ئاستى قىلغان، ئادەم قاتارىدا كۆرمىگەن قارا دەۋرنى ئەيىبلەيدۇ. بۇ دەۋرنىڭ يول قويۇشى ۋە قوغدىشى بىلەن پۇل-مېلىغا تايىنىپ ھەددىدىن ئېشىپ، 22 يىل بىرگە تۇرمۇش كەچۈرگەن، ياشلىقىدا قولدەك ئىشلەتكەن ئايالىنى نومۇسسىزلارچە ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن تاش يۈرەك ئېرى(فېئودال پومېشچىكلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى) ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىدۇ. ھەمدە ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشتەك ھەققانىي ئارزۇسىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

*قىلىپ زۇلۇم مۇنداق چىقاردى ئۇرۇپ،*
*ئالىپ بەر ئۆچۈمنى تەپتىشلەپ سوروپ.*
*سالىپ ئىشقا قىلغان مېنى مازكەبى،*
*چىقاردى يەنە سويۇپ پىيازكەبى.*
*ئەقىدە قىلىپ ئىشلىدىم روز شەب[①].*

---

[①] روز شەب — كېچە-كۈندۈز

*كېچە يىغلىدىم رىزقى ھەقدىن تىلەپ.*
*كى قىش ياز ئىشلەپ قاپاردى قولۇم،*
*بىكارغا كېتەرمۇ بۇ تاپقان پۇلۇم؟*

«قەلەم قاشلىق» چېغىدا ئەتىۋارلىنىپ، ھۆسن ۋە كۆچىدىن قالغاندا «سويغان پىياز» دەك قىلىۋېتىلىپ، ئىتتەك قوغلىنىش فېئودالىزم جەمئىيىتىدە ياشىغۇچى جاپاكەش ئەمگەكچى ئاياللار دۇچ كېلىدىغان پاجىئەلىك قىسمەتلەرنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى بولۇپ، بىز ئەسەرنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى بولغان قېرى ئاجىزەنى ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ۋە ئەخلاق قارىشىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى جاپاكەش ئاياللارنىڭ تىپىك ئوبرازى دەپ قارايمىز. بۇنداق كۆلپەتلەر تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زاماننىڭ ۋە شۇ زاماننىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ھۆكۈمرانلارنىڭ، فېئوداللىق ئەرلىك ھوقۇقىنىڭ، تەڭسىزلىكنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن شائىر ئايالنىڭ تىلىدىن ھۆكۈمدارلارغا دادىل خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراشقا، ئاياللارنىڭمۇ ئىنسانلىق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ:

*ئۇلۇغ ھاكىم ۋە پادىشاھىمغا[①] داد،*
*ئادالەت قىلىپ ئەيلە كۆڭلۈمنى شاد،*
*ئېتىپ ئەدلىلەر ئەرزۇ ھالىمنى سور،*
*قىلىپ كەتمەسۇن زۇلۇم ئاجىزغا زور.*

شائىرنىڭ 19 ـ ئەسىر فېئودالىزم شارائىتى، جۈملىدىن دىنىي ھوقۇق ۋە ئەرلىك ھوقۇق چېكىگە يەتكەن، قىز ـ ئاياللارنىڭ ھېچقانداق ئىمتىيازى بولمىغان ئالاھىدە تارىخىي دەۋردە مەسىلىنى بۇنداق ئۆچۈق ۋە دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشى زور يېڭىلىق بولۇپ، بىز بۇ نۇقتىدا شائىر موللا نىيازنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قورال قىلىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان ياۋۇز فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان ئىلغار پىكىرلىك خەلقچىل شائىر دېيىشكە ھەقلىقمىز[②].

# §12. بىلال نازىمي

**1. بىلال نازىمىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيتى ھەققىدە**

ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى19 ـ ئەسىردىن باشلاپ خەلق ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ئاستىدا ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدئىيلىك جەھەتتىن يېڭى

[①] پادىشاھىمغا— بۇ يەردە دەۋا سورىغۇچى (سوتچى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
[②] بۇ مەزمۇنلار مۇھەممەدتوختى ئەھمەدنىڭ «شائىر، تارىخچى موللا نىياز ۋە ئۇنىڭ ئىككى پارچە ئەسىرى» («تارىم ساھىلىدا» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى)؛ شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى)؛ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىننىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 11 ـ ئاي 2 ـ نەشرى)؛ مەتقاسىم ئەكرەم، مۇھەممەتئىمىن تۇردى نەشرگە تەييارلىغان «تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى»(خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى نەشر قىلدۇرغان. 1988 ـ يىلى 6 ـ ئاي) قاتارلىق ماتېرىياللار ئاساسىدا تەييارلاندى.

تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. بۇ دەۋردە ئۆزىنىڭ مول ۋە قىممەتلىك ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئەدەبىيات خەزىنىمىزگە چوڭ تۆھپە قوشقان، 19-ئەسىر تەنقىدىي رېئالىزملىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى بىلال نازىمىيدۇر.

تالانتلىق شائىر، مۇتەپەككۇر بىلال نازىمىي ھىجرىيە 1241-يىلى (مىلادىيە 1825-يىلى) غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق ھۈنەرۋەن (مۇزدۇز) موللا يۇسۇف ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھىجرىيە 1318-يىلى (مىلادىيە 1900-يىلى) 75 يېشىدا قازاقىستاننىڭ يەركەنت رايونىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ شۇ جايدا ساقلانماقتا[①].

پەرزەنتنىڭ ئىستىقبالى ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيەسىگە باغلىق، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇرلارنىڭ مول ئائىلە مەدەنىيىتى بىلال نازىمىيغا ئوخشاش خەلق ئۈچۈن كۆيۈپ يانغان ئوت يۈرەكلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن.

بىلال نازىمىي باشلانغۇچ بىلىمىنى ئائىلە ۋە مەكتەپتىن ئېلىپ، كېيىن غۇلجىدىكى مەشھۇر «بەيتۇللا» مەدرىسەسىدە ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك زىيالىيلىرىدىن بولۇپ يېتىلگەن. ئۇنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە قول يەتكۈزۈشىنى ئاكىسى جالالىدىننىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بىلال ئەمدىلا 11—12 ياشلارغا كىرگەن مەزگىلدە ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن ئاتا-ئانىسىدىن بىراقلا ئايرىلىپ يېتىم قالغان. گەرچە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ھال-ئوقىتى ياخشى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆيۈنۈشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئاكىسى جالالىدىن ئۆزى ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىپ ئىنىسىنى ئىشلەپ ئوقۇتقان. كېيىن بىلال ئاكىسىنىڭ ياردىمىدە «بەيتۇللا» مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا كىرگەن. بىلال بۇ يەردە 11 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن، ئىسلام كالامىزملىرىنى، تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى پىششىق ئۆگىنىدۇ ھەم ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. بىلال كىچىكىدىن تارتىپلا شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، «نازىمىي» تەخەللۇسىدا كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە خەلق قوشاقلىرىغا بەكمۇ يېقىن بولغان دەسلەپكى شېئىرلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۆز ئۆمرىنى نامراتچىلىقتا، «فەقىرلىق-ھەقىرلىق»تا، «خارۇ زەبۇن»لۇقتا ئۆتكۈزگەن شائىر باشتىن-ئاخىر خەلق ئاممىسى بىلەن قەلبداش، تەقدىرداش بولۇپ ياشىغان.

ئەينى زاماندا «بەيتۇللا» كۇتۇپخانىسى ماتېرىيال مەنبەسى جەھەتتىن سەمەرقەند، بۇخارالاردىن قېلىشمايدىغان چوڭ كۇتۇپخانا بولۇپ، بۇ يەردە ئەرەب، پارس ۋە باشقا تىللارنى پىششىق ئىگىلىگەن شائىر شەرق ۋە غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە چوڭقۇر چۆككەن. بىز بۇنى ئۇنىڭ دەسلەپتە يازغان غەزەللىرىدىن بايقايمىز. «غەزەلىيات»تىكى ئالدىنقى بىر قانچە غەزەللەردىلا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، ئابدۇراخمان جامى، ئەلىشىر نەۋايى ۋە باشقىلارنىڭ ئۆلمەس ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ تەسىرى بىلال ئىجادىيىتىدە نامايان بولغان. «تەزكىرەئى بۇغراخان»، «تارىخى رەشىدىي»، «تەزكىرەئى ئەزىزان»غا ئوخشاش مەشھۇر ئەسەرلەرنى ھۆرمەتلىگەن ئەدىب، ئۇلارنىڭ قول يازما نۇسخىلىرىنى كۆچۈرۈپ خەلق ئىچىگە تارقاتقان.

«غەزەلىيات»نىڭ ئاممىباب، يەڭگىل تىلى، «كىتابۇلغەزات دەرمۇلكى چىن»نىڭ بايان شەكلى، «چاڭمۇزا يۇسۇفخان»نىڭ ھەجۋىي خۇسۇسىيىتىدىن شائىرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا، ئەلنەغمىلىرىگە نەقەدەر چوڭقۇر چۆككەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى مول ئەمەلىي ۋە نەزەرىيەۋى بىلىم ئىگىسى بولغان بىلال نازىمىي بۇ قەدىمىي

---

① 1993-يىلى بىلال نازىمىينىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئۇنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلدى. ھەيكەل ئورنىتىلغان باغچىنىڭ يېنىدىكى مەكتەپكە ۋە ئالدىدىكى كوچىغا ئۇنىڭ شەرەپلىك ئىسمى قويۇلدى. ھازىر بۇ يەر ئىلىم-مەرىپەت ئەھلىنىڭ مەشھۇر زىيارەتگاھى بولۇپ كەلمەكتە.

زېمىندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەينەن ۋە جانلىق ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن شائىر ئەمگەكچىلەرنىڭ ئارزۇ-ئارمىنىنى، ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رېئالىزملىق بەدىئىي ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى[1].

بىلال نازىمىي تالانتلىق شائىر بولۇپ قالماي، ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشقان تېۋىپ ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى دورا-دەرمەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ شىپالىق قىممىتى كۆرسىتىلگەن. بۇ جەھەتتە چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ ماھىر خەتتاتلىرىدىن بولۇپ قالماي، ئۇستا سازەندىسى بولۇپ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان ناخشا-قوشاقلىرى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان[2].

كېيىن شائىر يەتتىسۇغا كۆچۈپ كەتكەن[3]. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شائىر ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قەلىمىنى تاشلاپ قويمىغان[4].

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر بىلال نازىمىينىڭ ئىجادىي ئەمگىكى مول ھەم كەڭ كۆلەملىك بولۇپلا قالماي، تېما جەھەتتىنمۇ زور ۋە يېڭى، مەزمۇن جەھەتتىنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بەدىئىيلىك جەھەتتە ئەينى ۋاقىتتىلا ئەمەس، بۈگۈنكى دەۋرنىڭمۇ ساداسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەنلىكى، مول ھەم چوڭقۇر ئىدىيەۋىلىكى،

---

[1] 1876-يىلى ئۆكتەبىردە رۇس شەرقشۇناسى ن. ن. پانتۇسوف ئىلى رايونىنىڭ غۇلجا ئىشلىرى بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇپ، ھەم ھۆكۈمەت خىزمىتى، ھەم فولكلورىستىك تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن كېلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر فولكلورىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، بىلال نازىمىينىڭ «كىتابۇلغەزات دەرمۈلكى چىن» داستانىنىڭ قول يازما نۇسخىسىنى غۇلجا بازىرىدىن سېتىۋالىدۇ ۋە شائىر بىلال نازىمىي بىلەن تونۇشىدۇ. نەتىجىدە پانتۇسوف بىلەن بىلال نازىمىي يېقىندىن ئىلمىي ئالاقىدە بولىدۇ. شائىر ئۇنىڭغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فولكلور ماتېرىياللىرىنى يىغىش جەھەتتە كۆپ ياردەم بېرىدۇ. 1885-يىلى غۇلجىدا كۆچۈرۈلگەن «غەزەلىيات»نىڭ قول يازمىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر نامەلۇم ئاپتور بىلالنىڭ تەرجىمىھالى ۋە پانتۇسوف بىلەن بولغان ئىلمىي ئالاقىسى توغرۇلۇق مەلۇماتلارنى بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «پانتۇسوف موللا بىلال قارىنى يېنىغا ئېلىپ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، ناخشا-مۇقاملارنىڭ ھەممىسىنى يازدۇرۇپ ئېلىپ باستۇرغانىكەن».

[2] بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە شائىر نىمشېھىتنىڭ «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1962-يىلى 6-سانىدىكى ماقالىسىگە مۇراجىئەت قىلىمىز: «مەن ئاقسۇدا 1939-يىللىرى تالىپ ھاجىم دېگەن ياشانغان بىر ئادەم بىلەن سۆھبەتلەشكىنىمدە، بىلال نازىمىينىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىكى ۋە شۇ ئادەمنىڭ بالىخانا ئۆيىدە بىر ئايغا يېقىن ياتقانلىقى، ئۇنىڭ تالانتلىق بىر شائىر بولۇش بىلەنلا قالماي، تەمبۇر چېلىشقا ئاجايىپ ماھىر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتكەنىدى».

[3] بىلال نازىمىي 1882-يىلىغا كەلگەندە قان-ياش ئىچىدە ۋەتەنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدى. ئۇ شەرقشۇناس پانتۇسوفنىڭ قايتا-قايتا دەۋەت قىلىشى بىلەن رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچۈپ چىققان. شائىرنىڭ شېئىرىغا سىڭگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ، شائىرنىڭ ناھايىتى كەسكىن توقۇنۇشلاردىن كېيىنكى تاللىۋېلىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

پىروفېسسور شەرىپىدىن ئۆمەر «19-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 3-قىسمىدا، تەتقىقاتچى ساۋۇت موللائۇدوفنىڭ «ۋەتەن ئىشقىدا» كىتابىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ: «مۇھەممەتجان بىلالى 1930-يىلى غۇلجا بازىرىدا كىتابپۇرۇشنىڭ قولىدىن بىلال نازىمىينىڭ بىر كىتابىنى سېتىۋالىدۇ. بىراق ئەسەرنىڭ نامى ئېسىدە قالمىغان. چۈنكى ئۇزۇن ئۆتمەي تونۇش-بىلىشلىرى بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ تۇرايلى دەپ ئېلىپ كېتىپ، ئۇنتۇلدۇرۇپ قايتۇرۇپ بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەسەر ئىز-دېرەكسىز يوقالغان. مۇھەممەتجان بىلالىنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر كىتاب تەلىم-تەربىيە مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا شىجائەتلىك، مەردلىككە ئوخشاش ئۇقۇملارغا ئىزاھ ۋە چۈشەنچە بېرىلگەن».

[4] بۇ جەھەتتە «بىلالشۇناس» ساۋۇت موللائۇدوفنىڭ بىلال نازىمىيغا بېغىشلىغان قىممەتلىك ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن بىرى بولغان «ۋەتەن ئىشقىدا» كىتابىدىن بىر نەچچە نەقىل كەلتۈرۈش كۇپايە: «شائىر 1882-يىلى رۇسىيە تەۋەسىدىكى يەركەنتكە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ‹ھىجرەتى مۆمىنان› دېگەن ئەسەرنى يازغان. بۇ جەھەتتە شائىر ھېبىب زاكىر 1928-يىلى ‹كەمبەغەللەر ئاۋازى گېزىتى›گە تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى بەرگەن: مۇشۇ يېقىن ئارىدا ئالمۇتا دۇكانلىرىنىڭ بىرىدە قەغەز ئورنىدا سېتىلغان بىر قول يازما كىتاب تېپىلدى. بۇ كىتابنىڭ ئەسلىي يازغۇچىسى ‹غۇلجا جېڭى› كىتابىنى يازغان موللا بىلال بوۋاي بولۇپ، كىتاب پەقەت شۇ كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن چىرايلىق يېزىلغان. كىتابنىڭ نامى ‹ھىجرەتى مۆمىنان› بولۇپ، تارانچىلارنىڭ (ئىلى ئۇيغۇرلىرى دېمەكچى) رۇسلارغا قارىغاندىن تارتىپ تا رۇس يېرىگە چىقىپ كەتكەنلىكى، يەركەنت، چېلەك، تالغىر ۋە باشقا يېزىلارنىڭ بىنا بولۇشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بار. بىراق ئۇ كىتابنىڭ ئوتتۇرا، ئاياغلىرىدىن خېلى ۋاراقلىرى يىرتىلىپ مال ئوراپ زايە بولغان. شۇنداقتىمۇ 50 ۋاراقتەك قالغان». يەنە مۇتائالى خەلپەمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىلال نازىمىي بىلەن ئىلى موللا ئىسمىلىك بىر شائىر ئارىسىدا شېئىرىي خەت يېزىلغان، كېيىن بۇ خەت غۇلجىدىن تېپىلدى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نازۇك، يېقىملىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلانغانلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

بىلال نازىمىي هازىر مەلۇم بولغان تۆت پارچە ئەسىرىدە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىشتىن باشقا، هەر بىر ئەسىرىدە ئۆزگىچە رەڭ هەم خاسلىق ياراتقانلىقى بىلەنمۇ ئۇستۇن نەزەرگە ئېلىنىدۇ. «غەزەلىيات» ئىلاهىيەتچىلىككە قارشى هالدا هەقىقىي گۈزەللىكنى غايىبتىن ئەمەس، بەلكى ۋەتەن تۇپرىقىدىكى رەنالار چېھرىدىن ئىزدەپ، خەلق قوشاقلىرىنىڭ نازۇك تىللىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، رېئال ئەدەبىياتنى خەلققە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. شائىر لىرىكىلىرىنى زور ماهارەت بىلەن ئالاهىدە يۇقىرى بالداققا كۆتۈرىدۇ. شائىرنىڭ مۇهەببەت لىرىكىسى ئەڭ ئاۋۋال شۇنىڭ بىلەن پەرق قىلىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىلا ئەمەس سۆيگۈنى ئۇلۇغلايدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل شېئىرلىرىنى يىگىتلەر ئۆز مەھبۇبەسىگە، ئاشىقلار ئۆز مەشۇقىغا ئېيتىپ، قايناق قەلبلەردە قانائەت هاسىل قىلىدۇ.

*بارارغا يوللىرىڭ بولسۇن،*
*قىزىل گۈل ھەمرىيىڭ بولسۇن.*
*سېنىڭدەك نازىن يارغا،*
*مېنىڭدەك قۇللىرىڭ بولسۇن.*

*سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ،*
*شۇ گۈلنىڭ شېخى سۇنسۇن.*
*يار ئايرىلمەن دەيدۇ،*
*ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.*

«كىتابۇلغەزات دەرمۇلكى چىن» 1864 ـ يىلىدىكى ئىلى قوزغىلىڭىدىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈشنى تولىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن ئېچىپ بەرگەنلىكىدەك مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن تارىخىي جەھەتتىنمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا مۇئەللىپ بۇ ئەسەرنى رېئالىستىك داستان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئەينى زاماندىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

«نوزۇگۇم» داستانىدا شائىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر قىزى نوزۇگۇم ئوبرازى ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئالاهىدە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ ۋەتەننىڭ نومۇسىنى ئۆز مىللىي غۇرۇرى، ئىززەت ـ ئىپپىتى بىلەن قوغداش ئارقىلىق ئاسرايدىغانلىقىدەك كۆتۈرەڭگۈ روھىنى كۈيلىگەن، شۇنداقلا بۇ ئەسەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر قىزى نوزۇگۇمنىڭ بىلال نازىمىي ئارقىلىق يازما ئەدەبىياتتا تۇنجى قېتىم قەلەمگە ئېلىنىشى بىلەنلا ئەمەس، رېئالىزملىق روھى بىلەنمۇ ئالاهىدە خاراكتېرلىنىدۇ. شائىر نوزۇگۇمغا «بۇنداق خاتۇنلاردىن جەننەتمۇ كامال تاپىدۇ» دەپ يۈكسەك باها بېرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىلال نازىمىينىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت زېمىنى ئىنتايىن مۇنبەت، مول، كەڭ كۆلەملىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جاپاكەش خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا، ئازادلىق ھەم ئەركىنلىك يولىدىكى شىددەتلىك كۈرەشلىرىگە ئاساسلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى بىلەن قېنىق سۇغىرىلغان.

**2. «غەزەلىيات» ھەققىدە**

شائىر بىلال نازىمىينىڭ «غەزەلىيات» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ھىجرىيە 1268 ـ يىلى

(مىلادىيە 1852 ـ يىلى) 27 يېشىغىچە غۇلجا بەيتۇللا مەدرىسەسىنىڭ مۇناردا ئۆلتۈرۈپ «نازىم» تەخەللۇسى بىلەن يازغان غەزەللىرىنىڭ توپلىمى بولۇپ، ئىشق ـ مۇھەببەت خاتىرىسىدۇر.

«غەزەلىيات»تا ئاساسەن شائىر يەنى لىرىك قەھرىماننىڭ «يار» ۋىسالىغا يېتىش يولىدىكى ئارزۇلىرى، قايغۇ ـ ھەسرىتى، ئىچكى كەيپىياتى، يار ۋىسالىغا يەتكەندىن كېيىنكى خۇشاللىقلىرى ئىپادە قىلىنغان. شائىر ئۆز يارىغا شۇ قەدەر چىڭ مۇھەببەت باغلىغانكى، ئۇنىڭسىز ئۆتكەن ھەر قانداق ئالىي تۇرمۇشنى لەززەتسىز بىلىدۇ، ھەتتا فەرىدۇن دۆلىتىنىڭ شاھلىقىغا تەڭ قىلمايدۇ. ئۇنىڭسىز قىلغان تائەت ـ ئىبادەتنى ئۆزى ئۈچۈن زۇلۇم ھېسابلايدۇ.

*يارسىز كۆرگەن ئۆمۈرنىڭ قانچە بولسۇن لەززىتى،*
*چۈن ئانىڭسىز بۇ مۇسۇلمانلىق زەلالەتدۇر ماڭا.*

شۇڭا شائىر ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك يارغا ئېرىشكەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ۋەسپى ـ تەرىپىنى قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە تەبىئىي زوق پەيدا قىلىدۇ.

*شۇ يارىمنى كۆرگەن خەلق بارچە بولىدۇ ئاشىق،*
*يارىمنى كۆرۈپ خەلقلەر كۆيۈپ ئۆلگىدەك بوپتۇ.*
*يارىم يۈرىدۇ دائىم بىر ساچقا جالا سالىپ،*
*يارىمنىڭ قارا ساچى ئىككى بۆلگۈدەك بوپتۇ،*
*ئاۋۋالىدا ئويۇن قىلسام يىغلار ئىدى ئول دىلبەر،*
*بۇ دەمدە ئويۇن قىلسام قاراپ كۈلگۈدەك بوپتۇ.*

بىراق شائىر ئۆز مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش پەيتلىرى يېقىنلاشقاندا، پەلەك ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ، ھىجران ئوتىغا تاشلايدۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى پۇلى، مېلى كۆپ، ئابرۇيلۇق بىر بايغا نىكاھلاپ بېرىشنى لايىق كۆرگەنلىكتىن، قىزنى ئۆيدىن تالاغا چىقارمايدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغان ئاشىق شائىر يار ۋىسالىنى ئىزدەپ قىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆز مەشۇقىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىدۇ.

*يار ئىشىكىدىن ئۆتتۈم ئالما شېخىنى تۇتۇپ،*
*سەن ئۆيۈڭدىن چىقمايسەن مەن كوچاڭدا قان يۇتۇپ.*

ئۇ قىزنىڭ تالاغا چىقالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇققاندىن كېيىن، قىزنى ئېلىپ قېچىشنى خىيال قىلىدۇ ھەمدە شۇ يول بىلەن يار ۋىسالىغا ئېرىشىپ، ئۆز بەخت ـ سائادىتىنى تېپىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

*دەردىڭنى ماڭا ئېيتساڭ، سېنىڭ ھالىڭغا مەن يەتسەم،*
*ئۆزۈمنىڭ ئىلكىدە بولساڭ، چۆللەرگە ئېلىپ كەتسەم.*
*يارىم يۇرتىغا كەتسە ئاتاسىنى كۆرگىلى،*
*بوز ئېتىمنى ئىگەرلەپ يارنىڭ كەينىدىن يەتسەم.*

نازىم غەزەللىرىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىلىرى زامانىنىڭ ئىجتىمائىي ئېقىمى بىلەن ئۆزئارا زىچ باغلانغان. ئۇنىڭدا رېئال تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلار تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

شائىرنىڭ يىراقتىكى يارنى سېغىنىپ، ھىجران قايغۇسىدا ئازابلىنىپ، يار ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن سانسىز ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنى قىلىپ ئىزھار قىلغان يۇقىرىقى مىسرالىرىدىن، ئەينى دەۋردىكى ياشلار ئۈچۈن ئۆز ئارزۇ ـ تىلىكىگە يېتىش يولىدىكى زور توسالغۇنىڭ كەمبەغەللىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بايلارنىڭ پۇل ۋە مېلىغا يۆلىنىپ گۈزەل قىزلارنى ئۆز

ئاشىقىدىن ئايرىپ نىكاھىغا ئېلىپ يىراقلارغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، كەمبەغەل ياش يىگىتلەرنىڭ يىراققا ئېلىپ كېتىلگەن مەشۇقىنىڭ ۋەسلى دىدارىغا يېتەلمەي، ھىجران قايغۇسىدا ئازابلىنىۋاتقانلىقىدەك رېئال تۇرمۇش مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

شائىر كەمبەغەللىك تۈپەيلىدىن ئىلاجىسىز قالغان ئاشىقنىڭ پاك مۇھەببىتىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىغا نىسبەتەن ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئۆز كۆڭۈل ھېسسىياتىنى:

*بىۋاپا بۇ دۇنيا پەلەك، يۈرەكنى قىلىپتۇر چاك،*
*قىلىپتۇر زەھەر ئاغۇش ھەر كۈن ئىچەر ئاشىمنى.*
*دۈشمەنلەر جاپا قىلدى، دىلبەر جۇدا قىلدى،*
*نازىم تولا ئاھ قىلدى كۆرەلمەي ئاداشىمنى.*

دەپ ئىزھار قىلىپ، ئەينى دەۋردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئىنسانىي ھوقۇقسىزلىققا، ئادالەتسىزلىككە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ.

شۇنىسى ئالاھىدە خاراكتېرلىككى، شائىر شېئىرلىرىدا كۈيلەنگەن ئىنسانىي مۇھەببەت گەرچە قارىماققا نازىمدىن ئىبارەت بىر كىشىنىڭ شەخسىي مۇھەببىتىدەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق، ئۇ كىشىلىك جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان رېئال مۇھەببەتنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلغان بىر ئومۇمىي بەدىئىي كۆرۈنۈشىدۇر. شۇڭا نازىم مۇھەببەتنى پۈتۈن ھايات گۈزەللىكىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن چەكسىز زوقلىنىدۇ ھەمدە مۇھەببەتنى جەننەتكە ئۈمىد باغلاپ تەركىدۇنياچىلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچى زاھىتلارنىڭ تەرەققىيات يولىغا قارىمۇقارشى قويىدۇ. سۆيگۈنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئىنساننى مەپتۇن قىلغۇچى كۈچ - قۇدرىتىنى قىزغىن ئۇلۇغلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھايات گۈزەللىكىدىن ۋاز كەچكۈچى زاھىتلارنى قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالىدۇ.

«غەزەلىيات» ئىشق - مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلغان چىن ئىنسانىي مۇھەببەت توغرىسىدىكى غەزەللەر توپلىمى بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا يەنە ئاپتورنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق، ئىلىم - مەرىپەت، جەمئىيەت تۈزۈمى ھەققىدىكى بىر مۇنچە ئىلغار قاراشلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، شائىر جەمئىيەت تۈزۈمى ئۈستىدە توختىلىپ، زالىم پادىشاھلارغا:

*قايۇ شاھ ئادىل ئولسا سەن ئانى مىسلى سۇلايمان بىل،*
*قايۇ زالىمنى كۆرسەڭ سەن ئانى يەر بىرلە يەكسان بىل.*

دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرسە، تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئادالەتنى ئاياغ ئاستى قىلغان زالىم پادىشاھلارنىڭ خۇنۇك ئەپت - بەشىرىسىنى مۇنداق يازىدۇ:

*ئىگەرچە يەتتە ئىقلىم شاھىدۇرلەر ئەدلى يوق بولسا،*
*پېقىرلىق خانىسىدە بولسا رويى زەئفىران خوپراق.*

ئۇ يەنە ئىنسانىي پەزىلەت ئۈستىدە توختىلىپ، ناچار ئىللەت بولغان مەغرۇرلۇقنى كۆچەپ سۆكىدۇ:

*جامالى بەيئىنى يۇسۇف دىلىدا پۇر باھا بىلدى،*
*قىلىپ قۇل رۇسىياھ گىردۇن پۇچەك پۇلغا ئانى ساتتى.*

شائىر بىلال نازىمىي ياشىغان ئەينى دەۋر شارائىتىدا «ئىلىم - پەن ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر قىسمى» قىلىپ قويۇلغانىدى. سوپىزمنىڭ ئوك قانىتى بولغان يەسەۋىيچىلىك فېئودالىزم مەنىۋىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى سۈپىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى. «ئىنسانىي گۈزەللىك، ئىنسانىي مۇھەببەت مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت ئاللا گۈزەللىكى، ئاللاغا

مۇھەببەت، ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۈيلەشكە ھوقۇقلۇق. . .» دېگەنگە ئوخشاش ئىدېئالىستىك ئىدىيەلەر داۋاملىشىۋاتاتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا شائىر ئىنساننى ئۇلۇغلاپ، ئىنسان گۈزەللىكىنى، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلەيدۇ. دىنىي خۇراپىي ئەدەبىياتقا قارشى چىن ئىنساننى مەركەز قىلغان ئەدەبىياتنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور ھەسسە قوشىدۇ. مانا بۇ، بىلال نازىمىينىڭ «غەزەلىيات»تا ئالغا سۈرگەن ئېستېتىك ئىدىيەسىنىڭ قىممەتلىك تەرىپى.

«غەزەلىيات»تا «گۈزەل يار» ئوبرازى غايەت زور ئۇلۇغ مەنىگە ئىگە. ئۇ ئەقىللىق، پاراسەتلىك، ھايالىق، نازاكەتلىك دىلبەر بولۇپ، پۈتۈن ئىنسان گۈزەللىكىنى ئۆز جىسمىدا مۇجەسسەملەشتۈرگەن گۈزەل ئىنسان. ئۆز ئاشىقىنى چىن دىلى بىلەن سۆيگەن، ئۇنىڭغا مەڭگۈ سادىق، ۋاپادار، ئۆز سۆيگۈ- مۇھەببىتى يولىدا ئۆز ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلىشقا تەييار ئالىيجاناب ئىنسان. ئۇ سۆيگەن يارىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ دائىم مۇھەببەت بىلەن ۋاقتى چاغ ئىكەنلىكىنى، قەيەردە ئىشق ھاۋاسى بولسا، ئۇ يەردە ھاۋا ھەم مۆتىدىل بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. «غەزەلىيات» لىرىكىسىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى شۇ يەردىكى، ئىشق كىشىنى تەربىيەلەيدۇ، سەۋر-چىدام غەيرەتكە ئۈگىتىدۇ. ساپ-سەمىمىي مۇھەببەت كىشى كۆڭلىنىڭ پاك بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ دېگەن ئېستېتىك غايىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. جۈملىدىن «غەزەلىيات»تىكى لىرىك شېئىرلاردا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئىنسان مېھىر-ۋاپا، ئىشق ئۈچۈن كۈرەشتە كامالەتكە ئېرىشىدۇ دېگەن پەلسەپىۋى پىكىر ئېستېتىك غايە سۈپىتىدە بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

شائىر ئۆز لىرىك قەھرىمانىغا سىڭدۈرگەن ھېس- تۇيغۇلىرى بىلەن كىتابخان قەلبىگە كىرىپ كېلىشكە يول تېپىپ، ئۇنىڭدا كۈچلۈك ھاياجان ئويغىتىپ، كىتابخان قەلبىنى لەرزىگە سالالايدۇ.

«غەزەلىيات»تىكى بەدىئىي كۈچ شائىر ياراتقان لىرىك قەھرىمانىنىڭ تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

(1) شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئوبرازىدا ئىپادىلەنگەن پىكىر ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ھېس- تۇيغۇلار ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بولۇپ، بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ سىڭىپ كەتكەچكە، بۇ كىتابخان قەلبىنى يوشۇرۇن ھالدا ھاياجانغا سالالايدۇ.

(2) شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانىنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان غەزەل شەكلى كىلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە خاس يەتتە، توققۇز كۇپلېتتىن ئاشمايدىغان چاققان شەكىل بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا لىرىك ھارارەت يالقۇنجاپ تۇرىدۇ.

(3) شائىر لىرىك قەھرىمانىنىڭ لىرىك كەچۈرمىشلىرى ئۆز جەمئىيىتىدىكى مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ لىرىك كەچۈرمىشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئاپتورنىڭ ئۆز بىيوگرافىيەسىگە ئايلاندۇرۇلۇپ ھەم تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، زور ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولغان.

ئەسەر بەدىئىيلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى — ئەسەردە ئىشلىتىلگەن بەدىئىي تىلدۇر. تىل— ئەسەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرسەتكۈچى ئەينەك بولۇپ، شائىر ئۆز بەدىئىي تىلى ئارقىلىق قەھرىمان خاراكتېرىنى يارىتىش، شۇنداقلا لىرىك قەھرىمانىنى تىل جەھەتتىن تىپىكلەشتۈرۈش، ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش ئىشىنىمۇ چېۋەرلىك بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

«غەزەلىيات»نىڭ يەنە بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، شائىر لىرىك قەھرىمانلىرى

ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىستېتىك غايىسىنى ئىپادىلەشتە، كىلاسسىك شېئىرىي شەكىللەردىن غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس ۋە ئەڭ مۇرەككەپ شېئىر شەكلى مۇستەھزادلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

شائىر شېئىرىيىتى يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خەلق يۈرەك قاتلاملىرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، ھەتتا ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى خەلقنىڭ ماقال-تەمسىللىرىگە ئايلىنىپ قالغان:

*ياكى سۇغا سالساڭ سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى،*

*ئالتۇن بىرلەن ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى.*

ئومۇمەن ئېيتقاندا، نازىم شېئىرلىرىنىڭ تىلى جانلىق، ئاممىباب، خەلق تىلىغا يېقىن، ئۇسلۇبى ئاددىي، ۋەزنى يەڭگىل، ئاھاڭدارلىقى يۇقىرى، ئوبرازچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنى خەلق شېئىرىيىتى ۋە ئەسىرلەر داۋامىدا ياشاپ كېلىۋاتقان يازما ئەدەبىياتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، بىلال شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي خاراكتېرى، ئارزۇ-ئۈمىدى، ھېسسىياتلىرى بىر قەدەر چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن بولغاچقا، خەلق ئاممىسى ئۇنى سۆيۈپ ئوقۇپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈرۈپ، ئۆز فولكلورىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. ھازىرمۇ خەلق قوشاقلىرىدا «نازىم» تەخەللۇسى بىلەن ئېيتىلىۋاتقان نەچچە ئونلىغان قوشاقلارنى تېپىش مۇمكىن. نازىم شېئىرلىرى ھەتتا كىلاسسىك مۇزىكا 12 مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ، ناخشا بولۇپ ياڭراپ، ئازغىنە كەم بىر ئەسىردەك ۋاقىت خەلق بىلەن قەلبداش بولۇپ، بىللە ياشاپ كەلدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خەلق بىلەن ئەبەدىي بىللە ياشىغۇسىدۇر.

### 3. موللا بىلالنىڭ داستانلىرى ھەققىدە

#### 1) «كىتابۇلغەزات دەرمۇلكى چىن»

19-ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى، خەلقنىڭ روھىي ھالىتى ۋە كۈچلۈك تەشنالىقى ۋىجدانلىق مەرىپەت ئەھلى بىلال نازىمىينىڭ ئۆتكۈر نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇ «كىتابۇلغەزات دەرمۇلكى چىن»[①] ناملىق بۇ ئەسىرىدە خەلق ئاممىسىنىڭ يىمىرىلمەس كۈچىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرلىكتە، تارىخنىڭ ئەڭ بەختسىز سەھىپىلىرىنى يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ يورۇتۇپ بېرىپ، مەنىۋىيەتتىكى ئېغىر كېسەللىكلەرنى، ۋۇجۇدىمىزدىكى تەلۋىلىك، خاراكتېرىمىزدىكى ساددىلىق، بوشاڭلىق، ئاجىزلىقلارنى كۆرسىتىپ، خەلقنى ھەم ئىجابىي، ھەم سەلبىي نۇقتىدىن تەربىيەلەشتەك زۆرۈرىيەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇردى. خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە كۈچ ئۇلاش ھالىتىگە ئىنتىلگەن چېغىدا ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ بىلەن ئەۋلادلارنى قوراللاندۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى چىقىش يولى دەپ قارىدى. خەلقنىڭ ھەقىقىي ئىززەت-غۇرۇرى، بەخت-سائادىتى ئۈچۈن مۇقەددەس بىر روھنى روياپقا چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلدى. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا كالتە پەملىك، ئالدىراڭغۇلۇق، قىزىق قانلىق بىلەن داۋان ئاشقان تەقدىردىمۇ مەنزىلگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. تەڭرىتېغىنىڭ ئىككى ئېتىكىنىڭ بىر گەۋدە

---

① بىلال نازىمىينىڭ «كىتابۇلغەزات دەرمۇلكى چىن» داستانى 1876-يىلى 24-ئىيۇندا تاماملانغان بولۇپ، 1880-يىلى شەرقشۇناس ن. ن. پانتۇسوف تەرىپىدىن قازاندا نەشر قىلىنغان.

ئۆملۈكىنى نامايان قىلىشىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تۈنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە، ئۇزى ياشىغان ۋە ئىجاد ئەتكەن دەۋر ھەققىدىكى مۇيەسسەل تارىخىي كۆرۈنۈشنىڭ مەھسۇلى بولغان قىممەتلىك ئەسەرنىڭ ساھىبى بولدى.

19 ـ ئەسىردە ئەينى دەۋردىكى بىر تۈركۈم فېئودال ھۆكۈمران قارا كۈچلەر بىر تەرەپتىن، شىنجاڭدىكى تەۋرىنىپ قالغان ئىجتىمائىي ئاساسىنى قايتىدىن تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ كۆرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يەرگە ئۇرۇش مەقسىتىدە ئالۋان ـ سېلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى، يەنە تېخى خەلق ئاممىسىنى تۇرار ـ جاي، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ، گادايلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئىلگىرى ھەر بىر تۈتۈن يىلىغا تۆت خو (256 كىلوگىرام) بۇغداي غەللە ـ پاراق تاپشۇرسا، 1863 ـ يىلىغا كەلگەندە ھەر بىر تۈتۈن 32 خو غەللە ـ پاراق تاپشۇرىدىغان بولدى. «كېچە قانچىكى قاراڭغۇ بولسا يۇلتۇزلار شۇنچىكى يورۇق يانىدۇ». زۇلۇم ـ ئاسارەتكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن خەلقنىڭ نارازىلىقى، غەزەپ ـ نەپرىتى چوڭ كۆرەشكە ئايلاندى. ئۇلار زۇلۇم ـ سىتەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئىلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن ھاكىمبېگى ئابدۇرۇسۇل بەگ سەپداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 1864 ـ يىلى 13 ـ ئۆكتەبىر غۇلجا شەھىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى جاكارلاپ، 1867 ـ يىلىغا كەلگەندە قوزغىلاڭ دەسلەپكى غەلىبە ئۇتۇقىنى قولغا كەلتۈردى.

شائىر بىلال نازىمىي يۇقىرىقىدەك ئۇنتۇلغۇسىز تارىخ بەتلىرىدىن مول ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئورۇن ئېلىپلا قالماي، ئىلى قوزغىلىڭىغا بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلدى. قوزغىلاڭنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئاكتىپ ئىشلەپ، رەھبەرلىك تەركىبىدىن مۇتىۋەر ئورۇن تۇتتى. قوزغىلاڭدا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئاكىسى جالالىدىن قۇربان بولۇپ، ئۇزى يارىدار بولدى. بىلال نازىمىي ئانا ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەش قىلغان جەڭچىلەرنىڭ جاسارىتىنى كۈيلەپ، قۇربان بولغان ئالىيجاناب ئوغلانلارغا مەرسىيە بېغىشلىدى. بولۇپمۇ ئاكىسى جالالنىڭ قازاسىنى تەسۋىرلىگەن بەش كۇپلېتلىق مۇخەممەستە مۇنداق يازدى:

*باشىغە يۇز تۈمەن غەم سالدى كۆرگىلى نىلگۇن گەردۇن،*
*قېرىنداشتىن جۇدا قىلدى، قىلىپ باغرىمنى خۇن گەردۇن.*
*باشىمدا دەۋرى كاژ ئەيلەب مۇدامىبۇ بىسۇتۇن گەردۇن،*
*يوقاتىپ مەغزىسەرنى ئاقىبەت قىلدى جۇنۇن گەردۇن.*
*بولۇپ مەن يۇز يىل ياشار پىردەك تۆرت توققۇز ئىدى ياشىم.*

جالالىدىن دورغىنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى پۈتۈن قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋار روھى دېيىشكە بولاتتى ئەلۋەتتە.

شائىر داستاندا ئابدۇرۇسۇل بەگ، ئەلاخان سۇلتان قاتارلىق ئىنقىلاب باشچىلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا بىر پۈتۈن خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدىكى باتۇرلۇق ـ قەھرىمانلىقلىرىنى، ئەركىنلىك ـ ھۆرلۈك ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي كۆرەش قىلىشتەك ئالىيجاناب روھىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

داستاندىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى فېئودال يۇقىرى قاتلام قارا كۈچلەر ۋە يەرلىك ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلارغا قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان، ئۇزلىرى ئۇستىدىكى زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيەنى يوق قىلىپ، كىشىلىك ئەركىنلىكىنى، ھۆرلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆرىشى ھەققانىي، ئىلغار،

ئىنقىلابىي كۆرەش، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بولسا ھەققانىيەتكە، ئىلغارلىققا، ياخشىلىققا، گۈزەللىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈچ. شۇنداق بولغاچقا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئىستىبدات ئەزگۈچى كۈچلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆرەشلىرى ماھىيەتتە ئىلغارلىقنىڭ قالاقلىققا، ياخشىلىقنىڭ يامانلىققا، گۈزەللىكنىڭ خۇنۈكلۈككە قارشى كۆرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇ كۆرەش ـ جەڭلەردىكى قان كېچىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى، كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ۋە جەسۇرانە كۆرەش ئىرادىسى، ئېگىلمەس ـ سۇنماس كۆرەش روھى قاتارلىقلار بىر خىل يۈكسەكلىك گۈزەللىكى سۈپىتىدە ئوقۇرمەن قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇلار قەلبىدە كۆرەشنىڭ ھەققانىيلىقىدىن سۆيۈنۈش، ھەققانىي كۆرەش غەلبىسىدىن خۇشال بولۇش، ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ ھەم ئەلاخان سۇلتان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن كوللېكتىپىنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك يولىدىكى كۆرەشلىرىدىن پەخىرلىنىش، ئۇلارنى مەدھىيەلەش تۇيغۇلىرىنى قوزغايدۇ. بۇ تەرەپتىن داستاننى قەھرىمانلىققا، قەھرىمانلارغا — يۈكسەكلىك گۈزەللىككە ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىسى دېيىشكە بولىدۇ.

داستاندا شائىر ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي جەريانىنى مۇكەممەل، مۇپەسسەل يورۇتۇپ، خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت قوزغىلاڭچى قوشۇن كوللېكتىپىنىڭ ئوبرازىنى سۈرەتلەپ، ئۇلارنىڭ كۆرەشلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەش مەقسىتىگە يەتكەندىن تاشقىرى، يەنە ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ، ئەلاخان سۇلتان، سادىر پالۋان، مەئىزەمخان، ئەھمەدخان خوجا ئوبرازلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ، ئەلاخان سۇلتان، سادىر پالۋان قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق قەھرىمانلارنى، قەھرىمانلىقنى مەدھىيەلىگەن بولسا، ھەسەتخور، ئابرۇيپەرەس، ئىچى تار، سۇيىقەستچى مەئىزەمخان ۋە ئۇنىڭ قولچومىقى، ئىنقىلاب ئاسىيسى ئەھمەدخان خوجىلارنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپنى دەپ ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنى ۋە قېيىنئاتىسى ئەھمەد خەزىنىچى بەگنى ھەم بىر مۇنچە سەركەردىلەرنى قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ، قوشۇن ئىچىگە ئىناقسىزلىق ـ ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئىنقىلاب ئىشلىرىغا زىيان سېلىشتەك جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدۇ.

داستاننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، داستان ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەسلىگە سادىق ھالدا چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەن. بىلال نازىمىي رېئالىستىك شائىر سۈپىتىدە ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىدىكى سەۋەبتىن تاكى ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىگىچە بولغان بىر پۈتۈن جەريانىنى ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلارغىچە رېئالىزملىق ئىجادىيەتتىكى چىنلىق پىرىنسىپلىرىنىڭ تەلەپلىرى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ، داستاننى تارىخىي ھۆججەتلىك قىممەتكە ئىگە قىلغان.

ئىككىنچىدىن، «كىتابۇلغەزات دەرمۇلكى چىن» ئۆزىنىڭ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېر يارىتىش سەنئىتىدە ئالاھىدە يېڭىلىق ياراتقان داستان. بىلال نازىمىي ئۆز داستانىدا پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۆزگىچە يول تۇتۇپ، ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ، ئەلاخان سۇلتان، سادىر پالۋان ئوبرازلىرىنى ياراتقاندا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىقلارنى، مۇرەككەپلىكلەرنى، زىددىيەتلىك تەرەپلەرنى پەردازسىز، رەڭ ـ بوياقسىز، چىن ھالدا تەسۋىرلەپ، ئۇلارنى ئۆز دەۋرى رېئاللىقىدىن ھالقىپ كەتكەن، كەم ـ كۈتىسىز، غايىۋى قەھرىمانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئاڭلىق ساقلىنىپ، ئۇلارنى ئوقۇرمەنلەر كۆز ئالدىدا ھەم قەھرىمان، ھەم ئادەتتىكى بىر ئادەم سۈپىتىدە

گەۋدىلەندۈرىدۇ. شائىر بىلال نازىمىنىڭ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى سۈرەتلەش، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا تۇتقان ئۆزگىچە يولىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېر يارىتىش سەنئىتىدىكى بىر بۆسۈش دېيىشكە بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، شائىر داستاندا پېرسوناژلارنىڭ، بولۇپمۇ قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە داستاندىكى ھەربىر چوڭ ۋەقە ئايىغلاشقان، يېڭى بىر ۋەقە باشلانغان چاغدا ئۆزىنىڭ باھاسىنى، خۇشاللىق ياكى ئېچىنىش ھېسسىياتلىرىنى ساقىينامە شەكلىدە ئىپادىلىگەچكە، داستاننىڭ لىرىكىلىقى كۈچىيىپ، بەدىئىي تەسىرچانلىقى زور دەرىجىدە ئاشقان.

تۆتىنچىدىن، داستاننىڭ تىلى يارقىن، رەڭدار، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرگە باي. شائىر تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ داستان تىلىنى رەڭدارلىققا ۋە ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلغان. داستان تىلىنىڭ ساپلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئەرەبچە، پارسچە تەركىبلەر ئاز.

ئاخىرىدا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، داستاندا يەنە شائىر دۇنيا قارىشىدىكى تەقدىرچىلىك ئىدىيەسى خېلىلا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ مەسىلىگە قارىتا تەنقىدىي پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر.

2) «نوزۇگۇم»

تالانتلىق شائىر بىلال نازىمىي تەرىپىدىن 1882 ـ يىلىنىڭ بېشىدا يېزىلغان «نوزۇگۇم» داستانى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئۇيغۇر ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن تونۇلغان شائىرە نوزۇگۇم (1800—1830) نازىم قەلىمىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بەدىئىي ئەدەبىياتتا قەھرىمان ئاياللارنىڭ تىپىك ئوبرازى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1827 ـ يىلىدىكى توپىلاڭنىڭ ئاتامانى جاھانگىر خوجا 50 مىڭ كىشىلىك لەشكەر توپلاپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن تۇتۇشقان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى كاشغەرنى ئۈچ تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن بەرداشلىق بېرەلمەي مەغلۇپ بولىدۇ. جاھانگىر خوجا قولغا چۈشكەندىن كېيىن، بېيجىڭغا خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپ قەتل قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچىلار مۇنداق يازىدۇ: «چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى مالىمانچىلىقنى تىنچىتقاندىن كېيىن، بۇ ھەرىكەتكە قايمۇقۇپ قاتناشقان خەلق ئۈستىدىن دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، 12 مىڭ تۇتقۇننى ئىلى جاڭجۇنىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن يانچى قىلىپ ئىلىغا كۆچۈرىدۇ. بۇ جەنۇب ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1767 ـ يىلىدىكى ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىم سۈرگۈن قىلىنىشى ئىدى. مانا شۇ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان 12 مىڭ تۇتقۇن ئىچىدە بۇ ھەرىكەتكە بىۋاسىتە قاتناشقان قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى نوزۇگۇم بىلەن ئاكىسى ئابدۇللا غوجىمۇ بار ئىدى. بۇ سۈرگۈن مۇساپىرلىرى چوغيۇلتۇزغا كەلگەندە نوزۇگۇم بىلەن ئاكىسى ئابدۇللا غوجا بىر موڭغۇل ئاقساقىلىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ.»[①]

بەختسىز قىز ـ ئاياللارنىڭ قاتارىدا ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان نوزۇگۇم ھۆكۈمران قارا كۈچلەرنىڭ «ھەر بىر ئۇيغۇر ئايالى بىر قالماققا خوتۇن قىلىنسۇن» دېگەن پەرمانىدىن دىلى

[①] بۇ ئەدەبىياتشۇناس شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ بايانى.

جاراھەتلىنىپ، ھەسرەت بىلەن قوشاق توقۇيدۇ.

ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، ئاتىسىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن ئۆسكەن نوزۇگۇمنىڭ 3 ياشلىق ئوغلىنىڭ «چەنپەن» تەرىپىدىن ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى، قەدىردان ئاتىسى، ئىللىق ئائىلىسى، ئەزىز يۇرتىدىن ئايرىلىپ سۈرگۈن، خورلۇق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈشى ئۇنىڭدا قانخور زالىملارغا بولغان ئۆچمەنلىكنى قوزغايدۇ.

ئەسەردە نوزۇگۇم چوڭيۇلتۇزدا ئاكىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئاكىسى ئۇنى قېچىشقا دەۋەت قىلغاندا ئۇمۇ ئۆزىنىڭ قېچىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە قەتئىي نىيەتكە كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نوزۇگۇم روھى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، بىر ئومۇميۈزلۈك ئاڭغا، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتقا ئايلىنىدۇ. ئۇ ئاكىسى ئابدۇللا غوجا بىلەن پىكىردە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، غۇلجا تەرەپكە قېچىپ، ئىلى دەرياسى بويىدىكى قومۇشلۇققا كېلىدۇ. ئۇ بۇ سەپەردە بىر موڭغۇلنىڭ پاش قىلىشى بىلەن بوتى زەڭگى تەرىپىدىن قولغا چۈشۈپ، موڭغۇل ئەمەلدارى شى دالويىغا قول بولۇش بىلەن ئەسەر ۋەقەلىكى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن بىز ئەرك قىزى نوزۇگۇمنىڭ ئازادلىق-ھۆرلۈك يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىدىغان جەڭگىۋار ئىرادىسىنى كۆرىمىز. شى دالويى تەرىپىدىن سولۇنغا سېتىلىپ، خوتۇن قىلىنىش خەۋپىدە تۇرغان قەھرىمان قىز نوزۇگۇم توي كېچىسى جاڭجۇننىڭ بۇ چاپارمىنىنى بوغۇزلاپ تاشلايدۇ. بۇ تەپسىلات ئىسيانكار قىزنىڭ ۋەھشىي قارا كۈچلەرگە ئەجەللىك زەربە بېرەلەيدىغان، زۇلۇم ھامىيلىرىغا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى قەيسەر ئىرادىلىك، ئۆز ئىنسانىي قىممىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئىپپەت-نومۇسلۇق، ئەخلاقىي پەزىلەتكە باي، خورلۇق ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر دەلىللەيدۇ.

نوزۇگۇم ئىككىنچى قېتىم قاچقاندا، قوغلاپ چىققان 20 — 30 يايى ئالتە ئاي ھەرەج تارتىپ ئۇنى تۇتۇپ دۆڭ يامۇل تۈرمىسىگە قامايدۇ.

قۇللۇق تۇرمۇشنى خالىماسلىق، ھۆرلۈك ئىچىدە ياشاش نوزۇگۇم خاراكتېرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئۇنىڭ قارشىلىقى يالغۇز ئىدىيە جەھەتتىكى قارشىلىق ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشكەن ھايات-ماماتلىق ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىق. زالىم قارا كۈچلەرنى ئۇزۇل-كېسىل گۇمران قىلىشقا ئاتلانغان قەيسەر ئىرادىلىك بۇ ئەرك قىزى مېڭىشقا يول تاپالماي قالغان چاغدا ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ھاياتلىقنى ئەلا بىلىپ، ئۆز ھاياتىنى ئاخىرقى نەپىسىگىچە ساقلاشقا تىرىشىپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. مانا بۇ نوزۇگۇم روھىنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك تەرىپى، تارىختىكى ئايال قەھرىمانلىرىمىزدىن پەرقلىنىدىغان ئېسىل خىسلىتى.

نوزۇگۇم ئۇزۇن ۋاقىت يالغۇز كۈرەش قىلىپ، قايتا دۈشمەن قولىغا چۈشكەندىن كېيىن ئۆز ھەرىكىتى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. بىز ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى توغرىسىدا موللا بىلالنىڭ «ئەل قىسسە بۇ نوزۇگۇم ئۆزى موللا ئىكەن» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئۇنىڭ ساۋاتلىق، ئوقۇغان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇ شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇكى، يالغۇز كۈرەش قىلغاندا، بارچە ئەلنى قوزغىمىغاندا، مۇستەبىت كۈچلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

*ئاخىرى ئاشكارا بولدۇم،*
*يوشۇرۇنغىلى يەر بارمۇ؟*
*ماڭا قاتتىق كۈن چۈشتى،*
*ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟*

نوزۇگۇم شىر يۈرەك، مەرد يىگىتلەرنىڭ كېلىپ ئۆزىگە يار-يۆلەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان.

*ھېچ كىشى مەندەك بولمىسۇن،*
*بالالارغا قالمىسۇن.*
*بىزگە چۈشكەن جاپالار،*
*ھېچ بەندىگە چۈشمىسۇن.*

نوزۇگۇم ھەسرەت بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ ناخشىسىدا باللىق چاغلىرىدىن باشلاپ زۇلۇم ۋە كەمسىتىشلەرگە ئۇچراپ، ساپ ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئالالماي ئۆتكەن ھايات خاتىرىسىنى ۋاراقلاش ئارقىلىق، بۇ خىل تارىخقا قەتئىي خاتىمە بېرىش كېرەك دەيدۇ.

يەتتە بۆلەكتىن تۈزۈلگەن بۇ داستاندا چېرىكلەر نوزۇگۇمنى يامۇلدىن ئېلىپ چىقىپ، ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ مويتۇغزىغا ئېلىپ بارىدۇ. خالايىقلار سانجاق-سانجاق بولۇپ مويتۇغزىنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ. نوزۇگۇمنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ قىبلىگە ئولتۇرغۇزىدۇ. بىر جاللات نوزۇگۇمنىڭ ئالدىدا قىلىچ بىلىگەن بولۇپ تۇرغاندا، يەنە بىر جاللات ئارقىسىدىن كېلىپ چاپىدۇ. نوزۇگۇمنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يەرگە چۈشىدۇ.

نوزۇگۇم تىراگېدىيەسى ئارقىلىق شائىر ئەزگۈچى قارا كۈچلەردىن رەھىم كۈتۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. شائىر بىلال نازىمي ئەلەم ۋە ئىپتىخار بىلەن نوزۇگۇم روھىنى ئۇلۇغلاپ، داستانىنىڭ خاتىمىسىنى مۇنداق چۈشۈرىدۇ:

*ئەنىڭدەك بولسا خاتۇن سالىھى پاك،*
*مانجۇرلەر زۇلمى ئاڭا نەدۇر پاك.*
*مۇنىڭدەك بولسا خاتۇنلەر فەئالى،*
*تاپار جەننەت بۇ زەنلەردە كامالى.*

*نوزۇگۇم روھىغە ھەق رەھمەت ئەتسۇن،*
*شەھىد ئالى مەقامى ئۆزرە يەتسۇن.*

شائىر بۇ شېئىرى ئارقىلىق ئۆز قەھرىمانىنىڭ غەيرىتىنى، قەتئىيلىكىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. شائىر باشقىلارنىمۇ مانا شۇ نوزۇگۇمغا ئوخشاش كۈرەش قىلىشقا چاقىردى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قورقۇمسىز، ئىرادىلىك كۈرەشكۈچىلەرنىڭ سېپى تېخىمۇ كۆپىيىشىنى ئارزۇ قىلدى.

كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات، مىللىي غۇرۇر نوزۇگۇمنى يالغۇز ئۆزى ئېلىنى لەرزىگە سېلىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشكە، بۆرە-تۈلكىلەرگە ھەمراھ بولۇپ، ئاچارچىلىقتا يۈرۈشكە، ئالتە ئاي قومۇشلۇقنى، ئۈچ ئاي تاغ-ئۆڭكۈرلەرنى ماكان ئېتىشكە ئۈگەتتى. ئۇ كۈرەش قوينىدا يېتىلدى. ئىسلامىيەتتىن بۇيان ئىجاد سەھنىسىدە ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق-مۇھەببەتنىلا كۆرۈپ تويۇنۇپ كېلىۋاتقان تارىخ نومۇسىنى ئۆز ئىپپىتى بىلەن قوغدايدىغان يېڭى، بۈيۈك قامەتنى كۈتۈۋالدى.

شائىر «قارا كۆز، بۇغداي ئۆڭلۈك، نازۇك بەدەن» نوزۇگۇمنى باشتىن-ئاخىر قىزغىن مۇھەببەت بىلەن تەرىپلەيدۇ، ئۇنىڭ روھىغا سېغىنىدۇ. ئەمما، غايىۋى ئارزۇسىغا تايىنىپ ئۇنىڭ خاراكتېرىنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاپتورلار ئۆز قەلىمىدە نوزۇگۇم ئوبرازىنى غايىۋى تۈسكە كىرگۈزۈپ قويسا قويىدىكى، نازىم قەلىمىدىكى نوزۇگۇم يارقىن سىيما بولۇشى بىلەن رېئاللىقنىڭ ئىناۋەتلىك ئىسپاتىدۇر. شائىر ئىجادىيىتىدىكى نوزۇگۇم يەنىلا

ئاق ـ ئىدىيە جەھەتتە يېتىلگەن مۇكەممەل نوزۇگۇم ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىدىن ئىلغار، ئۈستۈن كۈچ تەرىپىدىن توغرىلىق تېپىپ، ھەق يولىدا ساداقەتمەنلىك بىلەن قۇربان بەردى.

دىنىي خۇراپاتلىق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان 19 ـ ئەسىرگە نىسبەتەن بىلال نازىمنىڭ نوزۇگۇمنى «قىز ـ ئاياللارنىڭ ئۆلگىسى، ئۇنىڭدىن جەننەتمۇ كامال تاپىدۇ» دەپ سۈپەتلىشى ۋە ئومۇمىي ئىجادىيەت مۇساپىسىدە ئاياللار ئوبرازىغا ئىزچىل ئەستايىدىل قارىشى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىشى دىققەتكە سازاۋەردۇر. بولۇپمۇ شائىرنىڭ مۇھەببەتنى، گۈزەللىكنى تەڭرىدىن ئەمەس، بەلكى ئىشق ـ پىراق، يار ۋەسلىدىن ئىزدىشى دىنىي ئوبرازلار بەدىئىي زوقلىنىش سەھنىسىنى غۇۋۋالاشتۇرۇپ قويغان دەۋر ئۈچۈن يۈزدە يۈز يېڭىلىق ئىدى.

شائىرنىڭ مەقسىتى ھۆرلۈك ـ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلالايدىغان ئادەم تەربىيەلەش بولۇپ، بۇ خىل ئىستېتىك غايە ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك سىياسىي قارىشىدىن تۇغۇلغانىدى. شائىر بۇ ئېستېتىك غايىسىنىڭ جەمئىيەت ھاياتىدا چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ تېخىمۇ كېڭىيىشىنى نىيەت قىلاتتى. ئۇ باشقا قىز ـ ئاياللارنىڭ نوزۇگۇم روھىدىن قۇۋۋەت ئېلىپ، ھۆرلۈك ـ ئەركىنلىك ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ھەر دائىم تەييار بولۇشىنى ئىستەيدۇ. ئۇ نوزۇگۇمغا ئوخشاش ئۆلۈمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالايدىغان يەنە نۇرغۇنلىغان «نوزۇگۇم»لارنى كۈرەشكە چىللايدۇ.

نازىمىي لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئېپىك بايانىي ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈش، تارىخىي رېئاللىق بىلەن دەۋر رېئاللىقىنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى داستانچىلىقتا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرگەن. داستاننىڭ نەزم قىسمى نەسرىي قىسمىنى زورۇر شەرھلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان. داستاننى راۋان تىلى، ماتېرىيال قىممىتى، ئىپادىلەش خاسلىقى بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى خەلق داستانلىرى بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇشقا تېگىشلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر داستانچىلىق ئەنئەنىسىنى مەزمۇن بىلەن بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئۆزگىچە سەۋىيەگە كۆتۈرگەن.

ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتىنى قانداقتۇر رىۋايەت، ھېكايەت بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. بەلكى، داستاننى نەسرىي ژانىرلارنىڭ تەزكىرە تۈرىدىكى ئىجادىيەت دەپ يۇقىرى باھا بېرىشكە بولىدۇ.

3) «چاڭمۇزا يۇسۇفخان»

شائىر بىلال نازىمىي 1882 ـ يىلى يەركەنتكە كۆچۈپ چىقىشىنىڭ ئالدىدا يازغان «چاڭمۇزا يۇسۇفخان» داستانىدا، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ساتىرا ئېلېمېنتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نىسپىي نادانلىقىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، يەرلىك فېئودال كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى دىندارلارنىڭ ياردىمىدە كۆرەڭلەپ قىنىغا پاتماي كەتكەن، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ھاياتىغا ئېغىر زىيان سالغان سىرتتىن كەلگەن خوجىلارنى؛ جۈملىدىن خوجىلىق تونىغا ئورنىۋېلىپ خەلق ئاممىسىنى قاقتى ـ سوقتى قىلغان ئالدامچىلارنى پاش قىلىدۇ. دىنىي خۇراپاتلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن خەلقنىڭ خوجا دېسىلا قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان نادانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئەسەر بىلال نازىمنىڭ رېئاللىقتا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان يەنە بىر ئەسىرى بولۇپ، شائىرنىڭ بايانىچە، داستاندا يېزىلغان ۋەقەلىك داستان يېزىلىشتىن 44 يىل بۇرۇن كەتمەن يېزىسىدا يۈز بەرگەن.

شائىر ئۆز داستانىدا يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكى نۇرغۇنلىغان شەخسلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. بولۇپمۇ تۆۋەندىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن

مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياراتقان:

(1) يۇسۇفخان ئوبرازى: يۇسۇفخان سىرتتىن كېلىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە زور بالايىئاپەت كەلتۈرگەن خوجىلارنىڭ، جۈملىدىن خوجىلىق تونىغا ئورىنىۋېلىپ خەلق ئاممىسىنى قاقتى-قوقتى قىلغان ئالدامچىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇچىغا چىققان ساختىپەز، ھىيلىگەر، رىياكار خوجا. ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ئىككى خىل ئالاھىدىلىك روشەن گەۋدىلەنگەن. بۇ ئىككى ئالاھىدىلىكنىڭ بىرى، ئالدامچىلىق، يەنە بىرى، قاتىللىق بولۇپ، رېئال تۇرمۇشتىمۇ خاراكتېرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى ئالاھىدىلىك بىر-بىرىگە باغلىنىپ كېلىدىغان بىر جەرياننىڭ ئىككى باسقۇچىدىن ئىبارەت. ئالدامچىلىقى پاش بولاي دېگەندە، بۇ مەككار غىلاپتىن پىچىقىنى چىقىرىپ قاتىلغا ئايلىنىدۇ. دەسلەپتە ئۇ ئالدامچىلىق بىلەن بازار تاپىدۇ.

*خالايىق قىلىپ بىر-بىرىگە خەبەر،*

*بۇ چاڭمۇزىغا بەردى سىيىم بىرلە زەر.*

*بۇ چاڭمۇزىغا بارچە ئادەملەر كېلىپ،*

*بېرىپ نەزرى بىسيار دۇئالار ئېلىپ،*

*قىلىپ خىزمىتىن بارچە ئارمان بىلەن،*

*قايۇ ئىشنى بۇيرۇر، قىلۇر جان بىلەن.*

دەسلەپتە ئۆزىنى خوجا دەپ جاكارلاپ ۋەزىيەتنى كۆزەتكەن بۇ مەككار، ئويلىغىنىدىنمۇ ياخشى يۇرۇشۇۋاتقان خوجىلىقتا تايىنىپ ئالاھىدە ئۆي ھازىرلىتىپ، قىزىل پەردە تارتقۇزۇپ، يۈزىگە نىقاب تارتىپ، «خۇداغا ئىبادەت قىلىش»، «مۇرت توپلاش» ئۇسۇلى ئارقىلىق يۇقىرى ئابرۇيغا، نېمە قىلسىمەن دېسە قىلالايدىغان ئىمتىيازغا، سانسىز ئالتۇن-كۈمۈش، مال-دۇنياغا ئىگە بولۇۋېلىپ، قىزىل پەردە ئىچىدە ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» — بۇ بىر ھەقىقەت. شائىر ئىلى خەلقىنىڭ چاقچاقچىلىق ئادىتىدىن پايدىلىنىپ يۇسۇفخاننىڭ سىرىنى ئۆزىگە بىلدۈرۈپ، يۈرىكىگە ۋەھىمە سالىدۇ.

*شەرىف ئاتنى ئاڭلاپ بۇ چاڭمۇزا تېز،*

*يۈرەگى ئاغىپ، بولماق بولدى گۇرېز.*

لېكىن ئۇ قاچمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تويماس نەپسى قېچىشقا يول قويمايدۇ. ئۇ قوقەندە شېرىپباي دېگەن بىر سودىگەرنىڭ تۈمەن تەڭگە پۇلىنى قەرز ئېلىۋېلىپ بۇياققا قېچىپ كەلگەنىدى. گەرچە ئۇ ئابدۇشېرىپ ئىسىملىك بىر سودىگەرنىڭ كەتمەن يېزىسىغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، «مەن پۇل قەرز ئالغان شېرىپباي ئارقامدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردىكى تەييار، ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان بايلىقتىن كېچەلمەيدۇ. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئالدامچىلىق قاتىللىققا ئۆزگىرىپ، سىرىنى ئېچىپ قويىدىغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئارقىلىق يەنىلا سىرىنى يوشۇرۇپ قېلىشنى ئويلايدۇ. چاڭمۇزا ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى، يەنى باقى، شەيخ مەمەك، دۆلەتنەزەر شەيخلەرنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ قولىغا قاتىللىق پىچىقىنى تۇتقۇزۇپ شېرىپباينى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئەۋەتىدۇ.

*دېدى ئاھ ئۇرۇپ: ئول مېنىڭ دۈشمىنىم،*

*ئېنى قەتلى قىلغان كىشىدۇر جېنىم.*

*ئېنى ئۆلتۈرۈر بولسا، ئۇ باشىمىز،*

*دۇ ئالەمدە بولغاي قېرىنداشىمىز!*

يۇسۇفخاننىڭ «چاڭمۇزا» دېگەن لەقىمىمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىگە تازا باب كەلگەن، شائىر

«چاڭموزا» دېگەن بۇ خەنزۇچە سۆزنى ئىزاھلىغاندا، «مېنىڭچە ئۇزۇن چاچ ئەمەس، ئۇزۇن قالپاق دېگەنلىك بولىدۇ» دەيدۇ.

(2) يەرلىك فېئودال ۋە روھانىيلارنىڭ ئوبرازى: داستاندا يەرلىك فېئودال ۋە روھانىيلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن قەمرىدىن باشلىق يۈزبېگى، ئوسمان خەزىنىچى، مىرالىم شومۇلبەگ، قاسىم شەيخ، دەۋران قولى شەيخ، دۆلەتنەزەر شەيخ، باقى شەيخ ۋە مەمەك شەيخ قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى ۋە ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى بايان قىلىنغان. ئومۇمەن، بۇ يەرلىك فېئودال ۋە روھانىيلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ يۇسۇفخان چاڭموزىغا ئېتىقاد قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى، بىرى، خەلقنى تېخىمۇ دىنىي جاھالەتتە قالدۇرۇپ، باشقۇرۇشقا ئاسانلىق يارىتىش بولسا، يەنە بىرى، خەلقنى تېخىمۇ شىلىپ يېيىش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا غەرەزلىك ھالدا چاڭموزىنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۇنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ خەلقنى قايمۇقتۇرىدۇ.

*خالايىق كېلىشىپ قىلدى گىريە ـ زار،*

*خۇسۇس روزى مەزىن بولۇپ بىقارار.*

*بۇ چاڭموزىغا تۇرفە ئىخلاس ئېتىپ،*

*ئۆزىنى بۇلار شاگىردىن خاس ئېتىپ.*

بىلال نازىمىي بۇ يەرلىك فېئودال ۋە روھانىيلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن دۆلەتنەزەر شەيخ، باقى شەيخ، مەمەك شەيخلەرنىڭ رەزىل ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى نۇقتىلىق يازىدۇ. بۇ شەيخلەر بىر تەرەپتىن، پۇتۇن ئىشىنى قويۇپ چاڭموزىنىڭ قولى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، چاڭموزىنى ئۆيىمۇئۆي پەتە قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ساختا نام ـ شەرىپىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ، خەلقنى ئات، قوي، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىق مال ـ دۇنيالارنى نەزىر قىلىشقا ئۈندەپ، ئۆزلىرىنىڭ تويماس نەپسى ئۈچۈن يىغىدۇ.

*كى دەۋلەتنەزەر شەيخ، باقى شەيخ، مەمەك*

*خوجام دەپ بۇلار قىلدى ئەۋقەتنى تەرك:*

*ئېلىپ يۈردى چاڭموزىنى ئۆيمۇئۆي،*

*كى خەلق نەزرى ئەيلەپ تەۋە ئاتۇ قوي.*

ماھىيەتتە، بۇ بىر تۈركۈم قارا كۈچ ۋە روھانىيلار چاڭموزىدىن قېلىشمايدىغان قاتىللاردىن ئىدى.

يۇسۇفخان شېرىپباي ئىسىملىك بىر تىجارەتچىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۆزى ئون مىڭ تەڭگە قەرز ئالغان شېرىپباينى دەل شۇ كىشى، «مېنى ئىزدەپ غۇلجىغا كەپتۇ» دەپ چۈشىنىپ قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قالىدۇ ۋە شېرىپباينى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىغا كېلىدۇ.

چاڭموزىنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدا قىلغان ۋەدىسى دەل ئۇلارنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇلار چاڭموزىنىڭ ئابرۇي ـ شۆھرىتى ۋە مال ـ دۇنياسىغا ھەر ئىككى ئالەمدە شېرىك بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇندىن كېيىن چاڭموزىنىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ چاغدا يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان شەيخلەر مەيدىسىگە ئۇرۇپ، قەتئىي ئىككىلەنمەي «شېرىپباينىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمىز» دەپ ۋەدە بېرىدۇ. بۇ ئۈچ شەيخ بىگۇناھ ئابدۇشېرىپ ئاخۇننى ئالداپ تاغقا ئېلىپ بېرىپ، بويىنغا سىرتماق سېلىپ، ئاتقا سۆرىتىپ، تاش بىلەن بېشىنى يانجىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرىدۇ. بۇ قولچوماقچىلارنىڭ رەزىل ئىچكى دۇنياسىنى شائىر غەزەپ بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە مۇنداق يازىدۇ:

*كى تاغنىڭ كامارىغا مەدفۇن ئېتىپ،*
*ئۇچى مالىنى تەقسىم ئەيلەپ كېتىپ.*

بۇ شەيخ چاپىنىنى كىيىۋالغان قاتىللار پۇل-دۇنيا ئۇچۇن ھەر قانداق شۇملۇقنى قىلىشتىن يانمايدىغان رەزىل كۇچلەردۇر.

(3) خەلق ئوبرازى: بىلال نازىمى ئۆز داستانىدا خەلقنىڭ نادانلىقىنى ئېچىنغان ھالدا يېزىپ، خەلقنى ئويغىنىشقا چاقىرىدۇ:

*خالايىق قىلىپ بىر-بىرىگە خەبەر،*
*بۇ چاكموزىغا بەردى سىيىم بىرلە زەر.*
*«خوجام، ئاھ خوجام!» دەپ تامام خاسى-ئام،*
*كى ئاھۇ فىغانلار قىلىشىپ تامام.*
*ھەمە مالى ئەمۋالىنى قىلدى فىدا،*
*دېيىشىپ: بولۇر بىزگە دەپ رەھنامە.*
*قىلىپ خىزمىتىن بارچە ئارمان بىلەن،*
*قايۇ ئىشنى بۇيرۇر، قىلۇر جان بىلەن.*

بۇ سەممىمى تەنە ۋە قايغۇ-ھەسرەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن مىسرالاردىن خەلقنىڭ نادانلىقى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇ يەردە شۇنى كېرەككى، ئۆز كۇنىنى ئاران ئۆتكۈزۈۋاتقان بىچارە خەلق بىر تەرەپتىن، نادانلىق بىلەن مال-مۇلكىنى، ھەتتا خوتۇن-قىزلىرىنى سەدىقە-نەزىر قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يەرلىك فېئودال كۇچلەر ۋە روھانىيلارنىڭ بېسىمى ۋە قورقۇتۇشىدىن سەدىقە-نەزىر قىلغانلىقى داستاندا ئېنىق تەسۋىرلەنگەن:

*بۇ ھەيبەتنى كۆردى تامام ئامۇ خاس،*
*ئەدەب ساقلىشىپ كىرمەيىن جۇملە خاس.*
*ئەگەر ئەرزى بولسا دېيەلمەي ئاڭا،*
*كى بولسا قىلالماي كى چۇن چارا.*
*ئېنىڭ ھەيبەتىدىن بۇ خەلق قورقۇشىپ،*
*سىپاھگەرلىگى بەلكى ھەددىن ئېشىپ.*

شائىر ئۆزىمۇ «كىتابۇلغەزات دەرمۇلكى چىن» داستانىدا:

*ئۆزۈم ئادەملەر فەقىرى ئىدىم،*
*فەقىر نە دېمەكتۇر، ھەقىرى ئىدىم.*

دەپ يازغىنىدەك، ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن غېرىب-غۇربەتچىلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن، باي فېئوداللار تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەقدىرى خەلق بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان خەلقنىڭ نادانلىقى، بىچارىلىكى يېزىلغان قۇرلىرىدىن بىر خىل سەممىمى ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ قۇرلار ئوقۇغۇچىغا خۇددى «نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقنى تاشلاڭلار، مەيلى چاكموزا بولسۇن، مەيلى يەرلىك فېئودال-روھانىيلار بولسۇن، ھەممىسى ئۆز مەنپەئىتى ئۇچۇن ئالدامچىلىق ۋە قاتىللىقتىن يانمايدىغان ئادەم سۈرىتىدىكى ھايۋانلاردۇر» دەپ خىتاب قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق بىرى، چاكموزا يۇسۇفخاننىڭ ساختىپەزلىكىنى پاش قىلىش، خەلقنى ئالدامچى خوجىلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە ئۈندەشنى مەقسەت قىلغان بولسا، يەنە بىرى، خەلقنىڭ نادانلىقىغا بولغان ئېچىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنى ئويغىنىشقا ئۈندەشنى مەقسەت قىلغان.

داستاننىڭ ئاخىرى بۇ ئالدامچى ۋە قاتىللارنىڭ جازالىنىشى بىلەن تاماملىنىپ، ئىچىدىن ئۆرتىنىپ غەزەپىنى باسالماي قالغان كىتابخاننى پۇخادىن چىقىرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ شائىرنىڭ ئارزۇسى ئىدى!

ئەمەلىيەتتە، دىنىي جاھالەت ۋە فېئودال ھۆكۈمرانلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان، خەلق نادان، بىچارە ئورۇندا تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتە، خۇددى داستاندىكىدەك، يەنى داستاننىڭ ئاخىرقى جۈملىسىدىكىدەك خاتىمىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، بۇ شائىرنىڭ غايىسى ئىدى. چاڭموزا يۇسۇفخاندەك خەلققە بالايىئاپەت بولغان ئالدامچى ۋە قاتىللار ئەڭ رەھىمسىز رەۋىشتە جازالىنىشى، ئۇچ شەيختەك مۇناپىقلارنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى خاتىمىگە ئۇيغۇن، ئەلۋەتتە.

داستاننىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ سۇژېتى ۋە كومپوزىتسىيەلىك قۇرۇلۇشىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. داستاننىڭ ۋەقەسى كەتمەن كەنتىدە «خوجام كەلدى!» دېگەن خەۋەرنىڭ تارقىلىشى بىلەن باشلىنىپ، يۇسۇفخان چاڭموزىدىن ئىبارەت بۇ ئالدامچى مەيلى ھوقۇق، مەيلى ئابرۇي، مەيلى پۇل-دۇنيا جەھەتتىن بولسۇن ھەممىگە قولى يېتىدىغان ھالەتكە يەتكۈزۈلىدۇ. شائىر ۋەقەلىكنى ئاددىي، راۋان، تۈز يول بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى ۋەقەگە كۆۋرۈك سالىدۇ. سېلىنغان بۇ كۆۋرۈك ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن تەبىئىي ۋە تازا باب كەلگەن ھالەتتە بولۇپ، بۇ ئىلى خەلقىنىڭ قەدىمدىن كېلىۋاتقان ناچار ۋە خۇنۇك ھادىسىلەرنى چاقچاق يولى بىلەن ھەجۋىي كۈلكە ئاستىغا ئېلىش ئادىتىگە يېقىن كېلىدۇ. تىجارەت قىلغىلى كېلىۋاتقان ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ چاڭموزىنى زىيارەت قىلغىلى كېتىۋاتقان ئىككى تاۋابچىغا قىلغان چاقچىقى پۈتۈن ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ يېڭى خاراكتېرىنى ئاچىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، مەسخىرە قىلىش ھەجۋىي ئەسەرلەردىكى ئاساسىي ئامىل بولۇپ، ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ مەسخىرىلىك چاقچىقى بىر تەرەپتىن، سۇژېتنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولسا، ئەڭ مۇھىمى چاڭموزا يۇسۇفخاندەك يەرلىك فېئوداللار ۋە روھانىيلارنىڭ قىلغان رەزىل ئالدامچىلىقلىرىغا قارىتىلغان ئەڭ ئۆتكۈر مەسخىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ چاقچىقىدىن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ تاغ كامىرىغا يوشۇرۇن كۆمۈلۈشىگىچە بولغان جەريان داستاننىڭ سۇژېت تەرەققىياتىدىكى ئىككىنچى باسقۇچ بولۇپ، ئەمدى سۇژېتنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى بايان قىلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇ يەردىمۇ ئىككىنچى باسقۇچ بىلەن ئۈچىنچى باسقۇچنى باغلايدىغان بىر كىچىك كۆۋرۈك بولۇش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. شائىر بۇ يەردە دىنىي فانتازىيەدىن پايدىلىنىپ ئىككىنچى باسقۇچتىن ئۈچىنچى باسقۇچقا يەنى قاتىللىقنى پاش قىلىدىغان باسقۇچقا ئۆتىدۇ. ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋەقە تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ۋەقە ئاستا-ئاستا يېشىلىپ، چاڭموزىنىڭ جىنايىتى پاش بولىدۇ. ئۇنىڭ تىلى تۈۋىدىن كېسىلىدۇ، ئىككى كۆزى ئويۇلىدۇ، ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتى كېسىپ تاشلىنىدۇ، يۈرىكىگە تىغ سانجىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ ھەمدە ئەگەشكۈچىلەردىن سەكسەن كىشىگە جازا بېرىلىدۇ.

داستاننىڭ كومپوزىتسىيەلىك قۇرۇلۇشى ئۈستىدە سۆزلىگەندە، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، ئۇ شەرق داستانچىلىقىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنى ئىشلەتمەيدۇ، يەنى داستاننى ھەمدۇسانا ھەم مەدھىيەلەردىن باشلاش ئەنئەنىۋى باشلاشتەك ئەنئەنىۋى باشلاش ئۇسۇلىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. داستاننى سۇژېت تۈگۈنىدىن — نەق ۋەقەنىڭ ئۆزىدىن باشلايدۇ. شۇ ئارقىلىق بىلال نازىمي

ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا يېڭى بىر باشلىنىش يارىتىدۇ، يەنى ئۆزىگە خاس يېڭى بىر يول ئاچىدۇ.

داستاننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، شائىرنىڭ خاراكتېر يارىتىش ئۇسۇلى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شائىرنىڭ بۇ داستاندىكى خاراكتېر يارىتىشتىكى ئۆزگىچىلىكى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

بىرىنچى، بىلال نازىمىي ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرىنى سۆزى، ئىش-ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش يولى بىلەن گەۋدىلەندۇرگەن. داستاندا ئۇ ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۇرىدىغان سۆز، ھەرىكەت ۋە روھىي ھالىتىنى كەڭ تەسۋىرلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ تىپىكلىرىنى تاللاپ نەتىجە قازانغان. بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي، شائىرنىڭ خاراكتېر يارىتىش جەھەتتىكى ماھىرلىقىنىمۇ گەۋدىلەندۇرگەن.

ئىككىنچى، ئاپتور خاراكتېر يارىتىشتا ئوبيېكتىپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزى يېزىۋاتقان ۋەقەگە ۋە پېرسوناژلىرىغا قارىتا پوزىتسىيەسىنى بىلدۇرمىگەن، ئۆز ھېسسىياتىنى، سۇبيېكتىپ باھا-مۇھاكىمىلىرىنى قوشمىغان ياكى ئىزاھات بەرمىگەن. ئاپتورنىڭ شۇ پېرسوناژ ھەققىدىكى باھاسى ئۇنىڭ خاراكتېرىگە سىڭدۇرۈلگەن. ئۆزى ئەسەردىن چېكىنىپ چىقىپ، نوقۇل بايانچى سۈپىتىدە ۋەقە بايان قىلغان.

داستاننىڭ بەدىئىيلىكى جەھەتتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، داستاندا باشتىن-ئاخىر ھەجۋىيلىك كۈچلۈك بولۇپ، داستاننى ھەم كۈلكىلىك، ھەم ئېچىنىشلىق بىر كومېدىيەگە ئايلاندۇرغان. ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى ئوقۇغان كىتابخان داستاننىڭ ھەجۋىي خاراكتېرگە ئىگە داستان ئىكەنلىكىنى، يۇسۇفخاننىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالالايدۇ. داستان باشلىنىپ، يۇسۇفخاننىڭ كەتمەن كەنتىگە كېلىپ ئۆزىنىڭ ۋە ئەجدادىنىڭ «خوجا» ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىنكى ۋە ئالاھىدە ئۆي راسلىغاندىن كېيىنكى تەسۋىرلەرگە پۈتۈنلەي ئاچچىق، ئۆتكۈر مەسخىرە، ھەجۋىيلىك سىڭگەن.

داستاننىڭ تىلىمۇ پىشقان، خەلق تىلىغا يېقىن 19-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بولۇپ، بۇنىڭدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بۇ دەۋردە يەنىلا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ھەمدە يەنە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرەلەيمىز. ئاخىرىدا، شائىر ۋە داستاننىڭ ئىدىيەۋىلىك جەھەتتىكى چەكلىمىلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمۇ زۆرۈر.

19-ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى بىلال نازىمىنىڭ «چاڭمۇزا يۇسۇفخان» داستانى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ھەجۋىي ئەسەرلىرى ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ساتىرىك داستان بولۇپ، رېئال قىممەتكە ئىگە. ھېلىمۇ دىنىي خۇراپاتلىق ۋە نادانلىق ئاسارىتىدە يۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى ئاچچىق تەربىيەگە ئىگە قىلىدىغان ئېسىل دەرسلىكتىن ئىبارەت.

قىسقىسى، چەت ئەلدىكى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەرقشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس، تۈركلوگ ئالىملار ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مۇھىم ئەربابلىرىدىن يۈسۈف خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي، ئەھمەد يۈكنەكىدىن قالسا، تەرەققىيپەرۋەر شائىر بىلال نازىمىيغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم نامايەندە دەپ بىلىدۇ. بىلال نازىمىي ھەقىقەتەنمۇ تەرەققىيپەرۋەر تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماي، خەلق بىلەن ھەمنەپەس شائىردۇر. بىلال نازىمىي ئىجادىيىتىنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن چىن مەنىسى

بىلەن ئوزۇقلانغان ھەم ئىلغار، ھەم ئاممىباب ئەدەبىيات نەمۇنىسىنى ياراتقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماي، يەنە مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتتە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بايراقدارلىق رول ئوينىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ياخشى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىگە توغرا باھا بەرگىلى بولمايدۇ. ئىقىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىدىن ئۆلگە ئۆرنەك ئېلىشنىڭ بىر يازغۇچى ئىجادىدا ھەل قىلغۇچ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تولۇق شەرھلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

## §13. سابىر ئاخۇن ناقىس

### 1. سابىر ئاخۇننىڭ ھاياتى

شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارىي (ناقىس) ھىجرىيە 1259 ـ يىلى (مىلادىيە 1840 ـ يىلى) يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ بازارئىچى مەدرىس كۆلبېشى مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئائىلىسى ۋە يېڭىساردىكى مەدرىسەلەردە چىقارغاندىن كېيىن، ئەينى دەۋرنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان كاشغەردىكى مەشھۇر مەدرىسەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە زامانىسىنىڭ زۆرۈرىي مەدرىسە بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلەپلا قالماستىن، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، بۇ ساھەدىمۇ بەلگىلىك سەۋىيەگە يەتكەن. ئوقۇش جەريانىدا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ، شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزىدە بەلگىلىك ئاساس ياراتقان ۋە كېيىن ئۆزىمۇ بەدىئىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، كىلاسسىك شېئىرىيەتتىكى غەزەل، مەسنەۋى ۋە مۇخەممەس شەكىللىرى بىلەن بىر قىسىم شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان. شائىر كاشغەر مەدرىسەلىرىدىكى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئانا يۇرتى يېڭىسارغا قايتىپ، يېڭىساردىكى تايىبەگ مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇ بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ تەلەپچان خۇسۇسىيىتى ۋە ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش ئادىتى بويىچە تالىپلىرىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. ئۆز مەنپەئەتىنى قىلچە ئويلىماي، ھەممە ئىشتا خەلق مەنپەئەتىنى ئويلىغان ۋە ئۇلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، تۇرمۇش، ئەخلاق، نۇقتىئىنەزەر، ھېسسىيات قاتارلىقلاردا ئۇلار بىلەن توغرا چۈشەنچە بىرلىكىدە بولغان. ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، كۆڭلىنى ئىستىگەن.

. شائىر ناقىس ھىجرىيە 1340 ـ يىلى (مىلادىيە 1920 ـ يىلى) 81 يېشىدا يېڭىساردا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇ ھايات ۋاقتىدا خەلق ئاممىسى ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىغىمۇ تارقىلىپ بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان. شائىر ئىجادىيەتتىكى مول ھوسۇلى ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇمى جەھەتتە زامانىسىغا نىسبەتەن بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىنى يەنىلا

ئوقۇغۇچى، تېخى پىشمىغان ھېسابلاپ، ئۆزىگە «ناقىس» (كەمتۈك، چالا، ۋايىغا يەتمىگەن، شېخىدىن ئاجرىغان، زەئىپ دېگەن مەنىلەردە) دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسنى قوللانغان. شائىرنىڭ بىلىم ئېلىش، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە يېتىشتۈرگەن يۇقىرىقىدەك كەمتەر، ئەستايىدىل ۋە ساغلام پوزىتسىيەسى ھەرقانداق بىر كىشىنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شائىر ۋاپاتىدىن ئىلگىرىلا ئۆز يېقىنلىرىغا: «يازغان ئەسەرلىرىمنى مەن ئۆلۈپ ئەللىك يىلدىن كېيىن نەشر قىلىپ تارقىتىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان ئىكەن.

**2. ناقىس ئىجادىيىتىنىڭ مەزمۇن قاتلىمى**

شائىر ناقىس ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىدىغان مەنبەلەر خېلى كۆپ[①]. شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېگىسارىي (ناقىس) كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ رۇبائىي، مەسنەۋى، مۇخەممەس قاتارلىق ژانىرلىرىدا نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. شائىر ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى لىرىك ئۇسۇل بىلەن بايان قىلىپ ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەينى دەۋردىكى چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى، تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان ناچار ئىللەت، يارىماس خاھىشلارنى ۋە جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ھاكىمىيەتتىكى چىرىكلىك، ئەمەلدارلاردىكى نەپسانىيەتچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. ئۇ ئىجادىيىتىدە باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، خەلقپەرۋەر بولۇش، ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيۈش، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتنى تەشەببۇس قىلىش، ئادالەتنى، توغرىلىقنى ياقىلاش قاتارلىق بىرقاتار مەسىلىلەرنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىرنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا كۆرۈشكە بولىدۇ:

شائىر شېئىرلىرىدا ئادالەتسىز تۈزۈم، تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان ناھەقچىلىكنى چوڭقۇر پاش قىلىش بىلەن بىرگە، ئەزگۈچى قارا كۈچلەرنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىنسابسىزلىقىدىن قاتتىق يىرگىنىدۇ. ئۇ «بۇرادەرلەر ھەزەر ئەيلەڭ

[①] شائىر ناقىس ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىدىغان مەنبەلەر خېلى كۆپ. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىلى 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان غۇلام ئەبەيدۇللا نەشرگە تەييارلىغان مەنبەدە ئېيتىلىشىچە، ئۇ شائىرنىڭ «دىۋانى ناقىس» ناملىق كىتابىنى 1981 ـ يىلى يېگىساردا يېگىدىن تېپىلغان قول يازما نۇسخىسى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىغان. شۇ مەجمۇئەنىڭ 1988 ـ يىل 1 ـ ، 2 ـ سانىدا ياسىن ئىمىن، توختى تۇراخۇن قاتارلىقلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن ئېلان قىلىنغان مەنبەدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ توپلامدا غۇلام ئەبەيدۇللا نەشرگە تەييارلىغان توپلامدىكى شېئىرلاردىن ئۈچ پارچە غەزەل بار بولۇپ، قالغانلىرى تېخى ئېلان قىلىنمىغان ئىكەن. بۇ نۇسخىدىكى مۇھەررىر ئىلاۋىسىدە: «شائىر غەزەللەرنى رەتلەپ دىۋان تۈزۈش ئۈچۈن قاپىيە ۋە رادىفنى تۈرگە ئايرىپ چىقىپ، ئۈستىگە ‹رادىفلىئەلىف› (قاپىيە ۋە رادىف ئاخىرى ئەلىف يەنى «ئا» بىلەن كەلگەن شېئىرلار)، ‹رادىفلىبا› (قاپىيە ۋە رادىف ئاخىرى «ب» بىلەن كەلگەن شېئىرلار) دېگەنگە ئوخشاش رادىف ئىسىملىرىنى يېزىپ قويغان. لېكىن شېئىرلار تېخى تولۇق دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرۈلمىگەن. بۇنىڭدىن بىز قول يازمىنىڭ ئاپتور دىۋان تۈزۈشتىن بۇرۇنقى نۇسخا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز» دېيىلگەن.

پىروفېسسور شەرىپىدىن ئۆمەر بۇلارغا قاراپ، «يۇقىرىقى ئىككى ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، شائىر ئىككى دىۋانغا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدا 234 پارچە غەزەل، بىر پارچە مەرسىيە، بەش پارچە مۇخەممەس، ئۈچ پارچە رۇبائىي، 13 پارچە قىتئە، شۇنداقلا پارچە شېئىرلار ۋە پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ‹گۇلزار بىنىش› داستانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن» دەيدۇ. بۇلار «دىۋانى ناقىس» نامى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

يۇ كۈندە بەگ ـ ئامبالدىن» دەپ باشلىنىدىغان مۇخەممەسىدە، زامانىسىدىكى ئېكسپلاتاتور كۈچلەرنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن خەلقنى ئېزىپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى باج ـ سېلىق، ئالۋانلارنى زىيادە كۆپەيتىپ، خەلقنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا كەلتۈرگەنلىكىنى يازىدۇ.

*سوئال ئەتسەڭ موزاي بىرلە ئۇشاق جانلىق، كىچىك تايدىن،*
*تۇياقىغا باج بېرىپ دەپ ئۈستۈرۈپ بەك ئالمىغان بايدىن.*
*ئۇلاردىن ئالدىلەر يەر ساتتۇرۇپ باغ ئىلە سايدىن،*
*بۇ كۈنلەردە دىخانلەرگە ئارام بىرلە، ئامان قايدىن؟*
*ئۇلاردىن ئالمىغان باج قالمىدى ئەنۋائ ھايۋاندىن.*
*مۇبادا سەل كېلىپ ئۆستەڭلەرى دەرياغا يار كەتسە،*
*غەنىلەر ئۆيىدە قالىپ، پەقىرنى ھايدىتىپ كەتسە،*
*مىراب، داقالچى، يۈز باشلەر ھاشارلارنى ئالىپ كەتسە.*
*ئۇلار تاقەت قىلالماي تەڭرىگە چۇن يىغلاشىپ كەتسە،*
*خاراب بولماي نىچۈك قالغاي مۇنەققەش كاتتا ئايۋاندىن.*

ئۇ يەنە زالىملارنىڭ ئۆزئارا ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، يوقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىپ، ئۆزى بىلگىنىچە بەلگىلىمە چىقىرىپ خەلقنىڭ قېنىنى شورىغانلىقىنى، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەي ئالۋان ـ ياساق ۋە باجدا بىرنى ئون ھەسسىلەندۈرۈپ خەلققە ئېغىر زۇلۇم سالغانلىقىنى مۇنداق يازىدۇ:

*ئۆزى يولبارس سۈپەت شەھەر ئىچرە پۇقرانى تامام سويدى،*
*ئاڭا تويماي دەغى سەھرادىكى غۇرباغە يۈز قويدى.*
*بۇلاپ كەلمەك ئۇچۇن يۈز باش، ئون باشلار ئەمىن قويدى،*
*خىنەيۇ، شاخۇ، باجۇ، دەغى بىركى مەركى ئات قويدى.*
*دىبان يارلىغ بىر چىن شەھرىدىن خان بىرلە خاقاندىن،*
*بىر باجگىر تابىئەلارى سەكسەنىچە بار ئېرمىش،*
*خالايىقلار ئۆيىنى ئاقتارىپ بارىن ئالار ئېرمىش.*
*سېتىپ ئالغان بىلە ئالمىغانغە تەڭ سالار ئېرمىش.*
*كىشى بىر مال سېتىپ ئالسا شەمەندىن كۆپ ئالار ئېرمىش،*
*ئۇلارغا يىغلاسا پۇخرا ساتىپ ئالدۇق دېمىش خاندىن.*

شائىر يەنە بىر شېئىرىدا ئۇلارنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپت ـ بەشىرىسىنى:

*جالاپلار بىر نېمە بەرمەي كىشىنىڭ مالىنى ئالماس،*
*ئالۇرسەن ھىچنىمە بەرمەي كىشىنىڭ مالىنى جالىپ.*

دەپ كۆرسىتىپ، تەييارغا ھەييار ئەزگۈچىلەرنىڭ جەمئىيەتتە ئەڭ ئەخلاقسىز، پەس تەبىئەتلىك ھېسابلانغان جالاپلاردىنمۇ يىرگىنىشلىك مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

شائىر ناقىس ئىنساننى گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىجراچىسى، گۈزەل ئەخلاق ئىنساننىڭ ماھىيىتى، ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئىنساننىڭ تاشقى گۈزەللىكى گۈزەل ئىچكى قەلب بىلەن تولۇق ماسلاشقاندا، ئۇ ئاي ۋە قۇياشتىن گۈزەل كۆرۈنىدۇ دەپ يازىدۇ:

*ئول سەفا بابىدا ئاي ـ كۈن ھەممىدىن ساف دېمىش،*
*كۆرۈنۈر ئىككىلا ئالەمدە ئول ئاي پاك ماڭا.*

«مەن»گە ئىككىلا ئالەمدە پاك كۆرۈنگەن ئاي بىلەن «ئۆزى يولبارس سۈپەت شەھەر ئىچرە پۇقرانى تامام سويدى» غان ئىككى خىل ئىنساننىڭ شائىر قەلىمى ئاستىدىكى تەسىرىگە قاراپ باقايلى: بىرسى، خەلقنىڭ غېمىدىن قىلچە خەۋىرى يوق نەپسانىيەتچى، ھارامغا ئۆگەنگەن يالماۋۇز بولسا، يەنە بىرسى، ئۆز ئەخلاقىي سۈپەتلىرى بىلەن «مەن»نى سۆيۈندۈرگەن گۈزەل قەلب ئىگىسى. شائىر كۆچلۈك سېلىشتۇرما ئاساسىدا ئىنسانغا باھا بېرىدۇ، ئۇنى مەدھىيەلەيدۇ ۋە ئۇنى قاتتىق سۆكىدۇ.

*باتىنى بولسە قارا يۈز ئاقىنى بىلمە سەفا،*
*بولماغاي قوي بىلەن تەڭ گەرچە ئېرۇر ھەم ئاق كالا.*

يۈزى ئاق بولغان بىلەن قەلبى قارا بولسا، ئۇنىڭ ئادىمىيلىك ساپاسىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟

شائىر ناقىس زامانىسىغا كۆز يۈگۈرتكەندە ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ھەر تەبىقە كىشىلىرى ئارىسىدىكى يۇقىرىقى خاراكتېردىكى ئادەملەرنى كۆرگەن، ئۇلارغا:

*ۋەفالىغ يارنىڭ دىيدارىنى گۈلزارى جەننەت بىل،*
*خەيالىن كۆڭلۈڭ ئىچرە جا بېرىپ تەشرىفى ئۇلپەت بىل.*

دەپ نەسىھەت قىلىدۇ ۋە مۇشۇ يول ئارقىلىق ئەخلاقتا چىرىكلەشكەن، ھوقۇقنى خەلقنى شىلىشتىكى بىر ۋاسىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغان نەپسانىيەتچى، قارانىيەت مۇناپىقلارنى يامان نىيىتىدىن يېنىپ ئادىمىي خىسلەت بىلەن ياشاشقا ئۈندىگەن. چۈنكى ئۇ:

*كۆرسە ھەر كىمدە ۋەفا جانىن ئېتەر راست فىدا،*
*بۇ فەنا دەيرى ئىچرە ھاسىل ئېتىپ ئىشىق ئەي دىل.*

بولۇشىنى بىر قانۇنىيەت دەپ قارايدۇ. شائىر ئىنسان ئادىمىي خىسلەت بىلەن ياشىسا، ئۇ ھەرقانداق كىشى تەرىپىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ دېگەن تەشەببۇسىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، زالىملارنى خەلققە زۇلۇم قىلماسلىققا، رەھىم-شەپقەت قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى شائىر:

*بىۋەفالار مېھرىدىن كۆڭلۈم مۇكەددەدۇر مېنىڭ،*
*گەرچە جانىم مۇرغى ئىشىق ئىچرە سەمەندۇر مېنىڭ.*

بولغان، پۈتكۈل ھاياتىنى خەلقنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ ئېتىپ، ھاياتىدا خەلقنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغلىغان، پەس تەبىئەت، ھارامتاماق ئەمەلدارلارغا يالۋۇرۇشنى خالىماي، ھەق گەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن. شائىر ۋۇجۇدىدىكى مەردانىلىكنى مۇنداق يازىدۇ:

*بەزمە ۋەفا تۇرۇپ، قىلما جەفانىڭ سۆزىن،*
*كىم ئاڭا ئوخشاش ئەمەس ھېچ جاھاندا شەرى.*
*ناقىس دىلخەستەدۇر قۇيرۇقى كالتە ئېشەك،*
*لېيىك قىلالماس بۇ سۆز قۇيرۇقى يۈز گەز خەرى.*

شائىرنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنى، دىلىم زۇلۇم تۈپەيلى خەستە بولغان بىر ئادەممەن. خەلقتىن يوشۇرىدىغان ھېچقانداق ئىشىم يوق. خەلق ئالدىدا يۈزۈم تۆۋەن بولىدىغان ھېچقانداق بىر ئىشنى قىلمىدىم. ئەيىبلىك يەرلىرىم تېخىمۇ يوق بىر ئادەممەن. بۇنداق گەپلەرنى مەندىن باشقا ھېچكىم قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ «قۇيرۇقى يۈز گەز»(ئۆزىگە لايىق ئەيىبى بار) دەيدۇ. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، شائىر تاماخورلۇق، تەخسىكەشلىكنى ئۆزىگە يات كۆرۈپ،

ھەق گەپ قىلىپ لىللا ياشىغان.

شائىر شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر مەزمۇن، ئىلىم-مەرىپەتنى قەدىرلەش، ئىلىم-بىلىم ئىگىلەپ ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي تېمىنى روشەن يورۇتۇپ بەرگەنلىك تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ.

شائىر بارلىق نادانلىق، قارا كۆڭۈللۈك، تاش يۈرەكلىكنىڭ مەنبەسى ئىلىمسىزلىك دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆز دوستىغا سادىق بولۇشنى ئاساسىي شەرت قىلغان ھالدا، بىلىم ئەھلى ۋە دانالار بىلەن دوستلىشىش، نادانلاردىن يىراق بولۇشنى ئۆز پرىنسىپىنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلغان.

*مۇساھىپ بول ئەگەرچە خەسىمدۇر دانا بىلە دائىمە،*
*فىداجان قىلسە ھەم يانداشماغىل ھەرگىزكى نادانغە.*

نادان گەرچە جېنىنى پىدا قىلىشقا ھەمىشە تەييار تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قەتئىي يېقىن كەلمە، ئەگەر دۈشمىنىڭ بىلىملىك بولىدىكەن ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن قاچما دەيدۇ. نادان دوستتىن بىلىملىك دۈشمەنىي ئەۋزەل بىلگەن شائىر نادانلارنىڭ نادانلىقىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

*بار ئەرمىش بىر گۇرۇھى جۇملە نادان،*
*ھەمىشە زىكرى پىكرى ئاش ئىلە نان.*

*ھارامۇ شىبەدىن ھاسىل ئېتىپ پۇل،*
*كىيەر ھەرنەۋئى كۆڭلەك بىرلە ئىشتان.*

*تاماكۇ بىرلە بەڭنى رەسم قىلمىش،*
*دېمەسلەر چەكمەگەننى ئەسلا ئىنسان.*

*بېرەر دائىم غېرىب-ئاجىزغە ئازار،*
*دىلى قاتىغ، لەبى گويا نەمەگدان.*

دېمەك، نادانىنىڭ قىلمىشى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى مانا مۇشۇنداق. ئۇ نادانلىقى تۈپەيلى ئەلگە زىياندىن باشقا ھېچقانداق نەپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا شائىر ئۆزىگە خىتاب شەكلى بىلەن:

*ناقىسا، ئول فىرقە ئەھۋالىن دېمەك ئېرمەس زۆرۈر،*
*بى ئەدەپلەردىن يىراق بولماققا كۆرگۈزگىل تەلەپ.*

دەپ يازىدۇ.

شائىر ئىلىم-مەرىپەتكە، تەرەققىياتقا دۈشمەنلىك كەيپىياتتا بولغان، ئىلىم-بىلىم ئىگىلىرىنى چەتكە قېقىپ، نادانلىقنى قۇۋۋەتلىگەن قاراڭغۇ جەمئىيەت ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىپ، كۈچلۈك مەجازىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نەپرەتلىك، يىرگىنىشلىك ئەپت-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

شائىر شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر ئىلغار مەزمۇن، كىشىلەرنى ئىشچان، تىرىشچان، ئەمگەكتە پىشقان ئادەملەردىن بولۇشقا چاقىرىش بىلەن، ۋىجدانلىق، كەمتەر، مۆلايىم، ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندەش، ھۇرۇنلۇقتىن ساقلىنىش، بېخىل، ئاچ كۆز بولماسلىققا يېتەكلەش تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ.

شائىر سىياسەتنىڭ چىرىكلىكى تۈپەيلى ئادەمنىڭ ئاچ كۆز، پىخسىق بولۇپ، ئىجتىمائىي

ئەخلاقىنىڭ ئوقىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى مۇنداق يازىدۇ:

*ئەي كۆڭۈل ئانداغ بۇزۇلمىش بۇ جاھان مەئمۇرىسى،*
*كىم ھەما مارجان نەما ئەمما ئۇزۇمنىڭ غورىسى.*
*بارچە خۇش قامەت سافا تەلئەت ۋەلەيكىن باتىنى،*
*ئاق قوناق شاخى، سۇنۇق شىشە بەدەخشان كورىسى.*
*يوق پۇلى دەپ كۆرسە دانىشمەندلەردىن ئار ئېتەر،*
*ھەر نىچۈك ئىش قىلسا پۇل تاپسا ئوبدان جورىسى.*

*ئەل كۆزىدە ياغ، گوش، زەدەك، پىياز ئالۇرمۇ دام،*
*لىك قىزغانىپ بۇلۇتىدىن بەكتىگلىك مورىسى.*
*ۋەئىدىسى يالغان، ئۆزى مومسىك قۇرۇق سۇلكەت ھەمە،*
*كەلسە مېھمانلار قاچارغا قازناقىدا ئورىسى.*

ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوست، قولى ئوچۇق، سېخىي ۋە مەرد بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن، شائىر بۇنداق مېھماندوستلۇقنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشتىكى مەنبەسىنى ئەينى زاماندىكى چىرىك فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمگە باغلاش ئارقىلىق، زاماننىڭ ئادەم خاراكتېرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان چىرىك ماھىيىتىنى پاش قىلغان. ھۇرۇنلۇق بارچە يامان ئىللەتنىڭ مەنبەسى دەپ كۆرسىتىپ، ھۇرۇنلۇق تۈپەيلى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتا غۇربەتچىلىككە گىرىپتار بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

*پەيدا بولۇبدۇر بۇ زامان،*
*بىر مۇنچە ھۇرۇن لاماكان.*
*قىچقارسا ئىشقا ئول دەۋەن،*
*كەلمەيدۇ ھەرگىز شۇ زامان.*
*قايداغ قىلادۇر دەپ قېنى،*
*داسقاندا قويسا يەتتە نان؛*
*ئىككى يېنىغا سىنجىقاپ،*
*قويمايدۇ يەپ بىر تىكە نان.*

*ئەمما ئۆزىنىڭ ئۆيىدە،*
*ئايدا يىمەس بىر تىكە نان.*
*سۇستلۇق ئۇنىڭكى پىشەسى،*
*بويى ئەغىر، جانى گىران.*
*قىچقارسا بىر كىم نەزرەگە،*
*ئۇچقاي قانات بىرلە راۋان.*
*سايىلغا بەرمەس بىر دەرەم،*
*ئالغاي ئۆزى مەن دەپ پالان.*
*ھۇرۇنلىغىدىن تۆشىدە،*
*يوق كۆڭلەكى بىلەن چاپان.*
*ئەھلى ئايالى دەر بەدەر،*

*ئىستەپ چىقادۇر پارچە نان.*
*بولغاچ مەئىشەت تەڭلىكى،*
*زىق ئولغۇسىدۇر بۇ جاھان.*

يۇقىرىقىلاردىن باشقا شائىر يەنە ئاچ كۆزلۈك، خەسىسلىكنى قاتتىق قامچىلايدۇ:

*دېدى بايغە بىر غەرى مادە ئات،*
*يوق ئولدى قولۇڭدا مىنىڭ تايلىقىم.*
*بۇ يەڭلىغ خىساسەتكى ۋە ئېڭدەدۇر،*
*قالۇرسەندە توختاپ ھەمە ئايلىقىم.*
*..........*
*..........*

شائىر ناقىس شېئىرلىرىدا «كۆڭلى قارا تاش، ئاغزى مولايىم»، «ئۆمرىدە سايىلغا بىر پۇل بەرمەيدىغان»، ھەمىشە پۇل، مال ـ دۇنيا ھېرىسلىكىدە خۇدىنى يوقىتىپ، ئەسكى ئىشلارنى سادىر قىلىدىغان يالغانچى، ئەخلاقسىزلارنى، قۇرۇق سۆلەت مايمۇن مىجەزلىك ئادەملەرنىمۇ مەسخىرە قامچىسىدىن ئۆتكۈزىدۇ:

*ئۆزىكى گۇلدەك رەئنا كۆرۈنگەي،*
*ئەللامەلاردىن دانا كۆرۈنگەي،*
*قۇشقاچ كۆزىگە ئەنقا كۆرۈنگەي.*
*مىس پۇل كۆزىگە تىللا كۆرۈنگەي،*
*خۇرشىد ياڭلىغ ئالدىدا بىر نان.*

*ئۆزىنى چاغلار قارۇن كەبى باي،*
*بىر پۇل يوق ئەتسە كۆڭلىدە يۈز ۋاي.*
*مېھماننى كۆرسە بوي تاسما ماڭلاي،*
*بەرمەس كىشىگە بىر كاسائى چاي،*
*ئەيلەپ پۇشايمان، قۇسقاي قىزىل قان.*

شائىر شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن، ئۇنىڭ سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ مۇھەببەت، ئىنسانىي ئىشقىي ھەۋەس ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ.

*ئىشىق ئەسرارىنى ھەر چېھرەسى زىبا بىلمەس،*
*بۇلبۇل ئەفغانىنى ھەر بەرگى سۇمەنسا بىلمەس.*
*جان پىدا قىل ياخشى سۆھبەتكە ئەگەر مەردانە سەن،*
*ئىشىقسىز يۈرمە بۇ ئالەمدە ئەگەر فەرزانە سەن.*
*بولسا ئىشقىڭ ئەيش جاۋىدان بىلەن ھەمخانە سەن،*
*ئىشىقسىز ھەر چەندە ئاقىل سەن جۇنۇن دىۋانە سەن،*
*ھۇشنىڭ سەرمايەسىدۇر بويى ئىلپەت ئەي رەفى.*

شائىرنىڭ قارىشىچە، مۇھەببەتتىكى سەممىيلىك ۋە ئۇنىڭغا يانداشقان ۋاپادارلىق ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ مەزمۇنى. ئۆزىنى ئىنسانىي ئىشقىي مۇھەببەت يولىغا ئاتىغان كىشى ئۆزىنى پاك تۇتۇش بىلەن بىرگە بۇ يولدا دۇچ كەلگەن بارلىق خېيىم ـ خەتەرگە بوي ئەگمەسلىكى،

قىيىنچىلىقتىن قورقماسلىقى، بۇ يولدا تارتقان بارلىق رىيازەتلەرنى راھەت ۋە خۇشاللىق دەپ بىلىشى لازىم. بۇ خۇشاللىق ۋە راھەت پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن مۇشۇ يولغا ئاتلانغانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ يولدىكى بوشاڭلار، يالغان ئاشىقلار، ۋاپاسىز ۋە نامەردلەر بۇ نېسىۋىدىن قۇرۇق قالىدۇ.

شائىر شېئىرلىرىدا يەنە كىشىلەرنى كەسىپى ئەخلاق جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، تاماخورلۇق، تىكىنخورلۇق ۋە ئىچى تارلىقتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى لازىملىقى ھەققىدە مۇھىم قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تېمىغا شائىر «مەسنەۋى» ناملىق بىر كىچىك داستاننى بېغىشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كەسپىي جەھەتتىن پىششىپ يېتىلگەن، پەزىلەتلىك بىر تېبابەت ئالىمى ئوبرازى بىلەن ئىلىمگە قىزىقمايدىغان، ھۇرۇن، ھەسەتخور شاگىرتى ئوبرازىنى يارىتىپ، شاگىرتىدىكى ئەخلاقسىزلىقنى قاتتىق قامچىلايدۇ. ھەسەتخورلار ئىلىم ئىگىسى بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى كەسپىنىڭ دۈشمىنىدۇر دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شائىر بۇ تېمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بىلىمنى مەنسەپكە تېگىشكەن، ئاخىر ھەممىدىن قۇرۇق قالغان ساختا ئىلىم ئىگىلىرىنى قاتتىق قامچىلىغان.

*ئۇلار نەتسۇن بۇ ئۆمرىدەكى ئالەمدىن ئەمەل كەتتى،*
*ئوقۇپ موللا بولۇپ، ئىلمىن ساتىپ كىم بى ئەمەل كەتتى.*
*داغى سوپى ئىلە قارى خەلىپەدىن كامال كەتتى،*
*بۇ بائىسدىن جاھالەتلىك كىشىكىم بى ئەجەل كەتتى.*
*قاچىپ قۇتۇلغالى بولماس تىلەمچى يالغان ئىشاندىن.*

شائىرنىڭ مەنچىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىگە قارشى چىققان، ئۆزىنىڭ يامان تەرەپلىرىنى ئايىماي سۆكۈپ تاشلىغان ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى قاماققا ئېلىۋاتقان، باستۇرۇۋاتقان مۇنداق بىر شارائىتتا ئۆز ھاياتىدىن قىلچە ئەنسىرىمەي، زامانىسىدىكى ناچار خاھىش، يامان ئىللەتلەرنى، ئەكسىيەتچىل، رەپەرەس ناجىنسلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىشى ئۇنىڭ يۈكسەك ئىلغارلىقىنى، ئوت يۈرەك، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شائىر يەنە جەمئىيەتتىكى پەس تەبىئەت، تاپتىن چىقىپ كەتكەن، پۇل ئۈچۈن نومۇسىنى بۇلغاشتىن قورقمايدىغان ئاياللارغا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇلارنى مىللەت مەدەنىيىتىگە چۈشكەن مىتە قۇرت دەپ قارايدۇ.

*ئىستەمە بۇيى مۇھەببەت بۇ زەمان ئەھبابدىن،*
*رەنج يەتمەسنى غەنىمەت بىل مۇنىڭدەك چاغ ئارا.*
*خاتۇنىكىم ئۆي ئارا پەرداز ئېتىپ ئەلدىن قاچار،*
*بولمە گول ئەلبەتتە باردۇر ئويناشى قازناغ ئارا.*
*قىل ھەزەر سىماسى ئاق شىرىن سۇخەن ئەييارىدىن،*
*باردۇرۇ ئەلبەتتە ئەخلەت ئۇستى ئاق قايماق ئارا.*
*كۆڭلى تۈزنىڭ سۆزىنىڭ قاتتىغلىغى ئەيىب ئولماغاي،*
*كۈپدۇرۇر ئەلبەتتە ناقىس دىلى قاتتىغ تىلى يۇمشاق ئارا.*

شائىر ئايالار دۇنياسىغا كۆز يۈگۈرتكەندە، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈكنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈپ، ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىكلەشكەن ئايالارنى جەمئىيەتنىڭ ئەخلىتى قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ.

شائىر ناقىس ئىجادىيىتىنىڭ تېمىسىنى خىلمۇ خىل نۇقتىلارغا قارىتىپ بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم قازانغان. ئۇ ئۇيغۇر ئەلنەغمە مەدەنىيىتىگە ھېرىسمەن، مۇزىكىدىن

مۇزۇرلىنىشنى بىلىدىغان بىر كىشى بولغاچقا، ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىن پەخىرلىنىدۇ. 12 مۇقامدەك بۇنداق يۇرۇشلەشكەن شۆھرەتلىك مۇزىكىنىڭ ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتلاردا كۆرۈلمەيدىغانلىقىدىن شۆھرەت ھېس قىلىپ، ئۇنى تۇتىيا بىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر ئىجادىيىتىدە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تەرجىمە ئەسىرى «گۈلزار بېنىش» داستانىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شائىرنىڭ بۇ تەرجىمە ئەسىرى ئەسلى ئىران يازغۇچىسى شەيخ ئىنايىتۇللانىڭ «باھار دانىش» ناملىق پارس تىلىدىكى رومانى بولۇپ، ئۇنى شائىر دوستى داۋۇت ئاخۇننىڭ قايتا-قايتا تەلەپ قىلىشى بىلەن پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا مەسنەۋى شەكلىدە داستانلاشتۇرۇپ چىققان. رومان ئىسلام ئەپسانىلىرىنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى كۆپ ئۇچرىغان. ئۇنىڭدىن باشقا شائىر داستاننىڭ باش قىسمىدا ئۇزاقتىن-ئۇزاق ئاللا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەپسىلىي ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ. كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجغا چىقىشى توغرىسىدىكى قىسسە تەپسىلىي ۋە يۈكسەك ماھارەت بىلەن بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ كېيىنكى قىسىملىرى ھىندىستان شاھى خىسراۋنىڭ يالغۇز ئوغلى جاھاندار بىلەن مىنۇسەۋەد شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزى بەھرەۋەر بانۇنىڭ مۇھەببىتىگە بېغىشلانغان.

ئەسەردە جاھاندارنىڭ دۇنياغا كېلىشى، كۈچلۈك تەربىيە ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىشى، بالاغەتكە يەتكەندە شاتۇتى قۇشىدىن ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئايالى بولمىش گۈزەلنىڭ مىنۇسەۋەد شەھىرىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئۇقىشى، ئۇنىڭ گۈزەل خىسلەتلىرىنى ئاڭلاپ ئەس-ھوشىنى يوقاتقانلىقى قاتارلىق ۋەقەدىن باشلىنىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ ۋەزىر-ئۆلىمالىرىنى يىغىپ بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. ئاخىرى داڭلىق نەققاش مانى ۋە داڭلىق رەسسام بىنەزەرنى سودىگەر قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ مەلىكە بەھرەۋەر بانۇنىڭ رەسىمىنى سىزىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. رەسسام تەڭدىشى يوق ماھىر بولغاچقا، ۋەزىپىنى بەجانىدىل ئورۇنلاپ كېلىدۇ. ئۇ يوشۇرۇن ھالدا شاھزادىنىڭ رەسىمىنى سىزىۋېلىپ مەلىكىنىڭ يېنىغا ئالغاچ بارغان ئىكەن. مەلىكە رەسىمنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ قالىدىكەن. شاھزادىمۇ مەلىكىنىڭ رەسىمىنى كۆرگەندىن كېيىن مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچىيىدىكەن. داستاندا مۇشۇ ۋەقەلىكلەر تەسۋىرلىنىپ كېلىپ ئىنسانىي ئىشق-مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدىكى قاراشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۈچ پارچە ھېكايە شاخلاتما ۋەقەلىك سۈپىتىدە بېرىلىدۇ.

بىرىنچى ھېكايىدە، ئىنتاق ئۆتتۈۋاتقان بىر جۈپ ياش تەسۋىرلىنىپ، ياش يىگىتنىڭ گۈزەل ئايالى شەھەر ھاكىمىغا بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭغا سادىق بولغان ئېرىنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئىككىنچى ھېكايىدە، ياش چوكان ۋاپادار ئېرىگە خىيانەت قىلىپ، بىرنەچچە كىشى بىلەن ئوينايدۇ. بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالغاندا بولسا، ئېرىگە تىغ كۆتۈرۈپ، يۈزىنى تىلىپ تاشلاپ، ئۆزى ئېرىنىڭ قولىدا ھالاك بولىدۇ. لېكىن ئېرىنىڭ يۈزىدە بۇ شۇملۇقنىڭ يادىكارى بولغان تاتۇق قالىدۇ.

ئۈچىنچى ھېكايىدە، شەھەردىكى قالايمىقانچىلىقتىن بىزار بولغان بىر تۇل ئايالنىڭ شەھەرنى تاشلاپ جەزىرىگە كېلىپ ئۇ يەرنى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرغانلىقى، ئۇنىڭ چىرايلىق قىزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە بىر يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. تۇل خوتۇن دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن بولسا، قىز يىگىت بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرىپ باياشات ياشايدۇ. ئېرى ئايالىغا بىر كېنىزەك ياللاپ بېرىدۇ. ئەمما، ئۇ ئايال ئېرى

سەھراغا مېھماندارچىلىققا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر ئەسكى بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. ھەتتا كېنىزەكنى دەللاللىققا سالىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى سېزىپ قالغان ئېرى ئۇلارنىڭ ئويناۋاتقان ۋاقتىدا سىرتتىن كۆزىتىپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، خوتۇنى ئاشخانىغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خوتۇنىنىڭ ئاشنىسىنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنىنىڭ كېيىنكى ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىدۇ. ئاشخانىدىن چىققان خوتۇنى جەسەتنى كۆرۈپ چۇقان كۆتۈرۈپ، قولىدا خەنجەر كۆتۈرگەن ھالدا قاتىلنى ئىزدەيدۇ. تاپالمىغاندىن كېيىن ئاشنىسىنى باغقا دەپنە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ تۇرغان ئەر دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن خوتۇنى ۋە ئۇنىڭ كېنىزىكىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

داستاندا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيە، ئۆمۈرلۈك جۈپ تاللاشتا ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە سەممىي، ساداقەتمەن، ۋاپادار بولۇشى، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلىشى ۋە كۆيۈنۈشى لازىم دېگەندىن ئىبارەت.

داستاننىڭ ئاخىرىدا شاھزادە بۇ ئۈچ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاشىقلىقىدىن يانىدۇ.

ئاپتور ئىلگىرىكى داستانلاردا يارىتىلغان غايىبانە ئاشىق بولۇش تىرادىتسىيەسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، رېئاللىقنى چىقىش قىلىش، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى رېئال دۇنيادىن ئىزدەش غايىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

### 3. ناقىس شېئىرلىرىدىكى بەدىئىيلىك ئامىللىرى

ناقىس شېئىرلىرىدا ئىپادىلىگەن زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى لىرىك قەھرىمانىنىڭ لىرىك سەرگۈزەشتىلىرىگە بىۋاسىتە باغلاپ لىرىك ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. رېئال مەسىلىلەرنى زامانىسىدىن ھالقىغان ئىلغار دۇنياقاراشقا، ئىلغار كىشىلىك قاراش ۋە گۈزەل ئەخلاقىي قاراشلارغا ئىگە بولغان لىرىك قەھرىمانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىلغارلىق بىلەن ئۆلچەپ، شۇ مىزاندا مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار تېپىكلىككە ۋە خاسلىققا ئىگە بولغان. بۇ ھال كىتابخانىنىڭ قەلبىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلىپ، زامانىسىغا تەنقىدىي كۆز بىلەن قارايدىغان ئوي-پىكىرنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. شائىر شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك، پىكىر ئوچۇق-ئاشكارا ۋە يالىڭاچ ھالەتتە ئەمەس، بەلكى پىكىر ھەمىشە سەزگۈ-ھېسسىياتنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇلۇپ، ئوبرازلارنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق يورۇتۇلىدۇ. ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىر تولۇق ھېسسىياتقا تويۇنغان بولۇپ، پىكىر بىلەن ھېس مىسرالاردا مەنتىققە ماس ھالدا ئورگانىك بىرلىك ياساپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى جارى قىلدۇرغان.

ناقىس شېئىرلىرىدا شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ گارمونىك بىرلىكىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىشقا ئاشۇرغان. ئۇ قاپىيەۋازلىق ۋە ياكى شەكىلۋازلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، پىكىرگە خاس شەكىل بولۇشنى، شەكىلگە خاس پىكىر بولۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرغان. شۇڭا ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ غەزەل، رۇبائىي ۋە بېيىت ئۆلچەملىرىگە تولۇق رىئايە قىلغان ئاساستا ئەسەر مەزمۇنىنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

ناقىس شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئاممىباب، يېقىملىق ۋە ئوبرازلىق، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ شېئىرلىرىنىڭ رەڭدارلىقىنى ھەقىقىي تۈردە جەۋلان قىلدۇرغان. ئۆز شېئىرلىرىدا ھازىر تىلىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان 26 تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق

ۋاسىتىلەردىن باشقا يەنە، دائىم ئىشلىتىلمەيدىغان ئاساسىي ئېلېمېنتلار بولغان سۆز تەكرارلىرى، باشلانغۇچ سۆز تەكرارى، ئاخىرقى سۆز تەكرارى، هاجىب، رادىف، تەجنىس (ئومونىملار) قاتارلىقلاردىنمۇ ئوبراز يارىتىشتا ئۇنۇملۇك پايدىلانغان:

هەرپىي ئوبراز:

*باردۇرۇر هەريان يازىلغان گىيسۇيى ئەنبەر فىشان،*
*يائەلفئەهمەد يۈزىدىن مىم ئىلە بولدى ئايان.*

يەنە بىر خىلىغا تۆۋەندىكى تەرجىئىبەندنى كۆرۈپ باقايلى:

*«ئا» ئەلىف قامەت يۈزىن كۆردۈم قەدىم دال ئەيلەدى،*
*«بە» باقۇر چاغدا تۇتۇپ هەيرەت تىلىم لال ئەيلەدى.*
*«تە» كى تەنهالىقتا هەجرىدىن غەم ئېردى مۇنىسىم،*
*«سە» سەنا ئايتۇردا هۆسنى ۋەسفى ئىقبال ئەيلەدى.*
*«جىم» جەمالىغە كۆزۈم تۇشكەچ كۆرۈنۇر پارچە ئۇل،*
*«هە» هەيا قىلدىمۇ ۋەسىل ئەيلەرگە ئىهمال ئەيلەدى.*
*«خە» خەيالىدىن خەلايىقنىڭ سۆزى ئېرمەس قەبۇل،*
*«دال» دەردىدىن دىلىم ئاغرىتتى بىهال ئەيلەدى.*
*«زال» زەررە ئىختىيارىم يوق ئانىڭسىز دەهرئارا،*
*«رە» رەۋا بولغايمۇ هىجران ئىچرە پامال ئەيلەدى.*
*«زە» زەرائەتگاهى ئىشىق ئىچرە ساچىپ توخمى ئۇمىد،*
*«سىن» ساناپ مۇددەت كۇنۇمنى ئاي، ئايىم سال ئەيلەدى.*
*«شىن» شەراپىدىن ئۇمىد ئەتمەك كۆڭۈلدىن خۇپ ئىدى،*
*«سات» ساداقەت بولمىغاچ زىللەتنى ئەهمال ئەيلەدى.*
*«زات» زىرائەت بولمەسە قىلغان ئەمەل مەقبۇل ئەمەس،*
*«تە» تەرىقى ئىشىقدىنكىم ئۆزىنى ئەنزال ئەيلەدى.*
*«زە» زەرافەتدىن كۆڭۈل نازۇكلۇق ئەيلەر ئىكتىساب،*
*«ئەين» ئاشىقغە هەمە ئالەمنى دەللال ئەيلەدى.*
*«غەين» غايىب دەپ تىلىڭنى ئاچماغىل غەيبەتغە كىم،*
*«كاف» كافىرلارنى هەم گۇمراهۇ زەللال ئەيلەدى.*
*«لام» لەب ئاچمە ئانىڭدىن ئۆزگەگە ئەي بولهەۋەس،*
*«مىم» مۇلكىدىن سەنۇ مەندەككە ئەمۋال ئەيلەدى.*
*«نون» نەۋا تاپتىم دەبان تەرك ئەتمە ئەجزۇ ئىنفىهال.*
*«ۋاۋ» ۋەفا قىلماقنى ۋاجىب بىزگە فەئئال ئەيلەدى،*
*«هى» هەدەف قىلغىل كۆڭۈلنى سەن خەدەڭگى ئىشقىغە،*
*«لامئەلف» قەدىم پۇكۇلگەچ ئوقى غەربال ئەيلەدى.*
*«يا» يېمە دۇنيا غەمكىن فەنادۇر ئاقىبەت.*
*ناقىسا هېرىس ئوتى گەرچە لەبكە تەنجال ئەيلەدى.*

بۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى ۋە يىگىرمە ئالتىنچى مىسرالىرىدا هەرپلەرنىڭ شەكلى ئارقىلىق

ئوبراز شەكىللەندۈرسە، قالغان مىسرالاردا كونا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە باش ھەرپىنى باشلىنىش قىلىپ مەزمۇنەن ئوبراز يارىتىدۇ. بۇنداق شېئىرىي شەكىل سەنئىتى، يەنى ھەرپىي ئوبراز يارىتىش ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئابدۇرەھىم نىزارىي بىلەن ناقىستىن باشقا شائىرلاردا ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ.

## §14. مۇسا سايرامىي

### 1. مۇسا سايرامىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەتلىرى

مۇسا سايرامىي (موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامىي، 1836—1917) يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخ ئالىمى ۋە شائىرى. ئۇ مىلادىيە 1836-يىل 8-ئاينىڭ 23-كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيەسىگە قاراشلىق سايرام رايونىنىڭ ئاناقىز يېزىسىدا (ھازىرقى باي ناھىيە توقسۇن يېزىسى ئاناقىز كەنتى توغايلا مەھەللىسىدە) دۇنياغا كەلگەن[1].

مۇسا سايرامىي ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن دادىسى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان سايرام مەدرىسەسىدە باشلانغۇچ ساۋاتىنى چىقارغان. كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تونۇلغان، مەشھۇر مەدرىسەلەرنىڭ بىرى بولغان كۇچادىكى ساقساق مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا كىرگەن[2]. بۇ يەردە ئۆزىنىڭ بىلىمگە بولغان كۈچلۈك قىزغىنلىقى ئاساسىدا زامانىسىنىڭ زۆرۈر مەدرىسە بىلىملىرى بولغان قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، تەقۋىم، ئىلمىي نۇجۇم، ناباتات ئىلمى (ئاگروبىيولوگىيە)، جۇغراپىيە قاتارلىق بىلىملەر ۋە ئەرەب، پارس تىللى قاتارلىقلاردىن ناھايىتى يۇقىرى نەتىجە قازىنىپ، پات پۇرسەت ئىچىدىلا «موللا مۇسا»، «بالا موللا»، «موللا ئەبجەتخان» (كالېندارشۇناس) دېگەن شۆھرەتلىك ناملارغا مۇيەسسەر بولۇپ كىشىلەرگە تونۇلغان.

مىلادىيە 1864-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى كۇچا رايونىدا مۇستەبىت مەركىزىي ھاكىمىيەت ۋە يەرلىك فېئودال تۆرىلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن راشىدىن خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدە تەرەپ-تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، ئىنقىلاب ئوتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشكە باشلىدى. موللا مۇسانىڭ ساقساق مەدرىسەسىدىكى ئۇستازى موللا

---

[1] ئۇنىڭ دادىسى موللا ئەيسا خوجا بىننى موللا ئەزىزخان خوجا ئەينى دەۋردە باي ناھىيەسىگە تونۇلغان دىنىي ئىلمىي زات بولۇپ، ئوغلى مۇسانىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئېلىشىغا ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

[2] بۇ مەدرىسە زامانىسىدىكى داڭلىق مۇدەررىسلەر مۇدەررىسلىك قىلىدىغان مەدرىسە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇيدىغان تالىپلارنىڭ سانىمۇ كۆپ بولۇشىغا قارىماي، تالىپلار ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. مەدرىسەنىڭ ئاساسلىق، تايانچى مۇدەررىسى بولغان موللا ئوسمان ئاخۇن شۇ دەۋرنىڭ تونۇلغان مۆتىۋەر ئالىمى بولۇپ، ئۇ موللا مۇسانىڭ دادىسى موللا ئەيسا خوجا بىلەن پىكىرداش ۋە ھەمسۆھبەت ئىدى. موللا مۇسا موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇقى ۋە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشىگە مۇيەسسەر بولغان. ئوسمان ئاخۇنۇم زامانىسىنىڭ تونۇلغان مەرىپەت ئەھلى ۋە دانىشمىنى بولۇپلا قالماي، بەلكى خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر بىر زات ئىدى. موللا مۇسا سايرامىي ئوقۇش جەريانىدا موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلدى. 1854-يىلى ئۇ ساقساق مەدرىسەسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، ئۆز ئانا مەكتىپى سايرام مەدرىسەسىگە مۇدەررىسلىككە تەيىنلەندى. بۇ شەرەپلىك ئىشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ تونۇغان موللا مۇسا بىرتەرەپتىن ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، يەنە بىرتەرەپتىن قىزغىنلىق بىلەن تالىپلىرىغا بىلىم بېرىشكە ئاتلانغان مۇشۇ مەزگىللەردە دادىسى موللا ئەيسا خوجا بۇ ئالەمدىن ۋىدالاشتى. موللا مۇسا دادىسىنىڭ باش مۇدەررىسلىكتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىش بىلەن بىرگە، ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئوسمان ئاخۇن كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان ئەزىمەتلىرىنىڭ باش قازىسى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. قوشۇن سايرامغا يېقىن قىزىل دېگەن جاينى ئىگىلىگەندە، مولla مۇسا غەلىبە خەۋىرىدىن مەمنۇن بولۇپ قوزغىلاڭنى قىزغىن قوللاش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ بارلىق تالىپلىرىنى ۋە باشقا يۇرتلۇق ياشلارنى باشلاپ باشقا مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى بىلەن بىرگە قوزغىلاڭچى قوشۇننى قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ سايرام، قىزىل، باي، ياقائېرىق، ئاراشور قاتارلىق جايلاردىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران قارا كۈچلەر ۋە يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنى باستۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدۇ.[①]

1867-يىلى ياقۇپبەگ كاشغەر، ياركەند، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئاقسۇغا قاراپ شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىدۇ. كۇچا قوزغىلاڭچىلىرى رەھبەرلىرى ئىچىدىكى ئېغىر زىددىيەتلەر تۈپەيلى ئاقسۇ ئاسانلا ياقۇپبەگنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش زاكاتچىسى مىرزا بابابەگ ھېسارى مولla مۇسانىڭ ئۆتكۈر قابىلىيەتلىك بىلىم ئىگىسى ۋە ئۇستا خەتتاتلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە مەخسۇس مىرزا قىلىپ تەيىنلەيدۇ. مولla مۇسا بۇ ۋەزىپىنى تاكى 1877-يىلىغىچە بېجىرىدۇ.

مۇسا سايرامىي كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە قورچاق «بەدۆلەت ھاكىمىيىتى» ھەققىدە بىرەر تارىخىي ئەسەر يېزىپ قالدۇرۇش مەقسىتىدە كاشغەر، كۇچا، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى بىرقانچە يىل ساياھەت قىلىپ مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەرنى توپلاپ، ئاخىرى ئاقسۇدا يېزىقچىلىق، تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مۇسا سايرامىي ئاقسۇدا 40 يىل ئەتراپىدا تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ مەزگىل مولla مۇسا سايرامىينىڭ ھاياتىدىكى ناھايىتى ئېغىر يىللار بولۇپ، ئۇ بۇ مەزگىللەردە پېقىرلىق، موھتاجلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ. ئاخىرى 81 ياشقا كىرگەن مولla مۇسا سايرامىي 1917-يىلى 3-ئايدا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىشنى ئىلتىماس قىلىپ تۇغقانلىرىغا خەت يازىدۇ. مولla مۇسا سايرامىينىڭ چوڭ ئىنىسى ئىسلام ئاخۇننىڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن خەلپەت ئۇنى ھارۋا بىلەن ئاقسۇدىن قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا مولla مۇسا سايرامىي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بولۇپ، يۇرتىغا قايتىپ بىر ئايدىن كېيىن، يەنى 1917-يىلى 4-ئايدا ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولىدۇ. شۇ يىلى 6-ئايدا تۇغقانلىرى ۋە يۇرتداشلىرى كاشغەرلىك مەشھۇر نەققاش ۋە تامچى يۈسۈپ ئۇستام دېگەن كىشىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، ھازىرقى ئاناقىز ئۆستىڭىنىڭ بويىدا مولla مۇسا سايرامىي ئۈچۈن ھەيۋەتلىك، نەققاشلىق گۈمبەز ياسىتىپ، ئۇنىڭ يېنىغا يۈز كىشىلىك بىر مەسچىت بىنا قىلىدۇ. لېكىن بۇ مەسچىت بىلەن گۈمبەز «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ۋەيران قىلىۋېتىلىدۇ.

مولla مۇسا سايرامىينىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئاساسەن چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن پەيتلەرگە يەنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ بۇ مەزگىللەردە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم

---

① بۇ ھەقتە مۇسا سايرامىي «تارىخى ھەمىدىيە»دە بۇ قوزغىلاڭغا ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتناشقان پىدائىيلارنىڭ يەتتە مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى يازىدۇ. قوزغىلاڭ پارتلاپ بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت ئۆتكەندە قوشۇن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىدۇ. مولla مۇسا بۇ چاغدا ئۈچتۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ماھمۇت خوجىنىڭ باش مىرزىسى ۋە مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. 1866-يىلى ئۈچتۇرپانىنىڭ سابىق ھېكىمبېگى توختى بەگ ياقۇپبەگنىڭ قۇترىتىشى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرگەن چاغدا مولla مۇسا قوزغىلاڭچىلارنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۇلارنى پارچىلاپ، توپىلاڭنىڭ بېسىقتۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مولla مۇسا ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى زور تۆھپىسى ئۇنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىدىكى ئابرۇيىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

ئىشلىرىغا بېرىلىپ، ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش، ئۆگىنىش ۋە تەھلىل قىلىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى بىلەن زىچ بىرىكتۈرۈپ نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مەشھۇر بولغانلىرى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» (مىلادىيە 1885 ـ يىلى يېزىلغان)، «دەربەيانى ئەسھابۇلكەئىف» (1898 ـ يىلى يېزىلغان)، «تارىخى ئەمنىيە» (مىلادىيە 1903 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تاماملانغان)، «دىۋانى مەسنەۋى» (مىلادىيە 1907 ـ يىلى يېزىلغان)، «تارىخى ھەمىدىيە»(مىلادىيە 1908 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاماملانغان)، «سالامنامە» (1916 ـ يىلى يېزىلغان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ يەنە «تەزكىرەئى خوجا ئافاق»، «فەرھاد ۋە شېرىن» قاتارلىق ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەرنى يازغان.

**2. مۇسا سايرامىينىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى**

**1) «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»**

بۇ ئەدەبىي تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسەردۇر. بۇ ئەسەردە، ئىسلام دىنىنىڭ كاشغەر، ئۇچتۇرپان، باي، كۇچا، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا قانداق تارقالغانلىقى، بۇ جەرياندىكى ئۇرۇشلاردا قازا قىلغان تارىخىي شەخسلەرنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ مازارلىرىغا ئائىت تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

**2) «دەربەيانى ئەسھابۇلكەئىف»**

بۇ ئەسەردە «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغان «ئەسھابۇلكەئىف» غارىنىڭ كىشىلەر ئاغزىدىن چۇشۇرمەي ئېيتىپ كېلىۋاتقان تۇرپاندىكى «ئەسھابۇلكەئىف» غارى ئەمەسلىكى، مۇئەللىپ ئۇ يەرگە ئۆزى ئاتايىن بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى، ئۇ يەرنىڭ ئاپپاق خوجىنىڭ كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقارغان «ئەسھابۇلكەئىف» غارى ئىكەنلىكى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى كېيىنچە «تارىخى ھەمىدىيە»نىڭ ئاخىرىغا ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈپ قوشۇپ قويۇلغان.

**3) «تارىخى ئەمنىيە»**

ئەسەرنىڭ «تارىخى ئەمنىيە»[①] دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب ئۈستىدە ئاپتور ئۆزى مەخسۇس توختىلىپ: «بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا بۇ يۇرتلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، پاراكەندىچىلىك تۈگەپ، تىنچلىق، خاتىرجەملىك قارار تاپقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابنى ‹تارىخى ئەمنىيە›دەپ ئاتىدىم» دەپ چۈشەنچە بېرىدۇ.

«تارىخى ئەمنىيە»دە ئاپتور شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقەلەرنى ئۆز رېتى بويىچە يېزىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ۋەقەلەر ئۈستىدىكى مۇلاھىزىسى، مۇھاكىمىسى ۋە كۆزقاراشلىرىنى يىغىنچاقلاپ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. كىتابتا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى بولۇپمۇ 1864 ـ يىلىدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە كۆزەتكەن ۋە ياكى ئاڭلاپ تەھقىقلىگەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولغاچقا، بۇ ئەسەر شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، بولۇپمۇ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتىنى تەتقىق قىلىشتا

---

[①] بۇ ئەسەر 1904 ـ يىلى قازاندا نەشر قىلىنىپ جەمئىيەتكە كەڭ تارقالغان. شۇ نۇسخا ئاساسىدا مۇھەممەد زۇنۇننىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 1989 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. «تارىخى ئەمىنىيە» «سۆز بېشى»، «مۇقەددىمە»، «داستان» ۋە «خاتىمە» دېگەن قىسىملارغا بۆلۈنگەن.

«مۇقەددىمە» ئۈچ بابتىن تۈزۈلگەن. ئاپتور بۇ بابلاردا كىتابخانلارنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەققىدىكى مول تارىخىي ۋەقەلەردىن خەۋەردار قىلىدۇ. ئاپتور ئۆزى بىۋاسىتە ئىگىلىگەن مول جۇغراپىيەۋى، تارىخىي بىلىملەر بىلەن چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخى ھەققىدە؛ تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تارىخى ھەققىدە؛ كېيىنكى چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى كۆزلەپ، جەندىلەر بىلەن پەردازلاپ، بۇ تەرەپلەرگە ئۆتكەن نەمەنگانلىق خوجىلارنىڭ ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقى توغرىسىدا؛ ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن يېغىلىقلار، ئىشان-سوپىلارنىڭ شىنجاڭ خەلقىنى جاھالەتتە قالدۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشلىرى؛ مۇستەبىت ھۆكۈمران قارا كۈچلەرنىڭ ئىستىبداتىغا قارشى قوزغالغان رەھمىتۇللا بەگ، ئىسمىتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى ئۇچتۇرپان «جىگدە يېغىلىقى» قاتارلىقلار توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ.

ئۇنىڭ «داستان» قىسمى بىرىنچى داستان، ئىككىنچى داستان دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى داستاندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كۆتۈرۈلگەن تەيپىڭ-تيەنگو دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە 1864-يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى فېئودال ھۆكۈمران قارا كۈچلەرگە قارشى پارتلىغان خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەھۋاللىرى بىر-بىرلەپ بايان قىلىنغان. ئىككىنچى داستاندا ئاپتور مەخسۇس باسمىچى ياقۇپبەگ ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ يەتتە شەھەردە قىلغان، ئەتكەنلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەر تەپسىلىي ۋە جانلىق بايان قىلىنغان.

خاتىمە قىسمىدا ئاپتور يەتتە شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي ۋە جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىدىن ئومۇمىيۈزلۈك مەلۇمات بەرگەن.

«تارىخى ئەمىنىيە» بىزنى مول تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ تارىخ قارىشىنىڭ قىسمەن چەكلىمىلىكى، مەسىلىلەرنى كۆزىتىشتىكى ئۇسۇلىنىڭ ئەتراپلىق بولمىغانلىقى سەۋەبلىك بىر قىسىم نۇقسانلارغىمۇ يول قويغان. «قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى رەتلەش جەريانىدا ئۇنىڭ فېئوداللىق شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، دېموكراتىك جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش- مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي ئىشەنچنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى». شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئۆگىنىشتە بىز ئۇنىڭغا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز، شۇنداقلا قىسمەن تەرەپلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

4) «تارىخى ھەمىدىيە»

بۇ مۇسا سايرامىينىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى مۇھىم تارىخىي ئەسىرى. بۇ ئەسەرنى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى «تارىخى ئەمىنىيە» ناملىق ئەسىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان بولۇپ، شۇ ئەسەرنىڭ تولۇقلىمىسى دېيىشكە بولىدۇ[①]. «تارىخى ھەمىدىيە» «تارىخى ئەمىنىيە» ئاساسىدا

---

[①] بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتور قول يازمىسى ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەر مەرھۇم ئەنۋەر بايتۇرنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986-يىلى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى.

يېزىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى قۇرۇلما ئاساسەن ساقلىنىپ قالغان. يەنى بۇ كىتاب «مۇقەددىمە ئىپتىداسى»، «ئاۋۋالقى داستان»، «ئىككىنچى داستان» ۋە «خاتىمە» قاتارلىق قىسىملاردىن تەركىب تاپقان.

«مۇقەددىمە» قىسمىدا ئاپتور ئالەم ۋە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى دىنىي قىسسىلەر، قەدىمكى تۈركىي قوۋملار، موڭغۇللار ۋە مىلادىيە 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋالى، موڭغۇل دوغلات قەبىلىسىنىڭ مىلادىيە 13-ئەسىردىن مىلادىيە 16-ئەسىرگىچە بولغان ئارلىقتا ماڭلاي سۇيە (جەنۇبىي شىنجاڭ) رايونىدىكى پائالىيەتلىرى، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان موغۇلىستان خانلىقىنىڭ مىلادىيە 14-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ھۆكۈمرانلىقى، مىلادىيە 16-ئەسىردىن 17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەھۋالى، تەرىقەتچىلەرنىڭ ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى، مىلادىيە 17-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن كېيىن تەختكە چىققان ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تاكى 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ ئاۋۋالقى داستانىدا ئاساسەن، شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقە— 1864-يىلى كۇچادا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەھۋاللىرى يەنى قوزغىلاڭنىڭ غەربتە ياركەند، كاشغەرغىچە، شىمالدا تيانشان تاغلىرىغىچە، شەرقتە قۇمۇلغىچە، جەنۇبتا لوپنۇر ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىغىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزگەن جەريانى؛ قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئەھۋالى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ شوئارى، مۇھىم جەڭلەر، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنغان، شۇنداقلا شۇ يىللىرى خوتەندە ھەبىبۇللا خوجا يېتەكچىلىكىدە قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى، ياركەندتە ئابدۇراخمان باشچىلىقىدا قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى، كاشغەردە سىدىقبەگ باشچىلىقىدا قوزغالغان دېھقان، چارۋىچىلار قوزغىلىڭى، ئۈرۈمچىدە داۋۇد خەلىپە باشچىلىقىدا قوزغالغان خۇيزۇلار قوزغىلىڭى، ئىلى رايونىدا مەزەمزات قاتارلىقلار قوزغىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى قاتارلىق قوزغىلاڭلارنىڭ ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ كۇچا، ياركەند، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشلىرى ئالاھىدە ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى داستانىدا ئاساسەن، قوقان خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى مۇھەممەد ياقۇپبەگ ھەم ئاپپاق خوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) ئەۋلادى بۇزرۇك خان خوجىنىڭ كاشغەر، ياركەند، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىشى، ئۇنىڭ كاشغەر، ياركەند، خوتەن، كۇچا، ئۈرۈمچى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى رەھىمسىز تۈردە باستۇرۇشى؛ قوقان خانلىقى، تۈركىيە سۇلتانلىقى ۋە ئەنگلىيە، چاررۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ بىر بۆلۈك تەدبىر ۋە سىياسەتلىرى، بولۇپمۇ ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمى ئالاھىدە ۋە تونجى قېتىم بايان قىلىنغان. بۇ قىسىمدا يەنە ئاپتورنىڭ ئۆز نەسەبنامىسى، ياقۇپبەگ دەۋرىدە ياشىغان ئالىم ۋە ئۆلىمالار، شۇنداقلا شەنشى، گەنسۇ خۇيزۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان.

«تارىخى ھەمىدىيە»نىڭ «خاتىمە» قىسمىدا كاشغەر، ياركەند، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، كورلا قاتارلىق يەتتە شەھەر ۋە تۇرپان، لوپنۇر رايونىنىڭ تارىخى، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى، جۇغراپىيەسى، تىل ۋە تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ

تۇرپاندىكى «ئەسھابۇلكەئف» ھەققىدىكى بىرقانچە رىۋايەت ۋە ئاپتورنىڭ بۇ غار ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرى پاكىتلىق ماتېرىياللار ئاساسىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئاپتور «تارىخى ھەمىدىيە»دە، تارىخ ئەھلى ئۆزۈندىن بۇيان دىققەت بىلەن قاراپ كەلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي تەتقىقات تېمىلىرى بولغان نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇلار ھەققىدە ئوبيېكتىپ ۋە توغرا خۇلاسىلەرنى چىقارغان. ئىلمىي خادىملار ئەسەرگە باھا بېرىپ: «ئاپتور بۇ ئەسەردە 1864-يىلىدىكى پۈتۈن شىنجاڭ رايونىنى قاپلىغان دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ، بولۇپمۇ كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى، بەدۆلەتنىڭ بۇ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا قارشى جازا يۈرۈشلىرى، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى باتۇرلارچە كۈرەشلىرىنى تۇنجى قېتىم تەپسىلىي، مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىنكى دەۋرلەردە، بۇ مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ خەنزۇچە يېزىلغان ‹شىنجاڭنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى›، ‹غەربكە سەپەر قىلىش خاتىرىلىرى›، ‹شەنشى، شىنجاڭ مۇسۇلمان باندىتلىرىنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى› ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن يېزىلغان ‹غەربىي رايوننى باشقۇرۇش تارىخى› قاتارلىق ئەسەرلەر، شۇنداقلا ئەنگلىيەلىك دىمىتېرى چارلىس بولجېر تەرىپىدىن يېزىلغان ‹ياقۇپبەگ تارىخى›، رۇسىيەلىك كىروپاتكىن تەرىپىدىن يېزىلغان ‹كاشغەرىيە› دېگەن كىتابلارمۇ يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى ھېچقاچان ‹تارىخى ھەمىدىيە› دەك تەپسىلىي بايان قىلمىغان»[1] دەپ يازىدۇ. ئومۇمەن، ئاپتور بۇ ئەسەرنى يازغاندا ئاساسەن 1864-يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ ھەقتە خېلى كۆپ توختالغان. «تارىخى ھەمىدىيە» ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتىدىن باشقا يەنە ئەدەبىي قىممەتتە جەھەتتىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاپتور ئەسەردىكى بەزى ئاتالغۇلار، يەر-جايلار ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلمۇۋېتىپ، بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى مىسال سۈپىتىدە كىرگۈزگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلام قىسسىلىرى بولۇپ، بەزىلىرى خېلى ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكى ۋەقە، ھادىسىلەرگە باغلانغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە ئىسلام تۈسىنى ئالغان ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن ئىبارەت. بۇلار بىزنىڭ ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۈر ۋە ژانىر جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىنى تەھلىل قىلىشىمىزدا ماتېرىياللىق رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى ئىدېئولوگىيە ئۆزگىرىش تارىخىنى ئۆگىنىشتىمۇ ماتېرىياللىق قىممىتىنى بېرىدۇ.

ئەدەبىيات تارىخى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا شۇ دەۋردە ئۆتكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە ئەھمىيەتلىك بولغان مەلۇماتلار بېرىلگەن. مەسىلەن، موللا مۇھەممەد ئاخۇنۇم ئالىم ۋە شائىر كىشى ئىدى: موللا ئابدۇللا لېتىپ ھاجى ئاخۇنۇم «بۇخارى شەرىف»تە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان، ئىلمى پەن، ئىلمى شەرھى، ئىلمى ئۇسۇل ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىدا دەرس بېرىدىغان ئەلەم، خۇداگۇي، پېقىر ۋە ھەر ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلايدىغان، مۇلايىم، لاتاپەتلىك كىشى ئىدى: موللا ئابدۇلباقى ھاجى مۇفتى دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ ئەقىل-پاراسەتتە تەڭداشسىز، دانا. يۇقۇھا ئىلمىنىڭ ئالىمى، تەڭداشسىز شائىر ۋە كىتاب يازغۇچى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا گويا بىر ئۇلۇغ پادىشاھتەك ئىدى. ھەممە ۋاقىت نەغمە-ناۋا ۋە بەزمە دىل ئارالىق بىلەن ياشايتتى. ... ئۇلاردىن باشقا يەنە يۇقۇھا ئىلمى بويىچە ئالىم ۋە شائىر، موللا ۋە سازەندە موللا سائادەت ئاخۇن: رەئىس ۋە ماتېماتىك موللا

[1] تەتقىقاتچى ئەنۋەر بايتۇرنىڭ بايانى.

ئابدۇقادىر مۇپتى ئاخۇنۇم؛ شەرىئەتشۇناس، شائىر موللا سايىت ئاخۇنۇم؛ زامانىسى بويىچە تونۇلغان كاتتا مۇدەررىس، ئۇستا پەرسەخ (يول ئۆلچەپ تاش قويغۇچى)، يەتتە خىل تىل بىلىدىغان ۋە يازالايدىغان تىلشۇناس مويدىن مەخسۇم قاتارلىقلار. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ياكى ئىجادىي پائالىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىرەر ئۇچۇر ھازىرغىچە مەلۇم بولمىدى. بۇلار خەلق قولىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

### 3. مۇسا سايرامىينىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى

موللا مۇسا سايرامىي پەقەت تارىخچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەدىئىي ئىستېداتى كۈچلۈك، ئۆتكۈر پىكىرلىك شائىردۇر. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە «قەسىدەئى سىددىق»، «دىۋانى مەسنەۋى»، «غەزەلىيات»، «سالامنامە»، «فەرھاد ۋە شىرىن» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەر ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ شېئىرلىرىدا ئۆز دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇلاردا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك ئىللەتلەرنى تەنقىدىي كۆز بىلەن باھالاپ، ئۇلارغا توغرا باھا بېرىپ ئۆتكەن. جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنى قاتتىق پاش قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ خەلققە كەلتۈرۈۋاتقان ئېغىر جەبىر-زۇلۇملىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. سوپى تونىغا ئورىنىۋالغان ئالدامچى، مەككار ئىشانلار ۋە «ئەۋلىيا»لىق تونىنى كىيىۋېلىپ، جاھاندىكى بارلىق ئەسكى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى، ئىككى يۈزلىمچى مۇناپىقلارنى كېلىشتۈرۈپ قامچىلىغان. ئۇلارنىڭ تاماخورلۇقى، ئالدامچىلىقى ۋە يالغانچىلىقى ئۈستىدىن نەپرەت كۆلكىسىنى ياغدۇرغان. ئېزىلگۈچى، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغان. كىشىلەرنى ۋەتىنىنى سۆيۈشكە، خەلق، كوللېكتىپنى سۆيۈشكە دالالەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆملۈكنى مەدھىيەلەپ، ھالال مېھنەت بىلەن ياشاشنى ئەۋزەل بىلىشكە چاقىرىدۇ. ئۆز مېھنىتىگە تايىنىپ ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە خېلى تەپسىلىي توختىلىپ، دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلارنى ئۆزىنىڭ مىننەتسىز مېھنىتى بىلەن تويۇندۇرۇپ، ئۇلارغا ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى دېھقانلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ ۋە دېھقانچىلىق كەسپىنىڭ بەركىتى، ئەھمىيىتى ھەققىدە ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋىلىككە ئىگە دانا پىكىرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**«سالامنامە»**

بۇ مىلادىيە 1916-يىلى يېزىلغان ئۇزۇن ھەجىملىك نامە شەكلىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئاپتورنىڭ سايرامدىكى بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى ئىسلام ئاخۇن، قاسىم ئاخۇن ۋە ھىلاخۇنلارغا يېزىپ ئەۋەتكەن ۋەسىيەتنامىسى. ئۇلار بۇ نامەنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، شائىرنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ ئەكەتكەن[①].

بۇ شېئىرلار «سانائى بىئەدەد خەللاق خۇداغە» سەدرىسى بىلەن باشلىنىدىغان 102 بېيىتلىق بىرىنچى كىچىك داستانى، «يوقلۇق ئالەمدىن ئاجىزلىق بىرلە ئىنسان يارۇقلۇق جاھانغە كەلگەنى، كەمالى ئىنساندىن بۇرۇنقى ھالەتنى فەرامۇش ئېتىپ، ماۋمىنلىك ئىددىئاسىن تۈزگەنىگە نەسىھەت بەلكى ۋەسىيەتلەر قىلىپ، شۈكرى سۇبھانە جەللا ۋە ئەلا تەرەفىگە تەرغىپ ئەتكەنى بايانى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان جەمئىي 128 مىسرادىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى كىچىك

① شائىرنىڭ شېئىرلىرى تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىل ئومۇمىي 15-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

داستانى ۋە «نازىم ئۆز پەرزەندلەرىغە نەسىھەت قىلىپ خىتاب قىلغان غەزىلى»دە، «كۆڭلى ئىنسان پەرزەندلەرىغە قىلغان نەسىھەتى ۋە ئەجىز ئىنكسارلىق بىرلە دۇئا قىلىپ، ئادەم پەرزەندلەرىدىن دۇئا ئىلتىماس ئېتىپ قىلغان مۇناجاتى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان 254 مىسرالىق ئۇچىنچى كىچىك داستانى، «جاھان سەفھەسىنى كۆك ياغىن كۆكەرتىپ، زېمىن سەھنەسىنى پېتىق قىلىپ، ئۆيدىن چىقماق مۇشكۇل بولغانىدە، مۇتەزەللۇم ئولغانىدىن شىكايەتغە ئاغىز ئاچقانى، بەلكى ئۆزلۈك لايىدىن ئاياغىنى تارتىپ ئاللامىغانغە ئاجىزلىغىن شەفىئ كەلتۇرۇپ، مۇناجات بىدرە گاھى قازىئولهاجاتغە مۇتەرەننۇم ئولغانى بايانى» نامىلىق 42 مىسرالىق تۆتىنچى كىچىك داستانى، «ئوت تەئرىفىدە كىم زىمىستان فەسلى كەلگەندە ئاندىن خۇپراق رەدىئە شىددەتى يەتكەندە، ئانىڭدىن مەرغۇپراق نەرسە بولماغانغە تەرەنا تۈزگەنى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان 29 مىسرادىن تۈزۈلگەن بەشىنچى كىچىك داستانى ۋە «ئاجايىپ بىر مەتۇ ھەققىدە قىسسە» دەپ نام قويۇلغان 128 مىسرالىق ئالتىنچى كىچىك داستانىدىن ئىبارەت①.

شائىر بىرىنچى داستانىنى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ داستانچىلىق ئەنئەنىسى بويىچە ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇشتىن باشلايدۇ. ئاندىن زامانىسىدىكى تۈرلۈك فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەرنى ئۆز زامانىسىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شائىر رېئال ھاياتقا بولغان سادائقىتىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ھالال ياشاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىقتىكى زۆرۈر رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ:

*ئەگەر باردۇر ئاتام دېسە تۆمۈرچى،*
*دەرسەن ھەم باربان قىلغىل تۆمۈرچى.*
*مۇبادا دېسەلەر ئاتام دېھقاندۇر،*
*بارىپ دېھقان بول ئاتاڭ ئىشىدۇر.*

ياشلارنى ھاياتنى قەدىرلەش، ئاتا كەسپىگە ۋارىس بولۇپ، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەي، ھاياتلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ تىرىشقا رىغبەتلەندۈرگەن شائىر:

*كىشكىم خاھلا سەگەر كىمىيانى،*
*بىلىم قولغا ئالغاي گەر ئىميانى.*
*ھەمىشە قىلسەن ئول دېھقانچىلىقنى،*
*زىرائەت قىلسۇن ئول دېھقانچىلىقنى.*

دەپ يېزىش ئارقىلىق، كىلاسسىك ئەنئەنە بويىچە دېھقانچىلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئاشلىقنى ئالتۇندىن ئۈستۈن بىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشلىققا بولغان ھۆرمىتى ۋە ئۇنىڭ ئالتۇندىن ئېسىل قىممىتى ھەققىدىكى قارىشىنى:

*زىرائەت زەر ئەدىن مۇشتاق بولۇرلەر،*
*ھەممە ھەدفى مۇنىڭ ئۈچ ھەرفدۇرلەر.*
*كى ئىككى ھەرفى ئەۋۋەلقى مۇنىڭ «زەر»،*

---

① ئاپتورنىڭ بۇ شېئىرىي ئەسەرلىرى ھىجرىيە 1325 ـ يىلى (مىلادىيە 1907 ـ يىللىرى) ئەتراپىدا يېزىلغان. بۇ قاراشلىرىمىزنى شائىرنىڭ «ئۆز بالىسىغا نەسىھەت» تەرىقىسىدە يېزىلغان ئۇچىنچى كىچىك داستانىدىكى مۇنۇ كۇپلېت ئىسپاتلايدۇ:

مۇبادا ياخشىلار نەزەرىنى سالسە،
بىناھ تەئرىخىدىن سوئاللار قىلسە.
دېگىل ئۈچ يۈز يىگىرمە بەش مۇڭا يىل،
يەنە باردۇر تېخى مىڭ ئۈستىگە يىل.

*يەنە ھەم ھەرفى «ئەيىن»نىڭ مەئناسى «زەر».*
*كى «زەر»نىڭ تۈركىيسىدۇر يەئنى ئالتۇن،*
*ھەممە باشىدىن ئاياغ ئالتۇنۇ ئالتۇن.*
*يەنە تىرىكچىلىك دېھقانچىلىقتا،*
*كى ھەممە نان نېئمەت دېھقانچىلىقتا.*

دېگەن سۆز ئويۇنى ئارقىلىقمۇ ناھايىتى يارقىن ئىپادىلەپ بەرگەن. يەنى شائىر بۇ يەردە «زىرائەت» سۆزىنىڭ چاغاتاي يېزىقىدا «زىراەت» دەپ يېزىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا «زرع» دەپ يېزىلىپ، ئۈچ ھەرپتىن ياسىلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، «زر» دىكى ئالدىنقى ئىككى ھەرپىنىڭ پارسچە «زە» دېگەن مەنىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. «زەر»دىكى «ع» ھەرپىنىڭ «ئەيىن» دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا ئالتۇن مەنىسىنى بېرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. شۇنداق قىلىپ، ئاپتور بۇ يەردە پارسچە «زەر» سۆزىنىڭ ئەرەبچە ئىپادىلىنىشى ئۇيغۇرچە «ئالتۇن» مەنىسىنى بېرىدىغانلىقىنى قەيتلەپ، «زىرائەت» دېمەك «ئالتۇن» دېمەكتۇر دېگەن يەكۇننى چىقىرىدۇ. زىرائەت (دېھقانچىلىق)نىڭ «باشتىن-ئاياغ ئالتۇن» ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يەردە شائىرنىڭ تۈپكى غايىسى دېھقانچىلىقنى ئۇلۇغلاش، شۇ كەسىپ ئەھلىنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاشلىقنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئۈچۈن، ھاياتلىق ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى ئەمەلدارلار چوڭقۇر چۈشىنىشلىرى، دېھقانچىلىقنى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چۈنكى شائىرنىڭ نەزىرىدە:

*جەمئىي پادىشاھلەر خۇاھى فېقىرلەر،*
*بولۇپ ئاش ئالدىدا ھەممە زەبۇرلەر.*
*كى پادىشاھلارغە جەمئىي خەزىنە،*
*دېھقان قولى بىر تولۇر خەزىنە.*
*ھەممەلەر مۇددىئاسى «نانغا بار» دەر.*

دېمەك، دېھقان پادىشاھلارنىڭ خەزىنىسىنى تولدۇرغۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھاياتلىقتا كۈچ-قۇدرەت ئاتا قىلغۇچى ئىكەن، بۇنداق خالىس نىيەتلىك، ھىممەت ئىگىسى دېھقاندىن سۆيۈنۈش، ئۇنىڭ ھالال ئەجىر-مېھنىتىنى ھۆرمەتلەش زۆرۈر:

*بۇ يەڭلىغ قىلسا ئول مەرد ئاگاھ،*
*بولۇر رازى ئانىڭدىن ھەق تائالاھ.*

تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىپ دېھقانچىلىق ۋە ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى چۈشەنگەن شائىر دېھقاننىڭ مەھسۇلاتىدىن كەلگەن ناننىڭ ھاياتلىق دۇنياسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغۇچى مۇھىم رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ:

*بۇ جاننىڭ جانلىقى ئاش بىلەن ناندۇر،*
*ئۆمۈرنىڭ خوپلىقى پۇل بىلەن مالدۇر.*
*ئەگەر بولماسە پۇل بۇ جان كېرەكمەس،*
*ۋەگەر بولمىسا جان پۇل ھەم كېرەكمەس.*

دېمەك، ھاياتلىقتا پۇلنىڭ، پۇلدىنمۇ ئاش بىلەن ناننىڭ زۆرۈرىيىتىنى، مۇھىملىقىنى بىلگەن ئىكەن، ئاشۇ ھاياتلىقنى ھاياتلىققا ئىگە قىلغۇچى دېھقاننىڭ پەزىلىتى قانداق؟

*غەرەزى دېھقاننىڭ ھالال يېمەكتۇر،*

*مۇشەققەت تارتماقتىن نان يىمەكتۇر.*

مانا بۇ دېھقاننىڭ مەنىۋى دۇنياسى! پۈتۈن ھاياتلىقنى ھاياتلىققا ئىگە قىلىۋاتقان دېھقان يالغۇز ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئىنسان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنى رېئال مەزمۇنغا ئىگە قىلغۇچى مەنىۋى روھ تەرىپىدىمۇ ئالىيجاناب ئەخلاق ئىگىسى.

دېھقاننىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭغا توغرا باھا بەرگەن شائىر ئۇلارنى ئەينى زاماندا تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، ئۆز ئەتراپىغا كىشىلەرنى توپلىۋېلىپ، ھەمىشە دۇنيادىن قول ئۈزۈپ زىكىر-تەلقىن قىلىشقا ئادەتلەنگەن سوپى-ئىشانلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى مېھنەت قىلىپ تۇرمۇشنى قامداشتىن ئىبارەت تىرىكچىلىك يولىدىن قايتىشقا زورلاشتەك ناچار ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئايىماي تەنقىد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك ۋە تاماخورلۇقتەك چىرىك تۇرمۇش ئىستىلىنى سۆكۈپ تاشلايدۇ. ئۇلارنى «زىكىر، سۆھبەت قىلىشىدىكى مەقسەت پۇل تېپىشنى كۆزلەش» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

شائىر بۇ يەردە يەنە ھەرىلەرنىڭ شەكلەن ئالاھىدىلىكى بويىچە سۆز ئويۇنى قىلىپ، تاماخورلۇقنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ:

*تەمەئى خىسلەت ئىچىندە كۆپ يامانراق،*
*تەمەئى ئۈچ ھەرفدۇرلەر ئىچى كاۋاك.*
*تەمەئى گەر ھېچقاچان بولمىغاي توق،*
*يەنە كۆپنىڭ ئىچىندە ئابرويى يوق.*

شائىر بۇ يەردە «تمئ» دېگەن خەتنىڭ ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەنلىكى، بۇ ھەرىلەرنىڭ ئىچى كاۋاكلىقىنى مىسال كەلتۈرۈپ، بۇ ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن تاماغا ئۆگەنگەن ئادەمنىڭ ھەم ئىچى كاۋاك، مەززىسىز ۋە ئابرۇيسىز بولىدىغانلىقىنى، تاماخورلۇقنىڭ ئادەمدىكى خىسلەتلەر ئىچىدە ئەڭ يامان خىسلەت ئىكەنلىكىنى جانلىق تۇردە كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ.

سوپىزم كۈچلىرى ئۇلغىيىپ كەتكەن ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، شائىرنىڭ بۇ خىل تەنقىدىي ئىدىيەسى ماختاشقا ئەرزىيدىغان يۈكسەك جاسارەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شائىرنىڭ ئىككىنچى كىچىك داستانى بىلەن ئۈچىنچى كىچىك داستانى مەزمۇن جەھەتتىن بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئالدىنقىسى ئادەم ۋە دۇنيانىڭ بەرپا بولۇشى توغرىسىدىكى دىنىي، پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي، ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرىككەن ھالدا ئىپادىلەنگەن بولسا، كېيىنكىسىدە «ئوغلىغا نەسىھەت» شەكلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى، ئادەم بولۇش ھەققىدىكى ئوي-پىكىرلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىرنىڭ قارىشىچە، ئىنساندىكى ئەخلاق ئادەمنى ھاياتلىققا ئىگە قىلغۇچى بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنى ئىجتىمائىيلىققا ئىگە قىلغۇچى ماھىيەتتىن ئىبارەت، ئەخلاق بۇزۇلىدىكەن، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي رولىدىن، مەزمۇنىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۇنۇمىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەخلاقنى ئەخلاقىي نۇقتىغا يېتەكلەيدىغان بىردىنبىر نەرسە نېمە؟ شائىرنىڭ قارىشىچە يەنىلا ئەقىل-ئىدراك:

*مۇبادا سۆزنى قىلىڭ قىل تەفەككۇر،*
*كى ئالدى ئارقىسىنى قىل تەسەۋۋۇر.*

شائىر ئېيتىۋاتقان «تەپەككۇر» بىلەن «تەسەۋۋۇر» ئەقىل بىلەن ئىدراكنىڭ ھەقىقىي

مەنىسىدۇر. شۇڭا ئۇ «كۆڭلۈمگە كەلدى دەپ تىلىڭغا ئالما، ئاش كەلدى دەپ ئاغزىڭغا سالما» دەپ نەسىھەت قىلىش بىلەن بىرگە، ياخشى خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. ئۇ دەۋەت قىلغان ئادىمىي خاراكتېرلار ئىچىدە تىلنى يۇمشاق قىلىش، تىل ئاداۋىتى تېرىماسلىق؛ دىلنى پاك تۇتۇش، غەيرىي بىنورمال خىياللاردا بولماسلىق؛ تېرىككەك ۋە زېرىككەك بولماسلىق، تەمكىن، ئېغىر-بېسىق بولۇش؛ چېچىلغاق ۋە بىزەڭ بولماسلىق؛ ئىشچان بولۇش، ھورۇن بولماسلىق، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىش، باشقىلار ئالدىدا خارلىنىپ قالماسلىق؛ كەمتەر بولۇش، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق؛ تاماخور بولماسلىق، ھالالدىن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىش قاتارلىق مەزمۇنلار بار. شائىرنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ ئىچىدە يەنە ئەڭ گەۋدىلىك، ئەھمىيەتلىك بولغان بىر تەرەپ، ئەر ئوغلى ئەمەس، ئەل ئوغلى بولۇشقا ئۈندەش تەرىپىدە كۆرۈلىدۇ:

*يەنە كۆپىنىڭ ئىچىدىن چىقمىغايسىز،*
*تېخى ئەلدىن يەنە ئايرىلمىغايسىز.*
*كى ئەل بىرلە ئۆلۈم يۈزلەنسە سىزگە،*
*بىلىڭ توي، مەئرىكە ئەلبەتتە سىزگە.*

ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتىدە ھەممە يەرنى تەپرىقىچىلىك قاپلاپ، ھەر كىم ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرۈۋاتقان شارائىت ئۇچۇن ئېيتقاندا، شائىرنىڭ بۇ قارىشى قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئېسىل روھ! ئۆز شېئىرلىرىدا مانا مۇشۇنداق ئېسىل خىسلەتلەرنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مەردانە ھالدا خىتاب قىلغان شائىر:

*خىتابىنى مەن قىلىپدۇرمەن بالامغە،*
*ۋە لېكىن بۇ سۆزۈمدۇر خاسۇ ئامغە.*

دەپ يېزىش ئارقىلىق كىشىلەرنى مۇشۇنداق ئېسىل خىسلەتلەرنى جارى قىلدۇرۇشقا، مۇشۇنداق ئېسىل خىسلەت بىلەن ياشاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

شائىر ئۆتىنچى كىچىك داستانغا بىر قېتىملىق يامغۇر ئاپىتىنى دېتال قىلىپ تاللىۋېلىش ئارقىلىق، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. قاتمۇقات سىنىپىي زۇلۇم تۈپەيلى ياشاشقا مادارى قالمىغان خەلققە بۇ يامغۇرنىڭ زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، بۇ قېتىمقى يامغۇر تۈپەيلى يەر-جاھان پاتقاق بولۇپ، كىشىلەر تۇرمۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى، كونا ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، نۇرغۇن كەمبەغەللەر ئۆي-ماكانسىز قالغانلىقىنى، ئەكسىچە زامانىسىنىڭ ھوقۇقدار، پۇلدار بايلىرى كېرىلىپ-كېكىرىپ يۈرگەنلىكىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، ئوخشاش جەمئىيەت، ئوخشاش ۋاقىتتىكى ئىككى خىل تەبىقە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق، كەمبەغەل، ئاجىز، بىچارىلەرگە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىدا بولىدۇ. ئەزگۈچى، زالىم-مەنپەئەتپەرەس ھوقۇق ئىگىلىرى ۋە ئۆز نەپسىنىلا ئويلايدىغان پارىخور، جازانىخور بايلارغا نەپرەت بىلدۈرىدۇ.

بەشىنچى داستانغا ئوتنى دېتال قىلىپ تاللىۋېلىش ئارقىلىق، ئوتنىڭ خاسىيىتىنى سىمۋوللۇق ئۇسۇل بىلەن تەسىرلىك، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ، ئوتتىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي شەيئىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئوتنىڭ گۈزەل خىسلەتلىرىنى ئوخشىتىش شەكلى ئارقىلىق ۋاپىغا يەتكۈزۈپ ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ، ئۇنى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ پۈتكۈل گۈزەللىكلىرىگە تەڭلەشتۈرىدۇ. شائىرنىڭ تەسۋىرىدە ئوت «باغ-بوستان»، «ئوتلۇق چېھرە»، «ئاي يۈزلۈك گۈزەل»، «نازۇك پەردە ئىچىدىكى دىلرەبا»، «كۆڭلى

سۇنۇق» ئاشىقىقا قاراپ «كۆلۈپ تۇرغان جانان» سۈپىتىدە جىلۋىلىنىدۇ. ئوت شائىر نەزىرىدە شۇنداق سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنكى، «ئۇنىڭ موردىدىن چىققان تۈتۈنى غەم ئەھلىنىڭ ئاسمانغا چىققىنى بىلەن، ئوتنىڭ كۆيگەن ئاۋازى سازەندىلەرنىڭ يېقىملىق نەغمىسى بىلەن، ئوتتىن قىزارغان يۈزلەر شاراب تەسىرىدىن ياقۇت رەڭگە كىرگەن چىرايلار بىلەن، قىشنىڭ غېمىنى قىلىپ ئوتۇن يىغقانلاردا دانىشمەن ئەپلاتۇن بىلەن، ئوتنىڭ ئىسسىقىدىن بەھرىمەن بولغۇچى ئاجىز بىر قېرى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانى بىلەن، تىترەپ تۇرغاندا ئوتقا يولۇققان كىشى دوزاختىن چىقىپ، جەننەتكە كىرگەن بىلەن باراۋەر» ئىدى.

ئەسەردىكى ئوت بىر تەرەپتىن تەبىئىي ئوت، يەنە بىر جەھەتتىن مېھنەتنىڭ ۋە خەلققە پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى خالىس كىشىلەرنىڭ سىمۋولى. ئەسەردىكى ئىلغار بۇ ئىدىيە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇكى، قەھرىتان سوغۇق گەرچە كىشىلەرنى ئازابلاپ، بىزار قىلىسىمۇ، لېكىن ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ۋە ئۈمىدۋارلىق ئادەمنى ياشاشقا ئىنتىلدۈرىدۇ. بۇ خىل غايە ۋە ئۈمىد كىشىلىك ھاياتقا قىممەت ئاتا قىلىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

شائىر ئالتىنچى داستانى «ئاجايىپ بىر مەتۇ ھەققىدە قىسسە» دە بولسا، مىجەز-خاراكتېرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان سىدىق ئاخۇن ئوبرازىنى يارىتىدۇ. سىدىق ئاخۇن ئەسلىدە ئىشچان، ئاق كۆڭۈل، ئۆز ھەققىگە شۈكۈر قىلىدىغان بىر ئادەم بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزى ئىنساب قىلىپ ھەق بەرمىگىچە، ئۇمۇ ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. ناۋاينىڭ ئۇننى تاسقايدۇ، تۆمۈرچىنىڭ كويىنى باسىدۇ. ئىش تاپالمىغاندا بولسا، كوچىلارنى ئاربلاپ ئىش ئىزدەيدۇ. ئۆزى ساددا، مەرد، خۇشچاقچاق بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى سۇنۇق بىر ئادەم بولۇپ، تۇرمۇشتا بەكمۇ چېچىلاڭغۇ، ئۇ مېھنەتكەش ۋە تىرىشچان، ھالال ئادەم بولسىمۇ، لېكىن كىيىنىشى رەتسىز؛ ئۇ تۇرمۇشتىكى بەزى ھادىسىلەرگە توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭ ئىش ئىزدەپ قىلىش، بەرگەنگە رازى بولۇش قاتارلىق تەرەپلىرىدىن رازى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى چېچىلاڭغۇ، تەرتىپسىز تەرەپلىرىدىن ئاغرىنىدۇ. ۋاقتىنى توغرا بەلگىلەپ، «كارامەت كۆرسەتكەن»لىك تەرەپلىرىدىن بولسا، بەزىدە ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسىدا بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قايىل بولماي قالمايدۇ. مۇشۇنداق بىر خاراكتېردىكى ئادەم مەلۇم بىر ئاخشىمى ئۇشتۇمتۇت بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

شائىر داستاندا سىدىق ئاخۇنغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى چاھارىيارلار قاتارىغا قويىدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل قارىشى فېئودالىزم شارائىتىدا كەمبەغەللەر ئادەم قاتارى ھېسابلانمىغان ئەينى دەۋر ئۇچۇن ئېيتقاندا يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىلغارلىق بولۇپ، ئۇنى شائىردىكى يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ يارقىن ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

شائىر موللا مۇسا سايرامىي ئۆز شېئىرلىرىغا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە ياكى زامانىسىدىكى شائىرلار دىققەت قىلمىغان ئاددىي دېتاللارنى تېما ۋاستىسى قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ زامانىسىدىكى تۈرلۈك ھادىسە ۋە ئىللەتلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم ۋاسىتىگە ئايلاندۇرغان. تۇرمۇش رېئاللىقىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئوبرازلىق خەلق تىلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئەسەرلىرىنى خەلققە يېقىنلاشتۇرغان.

# §15. ئابدۇقادىر ئەزىزى[1]

**1. ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى**

مەشھۇر مەدەنىيەت جەڭچىسى ۋە شائىر ئابدۇقادىر ئەزىزى (يەنە ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس كاشغەرىي دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەخمىنەن ھىجرىيە 1217 ـ يىلى (1854 — 1855 ـ يىللىرى) ئاتۇش ناھىيەسىنىڭ مەشئەت يېزىسىدىكى ئابدۇۋارىس ئىسىملىك مەرپەتپەرۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن[2]. ئۇ بالىلىق دەۋرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن. باشلانغۇچ مەلۇماتىنى مەشئەتتىكى مەشھۇر «ھەزرىتى سۇلتانىيە مەدرىسەسى»دە ئالغان. ياشلىقىدا يەنە مەدرىسەلەردە ئالىي مەلۇماتلارنى ئالغان. كېيىن تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇخاراغا بېرىپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن ئۇ يەردىكى «ئابدۇلئەزىزخان مەدرىسەسى»گە ئوقۇشقا كىرگەن.

بۇ جەرياندا ئۇ زامانىسى ئۈچۈن ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان ئىسلام ئەقىدىلىرىنى پىششىق ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي، ئىلمى تەجۋىد، ئاقائىد، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي مەنتىق، ھېساب قاتارلىق دەرسلەرنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ۋە پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن.

ئابدۇقادىرنىڭ بۇنداق كۆپ خىل تىلنى پات پۇرسەت ئىچىدە ئىگىلىشى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە بولغان چۈشەنچە ۋە تونۇشىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينىغان. ئوقۇش جەريانىدا ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن خوجا ھاپىز، شەيخ سەئدى، سوپى ئاللايار، خوجا ئەھمەد يەسەۋى، ھۇۋەيدا، فۇزۇلى، نەۋايى، مەشرەپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىلغار ئىدىيە ۋە يۈكسەك دەرىجىدىكى جەلپكارلىق روھ شائىردا دەسلەپكى قەدەمدىكى ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەس ئوتىنى ئۇلغايتقان.

شائىر بۇخارادا بىر مەزگىل ئوقۇپ ئوقۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، سەمەرقەنت، ئۇفا قاتارلىق جايلارغا يۆتكىلىپ، بۇ يەرلەردە بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغان. بۇ مەزگىللەردە ئۇ «ئەقائىدى زەرۇرىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. بۇ كىتابلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇفادا نەشر قىلىنغان بولۇپ، شۇ دەۋردىكى مەدرىسەلەردە دەرسلىك ماتېرىيال كەمچىل بولۇش ھالىتىگە بەلگىلىك تولۇقلىغۇچى رولىنى ئوينىغان. ئابدۇقادىر ئەزىزى كېيىن تاشكەنت، خوجەند، قازان، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولۇپ، 1907 ـ يىلى ۋەتىنىگە قايتىپ

---

① «ئابدۇقادىر ئەزىزى» دېگەن بۇ ماۋزۇنى دوتسېنت ئەمەت دەرۋىش تەييارلىغان. ئەپسۇسكى «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق دەرسلىكنىڭ 2002 ـ يىللىق نەشرىدە باش تۈزگۈچىنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىديار تەييارلىغان دەپ يېزىلىپ قېلىنغان. بۇ قېتىم ئۇنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى ئەسلىي ئاپتورنىڭ نامى بىلەن بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ھادىسە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە ئالاھىدە سېلىنندى.

② بەزى مەنبەلەردە كاشغەر شەھرىدە تۇغۇلغان دېيىلىدۇ، شۇڭا «كاشغەرىي» دېگەن تەخەللۇسىنىمۇ ئىشلەتكەن، يەنە «ئەزىزى» دېگەن تەخەللۇسىمۇ بولغان. يەنە «ئابدۇقادىر داموللا ـ داموللام» دەپمۇ ئاتالغان.

كەلـگەن. بـۇ ۋاقـىـت كاشـغەردە يـېگـىچە پەنـنـىـي مائارىـپ بـىـلەن فېئوداللـىـق كـونـچە مائارىـپ ئوتتۇرىــسىدا كەسـكـىن توقـۇنـۇش يـۈز بېرىـپ، زور دەرىجـىـدىكى ئـىـسلاھات يولغـا قويۇلۇۋاتقـان، يېڭـىدىن بىخ ئۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى ئىزدەۋاتقان يېڭىچە پەننىي مائارىـپ قوللاشقا، مەدەت بېرىشكە تەشنا بولۇۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى. چەت ئەلـلـەردە يـېگـىچە پەنـنـىـي مائارىپنـىـڭ گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا زور ئىشەنچ بىـلەن قارىغـان ئابدۇقادىر ئەزىزى يـېڭـىچە پەنـنـىـي مائارىپنى جـان ـ دىـل بـىـلەن قـوللاپ، ئۇنـىـڭ تەرەققىياتىغـا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان ھالدا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، دەرسلىك ماتېرىيال قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى يولغا قويۇلۇۋاتقان پەننىي مائارىپنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئومـۇمـىي يۈزلىنىــشىگە لايىقلاشــتۇردى. مۇشـۇ مەزگىلـلـەردە ئـۇ «سـەرف ۋە نەھـۋ» (مورفولـوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، «تەسـھىلۇل ھېـساب» (ھېـساب ئىلمـى)، «جـۇغراپىيە ئىلمـى»، «ئەقائىـدى جەۋھەرىيە» (نېگىزلىك ئەقىدىلەر)، «مۇتـالىئە ھىـدايەت» (باشـلامچى ئوقۇشـلۇق)، «بىـدايەتۇس سەرف» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس)، «ھىدايەتى نەھۋ»، «تەئلىمى سىـبىيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە)، «فاسايىھۇل ئەتفال» (ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) قاتارلىق كىتابلارنى يازدى ۋە ئـۇلارنى شـۇ دەۋردىكى ئىلغـار مەتـبەئە «مەتـبەئى خۇرشـىد، مەتبەئـى نـۇر» نـاملىق مەتـبەئەدە باسـتۇردى. بـۇ كىتابلار شۇ دەۋردىكى پەننىي مائارىـپ ئۈچـۈن زۆرۈر بولغـان ئوقۇتـۇش قورالىلـىق رولىـنى ئوينـاپلا قالماسـتىن، بەلكـى ئۆسـمۈرلەرنىڭ ئەخلاقـىي، ئەقلـىي، جىـسمانىي ۋە گۈزەللـىـك تەربىيەسـى جەھەتـتە كەم بولـسا بولمايـدىغان مـۇھىم قـورالى بولـۇش رولىنـى ئوينىـدى. ئـۇ مەقـسىتى ۋە ھەرىكىتى بىردەك بولغان ئۇلۇغ زات بولۇپ، «نەسىھەتى ئـامە»، «تەجۋىـد تـۈركـي»، «مىفتـاھۇل ئەدەب» قاتـارلىق ئىلمـىي نەزەرىـيەۋى ئەسـەرلەرنى ۋە «مېـۋىلەر مۇنازىرىـسى»، «مـۇخەممەس» قاتـارلىق ئەدەبىـي ئەسـەرلەرنى يازغـان[①]. يەنە «جـاۋاھىرۇل ھېيقـان»(ھەقىـقەت جەۋھەرلىـرى)، «ئىرشـادىل مۇسـلىمىن»، «شـەرھى ئامـالى» قاتـارلىق ئەسـەرلىرى بولغـانلىقى مەنـبەلەردە ئېيتىلىدۇ.

ئابدۇقادىر ئەزىزى مائارىپنىڭ ئالدىنقى سېپىدە دەرسلىك ماتېرىيال تـۈزۈش ئىشلىرى بىـلەن مەشغۇل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىۋاسىتە مەدرىسەلەردە مۇدەررىسلىك قىلىپ، دەرسلىك ماتېرىياللارنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىنى بىۋاسىتە سىناقتىن ئۆتكۈزدى. بـۇ بىـر يۈرۈش دەرسلىك ماتېرىياللار ۋە يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى شۇ دەۋردىكى يېڭىچە مائارىپ قارىشىدىكىلەر ۋە

[①] «ئەقائىـدى زەرۈرىـيە»دىكى مەلۇماتلارغـا قارىغانـدا، ئابـدۇقادىر ئەزىـزى يەنە مـۇھەممەد ئەل ئەۋىـشىنىڭ قەسىدىسىنى ئۇيغـۇر تىلىغـا تەرجىـمە قىلىـپ چىققـان بولـۇپ، ئابـدۇقادىر ئەزىزىنىـڭ ئۇسـتازلىرىدىن خـالمۇراد تاشكەندى بۇ تەرجىمىنى كـۆرۈپ مەزمۇنىنىـڭ ئەسـلىي كىتـابتىن ياخـشى چىققـانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق كىتابىنى ئۇيغۇر تىلىغـا تەرجىـمە قىلىـپ، مـۇراد خوجـا ئاتلىق بىر كىشىنىڭ نامىدا نەشر قىلىـپ تارقاتقـان. ئالىمنىـڭ مۇنـداق قىلىـشى كـۆپ كىـشىلەرنى ئىلىمـدە ئىزدىنىـپ يېڭـى كىتابلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى كۆزلىگەنلىكى ۋە ئۇلارغا ئىلھام ـ مەدەت بېرىـپ، ئـۇلارنى مۇشـۇ ساھەگە قىزىقتۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. ئالىمنىڭ بۇ ئەسەرلىرى شۇ دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن كاشغەردىكى «مەتبەئى خۇرشىد، مەتبەئى نۇر» (قۇياش مەتبەئەسى، نـۇر مەتبەئەسى)، قازانـدىكى «مىلـلـەت» مەتبەئەسـى، تاشـكەنتتىكى «غـولامىيە» مەتبەئەسـى قاتـارلىق مەتـبەئەلەردە بېـسىلىپ كەڭ تـۈردە تارقىتىلغان. رۇبائىيلىرى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «شەۋقى گۈلىستان» ناملىق چوڭ توپلامغا كىرگـۈزۈلگەن. بىر قىسىم ئىلمىي ئەمگەكلىرى زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق مەجمۇئەسى «شورا ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىر قىسىم ئەسەرلىرى كاشغەردىكى «مۇھەممەدىيە» مەتبەئەسى ۋە دەمەشىق، جىددە قاتـارلىق شەھەرلەردىكى نەشرىيات ئورۇنلىرىدا نەشر قىلىندى. بىر قىسىم ئەسـەرلىرى مىـسىرنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىـتېتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا.

تالىپلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ مائارىپتىكى ئىسلاھات ئىدىيەسى ئۇنىڭ داڭقىنى تەرەپ ـ تەرەپكە تاراتتى. بۇ ھال شۇ دەۋردىكى مۇتەئەسسىپ دىنىي كۇچلەرنىڭ ھەسەتىنى قوزغىماي قالمىدى. ئۇلار ئابدۇقادىر ئەزىزىنى «جەدىت» ۋە «دەھرىي» دەپ ئەيىبلەپ، خەلق ئارىسىغا بولمىغۇر ئىغۋالارنى تارقاتتى. ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ يېتەلمىگەن، زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلىيالمىغان بىر قىسىم كىشىلەر پىتنىچىلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ كەتتى. نەتىجىدە ئابدۇقادىر ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېڭىلىق ياراتقۇچى، يېڭىلىققا ئىنتىلگۇچى بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر زاتلار جاھىللىق، نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ پات پۇرسەت ئىچىدە ئۇڭشالمايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىپ يەتكەن ئابدۇقادىر ئەزىزى ھەجگە بېرىشنى باھانە قىلىپ يەنە بىر قېتىم ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ 1918 ـ يىلى 64 ياشلارغا بېرىپ قالغاندا تاشكەنتكە، ئاندىن شەمەي، ئۇفا، قازان، ئۇرال، تۈركىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۇ يەرلەردە بىر مەزگىل ساياھەتتە بولغاندىن كېيىن مەككىگە يېتىپ باردى ۋە ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. كېيىن مىسىرغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئالىم ۋە ئۆلىمالار بىلەن ئۇچراشتى. ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شۆھرىتى ۋە ئىناۋىتىدىن خەۋەردار مىسىر ئالىم ـ ئۆلىمالىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى كاتتا ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىشتى. ئۇنىڭغا يۇكسەك باھالارنى بېرىشتى. ئابدۇقادىر ئەزىزى بىلەن مىسىردا ئىلمىي سۆھبەتتە بولغان تاتار خەلقىنىڭ بۇيۇك تارىخ ئالىمى زاكىر قادىرى 1951 ـ يىلى ئەينى چاغدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي سۆھبەتتە ئالغان تەسىراتىنى بايان قىلىپ: «ئابدۇقادىر ئەزىزى ئىسلام دۇنياسىدا تەڭدىشى ئاز تېپىلىدىغان، يېتىشكەن زور مۇتەپەككۇر ۋە مۇسلىھ (ئىسلاھاتچى)، مۇجاھىد (كۇرەشچان) بۇيۇك ئالىم ئىدى» دەپ باھا بەرگەن.

ئابدۇقادىر ئەزىزى 1920 ـ يىلى ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باتۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، تەييارتاپ ئەمەلدارلار، جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار سوپى ـ ئىشانلار، ئاچ كۆز، تويمىغۇر بايلارغا قارشى ھەققانىي كۇرەشنى يېڭىباشتىن باشلىدى. ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ، تۇزگەن سىياسەت، پەرمانلىرىنىڭ خەلق مەنپەئىتىدىن ناھايىتى يىراقتا ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تونۇتۇپ، ئۇلارنى خەلق مەنپەئىتىگە كۆيۈنۈشكە، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇشقا دالالەت قىلدى. ئۇلارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئايىماي سۆكۈپ تاشلاپ، ھەق ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئۈندىدى. لېكىن ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ قىلغان ۋەز ـ نەسىھەتلىرى، كۆيۈنۈشلىرى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇغان، قۇللۇققا كۆنۈپ كەتكەن جاھىل كۇچلەر ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئەرزىمىدى. ئۇلار ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن ئەسەبىيلىك دەپ بىلىشىپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن تۆھمەتلەرنى توقۇشتى، ھەر خىل بولمىغۇر پىتنە ـ پاساتلارنى تارقىتىشتى. ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن باشقىلارنى سېتىشتىن يانمايدىغان، جاھىل، مۇتەئەسسىپ، نادانلارغا قىلغان تەربىيە ۋە نەسىھەتنىڭ ھېچ نەرسىگە كار قىلمىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ئابدۇقادىر ئەزىزى قىلچە ئۇمىدسىزلەنمەستىن، خەلق ئاممىسى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارغا بولغان ئۇمىد ـ ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ كۇچەيتىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ئويغىتىش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، يېڭىچە پەننىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇستىدە ئىزدەندى. ئۇ ھېيتگاھ جامەسىدە ھەر كۇنلۇكى نامازدىگەر ۋاقتىدىن شامغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەمىر ـ مەرۇپ ۋە مۇنازىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلقنى ئويغىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. قازى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەق تەلەپ، دەۋا ئىشلىرىنى ئادىللىق بىلەن ئىشلەپ، خەلق

ئاممىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۇلغايتىش بىلەن بىرگە، باشقا مەنسەپدارلارغا مەنسەپنىڭ رولىنى ئەمەلىي رەۋىشتە تونۇشتۇرۇپ قويىدى. زامانىسىدىكى ئىلغار كۆزقاراشقا ئىگە سودىگەر، بايلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىلغار پىكىرگە ئىگە 52 نەپەر ياشنى گېرمانىيە، فىرانسىيە، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا چىقاردى. ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئىلغار پىكىرگە ئىگە زىيالىيلارنىڭ ۋەكىلىگە ئايلاندى. ئۆزىمۇ ياشلارغا بولغان تەربىيەنى بوشاشتۇرماي ئىزچىل تۇردە ياخشى تۇتۇپ، ھەم دىنىي، ھەم يېڭىچە پەننىي ئىلىملەردىن خەۋەردار بولغان بىر بۆلۈك ئىلغار زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ قوللىشى، مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا شۇ چاغلاردا كاشغەردە توقام مەدرىسەسى، ۋاخلىق مەدرىسەسى، خانلىق مەدرىسەسى ۋە ھېيتگاھ مەدرىسەسى قاتارلىق ئىلىم ئورۇنلىرى تېخىمۇ زورىيىپ ۋە گۈللىنىپ، ياشلارنى يېڭىچە ئىلىم بىلەن قوراللاندۇرغان ئىلىم بۆشۈكىگە ئايلاندى. ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن ئىلىم خۇمارلار بۇ ئورۇنلاردا ئىجتىھات بىلەن ئىلىم ئىگىلەپ، ئۆزىنى يېڭىچە بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە داڭلىق ئىلىم ئىگىلىرىگە ئايلاندى.

ئابدۇقادىر ئەزىزى مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۇرۇپلا قالماستىن، جەمئىيەتكە ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىپ يېتىم-يېسىرلارنىڭ، ئىشسىزلارنىڭ ھالىنى كۆزەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالەتكە گىرىپتار بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ھورۇنلۇق، مەرىپەتسىزلىك ۋە يوقسۇزلۇقتىن ئىزدەپ، ئۇلارنى بۇ ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇ يىغىلغان ئۆشرە-زاكات، بايلارنىڭ سەدىقە، ئېھسانلىرى ۋە ئىسقات قاتارلىقلاردىن كەلگەن پۇللارنى تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، ئاجىز، پېقىرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى كۈنگە ئۇلىشىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. ئۇلارغا ئىلىم ئۆگىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، كاشغەردە «مەتلەئىل ھىدايەت» ناملىق مەكتەپ تەسىس قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆزى باشقۇرۇپ، يېتىم-يېسىرلارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ئىلىم ئەھلىنى قوللاپ، ھەق-دىيانەتنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىش روھى زامانىسىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىغانىدى. ئالىم تەجەللىي ھەزرەت:

*مەن زىكرۇھۇفىي مىقمۇەلي ۋە ۋىدا دۇھۇ،*
*فىي خاتىرەىي ۋە خەيالۇھۇ فىي نازىرىي.*
*بەشە رۇن ئەرا ھۇررۇھەئىللا ئىنىنەھۇ،*
*جەبەلۇن ۋەلاكىن بەھرۇ فەزلىن زاخرى.*
*ئەلىئىلمۇ ۋەتتەقۋا ھەلغا نەفسىھى،*
*لىلاھى زۇھەيلىن ۋە سەۋبىن فاخىرى.*

*[ئۇ بولسا تىلىمدىن گەپ-سۆزى، خاتىرەمدىن دوستلۇقى، كۆزۈمدىن خىيالى يىراق بولمايدىغان ئەڭ يېقىن بۇرادىرىمدۇر. ئۇنىڭ سۈرىتى ئىنسان بولغىنى بىلەن، ئۇ نازۇكلۇقتا روھقا، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلمىنىڭ موللۇقىدا دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئىلىم-پەن، تەقۋالىق ئۇنىڭ ئايرىلماس دوستى. ئۇنىڭ بۇ ئىككى زىننەتلىك كىيىم كىيىشى ئالالنىڭ رىزالىقى ئۈچۈندۇر. ]*

دەپ يېزىپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە

ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

مۇشۇ چاغلاردا كاشغەردە ئەنگلىيە، شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى ئۆز ئالدىغا دوختۇرخانا، مەكتەپ قاتارلىقلارنى ئېچىپ، يېتىم-يېسىرلار، كەمبەغەل-نامراتلارنىڭ كېسەللىنى داۋالاش، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش باھانىسى بىلەن ئۇلارغا كاتولىك دىنىنى تارقىتىپ، ئۇلارنى بۇ دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانىدى. ئۇلار يەنە بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ مەتبەئەلىرىدىن پايدىلىنىپ «ئىنجىل»نى كۆپەيتىپ بېسىپ تارقىتىپ، كاتولىك دىنىنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ ھال كاشغەردىكى بىر بۆلۈك ئىلغار دىنىي زىيالىيلارنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمىدى. ئابدۇقادىر ئەزىزى بۇ مەسىلىگە ناھايىتى جىددىي قاراپ، شۇ دەۋردىكى بىر بۆلۈك ئىلغار دىنىي زىيالىيلار بىلەن مۇستەھكەم بىر سەپ تۈزۈپ، شۋېت دوختۇرخانىسىنى تاقىۋەتمەكچى، شۋېتلەرنى كاشغەردىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇشتى ۋە شەھەردىكى ھەرقايسى مەسچىتلەرنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ، ئاممىنىڭ كۈچى بىلەن شۋېتلەرنىڭ ۋاكالەتخانىسىغا ھەيۋەت بىلەن باستۇرۇپ كىردى. غەزەپلەنگەن ئامما ئۆي-ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، كاتولىك دىنى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ۋە «ئىنجىل»نىڭ كۆپەيتمە نۇسخىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. مەتبەئەلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. خەلقنىڭ زور كەلكۈندەك جاسارىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتى شەھەردىكى نۇرغۇنلىغان ئاممىنىڭ قوللىشىغا، مەدەت بېرىشىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشتا ئاساسىي ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە يېتەكچىلىكنى ئۈستىگە ئالغان ئابدۇقادىر ئەزىزگە نىسبەتەن يامان نىيەتتە بولۇۋاتقان بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، شۋېتلەرنى ئارقا تىرەك قىلىپ چەت ئەل سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم بايلارنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى. بۇ ئىش سەۋەبى بىلەن ئابدۇقادىر ئەزىزى باشلىق 30 غا يېقىن كىشى شۇ دەۋرنىڭ دوتىيى جورۇيچى تەرىپىدىن 40 كۈن تۈرمىگە قامالدى. ئابدۇقادىر ئەزىزى تۈرمىدىن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلار چەت ئەللىكلەرگە مەسلىھەت بېرىپ ۋە ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سۇيىقەست پىلانلاپ، ھىجرىيە 1342-يىلى (مىلادىيە 1923—1924-يىللىرى) ماھى مۇھەررەمنىڭ 1-كۈنى سەيشەنبە (8-ئاينىڭ 14-كۈنى) كېچىدە ئۆز ئۆيىدە باشقىلار تەرىپىدىن ياللانغان قاتىل ئارقىلىق مەخپىي رەۋىشتە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. مەرھۇم شۇ چاغلاردا 69 —70 ياشلارغا يېتىپ قالغان ۋاقىتلىرى ئىدى[①].

## 2. ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى

### 1) «نەسىھەتى ئاممە»

«نەسىھەتى ئاممە» ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ئەينى دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنى غەپلەتتىن

① ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ۋاپات بولغانلىق ئەھۋالى ئەتىسى سەھەردە سېزىلگەندىن كېيىن، بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتكۈل شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا ئاڭلاندى. پۈتكۈل شەھەر خەلقىنىڭ يۈرىكى ئەلەمدىن مۇڭلاندى. قاتىلغا بولغان غەزەپ-نەپرەت ئۇچقۇنى كۆزلەردىن چاقنىدى. شەھەر سودىدىن، يېزا ئىشلەپچىقىرىشتىن، كارخانا، ھۈنەرۋەنلەر ئىشتىن، مەكتەپلەر ئوقۇشتىن توختاپ پۈتكۈل جامائەت بۇ مەدەنىيەت جەڭچىسىنىڭ ئېغىر مۇسىبىتىگە چۆمدى. نەچچە مىڭ كىشىلىك ھېيتگاھ جامەسى سەينالىرى بىلەن قوشۇلۇپ مەرھۇمنىڭ نامىزىغا داخىل بولغان مۇسىبەت ئەھلى بىلەن تولدى. كىشىلەر ياقا يىرتىپ، قوللىرىغا ھاسا ئېلىپ، تۇماقلىرىنى تەتۈر كىيىشىپ، مەرھۇمنىڭ مۇسىبىتىگە بولغان قايغۇسىنى ئىپادىلەپ جىنازىنىڭ ئالدىدا شېئىر ئوقۇشۇپ، دەۋر قىلىپ يول ئېچىپ ماڭدى. مەرھۇمنىڭ يېقىنلىرى، دوست-ئاغىنىلىرى، مەرھۇمغا نىسبەتەن قەلبىدە ھۆرمەت تۇيغۇسى تىكلىگەن ئون مىڭلىغان مۇسىبەت ئەھلى بېشىغا ئاق سەللە ئوراپ، بېلىگە ئاق باغلاپ، داد-پەرياد ئورۇپ ھازا ئېچىشتى. ھازا ئەھلى كاشغەرنىڭ كەڭ يوللىرىدا سەلدەك تەۋرەپ، كاشغەر شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قەدىمىي تاختا كۆۋرۈك قەبرىستانلىقىغا يېتىپ چىققاندا سەپنىڭ ئاخىرى تېخى شەھەرنىڭ ئىچىدە ئىدى. مەرھۇم ئەل-يۇرتنىڭ ئىززەت-ئىكرامى بىلەن ئاخىرى پەرلىكىدە ياتتى. مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلق ۋە ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ نۇرغۇن مەرسىيەلەرنى يازدى. مەرسىيەلەردە جىنايەتكار جەمئىيەتنى، مۇناپىق ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنى، پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتقان ۋىجدانسىز غالچىلارنى قاتتىق ئەيىبلىدى. مەرھۇمنىڭ بىۋاقىت ئۆلۈمىگە بولغان ئېچىنىشنى ئىپادىلىدى.

ئۈيغىتىپ ئىلىمگە يۈزلەندۈرۈش، ئىلىم ـ ھېكمەت، مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق نادانلىق پاتقىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش مەقسىتىدە يېزىلغان نەزەرىيەۋى ئەسەر.

2) «ئەقائىدى زەرۇرىيە»

«ئەقائىدى زەرۇرىيە» ئەينى دەۋردىكى مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، دەرسلىك ماتېرىياللار كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان①. «ئەقائىدى زەرۇرىيە» قاراڭغۇ دىللارنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇش، جاھالەتكە خاتىمە بېرىپ، زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ ئىنسانىيلىق قەدىر ـ قىممىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مەزمۇنى ئاساسىدا يېزىلغان. كىتابنىڭ كۆپ قېتىم بېسىلىپ كەڭ تۈردە تارقىلىشى ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىشى ئەينى دەۋردە خەلق ئارىسىدا زور شۆھرەتكە ۋە قوللاشقا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

كىتاب سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 64 سوئال ۋە جاۋابتىن تەشكىل تاپقان. ئاپتور ئىجتىمائىي ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەردىكى زۆرۈر، ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلىلەرنى سوئال شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا توغرىلىق بىلەن جاۋاب بېرىش ئارقىلىق مەلۇم بىر مەسىلىنى ياكى مەلۇم بىر ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئاپتورنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى ئىچىدە ئىلىم ئۆگىنىش، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتنى ساقلاش، ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ نېمىدىن كېلىدىغانلىقى، نېمىلەرگە ئەمەل قىلىنىشى لازىملىقى قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن زىچ بىرىككەن ھالدا ئادەم ئۈچۈن ئىلىمنىڭ ئاش ۋە نانىدىنمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئالىم مۇنداق يازىدۇ:

*سوئال: ئىلىم تەلەپ قىلماق نېمە؟*

*جاۋاب: ئىلىم تەلەپ قىلماق خەھى ئەر كىشى خەھى خوتۇن كىشىگە پەرھىزدۇر. ئىلىم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى سائادەتكە بائىستۇر (سەۋەبتۇر).*

*سوئال: مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغە بائىس نېمەدۇر؟*

*جاۋاب: ئىككى نەرسىدۇر. بىرى جاھىل ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى تەفرىق ۋە خىلاپلىقتۇر. ھەر قەۋم ۋە ھەر مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا بائىس (سەۋەب) نادانلىق ۋە نائىتتىپاقلىقتۇر.*

ئالىم ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى ۋە ھالىتىگە نەزەر سالغاندا مەرىپەتسىزلىكنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتكەن. مەرىپەتسىزلىكنى يوقاتمىغاندا خۇددى قۇمدەك چېچىلىپ ئاخىرى ئۆزىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى تونۇغان ۋە زامانىسىنىڭ ئالدىن كۆرەر كىشىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ:

*سوئال: ئىززەت ـ ئابرۇي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟*

*جاۋاب: ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر.*

---

① كىتاب دەسلەپ ئۇفادا باستۇرۇلۇپ كەڭ تۈردە تارقىتىلغان. كاشغەر قازانچى ياربېشى مەھەللىسىدە مۇھەممەد ئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ياغاچ ئويما مەتبەئەسىدە بېسىلىپ كەڭ جامائەتچىلىككە تارقىتىلغان. ئەينى دەۋردە كاشغەردە زامانىۋى پەننىي مائارىپنى يولغا قويۇش ۋە كەڭ تۈردە پەننىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. ئەمدىلاتىن باشلىنىۋاتقان بۇ ھەرىكەتنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، دەرسلىك ماتېرىيال ھەل قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان بۇ كىتاب ھەرقايسى مەسچىتلەر ۋە تالىپلارغا كەڭ تۈردە تارقىتىلىپ مەزمۇنىنى يادلاش تەلەپ قىلىنغان. كىتاب كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان. كېيىن مەككىدە ھامىت ھاجىم ياركەندىي دېگەن كىشىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن ھىجرىيە 1349 ـ يىلى ماھى رەجەپتە مىسىردا قايتا بېسىلغان. كېيىن ئېھتىياجنى قامدىيالمىغانلىقتىن مەۋلىۋى ئابدۇرەھىم داموللا ھاجىم ئۆز خىراجىتى بىلەن قايتا باستۇرغان. ئەينى دەۋردە تىراژى بۇ كىتابقا يېتىدىغان بىرمۇ كىتاب بولمىغان. تەھلىلدە پايدىلانغان بۇ نۇسخا مىلادىيە 1941 ـ يىلى دەمەشقتە بېسىلغان.

دەپ يازىدۇ.

ئالىمنىڭ بۇ خىل مەرىپەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى، ئىتتىپاقلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە رولى ھەققىدە ئېيتقانلىرى ھازىرمۇ رېئال تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

3) «مۇخەممەس»

«مۇخەممەس» ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بەدىئىي ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، جەمئىي 120 كۇپلېت، 600 مىسرادىن تەركىب تاپقان خېلى چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي ئەسەردۇر[①].

ئەسەردە زامانىسىدىكى ھوقۇق ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى، ئۇلاردا ساقلىنىۋاتقان ناچار ئىللەت ۋە خىزمەتتىكى تۈرلۈك خاتالىقلىرى، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئىنساب، ئادالەت، ھەققانىيەت تۇيغۇلىرىنى يوقىتىپ تاماخورلۇق، پارىخورلۇققا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكى، شۇ تۈپەيلى جەمئىيەتتە ھەق-ناھەق ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ، مېھرىبانلىقنىڭ كېمىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئەگەر مۇشۇ ئىش داۋاملىشىۋەرسە قانداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى، خەلق قانداق تەقدىرگە دۇچار بولىدىغانلىقى؛ بۇ خىل يامان ئىللەتنى تۈگىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر رېئال ئەمەلىيەتكە زىچ باغلانغان ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شائىر ئەسىرىدىكى لىرىك قەھرىمان ئەڭ ئاۋۋال جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى ھۆكۈمدارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئادىل تارازىدا ئۆلچەپ كۆرۈپ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا باھا بېرىدۇ. مەنسەپ ئىگىلىرىنىڭ ئىنساب، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، دۇرۇس قىلغان ئىشلىرىنىڭ ساۋابى ئۈچۈن جەننەتتىن ئورۇن ئېلىپ، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ساۋابىنى كۆرسە بولاتتى دەيدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل قارىشى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىب، نەۋايى قاتارلىق گۇمانىزملىق ئىدىيەلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان ئىلغار شائىرلار ئىدىيەسىنىڭ شائىر قەلىمى ئاستىدىكى راۋاجى ۋە داۋامى بولۇپ، شائىرمۇ ئادالەتلىك پادىشاھ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنىڭ ئاساسى دەپ قارىغانىدى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى پىكىرلىرىدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆزى پاك ئىش قىلىش بىلەن بىرگە قول ئاستىدىكى خادىملىرىنىڭ ئىشلىرىنى پات-پات نازارەت قىلىپ، ئۇلارنى ئادالەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇرلىشى لازىم دەپ قارايدۇ. لېكىن شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى كۆزەتكەن ئەمەلدار ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ھەمىشە خەلقنى شىلىشقا، تەييارتاپلىق بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ئۆگىنىپ كەتكەن هارامتاماقلار ئىدى. شائىر جەمئىيەت ئاپپاراتلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى ئورگان خادىملىرىغا ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئىش-ھەرىكىتىنى ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرىدۇ: قازى، مۇپتى، ئاخۇن، بەگ، شەيخۇل ئىسلام، مۇدەررىس، قارىي، غازى، خەلىپە، شەيخ، موللا قاتارلىقلارنىڭ ئۆز خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ پارىخورلۇققا، تاماخورلۇققا، هارامتاماقلىققا، تەييارتاپلىققا ئۆگەنگەن رەزىل ماھىيىتىنى، ئۆز نەپسىنىلا كۆزلەيدىغان ئاچ كۆز، خەسىسلىكىنى ئايىماي سۆكۈپ تاشلايدۇ. ۋالىي (ھۆكۈمدار) رەئىيە (خەلق)نىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولسا، ئادالەت ئۈچۈن جان-دىل بىلەن ئىشلىسە، خەلققە ھەمىشە غەمخور بولسا، ئۇلارنىڭ دۆلىتى (شانۇ شەۋكىتى)

---

① بۇ ئەسەر رەجەپ يۇسۇپنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1989-يىلى 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇچۇن يولباشچى بولاتتى. لېكىن، ئۇلار خەلقنىڭ ھالىدىن بىخەۋەر، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ھېچقانداق تەشۋىشى يوق، دەۋاگەرلەر كەلسە، ئۇنىڭ قولىغا، قويىنىغا تاماخورلۇق بىلەن قارايدۇ. پۇل ئۇچۇن راستنى يالغانغا، يالغاننى راستقا چىقىرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن خەلق خاراب بولماقتا. موللا ـ ئەلەملەر يېزا ـ قىشلاقلاردا ئۆز مەيلىچە ئايلىنىپ خەلقتىن ئېھتىرام، تەۋەررۇ كۇتۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسى بىر يەرگە كەلسە ئىشنى كەسكىن قىلمىغانلىق سەۋەبلىك «قوي ھارام بولىدۇ». بەزى خەلپىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي، ھەربىر ئۆيگە كىرسە ئەتراپتىكى مۇرىت ـ مۇرشىدلارنى توپلاپ، باشلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ سىلكىپ، ئۇزۇن تەسۋىنى سىرىپ، تەۋەججۇھ بىلەن ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، بەزىدە ھەتتا زورلاپ يىغلاپ ياش تۆكۈپ زەللىنىڭ يوغىنىنى، داستىخاننىڭ مول بولۇشىنى كۆزلەيدۇ. شەيخلەر ھېچقانداق ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانماي ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ سايىل كەبى تۇرمۇشقا ئۆگىنىپ كەتتى. ئۇلاردا ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەتتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. قارىيلارمۇ خۇددى شاتۇتىدەك ئاۋازلىرى بىلەن جان بېقىشنىڭ كويىغا كىرىۋالدى. ئۇلارنىڭ قۇرئاننى ياد ئېلىشى ئۆز نەپسىنى كۆزلەشتىن باشقا نەرسە بولمىدى. موللامنىڭ ھالىغا تېخىمۇ ۋاي، ھەر كۈنى نەزىر ئىزدەپ، زەللە كۆزلەپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ پەننىي تەرەققىيات بىلەن قىلچە كارى بولمىدى. بۇلارنىڭ كۈنى شۇنداق ئۆتەرمۇ؟ دەپ يېزىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىدۇ ۋە بۇنداق ئېغىر، تۈزەتمىسە بولمايدىغان چوڭ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇلۇغ ئىسلاھاتچى، بۈيۈك مۇتەپەككۇر سۇپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇنداق دەيدۇ:

*مەرد ئول كەددى يەمىن ئەيلەپ شەبان روز ياتماسە،*
*مېھنەت ئىلە قول پۇتى گەرچە ئۈزۈلسە قاتماسە.*
*تارتمايىن مىننەت كىشىدىن ئابرويىن ساتماسە،*
*ئافەرىن مۇنداغ كىشىگە كۈلفەت ئەلدىن تارتماسە،*
*ئەھلى ھىممەت بولسا مۇنداغ خار بولماس ھېچ زەمان.*

*زىخىرەد بولغىل بۇمالا يەئنى سۆزگە ئىستىمەئ،*
*ۋەھ، نەخۇشدۇر غەيرەت ئەھلى دائىم ئولسە زىقىنەئ،*
*بار مەسەل «مەتلۇبىنى مەخلۇقدىن قىلسا تەمەئ»،*
*گويىيا قىلدى «ئۆكۈزدىن سۈتكى، مۇزدىن ئوت تەمەئ»،*
*بىز كەبى تامېئكە، يا رەب، بەر قەنائەت ھەر زەمان.*

*ئەھلى قانېئدۇر كىشىكىم ئەل ئارا ئەئلا بولۇر،*
*ۋەرنە تامېئ ئەھلىدۇر ھەرچەند ئېسىل ئەدنا بولۇر،*
*ئىززەتى نابۇد بولۇپ ئەسفەلگە ھەم ئەجزا بولۇر،*
*قىلسەلەر بەرئەكسى «قانېئ» ھەرفىنى «ئەنقا» بولۇر،*
*ئاتىنى ئەنقا دەبان ھېچ كۆرمەگەن ئەھلى زەمان.*

ئىنسانىنىڭ ئىنسانىيلىقىنى ئىپادە قىلغۇچى ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئىنسان ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ۋىجدانىي بۇرچ تۈيغۇسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ بېيىتلاردا، شائىرنىڭ ئادەم بولۇش يوللىرى ھەققىدىكى نەسىھەتلىرى خەلق ھېكمەتلىرى تەرىزىدە جانلىق بايان قىلىنغان.

شائىرنىڭ جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ

يوقىلىپ كېتىشىنى، ۋاپا كۆلى سوغۇلۇپ، زۇلۇم بورىنى ئەۋج ئالغان ئومۇمىي ۋەزىيەتنى دادىللىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىشى ئەينى دەۋرنىڭ تۈزەتمىسە بولمايدىغان ئومۇمىي يۈنىلىشى، كىشىلەرنىڭ تەلىپى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك تەقەززاسى ئىدى. ئۇنداقتا، جەمئىيەتتە هۆكۈمران ئورۇنغا چىقىۋالغان بۇنداق ناچار ئىللەت، يامان خاھىش، ناچار ئىستىلنىڭ مەنبەسى زادى نەدە؟ ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كىم يول قويغان؟ بۇ تەبىئىيكى ئەينى دەۋردىكى چىرىك هاكىمىيەتنىڭ قالاق ئىجتىمائىي تۈزۈمى، بەگ-ئەمەلدارلاردىكى شەخسىيەتچىلىك، شۇنداقلا شەخسىي هەۋەس ۋە بايلىقنى كۆزلىگەن چىرىك ئىستىل ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ جۇغلانمىسى بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت پەيدا قىلغان رەزىل ماهىيەتتىن پەيدا بولغان. بۇ خىل ماهىيەتلىك خاراكتېر ۋە ئىستىل ئەينى دەۋر هۆكۈمىتىنىڭ رەزىل هاكىمىيىتىنى قوغداش، مۇستەهكەملەش، ئۇنى ئۆزىگە قالقان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنى سەمرىتىشتىن قىلچە يىراقلاشمىغان. شائىر مۇنداق يازىدۇ:

*قالمادى ئەسلا تەنابى بولدى ئالەم بىنىزام،*
*يوق ئۇچۇن بىر هاكىمى مەزبۇتكىم ئالىي كىرام،*
*هەر بىرى ئۆز بەگ بولۇپ رەئيى ئىلە ئەيلەر خىرام،*
*ياتتىلار ئەئلا نەسەب ئەسفەل قوپۇپ تاپتى قارام،*
*بىگۇمان بۇ ئىش ئەلاماتى ئېرۇر ئاخىر زەمان.*

*هېچ ۋالىلار ئارا بىر ئەدلۇ شەفقەت قالمادى،*
*ئالىمۇ فازىل ئارا خالىس ئىبادەت قالمادى،*
*ئەغنىيا دېهقان ئارا خەيرۇ سەخاۋەت قالمادى،*
*هەم فەقىر ئاجىز ئارا شۇكرۇ قەنائەت قالمادى،*
*مۇنىڭ ئۇچۇن قورۇلۇپ تۇرمىش بۇ يەڭلىغ بۇ زەمان.*

ئابدۇقادىر ئەزىزى گىگانت ئىسلاهاتچى، ئۇلۇغ گۇمانىست ۋە يىراقنى كۆزلىگەن ۋەتەنپەرۋەر شائىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ رەزىل كۈچلەرنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى ئايىماي سۆكىدۇ. ئىنساننى ئەزىز ۋە خار قىلغۇچى ئەقىل بىلەن نەپسنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ماهىيىتىگە تولۇق باها بېرىپ، ئۇنىڭ رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ:

*نەفسى شەيتان كۆرسەتۇر هەر بەندەگە تۈرلۈك ئويۇن،*
*نەفسى مىرشەب مۈلكى تەندە ئەقلدۇرلار رەهنەمۇن،*
*بەئزىلەرنى ئازدۇرۇپ غەفلەت بىلەن قىلمىش زەبۇن،*
*ئاقىل ئولدۇر ئەكسى ئەيەپ بەرمەسە هەرگىز بويۇن،*
*ئەقلىلە نەفسى تالاش ئۇستىدەدۇرلار هەر زەمان.*

نەپس بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ بايانلىرى ناهايىتى كۆپ. نەپس ئىنساننى زەبۇنلۇققا، خارلىققا باشلايدىغان، قانائەت ۋە ئىنسابتىن يىراق بولغان بىر خىل مەنىۋى چۈشكۈنلۈك يولىدىن ئىبارەت. ئابدۇقادىر ئەزىزى ئەسىرىدە ئەقىل بىلەن نەپسنىڭ مۇنازىرىسى ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ چەك-چېگراسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

*نەفس ئايتۇر: «فىسق ئېلىنى ئەيلەگىل ئۆزۈڭگە رام،»*
*ئەقىل ئايتۇر: «دائىما زۇهد ئەهلى ئىلە قىلغىل خىرام،»*

*نەفس ئايتۇر: «ھاسىل ئەيلە دىلدا نە باردۇر مەرام،»*
*ئەقىل ئايتۇر: «نەفسى شەيتان باشلاغان يوللار ھەرام،*
*كىرمەگىل زىنھاركىم شەيتان يولىغە ھىچ زەمان.»*

ئاخىرىدا خۇلاسە چىقىرىپ، ئەگەر كىمدە ئەقىل غالىب بولسا، ئۇنىڭغا شادلىق مۇيەسسەر بولىدۇ. نەپس غالىب بولسا، كىشى مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلمەي، بۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن كېتىدۇ دەيدۇ. شائىرنىڭ ئەسىرىدىكى لىرىك قەھرىمان نەپس بىلەن ئەقىلنىڭ مۇنازىرىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا، تېخىمۇ كونكرېتلىققا ئىگە قىلىش مەقسىتىدە تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر تاجدارلار، بايلار، خەسىسلەرنىڭ نامىنى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىپ، ئۇلار نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، باشلار كېسىپ، قانلار تۆكۈپ، جاللاتلىق نامىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلارغا نەپس ھېچقاچان ھېچقانداق پايدا ـ مەنپەئەت بەرمىدى، ئەكسىچە خەلقنىڭ نەپرىتى ياغدى دېيىش بىلەن بىرگە ئىلتىماس شەكلىدە:

*ئەقىل غالىب كىمدە شاد ئولۇرلار جان ئارا،*
*ۋەرنە بولسا نەفس غالىب قالغاي ئول ئارمان ئارا،*
*ئۇشبۇ رەڭ ئىردى تالاش تەن ئىچرەكىم مەيدان ئارا،*
*گويىيا ئىردى جەدەل قەيسەر بىلە خاقان ئارا،*
*غالىب ئەيلە ئەقلىنى نەفس ئۈزرە، يا رەب، ھەر زەمان.*

دەيدۇ. بىز شائىرنىڭ «مۇخەممەس»نى تەپسىلىي ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ دىلىنى يورۇتۇش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققان، قورقماس، ئوت يۈرەك، خۇراپاتلىققا ۋە جاھالەتكە ئوت ياققۇچى ئالىيجاناب، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە جەسۇر قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى كۆرگەندەك بولىمىز. شائىرنىڭ بۇ قەھرىمانى كۆپنى كۆرگەن، زاماننىڭ تەرەققىياتىنى بىلىپ يېتىپ، ئۆز زامانىسىدىكى تەرەققىياتقا توسقۇن بولۇۋاتقان جاھىل كۈچلەر بىلەن تىغمۇ تىغ كۈرەش ئېلىپ بارغان، شۇ دەۋردىكى تۇرلۇك مەنسەپ ئىگىلىرىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى چىرىكلىكىنى ئايىماي تەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلغان، ئۆز نەپسىنىڭ ئەقلىنى كونترول قىلىۋېلىشىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل ئازاد بولۇپ، ئۆز مەنپەئىتىنى خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرغان، خەلقنى ئويغىتىپ جاھىلىيەت كۈچلىرىنى كۆمپەيكوم قىلىپ، يېڭى بىر دەۋر بەرپا قىلىشنى ئىزدىگەن ئېسىل پەزىلەتلىك گىگانت جەڭچىنىڭ ئوبرازى. بۇ ئوبراز جەمئىيەتتىكى تۇرلۇك تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەقىل تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ چىققانلىقى ئۈچۈن:

*شائىرا، ھەر نەۋئى ئەلدىن شىكۋە ئىلە قىلدىڭ نىدا،*
*ۋالى، ئالىم خەلفە، ئىشان، سەييىدى ئەھلى غەزا،*
*قارى، دېھقان، سەۋداگەر قالماي ھەمە كاسىب گەدا،*
*خەتم قىل، يۈز تىل بىلە قىلساڭ ئەگەر بولماس ئەدا،*
*كۈللى يەۋم بەدتەر بولۇر ھەرگىز تۈزەلمەس بۇ زەمان.*

دېيىش بىلەن بىرگە، مۇنداق ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار بولۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

*ھەرنە دەرمىز، ھەرنە بولغانكىم ئىرۇر ئۆز فېئلىمىز،*
*تاشىبان ئەندازەدىن چىقتى بەسى ئەفئالىمىز،*
*دائىما لەھۋۇ لەئەبدۇر ئۆتسە غەم يوق سالىمىز،*

*داغى بىدار ئۆلماساق بولغاي ئىچۇك ئەھۋالىمىز،*
*شۇنچەدە ئىنساق بەر بەندەڭگە، يارەب، بۇ زەمان.*

شۇڭا ئاخىردا بۇنداق ئۆتۈۋېرىشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ياخشى ئەمەسلىكىنى، ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياشاش ئۈچۈن:

*ۋەقتنى بىلگىل غەنىمەت ۋەسق ئىلە شىكۇۋەڭنى قوي،*
*بىئىرادە بولماغاي ھەر ئىشكى ئەفسانەڭنى قوي،*
*سەئيى ئىلە كەتكىل چىقىپكىم خانەۋۇ مانىڭنى قوي،*
*ئۈستىگە ئانىڭ ئۆزۈڭ بىرلە يەنە زاتىڭنى قوي،*
*ۋەقتنى بىلگىل غەنىمەتكىم تۇزەلمەس بۇ زەمان.*

لازىملىقىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شائىرنىڭ بۇ ئەسىرى نۇقتىئىنەزىرىنىڭ پۇختىلىقى، رىئال ئاساسىنىڭ كۈچلۈكلىكى، مەنتىقلىق باغلىنىشىنىڭ مۇستەھكەم ۋە قايىل قىلارلىقلىقى بىلەن ئەينى دەۋردە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان.

4) «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»

«مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ياكى «مېۋىنامە» ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى رېئالىستىك ئەسەر بولۇپ، ساتىرانىڭ نادىر بىر ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىكى ئۆزگىچە ئۇسۇلى جەھەتتىن باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئاپتورلار رېئاللىقتا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان توغرىلىق بىلەن خاتالىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىك، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە بۇ زىددىيەتلەر ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ تۇرلۇك قاراشلىرىنى ئىپادىلەشتە، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۇنۇملۇك ژانىرى بولغان مۇنازىرە خاراكتېرىنى ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. بۇلاردا يارىتىلغان تىپىك بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئۆز پىكرىنى ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشقان. مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، بۇ ھال ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇنازىرە مەزمۇنىنىڭ خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ خىل مەزمۇن مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتتا ئۆز رولىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە جارى قىلدۇردى.

شائىر ئابدۇقادىر ئەزىزى بۇ ژانىرنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۈجمە، جىنەستە، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئۈزۈم (ئەنگۇر)، ئانار، بېھى، ئالما، نەشپۈت، ياڭاق، ئەينۇلا، ئالۇچا، قارىئۆرۈك، جىگدە، چىلان، خورما، ئامۇت، بادام قاتارلىق 19 خىل مېۋىنىڭ ئۆزئارا مۇنازىرىسى ئارقىلىق، جەمئىيەتتە چوقۇم مەلۇم بىر تەشكىلىي تۈزۈمنىڭ بولۇشى لازىملىقى، مەلۇم بىر توغرا رەھبەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىپ، جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىشى لازىملىقى، ئۇنداق بولمىغاندا ھەركىم ئۆز بېشىمچى بولۇۋېلىپ، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى بولمايدىغان بىر خىل ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ، ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇزۇلىدىغانلىقىدەك بىر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەسەر جەمئىي 144 بېيىتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. ئالدىنقى

10بېيىت (20 مىسرا) شائىرنىڭ ئاللانىڭ تەبىئەتنى، تەبىئەتتىكى بىر يىل، تۆت پەسىل، بىر پەسىلنى ئۈچ ئايدىن، بىر ئاينى 15 كۈن ئايدىڭ، 15 كۈن قاراڭغۇ قىلىپ ياراتقانلىقىغا، بىر كۈندە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىغا بولغان رەھمىتىگە بېغىشلانغاندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭدا بۇ ئالەمنىڭ رەڭمۇ رەڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنلىكى، ئىنسان مۇشۇ رەڭمۇ رەڭ دۇنيادىن ھۇزۇرلىنىپ ياشايدىغانلىقى قاتارلىقلار ھەققىدىكى بايانلىرى ئورۇن ئالغان. شائىر بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنى مۇنداق يازىدۇ:

*قايسى بىر قۇدرەتلەرىڭ ئەيلەي بەيان پەرۋەردىگار،*
*ھەممەئى زىيجانىكىم سۇنئىڭدىن ئېرمىش كىردىگار.*
*توختاتىپ ئەۋۋەلدە ئانداغ ئەژدەرىكىم دىلپەزىر،*
*ھەم ئەتا ئەيلەپ ئاڭا قابىل، مۇكەممەل تۆرت ۋەزىر.*
*ھەر ۋەزىرغە داغى ئۇچدىن لۇتف ئېتىپ يارى ئەزىز،*
*بۇ ئەزىزلەردىن ۋەزىرلەر تاپىبان تۇئمە لەزىز.*
*ھەر ئەزىزغە يانە ئوتتۇز مەھرەمى چابۇكسەۋار،*
*نىسبى ئاق، نىسبى قارا ئات ئۆزرە بولمىش بەرقەرار.*
*داغى ھەربىر مەھرەمىگە فەزل ئېتىپ بەشدىن ياراغ،*
*بۇ ياراغ بىرلە ئۇلارنى ئەيلەبان خاتىر فەراغ.*

كېيىنكى 130 بېيىتتە ئاساسەن ئاساسىي ۋەقەلىككە ئۆتۈپ، ئۆزى ئېپادىلىمەكچى بولغان مەركىزىي ئىدىيەگە مۇناسىۋەتلىك بولغان پېرسوناژلارنى بىر-بىرلەپ بەدىئىي سەھنىگە ئېلىپ چىقىدۇ:

باھار كېلىپ ھەممە يەرنى ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەر قاپلايدۇ. مېۋىلەر ئېسىلىپ پىشىشقا باشلايدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ئۇجمە پىشىپ ئۆزىنى ماختاپ، مەن ھەممە مېۋىلەردىن ئىلگىرى پىشىپ ئەلگە بالدۇر نەپ بېرىمەن. كىشىلەر مېنى بىر-بىرىگە سوۋغات قىلىپ مەندىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئاچلارنىڭ قارنى ئەڭ ئاۋۋال مەن بىلەن تويىدۇ. جان-جانىۋارلار مېنى يەپ ھۇزۇرلىنىدۇ. مەن كۆپ ئائىلىلىك. مېنىڭ شاتۇت ئاتىلىدىغان قېرىندىشىم بار، ئۇمۇ لەززىتى، رەڭگى بىلەن شاھ مېۋىدۇر دەپ ئۆزىنى ماختايدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جىنەستە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇجمىنىڭ ئۆزىنى ماختىشىغا قارشى ھالدا، ھەي ئۇجمە، يوغانچىلىق قىلما، سېنىڭ بۇ باغدا تۇرار جايىڭ يوق، سېنى يېگىلى ئېشى يوق، ھۇرۇنلار يەپ ھۇزۇرلىنىدۇ. شۇڭا سېنى باغ سىرتىغا تىكىدۇ دېيىش بىلەن بىرگە ئۆزىنى داڭلاپ، مەن باغ ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن پىشىمەن. مەن باغقا زىننەت بېغىشلىغۇچىمەن، مېنى چىنە-تەخسىلەرگە ئېلىپ ئىززەتلەپ داستىخانغا قويىدۇ. مەن ھۆرمەتكە سازاۋەر دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئۆرۈك جىنەستىنى ئەيىبلەپ: سېنىڭ شەكلىڭ چىرايلىق بولغىنى بىلەن، تەمىڭ يوق، بۇ خۇددى چىرايلىقتا ۋاپا يوق دېگەن مەسەلگە ئوخشايدۇ. بىز ئۆرۈكلەر داستىخاننىڭ سەر خىل مېۋىلىرىدىن بولىمىز. بىزنى كىشىلەر يېقىن دوستلىرىغا سوۋغا قىلىشىدۇ. قۇرۇتۇپ گۇلە-قاق قىلىپ تاكى ئەتىيازغىچە ساقلاپ يەيدۇ. ھەتتا بىز يوق يەرلەرگە ئاپىرىپ ئەتىۋارلىق مال سۈپىتىدە ساتىدۇ. باغنى تەشكىل قىلغان مېۋىلەرنىڭ (كۆپ) نىسبىتىنى بىز تەشكىل قىلىمىز. بىزنى مېغىزىمىز بىلەن قۇرۇتۇپ يېسە گويا خورمىدەك لەززەت بېرىمىز دەپ ماختىنىدۇ. بۇنى ئاڭلىغا مايسەن شاپتۇل دەرھال ئۆرۈكنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، بىز شاپتۇللار يازنىڭ ئاۋۋىلىدا پىشساق تاكى كۈزگىچە پىشىپ تۇرىمىز. بىزنىڭ شېرىنلىكىمىزگە ھېچ نەرسىنىڭ شېرىنلىكى يەتمەيدۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدا

سەن نېمە ئىدىڭ دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەنجۈر شاپتۇلغا رەددىيە بېرىپ ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭغا قارشى ئۈزۈم قوپۇپ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، سەن نېمانچە لاپ ئۇرىسەن، سەن تاق شاخلىق بىر مەخلۇق، سېنىڭ بېخىللىقىڭدىن كىشىلەر سېنىڭ يۈزىڭگە شاپىلاق ئۇرىدۇ. مېۋىلەر ئىچىدە بەك ۋىجىك، بەك ئاۋارە بىر نەرسە سەن. قىشتا ئوبدان يېپىنچاڭ بولمىسا، ئۈششۈپ ئۆلىسەن، شۇ ھالىڭغا نېمانچە يوغانچىلىق قىلىسەن دەپ ئەيىبلەپ، ئۆزىنىڭ سۈپەتلىرىنى: بىز بىر يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە بار. ھەتتا بىزدىن مۇسەللەس ياساپ ئىچىشىدۇ. بىز ھەم ئاش، ھەم ئىچىملىك، ھەم قۇۋۋەت دورىسى، بىزدىن ھېچكىمگە زەرەر يەتمەيدۇ دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېھى: مەن ھەممىدىن خۇشبۇيمەن. مېنى ئۆيگە تىزىپ قويسا خۇش پۇراق تارقىتىمەن دەپ ئۆزىنى ماختايدۇ. ئالما كېلىپ بېھىنى چۆكۈرۈپ ئۆزىنى ماختايدۇ. ئارقىدىن نەشپۈت، ياڭاق، ئەينۇلا، ئالۇچا، قارىئۆرۈك، جىگدە، چىلانلار ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرسى ـ بىرسىنىڭ ئەيىبىنى كولاپ، ئۆزىنى داڭلايدۇ. جېدەل خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ. ئاخىر باغ ئىچىدىكى ھەممە دەرەخلەر يىغىلىپ:

*بار ئىدى ئەشجارلار باغ ئىچرە خاھى تاغ تەمىز،*

*ئىتتىفاقەن دېدى: «بولسە بىر ئۇلۇغ ئەھلى تەمىز،*

*ھەر قوپال باشسىز ئېرۈر قويمىش نىفاقۇ ماجەرا،*

*تۇتسە مەھكەم بىر ئۇلۇغنى پەست ئۇلۇر چۇنۇ چەرا،*

*ئالتە كۆنلۈك ۋەقتىمىزغە بىز قىلىپ مۇنچە جەدەل،*

*كاش بولسا ئېردى بىر سۇلتانى ئادىل بىبەدەل».*

دېيىشىدۇ ۋە ئاخىر ھەممەيلەن مەسلىھەتلىشىپ خورمىنى پادىشاھ قىلىپ سايلايدۇ. ئامۇت مۆپتى بولىدۇ. بېھى قازى؛ بادام ياساۋۇل؛ شاپتۇل باكاۋۇل؛ جىنەستە، ئالۇچا، چىلانلار مەھرەم؛ قارىئۆرۈك ۋە ئەينۇلا خەزىنىچى؛ ياڭاق بىلەن ئۆرۈك ۋەزىنىچى؛ ئالما، ئەنجۈرلەر مىرزا؛ شاتۇت بىلەن ئۈزۈم ئاش بېشى؛ ئۈجمە بىلەن جىگدە پەرراش باشى؛ قوغۇن بىلەن تاۋۇز لەڭگەرچىلىك؛ مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى پۇقراچىلىق قىلىدىغان بولۇشىدۇ.

ئاخىرىدا شائىر ئۆز ئەسىرىدىكى مەقسەتكە كۆچۈپ، بىزلەرگىمۇ ئادىل بىر پادىشاھ بولسا، ئۇ رەئىيەنى (خەلقنى) ئەمىنلىك ۋە ھىدايەت يولىغا باشلاپ، خەلقنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە قىلسا، ئادىل سىياسەت يۈرگۈزسە، قول ئاستىدىكى خادىملار خەلق ئۈچۈن جان ـ دىل بىلەن ئىشلىسە، ئۇنىڭ نامى ئادىل پادىشاھ ئىسكەندەرگە ئوخشاش تەرەپ ـ تەرەپكە تارىسا دېگەن ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىرنىڭ بۇ ئەسىرى ھەممە يەرنى تەپرىقىچىلىك قاپلاپ كەتكەن ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقىنىڭ ئىخچاملاشقان كارتىنىسى بولۇپلا قالماي، زامان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چىرىك ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان شىكايەتنامە؛ زامان سىياسىتىگە ئوقۇلغان ئاشكارا نارازىلىقتىن ئىبارەت. شائىر بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار روھىي دۇنياسىنى، قايتماس ئىرادىسىنى، ئۇلۇغۋار ئىسلاھات ئىدىيەسىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

### 5) «مىفتاھۇل ئەدەب»

«مىفتاھۇل ئەدەب» ئالىم ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىن مەزمۇن، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم

ئەسەرلىرىنىڭ بىرسى[1].

ئەسەرنىڭ تولۇق نامى «مىفتاھۇل ئەدەب، لىنفەھمى كەلامۇل ئەرەب» (ئەرەب تىلىنى تونۇتقۇچى ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى) بولۇپ، ھازىر «مىفتاھۇل ئەدەب» دەپ ئاتىلىپ كېلىنمەكتە. بۇ ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئاتاقلىق پەيلاسوپ، ئالىم ۋە ئەدىبلەردىن ئەبۇلئەلا ئەھمەد مەئەررى، تەقىيىددىن، ئەلى تەممامىن، تاھىر ئىسكەندەرى، ئىبراھىم شەبراۋى، ھارۇن رەشىدى، ئىبن رۇمى، ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانى، زەمەخشەرى، سەئىد شىرازى، ئابدۇقادىر جىلانى قاتارلىق يۈزدەك زاتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىكى فەرد، قىتئە، رۇبائىي، غەزەل، قەسىدىلىرى ئىچىدىن كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىرلىرىنىڭ مەقسەت ـ ئېھتىياجىغا لايىق كېلىدىغان قىسىملىرىنى ئارىيەت ئېلىش شەكلى بىلەن تاللاپ ئالغان 1800 مىسراغا يېقىن نەزمىي جاۋاھىراتلاردىن تۈزۈلگەن كىتابتۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە سەككاكىي، تەجەللىي ھەزرەت، سىراجىددىن مەخدۇم، مۇراد خوجا ئىشان قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۇيغۇر، تۈرك ئەدىبلىرىگىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. بولۇپمۇ تەجەللىيگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. كىتاب تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئۆزگىچە بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن تۈزۈلگەن ئالماناخ دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئابدۇقادىر ئەزىزى ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن ئۆز ئىسمىنى «كەمىنە ئابدۇقادىر ئېيتمدۇركى» دەپ ئاشكارا بەرگەندىن باشقا، «كەمىنە ئېيتىدۇ»، «بەزىلەر ئېيتىدۇ»، «زامانىنىڭ بەزى پەزىلەتلىكلىرى ئېيتىدۇ» دەپ ئالغان. ئۆز ئىسمىنىڭ كۆپ ئورۇندا تەكرارلىنىشى، بىمەززە، تېتىقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغان. كىتاب 9 ـ ئەسىردىن تاكى 19 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي شارائىتتىكى بىر قىسىم ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر ـ تۈركىي شائىرلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار بىلەن بېزەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرىدىن بەدىئىي زوق ئېلىش، ئۇلگىلەر بىلەن تونۇشۇشتىن باشقا، ئۆزگىرىشچان تىل ھادىسىلىرىنى، ئەدەبىي شەكىللەرنى، تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى تەتقىق قىلىش، 10 ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ھاياتتىكى شەرق ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، ئادىمىي خىسلەت ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇش، تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

ئابدۇقادىر ئەزىزى ئۆز كىتابىغا نېمە ئۈچۈن «مىفتاھۇل ئەدەب، لىنفەھمى كەلامۇل ئەرەب» (ئەرەب تىلىنى تونۇتقۇچى ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى) دەپ ئىسىم قويغانلىقى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: كەمىنە ئۆزىنىڭ تۆۋەن ئىقتىدارىغا قارىماي، ئوقۇغۇچىلارنى پايدىلىق ئىلىملەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش نىيىتى بىلەن ئەرەب دىۋانلىرىدىن ئىلىم ـ ھېكمەت، مەدھىيە، قەھرىمانلىق، پەخىرلىنىش، غەزەل، زەھرىيات (گۈل ـ چېچەك)، تەنقىد، مەرسىيە، تارىخ

---

[1] بۇ ئەسەر مىلادىيە 1910ــ1911 ـ يىللىرى (ھىجرىيە 1328 ـ يىلى) ئەينى دەۋردىكى زىيالىيلارنىڭ ئەرەب تىلىنىڭ ئىنچىكە، نازۇك، پاساھەتلىك تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشىگە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەرەب تىلى سەۋىيەسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە كاشغەردە يېزىلغان. كىتاب شۇ يىلى تاشكەنتتە «غۇلامىيە» مەتبەئەسىدە سىراجىدىن مەخسۇم دېگەن ئادەمنىڭ خىراجەت سەرپ قىلىشى ۋە شۇ ئادەمنىڭ ئۆز خېتى بىلەن كۆچۈرۈپ چىقىشى نەتىجىسىدە تاش مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققان.

مەزكۇر ئەسەرنى ئەرەب تىلىدىن نەزمىي شەكىلدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا راۋان، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ تەرجىمە قىلىپ چىققان تەتقىقاتچى ئۆمەر ئوسمان شىپاھىنىڭ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 2001 ـ يىلى 5 ـ سانىدا مەلۇمات بېرىشىچە، كىتاب ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمى ئون باب، ئىككىنچى قىسمى بەش بابتىن تەركىب تاپقان. ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىنچى قىسمىنىڭ نەشرى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات بولمىغان.

قاتارلىقلارغا ئائىت نەپس شېئىرلارنى تاللاپ، ئەدەبىيات ئالىملىرىنىڭ ئەرەب تىلى قائىدىسى ۋە ئەدەبىيات ئۇسۇللىرىدىكى مەنە، بايان، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئارۇز قانۇنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك پىكىرلىرىنى توپلاپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، بىرىنچى قىسمىنى 10 باب، ئىككىنچى قىسمىنى بەش باب قىلىپ تۈزدۈم. «تەلخسۇل مىفتاھ»دا بايان قىلىنغان شېئىرلارنى ھەم بۇ توپلامغا قوشتۇم. چۈنكى، بۇ قىسقىغىنا توپلام ئوقۇغۇچىلارنى دىۋاندىكى پاساھەت، بالاغەت، ئاجايىپ ئۇسۇللار، بەدىئىي مەنىلەرگە ئاشىنا قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئىلىم دېڭىزىدىن دۇر-گۆھەرلەرنى قازماقتا، ھەدىسلەر گۈلشەنىدىن گۈللەر ئۈزمەككە دالالەت قىلالايدىكەن دېگەن ئۈمىدتە بۇ لەتىپىلىك توپلامنى «مىفتاھۇل ئەدەب، لىفەھمى كەلامۇل ئەرەب» دەپ ئاتاشنى مۇناسىپ كۆردۈم.

كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىنسانىي قەدىر-قىممەتنىڭ ئۆلچىمى، ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي پەزىلەت، ئىنساندىكى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېتىلغان بولۇپ، ئاپتور مۇشۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەقىل، بىلىم، بەخت، گۈزەللىك، قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، ھاكىمىيەت، ۋەتەن، مىللەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىنسانىي ئېسىل خىسلەت ۋە پەزىلەتلەرنى زوق-شوق بىلەن مەدھىيەلەپ، كىشىلەرنى مۇشۇ خىسلەتلەرنى ئۆزىگە دائىمىي ھەمراھ قىلىۋېلىشقا چاقىرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئەكس تەرىپى بولغان ئاچ كۆزلۈك، شۆھرەتپەرەسلىك، ھاماقەتلىك، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنچىلىك، كونسېرۋاتىپلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنىمۇ قاتتىق قامچىلاپ، كىشىلەرنى بۇنداق ئىللەتلەردىن يىراق بولۇشقا، بۇنداق ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەپ، ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىگە نەپرەتلىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىشىغا، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇپ ئادىمىي خىسلەت بىلەن ياشاشقا ئىنتىلىشكە دالالەت قىلىدۇ. زامانىنىڭ بىمۇرۇۋۋەتلىكى، يولسىزلارغا يول ئېچىپ، يوللۇقلارنى يولدىن توسىدىغان تەتۈرلۈكى ئۈستىدىن قان-ياشلىق شىكايەت قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

(1) ئەقىل-بىلىم ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيەسى ۋە ئۇنى ئەمەلدە ئىشلىتىش مەسىلىسى: ئەقىل-بىلىم ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيەسى ۋە ئۇنى ئەمەلدە ئىشلىتىش كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا باشتىن-ئاخىر خۇددى بىر قىزىل يىپتەك ئىزچىللاشقان مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرسى. بىز كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلايدىغان بولساق، مەيلى خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە بولسۇن، مەيلى يازما ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن بۇ تېما ئىزچىللىقىنى زادى ئۈزۈپ قويمىغان. خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە «بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى يېڭەر» دېگەن ماقال بار. يازما ئەدەبىياتىمىزغا دىققەت قىلىدىغان بولساقمۇ، كۆكتۈرك خانلىقى ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان يازما پۈتۈكلەردە بىلىملىك كىشىلەر (خاقانلار)نىڭ ئەلنى، ۋەتەننى روناق تاپقۇزغانلىقى، ئەكسىچە بىلىمسىزلەر (خاقانلار) ئەلنى خانىۋەيران قىلغانلىقى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتلار بار. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىرىي ئەسەرلەردە بۇ ھال تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بىلىملىك كىشى بېلىگە تاش قىستۇرۇۋالسا، ئۇ قاشتاشقا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى، بىلىمسىز كىشى بېلىگە قاشتاش قىستۇرۇۋالسا، تاشقا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى سۆزلىنىش ئارقىلىق بىلىمنىڭ خاسىيىتى ئۇلۇغلانغان. قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئەھمەد يەسەۋى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بىلىم ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتى

ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتلار بېرىلگەن. نەۋايى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخنى مەزگىللەردە ئوتتۇرىغا چىققان نادىر نەمۇنىلەردىمۇ بىلىم، ئەقىل - ئىدراك، ئەخلاقىي پەزىلەت كونكرېتلىققا ئىگە قىلىنىپ، كونكرېت پېرسوناژلارنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق رېئاللىققا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئابدۇقادىر ئەزىزى كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بۇ خىل ئىدىيەنى زامانىسى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك، ئاكتىۋال تېمىغا ئايلاندۇرۇشتا ئىجادىي يول تۇتقان. ئالىمنىڭ قارىشىچە، ئەقىل - بىلىم، ئەخلاق ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيەسى ئىنسان ئۈچۈن ئاش ۋە ناندىنمۇ زۆرۈر بولۇپ، ئىنسان خار ۋە زەبۇنلۇقتىن، پېقىر ۋە مىسكىنلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چوقۇم ئەقىل ۋە بىلىمنى ئىشقا سېلىشى، ئەقىل ۋە بىلىم ئارقىلىق ئۆزىنى سائادەتكە ئىگە قىلىشى، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن ئادىمىي ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشى ۋە شۇنداق قىلىشى لازىم. ئاپتور:

*پەزىلەت كۆپ ئېرۇر بۇ ئالەم ئارا،*
*ئىلىمدۇر ھەممىدىن ئەلىيۇل - ئەلا.*
*ئىلىمدىن غەيرىيسى ئەمەستۇر بايلىق،*
*ئىلىم — كان، قازغانغا تۈگىمەس ئەسلا.*

دەپ يازغىنىدا، ئىلىمنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى زۆرۈر رولىنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، ئىلىم ئىنساننى ئۇلۇغ ئارزۇ - مەقسەتلەرگە يەتكۈزىدىغان مۇھىم بىر ۋاسىتە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئالىمنىڭ قارىشىچە، پەقەت ئىلىملا ئىنسانغا مەڭگۈلۈك نىجاتلىق ئاتا قىلىدۇ. بىلىملىك ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇ ھامان بىلىمى بىلەن ھايات، جاھىللار ھايات ياشىغان تەقدىردىمۇ جاھىللىقى بىلەن مەڭگۈلۈك ئۆلۈك. ئالىم 11 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى شائىر ئەھمەد يەسەۋى يىرگەنگەن نادانلىق توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئەي ياش، ئىلىم ئۆگەن. چۈنكى نادانلىق نومۇس، نادانلىق كەلتۈرگەن زۇلۇمغا پەقەت ئىشەكلا رازى بولىدۇ. سەن ئادەم ئىكەنسەن بىلىم ئۆگىنىپ ئۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئادىمىي سۈپەتتە ياشا دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىلىم بىلەن ئەخلاقىي پەزىلەت قوشكېزەك خىسلەت، ئۇ ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك زىننىتى دەپ تونىغان شائىر بۇ ماۋزۇنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە پەزىلەت ئىگىلىرى ئاغزىدىن:

*بەخش ئەت جېنىڭغا پەزىلەتتىن كۈچ،*
*جىسىم - ياق، جاندىدۇر ھاياتتىن نىشان.*

دەپ يازىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئادەمدە جان - روھ بولمايدىكەن، ئۇ بىر دۆۋە گۆشتىن ئىبارەت. مانا مۇشۇ گۆش دۆۋىسىگە ئادەم دېگەن تۇيغۇنى ئاتا قىلىۋاتقان نەرسە نېمە؟ ئۇ ھاياتلىقنىڭ، ئادىمىيلىكنىڭ نىشانى روھ - جان. 15 - ئەسىردە ياشىغان شائىر مەۋلانا لۇتفىي كىشىلىك ئەخلاقىي قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان لىرىكىسىدا:

*نىگارا سەنسىزىن مەندىن نە ھاسىل،*
*ئەگەر جان بولماسە تەندىن نە ھاسىل.*

دەپ يازغانىدى. ئابدۇقادىر ئەزىزى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ رېئال ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا بۇ تېمىنى تېخىمۇ كونكرېتلىققا، تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا يۈزلەندۈرۈپ، كىشىلەرنى ئۆزىنى ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرۈشكە دالالەت قىلىدۇ. ئارقىدىنلا ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى گۈزەل ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئىنسان

ئۆزى ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ياشىمىقى لازىم. شۇڭا ئۇ هامان يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئىشقا مايىل بولمىقى لازىمدۇر. ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىش ئىنساننىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرى جۈملىسىگە كىرىدۇ. كىم ئۇرۇق چاچسا، هوسۇلنى شۇ يىغىدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ. مەشھۇر ئەخلاقشۇناس، جەمئىيەتشۇناس ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھى نېمە دېگەن يۈكسەك هە؟ ئالىمنىڭ بۇ خىل قارىشى زامان رېئاللىقى بىلەن ماس قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەرنى بىر-بىرىگە مېھرىبان، كۆيۈمچان، بىر-بىرىنىڭ مەنپەئىتىگە كۆيۈنىدىغان قىلىپ ياشاشقا ئۈندەشتە مۇھىم ئەهمىيەتكە ئىگە بولغان. بۇ تېمىدا شۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئالىم كېيىنكى بېيىتلىرىدا بۇ خىل قاراشلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىپ، ئىززەتنى ئىززەت بىلگەنگە، هۆرمەتنى هۆرمەت كۆتۈرەلىگەن ئادەمگە قىلىشنى ئالاهىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

*ئۇلۇغنى هۆرمەتلە، ئۇلۇغقا شاھسەن،*
*يامانىنى كۆتۈرمەك قۇتراشتىن دېرەك.*
*باسالماس ئېھساننىڭ ئورنىنى قىلىچ،*
*قىلىچ هەم بولالماس ئېھسان، بىل زېرەك.*
*يامانغا يېلىنساڭ هەددىدىن ئاشار،*
*يۈرەكلىك بولساڭلا باش ئېگەر ساڭا.*
*چۈنكى ئوت قويۇچنى مومدەك يۇمشىتار،*
*مىڭ دەريا سۇيىمۇ كار قىلماس ئاڭا.*

شائىرنىڭ بۇ قاراشلىرىدا تەھقىقكى، زۇلۇمنىڭ تەختىنى ئادالەت قىلىچى بىلەن گۇمران قىلىپ، يامانلارنىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك. يامانلاردىن سىلە-رەھىم كۈتۈش قۇلچىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ. بەرھەق، خەلق ئارىسىدا «ئېشەكنى ئۆيگە باشلىساڭ تۆرگە تېزەكلەيدۇ» دېگەن تەمسىل بار. ئالىم هۆكۈمرانلارنىڭ ئەلگە قىلمىۋاتقان زۇلۇمىنى تۈپتىن يوقىتىش ئىدىيەسىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ، مەشھۇر شائىر مەنسۇر هەللاجى شېئىرىدىن ئۈزۈندە ئېلىپ:

*بەرمىگىن دۈشمەنگە بىر مىنۇت پۇرسەت،*
*كۈچ تاپسا سېنى ئۇ قويماس تىنچ-ئامان.*

دەپ يازىدۇ. بۇ ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، خەلقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، يۈكسەك غايىگە ئىگە كوممۇنىزمچىنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقالايدىغان جاراڭلىق سادا ئىدى. ئابدۇقادىر ئەزىزى مانا مۇشۇ سادانى جاهالەت ئاسمىنىدا خۇددى چېقىنىدەك چاقنىتالىدى. مانا مۇشۇ ساداسى ئارقىلىق خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بۆلگۈنچى، تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ ئوردىسىغا غەزەپ يالقۇنىنى تۇتاشتۇرالىدى.

(2) سۆزنى توغرا، دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش، ئارتۇقچە، بىهۇدە سۆزلەشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. بىزدە تىل دىلنىڭ ئەينىكى دېگەن گەپ بار. ئۇ كۆڭۈلدە نېمە بولسا تىلدا شۇ ئىزهار قىلىنىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. توغرا سۆزلۈك بولۇش، تىل بىلەن تىكەن تېرىماي ئەدەپلىك، مۇلايىم بولۇپ، كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئەخلاقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. شائىر ئابدۇقادىر ئەزىزى تىل توغرىسىدا توختالغاندا، سۆزنى قائىدىلىك قىلىش، قائىدىسىز سۆزلەپ مەنىنى ئۇقتۇرالماي قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش؛ كەم سۆز، ئەمما توغرا سۆزلۈك بولۇش، سۆزدە كەسكىن بولۇش، سۆرەلمىلىك قىلىپ تىلنى چايناشتىن، ئۇزۇن،

مەزمۇنسىز سۆزنى قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش توغرىسىدا پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. يۇسۇف خاس ھاجىپمۇ «قارا باش دۈشمىنى قىزىل تىل ئېرۇر» دېگەنىدى. نەۋايى ھەزرەتلىرىمۇ تىل توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتكەن. شائىر ئابدۇقادىر ئەزىزى تىلنى گىراماتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيىتى بويىچە سۆزلەشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ:

*نۇتۇقنى مەنتىقە، نەھۋىگە ئۇيغۇن،*

*كەلتۈرسەڭ، بولمايسەن ھېچ ئىشتا سولغۇن.*

دەپ يازىدۇ. ئۇ ئەقىل بولسا ئادەم ئۈچۈن زىننەت، كەم سۆزلۈك سالامەتلىك (ھاياتلىقنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى)، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنسىز سۆزدىن قەتئىي تۈردە ساقلىنىش لازىم. سۆكۈتكە پۇشايمان قىلمىغان ئالىم ئورۇنسىز بىر سۆزگە مىڭ قېتىم پۇشايمان قىلىدۇ دەپ يازىدۇ. شائىر تىلنى ئىشلىتىشتە كەم سۆزلۈكنىڭ پايدىسى ئۈستىدە يۇقىرىقىلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن سىرت، بىھۇدە سۆزلەپ قويۇشتىن ساقلىنىمەن دەپ دەل ۋاقتى ۋە دەل ئورنىدا كەلگەن سۆزنى ئېيتماسلىقتىن ساقلىنىش، سۆزلەيدىغان ئورۇننى تاپقاندا چوقۇم كەڭتاشا سۆزلەش، سۆزلەشكە تېگىشلىك ياخشى سۆزلەرنى تاپقاندا ھەرگىز ئاياپ قالماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

(3) ئارتۇقچە مال ـ دۇنياغا بېرىلىش، خەسىسلىك، ئاچ كۆزلۈك قىلىش ئىنسان ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان ناچار ئىللەتتۇر. ئابدۇقادىر ئەزىزى ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلغاندا، شەخسىيەتچىلىك ۋە دۇنياپەرەسلىكنىڭ زىيادىلىشىپ، ئۆزئارا مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈشنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. نۇرغۇنلىغان يېتىم ـ يېسىرلەر ياتارغا ماكانى، يېيىشكە تائامى يوق ئاچ ـ زارىنلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، زەردار بايلار، پارىخور ئەمەلدارلار ئۇلار بىلەن قىلچە كارى بولماي، ئۆز نەپسى ئۈچۈن بولمىغۇر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بۇ خىل ئىللەتنى چوقۇم تۈزىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان. ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ قارىشىچە، پۇل، مال ـ دۇنيا كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ۋاقىتلىق نەرسە بولۇپ، ئۇنى توغرا يولغا ئىشلەتمىگەندە، ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. مال ـ دۇنياغا بېرىلىش ئادەمنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان نەپسانىيەت يولى بولۇپ، ئۇ ھامان ئادەمنى نابۇت قىلماي قالمايدۇ. جاھانغا تونۇلغان، قىسقىغىنە ھاياتىدا نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولغان ئىسكەندەر پادىشاھ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان چېغىدا ئەتراپىدىكىلەرگە ۋەسىيەت قىلىپ تاۋۇتتىن ئىككى قولىنى چىقىرىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغانىكەن. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى شۇنچە كۆپ بايلىققا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دۇنياغا قۇرۇق قول قايتىۋاتقانلىقىنى، مال ـ دۇنيانىڭ ئۇ دۇنيادا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھەم ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولغانىدى. ئابدۇقادىر ئەزىزى ئۆز ئەسىرىدە بۇ مەزمۇننى كونكرېتلىققا ئىگە قىلىپ:

*ئۆتكەن كۈنى ئالقىنىنى ئوچۇق تۇتۇشى،*

*«كۆردۈڭلارمۇ، قۇرۇق قول مەن» دېگەن ئىشارەت.*

دەپ يازىدۇ.

(4) ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئەسەردىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتىنى ئۈچۈن ئەزىز جېنىدىن ۋاز كېچىشكە ھەمىشە تەييار تۇرۇش كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەبەدىيلىك تېمىلارنىڭ بىرسى. بۇ تېما ھەرقايسى

تارىخىي دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئوخشىمىغان مەزمۇنلار بىلەن زىچ بىرىكىپ، كىشىلەرگە ۋەتەننى سۆيۈشتىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ئۆگىتىپ كەلدى. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۇلكە ئۆز ئىنىگە ئۇرسە قوتۇر بولۇر» دەپ يازغانىدى. ئۆز ئىنىگە ئۇرسە قوتۇر بولىدىغان تۇلكە ئاللىگورىيەلەشكەن ئادەم بولۇپ، ئۇ ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرىگەندە نەس باسىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئابدۇقادىر ئەزىزى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈشنىڭ كۆپ خىل يولىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، چەت ئەللەردە زىيارەتتە بولۇش ئارقىلىق نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، شۇ ئارقىلىق ئۆز ۋەتىنىدە يېڭىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش؛ بىلىمىنى ئۈزۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى ۋەتىنىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىشلىتىش؛ ناچار ئىللەت، يامان ئادەتلەرنى ئۈزۈكسىز ئۆزگەرتىپ، ۋەتىنى ئۈچۈن يېڭى قىيapەت پەيدا قىلىش؛ خەلقنى سۆيۈش قاتارلىقلار ۋەتەنپەرۋەرلىك جۈملىسىدىن ئىدى.

مەلۇمكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنسان روھىي ئومۇرتقىسىغا ئوخشاش كىشىنىڭ كىشىلىك قەدرىنى ئاساسقا ئىگە قىلىدىغان، ئۆز ۋەتىنىدىكى تۇرلۇك نەرسىلەر، شەيئى ـ ھادىسىلەردىن ئېستېتىك لەززەت ئېلىشقا، مۇشۇنداق گۈزەل، پارلاق ۋەتەننىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈشكە، پەخىرلىنىشكە، ئۇنىڭدىن ئابروي ۋە ئىززەت تېپىشقا ئۈندەيدىغان مۇھىم ئاساس. ئۇنىڭ ئۈچۈن تىنىم تاپماي ئىشلەشكە، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئىنسانىي خىسلىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئابستراكت ئۇقۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىپادىلەنگەندە كونكرېتلىقا ئىگە بولىدۇ. ئابستراكتلىقنى كونكرېتلىققا ئايلاندۇرۇش نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش جەريانى بولۇپ، ئۇ ۋۇجۇدىدىكى ۋىجدانىي تۇيغۇ، ھېسسىيات، چۈشەنچە ۋە جۈرئەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ بىرسى كەم بولسا نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە ئايلىنالمايدۇ. ئابدۇقادىر ئەزىزنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى ۋە «مىفتاھۇل ئەدەب»تىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شائىر ئەمەلىيىتى بىلەن ۋەدىسى زىچ بىرلەشكەن، ئېغىزدا ئېيتقاننى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە تىكلىگەن بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر زاتتۇر. شۇڭا ئۇ:

*يۇرتۇم ئەزىز، زۇلمىنى ھەم راھەت دەيمەن،*
*قەۋمىم جاپاسىدۇر ۋاپا، قەدىرلەيمەن.*

دەپ، ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى چىن قەسىمىنى دادىللىق بىلەن ئىپادىلىيەلىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل روھى ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھ.

(5) ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت ئەسەردە زوق ـ شوق بىلەن كۈيلەنگەن. ئىسلام ئەقىدىلىرىدە مۇھەببەت بىر ئاللاغىلا باغلانغان بولۇپ، ئاپپاق خوجا دەۋرىگە كەلگەندە سوپىزم كۈچلىرىنىڭ ئەدەپ كېتىشى بىلەن مۇھەببەتنىڭ مەزمۇن دائىرىسى تېخىمۇ كىچىكلەپ، ئاتا ـ ئانا، ۋەتەن، ئىنسانىي تۇيغۇ ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىشق ـ مۇھەببەت بىر قەۋەت قېلىن پەردە ئىچىگە يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. 19 ـ ئەسىردە ئابدۇرەھىم نىزارىي ۋەكىللىكىدىكى تەنقىدىي رېئالىزم كۈچلىرى مۇھەببەتنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئاجايىپ قۇدرىتىنى بەدىئىي ئەدەبىياتتا كۆرسىتىشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئۇنىڭ رولىنى مۇئەييەنلەشتۇردى. ئۇنىڭغا ئەدەبىياتتىمۇ بەلگىلىك ئورۇن بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. بۇ تېما كېيىنكى شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە ئورۇن ئېلىپ، ئىنسان بولغان ئىكەن، ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى، ئۇمۇ ئىنسان بىلەن بىرگە ياشىشى لازىملىقىنى ئەمەلىي

يوسۇندا ئىپادىلىدى ۋە دادىللىق بىلەن ئۇنى فېئودالىزمنىڭ ماھىيىتىنى، فېئوداللىق ئائىلە-نىكاھ تۈزۈمىنىڭ چىرىك ئەپت-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاشنىڭ ئەپلىك قورالى قىلدى.

ئابدۇقادىر ئەزىزى «مىفتاھۇل ئەدەب»تە بۇ تېمىغا ئالاھىدە ئورۇن ئاجرىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىي ئىشق-مۇھەببەتنى ھەرگىزمۇ چەتكە قاقمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، بۇ ھەقتىكى خۇراپىي قاراشلارغا كۈچلۈك رەددىيە بەردى. شائىرنىڭ قارىشىچە، مۇھەببەت دېگەن بۇ تېما ئىنسانىي ئىشق-مۇھەببەتتىن باشقا يەنە بىر-بىرىگە بولغان كۆيۈنۈش، ۋاپادارلىق ئاساسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

مېھىر-مۇھەببەت بىر قەلبنىڭ ئىككىنچى بىر قەلبكە قارىتا چۈشىنىشى، توغرا باھاسى، ھۆرمىتى ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان بىر خىل مەنىۋى پائالىيىتى بولۇپ، ئۆزئارا ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈشنىڭ ئاساسى. بۇ ئاساسنى تېخىمۇ پۇختىلاش ئۈچۈن كىشى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى چوڭقۇر كۆزىتىشى، ئۆزىنى چۈشىنىشى، ئاندىن باشقىلارغا توغرا باھا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

*قەبىھ ئىش، ئۆز ئەيىبىنى ئۇنتۇپ كەتمەك،*

*خەقنىڭ پىنھان نۇقسانىنى ئەفشا ئەتمەك.*

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئادەم يەككە ھالدا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالىشى، ئىنسانىيلىقىنى تونۇتالىشى ناتايىن. لېكىن ئۇ ئۆزىدىن باشقا يەنە ئىككىنچى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلاشقاندىلا ئاندىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ ۋە ئىنسانىيلىقىنى تونۇتالايدۇ. بۇ ھەم كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئاساسى بولسا، ھەم يەنە ئىنسانىي ئىشق- مۇھەببەتنىڭ شەكىللىنىشى، ۋايىغا يېتىشى ۋە ئارقىدىن مېۋە بېرىشىنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇقادىر ئەزىزى ئەسەردە ئىنسانىي ئىشق-مۇھەببەت تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ بۇ تەرىپىنى توغرىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت بىر-بىرىنى چۈشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلسا، ئاندىن ئۇ ئىنسانىي ئىشق-مۇھەببەتكە يول ئاچىدۇ دەپ قارايدۇ. شائىرنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى بايانلىرىدا ئەڭ ئاۋۋال چۈشىنىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشى تەبىقچىلىك قارىشى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان، باي بىلەن كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلىق ناھايىتى كەڭ تاشلانغان ئاشۇ زاماندا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، يۈكسەك باراۋەرلىك ئاساسىدىكى دېموكراتىك ئىدىيەنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. شائىر كىشىلىك مۇناسىۋەت ئاساسىدىكى ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەرنى توغرىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولغان ئىنسانىي ئىشق-مۇھەببەت تېمىسىغا كۆچىدۇ ۋە بۇنىڭغا توغرا باھا بېرىپ، ئىنسان بىر-بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئۆزىنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇشى لازىم دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، ئەسەردە بەزى مەسىلىلەر دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم قاراشلىرى ئاساسىدا تەھلىل قىلىنغان، زامانىنىڭ زىددىيەتلىك ھالىتى چۈشەندۈرۈلۈپ، زىددىيەتنىڭ تەرەققىياتتىكى رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

# §16. ھۇسەيىنخان تەجەللىي

## 1. تەجەللىينىڭ ھاياتى

كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئالىم، تالانتلىق شائىر ۋە تېۋىپ ھۇسەيىنخان تەجەللىي ھەزرەتلىرى مىلادىيە 1856 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيەسى زوڭلاڭ يېزا ئايكەنت كەنتىدىكى دىنىي ئالىم ۋە تېۋىپ قۇتبىددىن شاھ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى مەككىگە ئېلىپ بارغان ۋە باشلانغۇچ مەلۇماتىنى مەككىدە ئالغان. قۇتبىددىن شاھ پەرزەنتىنى يۇقىرى مەلۇماتلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە تەجەللىينى ھىندىستانغا ئېلىپ كېلىپ ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇپ ھىندىستاندىكى دېھلىي دارىلئۇلۇم مەدرىسەسىدە، ئاندىن ئىراننىڭ ئىسپىھان دارىلفۇنۇنىدا، كېيىن ئافغانىستاننىڭ كابۇل دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇتقان. تەجەللىي بۇ جەرياندا خىمىيە، تېبابەت، ئىلمىي نۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ھىندى تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن، شۇنداقلا يەنە دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە مۇسۇلمان ئەللىرى شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقان ۋە بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بۇ تېمىلىرى بىلەن مەۋلىۋىلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن زامانداشلىرى ئۇنىڭغا «تەجەللىي ـ مۇجەللىي» (جۇلالىنىپ تۇرغۇچى، پارلاپ تۇرغۇچى دېگەن مەنىدىكى ئەرەبچە سۆزدۇر) دەپ تەخەللۇس قويغان. ئوقۇش جەريانىدا ۋە ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، تەجەللىي مەككە، مەدىنە، دېھلى، كابۇل، تېھران، ئىستانبۇل ۋە رۇسىيەنىڭ بەزى شەھەرلىرىگە بېرىپ، ئۇ جايلاردا بىر مەزگىللەرگىچە ساياھەت ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن تۇرغان.

شائىر ھەج ۋە ئوقۇشنى تۈگىتىپ تەخمىنەن 1870 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ۋەتەنگە قايتقان. لېكىن سەپەر جەريانىدا ئۇنىڭ ئانىسى بىبى گۈلسۇم خېنىم جالالىدىن پاكىستان تەۋەسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ياركەند دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدىكى چاتولى كېچىكىدىن ئۆتۈش جەريانىدا مال ـ بىساتلىرى دەرياغا غەرق بولغان. تەجەللىي ئېغىر مۇسىبەت ۋە جەبىر ـ جاپالار بىلەن ياركەندكە كېلىپ ئانا تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ھەمدە ياركەندتىكى يېشىل مەدرىسەگە مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەن. شائىرنىڭ ئاشۇ ۋاقىتلاردا يازغان بەزى شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا قولدىن ـ قولغا ئېلىپ ئوقۇلغان. ئۇنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە ئىلمىي تالانتى ئەل قەلبىنى مەھلىيا قىلغان. ئۇ يەنە تېبابەتچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتقان. يوقسۇللاردىن ھەق ئالمىغان. تەجەللىي خىمىيە ئىلمى بويىچە تەتقىقات ۋە تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر قىسىم تېببىي رېتسېپ، دورىلارنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى ئاڭلىغان كاشغەر، قاغىلىق، پوسكام، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم تالىپلار شائىرنىڭ تەربىيەسىگە ھازىر بولىدۇ. تەجەللىي ئوقۇتۇش جەريانىدا مەزمۇنلارنى توغرا شەرھلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالىملارنىڭ بىر قىسىم داڭلىق كىتابلىرىنى تولۇقلاپ ئىشلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىپ شەرھ

يازغان. خۇراسانلىق ئالىم ئەللامە زەمەخشەرىنىڭ «تەفسىرى كەششاپ» ناملىق كىتابىنى يېڭىلاپ يازغان. «تەجدىدى كەششاپ» (كەششپىياتىنى يېڭىلاش) ئەسىرى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. تەجەللىي گەرچە جامائەتچىلىككە مەشھۇر دىنىي ئالىم ۋە تېۋىپ سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرى ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ۋە تېبابەتچىلىككە ئائىت ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغاندىن سىرت، شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ھىندى ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا كۆپلىگەن غەزەل، قەسىدە ۋە باشقا لىرىك شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ «بەرقى تەجەللىي» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى باھاۋىدىن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن كاشغەردە قۇرۇلغان «مەتبەئى خۇرشىد» (قۇياش مەتبەئەسى) دېگەن تاش مەتبەئەدە مىڭ نۇسخا بېسىلغانىكەن. شۆھرىتى پۈتۈن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان. ئىلىم ئەھلىلىرى شائىرنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان ۋە دوستلۇق ئورناتقان. ئۆزبېك شائىرى فۇرقەت، كاشغەرلىك ئابدۇقادىر ئەزىزى، ئابدۇكېرىم زىيائىي، شەمشىدىن ئەزىزى، ئابدۇرېشىت قازى ئاخۇنۇم، قاغىلىقلىق مۇتىللا ئەلەم ئاخۇنۇم، گۇمىلىق ئىسمائىل ھاجى قاتارلىق زاماندashلىرى بىلەن دوستلۇق ئالاقىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. شائىرنىڭ شان-شۆھرىتىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىشى ئەينى زاماندىكى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنىڭ ئىچى تارلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىغان. ھەتتا بىر قىسىم ناچار كىشىلەر تەجەللىينى ھۆكۈمران قارا كۈچلەرگە چېقىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ياركەندتە خاتىرجەم ياشىشىغا دەخلى قىلغاچقا، مەرىپەتپەرۋەر مۇتىللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ياركەندتىن قاغىلىققا كۆچۈپ كەتكەن. مۇتىللا ئەلەم باشلىق يۇرت چوڭلىرى تەجەللىينى قاغىلىق بازىرىغا ماكانلىشىپ مۇدەررىسلىك قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ ئۆز ئانا يۇرتى زوڭلاڭ يېزىسىنىڭ ئايكەنت دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەردە تۆت-بەش يىل تۇرغاندىن كېيىن، گۇما ناھىيەسىنىڭ كوھتام (ھازىرقى كىلياڭ يېزىسىنىڭ دەريا بويى)غا كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغان. لېكىن بۇ مەزگىللەردە تەجەللىينىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بەزىلىرى قاغىلىقتا ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، كېيىن يەنە ئۆز يۇرتى قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ شېرئېرىق (شورئېرىق) كەنتىدە ماكانلاشقان. ئالىم ئۆمرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە قاغىلىقتا تەخمىنەن 22 — 23 يىل ئەتراپىدا تۇرۇپ تېبابەتچىلىك، ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت، مۇدەررىسلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىيە 1925-يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 12-كۈنى (چارشەنبە)دە 69 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىگاھى ھازىرمۇ قاغىلىق بازىرىغا بەش چاقىرىم كېلىدىغان كاسكى مازىرىدا خەلقىنىڭ سەيلە-تاۋاپگاھى قىلىنغان.

**2. تەجەللىينىڭ ئىجادىيىتى**

ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، شائىرنىڭ «بەرقى تەجەللىي» (تەجەللىينىڭ قەلبىدىن چاقناپ چىققان نۇر)، «سەبقى تەجەللىي» (تەجەللىينىڭ مۇسابىقە سورۇنلىرىدا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن شېئىرلىرى) ناملىق شېئىرلار توپلىمى، سۇلتان ئابدۇلھەمىد سانىيگە ھەدىيە قىلىنغان «تۆھپەتۇل بەررەيىن» (ئىككى قۇرۇقلۇق ئۈچۈن تۆھپە)[1]، «دىۋانى ئەرەبى» (ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى)، «سەبدەرنامە» (قەھرىمانغا

[1] تۈركىيە زېمىنى ئاسىيا-ياۋروپا ئىككى قۇرۇقلۇققا تۇتىشىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە تۈركىيەنى شۇنداق ئاتىغان.

بېغىشلانغان ئەسەر)، «مەجمۇئەتۇل قەسائىد» (قەسىدىلەر مەجمۇئەسى)، «تىلسىمى ئىشق» (ئىشق تىلسىماتلىرى)، «ساقىينامە»، «مۇراقى كەلىمە شېرىف» قاتارلىق ئەسەر ۋە توپلاملارنى يازغانلىقى مەلۇم. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسمى تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇنىڭ «دىۋانى تەجەللىي» ناملىق توپلىمى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇلغارىيەدە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان. شائىرنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرى ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان ئەللىرىدە تۈزۈلگەن «باياز»(كوللېكتىپ توپلام)لارغا كىرگۈزۈلگەن. بىر قىسىم شېئىرلىرى شۇ دەۋردە مەدرىسەلەردە ئوقۇتۇلغانىدى. شائىرنىڭ «بەرقى تەجەللىي» ۋە «سەبقى تەجەللىي» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى تەجەللىي ئىجادىيىتى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەردۇر.

«بەرقى تەجەللىي» شائىرنىڭ ھىندىستان، ئىران، ئافغانىستاندا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىن تارتىپ تاكى 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر ۋە پارس تىلىدا يازغان 71 قەسىدە، 13 مۇسەددەس، 51 ھەرخىل تېمىدىكى شېئىر ۋە نەزمىي مەكتۇپلاردىن تەركىب تاپقان لىرىك شېئىرلار توپلىمىدىن ئىبارەت. بۇ دىۋان بېشىدىكى خۇدا، پەيغەمبەرلەرگە ئاتالغان ھەمدۇسانا ۋە نەئىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن ئىشق ۋە دىداكتىكا تېمىسىدا يېزىلغان. ئۇنىڭدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە شائىر ئىنساندىكى ئىشق-مۇھەببەتنى ۋاستە قىلغان ئاساستا ئۆزىنىڭ ھايات گۈزەللىكىنى سۆيۈش، ئالەم ۋە ھايات ھەقىقىتىگە ۋە ئىنسانىي ھۆرلۈككە ئىنتىلىشتەك ئىلغار قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، ئادالەتسىزلىك ۋە نادانلىقنى پاش قىلىدۇ. سەمىمىي-ساداقەت، چىنلىق، ياخشىلىق، ۋاپادارلىق، ۋىساللىق تەقەززاسى قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۇلۇغلايدۇ.

*سەنسىز ئولسام باغ ئارا ئول باغ مېھنەت تاغىدۇر،*
*سەن بىلەن تاغ ئىچرە يۈرسەم تاغ جەننەت باغىدۇر.*
*ئى نەھالى ھۆسنۇ لۇتفۇڭ سايەسىن باشەغە سال،*
*كىم يۈزۈم ئىشقىڭ سەمۇمىدىن خازان ياپراغىدۇر.*
*يۈز تۈمەن ئارمان زېمىنى كىم مېنىڭ كۆڭلۈم ئېرۈر،*
*دەرد ماڭا ساھىب تەسەررۇپ غەم ئۇنىڭ ئورتاغىدۇر.*
*ئىشق ھۆسنۈڭ بەزمىدە بىر شەمئى ياقمىشدۇركىم ئول،*
*رىشتەئى جانىم بىلەن بۇ ئىككى كۆزلەر ياغىدۇر.*

شائىرنىڭ يۇقىرىقى شېئىر مىسرالىرىدا لىرىك قەھرىمانىنىڭ تۈمەنمىڭ ئارمان ۋە ھەسرەت زېمىنى بولغان قەلبى يارسىز شادلىققا مۇيەسسەر بولمايدۇ. ئۇ بۇ يارغا شۇ قەدەر تەشناكى، ئۇنىڭ ۋىسالى يولىدا «جان رىشتىسىنى پىلىك قىلىپ، ئىككى كۆزىنى ئاشۇ چىراغىنىڭ يېغى» قىلىپ كۆيمەكچى بولىدۇ. شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ۋىسالغا ئېرىشىشنىڭ تۈرلۈك جاپا-مۇشەققەتلىرىنى چوڭقۇر ۋە تېرەن بولغان ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا بۇ يولدا «ئەنەلھەق-مەنەلھەق» دەپ مەنسۇر ھەللاجىغا ئوخشاش دارغا ئېسىلىش، زۇلەيخانىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك يۇسۇف يولۇققان زىندان، شېرىن ۋەسلىنى دەپ تاغ كەسكەن فەرھادنىڭ چۆل-جەزىرىدىكى رەنجى-مۇشەققەتلىرىنى چېكىشكىمۇ رازى بولىدۇ.

*كۆڭلۈم قەدىدىن ئافەتۇ ساچىدىن شىكەن ئىستەر،*

*مەنسۇر بولۇپتۇرمۇكى دار ۋە رەسەن[1] ئىستەر،*
*... نۇشىن لەبىغە جانۇ دىلىم مەيل قىلۇرلار،*
*شىرىننى بەلى خىسراۋ ئىلە كوهكەن[2] كوهكەن تاغ ئىستەر.*
*كۆڭلۈم يەنە مەستانە ئۇقۇر سۇرەئى يۇسۇف،*
*يەئىنىسنى ئەي ساقى گۈلپىرەھەن[3] ئىستەر.*

«بەرقى تەجەللىي»دە يەنە ھالال مېھنەت ۋە ئەجىر بىلەن ھايات گۈزەللىكىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن بەھىرە ئېلىشقا دالالەت قىلىشتەك ئىلغار ئىدىيەۋى قاراشلارمۇ ئالغا سۈرۈلگەن. مەسىلەن:

*كىرەلىم گۈلىستانى شەۋققە سەباتەك،*
*دىرەلىم گۈلى زەۋقۇ راھەت كۆرەلىم.*
*باھارى ۋەفا يوق غەنىمەتدۇر ئۇلكىم،*
*چىمەن ئىچرە بىر بەزمى ئىشرەت قۇرالىم*
*ھەقايىقدە[4] گاھ ئەجدىھاتەك ئۇرۇپ دەم،*
*مەئارىفتە گاھى ئارسلانتەك يۈرەلىم.*

«سەبقى تەجەللىي» بولسا شائىرنىڭ «بەرقى تەجەللىي»دىن كېيىن تۈزۈلگەن يەنە بىر لىرىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاپتورنىڭ ئۆتتۇرا ياش مەزگىللىرىدە يازغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىكى شېئىرلاردا ئاساسەن دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرى ئېچىپ بېرىلىش بىلەن، ئىلىم ـ مەرىپەتنى ھىمايە قىلىش، نادانلىق، جاھالەت ۋە دىنىي خۇراپاتلىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، تەرەققىياتقا، ئىلىم ـ پەنگە يۈزلىنىش قاتارلىق ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيەۋى خاھىشلار ئالغا سۈرۈلگەن.

### 3. «قارا» قەسىدىسى

شائىر تەجەللىي ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن قەسىدە ۋە مەرسىيەلەرنى يازغان بولۇپ، «قارا» قەسىدىسى شائىرنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە سىياسىي غايىسىگە، يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئىلغار مەزمۇندىكى سىياسىي لىرىكا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 16 بېيىتتىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىمدىكى بۇ ئەسەرنى شائىر كاشغەردىكى دوستى نەزەربەگ سېلىماخۇن قازى ئوغلىغا بېغىشلاپ يازغان. قەسىدىنىڭ بېشىدىكى نەزەر ئاخۇننىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتىنى كۆرسەتكۈچى كىرىش سۆز ئورنىدا بېرىلگەن «جەمئىيەت ئەربابلىرىنىڭ كۆزى، زامانداشلىرىنىڭ پەخرى، خالىس كىشىلەرنىڭ ساداقەتلىكى، سېخاۋەتنىڭ مەنبەسى، ئالىملارنى دوست تۇتقۇچى، يوقسۇللارغا ياردەم بەرگۈچى نەزەر ئاخۇن جانابلىرىغا ھەدىيە» دېگەن جۈملىلەر بىلەن قەسىدە ئاخىرىدىكى نەزەر ئاخۇننىڭ دۆلەت ۋە بەخت ـ سائادىتىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەيدىغان:

*ھەر زامان مەۋلا نەزەر ئەيلەب ئىنايەتتىن[5] ساڭا،*
*قارا قۇل بولسۇن سېنىڭ ئالدىڭدا بۇ تىلى ھىسار[6].*

---

[1] رەسەن ـــ ئارغامچا، ئارقان.
[2] كوهكەن ـــ كەسكۈچى، تاغ كەسكۈچى.
[3] گۈلپىرەھەن ـــ گۈلدىن كىيىم كىيگەن.
[4] ھەقايىق ـــ ھەقىقەت، ھەقىقەت ئىلمى.
[5] ئىنايەت ـــ ياخشىلىق، ئىلتىپات.
[6] تىلى ھىسار ـــ قەشقەر قورغانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

*تاجۇ دۆلەت تېخى نۇسرەت بىرلە بولغايسەن مۇدام،*

*كۆز قاراقىدەك سەرىدى[1] ئىززەت ئۆزرە پايەدار[2].*

*توتقا تۇتقان قىل مەسەللىك يۈز قارا ھاسىدلىرىڭ،*

*قارا كۈنلەر ئىچرە غەمدىن تولغىنىپ بولسۇن نىزار[3].*

*ۋەقتىنىڭ ئولسۇن خۇشكى مەيدەك[4] تۆھپە قىلغان بۇ ۋەرەق[5]،*

*بىر قاراچايى مۇئەنبەر[6] تەختەسىدۇر[7] خۇشكۇۋار[8].*

دېگەن مىسرالاردىن قارىغاندا، ئۇ ئادەتتىكى بىر سالام خەتتەك ھېس قىلىنىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن «قارا» بىلەن «ئاق»نىڭ ھەرخىل رەڭ ئۆزگىرىشلىرىگە قاراپ ئاپتورنىڭ ئەسەردە بىر تەرەپتىن تەبىئەت ياكى تەبىئىي شەيئىلەرنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بەلگىلىك سىياسىي غايە ۋە پەلسەپىۋى قاراشلارنى ئالغا سۈرگەنلىكىنى تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ.

شائىر بۇ ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا مۇنداق يازغان بولۇپ، بۇ مىسرالار بىزنىڭ پىكرىمىزنى مەلۇم دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ:

*لېكىن ئولەش كۆزلىرىمدە گەرچە مەن خەفقاش[9] ئېمەس،*

*ئويلە ئالەم قارا كىيىم يەلدا غەدۇر ئائىنە دار[10].*

مەلۇمكى، شەپەرەڭ ئەتراپىنى كۈندۈزگە قارىغاندا كېچىسى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان جانداردۇر. شۇڭا ئۇ كۈندۈزى تام كامىرىدا ئۇخلاپ، ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇۋۇسىدىن چىقىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە ھەممە ئۇچۇن يورۇق كۆرۈنگەن كۈندۈزلا ئەمەس، ھەتتا شەپەرەڭ ئۇچۇن يورۇق كۆرۈنگەن قاراڭغۇ كېچە كۆزۈمگە قارا كۆرۈندى دېيىش ئارقىلىق، پۈتۈن جەمئىيەتنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ زۇلمەت باستى دېمەكچى بولىدۇ. بىز قەسىدىنىڭ باش قىسمىدا تەسۋىرلەنگەن «ئاق»نىڭ «قارا»نى بېسىپ چۈشكەنلىكىدىن ئىبارەت تەبىئەت مەنزىرە تەسۋىرىدىن بۇنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

---

[1] سەرىد — مۇستەھكەم.
[2] پايەدار — مەرتىۋىلىك، نەسەبلىك.
[3] نىزار — ئاجىز، قايغۇلۇق.
[4] خۇشكى مەي — خۇشاللىق شارابى.
[5] ۋەرەق — قەغەز، مەكتۇپ.
[6] مۇئەنبەر — خۇش پۇراق.
[7] تەختەسى — تۈيۈش، سېزىلىش، بىلىنىش.
[8] خۇشكۇۋار — يېقىملىق.
[9] خەففاش — شەپەرەڭ.
[10] *ئائىنە دار* — كۆرۈنۈش، كۆرسىتىش.

*بولدى چۈن زەررىن لەۋا [1] سۇبھى ئاقلىقىدىن نۇرى بار،*
*قىلدى ئالەم ئەرسە[2] سىدىن قارا تون قەۋجى فىزار[3].*
*كەيمىش ئەردى قارا ئەتلەستىن ھاۋا بىر تەيلىسان[4]،*
*ئانى مىھىر ئەتتى زىيا تىرناغى بىرلە تار تار.*
*چەشمەئى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ،*
*يۇپ يۇزسىدىن قارەسىن كۆزگۇدەك ئەتتى ئابدار.*

بۇ ئەسەر تەبىئەت لىرىكىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىئەتتىكى گۈزەللىكلەرنى نامايان قىلىشقا قارىتىلغان، ئەمما ئۇنىڭغا بەلگىلىك ئىجتىمائىي مەنە بېرىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ يەردىكى قاراڭغۇ تۈننىڭ يۈزىدىكى قارانى نۇر تىرنىقى بىلەن تالا ـ تالا قىلىپ يىرتىپ، ئۇنى ئالەم سەھنىسىدىن قوغلىغۇچى «ئاق نۇر»(قۇياش نۇرى) ئىلغارلىقىنىڭ، قارالىقتىن تازىلانغاندىن كېيىنكى ئەينەكتەك سۈزۈك روشەن كۆرۈنگەن «سۇبھى» بولسا كەلگۈسى يورۇق كۈنلەرنىڭ، خۇددى قارا ئەتلەستىن پۈركەنجە كىيىۋالغاندەك پۈتۈن ئالەمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان «قارا تون» قاراڭغۇلۇق باسقان چىرىك فېئودالىزملىق جەمئىيەتنىڭ، «قارا گۇرۇھ» مۇستەبىت، زالىم كۈچلەر ۋە ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان زۇلۇمنىڭ سىمۋولىدۇر. ئاپتور بۇ قەسىدىدە شۇنداق كۈچلۈك ھېسسىيات، ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن تولغان سىمۋوللۇق ئىبارە، چىرايلىق ئوخشىتىش شەكلىنى قوللىنىپ، تەبىئەت مەنزىرىسىدىكى رېئاللىقتىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپتىن، جەمئىيەت قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلسا، ئىككىنچى بىر تەرەپتىن، كەلگۈسى يورۇق كۈنلەرگە بولغان تەشنالىقىنى ۋە ئۇ كۈنلەرنىڭ قاراڭغۇ ـ زۇلمەت ئۈستىدىن بەربىر غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ، ئۈمىدىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى كەلگۈسى گۈزەل كۈنلەرنىڭ پارلاق مەنزىرىسىگە ۋە ئۇنىڭ قوينىغا باشلاپ كېتىدۇ. ئاپتورنىڭ كېلەچەك توغرىسىدىكى بۇ خىل گۈزەل غايىسى ۋە ئەنە شۇ غايىدىن تۇغۇلغان چەكسىز ئىشەنچ، ئۈمىدۋارلىق روھ ئۇنىڭ ئوقۇش مەزگىلىدىن تارتىپ شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىلغار دۇنيا قارىشىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھەق ـ ناھەق، ئادالەت، باراۋەرلىك ھەققىدە ئېنىق بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىتقا نىسبەتەن ئۆزى قوبۇل قىلغان ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيەنى يېتەكچى قىلغان ھالدا، تەرەققىيپەرۋەرلىكنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ مۇئامىلە قىلغاچقا، ھەممە يەرنى قاراڭغۇ ـ زۇلمەت باسقان، ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك قاپلىغان بىر ھالەتتە ھېس قىلدى. ئۇزۇن يىللار مابەينىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىنىپىي، مىللىي زۇلۇمنىڭ، روھانىيەتچىلىك، تەقدىر ئىلاھىيەتچىلىك كۆز قارىشىنىڭ خەلق ئاممىسىنى ھەر تەرەپلىمە چىرماپ، نامرات ـ قالاقلىقتا، جاھىل، نادانلىقتا قالدۇرغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ئۇقمىرىقى ھالەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش، ئەركىن، باراۋەرلىك ئىشقا ئاشقان بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش ئارزۇسىدا بولۇپ، بۇ يولدا جىددىي ئىزدەندى ھەمدە ئۆز ئىزدىنىشلىرىنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىزھار قىلىپ خەلق ئاممىسى بىلەن ئورتاقلىشىشقا تىرىشتى. ئاپتور كېلەچەك ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، ئۆزى ئارزۇ قىلغان

---

[1] زەررىن لەۋا ـــ ئالتۇن ياپراق.

[2] ئەرسە ـــ سەھنە.

[3] قەۋجى فىزار ـــ قارا گۇرۇھ.

[4] تەيلىسان ـــ پۈركەنجە، رول، نىقاب.

كېلەچەكنى قارا قاشلىق، قارا چاچلىق بىر مەھبۇبقا ئوخشىتىدۇ. ئۆزىنى بولسا ئەنە شۇ مەھبۇب ئىشقىدا كۆيگەن ئاشىققا ئوخشىتىپ، بار ئامال بىلەن ئۇنىڭ ۋەسلى دىدارىغا يەتمەك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ شائىر قەلىمى ئاستىدا نەپرەت بالاسىغا دۇچار بولغان «قارا» بىردىنلا ياخشى خىسلەتلىك رەڭگە ئۆزگىرىپ، قىزغىن مەدھىيەگە ئېرىشىدۇ. شائىر قارا رەڭنىمۇ ھەرخىل پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئىزاھلاپ، ئۇنى يۇقىرى ئاھاڭدا مەدھىيەلىگەن، ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، شائىر بۇ يەردە بىرىنچىدىن، ئەزەلدىن كىشىلەر نەزىرىدە يامان ۋە كۆرۈمسىز دەپ قارىلىپ كەلگەن قارا رەڭگە نىسبەتەن باشقىچە پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى تەبىئىي خىسلەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنىڭ سىمۋولى قىلىشقا يول ئاچىدۇ. ئىككىنچىدىن، جانانلارنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇچى گۈزەللىكى ئۇنىڭ كۆزى، قېشى، مېڭى، چېچىدىكى تەبىئىي قارىلىق ئىدى دېيىش ئارقىلىق، «قارا» رەڭ «ئاق»تىن گۈزەل دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپ، نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كېلەچەك زامانىنىڭ سىمۋولى بولغان گۈزەل يارغا ئىشق-مۇھەببىتىنى بەرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ۋىسالىغا تېزرەك يېتىشكە تەشنا بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى يېشىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتور ئارزۇ قىلغان كېلەچەك زاماندا، قارا رەڭ بېغىشلىغان نۇرغۇن گۈزەللىكلەر ۋە ئۇلۇغ خاسىيەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن شائىر ئۇنى قىزغىن سۆيىدۇ، تەشنا بولۇپ، چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىدۇ. دېمەك، بۇ قەسىدىدە شائىر «ئاق» بىلەن «قارا»نى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، قارا رەڭنىڭ ھەرخىل تەرەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ھۆرلۈككە، گۈزەل پارلاق زامانغا بولغان تەلپۈنۈش ئىستىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ جەھەتتىكى ئىشەنچ، ئۈمىدىنى يۇقىرى ئۈمىدۋارلىق روھتا لىرىكىلىق بىر تۇستە بايان قىلغان. بۇ قەسىدە ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق پارلاق ئىدىيەسى، بەدىئىي شەكلىنىڭ يېڭىلىقى، تىلى، بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ گۈزەللىكى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇ خىل، رەڭدارلىقى، بەدىئىي ئۇنۇمدارلىقىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن شائىر ئەجەللىي ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇشقا تامامەن مۇناسىپتۇر.

## تەكرارلاش سوئاللىرى

1. چىلڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى مۇھاكىمە قىلىڭ.

2. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

3. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلارنى بايان قىلىڭ.

4. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىلگىرىكى دەۋرلەر ئەدەبىياتىدا بولمىغان قانداق خۇسۇسىيەتلەر مەيدانغا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

5. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي، ئەھمەدشاھ قاراقاشىي، قەلەندەر، ئابدۇرەھىم نىزارىي،

زىيائىي، تۆردى غەرىبىي، موللا شاكىر، ناقىس، ئابدۇقادىر ئەزىزى ۋە تەجەللىي قاتارلىقلارنىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي، ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

6. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي لىرىكىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىڭ.

7. «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تارىخى ھەمىدىيە»، «تارىخى ئەمىنىيە»، «تەزكىرەئى خوجەگان»لارنىڭ تارىخىي ۋە ئەدەبىي قىممىتىنى بايان قىلىڭ.

8. «ئاتنامە»، «خوتەننامە»لەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

9. «دىۋانى قەلەندەر»، «دىۋانى ناقىس»لارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

10. ئابدۇرەھىم نىزارىي، زىيائىي، تۆردى غەرىبىي، موللا شاكىر، بىلال نازىمىي، مۇسا سايرامىي، ئابدۇقادىر ئەزىزى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ داستانلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلاردىكى ئاساسلىق ئوبرازلارنى تەھلىل قىلىڭ.

11. «رابىيە ۋە سەئىدىن»، «كىتابى غەرب»، «زەپەرنامە»، «غەزات دەرمۈلكى چىن»، «نوزۇگۇم»، «چاڭمۇزا يۈسۈفخان» قاتارلىق داستانلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي قىممىتىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

12. «زەپەرنامە»نىڭ بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

13. ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، بەدىئىي قىممىتىنى بايان قىلىڭ.

14. تەجەللىي لىرىكىلىرى ۋە «قارا» قەسىدىسىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى تەھلىل قىلىڭ.

## ئۇنىۋېرسال سوئاللار

1. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئىلغار ئىدىيەۋى قاراشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

2. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

3. ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ كۆپ خىل تىل-يېزىقتا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي، رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

4. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان ئورنى قانداق؟

5. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

# ئاخىرقى سۆز

شەرقتىكى ئۇلۇغ مەملىكەت جۇڭگو زېمىنى يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئاپىرىدە بولغان، تەرەققىي قىلىپ روناق تاپقان جاي. يازغۇچى مىڭچىبېي لۇلۇلۇ «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» ناملىق ماقالىسىدە ئېيتقان «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىختىن قالغان ئېغىز ئەدەبىياتى بار، لېكىن ئۆز ئالدىغا سىستېما ھاسىل قىلالايدىغان مىللەت پەقەت ئۇيغۇر مىللىتى»[1]دەپ باھالىغان ئەدەبىيات دەل مانا مۇشۇ ئەدەبىيات ئىدى. بۇ ئەدەبىيات يەنە جۇڭگودا ئەڭ بۇرۇن تەتقىق قىلىنغان، تارىخىي دەۋرلەرگە ئىلمىي يوسۇندا ئايرىلغان، ماكان، زامان كاتېگورىيەلىرى بويىچە تەھقىقلەنگەن، ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت يولى، ئۇسلۇبى، ئىدىيەسى، ئېستېتىك قاراشلىرى، بەدىئىي قۇرۇلما ـ شەكىللىرى، تىلى ـ ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى تەھسىلىيەت ئۆتكىلىدىن تۇجۇپىلەپ ئۆتكۈزۈلۈپ، سىستېمىلىق نەزەرىيە ئاساسىغا ئىگە قىلىنغان، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك مۇنبەرلىرىدە دەلىل ـ ئىسپاتى كۈچلۈك لېكسىيەلەرنىڭ ئاساسى قىلىنغان، «جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى»دەك مەملىكەت دەرىجىلىك تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئانالىز ئوبيېكتى قىلىنىدىغان ئەدەبىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىغا دائىر قول يازما، تاش باسما، چاپى ۋە نەشر شەكلىدىكى ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش، ساقلاش، تەھقىقلەش، تەتقىق قىلىشنى باشتىن ـ ئاخىر مۇھىم خىزمەتلەر كۈنتەرتىپىگە قويۇپ كەلگەن. 1950 ـ يىلىدىن باشلاپ دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورۇنلىرى كۆپ قېتىم ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ئاجرىتىپ، يوقىلىش ۋە نابۇت بولۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ يازما ماتېرىياللىرىنى شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن توپلاش، رەتلەش، ئارخىپلاشتۇرۇش ئىشىنى قولغا ئېلىپ بۇ خىزمەتتە بەلگىلىك ئۇتۇقلار قولغا كەلگەن. شەرقنىڭ مۇزىكا گۆھىرى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» نەغمە ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئورۇنلىشىدا سىمغا ئېلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ نادىر كىلاسسىك شائىرلارنىڭ جىلۋىدار نەزمىلىرى بىلەن بەستىلەنگەن تېكىستلىرىمۇ قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن. 1965 ـ يىللىرىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ قىرائەتخانىسىغىلا 3000 پارچىدىن ئارتۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ نۇسخىسى توپلانغان. 1957 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە توپلانغان قەدىمكى قول يازمىلار، قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ يازمىلىرى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (كېيىنكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تەييارلىق قىلىش باشقارمىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى، دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى،

---

[1] «تارىم» ژۇرنىلى 1988 ـ يىلى 11 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ماتېرىيال بۆلۈملىرىگە قويۇلغان. 1955 — 1957 - يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئورگىنىنىڭ قارىمىقىدا قەدىمكى قول يازمىلار ۋە قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ رەتلەش، تەھقىقلەش ئىشخانىسى ئىچىدە ئەھمەد زىيائىي، ئابلىمىت روزى قاتارلىق بىر قانچە ئىلمىي خادىم مەخسۇس خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، توقسان پارچىدىن ئارتۇق قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كاتولوگىنى تۈزۈپ چىققان. 1945 — 1946 - يىللىرى ئىسمائىل ئابابەكرى (ئىسمائىل داموللا) چۆچەك شەھىرىدە تەرجىمە قىلىپ چىققان «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسەر، 1951 — 1953 - يىللىرى قەشقەر شەھىرىدە ئەھمەد زىيائىي تەرىپىدىن قايتا تەرجىمە قىلىنغان «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسەر، مۇھەممەد پەيزى تەرىپىدىن 1950 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تەرجىمە قىلىنغان يۈسۈف سەككاكىينىڭ «مىفتاھۇل ئەدەپ» ناملىق ئەسەر، 1956 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە مەمتىمىن داموللا، مۇھەممەد پەيزى، ئابدۇرېشىت قارىم سابىت قاتارلىقلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان جامال قارشىنىڭ «سۇراھۇللۇغەت» ناملىق ئەسەر، ئابلىز ئابدۇقادىر تەرىپىدىن 1956 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەرجىمە قىلىنغان ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسەر قاتارلىقلار ئەنە شۇ ئىشخانىغا ئېلىپ كېلىنىپ، تەھقىقلەش ماتېرىيالى قىلىنغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تەرجىمە قىلدۇرۇلغان بۇ قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورۇنلىرى ئورۇنلاشتۇرغان ھەم ئىلمىي خادىملارنىڭ تەرجىمە ئەمگىكىگە ئۆلچەم بويىچە ھەق بېرىلگەن. 1957 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تەييارلىق قىلىش باشقارمىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەنلەر ئاكادېمىيەسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئىلگىرى - كېيىن يەككە ھالدىكى نەچچىلىگەن قەدىمكى ئەسەرلەر كاتولوگلىرىنى ئىشلەپ باستۇرغان، بەزىلىرىنى نەشر قىلدۇرغان، ئايرىملىرى بولسا ژۇرنال، كىتابلار تەركىبىدە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلاردا بىر قانچە مىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئەھۋالى، ساقلىنىش رەت نومۇرى يورۇق كۆرگەن. بۇنىڭغا «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازمىلار كاتولوگى» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى 1957 - يىلى باستۇرغان)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كاتولوگى» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا 1960 - يىلى باستۇرغان)، «شىنجاڭغا دائىر قەدىمكى ئەسەرلەر كاتولوگى» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى 1964 - يىلى باستۇرغان)، «شىنجاڭ تەتقىقاتىغا دائىر قەدىمكى ئەسەرلەر كاتولوگى» (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى 1965 - يىلى باستۇرغان)، «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى كاتولوگى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى) قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. 1957 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەم ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئەدەبىي تەنقىد ۋە تەتقىقات سېكسىيەسى(ئورنى) تەسىس قىلىنغان. بۇ سېكسىيەنىڭ ئاساسلىق خىزمەت ۋەزىپىسى قەدىمكى قول يازمىلار، قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ يەشمە بېرىش ۋە

تەھقىقلەش بولغان. شۇ يىللاردىن باشلاپ 1962-يىللىرىغىچە «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا «زەلىلىي غەزەللىرى»، «زەپەرنامە» (موللا شاكىرنىڭ ئەسىرى)، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» (ھىرقەتىينىڭ ئەسىرى)، «رابىيە ۋە سەئىدىن» (ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ ئەسىرى)، «چاڭمۇزا يۇسۇفخان» (بىلال نازىمىينىڭ ئەسىرى)، «گۇمنام غەزەللىرى»، «فەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»(ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ ئەسىرى) قاتارلىق ئەسەرلەر ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى 2009-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا «ئوغۇزنامە»، ئورقۇن-يېنسەي مەڭگۇ تاشلىرى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي يادىكارلىقلار، جۈملىدىن «ئىرق بىتىگ»، «مايترى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇق»، قاراخانىيلار خانلىقى ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى، جۈملىدىن «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «دىۋانى ھېكمەت»، چاغاتاي تىلى ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىي يادىكارلىقلار، جۈملىدىن «قىسسەئىي رابغۇزى»، «مۇھەببەتنامە»، «گۈل ۋە نەۋرۇز»، لۇتفىي، ئاتايى، سەككاكىي غەزەللىرى، «نەۋايى غەزەللىرى—خەزائىنۇلمەئانى» (تاللانما)، «نەۋايى شېئىرلىرىدىن تاللانما» (1991-، 2001-يىللىرى خەنزۇچە نەشرى)، «خەمسە نەۋايى»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، «دىۋانى زەلىلىي»، «دىۋانى گۇمنام»، «دىۋانى مەھزۇن»، «دىۋانى نەۋبەتىي»، «مۇھەببەت داستانلىرى»، «كىتابى غەرىب»، «دىۋانى قەلەندەر»، «دىۋانى ناقىس»، «غەزەلىيات»، «چاڭمۇزا يۇسۇفخان»، «تارىخى ھەمىدىيە»، «كىتابى ئابدۇللا»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» (تېيىپجان ئېلىيېف قاتارلىقلار تەييارلىغان، 1981-يىلى)، «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما» (گېڭ شىمىن تەييارلىغان، 1982-يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» (ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تەييارلىغان، 1984-يىلى نەشرى) قاتارلىق يۈزلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1980-يىلىدىن باشلاپ «بۇلاق» ناملىق ژۇرنالنى تەسىس قىلىپ، 2009-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 128 سانىغىچە بولغان سەھىپىلىرىدە قەدىمكى ئەسەرلەردىن نەچچە يۈز پارچىنى يورۇقلۇققا چىقاردى. بېيجىڭدا چىقىدىغان خەنزۇ تىلىدىكى «گۇاڭمىڭ رىباۋ»(«نۇر گېزىتى») گېزىتىنىڭ 1956-يىل 7-ئاينىڭ 13-كۈنىدىكى سانىدا گۇاڭتيەن ناملىق ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1957-يىل 5-ئاينىڭ31-كۈنىدىكى سانىدا ئەھمەد زىيائىينىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز» ناملىق ماقالىلىرىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغاندىن باشلاپ، تاكى 2009-يىلىغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك 5000 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىنغان. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»(ھاجى ئەھمەد، ئابدۇشۇكۇر تۇردى قاتارلىقلار تەييارلىغان، 1980-يىلى بېسىلغان)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (ۋاھىتجان غوپۇر قاتارلىقلار تۈزۈشكە قاتناشقان، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، 1981-يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار» (شەرىپىدىن ئۆمەر يازغان، 1982-يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (لى گوشياڭ يازغان، 1982-يىلى خەنزۇچە بېسىلغان، 1992-يىلى رەسمىي نەشر قىلىنغان)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (تۆت قىسىم، ئابدۇرېھىم سابىر يازغان، 1982—1984-يىللىرى بېسىلغان)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» (ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇرلار يازغان، 1982-يىلى بېسىلغان، 1987-يىلى نەشر قىلىنغان)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ليۇ فاجۇن، ئەرشىدىن

تاتلىق، جاڭ خۇڭچاۋ قاتارلىقلار تەييارلاپ، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» (غەيرەتجان ئوسمان يازغان، 1987 ـ يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات» (شەرىپىدىن ئۆمەر يازغان، 1988 ـ يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (ماشۇلياڭ قاتارلىقلار يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (غەيرەتجان ئوسمان يازغان، 1992 ـ يىلى بېسىلغان)، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (ئىككى قىسىم، شەرىپىدىن ئۆمەر يازغان، 1996 ـ يىلى نەشرى)، «19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (ئۈچ قىسىم، شەرىپىدىن ئۆمەر يازغان، 1998 ـ يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (ئابدۇكېرىم راخمان مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان، 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (غەيرەتجان ئوسمان يازغان، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن، 2001 ـ يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (غەيرەتجان ئوسمان مەسئۇللۇقىدا تۈزۈلگەن، 2002 ـ يىلى نەشرى) ، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» (ئىككى قىسىم، غەيرەتجان ئوسمان مەسئۇللۇقىدا تۈزۈلگەن، 2004— 2005 ـ يىللىرى نەشرى)، «تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھۆججەتشۇناسلىقى» (جاڭ تېشيەن يازغان، 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ليۇ بىڭ، ئازاد سۇلتان، غەيرەتجان ئوسمان، ئەسەت سۇلايمان قاتارلىقلار يېزىپ چىققان، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىق كىتابلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى تارىخي دەۋرلەر بويىچە بايان قىلىنغان، ئەدەبىيات تارىخىنىڭ سىستېمىلىششى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلەپ چىقىلغان. يەنە قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن كوللېكتىپ يېزىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1983 ـ يىلى قازاقىستان پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

يېڭى جۇڭگونىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە 1950 ـ يىللاردىن باشلاپلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى لېكسىيەلەر سۆزلىنىشكە باشلىغان. 1957 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» نامىدىكى لېكسىيە يېرىم يىل سۆزلەنگەن. 1962 ـ يىلى مۇھەممەتجان سادىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا يېرىم يىللىق «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» لېكسىيەسىنى بېرىپ بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان. 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى يۆنىلىشى بويىچە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن يىللىقلار بويىچە سىستېمىلىق بولغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق دەرسلىك سۆزلەنگەن. بۇلارنى شەرىپىدىن ئۆمەر، لى گوشياڭ، ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇر قاتارلىقلار سۆزلەشكە كىرىشكەن. مانا بۇلار «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق بۇ سىستېمىلىق دەرسلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەرسلىكنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى 1985—1986 ـ يىللىرى ئۈچ توم بولۇپ ئىشلەنگەن ۋە «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» نامى بىلەن 1993—1996 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان. لېكىن مەلۇم سەۋەب بىلەن ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى قىلىنمىغان. ئۇنىڭ سىناق شەكلى «ئۇيغۇر كىلاسسىك

ئەدەبىيات تارىخى» نامى بىلەن قايتىدىن يېزىلىپ، 2002-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن سىناق شەكلىدە نەشر قىلىنغان. بۇنىڭ ئىشلىنىشىگە ئازاد سۇلتان، ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار ھەيدەكچىلىك قىلغان. دۆلەت سالىھجان، خالىق نىياز، كۈرەش مەھمۇدجان قاتارلىقلار مەمۇرىي ۋە ئىلمىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ 2006-يىلى 2-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە ئېيتىلغان «ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي تىل-يېزىقتىكى دەرسلىكلىرى قۇرۇلۇش پىلانىغا ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، 2008-يىل 3-ئاينىڭ 29-كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كافېدراسى نامىدىن يوللانغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دەرسلىكىنىڭ تۈزۈلۈش پىروگرامما ئىلتىماسى رەسمىي تەستىقلىنىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋە مىللىي تىل-يېزىقتىكى دەرسلىكلەر قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى تەرىپىدىن تۈر تۇرغۇزۇلۇپ، 2008-يىل 7-ئاينىڭ 2-كۈنى رەسمىي تەستىقلىنىپ، يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىش توغرىسىدا تەستىق ھۆججەت چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭ پىروگراممىسىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئالىي مائارىپ باشقارمىسى مەخسۇس تەشكىللىگەن ئىمىن ئەھمىدى (شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق باشلىقى)، ئىمىنجان ئەھمىدى (كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى)، ئوسمان ئىسمايىل (پىروفېسسور)، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر ئەستايىدىل ئوقۇپ، تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئاساسىي جەھەتتىن ماقۇللاش بىلەن بىرگە، بەزى تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەرگەن. شۇ پىكىر ئاساسىدا باش تۈزگۈچى 2009-يىلى 11-ئايغىچە بىر قېتىم ئەستايىدىل تۈزىتىپ، تولۇقلاپ چىققان. بۇ نۇسخا شۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭدىن كېيىن، يەنە بۇ ساھەدىكى ئوقۇتۇش، ئىزدىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دەرسلىكىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن:

پىروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كافېدراسىنىڭ مۇدىرى

2009-يىل 11-ئاينىڭ 9-كۈنى (دۈشەنبە)، ئۈرۈمچى

2010-يىل 6-ئاينىڭ 28-كۈنى ئىككىنچى قېتىم يېزىلدى

2012-يىل 1-ئاينىڭ 31-كۈنى تۈزىتىلدى

# بىبلىيوگرافىيە


**I سىياسىي يېتەكچى ماتېرىياللار:**

△ «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، پارتىيە توغرىسىدىكى تەلىمات، ئىلمىي سوتسىيالىزم قىسمى، پەلسەپە قىسمى قاتارلىقلار. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

△ ماۋزېدۇڭ: «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ 3 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1969 ـ يىلى نەشرى.

△ «ماركس، ئېنگېلس، ستالىن، ماۋزېدۇڭ دىن توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

**II نەزەرىيەۋى يېتەكچى ماتېرىياللار:**

△ «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

△ «بېلىنىسكىي تاللانما ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

△ ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

**III پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار:**

**1. ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار:**

△ «ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرى قول يازمىلار كاتولوگى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى يېتەكچىلىكىدە تەييارلانغان، 1957 ـ يىلى، ئاق باسما نۇسخا.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى پىروگراممىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 1979 ـ يىلى تۈزگەن شاپىگراف نۇسخا. مەتتىمىن خۇدابەردىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن تەييارلانغان.

△ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (دىۋانى لۇغاتىت تۈرك)، ئىبراھىم مۇتىئىي، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار تەييارلىغان، ئۈچ توملۇق، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ، 1983 ـ، 1984 ـ يىللىرى.

△ ئىمىن تۇرسۇن: «ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1980 ـ يىلى 1 ـ سان؛ «بىيەنسەي» (چېكرا رايون) 1982 ـ يىلى 3 ـ سان؛ خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

△ ھاجى ئەھمەد: «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، 1980 ـ يىلى مىخ مەتبەئە نۇسخا، «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسى؛ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، تېيىپجان ئېلىيېف، رەخمىتۇللا جارى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەدەبىيات تەتقىقات گۇرۇپپىسى، 1981 ـ يىلى 3 ـ ئاي، ئاق باسما نۇسخا.

△ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» (توپلام)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، بېيجىڭ.

△ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر» (ماقالىلەر توپلىمى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

△ مۇھەممەد زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نۇسخىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

△ ئەلىشىر نەۋايى: «غەزەللەر»، تېيىپجان ئېلىيېف تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى.

△ ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، تۆت توملۇق، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى، 1982 ـ ، 1983 ـ ، 1984 ـ يىللىرى، ئاق باسما نۇسخا.

△ ھىمىت مەخسۇت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «كونسۇلتاتسىيە ـ لېكسىيە ماتېرىياللىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، 1983 ـ يىلى، ئاق باسما نۇسخا.

△ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى 1982 ـ يىلى، ئاق باسما نۇسخا؛ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

△ ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىلى 2 ـ ، 3 ـ سانلار.

△ ھاجى ئەھمەد: «دېڭىز ئۈنچىلىرى» (ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەدەنىيەت ئەربابلىرى تەزكىرىسى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 ـ ، 1993 ـ يىلى نەشرى.

△ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

△ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائىي، مۇھەممەدئىمىن يۈسۈپلەر تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، بېيجىڭ.

△ «زەللىي دىۋانى»، ئىمىن تۇرسۇن تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى.

△ «نىزارىي داستانلىرى»، تېيىپجان ئېلىيېف، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئىسراپىل يۈسۈپ، مۇھەممەدتۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى.

△ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹مايتىرى سىمىت›» (1)، ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى.

△ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، (مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

△ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق

نەشرىياتى، 1986 ـ، 2004 ـ يىلى نەشرى.

△ «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر»، ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى.

△ ليۇ جىنشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

△ ھېمىت مەخسۇت، غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئاساسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى» (تېزىسلىرى) («ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكى تىل ـ ئەدەبىيات ئاساسلىرىدىن تېزىسلار» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى، 1987 ـ يىلى، ئاق باسما نۇسخا).

△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

△ ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

△ خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئۇپ پولات: «چاغاتاي تىلى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى.

△ «بۇلاق» (ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورشۇناسلىق ژۇرنىلى)، 1 ـ سانىدىن 135 ـ سانىغىچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980—2010 ـ يىللار، ئۈرۈمچى.

△ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى باشچىلىقىدا تەييارلانغان، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توملار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ، 1984 ـ، 1988 ـ، 1991 ـ، 1992 ـ يىلى، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرلىرى.

△ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

△ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئېستېتىكا ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، ۋاڭ جاۋۋېننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئىبراھىم مۇتىئىي ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ، 2007 ـ يىلى.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، 1992 ـ يىلى ئاق باسما نۇسخا.

△ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخىغا دائىر مەجمۇئە»نىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى يېتەكچىلىكىدە تەييارلانغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ، 2009 ـ يىلى خەنزۇچە، 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ ئابدۇكېرىم راخمان: «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار»، شىنجاڭ خەلق

نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، 1993 ـ يىلى ئاق باسما نۇسخا.

△ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر»، ئون بەش توپلام («دىۋانى ئەرشىي»، «دىۋانى مەشھۇرىي»، «دىۋانى ناقىس»، «دىۋانى نەۋبەتىي»، «دىۋانى زوھۇرىي»، «سەددى ئىسكەندەر»، «فەرھاد ۋە شىرىن»، «بەھرام ۋە دىلئارام»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، «مەنتىقۇتتەيىر»، «دىۋانى قەلەندەر»، «دىۋانى مەھزۇن»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «باياز»، «نىزارىي لىرىكىلىرى» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى، 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى.

△ ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى.

△ مەھمۇد زەيدى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن تەرمىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى.

△ نۇرمۇھەممەد زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى.

△ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى.

△ ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى.

△ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى»، ئىككى قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى.

△ «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر» (گو باۋ نەشرگە تەييارلىغان)، تۆت قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ، 1985 ـ، 1991 ـ، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات مەجمۇئەسى»، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى يېتەكچىلىكىدە تەييارلانغان، 1 ـ، 2، ـ 3، ـ 4، ـ قىسىملار (جەمئىي سەككىز توپلام)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998 — 2009 ـ يىللار، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشرى.

△ تۇرسۇن ئايۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى.

△ «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (1) (دەل ـ دەرەخ، ھايۋانات، ئۇچار قانات، ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە ئادەت سۆزلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر)، يۈسۈپ ئىسھاق تەييارلىغان؛ (2) (نام ـ ئاتاق ھەققىدىكى رىۋايەتلەر)، ئوسمان ئىسمائىل تەييارلىغان؛ (3) (شەخسلەر، ۋەقەلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر)، غەيرەتجان ئوسمان تەييارلىغان، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

△ چيەن بوچۈەن: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

△ ياڭ شىڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

△ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي: «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

△ ئابدۇرېھىم سابىد: «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ

يىلى.

△ شەرىپىدىن ئۆمەر: «19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، ئۈچ قىسىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

△ ئوسمان ئىسمائىل: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

△ ئەمەت دەرۋىش، مۇنەۋۋەر ئابلىز: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

△ مۇھەممەدتوختى ئەخمەت: «تارىم ساھىلىدا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى.

△ ھۆرمەتجان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

△ ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىدىيار: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇبىلىك›»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى.

△ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق›»، تۇرسۇن ئايۇپ، مۇھەممەدرېھىم سايىت.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئۇلۇغ شائىر نەۋايى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى.

△ غەيرەتجان ئوسمان، ئەشرەپ ئابدۇللا: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى.

△ ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2003 ـ يىلى.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى.

△ «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى»، ئىككى قىسىم، غەيرەتجان ئوسمان مەسئۇللۇقىدا تەييارلانغان، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2004—2005 ـ يىلى.

△ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى.

△ «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى (تۆت توملۇق)، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئىمىنجان ئەھمىدى، ئىسمائىل تۆمۈرى، غەيرەتجان ئوسمان، مۇھەممەتتۇردى مىرزا ئەھمەد قاتارلىقلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

△ فارابى: «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» (ھۆرمەتجان فىكرەت، جاپپار ئەمەت تەرجىمە قىلغان )، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،

2007 ـ يىلى نەشرى.
△ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: «11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى.
△ «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شېئىرلىرىدىن تاللانما»، ليۇ جىڭمىن قاتارلىقلار تەييارلىغان، ئىمىن ئەھمىدى تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىلى.
△ مۇھەممەد ئەيسا قازى: «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى.
△ ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى.
△ ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات: «ئەسىرلەر ئابىدىلىرى— ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى.

2. خەنزۇچە ماتېرىياللار:

△ گويىڭدې: «ئۇيغۇر تارىخى ئوچېرىكى»، شەرق نەشرىياتى، شاڭخەي، 1952 ـ يىلى.
△ فېڭ جياشىڭ، چېڭ سولو، مو گۇاڭۋېن: «ئۇيغۇر تارىخىي ماتېرىياللىرى قىسقىچە توپلىمى»، ئىككى قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1958 ـ ، 1981 ـ يىللىرى نەشرى.
△ «ئوكيانۇس» (سىخەي)، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى.
△ «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» (دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن)، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1981 ـ يىلى.
△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» («جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن تاللانما» ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن تاللانما»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى.
△ گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى.
△ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەتلىرىنىڭ ئوچېرىكلىرى»، گېڭ شىمىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى.
△ لى گوشياڭ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، 1982 ـ يىلى، ئاق باسما نۇسخا؛ لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.
△ «جۇڭگودىكى مىللىي قەدىمكى يېزىقلار ھەققىدە تەتقىقات» (جۇڭگو مىللىي قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىقلار تۈزگەن)، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، بېيجىڭ.
△ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، تېيىپجان ئېلىيېف، رەخمىتۇللا جارى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.
△ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، ئىككى قىسىم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ ، 1986 ـ يىلى.
△ «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر شەخسلىرى قامۇسى»، سىچۇەن قامۇس نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى.
△ ليۇ جىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

△ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، خاۋ گۇەنجۇڭ، جاڭ خوڭچاۋ، لىيۇ بىن تەرجىمە قىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، بېيجىڭ.

△ «غەربىي يۇرت ئاز سانلىق مىللەت شېئىرلىرىدىن تاللانما»، لىيۇ جىگمىن قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى.

△ لىن گەن: «تۈرك تارىخى»، كۆكخوت، ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

△ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىك ھېكايىلىرىدىن تاللانما»، جاڭ يۆ، ياۋ باۋشۇەن تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى.

△ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە كىلاسسىك ئەسەرلىرى» («جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىنى ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن. بېيجىڭ ئىلىم گۈلزارى (شۆيۈەن) نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى.

△ «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخىدىكى شەخسلەر قامۇسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى .

△ «شىنجاڭ مىللەتلەر بىلىملىرىدىن قوللانما»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1990 ـ يىلى.

△ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەدىبلەر ۋە ئەسەرلەر»، «جۇڭگو ئەدەبىيات قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن، ما لياڭچۈن، لى فۇتيەن مەسئۇللۇقىدا تەييارلانغان، تيەنجىن خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى.

△ جو شاۋزۇ قاتارلىقلار تۈزگەن «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زاتلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى.

△ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ـ قارلۇق تارىخىي ماتېرىياللىرى»، چېن گاۋخۇا تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى .

△ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى»، ما شۆلياڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى.

△ «ئۇيغۇر تارىخى يىلنامىسى» (فېڭ جىۋېن، ۋۇيىڭفەن تۈزگەن)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى.

△ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخىغا دائىر مەجمۇئە»نىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى يېتەكچىلىكىدە تەييارلانغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ ، 2009 ـ يىلى.

△ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» (شاۋ ۋېنيۈەن قاتارلىقلار باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى.

△ «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»نى تۈزۈش كومىتېتى تەرىپىدىن تەييارلانغان، سىچۈەن قامۇس نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى.

△ چىڭ سولو: «تاڭ، سۇڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ماقالىلىرى توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1994 ـ يىلى.

△ لىن گەن، گاۋ زىخو: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى.

△ «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى» (جى داچۈن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى.

△ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى سىستېمىسى» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى يېتەكچىلىكىدە تەييارلانغان)، 1 ـ توم: «قەدىمكى دەۋرنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئەدەبىيات»؛ 2 ـ توم: «قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات»؛ 3 ـ توم: «چاغاتاي تىلى دەۋرى ئەدەبىياتى»؛ 8 ـ توم: «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن يېقىنقى دەۋرگىچە بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» (1 ـ كىتاب)؛ 10 ـ توم: «كېيىنكى دەۋر چاغاتاي تىلى دەۋرى ئەدەبىياتى» (1 ـ كىتاب)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى.

△ «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى باشچىلىقىدا، ليۇ ۋېيشىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى.

△ توختى مۇزارت: «ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

△ لىن مېيسۈن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995 ـ يىلى.

△ گو پىڭلياڭ: «ئۇيغۇر تارىخى كۆرسەتكۈچى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى.

△ «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تارىخى» (يۇ تەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە يېزىلغان)، جوڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، جېڭجۇ، 1996 ـ يىلى.

△ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (يۇ تەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، جۇڭگو دوستلۇق كىتاب شىركىتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1996 ـ يىلى.

△ «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى جەمئىيىتى تۇرمۇش تارىخى» (شۇ زوڭجىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى.

△ نيۇ رۇجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى.

△ شياۋ جۇڭيى: «شىنجاڭدىكى تىل ۋە يېزىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئابدۇكېرىم راخمان باش مۇھەررىرلىكىدە، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى.

△ «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىن ئوچېرىك»، لياڭ تىڭۋاڭ، جاڭ گۇڭجىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى.

△ لىن مېيسۈن: «خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1998 ـ يىلى.

△ ياڭ ليەن: «يۇەن دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت شائىرلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى.

△ رۇ چۇەنمىڭ: «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى.

△ لىن گەن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە شىمالدا ياشىغان مىللەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، كۆكخوت، 1999 ـ يىلى.

△ گېڭ شىمىن، ئابدۇرېشىت ياقۇپ: «ئورقۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلى ھەققىدە

تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى.

△ لى زىڭشياڭ، مەمەتربھىم، جاڭ تېشەن: «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ تىلىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى.

△ مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»، خې رۇي، شياۋ جۇڭيى قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى.

△ «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇبىلىك›»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى.

△ نيۇ رۇجى: «ئۇيغۇر بۇددىزم ھۆججەتلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى.

△ گېڭ شىمىن: «شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى.

△ «ئۇلۇغ شائىر نەۋايى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى.

△ «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»، «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»نى تۈزۈش كومىتېتى تەييارلىغان، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، بېيجىڭ.

△ لياڭ تىڭۋاڭ، خۇاڭ فېڭشۈن: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى»، شەنشى مائارىپ نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى.

△ ياڭ فۇشۆ: «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆججەتلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى.

△ «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخ ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى.

△ لى گوشياڭ: «لى گوشياڭ ئەسەرلىرى»، بىرىنچى توپلام: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككىنچى توپلام: «ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسى»، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى، بېيجىڭ.

△ جاڭ تېشەن: «تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ھۆججەتشۇناسلىقى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى.

△ گېڭ شىمىن: «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار تەتقىقاتى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى.

△ ئەل فارابى: «پىلاتوننىڭ پەلسەپىسى»، چېڭ جىمىن تەرجىمىسى، خۇادۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، شاڭخەي، 2006 ـ يىلى.

△ گېڭ شىمىن: «شىنجاڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئوچېرىكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

△ «‹دىۋانى لۇغاتىت تۈرك› تەتقىقاتى ماقالىلىرى توپلىمى»، شياۋ جۇڭيى تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى.

△ گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇر ۋە قازاق تىل ـ ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى.

△ چېڭ جىمىن: «ئەل فارابى ۋە پىلاتون»، خۇادۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، شاڭخەي، 2008 ـ يىلى.

△ گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قومۇل نۇسخىلىق ‹مايتىرى سىمىت› تەتقىقاتى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى.

3. چەت ئەل ماتېرىياللىرى:

△ ئوسمان مەمەتەخونوف: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كىلاسسىكلىرى» 1960 ـ يىلى تاشكەنت.

△ رىشىت رەخمەتى ئارات (تۈركىيە): «ئەسكى تۈرك شېئىرلار»، 1975 ـ يىلى ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى.

△ كۆپرۈلىزادە مۇھەممەد پۇئات: «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى»، ئەنقەرە، تۈركچە، 1976 ـ يىلى.

△ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، تاشكەنت، 1978 ـ يىلى ئۆزبېكچە نەشرى.

△ ئا. فون گابائىن: «قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان. «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (ئا. ھاسانوف، س. موللاۋۇدوف تۈزگەن)، ئالماتا مەكتەپ نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن)، قازاقىستان س س ر نايكا نەشرىياتى، ئالماتا، 1983 ـ يىلى نەشرى.

△ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى»، قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەييارلىغان، قازاقىستان س س ر نايكا نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، ئالماتا.

△ ر. گىرائۇد (فىرانسىيە): «شەرقىي تۈرك خانلىقىغا دائىر مەڭگۈ تاشلار ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە مىخ مەتبەئە نۇسخا.

△ ل. يۈ. تۇگۇشېۋا: «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىن پارچىلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1984 ـ يىللىق 4 ـ سان.

△ ئا. ۋون گابائىن (گېرمانىيە): «ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈركىي ئەدەبىيات»، «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئارخېئولوگىيەسىگە دائىر تەرجىمىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي تۈزگەن، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە ئاق باسما نۇسخا.

△ ئابىئو تاكىئو (ئەنيۇ جيەنفۇ، ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقلىرى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» («سوۋېت بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ 2 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن، 1956 ـ يىلى، موسكۋا، رۇسچە نەشرى، «ئۇيغۇر قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى. قول يازما نۇسخا، 1987 ـ يىلى4 ـ ئاي، ئۈرۈمچى ).

△ «ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرى ئىجادىيىتىدە داستان ژانىرى»، ب. ئەرشىدىنوف، قازاقىستان س س ر نايكا نەشرىياتى، ئالماتا، 1988 ـ يىلى نەشرى.

△ تەلەت تېكىن(تۈركىيە): «11 ـ ئەسىر تۈرك شېئىرى»، تۈركچە، ئەنقەرە، 1989 ـ يىلى.

△ ساۋۇت موللاۋۇدوف: «18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسى»، ئالماتا، نايكا نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى.

△ «مالوۋسكىي چىتېنىيە» (مالوف ئەنجۈمەنى، يىغىن ماتېرىيالى)، ئالماتا، غىلىم نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى.

△ ئەزىز نارىنبايېف: «ئۇيگۇرسكى مىسلىتىلى»، بىشكەك، 1995 ـ يىلى، رۇسچە.

△ ئالىمجان تىلىۋالدى: «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قاپىيە مەسىلىسى ۋە تاۋۇشلارنىڭ تۈزۈلۈشى» (رىفما ئى پرۇبلىمى زىۋۇكوبوي ئورگانىزاسىي ئۇيگۇرسكوگو ستىخا )، ئالماتا، 1996 ـ يىلى، رۇسچە.

△ ئا. ب. بېرنىشتام: «ئورقۇن ـ يېنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» («ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى»، «تېرىخىن مەڭگۈ تېشى»، «غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇر قاغانلىرى» قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن توپلام)، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى هۇزۇرىدا تۈزۈلگەن، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

△ س. گ. كىلياشتورنى (رۇسىيە): «قەدىمكى رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار»، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، خاربىن، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ «زامانىۋى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ مۇھىم ماتېرىياللىرى»، ئالماتا، 2001 ـ يىلى.

△ «ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە تەتقىقاتلار» 2000 ـ ،2001 ـ ،2002 ـ يىللىق ئۈچ توپلام. ئالماتا.

△ ساۋۇت موللاۋۇدوف: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى داۋانلىرى»، ئالماتا، 2002 ـ يىلى.

△ ئالىمجان ئىسمائىل: «نەزەرىيەۋى نۇقتا ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇر»، بىشكەك، 2002 ـ يىلى.

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (9)، (خرېستوماتىيە)، ساۋۇت موللاۋۇدوف تۈزگەن، قازاقىستان جۇمهۇرىيىتى بىلىم ۋە پەن مىنىستىرلىقى تەستىقلىغان، ئالماتا ، مەكتەپ نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى.

△ «داستانلار دۇنياسىغا ساياھەت»، ب. ئەرشىدىنوف، ئالماتا، بىلىم نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.

△ ئەزىز نارىنبايېف: «تاللانما ئەسەرلەر»، بىشكەك، ئىلىم نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى، رۇسچە نەشرى.

△ رۇسلان ئارزىيېف: «ئۇيغۇر تىلى»، ئالماتا، مەكتەپ نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

△ رەخمەتجان يۈسۈپوف: «كىلاسسىكىلىق تارىخىي پىروزا ۋە لىرىكىدىن نەمۇنىلەر»، ئالماتا، ناشىمىر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى.

△ پېتېر زىمې: «بۇددىزم ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى، خەنزۇچە.

△ ۋ. ۋ. بارتولد: «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، ئىككى قىسىم، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى،2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ ساۋۇت موللاۋۇدوف: «بىلال نازىم ھەققىدە تەتقىقاتلار»، ئالماتا مىر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى.

△ ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى،1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان نۇسخا، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى.

# دەرسلىكتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى

## ئا

| | |
|---|---|
| 拉失德，阿布都热希提 | ئابدۇرەشىدخان |
| 阿达布斯·萨里根，美人的道德 | ئادابۇسسالىھىن |
| 亚当 | ئادەم |
| 保义 | ئادالەتنى قوغدىغۇچى |
| 阿弥陀经 | ئابىتاكى سۇترا |
| 焉耆 | ئاگنى(قاراشەھەر)، كىنگىت، يەنجى، چالىش |
| 气惯人物传 | ئاجايىبۇل مەخلۇقات (ئاجايىپ ئادەم) |
| 阿主儿 | ئالپچور، ئاچور |
| 阿里夫·艾尔·僮阿，阿勒普·艾尔·通阿 | ئالپ ئەر توڭا |
| 六城（指南疆） | ئالتە شەھەر |
| 前，后部车师王 | ئالدى، ئارقا قۇس |
| 阿勒帕米希 | ئالپامىش |
| 金光明经 | ئالتۇن يارۇق |
| 阿力麻里 | ئالمالىق |
| 金帐汗国 | ئالتۇن ئوردا |
| 文学作品选集 | ئالماناخ |
| 观无量寿经 | ئامىتايۇر دىيانا سۇترا |
| 阿姆河 | ئامۇ دەرياسى (جەيھۇن) |
| 阿曼尼莎 | ئامانىنىساخان |
| 阿帕克和卓 | ئاپپاق خوجا |
| 阿普森啜持勤 | ئاپرىنچور تېگىن |
| 阿鲁孜韵律 | ئارۇز ۋەزنى |
| 阿拉美文 | ئارامى يېزىقى—ئەرەم يېزىقى |
| 雅利安人 | ئارىيانلار |
| 阿鲁浑萨理 | ئارغۇن سالى |
| 阿领帖木儿 | ئارۇن تۆمۈر |
| 阿特桑 | ئاتساڭ |
| 阿塔依 | ئاتايى |
| 阿塔沙浑 | ئاتاساغۇن |

| | |
|---|---|
| ئاتنامە | 马之书 |
| ئاۋېستا | 阿维斯塔，波斯古经 |
| ئاشىنا، ئاسىنا | 阿史那 |
| ئايتولدى | 月圆 |
| ئايازبەگ | 阿亚兹别克 |
| ئاياز شىكەستە | 阿亚孜·希克斯太 |
| ئاياللار زارى | 室妇叹 |
| ئەقائىد جەۋھەرىيە | 信仰的精华 |

## ئە

| | |
|---|---|
| ئەرەزۇل سىياسەت فى ئەغدەرۇل رىياسەت | 政治动机论 |
| ئەبۇ رەيھان بىرۇنى | 艾卜·热依罕·比鲁尼 |
| ئەربەئىن | 阿利巴因 |
| ئەنۇەش | 艾尼瓦什 |
| ئەتەبەتۇل ھەقايىق | 真理的入门 |
| ئەشئەرى سادىق | 萨得克诗篇 |
| ئەل ئۆگەسى | 颉·于伽思 |
| ئەنىست تالىبىن | 求真之友 |
| ئەقائىد زەرۇرىيە | 必要的信仰 |
| ئەمىر | 艾米尔，异密，宰相 |
| ئەھمەد يۈكنەكى | 阿合买提·玉格乃克 |
| ئەھمەد يەسەۋى | 艾合买提·叶萨维 |
| ئەرشىي، خوجا جاھان ئەرشىي | 艾尔西 |
| ئەھمەدشاھ قاراقاشىي | 艾合迈德·沙·喀拉喀希 |
| ئەنەتكەك تىلى | 梵语 |
| ئەبجەت | 艾布介特（用28个阿拉伯字母代替数字读法的名称） |
| ئەمىر ئەلى | 艾米尔阿里 |
| ئەدەن | 阿丹 |
| ئەخلاقۇل مۇھسىنىن | 美好的道德 |
| ئەزا تاراتماقنىڭ بايانى | 器官流传书 |
| ئەسھابۇل كەئف | 艾沙布里开义夫传 |
| ئەمىر ئابامۇسلىم | 艾米尔·艾布穆斯林 |
| ئەرزىيەت | 冤曲之书 |

## ب

| | |
|---|---|
| باھار دانىش | 春之睿智 |
| بايان | 伯颜，普颜 |
| باياز | 文学作品选集 |
| بابۇرنامە | 巴布尔回忆录 |
| بازنامە | 猎书 |
| باشقىرت | 巴什基尔 |
| باتۇخان | 拔都 |
| بابۇرىيە | 巴布尔亚 |
| بارماق ۋەزنى | 巴勒玛克韵律（音节韵律） |
| بارلاس | 巴鲁剌思 |
| بارچۇق ئارت تېكىن | 巴尔术阿而忒的斤 |
| باھار قارلىرى | 阳春白雪 |
| بارىمتاي، تۇرغاق | 人质 |
| بالقاش كۆلى | 巴尔喀什湖 |
| باكتىرىيە تىلى | 大夏语 |
| بارچۇق | 巴尔楚克，巴楚 |
| باھارنى ئۇزىتىش | 送春 |
| بەرقى تەجەللىي | 泰杰里心中的光芒 |
| بەرەقە كەلىمە شېرىف | 伟大语录咏吟书 |
| بەھرام ۋە دىلئارام | 拜赫然木与迪里阿拉姆 |
| بەيس ھەكىم بەگ | 白伊斯阿奇木伯克 |
| بەگ قۇلى | 倍候利 |
| بەس ـ مۇنازىرىنىڭ چېكى ھەققىدە | 辨中边论 |
| بەس ـ مۇنازىرىنىڭ چېكى نەزەرىيەسىگە مەدھىيە | 辨中边论颂 |
| بەدايىئۇلۋەسەت | 中年的美德 |
| بەدايىئۇلبىدايە | 人初之惊异 |
| بەھرۇلئەنساب | 谱系之书，宗谱之海 |
| بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت | 五体清文鉴 |
| بەشبالىق | 别失八里 |
| بەشبالىق ھاكىمىيىتى | 别失八里国 |
| بەدايىئۇلبىدايە | 人生初期之愕导 |
| بەختىيارنامە | 幸福书 |
| بەڭ ۋە چاغىر | 酒与麻烟 |
| بەدەخشان | 巴达克山 |
| بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى | 毗伽可汗碑 |

| | |
|---|---|
| 婆罗谜 | براخما |
| 比鲁尼 | بىرۇنى |
| 斐罗莫贺达干 | بويلا باغا تارقان |
| 布古特碑铭 | بوغۇت مەڭگۈ تېشى |
| 慧琳音义，大藏音义，一切经音义 | بۇددا نوملىرىنىڭ تەلەپپۇز ۋە مەنىلىرى |
| 布哈拉 | بۇخارا |
| 布哈拉史 | بۇخارا تارىخى |
| 佛经故事 | بۇددا نوم سۇترىلىرى |
| 佛图澄 | بۇددا سىڭگا |
| 博罗泥都 | بۇرھانىددىن |
| 布门，土门 | بۇمىن |
| 大夏 | بۈيۈك شىيا |
| 伯吐尔米希·达干 | بۆتۈرمىش تارخان |
| 牟羽可汗，卜古可汗，不古汗 | بۆگۈخان |

## پ

| | |
|---|---|
| 波斯，伊朗 | پارس |
| 婆罗钵语 | پارابىل تىلى، پەھلىۋى تىلى |
| 庞特勤 | پانتېگىن |
| 烂泥怨 | پاتقاقتىن شىكايەت |
| 帕提亚语 | پارفىيە تىلى—پارتخىيە تىلى |
| 巴列维语 | پەھلىۋى تىلى |
| 劝告之书 | پەندنامە |
| 帕尔格尼 | پەرغانى |
| 波斯 | پېرسىيە، پارس، ئىران |
| 必兰纳识里 | پراجناشىرى (بىلاناشىل) |
| 普利檩刺可西提，法号智护 | پىرتانىراكشىت |
| 普拉提牙·牙谢里 | پىراتيا ياشرى |

## ت

| | |
|---|---|
| 太平奴 | تايپىنۇ |
| 世界征服者史 | تارىخى جاھان گۇشاھ |
| 唐古特，西夏 | تاڭغۇت |
| 木版文书 | تارىشا پۈتۈك |

| | |
|---|---|
| 塔鲁特 | تالۇت |
| 哈尼亚史，汗的历史 | تارىخى خانى |
| 幸福之园和给治的称号 | تاجۇلسە ئادەت ۋە ئەنۋانۇل سىيادەت |
| 怛逻斯 | تالاس |
| 先知与学者历史 | تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەما |
| 早发黄即事 | تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم |
| 艾加木（伊朗）国王史 | تارىخى مۇلكى ئەجەم |
| 太阳汗 | تاياڭخان (كۈنخان) |
| 书史会要 | تارىخى كىتابلار جەۋھىرى |
| 泰伯里史 | تارىخى تەبەرى |
| 哈扎那齐史 | تارىخى خەزاناجى |
| 喀什噶尔史 | تارىخى كاشغەر |
| 安宁史 | تارىخى ئەمىنىيە |
| 伊米德史 | تارىخى ھەمىدىيە |
| 拉失德史 | تارىخى رەشىدى |
| 拉失德史（续编） | تارىخى رەشىدى(زەئىلى) |
| 部部，部族 | تائىپىلەر |
| 佗钵，他钵 | تاسبارخان، تابارخان |
| 语言意义是爱情 | تىل ئىسمى ئىشق |
| 铁木真 | تىمۈچىن |
| 儿童教育 | تەلىمى سەبىيان |
| 泰杰里 | تەجەللىي |
| 塔合木斯 | تەخمىس |
| 诗集选编 | تەرمە دىۋان |
| 乐师传 | تەۋارىخى مۇسىقىيۇن |
| 模仿文学 | تەقلىدىي ئەدەبىيات |
| 传记 | تەزكىرە |
| 热沙提传 | تەزكىرەتۇلرىشات |
| 和卓坎传 | تەزكىرەئى خاجەگان |
| 艾孜莱提·毛拉传 | تەزكىرەئى ھەزرەت موللام |
| 阿布都力马南传 | تەزكىرەئى ئابدۇل مانان |
| 传记文学 | تەزكىرەئى ئەدەبىيات |
| 和卓传 | تەزكىرەئى ئەزىزان |
| 艾孜赞传 | تەزكىرەئى ئەزىزان |
| 艾斯哈布勒凯夫传 | تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەئف |
| 先知传 | تەزكىرەئى ئەۋلىيا |
| 圣贤传 | تەزكىرەئى ئەۋلىيا |

| | |
|---|---|
| 阿帕和卓传 | تەزكىرەئى خوجا ئافاق |
| 伊达耶提传，真理之传 | تەزكىرەئى ھىدايەتنامە |
| 布格拉汗传 | تەزكىرەئى بۇغراخان |
| 导师之友传记 | تەزكىرەئى پىرياران |
| 铁兹碑 | تەس مەڭگۈ تېشى |
| 太武前殿吟 | تەيۇۋچيەن قەسرىدىكى كۈي |
| 天王 | تەڭرىخان |
| 牟羽可汗入教记 | تەڭرىخاقاننىڭ دىنغا كىرىشى (بۆگۈ خاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى) |
| 腾格勒 | تەڭرى |
| 他拉特（摩西五经） | تەۋرات |
| 铁勒人 | تېلىلار |
| 敕勒歌 | تېلى قوشىقى |
| 敕勒川 | تېلىلار تۈزلەڭلىكى |
| 铁尔浑碑，铁尔痕碑（磨延啜第二碑） | تېرخىن مەڭگۈ تېشى |
| 嚚文谣 | تىللەمچى قىز قوشىقى |
| 太平乐府 | تىنچ كۈيخانا |
| 爱的秘境 | تىلسىملىق ئىشق |
| 天锡 | تيەنشى |
| 图木舒克语 | تۇمشۇق تىلى |
| 土拉河，独洛河独乐水 | تۇغلا دەرياسى |
| 四个伊玛木传 | تۆت ئىمام تەزكىرىسى |
| 突厥语言的高师 | تۈرك ئەلفازىنىڭ بۇلەغاسى |
| 突厥文 | تۈرك يېزىقى |
| 突厥汗国 | تۈرك خانلىقى |
| 土库曼 | تۈركمەن |
| 突厥语 | تۈركىي تىللار |
| 突尔克•可希•艾拉克 | تۈركى كىشى ئەيلاقى |
| 突郎，土兰，图郎 | تۇران |
| 托马丽斯 | تۇمارس |
| 暾欲谷 | تۇنيوقۇق |
| 九姓乌古斯 | توققۇز ئوغۇز |
| 吐火罗 | توخرى |
| 九姓回鹘碑铭 | توققۇز ئۇيغۇر خانى مەڭگۈ تېشى |
| 统阿•阿里甫•艾儿 | تۇڭا ئالپ ئەر |
| 暾欲谷碑 | تۇنيوقۇق مەڭگۈ تېشى |
| 秃黑鲁帖木儿 | تۇغلۇق تۆمۈر |

| | |
|---|---|
| 爱情人献绘书 | تۆھپەتۇلئۇشاق |
| 对两大陆的贡献 | تۆھپەتۇلبەھرەين |
| 四个书 | تۆتنامە |
| 帖木儿，帖木耳 | تۆمۈر |
| 帖木儿帝国 | تۆمۈرىيلەر خانلىقى |
| 土帕克·阿勒甫·舒力 | تۆپەك ئالپ شول |
| 刍议 | تۆھپەتۇلئەپكار |
| 四素，四原素，四个因素 | تۆت تادۇ، تۆت زات |
| 吐蕃 | تۈبۈت، تىبەت |

## ج

| | |
|---|---|
| 贾玛尔·卡尔西，贾马勒·喀尔希 | جامال قارشي |
| 宝镜，照世镜，梦里大千 | جاھاننەما |
| 加罕纳玛，世事记，世界书 | جاھاننامە |
| 加尼别克 | جانىبەگ |
| 扎鲁特 | جالۇت |
| 张格尔 | جاھانگىر خوجا |
| 史集 | جەمىئۇل تەۋارىخ |
| 史编集 | جەمىئىل تارىخ |
| 阿里战征书 | جەڭنامەئى ھەزرىتى ئەلى |
| 伽百利 | جەبرائىل |
| 朱哈尔 | جەۋھەرى |
| 吉达 | جىددە |
| 金台集 | جىنتەي توپلىمى |
| 术赤 | جۇجى |
| 准格尔 | جۇڭغار |
| 种笔亭题画 | جۇڭبى راۋىقىدا رەسىم سىزىش |

## چ

| | |
|---|---|
| 长安道 | چاڭئەن كوچىسى |
| 僮仆都尉 | چاكارلار كاھىبېگى |
| 察合台 | چاغاتاي |
| 长帽子优素夫汗，长帽子玉苏甫汗 | چاڭموزا يۈسۈفخان |
| 四个扎钵僧（或四隐士），四个游僧 | چاھار دەرۋىش |
| 四卷书集，四卷诗，四部诗卷 | چاھار دىۋان (خەزائىنۇلمەئانى) |

| | |
|---|---|
| چىستانى ئىلىك بەگ | 乞斯塔尼伊利克伯克故事 |
| چىڭخۇا ئىشلىرى تەپسىرى | 承华事略 |
| چىڭ جياڭنىڭ نەزمىلىرى | 清江引 |
| چىن، چىن ۋە ماچىن | 秦，秦和马秦 |
| چىلتەن تەزكىرىسى | 四十名圣人传 |
| چىڭگىزخان | 成吉思汗 |
| چىغرىقنى دەسسەپ سۇ چىقىرىش | 踏水车行 |
| چىگىل | 处月 |
| چىسۈن تۇتۇق | 齐速牙都统，齐速牙图统 |
| چۇچۇ | 楚楚 |
| چۇغاي تېغى، يىڭشەن تېغى | 阴山 |
| چۇتاش يىگەن تۇتۇق | 曲塔什依甘·都督 |
| چولپان سالى | 全普庵撒里 |
| چوسكىخودزىر | 搠思吉斡节儿 |
| چوڭ يۈجى، چوڭ ياۋچى، ئۇلۇغ ياۋچىلار | 大月氏 |

## خ

| | |
|---|---|
| خانىنىڭ پەند-نەسىھەتلىرى | 皇图大训 |
| خارەزم | 花剌子模 |
| خارەزملەر | 花剌子模人 |
| خاقانىيە | 哈卡尼耶（可汗国） |
| خانبالىق | 汗八里 |
| خەراباتى | 哈拉巴提 |
| خەزائىنۇلمەئانى | 精义的宝库，深邃的宝库，精意的宝库 |
| خەمسەتۇلمۇتەھەييىرىن | 椁愕的五士 |
| خەمسە | 海米赛，哈米沙，哈木斯，五卷诗，五部长诗集，五卷诗集 |
| خەمسە نەۋايى | 纳瓦依五卷诗集 |
| خەنزۇ يېزىقى | 汉文 |
| خەيرۇل كەلام | 圣音之善 |
| خىزىر خوجا | 黑的儿火者 |
| خې تو | 何妥 |
| خې شى دىيارىدىكى نەزم | 河西歌效长吉体 |
| خېلەن جىنمىڭ، قۇلان جىنمىڭ | 贺兰进明 |
| خېلىيەن بوبو، قۇلان بوبو | 赫连勃勃 |
| خوجا جاهان | 和卓加罕 |

| | |
|---|---|
| 和卓亚合甫 | خوجا يەئقۇب |
| 和田之书 | خوتەننامە |
| 和卓·加罕·艾尔西 | خوجا جاھان ئەرشىي |
| 和卓 | خوجا |
| 和卓·穆罕麻德·希里甫·布祖力克传 | خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار تەزكىرىسى |
| 忽禅，和毡，霍占 | خوجەند |
| 摩尼教徒悔词 | خۇئاستۇئانفت |
| 呼逻珊 | خۇراسان |
| 慧琳 | خۇيلىن |

## د

| | |
|---|---|
| 田园诗 | دالا ناخشىسى |
| 玛里克·艾志德儿传 | داستان مالىك ئەزدار |
| 萨依夫力·木力克传 | داستان سەيفۇل مۇلۇك |
| 道园学古录 | داۋ يۈەن خاتىرىلىرى |
| 达拉书 | داراپنامە، دارانامە |
| 达尼亚力和卓 | دانىيال خوجا |
| 达鲁花赤 | داروغاچ |
| 达达·库尔库德，库尔库德·爸爸 | دەدە قۇرقۇت، قۇرقۇت ئاتا |
| 艾斯哈布勒凯夫 | دەريايان ئەسھابۇل كەئف |
| 旦蜜玛 | دەمىمە |
| 述怀诗 | دەرگۇمانىنى ئىپادىلەش |
| 迪合路力加南与艾布瓦布力加南 | دەخلۇلجەنان ۋە ئەبۋابۇلجەنان |
| 十个书 | دېھنامە |
| 诗集 | دىۋان |
| 毕尼商诗集 | دىۋانى بىنىشان |
| 麦合宗诗集 | دىۋانى مەھزۇن |
| 太极里迪诗集 | دىۋانى تەجرىد |
| 警言集 | دىۋانى ھېكمەت |
| 伊玛木的故乡 | دىيارى ئىمام |
| 文学与阿拉伯语词典 | دىۋانۇلئەدەب فى بايان لۇغەتۇل ئەرەب |
| 突厥语大词典 | دىۋانى لۇغاتىت تۈرك (تۈركىي تىللار دىۋانى) |
| 纳喀斯诗集，纳克斯诗集 | دىۋانى ناقىس |
| 阿拉伯语诗集 | دىۋانى ئەرەبى |
| 赛布里诗集 | دىۋانى سەبۇري |

| | |
|---|---|
| دىۋانى مەشھۇرىي | 麦希胡里诗集 |
| دىڭلىڭ، دىڭلىڭلار | 丁零 |
| دىلار | 狄人 |
| دۇنخۇاڭ | 敦煌 |
| دوغلات | 都格拉特 |

## ر

| | |
|---|---|
| رابىيە ۋە سەئىدىن | 热碧亚与赛丁 |
| راشىدىددىن فەزلۇللاخ | 拉希德丁，拉施特丁 |
| راھەتۇل قۇلۇب | 心忠的乐趣 |
| رابان ساۋما ساياھەت خاتىرىسى | 列班·扫乌行记 |
| رابغۇزى | 拉勃胡兹，拉布乌孜 |
| رەۋزەتۇششۇھەد (شاھىتلار بېغى) | 证人之园 |
| رەۋزەتۇلزۇھرە | 祖胡拉之园 |
| رەۋزەتۇسسەفا | 纯洁的花园 |
| رىسالىنھى ئىرشادۇل سالىھىن | 直路行人传 |
| رىيازۇل مۇزەككىرىن | 训言者之园 |
| رىسالەئى ئارۇز | 阿律孜之书 |
| رىسالەئى مۇئەمما | 诗的谜语，谜语诗记 |
| رىسالەئى كەسپدار | 工匠法，行业者记 |
| رىسالەئى قانۇن سىنائەتئەششىئىر | 关于诗歌之规律的笔记，论诗歌艺术之规律 |
| رۇم ئېلى، رىم | 罗马国 |
| رورەنلەر (جۇرجانلار) | 柔然 |

## ز

| | |
|---|---|
| زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر | 巴布尔 |
| زادۇل نەجاد | 获取解脱的途径，解脱的食粮 |
| زەڭگى | 僧格 |
| زەپەرنامە | 凯旋书，胜利之书，武功记 |
| زەلىلىي | 翟黎里 |
| زەبۇر | 宰浦尔 |
| زىيائىي | 孜亚伊 |
| زوپارنامە شاھ باھادۇرخان | 沙·巴哈都儿汗武功记 |
| زۇللىسانەيىن | 双语诗人，两种语言的诗人 |

| | |
|---|---|
| 历史选编，历史精华 | زۇبدەتۇلتەۋارىخ |
| 问题的精华 | زۇبدەتۇل مەسائىل ۋەل ئەقائىد |
| 祖赫尔丁，祖呼尔 | زۇھۇرىددىن، زوھۇرىي |
| 布祖热吉·米赫武功记 | زۇپەرنامە بۇزۇرۇچ مېھرى |
| 琐罗亚斯德教火教，祆教 | زورۇئاستىر دىنى (زەردۇشت دىنى) |

## س

| | |
|---|---|
| 沙迪尔·帕勒旺 | شادىر پالۋان |
| 萨迪克 | سادىقىي |
| 珊穆 | سام |
| 萨丽 | سالىھ |
| 酒保之书 | ساقىينامە |
| 乐器的争辨 | سازلار مۇنازىرىسى |
| 乐器之书 | سازنامە |
| 梵语杂名 | سانسكرىتچە مۇرەككەپ ئاتالغۇلار |
| 沙剌班 | سارابان |
| 释迦牟尼 | ساكيامۇنى |
| 沙卜拉干 | سابۇغراخان |
| 萨拉赫 | سالىھىي |
| 萨莱城 | سارايى شەھرى |
| 塞克（塞迦），塞种，塞人 | ساكلار |
| 闪含语系 | سام-ھام تىللىرى |
| 梵语 | سانسكرىت تىلى |
| 赛布里 | سەبۇرىي |
| 七行星，七行图 | سەبئەئى سەييارە |
| 周游书 | سەپەرنامە |
| 语法与句法 | سەرف نەھۋى |
| 英武业绩记略 | سەبدەرنامە |
| 失温只 | سەۋىنچ |
| 撒吉思 | سەككىز |
| 赢得比赛的诗 | سەبقى مۇجەللىي |
| 因明人正理论疏 | سەۋەب-نەتىجە بىلەن ھەقىقەتنى تېپىش |
| 赛德汗 | سەئىدخان |
| 亚历山大的城堡 | سەددى ئىسكەندەر |
| 斯丽格特勤，斯丽格·铁肯 | سىلىغ تېگىن |
| 斯迪克书 | سىنددىقنامە |

| | |
|---|---|
| 锡尔 | سىر دەرياسى |
| 闪米特语族 | سېمىت (سام) تىللىرى |
| 先知信徒之书 | سىيەرى مۇخلىسىن |
| 施叉难陀，实叉难陀 | سىكساناندا |
| 心之烛 | سىراجۇل قۇلۇب |
| 穆斯林之灯 | سىراجىلمۇسلىمىن |
| 黄金锁链 | سىلسىلەتۇز زەھەب |
| 僧古萨里 | سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ |
| 法华经玄赞 | سىرلىق نېلۇپەر سۇترىسىغا مەدھىيە |
| 萨米拉女 | سىمىرا قىزى |
| 斯牙尔希勒夫书 | سىيەرى شەرىف |
| 疏勒 | سۇلى |
| 粟特 | سوغدى |
| 粟特文 | سوغدى يېزىقى |
| 苏拉赫词典 | سۇراھ، سۇراھۇللۇغەت |
| 赛依提·穆罕默德 | سېيىت مۇھەممەد |
| 撒玛尔罕 | سەمەرقەنت |
| 萨都刺 | سەيدۇللا، سادۇللا |
| 萨拉依 | سەلاھىي |
| 偰辇河，色楞格河 | سېلىنگا |
| 鲜卑 | سيانپي |
| 昔班 | سىبان |
| 叙利亚文 | سۇرىيە يېزىقى |

## ش

| | |
|---|---|
| 列王书，王书，帝王书 | شاھنامە |
| 突厥语列王书 | شاھنامەئى تۈركى |
| 沙马理克 | شاھ مەلىك |
| 萧观音 | شياۋ گۇەنيىن |
| 萧瑟瑟 | شياۋ سېسې |
| 布祖里克家谱 | شەجەرەئى بۇزرۇك |
| 突厥世系，突厥族谱系 | شەجەرەئى تۈرك |
| 苦难纪行，苦难解释 | شەرھى شىكەستە |
| 谱系的证明书 | شەجەرىل ئىرشات |
| 天际同伴书 | شېرىكنامە پەلەك |
| 漠北回鹘（维吾尔），漠北回纥 | شىمالىي قۇملۇق |

| | |
|---|---|
| ئۇيغۇرلىرى (غوبى ئۇيغۇرلىرى) | |
| شى لەنلەن خېنىم (باخشى) | 舍兰兰・巴哈希 |
| شىراق | 希拉克（故事） |
| شىش | 希四 |
| شىنشياڭلىق موماي | 新乡娘 |
| شىتيەن توپلىمى | 石田集 |
| شىدى لۇۋىن | 库狄履温 |
| شويبانىخان، شەيبانىخان | 昔班尼 |
| شۇلۇ يولىگا | 述律月里朵 |

## غ

| | |
|---|---|
| غالدان (غالدان سېرىن) | 噶尔丹 |
| غەزەلىيات | 格则里诗集 |
| غەربىي يۇرت | 西域 |
| غەرايىبۇسسىغەر | 少年的奇思 |
| غەربىي | 艾里毕 |
| غەربىي مۇخەممەسلىرى | 艾里毕木哈麦斯集 |
| غوبى ئۇيغۇرلىرى | 漠北回纥，漠北回鹘 |

## ف

| | |
|---|---|
| فارابى | 法拉比 |
| فەسايىھۇل ئەتپال | 给少年儿童的劝告 |
| فاڭشەن توپلىمى | 房山集 |
| فەۋائىدۇلكىبەر | 老年的收益 |
| فانى | 法尼，隐士消逝，隐匿之意 |
| فەرخار | 法尔哈尔 |
| فەرھاد ۋە شېرىن | 帕尔哈德与希琳 |

## ق

| | |
|---|---|
| قالىم قايشى | 卡力木・开希 |
| قارۇشتى يېزىقى | 佉卢文 |
| قارلۇق | 葛逻禄，葛禄 |
| قاباغان | 默啜 |
| قامۇسۇلئەلەم | 知识大典 |

| | |
|---|---|
| 康里 | قاڭلى |
| 喀喇和卓 | قاراغوجا |
| 卡牙思 | قاياس |
| 喀布斯之书 | قابۇسنامە |
| 礼赞黑色的颂诗（黑与白） | «قارا» قەسىدىسى (قارا ۋە ئاق) |
| 喀拉苏克文化 | قاراسۇك مەدەنىيىتى |
| 卡毕力 | قابىل |
| 松厅事稿 | قارىغايلىق ساراي خاتىرىلىرى |
| 喀喇汗朝 | قاراخانىيلار خانلىقى |
| 开南 | قەينان |
| 犍陀罗 | قەندىهار |
| 古代突厥文 | قەدىمكى تۈرك يېزىقى |
| 回纥，回鹘 | قەدىمكى ئۇيغۇرلار |
| 回鹘语 | قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى |
| 凯兰代尔 | قەلەندەر |
| 赠英上人 | قەيسەر راھىبقا تەقدىم |
| 城郭诸国 | قەلئەلىك خانلىقلار (بەگلىكلەر) |
| 惊案传奇，奇异史，奇闻传记，气愤的事情传记 | قىسسەسۇل غەرايىب |
| 冬日的花儿是火焰 | قىشنىڭ كۈنى ئوت |
| 脸谱诸类 | قىياپەتۇلبەشەر |
| 契丹 | قىتان |
| 使高昌记，西州程记 | قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى |
| 入塞 | قورۇلغا كىرىش |
| 歌舒翰 | قوشۇخان |
| 福乐智慧 | قۇتادغۇ بىلىك |
| 祝福诗 | قۇتلۇقنامە |
| 忽必烈 | قۇبلايخان |
| 忽都鲁都儿迷失 | قۇتلۇق دۇرمىش |
| 库里巴克 | قۇلباق |
| 斛律氏 | قوغۇرسۇ قەبىلىسى |
| 斛律金 | قوغۇرسۇ ئالتۇن |
| 斛温素，斛律 | قوغۇرسۇ |
| 斛律羡 | قوغۇرسۇ شيەن |
| 钦察汗国 | قىپچاق خانلىقى |
| 钦察草原 | قىپچاق سەھراسى |
| 传记，列传 | قىسسە |

| | |
|---|---|
| 柯迪尔汗 | قىدىرخان |
| 高昌人 | قوچولۇقلار |
| 高昌回鹘汗国 | قوچو ئۇيغۇر خانلىقى |
| 部族，人民 | قوۋم |
| 高昌 | قوچو |
| 艾布·穆斯林 | قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم |
| 沮渠蒙逊 | قۇتقۇ موڭسۇن |
| 贺兰进明 | قۇلان جىنمىڭ |
| 赫连勃勃 | قۇلان بوربور |
| 沮渠落 | قۇتقۇ قەبىلىسى |

## ك

| | |
|---|---|
| 楼兰 | كرورەن |
| 在秦国土地上的战争，秦的圣战 | كىتابۇلغەزات دەرمۇلكى چىن |
| 诗书，诗论 | كىتابۇششىئىر |
| 论道德城居民之观点 | كىتاب ئەھلۇ مەدىنەتۇل فەزىلە |
| 艾里毕之书 | كىتابى غەرىب |
| 突厥语句法的精华，突厥文法精华 | كىتابۇ جەۋاھىرىن نەھۋى لۇغاتىت تۈرك |
| 里海 | كاسپىي دېڭىزى |
| 迦鲁纳答思 | كارۇناداس |
| 卡里来与笛木乃 | كەلىلە ۋە دىمنە |
| 关于诗与韵谈话，论诗歌与诗之韵脚 | كەلام لەھۇفى ئەششىئىر ۋەلقەۋافىي |
| 阔里吉思 | كۇركۇز |
| 库尔古司 | كۇركۇر (گىئورگى) |
| 鸠摩罗什 | كۇماراجىۋا |
| 科菲作 | كۇفىي |
| 阙特勤碑 | كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى |
| 挑眼施人 | كۆزنى ئېلىپ باشقىلارغا بېرىش |
| 龟兹 | كۇسەن |
| 龟兹-焉耆文 | كۇسەن-ئاگنى يېزىقى |
| 全集 | كۇللىيات |
| 哈拉巴提麦斯纳维集 | كۇللىيات مەسنەۋىيى خەراباتىي |
| 哈斯太全集 | كۇللىياتى خەستە |
| 艾里毕诗集 | كۇللىيات غەرىبىي |

| | |
|---|---|
| كۈنتۇغدى | 日出 |
| كىلاسسىزم | 古典主义 |

## گ

| | |
|---|---|
| گاۋكېگۇك | 高克恭 |
| گىرېك يېزىقى | 希腊文 |
| گۈل ۋە بۇلبۇل | 古丽与布尔布尔，玫瑰与夜莺，花儿与百灵 |
| گۈل ۋە نەۋرۇز | 古丽和诺鲁兹 |
| گۇەن يۈنشى | 贯云石 |
| گۇمنام | 古穆纳木 |
| گي جەي توپلىمى، قوچولۇق شې جەمەتى تەزكىرىسى | 圭斋集 • 高昌偰氏家传 |
| گۈلزار بىنىش | 无刺的花园 |

## ل

| | |
|---|---|
| لانكاراتانىڭ ماھايانىغا كىرىش سۇترىسى | 大乘楞伽经 |
| لەيلى ۋە مەجنۇن | 莱丽和麦吉侬 |
| لىسانۇتتەير | 鸟语 |
| ليۇ سۇڭ | 刘聪 |
| ليەن خۈيشەن قايا | 廉惠山海牙 |
| لى خوجىن ئەينىكى | 列后金鉴 |
| ليۇ بىنكې ماقالىلىرى | 刘宾客文集，刘梦得集，刘禹锡集 |
| ليۇ يۈشى | 刘禹锡 |
| لى يەن | 李言 |
| ليەن شىشەن | 廉希宪，廉希贤 |
| لۇتفىي | 鲁提菲 |

## م

| | |
|---|---|
| ماۋرائۇننەھر | 河中，河中地区 |
| ماقالات | 文章集，玛卡拉特 |
| مايتىرى سىمىت | 弥勒会见经 |
| ماڭلاي سۆيە، ماڭلاي سۇياھ | 曼尕赖 • 苏雅 |
| مانى | 摩尼 |
| ماۋ نەزملىرى | 毛诗 |

| | |
|---|---|
| 答麻禱僧 | مارۋي راھىبقا جاۋاب |
| 满族 | مانجۇ |
| 马祖强 | مازۇچاڭ |
| 断语书 | مەجمۇئەتۇلئەھكام |
| 满江红·金陵怀古 | مەنجياڭخۇڭ. جىنلىڭدا ئۆتمۇشنى ئەسلەش |
| 穷人的响音 | مەزلۇملار ئاھى |
| 心之所有 | مەۋجۇدۇلقۇلۇب |
| 鸟语 | مەنتىقۇتتەير |
| 真理的解择 | مەشھۇنۇلھەقايىق |
| 麦赫杜姆·阿扎姆 | مەخدۇم ئەزەم |
| 伟大语录咏吟书 | مەرەقە كەلىمە شېرىف |
| 马赫默德·喀里 | مەھمۇد قارىي |
| 碑铭 | مەڭگۇ تاش، تاش ئابىدە |
| 西热夫麦斯乃维诗集 | مەسنەۋى شېرىف |
| 马赫茂德·贾拉斯 | مەھمۇد چۇراس |
| 马思忽惕买德力斯（马思忽惕经学院） | مەدرىسەئى مەسئۇدىيە |
| 马思忽惕 | مەسئۇد يالاۋاچ |
| 马合木·牙刺洼赤（马合木·花刺子模） | مەھمۇد يالاۋاچ |
| 满苏尔书 | مەنسۇر |
| 米哈伊尔（买赫拉依尔） | مەھلايىل |
| 哈拉巴提双行诗集 | مەسنەۋىيى خەراباتىي |
| 迈赫宗，马合宗，麦合宗 | مەھزۇن |
| 麦希胡里 | مەشھۇرىي |
| 麦斯吾德与迪里阿拉 | مەسئۇد ۋە دىلئارا |
| 麦赫宗与古丽尼莎 | مەھزۇن ۋە گۇلنىسا |
| 颂诗集成 | مەجمۇئەتۇلقەسائىد |
| 情之所钟，心之所钟 | مەھبۇبۇل قۇلۇب |
| 沙吉亚经学院 | مەدرىسەئى ساچىيە |
| 挽歌 | مەرسىيە |
| 隹之故事 | مەجمەئۇننەۋادىر |
| 鸟语，鸟类语言 | مەنتىقۇتتەير، لىسانۇتتەير |
| 麦斯乃维（两行诗集） | مەسنەۋى |
| 文坛荟萃，艺坛荟萃，群英盛会 | مەجالسۇننەفائىس |
| 水果之书 | مېۋەنامە |
| 文学迷宫的钥匙 | مىفتائۇل ئەدەب |
| 导师集中之地 | مىسكەنى ئۇستادىيان |
| 千佛洞 | مىڭئۆي |

| | |
|---|---|
| 米尔咱·海答儿 | مىرزا ھەيدەر |
| 米尔咱·马黑麻·海答儿古列干 | مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر |
| | كۆرەگان |
| 韵律的标准 | مىزانۇل ئەۋزان |
| 科学的钥匙 | مەتلەئىلئۇلۇم |
| 科学的源泉 | مىفتائۇلئۇلۇم |
| 升天记 | مىراجنامە |
| 诗律，韵律准绳 | مىزانۇلئەۋزان |
| 蒙兀尔斯坦，蒙兀斯坦 | موغۇلىستان |
| 毛拉·夏克尔 | موللا شاكىر |
| 毛拉·毕拉里 | موللا بىلال |
| 毛拉·穆萨·赛拉米 | موللا مۇسا سايرامى |
| 毛拉·法孜里 | موللا فازىل |
| 磨延啜 | مويۇنچۇر بايانچۇر |
| 真里的探讨 | مۇتالىئە ھىدايەت |
| 论语 | مۇھاكىمە ۋە بايان |
| 穆罕默德·穆萨·花拉孜米 | مۇھەممەد مۇسا خارەزمى |
| 花刺子密 | مۇھەممەد خارەزمى |
| 两种语言的争辩 | مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين |
| 苏拉赫词典补编 | مۇلاقاتۇلسۇراھ |
| 冒顿单于 | مۇدۇ تەڭرىقۇت |
| 爱情篇，爱情之书 | مۇھەببەتنامە |
| 穆塔瓦什利木 | مۇتىۋەشلىم |
| 爱情与劳动，爱苦相依 | مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام |
| 阴阳 | مۇئەننەس ۋە مۇزەككەر |
| 孟速思 | مۇڭۇس |
| 穆罕默德·萨迪克·喀什噶里 | مۇھەممەد سادىق كاشغەرى |
| 磨延啜碑 | مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى |
| 莫卧儿帝国 | موغۇل خانلىقى |
| 悲凄的劝导 | موھزىنۇل ۋاھىزىن (مۇڭلۇق ۋەز-نەسىھەت) |
| 毛拉·穆罕默德·铁木耳 | موللا مۇھەممەد تۆمۈر |
| 杂集论述记 | مۇرەككەپ تويلام نەزەرىيەسى ھەققىدە |
| 书信 | مۇنشەئات |
| 默念书 | مۇناجات |
| 生肖 | مۇچەل |

## ن

| | |
|---|---|
| ناقس | 纳喀斯，纳克斯 |
| ناخشا | 歌 |
| ناتۇرال پانتېزم | 自然泛神论 |
| نازىمي | 纳兹米 |
| نايمانلار | 乃蛮人 |
| نەزمىي ئوغۇزنامە | 乌古斯传的诗歌样本，格则里的乌古斯之书 |
| نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ | 米尔咱·穆罕默德·胡赛因·伯克的散文集 |
| نەسرىي خەمسە نەۋايى | 纳瓦依五卷诗集的散文体 |
| نەۋرۇز | 诺鲁兹 |
| نەۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا | 论纳瓦依的公正观念 |
| نەۋبەتىي | 诺毕提 |
| نەسىھەتى ئامە | 给人民群众的劝告 |
| نەۋادىرۇننىھايە | 人生之少遇 |
| نەۋادىرۇششەبباب | 青年的异珍 |
| نەمرۇت | 纳穆鲁德 |
| نەزمۇل جەۋاھىر | 诗的精华 |
| نەۋشاد | 纳沃夏德 |
| نەسايىمۇلمۇھەببە | 爱的芬芳 |
| نەيشىيەن | 乃贤，纳新 |
| نەۋايى | 纳瓦依 |
| نەسخ | 纳斯基体 |
| نىلۇپەر سۇترىسى | 华严经 |
| نىزارىي | 尼扎里，纳扎尔 |
| نوھ | 诺亚 |
| نوزۇگۇم | 纳祖古穆 |
| نوقۇل تونۇش نەزەرىيەسى ھەققىدىكى بايانلار | 成唯识论述记 |
| نۆلدىمەن | 我说还是零 |

## ھ

| | |
|---|---|
| ھاكىمبەگ (ھېكىمبەگ) | 阿奇木伯克 |
| ھاپىز شىرازىي | 哈菲兹·西拉孜 |

| | |
|---|---|
| 含穆 | ھام |
| 哈比力 | ھابىل |
| 哈鲁特与玛鲁特 | ھارۇت ـ مارۇت |
| 夏娃 | ھەۋۋا |
| 正直人的惊愕 | ھەيرەتۇلئەبرار |
| 正义者的惊愕 | ھەيرەتۇلئەبرار |
| 哈米孜书 | ھەمزەنامە |
| 献给利义书 | ھەبنبۇل بەھر |
| 海押立 | ھەييال |
| 圣训 | ھەدىس |
| 穷人的故事集，贪苦人的故事 | ھېكايەتى غەرىب |
| 胡热里卡的故事 | ھېكايەتى ھۆرلىقا |
| 赠沙门法和 | ھېكمەتلىك باخشىمغا نەزىرە |
| 真理之路 | ھىدايەتنامە |
| 赫尔克提 | ھىرقەتىي |
| 赫拉特，哈烈 | ھىرات |
| 匈奴歌 | ھۇن قوشىقى |
| 匈奴，浑，胡 | ھۇن، ھۇنلار |
| 候塞因·巴依喀拉，拜喀拉 | ھۇسەيىن بايقارا |

## ئو

| | |
|---|---|
| 十姓回鹘 | ئون ئۇيغۇر |
| 十二生肖 | ئون ئىككى مۈچەل |
| 十喻诗 | ئون تەمسىل |
| 黄道十二宫 | ئون ئىككى بۇرج |
| 觉醒（隐士） | ئودغۇرمىش |
| 乌尔图夫（？）都格拉特 | ئورتۇپ دوغلاتى |
| 乌古斯之书，乌古斯传 | ئوغۇزنامە |
| 奥古尔恰克 | ئوغۇلچاق |
| 乌玛依 | ئوماي |
| 兀答剌儿 | ئوترار |
| 弓与箭 | ئوق ۋە يا |

| | |
|---|---|
| ئوچېرك | 史稿，简史，概沦 |

## ئۇ

| | |
|---|---|
| ئۇلۇغ تەڭرىقۇت | 大单于 |
| ئۇلۇس | 兀鲁思 |
| ئۇلۇغبەگ | 乌鲁格•贝格，兀鲁伯 |
| ئۇيغۇر ئىبارەتىنىڭ فۇسەھاسى | 维吾尔语言艺术的巨匠 |
| ئۇيغۇر خانلىقى | 回纥汗国 |
| ئۇراساڭ (ئەنزاڭ) | 安藏 |
| ئۇدۇن ئېلى تارىخى | 于阗国史 |
| ئۇدۇن دىنىنىڭ قائىدىلىرى تارىخى (ئۇدۇن بۇددا دىنى تارىخى) | 于阗教法史 |
| ئۇدۇندىن تەلىم ئېلىش خاتىرىلىرى (ئۇدۇننىڭ نام-ئەمەل خاتىرىلىرى) | 于阗国授记 |
| ئۇدۇن ئېلىنىڭ ئېلان خاتىرىلىرى | 于阗国悬记 |
| ئۇدۇن يېزىقى | 于阗文 |
| ئۇد | 乌德 |
| ئۇزۇنتات بەگلىكى | 抒弥国 |
| ئۇچۇۋاتقان بۇددا رىۋايىتى | 飞来佛像的传说 |

## ئۆ

| | |
|---|---|
| ئۆز تېنىدىن ۋاز كېچىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش | 舍头施人 |
| ئۆز تېنىنى سەدىقە قىلىش | 舍身品 |
| ئۆگدۇلمىش | 乌古德里米希（贤明） |
| ئۆز بەدىنىدىن گۆش كېسىپ كەپتەرگە بېرىش | 害肉贸鸽 |
| ئۆتۈنچ دۇئاسى | 祈愿诗 |
| ئۆزىنى قۇربان قىلىپ يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش | 投身词饿虎 |
| ئۆرگەنچ | 玉里干建，乌尔根齐 |
| ئۆزبېكخان | 乌孜别克汗 |
| ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىيات | 适应文学 |
| ئۆتۈكەن (تېغى) | 乌德犍山 |

## ئۈ

| | |
|---|---|
| 大藏经 | ئۈچ ئاغىلىق نوم بىتىگلەر، تىرىپىتىكا |

## ۋ

| | |
|---|---|
| 瓦穆克与吾兹拉 | ۋامۇق ۋە ئۇزرا |
| 喀什噶尔事情 | ۋاقىئاتى كاشغەر |
| 毗卢旗点化于田王 | ۋايروكانانىڭ ئۇدۇن خانىغا نەسىھەت قىلىشى |
| 孝经 | ۋاپانامە |
| 法师巴哈希 | ۋاپسى باخشى |
| 天课书 | ۋەخپەنامە |
| 文书 | ۋەسىقە |
| 尉迟窥基 | ۋىيسا كۈيچى، ۋايسارا كۈيچى |
| 尉迟斯拉 | ۋىساسىلا |

## ئې

| | |
|---|---|
| 高车丁零 | ئېگىز قاڭقا دىڭلىڭلىرى |

## ئى

| | |
|---|---|
| 伊卜拉饮 | ئىبراھىم |
| 移地健 | ئىدىكىن |
| 依德利斯 | ئىدرىس |
| 亦都护 | ئىدىقۇت |
| 亦都护高昌王世勋碑 | ئىدىقۇت قوچو خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى |
| 亚历山大书 | ئىسكەندەرنامە |
| 伊斯兰之书 | ئىسلامنامە |
| 室点蜜 | ئىستەمى |
| 热海（伊赛克湖） | ئىسسىقكۆل |
| 斯玛伊尔 | ئىسمائىل |
| 伊质泥师都 | ئىگىل نىشاچور |
| 两个王子的故事，善恶两王子故事 | ئىككى تېگىن ھېكايىسى |
| 朗读 | ئىلمىي تەجۋىد |
| 神树母亲 | ئىلاھىي دەرەخ ئانا |
| 伊里克可汗传 | ئىلىك خانلار توغرىسىدا داستان |
| 数学 | ئىلمىي ھېساب |

| | |
|---|---|
| 颉跌利施可汗，阿史·骨咄禄 | ئىلتىرىش خاقان |
| 悲凄的诗歌 | ئىلگىيە |
| 叶密立 | ئىمىل |
| 伊难主 | ئىنانچور |
| 喜欢书 | ئىشتىياقنامە |
| 伊善派，依禅派 | ئىشانلىق سۇلۇكى |
| 占卜书 | ئىرق بىتىگ |
| 伊克丽玛 | ئىقلىمە |
| 科学分类 | ئىهسالۇل ئۇلۇم |

## ي

| | |
|---|---|
| 样磨，牙格马 | ياغما |
| 阿古柏 | ياقۇپبەگ |
| 耶律大石 | ياللۇغ تاشىن |
| 月氏人 | يۇجىلار، ياۋچىلار، توخرىلار |
| 耶律 | ياللۇغ، يوللۇغ |
| 药罗葛 | ياغلاقار |
| 本生经 | يارالمىش قىسسىلىرى (جاتاكا، ياتاكا) |
| 叶尔羌汗国 | ياركەند خانلىقى |
| 亚腓斯，雅费 | يافەس |
| 哲德沙和儿，七城 | يەتتە شەھەر |
| 七河 | يەتتىسۇ |
| 七河史 | يەتتىسۇ تارىخى |
| 七河地区 | يەتتىسۇ رايونى |
| 本世纪人们学者的独称的精品 | يەتىمە تەددەھرفى مەھاسىن ئەھلىل ئەسىر |
| 雁门集 | يەنمېن توپلىمى |
| 七颗星 | يەتتە يۇلتۇز |
| 缫丝行 | يىپەك سۇزانە |
| 千秋纪略 | يىللار خاتىرىسى |
| 优素夫·赛卡克 | يۇسۇف سەككاكىي |
| 优素甫·哈斯·哈吉甫 | يۇسۇف خاس هاجىب |
| 药利特勤 | يوللۇغ تېگىن |
| 酉阳杂俎 | يۇ ياڭ خاتىرىلىرى (شام ۋاقتىدا يېزىلغان خاتىرىلەر) |
| 玉素夫·喀迪尔汗 | يۇسۇف قادىرخان |
| 岳柱 | يۆجۇ |

# قوشۇمچە II      قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| № | باش شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | ئاياغ شەكلى | ئوقۇلۇشى | № | باش شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | ئاياغ شەكلى | ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | | | | a ئا | 12 | | | | d//t ت/د |
| 2 | | | | e ئې | 13 | | | | d د |
| 3 | | | | È//i ئى/ئە | 14 | | | | z ژ |
| 4 | | | | o//u ئۇ/ئو | 15 | | | | z ز |
| 5 | | | | o//y ئۆ/ئۈ | 16 | | | | j ي |
| 6 | | | | b//p پ/ب | 17 | | | | l ل |
| 7 | | | | w ۋ | 18 | | | | m م |
| 8 | | | | غ | 19 | | | | n ن |
| 9 | | | | q ق | 20 | | | | r ر |
| 10 | | | | x خ | 21 | | | | s س |
| 11 | | | | k//g ك/گ | 22 | | | | S ش |
| | | | | | 23 | | | | tS چ |

# قوشۇمچە III ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ

## ئېلىپبەسى

| № | باش شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | ئاياغ شەكلى | ئايرىم شەكلى | نامى | № | باش شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | ئاياغ شەكلى | ئايرىم شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ا | ـا | ـا | ا | ئەلىف | 16 | ط | ـطـ | ـط | ط | ئىتقى |
| 2 | بـ | ـبـ | ـب | ب | بە | 17 | ظ | ـظـ | ـظ | ظ | ئىزغى |
| 3 | تـ | ـتـ | ـة ـت | ة ت | تە | 18 | عـ | ـعـ | ـع | ع | ئەيىن |
| 4 | ثـ | ـثـ | ـث | ث | سە | 19 | غـ | ـغـ | ـغ | غ | غەيىن |
| 5 | جـ | ـجـ | ـج | ج | جىم | 20 | فـ | ـفـ | ـف | ف | فە |
| 6 | حـ | ـحـ | ـح | ح | ھە | 21 | قـ | ـقـ | ـق | ق | قاف |
| 7 | خـ | ـخـ | ـخ | خ | خە | 22 | كـ | ـكـ | ـک | ک | كاف |
| 8 | د | ـد | ـد | د | دال | 23 | لـ | ـلـ | ـل | ل | لام |
| 9 | ذ | ـذ | ـذ | ذ | زال | 24 | مـ | ـمـ | ـم | م | مىم |
| 10 | ر | ـر | ـر | ر | رە | 25 | نـ | ـنـ | ـن | ن | نۇن |
| 11 | ز | ـز | ـز | ز | زە | 26 | و | ـو | ـو | و | ۋاۋ |
| 12 | سـ | ـسـ | ـس | س | سىن | 27 | ھـ | ـھـ | ـە | ە | ھە |
| 13 | شـ | ـشـ | ـش | ش | شىن | 28 | يـ | ـيـ | ـي | ي | يا |
| 14 | صـ | ـصـ | ـص | ص | سات | 29 | - | ـنکـ | ـنک | نک | ڭا |
| 15 | ضـ | ـضـ | ـض | ض | ۋات | 30 | ئـ | - | - | ء | ئەمزە |

## قوشۇمچە IV چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| № | نامى | ئايرىم شەكلى | باش شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | ئاياغ شەكلى | ترانسكرىپسىيەسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئەلىف | ا | ا | ـا | ـا | ئا، ئە |
| 2 | بە | ب | بـ | ـبـ | ـب | ب |
| 3 | پە | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پ |
| 4 | تە | ت | تـ | ـتـ | ـت | ت |
| 5 | سە | ث | ثـ | ـثـ | ـث | س |
| 6 | جىم | ج | جـ | جـ ـجـ | ـج ج | ج |
| 7 | چىم | چ | چـ | چـ ـچـ | ـچ چ | چ |
| 8 | ھە | ح | حـ | حـ ـحـ | ـح ح | ح |
| 9 | خە | خ | خـ | خـ ـخـ | ـخ خ | خ |
| 10 | دال | د | د | ـد د | د ـد | د |
| 11 | زال | ذ | ذ | ـذ ذ | ذ ـذ | ذ |
| 12 | رە | ر | ر | ـر ر | ر ـر | ر |
| 13 | زە | ز | ز | ـز ز | ز ـز | ز |
| 14 | ژە | ژ | ژ | ـژ ژ | ژ ـژ | ژ |
| 15 | سىن | س | سـ | ـسـ | ـس | س |
| 16 | شىن | ش | شـ | ـشـ | ـش | ش |
| 17 | سات | ص | صـ | ـصـ | ـص | ص |
| 18 | زات | ض | ضـ | ـضـ | ـض | ض |
| 19 | ئىتقى | ط | ط | ـط | ـط | ط |
| 20 | ئىزغى | ظ | ظ | ـظ | ـظ | ظ |
| 21 | ئەيىن | ع | عـ | ـعـ | ـع | ئـ |
| 22 | غەيىن | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غ |
| 23 | فە | ف | فـ | ـفـ | ـف | ف |
| 24 | قاف | ق | قـ | ـقـ | ـق | ق |
| 25 | كاف | ك | كـ | ـكـ | ـك | ك |
| 26 | گاف | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گ |
| 27 | لام | ل | لـ | ـلـ | ـل | ل |
| 28 | مىم | م | مـ | ـمـ | ـم م | م |
| 29 | نۇن | ن | نـ | ـنـ | ـن | ن |
| 30 | ۋاۋ | و | و | ـو | و ـو | ۋ، ئو، ئۆ، ئۇ، ئۈ |
| 31 | ھە | ھ | ھ | ـھـ ـە | ـە ە | ھ |
| 32 | يا | ي | يـ | ـيـ | ي | ي، ئى |
| 33 | ڭ (ڭى) | نك | نكـ | ـنكـ | ـنك، ـىك | ڭ |

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔古典文学史：维吾尔文/海热提江·乌斯曼主编·— 乌鲁木齐：
新疆大学出版社·2011·12
ISBN 978－7－5631－2534－0

I.①维…II.①海…III.①维吾尔族— 少数民族文学：古典文学 — 文学史 — 中国 — 维吾尔语(中国少数民族语言)
IV.①I207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 001780 号

责任编辑：阿不里米提·卡德尔
责任校对：古丽努沙·艾比布

高等院校教材

# 维吾尔古典文学史

主编：海热提江·乌斯曼

编者：海热提江·乌斯曼、阿怕尔·肉孜、艾买提·代尔维希、阿布拉江·穆罕穆德、阿布都热西提·艾力木阿吉、艾西热甫·阿布都拉、古力加马力·买买提明、吐尔逊·库尔班、艾克拜尔·哈德尔、阿拉努尔·玉苏甫、买提肉孜·马和木提、艾尼瓦尔·吾守尔、吐尔逊·萨得克、吐尔逊·萨吾提

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮编：830046)
新华书店经销
乌鲁木齐大金马印务有限责任公司印刷
787 毫米 ×1092 毫米 1/16 46.75 印张
2011 年 12月第 1 版 2012 年 3 月第 1 次印刷

ISBN 978-7-5631-2534-0 定价：90·00 元

[illegible]

2012.7.11